# قۇرئان كەرىم تەپسىرى

## تەپسىرى ئىبنى كەسىر

ئىمام ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىر
(اللە رەھمەت قىلسۇن)

4

مەريەم سۈرىسىدىن سەجدە سۈرىسىگىچە

2011 م / 1432 ھ

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

## ئىككىنچى نەشرى


تەھرىر ۋە تۈزەتكۈچىلەر: ئابدۇلباقى قاسىم
ئابدۇلغەنى ئابدۇلئېزىز
سابىرجان

يۇنىكودلاشتۇرغۇچى بەت لايىھەلىگۈچى : ئابدۇلباقى قاسىم


## بىرىنچى نەشرى


تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇلغەنى ئابدۇلئېزىز
مۇھەممەد ئابدۇللاھ قارىم
مۆمىنجان سىدىق

تەرجىمىگە قاتناشقۇچىلار: ئابدۇلئەزىز رەھمىتۇللاھ
يۇسۇف قارىم
مۇھەممەد ئۆمەر
ئابدۇلھەمىد قارىھاجى

تەرجىمە تەھرىرلىرى: مۇنەۋۋەر نىياز
ئابدۇسالام مۇسا
سابىرجان

رىياسەتچى: ف. ئەل ئابدۇسسالام

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ئابدۇلمەجىد قارىھاجىم
پىروفېسسور ئابدۇررەھىم قەشقىرى

كومپيۇتېرغا ئالغۇچىلار: ئا. رۇزى توختى
مۇساجان ئابدۇقادىر (بايتاش)

# المصباح المنير في تهذيب تفسير ابن كثير

للإمام إسماعيل بن عمر بن كثير رحمه الله

٤

من سورة المريم إلى سورة السجدة

٢٠١١ م / ١٤٣٢ هـ

مركز الترجمة الأويغورية

## الطبعة الثانية

| | | | |
|---|---|---|---|
| التحرير والمراجعة: | عبد الغني عبد العزيز<br>عبدالباقي قاسم<br>صابرجان | تصميم الصفحة: | عبدالباقي قاسم |

## الطبعة الأولى

| | | | |
|---|---|---|---|
| المترجمون: | عبد الغني عبد العزيز<br>محمد عبد الله قاري<br>مؤمن جان صديق | المشاركون في الترجمة: | عبد العزيز رحمة الله<br>يوسف قاري<br>محمد عمر<br>عبد الحميد قاري حاجي |
| التحرير: | منورة بنت نياز<br>عبد السلام موسى<br>صابر جان | الإشراف: | ف. عبد السلام |
| المراقب: | الشيخ عبد المجيد صادق الآبادي<br>أ.د. عبد الرحيم القشقري | الحاسوب الآلي: | ع. روزي توختي<br>موسى جان عبد القادر (بايتاش) |

# مۇندەرىجە

## مەريەم سۈرىسى


زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇنىڭ بالا تەلەپ قىلغان دۇئاسى.................22
زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقى ....................24
زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىغا ھەيران قالغانلىقى ....................24
ھامىلدارلىقنىڭ ئالامىتى....................25
بالىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى....................26
ھەزرىتى مەريەم ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى....................28
ھەزرىتى مەريەمنىڭ ھامىلدار بولۇپ، ئاندىن تۇغقانلىقى....................31
بالا تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ھەزرىتى مەريەمگە دېيىلگەن سۆز ....................32
ھەزرىتى مەريەم ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كۆتۈرۈپ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۇنى ئەيىبلىگەنلىكى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا رەددىيە بەرگەنلىكى ....................34
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ اللّٰه تائالانىڭ بەندىسى ئىكەنلىكى ....................37
ئىسانىڭ اللّٰه تائالانى بىر دەپ تونۇش ئەقىدىسىگە بۇيرۇغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغانلىقى ....................37
كاپىرلارنى ھەسرەتلىك كۈن بولغان قىيامەت كۈنىدىن قورقۇتۇش....................39
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىغا قىلغان نەسىھىتى ....................41
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ بەرگەن جاۋابى....................42
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىغا بەرگەن جاۋابى....................43
اللّٰه تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىسھاق ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالاملارنى ئاتا قىلغانلىقى.....44
مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىسى ....................46
ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ....................47
ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ....................49
كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلىككە تاللانغانلار توغرىسىدا....................50
ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ياخشى - يامان كىشىلەر....................51
ھەقىقىي تەۋبە قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جەننەتنىڭ سۈپىتى ....................53
پەرىشتىلەرنىڭ اللّٰه تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن چۈشىدىغانلىقى ....................55

ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ھەيران قالغانلارغا بېرىلگەن رەددىيە........................56
ھەر بىر ئىنسانىنىڭ جەھەننەمنىڭ قېشىغا بىر قېتىم كېلىدىغانلىقى، ئاندىن تەقۋادارلارنىڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقى ..........................................................58
كاپىرلارنىڭ دۇنيالىقنىڭ ياخشى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىشى ..........................59
ئازغۇنلۇقتىكى كىشىلەرگە مۆھلەت بېرىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلاردىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقى....60
الله تائالانىڭ توغرا يولدا ماڭغانلارغا ھىدايىتىنى تېخىمۇ ئارتۇق قىلىدىغانلىقى ............61
ئاخىرەتتە بىزگە مال ـ مۈلۈك ۋە بالا بېرىلىدۇ دەپ گۇمان قىلغان كاپىرلارغا بېرىلگەن رەددىيە ... 62
مۇشرىكلارنىڭ چوقۇنغان بۇتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقى.....63
كاپىرلارغا شەيتانلارنىڭ ھۆكۈمدار ئىكەنلىكى ..........................................63
تەقۋادارلار ۋە گۇناھكارلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى..................................65
الله تائالاغا بالا نىسبەت بەرگەنلەرنىڭ قاتتىق ئەيىبلەنگەنلىكى.............................66
الله تائالانىڭ كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا تەقۋادار كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈشنى سالىدىغانلىقى .....68

## تاھا سۈرىسى

قۇرئان كەرىمنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەنلىكى...........69
مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئۇلۇغ ۋەزىپىگە دائىر قىسسە ...........................72
مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى قېتىم كەلگەن ۋەھيى ...........................................73
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ يىلانغا ئۆزگەرگەنلىكى..................................75
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنىڭ ئۆزىنىڭ قولتۇقىدىن نۇقسانسىز ئاپئاق، نۇرلۇق بولۇپ چىققانلىقى ...........................................................................75
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋننى دىنغا چاقىرىش ئۈچۈن (ئۇنىڭ) قېشىغا بېرىشقا بۇيرۇلغانلىقى .........................................................................76
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالادىن تىلىگەن تىلەكلىرى....................................76
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلەكلىرىنىڭ قوبۇل بولغانلىقى ۋە بۇرۇنقى ئىنئاملارنىڭ ئەسلىتىلىپ ئۆتۈلگەنلىكى...................................................................78
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللانغانلىقى ۋە پىرئەۋننى دىنغا چاقىرىشقا بۇيرۇلغانلىقى ........................................................................80
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋندىن قورققانلىقى ۋە الله تائالانىڭ ئۇنى خاتىرجەم قىلغانلىقى ....82
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋنگە قىلغان نەسىھىتى.........................................82
مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىلىشقان مۇنازىرىسى..................................83
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋنگە بەرگەن جاۋابىنىڭ داۋامى ...............................85
الله تائالا پىرئەۋنگە پۈتۈن پاكىتلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىمان كەلتۈرمىگەنلىكى .....85
پىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلتۈرگەن مۆجىزىلىرىنى سېھىر دەۋېلىشى ۋە ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىشنى پىلانلىشى.....................................................86

ئىككى تەرەپنىڭ يىغىلىشى، مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ دەۋىتى ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ ئەھۋالى .87
مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ ئىمان كەلتۈرگەنلىكى.......89
سېھىرگەرلەرنىڭ سانى.......................................................................90
پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلەرگە قارشىلىق بىلدۈرۈپ، تەھدىت سېلىشى ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ جاۋابى ... 91
سېھىرگەرلەرنىڭ پىرئەۋننىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قىلغان نەسىھىتى...............................92
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى.................................................94
الله تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ئەسلەتكەنلىكى...........................95
مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ الله تائالاغا ۋەدە بەرگەن يەرگە كېتىشى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ موزايغا ئىبادەت قىلغانلىقى...........................................................97
هارۇن ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى موزايغا ئىبادەت قىلىشتىن توسقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى.........................................100
مۇسا ئەلەيهىسسالام بىلەن هارۇن ئەلەيهىسسالامنىڭ ئارىسىدىكى مۇنازىرە.....................101
سامىرىنىڭ موزاينى قانداق ياساپ چىققانلىقى...................................................102
سامىرىغا بېرىلگەن جازا ۋە موزاينىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى.......................................102
قۇرئان الله تائالانىڭ مۇكەممەل كىتابى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىنىڭ جازاسى......................................................................................104
سۇرنىڭ چېلىنىشى ۋە قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋاللار............................................105
تاغلارنىڭ كۇكۇم تالقان بولىدىغانلىقى ۋە زېمىننىڭ بىر تۈزلەڭلىككە ئايلىنىدىغانلىقى.....106
كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە يىغىلىش ئۈچۈن چاقىرغۇچىغا ئەگىشىپ ماڭىدىغانلىقى...........107
شاپائەت ۋە مۇكاپات توغرىسىدا...............................................................108
قۇرئاننىڭ كىشىلەرنىڭ تەقۋادار بولۇشى ۋە ۋەز - نەسىھەت قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن نازىل قىلىنغانلىقى.......................................................................................110
پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قۇرئان چۈشكەن ۋاقىتتا ئۇنى ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمەي تىڭشاشقا بۇيرۇلغانلىقى...........................................................................110
ئادەم ئەلەيهىسسالام بىلەن ئىبلىسنىڭ قىسسىسى...............................................112
ئادەم ئەلەيهىسسالامنىڭ زېمىنغا چۈشۈرۈلگەنلىكى ۋە توغرا يولدا ماڭغان كىشىنىڭ مۇكاپاتلىنىش، يامان يولدا ماڭغان كىشىنىڭ جازالىنىشىغا ۋەدە قىلىنغانلىقى...............114
ھەددىدىن ئاشقانلارغا قاتتىق ئازاب قىلىنىدىغانلىقى............................................116
الله تائالانىڭ بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنى هالاك قىلىپ يوقىتىۋېتىشىدە ۋەز - نەسىھەت قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بىر ئىبرەتنىڭ بار ئىكەنلىكى..........................117
سەۋر قىلىشقا ۋە بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇشقا بۇيرۇغانلىقى.......................................117
مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ بايلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرگە كۆز سالماسلىققا ۋە ئىبادەت قىلىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن جاپا - مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى.............119
قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە روشەن دەلىل بولسىمۇ، مۇشرىكلارنىڭ يەنە

ئۇنىڭ راستچىل پەيغەمبەرلىكىگە كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەتلەرنى تەلەپ قىلغانلىقى .......... 122

## ئەنبىيا سۈرىسى

قىيامەت ناھايىتى يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن بىخۇد يۈرۈۋاتقانلىقى .....126
كاپىرلارنىڭ قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ئېيتقانلىرى، مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە ........................................................127
پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلاردىن ئىكەنلىكى ........................................................128
قۇرئاننىڭ پەزىلىتى........................................................................................130
زالىملارنىڭ قانداق ھالاك قىلىنىدىغانلىقى ........................................................130
دۇنيانىڭ بىر ھېكمەت ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى........................................................132
ھەممە نەرسىنىڭ الله تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىكەنلىكى ۋە الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىدىغانلىقى ........................................................................................132
يالغان ئىلاھلارغا بېرىلگەن رەددىيە ........................................................133
پەرىشتىلەرنى الله تائالانىڭ قىزلىرى دەپ گۇمان قىلغانلارغا بېرىلگەن رەددىيە ۋە پەرىشتەرلەرنىڭ ۋەزىپە ۋە دەرىجىلىرىنىڭ بايانى ........................................................135
ئاسمان ـ زېمىن ۋە كېچە ـ كۈندۈزنىڭ الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغانلىقى...136
ھېچبىر كىشىنىڭ دۇنيادا مەڭگۈ ياشىمايدىغانلىقى ........................................................139
مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مازاق قىلغانلىقى........................................................140
مۇشرىكلارنىڭ ئازابنىڭ چۈشۈشىگە ئالدىراپ كەتكەنلىكى........................................................141
ئىلگىرى مازاق قىلىنغان پەيغەمبەرلەردىن ئىبرەت ئېلىش ۋە تەسەللى تېپىش ..................142
مۇشرىكلارنىڭ دۇنيادىن ئۇزۇن ۋاقىت بەھرىمەن بولغانلىقى ئۈچۈن گوللىنىپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇلارغا ھەقىقەتنىڭ بايان قىلىپ قويۇلىدىغانلىقى........................................................144
تەۋرات ۋە قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنغانلىقى........................................................146
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى ........................................................147
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتلارنى چېقىۋەتكەنلىكى ........................................................148
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ بۇتتىن ئىبارەت ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلغانلىقى .......151
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتقا تاشلانغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ كۆرسەتكەن مۆجىزىسى...152
الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ شامغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى........................................................153
لۇت ئەلەيھىسسالام ........................................................154
نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى ........................................................155
داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالاملارغا بېرىلگەن ئالامەتلەر ۋە كېچىسى زىرائەتنى يەپ قويغان قوينىڭ قىسسىسى........................................................156
سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تەڭداشسىز پادىشاھلىقى........................................................158

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ...... 159
ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفللارنىڭ قىسسىسى ...... 161
يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا ...... 162
زەكەرىيا ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىلىرى ...... 165
راستچىل ئايال ھەزرىتى مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ...... 166
ھەممە ئىنسانلارنىڭ بىر ئۈممەت ئىكەنلىكى ...... 167
ھالاك قىلىنغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ دۇنياغا ھەرگىز قايتۇرۇلمايدىغانلىقى ...... 169
يەجۇج ـ مەجۇج توغرىسىدا ...... 169
مۇشرىكلار ۋە ئۇلارنىڭ چوقۇنغان نەرسىلىرىنىڭ جەھەننەمنىڭ ئوتۇنى بولىدىغانلىقى ...... 173
ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكەنلەرنىڭ ئەھۋالى ...... 174
قىيامەت كۈنى ئاسماننىڭ يۆگىلىدىغانلىقى ...... 177
زېمىنغا ياخشى بەندىلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقى ...... 178
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتكۈل ئالەمگە رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكى ...... 179
ۋەھيىنىڭ غايىسىنىڭ الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش ئىكەنلىكى ...... 180
قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت الله تائالانىڭلا بىلىدىغانلىقى ...... 181

## ھەج سۈرىسى

قىيامەت ۋاقتىدا بولىدىغان قورقۇنچلۇق ئەھۋاللار ...... 183
شەيتانغا ئەگەشكۈچىلەرنى ئەيىبلەش ...... 187
ئىنسانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىشىنىڭ قىيامەت كۈنى قەبرىدىن قايتا تىرىلىپ قوپۇشنىڭ ھەقلىقىنىڭ پاكىتى ئىكەنلىكى ...... 188
ئىسپېرمىنىڭ ۋە بالىنىڭ بالىياتقۇدا تەرەققى قىلىدىغانلىقى ...... 188
ئىنسان تېنىنىڭ باللىقتىن قېرىغىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى ...... 189
الله تائالانىڭ قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆسۈملۈكلەردىن كەلتۈرگەن مىسالى ...... 189
دىن نامىدىن دىنغا يېڭىلىق كىرگۈزۈش، كىرگۈزگۈچىلەرنىڭ ۋە ئازغۇنلۇقتىكىلەرنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ ھالى ...... 191
تۇراقسىز ھالدا ئىبادەت قىلىش دېگەن سۆزنىڭ بايانى ...... 192
ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغانلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ...... 193
الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە چوقۇم ياردەم قىلىدىغانلىقى ...... 194
الله تائالانىڭ قىيامەت كۈنى دىنىي گۇرۇھلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقى ...... 195
بارلىق نەرسىلەرنىڭ الله تائالاغا سەجدە قىلىدىغانلىقى ...... 196
بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ...... 198
كاپىرلارنىڭ جازاسى ...... 199

مۆمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى ........................................ 200
كىشىلەرنى الله نىڭ يولىدىن ۋە ھەرەم مەسچىتىدىن توسقانلارغا قىلىنغان تەھدىت ....... 202
مەككىنىڭ ئۆيلىرىنى ئىجارىگە قويۇش مەسىلىسى ........................................ 202
ھەرەمدە قەستەن گۇناھ ئىشلارنى قىلماقچى بولغان كىشىلەرگە قىلىنغان تەھدىت .......... 204
كەبىنىڭ سېلىنغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ھەجگە چاقىرىلغانلىقى ........................................ 206
ھەجدە دۇنيا ۋە ئاخىرەت مەنپەئەتلىرىنىڭ بارلىقى ........................................ 209
يامان ئىشلاردىن ساقلانغانلارغا ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى ........................................ 212
الله تائالانىڭ بەندىلەرنى شېرىك كەلتۈرۈش ۋە يالغان سۆزلەشتىن يىراق بولۇشقا
بۇيرۇغانلىقى ........................................ 213
قۇربانلىقنىڭ بايانى ........................................ 215
قۇربانلىق قىلىشقا ئاتىغان ماللاردىن پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقى ........................................ 215
قۇربانلىق قىلىشنىڭ بارلىق قەۋملەردە يولغا قويۇلغان ئىش ئىكەنلىكى ........................................ 216
قۇربانلىق ئۈچۈن ئاتىغان تۆگىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇش ........................................ 218
الله تائالانىڭ دەرگاھىدا قۇربانلىقتىن مەقسەت قىلىنىدىغىنى بەندىنىڭ ئىخلاس ۋە
تەقۋادارلىق قىلىشى ئىكەنلىكى ........................................ 221
مۆمىنلەرنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقى ........................................ 222
ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەنلىكى ۋە بۇ ھەقتە نازىل بولغان ئايەتنىڭ جىھاد
ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ دەسلەپكىسى ئىكەنلىكى ........................................ 223
مۇسۇلمانلارنىڭ الله تائالانىڭ ھۆكۈملىرىنى تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەندە ئۆتەشكە
تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى ........................................ 227
ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ........................................ 228
كاپىرلارنىڭ ئازابنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلىشلىرى ........................................ 231
ياخشى كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتى ۋە يامان كىشىلەرنىڭ جازاسى ........................................ 232
شەيتاننىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ قىرائىتىگە ئارىلىشىدىغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ ئۇنى بىكار
قىلىۋېتىدىغانلىقى ........................................ 233
مۇشرىكلارنىڭ داۋاملىق تۇردە شەكلىنىش ۋە ئىككىلىنىش ئۇستىدە ياشايدىغانلىقى .......... 236
الله تائالانىڭ يولىدا ھىجرەت قىلىپ چىققان كىشى ئۈچۈن كاتتا ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى...... 237
الله تائالانىڭ دۇنيانى ياراتقان ۋە ئۇنىڭدا خالىغىنىنى قىلىدىغان زات ئىكەنلىكى .......... 240
الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىللەر ........................................ 241
ھەر بىر ئۈممەت ئۈچۈن بىر شەرىئەتنىڭ يولغا قويۇپ بېرىلگەنلىكى ........................................ 244
مۇشرىكلارنىڭ الله تائالادىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ
ئايەتلىرىنى قاتتىق ئىنكار قىلىشى ........................................ 246
بۇتلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئۇلارغا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەخمەقلىقى ........................................ 248
الله تائالانىڭ ئەلچىلەرنى پەرىشتىلەردىن ۋە ئىنسانلاردىن تاللىغانلىقى ........................................ 249

ئىبادەت قىلىشقا ۋە جىھاد قىلىشقا بېرىلگەن بۇيرۇق......................................... 251

## مۇئمىنۇن سۈرىسى

مۆمىنلەرنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى............................ 256
الله تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارنى بىر تامچە
سۇدىن باسقۇچمۇ باسقۇچ تەرەققىي قىلدۇرۇپ يارىتىشنى ئۆزىنىڭ بارلىقىغا پاكىت قىلغانلىقى ..... 260
الله تائالانىڭ ئاسمانلارنى ياراتقانلىقى..................................................... 262
الله تائالانىڭ يامغۇر، ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخ ۋە تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنى ياراتقانلىقى ... 263
نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى ............................................. 266
ئاد ياكى سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسى ......................................................... 269
باشقا ئۈممەتلەرنىڭ بايانى ..................................................................... 271
مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى ............................................ 272
ئىسا ۋە ئانىسى مەريەم ئەلەيھىسسالاملار توغرىسىدا ......................................... 273
ھالال نەرسىلەرنى يېيىشكە ۋە ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق..... 274
ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىنىڭ پەقەت الله تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسى ئۈستىدە
ئىكەنلىكى ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلغانلارغا قىلىنغان تەھدىد ..................................... 275
ياخشى كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى.................................................................. 276
الله تائالانىڭ ئادىللىقىنىڭ بايانى ۋە كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرى.............................. 278
مۇشرىكلارغا بېرىلگەن رەددىيە ۋە ئۇلارنى ئەيىبلەش.......................................... 281
ھەقىقەتنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلەرگە بويسۇنمايدىغانلىقى .......................................... 282
پەيغەمبەرنىڭ ھەق تەلەپ قىلماستىن توغرا يولغا چاقىرىدىغانلىقى............................. 283
كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى............................................................................. 284
الله تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ۋە كاتتا قۇدرىتىنى ئەسلىتىش ...................................... 286
مۇشرىكلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى يىراق دەپ قارايدىغانلىقى.......................... 286
مۇشرىكلارنىڭ الله تائالانىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى، شۇنداق
تۇرۇقلۇق ئۇلارنى الله تائالانىڭ ئىلاھلىق سۈپىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا قىستىغانلىقى......... 288
الله تائالانىڭ ھېچ شېرىكى يوقلۇقى ............................................................ 290
ئازاب چۈشكەندە دۇئا قىلىشنىڭ، يامانلىققا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ۋە الله تىن شەيتاننىڭ
شەررىدىن ساقلىنىشنى تىلەشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى ............................................... 292
كاپىرلارنىڭ سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىدا، دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى.............. 293
تۇسما ۋە ئۇنىڭدىكى ئازاب توغرىسىدا.......................................................... 295
سۇرنىڭ چېلىنىشى ۋە قىلمىشلارنىڭ تارازىدا ئۆلچىنىشى ..................................... 296
دوزاخقا كىرىپ قالغانلارنى تەنقىد قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بەتبەختلىكلىرىنى ئېتىراپ
قىلىشى ۋە دوزاختىن چىقىشنى تەلەپ قىلىشى ............................................... 298
الله تائالانىڭ كاپىرلارغا بەرگەن جاۋابى ..................................................... 300

ﷲ تائالانىڭ بەندىلەرنى ىىكارغا ياراتمىغانلىقى ..................... 302
ﷲ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى ۋە مۇشرىكنىڭ نىجات
تاپالمايدىغانلىقى ..................... 303

## نۇر سۈرىسى

بۇ سۈرىنىڭ ئەھمىيىتى ..................... 305
زىنا قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ بايانى ..................... 306
زىنا قىلغۇچىلارغا جازا بەرگەن ۋاقىتتا ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتماسلىق ..................... 311
جازا ھۆكۈملىرىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىشنىڭ لازىملىقى ..................... 311
زىنا قىلدى دەپ بوھتان چاپلىغۇچىلارنىڭ جازاسى ..................... 313
بوھتان چاپلىغۇچىنىڭ تەۋبىسىنىڭ بايانى ..................... 314
لەنەت ئېيتىشىش ..................... 314
بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ..................... 316
ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا چاپلانغان بوھتان ..................... 318
ﷲ تائالانىڭ بوھتاننى تارقاتقان مۆمىنلەرگە كايىغانلىقى ..................... 324
ﷲ تائالانىڭ بوھتان چاپلىغۇچىلارنىڭ تەۋبە قىلىشقا ئۇتتۇق ئاتا قىلىپ بېرىش بىلەن
ئۇلارغا قىلغان مەرھەمىتى ..................... 325
ﷲ تائالانىڭ يەنە بىر قېتىم كايىغانلىقى ..................... 327
مۆمىنلەر توغرىسىدا يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان كىشىلەرگە كايىش ..................... 328
ﷲ تائالانىڭ مەرھەمىتىنى ئەسلىتىش ۋە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىشتىن
ئاگاھلاندۇرۇش ..................... 329
قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنى سەدىقە بېرىشكە ۋە كەچۈرۈۋېتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ..................... 330
يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلارغا قىلىنغان تەھدىت ..................... 331
ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنىڭ ئايالى بولغانلىقى ئۈچۈن
ئۇنىڭ ياخشى ئايال ئىكەنلىكى ..................... 333
ئۆيگە كىرگەندە رۇخسەت سوراش ۋە ئۆيگە كىرىش قائىدىلىرى ..................... 334
نامەھرەملەرگە قارىماسلىق ..................... 338
ئاياللارنىڭ ئورنىنىشى ..................... 340
ئاياللار يولدا ماڭغاندا رىئايە قىلىدىغان ئەدەبلەر توغرىسىدا ..................... 343
توي قىلىشقا بۇيرۇش (رىغبەتلەندۈرۈش) ..................... 443
ئۆيلىنەلمەيدىغانلارنى ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇيرۇش ..................... 345
قۇللارنىڭ ئىچىدىن توختام تۈزۈشنى خالايدىغانلار بىلەن توختام تۈزۈش توغرىسىدا ..................... 346
چۆرىلەرنى زىنا قىلىشقا مەجبۇرلاشتىن توسۇش توغرىسىدا ..................... 347
ﷲ تائالانىڭ نۇرىنىڭ مىسالى ..................... 349

مەسچىتلەرنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭغا كىرگەن ـ چىققاندا رىئايە قىلىنىدىغان قائىدە يوسۇنلار ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى......352
ئىككى تۈرلۈك كاپىر ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن ئىككى مىسال......357
بارلىق نەرسىلەرنىڭ الله تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى ۋە پادىشاھلىقنىڭ الله تائالاغا خاس ئىكەنلىكى......359
الله تائالانىڭ بۇلۇتلارنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ياراتقانلىقىنى ئەسلەتكەنلىكى...360
الله تائالانىڭ جانلىقلارنى ياراتقانلىقى......361
مۇناپىقلارنىڭ ھىيلىسى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئەھۋالى......363
الله تائالانىڭ مۆمىنلەرنى ھۆكۈمران قىلىشقا بەرگەن ۋەدىسى......367
ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە ۋە الله تائالاغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇش، كاپىرلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئاقىۋىتى......371
قۇل، چۆرە ۋە نارىسىدىلەرنىڭ كىرىشكە رۇخسەت سورايدىغان ۋاقىتلىرى......372
قېرى ئاياللارنىڭ تاشقى كىيىملىرىنى كىيمىسىمۇ بولىدىغانلىقى......374
ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە رۇخسەتسىز بىر نېمە يېيىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى......375
توپلىشىپ تۇرغان جايدىن قايتماقچى بولغاندا رۇخسەت سوراش......378
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغاندا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەبلەر......379
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى......380
الله تائالانىڭ ھەممىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى......381

## فۇرقان سۈرىسى

الله تائالانىڭ بەرىكىتىنىڭ كاتتىلىقى......383
مۇشرىكلارنىڭ ئەخمەقلىقىنىڭ بايانى......386
كاپىرلارنىڭ قۇرئان توغرىسىدا دېگەن سۆزلىرى......387
كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا دېگەنلىرى، ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى......389
جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ پەرقى......391
مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقى......392
ئىلگىرى ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى......394
كاپىرلارنىڭ تەرسالىقىنىڭ بايانى......396
جەننەتكە كىرىشكە تېگىشلىك بولغانلارنىڭ ياخشى ئورۇندا بولىدىغانلىقى......399
قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋاللىرى ۋە ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلغۇچىلارنىڭ پۇشايمان قىلىدىغانلىقى......400
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشى...402
قۇرئاننىڭ ئايرىم ـ ئايرىم نازىل قىلىنىشىدىكى ھېكمەت، كاپىرلارغا بېرىلگەن رەددىيە ۋە ئۇلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى......404

قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى قورقۇتۇلغانلىقى ........ 405
كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مازاق قىلىدىغانلىقى ........ 408
كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خاھىشلىرىنى ئىلاھ تۇتۇۋالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تۆت پۇتلۇق
هايۋانلاردىنمۇ بەك گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكى ........ 408
الله تائالانىڭ بارلىقى ۋە قۇدرىتىنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل - پاكىتلار ........ 409
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ھەممىگە ئومۇمىي ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى
ئۇنىڭدا مۇستەھكەم قىلىدىغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ........ 413
مۇشرىكلارنىڭ نادانلىقى ........ 416
پەيغەمبەرنىڭ خۇش بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى ئىكەنلىكى ........ 416
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالاغا يۆلىنىشكە بۇيرۇلغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ بەزى
سۈپەتلىرىنىڭ بايانى ........ 417
مۇشرىكلارنىڭ تەنقىد قىلىنغانلىقى ........ 418
الله تائالانىڭ كاتتىلىقىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ بايانى ........ 419
ناھايىتى شەپقەتلىك الله تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ سۈپەتلىرى ........ 421
شېرىكتىن، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ۋە زىنا قىلىشتىن ساقلىنىشنىڭ ناھايىتى شەپقەتلىك
الله تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىكەنلىكى ........ 423
ناھايىتى شەپقەتلىك الله تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ بەزى سۈپەتلىرى ........ 426
ناھايىتى شەپقەتلىك الله تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىنىڭ مۇكاپاتى ۋە مەككىلىكلەرگە
قىلىنغان تەھدىد ........ 429

## شۇئەرا سۈرىسى

قۇرئان، كاپىرلارنىڭ قۇرئاندىن يۈز ئۆرىگەنلىكى، الله تائالا خالىسا، ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشقا
زورلايدىغانلىقى ........ 432
مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ ئارىسىدا بولغان ئىشلار ........ 435
مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سېھىرگەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلار ........ 440
پىرئەۋن بىلەن سېھىرگەرلەرنىڭ ئارىسىدا بولغان ئىشلار ........ 443
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى ........ 444
پىرئەۋننىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كەينىدىن قوغلىشى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سۇغا
چۆكتۈرۈلۈشى ........ 446
الله تائالانىڭ دوستى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شېرىكنى تاشلاشقا قىلغان ۋەز -
نەسىھەتى ........ 448
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانىڭ مەرھەمىتىنى ۋە مېھرىبانلىقىنى بايان قىلىشى ........ 450
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە ۋە دادىسىغا قىلغان دۇئاسى ........ 451
تەقۋادارلارنىڭ ۋە گۇمراھ بولغۇچىلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھالى، گۇمراھ بولغۇچىلارنىڭ
جېدىلى ۋە ئۇلارنىڭ ھەسرىتى ........ 454

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى، ئۇنىڭ قەۋمىگە قىلغان ۋەز - نەسىھىتى ۋە قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى ........ 456
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا تەھدىد سالغانلىقى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا قارشى دۇئا قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى ........ 458
ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى ئادقا قىلغان ۋەز - نەسىھەتى ........ 459
ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى ۋە ئۇلارغا ئازاب چۈشۈرۈلگەنلىكى ........ 460
سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسى ........ 463
سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە بېرىلگەن نېمەتلەرنى ئەسلەتكەنلىكى ........ 464
سەمۇد قەۋمىنىڭ بەرگەن جاۋابى، ئۇلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقى ۋە ئۇلارغا الله تائالانىڭ ئازابىنىڭ كەلگەنلىكى ........ 465
لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ قىلمىشلىرىنى تەنقىد قىلىشى، ئۇلارنىڭ جاۋابى ۋە ئۇلارغا كەلگەن ئازابىنىڭ بايانى ........ 468
شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەيكەلىكلەرغا قىلغان ۋەز - نەسىھىتى ........ 469
ئۆلچىگەندە تولۇق ئۆلچەپ بېرىش ۋە تارازىدا توغرا بولۇش كېرەكلىكى ........ 470
شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى، ئۇلارنىڭ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئازاب كەلگەنلىكى ........ 471
قۇرئان كەرىمنى الله تائالانىڭ چۈشۈرگەنلىكى ........ 473
قۇرئاننىڭ بايانىنىڭ ئىلگىرىكى كىتابلاردا بار ئىكەنلىكى ........ 474
قۇرەيشلىكلەرنىڭ كۇفۇرلۇقتا چىڭ تۇرۇۋېلىشى ........ 475
ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ تاكى ئازابنى كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى ........ 476
قۇرئاننى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ چۈشكەنلىكى ........ 479
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇلغانلىقى ........ 480
مۇشرىكلارنىڭ بوھتانلىرىغا بېرىلگەن رەددىيە ........ 484
كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شائىر دېگەنلىكىگە بېرىلگەن رەددىيە ........ 485
ئىسلام شائىرلىرىنىڭ سۈپەتلىرى ........ 486

## نەمل سۈرىسى

قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرىپىدىن مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە خۇش بېشارەتچى، كاپىرلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ چۈشكەنلىكى ........ 489
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە پىرئەۋننىڭ ئاقىۋىتى ........ 491
داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تەرتىپلىنىشى ۋە ئۇنىڭ چۈمۈلىلەر ۋادىسىدىن ئۆتۈشى ........ 495
ھۆپۈپنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ........ 497
ھۆپۈپنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا سەبە شەھرىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەنلىكى ........ 498

سۇلايمان ئەلەيهىسسالامنىڭ بىلقىسقا يازغان خېتى ........ 500
بىلقىسنىڭ دۆلەت چوڭلىرى بىلەن مەسلىهەتلىشىشى ........ 501
ئەۋەتىلگەن ھەدىيە ۋە سۇلايمان ئەلەيهىسسالامنىڭ بەرگەن جاۋابى ........ 502
بىلقىسنىڭ تەختىنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىپ كېلىنگەنلىكى ........ 504
بىلقىسنى سىناپ بېقىش ........ 506
سۇلايمان ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەينەكتىن سارايى سالدۇرغانلىقى ........ 507
سالىھ ئەلەيهىسسالام بىلەن سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسى ........ 508
بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ۋە سەمۇد قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتى ........ 510
لۇت ئەلەيهىسسالام بىلەن قەۋمىنىڭ قىسسىسى ........ 512
الله غا ھەمدۇسانا ئېيتىشقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە دۇرۇت ئېيتىشقا بۇيرۇش ........ 514
الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان بەزى دەلىللەر ........ 514
الله يولىدا جىهاد قىلغۇچىنىڭ قىسسىسى ........ 517
زېمىنغا ئورۇنباسار بولۇشنىڭ بايانى ........ 518
غەيبنى پەقەت الله نىڭلا بىلىدىغانلىقى ........ 521
قايتا تىرىلىشنى يىراق ساناش ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن رەددىيە ........ 522
قۇرئاننىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىختىلاپىنى قىسسە قىلىپ بېرىدىغانلىقى ۋە الله نىڭ
ئۇلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقى ........ 525
تەبلىغ قىلىشتا تەۋەككۈل قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ........ 526
زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىدىغانلىقى ........ 526
قىيامەت كۈنىدە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى بىر يەرگە يىغىدىغانلىقى ........ 528
قىيامەت كۈنىدىكى قورقۇنچلار ۋە ئۇ كۈندە ياخشى ئەمەلگە مۇكاپات، يامان ئەمەلگە جازا
بېرىلىدىغانلىقى ........ 530
الله غا ئىبادەت قىلىشقا ۋە قۇرئان بىلەن دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇش ........ 533


## قەسەس سۈرىسى


مۇسا ئەلەيهىسسالام بىلەن پىرئەۋن ھەققىدىكى خەۋەر ۋە الله تائالانىڭ ئۇ ئىككىسى
ھەققىدە نېمىنى ئىرادە قىلغانلىقى ........ 536
مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ ئانىسىغا تەدبىر قوللىنىشنىڭ ئىلهام قىلىنغانلىقى ........ 537
مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ پىرئەۋننىڭ ئۆيىدە تەربىيىلىنىشى ........ 538
مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ قاتتىق قايغۇرۇشى ۋە مۇسانىڭ ئۆز ئانىسىغا قايتۇرۇلۇشى ........ 540
مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ قىبتىلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ........ 543
ئۆلگۈچىنىڭ سىرىنىڭ پاش بولۇشى ........ 544
مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ مەديەن شەھىرىگە بېرىشى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئايالنىڭ قويلىرىنى
سۇغىرىپ بېرىشى ........ 545

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىككى ئايالنىڭ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشى ۋە قوي بېقىپ بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىگە ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقى...................547
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرغا قايتىشى ۋە ئۇنىڭ يول ئۈستىدە پەيغەمبەرلىككە ۋە مۆجىزىلەرگە سازاۋەر بولۇشى....................................................550
مۇسانىڭ الله تائالادىن قېرىندىشى ھارۇننى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ بېرىشنى سورىشى ۋە ئۇنىڭ تىلىكىنىڭ ئىجابەت قىلىنىشى .....................................................552
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ئالدىدىكى ئەھۋالى..........................554
پىرئەۋننىڭ چوڭچىلىق قىلىشى ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى ...................................555
الله تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىنئام قىلغان نېمەتلىرىنىڭ بايانى .....................557
كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىلىگە بۇراش توغرىسىدا .....................................................................................558
كاپىرلارنىڭ خاتالاشتۇرۇش ئۈچۈن سوئال سورىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب............561
ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ مۆجىزىلەرگە ئىشەنمەيدىغانلىقى.......................................562
مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارغا سېھىرگەر دەپ بوھتان چاپلاش توغرىسىدا ...............562
بوھتانغا قايتۇرۇلغان جاۋاب ...........................................................................563
نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىنىڭ ئېزىپ كېتىشى..........................................564
ئەھلى كىتابتىن مۆمىن بولغانلار.........................................................................565
الله تائالانىڭ خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدىغانلىقى........................................567
مەككە ئەھلىنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئۆزرە ئېيتىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە ..........568
شەھەرلەرنىڭ دەلىل بايان قىلىنغاندىن كېيىن ھالاك قىلىنىدىغانلىقى .........................569
دۇنيانىڭ تۈگەيدىغانلىقى، دۇنيانى دوست تۇتقۇچىنىڭ ئاخىرەتنى دوست تۇتقۇچى بىلەن باراۋەر بولمايدىغانلىقى ......................................................................571
مۇشرىكلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ شېرىكلىرىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقى .......573
مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ھەققىدە قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقى..........574
يارىتىش، ھەممىنى بىلىش ۋە تاللاشنىڭ يالغۇز الله تائالاغىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكى.........575
كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ الله تائالانىڭ نېمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر ئىكەنلىكى .............................................................576
مۇشرىكلارنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلارغا قاتتىق تېگىش توغرىسىدا.......................................578
قارۇن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشى .....................................578
قارۇننىڭ زىننەت بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقىشى ۋە قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى......581
قارۇننىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىلىشى..........................................582
قارۇننى يەر يۇتۇپ كەتكەنلىكىدىن قەۋمىنىڭ ئىبرەت ئالغانلىقى...................................582
كەمتەر مۆمىنلەرگە ئاخىرەتتە تەييارلانغان نېمەتلەر ...........................................583
تەبلىغ قىلىشقا ۋە تەۋھىدكە بۇيرۇش توغرىسىدا..........................................585

## ئەنكەبۇت سۈرىسى

كىمنىڭ راستچىل، كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن مۆمىنلەرنىڭ سىنىلىدىغانلىقى ........................ 587
يامان ئىش قىلغۇچىلارنىڭ الله تائالادىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقى ........................ 588
الله نىڭ ياخشى ئادەملەرنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ........................ 589
ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇش........................ 590
مۇناپىقلارنىڭ ئادەتلىرى ۋە الله تائالانىڭ سىناش يوللىرى ........................ 591
كاپىرلارنىڭ باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى (ئۇلارنىڭ كۇفرىغا قايتىش شەرتى) بىلەن ئۆز ئۈستىلىرىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىشى ........................ 593
نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ بايانى........................ 595
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ۋەز ئېيتىشى........................ 597
ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنىڭ دەلىللىرى ........................ 599
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى، الله تائالانىڭ ئوتقا تەدبىر قوللىنىشى........................ 601
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە بۇتلارنىڭ ئاجىزلىقىنى بايان قىلغانلىقى ........................ 601
لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمان ئېيتىشى ۋە ئۇنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىشى ........................ 603
الله تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئاتا قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئۇنىڭ ئەۋلادىغا خاس قىلغانلىقى ........................ 603
لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەت قىلىشى ۋە قەۋمى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن جېدەل........................ 605
پەرىشتىلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئاندىن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكى........................ 606
شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ بايانى ........................ 608
پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنى ھالاك قىلىشنىڭ بايانى........................ 609
مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئوخشىتىلغانلىقى........................ 611
تەبلىغ قىلىش، قۇرئان ئوقۇش ۋە نامازنى ئادا قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى ........................ 612
ئەھلى كىتاب بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىش........................ 613
قۇرئاننىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدىن نازىل بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دەلىلى........................ 615
مۆجىزە تەلەپ قىلغان مۇشرىكلارغا بېرىلگەن جاۋاب........................ 617
مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئازابنىڭ تېزلىتىلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى........................ 619
ھىجرەت قىلىشقا ئىشارەت قىلىنغانلىقى، رىزىق ۋە ياخشى مۇكاپات بىلەن ۋەدە بېرىلگەنلىكى.... 621
تەۋھىدىنىڭ دەلىللىرى ........................ 623
ھەرەمنىڭ ھۆرمەتلىك قىلىنغانلىقىدىن ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىش ........................ 625

## رۇم سۈرىسى

رۇملۇقلارنىڭ غەلبە قىلىدىغانلىقىنىڭ خەۋىرى ........................ 627
رۇملۇقلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى ........................ 629
قەيسەرنىڭ كىسرانى قانداق يەڭگەنلىكى ........................ 630
تەۋھىدنىڭ دەلىللىرى ........................ 634
بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ........................ 636
الله تائالانىڭ ئالامەتلىرى ........................ 638
مەخلۇقاتنى قايتا تىرىلدۈرۈشنىڭ ئاسان ئىكەنلىكى ........................ 642
الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان مىسال ........................ 643
تەۋھىدكە چىڭ يېپىشىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى ........................ 645
ئىنسانىنىڭ زامانغا بېقىپ تەۋھىد ئەقىدىسىدىن شېرىك ئەقىدىسىگە، خۇشاللىقتىن
ئۈمىدسىزلىككە ئۆزگىرىدىغانلىقى ........................ 647
سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇش، جازانىخورلۇقتىن توسۇش ........................ 649
يارىتىش، رىزىق بېرىش، ئۆلتۈرۈش ۋە تىرىلدۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ الله تائالانىڭ قولىدا
ئىكەنلىكى ........................ 650
گۇناھلارنىڭ دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ........................ 650
قىيامەت كېلىشتىن ئىلگىرى توغرا دىنغا يۈزلىنىشكە بۇيرۇلغانلىقى ........................ 652
شاماللارنىڭ الله تائالانىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى ........................ 653
زېمىننى تىرىلدۈرۈشنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى ........................ 654
كاپىرلارنىڭ ئۆلۈككە، گاسقا ۋە قارىغۇغا ئوخشايدىغانلىقى ........................ 656
ئىنسانىنىڭ يارىتىلىش ۋە ياشاش باسقۇچلىرى ........................ 657
كاپىرلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نادانلىق قىلىشى ........................ 658
قۇرئاندا مىساللارنىڭ كەلتۈرۈلگەنلىكى، كاپىرلارنىڭ بۇ مىساللاردىن ئىبرەت ئالمايدىغانلىقى........ 659
رۇم سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنى بامدات نامىزىدا ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ........................ 660

## لوقمان سۈرىسى

بەتبەخت كىشىلەرنىڭ بىھۇدە گەپلەر بىلەن ھەپىلىشىدىغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ
ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈيدىغانلىقى ........................ 662
مۆمىنلەرنىڭ ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشىدىغانلىقى ........................ 663
تەۋھىدنىڭ دەلىللىرى ........................ 665
لوقمان توغرىسىدا ........................ 666
لوقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەز ـ نەسىھەتى ........................ 667
ئوتتۇرا ھال مېڭىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ........................ 671
لوقماننىڭ نەسىھەتلىرى ........................ 671

الله تائالانىڭ نېمەتلەرنى ئەسلەتكەنلىكى ........................................ 672

مۇشرىكلارنىڭ الله تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى ................ 674

الله تائالانىڭ سۆزلىرىنىڭ ساناپ تۈگەتكۈسىز ئىكەنلىكى ................................ 675

الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە بۈيۈكلۈكىنى زىكىر قىلىش ................................ 677

الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىشقا ۋە قىيامەت كۈنىدىن قورقۇشقا بۇيرۇش ................ 680

غەيبىنى پەقەت الله تائالانىڭلا بىلىدىغانلىقى ........................................ 681


## سەجدە سۈرىسى


قۇرئاننىڭ شەكسىز الله نىڭ كىتابى ئىكەنلىكى ........................................ 686

الله تائالانىڭ كائىناتنى ياراتقۇچى ۋە ئىدارە قىلغۇچى زات ئىكەنلىكى ...................... 686

الله تائالانىڭ ئىنساننى باسقۇچمۇ باسقۇچ يارىتىدىغانلىقى ................................ 688

قىيامەتنى يىراق سانىغۇچىلارغا بېرىلگەن رەددىيە ........................................ 688

مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى يامان ھالى ........................................ 690

ئىماندارلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن مۇكاپات ........................................ 692

مۆمىن بىلەن پاسىقنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى ........................................ 694

مۇسانىڭ كىتابى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى توغرا يولغا باشلىغانلىقى ........................ 696

ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئېلىش توغرىسىدا ........................................ 697

زېمىننى سۇ بىلەن تىرىلدۈرۈشنىڭ قىيامەتنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى .......................... 698

كۇففارلارنىڭ ئازابنىڭ تېزلىتىلىشىنى تەلەپ قىلىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب ............ 699

# مەريەم سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 98 ئايەت

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق تارىخ كىتابىدا ئۇممۇسەلىمە، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن (مۇسۇلمانلارنىڭ) مەككىدىن ھەبەشىستان (ئېفىئوفىيە) غا ھىجرەت قىلغانلىقىغا ئائىت قىسسىسىدە جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەرنى نەجاشى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەملىرىگە ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

كٓهيعٓصٓ ﴿١﴾ ذِكْرُ رَحْمَتِ رَبِّكَ عَبْدَهُۥ زَكَرِيَّآ ﴿٢﴾ إِذْ نَادَىٰ رَبَّهُۥ نِدَآءً خَفِيًّا ﴿٣﴾ قَالَ
رَبِّ إِنِّي وَهَنَ ٱلْعَظْمُ مِنِّي وَٱشْتَعَلَ ٱلرَّأْسُ شَيْبًا وَلَمْ أَكُنۢ بِدُعَآئِكَ رَبِّ شَقِيًّا ﴿٤﴾ وَإِنِّي
خِفْتُ ٱلْمَوَٰلِيَ مِن وَرَآءِي وَكَانَتِ ٱمْرَأَتِي عَاقِرًا فَهَبْ لِي مِن لَّدُنكَ وَلِيًّا ﴿٥﴾ يَرِثُنِي وَيَرِثُ
مِنْ ءَالِ يَعْقُوبَ ۖ وَٱجْعَلْهُ رَبِّ رَضِيًّا ﴿٦﴾

كاف، ھا، يا، ئەين، ساد﴿1﴾. بۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەندىسى زەكەرىياغا
قىلغان مەرھەمىتىنىڭ بايانىدۇر﴿2﴾. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا
مۇناجات قىلدى﴿3﴾. ئۇ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇۋۋىتىمدىن
كەتتىم، چېچىم ئاقاردى. پەرۋەردىگارىم! ساڭا دۇئا قىلىپ ئۈمىدسىز بولۇپ قالغىنىم
يوق﴿4﴾. مەن تاغىلىرىمنىڭ بالىلىرىنىڭ ئورنۇمنى باسالماسلىقلىرىدىن (يەنى دىنىنى
قولدىن بېرىپ قويۇشلىرىدىن) ھەقىقەتەن ئەنسىرەيمەن، مېنىڭ ئايالىم تۇغماستۇر،
(پەزلىڭدىن) ماڭا بىر (ياخشى) پەرزەنت ئاتا قىلغىن﴿5﴾. ئۇ ماڭا ۋارىس بولغاي
ۋە يەئقۇب ئەۋلادىغا ۋارىس بولغاي، پەرۋەردىگارىم! ئۇنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا
ئېرىشىدىغان قىلغىن»﴿6﴾.

## زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇنىڭ بالا تەلەپ قىلغان دۇئاسى

سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدە بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا سۆزلىنىپ بولغان ئىدى.

﴿**بۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەندىسى زەكەرىياغا قىلغان مەرھەمىتىنىڭ بايانىدۇر**﴾ زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدىكى كاتتا بىر پەيغەمبەردۇر. سەھىھ بۇخارىدا مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ: «زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ياغاچچى ئىدى. ئۇ ياغاچچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى».

﴿**ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلدى**﴾ يەنى ئۇ مۇناجاتنى (دۇئانى) پەس ئاۋازدا قىلدى. چۈنكى، **الله** تائالا پەس ئاۋازدا قىلىنغان دۇئانى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: **الله** تائالا شەكسىز قورقىدىغان دىلنى بىلىدۇ ۋە پەس ئاۋازنى ئاڭلايدۇ.

﴿**ئۇ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم، چېچىم ئاقاردى**﴾ بۇنداق دېيىشتىكى مەقسەت ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىشىپ، قېرىپ قالغانلىقىدىن، قېرىلىقنىڭ بارلىق ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بەرگەنلىكىدۇر. ﴿**پەرۋەردىگارىم! ساڭا دۇئا قىلىپ ئۈمىدسىز بولۇپ قالغىنىم يوق**﴾ يەنى سەن مېنىڭ تىلىگەن تىلەكلىرىمنى پەقەت قۇرۇق قول قايتۇرمىدىڭ.

﴿**مەن تاغىلىرىمنىڭ باللىرىنىڭ ئورنۇمنى باسالماسلىقلىرىدىن (يەنى دىنىنى قولدىن بېرىپ قويۇشلىرىدىن) ھەقىقەتەن ئەنسىرەيمەن**﴾ يەنى زەكەرىيا تاغىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ باللىرىنىڭ ئۆزىدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يامان ئىش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، **الله** تائالادىن كىشىلەرگە پەيغەمبەر بولىدىغان بىر بالا تىلىدى. ئاندىن (**الله** تائالا) ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلدى. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ **الله** تائالادىن بالا تىلىشى تاغىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ باللىرىنىڭ ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە مىراس بولۇۋېلىشىدىن قورققانلىقىدىن ئەمەستۇر.

(ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ مىراسخور بولىۋېلىشىدىن قورقۇپ تىلىمىگەنلىكى) بىرىنچىدىن، پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزىگە مىراسخور بولۇشىنى يامان كۆرۈپ، مىراسخور بولۇش ئۈچۈنلا (**الله** تائالادىن) بالا تىلىگۈدەك دەرىجىدە مال ـ مۈلكىدىن ئەنسىرەپ كېتىشى (ئۇنىڭغا) ھەرگىز لايىق ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ باي كىشى ياكى ئەمەسلىكىمۇ بايان قىلىنمىدى. بەلكى ئۇ ئۆز ئەمگىكىدىن پۇل تېپىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بىر ياغاچچى ئىدى، ـ دەپ بايان قىلىندى. بۇنىڭدەك كىشىلەر (باشقىلارنىڭ ئۆزىگە مىراسخور بولۇۋېلىشىدىن قورققۇدەك) مال ـ مۈلۈك يىغىپ كەتمەيدۇ. بولۇپمۇ پەيغەمبەرلەر شۇنداق. چۈنكى، ئۇلار بۇ دۇنيادا مال ـ مۈلۈك يىغىشتىن ۋاز كەچكەن كىشىلەردۇر.

ئۈچىنچىدىن، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز پەيغەمبەرلەر مىراسخور قىلىنمايمىز (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە بالا ـ چاقىلىرى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكلىرىگە مىراسخور بولالمايدۇ). بىز قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈك سەدىقە بولىدۇ».

تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىنىدى: «بىز پەيغەمبەرلەر گۇرۇھى مىراسخور قىلىنمايمىز (يەنى بىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، بالا ـ چاقىلىرىمىز بىزگە مىراسخور بولالمايدۇ)».

بۇنىڭغا ئاساسەن، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿**(پەزلىڭدىن) ماڭا بىر (ياخشى) پەرزەنت ئاتا قىلغىن. ئۇ ماڭا ۋارىس بولغاي**﴾ دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىككە ۋارىس بولۇشنى تىلىگەنلىكى مەقسەت قىلىنىدۇ.

شۇڭا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ﴿**ۋە يەئقۇب ئەۋلادىغا ۋارىس بولغاي، پەرۋەردىگارىم! ئۇنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىدىغان قىلغىن»**﴾. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سۇلايمان (پەيغەمبەرلىكتە، ئىلىمدە، پادىشاھلىقتا ئاتىسى) داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى﴾[1].

ئەگەر مال-مۈلۈكتىكى مىراسخورلۇقنى كۆزدە تۇتقان بولسا، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام بالىسى يەھيانى ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئىچىدىن مىراسخورلۇققا تەيىنلىمەيتتى ۋە ئۇنىڭ مىراسخور بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بولمايتتى. چۈنكى، ھەممە دىنىدا بالىنىڭ دادىغا ۋارىسلىق قىلىشى مۇقەررەردۇر. ئەگەر ئۇ مىراسخورلۇق خۇسۇسىي مىراسخورلۇق (يەنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىككە بولىدىغان مىراسخورلۇق) بولمايدىغان بولسا، ئۇ مىراسخورلۇق توغرىسىدا خەۋەر بېرىلمەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىز پەيغەمبەرلەر گۇرۇھى مىراسخور قىلىنمايمىز، بىز قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكلەر سەدىقەدۇر» دېگەن سۆزى مىراسخورلۇقنىڭ (ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئەمەس بەلكى) پەيغەمبەرلىككە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

﴿**ئۇ ماڭا ۋارىس بولغاي ۋە يەئقۇب ئەۋلادىغا ۋارىس بولغاي**﴾ ﷲ تائالانىڭ بۇ سۆزى ھەققىدە مۇجاھىد مۇنداق دېدى: ئۇنىڭ مىراسخورلىقى (ئۇنىڭ) بىلىمگە قارىتىلغاندۇر. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىدىندۇر.

ھۇشەيم مۇنداق دېدى: بىز بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىسمائىل ئىبنى ئەبۇ خالىد ئەبۇ سالىھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق: يەھيا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى پەيغەمبەر بولغىنىدەك پەيغەمبەر بولىدۇ.

﴿**پەرۋەردىگارىم! ئۇنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىدىغان قىلغىن»**﴾ يەنى سەن ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنى دىنىدا ۋە ئەخلاقىدا سېنىڭ مەخلۇقاتلىرىڭنى ياخشى كۆرىدىغان قىلغىن.

*******

يَٰزَكَرِيَّآ إِنَّا نُبَشِّرُكَ بِغُلَٰمٍ ٱسْمُهُۥ يَحْيَىٰ لَمْ نَجْعَل لَّهُۥ مِن قَبْلُ سَمِيًّا ﴿٧﴾

(ﷲ ئېيتتىكى) «ئى زەكەرىيا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسىمداش قىلمىدۇق»﴿7﴾.

(1) نەمل سۈرىسى 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقى

(دۇئاسىدا تىلەنگەن) تىلەكلەر ئىجابەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلدى: ﴿**«ئى زەكەرىيا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۇ ۋاقىتتا (يەنى مەريەمنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن چاغدا) زەكەرىيا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشىتكۈچىسەن» دېدى. ئۇ ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ساڭا الله نىڭ كەلىمىسى (يەنى ئىسا) نى تەستىق قىلغۇچى، سەييىد، پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ» دەپ نىدا قىلدى﴾[1].

﴿**ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسىمداش قىلمىدۇق»**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە، ئىبنى جۇرەيج ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم يەھيا دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ باقمىغان ئىدى. ئىبنى جەرىر بۇ سۆزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

* * * * * * *

قَالَ رَبِّ أَنَّىٰ يَكُونُ لِي غُلَٰمٞ وَكَانَتِ ٱمۡرَأَتِي عَاقِرٗا وَقَدۡ بَلَغۡتُ مِنَ ٱلۡكِبَرِ عِتِيّٗا ﴿٨﴾ قَالَ
كَذَٰلِكَ قَالَ رَبُّكَ هُوَ عَلَيَّ هَيِّنٞ وَقَدۡ خَلَقۡتُكَ مِن قَبۡلُ وَلَمۡ تَكُ شَيۡـٔٗا ﴿٩﴾

زەكەرىيا ئېيتتى: «ئايالىم تۇغماس تۇرسا، مەن قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن تۇرسام، مېنىڭ قانداقمۇ ئوغلۇم بولسۇن؟» ﴿8﴾ (نىدا قىلغان پەرىشتە) ئېيتتى: «ئىش ئەنە شۇنداقتۇر، پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: بۇ مەن ئۈچۈن ئاساندۇر، سېنى مەن ياراتتىم، ھالبۇكى سەن بۇرۇن يوق ئىدىڭ (يەنى سېنى يوقتىن بار قىلغاندەك، يەھيانى ئىككىڭلاردىن تۆرەلدۈرۈشكە قادىرمەن)» ﴿9﴾.

## زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىغا ھەيران قالغانلىقى

بۇ، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىگەن دۇئاسى ئىجابەت قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا پەرزەنت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ۋاقىتتا، ھەيران قىلىپ ۋە قاتتىق خۇشاللىنىپ، ئايالىنىڭ ئۆمۈر بويى تۇغمىغان بىر تۇغماس ئايال تۇرۇقلۇق ۋە ئۆزىنىڭ تەنلىرى ئاجىزلاپ، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن قېلىپ قالغان، بىر ياشانغان كىشى تۇرۇقلۇق، قانداقىسىگە پەرزەنتلىك بولالايدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورىغانلىقىدۇر.

﴿**زەكەرىيا ئېيتتى: «ئايالىم تۇغماس تۇرسا، مەن قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن تۇرسام، مېنىڭ قانداقمۇ ئوغلۇم بولسۇن؟»**﴾ ئۇنىڭغا پەرىشتە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**«ئىش ئەنە شۇنداقتۇر،**

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 38 ـ 39 ـ ئايەتلەر.

**پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: بۇ مەن ئۈچۈن ئاساندۇر﴾**.

ئاندىن الله تائالا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ھەيران قالارلىق نەرسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿سېنى مەن ياراتتىم، ھالبۇكى سەن بۇرۇن يوق ئىدىڭ (يەنى سېنى يوقتىن بار قىلغاندەك، يەھيانى ئىككىڭلاردىن تۆرەلدۈرۈشكە قادىرمەن)»﴾**.
الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىنسان (ئانىسىنىڭ قورسىقىدا) بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزدى، ئۇ (ئەرزىمىگەنلىكتىن) تىلغا ئېلىنىدىغان نەرسە بولمىدى﴾[1].

* * * * * * *

قَالَ رَبِّ ٱجۡعَل لِّيٓ ءَايَةٗۚ قَالَ ءَايَتُكَ أَلَّا تُكَلِّمَ ٱلنَّاسَ ثَلَٰثَ لَيَالٖ سَوِيّٗا ١٠ فَخَرَجَ عَلَىٰ قَوۡمِهِۦ مِنَ ٱلۡمِحۡرَابِ فَأَوۡحَىٰٓ إِلَيۡهِمۡ أَن سَبِّحُواْ بُكۡرَةٗ وَعَشِيّٗا ١١

زەكەرىيا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! (ئايالىمنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا) ماڭا بىر ئالامەت قىلىپ بەرسەڭ». الله ئېيتتى: «سېنىڭ ئالامىتىڭ (شۇكى) ساق تۇرۇپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز كىشىلەرگە سۆز قىلالمايسەن»﴿10﴾. زەكەرىيا نامازگاھىدىن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشقا ئىشارەت قىلدى﴿11﴾.

## ھامىلدارلىقىنىڭ ئالامىتى

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى خەۋەر بەردى: **﴿«پەرۋەردىگارىم! (ئايالىمنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا) ماڭا بىر ئالامەت قىلىپ بەرسەڭ»﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ۋەھب، سۇددى، قەتادە ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: زەكەرىيا كېسەل بولماي تۇرۇپمۇ، (ئۇنىڭ) تىلى (گەپ قىلىشتىن) توختاپ قالدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دېدى: ئۇ ئوقۇيالايتتى، الله تائالاغا تەسبىھ ئېيتالايتتى. لېكىن، ئادەملىرىگە پەقەت ئىشارەت بىلەنلا سۆز قىلاتتى.

**﴿ئۈچ كېچە - كۈندۈز كىشىلەرگە سۆز قىلالمايسەن»﴾** ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى كىشىلەرگە تولۇق ئۈچ كېچە - كۈندۈز سۆز قىلالمايسەن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ: « پەرۋەردىگارىم! ماڭا (ئايالىمنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا) بىر نىشانە ئاتا قىلغىن» دېدى. الله : «ساڭا بولىدىغان نىشانە شۇكى، ئۈچ كۈنگىچە كىشىلەرگە سۆز قىلالمايسەن (يەنى زىكرى تەسبىھ ئېيتىشتىن باشقا سۆزگە تىلىڭ كەلمەيدۇ). پەقەت ئىشارەتلا قىلىسەن، (نېمىتىمگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) پەرۋەردىگارىڭنى كۆپ ياد ئەت، كەچتە، ئەتىگەندە

(1) ئىنسان سۈرىسى 1 - ئايەت.

تەسبىھ ئېيت» دېدى﴾[1] بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئىچىدە كىشىلەرگە ئىشارەت قىلغاندىن باشقا سۆز قىلمىغانلىقىنىڭ پاكىتىدۇر.

﴿**زەكەرىيا نامازگاھىدىن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشقا ئىشارەت قىلدى**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: يەنى ئۇ (ئۇلارغا) ئىشارەت قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ۋەھب ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

*******

يَٰيَحۡيَىٰ خُذِ ٱلۡكِتَٰبَ بِقُوَّةٖۖ وَءَاتَيۡنَٰهُ ٱلۡحُكۡمَ صَبِيّٗا ﴿١٢﴾ وَحَنَانٗا مِّن لَّدُنَّا وَزَكَوٰةٗۖ وَكَانَ تَقِيّٗا ﴿١٣﴾
وَبَرَّۢا بِوَٰلِدَيۡهِ وَلَمۡ يَكُن جَبَّارًا عَصِيّٗا ﴿١٤﴾ وَسَلَٰمٌ عَلَيۡهِ يَوۡمَ وُلِدَ وَيَوۡمَ يَمُوتُ وَيَوۡمَ يُبۡعَثُ حَيّٗا ﴿١٥﴾

(يەھيا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندا ئۇنىڭغا) «ئى يەھيا! كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) تىرىشىپ ئوقۇغىن» (دېدۇق). ئۇنىڭغا باللىق چېغىدىلا ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلدۇق﴿12﴾. بىز ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىش ۋە ئۇنى (ناچار خىسلەتلەردىن) پاك قىلىش يۈزىسىدىن (شۇنداق قىلدۇق)، يەھيا تەقۋادار ئىدى﴿13﴾. ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈمچان (قىلدۇق)، ئۇ مۇتەكەببىر (يەنى ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقۇچى)، (پەرۋەردىگارىغا) ئاسىيلىق قىلغۇچى بولمىدى﴿14﴾. ئۇ تۇغۇلغان كۈندە، ۋاپات بولغان كۈندە، تىرىلىپ (قەبرىدىن) تۇرغۇزۇلغان كۈندە (الله تائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىدۇ﴿15﴾.

## بالىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى

خۇش بېشارەت بېرىلگەن بۇ بالا دۇنياغا كۆز ئاچتى، ئۇ بولسىمۇ يەھيا ئەلەيھىسسالام ئىدى. الله تائالا ئۇنىڭغا يەھۇدىيلار ئۆز ئارىسىدا ئۆگىنىۋاتقان ۋە الله تائالانىڭ ھۆكمىگە بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر، يەھۇدىيلارنىڭ زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرى يەھۇدىيلار ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىدىغان تەۋراتنى بىلدۈردى. ئۇ چاغدا ئۇ تېخى كىچىك ئىدى. شۇڭا الله تائالا ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بېرىلگەن ئىنئامنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**(يەھيا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندا ئۇنىڭغا) «ئى يەھيا! كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) تىرىشىپ ئوقۇغىن» (دېدۇق)**﴾.

﴿**ئۇنىڭغا باللىق چېغىدىلا ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلدۇق**﴾ يەنى بىز ئۇنىڭغا باللىق چېغىدىلا چۈشەنچە، بىلىم، ئىرادە، ياخشىلىققا يۈزلىنىش ۋە تىرىشچانلىقنى ئاتا قىلدۇق.

﴿**بىز ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىش ۋە ئۇنى (ناچار خىسلەتلەردىن) پاك قىلىش يۈزىسىدىن (شۇنداق قىلدۇق)**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئۇنى (ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا) بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بىر رەھمەت قىلدۇق. ئىكرىمە، قەتادە ۋە زەھھاك قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. زەھھاك يۇقىرىدىكى سۆزگە: بىزدىن باشقا بىرسى قادىر بولالمايدىغان، ـ دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويىدى.

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 41 ـ ئايەت

قەتادە: الله تائالا ئۇ رەھمەت بىلەن زەكەرىياغا رەھمەت قىلسۇن! ـ دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى. مۇجاھىد: (بىز ئۇنى) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلدۇق، ـ دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

ئايەتنىڭ باش ـ ئايىغىدىن چىقىدىغان مەنىسى شۇكى، الله تائالانىڭ: **﴿بىز ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىش ۋە ئۇنى (ناچار خىسلەتلەردىن) پاك قىلىش يۈزىسىدىن (شۇنداق قىلدۇق)﴾** دېگەن ئايىتى ئۇنىڭ: **﴿يەھيا تەقۋادار ئىدى﴾** دېگەن ئايىتىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. (ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ) يەنى بىز ئۇنىڭغا بالىلىق چېغىدىلا چوڭلارچە ۋە بىلىم ئاتا قىلدۇق. شۇنداقلا ئۇنى (دىلى يۇمشاق) مېھرىبان قىلدۇق.

ئەۋفي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى (بىز ئۇنى) بەرىكەتلىك قىلدۇق.

**﴿يەھيا تەقۋادار ئىدى﴾** يەنى ئۇ بىر گۇناھ قىلىشنى ئويلىمايدىغان، پاك، تەقۋادار ئىدى.

**﴿ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈمچان (قىلدۇق)، ئۇ مۇتەكەببىر (يەنى ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقۇچى)، (پەرۋەردىگارىغا) ئاسىيلىق قىلغۇچى بولمىدى﴾** الله تائالا يۇقىرىدا يەھيانىڭ ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىغا بويسۇندىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مېھرىبان ۋە پاك ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدى. بۇ يەردە يەنە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بويسۇنىدىغان، ياخشىلىق قىلىدىغان، سۆز ياكى ھەرىكەتتە (ئۇلارنىڭ) بۇيرۇغان ئىشى ياكى توسقان ئىشىدا (ئۇئىككىسىگە) ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىدىغان قىلىپ ئۆستۈرگەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلتۈردى.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿(پەرۋەردىگارىغا) ئاسىيلىق قىلغۇچى بولمىدى﴾** الله تائالا ئۇنىڭدىكى بۇ ياخشى خۇلۇقلارنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار ھەققىدە مۇنداق دېدى: **﴿ئۇ تۇغۇلغان كۈنىدە، ۋاپات بولغان كۈنىدە، تىرىلىپ (قەبرىدىن) تۇرغۇزۇلغان كۈنىدە (الله تائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىدۇ﴾** يەنى ئۇنىڭغا مۇشۇ ئۈچ ئەھۋالدا خاتىرجەملىك بار.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دېدى: ئىنسان مۇنداق ئۈچ ئىشتىن بەك قورقىدۇ: بىرىنچى، تۇغۇلغان كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئورنىدىن باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرگىنىدە قورقىدۇ. ئىككىنچى، ئۆلگەن كۈنى ئۇ بۇرۇن كۆرمىگەن كىشىلەرنى كۆرگەندە قورقىدۇ. ئۈچىنچى: قەبرىدىن تىرىلىپ تۇرغان كۈنى، ئۇ ئۆزىنى كاتتا بىر يىغىلىشتا كۆرگەندە قورقىدۇ. الله تائالا يەھياغا بۇ ئۈچ ئورۇندا مەرھەمەت قىلىپ، ئۇنى (بۇ ئورۇنلاردا) خاتىرجەم قىلىدىغانلىقىغا خۇش بېشارەت بەردى.

* * * * * * *

وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ مَرۡيَمَ إِذِ ٱنتَبَذَتۡ مِنۡ أَهۡلِهَا مَكَانٗا شَرۡقِيّٗا ﴿١٦﴾ فَٱتَّخَذَتۡ مِن دُونِهِمۡ حِجَابٗا فَأَرۡسَلۡنَآ
إِلَيۡهَا رُوحَنَا فَتَمَثَّلَ لَهَا بَشَرٗا سَوِيّٗا ﴿١٧﴾ قَالَتۡ إِنِّيٓ أَعُوذُ بِٱلرَّحۡمَٰنِ مِنكَ إِن كُنتَ تَقِيّٗا ﴿١٨﴾ قَالَ إِنَّمَآ أَنَا۠ رَسُولُ
رَبِّكِ لِأَهَبَ لَكِ غُلَٰمٗا زَكِيّٗا ﴿١٩﴾ قَالَتۡ أَنَّىٰ يَكُونُ لِي غُلَٰمٞ وَلَمۡ يَمۡسَسۡنِي بَشَرٞ وَلَمۡ أَكُ بَغِيّٗا ﴿٢٠﴾ قَالَ
كَذَٰلِكِ قَالَ رَبُّكِ هُوَ عَلَيَّ هَيِّنٞۖ وَلِنَجۡعَلَهُۥٓ ءَايَةٗ لِّلنَّاسِ وَرَحۡمَةٗ مِّنَّاۚ وَكَانَ أَمۡرٗا مَّقۡضِيّٗا ﴿٢١﴾

(ئۇلارغا) قۇرئاندا مەريەم (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئەينى زاماندا ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ شەرق تەرەپتىكى بىر جايغا باردى ﴿16﴾. ئۇ پەردە تارتىپ كىشىلەردىن يوشۇرۇندى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ روھىمىزنى (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتۇق، ئۇ مەريەمگە بىجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى ﴿17﴾. مەريەم ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك الله غا سېغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن تەقۋادار بولساڭ (ماڭا چېقىلمىغىن)» ﴿18﴾. جىبرىئىل ئېيتتى: «مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسىمەن» ﴿19﴾. مەريەم ئېيتتى: «ماڭا كىشى يېقىنلاشمىغان تۇرسا، مەن پاھىشە قىلمىغان تۇرسام، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغۇل بالام بولسۇن؟» ﴿20﴾ جىبرىئىل ئېيتتى: «ئەمەلىيەت سەن دېگەندەكتۇر، (لېكىن پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: ئۇ ماڭا ئاساندۇر. ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلدۇق، بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر» ﴿21﴾.

## ھەزرىتى مەريەم ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

الله تائالا (يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە) زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ۋە ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان ئايالى تۇغماس بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن پاكىزە ۋە بەرىكەتلىك بىر بالىنى (دۇنياغا) كەلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپلا ھەزرىتى مەريەمنىڭ بالىسى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭدىن دادىسىز ياراتقانلىقىنى بايان قىلدى. بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، بۇ ئىككى قىسسىدە ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە ئوخشاشلىق باردۇر. شۇڭا الله تائالا بۇ ئىككى قىسسىنى ئال ئىمران سۈرىسىدە ۋە بۇ يەردە بايان قىلدى. الله تائالا بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى، كۈچىنىڭ كاتتىلىقىنى ۋە خالىغان ئىشنى قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ھەم بۇ ئىككى قىسسە مەزمۇن جەھەتتە ئۆزئارا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىككى قىسسىنى ئەنبىيا سۈرىسىدە يەنە بىر قېتىم بايان قىلىپ كەلتۈرىدۇ.

الله تائالا (بۇ قىسسىنى بۇ يەردە بايان قىلىپ) مۇنداق دېدى: ﴿**(ئۇلارغا) قۇرئاندا مەريەم (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن**﴾ ئۇ بولسا، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغان ئىمراننىڭ قىزى مەريەمدۇر. ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى ھەممە جەھەتتىن پاك بولغان بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. الله تائالا مەريەمنىڭ ئانىسىنىڭ ئۇنى تۇغقانلىقىغا ئائىت قىسسىنى ئال ئىمران سۈرىسىدە بايان قىلغان ئىدى. مەريەمنىڭ ئانىسى مەريەمنى بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن نەزىر قىلغان ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشى بىلەن (الله تائالاغا) يېقىنلىشىشنىلا ئىستىگەن ئىدى.

مەريەم ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئېسىل چوڭ بولدى. ئۇ ئىبادەت ۋە زاھىتلىق بىلەن تونۇلغان ئاياللارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ شۇ چاغدىكى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي ئىشلاردىكى كاتتىسى بولغان، بىر تۇغقىنىنىڭ (ھاما ئاچىسى دېگۈچىلەرمۇ بار) ئېرى بولغان زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىمايىسىدە ئىدى. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان چوڭ كارامەتلەرنى كۆردى.

الله تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنى پەرۋەردىگارى چىرايلىقچە قوبۇل قىلدى، ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى، ئۇنىڭغا زەكەرىيانى كېپىل قىلدى (يەنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا زەكەرىيانى قويدى). زەكەرىيا ھەر قېتىم (ئۇنىڭ) ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر

يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى. ئۇ: «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى، مەريەم: «بۇ **الله** تەرىپىدىن كەلدى» دەيتتى. **الله** ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمگە (جاپا مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ﴾[1]. ئال ئىمران سۈرىسىدە بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام مەريەمنىڭ قېشىدا يازدا قىشنىڭ، قىشتا يازنىڭ مېۋىسى تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى.

**الله** تائالا بىر ھېكمەتنىڭ سەۋەبىدىن مەريەمدىن بەندىسى ۋە ئىرادىلىك، كاتتا بەش پەيغەمبەرنىڭ بىرى بولغان ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ئىرادە قىلغاندا، ھەزرىتى مەريەم ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر ئورۇنغا بېرىپ (شۇ يەردە) تۇردى.

**﴿ئەينى زاماندا ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ شەرق تەرەپتىكى بىر جايغا باردى﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: خرىستىئانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شەرق تەرەپنى (ئۆزلىرىنىڭ) قىبلىسى قىلىۋالغانلىقىنى (باشقىلارغا قارىغاندا) مەن ھەقىقەتەن ياخشى بىلىمەن. ئۇلار **الله** تائالانىڭ: **﴿ئەينى زاماندا ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ شەرق تەرەپتىكى بىر جايغا باردى﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ سەۋەبىدىن شۇنداق قىلدى. يەنى ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان يېرىنى ئۆزلىرىنىڭ قىبلىسى قىلىۋالدى.

**﴿ئۇ پەردە تارتىپ كىشىلەردىن يوشۇرۇندى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ روھىمىزنى (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتۇق، ئۇ مەريەمگە بىجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد، زەھھاك، قەتادە، ئىبنى جۇرەيج، ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ ۋە سۇددى قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: ھەزرىتى مەريەمنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلگىنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر.

ھەزرىتى مەريەم ئۆزى يالغۇز بىر ئورۇندا ئادەم سۈرىتىگە ئايلانغان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ بىر يامان نىيىتى بار ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىپ ئۇنىڭدىن قورقۇپ مۇنداق دېدى: **﴿«مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك الله غا سېغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن تەقۋادار بولساڭ (ماڭا چېقىلمىغىن)»﴾**.

ئىبنى جەرىر ئاسىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇۋائىل ھەزرىتى مەريەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ، مەريەم: **﴿«مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك الله غا سېغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن تەقۋادار بولساڭ (ماڭا چېقىلمىغىن)»﴾** دېسە، تەقۋادار كىشى ئەقىل ـ ھوشىنى تېپىۋالىدۇ دەپ بىلدى، ـ دېدى.

**﴿جىبرىئىل ئېيتتى: «مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسىمەن»﴾** يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا (ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى قورقۇنچنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن): مەن سەن گۇمان قىلغان يامان كىشىلەردىن ئەمەسمەن، بەلكى مەن **الله** تائالانىڭ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسىدۇرمەن، ـ دېدى.

ھەزرىتى مەريەم: ”ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك **الله** تائالاغا سېغىنىپ“ دەپ **الله** تائالانى تىلغا ئالغان ۋاقىتتا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تىترەپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ (ئەسلى) شەكلىگە قايتتى ۋە: **﴿«مەن ساڭا بىر پاك**

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 37 ـ ئايەت.

**ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسىمەن»﴾** دەپ كەتتى، ـ دەپ بايان قىلىندى.

ئاندىن ھەزرىتى مەريەم بۇ ئىشتىن ھەيران قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿«ماڭا كىشى يېقىنلاشمىغان تۇرسا، مەن پاھىشە قىلمىغان تۇرسام، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغۇل بالام بولسۇن؟»﴾**

**﴿جىبرىئىل ئېيتتى: «ئەمەلىيەت سەن دېگەندەكتۇر، (لېكىن پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: ئۇ ماڭا ئاساندۇر. ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلدۇق، بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر»﴾** يەنى ھەقىقەتەن **الله** تائالا مۇنداق دېدى: سېنىڭ ئېرىڭ بولمىسىمۇ ۋە سەندىن پاھىشىگە ئوخشاش يامان ئىش كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، **الله** تائالا (شەكسىز) سەندىن بىر بالىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. ھەقىقەتەن ئۇ خالىغاننى قىلىشقا قۇدرىتى يەتكۈچىدۇر. بىز ئۇنى كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەت ۋە دەلىل قىلىمىز. **الله** تائالا ئۇلارنىڭ دادىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئەر ۋە ئايالسىز ياراتتى، ھاۋانى ئايالسىز ئەردىنلا ياراتتى ۋە ئىسادىن باشقا (ئادەمنىڭ) قالغان بالىلىرى (يەنى كىشىلەرنى) ئەر بىلەن ئايالدىن ياراتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئەرسىز ئايالدىنلا ياراتتى شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا قۇدرىتىنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرسىتىدىغان تۆت خىل يارىتىش تولۇقلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق بىر زات ۋە پەرۋەردىگار يوق. بىز ئۇ بالىنى **الله** تائالا تەرىپىدىن بولغان بىر رەھمەت قىلىمىز. يەنى **الله** تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئۇنى بىر دەپ بىلىدىغان ئەقىدىگە چاقىرىدىغان پەيغەمبەر قىلىمىز.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! **الله** ساڭا (ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز) **الله** نىڭ بىر كەلىمىسى (دىن تۆرەلگەن بىر بوۋاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرويلۇق ۋە **الله** غا يېقىنلاردىن بولىدۇ. ئۇ بۆشۈكتىمۇ (يەنى بوۋاقلىق چېغىدىمۇ)، ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى) سۆزلەيدۇ ۋە (تەقۋادارلىقتا كامىل) ياخشى ئادەملەردىن بولىدۇ»﴾[1].

**﴿بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر»﴾** بۇ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى مەريەمگە قىلغان ئاخىرقى سۆزىدۇر. جىبرىئىل ئۇنىڭغا بۇنىڭ **الله** تائالانىڭ تەقدىرىدە بېكىتىلىپ بولغان ئىش ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن **الله** تائالا ئۇنى شۇنداق يارىتىشنى ئىرادە قىلدى، ئۇنىڭ يارىتىلىشى چوقۇمدۇر.

* * * * * * *

﴿ فَحَمَلَتْهُ فَٱنتَبَذَتْ بِهِۦ مَكَانًا قَصِيًّا ﴿٢٢﴾ فَأَجَآءَهَا ٱلْمَخَاضُ إِلَىٰ جِذْعِ ٱلنَّخْلَةِ قَالَتْ يَٰلَيْتَنِى مِتُّ قَبْلَ هَٰذَا وَكُنتُ نَسْيًا مَّنسِيًّا ﴿٢٣﴾

مەريەم ھامىلدار بولدى، (ئائىلىسىدىن) يىراق بىر جايغا كەتتى﴿22﴾. تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنى (يۆلىنىۋېلىش ئۈچۈن) بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەريەم ئېيتتى: «كاشكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ! كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن (ئەرزىمەس) نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسەمچۇ!»﴿23﴾

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 45 ـ 46 ـ ئايەتلەر.

## ھەزرىتى مەريەمنىڭ ھامىلدار بولۇپ، ئاندىن تۇغقانلىقى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى مەريەمگە ﷲ تائالانىڭ دېگەن سۆزلىرىنى يەتكۈزگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ﷲ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنغانلىقىنى خەۋەر بەردى. كۆپلىگەن سەلەپ ئالىملىرى مۇنداق دەپ بايان قىلدى: ئۇ ۋاقىتتا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن پۈۋلىدى، پۈۋلەنگەن روھ چۈشۈپ، ئۇنىڭ بالا ياتقۇسىغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ﷲ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ھامىلدار بولدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېدى: ئۇ ھامىلدار بولغاندا، ئۇنىڭدىن ھەيز توختىدى ۋە قۇسىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئادەتتە ھامىلدار ئاياللاردا بولىدىغان ئالامەتلەرگە ئوخشاش ئۆزىنى ھارغىن ھېس قىلىدىغان بولدى ۋە سېرىنىك بولۇپ قالدى. ھەمدە رەڭگىرويى ئۆزگىرىپ ھەتتا تىلى يېرىلىپ كەتتى. زەكەرىيانىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن بۇ ئىش باشقا بىر ئائىلىگە كېلىپ باقمىغان ئىدى. ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدە: ئۇنىڭ بىلەن يۈسۈف دېگەن كىشىنىڭ چاتىقى بار، چېركاۋدا ئۇ كىشىدىن باشقا بىرسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمىغان دېگەن گەپ - سۆزلەر تاراپ كەتتى. ئۇ پەردە تارتىپ كىشىلەردىن يوشۇرۇندى، ھېچكىم ئۇنى كۆرمىدى، ئۇمۇ ھېچكىمنى كۆرمىدى.

﴿**تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنى (يۆلىنىۋېلىش ئۈچۈن) بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى**﴾ يەنى تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنى ئۇ كىشىلەردىن يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يەردىكى بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئالىملار ئۇ ئورۇننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى.

سۇددى: ئۇ ئورۇن بەيتۇل مۇقەددەستىكى ناماز ئوقۇيدىغان يەرنىڭ شەرق تەرىپىدە ئىدى، - دېدى. ۋەھب ئىبنى مۇنەببە: ئۇ ئەسلىدە قېچىپ ماڭغان ئىدى، ئۇ شام بىلەن مىسىرنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر يەرگە كەلگەن ۋاقىتتا ئۇنى تولغاق تۇتتى، - دېدى. ۋەھب يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ ئورۇن بەيتۇل مۇقەددەستىن 8 مىل يىراقلىقتىكى بەيتۇللەھمى دەيدىغان بىر كەنتتە ئىدى، - دېدى.

نەسەئىنىڭ، ئەنەستىن ۋە بەيھەقى شادداد ئىبنى ئەۋستىن ئىسرا توغرىسىدا رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىدە ئۇ ئورۇننىڭ بەيتۇلەھمى دېگەن (كەنتتە) ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. بۇنىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن قوبۇل قىلىپ كەلگەن مەشھۇر پاكىتىنىڭ بىرسىدۇر. ھەتتا خرىستىئانلارمۇ بۇ ئورۇننىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكىدە شەك قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسمۇ بار.

﴿**مەريەم ئېيتتى: «كاشكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ! كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن (ئەرزىمەس) نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسەمچۇ!»**﴾ بۇ ئايەتتە پىتنە - پاساتقا چۈشۈپ قالغاندا، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە پاكىت بار. كىشىلەرنىڭ ئىشنى توغرا چۈشەنمەيدىغانلىقى، ئۆز - ئۆزىنى ئاقلاپ دېگەن سۆزلىرىگە ھېچكىمنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بۇ بالا بىلەن سىنىلىدىغانلىقىنى شەكسىز تونۇپ يەتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىبادەت قىلغۇچى تەقۋادار ئايال دەپ تونۇلۇپ بولغان ئىدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ گۇمانىچە يامان ئىش قىلىدىغان پاھىشە ئايالغا ئايلىنىپ قالىدىغان بولدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: يەنى مەن

يارىتىلمىغان ۋە ئەڭ ئاددىي بىر نەرسمۇ بولمىغان بولسامچۇ!

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: يەنى مەن كىشىلەر تەرىپىدىن تونۇلمايدىغان ۋە ئېغىزغا ئېلىنىپ باقمىغان بىر نەرسە بولۇپ قالسامچۇ ۋە مېنىڭ كىملىكىمنى ھېچكىم بىلمىگەن بولسىچۇ!

* * * * * * *

فَنَادَىٰهَا مِن تَحۡتِهَآ أَلَّا تَحۡزَنِي قَدۡ جَعَلَ رَبُّكِ تَحۡتَكِ سَرِيّٗا ﴿٢٤﴾ وَهُزِّيٓ إِلَيۡكِ بِجِذۡعِ ٱلنَّخۡلَةِ تُسَٰقِطۡ عَلَيۡكِ رُطَبٗا
جَنِيّٗا ﴿٢٥﴾ فَكُلِي وَٱشۡرَبِي وَقَرِّي عَيۡنٗاۖ فَإِمَّا تَرَيِنَّ مِنَ ٱلۡبَشَرِ أَحَدٗا فَقُولِيٓ إِنِّي نَذَرۡتُ لِلرَّحۡمَٰنِ صَوۡمٗا فَلَنۡ أُكَلِّمَ
ٱلۡيَوۡمَ إِنسِيّٗا ﴿٢٦﴾

جىبرىئىل ئۇنىڭغا خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن نىدا قىلدى: «غەم قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئېقىپ تۇرىدىغان) بىر ئېرىقنى پەيدا قىلدى﴿24﴾. خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ﴿25﴾. (بۇ شېرىن خورمىدىن) يېگىن، (بۇ تاتلىق سۇدىن) ئىچكىن ۋە خۇرسەن بولغىن، بىرەر ئادەمنى كۆرسەڭ (ئۇ بالا توغرۇلۇق سورىسا): مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك اللہ غا ۋەدە بەردىم، بۈگۈن ھېچ ئادەمگە سۆز قىلمايمەن، دېگىن»﴿26﴾.

## بالا تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ھەزرىتى مەريەمگە دېيىلگەن سۆز

**﴿جىبرىئىل ئۇنىڭغا خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن نىدا قىلدى﴾** تەپسىرشۇناس ئالىملار خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن چاقىرغان كىشىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئەۋفىي ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: (ئۇ كىشى) جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىدى، مەريەم ئىسانى تاكى ئادەملىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەنگە قەدەر، ئىسا ھېچ قانداق گەپ قىلمىغان، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك سەئىد ئىبنى جۇبەير، زەھھاك، ئەمرى ئىبنى مەيمۇن، سۇددى ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ: (چاقىرغان ئۇ كىشى) جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ ئۇنى جىلغىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدىن چاقىردى، ـ دېدى.

مۇجاھىد: (چاقىرغان كىشى) مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا، ـ دېدى. سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى: شەكسىز ئۇ (يەنى چاقىرغان ئۇ كىشى) ئۇنىڭ ئوغلى (ئىسادۇر). سەن اللہ تائالانىڭ: ﴿مەريەم بوۋاقنى كۆرسەتتى﴾[1] دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئىبنى زەيد ۋە ئىبنى جەرىر بۇنى توغرا پىكىر دەپ قارىدى.

**﴿«غەم قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئېقىپ تۇرىدىغان) بىر ئېرىقنى پەيدا قىلدى﴾** سۇفيان سەۋرى ۋە شەئبى قاتارلىقلار ئىبنى ئازىبنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن بىر ئېرىقنى پەيدا قىلدى. ئەلى ئىبنى

(1) مەريەم سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئەمرى ئىبنى مەيمۇن بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: مەريەم ئۇچۇن سۇ ئىچىدىغان بىر ئېرىقنى پەيدا قىلدى. مۇجاھىد ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەيرلەرمۇ شۇنداق دېدى.

باشقىلار مۇنداق دېدى: الله تائالا مەريەمنىڭ ئاستىغا پەيدا قىلغان ئېرىق ئادەتتىكى ئېرىق ئەمەس، بەلكى ئىسا ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلغاندۇر، ــ دېدى. بۇنداق دېگۈچىلەر ھەسەن، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، مۇھەممەد ئىبنى ئۇبباد ئىبنى جەئفەر، قەتادە ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم قاتارلىقلاردۇر.

الله تائالا ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئاستىغا پەيدا قىلغان ئېرىق ئادەتتىكى ئېرىقتۇر دېگەن سۆز كۈچلۈك بولۇپ، شۇڭا الله تائالا ئۇ ئايەتنىڭ كەينىدىن مۇنداق دېدى: **﴿خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ. (بۇ شېرىن خورمىدىن) يېگىن، (بۇ تاتلىق سۇدىن) ئىچكىن ۋە خۇرسەن بولغىن﴾** شۇڭا ئەمرى ئىبنى مەيمۇن: نىپاسدار ئاياللارغا يېڭى پىشقان خورمىدىن پايدىلىق نەرسە يوق دەپ، بۇ ئايەتنى ئوقۇدى.

**﴿بىرەر ئادەمنى كۆرسەڭ (ئۇ بالا توغرۇلۇق سورىسا): مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك الله غا ۋەدە بەردىم، بۈگۈن ھېچ ئادەمگە سۆز قىلمايمەن، دېگىن»﴾** بۇ ئايەتتىكى: "سۆز قىلمايمەن دېگىن" دېگەن سۆزدىن پەقەت ئىشارەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلغاندۇر[1].

ئەنەس ئىبنى مالىك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: يەنى مەن (ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك الله تائالاغا) سۆز قىلماي جىم تۇرۇشقا ۋەدە بەردىم. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە زەھھاك قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنىڭغا ئوخشاش دېدى. ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدە روزا تۇتقانلارغا تاماق يېيىش ۋە سۇ ئىچىش هارامدۇر.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد مۇنداق دېدى: ئىسا ئەلەيھىسسالام ئانىسى ھەزرىتى مەريەمگە: **﴿غەم قىلمىغىن﴾** دېگەندە، مەريەم مۇنداق دېدى: مەن يا كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىشلەيدىغان چۆرە بولمىسام، سەن مېنىڭ قېشىمدا بولغاچقا، مەن قانداق غەم قىلماي تۇرالايمەن؟ مېنىڭ ئېرىم بولسا، كىشىلەر بۇ بالىنى ئېرىدىن تۇغدى، دەيتتى ياكى مەن كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىشلەيدىغان چۆرە بولغان بولسام كىشىلەر بۇ بالىنى ئۆزىنىڭ خوجايىنىدىن تۇغدى، ــ دەيتتى. مەندە بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرىمۇ بولماي (سېنى تۇغقاچقا) قانداقمۇ غەم قىلماي تۇرالايمەن؟ مەن كىشىلەرگە (بۇ ئىشنى) قانداق چۈشەندۈرىمەن؟ **﴿«كاشكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ! كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن (ئەرزىمەس) نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسەمچۇ!»﴾**

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: كىشىلەرگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى ماڭا قويغىن، مەن (ئۇلارغا) سېنىڭ ئورنۇڭدا جاۋاب بېرىمەن دەپ، ئانىسىغا: **﴿بىرەر ئادەمنى كۆرسەڭ (ئۇ بالا توغرۇلۇق سورىسا): مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك الله غا ۋەدە بەردىم، بۈگۈن ھېچ ئادەمگە سۆز قىلمايمەن، دېگىن»﴾** دېدى. ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد: بۇ سۆزلەرنى ھەزرىتى مەريەمگە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئەمەس، بەلكى ئىسا ئەلەيھىسسالام قىلغان، ــ دېدى. بۇ ھەقتە ۋەھبىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

(1) يەنى ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى: مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك الله تائالاغا ۋەدە بەردىم، بۈگۈن ھېچ ئادەمگە سۆز قىلمايمەن دەپ ئىشارەت قىلغىن! ــ دېگەنلىك بولىدۇ.

*******

فَأَتَتْ بِهِۦ قَوْمَهَا تَحْمِلُهُۥ ۖ قَالُوا۟ يَٰمَرْيَمُ لَقَدْ جِئْتِ شَيْـًٔا فَرِيًّا ﴿٢٧﴾ يَٰٓأُخْتَ هَٰرُونَ مَا كَانَ أَبُوكِ ٱمْرَأَ سَوْءٍ
وَمَا كَانَتْ أُمُّكِ بَغِيًّا ﴿٢٨﴾ فَأَشَارَتْ إِلَيْهِ ۖ قَالُوا۟ كَيْفَ نُكَلِّمُ مَن كَانَ فِى ٱلْمَهْدِ صَبِيًّا ﴿٢٩﴾ قَالَ إِنِّى عَبْدُ ٱللَّهِ ءَاتَىٰنِىَ
ٱلْكِتَٰبَ وَجَعَلَنِى نَبِيًّا ﴿٣٠﴾ وَجَعَلَنِى مُبَارَكًا أَيْنَ مَا كُنتُ وَأَوْصَٰنِى بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱلزَّكَوٰةِ مَا دُمْتُ حَيًّا ﴿٣١﴾
وَبَرًّۢا بِوَٰلِدَتِى وَلَمْ يَجْعَلْنِى جَبَّارًا شَقِيًّا ﴿٣٢﴾ وَٱلسَّلَٰمُ عَلَىَّ يَوْمَ وُلِدتُّ وَيَوْمَ أَمُوتُ وَيَوْمَ أُبْعَثُ حَيًّا ﴿٣٣﴾

مەريەم بوۋاقنى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى) كۆتۈرۈپ قەۋمىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇلار ئېيتتى: «ئى مەريەم! سەن ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش قىلدىڭ﴿27﴾. ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان خوتۇن ئەمەس ئىدى»﴿28﴾. مەريەم بوۋاقنى كۆرسەتتى، ئۇلار: «بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق سۆزلەيمىز» دېدى﴿29﴾. بوۋاق ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن الله نىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى بەردى (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ)﴿30﴾. قەيەردە بولماي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى﴿31﴾. مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر، شەقى قىلمىدى﴿32﴾. مەن تۇغۇلغان كۈنۈمدە، ۋاپات بولغان كۈنۈمدە، تىرىلىپ قەبرەمدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنۈمدە (الله تائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىمەن»﴿33﴾.

## ھەزرىتى مەريەم ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كۆتۈرۈپ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۇنى ئەيىبلىگەنلىكى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا رەددىيە بەرگەنلىكى

مۇجاھىد، قەتادە، سۇددى ۋە باشقىلار مۇنداق دېدى: الله تائالا بۇ ئايەتتە ھەزرىتى مەريەمنىڭ ھېچبىر كىشىگە سۆز قىلماي، جىم تۇرۇشقا بۇيرۇلغان ۋاقتىدىكى ئەھۋالىدىن خەۋەر بەردى. الله تائالا ئۇنىڭ ئىشىغا ئۆزىنىڭ كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى دېدى. ئۇ الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇندى. ئۇ بالىسىنى كۆتۈرۈپ كىشىلەرنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلار ئۇنىڭ بالا كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قىلمىشىنى (يەنى ئەرسىز تۇرۇپ تۇغقانلىقىنى) قاتتىق ئەيىبلەپ: ﴿**«ئى مەريەم! سەن ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش قىلدىڭ**﴾ دېدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم نەۋق بۇكالىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر مەريەمنى ئىزدەپ چىقتى، ئۇ پەيغەمبەر ۋە شەرەپلىك ئائىلىدىن ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن ھېچقانداق بىر نەرسىنى سەزمىگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلار كالا باقىدىغان بىر پادىچىغا ئۇچراپ ئۇنىڭدىن: مۇنداق، مۇنداق سۈپەتلىك بىر قىزنى كۆردۈڭمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ: ياق، لېكىن مەن كېچىدىن باشلاپ كالامدىن بۇرۇن پەقەت كۆرۈپ باقمىغان بىر ئىشنى كۆردۈم، - دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار: نېمىنى كۆردۈڭ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ: مەن كېچىدىن باشلاپ كالامنىڭ مۇشۇ جىلغا تەرەپكە قاراپ سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، - دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇزىياد مۇنداق دېدى: مەن سايىيار دېگەن كىشىدىن كالا باقىدىغان پادىچىنىڭ: ئۆرلىگەن بىر نۇرنى كۆرگەن ئىدىم، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئاندىن ئۇلار كالا سەجدە قىلغان ياكى نۇر ئۆرلىگەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. (يولدا) مەريەم ئۇلارغا ئۇچرىدى، ئۇ ئۇلارنى كۆرۈپ بالىسىنى قۇچىقىدا تۇتۇپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۇلار (ئۇنىڭ قېشىغا) كېلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇشۇپ مۇنداق دېدى: ﴿«ئى مەريەم! سەن ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش قىلدىڭ﴾.

﴿ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى!﴾ يەنى: ئى ئىبادەت قىلىشتا ھارۇنغا ئوخشىشىپ كەتكۈچى (مەريەم)!: ﴿سېنىڭ ئاتاڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان خوتۇن ئەمەس ئىدى»﴾ يەنى سەن تەقۋادارلىق، ئىبادەت ۋە زاھىتلىق بىلەن تونۇلغان ئائىلىدىن تۇرساڭ، بۇ ئىش قانداق بولۇپ سەندىن سادىر بولدى؟!

﴿ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى!﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ۋە سۇددى مۇنداق دېدى: بۇ ھارۇن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشى (ھارۇن ئەلەيھىسسالام) دۇر. مەريەم ئۇنىڭ نەسلىدىن ئىدى.

ھارۇن (مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشى) ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەقۋادار بىر كىشىنىڭ ئىسمى، مەريەم ئىبادەت قىلىش ۋە تەقۋادارلىقتا ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتەتتى، (شۇڭا مەريەم ئۇ كىشىگە) نىسبەت بېرىلىپ: ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى دەپ چاقىرىلاتتى، ـ دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار.

﴿مەريەم بوۋاقنى كۆرسەتتى، ئۇلار: «بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق سۆزلەيمىز» دېدى﴾ يەنى ئۇلار ئۇنىڭ ئىشىدا شەكلىنىپ، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىماقچى بولۇپ يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى دېگەندە، (دەل شۇ كۈن ئۇنىڭ ھېچكىمگە سۆز قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن كۈنى بولغاچقا) ئۇ گەپ قىلىشنى ئىساغا ئۆتۈنۈپ، ئۇلارنى ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا ئىشارەت قىلدى.

ئاندىن ئۇلار: مەريەم بىزنى مەسخىرە قىلىپ ئويناۋاتىدۇ دەپ گۇمان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿«بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق سۆزلەيمىز»﴾.

﴿مەريەم بوۋاقنى كۆرسەتتى﴾ مەيمۇن ئىبنى مەھران مۇنداق دېدى: يەنى مەريەم ئۇلارغا: ئۇنىڭغا گەپ قىلىڭلار، ـ دەپ ئىشارەت قىلدى. ئۇلار: بۇ ئەقىللىقلىقىدىن بىزنى بۆشۈكتىكى بوۋاق بالىغا سۆزلەشكە بۇيرۇدى، ـ دېدى.

سۇددى مۇنداق دېدى: ئۇ ئۇلارغا گەپ قىلىشقا ئىشارەت قىلغاندا، ئۇلار ئاچچىقلىنىپ: ئۇنىڭ بىزنى مازاق قىلىپ بۇ بوۋاققا گەپ قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى بىزگە ئۇنىڭ پاھىشە قىلغانلىقىدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلىدۇ. بۆشۈكتىكى بۇ بوۋاق قانداق سۆزلىيەلەيدۇ؟ ـ دېدى.

﴿بوۋاق ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن الله نىڭ بەندىسىمەن﴾ يەنى ئىسانىڭ بىرىنچى بولۇپ سۆزلىگەن سۆزى، پەرۋەردىگارىنى (ھەممە ئەيىب، نۇقساندىن ۋە ئۇنىڭ) بالىسى بار بولۇشتىن پاك دەپ بىلىش ۋە ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت بولدى.

﴿ماڭا كىتابنى بەردى (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ)﴾ يەنى ئۇ ئانىسىنى ئۇلارنىڭ بوھتانىدىن ئاقلىدى.

نەۋفبۇكالى دېگەن كىشى مۇنداق دېدى: ئۇلار ئۇنىڭ ئانىسى مەريەمگە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلغاندا، ئۇ ئانىسىنى ئېمىۋاتاتتى. ئۇ ئاغزىدىن ئەمچەكنى چىقىرىۋېتىپ، سول تەرىپىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**«مەن ھەقىقەتەن اللّٰه نىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى بەردى (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ). قەيەردە بولاي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى**﴾.

مۇجاھىد، ئەمرى ئىبنى قەيس ۋە سەۋرى قاتارلىقلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: اللّٰه تائالا مېنى ياخشىلىقنى ئۆگەتكۈچى قىلدى. مۇجاھىد يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېدى: مېنى كىشىلەرگە ئەڭ كۆپ پايدا يەتكۈزىدىغان كىشى قىلدى.

ئىبنى جەرىر مەخزۇم جەمەتىنىڭ ئازاتگەردىسى ۋەھب ئىبنى ۋەرەدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئالىم بىلىمدە ئۇنىڭدىن يۇقىرى يەنە بىر ئالىمغا ئۇچرىشىپ: اللّٰه تائالا ساڭا رەھمەت قىلسۇن! مەن قىلغان قايسى ئىش كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تارالدى؟ ـ دەپ سورىدى. بىلىمدە يۇقىرى ئالىم: ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسقىنىڭ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش اللّٰه تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى بەندىلىرىگە ئەۋەتىشتىكى چوڭ بىر مەقسىتىدۇر. فىقھى ئالىملىرى: ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكىتى نېمە؟ ـ دېگەن سوئالغا: ئۇنىڭ بەرىكىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ (قەيەردە بولسۇن) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقانلىقىدۇر، ـ دەپ بېرىلگەن جاۋابنىڭ توغرىلىقىدا بىرلىككە كەلدى.

﴿**ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى**﴾ اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن ئۆزەڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن﴾[1].

﴿**مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى**﴾ بۇ سۆز اللّٰه تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ كەينىدىنلا كەلتۈرۈلدى. چۈنكى، اللّٰه تائالا كۆپ ھاللاردا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان سۆزى بىلەن ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنۇش توغرىسىدىكى تەۋسىيەسىنى بىر يەردە كەلتۈرىدۇ.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى﴾[2]، ﴿ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، اللّٰه غا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر» دېدى. ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق﴾[3].

﴿**مەن تۇغۇلغان كۈنۈمدە، ۋاپات بولغان كۈنۈمدە، تىرىلىپ قەبرەمدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنۈمدە (اللّٰه تائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىمەن»**﴾ يەنى بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ اللّٰه تائالانىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى، يەنى باشقىلارغا ئوخشاش تىرىلدىغانلىقى، ئۆلىدىغانلىقى ۋە قەبرىدىن تۇرغۇزۇلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانلىقىدۇر. لېكىن، ئۇنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرى ھەممە بەندىلەرگە ئەڭ تەس بولىدىغان بۇ ھالەتلەردە (يەنى تىرىلىش، ئۆلۈش ۋە قەبرىدىن تۇرغۇزۇلۇش ھالەتلىرىدە) ئۇنىڭغا

(1) ھىجىر سۈرىسى 99 ـ ئايەت.
(2) ئىسرا سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) لوقمان سۈرىسى 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر.

ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك بولىدۇ. (الله تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالامى ئۇنىڭغا بولسۇن!)

*******

ذَٰلِكَ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ قَوْلَ ٱلْحَقِّ ٱلَّذِى فِيهِ يَمْتَرُونَ ﴿٣٤﴾ مَا كَانَ لِلَّهِ أَن يَتَّخِذَ مِن وَلَدٍ سُبْحَٰنَهُۥٓ إِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٣٥﴾ وَإِنَّ ٱللَّهَ رَبِّى وَرَبُّكُمْ فَٱعْبُدُوهُ هَٰذَا صِرَٰطٌ مُّسْتَقِيمٌ ﴿٣٦﴾ فَٱخْتَلَفَ ٱلْأَحْزَابُ مِنۢ بَيْنِهِمْ فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِن مَّشْهَدِ يَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿٣٧﴾

ئەنە شۇ ئىسا ئىبنى مەريەمنىڭ (قىسسىسىدۇر). ئىسا ئۇلار دەتالاش قىلىشىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئىشىنىڭ (ھەقىقىتى) ئۈستىدە ھەق گەپنى قىلدى﴿34﴾. «الله نىڭ شەنىگە بالىسى بولۇش لايىق ئەمەس، الله (بالىدىن، شېرىكتىن) پاكتۇر، الله بىرەر ئىش قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا، ۋۇجۇتقا كەل، دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴿35﴾. الله ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر»﴿36﴾. ئىسانىڭ ئىشى توغرىسىدا ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتاب) ئارىسىدىكى پىرقىلەر ئىختىلاپ قىلىشتى، بۈيۈك كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) كەلگەن چاغدا، كاپىرلارغا ۋاي!﴿37﴾

# ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانىڭ بەندىسى ئىكەنلىكى

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿**ئەنە شۇ ئىسا ئىبنى مەريەمنىڭ (قىسسىسىدۇر)**﴾ الله تائالا (يۇقىرىدا) ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر بولىدىغان بىر بەندە قىلىپ ياراتقانلىقىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى، ئازغۇنلۇقتىكى كىشىلەر گۇمان قىلغان ھەممە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئىسا ئۇلار دەتالاش قىلىشىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئىشىنىڭ (ھەقىقىتى) ئۈستىدە ھەق گەپنى قىلدى**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە (يەنى بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەل دېسە، ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا) مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، الله نىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى الله (ئاتا ـ ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دېدى ـ دە، ئۇۋۇجۇتقا كەلدى (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس). (ئىسا ھەققىدىكى بۇ سۆز) الله تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر، سەن شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن﴾[1].

# ئىسانىڭ الله تائالانى بىر دەپ تونۇش ئەقىدىسىگە بۇيرۇغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغانلىقى

﴿**الله ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن**

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 59 ـ 60 ـ ئايەتلەر.

**ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر»﴾** يەنى ئىسا بۆشۈكتىكى چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئادەملەرگە الله تائالانىڭ شەكسىز ئۇنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنى الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

**﴿ئىسانىڭ ئىشى توغرىسىدا ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتاب) ئارىسىدىكى پىرقىلەر ئىختىلاپ قىلىشتى﴾** يەنى ئىسانىڭ الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى، ئۇنىڭ الله تائالانىڭ مەريەمگە تاشلىغان (ۋۇجۇدقا كەل دېگەن) سۆزىدىن ئاتىسىز ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ۋە الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھ ئىكەنلىكى ئوچۇق بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەھلى كىتابلار ئىسا ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يەھۇدىيلاردىن بولغان كۆپ سانىنى ئىگەللىگۈچى بىر گۇرۇھ (ئۇلارغا الله تائالانىڭ لەنەتلىرى بولسۇن!) ئىسا ھارامدىن بولغان دېگەن قاراشتا بولدى، ئۇنىڭ بۆشۈكتە تۇرۇپ كىشىلەرگە سۆزلىگەنلىكى بولسا سېھىردۇر دېدى.

باشقا بىر گۇرۇھ: سۆزلىگىنى ئىسا ئەمەس، الله تائالادۇر، ـ دېدى. بىر گۇرۇھ: بەلكى ئۇ الله تائالانىڭ ئوغلىدۇر، ـ دېدى. بىر گۇرۇھ: ئۇ (الله تائالا، ئىسا، مەريەمدىن ئىبارەت) ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسى، ـ دېدى. بىر گۇرۇھ: بەلكى ئۇ الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر، ئۇ الله تائالا مۆمىنلەرگە ئەۋەتكەن ھەق سۆزنى سۆزلىگۈچىدۇر، ـ دېدى. ئەمرى ئىبنى مەيمۇن، ئىبنى جۇرەيج، قەتادە، نۇرغۇنلىغان سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرىدىن يۇقىرىدىكى سۆزلەر رىۋايەت قىلىندى.

**﴿بۈيۈك كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) كەلگەن چاغدا، كاپىرلارغا ۋاي!﴾** بۇ، الله تائالاغا بوھتان چاپلىغان ۋە ئۇنىڭ بالىسى بار دەپ گۇمان قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن قاتتىق بىر تەھدىتتۇر. لېكىن، الله تائالا ئۇلارنى ئازابلاشقا قۇدرىتى يېتىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى جازالاشنى قىيامەت كۈنىگە كېچىكتۈردى. الله تائالا ھەقىقەتەن ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغان كىشىنى (ئازابلاشقا) ئالدىرىمايدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە: «ھەقىقەتەن الله تائالا زالىمنى ئازابلاشقا ئالدىرىمايدۇ، الله تائالا ئۇنى (ئازابلاش ئۈچۈن) تۇتقان ۋاقتىدا، ئۇ (زالىم) الله تائالادىن قۇتۇلالمايدۇ» دەپ، ئاندىن: ﴿پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، الله نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «ھېچكىم ئاڭلىغان ئەزىيەتلەرگە الله تائالادەك سەۋر قىلالمايدۇ. الله تائالا بەندىلىرىگە رىزىق بېرىپ ۋە ئۇلارنىڭ تېنىنى ساغلام قىلىپ تۇرىۋاتىسىمۇ، ئۇلار: ئىسا الله تائالانىڭ ئوغلى، ـ دەپ الله تائالاغا بالا نىسبەت بېرىدۇ».

الله تائالا زالىملارنى ئازابلاشقا ئالدىرىمايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا مەن مۆھلەت بەردىم (ئۇلار بۇ مۆھلەتكە مەغرۇر بولۇپ كەتتى)، ئاندىن (يەنى ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەت مۆھلەت بەرگىنىمدىن كېيىن) ئۇلارنى جازالىدىم، ئاخىر قايتىدىغان

(1) ھۇد سۈرىسى 102 ـ ئايەت.

جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر (يەنى ئاخىر ھەممىسى ماڭا كېلىدۇ)﴾[1]، ﴿زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن الله نى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن، الله ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ﴾[2].

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى: «كىمكى شېرىكى يوق الله تائالادىن باشقا ئىبادەتكە لايىق بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ ھەزرىتى مەريەمگە تاشلىغان (ۋۇجۇدقا كەل دېگەن) سۆزى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن بىر بەندىسى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن بولغان بىر روھ ئىكەنلىكىگە، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ شەكسىز ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، الله تائالا ئۇنى قىلغان ئەمەل-ئىبادىتىگە قاراپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

*******

أَسْمِعْ بِهِمْ وَأَبْصِرْ يَوْمَ يَأْتُونَنَا لَٰكِنِ ٱلظَّٰلِمُونَ ٱلْيَوْمَ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٣٨﴾ وَأَنذِرْهُمْ يَوْمَ ٱلْحَسْرَةِ إِذْ قُضِىَ ٱلْأَمْرُ وَهُمْ
فِى غَفْلَةٍ وَهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿٣٩﴾ إِنَّا نَحْنُ نَرِثُ ٱلْأَرْضَ وَمَنْ عَلَيْهَا وَإِلَيْنَا يُرْجَعُونَ ﴿٤٠﴾

ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كەلگەن كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) قۇلاقلىرى تازا ئاڭلايدىغان، كۆزلىرى تازا كۆرىدىغان بولىدۇ، لېكىن زالىملار بۈگۈن (يەنى بۇ دۇنيادا) روشەن گۇمراھلىقتىدۇر﴿38﴾. ئۇلارنى (يەنى خالايىقنى) ھەسرەت كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەتنى) ئىنكار قىلماقتىدۇر﴿39﴾. زېمىنغا ۋە زېمىن ئۈستىدىكى بارچىگە چوقۇم بىز ۋارىسلىق قىلىمىز. ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ﴿40﴾.

## كاپىرلارنى ھەسرەتلىك كۈن بولغان قىيامەت كۈنىدىن قورقۇتۇش

الله تائالا كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: شەكسىز ئۇلار قىيامەت كۈنى بەك ئاڭلايدىغان ۋە بەك كۆرىدىغان بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولساڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)، ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن﴾[3] يەنى ئۇلار بۇ سۆزنى ھېچقانداق نەرسە ئۇلارغا پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان چاغدا دەيدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ سۆزنى ئازابنى كۆرۈشتىن بۇرۇن دېگەن بولسا، ئەلۋەتتە،

(1) ھەج سۈرىسى 48 ـ ئايەت.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 42 ـ ئايەت.
(3) سەجدە سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇ سۆز ئۇلارغا پايدا يەتكۈزگەن ۋە الله تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان بولاتتى.

**﴿ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كەلگەن كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) قۇلاقلىرى تازا ئاڭلايدىغان، كۆزلىرى تازا كۆرىدىغان بولىدۇ، لېكىن زالىملار بۈگۈن (يەنى بۇ دۇنيادا) روشەن گۇمراھلىقتىدۇر﴾** يەنى ئۇلار بۇ دۇنيادا ئاڭلىيالمايدۇ، كۆرەلمەيدۇ ۋە ئويلىيالمايدۇ. ئۇلارنىڭ توغرا يولغا كىرىشى تەلەپ قىلىنغاندا، ئۇلار توغرا يولغا كىرمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە ھېچقانداق نەرسە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان قىيامەت كۈندە الله تائالاغا بويسۇنىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

**﴿ئۇلارنى (يەنى خالايىقنى) ھەسرەت كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەتنى) ئىنكار قىلماقتىدۇر﴾** ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىددىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتكە كىرىدىغانلار جەننەتكە، دوزاخقا كىرىدىغانلار دوزاخقا كىرىپ بولغان ۋاقىتتا ئۆلۈم كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇ خۇددى (رەڭگى) ئاق ـ قارا ئارىلاش بولغان قوچقارغا ئوخشايدۇ. ئاندىن ئۇ جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرگە (ئېلىپ كېلىنىپ) تۇرغۇزۇپ قويۇلىدۇ. ئاندىن جەننەتكە كىرگەنلەردىن: ئى جەننەتكە كىرگەنلەر! بۇنى تونۇمسىلەر؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ (ئۇنىڭغا) قاراپ: ھەئە، (تونۇيمىز)، بۇ بولسا ئۆلۈم، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن دوزاخقا كىرگەنلەردىن: ئى دوزاخقا كىرگەنلەر! بۇنى تونۇمسىلەر؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ (ئۇنىڭغا) قاراپ: ھەئە، تونۇيمىز، بۇ ئۆلۈم، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنى (بوغۇزلاشقا) بۇيرۇق قىلىنىپ بوغۇزلىنىدۇ. (جەننەتتىكىلەرگە:) ئى جەننەتكە كىرگەنلەر! (سىلەر جەننەتتە) مەڭگۈ قالىسىلەر (بۇنىڭدىن كېيىن) ئۆلۈش يوقتۇر. (دوزاختىكىلەرگە:) ئى دوزاخقا كىرگەنلەر! (سىلەر دوزاختا) مەڭگۈ قالىسىلەر (بۇنىڭدىن كېيىن) ئۆلۈش يوقتۇر، ـ دەپ جاكارلىنىدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: **﴿ئۇلارنى (يەنى خالايىقنى) ھەسرەت كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەتنى) ئىنكار قىلماقتىدۇر﴾** ۋە قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ: «دۇنيادىكى كىشىلەر دۇنيانىڭ غەپلىتىدۇر» دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قىسسىنى بايان قىلىۋېتىپ مۇنداق دېدى: قىيامەت كۈنى ھەر قانداق بىر كىشى ئۆزىنىڭ جەننەتتىكى ۋە دوزاختىكى ئورنىغا قارايدۇ. ئاندىن دوزاختىكى كىشىلەر ئەگەر ئىمان ئېيتقان بولسا، الله تائالا تەرىپىدىن ئۇلارغا تەييارلاپ قويۇلغان (جەننەتتىكى) ئورنىنى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولساڭلار، سىلەر كۆرگەن جەننەتتىكى بۇ ئورۇن سىلەرنىڭ بولاتتى، ـ دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ھەسرەتلىنىپ كېتىدۇ. ئاندىن جەننەت ئەھلىگە: ئەگەر الله تائالا سىلەرگە (جەننەتنى) بەرمىگەن بولسا، (سىلەر كۆرگەن) دوزاختىكى ئورۇنغا كىرەتتىڭلار، ـ دېيىلىدۇ.

**﴿زېمىنغا ۋە زېمىن ئۈستىدىكى بارچىگە چوقۇم بىز ۋارىسلىق قىلىمىز. ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ﴾** ئىبنى ئەبۇھاتەم ھەزىم ئىبنى ئەبۇھەزىم قەتئىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز كۇفەنىڭ مەسئۇلى بولغان ئابدۇل ھەمىد ئىبنى ئابدۇراھمانغا مۇنداق دەپ خەت يازدى: (الله تائالاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن) الله تائالا ھەقىقەتەن مەخلۇقاتلارنى ياراتقان ۋاقىتىدىلا ئۇلارغا ئۆلۈمنى پۈتۈۋەتكەن. الله تائالا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قايتىش ئورنىنى ئۆزىنىڭ دەرگاھى قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ

بىلىمى بىلەن ساقلىغان ۋە پەرىشتىلەر ئۇنىڭ نوقسانسىزلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن راستچىل كىتاب بولغان (قۇرئاندا) زېمىنغا ۋە زېمىن ئۈستىدىكى بارلىق نەرسىلەرگە چوقۇم ئۆزىنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغانلىقىنى، ـ دېدى.

*******

وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ إِبۡرَٰهِيمَۚ إِنَّهُۥ كَانَ صِدِّيقٗا نَّبِيًّا ﴿٤١﴾ إِذۡ قَالَ لِأَبِيهِ يَٰٓأَبَتِ لِمَ تَعۡبُدُ مَا لَا يَسۡمَعُ وَلَا يُبۡصِرُ وَلَا
يُغۡنِي عَنكَ شَيۡـٔٗا ﴿٤٢﴾ يَٰٓأَبَتِ إِنِّي قَدۡ جَآءَنِي مِنَ ٱلۡعِلۡمِ مَا لَمۡ يَأۡتِكَ فَٱتَّبِعۡنِيٓ أَهۡدِكَ صِرَٰطٗا سَوِيّٗا ﴿٤٣﴾
يَٰٓأَبَتِ لَا تَعۡبُدِ ٱلشَّيۡطَٰنَۖ إِنَّ ٱلشَّيۡطَٰنَ كَانَ لِلرَّحۡمَٰنِ عَصِيّٗا ﴿٤٤﴾ يَٰٓأَبَتِ إِنِّيٓ أَخَافُ أَن يَمَسَّكَ عَذَابٞ مِّنَ
ٱلرَّحۡمَٰنِ فَتَكُونَ لِلشَّيۡطَٰنِ وَلِيّٗا ﴿٤٥﴾

(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىبراھىم (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى﴿41﴾. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن﴿42﴾. ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەر نازىل بولدى، ماڭا ئەگەشكىن، سېنى توغرا يولغا باشلايمەن﴿43﴾. ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان مەرھەمەتلىك الله غا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى﴿44﴾. ئى ئاتا! سېنىڭ مەرھەمەتلىك الله نىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن، شەيتاننىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن»﴿45﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىغا قىلغان نەسىھىتى

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: سەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغان ۋە ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ دىنىدا دەپ دەۋا قىلىدىغان ئادەملىرىڭگە بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ھېلىقى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى دەپ بەرگىن ۋە ئۇلارغا الله تائالانىڭ دوستى، راستچىل پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى بىلەن بولغان مۇنازىرىسىنى ۋە ئۇنى بۇتقا چوقۇنۇشتىن قانداق توسقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگىن. ئۇ (دادىسىنى بۇتقا چوقۇنۇشتىن توسۇپ) مۇنداق دېدى: **﴿ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان مەرھەمەتلىك الله غا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە (يەنى شەيتانغا ئىبادەت قىلماسلىق توغرىسىدا) مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟﴾[1]، ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) الله نى قويۇپ، پەقەت (ئۆزلىرى) چىشى (ناملار بىلەن ئاتىۋالغان) بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ، پەقەت الله نىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ﴾[2].

**﴿ئى ئاتا! سېنىڭ مەرھەمەتلىك الله نىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن، شەيتاننىڭ ھەمراھىغا**

---

(1) ياسىن سۈرىسى 60 ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 117 ـ ئايەت.

**ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن»﴾** يەنى پەقەت شەيتانلا سېنىڭ ھەمراھىڭ ۋە ياردەمچىڭ بولىدۇ. ھېچقانداق ئىش شەيتاننىڭ ياكى ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ئىختىيارىدا ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكىڭ سېنىڭ ئازابقا قېلىشىڭغا سەۋەبچى بولىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە (يەنى شەيتانغا ئەگەشكەن كىشىنىڭ قاتتىق ئازابقا قالىدىغانلىقى ھەققىدە) مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) **الله** نامى بىلەن قەسەمكى، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرلەر) ئەۋەتتۇق، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسەتتى، شەيتان بۈگۈن ئۇلارنىڭ ياردەمچىسىدۇر. ئۇلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

* * * * * * *

قَالَ أَرَاغِبٌ أَنتَ عَنْ ءَالِهَتِى يَٰٓإِبْرَٰهِيمُ ۖ لَئِن لَّمْ تَنتَهِ لَأَرْجُمَنَّكَ ۖ وَٱهْجُرْنِى مَلِيًّا ﴿٤٦﴾ قَالَ سَلَٰمٌ
عَلَيْكَ ۖ سَأَسْتَغْفِرُ لَكَ رَبِّىٓ ۖ إِنَّهُۥ كَانَ بِى حَفِيًّا ﴿٤٧﴾ وَأَعْتَزِلُكُمْ وَمَا تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَأَدْعُوا۟
رَبِّى عَسَىٰٓ أَلَّآ أَكُونَ بِدُعَآءِ رَبِّى شَقِيًّا ﴿٤٨﴾

ئۇ (يەنى ئازەر) ئېيتتى: «ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن، ئەگەر سەن (مۇنداق قىلىشتىن) يانمىساڭ، چوقۇم سېنى تاش - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، ئۇزاق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن» ﴿46﴾. ئىبراھىم ئېيتتى: «ساڭا ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، **الله** ماڭا ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر ﴿47﴾. سىلەردىن ۋە سىلەر **الله** نى قويۇپ چوقۇنىۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق بولىمەن، پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىبادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن» ﴿48﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ بەرگەن جاۋابى

**الله** تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆز ئوغلى ئىبراھىمنىڭ دېگەن گەپلىرىگە مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى: **﴿«ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن﴾** يەنى ئەگەر سەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى خالىمىساڭ، ئۇنى تىللاشتىن ۋە ئەيىبلەشتىن يانغىن.

**﴿ئەگەر سەن (مۇنداق قىلىشتىن) يانمىساڭ، چوقۇم سېنى تاش - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس، سۇددى، ئىبنى جۇرەيج، زەھھاك ۋە باشقىلار مۇنداق دېدى: ئىبراھىمنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ئەگەر سەن ئۇنى تىللاشتىن يانمىساڭ، مەن سەندىن قىساس ئېلىپ سېنى تىللايمەن ۋە ئەيىبلەيمەن.

**﴿ئۇزاق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن»﴾** مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: (سەن مەندىن) بىر مەزگىل يىراق تۇرغىن. ھەسەن بەسرى مۇنداق دېدى: (سەن مەندىن) مەڭگۈ يىراق تۇرغىن.

(1) نەھل سۈرىسى 63 - ئايەت.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلهە ۋە ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مېنىڭ سېنى جازالىشىمدىن بۇرۇن، سەن مېنى ئۆزمەيلىمگە قويغىن. زەههاك، قەتادە، ئەتىيە جەدەلى، مالىك ۋە باشقىلارمۇ بۇ ھەقتە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش دېدى. ئىبنى جەرىر بۇنى توغرا دەپ قارىدى.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىغا بەرگەن جاۋابى

(ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا دادىسى يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى) قىلغان ۋاقىتتا ئۇ دادىسىغا مۇنداق دېدى: ﴿**«ساڭا ئامانلىق بولسۇن**﴾.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە (يەنى بۇ ياخشىلارنىڭ نادانلارغا دەيدىغان سۆزى ئىكەنلىكى توغرىسىدا) مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)﴾[1]، ﴿ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ (يەنى قۇلاق سالماي): «بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز» دەيدۇ﴾[2].

﴿**پەرۋەردىگارىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن**﴾ يەنى ئاتا ـ بالىلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مەندىن ساڭا ھېچقانداق بىر يامانلىق كەلمەيدۇ ۋە مەن **الله** تائالادىن سېنى توغرا يولغا باشلاشنى ۋە سېنىڭ گۇناھىڭنى كەچۈرۈۋېتىشنى تىلەيمەن.

﴿**الله ماڭا ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: **الله** تائالا ھەقىقەتەن ماڭا مېھرىباندۇر، يەنى ئۇ مېنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ۋە ئىخلاس قىلىشقا يېتەكلىدى.

سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇ مېنىڭ ئىشىمغا كۆڭۈل بۆلگۈچى دېگەن بولىدۇ، ـ دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شامغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن تارتىپ تاكى ھەرەمنىڭ مەسچىتى كەبىنى سېلىپ بولغان، ئىسمائىل ۋە ئىسهاق ئەلەيھىسسالاملار تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە دادىسىنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلىشىنى تىلىدى.

ئىبراھىم دادىسىنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلەپ مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن»﴾[3].

مۇسۇلمانلار بۇ ئىشتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇشرىك ئۇرۇق ـ تۇغقان، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تاكى **الله** تائالانىڭ: ﴿ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىللە بولغان (مۆمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئۈلگە بولدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر **الله** نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر **الله** غا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي

---

(1) فۇرقان سۈرىسى 63 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) قەسەس سۈرىسى 55 ـ ئايەت.
(3) ئىبراھىم سۈرىسى 41 ـ ئايەت.

ساقلىنىپ قالىدۇ» دېدى. پەقەت ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، اللە نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى سەندىن دەپئى قىلالمايمەن» دېگەن سۆزىنى سىلەرنىڭ نەمۇنە قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتى چۈشكىچە تىلىدى. يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىغا ئېيتقان: «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، اللە تائالانىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى سەندىن توسۇپ قالالمايمەن» دېگەن مۇشۇ سۆزىگىلا ئەگەشمەڭلار (يەنى سىلەر مۇشرىك ئۇرۇق ـ تۇغقان، خوتۇن ـ بالا چاقىلىرىڭلارنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلىشىنى تىلىمەڭلار). ئاندىن اللە تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق تىلەشتىن يانغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ اللە نىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدى. ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى كۆڭلى يۇمشاق)، (يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) چىداملىق ئىدى﴾[2]، **﴿سىلەردىن ۋە سىلەر اللە نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق بولىمەن، پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىبادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن»﴾**.

* * * * * * *

فَلَمَّا ٱعْتَزَلَهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَهَبْنَا لَهُۥٓ إِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ ۖ وَكُلًّا جَعَلْنَا نَبِيًّا ﴿٤٩﴾ وَوَهَبْنَا لَهُم مِّن رَّحْمَتِنَا وَجَعَلْنَا لَهُمْ لِسَانَ صِدْقٍ عَلِيًّا ﴿٥٠﴾

ئۇ ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ اللە نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىدىن يىراقلاشتى، ئۇنىڭغا بىز ئىسھاق بىلەن يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرسىنى پەيغەمبەر قىلدۇق﴿49﴾. ئۇلارغا بىزنىڭ رەھمىتىمىزنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ نامىنى بەلەن ۋە يۇقىرى قىلدۇق﴿50﴾.

## اللە تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىسھاق ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالاملارنى ئاتا قىلغانلىقى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: اللە تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ يولىدا ئۆزىنىڭ دادىسى ۋە قەۋمىدىن ئايرىلىپ چىققان ئىدى. اللە تائالا ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۇلاردىن ياخشىراق كىشىلەرنى بەردى. ئۇنىڭغا ئوغلى ئىسھاق ۋە ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەئقۇبنى ئاتا قىلدى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز ئۇنىڭغا (يەنى ئىبراھىمغا) ئىسھاقنى بەردۇق، (ئۇ پەرۋەردىگارىدىن سورىمىسىمۇ) يەئقۇبنى ئوشۇق بەردۇق (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى نەۋرە قىلىپ

(1) مۇمتەھىنە سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تەۋبە سۈرىسى 113 ـ 114 ـ ئايەتلەر.

ياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىۋىدىن زىيادە قىلىپ بەردۇق)﴾[1]، ﴿بىز ئۇنىڭغا (يەنى سارەگە) ئىسھاق (ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴾[2].

ئىسھاقنىڭ يەئقۇبنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتدا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر اللهغا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى﴾[3] شۇڭا الله تائالا بۇ يەردە ئىسھاق بىلەن يەئقۇبنى بىر يەردە كەلتۈردى. يەنى بىز يەئقۇبنى ئەجدادىدىن تارتىپ پەيغەمبەر قىلدۇق. الله تائالا يەئقۇبنىڭ پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا بېكىتىۋەتكەن، شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرسىنى پەيغەمبەر قىلدۇق﴾**.

ئەگەر يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا پەيغەمبەرلىككە تەيىنلەنمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يۈسۈفنىڭ ئىسمى بۇ يەردە كەلتۈرۈلمەيتتى. ھەقىقەتەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالاممۇ پەيغەمبەردۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ياخشى كىشلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىدىن سورالغاندا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن ھۆرمەتلىك ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام، ھۆرمەتلىك ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام، ھۆرمەتلىك يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ھۆرمەتلىك يۈسۈف ئەلەيھىسسالامدۇر».

**﴿ئۇلارغا بىزنىڭ رەھمىتىمىزنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ نامىنى بەلەن ۋە يۇقىرى قىلدۇق﴾** ئەلى ئىبنى تەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئۇلارنىڭ نامىنى گۈزەل، چىرايلىق قىلدۇق. سۇددى ۋە مالىك ئىبنى ئەنەسمۇ بۇ ھەقتە شۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دېدى: الله تائالا ھەقىقەتەن بىز ئۇلارنىڭ نامىنى گۈزەل، چىرايلىق قىلدۇق، ـ دېدى. چۈنكى، ھەممە دىندىكى (ئىسلام، يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنىدىكى) كىشلەر ئۇلارنىڭ ياخشى گەپلىرىنى قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ماختايدۇ.

* * * * * * *

وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ مُوسَىٰٓۚ إِنَّهُۥ كَانَ مُخۡلَصٗا وَكَانَ رَسُولٗا نَّبِيّٗا ﴿٥١﴾ وَنَٰدَيۡنَٰهُ مِن جَانِبِ ٱلطُّورِ ٱلۡأَيۡمَنِ وَقَرَّبۡنَٰهُ نَجِيّٗا
﴿٥٢﴾ وَوَهَبۡنَا لَهُۥ مِن رَّحۡمَتِنَآ أَخَاهُ هَٰرُونَ نَبِيّٗا ﴿٥٣﴾

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھۇد سۈرىسى 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بەقەرە سۈرىسى 133 ـ ئايەت.

كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) مۇسا (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ئۇ الله ئىبادىتىگە خاس قىلغان ھەم رەسۇل (يەنى ئەلچى)، ھەم پەيغەمبەر ئىدى﴿51﴾. ئۇنىڭغا بىز تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن نىدا قىلدۇق، ئۇنى بىز مۇناجات ئۈچۈن (دەرگاھىمىزغا) يېقىنلاشتۇردۇق﴿52﴾. ئۇنىڭغا بىز مەرھەمەت قىلىپ قېرىندىشى ھارۇننى پەيغەمبەر قىلىپ بەردۇق﴿53﴾.

## مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىسى

الله تائالا يۇقىرىدا دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى بايان قىلىپ ۋە ئۇنى ماختاپ بولۇپ، ئارقىدىنلا الله تائالا بىلەن سۆزلەشكەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىشنى باشلاپ مۇنداق دېدى: ﴿**كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) مۇسا (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ئۇ الله ئىبادىتىگە خاس قىلغان**﴾.

سەۋرى ئابدۇلئەزىز ئىبنى رەفىئدىن ئەبۇلۇبابەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىلىرى: ئى الله تەرىپىدىن بولغان روھ! (يەنى: ئى ئىسا!) سەن بىزگە قانداق كىشىنىڭ الله تائالاغا ئىخلاسمەن كىشى ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگىن! ـ دەپ سورىدى. ئۇ: ئىخلاسمەن كىشى بولسا، الله تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ماختىشىنى ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بەزىلەر: ئىخلاسمەن كىشى بولسا، پەيغەمبەرلىككە تاللانغان كىشىلەردۇر، ـ دېدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله ئېيتتى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاستە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم﴾[1].

﴿**ھەم رەسۇل (يەنى ئەلچى)، ھەم پەيغەمبەر ئىدى**﴾ يەنى الله تائالا ئۇنىڭدا ئەلچى ۋە پەيغەمبەردىن ئىبارەت ئىككى سۈپەتنى قىلدى. ئۇ ئىككى سۈپەت ئىگىلىرى: نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردىن ئىبارەت ئىرادىلىك كاتتا پەيغەمبەرلەردۇر. الله تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالىمى ئۇلارغا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە بولسۇن!

﴿**ئۇنىڭغا بىز تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن نىدا قىلدۇق، ئۇنى بىز مۇناجات ئۈچۈن (دەرگاھىمىزغا) يېقىنلاشتۇردۇق**﴾ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام يىراقتىن يىلىلداپ كۆرۈنگەن ئوتنى ئائىلىسىگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تاغنىڭ باغرىغا كەلگەندە، تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن، يەنى غەرب تەرىپىدىن بىر ئاۋاز كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ، ئۆزى تەرەپكە يېقىنلاشتۇردى ۋە سۆزلەشتى...

﴿**ئۇنىڭغا بىز مەرھەمەت قىلىپ قېرىندىشى ھارۇننى پەيغەمبەر قىلىپ بەردۇق**﴾ يەنى بىز ئۇنىڭ: مېنىڭ قېرىندىشىم ھارۇننى پەيغەمبەر قىلىپ بەرگىن! ـ دېگەن تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى پەيغەمبەر قىلدۇق.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭدىن راۋاندۇر، ئۇنى مەن بىلەن (پەيغەمبەرلىكمنى) تەستىقلايدىغان ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتكىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ

(1) ئەئراف سۈرىسى 144 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مېنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقىمەن»﴾[1]، ﴿اللە ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغان نەرسىلىرىڭ ساڭا بېرىلدى﴾[2]، ﴿اللە سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقچىلىك قىلماڭلار، مۇشرىكلارغا سەن ئۇلارنى دەۋەت قىلغان نەرسە (يەنى تەۋھىد) ئېغىر كەلدى، اللە تەۋھىدكە خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ، اللە نىڭ (تائەتكە) قايتىدىغان ئادەمنى تەۋھىدكە باشلايدۇ. (يەھۇدىي، ناسارا قاتارلىقلار) ئۇلارغا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن (يەنى ئۇلار رەسۇلۇللانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى بىلگەندىن كېيىن)، ئاندىن ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈندى. ئەگەر پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى جازالاشنى) قىيامەتكىچە تەخىر قىلىشتىن ئىبارەت سۆزى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغان بولاتتى (يەنى ئۇلار تېز ھالاك قىلىنىغان بولاتتى). ئۇلاردىن كېيىن كىتابقا ۋارىسلىق قىلغانلار (يەنى رەسۇلۇللا بىلەن زاماندىش بولغان ئەھلى كىتاب) (كىتاب ھەققىدە) قاتتىق دەرگۇماندىدۇر﴾[3]. شۇڭا بەزى سەلەپ ئالىملىرى مۇنداق دېدى: دۇنيادا بىر كىشى مۇسا ئەلەيھىسسالام قېرىندىشى ھارۇننىڭ پەيغەمبەر بولۇشىغا شاپائەت قىلغاندىن كاتتىراق شاپائەت قىلىپ باقمىدى.

* * * * * * *

وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ إِسۡمَٰعِيلَۚ إِنَّهُۥ كَانَ صَادِقَ ٱلۡوَعۡدِ وَكَانَ رَسُولٗا نَّبِيّٗا ٥٤ وَكَانَ يَأۡمُرُ أَهۡلَهُۥ بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱلزَّكَوٰةِ وَكَانَ عِندَ رَبِّهِۦ مَرۡضِيّٗا ٥٥

(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىسمائىل (نىڭ قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل، ھەم رەسۇل، ھەم پەيغەمبەر ئىدى﴿54﴾. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى﴿55﴾.

## ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

اللە تائالانىڭ: ﴿**ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل**﴾ ئىدى دېگەن سۆزى اللە تائالانىڭ ئۆزىنىڭ دوستى ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ماختىغانلىقىدۇر. ئەرەبىستاندىكى ئەرەبلەرنىڭ ئەسلى نەسلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن باشلانغان.



ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دېدى: ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا قىلغان بىر نەچچە تۈرلۈك ۋەدىسىنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلىدى. يەنى ئۇ بىر ئىبادەتنى قىلىشقا ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇ ئىبادەتنى تولۇق ئادا قىلدى.

بەزى ئالىملار مۇنداق دېدى: يەنى ئۇ ﴿**ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل**﴾ دەپ ئاتالدى، چۈنكى،

(1) قەسەس سۈرىسى 34 ـ ئايەت.
(2) تاھا سۈرىسى 36 ـ ئايەت.
(3) شۇرا سۈرىسى 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر.

ئۇ دادىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن»﴾[1] يەنى ئۇ بۇ سۆزدە دېگەنىدەك قىلدى. ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش ناچار سۈپەتلەردىن بولسا، ۋەدىدە تۇرۇش ياخشى سۈپەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. الله تائالا ناچار سۈپەتلەرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مۇناپىقلارنىڭ ئالامىتى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ ۋە ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ». شۇڭا الله تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قىلغان ۋەدىسىدە راستچىل دەپ ماختىدى، شۇنىڭدەك ھەم پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ قىلغان ۋەدىسىدە راستچىل ئىدى، ئۇ بىرسىگە بىر ئىش توغرۇلۇق ۋەدە قىلسا ۋەدىگە ۋاپا قىلاتتى. ئەبۇئاس ئىبنى رەبىئىنىڭ قىزى زەينەب ئۆزىنىڭ ئېرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ مۇنداق دېدى: سۆزلىسە راست سۆزلەيتتى، ۋەدە قىلسا ۋاپا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئەبۇبەكرى مۇنداق دېدى: ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن (بىرەر ئىش توغرۇلۇق قىلىشقان) ۋەدىسى ياكى ئېلىشى بولسا، ئۇ كىشى مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن. مەن ئۇنى ئورۇنلايمەن. (ئۇنىڭ قېشىغا) جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ كېلىپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئەگەر بەھرەيندىن (كېلىدىغان) مال كەلسە، مەن ساڭا (ئۇنىڭدىن) مۇنچىلىك، مۇنچىلىك ۋە مۇنچىلىك بېرىمەن (يەنى ئوچۇمۇڭ توشقۇدەك بېرىمەن)» دەپ ۋەدە بەرگەن، ـ دېدى. بەھرەيندىن (كېلىدىغان) مال كەلگەندە، ئەبۇبەكرى جابىرنى مالدىن ئوچۇملاشقا، ئاندىن ئۇنى ساناشقا بۇيرۇدى. ئۇ بەش يۈز دەرھەم چىقتى، ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا (ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ) يەنە ئىككى ھەسسە مال بەردى (يەنى ئۇنىڭغا 1500 دەرھەم بەردى).

**﴿ھەم رەسۇل، ھەم پەيغەمبەر ئىدى﴾** بۇ ئايەت ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىنىڭ قېرىندىشى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام پەقەت پەيغەمبەر دېگەن سۈپەت بىلەنلا سۈپەتلەندى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ۋە ئەلچى دېگەن ئىككى خىل سۈپەت بىلەن سۈپەتلەندى.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرى ئىچىدىن ئىسمائىلنى تاللىدى». بۇ ھەدىس يۇقىرىدا دېيىلگەن سۆزنىڭ توغرىلىقىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

**﴿ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى﴾** بۇمۇ ھەم ئۇنىڭ گۈزەل سۈپەت ۋە ئېسىل ئەخلاقلىرىدىندۇر. الله تائالا بىر كىشىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ناماز ئوقۇشقا ۋە زاكات بېرىشكە بۇيرۇشى ھەققىدە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن﴾[3]، ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان

(1) سافقات سۈرىسى 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سەف سۈرىسى 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر.
(3) تاھا سۈرىسى 132 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر الله نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ـ بىرىنى ياخشىلىققا بۇيرۇش توغرىسىدا مۇنداق دېدى: «كېچىسى قوپۇپ ناماز ئوقۇغان ۋە ئايالىنى (ناماز ئوقۇش ئۈچۈن) ئويغاتقان، ئەگەر ئۇ ئويغانغىلى ئۇنىمىسا، ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ چاچقان ئەرگە الله تائالا رەھمەت قىلسۇن! كېچىسى قوپۇپ ناماز ئوقۇغان ۋە ئېرىنى (ناماز ئوقۇش ئۈچۈن) ئويغاتقان، ئەگەر ئۇ ئويغانغىلى ئۇنىمىسا، ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ چاچقان ئايالغا الله رەھمەت قىلسۇن!» بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

*******

وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ إِدۡرِيسَۚ إِنَّهُۥ كَانَ صِدِّيقٗا نَّبِيّٗا ﴿٥٦﴾ وَرَفَعۡنَٰهُ مَكَانًا عَلِيًّا ﴿٥٧﴾

كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىدرىس (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن راستچىل پەيغەمبەر ئىدى﴿56﴾. ئۇنى بىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردۇق﴿57﴾.

## ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

الله تائالا ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى **﴿ئۇ ھەقىقەتەن راستچىل پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنى بىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردۇق﴾** دەپ، ئۇنى ماختاش بىلەن باشلىدى. ئىسرا كېچىسى ھەققىدە كەلگەن ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆتىنچى ئاسماندا ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. سۇفيان مەنسۇردىن مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿ئۇنى بىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردۇق﴾** يەنى تۆتىنچى ئاسماندا قىلدۇق. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەسەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار مۇنداق دېدى: الله تائالا ئۇنى جەننەتتە قىلدى.

*******

أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِم مِّنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مِن ذُرِّيَّةِ ءَادَمَ وَمِمَّنۡ حَمَلۡنَا مَعَ نُوحٖ وَمِن ذُرِّيَّةِ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡرَٰٓءِيلَ وَمِمَّنۡ هَدَيۡنَا وَٱجۡتَبَيۡنَآۚ إِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُ ٱلرَّحۡمَٰنِ خَرُّواْۤ سُجَّدٗاۤ وَبُكِيّٗا۩ ﴿٥٨﴾



الله نىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر ئادەم (ئەلەيھىسسالام) نىڭ نەسلىدىندۇر، بىز نۇھ بىلەن بىللە كېمىگە سالغانلارنىڭ نەسلىدىندۇر، ئىبراھىمنىڭ نەسلىدىندۇر، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) نىڭ نەسلىدىندۇر، بىز (ئىمانغا) ھىدايەت قىلغان، (پەيغەمبەرلىككە) تاللىغانلاردىندۇر، ئۇلارغا مەرھەمەتلىك الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا سەجدە قىلغان ۋە يىغلىغان ھالدا (زېمىنغا) يىقىلىدۇ﴿58﴾.

(1) تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

# كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلىككە تاللانغانلار توغرىسىدا

**﴿اللّٰه نىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر ئادەم (ئەلەيھىسسالام) نىڭ نەسلىدىندۇر﴾**

بۇ ئايەتتىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پەيغەمبەرلەرلا كۆزدە تۇتۇلماي، بەلكى پۈتۈن پەيغەمبەرلەر كۆزدە تۇتۇلغان. سۇددى ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلار بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىكى پەيغەمبەردىن ئىدرىس ئەلەيھىسسالام، نۇھ بىللەن بىللە كېمىگە سېلىنغانلارنىڭ نەسلىدىكى پەيغەمبەردىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىكى پەيغەمبەردىن ئىسھاق، يەئقۇب ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلار ۋە ئىسرائىل نەسلىدىكى پەيغەمبەردىن مۇسا، ھارۇن، زەكەرىيا، يەھيا ۋە مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلار مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دېدى: ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاتىلىرى ئادەم ئەلەيھىسسالام بولسىمۇ، **اللّٰه** تائالا ئۇلارنىڭ نەسىللىرىنى ئايرىپ كەلتۈردى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كېمىدە بار كىشىلەرنىڭ نەسىللىرىدىن بولمىغان پەيغەمبەرمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ دادىسىدۇر، بۇنىڭدىن ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ ئايەتتىن (يۇقىرىدا قىسسىلىرى بايان قىلىنغان پەيغەمبەرلەرلا ئەمەس) بەلكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. **اللّٰه** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز قەۋمىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئىبراھىمغا بەرگەن دەلىلىمىز ئەنە شۇدۇر، خالىغان كىشىمىزنى بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىمىز، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ھىدايەت قىلدۇق. (ئىبراھىمدىن) ئىلگىرى نۇھنى ھىدايەت قىلدۇق، ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۈسۈف، مۇسا، ھارۇنلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. زەكەرىيا، يەھيا، ئىسا ۋە ئىلياسلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر. ئىسمائىل، ئىليەسە، يۇنۇس ۋە لۇتلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنى (ئۆز زامانىدىكى) تامامى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئەۋلاتلىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن بەزىلىرىنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنى تاللىدۇق، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىدۇق. **اللّٰه** نىڭ توغرا يولى ئەنە شۇدۇر، **اللّٰه** بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرنى شۇ يولغا باشلايدۇ. ئەگەر ئۇلار (يەنى شۇ پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، ئەلۋەتتە، بىكار بولۇپ كېتەتتى. ئۇلارغا كىتابنى، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلدۇق، ئەگەر بۇ مۇشرىكلار ئۇلارنى (يەنى كىتاب، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىكنى) ئىنكار قىلسا، ئۇلارنى ئىنكار قىلمايدىغان باشقا بىر قەۋمگە تاپشۇرىمىز. ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) **اللّٰه** ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «قۇرئاننى تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ قانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، قۇرئان پەقەت پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر»﴾[1]، ﴿سەندىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار، ھېچقانداق پەيغەمبەر **اللّٰه** نىڭ ئىزنىسىز

(1) ئەنئام سۈرىسى 83 ـ 90 ئايەتكىچە.

بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ﴾[1].

ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ كەلدى: مۇجاھىد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: ساد سۈرىسىدە سەجدە ئايىتى بارمۇ؟ـ دەپ سورىدى. ئۇ: ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بېرىپ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) اللە ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن﴾[2] سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۇلارغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان كىشىلەردىندۇر. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر (يەنى اللە تائالانىڭ ساد سۈرىسىدىكى: ﴿داۋۇد بىزنىڭ ئۇنى سىنىغانلىقىمىزنى بىلدى. پەرۋەردىگارىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلدى، سەجدىگە باردى. (اللە غا) تەۋبە قىلدى﴾[3] دېگەن بۇ ئايىتىدە داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدە قىلغانلىقى بايان قىلىندى).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، داۋۇد ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلغان يەردە سەجدە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئايەت سەجدە ئايىتىگە ئايلىنىپ قالدى.

**﴿ئۇلارغا مەرھەمەتلىك اللە نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا سەجدە قىلغان ۋە يىغلىغان ھالدا (زېمىنغا) يىقىلىدۇ﴾** شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار ئۇلارغا ئەگىشىش ئۈچۈن، بۇ يەردە سەجدە قىلىشنىڭ لازىملىقىغا بىردەك پىكىرگە كەلدى.

* * * * * * *

﴿فَخَلَفَ مِنۢ بَعۡدِهِمۡ خَلۡفٌ أَضَاعُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَٱتَّبَعُواْ ٱلشَّهَوَٰتِۖ فَسَوۡفَ يَلۡقَوۡنَ غَيًّا ﴿٥٩﴾ إِلَّا مَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا فَأُوْلَٰٓئِكَ يَدۡخُلُونَ ٱلۡجَنَّةَ وَلَا يُظۡلَمُونَ شَيۡـٔٗا ﴿٦٠﴾

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴿59﴾. تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەنە شۇلارلا جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىدىن) ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ﴿60﴾.

## ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ياخشى ـ يامان كىشىلەر

اللە تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن، اللە تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلىغان، اللە تائالانىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلغان، ئۇنىڭ توسقان ئىشلىرىدىن يانغانلاردىن ئىبارەت (دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ) بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشكەن بىر گۇرۇھنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بولۇپ، كەينىدىنلا ناماز ۋە نامازدىن باشقا پەرزلەرنى ئادا قىلمايدىغان، دۇنيانىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىرىگە

(1) غافىر سۈرىسى 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 90 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ساد سۈرىسى 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بېرىلىپ، دۇنيانىڭ تىرىكچىلىكى بىلەن بەھرىمەن بولۇشقا رازى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خۇرسەن بولغان، ئاندىن قىيامەت كۈنى زىيان تارتىدىغان بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىشنى باشلاپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى**﴾ نامازنى ئوقۇمىغان يەردە ئۇنىڭدىن باشقا پەرزلەرنى ئەلۋەتتە قىلمايدۇ، چۈنكى، ناماز ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىدۇر.

ئەۋزائى مۇسا ئىبنى سۇلايماندىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قاسىم ئىبنى مۇخەيمىرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئۇلار نامازنى (پەقەت ئوقۇمىدى ئەمەس، بەلكى نامازنى ئوقۇدى ۋە لېكىن) ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇمىدى، ئەگەر ئۇلار نامازنى پەقەتلا ئوقۇمىغان بولسا، بۇ كۇپۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ **الله** تائالانىڭ قۇرئاندا: ﴿شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر﴾[2]، ﴿ئۇلار نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىدۇ﴾[3] دەپ نامازغا ئائىت سۆزنى كۆپ بايان قىلغانلىقى ھەققىدە سورالدى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: (بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن) نامازنىڭ ۋاقىتلىرى مەقسەت قىلىنىدۇ (يەنى بىر قىسىم كىشىلەر نامازلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىدىن غاپىل، بىر قىسىم كىشىلەر نامازنىڭ ۋاقتىغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىدۇر ۋە ئۇلار نامازنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلغۇچىدۇر دېگەنلىك بولىدۇ)، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار مۇنداق دېدى: بىز بۇنىڭدىن نامازنى پەقەت ئوقۇماسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دەپ قارايتتۇق. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: نامازنى پەقەت ئوقۇماسلىق كۇپۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ، ـ دېدى. مەسرۇق: بىر كىشى بەش ۋاخ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇمىسا، ئۇ غاپىللارنىڭ قاتارىغا يېزىلىدۇ، بەش ۋاخ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇماسلىق ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ، ـ دېدى.

ئەۋزائى ئىبراھىم ئىبنى يەزىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز: ﴿**ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ مۇنداق دېدى: ئۇلار نامازنى پەقەت تاشلىۋەتمىدى، بەلكى ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇمىدى.

﴿**ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار قىيامەتتە گۇمراھلىقنىڭ زىيىنىنى تارتىدۇ. قەتادە مۇنداق دېدى: ئۇلار قىيامەتتە گۇمراھلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتىگە قالىدۇ. سۇفيان سەۋرى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار قىيامەتتە جەھەننەمدىكى تېگى چوڭقۇر، سېسىق پۇراقلىق بىر ئۆڭكۈرگە تاشلىنىدۇ.

ئەئمەش زىيادتىن ئەبۇئىيازنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار جەھەننەمدىكى قان ـ يىرىڭ بىلەن توشۇپ كەتكەن بىر ئۆڭكۈرگە تاشلىنىدۇ.

﴿**تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾ نامازنى ئۆز

(1) مائۇن سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(2) مائارىج سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋاقتىدا ئوقۇماسلىقتىن ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىشتىن تەۋبە قىلىپ يانغانلارنىڭ تەۋبىسىنى الله تائالا قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلىپ، ئۇنى جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن قىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئەنە شۇلارلا جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىدىن) ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ**﴾ ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب قىلىنغان تەۋبە تەۋبىدىن ئىلگىرى بولغان گۇناھ (يامان ئىشلار) نىڭ ھەممىسىنى يۇيۇپ تازىلايدۇ. ھەدىستە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ: «گۇناھىدىن تەۋبە قىلغان كىشى گۇناھ قىلمىغان كىشىگە ئوخشاشتۇر». بۇنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

*******

جَنَّٰتِ عَدۡنٍ ٱلَّتِي وَعَدَ ٱلرَّحۡمَٰنُ عِبَادَهُۥ بِٱلۡغَيۡبِۚ إِنَّهُۥ كَانَ وَعۡدُهُۥ مَأۡتِيّٗا ﴿٦١﴾ لَّا يَسۡمَعُونَ فِيهَا لَغۡوًا إِلَّا سَلَٰمٗاۖ وَلَهُمۡ رِزۡقُهُمۡ فِيهَا بُكۡرَةٗ وَعَشِيّٗا ﴿٦٢﴾ تِلۡكَ ٱلۡجَنَّةُ ٱلَّتِي نُورِثُ مِنۡ عِبَادِنَا مَن كَانَ تَقِيّٗا ﴿٦٣﴾

ئۇ دائىمىي تۇرالغۇ بولغان، مەرھەمەتلىك الله بەندىلىرىگە ۋەدە قىلغان، ئۇلار كۆرمەي تۇرۇپ (ئىشەنگەن) جەننەتلەردۇر، الله نىڭ (جەننەت بىلەن قىلغان) ۋەدىسى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ﴿61﴾. ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ، پەقەت (پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارغا بەرگەن) سالامىنىلا ئاڭلايدۇ، ئۇلار جەننەتتە ئەتىگەن ـ ئاخشامدا (كۆڭلى تارتقان يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن) رىزىقلا ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ﴿62﴾. بەندىلىرىمىز ئىچىدىكى تەقۋادارلارغا بىز مىراس قىلىپ بېرىدىغان جەننەت ئەنە شۇ﴿63﴾.

## ھەقىقىي تەۋبە قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جەننەتنىڭ سۈپىتى

الله تائالا گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلغان كىشىلەر كىرىدىغان جەننەتلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ دائىمىي تۇرالغۇ بولغان، مەرھەمەتلىك الله بەندىلىرىگە ۋەدە قىلغان، ئۇلار كۆرمەي تۇرۇپ (ئىشەنگەن) جەننەتلەردۇر، الله نىڭ (جەننەت بىلەن قىلغان) ۋەدىسى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ**﴾ بۇ ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈشتۇر. الله تائالا ھەقىقەتەن قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ (چۈنكى، الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ)﴾[1].

﴿**ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ، پەقەت (پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارغا بەرگەن) سالامىنىلا ئاڭلايدۇ**﴾ يەنى جەننەتتە دۇنيادىكىگە ئوخشاش بىھۇدە گەپ ـ سۆز يوقتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت «سالام! سالام!» سۆزىنىلا ئاڭلايدۇ﴾[2].

﴿**ئۇلار جەننەتتە ئەتىگەن ـ ئاخشامدا (كۆڭلى تارتقان يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن) رىزىقلا ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ**﴾ بۇ ئايەتتىن جەننەتتىمۇ بۇ دۇنيادىكىگە ئوخشاش كېچە ـ كۈندۈز بار دېگەنلىك چىقمايدۇ (ئۇ

(1) مۇزەممىل سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ۋاقىئە سۈرىسى 25 ـ 26 ـ ئايەتلەر.

يەردە كېچە ـ كۈندۈز دەيدىغان ئىش يوق) . جەننەتكە كىرگەنلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكىنى پەقەت نۇرلار ئارقىلىقلا بىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرى نۇرلۇقلۇقتا خۇددى 14 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ. ئۇلار (جەننەتتە) تۈكۈرىدىغان، مىشقىرىدىغان ۋە ھاجەت قىلىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ قاچىلىرى ۋە تاغاقلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىسرىق قاچىسىغا يۇراق چىقىرىش ئۈچۈن سېلىنىدىغان نەرسىلىرى (پۇرىقى مەززىلىك بولغان) ياغاچتۇر. ئۇلاردىن چىققان تەر ئىپاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر ئەر كىشىگە ئىككىدىن ئايال بېرىلىدۇ[1]. ئۇ ئايالالارنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئۇلارنىڭ پاچىقىنىڭ يىلىكى گۆشىنىڭ ئۈستىدىن كۆرۈنىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر كىشىنىڭ دىلىدەك بولىدۇ، ئۇلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى **الله** تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدۇ» .

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شېھىتلەر گە جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدىكى يېشىل گۈمبەز ئىچىدە ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ رىزىقلىرى ئەتىگەن ۋە كەچلەردە جەننەتتىن چىقىرىلىپ تۇرۇلىدۇ» .

**﴿بەندىلىرىمىز ئىچىدىكى تەقۋادارلارغا بىز مىراس قىلىپ بېرىدىغان جەننەت ئەنە شۇ﴾** يەنى بىز مۇشۇ كاتتا سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن جەننەت كەڭچىلىكتىمۇ ۋە قىيىنچىلىقتىمۇ **الله** تائالاغا بويسۇنغان، ئاچچىقلىرىنى ئىچىگە يۇتالىغان ۋە كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرگەن تەقۋادار بەندىلىرىگە مىراس قىلىپ بېرىدىغان جەننەتتۇر. **الله** تائالا جەننەتنى مۆمىن، تەقۋادار بەندىلىرىگە مىراس قىلىپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (**الله** نىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر... ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە مۆمىنلەر نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ﴾[2] .

* * * * * * *

وَمَا نَتَنَزَّلُ إِلَّا بِأَمْرِ رَبِّكَ لَهُۥ مَا بَيْنَ أَيْدِينَا وَمَا خَلْفَنَا وَمَا بَيْنَ ذَٰلِكَ وَمَا كَانَ رَبُّكَ نَسِيًّا ﴿٦٤﴾ رَّبُّ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا فَٱعْبُدْهُ وَٱصْطَبِرْ لِعِبَٰدَتِهِۦ هَلْ تَعْلَمُ لَهُۥ سَمِيًّا ﴿٦٥﴾

بىز (دۇنياغا) پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرى بىلەن چۈشىمىز، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى، ئارقىمىزدىكى ۋە ئالدى ـ كەينىمىز ئارىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى **الله** نىڭ ئىلكىدىدۇر، پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىنى) ئۇنتۇمايدۇ﴿64﴾. ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغىن، **الله** نىڭ ئىبادىتىدىگە چىداملىق بولغىن، سەن ئۇنىڭ شېرىكى بارلىقىنى بىلەمسەن؟﴿65﴾

(1) بۇ ئايالالار دۇنيادا ياشاپ جەننەتكە كىرگەن ئايالالاردىندۇر.
(2) مۇئمىنۇن سۈرىسى 1 ـ 11 ـ ئايەتكىچە.

# پەرىشتىلەرنىڭ الله تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن چۈشىدىغانلىقى

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: «سەن نېمە سەۋەبتىن بىزنى ھازىرقىدىنمۇ كۆپرەك زىيارەت قىلمايسەن؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن: **﴿بىز (دۇنياغا) پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرى بىلەن چۈشىمىز، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى، ئارقىمىزدىكى ۋە ئالدى ـ كەينىمىز ئارىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ ئىلكىدىدۇر، پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىنى) ئۇنتۇمايدۇ﴾** دېگەن ئايەت چۈشتى.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىشتىن توختاپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەمكىن بولدى، ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ (ئۇنىڭغا): ئى مۇھەممەد! ـ دەپ يۇقىرىدىكى ئايەتنى ئوقۇدى.

**﴿بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى، ئارقىمىزدىكى ۋە ئالدى ـ كەينىمىز ئارىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ئىلكىدىدۇر﴾** ئەبۇئالىيە، ئىكرىمە، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، قەتادە، سۇددى ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: دۇنيا ـ ئاخىرەت ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېيىلدى: ئالدىمىزدا كېلىدىغان ئاخىرەتنىڭ، ئۆتۈپ كەتكەن بۇ دۇنيانىڭ ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، سەئىد ئىبنى جۇبەير، زەھھاك، قەتادە، ئىبنى جۇرەيج ۋە سەۋرى قاتارلىقلاردىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر رىۋايەت قىلىندى. ئىبنى جەرىر بۇنى توغرا دەپ قارىدى.

**﴿پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىنى) ئۇنتۇمايدۇ﴾** مۇجاھىد: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ سېنى ئۇنتۇپ قالمىدى دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

**﴿ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغىن، الله نىڭ ئىبادىتىدىگە چىداملىق بولغىن، سەن ئۇنىڭ شېرىكى بارلىقىنى بىلەمسەن؟﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەن پەرۋەردىگارىڭغا ئوخشايدىغان بىر زاتنى بىلەمسەن؟ مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، قەتادە، ئىبنى جۇرەيج ۋە باشقىلاردىنمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر رىۋايەت قىلىندى.

ئىكرىمە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى الله تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشقا بىرسىنى ئاتىسا (چاقىرسا) بولمايدۇ.

* * * * * * *

وَيَقُولُ ٱلۡإِنسَٰنُ أَءِذَا مَا مِتُّ لَسَوۡفَ أُخۡرَجُ حَيًّا ﴿٦٦﴾ أَوَلَا يَذۡكُرُ ٱلۡإِنسَٰنُ أَنَّا خَلَقۡنَٰهُ مِن قَبۡلُ وَلَمۡ يَكُ
شَيۡـٔٗا ﴿٦٧﴾ فَوَرَبِّكَ لَنَحۡشُرَنَّهُمۡ وَٱلشَّيَٰطِينَ ثُمَّ لَنُحۡضِرَنَّهُمۡ حَوۡلَ جَهَنَّمَ جِثِيّٗا ﴿٦٨﴾ ثُمَّ لَنَنزِعَنَّ

مِن كُلِّ شِيعَةٍ أَيُّهُمْ أَشَدُّ عَلَى ٱلرَّحْمَٰنِ عِتِيًّا ﴿٦٩﴾ ثُمَّ لَنَحْنُ أَعْلَمُ بِٱلَّذِينَ هُمْ أَوْلَىٰ بِهَا صِلِيًّا ﴿٧٠﴾

ئىنسان (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئېتىقاد قىلمايدىغان كاپىر): «مەن ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلەمدىم؟» دەيدۇ﴿66﴾ ئىنسان بىز ئۇنى ئىلگىرى يوقتىن بار قىلغانلىقىمىزنى ئەسلىمەمدۇ؟﴿67﴾ پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنى ئەلۋەتتە (ئۇلارنى ئازدۇرغان) شەيتانلار بىلەن قوشۇپ يىغىمىز، ئاندىن ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ چۆرىسىدە تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزغان ھالدا ئەلۋەتتە ھازىر قىلىمىز﴿68﴾. ئاندىن ھەر بىر گۇرۇھنىڭ ئىچىدىن مەرھەمەتلىك الله غا ئەڭ ئاسىي بولغانلىرىنى تارتىپ چىقىرىمىز﴿69﴾. ئاندىن بىز دوزاخ ئازابىغا ئەڭ لايىق بولغانلارنى ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىمىز﴿70﴾.

## ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ھەيران قالغانلارغا بېرىلگەن رەددىيە

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسانلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدىغانلىقىغا ھەيران قالغانلىقى ۋە ئۇنى تىرىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر (بىرەر نەرسىدىن) ئەجەبلىنىدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ (يەنى كۇففارلارنىڭ): «بىز (ئۆلۈپ) توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن قايتا تىرىلەمدۇق؟» دېگەن سۆزى ئەجەبلىنىشكە لايىقتۇر﴾، ﴿ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابىمەنىدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ (پەرۋەردىگارىغا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر»﴾[1].

**﴿ئىنسان (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئېتىقاد قىلمايدىغان كاپىر): «مەن ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلەمدىم؟» دەيدۇ. ئىنسان بىز ئۇنى ئىلگىرى يوقتىن بار قىلغانلىقىمىزنى ئەسلىمەمدۇ؟﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسانلارنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇ ئىنساننى بۇرۇن يوق يەردىن ياراتقانلىقىنى پاكىت قىلىپ كەلتۈرۈپ: شۈبھىسىزكى، الله تائالا ئىنساننى يوق يەردىن ياراتتى. ئۇنى ياراتقان الله تائالا ئۇ يارىتىلىپ ئۇنىڭغا ئۇستىخان ۋە پەي ـ گۆشلەر قوراشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قايتا يارىتىشقا كۈچى يەتمەمدۇ؟ ـ دېدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾[2].

ھەدىس قۇددىسىدا مۇنداق دەپ كەلدى: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى مېنى يالغانچىغا چىقاردى. ئۇنىڭ مېنى يالغانچىغا چىقىرىشى ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس ئىدى، ئادەم بالىسى ماڭا ئەزىيەت

(1) رەئد سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) رۇم سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەردى. ئۇنىڭ ماڭا ئەزىيەت بېرىشى ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مېنى يالغانچىغا چىقىرىشى، ئۇنىڭ: الله تائالا مېنى بۇرۇن يوق يەردىن ياراتقانغا ئوخشاش (ئۆلگەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم) ھەرگىز تىرىلدۈرەلمەيدۇ، ـ دېگەن سۆزىدۇر. ئۇنى (يوق يەردىن) تۇنجى قېتىم يارىتىش ئۇنى ئۆلگەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم يارىتىشتىن ئوڭاي ئەمەس. ماڭا ئۇنى ئىككىنچى قېتىم يارىتىش بىرىنچى قېتىم ياراتقاندىن ئوڭاي. ئۇنىڭ ماڭا ئەزىيەت بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ: الله تائالانىڭ بالىسى بار، ـ دەپ ماڭا بالىنى نىسبەت بېرىشىدۇر. مەن يالغۇزدۇرمەن، ھەممىسى ماڭا موھتاجدۇر. مەن بالا تاپقانمۇ ۋە تۇغۇلغانمۇ ئەمەسمەن. مەن ھېچ كىشى ماڭا تەڭداش بولالمايدىغان بىر زاتتۇرمەن»».

﴿پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنى ئەلۋەتتە (ئۇلارنى ئازدۇرغان) شەيتانلار بىلەن قوشۇپ يىغىمىز، ئاندىن ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ چۆرىسىدە تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزغان ھالدا ئەلۋەتتە ھازىر قىلىمىز﴾ ئەۋفي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاندىن بىز ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ چۆرىسىدە تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزغان ھالەتتە كەلتۈرىمىز.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەر ئۈممەتنى (قورقۇنچىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) تىزلانغان ھالدا كۆرىسەن﴾[1] سۇددى مۇنداق دېدى: ئاندىن بىز ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ چۆرىسىدە ئۆرە تۇرغۇزغان ھالەتتە كەلتۈرىمىز. بىر قېتىم ئىبنى مەسئۇدتىنمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش سۆز رىۋايەت قىلىندى.

﴿ئاندىن ھەر بىر گۇرۇھنىڭ ئىچىدىن مەرھەمەتلىك الله غا ئەڭ ئاسىي بولغانلىرىنى تارتىپ چىقىرىمىز﴾ مۇجاھىد: ھەر بىر ئۈممەتتىن تارتىپ چىقىرىمىز دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

سەۋرى ئەلى ئىبنى ئەقمەردىن ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىرىنچى سەپتە ماڭغانلار كەينىدىكى سەپتىكىلەر كېلىپ بولغىچە توختىتىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدى-كەينى كېلىپ، ھەممىسى تولۇق يىغىلىپ بولغاندا، ھەممىسى بىراقلا (جەھەننەمگە) ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئاندىن جەھەننەمگە كىرگۈزۈلۈش جىنايەتلىرى ئەڭ ئېغىرلىرىدىن باشلىنىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله : «ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى بىلمەيسىلەر» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەرگە: «سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق (يەنى گۇمراھلىقتا ۋە ئازابقا تېگىشلىك بولۇشتا بىر ـ بىرىمىزگە ئوخشاشمىز)، قىلمىشلىرىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ﴾[2].

﴿ئاندىن بىز دوزاخ ئازابىغا ئەڭ لايىق بولغانلارنى ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىمىز﴾ الله تائالا جەھەننەمگە كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿الله : «ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى بىلمەيسىلەر» دەيدۇ﴾[3].

*******

وَإِن مِّنكُمْ إِلَّا وَارِدُهَا ۚ كَانَ عَلَىٰ رَبِّكَ حَتْمًا مَّقْضِيًّا ﴿٧١﴾ ثُمَّ نُنَجِّي الَّذِينَ اتَّقَوا وَّنَذَرُ الظَّالِمِينَ فِيهَا جِثِيًّا ﴿٧٢﴾

(1) جاسىيە سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 39 ـ ئايەت.
(3) ئەئراف سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر﴿71﴾. ئاندىن ئەڭ تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز﴿72﴾.

## ھەر بىر ئىنساننىڭ جەھەننەمنىڭ قېشىغا بىر قېتىم كېلىدىغانلىقى، ئاندىن تەقۋادارلارنىڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقى

**﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى جەرىر ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جەھەننەمنىڭ ئۈستىدىكى كۆۋرۈك قىلىچنىڭ بىسىغا ئوخشاشتۇر، ئۇنىڭدىن بىرىنچى گۇرۇھ چاقماق تېزلىكىدە، ئىككىنچى گۇرۇھ شامالنىڭ تېزلىكىدە، ئۈچىنچى گۇرۇھ ئارغىماقنىڭ تېزلىكىدە ۋە تۆتىنچى گۇرۇھ (ئارغىماقتىن باشقا ھايۋانلارنىڭ) ئەڭ تېز يۈگۈرۈشىدە ئۆتىدۇ. ئۇلار ئۆتۈۋاتقاندا پەرىشتىلەر (يولدا تۇرۇپ): «ئى **الله** ! (ئۇلارغا) خاتىرجەملىك ئاتا قىلساڭ! (ئۇلارغا) خاتىرجەملىك ئاتا قىلساڭ» دەپ تىلەپ تۇرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد يەنە زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ ئايالى ئۇممۇبەشىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەفسەنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ: «بەدرى ئۇرۇشىغا ۋە ھۇدەيبىيەدىكى توختامغا قاتناشقان كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ» دېدى. ھەفسە: **الله** تائالا: **﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ﴾** دېمىدىمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**الله** تائالا: **﴿ئاندىن ئەڭ تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز﴾** دېدى» دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمان بىر كىشىنىڭ ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ قالغان بولسا، (دوزاخنىڭ) ئوتى ئۇ كىشىنى پەقەت قەسەمنى بۇزغانچىلىك مۇددەت كۆيدۈرىدۇ»[1].

**﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دېدى: مۇسۇلمانلارنىڭ (دوزاخقا) بارغانلىقى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان كۆۋرۈكتىن ئۆتكەنلىكىدۇر، مۇشرىكلارنىڭ (دوزاخقا) بارغانلىقى ئۇنىڭغا كىرگەنلىكىدۇر.

**﴿ئاندىن ئەڭ تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز﴾** كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دوزاخنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەن ۋاقىتىدا، كاپىرلار ۋە **الله** تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان كىشىلەر ئۇنىڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ. **الله** تائالا مۆمىن، تەقۋادار كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە قاراپ قۇتقۇزىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆۋرۈكتىن تېز (ياكى ئاستا) ئۆتۈشى ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەلىگە بېقىپ بولىدۇ. ئاندىن مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىن چوڭ جىنايەت قىلىپ (دوزاخقا كىرىپ قالغان) كىشىلەرگە شاپائەت قىلىنىدۇ. (ئۇلارغا) پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە (باشقا) مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسى **الله** تائالانىڭ ئىزنى بىلەن شاپائەت قىلىدۇ. ئاندىن

(1) يەنى بىر كىشى سۇ ئىچمەيمەن دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ كىشى سۇنى ئاغزىغا ئاپىرىپ بىر يۇتۇم ئىچىشى ھامان قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتكەندەك، ئۇ كىشىمۇ دوزاختا شۇنداق ئاز مۇددەت قالىدۇ دېمەكچى.

ئوت پەقەت سەجدە قىلغان ئورۇننىڭ دائىرىسىدىن باشقا ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر (دوزاختىن) چىقىرىلىدۇ. بىرىنچى قېتىمدا دىلىدا دىنارچە ئىمانى بار كىشىلەر چىقىرىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئازراقى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئازراقى ھەتتا دوزاختىن دىلىدا زەررىدىن نەچچە ھەسسە ئاز ئىمانى بار كىشىلەرمۇ چىقىدۇ. الله تائالا ئاخىرىدا ياخشىلىق قىلمىسىمۇ، ھاياتىدا بىر قېتىم "لائىلاھە ئىللەللا" دېگەن كىشىنى دوزاختىن چىقىرىدۇ. دوزاختا پەقەت (دوزاختا) مەڭگۈلۈك تۇرۇش پۈتۈلۈپ كەتكەن كىشىلەرلا قالىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسمۇ بار.

* * * * * * *

وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٍ قَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَىُّ ٱلْفَرِيقَيْنِ خَيْرٌ مَّقَامًا وَأَحْسَنُ نَدِيًّا ﴿٧٣﴾ وَكَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّن قَرْنٍ هُمْ أَحْسَنُ أَثَٰثًا وَرِءْيًا ﴿٧٤﴾

ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، كاپىرلار مۆمىنلەرگە: «ئىككى گۇرۇھتىن قايسىسىنىڭ ئورنى ياخشى، سورۇنى گۈزەل؟» دېدى﴿73﴾. ئۇلاردىن بۇرۇن (بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، بۇلار مەيلى مال ـ مۈلۈك جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن بولسۇن، ئۇلاردىن ئارتۇق ئىدى﴿74﴾.

## كاپىرلارنىڭ دۇنيالىقنىڭ ياخشى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىشى

**﴿ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، كاپىرلار مۆمىنلەرگە: «ئىككى گۇرۇھتىن قايسىسىنىڭ ئورنى ياخشى، سورۇنى گۈزەل؟» دېدى﴾** يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە كاپىرلارغا پاكىتى ئوچۇق بولغان ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلگەن ۋاقىتدا، ئۇلار ئۇ ئايەتتىن قەتئىي يۈز ئۆرۈپ، پەخىرلىنىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ خاتا دىنىنىڭ (ۋە ماڭغان خاتا يول ۋە ناھەق قانۇنلىرىنىڭ) توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۆمىنلەرگە: ئۆيلىرىمىز چىرايلىق، قورۇلىرىمىز، بىنالىرىمىز كاتتا ۋە يىغىلىپ ئولتۇرىدىغان سورۇن ۋە زاللىرىمىز ھەشەمەتلىك، بىز مۇشۇنداق تەرەققىياتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز قانداقمۇ خاتا بولسۇن؟ ـ دەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

الله تائالا (كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ تەرەققى قىلغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى، ئىسلام دىنىغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ھەممە تەرەپتىن ئاجىز ئىكەنلىكى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تۇتقان خاتا يوللىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە پاكىت كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا) مۇنداق دېدى: ﴿كاپىرلار مۆمىنلەرگە: «ئەگەر (قۇرئان بىلەن ئىسلام دىنى) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار (يەنى ئاجىز مۇسۇلمانلار) ئۇنىڭغا بىزدىن بۇرۇن ئىشەنمىگەن بولاتتى» دېدى﴾[1].

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەملىرى (نۇھ ئەلەيھىسسالامغا) مۇنداق دېدى: ﴿«(ئى نۇھ!) ساڭا تۆۋەن

(1) ئەھقاف سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، ساڭا بىز ئىمان ئېيتامدۇق؟» دېدى﴾[1] ۋە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ: «الله ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟» دېيىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق (يەنى پېقىر، ئاجىز كىشىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇش بىلەن، باي - چوڭ كىشىلەرنى سىنىدۇق). الله شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ (يەنى شۈكۈر قىلغۇچىلارنى الله ھىدايەت قىلىدۇ)﴾[2].

شۇڭا الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ گۇمانىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلاردىن بۇرۇن (بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىنى ھالاك قىلغاندا ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى (قۇرئاندا) ھېكايە قىلغان ۋاقىتىدا دېگەن بۇ سۆزىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئۇلار (غەرق بولۇپ) نۇرغۇن باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى، چىرايلىق جايلارنى قالدۇردى﴾[3].

*******

قُلْ مَن كَانَ فِي ٱلضَّلَٰلَةِ فَلْيَمْدُدْ لَهُ ٱلرَّحْمَٰنُ مَدًّاۚ حَتَّىٰٓ إِذَا رَأَوْاْ مَا يُوعَدُونَ إِمَّا ٱلْعَذَابَ وَإِمَّا ٱلسَّاعَةَ فَسَيَعْلَمُونَ مَنْ هُوَ شَرٌّ مَّكَانًا وَأَضْعَفُ جُندًا ﴿٧٥﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «كىمكى گۇمراھلىقتا بولىدىكەن، مەرھەمەتلىك الله ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىدۇ، تاكى ئۇلار ئازاب ياكى قىيامەتتىن ئىبارەت الله ئۇلارغا ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنى كۆرگەندە ئاندىن كىمنىڭ ئورنى يامان ۋە كىمنىڭ لەشكىرى ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ»﴿75﴾.

## ئازغۇنلۇقتىكى كىشىلەرگە مۆھلەت بېرىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلاردىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقى

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ئى مۇھەممەد! سەن ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرگەن، ئۆزلىرىنى ھەقىقەتنىڭ ئۈستىدە ۋە سىلەرنى خاتا يولنىڭ ئۈستىدە دەپ دەۋا قىلغان مۇشرىكلارغا مۇنداق دېگىن: **﴿«كىمكى گۇمراھلىقتا بولىدىكەن، مەرھەمەتلىك الله ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىدۇ، تاكى ئۇلار ئازاب ياكى قىيامەتتىن ئىبارەت الله ئۇلارغا ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنى كۆرگەندە ئاندىن كىمنىڭ ئورنى يامان ۋە كىمنىڭ لەشكىرى ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ»﴾** بۇ ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلغان مۇشرىكلارغا (الله تائالانىڭ) لەنىتىنى تىلەشتۇر. شۇنىڭدەك، الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىيلارغا الله تائالانىڭ لەنىتىنىڭ چۈشۈشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى يەھۇدىيلار! ئەگەر سىلەر باشقىلارنى ئەمەس، پەقەت ئۆزەڭلارنىلا الله نىڭ دوستلىرى دەپ دەۋا قىلىدىغان بولساڭلار، (ئاخىرەتنىڭ راھىتىگە تېزرەك يېتىش

(1) شۇئەرا سۈرىسى 111 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 53 ـ ئايەت.
(3) دۇخان سۈرىسى 25 ـ 26 ـ ئايەتلەر.

ئۈچۈن) ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار، ئەگەر (بۇ دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار»﴾[1].

ئۇلار ئۇنداق قىلىشتىن باش تارتتى. ئاندىن الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خرىستىئانلار بىلەن لەنەت ئېيتىشقانلىقىنى (ئۆزىنىڭ بۇ ئايىتىدە) بايان قىلدى: ﴿سەن ئىسا توغرۇلۇق ھەقىقىي مەلۇماتقا ئىگە بولغىنىڭدىن كېيىن، كىملەركى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: «كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى يىغىپ، الله نىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ الله غا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى» دېگىن﴾[2] يەنى بۇلارمۇ باش تارتتى (دېگەنلىكتۇر).

*******

وَيَزِيدُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ٱهْتَدَوْا۟ هُدًى ۗ وَٱلْبَـٰقِيَـٰتُ ٱلصَّـٰلِحَـٰتُ خَيْرٌ عِندَ رَبِّكَ ثَوَابًا وَخَيْرٌ مَّرَدًّا ﴿٧٦﴾

الله ھىدايەت تاپقۇچىلارنىڭ ھىدايىتىنى زىيادە قىلىدۇ، باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر ساۋاب جەھەتتىن ۋە ئاقىۋەت جەھەتتىن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا ئارتۇقتۇر﴿76﴾.

## الله تائالانىڭ توغرا يولدا ماڭغانلارغا ھىدايىتىنى تېخىمۇ ئارتۇق قىلىدىغانلىقى

الله تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە گۇمراھلىقتىكى كىشلەرنى تېخىمۇ گۇمراھلىققا باشلايدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ئايەتتە توغرا يولدا ماڭغانلارنىڭ ھىدايىتىنى تېخىمۇ ئارتۇق قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ ئارىسىدا (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بۇ (يەنى سۈرە) قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى» دەيدىغانلار بار، مۆمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (يەنى سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار (سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) خۇشال بولىدۇ. دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار) غا كېلىدىغان بولساق، بۇ (سۈرە) ئۇلارنىڭ كۇفرىغا كۇفرى قوشتى (يەنى ئۇلار مۇناپىقلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى، تېخىمۇ گۇمراھلاشتى)، ئۇلار كاپىر پېتى ئۆلدى﴾[3].

**﴿باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر ساۋاب جەھەتتىن ۋە ئاقىۋەت جەھەتتىن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا ئارتۇقتۇر﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىگە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر ۋە بايانلار كەھف سۈرىسىدە سۆزلەنگەن ئىدى.

*******

(1) جۇمە سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 61 ـ ئايەت.
(3) تەۋبە سۈرىسى 125 ـ ئايەت.

أَفَرَءَيْتَ ٱلَّذِى كَفَرَ بِـَٔايَـٰتِنَا وَقَالَ لَأُوتَيَنَّ مَالًا وَوَلَدًا ﴿٧٧﴾ أَطَّلَعَ ٱلْغَيْبَ أَمِ ٱتَّخَذَ عِندَ ٱلرَّحْمَـٰنِ عَهْدًا
﴿٧٨﴾ كَلَّا ۚ سَنَكْتُبُ مَا يَقُولُ وَنَمُدُّ لَهُۥ مِنَ ٱلْعَذَابِ مَدًّا ﴿٧٩﴾ وَنَرِثُهُۥ مَا يَقُولُ وَيَأْتِينَا فَرْدًا ﴿٨٠﴾

بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ماڭا (ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە مال ـ مۈلۈك، ئەۋلاد بېرىلىدۇ دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟﴿77﴾ ئۇ غەيبنى بىلگەنمۇ؟ ياكى مەرھەمەتلىك الله نىڭ ئەھدىگە ئېرىشكەنمۇ؟﴿78﴾ ھەرگىز ئۇنداق بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئازابنى كۈچەيتىمىز﴿79﴾. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى (يەنى مېلىنى ۋە ئەۋلادىنى) باشقىلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرىمىز، ئۇ ئالدىمىزغا تەنھا كېلىدۇ﴿80﴾.

## ئاخىرەتتە بىزگە مال ـ مۈلۈك ۋە بالا بېرىلىدۇ دەپ گۇمان قىلغان كاپىرلارغا بېرىلگەن رەددىيە

ئىمام ئەھمەد خەبباب ئىبنى ئەرەتتىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن تۆمۈرچى ئىدىم، مېنىڭ ئاس ئىبنى ۋائىلدىن ئېلىشىم بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا قەرز سوراپ كەلدىم، ئۇ ماڭا: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن مۇھەممەدنى ئىنكار قىلمىغۇچە، مەن سېنىڭ ئېلىشىڭنى قايتۇرۇپ بەرمەيمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭغا: ياق، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن ئۆلۈپ ئاندىن تىرىلمىگۈچە، مەن مۇھەممەدتىن تانمايمەن، ـ دېدىم. ئۇ: مەن ھەقىقەتەن ئۆلۈپ ئاندىن تىرىلگەن ۋاقتىمدا، مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم ۋە بالام بولىدۇ. (شۇ چاغدا) مېنىڭ قېشىمغا كەلگىن، ئاندىن ئېلىشىڭنى بېرىۋېتەي، ـ دېدى. ئاندىن الله تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ بايان قىلىنىدى: مەن مەككىدە تۆمۈرچىلىك قىلىدىغان كىشى ئىدىم. مەن ئاس ئىبنى ۋائىلغا بىر قىلىچ سوقۇپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن قىلىچنىڭ پۇلىنى ئالغىلى باردىم (ۋەقەلىكنىڭ قالغان يېرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك).

**﴿ئۇ غەيبنى بىلگەنمۇ؟﴾** بۇ يۇقىرىدىكى سۆزنى قىلغۇچىنى تېخىمۇ ئەيىبلەشتۇر. **﴿ھەرگىز ئۇنداق بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئازابنى كۈچەيتىمىز﴾** يەنى دۇنيادا ئېيتقان ھېلىقى سۆزى ۋە الله تائالادىن تانغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئازابنى كۈچەيتىمىز.

**﴿ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى (يەنى مېلىنى ۋە ئەۋلادىنى) باشقىلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرىمىز﴾** شۇنداقلا ئاخىرەتتە ئۇنى ئۇنىڭ دۇنيادىكى پۈتۈن نەرسىلىرىدىن ئايرىۋېتىمىز (ئۇ الله تائالانىڭ ئالدىغا تەنھا كېلىدۇ). شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇ ئالدىمىزغا تەنھا كېلىدۇ﴾**.

*******

وَٱتَّخَذُوا۟ مِن دُونِ ٱللَّهِ ءَالِهَةً لِّيَكُونُوا۟ لَهُمْ عِزًّا ﴿٨١﴾ كَلَّا ۚ سَيَكْفُرُونَ بِعِبَادَتِهِمْ وَيَكُونُونَ عَلَيْهِمْ ضِدًّا
﴿٨٢﴾ أَلَمْ تَرَ أَنَّآ أَرْسَلْنَا ٱلشَّيَـٰطِينَ عَلَى ٱلْكَـٰفِرِينَ تَؤُزُّهُمْ أَزًّا ﴿٨٣﴾ فَلَا تَعْجَلْ عَلَيْهِمْ ۖ إِنَّمَا نَعُدُّ لَهُمْ عَدًّا ﴿٨٤﴾

ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئىززەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن (يەنى بۇتلىرىنىڭ شاپائىتى بىلەن الله نىڭ ئالدىدا ئىززەتلىك بولۇشلىرى ئۈچۈن)، الله نى قويۇپ ئىلاھلار (يەنى بۇتلار) غا چوقۇندى﴿81﴾. ئىش ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئەمەس (يەنى بۇتلىرى ئۇلارنىڭ الله ئالدىدا ئىززەت تېپىشلىرىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ)، ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ﴿82﴾. بىزنىڭ شەيتانلارنى كاپىرلارغا ئەۋەتكەنلىكىمىزنى (يەنى مۇسەللەت قىلغانلىقىمىزنى) بىلمەمسەن؟ شەيتانلار ئۇلارنى (گۇناھلارغا) قىزىقتۇرىدۇ﴿83﴾. ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىراپ كەتمىگىن، (ئۇلارنىڭ كۈنى ئاز قالغان بولۇپ) ئۇنى بىز ساناپ تۇرىمىز﴿84﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ چوقۇنغان بۇتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقى

**﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئىززەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن (يەنى بۇتلىرىنىڭ شاپائىتى بىلەن الله نىڭ ئالدىدا ئىززەتلىك بولۇشلىرى ئۈچۈن)، الله نى قويۇپ ئىلاھلار (يەنى بۇتلار) غا چوقۇندى﴾** يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە پەرۋەردىگارىدىن تانغان كاپىرلارنىڭ (بۇتلىرىنىڭ شاپائىتى بىلەن الله تائالانىڭ ئالدىدا ئىززەتلىك بولۇشى ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىشى ئۈچۈن) الله تائالانى قويۇپ بۇتلارنى ئىلاھ تۇتقانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئەمەلىيەتتە، ئىشنىڭ ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ۋە ئۇلار ئارزۇ قىلغاندەك بولمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئىش ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئەمەس (يەنى بۇتلىرى ئۇلارنىڭ الله ئالدىدا ئىززەت تېپىشلىرىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ)، ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله نى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر. (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[1].

**﴿ئىش ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئەمەس (يەنى بۇتلىرى ئۇلارنىڭ الله ئالدىدا ئىززەت تېپىشلىرىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ)، ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سۇددى مۇنداق دەيدۇ: يەنى كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ.

**﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ﴾** يەنى بۇتلار ئۇلارنىڭ قاتتىق ئاداۋەتچىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## كاپىرلارغا شەيتانلارنىڭ ھۆكۈمدار ئىكەنلىكى

**﴿بىزنىڭ شەيتانلارنى كاپىرلارغا ئەۋەتكەنلىكىمىزنى (يەنى مۇسەللەت قىلغانلىقىمىزنى) بىلمەمسەن؟**

(1) ئەھقاف سۈرىسى 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر.

**شەيتانلار ئۇلارنى (گۇناھلارغا) قىزىقتۇرىدۇ﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەيتانلار كاپىرلارنى قاتتىق ئازدۇرىدۇ.

ئەۋفىي ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەيتانلار ئۇلارنى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا قارشى چىقىشقا قىزىقتۇرىدۇ. قەتادە مۇنداق دېدى: شەيتانلار ئۇلارنى **الله** تائالا گۇناھ دەپ كۆرسەتكەن ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى **الله** تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسگە ئوخشايدۇ، ـ دېدى: ﴿كىمكى مېھرىبان **الله** نى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ﴾[1].

**﴿ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىراپ كەتمىگىن﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارغا ئازابنىڭ چۈشۈشىگە ئالدىراپ كەتمىگىن **﴿(ئۇلارنىڭ كۈنى ئاز قالغان بولۇپ) ئۇنى بىز ساناپ تۇرىمىز﴾** يەنى ھەقىقەتەن بىز ئۇلارغا (كېلىدىغان ئازابنى) ساناقلىق بىر مۇددەتكىچىلىك كېچىكتۈرىمىز، ئۇلار چوقۇم **الله** تائالانىڭ ئازابىنى تېتىيدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن **الله** نى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن﴾[2]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىرىمىغىن، ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بەرگىن (ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن)﴾[3]، ﴿ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشىمىز (ۋە ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈشىمىز) پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر﴾[4]، ﴿ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنا (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا) مەجبۇرلايمىز﴾[5]، ﴿ئۇلارغا: «(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولدۇڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاختۇر» دېگىن﴾[6].

**﴿(ئۇلارنىڭ كۈنى ئاز قالغان بولۇپ) ئۇنى بىز ساناپ تۇرىمىز﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سۇددى مۇنداق دېدى: يەنى بىز ھەقىقەتەن يىللاپ، ئايلاپ، كۈنلەپ ۋە سائەتلەپ ساناپ تۇرىمىز.

* * * * * * *

يَوْمَ نَحْشُرُ ٱلْمُتَّقِينَ إِلَى ٱلرَّحْمَٰنِ وَفْدًا ﴿٨٥﴾ وَنَسُوقُ ٱلْمُجْرِمِينَ إِلَىٰ جَهَنَّمَ وِرْدًا ﴿٨٦﴾ لَّا يَمْلِكُونَ ٱلشَّفَٰعَةَ
إِلَّا مَنِ ٱتَّخَذَ عِندَ ٱلرَّحْمَٰنِ عَهْدًا ﴿٨٧﴾

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 36 ـ ئايەت.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) تارىق سۈرىسى 17 ـ ئايەت.
(4) ئال ئىمران سۈرىسى 178 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) لوقمان سۈرىسى 24 ـ ئايەت.
(6) ئىبراھىم سۈرىسى 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) تەقۋادارلارنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن يىغىمىز﴿85﴾. گۇناھكارلارنى ئۇلار چاڭقىغان ھالدا جەھەننەمگە ھەيدەيمىز﴿86﴾. مەرھەمەتلىك اللە نىڭ ئەھدىگە ئېرىشكەنلەردىن باشقىلار شاپائەت قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ﴿87﴾.

## تەقۋادارلار ۋە گۇناھكارلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى

**﴿شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) تەقۋادارلارنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن يىغىمىز. گۇناھكارلارنى ئۇلار چاڭقىغان ھالدا جەھەننەمگە ھەيدەيمىز﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەتا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ھەسەن، قەتادە ۋە ئۇلاردىن باشقىلار مۇنداق دېدى: اللە تائالا (بۇ ئايەتتە) بۇ دۇنيادا ئۆزىدىن قورققان، پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشكەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلارغا يەتكۈزگەن خەۋەرلىرىگە ئىشەنگەن، ئۇلار بۇيرۇغان ئىشلاردا ئۇلارغا بويسۇنغان ۋە ئۇلار توسقان ئىشلاردىن يانغان تەقۋادار بەندىلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى جەننەتكە (مەخسۇس) شۇلار ئۈچۈن تەييارلانغان ئەڭ كاتتا بىر نۇرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىدىن، ئەمما پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنمىگەن ۋە ئۇلارغا قارشىلىق قىلغان گۇناھكارلار بولسا، چاڭقاپ كەتكەن ھالدا دوزاخقا مەجبۇرىي ھەيدىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. بۇ چاغدا ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: ﴿كاپىرلار مۆمىنلەرگە: «ئىككى گۇرۇھتىن قايسىسىنىڭ ئورنى ياخشى، سورۇنى گۈزەل؟» دېدى﴾[1].

**﴿شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) تەقۋادارلارنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن يىغىمىز﴾** ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى مەرزۇقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۆمىن قەبرىسىدىن چىققان ۋاقتىدا ناھايىتى چىرايلىق تېنى خۇشبۇي پۇرايدىغان بىر كىشىنى كۆرىدۇ. ئاندىن مۆمىن ئۇنىڭغا قاراپ: سەن كىم بولىسەن؟ ـ دەيدۇ. ئۇ: مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ ـ دەيدۇ. مۆمىن: ياق ۋە لېكىن اللە تائالا ھەقىقەتەن پۇرىقىڭنى خۇشبۇي، چىرايىڭنى گۈزەل قىلىپتۇ، ـ دەيدۇ. ئۇ: مەن سېنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭ، سەن دۇنيادا مۇشۇنىڭدەك گۈزەل ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغان ئىدىڭ، مەن دۇنيادا سېنىڭ ئۈستۈڭگە مىنگەن ئىدىم، ئەمدى سەن مېنىڭ ئۈستۈمگە مىنگىن، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مۆمىن ئۇنىڭغا مىنىپ مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا بارىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى بىز قىيامەت كۈنىدە تەقۋادارلارنى مەرھەمەتلىك اللە تائالانىڭ دەرگاھىغا بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە مىندۈرۈپ ئېلىپ بارىمىز.

**﴿گۇناھكارلارنى ئۇلار چاڭقىغان ھالدا جەھەننەمگە ھەيدەيمىز﴾** يەنى بىز گۇناھكارلارنى جەھەننەمگە چاڭقىغان ھالىتىدە ھەيدەيمىز. مۆمىنىنىڭ بەزىسى ـ بەزىسىگە اللە تائالانىڭ ئىزنى بىلەن شاپائەت قىلىدۇ. لېكىن گۇناھكارلارنىڭ ئىچىدە ئۇلارغا شاپائەت قىلىدىغان بىرمۇ كىشى چىقمايدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق ۋە يېقىن دوستىمۇ يوق﴾[2].

(1) مەريەم سۈرىسى 73 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 100 ـ 101 ـ ئايەتلەر.

**﴿مەرھەمەتلىك الله نىڭ ئەھدىگە ئېرىشكەنلەردىن باشقىلار شاپائەت قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ﴾** بۇ ئايەتتىكى الله تائالانىڭ ئەھدىسى توغرىسدا ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتتىكى الله تائالانىڭ ئەھدىسى دېگەن سۆزدىن الله تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىبادەتكە لايىق بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىش، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىگىسى دەپ قارىغان باشقا ھەر قانداق نەرسىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ (الله تائالاغىلا ئېسىلىش) ۋە پەقەت الله تائالادىنلا ئۈمىد قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ (يەنى مۇشۇنداق قىلغان كىشىلەرلا شاپائەت قىلىشقا قادىر بولالايدۇ).

* * * * * * *

وَقَالُواْ ٱتَّخَذَ ٱلرَّحۡمَٰنُ وَلَدٗا ﴿٨٨﴾ لَّقَدۡ جِئۡتُمۡ شَيۡـًٔا إِدّٗا ﴿٨٩﴾ تَكَادُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ يَتَفَطَّرۡنَ مِنۡهُ
وَتَنشَقُّ ٱلۡأَرۡضُ وَتَخِرُّ ٱلۡجِبَالُ هَدًّا ﴿٩٠﴾ أَن دَعَوۡاْ لِلرَّحۡمَٰنِ وَلَدٗا ﴿٩١﴾ وَمَا يَنۢبَغِي لِلرَّحۡمَٰنِ أَن يَتَّخِذَ وَلَدًا
﴿٩٢﴾ إِن كُلُّ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ إِلَّآ ءَاتِي ٱلرَّحۡمَٰنِ عَبۡدٗا ﴿٩٣﴾ لَّقَدۡ أَحۡصَىٰهُمۡ وَعَدَّهُمۡ عَدّٗا ﴿٩٤﴾
وَكُلُّهُمۡ ءَاتِيهِ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فَرۡدًا ﴿٩٥﴾

ئۇلار: «الله نىڭ بالىسى بار» دېيىشتى﴿88﴾. سىلەر شەك ـ شۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار﴿89﴾. بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى﴿90﴾. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله نىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى﴿91﴾. بالىسى بولۇش الله غا لايىق ئەمەستۇر﴿92﴾. ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا الله غا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر﴿93﴾. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى﴿94﴾. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ﴿95﴾.

## الله تائالاغا بالا نىسبەت بەرگەنلەرنىڭ قاتتىق ئەيىبلەنگەنلىكى

الله تائالا بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ (خرىستىئانلار دېگەندەك) ئىلاھ ياكى الله تائالانىڭ ئوغلى ئەمەس، بەلكى الله تائالانىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ۋە ئۇنىڭ مەريەمدىن دادىسىز يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ يەردە الله تائالانىڭ بالىسى بار (الله تائالا بۇنىڭدىن پاكتۇر!) دەپ گۇمان قىلغانلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار: «الله نىڭ بالىسى بار» دېيىشتى. سىلەر شەك ـ شۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار﴾**.

**﴿قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، قەتادە ۋە مالىك قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: يەنى سىلەر (الله تائالانىڭ بالىسى بار دېيىش بىلەن) گۇناھى ناھايىتى قاتتىق بىر ئىشنى قىلدىڭلار.

**﴿بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله نىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىنسان ۋە

جىنلاردىن باشقا ئاسمان ـ زېمىن، تاغلار ۋە ھەممە مەخلۇقاتلار (اﷲ تائالاغا كەلتۈرۈلگەن) بۇ شېرىكتىن ھەقىقەتەن قورقۇپ كەتتى. ئۇلار اﷲ تائالانى ئۇلۇغلاپ، (ئۇنىڭغا كەلتۈرۈلگەن) شېرىكنىڭ سەۋەبى بىلەن ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. اﷲ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرى مەنپەئەت قىلمايدۇ، بىز اﷲ تائالانىڭ "لائىلاھە ئىللەللا" دېگەن سۆزنى دېيىش ئارقىلىق اﷲ تائالانى بىر دەپ ئېتىراپ قىلغان مۆمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشىنى ئارزۇ قىلىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر ئۆزەڭلەرنىڭ ئۆچىڭلاردىكى ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا "لائىلاھە ئىللەللا" دېگەن سۆزنى سېلىپ بېرىڭلار، كىمكى ئۇ سۆزنى ئۆلۈش ئالدىدا دېسە، ئۇنىڭغا جەننەتكە كىرىش ۋاجىب بولىدۇ». ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئۇ سۆزنى ساق ۋاقتىدا دېگەن كىشىگىچۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ (سۆزنى ساق ۋاقتىدا دېيىش كېسەل ۋاقتىدا دېگەندىن) بەكرەك (جەننەتكە كىرىشنى) ۋاجىب قىلىدۇ. جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئاسمانلار، زېمىنلار، زېمىنلارنىڭ ئىچىدىكى، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ۋە ئۇنىڭ تېگىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە، "لائىلاھە ئىللەللا" دېگەن سۆزنى ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قويسا، ئەلۋەتتە، بۇ سۆزنىڭ ئېغىرلىقى تارازىنى بېسىپ كېتىدۇ».

ئىمام ئەھمەد ئەبۇمۇسادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اﷲ تائالادىن باشقىسى ئاڭلىغان ئەزىيەتكە سەۋر قىلالمايدۇ. ئۇ، كىشىلەرگە سالامەتلىك ئاتا قىلىپ، ئۇلاردىن (ھەر خىل بالالارنى) قايتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا رىزىق بېرىپ تۇرسىمۇ، (ئۇلار) ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ بالىسى بار دەيدۇ».

**﴿بالىسى بولۇش اﷲ غا لايىق ئەمەستۇر﴾** يەنى مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغىنى يوق، چۈنكى، ھەممە مەخلۇقاتلار ئۇنىڭ بەندىسىدۇر. شۇڭا اﷲ تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا اﷲ غا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، اﷲ ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى اﷲ نىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ﴾**.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَيَجْعَلُ لَهُمُ ٱلرَّحْمَٰنُ وُدًّا ﴿٩٦﴾ فَإِنَّمَا يَسَّرْنَٰهُ بِلِسَانِكَ لِتُبَشِّرَ بِهِ ٱلْمُتَّقِينَ وَتُنذِرَ بِهِۦ قَوْمًا لُّدًّا ﴿٩٧﴾ وَكَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّن قَرْنٍ هَلْ تُحِسُّ مِنْهُم مِّنْ أَحَدٍ أَوْ تَسْمَعُ لَهُمْ رِكْزًۢا ﴿٩٨﴾

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن اﷲ ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ﴿96﴾. (ئى مۇھەممەد!) تەقۋادارلارغا خۇش خەۋەر بېرىشىڭ ۋە سەركەش قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بىز قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ نازىل قىلدۇق﴿97﴾. ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن بىرەر ئەھەدىنى كۆرەلەمسەن؟ ئۇلاردىن

بىرەر پەس ئاۋاز ئاڭلىيالامسەن؟ (يەنى ئۇلار شۇنداق تەلتۆكۈس ھالاك قىلىندىكى، ئۇلاردىن كۆرگىلى ۋە ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى ھېچ ئەھەدى قالمىدى)﴿98﴾.

## اللە تائالانىڭ كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا تەقۋادار كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈشنى سالىدىغانلىقى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە اللە تائالانى رازى قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارنى قىلغان (ياخشى) بەندىلىرىنى ياخشى كۆرۈشنى باشقا تەقۋادار، ياخشى بەندىلىرىنىڭ دىللىرىغا سالىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. مۇشۇنداق بولۇشى چوقۇمدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلدى. (بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدىن) ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالا بىر بەندىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، جىبرىئىلنى چاقىرىپ: ئى جىبرىئىل! مەن پالانىنى ياخشى كۆردۇم، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن، ـ دەيدۇ. ئاندىن جىبرىئىل ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئاسماندىكىلەرگە: اللە تائالا پالانىنى ياخشى كۆرىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار، ـ دەپ جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاسماندىكىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ياخشى كۆرۈش زېمىنغا تاشلىنىدۇ. زېمىندىكىلەر (ئۇنى) قوبۇل قىلىپ (ئۇ كىشىنى) ياخشى كۆرىدۇ. اللە تائالا بىر بەندىنى يامان كۆرۈپ قالسا، جىبرىئىلنى چاقىرىپ: ئى جىبرىئىل! مەن پالانىنى يامان كۆرىمەن، سەنمۇ يامان كۆرگىن، ـ دەيدۇ. ئاندىن جىبرىئىل ئۇنى يامان كۆرىدۇ. ئاندىن ئاسماندىكىلەرگە: اللە تائالا پالانىنى يامان كۆرىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى يامان كۆرۈڭلار، ـ دەپ جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاسماندىكىلەر ئۇنى يامان كۆرىدۇ. يامان كۆرۈش زېمىنغا تاشلىنىدۇ (شۇنىڭ بىلەن، زېمىندىكى كىشىلەرمۇ ئۇنى يامان كۆرىدۇ)».

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: «اللە تائالا بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلنى چاقىرىپ: (ئۇنىڭغا) ھەقىقەتەن پالانىنى ياخشى كۆردۇم، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن، ـ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئاسماندىكىلەرگە ئېلان قىلىدۇ، (ئاسماندىكىلەر ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ). ئاندىن ياخشى كۆرۈش زېمىندىكى كىشىلەرگە چۈشۈرۈلىدۇ (ئاندىن زېمىندىكى كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ). بۇ، اللە تائالانىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر: **﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن اللە ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ﴾**».

اللە تائالا ئاخىرىدا قۇرئاننىڭ خۇش بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن بىرەر ئەھەدىنى كۆرەلەمسەن ياكى ئۇلاردىن بىرەر پەس ئاۋاز ئاڭلىيالامسەن؟ (يەنى ئۇلار شۇنداق تەلتۆكۈس ھالاك قىلىندىكى، ئۇلاردىن كۆرگىلى ۋە ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى ھېچ ئەھەدى قالمىدى)﴾**.

شۇنىڭ بىلەن، مەريەم سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. پۈتۈن ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە تائالاغا خاستۇر!

# تاھا سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 135 ئايەت

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

طه ﴿١﴾ مَا أَنزَلْنَا عَلَيْكَ الْقُرْآنَ لِتَشْقَىٰ ﴿٢﴾ إِلَّا تَذْكِرَةً لِّمَن يَخْشَىٰ ﴿٣﴾ تَنزِيلًا مِّمَّنْ خَلَقَ
الْأَرْضَ وَالسَّمَاوَاتِ الْعُلَى ﴿٤﴾ الرَّحْمَٰنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَىٰ ﴿٥﴾ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ
وَمَا بَيْنَهُمَا وَمَا تَحْتَ الثَّرَىٰ ﴿٦﴾ وَإِن تَجْهَرْ بِالْقَوْلِ فَإِنَّهُ يَعْلَمُ السِّرَّ وَأَخْفَى ﴿٧﴾ اللَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ
لَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَىٰ ﴿٨﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

تاھا (يەنى: ئى مۇھەممەد!)﴿1﴾. قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس﴿2﴾. پەقەت (الله دىن) قورققۇچىلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق﴿3﴾. ئۇ زېمىننى ۋە (كەڭ)ئېگىز ئاسمانلارنى ياراتقان زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان﴿4﴾. مەرھەمەتلىك الله ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى﴿5﴾. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭدۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، الله نىڭ مەخلۇقاتىدۇر، الله نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر)﴿6﴾. ئەگەر سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭ (ياكى يوشۇرۇن سۆزلىسەڭ، الله نىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر)، چۈنكى، ئۇ سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴿7﴾. الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار﴿8﴾.

## قۇرئان كەرىمنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەنلىكى

سۈرىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدە بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق، بۇ يەردە قايتا توختالمايمىز.

**﴿قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس﴾** جۇۋەيبىر زەھھاكنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا قۇرئاننى پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەندە، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۇنىڭ (ھۆكۈملىرىنى) يۇرگۈزدى. ئاندىن قۇرەيشلىك مۇشرىكلار: بۇ قۇرئان مۇھەممەدنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن چۈشۈپتۇ، ـ دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿تاھا (يەنى: ئى مۇھەممەد!). قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس. پەقەت (الله دىن) قورققۇچىلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق﴾** يەنى ئىش گۇمراھلىقتىكى ھېلقى كىشىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى الله تائالا بىر كىشىگە بىلىم ئاتا قىلسا شەكسىز ئۇ ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىقنى ئاتا قىلغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «الله تائالا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

**﴿قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس﴾** مۇجاھىد مۇنداق دېدى: الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار﴾[1] ساھابىلەر نامازنى كۆپ ئوقۇپ چارچىغانلىقىدىن يىقىلىپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن، ئارغامچا بىلەن ئىككى قولتۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ باغلاپ، ئۆرە تۇراتتى. ئاندىن بۇ ئايەت بۇنداق قىلىشنى چەكلەپ نازىل بولدى.

**﴿قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس﴾** قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: يەنى ئۇنداق ئەمەس، الله تائالا ئۇنى جاپالىق قىلىپ چۈشۈرمىدى. بەلكى، ئۇنى رەھمەت، نۇر ۋە جەننەتكە يول باشلىغۇچى قىلىپ چۈشۈردى.

**﴿پەقەت (الله دىن) قورققۇچىلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق﴾** شۈبھىسىزكى، الله تائالانىڭ كىتابىنى چۈشۈرۈشى ۋە پەيغەمبىرىنى ئەۋەتىشى بەندىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشى ۋە پايدىلىنىشى ئۈچۈندۇر. قۇرئان كەرىم بولسا، الله تائالا ئۇنىڭدا ھالال ـ ھارامنى بايان قىلىپ چۈشۈرگەن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر.

**﴿ئۇ زېمىننى ۋە (كەڭ) ئېگىز ئاسمانلارنى ياراتقان زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! بۇ سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ۋە ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن قۇرئان كەرىمدۇر.

**﴿مەرھەمەتلىك الله ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئەئراف سۈرىسىدە بايان قىلىندى. شۇڭا بۇ يەردە قايتا توختالمايمىز. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سەلەپ ئالىملىرىنىڭ دېگەن سۆزى ۋە ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى ئەڭ توغرىدۇر.

**﴿ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭدۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، الله نىڭ مەخلۇقاتىدۇر، الله نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر)﴾** مۇھەممەد ئىبنى كەئب بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: يەنى يەتتىنچى قات زېمىننىڭ



(1) مۇززەممىل سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تېگىدىكى نەرسىمۇ الله تائالانىڭ بىلىشىدىن خالىي ئەمەس.

**﴿ئەگەر سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭ (ياكى يوشۇرۇن سۆزلىسەڭ، الله نىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر)، چۈنكى، ئۇ سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾** يەنى بۇ قۇرئاننى چۈشۈرگەن، يەتتە قات زېمىننى ۋە كەڭ ئېگىز ئاسماننى ياراتقان زات سىرلارنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان الله نازىل قىلدى، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»﴾[1].

**﴿چۈنكى، ئۇ سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلهە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىر دېگەن ئىنسان ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە يوشۇرغان نەرسىسىدۇر. مەخپىي دېگەن باشقىلاردىن يوشۇرۇن تۇتقان، قىلماقچى بولغىنىنى يوشۇرغان ئىشتۇر. الله تائالا ئىنسان ئۆز كۆڭلىدە يوشۇرغان، باشقىلاردىن يوشۇرۇن تۇتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. الله تائالا ئۆتۈپ كەتكەن بۇرۇنقى ئىشلارنى ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ئوخشاشلا بىلىپ تۇرىدۇ. ھەممە مەخلۇقاتلارنى بىلىش الله تائالانىڭ بىلىمى ئالدىدا خۇددى بىر كىشىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندەكلا ئاددىيدۇر (يەنى ئۇ ئۇلارنى بىر كىشىنى بىلگەندەك بىلىدۇ).

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ (دەسلەپتە) يارىتىلىشىڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلۈشۈڭلار پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، بىر ئادەمنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر﴾[2].

**﴿الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار﴾** يەنى ساڭا قۇرئاننى كەرىمنى چۈشۈرۈپ بەرگەن بىر الله تائالادىن باشقا گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلەرگە ئىگە زات يوقتۇر.

*******

وَهَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ مُوسَىٰٓ ﴿٩﴾ إِذۡ رَءَا نَارٗا فَقَالَ لِأَهۡلِهِ ٱمۡكُثُوٓاْ إِنِّيٓ ءَانَسۡتُ نَارٗا لَّعَلِّيٓ ءَاتِيكُم مِّنۡهَا
بِقَبَسٍ أَوۡ أَجِدُ عَلَى ٱلنَّارِ هُدٗى ﴿١٠﴾

مۇسانىڭ قىسسىسىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟﴿9﴾ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا (بىر جايدا) ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆردى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە: «تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆردۈم، مەن (بېرىپ) ئۇنىڭدىن بىرەر پارچە چوغ ئېلىپ كېلىشىم ياكى ئوت بار يەردە بىرەر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن» دېدى﴿10﴾.

(1) فۇرقان سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(2) لوقمان سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئۇلۇغ ۋەزىپىگە دائىر قىسسە

**اللہ** تائالا بۇ يەردىن باشلاپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى، ئۇنىڭغا ۋەھيىنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق سۆزلىگەنلىكىنى بايان قىلىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسا ئەلەيھىسسالام قېيناتىسى (شۇئەيب ئەلەيھىسسالام) نىڭ قويىنى بېقىپ بېرىپ، (ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ قىزىنى ئالماقچى بولغان) سەككىز يىل ياكى ئون يىل مۇددەتنى توشقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن بولغان ئىشلاردۇر. ئۇ مىسىرنىڭ زېمىنىدىن ئون يىلدىن ئارتۇقراق ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئايالىنى ئېلىپ مىسىرغا قاراپ ماڭغاندا يولدىن ئېزىپ كەتتى. ئۇ قىشنىڭ بىر كېچىسى ئىدى. ئۇ قاتتىق سوغۇق، بۇلۇتلۇق ۋە قاراڭغۇ بىر كېچىدە جىلغا بىلەن تاغنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر يەرگە كېلىپ چۈشتى ۋە ئادىتى بويىچە ئوت قالاش ئۈچۈن قولىدىكى چاقمىقىنى يېقىشقا باشلىدى. بىراق ئۇنىڭدىن ئوت چىقمىدى، شۇ پەيتتە تاسادىپىي ئوڭ تەرىپىدىكى تاغنىڭ يېنىدا ئوت كۆرۈندى (ئۇ ئەمەلىيەتتە ئوت ئەمەس، **اللہ** تائالانىڭ نۇرى ئىدى)، ئاندىن بالا - چاقىلىرىغا خۇش بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**«تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆردۈم، مەن (بېرىپ) ئۇنىڭدىن بىرەر پارچە چوغ ئېلىپ كېلىشىم ياكى ئوت بار يەردە بىرەر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن»**﴾.

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەپ كەلدى: ﴿يا سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر پارچە چوغ ئېلىپ كېلەي﴾[1].

سەۋرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:) مەن ئوت بار يەردە بىر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىشىم ياكى ئوت تۇتاشتۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن بىر پارچە چوغ ئېلىپ كېلىشىم مۇمكىن.

*******

فَلَمَّآ أَتَىٰهَا نُودِيَ يَٰمُوسَىٰٓ ﴿١١﴾ إِنِّيٓ أَنَا۠ رَبُّكَ فَٱخۡلَعۡ نَعۡلَيۡكَ إِنَّكَ بِٱلۡوَادِ ٱلۡمُقَدَّسِ طُوٗى ﴿١٢﴾ وَأَنَا ٱخۡتَرۡتُكَ
فَٱسۡتَمِعۡ لِمَا يُوحَىٰٓ ﴿١٣﴾ إِنَّنِيٓ أَنَا ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعۡبُدۡنِي وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ لِذِكۡرِيٓ ﴿١٤﴾ إِنَّ ٱلسَّاعَةَ ءَاتِيَةٌ
أَكَادُ أُخۡفِيهَا لِتُجۡزَىٰ كُلُّ نَفۡسِۭ بِمَا تَسۡعَىٰ ﴿١٥﴾ فَلَا يَصُدَّنَّكَ عَنۡهَا مَن لَّا يُؤۡمِنُ بِهَا وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ فَتَرۡدَىٰ ﴿١٦﴾

مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە نىدا قىلىندىكى، «ئى مۇسا!﴿11﴾. مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن، كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى بولغان تۇۋادا سەن﴿12﴾. مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن﴿13﴾. مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) **اللہ** دۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن نامازنى ئوقۇغىن﴿14﴾. قىيامەتنىڭ بولۇشى مۇھەققەقتۇر، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قاچان بولۇشىنى) مەخپىي تۇتتۇم﴿15﴾. قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن ۋە ئۇنى تەستىق قىلىشتىن) توسمىسۇن، ئۇنداقتا ئۆزەڭ ھالاك بولىسەن (چۈنكى، ئاخىرەتتىن غاپىل بولۇش، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ)﴿16﴾.

---

(1) قەسەس سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى قېتىم كەلگەن ۋەھيي

﴿**مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئىدا قىلىندىكى، «ئى مۇسا!**﴾ باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق كەلدى: ﴿مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ گىرۋىكىگە توغرا كېلىدىغان مۇبارەك جايدىكى دەرەخ تەرەپتىن (مۇنداق) ئىدا ئاڭلاندى: «ئى مۇسا، (ساڭا سۆز قىلىۋاتقان) مەن، ھەقىقەتەن، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله دۇرمەن﴾[1].

﴿**مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن**﴾ يەنى مەن ھەقىقەتەن ساڭا سۆزلىگەن، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ بولىمەن، ﴿**كەشىڭنى سالغىن**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب، ئەبۇزەر، ئەبۇئەييۇب ۋە ئۇلاردىن باشقا سەلەپ ئالىملىرى بۇ يەردە مۇنداق دېدى: ئۇنىڭ ئايىغى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ئېشەكنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن ئىدى. شۇڭلاشقا، تۇرۇۋاتقان ئورۇننى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئايىغىنى سېلىشقا بۇيرۇلدى.

﴿**سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى بولغان تۇۋادا سەن**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تۇۋا (دېگەن) بىر جىلغىنىڭ ئىسمىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى پەرۋەردىگارى تۇۋا ناملىق مۇقەددەس ۋادىدا (مۇنداق دەپ) چاقىردى﴾[2].

﴿**مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاسىتە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم﴾[3].

ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، الله تائالا (مۇسادىن): ئى مۇسا! مېنىڭ نېمە ئۈچۈن سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن مەن بىلەن سۆزلىشىشكە تاللىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ: ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. الله تائالا مۇنداق دېدى: چۈنكى، ھېچبىر كىشى ماڭا سەندەك كەمتەرلىك قىلمىغان ئىدى.

﴿**مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) الله دۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق**﴾ يەنى شېرىكى يوق الله تائالادىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ئىلاھ يوق دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىمان ئېيتماقچى بولغان كىشىلەرگە قويۇلىدىغان ئالدىنقى شەرتتۇر.

﴿**(يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن**﴾ يەنى ماڭا شېرىك كەلتۈرمەستىن، ئىبادەتنى ماڭىلا قىلغىن، ﴿**مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: مېنى زىكرى قىلىش (ئەسلەش) ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېيىلدى. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى: مېنى ئەسلىگەن ۋاقتىڭدا ناماز ئوقۇغىن دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېيىلدى.

بۇ ئايەتنىڭ ئىككىنچى مەنىسىنى ئىمام ئەھمەدنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان بۇھەدىسى كۈچلەندۈرىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ناماز (ئوقۇماي) ئۇخلاپ قالغان بولسا ياكى ئۇنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ئۇنى ئېسىگە ئالغان ۋاقتىدا

(1) قەسەس سۈرىسى 30 ـ ئايەت.
(2) نازىئات سۈرىسى 16 ـ ئايەت.
(3) ئەئراف سۈرىسى 144 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇقۇسا بولىدۇ. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن﴾» .

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ناماز ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالغان بولسا ياكى ئۇنى ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، بۇ خاتالىقنى يۇيىدىغان ئىش ئۇنى ئېسىگە كەلگەندە، دەرھال ئوقۇشتۇر. بۇنىڭدىن باشقا بۇ خاتالىقنى يۇيىدىغان نەرسە يوقتۇر» .

**﴿قىيامەتنىڭ بولۇشى مۇھەققەقتۇر، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قاچان بولۇشىنى) مەخپىي تۇتتۇم﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئۆزەمدىن باشقىسىغا بىلدۈرمەيمەن .

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر (ۋەقەدۇر). ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ»﴾[1] .

**﴿ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قاچان بولۇشىنى) مەخپىي تۇتتۇم﴾** الله تائالا (ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا) مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[2]، ﴿سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر﴾[3] .

**﴿قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن ۋە ئۇنى تەستىق قىلىشتىن) توسمىسۇن، ئۇنداقتا ئۆزەڭ ھالاك بولىسەن (چۈنكى، ئاخىرەتتىن غاپىل بولۇش، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ)﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ﴾[4] .

*******

وَمَا تِلْكَ بِيَمِينِكَ يَٰمُوسَىٰ ﴿١٧﴾ قَالَ هِىَ عَصَاىَ أَتَوَكَّؤُا۟ عَلَيْهَا وَأَهُشُّ بِهَا عَلَىٰ غَنَمِى وَلِىَ
فِيهَا مَـَٔارِبُ أُخْرَىٰ ﴿١٨﴾ قَالَ أَلْقِهَا يَٰمُوسَىٰ ﴿١٩﴾ فَأَلْقَىٰهَا فَإِذَا هِىَ حَيَّةٌ تَسْعَىٰ ﴿٢٠﴾ قَالَ خُذْهَا وَلَا تَخَفْ
سَنُعِيدُهَا سِيرَتَهَا ٱلْأُولَىٰ ﴿٢١﴾

ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟»﴿17﴾. مۇسا ئېيتتى: «ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن، مېنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار»﴿18﴾. الله : «ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن» دېدى﴿19﴾. مۇسا ئۇنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان مېڭىۋاتقان بىر يىلانغا ئايلاندى﴿20﴾. الله ئېيتتى: «ئۇنى تۇتۇۋالغىن، قورقمىغىن، ئۇنى دەسلەپكى (يەنى ھاسىلىق) ھالىتىگە قايتۇرىمىز﴿21﴾.

(1) ئەئراف سۈرىسى 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) زەلزەلە سۈرىسى 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.
(3) تەھرىم سۈرىسى 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) لەيل سۈرىسى 11 ـ ئايەت.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ يىلانغا ئۆزگەرگەنلىكى

بۇ، الله تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن پاكىتى ۋە كاتتا مۆجىزىسىدۇر، الله تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ مۆجىزىنى كەلتۈرگەن كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى بىر پاكىتتۇر. ﴿**ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟**»﴾

﴿**مۇسا ئېيتتى: «ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن، مېنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار»**﴾ يەنى ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن. ﴿**الله: «ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن» دېدى. مۇسا ئۇنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان مېڭىۋاتقان بىر يىلانغا ئايلاندى**﴾ يەنى ئۇ ھاسا ناھايىتى تېز ھەرىكەت قىلىدىغان جىنغا ئوخشاش يىلانغا ئايلاندى. ﴿**الله ئېيتتى: «ئۇنى تۇتۇۋالغىن، قورقمىغىن، ئۇنى دەسلەپكى (يەنى ھاسىلىق) ھالىتىگە قايتۇرىمىز**﴾.

* * * * * * *

وَٱضۡمُمۡ يَدَكَ إِلَىٰ جَنَاحِكَ تَخۡرُجۡ بَيۡضَآءَ مِنۡ غَيۡرِ سُوٓءٍ ءَايَةً أُخۡرَىٰ ﴿٢٢﴾ لِنُرِيَكَ مِنۡ ءَايَٰتِنَا ٱلۡكُبۡرَى ﴿٢٣﴾
ٱذۡهَبۡ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ إِنَّهُۥ طَغَىٰ ﴿٢٤﴾ قَالَ رَبِّ ٱشۡرَحۡ لِي صَدۡرِي ﴿٢٥﴾ وَيَسِّرۡ لِيٓ أَمۡرِي ﴿٢٦﴾ وَٱحۡلُلۡ عُقۡدَةً مِّن لِّسَانِي
﴿٢٧﴾ يَفۡقَهُواْ قَوۡلِي ﴿٢٨﴾ وَٱجۡعَل لِّي وَزِيرًا مِّنۡ أَهۡلِي ﴿٢٩﴾ هَٰرُونَ أَخِي ﴿٣٠﴾ ٱشۡدُدۡ بِهِۦٓ أَزۡرِي ﴿٣١﴾ وَأَشۡرِكۡهُ فِيٓ أَمۡرِي
﴿٣٢﴾ كَيۡ نُسَبِّحَكَ كَثِيرًا ﴿٣٣﴾ وَنَذۡكُرَكَ كَثِيرًا ﴿٣٤﴾ إِنَّكَ كُنتَ بِنَا بَصِيرًا ﴿٣٥﴾

قولۇڭنى قولتۇقۇڭنىڭ ئاستىغا سالغىن (ئاندىن چىقارغىن)، ئۇ ھېچقانداق ئەيىب ـ نۇقسانسىز ھالدا ئاپئاق (نۇرلۇق بولۇپ) چىقىدۇ، (بۇ) ئىككىنچى مۆجىزىدۇر﴿22﴾. ساڭا چوڭ مۆجىزىلىرىمىزدىن بەزىسىنى كۆرسىتىمىز﴿23﴾. پىرئەۋنگە بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى»﴿24﴾. مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن)﴿25﴾. مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن﴿26﴾. تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرىۋەتكىن﴿27﴾. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن﴿28﴾. ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن﴿29﴾. ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن﴿30 ـ 31﴾. مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن﴿32﴾. بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز﴿33﴾. ساڭا كۆپ زىكرى ئېيتقايمىز﴿34﴾. سەن ھەقىقەتەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن»﴿35﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنىڭ ئۆزىنىڭ قولتۇقىدىن نۇقسانسىز ئاپئاق، نۇرلۇق بولۇپ چىققانلىقى

بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئىككىنچى مۆجىزىدۇر. ئۇ مۆجىزە بولسا، الله تائالانىڭ ئۇنى ئۆزىنىڭ قولىنى قولتۇقىغا سېلىشقا بۇيرۇشى، قولىنىڭ قولتۇقىنىڭ ئاستىدىن ئاپئاق، نۇرلۇق بولۇپ چىقىشىدۇر.

﴿**قولۇڭنى قولتۇقۇڭنىڭ ئاستىغا سالغىن (ئاندىن چىقارغىن)**﴾ الله تائالا باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق

دېدى: ﴿قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز (بىر پارچە ئايدەك پارلاپ) ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، قورقۇنچنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن، قولۇڭنى يىغىۋالغىن (يەنى قوينۇڭغا سېلىۋالغىن)، بۇ ئىككىسى پىرئەۋنگە (ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ) چوڭلىرىغا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن پاكىتتۇر﴾[1].

**﴿قولۇڭنى قولتۇقۇڭنىڭ ئاستىغا سالغىن (ئاندىن چىقارغىن)﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: سەن ئالقىنىڭنى قولتۇقۇڭنىڭ ئاستىغا سالغىن. ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلۇشى مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىنى قولتۇقىنىڭ ئىچىگە سېلىپ چىقارسا، ئۇ قول ھەقىقەتەن ئايدەك نۇرلۇق ھالىتىدە چىقاتتى.

**﴿ئۇ ھېچقانداق ئەيىب ـ نۇقسانسىز ھالدا ئاپئاق (نۇرلۇق بولۇپ) چىقىدۇ﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، قەتادە، زەھھاك، سۇددى ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنىڭ قولتۇقىدىن ئاپئاق چىقىشى ئاق كېسەل ياكى باشقا بىر كېسەللىكتىن ئەمەستۇر.

ھەسەنبەسرى مۇنداق دېدى: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇسا قولىنى قوينىدىن خۇددى چىراغدەك نۇر چېچىپ تۇرغان ھالەتتە چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئۇچراشقانلىقىنى بىلدى، شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ساڭا چوڭ مۆجىزىلىرىمىزدىن بەزىسىنى كۆرسىتىمىز﴾**.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋننى دىنغا چاقىرىش ئۈچۈن (ئۇنىڭ) قېشىغا بېرىشقا بۇيرۇلغانلىقى

**﴿پىرئەۋنگە بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى﴾** يەنى سەن ئۆزەڭ قېچىپ چىققان شەھەر ـ مىسىرنىڭ پادىشاھى بولغان پىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن ۋە ئۇنى شېرىكى يوق، يالغۇز الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغىن، ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ياخشىلىق قىلىشقا ۋە ئۇلارنى قىينىماسلىققا بۇيرۇغىن، ھەقىقەتەن ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى ۋە (خۇدالىق دەۋاسى قىلدى) دۇنيانى دوست تۇتتى ۋە ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنى ئۇنتۇدى.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالادىن تىلىگەن تىلەكلىرى

**﴿مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن) مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن﴾** بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىدىن دىلىنى ئىمان ۋە پەيغەمبەرلىك نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرۇشنى سورىشىدۇر. چۈنكى، الله تائالا ئۇنى مەسئۇلىيىتى ناھايىتى چوڭ بىر ئىشقا بۇيرۇدى. الله تائالا ئۇنى الله تائالانى ئىنكار قىلىشتا ئەڭ ئۇچىغا چىققان، ئەسكىرى ئەڭ كۆپ، پادىشاھلىقىنىڭ ئۆمرى ئەڭ ئۇزۇن ۋە ھەددىدىن ئېشىپ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن الله تائالانى تونۇمايدىغانلىقىنى ۋە خەلقلىرىگە ئۆزىدىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ

76

(1) قەسەس سۈرىسى 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يوقلۇقنى دەۋا قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن، شۇ زاماندىكى يەر يۈزىدىكى ئەڭ چوڭ پادىشاھ (پىرئەۋن) نىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ تەربىيىسىدىكى (كىچىك) ۋاقتىدا، پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىنىڭ قېشىدا تۇرغان ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېتىشىدىن قورقۇپ ئون يىلدىن ئارتۇقراق مۇددەت ئۇلاردىن قېچىپ يۈردى. الله تائالا ئۇنى ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ئۇلارنى شېرىكى يوق، بىرلا الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى، شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقىدىكىدەك دېدى. يەنى ئەگەر مېنىڭ ئىشىمغا سەن ياردەم بەرمىسەڭ ۋە سەن ماڭا ياردەمدە بولمىساڭ، مەن بۇ ئىشنى ئورۇنلىيالمايمەن.

﴿تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن﴾ يەنى كىچىك ۋاقتىدا ئالدىغا خورما بىلەن چوغ قويۇلغان ۋاقتىدا، چوغنى ئاغزىغا سالغانلىقى سەۋەبى بىلەن، كېكەچ بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ الله تائالادىن كېكەچلىكنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىۋېتىشنى سورىمىدى. بەلكى پەقەت كىشىلەر ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگىدەك سۆزلىيەلەيدىغان ھالەتكە كېلىشىنىلا سورىدى. ئەگەر ئۇ الله تائالادىن ئۇنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىۋېتىشنى تىلىگەن بولسا، ئەلۋەتتە، الله تائالا ئۇنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىۋېتەتتى ۋە لېكىن پەيغەمبەرلەر (الله تائالادىن ھەر قانداق نەرسىنى) تىلىسە، ئەدەب يۈزىسىدىن پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ھاجىتىگە چۈشلۇق تىلەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ كېكەچلىكى (پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمەي) ئازراق قېلىپ قالدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە پىرئەۋننىڭ (ئادەملىرىگە) دېگەن سۆزىنى خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿بەلكى مەن ئوچۇق گەپ قىلالمايدىغان بۇ ئەرزىمەس ئادەمدىن (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن) ياخشىمەن»﴾[1].

﴿ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن﴾ بۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ (الله تائالادىن) ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشىدىن باشقا بىر نەرسىنى تىلىگەنلىكىدۇر. ئۇ بولسىمۇ، بىر تۇغقىنى ھارۇننىڭ (كىشىلەرگە الله تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ئىشلىرىدا) ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بېرىشىنى سورىشىدۇر.

سەۋرى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك بېرىلگەن سائەتنىڭ ئۆزىدىلا، ھارۇن ئەلەيھىسسالامغىمۇ پەيغەمبەرلىك بېرىلدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلدى: ئائىشە ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈن مېڭىپ، بەزى سەھرالىق كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان جايغا كېلىپ چۈشتى. ئاندىن ئۇ بىر كىشىنىڭ (باشقا كىشىلەردىن): دۇنيادا قايسى بىر قېرىنداش ئۆزىنىڭ بىر قېرىندىشىغا بەك پايدا يەتكۈزگەن؟ـ دەپ سورىغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇلار: بىز بىلمەيمىز، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بىلىمەن، ـ دېدى. ئائىشە مۇنداق دېدى: ئاندىن مەن كۆڭلۈمدە ئۇ ئىككىلەنمەي قەسەم قىلغانغا قارىغاندا، ئۇ ھەقىقەتەن دۇنيادا قايسى بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا بەك پايدا يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىدىكەن، ـ دەپ ئويلىدىم. ئۇ كىشى: مۇسا ئەلەيھىسسالام الله تائالادىن قېرىندىشى (ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى) پەيغەمبەر قىلىپ بېرىشنى تىلىگەن ۋاقتىدا ھارۇنغا بەك پايدا يەتكۈزگەن ئىدى، ـ

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 52 ـ ئايەت.

دېدى. ئاندىن مەن: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ كىشى راست ئېيتتى، ـ دېدىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇسا ئەلەيهىسسالامنى ماختاپ مۇنداق دېدى: ﴿مۇسا الله نىڭ دەرگاھىدا ئابرويلۇق ئىدى﴾[1].

**﴿ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: قېرىندىشىم ھارۇن بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن.

**﴿مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن. بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز. ساڭا كۆپ زىكرى ئېيتقايمىز﴾** مۇجاھىد مۇنداق دېدى: بىر بەندە الله تائالانى ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە يېنىچە ياتقان ۋاقتىدا زىكرى قىلمىغۇچە، (ئۇ) الله تائالانى كۆپ زىكرى قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولالمايدۇ.

**﴿سەن ھەقىقەتەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن»﴾** يەنى بىز سېنىڭ پەيغەمبەرلىكنى بىزگە بەرگەنلىكىڭ ۋە بىزنى دۈشمىنىمىز پىرئەۋنگە ئەۋەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇسانالار ئېيتىمىز.

* * * * * * *

قَالَ قَدْ أُوتِيتَ سُؤْلَكَ يَٰمُوسَىٰ ﴿٣٦﴾ وَلَقَدْ مَنَنَّا عَلَيْكَ مَرَّةً أُخْرَىٰٓ ﴿٣٧﴾ إِذْ أَوْحَيْنَآ إِلَىٰٓ أُمِّكَ مَا يُوحَىٰٓ ﴿٣٨﴾ أَنِ
ٱقْذِفِيهِ فِى ٱلتَّابُوتِ فَٱقْذِفِيهِ فِى ٱلْيَمِّ فَلْيُلْقِهِ ٱلْيَمُّ بِٱلسَّاحِلِ يَأْخُذْهُ عَدُوٌّ لِّى وَعَدُوٌّ لَّهُۥ ۚ وَأَلْقَيْتُ عَلَيْكَ مَحَبَّةً مِّنِّى
وَلِتُصْنَعَ عَلَىٰ عَيْنِىٓ ﴿٣٩﴾ إِذْ تَمْشِىٓ أُخْتُكَ فَتَقُولُ هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَىٰ مَن يَكْفُلُهُۥ ۖ فَرَجَعْنَٰكَ إِلَىٰٓ أُمِّكَ كَىْ تَقَرَّ
عَيْنُهَا وَلَا تَحْزَنَ ۚ وَقَتَلْتَ نَفْسًا فَنَجَّيْنَٰكَ مِنَ ٱلْغَمِّ وَفَتَنَّٰكَ فُتُونًا ۚ

الله ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغان نەرسىلىرىڭ ساڭا بېرىلدى﴿36﴾. (بۇنىڭدىن باشقا) ساڭا يەنە بىر قېتىم ئىنئام قىلغان ئىدۇق﴿37﴾. ئۆز ۋاقتىدا ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسىلەرنى سالدۇق»﴿38﴾. (ئېيتتۇقكى) «ئۇنى (يەنى بالىنى) ساندۇققا سالغىن، ئاندىن ئۇنى (ساندۇق بىلەن) دەرياغا تاشلىغىن، دەريا ئۇنى قىرغاققا تاشلىسۇن، ئۇنى مېنىڭ دۈشمىنىم ۋە ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان (پىرئەۋن) ئېلىپ (باقسۇن)». مېنىڭ قوغدىشىم ئاستىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم﴿39﴾. ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ ھەمشىرەڭ (پىرئەۋنىنىڭ ئائىلىسىگە) بېرىپ: «سىلەرگە ئۇنى باقىدىغان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. بىز سېنىڭ ئاناڭنى خۇش بولسۇن، قايغۇرمىسۇن دەپ سېنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق، سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق، سېنى تۈرلۈك بالالار بىلەن سىنىدۇق.

## مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ تىلەكلىرىنىڭ قوبۇل بولغانلىقى ۋە بۇرۇنقى ئىنئاملارنىڭ ئەسلىتىلىپ ئۆتۈلگەنلىكى

بۇ، مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ تىلىگەن تىلەكلىرىنى الله تائالانىڭ ئىجابەت قىلىشىدۇر. ئانىسى

(1) ئەھزاب سۈرىسى 69 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنى ئېمىتىۋاتقان، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ تۇرغان ۋاقتىدا الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلىتىشتۇر. ئانىسىنىڭ قورقۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تۇغۇلغان كىچىك بالىلار ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان يىللاردا تۇغۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى ساندۇقتىن بىرنى ياسىدى، ئۇنى ئېمىتىپ بولۇپ ساندۇققا سېلىپ، ساندۇقنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ نىل دەرياسىغا قويۇپ بېرەتتى، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچى ئۆيىنىڭ بىر يېرىگە باغلاپ قويۇقلۇق ئىدى (بالىنى ئېمىتىدىغان ۋاقىتتا ساندۇقنى ئارغامچا بىلەن تارتىپ كېلىپ، ئۇنى ئېمىتىپ بولۇپ يەنە دەرياغا قويۇپ بېرەتتى). بىر قېتىم ئۇ (ساندۇقنى) باغلاي دەپ تۇرغاندا، ئارغامچا ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىپ، دەريا ئۇنى ئېقىتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئەنسىرەشكە باشلىدى.

الله تائالا ئۇنىڭ ئەنسىرىگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿مۇسانىڭ ئانىسى (مۇسانىڭ پىرئەۋننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ) ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى، (ئۇنىڭ الله نىڭ بالىنى قايتۇرۇش ۋەدىسىگە) ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىغان بولساق، ئۇ بالىنى ئاشكارىلاپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى﴾[1].

دەريا ئۇنى ئېقىتىپ ئاپىرىپ پىرئەۋننىڭ ھويلىسىغا تاشلىدى (پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى دەريادىن سۈزۈۋالدى) الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسانى ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە دۈشمەن ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) قىلىش ئۈچۈن (نىل دەرياسىدىن) سۈزۈۋالدى﴾[2] يەنى ئۇلار مۇسانىڭ چىقىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن تۇغۇلغان كىچىك بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا، الله تائالا (ھەممە كۈچ ـ قۇدرەت ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر) پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ مۇسانى ياخشى كۆرۈشى بىلەن مۇسا پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدە ئۇنىڭ تامىقىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىپ، ئۇلارنىڭ تەربىيىسىدە بولۇشىنى تەقدىر قىلىپ پۈتۈۋەتتى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇنى مېنىڭ دۈشمىنىم ۋە ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان (پىرئەۋن) ئېلىپ (باقسۇن)». مېنىڭ قوغدىشىم ئاستىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم﴾**.

**﴿ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سەلەمە ئىبنى كۇھەيل مۇنداق دېدى: يەنى مەن سېنى بەندىلىرىمگە ياخشى كۆرسەتتىم.

**﴿مېنىڭ قوغدىشىم ئاستىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇئىمران جۇنى مۇنداق دېدى: يەنى سەن الله تائالانىڭ كۆز ئالدىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن، مەن سېنى بەندىلىرىمگە ياخشى كۆرسەتتىم.

پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى دەريادىن سۈزۈۋېلىپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئېمىتىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئېنىكئانىلارنى چاقىرىپ كەلسىمۇ، ئۇ ئۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ ئەمگىلى ئۇنىمىدى (ئەمەلىيەتتە بۇ الله تائالانىڭ بىر ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى). الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئۆز ئانىسى كېلىشتىن) ئىلگىرى مۇسانى سۈت ئەمگۈزگۈچى ئاياللارنىڭ ئېمىتىشىدىن توستۇق﴾[3]

ئاندىن ئۇنىڭ ھەمشىرىسى ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنى باقىدىغان بىر كىشىنى

(1) قەسەس سۈرىسى 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) قەسەس سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) قەسەس سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿مۇسانىڭ ھەمشىرىسى: «سىلەرگە مۇسانى باقىدىغان ئوبدان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ» دېدى﴾[1] يەنى مەن سىلەرنى پۇل ئېلىپ ئېمىتىپ بېرىدىغان بىر كىشىنىڭ قېشىغا باشلاپ بارايمۇ؟ ـ دېدى. ئاندىن ئۇ ئۇلار بىلەن مۇسانى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى، ئانىسى ئۇنىڭغا ئەمچىكىنى تەڭلىۋىدى، ئۇ ئەمچەكنى ئاغزىغا سالدى. ئۇلار مۇسانىڭ ئەمچەكنى ئاغزىغا سالغانلىقىدىن ناھايىتى خۇش بولۇشتى. ئۇلار مۇسانى ئېمىتىپ بېرىدىغانغا ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسانىڭ ئانىسى دۇنيادا بەخت ـ سائادەت ۋە ئالىي تۇرمۇشقا ۋە ئاخىرەتتە كاتتا ئەجىرگە ئېرىشتى. الله تائالا بۇ ئىشنى (مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلىپ بېرىپ) مۇنداق دېدى: **﴿بىز سېنىڭ ئاناڭنى خۇش بولسۇن، قايغۇرمىسۇن دەپ سېنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق﴾**.

**﴿سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق﴾** يەنى مۇسا مىسىرلىق بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى. مۇسا ئۇلاردىن قېچىپ، مەديەندىكى بىر بۇلاقنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇنىڭغا ھېلىقى ياخشى كىشى (يەنى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام) مۇنداق دېدى: ﴿«قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ»﴾[2].

* * * * * * *

فَلَبِثْتَ سِنِينَ فِيٓ أَهْلِ مَدْيَنَ ثُمَّ جِئْتَ عَلَىٰ قَدَرٖ يَٰمُوسَىٰ ﴿٤٠﴾ وَٱصْطَنَعْتُكَ لِنَفْسِي ﴿٤١﴾ ٱذْهَبْ أَنتَ وَأَخُوكَ
بِـَٔايَٰتِي وَلَا تَنِيَا فِي ذِكْرِي ﴿٤٢﴾ ٱذْهَبَآ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ إِنَّهُۥ طَغَىٰ ﴿٤٣﴾ فَقُولَا لَهُۥ قَوْلٗا لَّيِّنٗا لَّعَلَّهُۥ يَتَذَكَّرُ أَوْ يَخْشَىٰ ﴿٤٤﴾

سەن مەديەنلىكلەر ئارىسىدا كۆپ يىللار تۇردۇڭ، ئاندىن، ئى مۇسا! تەقدىر بىلەن (بۇ يەرگە) كەلدىڭ﴿40﴾. سېنى مەن مېنىڭ مۇھەببىتىمگە (يەنى پەيغەمبەر قىلىپ ۋەھيى نازىل قىلىشىمغا) تاللىدىم﴿41﴾. (ئى مۇسا!) سەن ۋە سېنىڭ قېرىندىشىڭ (ھارۇن) مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، مېنىڭ زىكرىمگە سۇسلۇق قىلىپ قالماڭلار﴿42﴾. پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى﴿43﴾. ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن﴿44﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللانغانلىقى ۋە پىرئەۋننى دىنغا چاقىرىشقا بۇيرۇلغانلىقى

الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: **﴿سېنى تۈرلۈك بالالار بىلەن سىنىدۇق، سەن مەديەنلىكلەر ئارىسىدا كۆپ يىللار تۇردۇڭ، ئاندىن، ئى مۇسا! تەقدىر بىلەن (بۇ يەرگە) كەلدىڭ﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: يەنى (ئاندىن سەن ئى مۇسا!) ۋەدە بىلەن بۇ يەرگە كەلدىڭ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئابدۇرازاق مۇئەممەردىن قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

(1) قەسەس سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) قەسەس سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رىۋايەت قىلىدۇ: ئى مۇسا! بۇ يەرگە پەيغەمبەر بولۇشۇڭغا تەقدىر قىلىنغان ۋاقتىدا كەلدىڭ.

**﴿سېنى مەن مېنىڭ مۇھەببىتىمگە (يەنى پەيغەمبەر قىلىپ ۋەھيى نازىل قىلىشىمغا) تاللىدىم﴾** ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇچراشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا): پۈتۈن كىشىلەرنى بەختسىز قىلغان ۋە ئۇلارنى جەننەتتىن چىقارغان كىشىسەن، ـ دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام (مۇسا ئەلەيھىسسالامغا): سەن، الله تائالا سېنى (پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت) ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسىگە ۋە ۋەھيىسىگە تاللىغان ۋە تەۋرات نازىل قىلىنغان كىشى بولامسەن؟ ـ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: سەن (الله تائالا) مېنى يارىتىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىشنىڭ ماڭا يېزىلىپ كەتكەنلىكىنى (تەۋراتتىن) بىلگەنسەن، ـ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ھەئە، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پاكىتتا يېڭىۋالدى».

**﴿(ئى مۇسا!) سەن ۋە سېنىڭ قېرىندىشىڭ (ھارۇن) مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، مېنىڭ زىكرىمگە سۇسلۇق قىلىپ قالماڭلار﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر مېنى زىكرى قىلىشنى كېچىكتۈرمەڭلەر.

مۇجاھىد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر مېنى زىكرى قىلىشتا بوشىشىپ قالماڭلار. بۇ ئايەتتىكى مەقسەت: ئۇ ئىككىسىنىڭ الله تائالانى زىكرى قىلىشتا بوشاپ كەتمەسلىكى ۋە سەل قارىماسلىقى ئۈچۈندۇر. الله تائالانى زىكرى قىلىشنىڭ ئۇ ئىككىسىگە ياردەم ۋە پىرئەۋننىڭ (چوڭلۇقنى يەرگە) ئۇرىدىغان بىر كۈچ بولۇشى ئۈچۈن، پىرئەۋن بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقتىدىمۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ الله تائالانى زىكرى قىلىشى لازىمدۇر.

**﴿پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن﴾** بۇ ئايەتتە ناھايىتى كاتتا ئىبرەت بار. بۇ ئىبرەت، پىرئەۋن ھەقىقەتەن بويۇنتاۋلىق ۋە چوڭلۇق قىلىشتا ئەڭ ئۇچىغا چىققان ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بولسا، الله تائالانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىچىدىن تاللانغان ئەڭ ئىلغار كىشى ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ، قىلىنغان دەۋەتنىڭ غەلىبىلىك بولۇشى ئۈچۈن، الله تائالا ئۇنى پىرئەۋنگە مۇلايىم ۋە يۇمشاق سۆزلەر بىلەن دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇدى.

الله تائالا (دەۋەتنى يۇمشاق سۆزلەر ۋە ياخشى ئۇسلۇب بىلەن قىلىش توغرىسىدا) مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن﴾[1].

*******

قَالَا رَبَّنَآ إِنَّنَا نَخَافُ أَن يَفْرُطَ عَلَيْنَآ أَوْ أَن يَطْغَىٰ ﴿٤٥﴾ قَالَ لَا تَخَافَآ إِنَّنِى مَعَكُمَآ أَسْمَعُ وَأَرَىٰ ﴿٤٦﴾

(1) نەھل سۈرىسى 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

فَأْتِيَاهُ فَقُولَآ إِنَّا رَسُولَا رَبِّكَ فَأَرْسِلْ مَعَنَا بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ وَلَا تُعَذِّبْهُمْۖ قَدْ جِئْنَٰكَ بِـَٔايَةٍ مِّن رَّبِّكَۖ وَٱلسَّلَٰمُ
عَلَىٰ مَنِ ٱتَّبَعَ ٱلْهُدَىٰٓ ﴿٤٧﴾ إِنَّا قَدْ أُوحِيَ إِلَيْنَآ أَنَّ ٱلْعَذَابَ عَلَىٰ مَن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿٤٨﴾

ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىزنى ئالدىراپ جازالىشىدىن ياكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشىدىن قورقىمىز» دېيىشتى﴿45﴾. الله ئېيتتى: «سىلەر قورقماڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە (ئۇنىڭ سىلەرگە بەرگەن جاۋابىنى) ئاڭلاپ تۇرىمەن، (ئۇنىڭ سىلەرگە قىلىدىغانلىرىنى) كۆرۈپ تۇرىمەن﴿46﴾. سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ، "بىز ئىككىمىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇۋەتكىن، بىز بىلەن كەتسۇن، ئۇلارنى قىينىمىغىن. ساڭا بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مۆجىزىسىنى ئېلىپ كەلدۇق، توغرا يولغا ئەگەشكەن ئادەم (الله نىڭ ئازابىدىن) ئامان قالىدۇ﴿47﴾. بىزگە شەك ـ شۈبھىسىز ۋەھيى قىلىندىكى، (الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەن ئادەم (قاتتىق) ئازابقا دۇچار بولىدۇ" دەڭلار»﴿48﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋندىن قورققانلىقى ۋە الله تائالانىڭ ئۇنى خاتىرجەم قىلغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ الله تائالادىن ئۆزلىرىنى ساقلىشىنى تەلەپ قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا شىكايەت قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى خەۋەر بەردى: **﴿«پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىزنى ئالدىراپ جازالىشىدىن ياكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشىدىن قورقىمىز»﴾**.

**﴿الله ئېيتتى: «سىلەر قورقماڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە (ئۇنىڭ سىلەرگە بەرگەن جاۋابىنى) ئاڭلاپ تۇرىمەن، (ئۇنىڭ سىلەرگە قىلىدىغانلىرىنى) كۆرۈپ تۇرىمەن﴾** زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ماڭا سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلاردىن كىچىككىنىمۇ بىر نەرسە يوشۇرۇن بولمايدۇ، سىلەر ئۇنىڭ تىزگىنىنىڭ مېنىڭ قولۇمدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئۇ مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ۋە بۇيرۇقۇمسىز سۆز قىلالمايدۇ، نەپەس ئالالمايدۇ ۋە قىيناش ئۈچۈن سىلەرنى تۇتالمايدۇ، مېنىڭ ياردىمىم سىلەر بىلەن بىللىدۇر.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋنگە قىلغان نەسىھىتى

**﴿ساڭا بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مۆجىزىسىنى ئېلىپ كەلدۇق، توغرا يولغا ئەگەشكەن ئادەم (الله نىڭ ئازابىدىن) ئامان قالىدۇ﴾** يەنى ئەگەر سەن توغرا يولغا ئەگەشسەڭ، ئامان بولىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇمنىڭ كاتتىسى ھىرەقلىگە ئەۋەتكەن خېتىدە مۇنداق يېزىلغان: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. (بۇ خەت) الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن رۇمنىڭ كاتتىسى ھىرەقلىگىدۇر. توغرا يولغا ئەگەشكەن كىشى ئامان بولىدۇ. مەقسەت شۇكى، مەن (ھەقىقەتەن) سېنى ئىسلامغا چاقىرىمەن، مۇسۇلمان بولغىن ئامان بولىسەن، الله تائالا ساڭا ئەجرىڭنى قوش بېرىدۇ».

شۇڭا بۇ يەردە مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار پىرئەۋنگە مۇنداق دېدى: **﴿بىز ئىككىمىز**

**پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇۋەتكىن، بىز بىلەن كەتسۇن، ئۇلارنى قىينىمىغىن. ساڭا بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مۆجىزىسىنى ئېلىپ كەلدۇق، توغرا يولغا ئەگەشكەن ئادەم (اﷲ نىڭ ئازابىدىن) ئامان قالىدۇ. بىزگە شەك ـ شۈبھىسىز ۋەھيى قىلىندىكى، (اﷲ نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەن ئادەم (قاتتىق) ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾.**

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن. ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ﴾[1]، ﴿سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتىن ئاگاھلاندۇردۇم. ئۇنىڭغا پەقەت (ھەقنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەن ئادەملا كىرىدۇ﴾[2]، ﴿(كاپىر قۇرئانغا) ئىشەنمىدى، ناماز ئوقۇمىدى. لېكىن ئۇ (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى ۋە (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى﴾[3].

* * * * * * *

قَالَ فَمَن رَّبُّكُمَا يَٰمُوسَىٰ ﴿٤٩﴾ قَالَ رَبُّنَا ٱلَّذِىٓ أَعْطَىٰ كُلَّ شَىْءٍ خَلْقَهُۥ ثُمَّ هَدَىٰ ﴿٥٠﴾ قَالَ فَمَا بَالُ ٱلْقُرُونِ ٱلْأُولَىٰ ﴿٥١﴾ قَالَ عِلْمُهَا عِندَ رَبِّى فِى كِتَٰبٍ ۖ لَّا يَضِلُّ رَبِّى وَلَا يَنسَى ﴿٥٢﴾

(ئۇلار پىرئەۋنگە كېلىپ اﷲ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان نەرسىلەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن) پىرئەۋن: «ئى مۇسا، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار كىم؟» دېدى﴿49﴾. مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى) كۆرسەتتى»﴿50﴾. پىرئەۋن ئېيتتى: «ئۆتۈپ كەتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالى قانداق؟ (يەنى قانداق بولغان؟)»﴿51﴾. مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرگاھىدا لەۋھۇلمەھپۇزدا (خاتىرىلەكلىكتۇر)، پەرۋەردىگارىم ھەم خاتالاشمايدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ﴿52﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىلىشقان مۇنازىرىسى

اﷲ تائالا پىرئەۋننىڭ ھەممە نەرسىنىڭ ئىلاھى، پەرۋەردىگارى ۋە ئىگىسى بولغان اﷲ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېگەن سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار پىرئەۋنگە كېلىپ اﷲ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان نەرسىلەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن) پىرئەۋن: «ئى مۇسا، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار كىم؟» دېدى﴾** يەنى (پىرئەۋن مۇنداق دېدى): سىلەرنى (ماڭا) ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن پەرۋەردىگارىڭلار كىم؟ ھەقىقەتەن مەن ئۇنى تونۇمايدىكەنمەن ۋە سىلەرنىڭ مەندىن باشقا ئىلاھىڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن.

**﴿مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى) كۆرسەتتى»﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

(1) نازىئات سۈرىسى 37 ـ 39 ـ ئايەتكىچە.
(2) لەيل سۈرىسى 14 ـ 16 ـ ئايەتكىچە.
(3) قىيامەت سۈرىسى 31 ـ 32 ـ ئايەتلەر.

رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ھەممە نەرسىگە ئۇنىڭ جۈپتىنى ياراتتى.

زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىنسانىنى ئىنسان، ئېشەكنى ئېشەك ۋە قوينى قوي قىلدى.

لەيس ئىبنى ئەبۇسۇلەيم مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەممە نەرسىنى ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان سۈرەتكە كىرگۈزدى. ئىبنى ئەبۇنەجىيە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەممە جانىۋارنى (ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان شەكىلدە) ياراتتى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دېدى: ھەممە مەخلۇقاتلارغا ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان تەن قۇرۇلۇش بەردى، ئىنسانغا ئۇلاغلارنىڭ، ئۇلاغلارغا ئىتنىڭ ۋە ئىتقا قوينىڭ تەن قۇرۇلۇش شەكلىنى بەرمىدى، ھەممە مەخلۇقاتلارغا ئۆزلىرىگە لايىق نەسىللىنىش يوللىرىنى بەردى ۋە نەرسىلەرنى شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. مەخلۇقاتلارنىڭ يارىتىلىش، رىزىق تېپىپ يېيىش ۋە نەسىللىنىش ئىشلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى﴾ يەنى ئۇ (بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ) نېمە ئىش قىلىشىنى، (ئۇلارنىڭ) ئەجەللىرىنى ۋە رىزىقلىرىنى تەقدىر قىلىپ پۈتۈۋەتتى. بارلىق مەخلۇقاتلار شۇ بويىچە ماڭىدۇ. بىرسىمۇ ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشكە قادىر بولالمايدۇ.

﴿**پىرئەۋن ئېيتتى: «ئۆتۈپ كەتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالى قانداق؟ (يەنى قانداق بولغان؟)»**﴾ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئەۋەتكەن زاتنىڭ ھەممە نەرسىنى ياراتقان، (ئۇلارغا) رىزىق بەرگەن ۋە (ھەممە نەرسىنى) تەقدىر قىلىپ يازغان پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى (پىرئەۋنگە) خەۋەر بەرگەندە، پىرئەۋن الله تائالاغا ئىبادەت قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پاكىت كەلتۈرۈشكە باشلىدى. يەنى ئىش سەن دېگەندەك بولىدىغان بولسا، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلماي، بەلكى باشقىسىغا ئىبادەت قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنىنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**«ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرگاھىدا لەۋھۇلمەھپۇزدا (خاتىرىلەكلىكتۇر)، پەرۋەردىگارىم ھەم خاتالاشمايدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ**﴾.

*******

ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ مَهْدًا وَسَلَكَ لَكُمْ فِيهَا سُبُلًا وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجْنَا بِهِۦٓ أَزْوَٰجًا مِّن نَّبَاتٍ
شَتَّىٰ ﴿٥٣﴾ كُلُوا۟ وَٱرْعَوْا۟ أَنْعَٰمَكُمْ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّأُو۟لِى ٱلنُّهَىٰ ﴿٥٤﴾ ۞ مِنْهَا خَلَقْنَٰكُمْ وَفِيهَا نُعِيدُكُمْ وَمِنْهَا
نُخْرِجُكُمْ تَارَةً أُخْرَىٰ ﴿٥٥﴾ وَلَقَدْ أَرَيْنَٰهُ ءَايَٰتِنَا كُلَّهَا فَكَذَّبَ وَأَبَىٰ ﴿٥٦﴾

ئۇ زېمىننى سىلەرگە بىسات قىلىپ بەردى، سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنى ئېچىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى»﴿53﴾. (ئۇلاردىن) يەڭلار ۋە مال چارۋىلىرىڭلارنى بېقىڭلار، ئۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (الله نىڭ

بارلىقى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴿54﴾. سىلەرنى زېمىندىن خەلق ئەتتۇق، (ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز (تۇپرىغا ئايلىنىسىلەر)، سىلەرنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز﴿55﴾. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ ھەممە مۆجىزىلىرىمىزنى كۆرسەتتۇق. ئۇ ئىنكار قىلدى ۋە (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى﴿56﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋنگە بەرگەن جاۋابىنىڭ داۋامى

پىرئەۋن مۇسائەلەيھىسسالامدىن يۇقىرىدىكى سوئالنى سورىغان ۋاقتىدا، مۇسائەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىنى سۈپەتلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿«پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى) كۆرسەتتى»﴾[1].

**﴿ئۇ زېمىننى سىلەرگە بىسات قىلىپ بەردى﴾** يەنى سىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدە تەۋرىنىپ كەتمەي تۇرىسىلەر، ئۇخلايسىلەر ۋە سەپەر قىلىسىلەر.

**﴿سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنى ئېچىپ بەردى﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنى (سەپەردە) كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىۋالسۇن دەپ، تاغلاردا كەڭ يوللارنى ياراتتۇق﴾[2].

**﴿بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. (ئۇلاردىن) يەڭلار ۋە مال چارۋىلىرىڭلارنى بېقىڭلار، ئۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (الله نىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەرنى زېمىندىن خەلق ئەتتۇق، (ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز (تۇپرىغا ئايلىنىسىلەر)، سىلەرنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز﴾** يەنى سىلەرنىڭ باشلىنىشىڭلار زېمىندۇر. سىلەرنىڭ داداڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپىدىن يارىتىلغان، سىلەر ئۆلگەن ۋاقتىتا سىلەرنى تۇپىغا قايتا كىرگۈزىمىز ۋە (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭدىن يەنە قايتا بىر قېتىم چىقىرىمىز.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۇ كۈندە الله سىلەرنى چاقىرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ھەمدى ئېيتىپ ئىجابەت قىلىسىلەر ۋە (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇرغاندەك ئويلايسىلەر﴾[3]، ﴿ئېيتتى: «يەر يۈزىدە ياشايسىلەر، يەر يۈزىدە ئۆلۈسىلەر، (قىيامەت كۈنى) يەنە يەر ئاستىدىن چىقىرىلىسىلەر»﴾[4].

## الله تائالا پىرئەۋنگە پۈتۈن پاكىتلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىمان كەلتۈرمىگەنلىكى

**﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ ھەممە مۆجىزىلىرىمىزنى كۆرسەتتۇق. ئۇ ئىنكار قىلدى ۋە**

(1) تاھا سۈرىسى 50 ـ ئايەت.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئىسرا سۈرىسى 52 ـ ئايەت.
(4) ئەئراف سۈرىسى 25ـ ئايەت.

**(ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى﴾** الله تائالا (كاپىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا) مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى. بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن﴾[1].

* * * * * * *

قَالَ أَجِئْتَنَا لِتُخْرِجَنَا مِنْ أَرْضِنَا بِسِحْرِكَ يَٰمُوسَىٰ ﴿٥٧﴾ فَلَنَأْتِيَنَّكَ بِسِحْرٍ مِّثْلِهِۦ فَٱجْعَلْ بَيْنَنَا وَبَيْنَكَ مَوْعِدًا لَّا نُخْلِفُهُۥ نَحْنُ وَلَآ أَنتَ مَكَانًا سُوًى ﴿٥٨﴾ قَالَ مَوْعِدُكُمْ يَوْمُ ٱلزِّينَةِ وَأَن يُحْشَرَ ٱلنَّاسُ ضُحًى ﴿٥٩﴾

پىر ئەۋن ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېھرىڭ بىلەن بىزنى زېمىنىمىز (مىسىر) دىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟﴿57﴾ ساڭا بىز شۇنىڭغا ئوخشاش سېھىر بىلەن تاقابىل تۇرىمىز، سەن بىزگە ئۆز ئارا يىغىلىدىغان ۋاقىتنى ۋە مۇئەييەن جاينى بەلگىلەپ بەرگىن، سەنمۇ، بىزمۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايلى»﴿58﴾. مۇسا ئېيتتى: «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغ بايرام كۈنى بولۇپ، كىشىلەر چاشكا ۋاقتىدا يىغىلسۇن»﴿59﴾.

## پىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلتۈرگەن مۆجىزىلىرىنى سېھىر دەۋېلىشى ۋە ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىشنى پىلانلىشى

الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋننىڭ ئالدىدا ھاسىنى تاشلاپ ئۇنى ناھايىتى چوڭ بىر يىلانغا ئايلاندۇرۇش ۋە قولىنى قولتۇقىغا تىقىپ، ئۇنى ئاپئاق نۇرلۇق ھالدا چىقىرىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتكەن ۋاقتىدا، پىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: بۇ سېنىڭ بىزنى سېھرلەپ، كىشىلەرنى ئۆزەڭگە ئەگەشتۈرۈپ، سانىڭنى ئاۋۇتۇپ، ئۇلار بىلەن بىزدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن كەلتۈرگەن سېھرىڭدۇر، بۇئىش (سەن ئويلىغاندەك) بولمايدۇ، بىزنىڭمۇ سېنىڭكىدەك سېھرىمىز بار، سەن سېھرىڭغا بەك ئىشىنىپ كەتمە، ـ دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿سەن بىزگە ئۆز ئارا يىغىلىدىغان ۋاقىتنى ۋە مۇئەييەن جاينى بەلگىلەپ بەرگىن، سەنمۇ، بىزمۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايلى»﴾**.

**﴿مۇسا ئېيتتى: «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغ بايرام كۈنى بولۇپ، كىشىلەر چاشكا ۋاقتىدا يىغىلسۇن»﴾** يەنى ئۇ كۈن ھەممە كىشى ئىشلىرىدىن بىكار بولىدىغان كۈندۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ كۈننى تاللىشى الله تائالانىڭ خالىغىنىنى قىلالايدىغانلىقىنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى ۋە (پىرئەۋننىڭ) سېھرگەرلىرىنىڭ (مۇسا ئەلەيھىسسالامغا) بىلدۈرگەن قارشىلىقىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشىگە كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر.

**﴿كىشىلەر چاشكا ۋاقتىدا يىغىلسۇن﴾** ئۇنىڭ چاشگا ۋاقتىنى تاللىشى كىشىلەرنىڭ بولۇۋاتقان ئىشنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈشى ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرى داۋاملىق (شۇنىڭدەك) ئاشكارا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ (كىشىلەرنى) كېچىسى يىغىلسۇن دېمەي، كۈندۈزى چاشكاھ ۋاقتىدا يىغىلسۇن دېدى.

(1) نەمل سۈرىسى 14ـ ئايەت.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: ئۇلارنىڭ يىغىلىشقا ۋەدە قىلىشقان كۈنى مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنىدۇر. سۇددى، قەتادە ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: ئۇلار ۋەدە قىلىشقان كۈن ئۇلارنىڭ بايرام كۈنى ئىدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دېدى: ئۇ كۈن ئۇلارنىڭ بازار كۈنىدۇر. بۇ سۆزلەرنىڭ ئارىلىقىدا ھېچ قانداق زىتلىق يوق. ھەدىستە مۇشۇ كۈننىڭ ئۆزىدە الله تائالا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى (نىل دەرياسىدا) ھالاك قىلغانلىقى بايان قىلىندى.

* * * * * * *

فَتَوَلَّىٰ فِرۡعَوۡنُ فَجَمَعَ كَيۡدَهُۥ ثُمَّ أَتَىٰ ﴿٦٠﴾ قَالَ لَهُم مُّوسَىٰ وَيۡلَكُمۡ لَا تَفۡتَرُواْ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبٗا فَيُسۡحِتَكُم بِعَذَابٖۖ وَقَدۡ خَابَ مَنِ ٱفۡتَرَىٰ ﴿٦١﴾ فَتَنَٰزَعُوٓاْ أَمۡرَهُم بَيۡنَهُمۡ وَأَسَرُّواْ ٱلنَّجۡوَىٰ ﴿٦٢﴾ قَالُوٓاْ إِنۡ هَٰذَٰنِ لَسَٰحِرَٰنِ يُرِيدَانِ أَن يُخۡرِجَاكُم مِّنۡ أَرۡضِكُم بِسِحۡرِهِمَا وَيَذۡهَبَا بِطَرِيقَتِكُمُ ٱلۡمُثۡلَىٰ ﴿٦٣﴾ فَأَجۡمِعُواْ كَيۡدَكُمۡ ثُمَّ ٱئۡتُواْ صَفّٗاۚ وَقَدۡ أَفۡلَحَ ٱلۡيَوۡمَ مَنِ ٱسۡتَعۡلَىٰ ﴿٦٤﴾

پىرئەۋن قايتىپ كېتىپ ھىيلە ـ مىكرىنى (يەنى سېھىرگەرلەرنى) توپلىدى. ئاندىن ئۇ (سېھىرگەرلەرنى ۋە سېھىردە ئىشلىنىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتا) كەلدى﴿60﴾. مۇسا ئۇلارغا ئېيتتى: «سىلەرگە ۋاي! الله غا يالغاننى چاپلىماڭلار (يەنى سېھىرىڭلار ئارقىلىق مۆجىزىلىرىمگە تاقابىل تۇرۇشنى دەۋا قىلماڭلار)، الله سىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ھالاك قىلىدۇ، الله غا بوھتان چاپلىغان ئادەم مەغلۇب بولىدۇ»﴿61﴾. ئۇلار ئۆز ئىشى (يەنى مۇسا ۋە ھارۇننىڭ ئىشى) ئۈستىدە دەتالاش قىلىشتى، قىلغان دەتالاشنى يوشۇرۇشتى﴿62﴾. ئۇلار ئېيتتى: «بۇ ئىككىسى راستلا سېھىرگەر بولۇپ، سېھىر بىلەن سىلەرنى زېمىنىڭلاردىن چىقىرىۋەتمەكچى ۋە توغرا دىنىڭلارنى يوقاتماقچى بولىدۇ﴿63﴾. ھىيلەڭلارنىڭ ھەممىسىنى جەملەڭلار (يەنى پۈتۈن چارە ـ تەدبىرلىرىڭلارنى بىر نۇقتىغا يىغىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىڭلار)، ئاندىن (قارىغۇچىلارغا ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش ئۈچۈن مەيدانغا) سەپ تارتىپ كېلىڭلار، بۈگۈن ئۈستۈنلۈك قازانغان ئادەم راستلا مەقسەتكە ئېرىشىدۇ»﴿64﴾.

## ئىككى تەرەپنىڭ يىغىلىشى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ ئەھۋالى

الله تائالا بۇ ئايەتتە پىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇئەييەن ۋاقىت ۋە مۇئەييەن بىر ئورۇندا كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشكەندىن كېيىن، ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىن شۇ زاماندا سېھىرگەرلىكنى بىلىدۇ دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشقا باشلىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئۇ زاماندا سېھىرگەرلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ﴿پىرئەۋن: «مېنىڭ ئالدىمغا بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى﴾[1].

(1) يۇنۇس سۈرىسى 79 ـ ئايەت.

كىشىلەر شۇ كۈندە يىغىلدى. پىرئەۋن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى، دۆلەت كاتتىباشلىرىمۇ ئۇنىڭ قېشىدا، خەلق ئۇنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدە تىزىلىشىپ تۇرۇشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر تۇغقىنى ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاسىسىغا تايىنىپ كەلدى، سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسى پىرئەۋننىڭ ئالدىدا قاتار سەپ بولۇپ تىزىلىپ تۇردى. ئۇ كۈنى پىرئەۋن ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەرلىرىنى تازا كۆرسىتىشكە قىزىقتۇردى. ئۇلار (ئەگەر ئۇ كۈنى غەلىبە قىلسا) پىرئەۋننىڭ ئۆزلىرىنى مۇكاپاتلىشىنى تەلەپ قىلدى. پىرئەۋن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلايدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى.

الله تائالا بۇ ئىشنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار پىرئەۋنگە: «ئەگەر غەلىبە قىلساق، بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېدى. پىرئەۋن: «ھەئە، ئۇ چاغدا (سىلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن ئادەملىرىمدىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدى﴾[1].

**﴿مۇسا ئۇلارغا ئېيتتى: «سىلەرگە ۋاي! الله غا يالغاننى چاپلىماڭلار (يەنى سېھىرىڭلار ئارقىلىق مۆجىزىلىرىمگە تاقابىل تۇرۇشنى دەۋا قىلماڭلار)، الله سىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ھالاك قىلىدۇ، الله غا بوھتان چاپلىغان ئادەم مەغلۇب بولىدۇ». ئۇلار ئۆز ئىشى (يەنى مۇسا ۋە ھارۇننىڭ ئىشى) ئۈستىدە دەتالاش قىلىشتى﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدە: بۇ سېھىرگەرنىڭ سۆزى ئەمەس، شەكسىز ئۇ پەيغەمبەرنىڭ سۆزى دېگەنلەرمۇ؛ بۇ پەيغەمبەرنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى سېھىرگەرنىڭ سۆزى دېگەنلەرمۇ بولدى.

**﴿قىلغان دەتالاشنى يوشۇرۇشتى﴾** يەنى ئۆزئارا پىچىرلاشتى. **﴿ئۇلار ئېيتتى: «بۇ ئىككىسى راستلا سېھىرگەر بولۇپ، سېھىر بىلەن سىلەرنى زېمىنىڭلاردىن چىقىرىۋەتمەكچى ۋە توغرا دىنىڭلارنى يوقاتماقچى بولىدۇ﴾** يەنى ئۇلار مۇشۇ سېھىرنىڭ سەۋەبى بىلەن ھوقۇققا ۋە مال ـ دۇنياغا ئېرىشمەكچى، سىلەردىن ھوقۇقنى تارتىۋالماقچى دېيىشتى.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار سىلەر ئىشلەتكەن يول بىلەن سىلەردىن ھوقۇقۇڭلارنى تارتىۋالماقچى دېيىشتى، ـ دېدى.

**﴿ھىيلەڭلارنىڭ ھەممىسىنى جەملەڭلار (يەنى پۈتۈن چارە ـ تەدبىرلىرىڭلارنى بىر نۇقتىغا يىغىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىڭلار)، ئاندىن (قارىغۇچىلارغا ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش ئۈچۈن مەيدانغا) سەپ تارتىپ كېلىڭلار﴾** يەنى ھەممىڭلار بىر سەپ بولۇپ يىغىلىڭلار. مۇسا ۋە ھارۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى باغلاش ئۈچۈن قولۇڭلاردىكى نەرسىلەرنى بىرلا ۋاقىتتا تاشلاڭلار!

**﴿بۈگۈن ئۈستۈنلۈك قازانغان ئادەم راستلا مەقسەتكە ئېرىشىدۇ»﴾** يەنى بىز ئۈستۈنلۈككە ئېرىشسەك، پىرئەۋن بىزگە مال ـ مۈلۈك بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ئەمما مۇسا بىلەن ھارۇن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ قالسا، ئۇلار پادىشاھلىققا ئېرىشىدۇ.

* * * * * * *

قَالُواْ يَـٰمُوسَىٰٓ إِمَّآ أَن تُلْقِيَ وَإِمَّآ أَن نَّكُونَ أَوَّلَ مَنْ أَلْقَىٰ ﴿٦٥﴾ قَالَ بَلْ أَلْقُواْۖ فَإِذَا حِبَالُهُمْ وَعِصِيُّهُمْ يُخَيَّلُ إِلَيْهِ مِن
سِحْرِهِمْ أَنَّهَا تَسْعَىٰ ﴿٦٦﴾ فَأَوْجَسَ فِي نَفْسِهِۦ خِيفَةً مُّوسَىٰ ﴿٦٧﴾ قُلْنَا لَا تَخَفْ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْأَعْلَىٰ ﴿٦٨﴾ وَأَلْقِ مَا فِي

(1) شۇئەرا سۈرىسى 41 ـ 42 ـ ئايەتلەر.

يَمِينِكَ تَلْقَفْ مَا صَنَعُوٓا۟ ۖ إِنَّمَا صَنَعُوا۟ كَيْدُ سَٰحِرٍ ۖ وَلَا يُفْلِحُ ٱلسَّاحِرُ حَيْثُ أَتَىٰ ﴿٦٩﴾ فَأُلْقِىَ ٱلسَّحَرَةُ سُجَّدًا قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا
بِرَبِّ هَٰرُونَ وَمُوسَىٰ ﴿٧٠﴾

ئۇلار ئېيتتى: «ئى مۇسا! (ھاسائىنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن ياكى (ئارغامچا ـ ھاسىلىرىمىزنى) بىز ئاۋۋال تاشلامدۇق؟» ﴿65﴾. مۇسا: «بەلكى سىلەر ئاۋۋال تاشلاڭلار!» دېدى. (ئۇلار تاشلىغان ئىدى) ناگاھان ئۇلارنىڭ ئارغامچىلىرى، ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھرىدىن (يەنى سېھرىنىڭ تەسىرىدىن) ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى ﴿66﴾. (بۇنىڭدىن) مۇسا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى ﴿67﴾. بىز (ئۇنىڭغا) ئېيتتۇقكى، «قورقمىغىن، سەن چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسەن ﴿68﴾. قولۇڭدىكىنى تاشلىغىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھرگەرلەرنىڭ ھىيلىسىدۇر، سېھرگەرلەر قەيەرگە بارسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ» ﴿69﴾. (مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋەتتى) شۇنىڭ بىلەن، سېھرگەرلەر (سەجدە قىلغان ھالدا يىقىلىپ): «ھارۇن بىلەن مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشتى ﴿70﴾.

# مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ۋە سېھرگەرلەرنىڭ ئىمان كەلتۈرگەنلىكى

الله تائالا سېھرگەرلەرنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن كېلىشكەندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېگەن سۆزىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿«ئى مۇسا! (ھاساڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن ياكى (ئارغامچا ـ ھاسىلىرىمىزنى) بىز ئاۋۋال تاشلامدۇق؟» مۇسا: «بەلكى سىلەر ئاۋۋال تاشلاڭلار!» دېدى. (ئۇلار تاشلىغان ئىدى) ناگاھان ئۇلارنىڭ ئارغامچىلىرى، ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھرىدىن (يەنى سېھرىنىڭ تەسىرىدىن) ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى﴾**.

يەنە بىر ئايەتتە ئۇلارنىڭ ھاسىنى تاشلىغان ۋاقىتتا مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىندى: ﴿«پىرئەۋننىڭ كاتتىلىقى بىلەن قەسەمكى، بىز شەك ـ شۈبھىسىز غەلىبە قىلىمىز»﴾[1] الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە (ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ئارغامچا ۋە ھاسىلارنى تاشلىغاندا، بولغان ھالەتنى بايان قىلىپ) مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلارنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئۇلارنى (يەنى كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى، ئۇلار (كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە) چوڭ (كۆرۈنىدىغان) سېھىرنى كۆرسەتتى﴾[2].

**﴿(بۇنىڭدىن) مۇسا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى﴾** يەنى ئۇ قولىدىكى ھاسىنى تاشلاشتىن بۇرۇن، كىشىلەرنىڭ سېھرگەرلەرنىڭ كەلتۈرگەن سېھىرلىرىگە گوللىنىپ، ئېزىپ كېتىشىدىن قورقتى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا الله تائالا ئۇنىڭغا قولىدىكى ھاسىنى تاشلاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿قولۇڭدىكىنى تاشلىغىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ﴾** ئۇنداق

(1) شۇئەرا سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولۇشى (مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ) ھاسىسى ھەقىقەتەن تۆت پۇتلۇق، بويىنى ئۇزۇن، بېشى يوغان ۋە ھەيۋەتلىك چىشلىق، ناھايىتى يوغان بىر ھايۋانغا ئايلاندى. ئۇ (سېھىرگەرلەرنىڭ) ھېلىقى ئارغامچا ۋە ھاسىلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ھەممىسىنى يۇتۇۋەتتى، سېھىرگەرلەر ۋە (ئۇ يەرگە يىغىلغان) كىشىلەر بۇ ئىشلارنى كۆپ ـ كۆندۈزدە ئۆز كۆزلىرى بىلەن ئوچۇق كۆرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، مۆجىزە ۋە پاكىتلار ئىسپاتلىنىپ، ھەقنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ يالغانچىلىقى ئاشكارىلاندى.

﴿**ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھىرگەرلەرنىڭ ھىيلىسىدۇر، سېھىرگەرلەر قەيەرگە بارسىمۇ ۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ**﴾ شۇڭا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە ئۇبەيدە ئىبنى ئۇمەير مۇنداق دېدى: سېھىرگەرلەر ئەتىگەندە سېھىر قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى، كەچقۇرۇندا شېھىتلارغا ئايلاندى.

## سېھىرگەرلەرنىڭ سانى

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سېھىرگەرلەر 70 كىشى ئىدى، ئۇلار ئەتىگىنى سېھىرگەر ئىدى، كەچقۇرۇنى شېھىتلارغا ئايلاندى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەۋزائىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سېھىرگەرلەر سەجدە قىلغان ھالدا يىقىلغاندا، ئۇلارغا جەننەت كۆرسىتىلدى، ھەتتا ئۇلار (جەننەتنى) ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**شۇنىڭ بىلەن، سېھىرگەرلەر (سەجدە قىلغان ھالدا يىقىلىپ): «ھارۇن بىلەن مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشتى**﴾ يەنى ئۇلار سەجدە قىلغان ھالىتىدە تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ (ئاخىرەتتىكى) ئورۇنلىرىنى كۆردى. ئىكرىمە ۋە قاسىم ئىبنى ئەبۇبەززەھ قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېدى.

*******

قَالَ ءَامَنتُمۡ لَهُۥ قَبۡلَ أَنۡ ءَاذَنَ لَكُمۡۖ إِنَّهُۥ لَكَبِيرُكُمُ ٱلَّذِي عَلَّمَكُمُ ٱلسِّحۡرَۖ فَلَأُقَطِّعَنَّ أَيۡدِيَكُمۡ وَأَرۡجُلَكُم مِّنۡ
خِلَٰفٖ وَلَأُصَلِّبَنَّكُمۡ فِي جُذُوعِ ٱلنَّخۡلِ وَلَتَعۡلَمُنَّ أَيُّنَآ أَشَدُّ عَذَابٗا وَأَبۡقَىٰ ﴿٧١﴾ قَالُواْ لَن نُّؤۡثِرَكَ عَلَىٰ مَا جَآءَنَا
مِنَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلَّذِي فَطَرَنَاۖ فَٱقۡضِ مَآ أَنتَ قَاضٍۖ إِنَّمَا تَقۡضِي هَٰذِهِ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَآ ﴿٧٢﴾ إِنَّآ ءَامَنَّا بِرَبِّنَا لِيَغۡفِرَ لَنَا
خَطَٰيَٰنَا وَمَآ أَكۡرَهۡتَنَا عَلَيۡهِ مِنَ ٱلسِّحۡرِۗ وَٱللَّهُ خَيۡرٞ وَأَبۡقَىٰٓ ﴿٧٣﴾

پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەرگە مەن رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇ چوقۇم سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن، مەن چوقۇم سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى، پۇتلىرىڭلارنى ئوڭ ـ چەپ قىلىپ (يەنى ئوڭ قول بىلەن سول پۇتنى، ئوڭ پۇت بىلەن سول قولنى) كېسىپ تاشلايمەن، سىلەرنى چوقۇم خورما دەرەخلىرىگە ئاسىمەن، سىلەر قايسىمىزنىڭ (يەنى مېنىڭ ياكى مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ) ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىسىلەر»﴿71﴾. ئۇلار ئېيتتى: «سېنى (يەنى ساڭا ئەگىشىشنى) ئىختىيار قىلىپ، بىزگە كەلگەن (مۇسانىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە بىزنى خەلق ئەتكەن اللّٰه نى

ھەرگىز تاشلىمايمىز. (بىزنىڭ ھەققىمىزدە) نېمىنى ھۆكۈم قىلساڭ، شۇنى ھۆكۈم قىلغىن، سېنىڭ ھۆكمىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ﴿72﴾. بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى، سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا بىزنىڭ سېھىر كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن دەپ بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزغا ئىمان ئېيتتۇق، اللە نىڭ (ساۋابى سېنىڭ مۇكاپاتىڭدىن) ئارتۇقتۇر؛ اللە نىڭ (ئازابى سېنىڭ جازايىڭدىن) دائىمىيدۇر»﴿73﴾.

## پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلەرگە قارشىلىق بىلدۈرۈپ، تەھدىت سېلىشى ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ جاۋابى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە پىرئەۋننىڭ كاتتا مۆجىزىنى، اللە تائالانىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئوچۇق پاكىتلارنى ۋە ئۆزى ياردەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن سېھىرگەرلەرنىڭ نەق مەيداندا، ھەممە كىشىلەرنىڭ ئالدىدىلا ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، (اللە تائالانى) ئىنكار قىلىپ ھەددىدىن ئاشقانلىقى ۋە چوڭلۇق قىلىپ ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى، (ھەممە كىشىنىڭ ئالدىدا) مات بولۇپ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشقا ۋە سېھىرگەرلەرگە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ئىشلىتىشكە باشلاپ، ئۇلارغا: **﴿«سىلەرگە مەن رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇ چوقۇم سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن﴾** دېيىش بىلەن تەھدىت سالغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. يەنى سىلەر ئۇنىڭ بىلەن مۇسانى مەشھۇر قىلىشقا، ماڭا ۋە مېنىڭ قەۋمىمگە قارشى چىقىشقا ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرۇۋاتقان يۇرتىدىن چىقىرىشقا بىرلەشتىڭلار.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ شەھەر (يەنى مىسىر) دىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن (مۇسا بىلەن بىرلىشىپ) ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلاردۇر، (سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر﴾[1].

ئاندىن پىرئەۋن سېھىرگەرلەرگە تەھدىت سېلىشقا باشلاپ مۇنداق دېدى: **﴿مەن چوقۇم سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى، پۇتلىرىڭلارنى ئوڭ ـ چەپ قىلىپ (يەنى ئوڭ قول بىلەن سول پۇتنى، ئوڭ پۇت بىلەن سول قولنى) كېسىپ تاشلايمەن، سىلەرنى چوقۇم خورما دەرەخلىرىگە ئاسىمەن، سىلەر قايسىمىزنىڭ (يەنى مېنىڭ ياكى مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ) ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىسىلەر»﴾**.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: پىرئەۋن مۇشۇنداق ئازاب بىلەن ئادەم قىيىنىغان بىرىنچى كىشىدۇر.

سېھىرگەرلەر پىرئەۋنگە مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: **﴿«سېنى (يەنى ساڭا ئەگىشىشنى) ئىختىيار قىلىپ، بىزگە كەلگەن (مۇسانىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە بىزنى خەلق ئەتكەن اللە نى ھەرگىز تاشلىمايمىز. (بىزنىڭ ھەققىمىزدە) نېمىنى ھۆكۈم قىلساڭ، شۇنى ھۆكۈم قىلغىن، سېنىڭ ھۆكمىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ. بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى، سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا بىزنىڭ سېھىر كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن دەپ بىز ھەقىقەتەن**

(1) ئەئراف سۈرىسى 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**پەرۋەردىگارىمىزغا ئىمان ئېيتتۇق، الله نىڭ (ساۋابى سېنىڭ مۇكاپاتىڭدىن) ئارتۇقتۇر؛ الله نىڭ (ئازابى سېنىڭ جازايىڭدىن) دائىمىيدۇر»﴾**.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىن 40 بالىنى تاللىدى، ئۇلارغا فەراما دېگەن يەردە سېھىر ئۆگىتىشنى بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ باللارغا يەر يۈزىدە ھېچكىم بىلمەيدىغان سېھىرنى ئۆگىتىڭلار.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: ئەنە شۇ 40 بالا مۇساغا ئىمان ئېيتقان ۋە: **﴿بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى، سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا بىزنىڭ سېھىر كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن دەپ بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزغا ئىمان ئېيتتۇق﴾** دېگەن سېھىرگەرلەردۇر.

**﴿الله نىڭ (ساۋابى سېنىڭ مۇكاپاتىڭدىن) ئارتۇقتۇر؛ الله نىڭ (ئازابى سېنىڭ جازايىڭدىن) دائىمىيدۇر»﴾** يەنى بىزگە نىسبەتەن الله تائالا سەندىن ياخشىدۇر. ئۇنىڭ بېرىدىغان مۇكاپاتى سېنىڭ بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىلىرىڭدىن دائىمىيدۇر. پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلەرنى ئۆزى دېگەن ئۇسۇل بىلەن جازالىغانلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇر. ئۇلارنىڭ شۇنداق جازالىنىشى الله تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان بىر رەھمىتىدۇر. شۇڭا ئىبنى ئابباس ۋە باشقا سەلەپ ئالىملىرى: سېھىرگەرلەر ئەتىگىنى سېھىرگەر ئىدى، كەچتە شېھىتلەردىن بولدى، ــ دېدى.

* * * * * * *

إِنَّهُۥ مَن يَأْتِ رَبَّهُۥ مُجْرِمًا فَإِنَّ لَهُۥ جَهَنَّمَ لَا يَمُوتُ فِيهَا وَلَا يَحْيَىٰ ﴿٧٤﴾ وَمَن يَأْتِهِۦ مُؤْمِنًا قَدْ عَمِلَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
فَأُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلدَّرَجَٰتُ ٱلْعُلَىٰ ﴿٧٥﴾ جَنَّٰتُ عَدْنٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۚ وَذَٰلِكَ جَزَآءُ مَن تَزَكَّىٰ ﴿٧٦﴾

كىمكى گۇناھكار ھالدا الله غا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاختا ئۇ ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ﴿74﴾. كىمكى مۆمىن بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا الله غا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ (الله نىڭ دەرگاھىدا) يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ﴿75﴾. ئۇ (دەرىجىلەر) دائىمى تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇ يەرلەردە ئۇ مەڭگۈ قالىدۇ، ئەنە شۇ (كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان ئادەمگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر﴿76﴾.

## سېھىرگەرلەرنىڭ پىرئەۋننىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قىلغان نەسىھىتى



سېھىرگەرلەر پىرئەۋننى الله تائالانىڭ مەڭگۈلۈك ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە جەننەتكە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن (ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان نەسىھىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ) مۇنداق دېدى: **﴿كىمكى گۇناھكار ھالدا الله غا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاختا ئۇ ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ (ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقان ھەر ئىنساننى ئەنە شۇنداق جازالايمىز﴾، ﴿ئەڭ شەقى ئادەم ۋەز ــ نەسىھەتتىن قاچىدۇ. ئۇ

كاتتا ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئوتتا ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ توۋلايدۇ. مالىك: «سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر» دەيدۇ﴾[2].

ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىد خۇدرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(كاپىر ۋە مۇناپىقلاردىن ئىبارەت) مەڭگۈلۈك دوزىخى بولۇپ كەتكەن كىشىلەر دوزاختا (ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن) ئۆلۈپ كېتەلمەيدۇ ياكى (ئۇلارغا پايدىلىق) باشقا بىر ھاياتقا ئېرىشەلمەيدۇ، ئەمما بەزى بىر گۇناھلار بىلەن دوزاخقا كىرىپ قالغان كىشىلەر گۇناھىغا چۇشلۇق ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بىر مۇددەت ئۆلۈكنىڭ ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئۇلار قارا كۆمۈرگە ئايلانغان ۋاقتىدا، ئۇلارغا شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ، ئاندىن ئۇلار (دوزاختىن چىقىرىلىپ) گۇرۇھ ـ گۇرۇھ ھالىتىدە كەلتۈرۈلۈپ، جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىگە تارقىتىلىدۇ. جەننەتتىكى كىشىلەرگە: سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (ئۆستەڭلەردىكى سۇدىن) قۇيۇڭلار، ـ دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ قىرغىقىدا ئۆسكەن مايسىدەك (ناھايىتى ئاجىز ۋە ساپ ـ سېرىق) ھالەتتە تىرىلىدۇ». ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى خۇددى سەھرادا تېرىقچىلىق قىلىپ باققاندەكلا قىلدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿كىمكى مۆمىن بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا الله غا مۇلاقات بولىدىكەن﴾** ئىمام ئەھمەد ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتتە يۈز دەرىجە بار بولۇپ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك كېلىدۇ. پىردەۋس جەننىتى جەننەتلەرنىڭ ئىچىدىكى دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان جەننەتتۇر. (جەننەتلەرنىڭ ئىچىدە) ئاقىدىغان تۆت ئۆستەڭ پىردەۋستىن چىقىدۇ، ئەرشمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە. سىلەر الله تائالادىن (جەننەتنى) تىلىگەن ۋاقتىڭلاردا، پىردەۋس دېگەن جەننەتنى تىلەڭلار». بۇنى تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: «(دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن) جەننەتكە كىرگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى كىشىلەرنى خۇددى سىلەر ئاسماننىڭ قەھرىدىكى ئەڭ يىراق يۇلتۇزنى كۆرگىنىڭلاردەك كۆرەلەيدۇ». ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورنى ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق، جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ (ھەم) الله تائالاغا ئىشەنگەن ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭمۇ ئورنىدۇر» دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلدى: «ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر شەكسىز ئۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر. ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا ھەقلىقتۇر».

**﴿ئۇ (الله نىڭ دەرگاھىدا) يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئەنە شۇ (كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان ئادەمگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر﴾** ئەنە شۇ كۇفرىدىن، شېرىكتىن ۋە گۇناھلاردىن پاك بولغان، شېرىكى يوق بىر الله تائالاغا ئىبادەت قىلغان ۋە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن توغرا يولغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر.

(1) فاتىر سۈرىسى 36 ـ ئايەت.
(2) ئەئلا سۈرىسى 11 ـ 13 ـ ئايەتكىچە.

* * * * * * *

وَلَقَدْ أَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنْ أَسْرِ بِعِبَادِى فَٱضْرِبْ لَهُمْ طَرِيقًا فِى ٱلْبَحْرِ يَبَسًا لَّا تَخَٰفُ دَرَكًا وَلَا تَخْشَىٰ ﴿٧٧﴾
فَأَتْبَعَهُمْ فِرْعَوْنُ بِجُنُودِهِۦ فَغَشِيَهُم مِّنَ ٱلْيَمِّ مَا غَشِيَهُمْ ﴿٧٨﴾ وَأَضَلَّ فِرْعَوْنُ قَوْمَهُۥ وَمَا هَدَىٰ ﴿٧٩﴾

بىز شەك ـ شۈبھىسىز مۇساغا ۋەھيى قىلدۇقكى، «سەن مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە (مىسىردىن) ئېلىپ چىقىپ كەت، سەن (ھاساڭنى) دېڭىزغا ئۇرۇپ ئۇلارغا بىر قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگىن، (پىرئەۋننىڭ ئارقاڭدىن قوغلاپ) يېتىشىۋېلىشىدىن قورقمىغىن، (دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىنمۇ) قورقمىغىن»﴿77﴾. پىرئەۋن لەشكەرلىرى بىلەن قوغلىدى، ئۇلارنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ لەشكىرىنى) دېڭىزدا دەھشەتلىك ھالەت ئورىۋالدى (يەنى ئۇلار دېڭىزدا غەرق بولدى)﴿78﴾. پىرئەۋن ئۆز قەۋمىنى ئازدۇردى، (ئۇلارنى) توغرا يولغا باشلىمىدى﴿79﴾.

## ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى

الله تائالا بۇ ئايەتتە پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىنى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كېتىشكە قويۇپ بەرمىگەن ۋاقىتتا، الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى كېچىدە ئۇلارنى پىرئەۋندىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن بىر كىشىنىمۇ قويماي ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن پىرئەۋن ناھايىتى قاتتىق غەزەپلەندى، پۈتۈن مىسىرنىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىغا ئەسكەر توپلاش ئۈچۈن ئادەملەر ئەۋەتتى. پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿«بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن بىر ئوچۇم ئادەملەردۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويىدى﴾[1].

ئەسكەر توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن، پىرئەۋن ئەسكەرلىرى بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئىزدەپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. الله تائالا بۇ ئىشنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى) ئۇلارنى كۈن چىققان چاغدا قوغلاپ چىقتى. ئىككى توپ (يەنى پىرئەۋن توپى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توپى) بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ئادەملىرى: «ئۇلار: (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى) بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالدىغان بولدى» دېدى. مۇسا ئېيتتى: «ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ) پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ﴾[2].

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ توختاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا دېڭىز، كەينىدە پىرئەۋن بار ئىدى. ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغان، الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەپ ۋەھيى قىلدى: **﴿«سەن مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە (مىسىردىن) ئېلىپ چىقىپ كەت، سەن (ھاساڭنى) دېڭىزغا ئۇرۇپ ئۇلارغا بىر قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگىن، (پىرئەۋننىڭ ئارقاڭدىن قوغلاپ) يېتىشىۋېلىشىدىن قورقمىغىن، (دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىنمۇ) قورقمىغىن»﴾** مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن

(1) شۇئەرا سۈرىسى 54 ـ 55 ـ ئايەتلەر.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 60 ـ 62 ـ ئايەتكىچە.

دېڭىزغا ئۇرۇپ: "الله  تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېرىلغىن" دېدى. دېڭىز يېرىلدى.

الله  تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋىدى) دەريا يېرىلدى، (ھەر بىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى﴾[1] ئاندىن الله  تائالا دېڭىزنىڭ يېرىلغان يېرىگە شامال ئەۋەتتى ۋە ئۇ يەرنى قىزىتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەر خۇددى زېمىندەك قۇرۇق ھالەتكە كەلدى.

**﴿پىرئەۋن لەشكەرلىرى بىلەن قوغلىدى، ئۇلارنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ لەشكىرىنى) دېڭىزدا دەھشەتلىك ھالەت ئورىۋالدى (يەنى ئۇلار دېڭىزدا غەرق بولدى. پىرئەۋن ئۆز قەۋمىنى ئازدۇردى، (ئۇلارنى) توغرا يولغا باشلىمىدى﴾** پىرئەۋن ئادەملىرىنى بۇ دۇنيادا توغرا يولغا باشلىماي ئازدۇرۇۋەتكىنىگە ئوخشاش، قىيامەت كۈنىمۇ ئۇلارنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ، الله  تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پىرئەۋن قىيامەت كۈنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قەۋمىنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇ جاي نېمىدېگەن يامان!﴾[2]

*******

يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ قَدۡ أَنجَيۡنَٰكُم مِّنۡ عَدُوِّكُمۡ وَوَٰعَدۡنَٰكُمۡ جَانِبَ ٱلطُّورِ ٱلۡأَيۡمَنَ وَنَزَّلۡنَا عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَنَّ وَٱلسَّلۡوَىٰ ﴿٨٠﴾
كُلُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقۡنَٰكُمۡ وَلَا تَطۡغَوۡاْ فِيهِ فَيَحِلَّ عَلَيۡكُمۡ غَضَبِيۖ وَمَن يَحۡلِلۡ عَلَيۡهِ غَضَبِي فَقَدۡ هَوَىٰ
﴿٨١﴾ وَإِنِّي لَغَفَّارٞ لِّمَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا ثُمَّ ٱهۡتَدَىٰ ﴿٨٢﴾

ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرنى ھەقىقەتەن دۈشمىنىڭلاردىن قۇتقۇزدۇق، (مۇناجات ئۈچۈن ۋە مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلىش ئۈچۈن) سىلەرگە (تۇرسىنا) نىڭ ئوڭ تەرىپىنى ۋەدە قىلدۇق، سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق﴿80﴾. (ئېيتتۇقكى) «بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك ـ ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، بۇ ھەقتە چەكتىن ئاشماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) سىلەرگە غەزىپىم نازىل بولىدۇ، كىمگە مېنىڭ غەزىپىم نازىل بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم ھالاك بولىدۇ﴿81﴾. تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەتقىلغۇچىمەن»﴿82﴾.

## الله تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ئەسلەتكەنلىكى

الله  تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا بەرگەن كاتتا نېمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ. الله  تائالا ئۇلارنى دۈشمىنى پىرئەۋندىن قۇتۇلدۇردى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا سۇغا غەرق قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى. الله  تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پىرئەۋن گۇرۇھىنى كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلدۇق﴾[3].

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

(1) شۇئەرا سۈرىسى 63 ـ ئايەت.
(2) ھۇد سۈرىسى 98 ـ ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە، يەھۇدىيلارنىڭ مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى روزا تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇلاردىن (نېمە ئۈچۈن بۇ كۈندە روزا تۇتىدىغانلىقىنى) سورىدى، ئۇلار: بۇ، الله تائالا مۇسانى پىرئەۋندىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان كۈندۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىز مۇساغا ئەڭ يېقىن كىشىلەردۇرمىز، سىلەرمۇ بۇ كۈندە روزا تۇتۇڭلار». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

الله تائالا پىرئەۋننى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇلار بىلەن تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇچرىشىشقا ۋەدە بەردى. بۇ، الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىگەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام الله تائالانى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان ۋە الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى بەرگەن ئورۇندۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام الله تائالا بىلەن سۆزلەشكىلى كەتكەن ئارىلىقتا ئىسرائىل ئەۋلادى موزايغا ئىبادەت قىلدى. بۇ ھەقتىكى قىسسە تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.

﴿**سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق**﴾ الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئاسماندىن ئۇلارغا يېمەكلىكلەرنى چۈشۈرۈپ بېرەتتى، ئۇلار بۇ يېمەكلىكلەردىن كۆپ ئالماي ئەتىسىگە يەتكۈدەك ئېلىۋالاتتى.

﴿**(ئېيتتۇقكى) «بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك ـ ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، بۇ ھەقتە چەكتىن ئاشماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) سىلەرگە غەزىپىم نازىل بولىدۇ**﴾ يەنى سىلەر مەن سىلەرگە ئاتا قىلىپ بەرگەن بۇ رىزىقلاردىن يەڭلار، بۇ ھەقتە چەكتىن ئېشىپ ھەددىدىن ئارتۇق ئېلىۋالماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا قارشى چىققان بولىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە غەزىپىم چۈشىدۇ.

﴿**كىمگە مېنىڭ غەزىپىم نازىل بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم ھالاك بولىدۇ**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ غەزىپى چۈشكەن كىشى (دۇنيا ـ ئاخىرەتتە) بەختسىز بولىدۇ.

﴿**تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن»**﴾ ھەتتا الله تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىن موزايغا ئىبادەت قىلغانلارنىڭمۇ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن شەك قىلمىغانلاردۇر.

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: تاكى ۋاپات بولغۇچە ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرغان. بۇ ۋاقىتتا ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئاندىن تاكى ۋاپات بولغۇچە دىنىدا چىڭ تۇرغان.

*******

۞ وَمَآ أَعۡجَلَكَ عَن قَوۡمِكَ يَٰمُوسَىٰ ﴿٨٣﴾ قَالَ هُمۡ أُوْلَآءِ عَلَىٰٓ أَثَرِي وَعَجِلۡتُ إِلَيۡكَ رَبِّ لِتَرۡضَىٰ ﴿٨٤﴾
قَالَ فَإِنَّا قَدۡ فَتَنَّا قَوۡمَكَ مِنۢ بَعۡدِكَ وَأَضَلَّهُمُ ٱلسَّامِرِيُّ ﴿٨٥﴾ فَرَجَعَ مُوسَىٰٓ إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ غَضۡبَٰنَ أَسِفٗاۚ قَالَ

يَٰقَوۡمِ أَلَمۡ يَعِدۡكُمۡ رَبُّكُمۡ وَعۡدًا حَسَنًاۚ أَفَطَالَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡعَهۡدُ أَمۡ أَرَدتُّمۡ أَن يَحِلَّ عَلَيۡكُمۡ غَضَبٞ
مِّن رَّبِّكُمۡ فَأَخۡلَفۡتُم مَّوۡعِدِي ﴿٨٦﴾ قَالُواْ مَآ أَخۡلَفۡنَا مَوۡعِدَكَ بِمَلۡكِنَا وَلَٰكِنَّا حُمِّلۡنَآ أَوۡزَارٗا مِّن زِينَةِ ٱلۡقَوۡمِ
فَقَذَفۡنَٰهَا فَكَذَٰلِكَ أَلۡقَى ٱلسَّامِرِيُّ ﴿٨٧﴾ فَأَخۡرَجَ لَهُمۡ عِجۡلٗا جَسَدٗا لَّهُۥ خُوَارٞ فَقَالُواْ هَٰذَآ إِلَٰهُكُمۡ وَإِلَٰهُ
مُوسَىٰ فَنَسِيَ ﴿٨٨﴾ أَفَلَا يَرَوۡنَ أَلَّا يَرۡجِعُ إِلَيۡهِمۡ قَوۡلٗا وَلَا يَمۡلِكُ لَهُمۡ ضَرّٗا وَلَا نَفۡعٗا ﴿٨٩﴾

«ئى مۇسا! ئالدىراپ (تۇرسىناغا) قەۋمىڭدىن ئىلگىرى كېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دېدۇق﴿83﴾. مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار ئىزىمنى قوغلىشىپ كېلىۋاتىدۇ، پەرۋەردىگارىم! سېنى رازى بولسۇن دەپ بۇ يەرگە ئالدىراپ كەلدىم»﴿84﴾. الله ئېيتتى: «سەندىن (يەنى سەن كەتكەندىن) كېيىن قەۋمىڭنى ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئۇلارنى سامىرى ئازدۇردى»﴿85﴾. مۇسا قەۋمىگە غەزەپلەنگەن ھالدا خاپا قايتتى، ئۇ ئېيتتى: «سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار چىرايلىق ۋەدە قىلمىغانمىدى؟ (سىلەر ئەھدىنى ئۇنتۇغۇدەك) ۋاقىت شۇنچە ئۇزۇن بولۇپ كەتتىمۇ؟ ياكى سىلەر ئۆزەڭلارغا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ غەزىپى چۈشۈشىنى ئىرادە قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا خىلاپلىق قىلدىڭلارمۇ؟»﴿86﴾. ئۇلار ئېيتتى: «ساڭا بەرگەن ۋەدىگە ئۆزلىكىمىزدىن خىلاپلىق قىلغىنىمىز يوق، لېكىن بىز (پىرئەۋن) قەۋمىنىڭ زىننەتلىرىدىن نۇرغۇن ئېلىپ چىققان ئىدۇق، (سامىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە) ئۇلارنى (ئوتقا) تاشلىدۇق، سامىرىمۇ (ئۆزى ئېلىپ چىققان زىبۇ زىننەتلىرىنى) تاشلىدى»﴿87﴾. سامىرى (ئېرىتىلگەن زىبۇ زىننەتلەردىن) ئۇلار ئۈچۈن بىر موزاي ھەيكەل ياسىدى، ئۇنىڭدىن موزاينىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقاتتى، ئۇلار (يەنى سامىرى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى) ئېيتتى: «بۇ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلاردۇر ۋە مۇسانىڭ ئىلاھىدۇر، مۇسا (ئىلاھىنى بۇ يەردە) ئۇنتۇپ قېلىپ (ئۇنى ئىزدەپ تۇرسىناغا كەتتى)»﴿88﴾. ئۇ موزاينىڭ ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارغا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟﴿89﴾

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالاغا ۋەدە بەرگەن يەرگە كېتىشى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ موزايغا ئىبادەت قىلغانلىقى

پىرئەۋن سۇغا چۆكتۈرۈلۈپ يوقىتىلغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ، بۇتقا چوقۇنۇۋاتقان بىر ئۇچۇم ئادەملەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن: بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىدەك بۇت ياساپ بەرگىن، ـ دەپ تەلەپ قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ قىسسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز (قۇلزۇم) دېڭىزىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن» دېدى. مۇسا: «سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى. شۈبھىسىزكى، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ باتىل دىنلىرى گۇمران بولغۇسىدۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر﴾[1] الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا 30 كۈننى ۋەدە بەردى، ئاندىن ئۇنىڭغا 10 كۈننى قوشۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن 40 كۈن تولۇق توشتى، مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ كۈنلەردە

(1) ئەئراف سۈرىسى 138 ـ 139 ـ ئايەتلەر.

روزا تۇتتى، مۇسا ئەلەيھىسسالام 40 كۈن توشقاندىن كېيىن، قالغان ئىسرائىل ئەۋلادىغا مەسئۇل بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۆز ئورنىغا قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى قويۇپ، ئۆزى تۇر تېغىغا (الله تائالا بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئادەملىرىدىن بۇرۇن) ئالدىراپ ماڭدى.

شۇڭا الله تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: **﴿«ئى مۇسا! ئالدىراپ (تۇرسىناغا) قەۋمىڭدىن ئىلگىرى كېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دېدۇق. مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار ئىزىمنى قوغلىشىپ كېلىۋاتىدۇ، پەرۋەردىگارىم! سېنى رازى بولسۇن دەپ بۇ يەرگە ئالدىراپ كەلدىم»﴾**.

**﴿الله ئېيتتى: «سەندىن (يەنى سەن كەتكەندىن) كېيىن قەۋمىڭنى ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئۇلارنى سامىرى ئازدۇردى»﴾** يەنى الله تائالا پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇسا ئەلەيھىسسالام يوق مەزگىلدە ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە يۈز بەرگەن، ئۇلارنىڭ سامىرى ياساپ بەرگەن بۇتقا ئىبادەت قىلىشتەك ئىشىدىن خەۋەر بەردى. الله تائالا بۇ مۇددەت ئىچىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تاختىنى چۈشۈرۈپ بەردى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن (تەۋرات) تاختىلىرىغا (ئىسرائىل ئەۋلادى دىنىدا موھتاج بولغان) ۋەز ـ نەسىھەت، (دىنىي) ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي يازدۇق. (ئى مۇسا) ئۇنى (يەنى تەۋراتنى) مەھكەم تۇتقىن ھەمدە قەۋمىڭنى ئۇنىڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغىن، سىلەرگە پاسىقلار (يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى) نىڭ دىيارىنى كۆرسىتىمەن﴾[1].

الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قېشىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سامىرى ياساپ بەرگەن موزايغا ئىبادەت قىلغانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ شەرىپى بولغان ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋراتنى تاپشۇرۇۋالغىلى كەتكەندە، ئۇلارنىڭ الله تائالادىن باشقا بىر نەرسىگە ئىبادەت قىلغانلىقىدىن ناھايىتى قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: **﴿مۇسا قەۋمىگە غەزەپلەنگەن ھالدا خاپا قايتتى﴾**.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: مۇسا (ئادەملىرىنىڭ قېشىغا) غەزەپلەنگەن ھالدا غەمكىن قايتتى. قەتادە بىلەن سۇددى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: مۇسا ئەلەيھىسسالام ئادەملىرىنىڭ موزايغا ئىبادەت قىلغانلىقىغا خاپا، غەمكىن ھالەتتە قايتتى.

**﴿ئۇ ئېيتتى: «سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار چىرايلىق ۋەدە قىلمىغانمىدى؟﴾** يەنى پەرۋەردىگارىڭلارمەن ئارقىلىق سىلەرگە دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى ھەممە ياخشى ئىشلارنى ۋە كەلگۈسىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلمىغانمىدى ھەم سىلەرمۇ ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىڭلار ئۈستىدىن سىلەرگە ياردەم قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان نېمەتلىرىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرمىدىڭلارمۇ؟

**﴿(سىلەر ئەھدىنى ئۇنتۇغۇدەك) ۋاقىت شۇنچە ئۇزۇن بولۇپ كەتتىمۇ؟ ياكى سىلەر ئۆزەڭلارغا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ غەزىپى چۈشۈشىنى ئىرادە قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا خىلاپلىق قىلدىڭلارمۇ؟»﴾** ئاندىن ئۇلار بۇ ئىشنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولمىغانلىقىنى، ئۇلار مىسىردىن قايتىپ چىققاندا قوللىرىدىكى (مىسىرلىقتىن ئارىيەتكە ئېلىپ چىققان) زىبۇزىننەتلەرنى

(1) ئەئراف سۈرىسى 145 ـ ئايەت.

ئىشلىتىشنى راۋا كۆرمەي، ئېرىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە توپلىغانلىقىدىن بۇ ئىشنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى باھانە قىلىشىپ مۇنداق دېيىشتى: ﴿«ساڭا بەرگەن ۋەدىگە ئۆزلۈكىمىزدىن خىلاپلىق قىلغىنىمىز يوق، لېكىن بىز (پىرئەۋن) قەۋمىنىڭ زىننەتلىرىدىن نۇرغۇن ئېلىپ چىققان ئىدۇق، (سامىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە) ئۇلارنى (ئوتقا) تاشلىدۇق، سامىرىمۇ (ئۆزى ئېلىپ چىققان زىبۇ زىننەتلىرىنى)تاشلىدى»﴾.

سۇددى ئەبۇمالىكتىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھارۇن ئەلەيھىسسالام: بۇ زىبۇزىننەتلەر ھەققىدە مۇسا قايتىپ كېلىپ بىر نەرسە دېسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر پارچە كېسەك ئالتۇن قىلىشنى كۆزلەپ، ئۇلارنى بىر ئورەككە يىغقان ئىدى. ئاندىن سامىرى كېلىپ، ئۇنىڭغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىدىن ئېلىۋالغان بىر ئۇچۇم توپىنى چاچتى. سامىرى ھارۇن ئەلەيھىسسالامدىن **الله** تائالانىڭ ئۆزىنىڭ تەلەپ قىلغان دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشنى ئۆتۈنۈپ، **الله** تائالاغا دۇئا قىلىپ بېرىشنى سورىدى.

ھارۇن ئەلەيھىسسالام سامىرىنىڭ نېمە كۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلمەيلا **الله** تائالادىن ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشنى تىلىدى. **الله** تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلماقچى بولدى، سامىرى: مەن **الله** تائالادىن بۇ زىبۇزىننەتلەرنىڭ موزايغا ئايلىنىشىنى تىلەيمەن، ـ دېدى. **الله** تائالا ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن زىبۇزىننەتلەرنى ئاۋازلىق بىر موزايغا ئايلاندۇرۇپ بەردى.

شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**سامىرىمۇ (ئۆزى ئېلىپ چىققان زىبۇ زىننەتلىرىنى) تاشلىدى». سامىرى (ئېرىتىلگەن زىبۇ زىننەتلەردىن) ئۇلار ئۈچۈن بىر موزاي ھەيكەل ياسىدى، ئۇنىڭدىن موزايىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقاتتى**﴾.

﴿**ئۇلار (يەنى سامىرى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى) ئېيتتى: «بۇ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلاردۇر ۋە مۇسانىڭ ئىلاھىدۇر**﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسرائىل ئەۋلادلىرى موزايغا ناھايىتى بەك چوقۇندى ۋە ئۇنى تەڭدىشى يوق دەرىجىدە ياخشى كۆردى.

﴿**مۇسا (ئىلاھىنى بۇ يەردە) ئۇنتۇپ قېلىپ (ئۇنى ئىزدەپ تۇرسىناغا كەتتى)»**﴾ يەنى سامىرى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئۇنتۇدى.

**الله** تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، ئەسكىلىكلىرىنى ئېچىپ ۋە ئەقىلسىز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ موزايىنىڭ ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارغا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟**﴾ يەنى ئۇلار ئۇ موزايغا گەپ قىلغاندا ۋە ئۇنىڭدىن سوئال سورىغاندا، موزايىنىڭ ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارغا پايدا ـ زىيان كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: **الله** تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، موزايىنىڭ ئاۋازى ئادەتتىكى موزايلاردا بولىدىغان تەبىئىي ئاۋاز ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قوڭىدىن كىرگەن شامالنىڭ ئاغزىدىن چىققاندا ئاڭلانغان ئاۋازىدۇر.

ھەسەنبەسرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە بۇموزايىنىڭ "بەھمۇت" دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغانلىقى بايان قىلىندى. بۇئەخمەقلەرنىڭ كۆرسەتكەن باھانىسىنىڭ خۇلاسىسى. ئۇلار مىسىرلىقلاردىن ۋاقىتلىق دەپ

تۇرۇپ ئېلىشالغان زىبۇزىننەتلىرىنى ئىشلىتىشنى ماقۇل كۆرمەي، ئۇلارنى تاقماي، موزاي ياساپ، شۇنىڭغا ئىبادەت قىلدى. يەنى ئۇلار كىچىك گۇناھ قىلىشتىن ساقلىنىمىز دەپ چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزدى.

مۇشۇ مەزمۇندا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدى: ئىراقلىق بىر كىشى ئىبنى ئۆمەردىن: پاشىنىڭ قېنى كىيىمگە يۇقۇپ قالسا، ئۇ كىيىمدە ناماز ئوقۇغىلى بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئىبنى ئۆمەر: ماۋۇ ئىراقلىقلا قاراڭلار، بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھۈسەيىننى (ئىككىلەنمەيلا) ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئەمدىلىكتە كېلىپ كىيىمگە يۇقۇپ قالغان كىچىككىنە پاشىنىڭ قېنى توغرىسىدا پەتىۋا سوراۋاتىدۇ، ـ دېدى.

* * * * * * *

وَلَقَدۡ قَالَ لَهُمۡ هَٰرُونُ مِن قَبۡلُ يَٰقَوۡمِ إِنَّمَا فُتِنتُم بِهِۦۖ وَإِنَّ رَبَّكُمُ ٱلرَّحۡمَٰنُ فَٱتَّبِعُونِي وَأَطِيعُوٓاْ أَمۡرِي ﴿٩٠﴾
قَالُواْ لَن نَّبۡرَحَ عَلَيۡهِ عَٰكِفِينَ حَتَّىٰ يَرۡجِعَ إِلَيۡنَا مُوسَىٰ ﴿٩١﴾

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھارۇن ئۇلارغا (مۇسا قايتىپ كېلىشتىن) بۇرۇن: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزاي بىلەن قايمۇقتۇرۇلدۇڭلار، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار مەرھەمەتلىك الله دۇر، ماڭا بويسۇنۇڭلار، (موزايغا چوقۇنۇشنى تەرك ئېتىش بىلەن) بۇيرۇقۇمغا ئىتائەت قىلىڭلار!» دېدى﴿90﴾. ئۇلار: «مۇسا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا چوقۇنىۋېرىمىز» دېيىشتى﴿91﴾.

## ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى موزايغا ئىبادەت قىلىشتىن توسقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى موزايغا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇپ: بۇ سىلەرنى قايمۇقتۇرۇشتۇر. سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ھەممە نەرسىنى يارىتىپ، ئۇنى ناھايىتى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرغان، كاتتا ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ۋە خالىغاننى قىلىدىغان زاتتۇر، ـ دېگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

**﴿ئۇلار: «مۇسا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا چوقۇنىۋېرىمىز» دېيىشتى﴾** يەنى بۇ ھەقتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغىچە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى تاشلىمايمىز، ـ دېدى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىلەن قارشىلاشتى ۋە جېدەللەشتى. ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى.

* * * * * * *

قَالَ يَٰهَٰرُونُ مَا مَنَعَكَ إِذۡ رَأَيۡتَهُمۡ ضَلُّوٓاْ ﴿٩٢﴾ أَلَّا تَتَّبِعَنِۖ أَفَعَصَيۡتَ أَمۡرِي ﴿٩٣﴾ قَالَ يَبۡنَؤُمَّ لَا تَأۡخُذۡ بِلِحۡيَتِي
وَلَا بِرَأۡسِيٓۖ إِنِّي خَشِيتُ أَن تَقُولَ فَرَّقۡتَ بَيۡنَ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَلَمۡ تَرۡقُبۡ قَوۡلِي ﴿٩٤﴾

مۇسا ئېيتتى: «ئى ھارۇن! ئۇلارنىڭ ئازغانلىقىنى كۆرگەن چېغىڭدا (خۇدالىق ئۇچۇن غەزەپلىنىشتە) ماڭا ئەگىشىشتىن ساڭا نېمە توسالغۇ بولدى؟ مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلدىڭمۇ؟»﴿92ـ93﴾ ھارۇن

ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن، مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، سۆزۈمگە دىققەت قىلماپسەن، دېيىشىڭدىن قورقتۇم»﴿94﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدىكى مۇنازىرە

الله تائالا بۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدا بولغان ئىشتىن خەۋەر بەردى: مۇسا ئەلەيھىسسالام ئادەملىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى، ئۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيدا بولغان ئەپسۇسلىنارلىق ئىشنى كۆرۈپ ناھايىتى ئاچچىقلاندى، قولىدىكى الله تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن تەۋرات بار تاختىنى تاشلىۋەتتى ۋە قېرىندىشىنىڭ چېچىدىن قاتتىق تارتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن مۇنداق دېدى: ﴿**«ئى ھارۇن! ئۇلارنىڭ ئازغانلىقىنى كۆرگەن چېغىڭدا (خۇدالىق ئۇچۇن غەزەپلىنىشتە) ماڭا ئەگىشىشتىن ساڭا نېمە توسالغۇ بولدى؟ مېنىڭ بۇيرۇقىمغا خىلاپلىق قىلدىڭمۇ؟»**﴾

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا قىلغان بۇيرۇقى الله تائالانىڭ ماۋۇ سۆزىدە بەرگەن بۇيرۇقىدۇر: ﴿مۇسا قېرىندىشى ھارۇنغا: «(مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) قەۋمىمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن» دېدى﴾[1].

ھارۇن ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقىنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن گەپنى: ئى قېرىندىشىم! ـ دېيىش ئارقىلىق باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ موزايغا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ خەۋەر قىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**«ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن، مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، سۆزۈمگە دىققەت قىلماپسەن، دېيىشىڭدىن قورقتۇم»**﴾ يەنى مەن بۇ ئىشنى خەۋەر بېرىش ئۈچۈن سېنىڭ قېشىڭغا كەتسەم، سېنىڭ ماڭا: نېمىشقا ئۇلارنى تاشلاپ قويۇپ كەلدىڭ، نېمىشقا ئۇلارنى بۆلۈۋەتتىڭ؟ سېنى مەن ئۇلارغا مەسئۇل قىلىپ قالدۇرغىنىمدا ساڭا دېگەن بۇيرۇق سۆزۈمنى نېمىشقا ئاڭلىمىدىڭ؟ ـ دېيىشىڭدىن قورقتۇم. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: ھارۇن ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ گېپىدىن چىقىپ كېتىشتىن قورقاتتى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇناتتى.

بىز بۇ قىسسىنى ئەئراف سۈرىسىنىڭ 150 ـ 151 ـ ئايەتلىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىپ، بۇ ھەقتە «ئاڭلىغاندىن كۆرگەن ئەلا» دېگەن ھەدىسنى كەلتۈرگەنىدۇق.

*******

قَالَ فَمَا خَطْبُكَ يَٰسَٰمِرِيُّ ﴿٩٥﴾ قَالَ بَصُرْتُ بِمَا لَمْ يَبْصُرُوا۟ بِهِۦ فَقَبَضْتُ قَبْضَةً مِّنْ أَثَرِ
ٱلرَّسُولِ فَنَبَذْتُهَا وَكَذَٰلِكَ سَوَّلَتْ لِى نَفْسِى ﴿٩٦﴾ قَالَ فَٱذْهَبْ فَإِنَّ لَكَ فِى ٱلْحَيَوٰةِ أَن
تَقُولَ لَا مِسَاسَ ۖ وَإِنَّ لَكَ مَوْعِدًا لَّن تُخْلَفَهُۥ ۖ وَٱنظُرْ إِلَىٰٓ إِلَٰهِكَ ٱلَّذِى ظَلْتَ عَلَيْهِ عَاكِفًا ۖ لَّنُحَرِّقَنَّهُۥ
ثُمَّ لَنَنسِفَنَّهُۥ فِى ٱلْيَمِّ نَسْفًا ﴿٩٧﴾ إِنَّمَآ إِلَٰهُكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِى لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۚ وَسِعَ كُلَّ شَىْءٍ عِلْمًا ﴿٩٨﴾

(1) ئەئراف سۈرىسى 142 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇسا ئېيتتى: «ئى سامرى! سەن نېمە بولدۇڭ؟ (يەنى مۇنداق يامان ئىشنى قىلىشىڭدىن غەرىزىڭ نېمە؟)» ﴿95﴾. سامرى ئېيتتى: «مەن ئۇلار كۆرمىگەننى كۆردۇم، ئەلچى (يەنى جىبرىئىل) نىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپىنى ئالدىم ـ دە، ئۇنى (موزايغا) چاچتىم، (شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن موزاينىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقتى)، شۇنىڭدەك (بۇنى) ماڭا نەپسىم چىرايلىق كۆرسەتتى» ﴿96﴾. مۇسا (سامرىغا) ئېيتتى: «سەن بارغىن! سەن ئۆمرۈۋايەت (كۆرگەنلا كىشىگە) ماڭا يېقىنلاشماڭلار! دېگەيسەن (يەنى سېنىڭ كىشىگە يېقىنلاشماسلىقىڭ، كىشىنىڭ ساڭا يېقىنلاشماسلىقى بۇ دۇنيادا ساڭا بېرىلگەن جازادۇر)، شۈبھىسىزكى (ئاخىرەتتە جازالىنىدىغان) مۇئەييەن بىر ۋاقتىڭ بار، الله ساڭا قىلغان بۇ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، سەن هامان چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان ئىلاهىڭغا قارىغىن، بىز ئۇنى چوقۇم (ئوتتا) كۆيدۈرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ (كۈلىنى) دېڭىزغا چېچىۋېتىمىز» ﴿97﴾. سىلەرنىڭ ئىلاهىڭلار بىر الله دۇر، ئۇنىڭدىن باشقا هېچ مەبۇد (بەرهەق) يوقتۇر، ئۇ هەر نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر ﴿98﴾.

## سامرىنىڭ موزايىنى قانداق ياساپ چىققانلىقى

مۇسا ئەلەيهىسسالام سامرىغا: ساڭا بۇ ئىشنى قىلىشقا نېمە سەۋەبچى بولدى؟ سەن نېمىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ ئىشنى قىلدىڭ؟ ـ دېدى. مۇهەممەد ئىبنى ئىسهاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سامرى باجارما دېگەن يەرلىك ئادەم بولۇپ، بۇرۇن كالىغا چوقۇنىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ دىلىدا كالىغا چوقۇنۇشنىڭ ئىشتىياقى تېخىچە بار ئىدى. ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادى بىلەن بىللە (مۇسا ئەلەيهىسسالام ئېلىپ كەلگەن) دىنغا كىرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى مۇسا ئىبنى زۇفەر ئىدى. قەتادە: ئۇ سامرا دېگەن كەنتلىك كىشى ئىدى، ـ دېدى.

﴿**سامرى ئېيتتى: مەن ئۇلار كۆرمىگەننى كۆردۇم**﴾ يەنى مەن جىبرىئىل ئەلەيهىسسالام پىرئەۋننى يوقىتىش ئۈچۈن كەلگەندە، ئۇنى كۆردۇم ۋە ﴿**ئەلچى (يەنى جىبرىئىل) نىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپىنى ئالدىم ـ دە، ئۇنى (موزايغا) چاچتىم، (شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن موزاينىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقتى)**﴾ ئۇنىڭ بىر چاڭگال توپىنى ئاتنىڭ ئىزىدىن ئالغانلىقى كۆپ ساندىكى تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

مۇجاهىد بۇ هەقتە مۇنداق دېدى: سامرى قولىدىكى توپىنى ئىسرائىل ئەۋلادى بىر ئورەككە توپلىغان زىبۇزىننەتلىرىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ نەرسىلەردىن (خۇددى موزاينىڭ مۆرىشىدەك ئاۋاز چىقىرىدىغان) موزاينىڭ هەيكىلى ياسالدى.

﴿**شۇنىڭدەك (بۇنى) ماڭا نەپسىم چىرايلىق كۆرسەتتى»**﴾ يەنى نەپسى خاهىشى ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشنى چىرايلىق كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ شۇنداق قىلدى.

## سامرىغا بېرىلگەن جازا ۋە موزاينىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى

مۇسا ئەلەيهىسسالام سامرىغا مۇنداق دېدى: ﴿**«سەن بارغىن! سەن ئۆمرۈۋايەت (كۆرگەنلا كىشىگە) ماڭا يېقىنلاشماڭلار! دېگەيسەن (يەنى سېنىڭ كىشىگە يېقىنلاشماسلىقىڭ، كىشىنىڭ ساڭا يېقىنلاشماسلىقى**

**بۇ دۇنيادا ساڭا بېرىلگەن جازادۇر)، شۈبھىسىزكى (ئاخىرەتتە جازالىنىدىغان) مۇئەييەن بىر ۋاقتىڭ بار، الله ساڭا قىلغان بۇ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، سەن ھامان چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان ئىلاھىڭغا قارىغىن، بىز ئۇنى چوقۇم (ئوتتا) كۆيدۈرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ (كۈلىنى) دېڭىزغا چېچىۋېتىمىز»﴾.**

ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر الله دۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەر نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر**﴾ يەنى بۇ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ئەمەستۇر. سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بولسا، ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان يالغۇز الله دۇر. ئىبادەت قىلىش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر، ﴿**ئۇ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم) الله نىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە الله نىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر﴾[1]، ﴿الله ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ھەر شەيئىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگەللىگۈچىدۇر»﴾[2]، ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە الله دىن يىراق ئەمەستۇر﴾[3]، ﴿قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى الله بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن الله بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (الله غا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾[4]، ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى الله (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، الله ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلغاندۇر﴾[5]. بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

كَذَٰلِكَ نَقُصُّ عَلَيْكَ مِنْ أَنۢبَآءِ مَا قَدْ سَبَقَ ۚ وَقَدْ ءَاتَيْنَٰكَ مِن لَّدُنَّا ذِكْرًا ﴿٩٩﴾ مَّنْ أَعْرَضَ عَنْهُ فَإِنَّهُۥ يَحْمِلُ
يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ وِزْرًا ﴿١٠٠﴾ خَٰلِدِينَ فِيهِ ۖ وَسَآءَ لَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ حِمْلًا ﴿١٠١﴾

(ئى مۇھەممەد!) شۇنىڭدەك، ساڭا ئۆتكەنلەرنىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى بايان قىلىمىز، ساڭا ئۆز تەرىپىمىزدىن قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق﴿99﴾. كىمكى قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى چوڭ گۇناھتىن ئېغىر يۈك يۈكلىنىدۇ﴿100﴾. ئۇ گۇناھى ئۈچۈن بېرىلگەن ئازابنى مەڭگۈ تارتىدۇ؛ قىيامەت كۈنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن بۇ يۈك نېمىدېگەن يامان!﴿101﴾



---

(1) تالاق سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) جىن سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سەبەئ سۈرىسى 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئەنئام سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) ھۇد سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

# قۇرئان اﷲ تائالانىڭ مۇكەممەل كىتابى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىنىڭ جازاسى

اﷲ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: **﴿(ئى مۇھەممەد!) شۇنىڭدەك، ساڭا ئۆتكەنلەرنىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى بايان قىلىمىز﴾** يەنى بىز ساڭا مۇسانىڭ خەۋەرلىرىنى، ئۇنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان ئىشلىرىنى ناھايىتى ئېنىق قىسسە قىلىپ بەرگىنىمىزدەك، بۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن خەۋەرلەرنى كەم- زىيادە قىلماي (قىسسە قىلىپ) سۆزلەپ بېرىمىز.

**﴿ساڭا ئۆز تەرىپىمىزدىن قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق﴾** اﷲ تائالا قۇرئاننى بۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى: ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق اﷲ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھېچبىر پەيغەمبەرگە، بۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن ۋە ئالدىمىزدا كېلىدىغان ئىشلارنىڭ خەۋەرلىرىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىل، كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىدىغان، (قۇرئانغا ئوخشاش) ھەممە تەرەپتىن مۇكەممەل بىر كىتاب بېرىلمىدى.

شۇڭا اﷲ تائالا، قۇرئانغا ئەگىشىشتىن يۈز ئۆرۈپ، توغرا يولنى ئۇنىڭدىن باشقا بىر كىتابتىن ئىزدىمەكچى بولغان كىشىگە تەھدىت سېلىپ مۇنداق دېدى: **﴿كىمكى قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى چوڭ گۇناھتىن ئېغىر يۈك يۈكلىنىدۇ﴾**.

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: **﴿(كۇففار) جامائەلىرىدىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر﴾** بۇ ئايەت ئەرەب ياكى باشقا مىللەت بولسۇن، قۇرئان يېتىپ ئۇنىڭغا ئەگەشمىگەن، ھەقىقەتنى ئۇنىڭدىن باشقا بىر كىتابتىن ئىزدىمەكچى بولغان كىشىنىڭ دۇنيادا مەڭگۈ خار، بەختسىز ياشايدىغانلىقىدىن، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ جايىنىڭ دوزاخ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. اﷲ تائالا قۇرئان كەرىمنى پۈتۈن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن چۈشۈرگەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى﴾[2].

اﷲ تائالا ئۇلارنىڭ جايىنىڭ دوزاخ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: **﴿كىمكى قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى چوڭ گۇناھتىن ئېغىر يۈك يۈكلىنىدۇ. ئۇ گۇناھى ئۈچۈن بېرىلگەن ئازابنى مەڭگۈ تارتىدۇ) قىيامەت كۈنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن بۇ يۈك نېمىدېگەن يامان!﴾**

* * * * * * *

يَوۡمَ يُنفَخُ فِي ٱلصُّورِۚ وَنَحۡشُرُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ يَوۡمَئِذٖ زُرۡقٗا ﴿١٠٢﴾ يَتَخَٰفَتُونَ بَيۡنَهُمۡ إِن لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا عَشۡرٗا ﴿١٠٣﴾ نَّحۡنُ
أَعۡلَمُ بِمَا يَقُولُونَ إِذۡ يَقُولُ أَمۡثَلُهُمۡ طَرِيقَةً إِن لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا يَوۡمٗا ﴿١٠٤﴾

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 42 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 19ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ سۇر چېلىنىدىغان كۈندۇر، بۇ كۈندە (شەكلى ئۆزگەرگەن) كۆك كۆزلۈك (قارا يۈزلۈك) گۇناھكارلارنى يىغىمىز﴿102﴾. (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرۈپ دۇنيادا تۇرغان ۋاقتى قىسقا بىلىنگەنلىكتىن) (ئۇلار) «(دۇنيادا) پەقەت ئون كۈن تۇردۇڭلار» دېيىشىپ پىچىرلىشىدۇ﴿103﴾. ئۇلارنىڭ دەيدىغانلىرىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا سۆزلەيدىغىنى: «سىلەر پەقەت بىر كۈن تۇردۇڭلار» دەيدۇ﴿104﴾.

## سۇرنىڭ چېلىنىشى ۋە قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋاللار

الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ سۇر چېلىنىدىغان كۈندۇر**﴾. ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سۇرنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا سوئال سورالدى. ئۇ: «(سۇر دېگەن) پۈۋلىنىدىغان مۈڭگۈزدۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە سۇر توغرىسىدا مۇنداق دەپ كەلدى: «ئۇ ناھايىتى چوڭ بىر مۈڭگۈزدۇر. ئۇنىڭ ئىچىنىڭ كەڭلىكى ئاسمان - زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك باردۇر. ئۇنى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام چالىدۇ.»

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «مەن قانداقمۇ خۇشال - خۇرام يۈرەلەيمەن؟ ھالبۇكى سۇرنىڭ ئىگىسى (يەنى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام) سۇرنى چېلىش ئۈچۈن ئاغزىغا ئېلىپ، پەسكە قاراپ رۇخسەت بېرىلىشىنىلا كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ». ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز نېمە دەيمىز؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله بىزگە يېتەرلىكتۇر، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىگە بولغۇچى. بىز الله تائالاغا ھەممە ئىشىمىزنى تاپشۇردۇق، - دەڭلار» دەپ جاۋاب بەردى.

﴿**بۇ كۈندە (شەكلى ئۆزگەرگەن) كۆك كۆزلۈك (قارا يۈزلۈك) گۇناھكارلارنى يىغىمىز**﴾ قىيامەتنىڭ دەھشىتىنىڭ قورقۇنچىسىدىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كۆكىرىپ كېتىدۇ.

﴿**(قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرۈپ دۇنيادا تۇرغان ۋاقتى قىسقا بىلىنگەنلىكتىن) (ئۇلار) «(دۇنيادا) پەقەت ئون كۈن تۇردۇڭلار» دېيىشىپ پىچىرلىشىدۇ**﴾ يەنى سىلەرنىڭ دۇنيادا تۇرغان ۋاقتىڭلار قىسقا بولۇپ، 10 كۈن ياكى شۇ ئەتراپقا توغرا كېلەتتى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ دەيدىغانلىرىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا سۆزلەيدىغىنى: «سىلەر پەقەت بىر كۈن تۇردۇڭلار» دەيدۇ**﴾ قىيامەت كۈنى ئۇلار كۆڭۈللىرىدە دۇنيانىڭ مۇددىتىنىڭ ناھايىتى قىسقا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقاندا، شۇ قىسقا مۇددەتنى بىكار ئۆتكۈزىۋەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىشىپ بۇ سۆزنى دېيىشىدۇ. چۈنكى، دۇنيا ھەپتىلەرنىڭ ئىچىدىكى كۈنلەر، كۈنلەرنىڭ ئىچىدىكى ۋاقىتلار، كېچە - كۈندۈز ۋە سائەتلەر نۆۋەتلىشىپ ئارقا - ئارقىدىن كەلسىمۇ، ئۇ خۇددى بىر كۈنگىلا ئوخشاشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، كاپىرلار قىيامەت كۈنى دۇنيانىڭ ناھايىتى قىسقا ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى مەقسىتى دۇنيادا تۇرغان ۋاقىتلىرىنىڭ قىسقىلىقىنى باھانا قىلىپ، قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ قارشىسىغا تۇرغۇزۇلغان پاكىتلارنى يوققا چىقىرىشتۇر.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە مۇشرىكلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇرغانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدىمۇ مۇشۇنداق يالغانچىلىق قىلاتتى.

ئىلمى بار، ئىمانى بار ئادەملەر ئېيتتى: «سىلەر الله نىڭ تەقدىرى بويىچە (دۇنيادا ۋە قەبرىلەردە) قىيامەت كۈنىگىچە قالدىڭلار، مانا بۇ، قىيامەت كۈنىدۇر، لېكىن سىلەر بىلمەيتتىڭلار (يەنى قىيامەتنىڭ ھەقلىقىغا ئىشەنمەيتتىڭلار)»﴾[1]، ﴿ئۇلار دوزاختا: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادىكى ۋاقىتتا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق» دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ. (الله ئېيتىدۇ) «سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز ـ نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىمۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلدىغۇ، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق»﴾[2]، ﴿الله (ئۇلارغا): «زېمىندا قانچە يىل تۇردۇڭلار؟» دەيدۇ. ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، (ئاي ـ كۈنلەرنى) ھېسابلىغۇچى (پەرىشتە) دىن سورىغىن» دەيدۇ (ئۇلار دوزاختا چېكىۋاتقان ئازاب تۈپەيلىدىن، زېمىندا قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى ئۇنتۇيدۇ). الله «ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇردۇڭلار» دەيدۇ﴾[3]. يەنى سىلەر دۇنيادا ئازغىنا ۋاقىت تۇردۇڭلار، ئەگەر سىلەر (بۇنى) بىلگەن بولساڭلار، مەڭگۈلۈك ياشاش ئورنى بولغان ئاخىرەتنى ئاخىرىدا يوقىلىپ تۈگەيدىغان دۇنيادىن ئەلا كۆرەتتىڭلار. لېكىن سىلەر ئۇنداق قىلمىدىڭلار، سىلەر ئالدىڭلاردىكى تۈت كۈنلۈك دۇنيانى مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەت ئورنى بولغان ئاخىرەتتىن ئەلا بىلدىڭلار.

*******

وَيَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلْجِبَالِ فَقُلْ يَنسِفُهَا رَبِّى نَسْفًا ﴿١٠٥﴾ فَيَذَرُهَا قَاعًا صَفْصَفًا ﴿١٠٦﴾ لَّا تَرَىٰ فِيهَا عِوَجًا وَلَآ أَمْتًا ﴿١٠٧﴾ يَوْمَئِذٍ يَتَّبِعُونَ ٱلدَّاعِىَ لَا عِوَجَ لَهُۥ وَخَشَعَتِ ٱلْأَصْوَاتُ لِلرَّحْمَـٰنِ فَلَا تَسْمَعُ إِلَّا هَمْسًا ﴿١٠٨﴾

ئۇلار سەندىن تاغلار توغرۇلۇق (يەنى تاغنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق) سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئۇلارنى كۇكۇم تالقان قىلىپ (ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇنى سورۇۋېدۇ) ﴿105﴾. ئۇلارنى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدۇ﴿106﴾. ئۇ يەرلەردە نە چوڭقۇرلۇقنى، نە ئېگىزلىكنى كۆرمەيسەن»﴿107﴾. بۇ كۈندە (كىشىلەر الله نىڭ مەھشەرگاھقا) دەۋەت قىلغۇچىسىغا ئەگىشىدۇ، قىڭغىر كەتمەيدۇ، مەرھەمەتلىك الله نىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، بارلىق ئاۋازلار بېسىقىدۇ، پىچىرلاشقاندىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن﴿108﴾.

## تاغلارنىڭ كۇكۇم تالقان بولىدىغانلىقى ۋە زېمىننىڭ بىر تۈزلەڭلىككە ئايلىنىدىغانلىقى

الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار سەندىن تاغلار توغرۇلۇق (يەنى تاغنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق) سورايدۇ﴾** يەنى ئۇلار سەندىن قىيامەت كۈنى تاغلار ئۆز پېتى قېلىپ قالامدۇ ياكى يوقىلىپ كېتەمدۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ.

---

(1) رۇم سۈرىسى 55 ـ 56 ـ ئايەتلەر.
(2) فاتىر سۈرىسى 37 ـ ئايەت.
(3) مۇئمىنۇن سۈرىسى 112 ـ 114 ـ ئايەتكىچە.

﴿ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئۇلارنى كۇكۇم تالقان قىلىپ (ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇنى سورۇيدۇ). ئۇلارنى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدۇ﴾ يەنى تاغلارنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىپ تورۇزۇتۇپ، زېمىن بىلەن قوشۇپ، تەكشى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدۇ.

﴿ئۇ يەرلەردە نە چوڭقۇرلۇقنى، نە ئېگىزلىكنى كۆرمەيسەن»﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىكرىمە، مۇجاھىد، ھەسەنبەسرى، زەھھاك، قەتادە ۋە باشقا ئالىملار مۇنداق دېدى: سەن ئۇ كۈنى زېمىندا نە جىلغا، نە ئېگىز دۆڭ، نە ئويمان، ئېگىز ـ پەس يەرلەرنى كۆرمەيسەن.

## كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە يىغىلىش ئۈچۈن چاقىرغۇچىغا ئەگىشىپ ماڭىدىغانلىقى

﴿بۇ كۈندە (كىشىلەر الله نىڭ مەھشەرگاھقا) دەۋەت قىلغۇچىسىغا ئەگىشىدۇ، قىڭغىر كەتمەيدۇ﴾ يەنى ئۇلار مۇشۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى كۆرگەندە چاقىرغۇچىغا تېز ئەگىشىپ، بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلاشقا ئالدىرىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار دۇنيادا ھەق يولغا، چاقىرغۇچىغا ئەگەشكەن بولسائىدى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق بولغان بولاتتى. لېكىن ھازىر ئۇلارنىڭ چاقىرغۇچىغا ئەگەشكەنلىكى ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ.

الله تائالا (كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنى قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى كۆرگەن ۋاقتىدا چاقىرغۇچىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تېزلا ئەگىشىدىغانلىقى توغرىسىدا) مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كەلگەن كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) قۇلاقلىرى تازا ئاڭلايدىغان، كۆزلىرى تازا كۆرىدىغان بولىدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار چاقىرغۇچىنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزغان ھالدا يۈگرەيدۇ﴾[2].

﴿مەرھەمەتلىك الله نىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، بارلىق ئاۋازلار بېسىقىدۇ، پىچىرلاشقاندىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن﴾ سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى سەن ئاياغ تىۋىشلىرىدىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن.

ئىكرىمە، مۇجاھىد، زەھھاك، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس، قەتادە، ئىبنى زەيد ۋە باشقىلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنىڭغا ئوخشاش دېدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پىچىرلاشقان ئاۋازدىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن. بۇمۇ ئىكرىمە ۋە زەھھاكتىن قىلىنغان بىر رىۋايەتتۇر.

سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: سەن پىچىرلاشقان ۋە قەدەملەرنىڭ شىپىرلىغان ئاۋازىدىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن.

*******

(1) مەريەم سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) قەمەر سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يَوْمَئِذٍ لَّا تَنفَعُ ٱلشَّفَٰعَةُ إِلَّا مَنْ أَذِنَ لَهُ ٱلرَّحْمَٰنُ وَرَضِيَ لَهُۥ قَوْلًا ﴿١٠٩﴾ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا
يُحِيطُونَ بِهِۦ عِلْمًا ﴿١١٠﴾ ۞ وَعَنَتِ ٱلْوُجُوهُ لِلْحَيِّ ٱلْقَيُّومِ ۖ وَقَدْ خَابَ مَنْ حَمَلَ ظُلْمًا ﴿١١١﴾ وَمَن يَعْمَلْ مِنَ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَا يَخَافُ ظُلْمًا وَلَا هَضْمًا ﴿١١٢﴾

بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك اللە ئىزنى بەرگەن ۋە سۆزىدىن اللە رازى بولغان ئادەمنىڭ شاپائىتىدىن باشقا ھېچقانداق شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ﴿109﴾. اللە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى بىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئۇنى بىلمەيدۇ﴿110﴾. گۇناھكارلار مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى (مەڭگۈ) ھايات اللە غا ئېگىلىدۇ، اللە غا شېرىك كەلتۈرگەنلەر شەكسىز زىيان تارتىدۇ﴿111﴾. مۆمىن تۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار يامانلىقلىرىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ۋە ياخشىلىقلىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن قورقمايدۇ﴿112﴾.

## شاپائەت ۋە مۇكاپات توغرىسىدا

**﴿بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك اللە ئىزنى بەرگەن ۋە سۆزىدىن اللە رازى بولغان ئادەمنىڭ شاپائىتىدىن باشقا ھېچقانداق شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ﴾** اللە تائالا ئۆزىنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىمنىڭ شاپائەت قىلالمايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿اللە نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللە نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن﴾[1]، ﴿ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت اللە ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ﴾[2]، ﴿اللە ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار اللە رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، اللە نىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ﴾[3]، ﴿اللە ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا اللە نىڭ دەرگاھىدا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ﴾[4]، ﴿جىبرىئىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)، ئۇلار (نىڭ ئارىسىدا) مېھرىبان اللە نىڭ ئىزنىگە ئېرىشكەن ۋە توغرا سۆزنى قىلغانلاردىن باشقا ھېچ ئەھەدىنىڭ سۆز قىلىشىغا بولمايدۇ﴾[5].

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرى ئىچىدىن اللە تائالانىڭ ئالدىدا ئەڭ ھۆرمەتلىكى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن (قىيامەت كۈنى) ئەرشنىڭ ئاستىغا كېلىپ، اللە تائالاغا سەجدە قىلغان پېتى (يەرگە) يىقىلىمەن، (ئۇ چاغدا) ئېغىزىمغا نۇرغۇنلىغان ھەمدۇسانالار كېلىدۇ (مەن ئۇلار بىلەن اللە تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن). ھازىر مەن ئۇنى ساناپ بولالمايمەن، اللە تائالا مېنى (سەجدىدە) ئۆزى خالىغان بىر مۇددەتكىچە تۇرغۇزىدۇ. ئاندىن: ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتەرگىن، تىلىگىڭ ئىجابەت قىلىنىدۇ، شاپائەت قىلغىن، قىلغان شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ، ــ دېيىلىدۇ. ئاندىن ماڭا (كىشىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈشۈم ئۈچۈن) مەلۇم سانغىچە

(1) بەقەرە سۈرىسى 255 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەجم سۈرىسى 26 ـ ئايەت.
(3) ئەنبىيا سۈرىسى 28 ـ ئايەت.
(4) سەبەئ سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) نەبە سۈرىسى 38 ـ ئايەت.

چەك قويۇپ بېرىلىدۇ. مەن ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن. ئاندىن مەن يەنە اللە تائالادىن قايتا تىلەيمەن» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تۆت قېتىم قايتا ـ قايتا تىلەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر ھەدىس قۇددىسىدا مۇنداق دەپ كەلدى: «اللە تائالا پەرىشتىلەرگە: دىلىدا بىر دانچىلىك ئىمانى بار كىشىلەرنى دوزاختىن چىقىرىڭلار، ـ دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار جىق كىشىلەرنى (دوزاختىن) چىقىرىدۇ. ئاندىن اللە تائالا يەنە پەرىشتىلەرگە: دىلىدا داندىن كىچىك زەررىدەك ۋە زەررىدىن كىچىك ئىمانى بار كىشىلەرنى دوزاختىن چىقىرىڭلار، ـ دەپ بۇيرۇيدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**﴿اللە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى بىلىدۇ﴾** يەنى اللە پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى بىلىدۇ. **﴿ئۇلار بولسا، ئۇنى بىلمەيدۇ﴾** اللە تائالا ئۇلارنىڭ اللە تائالانى بىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار اللە نىڭ مەلۇماتىدىن (اللە ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ﴾[1].

**﴿گۇناھكارلار مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى (مەڭگۈ) ھايات اللە غا ئېگىلىدۇ﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: پۈتۈن خالايىق ئۇخلاپ قالمايدىغان ۋە مەڭگۈ ھايات بولغان اللە غا بويسۇنىدۇ. ئۇ ھەممە نەرسىنى ئىدارە قىلىپ باشقۇرغۇچىدۇر ۋە ساقلىغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ھېچنەرسىگە ئېھتىياجى يوقتۇر. ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئۇنىڭسىز ھېچقانداق نەرسە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

**﴿اللە غا شېرىك كەلتۈرگەنلەر شەكسىز زىيان تارتىدۇ﴾** قىيامەت كۈنى اللە تائالا ھەممە ھەقنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرىدۇ، ھەتتا مۈڭگۈزى يوق قويغا مۈڭگۈزى بار قويدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ھەدىس قۇددىسىدا مۇنداق دەپ كەلدى: «اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆزەمنىڭ كاتتىلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۈگۈن مەندىن بىر زالىمنىڭ قىلغان كىچىككىنە زۇلمىمۇ (ھېسابسىز) ئۆتۈپ كەتمەيدۇ».

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «سىلەر زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى، (دۇنيادا قىلىنغان) بىر زۇلۇم قىيامەت كۈنى نۇرغۇنلىغان ئازابلارنى ئېلىپ كېلىدۇ».

اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم قىيامەت كۈنى قاتتىق زىيان تارتىدۇ. چۈنكى، شېرىك دېگەن چوڭ گۇناھتۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر﴾[2].

اللە تائالا يۇقىرىدا زالىملارنى ۋە ئۇلارغا قىلىنغان تەھدىتنى بايان قىلىپ بولۇپلا، ئۇنىڭ كەينىدىن ياخشى كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿مۆمىن تۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار يامانلىقلىرىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ۋە ياخشىلىقلىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن قورقمايدۇ﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، زەھھاك، ھەسەن، قەتادە ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ياخشى، تەقۋادار كىشىلەرنىڭ يامانلىقلىرىغا ھېچبىر يامانلىق

(1) بەقەرە سۈرىسى 255 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) لوقمان سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قوشۇپ قويۇلمايدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ھېچبىر نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ.

*******

وَكَذَٰلِكَ أَنزَلۡنَٰهُ قُرۡءَانًا عَرَبِيّٗا وَصَرَّفۡنَا فِيهِ مِنَ ٱلۡوَعِيدِ لَعَلَّهُمۡ يَتَّقُونَ أَوۡ يُحۡدِثُ لَهُمۡ ذِكۡرٗا ﴿١١٣﴾ فَتَعَٰلَى ٱللَّهُ
ٱلۡمَلِكُ ٱلۡحَقُّۗ وَلَا تَعۡجَلۡ بِٱلۡقُرۡءَانِ مِن قَبۡلِ أَن يُقۡضَىٰٓ إِلَيۡكَ وَحۡيُهُۥۖ وَقُل رَّبِّ زِدۡنِي عِلۡمٗا ﴿١١٤﴾

ئۇلارنىڭ تەقۋادار بولۇشلىرى ئۈچۈن ياكى ئۇلارنى ۋەز ـ نەسىھەتكە ئەگە قىلىش ئۈچۈن، ساڭا ئەرەبچە قۇرئاننى نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بايان قىلدۇق﴿113﴾. الله (زاتى، سۈپىتى جەھەتتە پۈتۈن مەخلۇقاتتىن) ئۈستۈندۇر، ھەق پادىشاھتۇر، (ئى مۇھەممەد!) ساڭا قۇرئاننىڭ ۋەھيىسى تاماملىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن، (يەنى جىبرىئىل ساڭا قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، بىللە ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئۇ تىلاۋەتتىن فارىغ بولغۇچە تىڭشاپ تۇرغىن). «ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!» دېگىن﴿114﴾.

## قۇرئاننىڭ كىشىلەرنىڭ تەقۋادار بولۇشى ۋە ۋەز ـ نەسىھەت قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن نازىل قىلىنغانلىقى

**﴿ئۇلارنىڭ تەقۋادار بولۇشلىرى ئۈچۈن ياكى ئۇلارنى ۋەز ـ نەسىھەتكە ئەگە قىلىش ئۈچۈن، ساڭا ئەرەبچە قۇرئاننى نازىل قىلدۇق﴾** يەنى قىيامەتنىڭ بولۇشى، (ئۇ كۈندە) ياخشى ئىش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش، يامان ئىش قىلغانلارنى جازالاش شەكسىز بىر ھەقىقەتتۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈن) بىز قۇرئاننى خۇش بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئىپادىلەش ۋە بايان قىلىش ئۇسلۇبى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئەرەب تىلى بىلەن نازىل قىلدۇق.

**﴿ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بايان قىلدۇق﴾** يەنى كىشىلەرنىڭ گۇناھ، ھارام ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىشى ياكى **الله** غا بويسۇنۇشى ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا تۈرلۈك ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بايان قىلدۇق.

**﴿الله (زاتى، سۈپىتى جەھەتتە پۈتۈن مەخلۇقاتتىن) ئۈستۈندۇر، ھەق پادىشاھتۇر﴾** يەنى ھەق بولغان **الله** ھەممە ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاكتۇر. ئۇنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، تەھدىتىمۇ ھەقتۇر، پەيغەمبەرلىرىمۇ ھەقتۇر، جەننەت ـ دوزاخ ھەقتۇر، ئۇنىڭ تەرىپىدىن بولغان ھەممە ئىشلار ھەقتۇر. **الله** تائالا ئادىللىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرماي ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ھېچبىر كىشىنى ئازابلىمايدۇ. ئۇ بەندىلىرىنى (قىيامەت كۈنى) بىز ئۇقماپتىكەنمىز دەپ، باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتمىسۇن دەپ، ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان چۈشكەن ۋاقىتتا ئۇنى ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمەي تىڭشاشقا بۇيرۇلغانلىقى

**الله** تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا قۇرئاننىڭ ۋەھيىسى**

**تاماملىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن، (يەنى جىبرىئىل ساڭا قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، بىللە ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئۇ تىلاۋىتىدىن فارىغ بولغۇچە تىڭشاپ تۇرغىن)﴾.**

الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿(ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھى نازىل بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە) ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن. ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر﴾[1].

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ۋەھيىنى يادا ئېلىۋېلىشقا قاتتىق تىرىشاتتى. ئۇ (ۋەھيىنى يادا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) تىلىنى مىدىرلىتاتتى. ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنى ئېلىپ چۈشكەن ۋاقىتدا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر ئايەت ئوقۇسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ ئايەتنى ئوقۇيتتى. ئاندىن الله تائالا ئۇنى قىينىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئاسان ۋە يەڭگىل يولغا باشلاپ يۇقىرىدىكىدەك دېدى.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا قۇرئاننىڭ ۋەھيىسى تاماملىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن، (يەنى جىبرىئىل ساڭا قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، بىللە ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئۇ تىلاۋىتىدىن فارىغ بولغۇچە تىڭشاپ تۇرغىن)﴾** يەنى سەن ئالدىراپ كەتمەي، تىڭشاپ شۈك تۇرغىن. پەرىشتە ئېلىپ چۈشكەن ۋەھيىنى ساڭا ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى ئوقۇغىن.

**﴿«ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!» دېگىن﴾** ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دېدى: الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋاپات قىلدۇرغانغا قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلمى (كۈندىن-كۈنگە) زىيادە بولۇپ تۇردى.

*******

وَلَقَدۡ عَهِدۡنَآ إِلَىٰٓ ءَادَمَ مِن قَبۡلُ فَنَسِيَ وَلَمۡ نَجِدۡ لَهُۥ عَزۡمٗا ﴿١١٥﴾ وَإِذۡ قُلۡنَا لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ ٱسۡجُدُواْ
لِأٓدَمَ فَسَجَدُوٓاْ إِلَّآ إِبۡلِيسَ أَبَىٰ ﴿١١٦﴾ فَقُلۡنَا يَٰٓـَٔادَمُ إِنَّ هَٰذَا عَدُوّٞ لَّكَ وَلِزَوۡجِكَ فَلَا يُخۡرِجَنَّكُمَا مِنَ
ٱلۡجَنَّةِ فَتَشۡقَىٰٓ ﴿١١٧﴾ إِنَّ لَكَ أَلَّا تَجُوعَ فِيهَا وَلَا تَعۡرَىٰ ﴿١١٨﴾ وَأَنَّكَ لَا تَظۡمَؤُاْ فِيهَا وَلَا تَضۡحَىٰ ﴿١١٩﴾
فَوَسۡوَسَ إِلَيۡهِ ٱلشَّيۡطَٰنُ قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ هَلۡ أَدُلُّكَ عَلَىٰ شَجَرَةِ ٱلۡخُلۡدِ وَمُلۡكٖ لَّا يَبۡلَىٰ ﴿١٢٠﴾
فَأَكَلَا مِنۡهَا فَبَدَتۡ لَهُمَا سَوۡءَٰتُهُمَا وَطَفِقَا يَخۡصِفَانِ عَلَيۡهِمَا مِن وَرَقِ ٱلۡجَنَّةِۚ وَعَصَىٰٓ ءَادَمُ رَبَّهُۥ فَغَوَىٰ
﴿١٢١﴾ ثُمَّ ٱجۡتَبَٰهُ رَبُّهُۥ فَتَابَ عَلَيۡهِ وَهَدَىٰ ﴿١٢٢﴾

بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (بۇ تەۋسىيىنى) يادىدىن چىقاردى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىڭ ئىرادە كۆرمىدۇق﴿115﴾. ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى، ئۇ (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى﴿116﴾. بىز دېدۇق: «ئى ئادەم! بۇ ھەقىقەتەن سېنىڭ

(1) قىيامەت سۈرىسى 16 ـ 19 ـ ئايەتكىچە

دۈشمىنىڭدۇر، خوتۇنىڭنىڭ دۈشمىنىدۇر، ئۇ سىلەر ئىككىڭلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، (ئۇ چاغدا) سىلەر جاپا مۇشەققەتتە قالىسىلەر﴿117﴾. جەننەتتە سەن ھەقىقەتەن ئاچ قالمايسەن ۋە يالىڭاچ قالمايسەن﴿118﴾. ھەمدە ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئۇسساپ كەتمەيسەن، ئىسسىپ كەتمەيسەن»﴿119﴾. شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ: «ئى ئادەم! ساڭا مەن (يېگەن ئادەم) ئۆلمەيدىغان دەرەخنى ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى﴿120﴾. ئۇلار ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەت (دەرەخلىرىنىڭ) يوپۇرماقلىرى بىلەن سەترى ئەۋرەت قىلىشقا كىرىشتى، ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ (ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى﴿121﴾. ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ھىدايەت قىلدى﴿122﴾.

## ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىسنىڭ قىسسىسى

**﴿بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (بۇ تەۋسىيىنى) يادىدىن چىقاردى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىڭ ئىرادە كۆرمىدۇق﴾** ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىنسان ئۆزىگە قىلىنغان تەۋسىيەنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان (يەنى ئۇنتۇغاق) دەپ ئاتالدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھەدىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆز رىۋايەت قىلىندى.

**﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىنى، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئۇنى ھەممە مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ قىسسىگە ئائىت سۆزلەر بەقەرە، ئەئراف، ھىجر ۋە كەھف سۈرىلىرىدە بايان قىلىندى. ئالدىمىزدا ساد سۈرىسىدە يەنە بايان قىلىنىدۇ.

الله ئۇ سۈرىدە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقانلىقىنى، ئۇنى ئۇلۇغلاپ پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى، ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا ئىبلىسنىڭ دۈشمەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى، ئۇ (سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى﴾** يەنى سەن شەيتاننىڭ سېنى جەننەتتىن چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشىدىن ساقلانغىن. ئەگەر سەن جەننەتتىن چىقىپ كېتىپ قالساڭ، تۇرمۇشىڭنى قامداش ئۈچۈن رىزىق تەلەپ قىلىش يولىدا جاپا ـ مۇشەققەتكە قالىسەن. سەن بۇ يەردە ناھايىتى راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشتا ياشاۋاتىسەن.

**﴿بىز دېدۇق: «ئى ئادەم! بۇ ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭدۇر، خوتۇنىڭنىڭ دۈشمىنىدۇر، ئۇ سىلەر ئىككىڭلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، (ئۇ چاغدا) سىلەر جاپا مۇشەققەتتە قالىسىلەر﴾**، **﴿جەننەتتە سەن ھەقىقەتەن ئاچ قالمايسەن ۋە يالىڭاچ قالمايسەن. ھەمدە ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئۇسساپ كەتمەيسەن، ئىسسىپ كەتمەيسەن»﴾** الله تائالا ھەقىقەتەن بۇ ئايەتتە ئاچلىق بىلەن يالىڭاچلىقنى بىر يەردە كەلتۈردى. چۈنكى، ئاچلىق دېگەن ئىچكى خارلىقنىڭ، يالىڭاچلىق دېگەن تاشقى خارلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇنىڭدەك، ئۇسسۇزلۇق بىلەن ئىسسىپ كېتىشنى بىر يەردە كەلتۈردى. چۈنكى، ئۇسسۇزلۇق دېگەن ئىچى قىزىشنىڭ، ئىسسىپ كېتىش دېگەن سىرتقى قىزىپ كېتىشنىڭ ئالامىتىدۇر.

**﴿شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ: «ئى ئادەم! ساڭا مەن (يېگەن ئادەم) ئۆلمەيدىغان دەرەخنى ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. ئۇلار ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەت (دەرەخلىرىنىڭ) يوپۇرماقلىرى بىلەن سەترى ئەۋرەت قىلىشقا كىرىشتى، ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ (ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى﴾** شەيتان ئۇلارغا قەسەم ئىچىپ، ئالدامچىلىق يوللىرى بىلەن ئۇلارنى گوللىدى.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۇنىڭدەك ئۇلارغا: «مەن چوقۇم سىلەرگە سادىقمەن» دەپ قەسەم ئىچىپ بەردى. ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى (يۇقىرى مەرتىۋىدىن تۆۋەن مەرتىۋىگە) چۈشۈردى﴾[1].

بىز يۇقىرىدا الله تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا جەننەتتىكى بارلىق مېۋىلەردىن يېيىشكە ۋە مەلۇم بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىغا كەلمەسلىككە تەۋسىيە قىلغانلىقىنى، شەيتاننىڭ ئۇ ئىككىسىنى ئازدۇرۇشى بىلەن ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېگەنلىكىنى ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەن كىشى مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغان بىر دەرەخ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئەبۇداۋۇد تەيالىسى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دەرەخ توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتتە بىر تۈپ دەرەخ بار. ئۇلاغ مىنىپ يۈز يىل ماڭغان كىشى ئۇنىڭ سايىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ بولالمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ، مېۋىسىنى يېگەن ئادەم مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان دەرەختۇر».

**﴿ئۇلار ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى﴾** ئىبنى ئەبۇھاتەم ئۇبەي ئىبنى كەئبدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا ھەقىقەتەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنى چاچلىرى قويۇق، بويى ئېگىز قىلىپ ياراتتى. ئۇنىڭ چېچى قويۇق ھەم جىڭىلىقىدىن خۇددى سەھۇق دېگەن يەرنىڭ خورمىزارلىقىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ (جەننەتتىكى چەكلەنگەن) دەرەخنى تېتىشى ھامانلا، ئۇنىڭ كىيىمى ئۇچىسىدىن سىيرىلىپ كەتتى. بىرىنچى بولۇپ ئەۋرەت جايى ئېچىلىپ قالدى. ئۇ ئەۋرىتىنىڭ ئوچۇق قالغانلىقىنى كۆرۈپ (ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن)، جەننەتنىڭ ئىچىدە يۈگۈرەشكە باشلىغاندا، ئۇنىڭ چاچلىرىنى دەرەخلەر ئىلىۋالدى، ئۇ چاچلىرىنى دەرەختىن تارتتى. ئاندىن الله تائالا ئۇنى: ئى ئادەم! مەندىن قاچامسەن؟ - دەپ چاقىردى. ئۇ الله تائالانىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ: ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم! لېكىن (ئالدىڭدا يالىڭاچ تۇرۇشتىن) ھايا قىلىپ (قېچىۋاتىمەن)، - دەپ جاۋاب بەردى ۋە يەنە: ئەگەر مەن ئۆتكۈزگەن گۇناھىمغا تەۋبە قىلىپ، خاتالىقىمدىن يانسام، مېنى جەننەتكە قايتىدىن كىرگۈزەمسەن؟ - دەپ سورىدى. الله تائالا: شۇنداق قىلىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى».

مانا بۇ، الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنىڭ مەزمۇنىدۇر. ﴿ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. الله ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە)ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2].

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 20 - 21 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 37 - ئايەت.

﴿**ئۇلار جەننەت (دەرەخلىرىنىڭ) يوپۇرماقلىرى بىلەن سەترى ئەۋرەت قىلىشقا كىرىشتى**﴾ مۇجاھىد، قەتادە ۋە سۇددى قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا (جەننەتنىڭ دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن) كىيىمگە ئوخشاش بىر يوگەنچە نەرسە قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

﴿**ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ (ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى. ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ھىدايەت قىلدى**﴾ ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇنازىرىلىشىپ قالدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: سەن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ كىشىلەرنى جەننەتتىن چىقىرىپ، بەختسىز قىلغان كىشىدۇرسەن، ـ دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: سەن الله تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسىگە ۋە ئۆزى بىلەن سۆزلىشىشكە تاللىغان كىشى تۇرۇپ، الله تائالانىڭ مېنى يارىتىشتىن بۇرۇن ماڭا پۈتۈۋەتكەن بىر ئىش ئۈچۈن ماڭا مالامەت قىلامسەن؟ ـ دېدى.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مۇنازىرىدە ئۇتتۇۋالدى» دېدى.

* * * * * * *

قَالَ ٱهۡبِطَا مِنۡهَا جَمِيعَۢاۖ بَعۡضُكُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوّٞۖ فَإِمَّا يَأۡتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدٗى فَمَنِ ٱتَّبَعَ هُدَايَ فَلَا
يَضِلُّ وَلَا يَشۡقَىٰ ﴿١٢٣﴾ وَمَنۡ أَعۡرَضَ عَن ذِكۡرِي فَإِنَّ لَهُۥ مَعِيشَةٗ ضَنكٗا وَنَحۡشُرُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ أَعۡمَىٰ
﴿١٢٤﴾ قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرۡتَنِيٓ أَعۡمَىٰ وَقَدۡ كُنتُ بَصِيرٗا ﴿١٢٥﴾ قَالَ كَذَٰلِكَ أَتَتۡكَ ءَايَٰتُنَا فَنَسِيتَهَاۖ وَكَذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمَ تُنسَىٰ ﴿١٢٦﴾

الله (ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا) ئېيتتى: «سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار، ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ﴿123﴾. كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز»﴿124﴾. ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟» دەيدۇ﴿125﴾. الله ئېيتىدۇ: «شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن»﴿126﴾.

## ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىنغا چۈشۈرۈلگەنلىكى ۋە توغرا يولدا ماڭغان كىشىنىڭ مۇكاپاتلىنىش، يامان يولدا ماڭغان كىشىنىڭ جازالىنىشىغا ۋەدە قىلىنغانلىقى

الله تائالا ئادەم، ھەۋۋا ۋە ئىبلىسقا: سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈڭلار! ـ دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿«**سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار**﴾ يەنى ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىر ـ بىرىڭلارغا

دۈشمەن بولغان هالدا چۈشۈڭلار. بۇ قىسسە بەقەرە سۈرىسىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئىدى.

**﴿ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە﴾** ئەبۇئالىيە: بۇ ھىدايەتتىن پەيغەمبەر ۋە ئۇچۇق چۈشەنچە مەقسەت قىلىنىدۇ، ـ دېدى. **﴿كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: دۇنيادا ئازمايدۇ، ئاخىرەتتە دوزاخقا كىرىدىغانلاردىن بولمايدۇ.

**﴿كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ هاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ﴾** يەنى كىمكى مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا ۋە پەيغەمبەرلىرىمگە چۈشۈرگەن دىنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، توغرا يولنى باشقا بىر يەردىن ئىزدىسە، دۇنيادا ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىق بولمايدۇ. گەرچە ئۇ كۆرۈنۈشتە خالىغاننى كىيىپ، خالىغاننى يەپ ۋە خالىغان ياخشى ئۆيلەردە ئولتۇرغاندەك قىلسىمۇ، توغرا يولدا بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ هاياتى قايمۇقۇش، كۆڭلى خۇشال بولماسلىق ۋە ئىچى سىقىلىش بىلەنلا ئۆتىدۇ.

**﴿قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز»﴾** مۇجاهىد، ئەبۇسالىھ ۋە سۇددى قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: (قىيامەت كۈنى ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن) هېچقانداق پاكىت تاپالمايدۇ. ئىكرىمە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇنىڭ كۆزىگە جەھەننەمدىن باشقىسى كۆرۈنمەيدۇ (يەنى ئۇنىڭ ئورنى جەھەننەم بولىدۇ). **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) كور، گاچا، گاس هالدا يىغىمىز﴾[1].

شۇڭا ئۇ كور مۇنداق دەيدۇ: **﴿«ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟» دەيدۇ﴾** **الله** ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿«شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن»﴾** يەنى سەن **الله** تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىڭ، ئۇنىڭغا خۇددى ئۇنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىنىڭ مۇئامىلىسىنى قىلىپ، ئۇنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ تاشلىۋەتكىنىڭدەك، بۈگۈن سەنمۇ **الله** تائالا تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ تاشلىۋېتىلىسەن (يەنى دوزاختا قالىسەن).

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە مۇلاقات بولۇشنى ئۇنتۇغانلىقلىرى ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش، بىز بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز (يەنى ئۇلارنى دوزاختا قالدۇرىمىز)﴾[2]. چۈنكى، بېرىلىدىغان جازا قىلغان گۇناھنىڭ ئۆز تىپىدىن بولىدۇ. قۇرئاننى يادا ئېلىپ، ئۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقتىن توسۇپ ۋە ئۇنتۇپ قالغان ئادەمگە قاتتىق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان ھەدىسلەر كەلگەن بولسىمۇ، قۇرئاننىڭ ئايىتىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ۋە شۇ ئايەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلغان كىشى يۇقىرىدىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان تەھدىتنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

* * * * * * *

وَكَذَٰلِكَ نَجْزِي مَنْ أَسْرَفَ وَلَمْ يُؤْمِنْ بِآيَاتِ رَبِّهِ ۚ وَلَعَذَابُ الْآخِرَةِ أَشَدُّ وَأَبْقَىٰ ﴿١٢٧﴾

(1) ئىسرا سۈرىسى 97 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەددىدىن ئاشقان ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمىغانلارغا شۇنىڭغا ئوخشاش جازا بېرىمىز، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر ﴿127﴾.

## ھەددىدىن ئاشقانلارغا قاتتىق ئازاب قىلىنىدىغانلىقى

الله تائالا ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرمىگەن ۋە ياخشى ئەمەل - ئىبادەتلەرنى قىلىشتىن باش تارتقانلارغا قاتتىق ئازاب بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: **﴿ھەددىدىن ئاشقان ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمىغانلارغا شۇنىڭغا ئوخشاش جازا بېرىمىز، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر﴾**.

الله تائالا ئاخىرەتنىڭ ئازابىنىڭ ناھايىتى قاتتىق بولىدىغانلىقى ۋە مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿(پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) «سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ﴾[1].

**﴿ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر﴾** يەنى ئاخىرەتنىڭ ئازابى دۇنيانىڭ ئازابىدىن قاتتىقتۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. ئۇ ئازابقا چۈشۈپ قالغانلار شۇ ئازابتا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر - بىرىگە لەنەت ئېيتىشقان بىر جۈپ ئەر - خوتۇنغا مۇنداق دېدى: «دۇنيانىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا قارىغاندا بەك يەڭگىلدۇر».

* * * * * * *

أَفَلَمْ يَهْدِ لَهُمْ كَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّنَ ٱلْقُرُونِ يَمْشُونَ فِى مَسَٰكِنِهِمْ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّأُو۟لِى
ٱلنُّهَىٰ ﴿١٢٨﴾ وَلَوْلَا كَلِمَةٌ سَبَقَتْ مِن رَّبِّكَ لَكَانَ لِزَامًا وَأَجَلٌ مُّسَمًّى ﴿١٢٩﴾ فَٱصْبِرْ عَلَىٰ مَا
يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ ٱلشَّمْسِ وَقَبْلَ غُرُوبِهَا ۖ وَمِنْ ءَانَآئِ ٱلَّيْلِ فَسَبِّحْ وَأَطْرَافَ
ٱلنَّهَارِ لَعَلَّكَ تَرْضَىٰ ﴿١٣٠﴾

ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟ ئۇلار شۇ ئۈممەتلەرنىڭ ماكانلىرىدا مېڭىپ يۈرىدۇ، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار ﴿128﴾. ئەگەر پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئازابنى ئۇلاردىن كېچىكتۈرۈشكە) قىلىۋەتكەن ھۆكمى ۋە ئالدىنئالا بەلگىلەپ قويغان ۋاقتى بولمىسا ئىدى، ئۇ چاغدا (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى) چوقۇم ئىدى ﴿129﴾. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، مەمنۇن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن، كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن) ۋە ھەمدە ئېيتقىن ﴿130﴾.

---

(1) رەئد سۈرىسى 24 - ئايەت.

## ﷲ تائالانىڭ بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلىپ يوقىتىۋېتىشىدە ۋەز - نەسىھەت قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بىر ئىبرەتنىڭ بار ئىكەنلىكى

ﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلار توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟ ئۇلار شۇ ئۈممەتلەرنىڭ ماكانلىرىدا مېڭىپ يۈرىدۇ**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! سەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان بۇ كاپىرلار بىزنىڭ ئۇلاردىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان نۇرغۇنلىغان ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇقمامدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن، بۇ كاپىرلار ئۇلاردىن قېلىپ قالغان جايلاردا ياشاپ تۇرۇپ، كۆرۈۋاتقانلىرىدەك ئۇ ئۈممەتلەردىن ھېچقانداق ئىز قالمىدى.

﴿**ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار**﴾ ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)﴾[1]، ﴿ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن قانچىلىغان ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟ ئۇلار (يەنى مەككىلىكلەر) ئۇلار (يەنى ھالاك بولغانلار) نىڭ يۇرتىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ﴾[2].

ئاندىن ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئازابنى ئۇلاردىن كېچىكتۈرۈشكە) قىلىۋەتكەن ھۆكمى ۋە ئالدىنئالا بەلگىلەپ قويغان ۋاقتى بولمىسا ئىدى، ئۇ چاغدا (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى) چوقۇم ئىدى**﴾ يەنى ﷲ تائالانىڭ بىر كىشىنى ئۇنىڭغا پاكىت تۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ئازابلايمەن دېگەن ھۆكمى ۋە ئىنكار قىلغۇچىلارغا بەلگىلەپ بەرگەن بىر مۇددىتى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئازاب ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلەتتى.

## سەۋر قىلىشقا ۋە بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇشقا بۇيرۇغانلىقى

كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەرخىل سۆز قىلغانلىقى ئۈچۈن، ﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، مەمنۇن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن، كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن)**﴾ يەنى بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغىن.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. پەيغەمبەر

(1) ھەج سۈرىسى 46 ـ ئايەت.
(2) سەجدە سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلەيھىسسالام ئون كۈنلۈك تولۇن ئايغا قاراپ مۇنداق دېدى: «سىلەر يېقىندا (يەنى قىيامەت كۈنىدە) پەرۋەردىگارىڭلارنى مۇشۇ ئاينى كۆرگەندەك شەكسىز كۆرىسىلەر، ئۇنى كۆرۈشتە ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايسىلەر، چەكلىنىپ قالمايسىلەر. ئەگەر سىلەر كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ناماز (يەنى بامدات بىلەن ئەسىر نامىزىنى) ئوقۇشقا قادىر بولالىساڭلار، ئوقۇڭلار» دەپ، بۇ ئايەتنى ئوقۇدى.

ئىمام ئەھمەد ئەممار ئىبنى رۇۋەيبەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كۈن چىقىشتىن ۋە كىرىپ كېتىشتىن بۇرۇن ناماز (يەنى بامدات بىلەن ئەسىر نامىزىنى) ئوقۇغان كىشى ھەرگىز دوزاخقا كىرمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

**﴿كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن)﴾** يەنى سەن كېچىدە تەھەججۇد نامىزىنى ئوقۇغىن! بەزى ئالىملار: بۇ ئايەتتىن شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزى كۆزدە تۇتۇلغاندۇر، - دېدى.

**الله** تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەمنۇن قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿(شۇ كېچە تەقدىر قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بولغان ئىشتۇر، بىز ھەقىقەتەن (ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتكۈچى بولدۇق﴾[1].

ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «**الله** تائالا (جەننەتكە كىرگەنلەرنى) ئى جەننەتتىكىلەر!- دەپ چاقىرىدۇ. ئۇلار: بۇيرۇقىڭغا بىز تەييار!- دەپ جاۋاب بېرىدۇ. **الله** تائالا ئۇلاردىن: (سىلەرگە بەرگەن بۇ نېمەتلەردىن) خۇرسەن بولدۇڭلارمۇ؟- دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ھېچ كىشىگە بەرمىگەن نېمەتلەرنى بەرگەن تۇرساڭ، بىز نېمە دەپ خۇرسەن بولمىغۇدەكمىز؟- دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن **الله** تائالا (ئۇلارغا): مەن سىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر نەرسىنى بېرىمەن، - دەيدۇ. ئۇلار **الله** تائالادىن: بۇنىڭدىن ياخشىراق قانداق نەرسە ئۇ؟- دەپ سورايدۇ. **الله** تائالا (ئۇلارغا): (ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ رازىلىقىمدۇر) رازىلىقىمنى سىلەرگە بېرىمەن، (سىلەردىن غەزىپىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ) مەن سىلەرگە بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز غەزەپ قىلمايمەن،- دەيدۇ».

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «**الله** تائالا (جەننەتتىكىلەرگە): ئى جەننەتكە كىرگەنلەر! مەن سىلەرگە قىلغان ۋەدەمنى ھازىر ئورۇنلىماقچى، - دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار: **الله** تائالا يۈزلىرىمىزنى ئاق قىلدى (جەننەتكە كىرگەنلەردىن قىلدى)، تارازا-مىزانلىرىمىزنى ئېغىر قىلدى، دوزاختىن ساقلاپ قېلىپ جەننەتكە كىرگۈزدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئەمدى قايسى ۋەدىدۇر؟- دېيىشىدۇ. (شۇ ۋاقىتتا) پەردە كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇلار **الله** تائالانىڭ جامالىنى كۆرىدۇ. **الله** تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، **الله** تائالا ئۇلارغا ئۆزىنى كۆرۈۋېلىشتىن ياخشىراق بىر نېمەتنى بەرمىدى. ئۇ يۇقىرىدىكى نېمەتلەرگە قوشۇپ بېرىلگەن نېمەتتۇر».

* * * * * * *

(1) دۇخان سۈرىسى 5 - ئايەت.

وَلَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِۦٓ أَزْوَٰجًا مِّنْهُمْ زَهْرَةَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا لِنَفْتِنَهُمْ فِيهِ ۚ وَرِزْقُ رَبِّكَ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰ ﴿١٣١﴾
وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱصْطَبِرْ عَلَيْهَا ۖ لَا نَسْـَٔلُكَ رِزْقًا ۖ نَّحْنُ نَرْزُقُكَ ۗ وَٱلْعَٰقِبَةُ لِلتَّقْوَىٰ ﴿١٣٢﴾

بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇ زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ پانىي نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىدۇر﴿131﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر﴿132﴾.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بايلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرگە كۆز سالماسلىققا ۋە ئىبادەت قىلىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بايلارغا (ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن) بېرىلگەن نېمەتلەرگە كۆز ـ قىرىنى سالماسلىققا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇ زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز**﴾ چۈنكى، الله تائالا ساڭا بۇلارغا بەرگەن نەرسىدىن كۆپ ياخشى نەرسىنى بەردى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(نامازدا) تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتنى (يەنى فاتىھە سۈرىسىنى) ۋە ئۇلۇغ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ساڭا ئاتا قىلدۇق. بەزى كاپىرلارنىڭ بىز بەھرىمەن قىلغان نەرسىلىرىگە كۆز سالمىغىن، ئۇلار (نىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) قايغۇرمىغىن، مۆمىنلەرگە كەمتەر بولغىن﴾[1].

شۇنىڭدەك، الله تائالانىڭ ئاخىرەتتە پەيغەمبىرىگە تەييارلاپ قويغان نەرسىنىڭ چەك ـ چېگرىسى يوقتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ ساڭا (ئاخىرەتتە ساۋاب، ھۆرمەت ۋە شاپائەت قاتارلىقلارنى) ئاتا قىلىدۇ، سەن مەمنۇن بولىسەن﴾[2] شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ پانىي نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىيدۇر**﴾.

ئىمام بۇخارى مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسەل يېگەنلىكى سەۋەبى بىلەن چىققان جېدەلگە ئالاقىدار ئىش ئۈچۈن ئاياللىرىنىڭ قېشىغا بىر ئاي بارماسلىققا قەسەم ئىچىپ، ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغان ئىشى توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىچىگە خورما دەرىخىنىڭ يۇمشاق قوۋزاقلىرى تىقىلغان بىر ياستۇقنى بېشىغا قويۇپ، بىر پارچە بورىنىڭ ئۈستىدە

(1) ھىجر سۈرىسى 87 ـ 88 ـ ئايەتلەر.
(2) زۇھا سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

ياتقانلىقىنى كۆردى (بورا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك بەدەنلىرىگە پېتىپ كەتكەن ئىدى). ئۆينىڭ ئىچىدە (تېرە ئاشلاشتا دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان) بىر ئوچۇم كەلگۈدەك بىر خىل ئۆسۈملۈك ۋە تامغا ئېسىقلىق بىر پارچە تېرىلا بار ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى ئۆمەر! نېمىگە يىغلايسەن؟» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! كىسرا بىلەن قەيسەر باياشات تۇرمۇشتا ياشاۋاتىدۇ. سەن **الله** نىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشى تۇرۇقلۇق مۇشۇنداق تۇرمۇشتا ياشامسەن؟ ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۆمەر! سەن شەكلىنىۋاتامسەن؟ ئۇلار بولسا، باياشاتچىلىقلىرى پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىلىدىغان كىشىلەردۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا ئېرىشەي دېسىلا، ئېرىشەلەيدىغان تۇرۇپ، دۇنيادىكى كىشىلەر ئىچىدە دۇنيانى ئەڭ سۆيمەيدىغان كىشى ئىدى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا مال ـ مۈلۈك كەلسە، باشقىلارغا كەڭ قوللۇق بىلەن بۆلۈپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەتىسى ئۈچۈن ھېچنېمە ئېلىپ قالمايتتى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇسەئىدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ ئېرىپ كېتىشىڭلاردىن مېنى ئەڭ قورقۇتىدىغان نەرسە **الله** تائالانىڭ سىلەرگە ئېچىپ بېرىدىغان زىبۇزىننەتلىرىدۇر». ساھابىلەر: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ زىبۇزىننەتلىرى نېمە؟ ــ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زېمىننىڭ بەرىكەتلىرىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن﴾** يەنى سەن ئۇلارنى ناماز ئوقۇتۇش ئارقىلىق **الله** تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ قالغىن. **الله** تائالا ئەرلەرنى ئۆزىنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار﴾[1].

ئىبنى ئەبۇھاتەم زەيد ئىبنى ئەسلەمەنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بەزى كېچىلىرى ئۆمەرنىڭ قېشىدا قونۇپ قالاتتىم، ئۇ بەزى كېچىسى قوپۇپ ناماز ئوقۇيتتى، بەزى كېچىسى قوپمايتتى. قوپمىغان كېچىلىرى بىز ئۇنى بۇرۇنقى ئادىتىگە ئوخشاش قوپماپتۇ دەيتتۇق. ئۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان ۋاقتىدا بالا ـ چاقىلىرىنىمۇ ئويغىتىپ، بۇ ئايەتنى ئوقۇيتتى: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن﴾**.

**﴿سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز﴾** يەنى سەن ناماز ئوقۇساڭ، ئويلىمىغان يەردىن ساڭا رىزىق بېرىمىز.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان چاغدا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يېنىشىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئۈزۈلىشىپ كېتىڭلار، (يېنىشقان، ئاجراشقان چېغىڭلاردا) ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار، خۇدالىق ئۈچۈن (توغرا) گۇۋاھ

(1) تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولۇڭلار، بۇنىڭ بىلەن (يەنى بۇ ھۆكۈم بىلەن) الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ، كىمكى الله دىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. الله ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ﴾[1]، ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن. الله ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (الله نىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر﴾[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز﴾** تىرمىزى بىلەن ئىبنى ماجە ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس قۇددىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! سەن ماڭا ئىبادەت قىلىش بىلەن بولغىن، مەن سېنى قانائەتچان قىلىمەن. ئېھتىياجىڭنى مەن قاندۇرىمەن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، دىلىڭنى ئارزۇ ـ ئىستەكلەرگە ئېرىشىش كويىغا سالىمەن، ئېھتىياجىڭنى بولسا، قاندۇرمايمەن».

ئىبنى ماجە زەيد ئىبنى سابىتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىر كىشىنىڭ مەقسىتى دۇنياغا ئېرىشىش بولۇپ قالسا، الله تائالا ئۇنىڭ ئىشىنى رېتىمسىز قىلىپ، پېقىرلىقنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرىنىپ تۇرىدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، ئۇنىڭغا دۇنيادىن ئەسلىدە پۈتۈلۈپ كەتكىنىدىن باشقىسى بېرىلمەيدۇ. بىر كىشىنىڭ مەقسىتى ئاخىرەت بولسا، الله تائالا ئۇنىڭ ئىشىنى رېتىملىك قىلىدۇ. دىلىنى قانائەتچانلىق بىلەن تولدۇرىدۇ. دۇنيا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ خالىمىغىنىغا قارىماي تۆكۈلۈپ كېلىدۇ».

**﴿ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر﴾** يەنى دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى بولغان جەننەت تەقۋادارلارغا خاستۇر. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «مەن كېچىدە مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. (چۈشۈمدە) بىز رافىئنىڭ ئوغلى ئۇقبەنىڭ ھويلىسىدا ئىكەنمىز، بىزگە ئىبنى تابىنىڭ ھۆل خورمىلىرىدىن كەلتۈرۈلۈپتۇ، مەن: بىزگە بۇ چۈشتە ئىشارەت قىلىنغاندەك، ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى بېرىلىدىكەن، بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ ھۆكۈملىرى تولۇق ئورۇنلىنىپتۇ، ـ دەپ تەبىر بەردىم». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

*******

وَقَالُوا۟ لَوْلَا يَأْتِينَا بِـَٔايَةٍ مِّن رَّبِّهِۦٓ ۚ أَوَلَمْ تَأْتِهِم بَيِّنَةُ مَا فِى ٱلصُّحُفِ ٱلْأُولَىٰ ﴿١٣٣﴾ وَلَوْ أَنَّآ أَهْلَكْنَٰهُم بِعَذَابٍ مِّن قَبْلِهِۦ لَقَالُوا۟ رَبَّنَا لَوْلَآ أَرْسَلْتَ إِلَيْنَا رَسُولًا فَنَتَّبِعَ ءَايَٰتِكَ مِن قَبْلِ أَن نَّذِلَّ وَنَخْزَىٰ ﴿١٣٤﴾ قُلْ كُلٌّ مُّتَرَبِّصٌ فَتَرَبَّصُوا۟ ۖ فَسَتَعْلَمُونَ مَنْ أَصْحَٰبُ ٱلصِّرَٰطِ ٱلسَّوِىِّ وَمَنِ ٱهْتَدَىٰ ﴿١٣٥﴾

(1) تالاق سۈرىسى 2 ـ 3 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.
(2) زارىيات سۈرىسى 56 ـ 58 ـ ئايەتكىچە.

ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): «(مۇھەممەد) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسىچۇ!» دەيدۇ، ئۇلارغا بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان كەلمىدىمۇ؟﴿133﴾ ئەگەر بىز ئۇلارنى ئۇنىڭدىن (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىشتىن) ئىلگىرى ھالاك قىلغان بولساق، ئۇلار چوقۇم: «نېمىشقا بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتمىدىڭ؟ بىز خار ۋە رەسۋا بولۇشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق» دەيتتى﴿134﴾. ئېيتقىنكى، ھەممە (سىلەرنىڭ ۋە بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتمەكتە. سىلەرمۇ كۈتۈڭلار، كىملەرنىڭ توغرا يول ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە كىملەرنىڭ ھىدايەت تاپقانلىقىنى (ئۇزاققا قالماي) بىلىسىلەر»﴿135﴾.

## قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە روشەن دەلىل بولسىمۇ، مۇشرىكلارنىڭ يەنە ئۇنىڭ راستچىل پەيغەمبەرلىكىگە كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەتلەرنى تەلەپ قىلغانلىقى

الله تائالا كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن (ئۇنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) پاكىت كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): «(مۇھەممەد) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسىچۇ!» دەيدۇ﴾**.

الله تائالا ئۇلارغا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلارغا بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان كەلمىدىمۇ؟﴾** قۇرئان بۇرۇنقى كىتابلاردا بايان قىلىنغان خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەلدى. قۇرئان بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ كىتابلىرى ئۈچۈن بىر كۆزەتچى بولۇپ، ئۇ كىتابلارنىڭ توغرا يەرلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، قەستەن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن يەرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن مۆجىزىلەر نازىل قىلىنمايدۇ» دېدى. ئېيتقىنكى، «مۆجىزىلەر ھەقىقەتەن الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر (مېنىڭ قولۇمدا ئەمەستۇر)، مەن پەقەت بىر ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن». بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا (مۆجىزە بولۇشقا) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك - شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ۋەز - نەسىھەت بار﴾[1].



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرگە كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدىغان مۆجىزىلەردىن بېرىلدى، ماڭا بېرىلگەن مۆجىزە الله تائالا ماڭا ۋەھيي قىلغان قۇرئان بولدى. قىيامەت كۈنى مەن ماڭا ئەگەشكەن كىشىنىڭ ئەڭ كۆپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئۆزىگە بېرىلگەن مۆجىزىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كاتتىسى بولغان قۇرئان كەرىمنىلا بايان قىلدى. ئەگەر بايان قىلاي

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 50 ـ 51 ـ ئايەتلەر.

دېسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاندىن باشقا سان ـ ساناقسىز مۆجىزىلەر بېرىلگەن ئىدى.

**﴿ئەگەر بىز ئۇلارنى ئۇنىڭدىن (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىشتىن) ئىلگىرى ھالاك قىلغان بولساق، ئۇلار چوقۇم: «نېمىشقا بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتمىدىڭ؟ بىز خار ۋە رەسۋا بولۇشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق» دەيتتى﴾** الله تائالا بۇ يالغانچىلارغا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئايەتلىرى كەلسىمۇ، ئۇلارنىڭ يەنىلا ئەگەشمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ). (ھالاك بولغان شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە) يۇنۇس قەۋمىدىن باشقىسىغا (ئازابنىڭ ئالامىتىنى كۆرۈپ) ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق، يۇنۇس قەۋمى ئىمان ئېيتقاندا، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر دۇنيادىكى شەيئىلەردىن) بەھرىمەن قىلدۇق﴾[1].

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بۇ بىز نازىل قىلغان (قۇرئان) مۇبارەك كىتابتۇر، الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، (ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار. (مېنىڭ قۇرئان نازىل قىلىشىم) سىلەرنىڭ، پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى ئىككى تائىپىگىلا (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغىلا) كىتاب نازىل قىلىنغان، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن بىزنىڭ زادىلا خەۋىرىمىز يوق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. ياكى سىلەرنىڭ، ئەگەر بىزگە كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن پاكىت، ھىدايەت ۋە رەھمەت نازىل بولدى، الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايمىز﴾[2]، ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلسە، ھەر قانداق ئۈممەتكە قارىغاندا ئەڭ ھىدايەت تاپقۇچى بولىدىغانلىقلىرى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشتى. ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن چاغدا (ھىدايەتتىن) تېخىمۇ يىراق بولۇشتى﴾[3]، ﴿ئەگەر ئۇلارغا بىرەر مۆجىزە كەلسە، ئۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى (بىلدۈرۈپ) الله نىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) مۆجىزىلەر (مېنىڭ ئەمەس)، الله نىڭ دەرگاھىدىكى ئىش، دېگىن. (ئى مۆمىنلەر!) سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ مۆجىزىلەر كەلسە ئۇلار ئېھتىمال، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكلىرى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز﴾[4].

ئاندىن الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى (ئۇنىڭغا) قارشىلىق قىلغان، ئۇنىڭغا

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى 96 ـ 97 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەنئام سۈرىسى 155 ـ 157ـ ئايەتكىچە.
(3) فاتىر سۈرىسى 42 ـ ئايەت.
(4) ئەنئام سۈرىسى 109 ـ 110 ـ ئايەتلەر.

ئىشەنمىگەن ۋە كۇپۇرلۇقىدا داۋاملىشىۋەرگەن كاپىرلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇدى: ﴿**ئۆيىتقىنكى، ھەممە (سىلەرنىڭ ۋە بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتمەكتە. سىلەرمۇ كۈتۈڭلار، كىملەرنىڭ توغرا يول ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە كىملەرنىڭ ھىدايەت تاپقانلىقىنى (ئۇزاققا قالماي) بىلىسىلەر»**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كىمنىڭ يولىنىڭ ئەڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئازابنى كۆرگەن چاغدا بىلىدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار ئەتە (يەنى ئاخىرەتتە) كىمنىڭ يالغانچى، مۇتەكەببىر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ﴾[2].

شۇنىڭ بىلەن، تاھا سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن!



---

(1) فۇرقان سۈرىسى 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) قەمەر سۈرىسى 26 ـ ئايەت.

# ئەنبىيا سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 112 ئايەت

## بۇ سۈرىنىڭ پەزىلىتى

ئىمام بۇخارى ئابدۇراھمان ئىبنى يەزىدتىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسرا، كەھف، مەريەم، تاھا ۋە ئەنبىيا سۈرىلىرى ئۇلۇغلۇقتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ۋە مەن ئەڭ ئاۋۋال ئۆگەنگەن سۈرىلەردۇر.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱقْتَرَبَ لِلنَّاسِ حِسَابُهُمْ وَهُمْ فِى غَفْلَةٍ مُّعْرِضُونَ ﴿١﴾ مَا يَأْتِيهِم مِّن ذِكْرٍ مِّن رَّبِّهِم
مُّحْدَثٍ إِلَّا ٱسْتَمَعُوهُ وَهُمْ يَلْعَبُونَ ﴿٢﴾ لَاهِيَةً قُلُوبُهُمْ ۗ وَأَسَرُّوا۟ ٱلنَّجْوَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ هَلْ هَٰذَآ إِلَّا
بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ ۖ أَفَتَأْتُونَ ٱلسِّحْرَ وَأَنتُمْ تُبْصِرُونَ ﴿٣﴾ قَالَ رَبِّى يَعْلَمُ ٱلْقَوْلَ فِى ٱلسَّمَآءِ
وَٱلْأَرْضِ ۖ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٤﴾ بَلْ قَالُوٓا۟ أَضْغَٰثُ أَحْلَٰمٍۭ بَلِ ٱفْتَرَىٰهُ بَلْ هُوَ شَاعِرٌ فَلْيَأْتِنَا
بِـَٔايَةٍ كَمَآ أُرْسِلَ ٱلْأَوَّلُونَ ﴿٥﴾ مَآ ءَامَنَتْ قَبْلَهُم مِّن قَرْيَةٍ أَهْلَكْنَٰهَآ ۖ أَفَهُمْ يُؤْمِنُونَ ﴿٦﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىنىدىغان ۋاقىت (يەنى قىيامەت) يېقىنلاشتى، ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەت توغرۇلۇق ئويلىنىشتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر﴿1﴾. ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (قۇرئاندا) يېڭى ۋەز ـ نەسىھەت نازىل بولسىلا، ئۇلار ئۇنىڭغا مەسخىرە قىلغان ھالدا قۇلاق سېلىشىدۇ﴿2﴾. ئۇلارنىڭ دىللىرى (اللە نىڭ كالامىدىن) غەپلەتتىدۇر، كاپىرلار ئۆز ئارا: «بۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) پەقەت سىلەرگە ئوخشاش (ئاددى) بىر ئىنسان، سىلەر سېھىرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى قوبۇل قىلامسىلەر؟» دەپ يوشۇرۇن

سۆزلىشىدۇ﴿3﴾. (پەيغەمبەر) ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم ئاسمان، زېمىندا ئېيتىلغان سۆزلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»﴿4﴾. (كاپىرلار قۇرئان سېھىردۇر دېيىلا قالماستىن) «بەلكى ئۇ (مۇھەممەدنىڭ) قالايمىقان چۈشلىرىدۇر، بەلكى ئۇنى ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغاندۇر، بەلكى ئۇ شائىردۇر، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسۇن» دېيىشتى﴿5﴾. ئۇلاردىن ئىلگىرى، بىز ھالاك قىلغان شەھەرلەردىن (يەنى ئاھالىسىدىن) ھېچقايسىسى ئىمان ئېيتمىغان تۇرسا، (مۆجىزىلەرنى كۆرسەتسەك) ئۇلار ئىمان ئېيتامدۇ؟﴿6﴾

## قىيامەت ناھايىتى يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن بىخۇد يۈرۈۋاتقانلىقى

الله تائالا قىيامەت كۈنىنىڭ ناھايىتى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىقسىز، بىخۇد يۈرۈۋاتقانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىنىدىغان ۋاقىت (يەنى قىيامەت) يېقىنلاشتى، ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەت توغرۇلۇق ئويلىنىشتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر**﴾.

نەسەئى ئەبۇسەئىدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿**(قىيامەت توغرۇلۇق ئويلىنىشتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇلار بۇ دۇنيادا قىيامەت كۈنىگە تەييارلىق قىلىشتىن بىخۇد يۈرگۈچىلەر ھەم ئۇ ھەقتە ئويلىنىشتىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر».

الله تائالا قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿الله نىڭ پەرمانى (يەنى قىيامەت) چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار﴾[1]، ﴿قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى. (قۇرەيش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ «داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر» دېيىشىدۇ﴾[2].

ئاندىن الله تائالا قۇرەيش ۋە باشقا كاپىرلارنىڭ الله تائالانىڭ پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن ۋەھيىسىگە يەنى قۇرئانغا قۇلاق سالمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (قۇرئاندا) يېڭى ۋەز ـ نەسىھەت نازىل بولسىلا، ئۇلار ئۇنىڭغا مەسخىرە قىلغان ھالدا قۇلاق سېلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى (الله نىڭ كالامىدىن) غەپلەتتىدۇر**﴾.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قۇرئاننىڭ يېڭى ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتاب ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ئەھلى كىتابلارنىڭ قوللىرىدىكى كىتابلار كەم ـ زىيادە قىلىنىپ، ئۆزگەرتىلىپ كەتكەن تۇرسا، سىلەر نېمىشقا ھۆكۈم سورايسىلەر؟ سىلەرنىڭ كىتابىڭلار (قۇرئان) يېڭى ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، الله تائالانىڭ كىتابلىرى ئىچىدە ئەڭ يېقىندا چۈشۈرۈلگەن كىتابتۇر. سىلەر ئۇنى ھېچ قانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمىگەن ھالىتىدە ئوقۇيسىلەر. بۇنى ئىمام بۇخارىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلدى.

(1) نەھل سۈرىسى 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) قەمەر سۈرىسى 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر.

﴿كاپىرلار ئۆز ئارا: «بۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) پەقەت سىلەرگە ئوخشاش (ئاددى) بىر ئىنسان، سىلەر سېھىرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى قوبۇل قىلامسىلەر؟» دەپ يوشۇرۇن سۆزلىشىدۇ﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار: بىزگە كەلمىگەن ۋەھيي قانداق بولۇپ بۇنىڭغا كېلىپ قالدى؟ ـ دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە شەك قىلىشتى، شۇڭا ئۇلار بۇنى بىر سېھىرگەرلىك دەپ ئويلاپ مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر سېھىرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى قوبۇل قىلامسىلەر؟﴾ يەنى سىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشەمسىلەر؟ سېھىر قىلغان كىشى بىلەن ئوخشاش بولامسىلەر؟

ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب مۇنداق بولدى: ﴿(پەيغەمبەر) ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم ئاسمان ـ زېمىندا ئېيتىلغان سۆزلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾ يەنى ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭغا يوشۇرۇن بولمايدىغان زات الله ئاسمان زېمىندىكى ھەر قانداق سۆزنى بىلىپ تۇرىدۇ. الله بۇرۇنقى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ قۇرئاننى چۈشۈردى. الله دىن باشقا بىرسى بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيدۇ ﴿الله (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»﴾ بۇ ئۇلارغا سېلىنغان قاتتىق بىر تەھدىتتۇر.

## كاپىرلارنىڭ قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ئېيتقانلىرى، مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە

الله تائالا كاپىرلارنىڭ قۇرئاننى گاھى سېھىر، گاھى شېئىر، گاھى مۇھەممەدنىڭ قالايمىقان چۈشلىرى، گاھى ئۇنىڭ تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان بىر كىتاب دەپ، بۇ ھەقتە قايمۇقۇپ، ئۇنىڭغا بەرگەن باھالىرىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغانلىقىدىن ۋە ئۇلارنىڭ تەرسالىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(كاپىرلار قۇرئان سېھىردۇر دەپلا قالماستىن) «بەلكى ئۇ (مۇھەممەدنىڭ) قالايمىقان چۈشلىرىدۇر، بەلكى ئۇنى ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغاندۇر، بەلكى ئۇ شائىردۇر﴾.

الله تائالا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بۇ سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ سېنىڭ توغراڭدا (بىردەم سېھىرگەر، بىردەم شائىر ۋە بىردەم مەجنۇن دېگەندەك) نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلار (مۇشۇنداق بوھتانلارنى چاپلاش بىلەن) ئازدى، ئۇلار (ھىدايەتكە) يول تاپالمايدۇ﴾(1).

ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سالىھ، مۇسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئوخشاش بىر مۆجىزە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسۇن﴾.

الله تائالا ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغان مۆجىزىلىرىنى كەلتۈرمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿(قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلار (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ) مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈندۇر﴾(2).

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 48 ـ ئايەت.

(2) ئىسرا سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇلارمۇ بۇرۇنقىلارغا ئوخشاش تەلەپ قىلغان مۆجىزىنى كەلتۈرۈپ بەرسە، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلاردىن ئىلگىرى، بىز ھالاك قىلغان شەھەرلەردىن (يەنى ئاھالىسىدىن) ھېچقايسىسى ئىمان ئېيتمىغان تۇرسا، (مۆجىزىلەرنى كۆرسەتسەك) ئۇلار ئىمان ئېيتامدۇ؟**﴾ يەنى بىز پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن شەھەرلەردىن بىرەرسىگە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق بىرەر مۆجىزىنى بەرسەك، ئۇلار ئۇ مۆجىزىگە ئىشەنمەستىن، ئۇنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز (ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق. ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان يەردە، بۇلار مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ھەرگىز ئىمان ئېيتمايدۇ. بەلكى سەن ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە، ئۇلار ھەرگىز ئىمان ئېيتمايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[1] يەنى ئۇلار بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەردىن كاتتا، ئوچۇق، روشەن ۋە كەسكىن مۆجىزىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا كۆرگەن تەقدىردىمۇ ھەتتا ئازابنى كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتمايدۇ.

*******

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا قَبۡلَكَ إِلَّا رِجَالٗا نُّوحِيٓ إِلَيۡهِمۡۖ فَسۡـَٔلُوٓاْ أَهۡلَ ٱلذِّكۡرِ إِن كُنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ٧ وَمَا جَعَلۡنَٰهُمۡ جَسَدٗا لَّا يَأۡكُلُونَ ٱلطَّعَامَ وَمَا كَانُواْ خَٰلِدِينَ ٨ ثُمَّ صَدَقۡنَٰهُمُ ٱلۡوَعۡدَ فَأَنجَيۡنَٰهُمۡ وَمَن نَّشَآءُ وَأَهۡلَكۡنَا ٱلۡمُسۡرِفِينَ ٩

(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى (پەرىشتىلەرنى ئەمەس) پەقەت ئىنسانلارنىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئەگەر (بۇنى) بىلمىسەڭلار، ئەھلى ئىلىمدىن (يەنى تەۋرات، ئىنجىللارنى بىلىدىغانلاردىن) سوراڭلار﴿7﴾. پەيغەمبەرلەرنى تاماق يېمەيدىغان جەسەت قىلغىنىمىز يوق (يەنى ئۇلار بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش يەيدۇ، ئىچىدۇ) ھەمدە ئۇلار (دۇنيادا ئۆلمەي) مەڭگۈ قالىدىغان بولغىنى يوق (يەنى ئۇلارمۇ بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش ۋاپات بولىدۇ)﴿8﴾. ئاندىن ئۇلارغا (ئۇلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىمىزنى راست قىلىپ بەردۇق، ئۇلارنى ۋە بىز خالىغانلارنى قۇتقۇزدۇق، (كۇفرىدا ۋە گۇمراھلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ھالاك قىلدۇق﴿9﴾.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلاردىن ئىكەنلىكى

الله تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئادەم باللىرى ئىچىدىن ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق﴾[2] الله تائالا بۇ توغرىسىدا يەنە مۇنداق دېدى: ﴿ئېيتقىنكى، «مەن

(1) يۇنۇس سۈرىسى 96 ـ 97 ـ ئايەتلەر.
(2) يۇسۇف سۈرىسى 109ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(الله ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەسمەن﴾[1].

الله تائالا ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭمۇ ئىنسانلاردىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «ئىنسان بىزنى ھىدايەت قىلالامدۇ؟» دېدى﴾[2].

**﴿ئەگەر (بۇنى) بىلمىسەڭلار، ئەھلى ئىلىمدىن (يەنى تەۋرات، ئىنجىللارنى بىلىدىغانلاردىن) سوراڭلار﴾** يەنى سىلەر يەھۇدىي، خرىستىئان ۋە باشقا تائىپىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىلىملىك ئادەملەردىن: پەيغەمبەرلەر ئىنسانلار ئىچىدىن ئەۋەتىلگەنمۇ ياكى پەرىشتىلەر ئىچىدىن ئەۋەتىلگەنمۇ؟ ـ دەپ سوراڭلار. ئەمەلىيەتتە، پەيغەمبەرلەر ئىنسانلاردىندۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلاردىن بولۇشى الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە بەرگەن بىر نېمىتىدۇر. چۈنكى، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تىپىدىن بولغان پەيغەمبەرلەردىن مەسىلىلەرنى سوراپ، ھۆكۈملەرنى ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

**﴿پەيغەمبەرلەرنى تاماق يېمەيدىغان جەسەت قىلغىنىمىز يوق (يەنى ئۇلار بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش يەيدۇ، ئىچىدۇ)﴾** الله تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش يەپ-ئىچىدىغانلىقى، بازارلارغا كىرىپ بىر نەرسە سېتىۋالىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى﴾[3] پەيغەمبەرلەرنىڭ يەپ ـ ئىچىشى، الله تائالانىڭ: ﴿«بازارلاردا (بىز تاماق يېگەندەك) تاماق يەيدىغان، (بىز ماڭغاندەك) مېڭىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن الله ئۇنىڭغا نېمىشقا بىر پەرىشتە ئەۋەتمىدى. يا ئۇنىڭغا بىر خەزىنە بېرىلمىدى، يا ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىر باغ بېرىلمىدى؟» زالىملار (يەنى كاپىرلار): «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر»﴾[4] دېگەن ئايىتىدىكى كاپىرلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك پەيغەمبەرلەرگە ھېچقانداق بىر دەخلىسى بولمايدۇ.

**﴿ھەمدە ئۇلار (دۇنيادا ئۆلمەي) مەڭگۈ قالىدىغان بولغىنى يوق (يەنى ئۇلارمۇ بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش ۋاپات بولىدۇ)﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى (ئىنسانلاردىن) ھېچ كىشىنى مەڭگۈ ياشاتقىنىمىز يوق﴾[5] يەنى سەندىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى مەڭگۈ ياشاتقىنىمىز يوق. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت پەرىشتىلەر (الله تائالا تەرىپىدىن) ئېلىپ چۈشكەن ھۆكۈم بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ، ئۇلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسۇشتىن ئىبارەتتۇر.

**﴿ئاندىن ئۇلارغا (ئۇلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت ۋەدىمىزنى راست قىلىپ بەردۇق﴾** شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلارنى ۋە بىز خالىغانلارنى قۇتقۇزدۇرق﴾** يەنى پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەن مۆمىنلەرنى قۇتقۇزدۇق. **﴿(كۇفرىدا ۋە گۇمراھلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ھالاك قىلدۇق﴾** يەنى پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ھالاك قىلدۇق.

(1) ئەھقاف سۈرىسى 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تاغابۇن سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) فۇرقان سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) فۇرقان سۈرىسى 7 ـ 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) ئەنبىيا سۈرىسى 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

*******

لَقَدۡ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكُمۡ كِتَٰبٗا فِيهِ ذِكۡرُكُمۡۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿١٠﴾ وَكَمۡ قَصَمۡنَا مِن قَرۡيَةٖ كَانَتۡ ظَالِمَةٗ
وَأَنشَأۡنَا بَعۡدَهَا قَوۡمًا ءَاخَرِينَ ﴿١١﴾ فَلَمَّآ أَحَسُّواْ بَأۡسَنَآ إِذَا هُم مِّنۡهَا يَرۡكُضُونَ ﴿١٢﴾ لَا تَرۡكُضُواْ
وَٱرۡجِعُوٓاْ إِلَىٰ مَآ أُتۡرِفۡتُمۡ فِيهِ وَمَسَٰكِنِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تُسۡـَٔلُونَ ﴿١٣﴾ قَالُواْ يَٰوَيۡلَنَآ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿١٤﴾ فَمَا
زَالَت تِّلۡكَ دَعۡوَىٰهُمۡ حَتَّىٰ جَعَلۡنَٰهُمۡ حَصِيدًا خَٰمِدِينَ ﴿١٥﴾

سىلەرنىڭ شان ـ شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) سىلەرگە ھەقىقەتەن نازىل قىلىپ بەردۇق. (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟﴿10﴾ بىز (ئاھالىسى) كۇففار بولغان نۇرغۇن شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق. ئۇلاردىن كېيىن (ئورنىغا) باشقا قەۋمنى پەيدا قىلدۇق﴿11﴾. ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ (كەلگەنلىكىنى) ھېس قىلغان چاغدا ئۇشتۇمتۇت قاچىدۇ﴿12﴾. (پەرىشتىلەر ئۇلارغا مەسخىرە قىلىپ ئېيتتى) «قاچماڭلار، باياشات تۇرمۇشۇڭلارغا، تۇرالغۇ جايىڭلارغا قايتىڭلار، سىلەردىن (مۇھىم ئىشلاردا مەسلىھەت) سورىلىشى مۇمكىن»﴿13﴾. ئۇلار: «ۋاي ئىسىت! ھەقىقەتەن بىز زالىم بولۇپتۇق» دېيىشتى﴿14﴾. ئۇلارنى ئورۇلغان زىرائەتتەك ھالاك قىلىپ، جانلىرىنى ئالغىنىمىزغا قەدەر، ئۇلار يۇقىرىقى پەريادىنى تەكرارلاپ تۇردى﴿15﴾.

## قۇرئاننىڭ پەزىلىتى

الله تائالا قۇرئاننىڭ شەرەپلىك بىر كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ ۋە ئۇنىڭ قەدرىنى چۈشىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرنىڭ شان ـ شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) سىلەرگە ھەقىقەتەن نازىل قىلىپ بەردۇق**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىقىغا ئوخشاش دېدى.

﴿**(بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟**﴾ يەنى بۇ نېمەتنى چۈشىنىپ ئۇنى قوبۇل قىلمامسىلەر؟ الله تائالا قۇرئاننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن شەرەپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿قۇرئان ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە (ئۇلۇغ) شەرەپتۇر، سىلەر كەلگۈسىدە (بۇ نېمەت ئۈستىدە) سورىلىسىلەر﴾[1].

## زالىملارنىڭ قانداق ھالاك قىلىنىدىغانلىقى

الله تائالا بۇرۇن ئىمان كەلتۈرگىلى ئۇنىمىغان نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەرنى ھالاك قىلىپ يوقىتىۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**بىز (ئاھالىسى) كۇففار بولغان نۇرغۇن شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق**﴾، ﴿نۇھتىن كېيىن (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق﴾[2]،

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 44 ـ ئايەت.
(2) ئىسرا سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن (شەھەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ) ئۆگزىلىرى ئۆرۈلۈپ، ئۈستىگە تاملىرى يىقىلغان نۇرغۇن تاشلاندۇق قۇدۇقلار ۋە ئېگىز ئىمارەتلەر (ئاھالىسىز) قالغان﴾[1]،

**﴿ئۇلاردىن كېيىن (ئورنىغا) باشقا قەۋمنى پەيدا قىلدۇق. ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ (كەلگەنلىكىنى) ھېس قىلغان چاغدا ئۇشتۇمتۇت قاچىدۇ﴾** يەنى ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ۋەدە قىلغىنىدەك) ئازابنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتىدا ئۇشتۇمتۇت قاچىدۇ.

**﴿(پەرىشتىلەر ئۇلارغا مەسخىرە قىلىپ ئېيتتى) «قاچماڭلار، باياشات تۇرمۇشۇڭلارغا، تۇرالغۇ جايىڭلارغا قايتىڭلار﴾** يەنى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ، كەمسىتىش يۈزىسىدىن: ئازابنىڭ چۈشىشىدىن قاچماڭلار! سىلەر بۇرۇنقى باياشات، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشۇڭلارغا ۋە ئېسىل تۇرالغۇ جايلىرىڭلارغا قايتىڭلار، ـ دېيىلىدۇ.

**﴿سىلەردىن (مۇھىم ئىشلاردا مەسلىھەت) سورىلىشى مۇمكىن»﴾** يەنى سىلەر بېرىلگەن نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلغان ـ قىلمىغانلىقىڭلاردىن سورىلىشىڭلار مۇمكىن.

**﴿ئۇلار: «ۋاي ئىست! ھەقىقەتەن بىز زالىم بولۇپتۇق» دېيىشتى﴾** يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە ھېچ نەرسە پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدىغان ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تونۇشتى، **﴿ئۇلارنى ئورۇلغان زىرائەتتەك ھالاك قىلىپ، جانلىرىنى ئالغىنىمىزغا قەدەر، ئۇلار يۇقىرىقى پەريادىنى تەكرارلاپ تۇردى﴾** يەنى تاكى بىز ئۇلارنى ئوروپ ياتقۇزۇۋېتىلگەن زىرائەتتەك ھالاك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ۋە ئاۋازلىرى توختىغانغا قەدەر، ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقان يۇقىرىدىكى) پەريادىنى تەكرارلاپ تۇردى.

* * * * * * *

وَمَا خَلَقْنَا ٱلسَّمَآءَ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا لَـٰعِبِينَ ﴿١٦﴾ لَوْ أَرَدْنَآ أَن نَّتَّخِذَ لَهْوًا لَّٱتَّخَذْنَـٰهُ مِن لَّدُنَّآ إِن
كُنَّا فَـٰعِلِينَ ﴿١٧﴾ بَلْ نَقْذِفُ بِٱلْحَقِّ عَلَى ٱلْبَـٰطِلِ فَيَدْمَغُهُۥ فَإِذَا هُوَ زَاهِقٌ وَلَكُمُ ٱلْوَيْلُ مِمَّا تَصِفُونَ
﴿١٨﴾ وَلَهُۥ مَن فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَنْ عِندَهُۥ لَا يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِهِۦ وَلَا يَسْتَحْسِرُونَ ﴿١٩﴾
يُسَبِّحُونَ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ لَا يَفْتُرُونَ ﴿٢٠﴾

بىز ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويناپ ياراتقىنىمىز يوق (يەنى ئۇلارنى بىكار ياراتماستىن، قۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرى سۈپىتىدە ياراتتۇق)﴿16﴾. ئەگەر بىز ئىچ پۇشۇقى قىلماقچى بولساق، قېشىمىزدىكى نەرسىلەر بىلەن قىلاتتۇق، ئەگەر (شۇنى) ئىرادە قىلغان بولساق (لېكىن بۇ ئۇلۇغ زاتىمىزغا مۇھال بولغانلىقتىن ئۇنداق قىلىشنى ئىرادە قىلمىدۇق)﴿17﴾. بىز ھەق ئارقىلىق باتىلغا ھۇجۇم قىلىمىز، ھەق باتىلنى يوقىتىدۇ، باتىل ناگاھان يوقىلىدۇ، (ئى كۇففارلار جامائەسى! الله نى بالىسى بار، خوتۇنى بار دەپ) سۈپەتلىگەن سۆزۈڭلاردىن سىلەرگە ۋاي!﴿18﴾. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭ ئىلكىدىدۇر، الله نىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) الله نىڭ ئىبادىتىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ﴿19﴾. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ﴿20﴾.

(1) ھەج سۈرىسى 45 ـ ئايەت.

## دۇنيانىڭ بىر ھېكمەت ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى

اﷲ تائالا ئاسمان ـ زېمىننى يامان ئىشلارنى قىلغانلارنى جازالاش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى، ئۇنى بىكاردىن، مەقسەتسىز ياراتمىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**بىز ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويناپ ياراتقىنىمىز يوق (يەنى ئۇلارنى بىكار ياراتماستىن، قۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرى سۈپىتىدە ياراتتۇق)**﴾.

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي!﴾[1].

﴿**ئەگەر بىز ئىچ پۇشۇقى قىلماقچى بولساق، قېشىمىزدىكى نەرسىلەر بىلەن قىلاتتۇق، ئەگەر (شۇنى) ئىرادە قىلغان بولساق (لېكىن بۇ ئۇلۇغ زاتىمىزغا مۇھال بولغانلىقتىن ئۇنداق قىلىشنى ئىرادە قىلمىدۇق)**﴾ ئەبۇنەجىيھ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (ئەگەر ئىچ پۇشۇقى قىلماقچى بولساق، قېشىمىزدىكى نەرسىلەر بىلەن قىلاتتۇق) جەننەت، دوزاخ، ئۆلۈش، تىرىلىش، ھېساب مەيدانىغا يىغىلىش ۋە ھېساب ئېلىش دېگەن نەرسىلەرنى ياراتمىغان بولاتتۇق.

﴿**ئەگەر (شۇنى) ئىرادە قىلغان بولساق (لېكىن بۇ ئۇلۇغ زاتىمىزغا مۇھال بولغانلىقتىن ئۇنداق قىلىشنى ئىرادە قىلمىدۇق)**﴾ قەتادە، سۇددى، ئىبراھىم نەخەئىي ۋە مۇغىيرە ئىبنى مۇقسىم قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: بىز ئۇنداق قىلمىدۇق.

﴿**بىز ھەق ئارقىلىق باتىلغا ھۇجۇم قىلىمىز**﴾ يەنى ھەقنى ئوچۇق بايان قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن، ناھەق ئۆزلىكىدىن يوقىلىدۇ. شۇڭا اﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**بىز ھەق ئارقىلىق باتىلغا ھۇجۇم قىلىمىز، ھەق باتىلنى يوقىتىدۇ، باتىل ناگاھان يوقىلىدۇ. (ئى كۇففارلار جامائەسى! اﷲ نى بالىسى بار، خوتۇنى بار دەپ) سۈپەتلىگەن سۆزۈڭلاردىن سىلەرگە ۋاي!**﴾

ئاندىن اﷲ تائالا پەرىشتىلەرنىڭ اﷲ تائالانىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىدىن، ئۇلارنىڭ كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ھەممە ۋاقىتلىرىدا پەقەت اﷲ غىلا ئىبادەت قىلىش بىلەنلا بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەسىھمۇ، (اﷲ غا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ اﷲ غا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، كىملەركى اﷲ غا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن، (بىلسۇنكى) اﷲ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ﴾[2].



## ھەممە نەرسىنىڭ اﷲ تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىكەنلىكى ۋە اﷲ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىدىغانلىقى

﴿**ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى اﷲ نىڭ ئىلكىدىدۇر، اﷲ نىڭ دەرگاھىدىكىلەر**

---

(1) ساد سۈرىسى 27 ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 172 ـ ئايەت.

(يەنى پەرىشتىلەر) الله نىڭ ئىبادىتىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ﴾ الله تائالا (پەرىشتىلەرنىڭ الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايدىغانلىقى توغرىسىدا) مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ﴾ يەنى ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بولىدۇ، بارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ پەرىشتىلەر الله نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾[1].

*******

أَمِ ٱتَّخَذُوٓاْ ءَالِهَةً مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ هُمۡ يُنشِرُونَ ﴿٢١﴾ لَوۡ كَانَ فِيهِمَآ ءَالِهَةٌ إِلَّا ٱللَّهُ لَفَسَدَتَاۚ فَسُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ رَبِّ ٱلۡعَرۡشِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿٢٢﴾ لَا يُسۡـَٔلُ عَمَّا يَفۡعَلُ وَهُمۡ يُسۡـَٔلُونَ ﴿٢٣﴾

ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلار (يەنى بۇ نەرسىلەر) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەمدۇ؟﴿21﴾. ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا الله دىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر﴿22﴾. الله نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴿23﴾.

## يالغان ئىلاھلارغا بېرىلگەن رەددىيە

الله تائالا ئۆزىدىن باشقا بىر نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالغانلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلار (يەنى بۇ نەرسىلەر) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەمدۇ؟**﴾ ئۇلار ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ھەرگىز قادىر ئەمەس. ئۇنداق بولسا، ئۇلار قانداقلارچە ئۇ نەرسىلەرنى الله تائالاغا ئوخشاش ئىلاھ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىدۇ؟ ئاندىن الله تائالا ئەگەر پۈتۈن كائىناتتا الله تائالادىن باشقا ئىلاھ بولىدىغان بولسا، ئاسمان ـ زېمىنلارنىڭ تەرتىپى بۇزۇلۇپ، پۈتۈن كائىنات ۋەيران بولۇپ كېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا الله دىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله نىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگەللىۋېلەتتى، بەزىسى ـ بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، الله ئۇلارنىڭ الله غا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر﴾[2].

﴿**ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر**﴾ يەنى ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان الله تائالا ئۇلارنىڭ: الله نىڭ بالىسى بار ۋە شېرىكى بار، ـ دەپ (الله تائالاغا) چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر.

﴿**الله نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ**﴾ يەنى

(1) تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۇئمىنۇن سۈرىسى 91 ـ ئايەت.

الله تائالا كاتتا، ئۇلۇغ، بىلىملىك، ھېكمەت ئىگىسى، ئادىل، مېھرىبان زات بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچبىر كىشى ئۇنىڭ ھۆكمىگە قارشى تۇرالمايدۇ ۋە بويسۇنماي قالمايدۇ. الله ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ھېساب ئالغۇچىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى خالايىق) نىڭ ھەممىسىنىڭ (بۇ دۇنيادا) قىلغان ئىشلىرىنى چوقۇم سورايمىز﴾[1]، ﴿ئېيتقىنكى، «ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)»﴾[2].

* * * * * * *

أَمِ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةًۖ قُلۡ هَاتُواْ بُرۡهَٰنَكُمۡۖ هَٰذَا ذِكۡرُ مَن مَّعِيَ وَذِكۡرُ مَن قَبۡلِيۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ٱلۡحَقَّۖ
فَهُم مُّعۡرِضُونَ ﴿٢٤﴾ وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِيٓ إِلَيۡهِ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعۡبُدُونِ ﴿٢٥﴾

ئۇلار اللهنى قويۇپ، باشقا مەبۇدلارنى ئىلاھ قىلىۋالدىمۇ؟ ئېيتقىنكى: «(بۇنىڭغا) دەلىلىڭلارنى كۆرسىتىڭلار، مانا بۇ، مەن بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ كىتابى (يەنى قۇرئان) دۇر ۋە مەندىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ (تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق) كىتابىدۇر، ئۇلارنىڭ تولىسى ھەقنى ئۇقمايدۇ، ئۇلار (تەۋھىد) تىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر» ﴿24﴾. (ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق ﴿25﴾.

**﴿ئۇلار اللهنى قويۇپ، باشقا مەبۇدلارنى ئىلاھ قىلىۋالدىمۇ؟﴾** الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇدى: **﴿ئېيتقىنكى: «(بۇنىڭغا) دەلىلىڭلارنى كۆرسىتىڭلار، مانا بۇ، مەن بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ كىتابى (يەنى قۇرئان) دۇر ۋە مەندىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ (تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق) كىتابىدۇر، ئۇلارنىڭ تولىسى ھەقنى ئۇقمايدۇ، ئۇلار (تەۋھىد) تىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر»﴾** يەنى قۇرئان، تەۋرات ۋە ئىنجىللار مېنىڭ دېگەن سۆزۈمنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى الله تائالادىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلىغۇچى ۋە شۇنى تەشۋىق قىلغۇچىدۇر. لېكىن، ئى مۇشرىكلار! سىلەر ھەقىقەتنى بىلمەيسىلەر، شۇڭا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيسىلەر.

الله تائالانىڭ ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي قىلغان سۆزىنىڭ: "الله تائالادىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ئىلاھ يوق" دېگەن سۆزدىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە مۇنداق دېدى: **﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سەندىن بۇرۇن بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزدىن سوراپ باققىنكى، مېھرىبان اللهدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى بەلگىلىدۇقمۇ؟ (پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە اللهدىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىنى بارمۇ؟)﴾[3]، ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر

(1) ھىجر سۈرىسى 92 ـ 93 ـ ئايەتلەر.
(2) مۆئمىنۇن سۈرىسى 88 ـ ئايەت.
(3) زۇخرۇف سۈرىسى 45 ـ ئايەت.

ئۈممەتكە: «اللە غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[1] يەنى اللە تائالا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتكەن ھەر بىر پەيغەمبەر شېرىكى يوق، يالغۇز، بىرلا اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردۇ، ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىمۇ ھەم شۇنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر. مۇشرىكلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىدە ھېچ قانداق پاكىت يوقتۇر، ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن پاكىتى اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلارغا اللە تائالانىڭ غەزىپى ۋە قاتتىق ئازابى باردۇر.

*******

وَقَالُوا۟ ٱتَّخَذَ ٱلرَّحْمَٰنُ وَلَدًا ۗ سُبْحَٰنَهُۥ ۚ بَلْ عِبَادٌ مُّكْرَمُونَ ﴿٢٦﴾ لَا يَسْبِقُونَهُۥ بِٱلْقَوْلِ وَهُم
بِأَمْرِهِۦ يَعْمَلُونَ ﴿٢٧﴾ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ٱرْتَضَىٰ وَهُم مِّنْ
خَشْيَتِهِۦ مُشْفِقُونَ ﴿٢٨﴾ ۞ وَمَن يَقُلْ مِنْهُمْ إِنِّىٓ إِلَٰهٌ مِّن دُونِهِۦ فَذَٰلِكَ نَجْزِيهِ جَهَنَّمَ ۚ كَذَٰلِكَ
نَجْزِى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٩﴾

ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): «اللە نىڭ (پەرىشتىلەردىن) بالىسى بار» دېيىشتى، ئۇنداق ئەمەس. اللە (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، (پەرىشتىلەر اللە نىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر﴿26﴾. ئۇلار اللە غا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار اللە نىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ﴿27﴾. اللە ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار اللە رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، اللە نىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ﴿28﴾. ئۇلاردىن كىمكى، مەن اللە دىن باشقا ئىلاھمەن، دەيدىكەن، ئۇنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز، زالىملارنى شۇنداق جازالايمىز﴿29﴾.

## پەرىشتىلەرنى اللە تائالانىڭ قىزلىرى دەپ گۇمان قىلغانلارغا بېرىلگەن رەددىيە ۋە پەرىشتەرلەرنىڭ ۋەزىپە ۋە دەرىجىلىرىنىڭ بايانى

بالا تۇتۇشتىن پاك بولغان اللە تائالا "اللە تائالانىڭ پەرىشتىلەردىن بالىسى بار" دەپ بوھتان چاپلىغان مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇنداق ئەمەس. اللە (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، (پەرىشتىلەر اللە نىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر**﴾.

﴿**ئۇلار اللە غا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار اللە نىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. اللە ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى پەرىشتىلەر اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىسى يۇقىرى، ھۆرمەتلىك بەندىلەردۇر. ئۇلار ھەرقانداق سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە اللە تائالاغا بويسۇنىدۇ. اللە تائالانىڭ ئالدىدا سۆز ياكى بىرەر ئىشنى قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، اللە تائالانىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلمايلا قالماستىن، بەلكى بۇيرۇقنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلايدۇ. اللە تائالا ئۇلارنىڭ ھەممە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ اللە تائالادىن ئۆزىنى يوشۇرالمايدۇ.

(1) نەھل سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿**ئۇلار اللە رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، اللە نىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ**﴾ اللە تائالا شاپائەتنىڭ ئۆزى رازى بولىدىغان كىشىلەرگىلا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿اللە نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللە نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن﴾[1]، ﴿اللە ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا اللە نىڭ دەرگاھىدا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ﴾[2].

﴿**ئۇلاردىن كىمكى، مەن اللە دىن باشقا ئىلاھمەن، دەيدىكەن**﴾ يەنى شۇنى داۋا قىلىدىكەن، ﴿**ئۇنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز، زالىملارنى شۇنداق جازالايمىز**﴾ يەنى مۇشۇنداق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى شۇنداق جازالايمىز.

*******

أَوَلَمْ يَرَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ أَنَّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ كَانَتَا رَتْقًا فَفَتَقْنَٰهُمَا ۖ وَجَعَلْنَا مِنَ ٱلْمَآءِ كُلَّ شَىْءٍ
حَىٍّ ۖ أَفَلَا يُؤْمِنُونَ ﴿٣٠﴾ وَجَعَلْنَا فِى ٱلْأَرْضِ رَوَٰسِىَ أَن تَمِيدَ بِهِمْ وَجَعَلْنَا فِيهَا فِجَاجًا سُبُلًا لَّعَلَّهُمْ
يَهْتَدُونَ ﴿٣١﴾ وَجَعَلْنَا ٱلسَّمَآءَ سَقْفًا مَّحْفُوظًا ۖ وَهُمْ عَنْ ءَايَٰتِهَا مُعْرِضُونَ ﴿٣٢﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلَّيْلَ
وَٱلنَّهَارَ وَٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ ۖ كُلٌّ فِى فَلَكٍ يَسْبَحُونَ ﴿٣٣﴾

كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار (اللە نىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟﴿30﴾ يەر تەۋرەپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەمسىز بولماسلىقى ئۈچۈن، بىز زېمىندا تاغلارنى ياراتتۇق، ئۇلارنى (سەپەردە) كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىۋالسۇن دەپ، تاغلاردا كەڭ يوللارنى ياراتتۇق﴿31﴾. ئاسماننى بىز بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاسماندىكى (كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا ئوخشاش اللە نىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىن غەپلەتتىدۇر﴿32﴾. اللە كېچىنى ۋە كۈندۈزنى، كۈننى ھەم ئاينى ياراتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى (ئۆزىگە خاس) پەلەكتە سەير قىلىدۇ﴿33﴾.

## ئاسمان ـ زېمىن ۋە كېچە ـ كۈندۈزنىڭ اللە تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغانلىقى

اللە تائالا پۈتۈن كائىناتنى يارىتىپ، ئۇلارنى ناھايىتى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋاتقان كاتتا قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿**كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق**﴾ يەنى اللە تائالانىڭ ئىلاھلىق سۈپىتىنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقىسىغا ئىبادەت قىلغان كاپىرلار بارلىق نەرسىلەرنى اللە تائالانىڭ ئۆزى يالغۇز ياراتقانلىقىنى ۋە ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئۇنداق بولغان ئىكەن، اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش قانداقمۇ لايىق بولسۇن؟ ئۇلار كۆرمەمدۇ؟ ئاسمان ـ زېمىن ئەسلىدە بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى. اللە تائالا ئۇنى ئايرىپ، ئاسمان ـ زېمىننى يەتتە قەۋەتتىن

(1) بەقەرە سۈرىسى 255 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسى.
(2) سەبەئ سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلدى، ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدا ھاۋانى پەيدا قىلدى. زېمىننى يامغۇر بىلەن كۆكەرتتى.

**﴿ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار (الله نىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟﴾** بۇلارنىڭ ھەممىسى خالىغاننى قىلىدىغان بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا كەسكىن پاكىتتۇر.

ھەر بىر شەيئىدە باردۇر ئۇنىڭ ئالامىتى،
بىر ئىلاھلىق ئۇلۇغ سۈپەت كارامىتى.

سۇفيان سەۋرى دادىسىدىن ئىكرىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن كېچە بۇرۇنمىدى ياكى كۈندۈزمۇ؟ ـ دەپ سورالدى. ئۇ: ئاسمان ـ زېمىن بىر ـ بىرىگە تۇتاش ۋاقتىدا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا قاراڭغۇدىن باشقا بىر نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلمەمسىلەر؟ بۇ كېچىنىڭ كۈندۈزدىن بۇرۇن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئىبنى ئۆمەرنىڭ قېشىغا الله تائالانىڭ: **﴿ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق سوراپ كېلىدۇ. ئىبنى ئۆمەر ئۇ كىشىگە: سەن ئاۋۋال ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ توغرۇلۇق سورىغىن، ئاندىن ئۇنىڭ ساڭا بەرگەن جاۋابىنى ماڭا يەتكۈزگىن، ـ دېدى. ئۇ كىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇ سوئالنى سورىدى. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا: شۇنداق، ئاسمان ـ زېمىن بىر ـ بىرىگە تۇتاش بولۇپ، ئاسماندىن يامغۇر ياغمايتتى، زېمىندىن ئوت ـ چۆپلەر ئۈنمەيتتى، الله تائالا زېمىننىڭ ئۈستىدە ياشايدىغان مەخلۇقاتلارنى ياراتقان ۋاقتىدا ئاسماننى يامغۇر ياغىدىغان، زېمىننى ئوت ـ چۆپ ئۈنىدىغان قىلىپ بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھېلىقى كىشى ئىبنى ئۆمەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بەرگەن جاۋابىنى يەتكۈزدى. ئىبنى ئۆمەر مەن ئىبنى ئابباسنىڭ قۇرئان توغرىسىدا ھەققىي ئىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئۇ راست دەپتۇ. (ئاسمان ـ زېمىن) بۇرۇن شۇنداق ئىدى، ـ دېدى. ئۇ يەنە: بۇرۇن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قۇرئانغا قورقماي مەنە ئېيتىشى ماڭا بەك ياقمايتتى، ھازىر ئۇنىڭ قۇرئان توغرىسىدا ھەققىي بىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم، ـ دېدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دېدى: ئاسمان ـ زېمىن بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئاسمان كۆتۈرۈلگەندە، زېمىن ئۇنىڭدىن ئايرىۋېلىندى. مانا بۇ، الله تائالا قۇرئاندا دېگەن ئايرىۋېلىشتۇر.

ھەسەن بىلە قەتادە مۇنداق دېدى: ئاسمان بىلەن زېمىن بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئاندىن الله تائالا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىنى ھاۋا بىلەن ئايرىدى.

**﴿ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار (الله نىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟ يەر تەۋرەپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەمسىز بولماسلىقى ئۈچۈن، بىز زېمىندا تاغلارنى ياراتتۇق، ئۇلارنى (سەپەردە) كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىۋالسۇن دەپ، تاغلاردا كەڭ يوللارنى ياراتتۇق﴾** يەنى پۈتۈن جانلىق نەرسىنىڭ كېلىش مەنبەسى سۇدۇر.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن سېنى كۆرگەن ۋاقتىمدا ھەقىقەتەن خۇش بولۇپ كېتىمەن، سەن ماڭا ھەممە نەرسىنىڭ كېلىش مەنبەسىدىن خەۋەر بەرسەڭ، ـ دېدىم. ئۇ: «ھەممە نەرسە سۇدىن يارىتىلدى» دەپ جاۋاب بەردى. مەن يەنە: مەن قىلسام، جەننەتكە كىرىدىغان بىر ئىشتىن خەۋەر بەرسەڭ، ـ دېدىم. ئۇ: «سالامنى ئومۇملاشتۇرغىن، (ئاجىز ـ پېقىرلارغا) تاماق بەرگىن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا تۇغقاندارچىلىقنى يەتكۈزگىن! كېچىدە (كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتىدا) سەن قوپۇپ ناماز ئوقۇغىن! ئاندىن جەننەتكە سالامەت كىرەلەيسەن» دەپ جاۋاب بەردى.

﴿يەر تەۋرەپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەمسىز بولماسلىقى ئۈچۈن، بىز زېمىندا تاغلارنى ياراتتۇق﴾ يەنى زېمىننىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى سۇ بىلەن ئورىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، زېمىن تەۋرەپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ھايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى بولماي قالماسلىقى ۋە زېمىننىڭ مەخلۇقاتلارنى تەۋرىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، تاغلارنى زېمىننى تۇتۇپ تۇرغۇچى قوزۇق قىلدى. الله تائالا بەندىلىرىنى الله تائالانىڭ ئاسمان ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۆجىزاتلىرىنى كۆرۈشى ئۈچۈن زېمىننىڭ تۆتتىن بىرىنى كۈن نۇرى ۋە ھاۋا بىلەن تولدۇرۇلغان قۇرۇقلۇق قىلدى.

﴿ئۇلارنى (سەپەردە) كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىۋالسۇن دەپ، تاغلاردا كەڭ يوللارنى ياراتتۇق﴾ يەنى بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە، بىر قىتئەدىن يەنە بىر قىتئەگە ئۆتۈش ئۈچۈن تاغلاردا يوللار قىلىندى، تاغلار شەھەرلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر توسالغۇدۇر، ئاندىن الله تائالا كىشىلەرنىڭ بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۆتكىلىشى ئۈچۈن تاغلاردا يوللارنى قىلىپ بەردى.

﴿ئاسماننى بىز بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق﴾ يەنى ئاسمان زېمىننىڭ (شەكلى گۈمبەزگە ئوخشاش بولغان)ئۆگزىسىدۇر.

الله تائالا ئاسماننى بەرپا قىلغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن قۇدرەتلىكمىز﴾[1]، ﴿ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغان زات بىلەن قەسەمكى﴾[2]، ﴿ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟﴾[3] بۇ ئايەتلەردىكى "بەرپا قىلدۇق" دېگەن سۆز ئاسماننى گۈمبەزدەك قىلىپ تىكلىدۇق دېگەنلىكتۇر.

﴿ئاسماننى بىز بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: بىز ئاسماننى ئېگىز ئۆگزە قىلدۇق.

﴿ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاسماندىكى (كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا ئوخشاش الله نىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىن غەپلەتتىدۇر﴾ الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ بۇ بىپايان زېمىن، بۇ ئېگىزلىكتىكى ئاسمان ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان، جىم تۇرىدىغان، الله تائالادىن باشقىسى بىلمەيدىغان، تېز سۈرئەتتە مېڭىپ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە پۈتۈن كائىناتنى ئايلىنىپ چىقالايدىغان كۈننىڭ ئەتراپىدا كېچە ـ كۈندۈز ئايلىنىپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلار ھەققىدە ئويلانمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن غەپلەتتە ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا

(1) زارىيات سۈرىسى 47 ـ ئايەت.
(2) شەمس سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(3) قاف سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

(اللە نىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ﴾[1].

اللە تائالا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بەزى ئالامەتلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**اللە كېچىنى ۋە كۈندۈزنى، كۈننى ھەم ئاينى ياراتتى**﴾ يەنى كېچىنى قاراڭغۇ ۋە تىنچ، كۈندۈزنى يورۇق ۋە كۆڭۈللۈك قىلدى. كېچە بىلەن كۈندۈز ئۇزۇن ـ قىسقىلىقتا ئالمىشىپ تۇرىدۇ، ھەر بىرسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئورنىتىسى ۋە توختىتىلىپ بېرىلگەن ۋاقتى باردۇر. ﴿**ئۇلارنىڭ ھەر بىرى (ئۆزىگە خاس) پەلەكتە سەير قىلىدۇ**﴾ ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: ئۇلار (يىپ چاقىدا چۆرگىلەۋاتقان) موكىدەك چۆرگىلەپ تۇرىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە سۇبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، اللە كېچىنى (سىلەر ئۈچۈن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى﴾[2].

*******

وَمَا جَعَلْنَا لِبَشَرٍ مِّن قَبْلِكَ ٱلْخُلْدَ ۖ أَفَإِيْن مِّتَّ فَهُمُ ٱلْخَٰلِدُونَ ﴿٣٤﴾ كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ ٱلْمَوْتِ ۗ وَنَبْلُوكُم بِٱلشَّرِّ وَٱلْخَيْرِ فِتْنَةً ۖ وَإِلَيْنَا تُرْجَعُونَ ﴿٣٥﴾

(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى (ئىنسانلاردىن) ھېچ كىشىنى مەڭگۈ ياشاتقىنىمىز يوق، سەن ئۆلسەڭ، ئۇلار مەڭگۈ ياشامدۇ؟ (بۇنداق بولۇش ھەرگىزمۇ ئۇلارغا مۇيەسسەر بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ)﴿34﴾. ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنى بىز يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز. سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر (ئەمەللىرىڭلارغا يارىشا جازالايمىز)﴿35﴾.

## ھېچبىر كىشىنىڭ دۇنيادا مەڭگۈ ياشمايدىغانلىقى

﴿**(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى (ئىنسانلاردىن) ھېچ كىشىنى مەڭگۈ ياشاتقىنىمىز يوق**﴾ قۇدرەتلىك اللە تائالا دۇنيادا ئۆزىدىن باشقا ھەممىسىنىڭ يوقىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ. ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ﴾[3].

﴿**سەن ئۆلسەڭ، ئۇلار مەڭگۈ ياشامدۇ؟ (بۇنداق بولۇش ھەرگىزمۇ ئۇلارغا مۇيەسسەر بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ)**﴾ شۇنىڭ ئۈچۈن، اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر**﴾.

(1) يۇسۇف سۈرىسى 105 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 96 ـ ئايەت.
(3) راھمان سۈرىسى 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر.

﴿سىلەرنى بىز يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز﴾ ئاندىن بىز كىمنىڭ ياخشىلىققا شۈكرى ئېيتىدىغانلىقىغا، كىمنىڭ ئۇنىڭدىن تانىدىغانلىقىغا، كىمنىڭ سەۋر قىلىدىغانلىقىغا ۋە كىمنىڭ نائۇمىد بولىدىغانلىقىغا قارايمىز.

﴿سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر (ئەمەللىرىڭلارغا يارىشا جازالايمىز)﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز سىلەرنى قاتتىقچىلىق ۋە كەڭچىلىك، ساقلىق ۋە كېسەللىك، بايلىق ۋە پېقىرلىق، ھالال ۋە ھارام، بويسۇنۇش ۋە بويسۇنماسلىق، توغرا يول ۋە خاتا يوللار بىلەن سىنايمىز. ئاندىن سىلەرنى قىلغان ئىشىڭلارغا قاراپ مۇكاپاتلايمىز ياكى جازالايمىز.

*******

وَإِذَا رَءَاكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِن يَتَّخِذُونَكَ إِلَّا هُزُوًا أَهَٰذَا ٱلَّذِى يَذْكُرُ ءَالِهَتَكُمْ وَهُم بِذِكْرِ ٱلرَّحْمَٰنِ هُمْ كَٰفِرُونَ ﴿٣٦﴾ خُلِقَ ٱلْإِنسَٰنُ مِنْ عَجَلٍ سَأُو۟رِيكُمْ ءَايَٰتِى فَلَا تَسْتَعْجِلُونِ ﴿٣٧﴾

كاپىرلار سېنى كۆرگەن چاغدا: «سىلەرنىڭ مەبۇدلىرىڭلارنى ئەيىبلەيدىغان ئادەم مۇشۇمۇ؟» (دېيىشىپ) سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار مەرھەمەتلىك اللہ تەرىپىدىن نازىل بولغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىشىدۇ﴿36﴾. ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان، سىلەرگە ئالامەتلىرىمنى (يەنى ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالايدىغانلىقىمنى) كۆرسىتىمەن. (ئۇنىڭ ۋاقتى سائىتىدىن بۇرۇن) مېنى ئالدىرىتىپ كەتمەڭلار﴿37﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مازاق قىلغانلىقى

اللہ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿**كاپىرلار سېنى كۆرگەن چاغدا**﴾ يەنى ئەبۇجەھىل ۋە ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرى بولغان قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرى سېنى كۆرگەن چاغدا: ﴿**«سىلەرنىڭ مەبۇدلىرىڭلارنى ئەيىبلەيدىغان ئادەم مۇشۇمۇ؟» (دېيىشىپ) سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ**﴾ يەنى: سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلارنى تىللايدىغان ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلارنى نادانلاردىن ھېسابلايدىغان كىشى بۇ كىشىدۇر، ـ دېيىشىدۇ. ﴿**ھالبۇكى، ئۇلار مەرھەمەتلىك اللہ تەرىپىدىن نازىل بولغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىشىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار اللہ تائالاغا ئىشەنمىگۈچىلەردۇر، شۇنداق تۇرۇپمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مازاق قىلىشىدۇ.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار سېنى كۆرسە پەقەت مەسخىرە قىلىشىپ: «اللہ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن مۇشۇمۇ؟ ئەگەر دىنىمىزدا چىڭ تۇرمىساق (مۇھەممەد) بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالاتتى» (دېدى). كىمنىڭ يولىنىڭ ئەڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئازابنى كۆرگەن چاغدا بىلىدۇ﴾[1].

﴿**ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان**﴾ اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىنسان ئالدىراڭغۇدۇر﴾[2]

(1) فۇرقان سۈرىسى 41 ـ 42 ـ ئايەتلەر.
(2) ئىسرا سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقىنى بايان قىلىشتىكى ھېكمەت شۇكى، ﷲ تائالا يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مازاق قىلغان كاپىرلارنى بايان قىلغاندا، ساھابىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئۇلاردىن تېزلا ئۆچ ئېلىش ئىستىكى كەلگەن ۋە ئۇلار بۇنىڭغا ئالدىراپ كېتىشكەن ئىدى. شۇڭا ﷲ تائالا بۇ يەردە ئىنساننىڭ ئالدىراڭغۇلۇقىنى بايان قىلدى. چۈنكى، ﷲ تائالا زالىملارنى تېزلا جازالىماي، ئۇلارغا بىر مۇددەتكىچە پۇرسەت بېرىپ، جازالايدىغان ۋاقتى كەلگۈچە كېچىكتۈرىدۇ. ۋاقتى كەلگەن ھامان ئۇلارنى دەرھال قاتتىق تۇتىدۇ. ئۇلارنى ھەرگىز ۋاقتى ـ سائىتىدىن ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرگە ئالامەتلىرىمنى (يەنى ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالىيالايدىغانلىقىمنى) كۆرسىتىمەن. (ئۇنىڭ ۋاقتى سائىتىدىن بۇرۇن) مېنى ئالدىرىتىپ كەتمەڭلار**﴾.

*******

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٣٨﴾ لَوْ يَعْلَمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ حِينَ لَا يَكُفُّونَ عَن وُجُوهِهِمُ ٱلنَّارَ وَلَا عَن ظُهُورِهِمْ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ ﴿٣٩﴾ بَلْ تَأْتِيهِم بَغْتَةً فَتَبْهَتُهُمْ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ رَدَّهَا وَلَا هُمْ يُنظَرُونَ ﴿٤٠﴾

ئۇلار: «(سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (يەنى بىزگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنىڭ يۈز بېرىدىغان ۋاقتى) قاچان؟» دېيىشىدۇ﴿38﴾. ئەگەر كاپىرلار ئۇ چاغدا يۈزلىرىدىن، دۈمبىلىرىدىن ئازابنى دەپئى قىلالمايدىغانلىقلىرىنى ۋە ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقلىرىنى بىلسە ئىدى (ئازابنىڭ بالدۇر يۈز بېرىشىنى تەلەپ قىلمايتتى)﴿39﴾. لېكىن قىيامەت ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىدۇ ـ دە، ئۇلارنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ، ئۇلار قىيامەتكە قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ، ئۇلارغا (تەۋبە قىلىۋېلىش ۋە ئۆزرە بايان قىلىش ئۈچۈن) مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ﴿40﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ئازابنىڭ چۈشۈشىگە ئالدىراپ كەتكەنلىكى

ﷲ تائالا مۇشرىكلارنىڭ ئازابنىڭ كېلىشىنى ئىنكار قىلىپ ۋە ئۇنى كەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ، ئەگەر ئازاب كەلمەكچى بولسا، كېلىپ باقسۇن دەپ، ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىشقانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار: «(سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (يەنى بىزگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنىڭ يۈز بېرىدىغان ۋاقتى) قاچان؟» دېيىشىدۇ**﴾.

ﷲ تائالا ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر كاپىرلار ئۇ چاغدا يۈزلىرىدىن، دۈمبىلىرىدىن ئازابنى دەپئى قىلالمايدىغانلىقلىرىنى ۋە ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقلىرىنى بىلسە ئىدى (ئازابنىڭ بالدۇر يۈز بېرىشىنى تەلەپ قىلمايتتى)**﴾ ﷲ ئازابنىڭ ئۇلارنى ئاستىدىن ۋە ئۈستىدىن قورشايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ﴾[1]، ﴿دوزاختا ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىمۇ ئوتتىن، ئۈستىگە يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ ئوتتىن بولىدۇ﴾[2]،

(1) زۇمەر سۈرىسى 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى قارامايدىن بولىدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ﴾[1] **الله** يەنە ئۇلارغا ھېچ قانداق ياردەم كەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنى **الله** نىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى بولمايدۇ﴾[2].

**﴿لېكىن قىيامەت ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىدۇ- دە، ئۇلارنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ﴾** يەنى ئۇلارغا دوزاخنىڭ ئوتى تۇيۇقسىز كېلىدۇ- دە، ئۇلار تېڭىرقاپ، نېمە قىلىشلىرىنى بىلەلمەيلا قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ.

**﴿ئۇلار قىيامەتكە قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ دوزاخنىڭ ئوتىنى ئۆزلىرىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن تەدبىرلىرى يوقتۇر. **﴿ئۇلارغا (تەۋبە قىلىۋېلىش ۋە ئۆزرە بايان قىلىش ئۈچۈن) مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ﴾** يەنى ئازاب ئۇلاردىن كېچىككىنىمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.

* * * * * * *

وَلَقَدِ ٱسۡتُهۡزِئَ بِرُسُلٖ مِّن قَبۡلِكَ فَحَاقَ بِٱلَّذِينَ سَخِرُواْ مِنۡهُم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٤١﴾ قُلۡ مَن
يَكۡلَؤُكُم بِٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ مِنَ ٱلرَّحۡمَٰنِۚ بَلۡ هُمۡ عَن ذِكۡرِ رَبِّهِم مُّعۡرِضُونَ ﴿٤٢﴾ أَمۡ لَهُمۡ ءَالِهَةٞ
تَمۡنَعُهُم مِّن دُونِنَاۚ لَا يَسۡتَطِيعُونَ نَصۡرَ أَنفُسِهِمۡ وَلَا هُم مِّنَّا يُصۡحَبُونَ ﴿٤٣﴾

سەندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر مەسخىرە قىلىندى، ئۇلارنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ جازاسى بولغان ئازاب نازىل بولدى﴿41﴾. (ئى مۇھەممەد! مەسخىرە قىلغۇچىلارغا) «سىلەرنى كېچىدە ۋە كۈندۈزدە مەرھەمەتلىك **الله** نىڭ ئازابىدىن كىم ساقلايدۇ؟» دېگىن. بەلكى ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ كالامىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر﴿42﴾. ئۇلارنىڭ بىزدىن باشقا ئۆزلىرىنى (قوغدايدىغان) مەبۇدلىرى بارمۇ؟ ئۇلارنىڭ (چوقۇنۇۋاتقان) مەبۇدلىرى ئۆزلىرىنى قوغداشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ، بىزنىڭ ياردىمىمىزگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ﴿43﴾.

## ئىلگىرى مازاق قىلىنغان پەيغەمبەرلەردىن ئىبرەت ئېلىش ۋە تەسەللى تېپىش

**الله** تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇشرىكلارنىڭ مازاق قىلىش ۋە ئىشەنمەسلىكىدىن كەلگەن ئەزىيەتتە تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿سەندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر مەسخىرە قىلىندى، ئۇلارنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ جازاسى بولغان ئازاب نازىل بولدى﴾** يەنى چۈشۈشنى يىراق دەپ سانىغان ئازاب ئۇلارغا چۈشتى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېدى: ﴿سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى، ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى، **الله** نىڭ سۆزلىرىنى ھەرقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۈبھىسىزكى،

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 50 ـ ئايەت.
(2) رەئد سۈرىسى 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ساڭا نازىل بولدى﴾[1].

ئاندىن الله تائالا بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ ئۇلارنى كېچىسى ۋە كۈندۈزى ساقلاۋاتقان بۇ نېمىتىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد! مەسخىرە قىلغۇچىلارغا) «سىلەرنى كېچىدە ۋە كۈندۈزدە مەرھەمەتلىك الله نىڭ ئازابىدىن كىم ساقلايدۇ؟» دېگىن. بەلكى ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ كالامىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر**﴾ (ئى مۇھەممەد! كىشىلەرگە:) سىلەرنى كېچىدە ۋە كۈندۈزدە مەرھەمەتلىك الله تائالادىن باشقا كىم ساقلايدۇ؟ ـ دېگىن. بەلكى ئۇلار، الله تائالانىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان نېمەت ۋە ياخشىلىقلىرىنى تونۇماي، ئۇنىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە نېمەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىدۇر. ﴿**ئۇلارنىڭ بىزدىن باشقا ئۆزلىرىنى (قوغدايدىغان) مەبۇدلىرى بارمۇ**﴾ يەنى بىزدىن باشقا ئۇلارنى ساقلايدىغان ئىلاھلىرى بارمۇ؟

ئىش ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ۋە ئويلىغاندەك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنىڭ (چوقۇنۇۋاتقان) مەبۇدلىرى ئۆزلىرىنى قوغداشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ**﴾. ئەۋفىي ئىبنى ئاببas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**بىزنىڭ ياردىمىمىزگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا: ئۇلار بىزگە ھەمراھ بولالمايدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

*******

بَلۡ مَتَّعۡنَا هَٰٓؤُلَآءِ وَءَابَآءَهُمۡ حَتَّىٰ طَالَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡعُمُرُۗ أَفَلَا يَرَوۡنَ أَنَّا نَأۡتِي ٱلۡأَرۡضَ نَنقُصُهَا
مِنۡ أَطۡرَافِهَآۚ أَفَهُمُ ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴿٤٤﴾ قُلۡ إِنَّمَآ أُنذِرُكُم بِٱلۡوَحۡيِۚ وَلَا يَسۡمَعُ ٱلصُّمُّ ٱلدُّعَآءَ إِذَا مَا
يُنذَرُونَ ﴿٤٥﴾ وَلَئِن مَّسَّتۡهُمۡ نَفۡحَةٞ مِّنۡ عَذَابِ رَبِّكَ لَيَقُولُنَّ يَٰوَيۡلَنَآ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٤٦﴾
وَنَضَعُ ٱلۡمَوَٰزِينَ ٱلۡقِسۡطَ لِيَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ فَلَا تُظۡلَمُ نَفۡسٞ شَيۡـٔٗاۖ وَإِن كَانَ مِثۡقَالَ حَبَّةٖ مِّنۡ خَرۡدَلٍ
أَتَيۡنَا بِهَاۗ وَكَفَىٰ بِنَا حَٰسِبِينَ ﴿٤٧﴾

بۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) ۋە ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرىنى (دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىدىن) بەھرىمەن قىلدۇق، ھەتتا (شۇ نېمەت ئىچىدە) ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولدى. ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ ئەتراپىنى (مۇسۇلمانلارغا ئىگەللىتىش بىلەن) قەدەممۇ ـ قەدەم تارايتىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇلار مۇ بىلمەمدۇ؟ (ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن) ئۇلار غالىب ھېسابلىنامدۇ؟ (مەغلۇپ ھېسابلىنامدۇ؟)﴿44﴾. (ئى مۇھەممەد!) «مەن سىلەرنى پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن. گاسلار ئاگاھلاندۇرۇلغان چاغدا دەۋەتنى ئاڭلىمايدۇ (ئى مۇشرىكلار! سىلەر سەركەشلىكڭلارنىڭ قاتتىقلىقىدىن خۇددى گاسقا ئوخشاش دەۋەتنى ئاڭلىمايسىلەر، ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايسىلەر)﴿45﴾. ئەگەر ئۇلار پەرۋەردىگارىڭدىن ئازغىنا ئازاب يەتسىلا، ئۇلار چوقۇم: «ۋاي ئىسىت! (الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ) ھەقىقەتەن (ئۆزىمىزگە) زۇلۇم قىلىپتۇق» دەيدۇ﴿46﴾. قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴿47﴾.

(1) ئەنئام سۈرىسى 34 ـ ئايەت

# مۇشرىكلارنىڭ دۇنيادىن ئۇزۇن ۋاقىت بەھرىمەن بولغانلىقى ئۈچۈن گوللىنىپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇلارغا ھەقىقەتنىڭ بايان قىلىپ قويۇلىدىغانلىقى

الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ ئازغۇنلۇقىغا پېتىپ كېتىشىگە ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ نازۇ ـ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشى ۋە ئۇ نازۇ ـ نېمەتلەرنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت ياشاپ، ئۆزلىرىنى ھەقنىڭ ئۈستىدە دەپ گۇمان قىلىشىنىڭ ئۇلارنى گوللاپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**بۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) ۋە ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرىنى (دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىدىن) بەھرىمەن قىلدۇق، ھەتتا (شۇ نېمەت ئىچىدە) ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولدى**﴾.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ ئەتراپىنى (مۇسۇلمانلارغا ئىگەللىتىش بىلەن) قەدەممۇ ـ قەدەم تارايتىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇلارمۇ بىلمەمدۇ؟**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مەككە ئاھالىسى!) بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنى (كۇفرىدىن) يانسۇن دەپ ئايەتلەرنى تەكرار بايان قىلدۇق﴾[1].

ھەسەنبەسرى: بۇ ئايەتتىن ئىسلام دىنىنىڭ كۇپۇر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. يەنى كاپىرلار الله تائالانىڭ ئۆزىنىڭ يېقىن بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلغانلىقى، بۇرۇنقى ئىشەنمىگەن ئۈممەتلەرنى ۋە ئاھالىسى زالىم شەھەرلەرنى ھالاك قىلىپ، مۆمىن بەندىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىدىن ئىبرەت ئالمامدۇ؟

شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**(ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن) ئۇلار غالىب ھېسابلىنامدۇ؟ (مەغلۇپ ھېسابلىنامدۇ؟)**﴾ بەلكى ئۇلار ئەڭ زىيان تارتقان ۋە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغۇچىلاردۇر.

﴿**(ئى مۇھەممەد!) «مەن سىلەرنى پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن**﴾ يەنى ھەقىقەتەن مەن الله تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، سىلەرنى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. بۇ، الله تائالانىڭ ماڭا ۋەھيى قىلىشى ئارقىلىق بولىدۇ. لېكىن الله تائالا كۆزى، قۇلىقى ۋە دىلىنى پېچەتلىۋەتكەن كىشىگە بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**گاسلار ئاگاھلاندۇرۇلغان چاغدا دەۋەتنى ئاڭلىمايدۇ (ئى مۇشرىكلار! سىلەر سەركەشلىكىڭلارنىڭ قاتتىقلىقىدىن خۇددى گاسقا ئوخشاش دەۋەتنى ئاڭلىمايسىلەر، ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايسىلەر)**﴾.

﴿**ئەگەر ئۇلار پەرۋەردىگارىڭدىن ئازغىنا ئازاب يەتسىلا، ئۇلار چوقۇم: «ۋاي ئىست! (الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ) ھەقىقەتەن (ئۆزىمىزگە) زۇلۇم قىلىپتۇق» دەيدۇ**﴾ يەنى شۇ ئىنكار قىلغۇچىلارغا الله تائالانىڭ ئازابىدىن كىچىككىنە يەتسە، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى ۋە دۇنيادا ئۆزلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۇۋال قىلغانلىقلىرىنى تونۇپ يېتىدۇ.

﴿**قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا**

(1) ئەھقاف سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

بىز يېتەرلىكمىز﴾. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[1]، ﴿الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ﴾[2]، ﴿(لوقمان ئېيتتى) «ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ ئىچىدە ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، الله ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). الله ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[3].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تىلغا يەڭگىل، ئەمما تارازا ـ مىزاندا ئېغىر، الله تائالاغا سۆيۈملۈك ئىككى سۆز بار. ئۇ بولسىمۇ: "سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى سۇبھانەللاھىل ئەزىيم"[4] دۇر».

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر كىشى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەقىقەتەن قۇللىرىم ماڭا ۋاپاسىزلىق، خىيانەت ۋە ئاسىيلىق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇلارنى ئۇرۇپ ـ تىللايمەن. بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنىڭ ساڭا خىيانەت، ئاسىيلىق ۋە ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىدىن، سېنىڭ ئۇلارنى جازالىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ. ئەگەر سېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىغا چۇشلۇق بولسا، (تەڭمۇ تەڭ بولۇپ) ساڭا ياخشىلىق ياكى يامانلىق بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بەرگەن جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىغا قارىغاندا يەڭگىل بولسا، بۇ سەن ئۈچۈن بىر ياخشىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بەرگەن جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىغا قارىغاندا ئېغىر بولسا، قىساس يۈزىسىدىن سېنىڭ ياخشىلىقلىرىڭ ئۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرئاندىكى: **﴿قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾** دېگەن ئايەتنى ئۇ نېمىشقا ئوقۇمايدۇ؟» دېدى. ئاندىن ھېلىقى كىشى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا قۇللىرىمنى ئازاد قىلىۋېتىشتىن باشقا بىر ياخشى يول يوق ئوخشايدۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئازاد بولغانلىقىغا سېنى گۇۋاھچى قىلىمەن، ـ دېدى.

*******

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَىٰ وَهَـٰرُونَ ٱلْفُرْقَانَ وَضِيَآءً وَذِكْرًا لِّلْمُتَّقِينَ ﴿٤٨﴾ ٱلَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم
بِٱلْغَيْبِ وَهُم مِّنَ ٱلسَّاعَةِ مُشْفِقُونَ ﴿٤٩﴾ وَهَـٰذَا ذِكْرٌ مُّبَارَكٌ أَنزَلْنَـٰهُ أَفَأَنتُمْ لَهُۥ مُنكِرُونَ ﴿٥٠﴾

(1) كەھف سۈرىسى 49 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(2) نىسا سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

(3) لوقمان سۈرىسى 16 ـ ئايەت.

(4) بىز الله تائالانى بارلىق كەمچىلىكتىن پاك دەپ بىلىمىز ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز، بىز كاتتا الله تائالانى پاك دەپ ئۇلۇغلايمىز.

بىز ھەقىقەتەن مۇسا بىلەن ھارۇنغا فۇرقاننى (يەنى ھەق بىلەن باتىلنى، ھالال بىلەن ھارامنى، ھىدايەت بىلەن گۇمراھلىقنى ئايرىغۇچى تەۋراتنى)، نۇرنى، تەقۋادارلارغا (پايدىلىنىدىغان) ۋەز ـ نەسىھەتنى بەردۇق﴿48﴾. تەقۋادارلار پەرۋەردىگارىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقىدۇ ھەمدە ئۇلار قىيامەتنىڭ (دەھشىتىدىن) تىترىگۈچىلەردۇر﴿49﴾. بۇ بىز (سىلەرنىڭ تىلىڭلاردا) نازىل قىلغان مۇبارەك قۇرئاندۇر. (ئى ئەرەب جامائەسى! ئۇ شۇنچە روشەن تۇرسىمۇ) سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلامسىلەر؟﴿50﴾

## تەۋرات ۋە قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنغانلىقى

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، الله تائالا كۆپىنچە ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، تەۋرات بىلەن قۇرئاننى بىر يەردە كەلتۈرىدۇ. بۇ يەردىمۇ شۇنداق كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿**بىز ھەقىقەتەن مۇسا بىلەن ھارۇنغا فۇرقاننى (يەنى ھەق بىلەن باتىلنى، ھالال بىلەن ھارامنى، ھىدايەت بىلەن گۇمراھلىقنى ئايرىغۇچى تەۋراتنى)، نۇرنى، تەقۋادارلارغا (پايدىلىنىدىغان) ۋەز ـ نەسىھەتنى بەردۇق**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: بىز ھەقىقەتەن مۇسا بىلەن ھارۇنغا كىتابنى بەردۇق.

ئەبۇسالىھ مۇنداق دېدى: تەۋراتنى بەردۇق. قەتادە مۇنداق دېدى: ھالال بىلەن ھارامنى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيدىغان تەۋراتنى بەردۇق. يۇقىرىقى سۆزلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، ئاسماندىن نازىل قىلىنغان ھەممە كىتاب ھەق بىلەن ناھەق، توغرا يول بىلەن خاتا يول، توغرا بىلەن خاتا، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىپ، دىللارنى نۇرلاندۇرۇپ، توغرا يولغا باشلاپ، خاتا يولدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە تەقۋادار كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەتتۇر.

ئاندىن الله تائالا تەقۋادارلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**تەقۋادارلار پەرۋەردىگارىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقىدۇ ھەمدە ئۇلار قىيامەتنىڭ (دەھشىتىدىن) تىترىگۈچىلەردۇر**﴾ الله تائالا تەقۋادارلارنىڭ الله تائالانى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى مېھرىبان الله نى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقسا ۋە تەۋبە قىلغۇچى قەلب بىلەن كەلسە (ئۇلارغا) «جەننەتكە ئامانلىق بىلەن كىرىڭلار، بۇ مەڭگۈ قېلىش كۈنىدۇر» (دېيىلىدۇ)﴾[1]، ﴿پەرۋەردىگارىدىن كۆرمەي تۇرۇپ قورققانلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ﴾[2].

ئاندىن الله تائالا قۇرئاننى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ بىز (سىلەرنىڭ تىلىڭلاردا) نازىل قىلغان مۇبارەك قۇرئاندۇر**﴾ بۇ، ئالدى ـ كەينىدىن ھېچ قانداق ناھەق يۈزلەنمەيدىغان قۇرئاندۇر ۋە ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ﴿**ئى ئەرەب جامائەسى! ئۇ شۇنچە روشەن تۇرسىمۇ) سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلامسىلەر؟**﴾

* * * * * * *

**﴿وَلَقَدْ ءَاتَيْنَآ إِبْرَٰهِيمَ رُشْدَهُۥ مِن قَبْلُ وَكُنَّا بِهِۦ عَٰلِمِينَ ﴿٥١﴾ إِذْ قَالَ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِۦ مَا هَٰذِهِ ٱلتَّمَاثِيلُ**

(1) قاف سۈرىسى 33 ـ 34 ـ ئايەتلەر.
(2) مۈلك سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

ٱلَّتِىٓ أَنتُمْ لَهَا عَٰكِفُونَ ﴿٥٢﴾ قَالُوا۟ وَجَدْنَآ ءَابَآءَنَا لَهَا عَٰبِدِينَ ﴿٥٣﴾ قَالَ لَقَدْ كُنتُمْ أَنتُمْ وَءَابَآؤُكُمْ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٥٤﴾ قَالُوٓا۟ أَجِئْتَنَا بِٱلْحَقِّ أَمْ أَنتَ مِنَ ٱللَّٰعِبِينَ ﴿٥٥﴾ قَالَ بَل رَّبُّكُمْ رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ٱلَّذِى فَطَرَهُنَّ وَأَنَا۠ عَلَىٰ ذَٰلِكُم مِّنَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٥٦﴾

(مۇسا، ھارۇنلاردىن بۇرۇن) بىز ئىبراھىمغا ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھىدايەت ئاتا قىلغان ئىدۇق، بىز ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەھلى) ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق﴿51﴾. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم (كۇففارلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنى مەنسىتمەي) ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟ (يەنى نېمە ئۈچۈن بۇ بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر؟)» دېدى﴿52﴾. ئۇلار: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز (يەنى ئۇلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا تەقلىد قىلىپ چوقۇنىمىز)» دېدى﴿53﴾. ئىبراھىم: «سىلەرمۇ، ئاتا ـ بوۋاڭلارمۇ (پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان جانسىز بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭلار ئۈچۈن) ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا سىلەر» دېدى﴿54﴾. ئۇلار: «سەن راست دەۋاتامسەن ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟» دېدى﴿55﴾. ئىبراھىم ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، سىلەرنىڭ (ئىبادەت قىلىشىڭلارغا لايىق) پەرۋەردىگارىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇلارنى ئۇ ياراتقان، مەنمۇ ئۇنىڭغا (قەتئىي دەلىللەر بىلەن) گۇۋاھلىق قىلغۇچىلاردىنمەن﴿56﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى

الله تائالا دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقەتنى بۇرۇنلا تونۇتقانلىقىنى، يەنى ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ قەۋمى بىلەن مۇنازىرىلىشىشى ئۈچۈن ھۆججەت ـ پاكىتلارنى بەرگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**(مۇسا، ھارۇنلاردىن بۇرۇن) بىز ئىبراھىمغا ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھىدايەت ئاتا قىلغان ئىدۇق**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز قەۋمىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئىبراھىمغا بەرگەن دەلىلىمىز ئەنە شۇدۇر﴾[1].

﴿**بىز ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەھلى) ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق**﴾ ئىبراھىم بۇ ھۆججەت ـ پاكىتلارغا ئېرىشىشكە لايىق ئىدى.

﴿**ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم (كۇففارلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنى مەنسىتمەي) ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟ (يەنى نېمە ئۈچۈن بۇ بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر؟)» دېدى**﴾ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانى قويۇپ بۇتقا ئىبادەت قىلغان قەۋمىنى ئىنكار قىلىشى ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپ تونۇتۇلغان ھەقتۇر.

﴿**ئۇلار: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز (يەنى ئۇلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا تەقلىد قىلىپ چوقۇنىمىز)» دېدى**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ چوقۇنغانلىقىدىن باشقا ھېچ قانداق باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتەلمىدى، شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

(1) ئەنئام سۈرىسى 83 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿«سىلەرمۇ، ئاتا ـ بوۋاڭلارمۇ (پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان جانسىز بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭلار ئۈچۈن) ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا سىلەر» دېدى﴾**.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى ئەخمەققە چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى ھاقارەتلىگەندە، ئۇلار مۇنداق دېدى: **﴿«سەن راست دەۋاتامسەن ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟»﴾** يەنى سەن بۇ سۆزنى چاقچاق قىلىپ دەۋاتامسەن ياكى راست دەۋاتامسەن. چۈنكى، بىز سېنىڭدىن بۇرۇن ھېچ بىر كىشىدىن بۇنداق سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: **﴿«ئۇنداق ئەمەس، سىلەرنىڭ (ئىبادەت قىلىشىڭلارغا لايىق) پەرۋەردىگارىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇلارنى ئۇ ياراتقان، مەنمۇ ئۇنىڭغا (قەتئىي دەلىللەر بىلەن) گۇۋاھلىق قىلغۇچىلاردىنمەن﴾** يەنى مەنمۇ ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ ۋە پەرۋەردىگارنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن.

*******

وَتَاللَّهِ لَأَكِيدَنَّ أَصْنَامَكُم بَعْدَ أَن تُوَلُّوا مُدْبِرِينَ ﴿٥٧﴾ فَجَعَلَهُمْ جُذَاذًا إِلَّا كَبِيرًا لَّهُمْ لَعَلَّهُمْ إِلَيْهِ
يَرْجِعُونَ ﴿٥٨﴾ قَالُوا مَن فَعَلَ هَٰذَا بِآلِهَتِنَا إِنَّهُ لَمِنَ الظَّالِمِينَ ﴿٥٩﴾ قَالُوا سَمِعْنَا فَتًى يَذْكُرُهُمْ يُقَالُ
لَهُ إِبْرَاهِيمُ ﴿٦٠﴾ قَالُوا فَأْتُوا بِهِ عَلَىٰ أَعْيُنِ النَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَشْهَدُونَ ﴿٦١﴾ قَالُوا أَأَنتَ فَعَلْتَ هَٰذَا بِآلِهَتِنَا
يَا إِبْرَاهِيمُ ﴿٦٢﴾ قَالَ بَلْ فَعَلَهُ كَبِيرُهُمْ هَٰذَا فَاسْأَلُوهُمْ إِن كَانُوا يَنطِقُونَ ﴿٦٣﴾

«اللہ بىلەن قەسەمكى، سىلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم بۇتلىرىڭلارنى (چېقىۋېتىشنىڭ) ئامالىنى قىلىمەن» ﴿57﴾. ئىبراھىم بۇتلارنى چېقىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ (بۇتلارنى كىمنىڭ چاققانلىقىنى سورىشى ئۈچۈن) پەقەت چوڭ بۇتنى (چاقماي) قالدۇردى ﴿58﴾. (ئۇلار بايرىمدىن قايتىپ كېلىپ بۇتلىرىنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ) «بۇتلىرىمىزنى مۇنداق قىلغان كىم؟ ئۇ ھەقىقەتەن زالىم ئىكەن» دېدى ﴿59﴾. (ئۇلارنىڭ بەزىسى) ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق (يەنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن)» دېدى ﴿60﴾. ئۇلار (يەنى نەمرۇد ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرى): «ئىبراھىمنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىڭلار، (ئىبراھىمنىڭ بۇتلارنى ئەيىبلىگەنلىكىگە) ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسۇن» دېدى ﴿61﴾. ئۇلار: «ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟» دېدى ﴿62﴾. (ئىبراھىم: «(ياق) بەلكى ئۇلارنىڭ مۇنۇ چوڭى شۇنداق قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار!» دېدى ﴿63﴾.



## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتلارنى چېقىۋەتكەنلىكى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى چېقىۋەتمەكچى بولۇپ، قەسەم ئىچىپ مۇنداق دېدى: **﴿«اللہ بىلەن قەسەمكى، سىلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم بۇتلىرىڭلارنى (چېقىۋېتىشنىڭ) ئامالىنى قىلىمەن»﴾** يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئۆزلىرىنىڭ بايرىمىغا كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ

بۇتلىرىنى چېقىۋېتىشكە قەسەم ئىچتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۇنىڭ قەسىمىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئەبۇئىسھاق ئەبۇئەھۋەستىن ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بايرامغا مېڭىشقاندا، ئىبراھىمنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا: ھەي ئىبراھىم! بىز بىلەن بىللە بايرامغا بارامسەن؟ ـ دېدى. ئىبراھىم: مەن كېسەل بولۇپ قالدىم، شۇڭلاشقا بارالمايمەن، ـ دەپ مۇنداق قەسەم ئىچتى: ﴿«الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم بۇتلىرىڭلارنى (چېقىۋېتىشنىڭ) ئامالىنى قىلىمەن»﴾ ئۇنىڭ قەسىمىنى (ئۇلارنىڭ) بەزىلىرى ئاڭلاپ قالدى.

**﴿ئىبراھىم بۇتلارنى چېقىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ (بۇتلارنى كىمنىڭ چاققانلىقىنى سورىشى ئۈچۈن) پەقەت چوڭ بۇتنى (چاقماي) قالدۇردى﴾** الله تائالا ئىبراھىمنىڭ بۇتلارنى چاققانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئاندىن ئۇلارغا يۈزلىنىپ ئوڭ قولى بىلەن ئۇرۇپ پاچاقلاشقا كىرىشتى﴾[1].

ئالىملار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ: چوڭ بۇت كىچىك بۇتلارنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئىبادەت قىلىنىشىغا قىزغىنىپ، ئۇلارنى چېقىۋەتكەن ئوخشايدۇ، ـ دەپ ئويلاپ قېلىشى ئۈچۈن، بۇتلارنى چاققان پالتىنى چوڭ بۇتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ قەۋمى بايرام قىلغان جايدىن قايتىپ، بۇتلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىلاھلىق سالاھىيىتى يوق بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئەقىلسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتلارغا قىلغان بۇ ئاھانىتىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: **﴿«بۇتلىرىمىزنى مۇنداق قىلغان كىم؟ ئۇ ھەقىقەتەن زالىم ئىكەن»﴾** ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ: مەن بۇتلارنى چاقىمەن، ـ دەپ ئىچكەن قەسىمىنى ئاڭلاپ قالغانلار: **﴿(ئۇلارنىڭ بەزىسى) ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق (يەنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن)» دېدى﴾**.

**﴿ئۇلار (يەنى نەمرۇد ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرى): «ئىبراھىمنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىڭلار، (ئىبراھىمنىڭ بۇتلارنى ئەيىبلىگەنلىكىگە) ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسۇن» دېدى﴾** مانا بۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۆزلىگەن چوڭ بىر مەقسەتتۇر، ئۇنىڭ مەقسىتى يىغىلغان شۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىگە ھېچ پايدا ـ زىيان كەلتۈرەلمەيدىغان بۇتلاردىن پايدا تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىقىنىڭ نەقەدەر ئەقىلسىزلىق ۋە ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتۇر.

**﴿ئۇلار: «ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟» دېدى. (ئىبراھىم: «(ياق) بەلكى ئۇلارنىڭ مۇنۇ چوڭى شۇنداق قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار!» دېدى﴾** ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇتلارنىڭ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى ۋە بۇتلار جانسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشنى ئۇلارنىڭ قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەرمىكىن دېگەننى كۆزدە تۇتۇپ بۇ سۆزنى قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆمرىدە پەقەت ئۈچ قېتىملا يالغان سۆزلەپ باققان ئىدى. ئۇ ئۈچ قېتىملىق يالغاننىڭ ئىككىسى الله تائالا ئۈچۈن بولغان ئىدى، ئۇ ئىككىسى بولسا ئىبراھىمنىڭ: ﴿«(ياق) بەلكى ئۇلارنىڭ مۇنۇ چوڭى شۇنداق قىلدى﴾ ۋە: ﴿«مەن ھەقىقەتەن كېسەل

(1) سافقات سۈرىسى 93 ـ ئايەت.

بولۇپ قالىمەن»﴾[1] دېگەن سۆزىدۇر. يەنە بىرسى بولسا، سارەنىڭ ھەققىدە قىلغان يالغانچىلىقىدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سارە بىلەن بىر زالىم پادىشاھنىڭ زېمىنىدا كېتىۋېتىپ بىر يەرگە كېلىپ چۈشتى. ھېلىقى زالىمنىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ، ئۇنىڭغا: سېنىڭ زېمىنىڭ تەۋەسىدە بولغان پالانى يەرگە قېشىدا ناھايىتى چىرايلىق ئايال بار بىر كىشى كېلىپ چۈشتى، ـ دەپ خەۋەر قىلدى. زالىم پادىشاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن: سەن بىلەن بىللە كەلگەن ئايال سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبراھىم: ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى، زالىم پادىشاھ: سەن بېرىپ ئۇنى قېشىمغا ئەۋەتىۋەتكىن، ـ دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سارەنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: بۇ زالىم مەندىن سېنى سورىدى، مەن ئۇنىڭغا سېنى مېنىڭ قېرىندىشىم، ـ دېدىم. سەن مېنى ئۇنىڭ ئالدىدا يالغانچى قىلما، سەن ھەقىقەتەن مېنىڭ دىنىي قېرىندىشىم، بۇ يەردە مەن ۋە سەندىن باشقا بىرمۇ مۇسۇلمان يوق دەپ، ئۇنى ئېلىپ ماڭدى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام (سىرتتا) ناماز ئوقۇپ قالدى، سارە زالىمنىڭ قېشىغا كىردى. زالىم ئۇنى كۆرۈپلا ئۇنى تۇتماقچى بولۇپ قول ئۇزارتىۋېدى، قولى قېتىپ قالدى. زالىم سارەگە: سەن الله تائالاغا مەن ئۈچۈن دۇئا قىلغىن، مەن ساڭا چېقىلماي، ـ دېدى. سارە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ قولى ئوڭشالدى. ئاندىن زالىم ئۇنى تۇتماقچى بولۇپ يەنە قول ئۇزارتتى، قولى بۇرۇنقىدەك ياكى ئۇنىڭدىن بەكرەك قېتىپ قالدى (ئاندىن ئۇ سارەگە: ماڭا دۇئا قىلساڭ، ـ دەپ يالۋۇردى. سارە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ قولى يەنە ئوڭشالدى). زالىم بۇ ئىشنى ئۈچىنچى قېتىم قىلدى، بۇ قېتىمدىمۇ ئۇنىڭ قولى قېتىپ قالدى. ئۇ بۇرۇنقى ئىككى قېتىمغا ئوخشاش سارەگە الله تائالاغا دۇئا قىلساڭ، مەن ساڭا چېقىلماي، ـ دەپ يالۋۇردى. سارە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ قولى ئوڭشالدى، ئۇ يېنىدىكى خىزمەتكارىنى چاقىرىپ: ھەقىقەتەن سەن ماڭا ئىنسان ئەمەس، شەيتان ئېلىپ كېلىپسەن، ئۇنى قېشىمدىن چىقىرىۋەت، خىزمىتى ئۈچۈن ھاجەرنى ئۇنىڭغا بەرگىن، ـ دېدى. سارە ھاجەرنى ئېلىپ، زالىمنىڭ قېشىدىن ئىبراھىمنىڭ قېشىغا كەلدى. ئىبراھىم ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى سېزىپ ناماز ئوقۇشتىن توختاپ: ئەھۋالىڭ قانداق؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ: الله تائالا بۇزۇق كاپىرنىڭ سۇيىقەستىدىن مېنى ساقلىدى ۋە خىزمىتىمگە ھاجەرنى ئاتا قىلدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى». مۇھەممەد ئىبنى سىرىن: ئەبۇھۇرەيرە بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن ۋاقتىدا: ئى ئەرەبلەر! ھاجەر سىلەرنىڭ ئاناڭلار دەيتتى، ـ دېدى.

*******

فَرَجَعُوٓاْ إِلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ فَقَالُوٓاْ إِنَّكُمۡ أَنتُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٦٤﴾ ثُمَّ نُكِسُواْ عَلَىٰ رُءُوسِهِمۡ لَقَدۡ عَلِمۡتَ مَا
هَٰٓؤُلَآءِ يَنطِقُونَ ﴿٦٥﴾ قَالَ أَفَتَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُكُمۡ شَيۡـٔٗا وَلَا يَضُرُّكُمۡ
﴿٦٦﴾ أُفّٖ لَّكُمۡ وَلِمَا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٦٧﴾

ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەپ: «(سىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇشتا) ھەقىقەتەن زالىمسىلەر» دېدى﴿64﴾. ئاندىن ئۇلار (خىجالەتچىلىكتىن) باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ: «ئۇلارنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى سەن

---

(1) سافقات سۈرىسى 89 ـ ئايەت.

ئوبدان بىلىسەنغۇ؟» دېدى﴿65﴾. ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەر اللّٰه نى قويۇپ سىلەرگە ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان ۋە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟﴿66﴾. سىلەرگە ۋە اللّٰه نى قويۇپ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا تۇفى! سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟»﴿67﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ بۇتتىن ئىبارەت ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلغانلىقى

اللّٰه تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە يۇقىرىدىكى سۆزنى قىلغان ۋاقتىدا، قەۋمىدە پەيدا بولغان ھالەتتىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەپ: «(سىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇشتا) ھەقىقەتەن زالىمسىلەر» دېدى**﴾ يەنى ئۇلار بىر ـ بىرىگە مالامەت قىلىپ: سىلەر بۇتلارنى ساقلايدىغان ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇرماي، ئۇنى تاشلاپ قويۇشۇڭلاردا ھەقىقەتەن زالىمسىلەر، ـ دېدى.

﴿**ئاندىن ئۇلار (خىجالەتچىلىكتىن) باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ: «ئۇلارنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ؟» دېدى**﴾ قەتادە مۇنداق دېدى: ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ناھايىتى ھەيران بولغان ھالدا مۇنداق دەۋەتتى: ﴿**«ئۇلارنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ؟»**﴾ يەنى سەن ئۇلارنىڭ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، سېنىڭ بىزگە: ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار! ـ دېگىنىڭ نېمىسى؟!

بۇ ۋاقىتتا ﴿**ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەر اللّٰه نى قويۇپ سىلەرگە ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان ۋە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟ سىلەرگە ۋە اللّٰه نى قويۇپ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا تۇفى! سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟»**﴾ يەنى سىلەر ئۆزلىرىڭلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقان، تەرسا، زالىملارغىلا يارىشىدىغان ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىڭلارنى ئويلاپ باقمامسىلەر؟

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا پاكىت كۆرسىتىپ، ئۇلارنى پاكىت ئارقىلىق يەڭدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۆز قەۋمىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئىبراھىمغا بەرگەن دەلىللىرىمىز ئەنە شۇدۇر، خالىغان كىشىمىزنى بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىمىز، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾[1].

*******

قَالُوا۟ حَرِّقُوهُ وَٱنصُرُوٓا۟ ءَالِهَتَكُمْ إِن كُنتُمْ فَٰعِلِينَ ﴿٦٨﴾ قُلْنَا يَٰنَارُ كُونِى بَرْدًا وَسَلَٰمًا عَلَىٰٓ إِبْرَٰهِيمَ ﴿٦٩﴾
وَأَرَادُوا۟ بِهِۦ كَيْدًا فَجَعَلْنَٰهُمُ ٱلْأَخْسَرِينَ ﴿٧٠﴾

ئۇلار ئېيتتى: «ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار، ئەگەر ئۇلارغا ھەقىقىي ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار»﴿68﴾. بىز ئېيتتۇق: «ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق (بەخش

(1) ئەنئام سۈرىسى 83 ـ ئايەت.

ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن» دېدۇق﴿69﴾. ئۇلار ئىبراھىمغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى، بىز ئۇلارنى ئەڭ زىيان تارتقۇچى قىلدۇق﴿70﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتقا تاشلانغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ كۆرسەتكەن مۆجىزىسى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۆزلىرىنىڭ كەلتۈرگەن پاكىتلىرىنىڭ باتىللىقى ئىسپاتلىنىپ، ئاجىزلىقى ئاشكارىلىنىپ، باتىل يوقىلىپ، ھەقىقەت غەلىبە قىلغاندا، ئىبراھىمنى كۈچ بىلەن يېڭىشكە ئۆتۈپ مۇنداق دېدى: ﴿**«ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار، ئەگەر ئۇلارغا ھەقىقىي ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار»**﴾ ئۇلار ناھايىتى جىق ئوتۇن يىغدى.

سۇددى مۇنداق دېدى: ھەتتا كېسەل ياتقان بىر ئايال ئەگەر ساقايسا، ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن ئوتۇن يىغىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. ئۇلار ئوتۇننى چوڭ بىر خەندەككە يىغىپ، ئۇنىڭغا ئوت ياقتى. ئوتۇن كۆيۈپ مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە لاۋۇلداپ تۇرىدىغان ناھايىتى چوڭ بىر ئوت دېڭىزىغا ئايلانغاندا، كۇرد مىللىتىدىن بولغان بىر كىشىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممەنچاناققا سېلىندى.

شۇئەيب جۇبايى بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ھىزەن ئىدى، **الله** تائالا ئۇ كىشىنى يەرگە يۇتقۇزىۋەتتى. ئۇ كىشى قىيامەت كۈنىگىچە يەرنىڭ ئاستىدا ئېسىلىپ قالغان ھالەتتە ئۆرۈلۈپ ـ سوقۇلۇپ يۈرىدۇ. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلىغاندا، ئۇ: "مېنى ساقلاشقا **الله** تائالا يېتەرلىك، **الله** تائالا نېمە دېگەن ياخشى ساقلىغۇچى"[1] دېدى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغان ۋاقتىدا يۇقىرىقى دۇئانى ئوقۇغان ئىدى. كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿«شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار»﴾[2] دېگەن ۋاقىتتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر: ﴿«بىزگە **الله** كۇپايە، **الله** نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!»﴾[3] دېدى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغان ۋاقتىدا، يامغۇرغا مەسئۇل پەرىشتە: مەن قاچانكى يامغۇر ياغدۇرۇشقا بۇيرۇلسام، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا يامغۇر ئەۋەتىمەن، ـ دېدى. لېكىن **الله** تائالانىڭ بۇيرۇقى ئۇنىڭ بۇيرۇقىدىن تېز بولۇپ، **الله** تائالا ئوتقا مۇنداق بۇيرۇق بەردى: ﴿**«ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن»**﴾ يەنى يەر يۈزىدە كىچىككىنىمۇ ئوت قالماي، ھەممىسى ئۆچۈپ كەتتى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن ئەبۇئالىيە مۇنداق دېدى: ئەگەر **الله** تائالا: ﴿**ئامانلىق**

---

(1) ھەسبىيەللاھۇ ۋە نىئمەلۋەكىيل.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 173 ـ ئايەت.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 173 ـ ئايەت.

**(بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن﴾** دېمىگەن بولسا، ئوت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چوقۇم تۇگىلىتىپ قويغان بولاتتى.

قەتادە مۇنداق دېدى: شۇ كۈنى كەلگەن پاتمىچۇقتىن باشقا ھەر بىر جانىۋار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئوتنى ئۆچۈردى. زۆھرى مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاتمىچۇقنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى ۋە ئۇنى (ھايۋانلارنىڭ) ئەڭ ئەسكىسى دەپ ئاتىدى.

**﴿ئۇلار ئىبراھىمغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى، بىز ئۇلارنى ئەڭ زىيان تارتقۇچى قىلدۇق﴾** چۈنكى، ئۇلار **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى. **الله** تائالا ئۇلارنى زىيان تارتقۇزۇپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلار يېڭىلدى.

* * * * * * *

وَنَجَّيْنَـٰهُ وَلُوطًا إِلَى ٱلْأَرْضِ ٱلَّتِى بَـٰرَكْنَا فِيهَا لِلْعَـٰلَمِينَ ﴿٧١﴾ وَوَهَبْنَا لَهُۥٓ إِسْحَـٰقَ وَيَعْقُوبَ نَافِلَةً ۖ
وَكُلًّا جَعَلْنَا صَـٰلِحِينَ ﴿٧٢﴾ وَجَعَلْنَـٰهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا وَأَوْحَيْنَآ إِلَيْهِمْ فِعْلَ ٱلْخَيْرَٰتِ
وَإِقَامَ ٱلصَّلَوٰةِ وَإِيتَآءَ ٱلزَّكَوٰةِ ۖ وَكَانُوا۟ لَنَا عَـٰبِدِينَ ﴿٧٣﴾ وَلُوطًا ءَاتَيْنَـٰهُ حُكْمًا وَعِلْمًا وَنَجَّيْنَـٰهُ
مِنَ ٱلْقَرْيَةِ ٱلَّتِى كَانَت تَّعْمَلُ ٱلْخَبَـٰٓئِثَ ۗ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمَ سَوْءٍ فَـٰسِقِينَ ﴿٧٤﴾ وَأَدْخَلْنَـٰهُ فِى رَحْمَتِنَآ ۖ
إِنَّهُۥ مِنَ ٱلصَّـٰلِحِينَ ﴿٧٥﴾

بىز ئىبراھىم بىلەن لۇتنى قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى بىز ئەھلى جاھان ئۈچۈن بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنغا كۆچۈردۇق﴿71﴾. بىز ئۇنىڭغا (يەنى ئىبراھىمغا) ئىسھاقنى بەردۇق، (ئۇ پەرۋەردىگاردىن سورىمىسىمۇ) يەئقۇبنى ئۇشۇق بەردۇق (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى نەۋرە قىلىپ ياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىۋىدىن زىيادە قىلىپ بەردۇق)، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى ئادەملەر قىلدۇق﴿72﴾. ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشىۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق، ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئۇقۇشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار بىزگە خالىس ئىبادەت قىلاتتى﴿73﴾. لۇتقا پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلدۇق (لۇت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان، ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھىجرەت قىلغان ئىدى)، ئۇنى (ئاھالىسى بەچچىۋازلىق، قاراقچىلىق قاتارلىق) يامان قىلىقلارنى قىلىدىغان شەھەردىن قۇتقۇزدۇق، ھەقىقەتەن ئۇلار يامان، پاسىق قەۋم ئىدى﴿74﴾. بىز ئۇنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، ئۇ ھەقىقەتەن ياخشىلاردىن ئىدى﴿75﴾.



## الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئۆزى بىللەن بىللە ئېلىپ شامغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى

**الله** تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ قەۋمى ياققان ئوتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى ۋە ئۇنى قەۋمىنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ، شام شەھىرىگە، ئاندىن پاك زېمىن بولغان پەلەستىنگە كۆچۈرگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿بىز ئىبراھىم بىلەن لۇتنى قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى بىز**

**ئەھلى جاھان ئۈچۈن بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنغا كۆچۈردۇق﴾**.

﴿**بىز ئۇنىڭغا (يەنى ئىبراھىمغا) ئىسھاقنى بەردۇق، (ئۇ پەرۋەردىگارىدىن سورىمىسىمۇ) يەئقۇبنى ئوشۇق بەردۇق (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى نەۋرە قىلىپ ياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىۋىدىن زىيادە قىلىپ بەردۇق)﴾** ئەتا بىلەن) پىبىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى بەردۇق، يەئقۇبنى (ئۇنىڭ تىلىكىدىن) ئارتۇق بەردۇق.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، قەتادە ۋە ھەكەم ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دېدى: بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى بەردۇق، يەئقۇبنى نەۋرە قىلىپ بەردۇق.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز ئۇنىڭغا (يەنى سارەگە) ئىسھاق (ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴾[1].

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دېدى: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام **الله** تائالادىن: ﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن»﴾[2] دەپ بىر بالا تىلىگەن ئىدى. **الله** تائالا ئۇنىڭغا ئىسھاقنى بەردى ۋە يەئقۇبنى تىلىگىنىدىن ئارتۇق بەردى.

﴿**ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى ئادەملەر قىلدۇق. ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق﴾** شۇنىڭ ئۈچۈن، **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار بىزگە خالىس ئىبادەت قىلاتتى﴾** يەنى ئۇلار باشقىلارنى قىلىشقا بۇيرۇغان شۇ ئىشلارنى ئۆزلىرىمۇ قىلاتتى.

## لۇت ئەلەيھىسسالام

**الله** تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپلا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلدى. لۇت ئازەرنىڭ ئوغلى بولغان ھاراننىڭ ئوغلىدۇر. ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە (شامغا ئاندىن پەلەستىنگە)كۆچتى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿لۇت ئىبراھىمغا ئىمان ئېيتتى. ئىبراھىم ئېيتتى: «مەن چوقۇم پەرۋەردىگارىم تەرىپىگە ھىجرەت قىلىمەن (يەنى **الله** نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش يۈزىسىدىن ۋەتىنىمنى تەرك ئېتىپ، **الله** ئەمر قىلغان جايغا ھىجرەت قىلىپ بارىمەن)﴾[3].

**الله** تائالا ئۇنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**لۇتقا پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلدۇق (لۇت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان، ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھىجرەت قىلغان ئىدى)﴾** **الله** تائالا ئۇنى سەدۇم ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى يەرلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇ

(1) ھۇد سۈرىسى 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سافقات سۈرىسى 100 ـ ئايەت.
(3) ئەنكەبۇت سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەردىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىپ ئىشەنمىدى، ئاندىن ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي يوقىتىپ، لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئۇلاردىن قۇتۇلدۇردى. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇنى (ئاھالىسى بەچچىۋازلىق، قاراقچىلىق قاتارلىق) يامان قىلىقلارنى قىلىدىغان شەھەردىن قۇتقۇزدۇق، ھەقىقەتەن ئۇلار يامان، پاسىق قەۋم ئىدى. بىز ئۇنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، ئۇ ھەقىقەتەن ياخشىلاردىن ئىدى**﴾.

*******

وَنُوحًا إِذْ نَادَىٰ مِن قَبْلُ فَٱسْتَجَبْنَا لَهُۥ فَنَجَّيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥ مِنَ ٱلْكَرْبِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٧٦﴾
وَنَصَرْنَٰهُ مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَآ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمَ سَوْءٍ فَأَغْرَقْنَٰهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٧٧﴾

نۇھنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن) بۇرۇن (قەۋمىگە، پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كۇففارلاردىن بىرىنىمۇ قويمىغىن، دەپ بەددۇئا قىلغان ئىدى)، بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى (ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى) بۈيۈك بالادىن (يەنى توپان بالاسىدا غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزدۇق (يەنى نۇھنى قەۋمىنىڭ شەررىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق)﴿76﴾. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان قەۋمگە قارشى ئۇنىڭغا ياردەم بەردۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن يامان قەۋم ئىدى. ئۇلارنىڭ (بىرىنىمۇ قويماي) ھەممىسىنى غەرق قىلدۇق﴿77﴾.

## نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى

ﷲ تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا: ﴿«ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن»﴾[1]، ﴿«پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن. ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تاپقان بالىلىرىمۇ پەقەت فاجىر، كاپىر بولىدۇ﴾[2] دەپ بەددۇئا قىلغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**نۇھنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن) بۇرۇن (قەۋمىگە، پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كۇففارلاردىن بىرىنىمۇ قويمىغىن، دەپ بەددۇئا قىلغان ئىدى)، بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى (ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى) بۈيۈك بالادىن (يەنى توپان بالاسىدا غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزدۇق (يەنى نۇھنى قەۋمىنىڭ شەررىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق)**﴾.

ﷲ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان ئازغىنا كىشىلەردىن باشقىسىنى ھالاك قىلىۋەتكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(توپان بالاسى توغرىسىدىكى) بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا: «كېمىگە ھايۋاناتلاردىن (ئەركەك چىشى بولۇپ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن، ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن ـ ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنغانلار (يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋائىلە بىلەن ئوغلى كەنئان) بۇنىڭ سىرتىدا ـ ۋە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن كېمىگە چىققىن» دېدۇق، ئۇنىڭ

(1) قەمەر سۈرىسى 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نۇھ سۈرىسى 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر.

بىلەن پەقەت ئازغىنا كىشىلەر ئىمان ئېيتتى﴾[1].

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى الله تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا 950 يىل چاقىردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئازلا بىر قىسمى ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار بالا ـ چاقىلىرىغا ئەسىرمۇ ئەسىر، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت بېرىشكە ۋە قارشى چىقىشقا ۋەسىيەت قىلىشاتتى.

**﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان قەۋمگە قارشى ئۇنىڭغا ياردەم بەردۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن يامان قەۋم ئىدى. ئۇلارنىڭ (بىرىنمۇ قويماي) ھەممىسىنى غەرق قىلدۇق﴾** يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالام (دۇئادا) تىلىگەندەك يەر يۈزىدە ئۇلاردىن بىر كىشىمۇ ھايات قالمىدى.

*******

وَدَاوُۥدَ وَسُلَيۡمَٰنَ إِذۡ يَحۡكُمَانِ فِي ٱلۡحَرۡثِ إِذۡ نَفَشَتۡ فِيهِ غَنَمُ ٱلۡقَوۡمِ وَكُنَّا لِحُكۡمِهِمۡ شَٰهِدِينَ
﴿٧٨﴾ فَفَهَّمۡنَٰهَا سُلَيۡمَٰنَۚ وَكُلًّا ءَاتَيۡنَا حُكۡمٗا وَعِلۡمٗاۚ وَسَخَّرۡنَا مَعَ دَاوُۥدَ ٱلۡجِبَالَ يُسَبِّحۡنَ وَٱلطَّيۡرَۚ
وَكُنَّا فَٰعِلِينَ ﴿٧٩﴾ وَعَلَّمۡنَٰهُ صَنۡعَةَ لَبُوسٖ لَّكُمۡ لِتُحۡصِنَكُم مِّنۢ بَأۡسِكُمۡۖ فَهَلۡ أَنتُمۡ شَٰكِرُونَ
﴿٨٠﴾ وَلِسُلَيۡمَٰنَ ٱلرِّيحَ عَاصِفَةٗ تَجۡرِي بِأَمۡرِهِۦٓ إِلَى ٱلۡأَرۡضِ ٱلَّتِي بَٰرَكۡنَا فِيهَاۚ وَكُنَّا بِكُلِّ شَيۡءٍ عَٰلِمِينَ ﴿٨١﴾
وَمِنَ ٱلشَّيَٰطِينِ مَن يَغُوصُونَ لَهُۥ وَيَعۡمَلُونَ عَمَلٗا دُونَ ذَٰلِكَۖ وَكُنَّا لَهُمۡ حَٰفِظِينَ ﴿٨٢﴾

داۋۇد بىلەن سۇلايماننىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا بىر قەۋمنىڭ قويى كېچىسى زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە)، ئۇ ئىككىسى زىرائەت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە بىز شاھىد ئىدۇق﴿78﴾. قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىز سۇلايمانغا بىلدۈردۇق، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ھېكمەتنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلدۇق، تاغلارنى، قۇشلارنى داۋۇد بىلەن تەسبىھ ئېيتىشقا مۇسەخخەر قىلدۇق، (شۇنداق قىلىشقا) بىز قادىر ئىدۇق﴿79﴾. جەڭلەردە سىلەرنى (ياربدار بولۇشتىن) ساقلاش مەقسىتىدە، داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق، سىلەر (بۇنىڭغا) شۈكۈر قىلامسىلەر؟ (يەنى شۈكۈر قىلىڭلار ۋە نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىڭلار)﴿80﴾. سۇلايمانغا قاتتىق چىقىدىغان شامالنى مۇسەخخەر قىلىپ بەردۇق، شامال سۇلايماننىڭ ئەمرى بويىچە، بىز بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنغا (يەنى شامغا) باراتتى، بىز ھەممىنى بىلگۈچىمىز﴿81﴾. سۇلايمانغا يەنە بىر قىسىم شەيتانلارنى مۇسەخخەر قىلىپ بەردۇق، ئۇلار دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۇنىڭغا ئۈنچە ـ مارجان (گۆھەرلەرنى سۈزۈپ چىقاتتى)، ئۇلار يەنە (شەھەرلەرنى، ئېگىز سارايلارنى سېلىشتەك) باشقا ئىشلارنىمۇ قىلاتتى، بىز ئۇلارنى (سۇلايماننىڭ ئىتائىتىدىن چىقىشتىن) ساقلايتتۇق﴿82﴾.

## داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالاملارغا بېرىلگەن ئالامەتلەر ۋە كېچىسى زىرائەتنى يەپ قويغان قوينىڭ قىسسىسى

**﴿داۋۇد بىلەن سۇلايماننىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا بىر قەۋمنىڭ قويى كېچىسى**

(1) ھۇد سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

**زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە)، ئۇ ئىككىسى زىرائەت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە بىز شاھىد ئىدۇق﴾** ئەبۇ ئىسھاق مۇررەدىن ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ زىرائەت ساپاقلىرى تازا توشقان ئۈزۈملۈك باغ ئىدى. شۇرەيھمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېدى.

ئىبنى جەرىر ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ساپاقلىرىغا توشقان ئۈزۈملۈك باغ ئىدى. قوي ئۇ ئۈزۈملۈكنى چەيلەپ ۋەيران قىلىۋەتتى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام قوينى ئۈزۈملۈكنىڭ ئىگىسىگە بۇيرۇپ بەردى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ـ دەپ ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىگە باشقىچىرەك قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا: قارىشىڭنى دەپ باقمامسەن؟ ـ دېدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئۈزۈملۈك باغ قوينىڭ ئىگىسىگە بېرىلىدۇ، قوينىڭ ئىگىسى ئۇنى بۇرۇنقىدەك ئۆگشاپ بېرىدۇ. قوي ئۈزۈملۈك باغنىڭ ئىگىسىگە بېرىلىدۇ. ئۈزۈملۈك باغنىڭ ئىگىسى باغ بۇرۇنقى ئەسلىگە كېلىپ بولغىچە، ئۇ قويدىن پايدىلىنىپ تۇرىدۇ. كېيىن ئۈزۈملۈك باغمۇ، قويمۇ ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلىدۇ. مانا بۇ، الله تائالانىڭ: **﴿قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىز سۇلايمانغا بىلدۈردۇق﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىدۇر. ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭمۇ بۇ ھەقتە يۇقىرىقىغا ئوخشاش دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئىياس ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ قازى بولۇپ بېرىشى تەلەپ قىلىنغاندا، ئۇنىڭ قېشىغا ھەسەنبەسرى كېلىدۇ. ئۇ ھەسەننى كۆرۈپ يىغلاپ كېتىدۇ. ھەسەن ئۇنىڭدىن: نېمىگە يىغلايسەن؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئۇ: ئى سەئىدنىڭ دادىسى (يەنى ھەسەن)! مەن قازى بولغانلاردىن توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىپ خاتا كەتكەن كىشىنىڭ ۋە ھۆكۈم چىقارغاندا خاھىشىغا ئەگىشىپ كەتكەن كىشىنىڭ دوزاختا بولىدىغانلىقىنى، توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشقان ھەم توغرا ھۆكۈم چىقارغان كىشىنىڭلا جەننەتتە بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم (مەن شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن)، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھەسەن ئۇنىڭغا: ھەقىقەتەن الله تائالانىڭ داۋۇد، سۇلايمان ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھۆكۈم چىقارغانلىقى توغرىسىدىكى بايان قىلغان قىسسىلىرى بۇ سۆزنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. الله تائالا: **﴿داۋۇد بىلەن سۇلايماننىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا بىر قەۋمنىڭ قويى كېچىسى زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە)، ئۇ ئىككىسى زىرائەت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە بىز شاھىد ئىدۇق﴾** دېدى. يەنى الله تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى توغرا ھۆكۈم چىقارغانلىقى ئۈچۈن ماختىدى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھۆكۈمدە خاتا كەتسىمۇ، ئۇنى ھېچقانداق ئەيىبلىمىدى. ھەقىقەتەن الله تائالا كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغانلارغا، ئۇلار مەيلى قازى ياكى باشقا بىرسى بولسۇن، ھۆكۈم چىقارغاندا پۇلغا سېتىلىپ كەتمەسلىك، خاھىشىغا ئەگىشىپ كەتمەسلىك ۋە بىرسىدىن قورقماسلىقتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنىڭ تېپىلىشىنى شەرت قىلدى دەپ، ئاندىن مۇشۇ توغرىسىدا كەلگەن بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدى: ﴿ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ﴾[1]، ﴿(ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار (يەنى پۇل ـ مال، مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار)﴾[2].

(1) ساد سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىككى ئايال بىللە تۇرۇۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ يېنىدا بىردىن بالىسى بار ئىدى. تۇساتتىن بىر بۆرە كېلىپ، ئۇ ئىككى بالىنىڭ بىرسىنى ئېلىپ كەتتى. ئاندىن ئۇ ئىككى ئايال قالغان بالا توغرىسىدا دەۋالىشىپ، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇ بالىنى چوڭ ئايالغا بۇيرۇپ بەردى. ئۇ ئىككى ئايال چىقىپ كېتىۋاتقاندا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى توختىتىپ قولىغا پىچاق ئېلىپ كېلىپلا: مەن ئۇ بالىنى ئىككى پارچە قىلىپ، ئىككىڭلارغا بىر پارچىدىن بۆلۈپ بېرىمەن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، كىچىك ئايال: ﷲ تائالا ساڭا رەھىم قىلسۇن! ئۇنى ئىككى پارچە قىلمىغىن! ئۇ بۇ ئايالنىڭ بالىسى، - دېدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام (بۇ بالىنىڭ ھەقىقىي ئانىسىنىڭ چوڭ ئايال ئەمەس، بەلكى بۇ كىچىك ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىپ) ئۇ بالىنى كىچىك ئايالغا بۇيرۇپ بەردى» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**تاغلارنى، قۇشلارنى داۋۇد بىلەن تەسبىھ ئېيتىشقا مۇسەخخەر قىلدۇق، (شۇنداق قىلىشقا) بىز قادىر ئىدۇق**﴾ بۇ، داۋۇد ئەلەيھىسسالام زەبۇرنى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغان، داۋۇد ئەلەيھىسسالام زەبۇرنى مۇڭلۇق ئوقۇغان ۋاقتىدا، ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلار مەھلىيا بولۇپ بىرگە تەسبىھ ئېيتاتتى. تاغلار ئەكس سادا قايتۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىرايلىق ئاۋازدا قۇرئان ئوقۇۋاتقان ئەبۇمۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ (ئۇنىڭ ئوقۇغان قۇرئانىنى تىڭشاپ تۇرۇپ): «ھەقىقەتەن بۇنىڭغا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن بېرىلىپتۇ» دېدى. ئەبۇمۇسا ئەشئەرى: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر مەن سېنىڭ قىرائىتىمنى تىڭشىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، ئەلۋەتتە، ساڭا تېخىمۇ چىرايلىق قىلىپ ئوقۇپ بېرەتتىم، - دېدى.

﴿**جەڭلەردە سىلەرنى (ياردار بولۇشتىن) ساقلاش مەقسىتىدە، داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق**﴾ قەتادە مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى جەڭلەردە ئىشلىتىدىغان ساۋۇت ھالقىسىز ھالەتتە ئىدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىرىنچى بولۇپ ساۋۇتنى تەكشى ھالقىلىق قىلىپ ياسىغان كىشىدۇر.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن ھەقىقەتەن پەزل (يەنى پەيغەمبەرلىك، زەبۇر، تاغلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ بويسۇنۇشى، تۆمۈرنىڭ يۇمشاق بولۇپ بېرىشى، ساۋۇت ياساشنى بىلدۈرۈشلەر) ئاتا قىلدۇق. «ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار» (دېدۇق). تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق. (بىز ئۇنىڭغا ئېيتتۇق) «مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر - بىرىگە) تەكشى قىلغىن﴾[1].

## سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تەڭداشسىز پادىشاھلىقى

﴿**سۇلايمانغا قاتتىق چىقىدىغان شامالنى مۇسەخخەر قىلىپ بەردۇق، شامال سۇلايماننىڭ ئەمرى بويىچە، بىز بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنغا (يەنى شامغا) باراتتى، بىز ھەممىنى بىلگۈچىمىز**﴾ يەنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ بىر تاختىدىن ياسالغان سېلىنچىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتلار، تۆگىلەر، چېدىرلار، ئەسكەرلەر ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە نەرسىلەر قويۇلاتتى. ئاندىن

(1) سەبەئ سۈرىسى 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر.

سۇلايمان شامالنى بۇيرۇيتتى، شامال بۇ سېلىنچىنى ئۇچۇرۇپ ئۇ خالىغان يەرگە ئاپىراتتى، ئۇچار قۇشلار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى كۈن نۇرىدىن ئاسراش ئۈچۈن سايە تاشلاپ ماڭاتتى.

**ﷲ** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز سۇلايمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. شامال سۇلايماننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى﴾[1]، ﴿سۇلايمانغا شامالنى (بويسۇندۇرۇپ بەردۇق)، شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى﴾[2].

**﴿سۇلايمانغا يەنە بىر قىسىم شەيتانلارنى مۇسەخخەر قىلىپ بەردۇق، ئۇلار دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۇنىڭغا ئۈنچە ـ مارجان (گۆھەرلەرنى سۈزۈپ چىقاتتى)، ئۇلار يەنە (شەھەرلەرنى، ئېگىز سارايلارنى سېلىشتەك) باشقا ئىشلارنىمۇ قىلاتتى﴾** **ﷲ** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ھەممە ئۇنىڭغا (كاتتا بىنالارنى سالالايدىغان) قۇرغۇچى ۋە (دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۈنچە ـ مارجانلارنى ئېلىپ چىقالايدىغان) غەۋۋاس شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. يەنە نۇرغۇن شەيتانلارغا ئىشكەل سېلىنغاندۇر﴾[3] يەنى **ﷲ** تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى شەيتانلارنىڭ زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ساقلايدۇ. ھەممە شەيتانلار ئۇنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ، ئۇلاردىن بىرسىمۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا چېقىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئەكسىچە سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆزى خالىغانچە باشقۇرىدۇ. ئەگەر خالىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن خالىغاننى قويۇپ بېرىپ، خالىغاننى باغلاپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، **ﷲ** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ يەنە نۇرغۇن شەيتانلارغا ئىشكەل سېلىنغاندۇر﴾[4].

*******

﴿ وَأَيُّوبَ إِذْ نَادَىٰ رَبَّهُۥٓ أَنِّي مَسَّنِيَ ٱلضُّرُّ وَأَنتَ أَرْحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٨٣﴾ فَٱسْتَجَبْنَا لَهُۥ فَكَشَفْنَا مَا بِهِۦ مِن ضُرٍّ ۖ وَءَاتَيْنَٰهُ أَهْلَهُۥ وَمِثْلَهُم مَّعَهُمْ رَحْمَةً مِّنْ عِندِنَا وَذِكْرَىٰ لِلْعَٰبِدِينَ ﴿٨٤﴾

(ئەييۇبنىڭ قىسسىسنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن» دەپ دۇئا قىلدى﴿83﴾. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرىۋەتتۇق، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئىبرەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى زىيادە ئاتا قىلدۇق (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ بالا، بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق)﴿84﴾.

## ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

**﴿(ئەييۇبنىڭ قىسسىسنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مېنى بالا**

(1) ساد سۈرىسى 36 ـ ئايەت.
(2) سەبەئ سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ساد سۈرىسى 37 ـ 38 ـ ئايەتلەر.
(4) ساد سۈرىسى 38 ـ ئايەت.

**(يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن» دەپ دۇئا قىلدى﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ مال - مۈلكىگە، بالا - چاقىلىرىغا ۋە ئۆزىگە كەلگەن سىناقلارنى بايان قىلىدۇ. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قوي، كالا، ئات، تۆگە ۋە زىرائەت بولۇپ نۇرغۇنلىغان مال - مۈلكى ۋە ئېسىل ئۆي - زېمىنلىرى بار ئىدى. بالا - چاقىلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ سىنالدى. ئاخىرى سىناق ئۇنىڭ بەدىنىدە باشلاندى. ئۇ شەھەردىن ئايرىلىپ بىر چەت يەرگە كەتتى، كىشىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ئايالىدىن باشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر كىشىمۇ قالمىدى. رىۋايەتلەردە: ئايالى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى بېقىش ئۈچۈن كىشىلەرگە خىزمەتكار بولۇپ ئىشلىدى، - دېيىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ قاتتىق سىنىلىدىغانلار پەيغەمبەرلەردۇر، ئاندىن قالسا، سالىھ تەقۋادار كىشىلەردۇر. ئاندىن قالسا، ياخشى كىشىلەردۇر. ئاندىن قالسا، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك تۇرىدىغان ياخشى كىشىلەردۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېدى: «بىر كىشى ئىمانىغا قاراپ سىنىلىدۇ، ئىمانى كۈچلۈك بولسا، سىناق چوڭ بولىدۇ». ئەييۇب ئەلەيھىسسالام سەۋر قىلىشتا ئەڭ چېكىگە يەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن مىسال قىلىندى.

يەزىد ئىبنى مەيسەرە مۇنداق دېدى: الله تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بالا - چاقىلىرى ۋە مال - مۈلكىدىن بىرنىمۇ قويماي (ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىپ) سىنىغان ۋاقتىدا، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام الله تائالانى ناھايىتى كۆپ ياد ئېتىپ: ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى! مەن ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، سەن ماڭا ياخشى نېمەتلەرنى بەردىڭ، مال - مۈلۈك ۋە بالا - چاقىلارنى بەردىڭ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى قەلبىمنىڭ كىچىككىنىمۇ يېرىنى قويماي، ھەممە يېرىگە ئورنىشىپ كەتكەن ئىدى. سەن ئۇنىڭ بىرنىمۇ قويماي ئېلىپ كېتىپ دىلىمنى (مال - دۇنيا ۋە خوتۇن - بالىلىرىمنىڭ مېھرىدىن) بوش قىلىپ قويدۇڭ. شۇنىڭ بىلەن، ھازىر سەن بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمدا ھېچ توسالغۇ قالمىدى. ئەگەر دۈشمىنىم بولغان ئىبلىس سېنىڭ ماڭا قىلغان بۇ ئىشىڭنى بىلسە، ماڭا چوقۇم ھەسەت قىلغان بولاتتى، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىبلىس ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ، الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەنلا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ناھايىتى بىئارام بولدى.

يەزىد ئىبنى مەيسەرە يەنە مۇنداق دېدى: ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن سەن ماڭا مال - مۈلۈك ۋە بالا - چاقىلارنى بەردىڭ، تا ھازىرغىچە مېنىڭ ئىشىكىم ئالدىغا بىرەر كىشى كېلىپ: سەن ماڭا مۇنداق زۇلۇم قىلغان، - دەپ باققىنى يوق. سەن بۇلارنى ياخشى بىلىسەن، ماڭا ياتقىلى ئورۇن تەييارلاپ بېرىلسە، ئۇنى تاشلايتتىم - دە، ئۆزەمگە: ھەي ئەييۇب! سەن بۇ ئورۇندا يېتىش ئۈچۈن يارىتىلمىغان دەيتتىم. مېنىڭ ئورۇننى تاشلاپ، ئۇنىڭدا ياتماسلىقىم پەقەت سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئىزدەش ئۈچۈن ئىدى، - دېدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى ساقايتقان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا ئالتۇندىن بولغان چېكەتكىلەرنى چۈشۈرۈپ بەردى. ئۇ چېكەتكىلەرنى كىيىملىرىنىڭ ئىچىگە سېلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭغا: ئى ئەييۇب! تويمىدىڭمۇ؟ - دېيىلدى. ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ رەھمىتىڭگە كىممۇ تويىدۇ، - دېدى.»

**﴿ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئىبرەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى زىيادە ئاتا قىلدۇق (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ بالا، بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق)﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى: ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا بالا - چاقىلىرىنىڭ ئۆزى قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئەۋفىيمۇ ھەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى مەسئۇد، مۇجاھىد، ھەسەن ۋە قەتادە قاتارلىقلارنىڭمۇ بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئوخشاش دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى.

مۇجاھىد يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېدى: ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا: ئى ئەييۇب! سېنىڭ بالا - چاقىلىرىڭ ھازىر جەننەتتە، ئەگەر خالىساڭ، بىز ئۇلارنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمىز. خالىساڭ، ئۇلارنى جەننەتتە ساڭا ساقلاپ قويىمىز. ئۇلارنىڭ ئورنىغا ساڭا ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى بېرىمىز، - دېيىلدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: ئۇلارنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرمەي، جەننەتتە مەن ئۈچۈن ساقلاپ قويغىن، - دېدى. اللّٰه تائالا ئۇلارنى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن جەننەتتە قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا (دۇنيادا) ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى بەردى.

اللّٰه تائالا بۇلارنى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن، شۇنداقلا اللّٰه تائالانىڭ خاھىشىچە ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇسىبەتلەر يېتىدىغان بەندىلەرنىڭ سەۋر قىلىشىدا ئۇنى ئۆرنەك قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ: بۇ مۇسىبەتلەرنىڭ بىزگە يېتىشى اللّٰه تائالانىڭ بىزنى خار كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بېرىلگەن ئوخشايدۇ، - دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى شۇنداق قىلدى. اللّٰه تائالانىڭ بۇنداق قىلىشىدا چوڭ بىر ھېكمەت باردۇر.

*******

وَإِسْمَـٰعِيلَ وَإِدْرِيسَ وَذَا ٱلْكِفْلِ ۖ كُلٌّ مِّنَ ٱلصَّـٰبِرِينَ ﴿٨٥﴾ وَأَدْخَلْنَـٰهُمْ فِى رَحْمَتِنَآ ۖ إِنَّهُم
مِّنَ ٱلصَّـٰلِحِينَ ﴿٨٦﴾

ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفللارنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى سەۋرلىك ئىدى (يەنى اللّٰه غا ئىبادەت قىلىشتا چىدامىلىق ئىدى ۋە گۇناھلار ئالدىدا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالاتتى)﴿85﴾. ئۇلارنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن ياخشىلاردىن ئىدى﴿86﴾.



## ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفللارنىڭ قىسسىسى

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بولسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسىدۇر. بۇنىڭ قىسسىسى مەريەم سۈرىسىدە سۆزلىنىپ بولدى، شۇنىڭدەك ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىمۇ سۆزلىنىپ بولدى، ئەمما زۇلكىفلنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەر بىلەن بىر يەردە كەلگەنلىكىگە قارىغاندا بۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. بەزى ئالىملار: زۇلكىفل (پەيغەمبەر ئەمەس) ياخشى، تەقۋادار ۋە ئادىل بىر پادىشاھ ئىدى، - دېدى.

*******

وَذَا ٱلنُّونِ إِذ ذَّهَبَ مُغَٰضِبًا فَظَنَّ أَن لَّن نَّقۡدِرَ عَلَيۡهِ فَنَادَىٰ فِي ٱلظُّلُمَٰتِ أَن لَّآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنتَ
سُبۡحَٰنَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٧﴾ فَٱسۡتَجَبۡنَا لَهُۥ وَنَجَّيۡنَٰهُ مِنَ ٱلۡغَمِّۚ وَكَذَٰلِكَ
نُـۨجِي ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٨٨﴾

يۇنۇسنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن) ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) خاپا بولۇپ (شەھىرىدىن) چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىزنى (بېلىقنىڭ قارنىدا) ئۆزىنى قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى، ئۇ قاراڭغۇلۇقتا (يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا): «(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى﴿87﴾. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز﴿88﴾.

## يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا

بۇ قىسسە بىر نەچچە سۈرىلەردە سۆزلەنگەن بولۇپ، اللە تائالا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى (ئىراقنىڭ "مۇسۇل" دېگەن يەرنىڭ "نىنۋا" كەنتىدىكى كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى اللە تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىردى. ئۇلار ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئۇنىماي ئۆزلىرىنىڭ كۇپۇرلىقىدا داۋاملىشىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ خاپا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتكۈچە، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇلارغا بىر ئازابنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ يالغان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئازابنىڭ ئۆزلىرىگە چوقۇم كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى ـ دە، ئۆزلىرىنىڭ باللىرىنى، تۆگە ۋە كالىلىرىنى، قوي ۋە ئۆچكىلىرىنى ئېلىپ چۆل ـ باياۋانغا چىقىپ، ئانىلار بىلەن باللارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىپ، اللە تائالاغا دۇئا قىلىپ يىغلىدى. تۆگە، كالا ۋە قويلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بوتىلاق، موزايلىرى ۋە پاقلانلىرى بىلەن مۆرەپ ـ مەرىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، اللە تائالا ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتتى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ھالاك بولغان شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە) يۇنۇس قەۋمىدىن باشقىسىغا (ئازابنىڭ ئالامىتىنى كۆرۈپ) ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق، يۇنۇس قەۋمى ئىمان ئېيتقاندا، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر دۇنيادىكى شەيئىلەردىن) بەھرىمەن قىلدۇق﴾[1].

ئەمما يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئادەملىرىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بېرىپ بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن كېمىگە چىقىدۇ ـ دە، كېمە ئۇلارنى تەۋرىتىشكە باشلايدۇ. ئۇلار دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، كېمىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن چەك تاشلاپ، چەك چىققان كىشىنى

(1) يۇنۇس سۈرىسى 98 ـ ئايەت.

دېڭىزغا تاشلىماقچى بولىدۇ. چەك يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقىدۇ، ئۇلار يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى (دېڭىزغا) تاشلىۋېتىشكە رازى بولماي، چەكنى قايتا ـ قايتا بىر نەچچە قېتىم تاشلىسىمۇ، چەك ھەر قېتىمدا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغىلا چىقىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى : ﴿**كېمىدىكىلەر چەك چىققان ئادەمنى دېڭىزغا تاشلاپ كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن) چەك تاشلاشتى، يۇنۇس (چەكتە) مەغلۇب بولغانلاردىن بولۇپ (دېڭىزغا تاشلاندى**﴾ شۇنىڭ بىلەن ، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام كېيىملىرىنى سېلىپ ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلايدۇ.

ئىبنى مەسئۇدنىڭ قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ كەلدى: **الله** تائالا يېشىل دېڭىزدىن چوڭ بىر بېلىقنى ئەۋەتىدۇ. بېلىق دېڭىزنى يېرىپ ئۈزۈپ يېتىپ كېلىدۇ ـ دە، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆزى دېڭىزغا تاشلىغان ھامان ئۇنى يۇتۇۋالىدۇ. **الله** تائالا ئۇ بېلىققا: «يۇنۇسنىڭ گۆشىنى يېمە، ئۇنىڭ سۆڭىكىنى سۇندۇرۇۋەتمە، يۇنۇس سېنىڭ رىزقىڭ ئەمەس، قورسىقىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەتلا بىر تۈرمىدۇر» دەيدۇ.

﴿**يۇنۇسنىڭ (قىسسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) خاپا بولۇپ (شەھىرىدىن) چىقىپ كەتكەن ئىدى**﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلاردىن خاپا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. ﴿**ئۇ بىزنى (بېلىقنىڭ قارنىدا) ئۆزىنى قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، زەھھاك ۋە باشقىلاردىنمۇ يۇقىرىغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىندى.

ئىبنى جەرىر بۇ مەنىنى ئەڭ توغرا دەپ قارىدى. ﴿**ئۇ قاراڭغۇلۇقتا (يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا): «(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى**﴾. ئىبنى مەسئۇد بۇ قاراڭغۇلۇق بولسا، بېلىقنىڭ قورسىقىنىڭ (ئىچىنىڭ)، دېڭىزنىڭ ۋە كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدۇر، ـ دېدى.

ئىبنى ئابباس، ئەمرى مەيمۇن، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇھەممەد ئىبنى كەئب، زەھھاك، ھەسەن ۋە قەتادەلەردىنمۇ ئىبنى مەسئۇدنىڭ رىۋايىتىدەك رىۋايەت بايان قىلىندى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سالىم ئىبنى ئەبۇجەئىد مۇنداق دېدى: ئۇ قاراڭغۇلۇق بولسا دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقىنىڭ ئىچىدىكى بېلىقنىڭ قورسىقىدىكى يەنە بىر بېلىقنىڭ قورسىقىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدۇر.

ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار مۇنداق دېدى: بېلىق يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى دېڭىزنىڭ ئەڭ تېگىگە ئېلىپ بارىدۇ، ئۇ دېڭىزنىڭ تېگىدىكى ئۇششاق شېغىل تاشلارنىڭ (**الله** غا) تەسبىھ ئېيتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ ـ دە، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»**﴾.

ئەۋفىي ئەئرابىي مۇنداق دەيدۇ: يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى بېلىقنىڭ قورسىقىدا ئۆلدۈم، دەپ ئويلايدۇ. ئاندىن ئاستا پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ باقىدۇ. پۇتى مىدىرلىغاندىن كېيىن ئورنىدا تۇرۇپلا **الله** تائالاغا سەجدە قىلىپ تۇرۇپ: ئى پەرۋەردىگارىم! ھېچ بىر كىشى كېلىپ باقمايدىغان بىر يەردە ساڭا

سەجەد قىلدىم، ـ دەيدۇ.

**﴿ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق﴾** يەنى: بىز ئۇنى بېلىقنىڭ قورسىقىدىن ۋە بېلىقى قاراڭغۇلۇقلاردىن قۇتۇلدۇردۇق.

**﴿شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى (ئېغىر چىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز﴾** يەنى ئۇلارغا مۇسىبەت كەلگەندە، ئۇلار گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ بىزگە دۇئا قىلسا، بولۇپمۇ: **﴿پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم﴾** دەپ دۇئا قىلسا بىز ئۇلارنى (ئۇلارغا كەلگەن) مۇسىبەتتىن قۇتۇلدۇرىمىز.

پەيغەمبەرلەرنىڭ كاتتىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (دۇئا قىلغاندا) مۇشۇ دۇئانى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى.

ئىمام ئەھمەد سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسچىتتە ئولتۇرغان ئىكەن، مەن ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سالام قىلدىم. ئوسمان ماڭا زەن سېلىپ قارىدى، ئەمما سالىمىمنى قايتۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! ئىسلامدا يېڭى بىر ئىش پەيدا بولدىمۇ؟ ـ دەپ ئىككى قېتىم سورىدىم. ئۆمەر: ياق، نېمە ئىش بولدى؟ ـ دېدى. مەن: ھېچ ئىشقۇ بولمىدى، لېكىن بايا مەن مەسچىتتە ئوسماننىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سالام قىلسام، ئوسمان ماڭا ئوبدان بىر زەن سېلىپ قارىدى. ئەمما سالىمىمنى ئىلىك ئالمىدى، ـ دېدىم.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئوسماننى چاقىرتىپ كېلىپ: سېنىڭ بۇ قېرىندىشىڭنىڭ سالىمىنى قايتۇرماسلىقىڭغا نېمە توسالغۇ بولدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئوسمان: مەن ئۇنىڭ سالىمىنى قايتۇرمىغان يېرىم يوق، ـ دېدى. مەن: شۇنداق قىلدىڭ، ـ دېدىم. ھەتتا بىز قەسەم ئىچىشتۇق. كېيىن ئوسمان ئېسىگە ئېلىپ: بەلكى شۇنداق بولغاندۇ. مەن **الله** تائالادىن گۇناھىمنى كەچۈرۈشنى تىلەيمەن ۋە **الله** تائالاغا تەۋبە قىلىمەن. سەن بايام قېشىمدىن ئۆتكەندە، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بىر سۆزنى ئويلاپ ئولتۇراتتىم. **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇ سۆزنى ئويلاپ تولۇق ئېسىمگە ئېلىپ بولغۇچە كۆزۈم (بىر نېمىنى) كۆرمەس، دىلىم (بىر كىشىنى) تونۇماس بولۇپ قالدى. مەن ئۇ سۆزنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىر كۈنى) بىزگە تۇنجى دۇئا ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، يېزىلىق بىر ئەرەب كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىگە كاشىلا قىلدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوپۇپ (ئۆيىگە) ماڭدى، مەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىشىۋالغىچە، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، پۇتۇمنى يەرگە قاتتىق ئۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قاراپ: «كىم سەن؟ ھە، ئىسهاقنىڭ دادىسىمۇ» (يەنى سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاسمۇ؟) دېدى. مەن: ھە، ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولدى، توختاپ قالغىن» دېدى. مەن: **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن بىزگە تۇنجى دۇئا ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتقان ئىدىڭ، سەھرالىق بۇ ئەرەب كېلىپ، سېنىڭ سۆزلىشىڭگە كاشىلا قىلدى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، ئۇ دۇئا بولسا، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىقنىڭ قورسىقىدا قىلغان: ﴿پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن

(جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم﴾[1] دېگەن دۇئادۇر. ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان بۇ دۇئا بىلەن بىرەر ئىش توغرىسىدا الله تائالاغا دۇئا قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ» دېدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم سەئىددىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قىلغان بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلسا، دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ».

ئەبۇسەئىد مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى بىلەن الله تائالانىڭ: **﴿شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز﴾** دېگەن ئايىتىنى كۆزدە تۇتقان.

وَزَكَرِيَّآ إِذْ نَادَىٰ رَبَّهُۥ رَبِّ لَا تَذَرْنِى فَرْدًا وَأَنتَ خَيْرُ ٱلْوَٰرِثِينَ ﴿٨٩﴾ فَٱسْتَجَبْنَا لَهُۥ وَوَهَبْنَا لَهُۥ يَحْيَىٰ وَأَصْلَحْنَا لَهُۥ زَوْجَهُۥٓ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ يُسَٰرِعُونَ فِى ٱلْخَيْرَٰتِ وَيَدْعُونَنَا رَغَبًا وَرَهَبًا ۖ وَكَانُوا۟ لَنَا خَٰشِعِينَ ﴿٩٠﴾

زەكەرىيانىڭ (قىسسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىساڭ، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن (يەنى ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، سەنلا باقىي قالىسەن)» دەپ نىدا قىلدى﴿89﴾. بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا خوتۇنىنى ئۆزگەرتىپ بەردۇق (يەنى تۇغىدىغان قىلىپ بەردۇق). (يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىمىز) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى﴿90﴾.

## زەكەرىيا ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىلىرى

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى مەريەم سۈرىسىنىڭ بېشىدا ۋە ئال ئىمران سۈرىسىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى. بۇ سۈرىدە بولسا، الله تائالا بەندىسى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالادىن ئۆزىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان بىر بالا تىلىگەنلىكى ھەققىدىكى قىسسىسىنى قىسقىلا بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿زەكەرىيانىڭ (قىسسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىساڭ﴾** يەنى مېنى كىشىلەرگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرىدىغان ۋارىستىن قۇرۇق قويمىساڭ.

**﴿سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن (يەنى ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، سەنلا باقىي قالىسەن)» دەپ نىدا قىلدى﴾** بۇ مەدھىيە (زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ) يۇقىرىدىكى ۋارىس بولىدىغان بالا تىلىگەن دۇئاسىغا بەك مۇناسىپ كەلگەن مەدھىيەدۇر.

**﴿بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا خوتۇنىنى ئۆزگەرتىپ بەردۇق﴾** ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە

(1) لائىلاھە ئىللا ئەنتە سۇبھانەكە ئىننى كۇنتۇ مىنەززالىمىين.

مۇنداق دېدى: (زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئايالى تۇغماس ئىدى، تۇغىدىغان بولدى.

**﴿(يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىمىز) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى﴾** سەۋرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەرلەر رەھمىتىمىزگە قىزىقىپ ۋە ئازابىمىزدىن قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى.

**﴿بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەرلەر الله تائالانىڭ چۈشۈرگەن كىتابلىرىغا ئىشىنەتتى.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەرلەر ھەقىقىي مۆمىنلەر ئىدى. ئەبۇئالىيە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەرلەر الله تائالادىن قورقاتتى. ئەبۇسىنان مۇنداق دېدى: ئۇلارنىڭ دىللىرىدىن الله تائالادىن قورقۇش ھېچ ئايرىلىپ قالمايتتى.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەرلەر كەمتەر ئىدى. ھەسەن، قەتادە ۋە زەھھاك قاتارلىقلار بولسا: پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنى الله تائالانىڭ ئالدىدا ناھايىتى تۆۋەن تۇتاتتى، ـ دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە دېيىلگەن سۆز ۋە كۆز قاراشلار مەزمۇن جەھەتتە بىر ـ بىرىگە يېقىندۇر.

* * * * * * *

وَٱلَّتِيٓ أَحۡصَنَتۡ فَرۡجَهَا فَنَفَخۡنَا فِيهَا مِن رُّوحِنَا وَجَعَلۡنَٰهَا وَٱبۡنَهَآ ءَايَةٗ لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿٩١﴾

نومۇسىنى ساقلىغان ئايالنىڭ (يەنى مەريەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۇنىڭغا (يەنى كىيىمىنىڭ ئىچىگە) بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (پۈۋلەنگەن روھ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇ ئىساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇنى ۋە ئوغلىنى (يەنى ئىسا بىلەن مەريەمنى) ئەھلى جاھان ئۈچۈن (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل قىلدۇق﴿91﴾.

## راستچىل ئايال ھەزرىتى مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

الله تائالا مەريەم ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى خۇددى باشقا يەردە كەلتۈرگەندەك، بۇ يەردىمۇ زەكەرىيا ۋە ئوغلى يەھيا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىسى بىلەن بىر يەردە كەلتۈردى. الله تائالا بۇ ئايەتنىڭ بېشىدا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى، كەينىدىن ھەزرىتى مەريەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلدى. چۈنكى، بۇ ئىككى قىسسىنىڭ بىرى يەنە بىرىگە مۇناسىۋەت جەھەتتە ناھايىتى يېقىن بولۇپ، (الله تائالا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە) ياشىنىپ قالغان بىر ئادەم بىلەن ياش ۋاقتىدا تۇغمىغان (تۇغماس) قېرى بىر مومايدىن بالا ياراتقانلىقىنى، ئاندىن كېيىن ھەزرىتى مەريەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىدۇ.

ھەزرىتى مەريەمنىڭ قىسسىسى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىنمۇ ھەيران قالارلىقتۇر. چۈنكى، الله تائالا بۇ قىسسىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرگە تەگمىگەن ئايالدىن تۇغۇلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئىككى قىسسە ئال ئىمران، مەريەم ۋە بۇ سۈرىدە بولۇپ ئۈچ ئورۇندا بىر يەردە كەلدى.

الله تائالا بۇ يەردە ھەزرىتى مەريەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**نومۇسىنى ساقلىغان ئايالنىڭ (يەنى مەريەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۇنىڭغا (يەنى كىيىمىنىڭ ئىچىگە) بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (پۈۋلەنگەن روھ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇ ئىساغا ھامىلدار بولدى**﴾ الله تائالا بۇ قىسسىنى تەھرىم سۈرىسىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿ھەمدە ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ نومۇسىنى ساقلىدى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىساغا ھامىلدار بولدى﴾[1].

﴿**ئۇنى ۋە ئوغلىنى (يەنى ئىسا بىلەن مەريەمنى) ئەھلى جاھان ئۈچۈن (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل قىلدۇق**﴾ الله تائالانىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئەرگە تەگمىگەن ئايالدىن يارىتىشى ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىگە قۇدرىتىنىڭ يېتىدىغانلىقى ۋە (بىر نەرسە ياراتماقچى بولسا) ﴿**ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل»**﴾ دېيىش بىلەن خالىغىنىنى يارىتىدىغانلىقىغا پاكىت قىلىش ئۈچۈندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل قىلدۇق﴾[2].

*******

إِنَّ هَٰذِهِۦٓ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَٰحِدَةً وَأَنَا۠ رَبُّكُمْ فَٱعْبُدُونِ ﴿٩٢﴾ وَتَقَطَّعُوٓا۟ أَمْرَهُم بَيْنَهُمْ ۖ كُلٌّ إِلَيْنَا رَٰجِعُونَ ﴿٩٣﴾ فَمَن يَعْمَلْ مِنَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَا كُفْرَانَ لِسَعْيِهِۦ وَإِنَّا لَهُۥ كَٰتِبُونَ ﴿٩٤﴾

(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار﴿92﴾. ئۇلار (دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ) پىرقە ـ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى، ھەممىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتقۇچىلاردۇر﴿93﴾. كىمكى مۆمىن بولۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ (ساۋابى) زايا كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىنى (يەنى نامە ـ ئەمالىنى) چوقۇم خاتىرىلەپ قويىمىز﴿94﴾.

## ھەممە ئىنسانلارنىڭ بىر ئۈممەت ئىكەنلىكى

الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، قەتادە ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ دىنىڭلار بىردۇر.

ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىسانلارغا

(1) تەھرىم سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مەريەم سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(ئۇلارنىڭ) نېمىنى قىلىپ، نېمىنى قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى (يەنى: ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەرلەر سىلەرگە ئوخشاشمىغان شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئېلىپ كەلسىمۇ، لېكىن، بۇ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ مەقسىتى بىردۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئىبادەتنى ھېچ شېرىكى يوق بىر الله غىلا قىلىشتۇر).

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن (ئى پەيغەمبەرلەر جامائەسى!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، (مېنىڭ ئازابىمدىن) قورقۇڭلار﴾[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇرۇھى ئانىلىرىمىز باشقا - باشقا، ئەمما بىر ئاتىنىڭ باللىرىدۇرمىز، بىزنىڭ دىنىمىز بىردۇر» يەنى بىز پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت ھۆكۈملىرى باشقا - باشقا بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى بىردۇر.

الله تائالا ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ باشقا - باشقا ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق﴾[2].

﴿ئۇلار (دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ) پىرقە - پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى﴾ يەنى ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئوخشاش بولمىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنگەنلەرمۇ، ئىشەنمىگەنلەرمۇ بولدى. قىيامەت كۈنى ﴿ھەممىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتقۇچىلاردۇر﴾ ئاندىن الله تائالا ھەر بىرىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. ئەگەر قىلغان ئىشى ياخشى بولسا، ئۇنىڭدىن كىچىككىنىمۇ كېمەيتىۋەتمەي مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ.

﴿كىمكى مۆمىن بولۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ (ساۋابى) زايا كەتمەيدۇ﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كېلىدىغان بولساق، بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى ھەقىقەتەن يوققا چىقىرىۋەتمەيمىز﴾[3].

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنىڭ ئەمەلىنى (يەنى نامە - ئەمالىنى) چوقۇم خاتىرىلەپ قويىمىز﴾ يەنى ئۇنىڭ قىلغان ھەممە ئىشلىرى يېزىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كىچىككىنىمۇ يوقاپ كەتمەيدۇ.

*******

وَحَرَٰمٌ عَلَىٰ قَرۡيَةٍ أَهۡلَكۡنَٰهَآ أَنَّهُمۡ لَا يَرۡجِعُونَ ﴿٩٥﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا فُتِحَتۡ يَأۡجُوجُ وَمَأۡجُوجُ وَهُم
مِّن كُلِّ حَدَبٖ يَنسِلُونَ ﴿٩٦﴾ وَٱقۡتَرَبَ ٱلۡوَعۡدُ ٱلۡحَقُّ فَإِذَا هِيَ شَٰخِصَةٌ أَبۡصَٰرُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
يَٰوَيۡلَنَا قَدۡ كُنَّا فِي غَفۡلَةٖ مِّنۡ هَٰذَا بَلۡ كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٩٧﴾

(1) غافىر سۈرىسى 51 - 52 - ئايەتلەر.
(2) مائىدە سۈرىسى 48 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) كەھف سۈرىسى 30 - ئايەت.

بىز ھالاك قىلغان شەھەر (ئاھالىسى) نىڭ دۇنياغا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس﴿95﴾. يەجۇج ـ مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىننىڭ ھەر بىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ﴿96﴾. راست ۋەدە (يەنى قىيامەتنىڭ ۋاقتى) يېقىنلاشتى، ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ، (ئۇلار) «ۋاي ئىست! بۇنىڭدىن بىز غەپلەتتە قېلىپتۇق، بەلكى بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلىپتۇق» (دېيىشىدۇ)﴿97﴾.

## ھالاك قىلىنغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ دۇنياغا ھەرگىز قايتۇرۇلمايدىغانلىقى

﴿**بىز ھالاك قىلغان شەھەر (ئاھالىسى) نىڭ دۇنياغا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: ھالاك قىلىنغان كىشىلەرنىڭ قىيامەت بولۇشىدىن بۇرۇن دۇنياغا قايتمايدىغانلىقى پۈتۈلۈپ كەتتى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئەبۇجەئفەر باقىر، قەتادە ۋە باشقىلارمۇ ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش بايان قىلدى.

## يەجۇج ـ مەجۇج توغرىسىدا

﴿**يەجۇج ـ مەجۇجنىڭ (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە**﴾ بىز يۇقىرىدا يەجۇج ۋە مەجۇجلارنىڭمۇ ئادەمئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن، بەلكى نۇھئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىدىكى تۈركلەرنىڭ ئاتىسى بولغان يافەسنىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەين سالغان سېپىلنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ قالغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق.

ئىسكەندەرنىڭ (شۇ سېپىلنى سېلىپ بولۇپ، بۇ، اللہ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان نېمىتىدۇر دېگەن) سۆزىنى اللہ تائالانىڭ: ﴿«**بۇ (يەنى توسمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى) پەرۋەردىگارىمنىڭ نېمىتىدۇر، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ئىشقا ئاشقاندا، ئۇ ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر» ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە، قىستاڭچىلىقتىن) كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈرۈۋېتىمىز، سۇر چېلىنىدۇ، ئۇلارنى (ھېساب ئۈچۈن) يىغىمىز**﴾ دېگەن ئايىتىدە ھېكايە قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

اللہ تائالا بۇ يەردە يەجۇج ۋە مەجۇجلارنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە، سېپىلنىڭ ئىچىدىن قانداق چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**يەجۇج ـ مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىننىڭ ھەر بىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە، ئەبۇسالىم، سەۋرى ۋە باشقىلار مۇنداق دېدى: يەجۇج ـ مەجۇج زېمىندا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ھەممە تۆپىلىكلەردىن ئالدىرىشىپ كېلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ سېپىلدىن چىققان ۋاقتىدىكى سۈپەتلىرىدۇر.

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى اللہ دەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ﴾[1] بۇ، ئۆزىدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق بىرى يوق، ئاسمان ـ زېمىندىكى يوشۇرۇن ئىشلارنى

(1) فاتىر سۈرىسى 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلگۈچى زات الله تائالانىڭ بۇرۇن بولغان ۋە بولىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىشىدۇر.

ئىبنى جەرىر ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەبۇيەزىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس كىچىك بالىلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: يەجۇج ـ مەجۇج مۇشۇ شەكىلدە چىقىدۇ، ـ دېدى.

**يەجۇج ـ مەجۇجنىڭ چىقىشى تۆۋەندىكى ھەدىسلەردىمۇ بايان قىلىنىپ كەلدى:**

ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىد خۇدرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «الله تائالا: ﴿**ئۇلار يېمىننىڭ ھەر بىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ**﴾ دېگىنىدەك، يەجۇج ـ مەجۇج (سېپىل ئېچىلغاندا) سېپىلدىن چىقىپ كىشىلەرنى قورشىۋالىدۇ. مۇسۇلمانلار ماللىرىنى ئېلىپ، شەھەر ۋە سېپىللىرىنىڭ ئىچىلىرىگە كىرىۋالىدۇ. يەجۇج ـ مەجۇج زېمىننىڭ سۇلىرىنى ئىچىدۇ، ھەتتا ئۇلاردىن بەزىسى بىر ئۆستەڭدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىپ قۇرۇتىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلگەن يەنە بىر توپى بۇ يەردىن ئۆتكەندە بىر چاغلاردا بۇ ئۆستەڭدە سۇ بار ئىدى، ـ دېيىشىدۇ. (يەر يۈزىدە) شەھەر ياكى سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان كىشىلەردىن باشقا بىرسى قالمىغاندا، يەجۇج ـ مەجۇجلار: يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدىن خالاس بولدۇق، ئەمدى ئاسماندىكىلەر قالدى، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى نەيزىسىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئاتىدۇ. ئۇلارنىڭ سىنىلىشى ئۈچۈن نەيزە ئاسماندىن قانغا بويالغان ھالەتتە قايتىپ چۈشىدۇ. ئۇلار شۇنداق تۇرغان بىر مەزگىلدە، الله تائالا ئۇلارنىڭ بويىنغا چېكەتكىنىڭ گەدىنىگە چۈشىدىغان (قۇرتتەك) قۇرتنى ئەۋەتىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ھېچ بىر شەپىسىزلا ئۆلىدۇ. ئاندىن مۇسۇلمانلار: ئىچىمىزدىن بىر كىشى ئۆزىنى بىز ئۈچۈن پىدا قىلىپ، بۇ دۈشمەنلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقلىرىغا بىر قاراپ باقسۇن، ـ دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتاپلا (شەھەردىن ياكى سېپىلدىن سىرتقا) چىقىدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىنى: ئى مۇسۇلمانلار گۇرۇھى! خۇش بېشارەت بولسۇن! قۇدرەتلىك الله تائالا ھەقىقەتەن سىلەرنى دۈشمەنلىرىڭلاردىن ساقلاپ قېلىپتۇ، ـ دەپ چاقىرىدۇ. ئاندىن ئۇلار شەھەر ۋە سېپىللاردىن چىقىدۇ ۋە چارۋا ـ ماللىرىنى (يايلاقلاردا) باقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى پەقەت ماللىرىدىن خەۋەر ئېلىشلا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ماللىرى ئوت ـ چۆپكە ئېرىشكەنلىكىدىن ناھايىتى سەمرىپ كېتىدۇ.»

ئىمام ئەھمەد نەۋۋاس ئىبنى سەمئاننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەتىگىنى دەججالنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئۇنى بىر ھاقارەتلەپ ۋە بىر گەۋدىلەندۈرۈپ، سۈپىتىنى بايان قىلىپ بەردى. بىز دەججالنى خورما زارلىقتىمىكىن دەپ گۇمان قىلدۇق ۋە ئۇ يەرگە باردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۇ يەرگە بارغانلىقىمىزنى بىلىپ قېلىپ: «نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىدى. بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىر ئەتىگىنى سەن بىزگە دەججالنىڭ گېپىنى قىلىپ (ئۇنى بىر ھاقارەتلەپ بىر گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ) بەرگەن ئىدىڭ، بىز ئۇنى خورما زارلىقتىمىكىن دەپ گۇمان قىلدۇق، ـ دەپ جاۋاب بەردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە دەججالنىڭ پىتنىسىدىن باشقا پىتنىنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن بەك قورقىمەن. ئەگەر دەججال چىققاندا، مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بولسام، ئۇنىڭغا ئۆزەم تېتىيمەن. ئەگەر بولمىسام، ھەممە كىشى ئۆزىنى ئۆزى قوغدىسۇن. الله تائالا (مېنىڭ ئورنۇمدا) ھەممە مۇسۇلمانلارنى دەججالنىڭ پىتنىسىدىن

170

ساقلايدۇ. دەججال قويۇق بۇدۇر چاچلىق، كۆزى تېشىغا پولتىيىپ چىقىپ قالغان بىر يىگىتتۇر. ئۇ شام بىلەن ئىراقنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر يولدىن چىقىدۇ ۋە (ئوڭ ـ سول تەرەپ بولۇپ) ھەممە يەردە پاساتچىلىق تېرىيدۇ. ئى ﷲ نىڭ بەندىلىرى! ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار» دېدى. بىز: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ زېمىندا قانچە ئۇزۇن تۇرىدۇ؟ ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «40 كۈن تۇرىدۇ، ئۇ 40 كۈننىڭ بىر كۈنى بىر يىلدەك، بىر كۈنى بىر ئايدەك، يەنە بىر كۈنى بىر ھەپتىدەك، قالغان كۈنلىرى سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈنلۈكۈڭلاردەك بولىدۇ» دېدى. بىز: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ھېلىقى بىر يىلدەك بولىدىغان ئۇزۇن كۈندە بىر كۈنلۈكنىڭ نامىزىنى ئوقۇساق بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، سىلەر ئۇ كۈننى ئۆلچەپ (بىر كۈنگە توغرىلاپ) بىر كۈنلۈك نامىزىڭلارنى ئوقۇڭلار» دېدى. بىز: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭ مېڭىش سۈرئىتى قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ سۈرئىتى شامال ئىتتەرگەن كەلكۈندەك بولىدۇ. ئۇ بىر كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېلىدۇكى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە چاقىرىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىپ بويسۇنىدۇ. ئاندىن ئۇ ئاسماننى يامغۇر ياغدۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئاسماندىن يامغۇر ياغىدۇ. زېمىننى بۇيرۇيدۇ، زېمىندىن ئۆسۈملۈكلەر ئۈنىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوتلىغىلى كەتكەن چارۋىلىرى كەچتە سېمىز، يېلىنلىرى سۈتكە تولغان، توقلىقىدىن بېقىنلىرى چىقىپ كەتكەن ھالدا قايتىپ كېلىدۇ.

ئاندىن ئۇ باشقا بىر كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە چاقىرىدۇكى، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەي سۆزىنى رەت قىلىدۇ (ئۇ ئۇلارنىڭ قېشىدىن قايتىپ كېتىدۇ). ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ماللىرىمۇ ئەگىشىپ كېتىدۇ (يەنى ئۇلارغا قەھەتچىلىك كېلىدۇ). شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ھېچ قانداق مال ـ مۈلكى قالمايدۇ. ئۇ بىر خارابىلىقتىن ئۆتۈپ ئۇنىڭغا: ئىچىڭدىكى بايلىقلارنى چىقارغىن، ـ دەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بايلىقلار ھەسەل ھەرىسى ئۇۋىسىدىن چىققاندەك ئارقىمۇ ئارقا چىقىشقا باشلايدۇ. ئاندىن ئۇ تازا ياشلىق قۇرامىغا يەتكەن بىر كىشىنى چاقىرىپ ئەكىلىپ، ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپ، ئۇ كىشىنى قايتا چاقىرىدۇ. ئۇ تىرىلىپ خۇشال (كۈلگەن) قىياپەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ﷲ تائالا ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىدۇ.

ئىسا ئەلەيھىسسالام دەمەشقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاق مۇنارغا (ئىككى بويالغان كىيىم كەيگەن، ئىككى قولىنى ئىككى پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا قويغان ھالىتىدە) چۈشىدۇ. ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى ئىزدەپ، ئۇنى پەلەستىنگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئىشىكنىڭ قېشىدا تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇ چاغدا تۇساتتىن ﷲ تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا: ھەقىقەتەن مەن ھېچبىر كىشى سوقۇشۇشقا كۈچى يەتمەيدىغان بىر تۈركۈم بەندىلىرىمنى چىقاردىم. مەن دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلاپ قالغان بەندىلىرىمنى سەن تۇر تېغىغا ئېلىپ چىقىپ كەت! ـ دەپ ۋەھيي قىلىدۇ. ﷲ تائالا يەجۇج ـ مەجۇجنى ئەۋەتىدۇ.»

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار زېمىننىڭ ھەر بىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ**﴾ ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەلگەنلىرى تەبەرىيە كۆلىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ھەممە سۈيىنى ئىچىپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرقىلىرى ئۆتكەندە: بۇ كۆلدە بىر چاغلاردا سۇ بار ئىدى، ـ دېيىشىدۇ. ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى (تۇر تېغىدا) قورشاۋدا قالىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرسى ئۈچۈن بىر كالىنىڭ بېشى سىلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈنلۈكۈڭلاردىكى يۈز تىللادىن ئەلا بولۇپ قالىدۇ.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى الله تائالاغا دۇئا قىلىدۇ. الله تائالا يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ گەدىنىگە قۇرتلارنى ئەۋەتىش بىلەن ئۇلار بىر كىشى ئۆلگەندەك تەڭلا ئۆلىدۇ. ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى (تۇر تېغىدىن) زېمىنغا چۈشىدۇ. ئۇلار زېمىندا بىرمۇ ئۆي قالماي يەجۇج - مەجۇجنىڭ جەسەتلىرىنىڭ سېسىق پۇراقلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى الله تائالاغا دۇئا قىلىدۇ. الله تائالا تۆگىلەرنىڭ بوينىغا ئوخشاش قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ قۇشلار ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆتۈرۈپ الله خالىغان يەرلەرگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ.

ئىبنى جابىر ئاتا ئىبنى يەزىتتىن كەئبنىڭ: قۇشلار ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ شەرققە تاشلىۋېتىدۇ، - دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا 40 كۈن يامغۇر ياغدۇرىدۇ، يامغۇر بىرەر ئۆي ۋە ياكى بىرەر چېدىرنىمۇ قويماي ھەممىسىنى تازىلاپ، زېمىننى يۇيۇپ، ئەينەكتەك قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زېمىنغا: مېۋىلىرىڭنى ئۆستۈرۈپ، بۇرۇنقى بەرىكەتلىرىڭنى قايتۇر! - دېيىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە كىشىلەر ئانارنى يەپ، ئۇنىڭ شۆپەكلىرى بىلەن سايىدىلىنىدۇ. سۈتلەرگە بەرىكەت بېرىلىپ، بىر تۆگىنىڭ سۈتى نۇرغۇن كىشىلەرگە، بىر كالىنىڭ سۈتى بىر قەبىلە كىشىلىرىگە، بىر قوينىڭ سۈتى بىر جەمەت كىشىلىرىگە يېتىدۇ. ئۇلار شۇنداق ياشاۋاتقان چاغدا، الله تائالا تۇيۇقسىزلا مەيىن بىر شامالنى ئەۋەتىدۇ. شامال ئۇلارنىڭ قولتۇقلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ مۆمىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ھەممىسىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. ئۇلاردىن كېيىن (يەر يۈزىدە) ئېشەكلەردەك ئاشكارا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدىغان ئەڭ ئەسكى ئادەملەر قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا قىيامەت بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەرمەلەنىڭ ھاماچىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم چايان چېقىۋالغانلىقتىن بارمىقىنى تېڭىپ قويغان ھالەتتە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «سىلەر ئۆزلىرىمىزنىڭ دۈشمەنلىرى يوق دەيسىلەر، سىلەر دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇرغان ۋاقىتىڭلاردا يۈزلىرى تۈپتۈز قىلىنغان، قالقاندەك كەڭرى، كۆزلىرى كىچىك، چېچىنىڭ رەڭگى ساغۇچ بولغان يەجۇج - مەجۇجلار ھەممە تۆپىلىكلەردىن ئالدىراش چۈشۈپ كېلىدۇ».

ھەدىستە ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يەجۇج - مەجۇجلار چىقىپ بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ ئۆيدە (يەنى ھەرەمدە) ھەج ۋە ئۆمرە قىلىنىدۇ».

**﴿راست ۋەدە (يەنى قىيامەتنىڭ ۋاقتى) يېقىنلاشتى﴾** يەنى مۇشۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋاللار ۋە يەرلەرنىڭ تەۋرىنىشلىرى بولسا، قىيامەت بولۇشىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىدۇر. مۇشۇ ئىشلار بولغاندا كاپىرلار: بۇ قاتتىق بىر كۈن بولدى، - دېيىشىدۇ.

**﴿ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ، (ئۇلار) «ۋاي ئىست! بۇنىڭدىن بىز غەپلەتتە قېلىپتۇق، بەلكى بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلىپتۇق» (دېيىشىدۇ)﴾** يەنى ئۇلار پايدا بەرمەيدىغان بىر ۋاقىتتا ئۆز ئۆمرىنىڭ ئازغۇنلۇق ئىچىدە ئۆتكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىدۇ.

* * * * * * *

إِنَّكُمْ وَمَا تَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ حَصَبُ جَهَنَّمَ أَنتُمْ لَهَا وَٰرِدُونَ ﴿٩٨﴾ لَوْ كَانَ
هَٰٓؤُلَآءِ ءَالِهَةً مَّا وَرَدُوهَا ۖ وَكُلٌّ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٩٩﴾ لَهُمْ فِيهَا زَفِيرٌ وَهُمْ فِيهَا لَا يَسْمَعُونَ
﴿١٠٠﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ سَبَقَتْ لَهُم مِّنَّا ٱلْحُسْنَىٰٓ أُو۟لَٰٓئِكَ عَنْهَا مُبْعَدُونَ ﴿١٠١﴾ لَا يَسْمَعُونَ حَسِيسَهَا ۖ
وَهُمْ فِى مَا ٱشْتَهَتْ أَنفُسُهُمْ خَٰلِدُونَ ﴿١٠٢﴾ لَا يَحْزُنُهُمُ ٱلْفَزَعُ ٱلْأَكْبَرُ وَتَتَلَقَّىٰهُمُ
ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ هَٰذَا يَوْمُكُمُ ٱلَّذِى كُنتُمْ تُوعَدُونَ ﴿١٠٣﴾

(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر اللە نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاختا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاختا كىرىسىلەر﴿98﴾. ئەگەر سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلار ئىلاھلار بولىدىغان بولسا، دوزاختا كىرمىگەن بولاتتى. (ئىبادەت قىلغۇچى ۋە ئىبادەت قىلىنغۇچىلارنىڭ) ھەممىسى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ﴿99﴾. ئۇلار دوزاختا ھەمىشە پەرياد چېكىدۇ، (ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن) ئۇلار دوزاختا ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدۇ﴿100﴾. بىز تەرەپتىن بېرىلگەن بەخت ـ سائادەتكە تېگىشلىك بولغانلار (يەنى تائەت ـ ئىبادەتكە تەۋپىق بېرىلىپ توغرا يولدا ئىبادەت قىلغان سائادەتمەن بەندىلەر) دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ﴿101﴾. ئۇلار دوزاخنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىمايدۇ، كۆڭلى تارتقان نازۇ نېمەتلەر ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ﴿102﴾. چوڭ قورقۇنچ (يەنى قىيامەتنىڭ دەھشىتى) ئۇلارنى قايغۇغا سالمايدۇ، پەرىشتىلەر: «اللە سىلەرگە ۋەدە قىلغان كۈن مۇشۇ» (دەپ)، ئۇلارنى (جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا) قارشى ئالىدۇ﴿103﴾.

## مۇشرىكلار ۋە ئۇلارنىڭ چوقۇنغان نەرسىلىرىنىڭ جەھەننەمنىڭ ئوتۇنى بولىدىغانلىقى

اللە تائالا مەككىلىك قۇرەيش مۇشرىكلىرىگە ھەمدە شۇلارنىڭ دىنىدىكى بۇتپەرەسلەرگە مۇنداق دېدى: **﴿(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر اللە نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاختا يېقىلغۇ بولىسىلەر﴾** ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: يەنى جەھەننەمنىڭ يېقىلغۇسى بولۇسىلەر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار﴾(1).

يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: ئۇلار جەھەننەمنىڭ ئوتۇنى بولىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد، ئىكرىمە ۋە قەتادە قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: ئۇلار جەھەننەمنىڭ ئوتۇنلىرى بولىدۇ.

زەھھاك ۋە باشقىلار بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ئۇلار (دوزاختا قالىنىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا تاشلىنىدىغان نەرسىلەر بولىدۇ. **﴿سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر﴾**.

**﴿ئەگەر سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلار ئىلاھلار بولىدىغان بولسا، دوزاخقا كىرمىگەن بولاتتى﴾**

(1) تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەنى سىلەر اللە تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار توغرا ۋە ھەقىقىي ئىلاھ بولىدىغان بولسا، ھەرگىز دوزاختا كىرمىگەن بولاتتى.

**﴾(ئىبادەت قىلغۇچى ۋە ئىبادەت قىلىنغۇچىلارنىڭ) ھەممىسى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار دوزاختا ھەمىشە پەرياد چېكىدۇ، (ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن) ئۇلار دوزاختا ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدۇ﴿** اللە تائالا دوزاختا كىرگەنلەرنىڭ نالە ـ پەرياد چېكىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴾بەتبەختلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاختا كىرىدۇ، ئۇلار دوزاختا (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) تۇۋلاپ نالە ـ پەرياد چېكىدۇ﴿[1]

## ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكەنلەرنىڭ ئەھۋالى

اللە تائالا يۇقىرىدا دوزاختا كىرىدىغان كىشىلەرنى ۋە (ئۇلارنىڭ اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن) ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى بايان قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا اللە تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنىپ، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكەن مۆمىنلەرنىڭ بايانىنى كەلتۈردى. بۇلار بولسا، اللە تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن بەخت ـ سائادەتكە تېگىشلىك بولغان ۋە دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەردۇر.

اللە تائالا (دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغانلارغا ئاخىرەتتە ياخشى مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە) مۇنداق دېدى: ﴾ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە اللە نىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ﴿[2]، ﴾ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ﴿[3] يەنى ئۇلار دۇنيادا ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلغىنىدەك، اللە تائالامۇ ئاخىرەتتە ئۇلارنى ئەڭ ئېسىل ئورۇن بولغان جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ئەجىرلىرىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

**﴾دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ، ئۇلار دوزاخنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىمايدۇ﴿** يەنى ئۇلار دوزاخنىڭ گۇركىرەپ كۆيگەن ئوت يالقۇنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمايدۇ. **﴾كۆڭلى تارتقان نازۇ نېمەتلەر ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ﴿** يەنى اللە تائالا جەننەتكە كىرگەنلەرنى ئۇلار ياقتۇرمايدىغان ۋە قورقۇنچلۇق ئىشلاردىن ساقلايدۇ. ئۇلارغا خالىغان ۋە ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرى تەييار قىلىنىدۇ.

ھەججاج ئىبنى مۇھەممەد ئەئۋەر ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللە تائالانىڭ: **﴾بىز تەرەپتىن بېرىلگەن بەخت ـ سائادەتكە تېگىشلىك بولغانلار (يەنى تائەت ـ ئىبادەتكە تەۋپىق بېرىلىپ توغرا يولدا ئىبادەت قىلغان سائادەتمەن بەندىلەر﴿** دېگەن ئايىتى ئۇنىڭ: **﴾(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر اللە نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر﴿** دېگەن ئايىتىدە سۆزلەنگەن ئىلاھ سۈپىتىدە ئىبادەت قىلىنىپ دوزاخقا يېقىلغۇ بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىغا ئىسا ئەلەيھىسسالام، ئۇزەيرە ئەلەيھىسسالام ۋە پەرىشتىلەردەك كىشىلەر تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنىڭ كىرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلدى. بۇ ھەقتە ئىكرىمە، ھەسەن ۋە ئىبنى جۇرەيجلەرمۇ ئىبنى

(1) ھۇد سۈرىسى 106 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) رەھمان سۈرىسى 60 ـ ئايەت.

ئابباسقا ئوخشاش بايان قىلدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مەسچىتتە ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە بىلەن ئولتۇراتتى. نەزىر ئىبنى ھارىس كىرىپ كېلىپ، ئۇمۇ ئۇلار بىلەن ئولتۇردى. مەسچىتتە يەنە باشقا قۇرەيشلىكلەرمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى باشلىۋىدى، نەزىر ئىبنى ھارىس ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان سۆزىگە پاكىت كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى جىم قىلىپ قويدى ۋە ئۇلارغا بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى: ﴿(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر **الله** نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر، ئەگەر سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلار ئىلاھلار بولىدىغان بولسا، دوزاخقا كىرمىگەن بولاتتى (ئىبادەت قىلغۇچى ۋە ئىبادەت قىلىنغۇچىلارنىڭ) ھەممىسى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار دوزاختا ھەمىشە پەرياد چېكىدۇ، (ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن) ئۇلار دوزاختا ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدۇ﴾ ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سورۇنىدىن قوپۇپ كەتتى، سورۇنغا ئابدۇللاھ ئىبنى زەبئەرى كېلىپ ئولتۇردى.

ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە ئابدۇللاھ ئىبنى زەبئەرىگە: **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بايام نەزىر ئىبنى ھارىس ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلىغا (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ھېچقانداق جاۋاب بېرەلمەي قالدى، مۇھەممەد بىز ۋە بىز ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلارنىڭ دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى زەبئەرى: بىلىپ قويۇڭلاركى، ئەگەر مەن مۇھەممەدنى ئۇچراتسام، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىمەن. سىلەر مۇھەممەدتىن: **الله** نى قويۇپ ئىبادەت قىلىنغان نەرسىلەر ئىبادەت قىلغۇچىسى بىلەن دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولىدىغان بولسا، بىز پەرىشتىلەرگە، يەھۇدىيلەر ئۇزەير ئەلەيھىسسالامغا ۋە خرىستىئانلار مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسائەلەيھىسسالامغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇلارمۇ دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولامدىكەن؟ ـ دەپ سوراپ بېقىڭلار، ـ دېدى. ۋەلىد ۋە سورۇندىكى كىشىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى زەبئەرىنىڭ بۇ سۆزىدىن ھەيران قېلىشتى ۋە ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشەلەيدىكەن دەپ قاراشتى. ئابدۇللاھ ئىبنى زەبئەرىنىڭ بۇ سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بېرىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى كىشىلەرنىڭ **الله** نى قويۇپ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشىنى خالىسا، ئۇ كىشى ئۆزىگە ئىبادەت قىلغانلار بىلەن بىللە (دوزاختا) بولىدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئۇ كىشىگە ئىبادەت قىلغاندا، شايتانغىمۇ ئىبادەت قىلىدۇ»، ـ دەپ جاۋاب بەردى. **الله** تائالامۇ بۇ توغرىلىق تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**بىز تەرەپتىن بېرىلگەن بەخت ـ سائادەتكە تېگىشلىك بولغانلار (يەنى تائەت ئىبادەتكە تەۋپىق بېرىلىپ توغرا يولدا ئىبادەت قىلغان سائادەتمەن بەندىلەر) دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ ئۇلار دوزاخنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىمايدۇ، كۆڭلى تارتقان نازۇ نېمەتلەر ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ**﴾ يەنى دوزاختىن يىراق قىلىنىدىغان بۇ كىشىلەر ئىسا ۋە ئۇزەيرە ئەلەيھىسسالاملاردۇر. گەرچە ئازغۇنلۇق يولىدىكى كىشىلەر تەردىن ئىلاھ تۇتۇلۇپ، (**الله** تائالانى قويۇپ) ئىبادەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئۆزلىرى **الله** تائالانىڭ ئىبادىتىدە بولغان (يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ دىنىي رەھبەرلىرى ۋە ئالىملىرىدىن ئىبارەت) ياخشى كىشىلەردۇر.

**الله** تائالا مۇشرىكلارنىڭ: بىز پەرىشتىلەرگە ئىبادەت قىلىمىز ۋە ئۇلارنى **الله** تائالانىڭ قىزلىرى دەپ قارايمىز، ـ دېيىشكەنلىكىنى بايان قىلىپ بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): «**الله** نىڭ (پەرىشتىلەردىن) بالىسى بار» دېيىشتى، ئۇنداق ئەمەس. **الله**

(بۇنىڭدىن) پاكتۇر، (پەرىشتىلەر **الله** نىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. ئۇلار **الله** غا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار **الله** نىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. **الله** ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار **الله** رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، **الله** نىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ، ئۇلاردىن كىمكى، مەن **الله** دىن باشقا ئىلاھمەن، دەيدىكەن، ئۇنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز، زالىملارنى شۇنداق جازالايمىز﴾[1].

مۇشرىكلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھ تۇتۇلغانلىقىنى دېيىشكەنلىكى ھەققىدە بۇ ئايەت چۈشتى: ﴿(قۇرئاندا) مەريەمنىڭ ئوغلى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام) مىسال كەلتۈرۈلسە، ناگاھان سېنىڭ قەۋمىڭ (خۇشاللىقتىن) سۈرەن سېلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار: «بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ياخشىمۇ ياكى ئىسامۇ؟» دېدى. ئۇلار بۇ مىسالنى پەقەت خۇسۇمەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى، بەلكى ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر. ئۇ (يەنى ئىسا) (ناسارالار گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ئەمەس) پەقەت پەيغەمبەرلىك نېمىتىمىزگە ئېرىشكەن بىر بەندىدۇر، ئۇنى بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا (**الله** نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر دەلىل قىلدۇق. ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە سىلەرگە زېمىندا ئورۇنباسار بولىدىغان پەرىشتىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەتتۇق. ئىسا ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر، ئۇنىڭغا (يەنى قىيامەتكە) شەك كەلتۈرمەڭلار. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) «ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇ (مېنىڭ دەۋەت قىلغىنىم) توغرا يولدۇر﴾[2] ئەسلىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ، كېسەللەرنى ساقايتىشتەك مۆجىزىلەر بىلەن پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشى قىيامەتنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ (يەنى ئىسا) ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر، ئۇنىڭغا (يەنى قىيامەتكە) شەك كەلتۈرمەڭلار. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) «ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇ (مېنىڭ دەۋەت قىلغىنىم) توغرا يولدۇر»﴾[3].

ئابدۇللاھ ئىبنى زەبئەرىنىڭ يۇقىرىقى سۆزى قاتتىق خاتادۇر. چۈنكى، بۇ ئايەت تاشلاردىن ياسالغان جانسىز ۋە ئەقىلسىز بۇتلارغا ئىبادەت قىلغان مەككىلىك مۇشرىكلارنى ئەيىبلەش ۋە مات قىلىش ئۈچۈن چۈشكەندۇر. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاختا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر**﴾ ئىسا ۋە ئۇزەيرە ئەلەيھىسسالاملار ۋە بۇ ئىككىسىدەك ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلغان، باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىبادەت قىلىشلىرىغا رازى بولمىغان كىشىلەر قانداقمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئىچىگە كىرسۇن؟

﴿**چوڭ قورقۇنچ (يەنى قىيامەتنىڭ دەھشىتى) ئۇلارنى قايغۇغا سالمايدۇ**﴾ ئابدۇرازاق يەھيا ئىبنى رەبىئەدىن ئەتائىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئايەتتىكى چوڭ قورقۇنچتىن ئۆلۈم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەۋفي ۋە ئەبۇسىنان ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئايەتتىكى چوڭ قورقۇنچتىن (قىيامەت قايىم بولغاندا) چېلىنىدىغان سۇرمەقسەت قىلىنىدۇ ئىبنى جەرىر. بۇ قاراشنى توغرا دەپ قارىدى.

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 26 ـ 29 ـ ئايەتكىچە.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 57 ـــ 61 ـ ئايەت.
(3) زۇخرۇف سۈرىسى 61 ـ ئايەت.

ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغانلار قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىققاندا، پەرىشتىلەر ئۇلارنى قارشى ئالىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پەرىشتىلەر: «الله سىلەرگە ۋەدە قىلغان كۈن مۇشۇ» (دەپ)، ئۇلارنى (جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا) قارشى ئالىدۇ﴾.

* * * * * * *

يَوۡمَ نَطۡوِي ٱلسَّمَآءَ كَطَيِّ ٱلسِّجِلِّ لِلۡكُتُبِۚ كَمَا بَدَأۡنَآ أَوَّلَ خَلۡقٖ نُّعِيدُهُۥۚ وَعۡدًا عَلَيۡنَآۚ إِنَّا كُنَّا فَٰعِلِينَ ﴿١٠٤﴾

ئۇ كۈندە ئاسماننى (پۈتۈكچى) نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز﴿104﴾

## قىيامەت كۈنى ئاسماننىڭ يۆگىلىدىغانلىقى

الله تائالا قىيامەت كۈنى ئاسماننى يۆگەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ كۈندە ئاسماننى (پۈتۈكچى) نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز**﴾. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار الله نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي الله نىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار الله نىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، الله ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر﴾[1]. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى الله تائالا ھەقىقەتەن زېمىنلارنى چاڭگىلىغا ئالىدۇ، ئاسمانلار ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا بولىدۇ».

﴿**مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز**﴾ يەنى بۇ، الله تائالا مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولسا، شۇ ھالىتىدە قايتا يارىتىدىغان بۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) شەكسىز يۈز بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ، الله تائالا قىلىشقا ۋەدە قىلغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. الله تائالانىڭ ۋەدىسى ئۆزگىرىپمۇ قالمايدۇ، ۋاقتىدىن كېچىكىپمۇ قالمايدۇ. الله تائالا شۇنداق قىلىشقا قادىردۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**(ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز**﴾.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «(الله تائالا: مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. بۇ بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، ئۇنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز ـ ، دېگەندەك) سىلەر ھەقىقەتەن الله تائالا تەرىپىگە يالاڭئاياق، كىيىمسىز ۋە خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتە يىغىلىسىلەر».

(1) زۇمەر سۈرىسى 67 ـ ئايەت.

وَلَقَدْ كَتَبْنَا فِي ٱلزَّبُورِ مِنۢ بَعْدِ ٱلذِّكْرِ أَنَّ ٱلْأَرْضَ يَرِثُهَا عِبَادِيَ ٱلصَّٰلِحُونَ ﴿١٠٥﴾ إِنَّ فِي هَٰذَا لَبَلَٰغًا لِّقَوْمٍ عَٰبِدِينَ ﴿١٠٦﴾ وَمَآ أَرْسَلْنَٰكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَٰلَمِينَ ﴿١٠٧﴾

بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق﴿105﴾. بۇ (قۇرئان) دا اللە غا ئىبادەت قىلغۇچى قەۋم ئۈچۈن (خەۋەرلەر، ۋەز ـ نەسىھەتلەردىن) ئەلۋەتتە يېتەرلىك بار﴿106﴾. (ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴿107﴾.

## زېمىنغا ياخشى بەندىلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ياخشى بەندىلىرىگە دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەت زېمىنغا ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى پۈتۈۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. اللە تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە دېگەن سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «اللە دىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋر قىلىڭلار، يەر يۈزى ھەقىقەتەن اللە نىڭ مۈلكىدۇر، (اللە ) ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ» دېدى﴾[1].

﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾[2]، ﴿اللە ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى﴾[3] اللە تائالا بۇ ئىشنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلاردا ۋە لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلىپ كەتكەنلىكىدىن ۋە بۇنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق﴾** ئەئمەش مۇنداق دېدى: مەن سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى سورىدىم. جۇبەير ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ: ئايەتتىكى زەبۇردىن تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئان كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

مۇجاھىد بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ئايەتتىكى زەبۇردىن اللە تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن بارلىق كىتابلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. **﴿بۇ (قۇرئان) دا اللە غا ئىبادەت قىلغۇچى قەۋم ئۈچۈن (خەۋەرلەر، ۋەز ـ نەسىھەتلەردىن) ئەلۋەتتە يېتەرلىك بار﴾** يەنى اللە تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى بولغان

(1) ئەئراف سۈرىسى 128 ـ ئايەت.
(2) مۆمىن سۈرىسى 51 ـ ئايەت.
(3) نۇر سۈرىسى 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن بۇ قۇرئاندا الله تائالا ئۆزى ياخشى كۆرۈپ ۋە رازى بولۇپ يولغا قويۇپ بەرگەن شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە الله تائالاغا ئىبادەت قىلغان، شەيتان ۋە ئۆز خاھىشلىرىغا بويسۇنۇشتىن الله تائالاغا بويسۇنۇشنى ئەلا كۆرگەن كىشىلەر ئۈچۈن خەۋەرلەر، ۋەز - نەسىھەتلەر ۋە پايدىلىق نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە يېتەرلىك بار.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتكۈل ئالەمگە رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكى

**﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾**

يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن جاھان ئەھلىگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. شۇڭا كىمكى بۇ رەھمەتنى قوبۇل قىلسا ۋە بۇ نېمەتكە شۈكرى قىلسا، دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدۇ. كىمكى بۇ رەھمەتنى قوبۇل قىلمىسا ۋە بۇ نېمەتكە شۈكرى قىلمىسا، دۇنيا - ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله نىڭ بەرگەن نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (ھالاكەت مەۋقەسى) جەھەننەمدۇركى، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1]

قۇرئاننى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك - شۈبھىگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ)﴾[2].

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مۇشرىكلارغا لەنەت تىلەپ بەددۇئا قىلمامسەن؟ - دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن لەنەت تىلەپ بەددۇئا قىلىدىغان قىلىنىپ ئەۋەتىلمىدىم، بەلكى رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئەمرى ئىبنى ئەبۇقۇررە كىندىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇزەيفە شەھەرلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى كىشىلەرگە ئەسلىتىپ تۇراتتى، (بىر كۈنى) ھۇزەيفە سالماننىڭ قېشىغا كەلدى. سالمان ھۇزەيفەگە: ئى ھۇزەيفە! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بەزىدە) ئاچچىقى كېلىپ قالغان بولسىمۇ سۆز قىلاتتى، مەن بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغ قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مەن ئۈممىتىمدىن قايسى بىر كىشىنى ئاچچىقىمدا تىللاپ سالسام ياكى لەنەت ئېيتىپ سالسام، مەنمۇ ئىنسان، مېنىڭمۇ سىلەردەك ئاچچىقىم كېلىدۇ.

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 28 - 29 - ئايەتلەر.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 44 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا بولسا، مېنى بارلىق جاھان ئەھلىگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن. شۇڭا، ئى الله! ئۇ تىلنى ياكى ئۇ لەنەتنى قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە بولىدىغان بىر رەھمەت قىلىپ بەرگىن!»

ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق جاھان ئەھلىگە رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلىشىگە) ئىشەنمىگەن كاپىرلارغا ئۇنىڭ قانداق پايدىسى بار؟ ـ دەپ سوئال قويۇلسا، بۇنىڭغا (الله تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلغان) ئىبنى ئابباسنىڭ: كىمكى الله تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنسە، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا رەھمەت يېزىلىپ كەتكەن بولىدۇ. كىمكى الله تائالاغا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەي كاپىر بولسا، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق جاھان ئەھلىگە رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى بىلەن) ئۇ كاپىر ئىلگىرىكى كاپىر ئۇممەتلەرگە كەلگەن يەر يۇتۇش ۋە ھالاك قىلىنىپ كېتىشتەك ئىشلاردىن ساقلىنىپ قالىدۇ، ـ دېگەن سۆزى جاۋاب بولىدۇ.

* * * * * * *

قُلْ إِنَّمَا يُوحَىٰٓ إِلَيَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ ۖ فَهَلْ أَنتُم مُّسْلِمُونَ ﴿١٠٨﴾ فَإِن تَوَلَّوْا فَقُلْ
ءَاذَنتُكُمْ عَلَىٰ سَوَآءٍ ۖ وَإِنْ أَدْرِىٓ أَقَرِيبٌ أَم بَعِيدٌ مَّا تُوعَدُونَ ﴿١٠٩﴾ إِنَّهُۥ يَعْلَمُ ٱلْجَهْرَ مِنَ
ٱلْقَوْلِ وَيَعْلَمُ مَا تَكْتُمُونَ ﴿١١٠﴾ وَإِنْ أَدْرِى لَعَلَّهُۥ فِتْنَةٌ لَّكُمْ وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ حِينٍ ﴿١١١﴾ قَٰلَ رَبِّ
ٱحْكُم بِٱلْحَقِّ ۗ وَرَبُّنَا ٱلرَّحْمَٰنُ ٱلْمُسْتَعَانُ عَلَىٰ مَا تَصِفُونَ ﴿١١٢﴾

(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) «ماڭا ۋەھيى قىلىندىكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، سىلەر بويسۇنامسىلەر؟» دېگىن﴿108﴾. ئەگەر ئۇلار (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈسە، ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە (ھەقىقەتنى ھېچ كىشىنى ئايرىماستىن) ئوخشاش ئۇقتۇردۇم، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (ئازاب) يېقىنمۇ، يىراقمۇ؟ ئۇقمايمەن﴿109﴾. الله ھەقىقەتەن ئاشكارا سۆزنىمۇ، سىلەرنىڭ يوشۇرغانلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. بىلمەمسەنكى، ئۇ (يەنى سىلەرگە بېرىلىدىغان جازانىڭ كېچىكىشى) سىلەر ئۈچۈن سىناق ۋە ۋاقىتلىق پايدىلىنىش بولۇشى مۇمكىن»﴿111﴾. (پەيغەمبەر ئېيتتى) «پەرۋەردىگارىم! (مېنىڭ بىلەن مەككە كۇففارلىرىنىڭ ئارىسىدا) ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز مەرھەمەتلىك الله دۇر، سىلەرنىڭ بوھتان سۆزلىرىڭلارغا قارشى الله دىن ياردەم تىلەيمەن»﴿112﴾.

## ۋەھيىنىڭ غايىسىنىڭ الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش ئىكەنلىكى

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) «ماڭا ۋەھيى قىلىندىكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، سىلەر بويسۇنامسىلەر؟» دېگىن﴾** يەنى سىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشەمسىلەر ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنامسىلەر؟ ـ دېگىن. **﴿ئەگەر ئۇلار (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈسە، ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە (ھەقىقەتنى ھېچ كىشىنى ئايرىماستىن) ئوخشاش ئۇقتۇردۇم﴾** يەنى خۇددى سىلەر ماڭا جەڭ ئېلان قىلغاندەك ۋە مەندىن ئادا ـ جۇدا بولغاندەك، مەنمۇ سىلەرگە جەڭ

ئېلان قىلماقچى ۋە سىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولماقچى بولغانلىقىمنى ئۇقتۇردۇم، ـ دېگىن.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى قىلىشتا چىڭ تۇرسا: «مېنىڭ ئەمەلىم ئۆزەم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، مېنىڭ ئەمەلىمدىن سىلەر ئادا ـ جۇدا سىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن مەنمۇ ئادا ـ جۇدامەن (يەنى بىراۋ يەنە بىر بىراۋنىڭ قىلغان گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس)» دېگىن﴾[1]، ﴿ئەگەر سەن (مۇئاھىدە تۈزگەن) قەۋمدىن خىيانەت (ئالامەتلىرىنى) سەزسەڭ، مۇئاھىدىسىنى ئۇلارغا ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن (يەنى سەن بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن قەۋمدىن خىيانەت شەپىسى كۆرۈلسە، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماستىن، مۇئاھىدىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن). ﷲ ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[2]. يەنى تۈزۈلگەن سۈلھىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىدىن سېنىڭمۇ ۋە ئۇلارنىڭمۇ ئوخشاش خەۋىرى بولۇپ قالسۇن.

**﴿ئەگەر ئۇلار (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈسە، ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە (ھەقىقەتنى ھېچ كىشىنى ئايرىماستىن) ئوخشاش ئۇقتۇردۇم﴾** يەنى مەن سىلەرنىڭ مەندىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقىڭلارنى بىلگەچكە، مېنىڭمۇ سىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردۇم.

## قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت ﷲ تائالانىڭلا بىلىدىغانلىقى

**﴿سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (ئازاب) يېقىنمۇ، يىراقمۇ؟ ئۇقمايمەن﴾** يەنى (قىيامەت كۈنى بولىدىغان) ئۇ ئازاب چوقۇم يۈز بېرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ۋاقتى يېقىنمۇ ياكى يىراقمۇ بىلمەيمەن. **﴿ﷲ ھەقىقەتەن ئاشكارا سۆزنىمۇ، سىلەرنىڭ يوشۇرغانلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ﴾** يەنى ﷲ تائالا ھەقىقەتەن ھەممە يوشۇرۇن ئىشلارنى، بەندىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان ئىشلىرىنى، كۆرۈنۈشتە نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئاستىرتتىن نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. قىلغان ئىش مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ياخشى بولسىلا مۇكاپاتىنى، يامان بولسا جازاسىنى بېرىدۇ.

**﴿بىلمەيمەنكى، ئۇ (يەنى سىلەرگە بېرىلىدىغان جازانىڭ كېچىكىشى) سىلەر ئۈچۈن سىناق ۋە ۋاقىتلىق پايدىلىنىش بولۇشى مۇمكىن»﴾**، **﴿(پەيغەمبەر ئېيتتى) «پەرۋەردىگارىم! (مېنىڭ بىلەن مەككە كۇففارلىرىنىڭ ئارىسىدا) ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن﴾** يەنى مېنىڭ بىلەن مېنى يالغانچى دېگۈچى قەۋمىمنىڭ ئارىسىنى ئادىللىق بىلەن ئايرىغىن.

قەتادە بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: بارلىق پەيغەمبەرلەر: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىزنىڭ ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن»﴾[3] دەيتتى. ﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىمۇ شۇنداق دېيىشكە بۇيرۇدى.

مالىك زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى 41 ـ ئايەت.
(2) ئەنفال سۈرىسى 58 ـ ئايەت.
(3) ئەئراف سۈرىسى 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلەيھىسسالام جەڭ مەيدانىغا كەلگەندە: «﴿**پەرۋەردىگارىم! (مېنىڭ بىلەن مەككە كۇففارلىرىنىڭ ئارىسىدا) ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن**﴾ دەيتتى».

﴿**بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز مەرھەمەتلىك الله دۇر، سىلەرنىڭ بوھتان سۆزلىرىڭلارغا قارشى الله دىن ياردەم تىلەيمەن»**﴾ يەنى سىلەرنىڭ خىلمۇ خىل بوھتان ۋە يالغان سۆزلىرىڭلارغا قارشى الله تائالادىن ياردەم تىلەيمەن. الله تائالا ماڭا ياردەم بەرگۈچىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن، ئەنبىيا سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. كەرەملىك الله تائالانىڭ بىزنى قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىر چىلىقلىرىدىن ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

# ھەج سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 78 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُوا۟ رَبَّكُمْ ۚ إِنَّ زَلْزَلَةَ ٱلسَّاعَةِ شَىْءٌ عَظِيمٌ ﴿١﴾ يَوْمَ تَرَوْنَهَا تَذْهَلُ
كُلُّ مُرْضِعَةٍ عَمَّآ أَرْضَعَتْ وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمْلٍ حَمْلَهَا وَتَرَى ٱلنَّاسَ سُكَـٰرَىٰ
وَمَا هُم بِسُكَـٰرَىٰ وَلَـٰكِنَّ عَذَابَ ٱللَّهِ شَدِيدٌ ﴿٢﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر﴿1﴾. ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن ئېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەس كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەس ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس - ھوشىدىن كەتكۈزىۋەتكەن)، لېكىن ﷲ نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴿2﴾.

## قىيامەت ۋاقتىدا بولىدىغان قورقۇنچلۇق ئەھۋاللار

ﷲ تائالا بەندىلىرىنى ئۆزىدىن قورقۇشقا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇلارغا يېقىندا كېلىدىغان قىيامەتنىڭ قورقۇنچلىق ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە زېمىن (قوينىدىكى) يۈكلىرىنى (يەنى مەدەنلەر، ئوتلار، ئۆلۈكلەرنى) چىقارغاندا، ئىنسان (يەنى كاپىر) ئۇنىڭغا (يەنى زېمىنغا): «نېمە بولدى؟» دېگەندە بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى (يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن

ياخشى ـ يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ﴾[1]، ﴿زېمىن ۋە تاغلار (ئورۇنلىرىدىن) كۆتىرىلىپ (بىر ـ بىرىگە) ئۇرۇلۇپ (ئۇۋۇلۇپ كەتكەن) چاغدا، بۇ كۈندە چوڭ ئىش (يەنى قىيامەت) يۈز بېرىدۇ﴾[2]، ﴿زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەن، تاغلار پارچىلىنىپ توزاندەك توزۇپ كەتكەن چاغدا، قىيامەت (بەزىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) چۈشۈرىدۇ (بەزىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) كۆتۈرىدۇ﴾[3].

بەزىلەر: زېمىننىڭ بۇ تەۋرىتىلىشى دۇنيانىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، قىيامەت بولۇش باشلانغان ۋاقىتدا بولىدۇ، ـ دېدى.

﴿**قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر**﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەلقەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىيامەتنىڭ بۇ زىلزىلىسى (تەۋرىنىشى) قىيامەت بولۇشتىن بۇرۇن بولىدۇ.

بەزىلەر: بۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋاللار قىيامەت قايىم بولغاندىن كېيىن، قەبرىدىن تىرىلدۈرۈلۈپ توپلىنىدىغان مەيدان (يەنى مەھشەرگاھ) غا يىغىلغاندىن كېيىن بولىدۇ، ـ دېدى. ئىبنى جەرىر بۇ قاراشنى توغرا دەپ قارىدى ۋە تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنى ئۇنىڭغا پاكىت قىلىپ كەلتۈردى:

ئىمام ئەھمەد ئىمران ئىبنى ھۇسەيىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر سەپەردە ساھابىلەر پاراكەندىشىپ كېتىۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿**ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر. ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەس كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەس ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن)، لېكىن الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر**﴾ دېگەن ئايەتلەرنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇدى. ساھابىلەر بۇنى ئاڭلاپ مېڭىشىنى تېزلەتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەرسە دەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «شۇ كۈننىڭ قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالام چاقىرىلىدىغان (قىيامەت) كۈندۇر. ئۇلۇغ الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى چاقىرتىپ: ئى ئادەم! دوزاخقا ئەۋەتىلمەكچى بولغانلارنى ئايرىغىن، ـ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! قانچىلىك ئادەم دوزاخقا ئايرىلىدۇ؟ ـ دەيدۇ. الله تائالا ھەر 1000 كىشىدىن 999 ى دوزاختا، بىرى جەننەتتە بولىدۇ، ـ دەيدۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ساھابىلەر جىم بولۇشۇپ كەتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاغزى گەپكىمۇ بارمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ: «خۇش بېشارەت ئېلىڭلار ۋە ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىڭلار، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر ھەقىقەتەنمۇ يەجۇج ـ مەجۇج ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن شەيتاننىڭ باللىرىنىڭ[4] ئىچىدىن (يامان ئىشلارنى قىلغانلىقى سەۋەبىدىن) ھالاك قىلىنىپ كەتكەنلەردىن ئىبارەت چوڭ ئىككى گۇرۇھ بىلەن بىللە بولىسىلەر، بۇ ئىككى گۇرۇھ

---

(1) زەلزەلە سۈرىسى 1 ـ 4 ـ ئايەتكىچە.
(2) ھاققە سۈرىسى 14 ـ 15 ـ ئايەتلەر.
(3) ۋاقىئە سۈرىسى 3 ـ 6 ـ ئايەتكىچە.
(4) ئىبلىسنىڭ باللىرىدىن مەقسەت جىنلار بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى جىنلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغاندۇر، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغانلار ۋە ئىمان ئېيتماي، يامان ئىشلارنى قىلغانلار بار.

قېتىلغاندا، كىشىلەرنىڭ سانى بەك كۆپىيىدۇ»[1] دېدى. ساھابىلەر بىر ئاز ئەسلىگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىڭلار ۋە خۇش ـ بېشارەت ئېلىڭلار، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر باشقا ئۈممەتلەرگە قارىغاندا تۆگىنىڭ بېقىنىدىكى ياكى ئۇلاغنىڭ پۇتىدىكى (تەڭگىچە) قارىغا ئوخشايسىلەر» دېدى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ۋە نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەدىسنىڭ يەنە بىر خىل بايانىدا مۇنداق دەپ كەلدى: ئىمام تىرمىزى ئىمران ئىبنى ھۇسەيننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردە كېتىۋاتقاندا، الله تائالانىڭ: **﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر. ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەست كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەس ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن)، لېكىن الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾** دېگەن ئايىتى چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەردىن: «شۇ كۈننىڭ قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ساھابىلەر: الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ شۇنداق بىر كۈنكى الله تائالا ئۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا: ئى ئادەم! دوزاخقا ئەۋەتىلمەكچى بولغانلارنى ئايرىغىن، ـ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! قانچىلىك ئادەم دوزاخقا ئايرىلىدۇ؟ ـ دەيدۇ. الله تائالا: ھەر 1000 كىشىدىن 999 ى دوزاختا، بىرى جەننەتتە بولىدۇ، ـ دەيدۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ساھابىلەر يىغلىشىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ: «الله تائالاغا يېقىنلىشىڭلار ۋە توغرا يولدا بولۇڭلار، بىر پەيغەمبەر پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئىچىدىن ئازغۇنلۇقتا ياشىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆتكەن، دوزاخقا كىرىدىغان (ھەر 1000 كىشىدىن) 999 كىشى شۇلاردىن ئېلىنىدۇ. ئەگەر بۇلارمۇ يېتىشمىسە، كېمى مۇناپىقلاردىن ئېلىنىدۇ. سىلەر بىلەن باشقا ئۈممەتنىڭ مىسالى ئۇلاغنىڭ پۇتىدىكى ياكى تۆگىنىڭ بېقىنىدىكى (تەڭگىچىلىك) قارىغا ئوخشاش» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلارنىڭ تۆتتىن بىرى بولۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ساھابىلەر: "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلارنىڭ ئۈچتىن بىرى بولۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ساھابىلەر "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلارنىڭ يېرىمى بولۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. ساھابىلەر يەنە "الله ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتى. ئىمران ئىبنى ھۇسەين: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلارنىڭ ئۈچىنىڭ ئىككىسى بولۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن ياكى دېمىگەنلىكىنى بىلمەيمەن، ـ دېدى.

ئىمام بۇخارى بۇيەردە ئەبۇسەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى الله تائالا: ئى ئادەم! ـ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: خوش، پەرۋەردىگارىم! ـ دەيدۇ.

(1) يەنى بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ سانى بەك كۆپ بولغاچقا، ھەر 1000 كىشىدىن 999 نى دوزاخقا كىرىدىغانلار ئىگەللەيدۇ، سىلەر جەننەتكە كىرىدىغان بىر پىرسەنتنى ئىگىلەيسىلەر دېگەنلىك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن چاقىرىلىپ: **اللە** تائالا سېنى بالىلىرىڭدىن بىر بۆلۈكىنى دوزاخقا ئايرىشقا بۇيرۇيدۇ، ـ دېيىلىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! قانچىلىك ئادەم دوزاخقا ئايرىلىدۇ؟ ـ دەيدۇ. **اللە** تائالا: ھەر 1000 كىشىدىن 999 ى دوزاخقا ئايرىلىدۇ، ـ دەيدۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ھامىلىسى ئاجراپ كېتىدۇ، ياشلار قېرىپ كېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھالى **اللە** تائالا: **﴿ئىنسانلارنى مەست كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەست ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن)، لېكىن اللە نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾** دېگەن ئايىتىدە بايان قىلغاندەك بولۇپ كېتىدۇ، ـ دېدى.

بۇ ساھابىلەرگە بەك ئېغىر كەلدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ئۆزگۈرۈپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دوزاخقا ئايرىلىدىغان (ھەر 1000 كىشىدىن) 999 ى يەجۇج ـ مەجۇجدىن، جەننەتكە كىرىدىغان بىرى سىلەردىن بولىدۇ. سىلەر باشقا ئۈممەتلەرگە قارىغاندا ئاق ئۆكۈزنىڭ بېقىنىدىكى قارا تۈك ياكى قارا ئۆكۈزنىڭ بېقىنىدىكى ئاق تۈككە ئوخشايسىلەر. ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلارنىڭ تۆتتىن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. بىز بۇنى ئاڭلاپ: "**اللە** ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلارنىڭ ئۈچتىن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز: "**اللە** ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلارنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. بىز يەنە: "**اللە** ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتۇق.

قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىس ۋە ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپتۇر. **اللە** تائالا خالىسا، بۇلارنى باشقا يەرلەردە كەلتۈرىمىز.

قىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋاللىرى قورقۇنچلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن **اللە** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر﴾** يەنى بۇ كاتتا ۋە ئاجايىب بىر ئىشتۇر. قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى (يەنى تەۋرىنىشى) بولسا، قىيامەت كۈنى دىللارغا پەيدا بولىدىغان قورقۇنچلاردۇر.

**﴿ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ﴾** يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچى بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن، بىر بوۋاق ئۈچۈن ئەڭ مېھرىبان كىشى بولغان ئانا ئەڭ سۆيۈملۈك بوۋىقىنىڭ ئاغزىغا ئەمچىكىنى سېلىپ تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنى ئۇنتۇيدۇ.

**﴿ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ﴾** يەنى ئۇلار بەك قورقۇپ كەتكەنلىكتىن تۇغۇش ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن تۇغۇپ قويىدۇ. **﴿ئىنسانلارنى مەست كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەست ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن)، لېكىن اللە نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾**.

* * * * * * *

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَٰدِلُ فِي ٱللَّهِ بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَيَتَّبِعُ كُلَّ شَيۡطَٰنٖ مَّرِيدٖ ﴿٣﴾ كُتِبَ عَلَيۡهِ أَنَّهُۥ مَن تَوَلَّاهُ
فَأَنَّهُۥ يُضِلُّهُۥ وَيَهۡدِيهِ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلسَّعِيرِ ﴿٤﴾

بەزى كىشىلەر ﷲ (نىڭ قۇدرىتى ۋە سۈپەتلىرى) ئۈستىدە ھېچقانداق دەلىلسىز مۇنازىرىلىشىدۇ، ھەر بىر سەركەش شەيتانغا (يەنى ھەقتىن توسقۇچى كۇففارلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا) ئەگىشىدۇ﴿3﴾. ﷲ ھۆكۈم قىلىدۇكى، كىمكى شەيتانغا ئەگىشىدىكەن، شەيتان ئۇنى ئازدۇرىدۇ ۋە جەھەننەمنىڭ ئازابىغا سۆرەيدۇ﴿4﴾.

## شەيتانغا ئەگەشكۈچىلەرنى ئەيىبلەش

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەرلىرىگە چۈشۈرگەن ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ، سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئىنسان ۋە جىنلاردىن بولغان سەركەش شەيتانغا ئەگىشىپ، قىيامەت كۈنى (ئۆلۈكلەرنىڭ قەبرىدىن) قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن ۋە ﷲ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرەلەيدىغان قۇدرىتىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى قاتتىق ئەيىبلىدى. مانا بۇ، توغرا يولدىن يۈز ئۆرۈپ خاتا يولغا ماڭغان، ئىسلام دىنىغا دىن نامى بىلەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزگۈچىلەرنىڭ (يەنى بىدئەتخورلارنىڭ) ۋە ئازغۇنلۇقتىكى كىشىلەرنىڭ ھالىدۇر. بۇلار ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەن ھەقىقەتنى تاشلاپ، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە خاھىشىغا ئاساسلىنىپ، دىن نامى بىلەن دىنىنىڭ ئاھكاملىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزىدىغان پېشقەدەملىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئەگىشىدۇ. شۇڭا ﷲ تائالا بۇ خىل كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دېدى: **﴿بەزى كىشىلەر ﷲ (نىڭ قۇدرىتى ۋە سۈپەتلىرى) ئۈستىدە ھېچقانداق دەلىلسىز مۇنازىرىلىشىدۇ، ھەر بىر سەركەش شەيتانغا (يەنى ھەقتىن توسقۇچى كۇففارلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا) ئەگىشىدۇ﴾**.

**﴿ﷲ ھۆكۈم قىلىدۇكى، كىمكى شەيتانغا ئەگىشىدىكەن، شەيتان ئۇنى ئازدۇرىدۇ ۋە جەھەننەمنىڭ ئازابىغا سۆرەيدۇ﴾** يەنى شەيتان ئۇنى دۇنيادا ئازدۇرۇپ، ئاخىرەتتە نادامەت چەكتۈرگۈچى ئازاب بولغان جەھەننەمنىڭ ئازابىغا باشلايدۇ.

سۇددى ئەبۇمالىكنىڭ: بۇ ئايەت نەزر ئىبنى ھارىس ھەققىدە چۈشتى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئىبنى جۇرەيجمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېدى.

*******

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِن كُنتُمۡ فِي رَيۡبٖ مِّنَ ٱلۡبَعۡثِ فَإِنَّا خَلَقۡنَٰكُم مِّن تُرَابٖ ثُمَّ مِن نُّطۡفَةٖ ثُمَّ مِنۡ عَلَقَةٖ ثُمَّ مِن
مُّضۡغَةٖ مُّخَلَّقَةٖ وَغَيۡرِ مُخَلَّقَةٖ لِّنُبَيِّنَ لَكُمۡۚ وَنُقِرُّ فِي ٱلۡأَرۡحَامِ مَا نَشَآءُ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى ثُمَّ نُخۡرِجُكُمۡ
طِفۡلٗا ثُمَّ لِتَبۡلُغُوٓاْ أَشُدَّكُمۡۖ وَمِنكُم مَّن يُتَوَفَّىٰ وَمِنكُم مَّن يُرَدُّ إِلَىٰٓ أَرۡذَلِ ٱلۡعُمُرِ
لِكَيۡلَا يَعۡلَمَ مِنۢ بَعۡدِ عِلۡمٖ شَيۡـٔٗاۚ وَتَرَى ٱلۡأَرۡضَ هَامِدَةٗ فَإِذَآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡهَا ٱلۡمَآءَ ٱهۡتَزَّتۡ وَرَبَتۡ
وَأَنۢبَتَتۡ مِن كُلِّ زَوۡجِۭ بَهِيجٖ ٥ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ وَأَنَّهُۥ يُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَأَنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ٦
وَأَنَّ ٱلسَّاعَةَ ءَاتِيَةٞ لَّا رَيۡبَ فِيهَا وَأَنَّ ٱللَّهَ يَبۡعَثُ مَن فِي ٱلۡقُبُورِ ٧

ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، بىز سىلەرگە (ﷲ نىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى (ئالدى بىلەن) ئابمەنىدىن، ئاندىن لەختە

قاندىن، ئاندىن شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىدانىدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز (ئاندىن سىلەرنى ئاستا ـ ئاستا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، سىلەر (كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار، (ئىلگىرى) بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشىڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە (ھايات) قالدۇرۇلىسىلەر، (الله تائالانىڭ ئۆلگەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ﴿5﴾. بۇ (يەنى الله تائالانىڭ ئىنساننى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يۇقىرىقىدەك يارىتىشى)، الله نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى سىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر﴿6﴾. شۈبھىسىزكى، قىيامەت كەلگۈسىدۇر، ئۇنىڭ... 

# ئىنسانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىشىنىڭ قىيامەت كۈنى قەبرىدىن قايتا تىرىلىپ قوپۇشنىڭ ھەقلىقىنىڭ پاكىتى ئىكەنلىكى

الله تائالا يۇقىرىدا قەبرىدىن قايتا تىرىلىپ قوپۇشقا قارشى چىققان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىدىغانلارنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. بۇ يەردە، قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھېسسىي پاكىتلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، بىز سىلەرگە (الله نىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى (ئالدى بىلەن) ئابمەنىيدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق﴾**.

# ئىسپېرمىنىڭ ۋە بالىنىڭ بالىياتقۇدا تەرەققى قىلىدىغانلىقى

بىرتامچە ئىسپېرما بالىياتقۇغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ يەردە 40 كۈن تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا مۇشۇ مۇددەت ئىچىدە چۈشكەن ئىسپېرمىلارمۇ قوشۇلۇپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئىسپېرما الله تائالانىڭ خاھىشى بىلەن قىزىل لەختە قانغا ئايلىنىدۇ. بۇ قىزىل لەختە قان 40 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، شەكىلگە كىرگۈزۈلمىگەن بىر پارچە گۆشكە ئايلىنىدۇ. ئاندىن بۇ گۆش ئاستا ـ ئاستا شەكىلگە كىرىشكە باشلاپ، ئۇنىڭدا باش، ئىككى قول، كۆكرەك، قورساق، ئىككى يوتا، ئىككى پۇت ۋە باشقا ئەزالار پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بۇ گۆش شەكىلگە كىرىشتىن بۇرۇن چۈشۈپ كېتىدۇ، بەزىدە شەكىلگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئاندىن شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق﴾**.

**﴿بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىدانىدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز﴾** يەنى ئۇ ئادەم (تۇغۇلىدىغان

ۋاقتى ـ سائىتى كېلىپ بولغىچە) بالىياتقۇدىن چۈشۈپ كەتمەي تۇرىدۇ. شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ئۇ گۆش بالىياتقۇدا 40 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، الله تائالا ئۇنىڭغا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭغا روھ پۈۋلەيدۇ، ئۇنى الله تائالانىڭ خاھىشىچە چىرايلىق ياكى سەت، ئوغۇل ياكى قىز شەكىلگە كىرگۈزىدۇ ۋە ئۇنىڭ رىزقىنى، ئەجىلىنى ۋە بەختلىك (ياخشى كىشى) ياكى بەتبەخت بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇدنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: راست سۆزلىگۈچى ۋە راست سۆزلەنگۈچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ: «ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يارىتىلىشى مۇنداقتۇر: ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا 40 كۈن ئىسپېرما ھالىتىدە توپلىنىدۇ. ئاندىن 40 كۈن لەختە قان ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئاندىن 40 كۈن بىر چىشلەم گۆش ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئاندىن بىر پەرىشتە ئەۋەتىلىپ رىزقىنى، ئەجىلىنى، ئەمەلىنى ۋە بەختلىك ياكى بەختسىز بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۆت سۆزنى يېزىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا جان كىرگۈزىدۇ» دېدى.

## ئىنسان تېنىنىڭ بالىلىقتىن قېرىغىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى

**﴿ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز﴾** يەنى ئۇنى (ئانىسىنىڭ قارنىدىن) بەدىنى، ئاڭلاش، كۆرۈش، سېزىش، تۇتۇش ۋە ئويلاش ئىقتىدارلىرى ئاجىز بولغان ھالەتتە چىقىرىمىز، ئاندىن الله تائالا ئۇنىڭغا ئاز ـ ئازدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىدۇ ۋە ئاتا ـ ئانىسىنى ئۇنىڭغا داۋاملىق كۆيۈنىدىغان قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئاندىن سىلەرنى ئاستا ـ ئاستا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، سىلەر (كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر﴾**.

**﴿بەزىلىرىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار، (ئىلگىرى) بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشىڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە (ھايات) قالدۇرۇلىسىلەر﴾** يەنى قېرىپ كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار، بىر نەرسە تۇتۇش، ئويلاش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىڭلار ئاجىزلاپ كەتكىچە ھايات قالدۇرۇلىسىلەر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله سىلەرنى ئاجىز ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلدى، ئاندىن (سىلەرنى) كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلدى ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى، الله نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر﴾[1].

## الله تائالانىڭ قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆسۈملۈكلەردىن كەلتۈرگەن مىسالى

**﴿(الله تائالانىڭ ئۆلگەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن﴾** بۇ خۇددى الله تائالانىڭ ھېچ نېمە ئۈنمەيدىغان زېمىننى قايتا تىرىلدۈرەلىگىنىدەك، قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنىمۇ قايتا تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە بىر پاكىتتۇر.

(1) رۇم سۈرىسى 54 ـ ئايەت.

**﴿ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ﴾** يەنى الله تائالا ئۇ قاقاس زېمىنغا يامغۇر ياغدۇرسا، زېمىن جانلىنىپ ياشىرىدۇ، ئاندىن رەڭلىرى، تەملىرى، خۇش پۇراقلىرى، شەكىللىرى ۋە يەتكۈزىدىغان مەنپەئەتلىرى ئوخشاش بولمىغان خىلمۇ ـ خىل مېۋىلەر، زىرائەتلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ﴾**.

**﴿بۇ (يەنى الله تائالانىڭ ئىنساننى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يۇقىرىقىدەك يارىتىشى)، الله نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى سىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر﴾** يەنى الله تائالانىڭ ئىنساننى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك يارىتىشى ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىنى ياراتقان، ئۇنى تەرتىپكە سالغان ۋە خالىغاننى قىلىدىغان زات ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈپ ئۇنىڭدىن ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرگىنىدەك، قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنىمۇ قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1]، ﴿الله بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴾[2].

**﴿شۇنداقلا قىيامەتنىڭ شەكسىز بولىدىغانلىقىنى، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى (ئۆلۈك زېمىننى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈش بىلەن تىرىلدۈرگەندەك) الله نىڭ تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر﴾** يەنى ئۆلۈكلەر قەبرىلىرىدە چىرىپ تۇگەشكەن بولسىمۇ، ئۇنى قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر». الله سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر﴾[3].

* * * * * * *

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَٰدِلُ فِي ٱللَّهِ بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَلَا هُدٗى وَلَا كِتَٰبٖ مُّنِيرٖ ٨ ثَانِيَ عِطۡفِهِۦ لِيُضِلَّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۖ
لَهُۥ فِي ٱلدُّنۡيَا خِزۡيٞۖ وَنُذِيقُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ عَذَابَ ٱلۡحَرِيقِ ٩ ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتۡ يَدَاكَ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَيۡسَ بِظَلَّٰمٖ
لِّلۡعَبِيدِ ١٠

بەزىلەر (توغرا تونۇشقا ئېلىپ بارىدىغان) ھېچقانداق ھەقىقىي ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا الله توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىدۇ. (ئۇنىڭ مۇنازىرىلىشىشى نوقۇل نەپسى خاھىشى ۋە تەرسالىقىدىندۇر)﴿8﴾. ئۇ (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن مەغرۇرانە يۈرىدۇ، ئۇ دۇنيادا

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ياسىن سۈرىسى ـ 82 ـ ئايەت.
(3) ياسىن سۈرىسى ـ 78 ـ 80 ـ ئايەتكىچە.

خارلىققا دۇچار بولىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا كۆيدۈرگۈچى (ئوتنىڭ) ئازابىنى تېتىتىمىز﴿9﴾. (ئۇنىڭغا): «(خارلىق بىلەن ئازاب) سېنىڭ قىلمىشلىرىڭ (يەنى كۇفرىڭ بىلەن گۇمراھلىقىڭ) تۈپەيلىدىندۇر، **الله** بەندىلىرىگە ھەرگىز زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر» (دېيىلىدۇ)﴿10﴾.

## دىن نامىدىن دىنغا يېڭىلىق كىرگۈزۈش، كىرگۈزگۈچىلەرنىڭ ۋە ئازغۇنلۇقتىكىلەرنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ ھالى

**الله** تائالا يۇقىرىدا نادان، ئەگەشكۈچى ئازغۇنلارنىڭ ھالىنى ئۆزىنىڭ: ﴿بەزى كىشىلەر **الله** (نىڭ قۇدرىتى ۋە سۈپەتلىرى) ئۈستىدە ھېچقانداق دەلىلسىز مۇنازىرىلىشىدۇ، ھەر بىر سەركەش شەيتانغا (يەنى ھەقتىن توسقۇچى كۇففارلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا) ئەگىشىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەردە ئازغۇنلۇققا چاقىرىدىغان ئازغۇنلۇقتىكىلەر ۋە دىن نامىدىن دىنغا يېڭىلىق كىرگۈزگۈچىلەرنىڭ (يەنى بىدئەتخورلارنىڭ) ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿بەزىلەر (توغرا تونۇشقا ئېلىپ بارىدىغان) ھېچقانداق ھەقىقىي ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا الله توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىدۇ. (ئۇنىڭ مۇنازىرىلىشىشى نوقۇل نەپسى خاھىشى ۋە تەرسالىقىدىندۇر)﴾**.

**﴿ئۇ (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن مەغرۇرانە يۈرىدۇ﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇ ھەقىقەتكە چاقىرىلسا، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا چوڭلۇق قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

مۇجاھىد، قەتادە ۋە مالىك قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ: ئۇ ھەقىقەتكە چاقىرىلسا، چوڭلۇق قىلىپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىغان كىشىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿مۇسانىڭ (قىسسىسىدىمۇ) بىر تۈرلۈك ئالامەت بار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى بىز پىرئەۋنگە روشەن دەلىل بىلەن ئەۋەتتۇق. پىرئەۋن ئۆز قوشۇنى بىلەن (ئىماندىن) يۈز ئۆرىدى، ئۇ: «(مۇسا) سېھىرگەردۇر ياكى مەجنۇندۇر» دېدى﴾[2].

﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) غا: «**الله** نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار» دېيىلسە، مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن﴾[3]، ﴿ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىپ: «كېلىڭلار، رەسۇلۇللاھ سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ» دېيىلسە، (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) باشلىرىنى سىلكىيدۇ، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا (دەۋەت قىلىنغان نەرسىدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن﴾[4]، ﴿ئەگەر ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز (يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) ئوقۇپ بېرىلسە، گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك (**الله** نىڭ ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈيدۇ، (ئى مۇھەممەد!) ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن﴾[5].

---

(1) ھەج سۈرىسى 3 ـ ئايەت.
(2) زارىيات سۈرىسى 38 ـ 39 ـ ئايەتلەر.
(3) نىسا سۈرىسى 61 ـ ئايەت.
(4) مۇنافىقۇن سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(5) لوقمان سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

﴿ئۇ دۇنيادا خارلىقا دۇچار بولىدۇ﴾ يەنى ئۇ چوڭلۇق قىلىپ الله تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئىدى، الله تائالا ئۇنى دۇنيادىلا خارلىقا دۇچار قىلىش بىلەن جازالىدى. ئۇنىڭ بىردىن بىر مەقستى ۋە نىشانى دۇنيادا چوڭچىلىق قىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا (ئۇنىڭ ئۇ نىشانىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە) ئۇنى دۇنيادىلا خارلىقا دۇچار قىلىش بىلەن جازالىدى.

**﴿ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا كۆيدۈرگۈچى (ئوتنىڭ) ئازابىنى تېتىتىمىز (ئۇنىڭغا): «(خارلىق بىلەن ئازاب) سېنىڭ قىلمىشلىرىڭ (يەنى كۇفرىڭ بىلەن گۇمراھلىقىڭ) تۈپەيلىدىندۇر، الله بەندىلىرىگە ھەرگىز زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر» (دېيىلىدۇ)﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿(دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) «ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناقسۇ قويۇپ ئازابلاڭلار» دېيىلىدۇ. (ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات ئىدىڭ. بۇ (ئازاب) ھەقىقەتەن (ھايات ۋاقتىڭلاردا) سىلەر شەكلەنگەن نەرسىدۇر» دېيىلىدۇ﴾[1].

* * * * * * *

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَعۡبُدُ ٱللَّهَ عَلَىٰ حَرۡفٖۖ فَإِنۡ أَصَابَهُۥ خَيۡرٌ ٱطۡمَأَنَّ بِهِۦۖ وَإِنۡ أَصَابَتۡهُ فِتۡنَةٌ ٱنقَلَبَ عَلَىٰ وَجۡهِهِۦ خَسِرَ ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةَۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡخُسۡرَانُ ٱلۡمُبِينُ ﴿١١﴾ يَدۡعُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُۥ وَمَا لَا يَنفَعُهُۥۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلضَّلَٰلُ ٱلۡبَعِيدُ ﴿١٢﴾ يَدۡعُواْ لَمَن ضَرُّهُۥٓ أَقۡرَبُ مِن نَّفۡعِهِۦۚ لَبِئۡسَ ٱلۡمَوۡلَىٰ وَلَبِئۡسَ ٱلۡعَشِيرُ ﴿١٣﴾

بەزىلەر الله غا شەك ـ شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە دىنىدا تۇرىدۇ (مۇنداق ئادەم مۇناپىق بولۇپ، الله غا دىلى بىلەن ئەمەس، پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭغا بەختسىزلىك يەتسە دىنىدىن يېنىۋالىدۇ، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، بۇ روشەن زىياندۇر﴿11﴾. ئۇ الله نى قويۇپ پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتقا چوقۇنىدۇ، بۇ چوڭقۇر گۇمراھلىقتۇر﴿12﴾. ئۇ (مۇشرىكلارنىڭ قارىشى بويىچە بۇت قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىدۇ دېگەندىمۇ) ئەلۋەتتە زىيىنى پايدىسىدىن يېقىن بولغان نەرسىگە چوقۇنىدۇ، (ئۇ بۇت) راستىلا يامان مەدەتكاردۇر، راستىلا يامان ھەمراھتۇر﴿13﴾.

## تۇراقسىز ھالدا ئىبادەت قىلىش دېگەن سۆزنىڭ بايانى

**﴿بەزىلەر الله غا شەك ـ شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە بەزى ئالىملار: بەزى كىشىلەر دىننى قوبۇل قىلغاندا دىنىنىڭ بىر قىسمىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەگەر دىنىدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسە دىنىدا تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، دىنىدىن يېنىۋالىدۇ، ـ دېدى.

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ئۇلار (مۇنافىقلار) دىن بىرى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلەتتى، ئەگەر ئۇنىڭ ئايالى ئوغۇل تۇغسا، ئېتى قۇلۇنلىسا: بۇ

(1) دۇخان سۈرىسى 47 ـ 50 ـ ئايەتكىچە.

ياخشى دىن ئىكەن ، ـ دەيتتى ، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا: بۇ يامان دىن ئىكەن دەيتتى ، ـ دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلدى.

**﴿ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە دىنىدا تۇرىدۇ (مۇنداق ئادەم مۇناپىق بولۇپ، الله غا دىلى بىلەن ئەمەس، پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭغا بەختسىزلىك يەتسە دىنىدىن يېنىۋالىدۇ﴾** ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: بىرىلىرى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلەتتى ، مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن تېنى ساغلام تۇرسا ، ئېتى چىرايلىق تايدىن بىرنى قۇلۇنلىسا ، ئايالى ئوغۇل تۇغسا ، دىنىدىن رازى بولىدۇ ۋە دىنىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ: مەن بۇ دىنغا كىرگەندىن بېرى مۇشۇ ياخشىلىقلارنى كۆرۈپتىمەن ، ـ دەيدۇ. مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن بىرەر كېسەلگە يولۇقسا ، ئايالى قىز تۇغسا ، ئۇنىڭغا كېلىدىغان سەدىقە كېچىكسە ، شەيتان ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ، سەن بۇ دىنغا كىرگەندىن بېرى پەقەت يامانلىق كۆرۈپ كېلىۋاتىسەن ، ـ دەپ ۋەسۋەسە سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ كىشى دىنىدىن يېنىۋالىدۇ ، ـ دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە ، زەھھاك ، ئىبنى جۇرەيج ۋە باشقا سەلەپ ئالىملىرىمۇ شۇنداق دېدى.

**﴿ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ﴾** يەنى ئۇ كىشى دۇنيالىقتىمۇ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدى ، ئاخىرەتتىمۇ (ئۇلۇغ الله تائالاغا كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن) ئەڭ بەتبەخت ۋە خار ھالەتتە بولىدۇ.

**﴿بۇ روشەن زىياندۇر﴾** يەنى چوڭ ۋە روشەن زىياندۇر.

**﴿ئۇ الله نى قويۇپ پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتقا چوقۇنىدۇ﴾** يەنى ئۇ پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلاردىن ياردەم سورايدۇ ۋە رىزىق تەلەپ قىلىدۇ. **﴿بۇ چوڭقۇر گۇمراھلىقتۇر﴾**.

**﴿ئۇ (مۇشرىكلارنىڭ قارىشى بويىچە بۇت قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىدۇ دېگەندىمۇ) ئەلۋەتتە زىيىنى پايدىسىدىن يېقىن بولغان نەرسىگە چوقۇنىدۇ﴾** يەنى بۇتنىڭ ئاخىرەتتە ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىدىن باشقا ، ئۇنىڭ دۇنيادىكى زىيىنى پايدىسىنىڭ كېلىشىدىن يېقىندۇر ، ئەمما ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ زىيان كەلتۈرىدىغانلىقى چوقۇمدۇر. **﴿(ئۇ بۇت) راستلا يامان مەدەتكاردۇر ، راستلا يامان ھەمراھتۇر﴾**.

*******

إِنَّ ٱللَّهَ يُدۡخِلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَفۡعَلُ مَا يُرِيدُ ﴿١٤﴾

شۈبھىسىزكى ، الله ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ ، الله ھەقىقەتەن خالىغىنىنى قىلىدۇ (يەنى خالىغان ئادەمگە ساۋاب بېرىدۇ ، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ)﴿14﴾.

## ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغانلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات

الله تائالا يۇقىرىدا ئازغۇنلۇقتىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندى. بۇ يەردە (ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپلا) چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان ، ئىمانىنىڭ راستلىقىنى ئەمەل ـ ئىبادىتى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ

نۇرغۇن ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلغان ۋە يامان ئىشلاردىن يانغانلارنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەشكە باشلاپ: ئۇلارنىڭ قىلغان بۇ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى ئۇلارنى جەننەتكە مىراسخور قىلىدۇ، ـ دەپ بايان قىلدى. الله تائالا كاپىرلارنى توغرا يولدا قىلمىغانلىقىنى ۋە مۆمىنلەرنى توغرا يولدا قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: **﴿الله ھەقىقەتەن خالىغىنىنى قىلىدۇ (يەنى خالىغان ئادەمگە ساۋاب بېرىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ)﴾**.

*******

مَن كَانَ يَظُنُّ أَن لَّن يَنصُرَهُ ٱللَّهُ فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْـَٔاخِرَةِ فَلْيَمْدُدْ بِسَبَبٍ إِلَى ٱلسَّمَآءِ ثُمَّ لْيَقْطَعْ فَلْيَنظُرْ هَلْ يُذْهِبَنَّ كَيْدُهُۥ مَا يَغِيظُ ﴿١٥﴾ وَكَذَٰلِكَ أَنزَلْنَٰهُ ءَايَٰتٍۭ بَيِّنَٰتٍ وَأَنَّ ٱللَّهَ يَهْدِى مَن يُرِيدُ ﴿١٦﴾

كىمكى الله پەيغەمبىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەرگىز ياردەم بەرمەيدۇ دەپ گۇمان قىلىدىكەن، ئۇ تورۇسقا ئارغامچا سېلىپ بوغۇلۇپ ئالسۇن، قارىسۇنكى، ئۇنىڭ (بۇ) تەدبىرى غەزىپىنى باسالامدۇ؟ (يەنى الله پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرمەيدۇ دەپ ئويلايدىكەن، ئۇ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالسۇن، ئەگەر بۇ ئۇنىڭ خاپىلىقىنى باسالايدىغان بولسا، چۈنكى، الله پەيغەمبىرىگە چوقۇم ياردەم بېرىدۇ)﴿15﴾. شۇنىڭغا ئوخشاش (يەنى ئىلگىرىكى كىتابلارنى نازىل قىلغىنىمىزغا ئوخشاش)، قۇرئاننى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) روشەن ئايەتلەر قىلىپ نازىل قىلدۇق، الله خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ (يەنى الله دىن باشقا ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى يوق، الله خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ)﴿16﴾.

## الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە چوقۇم ياردەم قىلىدىغانلىقى

**﴿كىمكى الله پەيغەمبىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەرگىز ياردەم بەرمەيدۇ دەپ گۇمان قىلىدىكەن، ئۇ تورۇسقا ئارغامچا سېلىپ بوغۇلۇپ ئالسۇن، قارىسۇنكى، ئۇنىڭ (بۇ) تەدبىرى غەزىپىنى باسالامدۇ؟﴾** يەنى كىمكى: الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، كىتابى قۇرئان كەرىمگە ۋە دىنىغا ياردەم قىلمايدۇ، ـ دەپ گۇمان قىلسا، ئەگەر ئاچچىغى چىقىدىغان ئىش بولىدىغان بولسا، بېرىپ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالسۇن. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾[1].

**﴿شۇنىڭغا ئوخشاش (يەنى ئىلگىرىكى كىتابلارنى نازىل قىلغىنىمىزغا ئوخشاش)، قۇرئاننى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) روشەن ئايەتلەر قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾** يەنى قۇرئاننىڭ سۆزى ۋە مەنىسى روشەندۇر، ئۇ كىشىلەرگە الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بىر پاكىتتۇر.

**﴿الله خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ (يەنى الله دىن باشقا ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى يوق،**

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 51 ـ ئايەت.

**ﷲ خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ)﴾** يەنى ﷲ تائالا بىر ھېكمەت ئۈچۈن خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ ۋە خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ. بۇ ئىشتا ﷲ تائالانىڭ خالىغىنى بولىدۇ. ﷲ تائالانىڭ شۇنداق قىلىشى شۇ ئىشتا ﷲ تائالانىڭ بىر ھېكمىتى، رەھمىتى، ئادىللىقى، يامان ئىشقا ئاچچىقلىنىشى ۋە بىلىمى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ﷲ تائالانىڭ ھۆكمىگە ھېچ كىشى قارشى تۇرالمايدۇ. ئۇ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر. ﷲ تائالا ئۆزىنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن سوئال قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ﷲ نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴾[1].

*******

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَادُواْ وَٱلصَّٰبِـِٔينَ وَٱلنَّصَٰرَىٰ وَٱلۡمَجُوسَ وَٱلَّذِينَ أَشۡرَكُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ يَفۡصِلُ
بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٌ ﴿١٧﴾

مۆمىنلەر، يەھۇدىيلار، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار، ناسارالار، مەجۇسىيلەر (يەنى ئاتەشپەرەسلەر) ۋە مۇشرىكلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ﷲ ھەقىقەتەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ (يەنى ﷲ تائالا مۆمىنلەر بىلەن مەزكۇر بەش پىرقە ئارىسىدا توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ، مۆمىنلەرنى جەننەتكە، كۇففارلارنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ)، ﷲ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿17﴾.

## ﷲ تائالانىڭ قىيامەت كۈنى دىنىي گۇرۇھلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەر، يەھۇدىيلار، پەرىشتىلەرگە ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار، خىرىستىئانلار، ئاتەش پەرەسلەر ۋە مۇشرىكلاردىن ئىبارەت خىلمۇ ـ خىل دىنىي گۇرۇھلارنىڭ ئارىسىدا قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە ۋە گەپ ـ سۆزلىرىگە گۇۋاھچى ئىكەنلىكى ۋە ئىچ ـ سىرلىرىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ گۇرۇھلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت مۆمىنلەرنىلا جەننەتكە، باشقا بارلىق كاپىرلارنى دوزاخقا كىرگۈزىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

*******

أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يَسۡجُدُ لَهُۥ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ وَٱلشَّمۡسُ وَٱلۡقَمَرُ وَٱلنُّجُومُ وَٱلۡجِبَالُ وَٱلشَّجَرُ
وَٱلدَّوَآبُّ وَكَثِيرٞ مِّنَ ٱلنَّاسِۖ وَكَثِيرٌ حَقَّ عَلَيۡهِ ٱلۡعَذَابُۗ وَمَن يُهِنِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِن مُّكۡرِمٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَفۡعَلُ مَا
يَشَآءُ ۩ ﴿١٨﴾

بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر)، زېمىندىكىلەر (يەنى ئىنسانلار، جىنلار ۋە زېمىندا ياشايدىغان بارلىق مەخلۇقاتلار)، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋاناتلار (ﷲ غا

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 23 ـ ئايەت.

بويسۇنۇپ، **الله** نىڭ تەسەررۇپ قىلىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ) ۋە نۇرغۇن كىشىلەر **الله** غا سەجدە قىلىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر (كۇفرى سەۋەبلىك) ئازابقا دۇچار بولدى، **الله** نىڭ خارلىشىغا ئۇچرىغان ئادەمگە ھۆرمەتلىگۈچى چىقمايدۇ، **الله** ھەقىقەتەن خالىغىنىنى قىلىدۇ (يەنى ئازاب قىلىش، رەھىم قىلىش، ئەزىز قىلىش، خار قىلىش، باي قىلىش، كەمبەغەل قىلىش **الله** نىڭ خاھىشىدىكى ئىش بولۇپ، **الله** غا ھېچ كىشى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)﴾18﴿.

## بارلىق نەرسىلەرنىڭ الله تائالاغا سەجدە قىلىدىغانلىقى

**الله** تائالا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلمەي ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى، **الله** تائالانىڭ كاتتىلىقىغا بارلىق نەرسىلەر ئىختىيارى ياكى ئىختىيارسىز ھالدا سەجدە قىلىدۇ. ھەممە نەرسىلەرنىڭ سەجدە قىلىش شەكلى شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بولىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار **الله** ياراتقان شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىنىڭ بويسۇنغان ھالدا **الله** غا سەجدە قىلىش يۈزىسىدىن ئوڭ ـ سولغا مايىل بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟﴾[1]، ﴿يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار **الله** نى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، **الله** نى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى **الله** نىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر﴾[2].

﴿**بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر)، زېمىندىكىلەر (يەنى ئىنسانلار، جىنلار ۋە زېمىندا ياشايدىغان بارلىق مەخلۇقاتلار)، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋاناتلار (الله غا بويسۇنۇپ، الله نىڭ تەسەررۇپ قىلىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ)**﴾ **الله** تائالانىڭ بۇ ئايەتتە: ﴿**كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار**﴾ دەپ ئالاھىدە كەلتۈرۈشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، **الله** تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىدىغان بۇ نەرسىلەرنىڭمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان **الله** تائالاغا سەجدە قىلىدىغانلىقىنى ۋە **الله** تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر.

**الله** تائالا (بۇ نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى **الله** تائالا بولغاچقا، **الله** تائالا سەجدىنى بۇ نەرسىلەرگە ئەمەس، بەلكى بۇ نەرسىلەرنى ياراتقان **الله** تائالاغا قىلىشقا بۇيرۇپ) مۇنداق دېدى: ﴿كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي **الله** نىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان **الله** غا سەجدە قىلىڭلار﴾[3].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «كۈننىڭ قەيەرگە كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۈن ئەرشنىڭ ئاستىدا (**الله** تائالاغا) سەجدە قىلغىلى كېتىدۇ، ئاندىن بۇيرۇق كۈتىدۇ. كۈنگە كەلگەن تەرىپىڭدىن قايتقىن دېيىلىدىغانغا ئاز قالدى»[4] دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدى: بىر كىشى

(1) نەھل سۈرىسى 48 ـ ئايەت.
(2) ئىسرا سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) فۇسسىلەت سۈرىسى 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) يەنى كۈننىڭ كۈن پېتىش تەرەپتىن چىقىشقا بۇيرۇلىدىغانغا ئاز قالدى، كۈن ئۇ تەرەپتىن چىققاندا قىيامەت قايىم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن كېچە چۈشۈمدە بىر دەرەخنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇپ، سەجدىگە بارغانمىشمەن، دەرەخمۇ مەندەك سەجدىگە بېرىپ: ئى الله ! بۇ سەجدەم ئۈچۈن ماڭا بىر ئەجرى يازساڭ، مەندىن بىر گۇناھنى ئۆچۈرىۋەتسەڭ، ئۇنى مەن ئۈچۈن دەرگاھىڭدا ساقلاپ قويساڭ ۋە مەندىن ئۇنى خۇددى بەندەڭ داۋۇدتىن قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلساڭ، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغۇدەكمىشمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە ئايىتىدىن بىرنى ئوقۇپ سەجدە قىلدى[1]، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ (سەجدىدە تۇرۇپ) ھېلىقى كىشى سۆزلەپ بەرگەن (دەرەخ قىلغان) دۇئانى قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ئىمام ئەھمەد ھايۋانلار ھەققىدە مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارنى ئۈستىدىن چۈشمەي ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقتەك بىر نەرسە قىلىۋېلىشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: «نۇرغۇنلىغان مىنىلىدىغان ھايۋانلار باركى، ئۇلار، ئۈستىگە مىنگەن كىشىدىن كۆپ ياخشىدۇر ۋە الله تائالانى كۆپ زىكرى قىلغۇچىدۇر».

**﴿ۋە نۇرغۇن كىشىلەر الله غا سەجدە قىلىدۇ﴾** يەنى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر الله تائالاغا بويسۇنۇش ۋە ئىبادەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سەجدە قىلىدۇ.

**﴿نۇرغۇن كىشىلەر (كۇفرى سەۋەبلىك) ئازابقا دۇچار بولدى﴾** يەنى الله تائالاغا سەجدە قىلغىلى ئۇنىمىغانلار ۋە سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلار ئازابقا دۇچار بولدى.

**﴿الله نىڭ خارلىشىغا ئۇچرىغان ئادەمگە ھۆرمەتلىگۈچى چىقمايدۇ، الله ھەقىقەتەن خالىغىنىنى قىلىدۇ (يەنى ئازاب قىلىش، رەھىم قىلىش، ئەزىز قىلىش، خار قىلىش، باي قىلىش، كەمبەغەل قىلىش الله نىڭ خاھىشىدىكى ئىش بولۇپ، الله غا ھېچ كىشى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)﴾**

ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئىنسان سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان ۋاقىتتا، شەيتان يىغلىغان پېتى يىراقلىشىپ: ۋاي ئىست! ئىنسان سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدى، سەجدە قىلدى، ئۇنىڭغا جەننەت بېرىلدى. مەن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، سەجدە قىلمىدىم، ماڭا دوزاخ بېرىلدى، ـ دەيدۇ».

ئىمام ئەھمەد ئۇقبە ئىبنى ئامىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەج سۈرىسىدە ئىككى سەجدە ئايىتى كەلگەنلىكى ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ باشقا سۈرىلىرىدىن ئارتۇق قىلىنغانمۇ؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە شۇنداق، كىمكى ئۇ ئىككى ئايەتكە كەلگەندە سەجدە قىلماي دېسە، ئۇ ئىككى ئايەتنى ئوقۇمىسۇن» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەبۇداۋۇ، خالىد ئىبنى مەئداندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەج سۈرىسى (ئۇنىڭدا ئىككى سەجدە ئايىتى كەلگەنلىكى ئۈچۈن) قۇرئاننىڭ باشقا

بولىدۇ.

(1) ئوقۇغۇچى ۋە تىڭشىغۇچىغا سەجدە قىلىش لازىم بولىدىغان ئايەتلەر: ئەئراف، رەئد، نەھل، ئىسرا، مەريەم، ھەج، فۇرقان، نەمل، سەجدە، ساد، فۇسسىلەت، نەجم، ئىنشىقاق، ئەلەق قاتارلىق سۈرىلەردە بار.

سۈرىلىرىدىن ئارتۇق قىلىندى». ئەبۇبەكرى ئىسمائىل ئەبۇجەھمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جابىيە دېگەن يەردە ھەج سۈرىسىدىكى ئىككى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلىپ: بۇ سۈرە مۇشۇ ئىككى سەجدە ئايىتى بىلەن ئارتۇق قىلىندى، ــ دېدى.

ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى ئون بەش سەجدە ئايىتىنى ئوقۇتتى. بۇ ئايەتلەرنىڭ ئۈچى كىچىك سۈرىلەردە، ئىككىسى سۈرە سەجدىدۇر.

* * * * * * *

﴿ هَٰذَانِ خَصۡمَانِ ٱخۡتَصَمُواْ فِي رَبِّهِمۡۖ فَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ قُطِّعَتۡ لَهُمۡ ثِيَابٞ مِّن نَّارٖ يُصَبُّ مِن فَوۡقِ رُءُوسِهِمُ
ٱلۡحَمِيمُ ١٩ يُصۡهَرُ بِهِۦ مَا فِي بُطُونِهِمۡ وَٱلۡجُلُودُ ٢٠ وَلَهُم مَّقَٰمِعُ مِنۡ حَدِيدٖ ٢١ كُلَّمَآ أَرَادُوٓاْ أَن
يَخۡرُجُواْ مِنۡهَا مِنۡ غَمٍّ أُعِيدُواْ فِيهَا وَذُوقُواْ عَذَابَ ٱلۡحَرِيقِ ٢٢

(مۆمىنلەر ۋە كۇففارلاردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى (پىرقە) پەرۋەردىگارى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى (يەنى مۆمىنلەر بىلەن كۇففارلار اللە نىڭ دىنى ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپ، مۆمىنلەر اللە نىڭ دىنىغا ياردەم بەرمەكچى بولدى، كۇففارلار اللە نىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى)، كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ﴿19﴾. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ ـ باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ﴿20﴾. ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ﴿21﴾. ھەر قاچان ئۇلار (يېتىۋاتقان) غەم ـ قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ، (ئۇلارغا) كۆيدۈرگۈچى (دوزاخ) ئازابىنى تېتىڭلار (دېيىلىدۇ)﴿22﴾.

## بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇزەرنىڭ قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ: **﴿(مۆمىنلەر ۋە كۇففارلاردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى (پىرقە) پەرۋەردىگارى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى﴾** دېگەن ئايەت بەدرى كۈنى (قىلىچ بىلەن) ئۇرۇشۇش ئۈچۈن (مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن) مەيدانغا چۈشكەن ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى سەپدىشى بىلەن (كاپىرلار تەرىپىدىن) مەيدانغا چۈشكەن ئۇتبە ۋە ئۇنىڭ ئىككى سەپدىشى توغرىسىدا چۈشكەن، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىيامەت كۈنى مەن اللە تائالانىڭ ئالدىدا (كاپىرلار بىلەن) مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ تىزلىنىپ ئولتۇرىمەن. قەيس مۇنداق دېدى: بەدر كۈنى قىلىچ بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپتىن مەيدانغا چۈشكەنلەر توغرىسىدا اللە تائالانىڭ: **﴿(مۆمىنلەر ۋە كۇففارلاردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى (پىرقە) پەرۋەردىگارى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى﴾** دېگەن ئايىتى چۈشتى. ئۇلار مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئەلى، ھەمزە ۋە ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار، كاپىرلار تەرىپىدىن شەيبە ئىبنى رەبىئە، ئۇتبە ئىبنى رەبىئە ۋە ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە قاتارلىقلاردۇر.

**﴿(مۆمىنلەر ۋە كۇففارلاردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى (پىرقە) پەرۋەردىگارى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى﴾** ئىبنى ئەبۇنەجىيھ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت قىيامەت كۈنى قەبرىدىن قايتا تىرىلىشكە ئوخشاش ئىشلاردا مۇنازىرىلەشكەن كاپىرلار ۋە مۆمىنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇجاھىد ۋە ئەتا يەنە مۇنداق دېدى: بۇ ئايەت ھەممە مۆمىن ۋە كاپىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى بەدر كۈنى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئىش بولسۇن، مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئارىسىدا بولغان ھەرقانداق بىر ئىش ۋە مۇنازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، مۆمىنلەر **الله** تائالانىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشنى، كاپىرلار بولسا، ئىماننىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈشنى، ھەقىقەتنى ياردەمچىسىز قويۇشنى ۋە ھەر خىل ھەقسىزلىكنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىبنى جەرىر بۇ سۆزگە ياخشى باھا بەردى.

## كاپىرلارنىڭ جازاسى

**﴿كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ﴾** سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: كاپىرلارغا تۇچتىن كىيىم پىچىلىدۇ. چۈنكى، تۇچ دېگەن قىزىغان ۋاقتىدا قاتتىق كۆيدۈرىدىغان ماددىدۇر.

**﴿ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ - باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ﴾** ئىبنى جەرىر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قاتتىق قىزىتىلغان قايناقسۇ كاپىرلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن قۇيۇلىدۇ، سۇ باشنىڭ سۆڭەكلىرىدىن ئۆتۈپ قورساققا كېلىدۇ ۋە قورساقتىن باشلاپ ئىككى پۇتىچە بولغان پۈتۈن ئەزالارنى ئېرىتىپ تاشلايدۇ. ئاندىن كاپىر قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ». بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ۋە ئىبنى ئەبۇھاتەممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئابدۇللاھ ئىبنى سىرىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەرىشتە بىر قاچا قايناقسۇنى (ئۇنىڭ بەك قىززىقلىقىدىن ئىككى قىسقۇچ بىلەن) كۆتۈرۈپ كاپىرنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. پەرىشتە قاچىنى كاپىرنىڭ يۈزىگە يېقىن ئەكەلسە، كاپىر ئۇنى يامان كۆرگەندەك قىلىدۇ. پەرىشتە يېنىدىكى تۆمۈر توقماق بىلەن كاپىرنىڭ بېشىغا بىرنى سېلىشى بىلەن ئۇنىڭ مېڭىسى چاچراپ چىقىپ كېتىدۇ. ئاندىن پەرىشتە قايناق سۇنى ئۇنىڭ باش تەرىپىدىن قۇيىدۇ، سۇ ئۇنىڭ قورسىقىغىچە كېلىدۇ. مانا بۇ، **الله** تائالانىڭ: **﴿ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ - باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىدۇر.

**﴿ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: كاپىرلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ، توقماق ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزالىرىغا تەكشى چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆلۈمنى تىلىگىلى تۇرىدۇ.

**﴿ھەر قاچان ئۇلار (يېتىۋاتقان) غەم - قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ﴾** ئەئمەش ئەبۇزابىياندىن سەلماننىڭ: دوزاخ بولسا بەك قاراڭغۇدۇر، دوزاخ ئوتىنىڭ يالقۇنلىرى ۋە چوغلىرى ئۇنىڭغا يورۇقلۇق تاشلىيالمايدۇ دەپ، (سۆزىنى دەلىللىگەن ئاساستا) يۇقىرىدىكى ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

﴿(ئۇلارغا) كۆيدۈرگۈچى (دوزاخ) ئازابىنى تېتىڭلار (دېيىلىدۇ)﴾، اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا: «سىلەر ئىنكار قىلغان دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ﴾[1] يەنى كاپىرلارغا جىسمانىي ۋە روھىي ئازاب بېرىلىدۇ.

* * * * * * *

إِنَّ ٱللَّهَ يُدۡخِلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ يُحَلَّوۡنَ
فِيهَا مِنۡ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٖ وَلُؤۡلُؤٗاۖ وَلِبَاسُهُمۡ فِيهَا حَرِيرٞ ٢٣ وَهُدُوٓاْ إِلَى ٱلطَّيِّبِ مِنَ ٱلۡقَوۡلِ
وَهُدُوٓاْ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلۡحَمِيدِ ٢٤

اللّٰه ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى ۋە مەرۋايىتلارنى زىننەت بۇيۇملىرى قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ﴿23﴾. ئۇلار ياخشى سۆزگە (يەنى كەلىمە تەۋھىدكە) ھىدايەت قىلىندى. اللّٰه نىڭ يولىغا ھىدايەت قىلىندى﴿24﴾.

## مۆمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى

اللّٰه تائالا يۇقىرىدا دوزاخقا كىرىدىغانلارنىڭ ھالىدىن، ئۇلارغا دوزاختا بولىدىغان ھەر تۈرلۈك ئازاب ۋە ئوتتىن تەييارلاپ قويۇلغان كىيىملەردىن خەۋەر بېرىپ ئۆتكەن ئىدى (اللّٰه تائالا بىزنىڭمۇ ئۇلاردەك بولۇپ قېلىشىمىزدىن ساقلىسۇن!)، بۇ يەردە جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**اللّٰه ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ**﴾ يەنى ئۇ ئۆستەڭلارنىڭ سۇلىرى جەننەتنىڭ ھەممە يەرلىرىگە، ھەتتا بولۇڭ پۇشقاقلىرىغىچە ئېقىپ بارىدۇ، جەننەتنىڭ دەرەخلىرى ۋە قەسىرلىرىنىڭ ئاستىلىرىدىن ئېقىپ تۇرىدۇ، جەننەتتىكىلەر ئۆستەڭنىڭ سۇلىرىنى ئۆزلىرى خالىغان يەرلىرىگە باشلاپ بارالايدۇ.

﴿**ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى ۋە مەرۋايىتلارنى زىننەت بۇيۇملىرى قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار بۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىغا تاقايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «(قىيامەت كۈنى) مۆئمىننىڭ زىننەتلىنىدىغان يەرلىرى دۇنيادا (تاھارەت ئالغاندا) تاھارەت سۈيى يەتكەن يەرلىرىدۇر».

﴿**ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ**﴾ يەنى ئوتتىن كىيىم پىچىلگەن دوزىخىلارنىڭ دەل ئەكسىچە، جەننەتتىكىلەرنىڭ كىيىملىرى يۇپقا ۋە قېلىن يىپەكلەردىن بولىدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا يىپەك ۋە قېلىن يىپەكتىن (تەييارلانغان) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ، (ئۇلار) كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى تاقايدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاك شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ

(1) سەجدە سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ مېھنەتتىڭلار قوبۇل بولدى﴾[1].

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر دۇنيادا يىپەك ۋە تاۋارنى كىيمەڭلار. چۈنكى، دۇنيادا ئۇنى كىيگەن كىشى ئاخىرەتتە كىيەلمەيدۇ».

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير: يىپەكنى ئاخىرەتتە كىيەلمىدى دېگەنلىك، جەننەتكە كىرەلمىدى دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ﷲ تائالا: ﴿**ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ**﴾ دېدى، ـ دەيدۇ.

﴿**ئۇلار ياخشى سۆزگە ھىدايەت قىلىندى. ﷲ نىڭ يولىغا ھىدايەت قىلىندى**﴾ ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (پەرىشتىلەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ) سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، دەپ سالام بېرىدۇ﴾[2]، ﴿پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەر بىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) «سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ﴾[3]، ﴿ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت «سالام! سالام!» سۆزىنىلا ئاڭلايدۇ﴾[4]، ﴿ئەنە شۇلار سەۋرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان) دۇئا ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ﴾[5] يەنى جەننەتتىكىلەر خۇددى دوزاختىكىلەر: ﴿**كۆيدۈرگۈچى (دوزاخ) ئازابىنى تېتىڭلار**﴾ دېيىلىپ مەنىۋىي ئازاب ۋە مەسخىرىگە دۇچار بولغىنىدەك، (مەنىۋىي ئازابقا دۇچار بولماستىن، بەلكى) ياخشى سۆز ۋە سالاملارنى ئاڭلايدىغان يەرلەرگە باشلىنىدۇ.

﴿**ﷲ نىڭ يولىغا ھىدايەت قىلىندى**﴾ يەنى پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ياخشى جاي ئاتا قىلغانلىقى ۋە ياخشى نېمەتلەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىغا ھەمدۇسانا ئېيتىدىغان ئورۇن ـ جەننەتكە باشلاپ قويىدۇ.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتتىكىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىش خۇددى ئۇلارنىڭ نەپەس ئېلىشى ئۈچۈن تىنىق ئاتا قىلىنغاندەك ئاتا قىلىنىدۇ».

﴿**ئۇلار ياخشى سۆزگە ھىدايەت قىلىندى**﴾ بەزى تەپسىرشۇناس ئالىملار: ﴿**ياخشى سۆزگە**﴾ دېگەن ئايەتتىن قۇرئان كەرىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دەيدۇ. بۇ ئايەتتىن: "لائىلاھە ئىللەللاھۇ" دېگەن تەۋھىد كەلىمىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەن كۆزقاراشمۇ بار. ئىسلام دىنىدا يولىغا قويۇلغان دۇئالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەن كۆزقاراشمۇ بار.

﴿**ﷲ نىڭ يولىغا ھىدايەت قىلىندى**﴾ بەزى ئالىملار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، بۇ دۇنيادا توغرا يولغا ھىدايەت قىلىندى دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دەيدۇ. بۇ ئايەتلەرگە بېرىلگەن مەنىلەرنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق. ﷲ راستىنى بىلگۈچىدۇر.

---

(1) ئىنسان سۈرىسى 21 ـ 22 ـ ئايەتلەر.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
(3) رەئد سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 24 ـ ئايەت.
(4) ۋاقىئە سۈرىسى 25 ـ 26 ـ ئايەتلەر.
(5) فۇرقان سۈرىسى 75 ـ ئايەت.

*******

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ ٱلَّذِي جَعَلۡنَٰهُ لِلنَّاسِ سَوَآءً ٱلۡعَٰكِفُ فِيهِ وَٱلۡبَادِۚ وَمَن يُرِدۡ فِيهِ بِإِلۡحَادِۭ بِظُلۡمٖ نُّذِقۡهُ مِنۡ عَذَابٍ أَلِيمٖ ﴿٢٥﴾

كاپىرلارغا، (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن توسقۇچىلارغا، - ئۇ ئولتۇرۇشلۇق بولسۇن ياكى سىرتتىن كەلگەن بولسۇن - بىز كىشىلەرگە ئىبادەتگاھ قىلغان مەسچىتى ھەرامدىن توسقۇچىلارغا (يەنى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەسچىتى ھەرامغا كەلگەن مۆمىنلەرنى توسقۇچىلارغا) (قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز)، كىمكى مەسچىتى ھەرامدا زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴿25﴾.

## كىشىلەرنى الله نىڭ يولىدىن ۋە ھەرەم مەسچىتىدىن توسقانلارغا قىلىنغان تەھدىت

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنى ھەرەم مەسچىتىدىن توسۇپ، ئۇ يەردە ئۇلارلىرىنىڭ ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتىن چەكلەپ، ئۆزلىرىنى ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىگىلىرى دەپ دەۋا قىلىشۋالغان كاپىرلارنى ئەيىبلىدى. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، بۇ سۈرىنىڭ مەدىنىدە چۈشكەنلىك ئېھتىمالىمۇ بار[1]. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلار ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىگىلىرى ئەمەستۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (باشقىلارنىڭ) مەسچىتى ھەرامغا كىرىشىنى توسۇۋاتسا، الله ئۇلارغا نېمىشقا ئازاب قىلمىسۇن؟ ئۇلار مەسچىتى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى ئەمەس، مەسچىتى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى تەقۋادارلاردىن باشقىلار ئەمەستۇر، لېكىن (بۇنى) ئۇلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾[2].

**﴿كاپىرلارغا، (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن توسقۇچىلارغا، - ئۇ ئولتۇرۇشلۇق بولسۇن ياكى سىرتتىن كەلگەن بولسۇن - بىز كىشىلەرگە ئىبادەتگاھ قىلغان مەسچىتى ھەرامدىن توسقۇچىلارغا (يەنى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەسچىتى ھەرامغا كەلگەن مۆمىنلەرنى توسقۇچىلارغا) (قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز)﴾** يەنى كاپىرلار كاپىر بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، ئەمەلىيەتتە، ھەرەم مەسچىتىگە ئەڭ لايىق بولغان مۆمىنلەرنى ھەرەم مەسچىتىگە كىرىشتىن توسىدۇ.

## مەككىنىڭ ئۆيلىرىنى ئىجارىگە قويۇش مەسىلىسى

**﴿كاپىرلارغا، (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن توسقۇچىلارغا، - ئۇ ئولتۇرۇشلۇق بولسۇن ياكى سىرتتىن كەلگەن بولسۇن - بىز كىشىلەرگە ئىبادەتگاھ قىلغان مەسچىتى ھەرامدىن توسقۇچىلارغا (يەنى**

(1) چۈنكى بۇ ئايەت مۆمىنلەرنى ھەرەم مەسچىتىدىن توسقان كاپىرلارنى ئەيىبلەپ كەلدى، كاپىرلارنىڭ مۆمىنلەرنى ھەرەم مەسچىتىدىن توسۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن بولغان ئىشتۇر. بۇ سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىكى چېغىدا يۈز بەرگەن بىر ئىش توغرىسىدا چۈشكەن.
(2) ئەنفال سۈرىسى 34 - ئايەت.

**ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەسچىتى ھەرامغا كەلگەن مۆمىنلەرنى توسقۇچىلارغا) (قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز)﴾** يەنى كىشىلەر مەيلى ئۇلار مەككىدە ئولتۇرۇشلۇق ياكى سىرتتىن كەلگەن بولسۇن، ھەرەم مەسچىتىدە ئىبادەت قىلىشتا تەڭ ھوقۇقلۇق بولغىنىدەك، مەككە زېمىنىدا ئولتۇراقلىشىش ۋە ئۆي تۇتۇش ئىشىدىمۇ تەڭ ھوقۇقلۇقتۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن: (كىشىلەر مەيلى) مەككىلىك بولسۇن ياكى سىرتتىن كەلگەن بولسۇن، ھەرەم مەسچىتى ئەتراپىدا يەرلىشەلەيدۇ، - دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن: مەككىلىك ياكى سىرتتىن كەلگەنلەر بولسۇن، كىشىلەر ھەرەم مەسچىتى ئەتراپىدا ئۆي تۇتۇپ ئورۇنلىشىشتا تەڭ ھوقۇقلۇقتۇر، - دېدى.

ئەبۇسالىھ ئابدۇراھمان ئىبنى سابىت ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېدى. ئابدۇرازاق مۇئەممەردىن قەتادەنىڭ بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

بۇ ئىمام شافىئىي ۋە ئىسھاق ئىبنى راھەۋىيە خېيف مەسچىتىدە ئولتۇرۇپ تالىشىپ قالغان بىر مەسىلىدۇر. بۇ تالاش - تارتىشتا ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلمۇ بار ئىدى. (بۇ تالاش - تارتىشتا) ئىمام شافىئىي (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): كىشىلەر مەككىنىڭ ئۆيلىرىنى (سېتىۋالغانغا ئوخشاش ھەق يول بىلەن) شەخسىي مۈلۈك قىلالايدۇ، مىراس قىلىپ قالدۇرالايدۇ ۋە ئىجارىگە قويالايدۇ، - دېگەن كۆزقاراشقا كەلدى ۋە بۇ كۆزقاراشقا ئۇسامە ئىبنى زەيد رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى.

ئۇسامە ئىبنى زەيد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئەتە مەككىدىكى ئۆيۈڭگە چۈشەمسەن؟ - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇقەيل بىزگە بىرەر ئۆي قويۇپ قويدىمۇ؟[1] كاپىر مۇسۇلمانغا، مۇسۇلمان كاپىرغا مىراسخور بولالمايدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام شافىئىي كۆزقارىشىنى يەنە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ تۆۋەندىكى ئىشى بىلەن دەلىللىدى: رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدە سافۋان ئىبنى ئۇمەييەدىن بىر ئۆينى تۆت مىڭ دەرھەم كۈمۈشكە سېتىۋېلىپ، تۈرمە قىلغان. شۇڭا تاۋۇس ۋە ئەمرى ئىبنى دىنارمۇ مۇشۇ كۆزقاراشقا كەلدى.

ئەمما ئىسھاق ئىبنى راھەۋىيە: مەككىنىڭ ئۆيلىرى مىراس قىلىپ قالدۇرۇلمايدۇ ۋە ئىجارىگە قويۇلمايدۇ، - دېگەن كۆزقاراشقا كەلدى. بۇ بىر تۈركۈم سەلەپ ئالىملىرىنىڭ قارىشىدۇر. بۇ ھەقتە مۇجاھىد ۋە ئەتا شۇنداق دېدى. ئىسھاق ئىبنى راھەۋىيە ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىغا ئىبنى ماجە ئەلقەمە ئىبنى نەزلەدىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى.

ئەلقەمە ئىبنى نەزلە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر

---

(1) ئۇقەيل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمان ئېيتمىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ مەككىنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى ئۆيىگە ئىگە بولۇۋېلىپ ئۇنى سېتىۋەتكەن، پەتھى بولۇشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئۇسامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۇقىرىدىكى سۆزنى قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇقەيل بىزگە بىرەر ئۆينى ساتماي تاشلاپ قويغانمۇ؟» دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ۋاپات بولۇپ كەتكەن چاغلاردا مەككىنىڭ ئۆيلىرى ئىگىسىز ئۆيلەر دەپ قارىلاتتى. قولىدا بىرەر ئۆي بار كىشى ئۆيگە ئېھتىياجى بولسا كىرىپ ئولتۇراتتى، ئېھتىياجى بولمىسا، باشقىلارغا بىكارلاپ بېرەتتى.

ئابدۇررازاق ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەككىنىڭ ئۆيلىرىنى سېتىش ۋە ئۇلارنى ئىجارىگە بېرىش ھالال ئەمەس. ئابدۇررازاق ئىبنى جەرىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەتا ھەرەمدە ئىجارە بېرىشتىن توستى. ئاڭلىشىمچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىرتتىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ مەككىدىكى ئۆيلەرنىڭ قورولىرىغا چۈشۈشى ئۈچۈن ئۇ ئۆيلەرگە ئىشىك بېكىتىۋېلىشتىن توستى، قورۇسىغا ئەڭ ئاۋۋال ئىشىك ئورناتقان كىشى سۇھەيل ئىبنى ئەمرى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىش ھەققىدە ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتتى، سۇھەيل ئىبنى ئەمرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئوبدان ئويلاپ باقساڭ، مەن تىجارەت قىلىدىغان ئادەممەن، مەن ماللىرىمنى ساقلاش ئۈچۈنلا ئۆيۈمگە ئىككى ئىشىك ئورناتتىم، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: ئۇنداق بولسا مەيلى، ـ دېدى.

ئابدۇررازاق مۇجاھىدتىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئى مەككىلىكلەر! سىرتتىن ھەجگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ خالىغان ئۆيگە چۈشۈشى ئۈچۈن سىلەر ئۆيلىرىڭلارغا ئىشىك بېكىتىۋالماڭلار. مۇئەممەر: ﴿**ئۇ ئولتۇرۇشلۇق بولسۇن ياكى سىرتتىن كەلگەن بولسۇن**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەتائىنىڭ: سىرتتىن ھەجگە كەلگەنلەر (مەككىنىڭ ئۆيلىرىگە) خالىغانچە چۈشەلەيدۇ، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام دارقۇتنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى مەككىنىڭ ئۆيلىرىنى ئىجارىگە قويۇپ، ئۇنىڭ پۇلىنى يېسە، ئوتنى يېگەن بولىدۇ. ئەمما ئىمام ئەھمەد ئىككى تەرەپنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ،ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇپ: مەككىنىڭ ئۆيلىرى شەخسىي مۈلۈك قىلىنىدۇ ۋە مىراس قويۇلىدۇ، لېكىن ئىجارىگە قويۇلمايدۇ، ـ دېدى. **الله** توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

## ھەرەمدە قەستەن گۇناھ ئىشلارنى قىلماقچى بولغان كىشىلەرگە قىلىنغان تەھدىت

﴿**كىمكى مەسچىتى ھەرامدا زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز**﴾ يەنى كىمكى ھەرەمدە چوڭ گۇناھتىن بىرنى قەستەن قىلماقچى بولىدىكەن (ئۇنىڭغا **الله** تائالانىڭ قاتتىق ئازابى بولىدۇ).

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**زۇلۇم بىلەن**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى، **الله** تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: كىمكى ھەرەم مەسچىتىدە شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز.

ئەۋفىي **الله** تائالانىڭ: ﴿**زۇلۇم بىلەن**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس

204

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئىش بىر كىشىنىڭ (بىرەر كىشىگە ئەزىيەت بېرىش ياكى ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىشتەك) ﷲ تائالا ھەرەمدە (ھارام قىلىپ) چەكلىگەن ئىشلارنى ھالال ساناپ، زۇلۇم قىلمىغان كىشىگە زۇلۇم قىلىشى ياكى جېدەللەشمىگەن كىشى بىلەن جېدەللىشىشتەك قىلمىشلىرىدۇر. كىمكى شۇنداق ئىشلارنى قىلسا، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىش پۈتۈلۈپ كەتكەن بولىدۇ.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: بۇ ئايەتتە ھەرەمدە يامان ئىش قىلغان كىشى كۆزدە تۇتۇلغان. ھەرەمنىڭ ھەرەمدە قەستەن يامان ئىش قىلماقچى بولغان كىشىنى (گەرچە ئۇ كىشى ئۇ ئىشنى قىلمىسىمۇ) جازالىشى ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: **﴿كىمكى مەسچىتى ھەرامدا زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر بىرەر كىشى (گەرچە ئۇ ئەدەن ئەبيەن دېگەن [1] يەردە بولسىمۇ) ھەرەمدە قەستەن بىر گۇناھ ئىشنى قىلماقچى بولىدىكەن، ئەلۋەتتە، ﷲ تائالا ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىدۇ. بۇنى ئىمام ئەھمەدمۇ رىۋايەت قىلغان.

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دېدى: ھەرەمدە ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنى (ئەڭ ئاددىيسى) تىللاش، ئېغىر بولغاندا ئۇنىڭدىن چوڭ ئىشلارنى قىلىش ھەرەمدە زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ھەبىب ئەبۇسابىت بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ھەرەمدە زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولغان كىشى بۇغداي، قوناق قاتارلىق ئاشلىقلارنى ساقلاپ قويۇپ، كېيىنچە قىممەت باھادا سېتىش مەقسىتىدە توپلىغان كىشىدۇر. بەزى ئالىملارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنداق دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە يەنە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيسنى بىر مۇھاجىر ۋە بىر ئەنسارى كىشى بىلەن بىر يەرگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەسەبلىرى بىلەن پەخىرلىنىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس ئاچچىقىدا ئەنسارىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ۋە ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ، مەككىگە قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ﷲ تائالا ئۇنىڭ توغرىسىدا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿كىمكى مەسچىتى ھەرامدا زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن﴾** يەنى كىمكى ئىسلامدىن يېنىۋېلىپ، ھەرەمگە كىرىۋالسا، **﴿ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾**.

يۇقىرىدا كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلارنىڭ گۇناھ ئىشلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ ئايەت ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىشلانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا پىل ئىگىلىرى بولغان ھەبەشلەر كەبىنى ئۆرۈۋەتمەكچى بولۇپ كەلگەندە، ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى

(1) ئۇ يەمەندىكى بىر شەھەردۇر.

ئەۋەتتى. قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانذەك قىلىۋەتتى﴾[1] يەنى الله تائالا ئۇلارنى تىتما-تىتما قىلىپ يوقىتىپ، كەبىگە يامانلىق قىلماقچى بولغان ھەرقانداق بىر كىشى ئۈچۈن ئىبرەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كەبىگە ئۇرۇش ئاچماقچى بولۇپ كەلگەن بىر قوشۇن بەيدا دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇلاردىن بىرىمۇ قالدۇرۇلماي زېمىنغا يۇتقۇزۇۋېتىلىدۇ».

*******

وَإِذۡ بَوَّأۡنَا لِإِبۡرَٰهِيمَ مَكَانَ ٱلۡبَيۡتِ أَن لَّا تُشۡرِكۡ بِي شَيۡـٔٗا وَطَهِّرۡ بَيۡتِيَ لِلطَّآئِفِينَ وَٱلۡقَآئِمِينَ وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ ٢٦ وَأَذِّن فِي ٱلنَّاسِ بِٱلۡحَجِّ يَأۡتُوكَ رِجَالٗا وَعَلَىٰ كُلِّ ضَامِرٖ يَأۡتِينَ مِن كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٖ ٢٧

ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، قىيام قىلغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن﴿26﴾. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ﴿27﴾.

## كەبىنىڭ سېلىنغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ھەجگە چاقىرىلغانلىقى

**﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، قىيام قىلغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا الله تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسى ۋە شېرىكى يوق بىر الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان پاك بىر زېمىندا الله تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىپ، الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلەرنى ئەيىبلىدى ۋە تەنقىتلىدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى سېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كەبىنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ قويغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا كەبىنى سېلىش ئىشىنى تاپشۇرۇپ، (كەبىنى سېلىشقا) رۇخسەت بەرگەنلىكىنى بايان قىلدى.

كەبىنى ئەڭ ئاۋۋال سالغان كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن كەبە سېلىنمىغان ئىدى دەيدىغان كۆپ ساندىكى ئالىملار كەبىنى ئەڭ ئاۋۋال سالغان كىشىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىگە يۇقىرىدىكى ئايەتنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قايسى مەسچىت ئەڭ ئاۋۋال

(1) فىل سۈرىسى 1 ـ 5 ـ ئايەتكىچە.

سېلىنغان؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەرەم مەسچىتى ئاۋۋال سېلىنغان» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: ئاندىن قايسى مەسچىت سېلىنغان؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەقسا مەسچىتى» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: ئۇ ئىككى مەسچىتنىڭ ئارىلىقىدا قانچىلىك ۋاقىت بار؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا 40 يىل بار (يەنى ئەقسا مەسچىتى ھەرەم مەسچىتىدىن 40 يىل كېيىن سېلىنغان)» دەپ جاۋاب بەردى.

الله تائالا يەر يۈزىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىچىدە ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال سېلىنغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، مەقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، الله ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر﴾[1]، ﴿ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى كەبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق﴾[2].

**﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن﴾** يەنى (ئى ئىبراھىم!) سەن كەبىنى مېنىڭ نامىمغىلا قۇرغىن.

**﴿مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن﴾** قەتادە ۋە مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: مېنىڭ ئۆيۈمنى شېرىكتىن پاك قىلغىن دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

**﴿تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، قىيام قىلغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن﴾** يەنى سەن مېنىڭ ئۆيۈمنى شېرىكى يوق، بىر الله غىلا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرگىلا شېرىكتەك نەرسىلەردىن پاك قىلغىن. تاۋاپ بولسا، ھەممىگە مەلۇم بولغان كەبىنىڭ قېشىدىن باشقا يەردە قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئىبادەتتۇر. ئايەتتىكى **﴿قىيام قىلغۇچىلارغا﴾** دېگەن سۆزدىن نامازنىڭ قىيامىدا تۇرغۇچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، شۇڭا الله تائالا ئۇنىڭ كەينىدىنلا: **﴿رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا﴾** دەپ بايان قىلدى.

الله تائالا بۇ ئايەتتە تاۋاپ قىلىش بىلەن ناماز ئوقۇشنى بىر يەردە كەلتۈردى. چۈنكى، بۇ ئىككى ئىبادەتنىڭ ئادا قىلىنىشى كەبە بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. يەنى تاۋاپ كەبىنىڭ قېشىدىن باشقا يەردە ئادا قىلىنمايدۇ، ئەمما نامازغا كەلسەك، قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن چاغدا ئوقۇغان ياكى ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا ئوقۇغان نامازلارنى ۋە ياكى سەپەردە كېتىۋېتىپ ئوقۇغان نەپلە نامازلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا[3]، ناماز ئوقۇغاندا چوقۇم قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش لازىم. ئەگەر ناماز ئوقۇغاندا قىبلىگە



(1) ئال ئىمران سۈرىسى 96 ـ 97 ـ ئايەتلەر.
(2) بەقەرە سۈرىسى 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن چاغدا، ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن، گۇمانىچە بۇ تەرەپ قىبلە دەپ پەرىزى كۈچلۈك بولغان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇسا (گەرچە ئۇ تەرەپ قىبلە بولمىسىمۇ) ئوقۇغان نامىزى ئادا بولىدۇ. ئۇرۇشتا قىبلە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇسا، دۈشمەن ئارقا تەرەپتىن كېلىپ قىرىۋېتىدىغان ۋە ياكى جەڭ تازا قىزىپ كەتكەنلىكتىن قىبلە تەرەپكە يۈز كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللەنسە، مەيلى ئۇ قايسى تەرەپكە قارىغان بولسۇن ياكى ئۇ مېڭىپ كېتىۋاتقان بولسۇن، ياكى ئۇلاغقا مىنگەن بولسۇن ۋە ياكى تانكا، ئايروپىلانلارنىڭ ئۈستىدە

يۈز كەلتۈرۈلمىسە، ناماز ئادا قىلىنغان بولمايدۇ.

**﴿كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ ندا قىلغىن﴾** يەنى كىشىلەرنى (مەن سېنى سېلىشقا بۇيرۇغان) بۇ كەبىنى ھەج قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چاقىرىق ئېلىپ بارغىن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! ئاۋازىم ھەممە كىشىلەرگە يەتمىسە، كىشىلەرگە بۇ چاقىرىقىمنى قانداق يەتكۈزىمەن؟ ـ دەيدۇ. **الله** تائالا: سەن چاقىرغىن، ئۇنى يەتكۈزۈش بىزنىڭ ئۈستىمىزگە، ـ دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئورنىدا تۇرۇپلا: ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلار ھەقىقەتەن (ئىبادەت ئۈچۈن) بىر ئۆي سالدۇردى، سىلەر ئۇ ئۆينى ھەج قىلىش ئۈچۈن كېلىڭلار، ـ دەپ توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن، تاغلار پەسلىتىلىپ بېرىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازى زېمىننىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ياڭراپ كەتتى. ھەتتا (ئانىلىرىنىڭ قورسىقىدىكى) تېخى تۇغۇلمىغان تۆرەلمىلەر ۋە ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدىكى ئىنسانلارنىڭ نەسىللىرىمۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ چاقىرىقىنى ئاڭلىغان بارلىق تاغلار، تاشلار، چالما ـ كېسەكلەر، سېغىز ـ توپىلار، دەل ـ دەرەخلەر ۋە **الله** تائالا ھەج قىلىدۇ دەپ قىيامەت كۈنىگىچە يېزىۋەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى: "لەببەيكەللاھۇممە لەببەيك"[1] دەپ جاۋاب قايتۇردى. بۇ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە باشقا سەلەپ ئالىملاردىن مۇشۇ توغرىسىدا قىلىنغان رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدۇر.

**﴿ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ﴾** قادىر بولالايدىغان كىشى ئۈچۈن ھەجگە پىيادە كېلىش ئۇلاغقا مىنىپ كەلگەندىن ياخشى دەپ قارايدىغان ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ قارىشىغا بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. چۈنكى، **الله** تائالا ئايەتتە ھەجگە پىيادە كەلگۈچىنى ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كەلگۈچىدىن بۇرۇن كەلتۈردى. بۇ، ھەجگە پىيادە بېرىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ـ دەيدۇ.

ئەبۇھەلھەلە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: مەن ھەجنى مېڭىپ بېرىپ قىلمىغىنىمغا پۇشايمان قىلغاندەك بىرەر نەرسىگە پۇشايمان قىلمىدىم. چۈنكى، **الله** تائالا: **﴿ئۇلار پىيادە كېلىدۇ﴾** دېدى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. لېكىن كۆپ ساندىكى ئالىملار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن ھەجگە ئۇلاغقا مىنىپ كېلىش ياخشىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجگە پىيادە كېلىشكە قادىر تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇلاغقا مىنىپ كەلگەن، ـ دەيدۇ.

**﴿ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى **الله** تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىگەن دۇئاسىدىن خەۋەر بەرگەن مۇنۇ ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشاشتۇر: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن﴾[2] شۇڭا ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى كەبىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىشتۇر ۋە شۇڭا كەبىگە كىشىلەر دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن كېلىشىدۇ.

---

بولسۇن، ناماز ئوقۇغانلا بولسا، ئوقۇغان نامىزى ئادا بولىدۇ. سەپەر ئۈستىدە كېتىۋاتقان بىر كىشى ئۇ مەيلى هارۋا، ئېشەك ۋە ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ياكى ئايروپىلاندا بولسۇن، نەپلە ناماز ئوقۇغاچ ماڭاي دەپ (نەپلە) ناماز ئوقۇغان بولسا، كېتىۋاتقان يولىنىڭ يۆنىلىشى قىبلە تەرەپكە توغرا كەلمەي، باشقا تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغان بولسىمۇ، ئوقۇغان نامىزى دۇرۇس بولىدۇ.

(1) ئى **الله** ! بۇيرۇقىڭغا ھازىردۇرمىز!

(2) ئىبراھىم سۈرىسى 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

*******

﴿لِّيَشۡهَدُواْ مَنَٰفِعَ لَهُمۡ وَيَذۡكُرُواْ ٱسۡمَ ٱللَّهِ فِيٓ أَيَّامٖ مَّعۡلُومَٰتٍ عَلَىٰ مَا رَزَقَهُم مِّنۢ بَهِيمَةِ ٱلۡأَنۡعَٰمِۖ فَكُلُواْ مِنۡهَا وَأَطۡعِمُواْ ٱلۡبَآئِسَ ٱلۡفَقِيرَ ٢٨ ثُمَّ لۡيَقۡضُواْ تَفَثَهُمۡ وَلۡيُوفُواْ نُذُورَهُمۡ وَلۡيَطَّوَّفُواْ بِٱلۡبَيۡتِ ٱلۡعَتِيقِ ٢٩﴾

كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى الله نىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) الله نىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن». سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، موھتاجقا، پېقىرغا بېرىڭلار﴿28﴾. ئاندىن ئۇلار كىرلىرىنى تازىلىسۇن (يەنى ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چاچلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئالسۇن)، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن، قەدىمىي بەيت (يەنى بەيتۇللاھ) نى تاۋاپ قىلسۇن﴿29﴾.

## ھەجدە دۇنيا ۋە ئاخىرەت مەنپەئەتلىرىنىڭ بارلىقى

**﴿كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: بۇ مەنپەئەتلەردىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ مەنپەئەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاخىرەتنىڭ مەنپەئەتلىرى بولسا، (ھەج قىلغان كىشىنىڭ) الله تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشىدۇر. دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى بولسا، ھاجىلارنىڭ ھەرەمدە قۇربانلىق قىلىنغان تۆگە، كالا ۋە قويلارنىڭ گۆشلىرىدىن يېيىشلىرى ۋە تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىشلىرىدۇر. مۇجاھىد ۋە باشقىلارمۇ: ئۇ مەنپەئەتلەردىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ مەنپەئەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

الله تائالا (ھەرەمگە ھەج قىلغىلى بارغان كىشىنىڭ ھەرەمدە تىجارەت قىلىشنى نىيەت قىلسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدىغانلىقى ھەققىدە) مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۈمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾[1].

**﴿بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى الله نىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) الله نىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن»﴾** شەئبى ۋە ھاشىم ئىبنى ئاببас رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەلگىلەنگەن كۈنلەر بولسا، زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدۇر. بەلگىلەنگەن كۈنلەرنىڭ شۇ كۈنلەر ئىكەنلىكىنى ئىمام بۇخارى جەزملەشتۈردى. ئەبۇمۇسا ئەشئەرى، مۇجاھىد، قەتادە، ئەتا، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن، زەھھاك، ئەتا خۇراسان ۋە ئىبراھىم نەخەئىي قاتارلىقلاردىنمۇ شۇنىڭدەك رىۋايەت قىلىندى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئاببас رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر

(1) بەقەرە سۈرىسى 198 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلەيھىسسالام «باشقا كۈنلەردە قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەر بۇ كۈنلەردە قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەردىن ئارتۇق تۇرالمايدۇ» دېدى. ساھابىلەر: الله تائالانىڭ يولىدا قىلىنغان جىھادمۇ ئارتۇق تۇرالمامدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالانىڭ يولىدا قىلىنغان جىھادمۇ ئارتۇق تۇرالمايدۇ. لېكىن جىھادقا چىقىپ ئۆزى شېھىت قىلىنغان، ئېتىمۇ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ھەممە نەرسىسىنى جىھاد يولىدا يوقاتقان كىشىنىڭ قىلغان جىھادى (بۇ كۈنلەردە قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەردىن) ئارتۇق تۇرىدۇ» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كۈنلەرنىڭ ئىچىدە الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ئارتۇق تۇرىدىغان ۋە مۇشۇ ئون كۈندەك ياخشى كۆرۈلىدىغان كۈنلەر يوق، شۇڭا ئۇ كۈنلەردە "لائىلاھە ئىللەللاھۇ، ئاللاھۇ ئەكبەر ۋە ئەلھەمدۇ لىللاھى" لارنى كۆپ دەڭلار».

ئىمام بۇخارى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: (زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە) ئىبنى ئۆمەر بىلەن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بازارغا چىقىپ: "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتاتتى. باشقا كىشىلەرمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ تەكبىرىگە ئەگىشىپ تەكبىر ئېيتىشاتتى.

بۇ ئون كۈننىڭ ئىچىگە ئەرەفات كۈنىمۇ كىرىدۇ. ئىمام مۇسلىم ئەبۇ قەتادەنىڭ ئەرەفات كۈنى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەرەفات كۈنىدە روزا تۇتۇشنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن: الله تائالا روزا تۇتقۇچىنىڭ (ئۇ كۈندە روزا تۇتقانلىقى ئۈچۈن) ئۆتۈپ كەتكەن بىر يىلىنىڭ ۋە كېلىدىغان يەنە بىر يىلىنىڭ (كىچىك) گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، ـ دەپ ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. ئۇ ئون كۈننىڭ ئىچىگە ھەجنىڭ ئەڭ چوڭ كۈنى ھېسابلىنىدىغان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىمۇ كىرىدۇ. بۇ كۈن توغرىسىدا ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى الله نىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كۈندۇر.

﴿**سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، موھتاجغا، پېقىرغا بېرىڭلار**﴾ بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن (ھەجگە) ئېلىپ كەلگەن مىلىنى ئۆلتۈرگەن چاغدا، ھەر بىر تۆگىدىن بىرەر پارچىدىن گۆش پىشۇرۇشقا بۇيرۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ گۆشتىن يەيتتى ۋە شورپىسىدىن ئىچەتتى.

ھۇشەيم ھۇسەيندىن مۇجاھىدنىڭ: ﴿**سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار**﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿**يەڭلار**﴾ دېگەن بۇيرۇق خۇددى الله تائالانىڭ: ﴿ئېھرامدىن چىققان چېغىڭلاردا شىكار قىلساڭلار بولىدۇ﴾[1]، ﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ﴾[2] دېگەن ئايەتلەردىكى ﴿**شىكار قىلساڭلار بولىدۇ**﴾ دەپ كەلگەن بۇيرۇقلىرىغا ئوخشايدۇ[3]، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىبنى جەرىر بۇ رىۋايەتنى توغرا دەپ قارىدى.

(1) مائىدە سۈرىسى 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) جۇمە سۈرىسى 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەسلىدىكى قائىدە بويىچە بۇيرۇق بۇيرۇلغان ئىشنى قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىدە بۇيرۇق بەزى قائىدىلەرگە ئاساسەن بىر ئىشنى قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشنى قىلسا ھېچ گۇناھ يوق، بۇ ئىشنى قىلىش رۇخسەت مەنىسىنى ئۇقتۇرۇپ كېلىدۇ، يۇقىرىدىكى ئۈچ ئايەتتە كەلگەن بۇيرۇقلار مانا مۇشۇ خىلدىكى بۇيرۇقلاردىندۇر.

**﴿موھتاجغا، پېقىرغا بېرىڭلار﴾** ئىكرىمە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇ پېقىرلىقى كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ھاجەتمەن كىشىدۇر ۋە ئىپپەتلىك پېقىردۇر. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇ (گەرچە پېقىر بولسىمۇ) بىر نەرسە تىلەپ قولىنى تەڭلىمەيدىغان كىشىدۇر.

**﴿ئاندىن ئۇلار كىرلىرىنى تازىلىسۇن (يەنى ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چاچلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئالسۇن)﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىرلىرىنى تازىلاش بولسا، ئېھرامدىن چىقىش، چېچىنى ئالدۇرۇش، كىيىملىرىنى كىيىش، تىرناقلىرىنى ئېلىش ۋە ئەتىر چېچىشتەك ئىشلاردىن ئىبارەتتۇر. ئەتا، مۇجاھىد، ئىكرىمە ۋە مۇھەممەد ئىبنى كەئب قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

**﴿ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: بۇ ئايەتتىن ھەجگە بارغۇچىنىڭ قۇربانلىق قىلىش يۈزىسىدىن نەزىر قىلىشقا ئاتىغان تۆگىنى ئۆلتۈرۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

**﴿قەدىمىي بەيت (يەنى بەيتۇللاھ) نى تاۋاپ قىلسۇن﴾** مۇجاھىد مۇنداق دېدى: بۇ تاۋاپتىن (ھېيت كۈنى شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن) ھېيت كۈنلىرىدە قىلىنىدىغان پەرز تاۋاپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇھەمزەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ماڭا: سەن ھەج سۈرىسىنى ئوقامسەن؟ الله تائالا بۇ سۈرىدە: **﴿قەدىمىي بەيت (يەنى بەيتۇللاھ) نى تاۋاپ قىلسۇن﴾** دېدى. شۇڭا ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قىلىنىدىغىنى كەبىنى تاۋاپ قىلىشتۇر، ـ دېدى. مەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيت كۈنى (ئەرەفات تېغىدىن) مىنا تېغىغا قايتىپ كەلگەندە (ئۇ يەردە قىلىدىغان ھەجنىڭ) پائالىيىتىنى شەيتانغا تاش ئېتىشتىن باشلاپ، شەيتانغا يەتتە دانە تاش ئاتتى، ئاندىن قۇربانلىقنى بوغۇزلاپ چېچىنى چۈشۈردى، ئاندىن ھەرەمگە قايتىپ چۈشۈپ كەبىنى تاۋاپ قىلدى، ـ دېدىم.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ھەجدىكى ئەڭ ئاخىرقى پائالىيىتىنىڭ كەبىنى تاۋاپ قىلىش بولۇشىنى بۇيرۇتتى. لېكىن ئۇ ھەيزدار ئاياللارغا يەڭگىللىتىپ بەردى»[1]. كەبىنى تاۋاپ قىلغاندا كەبىنىڭ بېقىنىدىكى ھەتىم دەپ ئاتىلىدىغان بىرەر مېتىر ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلغان تامنىمۇ بىللە تاۋاپ قىلىش لازىم. چۈنكى، ئۇ تامنىڭ ئىچىمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان كەبىنىڭ ئىچىدە بار ئىدى. (كېيىنكى دەۋرلەردە) قۇرەيشلەر كەبىنى قايتا سالغاندا، كەبىنى سېلىشقا پۇلى يېتىشمىگەنلىكتىن، كەبىدىن تامغىچە بولغان ئارىلىقنى كەبىدىن چىقىرىۋېتىپ سالغان. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ كەبىنى تاۋاپ قىلغاندا، شۇ تامنىڭ تېشىدىن تاۋاپ قىلىپ: «بۇ تامدىن تارتىپ كەبىگىچە بولغان ئارىلىقمۇ كەبىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام تەرەپتىكى كەبىنىڭ ئىككى قىرىنى سىلىمىدى، چۈنكى، ئۇ ئىككى قىر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قائىدىسى بويىچە سېلىنمىغان ئىدى[2].

---

(1) يەنى ئۇلار ھەيزى ئاخىرلاشقىچە ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ھالەت شەكىللەنسە، بۇ چاغدا كەبىنى تاۋاپ قىلماي كەتسىمۇ بولىدۇ.

(2) كەبىنىڭ شام تەرەپتىكى ئىككى قىرى ئادەم بويى قوپۇرۇلغان تام تەرەپتە بولۇپ، تام بىلەن كەبىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەر ئەسلى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان كەبىنىڭ ئىچىدىن چىقىرىۋېتىلگەن. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەرنى سىلىمىغان.

قەتادە ھەسەنبەسرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كەبە قەدىمى بەيت دەپ ئاتالدى. چۈنكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى ئۆيدۇر. ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەممۇ شۇنداق دېدى.

ئىكرىمە: كەبە شۇنداق دەپ ئاتالدى، چۈنكى، ئۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بولغان تۇپان بالاسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان، ـ دېدى.

خۇسەيف: كەبە شۇنداق دەپ ئاتالدى، چۈنكى، ھېچبىر زومىگەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمىغان، ـ دېدى.

*******

ذَٰلِكَ وَمَن يُعَظِّمۡ حُرُمَٰتِ ٱللَّهِ فَهُوَ خَيۡرٞ لَّهُۥ عِندَ رَبِّهِۦۗ وَأُحِلَّتۡ لَكُمُ ٱلۡأَنۡعَٰمُ إِلَّا مَا يُتۡلَىٰ
عَلَيۡكُمۡۖ فَٱجۡتَنِبُواْ ٱلرِّجۡسَ مِنَ ٱلۡأَوۡثَٰنِ وَٱجۡتَنِبُواْ قَوۡلَ ٱلزُّورِ ﴿٣٠﴾ حُنَفَآءَ لِلَّهِ غَيۡرَ
مُشۡرِكِينَ بِهِۦۚ وَمَن يُشۡرِكۡ بِٱللَّهِ فَكَأَنَّمَا خَرَّ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَتَخۡطَفُهُ ٱلطَّيۡرُ أَوۡ تَهۡوِي بِهِ ٱلرِّيحُ فِي مَكَانٖ
سَحِيقٖ ﴿٣١﴾

(ھەج ئىبادىتى) ئەنە شۇدۇر، كىمكى **الله** نىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا (يەنى ھەج جەريانىدا **الله** نىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلەنسە)، بۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى) ئۈچۈن ياخشىدۇر، سىلەرگە چاھارپايلاردىن قۇرئاندا (ھارام‌لىقى) بايان قىلىنغانلىرىدىن باشقىلىرى ھالال قىلىندى. سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن ساقلىنىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار﴿30﴾.) **الله** غا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، كىمكى **الله** غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ﴿31﴾.

## يامان ئىشلاردىن ساقلانغانلارغا ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى

﴿**(ھەج ئىبادىتى) ئەنە شۇدۇر**﴾ يەنى مانا بۇ، ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىشلار ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان كاتتا ئەجىرلەردۇر.

﴿**كىمكى الله نىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا**﴾ يەنى كىمكى **الله** تائالاغا ئاسىي بولىدىغان، **الله** تائالا قىلىشنى چەكلىگەن ۋە قىلسا گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلانسا ﴿**بۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى) ئۈچۈن ياخشىدۇر**﴾ يەنى ئۇ كىشىنىڭ شۇ ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىق ۋە كۆپ ئەجىر بار. خۇددى ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن كۆپ ساۋاب ۋە ئەجىر بولغىنىدەك، ھارام قىلىنغان ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ كۆپ ساۋاب ۋە ئەجىر بولىدۇ.

﴿سىلەرگە چاھارپايلاردىن﴾ مەيلى بۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئەرەبلەر ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ھارام قىلىۋالغان ۋە ﴿بەھىرە (سەككىزنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى ئەركەك تۇغقان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى بۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى يېرىپ قويۇپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى، مىنمەيتتى، يۈك ئارتمايتتى)، سائىبە (چىشىدىن ئۇننى تۇغقان تۆگە بولۇپ، مىنىلمەيتتى، قىرقىلمايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى)، ۋەسىلە (بىرىنچىنى ۋە ئىككىنچىنى چىشى تۇغقان، بۇتلار ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە قويىۋېتىلگەن تۆگە)، ھام (ئۇن تۆگىگە ئاتا بولغان بۇغرا تۆگە بولۇپ، ئۇلار ئۇنى مىنمەي، يېمەك ئىچمەكتە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى) لارغا الله (يۇقىرىقىدەك قىلىشنى) بۇيرۇغىنى يوق﴾[1] دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنىپ كەلگەن چاھار پايلار بولسۇن، ﴿قۇرئاندا (ھاراملىقى) بايان قىلىنغانلىرىدىن باشقىلىرى ھالال قىلىندى﴾.

ھاراملىقى قۇرئاندا بايان قىلىنغان ھايۋانلارنى تۆۋەندىكى ئايەتتىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ: ﴿سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، الله دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ھايۋانلار (تەرىپىدىن ئۈسۈپ) ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى﴾[2] بۇ ھەقتە ئىبنى جەرىرمۇ شۇنداق دېدى ۋە قەتادەنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

## الله تائالانىڭ بەندىلەرنى شېرىك كەلتۈرۈش ۋە يالغان سۆزلەشتىن يىراق بولۇشقا بۇيرۇغانلىقى

﴿سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن ساقلىنىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈلىدىغان نەرسە (بۇت) بىلەن يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنى بىر يەردە كەلتۈردى. بۇ ئىككىسىنى تۆۋەندىكى ئايەتتىمۇ بىر يەردە كەلتۈرگەن: ﴿ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، (الله نىڭ شېرىكى بولۇشقا) الله ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزەڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى الله نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى»﴾[3].

الله تائالانىڭ: ﴿الله نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى»﴾ دېگەن ئايىتىدىن يالغان گۇۋاھلىق بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇبەكرىنىڭ يالغان گۇۋاھلىق توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاگاھ بولۇڭلار! مەن سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن خەۋەر بېرەيمۇ؟» دېدى. بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! شۇنداق قىلغىن، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئۇ چوڭ گۇناھلار بولسا) الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىغا ئاسىيلىق قىلىشتۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىدى. كېيىن بىردىنلا رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ: «بىلىپ قويۇڭلاركى، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش. بىلىپ

(1) مائىدە سۈرىسى 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەئراف سۈرىسى 33 ـ ئايەت.

قويۇڭلاركى، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى تەكرارلاۋەرگەنلىكتىن بىز ھەتتا: كاشكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىدىن توختاپ قالسا ئىكەن، ـ دەپ كەتتۇق.

ئىمام ئەھمەد خۇرەيم ئىبنى پاتىك ئەسەدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىر كۈنى) بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ (قوپۇپ): «يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ گۇناھى **الله** تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ گۇناھى بىلەن باراۋەردۇر» دېدى ۋە بۇ سۆزنى دەلىللەپ: **﴿سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن ساقلىنىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار، الله غا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

**﴿الله غا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار﴾** يەنى ناھەقتىن يىراق بولغان ۋە ھەقنى كۆزلىگەن ھالدا **الله** تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار﴾** ئاندىن **الله** تائالا مۇشرىكنىڭ ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا، ھالاكىتىدە ۋە توغرا يولدىن يىراقلاپ كېتىشىدە قانداق ھالەتتە بولىدىغانلىقىغا بىر مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: **﴿كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ﴾**.

شۇڭا بەرا: پەرىشتىلەر كاپىرنىڭ جېنىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ روھىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىققاندا، ئۇنىڭ روھى ئۈچۈن ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىپ بېرىلمەيدۇ، (شۇنىڭ بىلەن) ئۇنىڭ روھى ئاسماندىن تاشلىۋېتىلىدۇ، ـ دېدى ۋە بۇ سۆزنى دەلىللەپ يۇقىرىدىكى ئايەتنى ئوقۇدى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىس ئىبراھىم سۈرىسىنىڭ 27 ـ ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە سۆزلەپ ئۆتۈلدى.

**الله** تائالا مۇشرىكلار ئۈچۈن: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، بىز **الله** نى قويۇپ بىزگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلامدۇق؟ بىزنى **الله** ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئارقىمىزغا چېكىنەمدۇق؟ (يەنى مۇرتەد بولامدۇق؟) (مۇبادا بىز شۇنداق قىلىدىغان بولساق، مۇنداق) بىر ئادەمگە: شەيتانلار ئۇنى بىر چۆلگە باشلاپ بارغان، (چۆلدە ئۇ) تېڭىرقاپ قالغان، دوستلىرى ئۇنى بېرى كەل دەپ توغرا يولغا چاقىرىۋاتقان، (ئۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلماي، ئاخىر ھالاك بولغان ئادەمگە) ئوخشاپ قالىمىز﴾[1] دېگەن ئايەتتە بىر مىسال كەلتۈرگەن ئىدى.

*******

ذَٰلِكَ وَمَن يُعَظِّمْ شَعَـٰٓئِرَ ٱللَّهِ فَإِنَّهَا مِن تَقْوَى ٱلْقُلُوبِ ﴿٣٢﴾ لَكُمْ فِيهَا مَنَـٰفِعُ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى ثُمَّ مَحِلُّهَآ إِلَى ٱلْبَيْتِ ٱلْعَتِيقِ ﴿٣٣﴾

ئىش مانا شۇنداق، كىمكى دىنىي ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى قۇربانلىقلارنى) ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر﴿32﴾. مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى بوغۇزلايدىغان ۋاقىتقىچە) قۇربانلىق ماللىرىدىن (سېغىپ، نەسىللەندۈرۈپ، مىنىپ) پايدىلىنىسىلەر، ئاندىن ئۇنى بوغۇزلاشقا تېگىشلىك جاي بەيتۇللاھنىڭ يېنىدۇر (يەنى ھەرەمدۇر)﴿33﴾.

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# قۇربانلىقنىڭ بايانى

**﴿ئىش مانا شۇنداق، كىمكى دىنىي ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى قۇربانلىقلارنى) ئۇلۇغلايدىكەن﴾** يەنى الله  تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئۇلۇغلايدىكەن، **﴿بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر﴾**.

قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن باقىقان قوي ـ كالا ۋە تۆگىلەرنى ئۇلۇغلاشمۇ الله  تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئۇلۇغلاشنىڭ قاتارىدىندۇر. ھەكەم بۇ ھەقتە مۇقەسسەمدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مالالارنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇلۇغلاش بولسا، ئۇ مالالارنى ياخشى سەمرىتىش ۋە چىرايلىق بېقىشتۇر. ئەبۇئۇمامە ئىبنى سەھل بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: بىز مەدىنىدە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن باقىقان مالالارنى سەمرىتىپ يەيتتۇق، يەنى مۇسۇلمانلار (قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن باقىقان) مالالارنى سېمىز باقاتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ماجە ئەبۇرافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭ، سېمىز، مۈڭگۈزلۈك، قارىغا مايىل ئېقىش رەڭلىك ئىككى ئېرىكنى قۇربانلىق قىلدى. ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۈڭگۈزلۈك، قارىغا مايىل ئېقىش رەڭلىك ئىككى ئېرىكنى قۇربانلىق قىلدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى (قۇربانلىق قىلماقچى بولغان) مالالارنىڭ كۆز ۋە قۇلاقلىرىغا قاراپ بېقىشىمىزغا، ھەمدە قۇلاقلىرىنىڭ ئۇچى ياكى ئۇنىڭ تۈۋىدىن كېسىۋېتىلگەن ياكى قۇلىقى ئۇزۇنىغا تىلىۋېتىلگەن ۋەياكى يۇمۇلاق تېشىۋېتىلگەن مالالارنى قۇربانلىق قىلماسلىقىمىزغا بۇيرۇدى، ـ دېدى.

بەرا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولمايدىغان تۆت خىل مال بار (ئۇلار بولسا): كۆزى ئالغاي، كېسەل، توكۇر ۋە (بىرەر ئۇستىخىنى) سۇنۇق مالالاردۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

# قۇربانلىق قىلىشقا ئاتىغان مالالاردىن پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقى

**﴿مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى بوغۇزلايدىغان ۋاقىتقىچە) قۇربانلىق ماللىرىدىن (سېغىپ، نەسلىلەندۇرۇپ، مىنىپ) پايدىلىنىسىلەر﴾** يەنى (قۇربانلىق قىلىدىغان ۋاقىت كېلىپ بولغۇچە) سىلەر قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن تەييارلىغان مالالارنىڭ سۈتىدىن، يۇڭىدىن، تېزىكىدىن پايدىلىنىسىلەر ۋە ئۇنىڭغا مىنىش بىلەن پايدىلىنىسىلەر. مۇقەسسەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سىلەر (قوي ـ كالىدەك) مالالارنى قۇربانلىققا ئاتىمىغانلا بولساڭلار، ئۇلاردىن پايدىلىنالايسىلەر دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئۇ مالالارنى قۇربانلىققا ئاتاپ بولغان بولسىمۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغان بولسا، ئۇلاردىن پايدىلانسا بولىدۇ، ـ دېگەن كۆز قاراشتىكىلەرمۇ بار. بۇلارنىڭ دەلىلى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىستۇر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۆگىنى

ھەيدەپ مېڭىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ: «ئۇنىڭغا مىنگىن» دېدى، ئۇ كىشى: بۇ قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاتالغان تۆگە ئىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قېتىمدا: «ۋاي ساڭا! ئۇنىڭغا مىنگىن» دېدى. ئىمام مۇسلىم بىر رىۋايەتتە جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇ كىشىگە): «ئەگەر ئۇنىڭغا (مىنىشكە) ئېھتىياجىڭ چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭغا ئادەتتە مىنگەندەك مىنگىن» دېدى.

**﴿ئاندىن ئۇنى بوغۇزلاشقا تېگىشلىك جاي بەيتۇللاھنىڭ يېنىدۇر (يەنى ھەرەمدۇر)﴾** ھەجگە ماڭغان كىشى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان ماللىرىنى بوغۇزلايدىغان جاي ھەرەمدۇر. ئۇ جاينىڭ ھەرەم ئىكەنلىكىنى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۇۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرىنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر﴾[1]، ﴿ئۇلار كاپىر بولدى، سىلەرنى مەسچىتى ھەرامدىن ۋە توسۇپ تۇرۇلغان قۇربانلىقنىڭ ئۆز جايىغا يېتىشىدىن توستى﴾[2].

*******

وَلِكُلِّ أُمَّةٍ جَعَلْنَا مَنسَكًا لِّيَذْكُرُوا۟ ٱسْمَ ٱللَّهِ عَلَىٰ مَا رَزَقَهُم مِّنۢ بَهِيمَةِ ٱلْأَنْعَٰمِ ۗ فَإِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ فَلَهُۥٓ أَسْلِمُوا۟ ۗ وَبَشِّرِ ٱلْمُخْبِتِينَ ﴿٣٤﴾ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَٱلصَّٰبِرِينَ عَلَىٰ مَآ أَصَابَهُمْ وَٱلْمُقِيمِى ٱلصَّلَوٰةِ وَمِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ يُنفِقُونَ ﴿٣٥﴾

ھەر ئۈممەت الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى (شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن قۇربانلىق قىلغانلىرىدا) الله نىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار، ئىتائەتمەنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن﴿34﴾. ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى الله ياد ئېتىلسە، ئۇلارنىڭ دىللىرى قورقۇپ (تىترەيدۇ)، ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، ناماز ئۆتەيدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) بېرىدۇ﴿35﴾.

## قۇربانلىق قىلىشنىڭ بارلىق قەۋملەردە يولغا قويۇلغان ئىش ئىكەنلىكى

**﴿ھەر ئۈممەت الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى (شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن قۇربانلىق قىلغانلىرىدا) الله نىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە قۇربانلىق قىلغاندا ۋە مال ئۆلتۈرگەندە، الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاشنىڭ ھەممە قەۋمنىڭ ئىچىدە يولغا قويۇلۇپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: **﴿ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق﴾**

(1) مائىدە سۈرىسى 95 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) فەتىھ سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى، (ئۇلارغا) بايرام كۈنىنى بەلگىلىدۇق دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىكرىمە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: (ئۇلارنىڭ قۇربانلىق قىلىشقا ئېلىپ بارغان ماللىرىنى ئۆلتۈرۈشى ئۈچۈن) مەككىنى بەلگىلىدۇق دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ﷲ تائالا ھېچبىر قەۋمگە مەككىدىن باشقا بىر يەرنى (قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان مالنى ئۆلتۈرىدىغان) جاي قىلمىدى، ـ دېدى.

ماللارنىڭ ﷲ تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قارىغا مايىل ۋە مۆڭگۈزلۈك ئىككى قوينى ئېلىپ كېلىپ، ﷲ تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، تەكبىر ئېيتىپ ۋە پۇتىنى قوينىڭ بىر تەرىپىدە قويۇپ بوغۇزلىدى.

﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار﴾ يەنى ھەممىڭلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان ئىلاھى بىردۇر، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتلىرى باشقا ـ باشقا بولسىمۇ ۋە شۇنداقلا بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتتى بەزىسىنىڭ شەرىئىتىنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرسىمۇ، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى شېرىكى يوق، بىر ﷲ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[1].

﴿ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار﴾ يەنى ئىخلاسمەنلىك قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇڭلار.

﴿ئىتائەتمەنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن﴾ سەۋرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﷲ تائالانىڭ ھۆكمىگە رازى بولغان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنغان ئىتائەتمەنلەرگە خۇش بېشارەت بەرگىن.

ﷲ تائالا ئۇ ئىتائەتمەنلەرنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى ﷲ ياد ئېتىلسە، ئۇلارنىڭ دىللىرى قورقۇپ (تىترەيدۇ)، ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، ناماز ئۆتەيدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) بېرىدۇ﴾ يەنى ئۇلار ﷲ تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال ماللىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، پېقىر ۋە ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە بېرىدۇ ۋە ﷲ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش بىلەن بىرگە، ھەممە مەخلۇقاتلارغا ياخشىلىق قىلىدۇ. ئەمما مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى مۇنداق ئەمەس. بىز مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىنى تەۋبە سۈرىسىدە بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

* * * * * * *

وَٱلۡبُدۡنَ جَعَلۡنَٰهَا لَكُم مِّن شَعَٰٓئِرِ ٱللَّهِ لَكُمۡ فِيهَا خَيۡرٞۖ فَٱذۡكُرُواْ ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَيۡهَا صَوَآفَّۖ فَإِذَا وَجَبَتۡ
جُنُوبُهَا فَكُلُواْ مِنۡهَا وَأَطۡعِمُواْ ٱلۡقَانِعَ وَٱلۡمُعۡتَرَّۚ كَذَٰلِكَ سَخَّرۡنَٰهَا لَكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ٣٦

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 25 ـ ئايەت.

(كەبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان) تۆگىنى الله نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن (يەنى ھەجنىڭ ئەھكاملىرىدىن) قىلدۇق، ئۇلاردا سىلەرگە نۇرغۇن پايدا بار، ئۇلارنى قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ (يەنى ئۇلارنىڭ ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا) الله نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار (يەنى بىسمىللاھ دەڭلار)، ئۇلار بوغۇزلىنىپ جېنى چىققاندا، ئۇلارنى يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردۇق﴾36﴿.

## قۇربانلىق ئۈچۈن ئاتىغان تۆگىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇش

**﴿(كەبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان) تۆگىنى الله نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن (يەنى ھەجنىڭ ئەھكاملىرىدىن) قىلدۇق﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىگە تۆگىنى قۇربانلىق ئۈچۈن نىيەت قىلىپ يارىتىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنى ئۆزىنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىن قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قۇربانلىق قىلىنىشى ئۈچۈن كەبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ كەبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەڭ ياخشى قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. الله تائالانىڭ تۆگە ۋە كالىغا ئوخشاشماللارنى قۇربانلىق ئۈچۈن كەبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغانماللار قىلغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى (يەنى ھەجدە تائەتنىڭ بەلگىسى ھېسابلانغان ئىشلارنى) (تەرك ئېتىش بىلەن) شەھرى ھەرام (دائۇرۇش قىلىش) نى، ھەدىينى (يەنى كەبىگە ئاتالغان قۇربانلىققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنى)، قەلادە (يەنى ھەجدە قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھايۋانغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسە) لەرگە (چېقىلىشنى) پەرۋەردىگارىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاھقا (ھەج ئۈچۈن ياكى ئۆمرە ئۈچۈن) كەلگۈچىلەرگە (چېقىلىشنى) ھالال سانىماڭلار﴾[1].

**﴿(كەبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان) تۆگىنى الله نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن (يەنى ھەجنىڭ ئەھكاملىرىدىن) قىلدۇق﴾** ئەتا، ئىبنى ئۆمەر، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ھەسەنبەسرى ۋە مۇجاھىد قاتارلىقلار: قۇربانلىق ئۈچۈن كەبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان (تۆگە ۋە قويدەك) ماللارنىڭ ئىچىگە كالىمۇ كىرىدۇ، ـ دېدى.

كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىچە، بىر كالىغا يەتتە كىشى شېرىكلەشسە بولىدۇ. بۇ توغرىسىدا جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە باشقىلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى قۇربانلىق ماللارنىڭ ئىچىدىن تۆگە ۋە كالىغا يەتتە كىشىنىڭ شېرىكلىشىشىمىزگە بۇيرۇيتتى.

**﴿ئۇلاردا سىلەرگە نۇرغۇن پايدا بار﴾** يەنى ئاخىرەتتە نۇرغۇن ساۋابلار بار. **﴿ئۇلارنى قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ (يەنى ئۇلارنىڭ ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا) الله نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار (يەنى بىسمىللا دەڭلار)﴾** مۇتەللىب ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەنتەب جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن قۇربان ھېيت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن قايتىپ بىر قوچقارنى ئېلىپ كېلىپ: «بىسمىللاھى، ۋاللاھۇ ئەكبەر، ئى الله ! بۇ مەن ۋە ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن قۇربانلىق قىلالمىغانلار ئۈچۈندۇر» دەپ ئۇ قوچقارنى بوغۇزلىدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى

(1) مائىدە سۈرىسى 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيت كۈنى ئىككى قوچقار بوغۇزلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككى قوچقارنى ياتقۇزغاندا: «مەن ھەقىقەتەن باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت - ئىبادەتلىرىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر. الله تائالانىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز الله غىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۋىلىمەن، ئى الله ! بۇ نېمەت (بىزگە) سەن تەرەپتىن بېرىلدى، بۇ مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن (ساڭا) قىلىنغان قۇربانلىقتۇر» دېدى، ئاندىن: بىسمىللاھى، ۋاللاھۇ ئەكبەر دەپ، - مالنى بوغۇزلىدى.

ئەلى ئىبنى ھۇسەين ئەبۇ رافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيت كۈنى سېمىز، مۈڭگۈزلۈك، قارىغا مايىل ئېقىش كەلگەن ئىككى قوچقارنى سېتىۋالدى. ھېيت نامىزىنى ئوقۇدى ۋە (نامازدىن كېيىن ئوقۇيدىغان) خۇتبىنى ئوقۇپ بولۇپ، قوچقارنىڭ بىرىنى ناماز ئوقۇغان مەيداندىلا ئۆزى بوغۇزلىدى ۋە: «ئى الله ! بۇ، سېنى بىر دەپ تونۇپ، ساڭا گۇۋاھلىق ئېيتقان ۋە مېنىڭ ئۆز ۋەزىپەمنى يەتكۈزگەنلىكىمگە گۇۋاھلىق ئېيتقان بارلىق ئۈممەتلىرىم ئۈچۈندۇر» دېدى، ئاندىن يەنە بىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىمۇ ئۆزى بوغۇزلاپ: «بۇ، مەھەممەد ۋە ئۇنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرى ئۈچۈندۇر» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككى قوچقارنىڭ گۆشلىرىدىن پېقىر - مىسكىنلەرگىمۇ بەردى ۋە ئۆزىمۇ خوتۇن، بالا - چاقىلىرى بىلەن يېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

**﴿ئۇلارنى قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ (يەنى ئۇلارنىڭ ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا) الله نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار (يەنى بىسمىللا دەڭلار)﴾** بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ قويۇپ بوغۇزلىماقچى بولۇۋاتقان بىر كىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىپ ئۇنىڭ بىر پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىن، - دېدى.

**﴿ئۇلار بوغۇزلىنىپ جېنى چىققاندا ئىبنى ئەبۇنەجىيە مۇجاھىدنىڭ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار بوغۇزلىنىپ يەرگە يىقىلغاندا. بۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر كۆز قاراشتۇر.

بۇ ھەقتە مۇقاتىل ئىبنى ھاييانمۇ شۇنداق دېدى. ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلار بوغۇزلىنىپ جېنى چىققاندا (بۇ ئايەتكە بېرىلگەن بۇ مەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە مۇجاھىد قاتارلىقلار قوللايدىغان مەنىدۇر. چۈنكى، تۆگە بوغۇزلىنىپ، تاكى ئۇنىڭ جېنى چىقىپ ھەرىكەتتىن پۈتۈنلەي توختىمىغىچە، ئۇنى يېيىش دۇرۇس ئەمەس. ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «سىلەر (ماللارنىڭ) جېنى چىقىپ بولغۇچە ئالدىراپ كەتمەڭلەر». بۇ ھەدىسنى سەۋرى ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم شادداد ئىبنى ئەۋستىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ: «الله تائالا ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە ياخشىلىق قىلىشنى يازدى، ئەگەر سىلەر بىرەر مال ئۆلتۈرسەڭلار، چىرايلىق ئۆلتۈرۈڭلار.

ئەگەر سىلەر بىر نەرسە بوغۇزلىساڭلار، چىرايلىق بوغۇزلاڭلار. مال ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشى پىچىقىنى ياخشى بىلىسۇن ۋە مالنى قىينىماي ئۆلتۈرسۇن».

ئەبۇۋاقىدى لەيسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تىرىك ھايۋاندىن كېسىۋالغان بىرەر پارچە گۆش ياكى ئۇستىخان ئۆلۈك ھېسابلىنىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

﴿**ئۇلارنى يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار**﴾ بۇ ئايەتتە كەلگەن: ﴿**يەڭلار ۋە بېرىڭلار**﴾ دېگەن بۇيرۇقلار كەسكىن بۇيرۇق بولماستىن، بەلكى شۇنداق قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ كەلگەن.

بۇ ئايەتنى: قۇربانلىق گۆش ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ، بىر قىسمىنى قۇربانلىق قىلغۇچى ئۆزى يەيدۇ، بىر قىسمىنى مېھمانلارغا قويىدۇ ۋە بىر قىسمىنى پېقىرلارغا بېرىدۇ، ـ دەيدىغان بەزى ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. چۈنكى، الله تائالا: ﴿**ئۇلارنى يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار**﴾ دېدى. ۋە ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىندى: «ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاشتىن توسقان ئىدىم، ئەمدى سىلەر ئۇنىڭ گۆشىدىن يەڭلار ۋە ساقلىغىنىڭلارچە ساقلاڭلار».

بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، ساقلاڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار». يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، (باشقىلارغا) يېگۈزۈڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار».

ئىمام ئەھمەد قەتادە ئىبنى نۇئماندىن قۇربانلىقنىڭ تېرىسى توغرۇلۇق مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى: «ئۇنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، سەدىقە قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ تېرىسىدىن پايدىلىنىڭلار، لېكىن ساتماڭلار»(1).

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم بەرا ئىبنى ئازىبدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىزنىڭ بۇ كۈنى ئالدى بىلەن قىلىدىغىنىمىز ھېيت نامىزىنى ئوقۇيمىز. ئاندىن (نامازدىن) قايتىپ قۇربانلىق قىلىمىز، كىمكى مۇشۇنداق قىلسا، بىزنىڭ سۈننىتىمىزنى ئادا قىلغان بولىدۇ. كىمكى ھېيت نامىزنى ئوقۇشتىن بۇرۇن قۇربانلىق قىلىدىكەن، ئۇ قۇربانلىق ھېسابلانماستىن، بەلكى خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىغا سويۇپ بېرىلگەن گۆش ھېسابلىنىدۇ».

ئىمام مۇسلىم قىلغان رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلدى: سىلەر قۇربانلىقلىرىڭلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى قۇربانلىقنى بوغۇزلاپ بولغاندىن كېيىن بوغۇزلاڭلار.

قۇربانلىقلار ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆلتۈرۈلسە بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بولۇپ، ئۇنى جۇبەير ئىبنى مەنئەم رىۋايەت قىلغان: «(ھېيت كۈنىدىن كېيىنكى) ئۈچ كۈننىڭ ھەممىسى قۇربانلىق قىلىنسا بولىدىغان كۈنلەردۇر» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ھاببان رىۋايەت قىلغان.

(1) قۇربانلىقنىڭ تېرىسىنى ساتماي، ئۆيدە ئۆزى پايدىلانسا بولىدۇ.

﴿**سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردۇق**﴾ يەنى ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرغان قىلىپ بەردۇق، ئەگەر سىلەر خالىساڭلار، ئۇنىڭغا مىنىسىلەر، خالىساڭلار، ئۇنى سېغىپ ئىچىسىلەر ۋە خالىساڭلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ يەيسىلەر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئۇلار ئۈچۈن ھايۋانلارنى (قۇدرەت) قولىمىز بىلەن خەلق ئەتتۇق، ئۇلار ھايۋانلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر، ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ، ئۇلار شۇ ھايۋانلاردىن پايدىلىنىدۇ ۋە سۈتلىرىنى ئىچىدۇ، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ بۇ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟﴾[1] **الله** تائالا بۇ يەردە مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردۇق**﴾.

*******

لَن يَنَالَ ٱللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَآؤُهَا وَلَٰكِن يَنَالُهُ ٱلتَّقْوَىٰ مِنكُمْ كَذَٰلِكَ سَخَّرَهَا لَكُمْ لِتُكَبِّرُوا۟ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَىٰكُمْ وَبَشِّرِ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٣٧﴾

**الله** غا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، **الله** غا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر، **الله** نىڭ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەھكاملىرىغا يېتەكلىگەنلىكىنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن، **الله** ئۇلارنى سىلەرگە ئاشۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا (ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن﴿37﴾.

## الله تائالانىڭ دەرگاھىدا قۇربانلىقتىن مەقسەت قىلىنىدىغىنى بەندىنىڭ ئىخلاس ۋە تەقۋادارلىق قىلىشى ئىكەنلىكى

﴿**الله غا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، الله غا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر**﴾ يەنى **الله** تائالا بۇ ئايەتتە: سىلەر ماللارنى ئۆلتۈرگەندە، **الله** تائالانى ياد ئېتىشىڭلار ئۈچۈن، ھەجدە ئۆلتۈرۈشكە ۋە قۇربانلىق قىلىشقا تەييارلىغان ماللارنى ئۆلتۈرۈشۈڭلارنى يولغا قويۇپ بەردۇق، - دەيدۇ. چۈنكى، **الله** تائالا ھەممە نەرسىلەرنى ياراتقۇچى ۋە ھەممە نەرسىگە رىزق بەرگۈچىدۇر. ئۇنىڭغا ئۇ قۇربانلىقلارنىڭ گۆشلىرىدىن ۋە قانلىرىدىن كىچىككىنىمۇ بىر نەرسە يېتىپ بارمايدۇ. چۈنكى، **الله** تائالا بارلىق نەرسىلەردىن بىھاجەتتۇر. ئەرەبلەر ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زاماندا ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلسا، ئىلاھلىرىنىڭ قېشىغا ئۇ قۇربانلىقلارنىڭ گۆشلىرىدىن قويۇپ قوياتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قۇربانلىقلارنىڭ قانلىرىدىن چاچاتتى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى جۇرەيجنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن كىشىلەر (ئىلاھلىرىغا ئاتاپ) بوغۇزلىغان تۆگىلىرىنىڭ قانلىرىنى كەبىگە چاچاتتى ۋە (ئۇنىڭ قېشىغا) گۆشلىرىدىن قويۇپ قوياتتى. (ئىسلام كەلگەندىن كېيىن) ساھابىلەر: قۇربانلىقنىڭ قېنىنى كەبىگە چېچىشقا بىز ھەقلىقتۇرمىز، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿**الله غا ئۇلارنىڭ**

(1) ياسىن سۈرىسى 71 - 73 - ئايەتكىچە.

**گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، الله غا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر﴿** يەنى الله تائالا سىلەرنىڭ تەقۋالىقىڭلارنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇكاپات بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «الله تائالا ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىياپىتىڭلارغا ۋە رەڭگى - روپىڭلارغا قارىمايدۇ. بەلكى سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارغا ۋە ئەمەل - ئىبادەتلىرىڭلارغا قارايدۇ».

**﴾الله نىڭ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەھكاملىرىغا يېتەكلىگەنلىكىنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن، الله ئۇلارنى سىلەرگە ئاشۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى﴿** يەنى الله تائالانىڭ سىلەرنى ئۆزىنىڭ دىنىغا يېتەكلىگەنلىكىنى، سىلەرگە ئۆزى ياقتۇرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنى يولغا قويۇپ بەرگەنلىكىنى، سىلەرنى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ۋە رازى بولمايدىغان ئىشلاردىن توسقانلىقىنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە قوي - كالا ۋە تۆگىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى.

**﴾ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا (ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن﴿** ئى مۇھەممەد! ئۆزلىرىنىڭ ئەمەل - ئىبادەتلىرىدە ياخشى بولغان، الله تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن چىقىپ كەتمىگەن، الله تائالا يولغا قويغان ئىشلارغا ئەگەشكەن، پەيغەمبەر ئۆزلىرىگە يەتكۈزگەن ئىشلارغا ۋە الله تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنگەن كىشىلەرگە خۇش - بېشارەت بەرگىن!

قۇربانلىق قىلىش سۈننەت بولۇپ، بىر ئائىلىدىكى ھەممە كىشىلەرگە بىر قوي يېتەرلىكتۇر. ئىمام تىرمىزى ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون يىل قۇربانلىق قىلدى. ئەبۇئەييۇب مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا بىرى بىر قوينى ئۆزىنىڭ ۋە خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنىڭ نامىدىن قۇربانلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرى يەيتتى ۋە مېھمانغا قوياتتى. كېيىن كىشىلەر (قۇربانلىق قىلىشتا) مەنمەنچىلىك قىلىشىپ، ئىش ھازىر سەن كۆرۈپ تۇرغان ھالەتكە كەلدى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام ئۆزى ۋە خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنىڭ نامىدىن ئاتاپ بىر قوينى قۇربانلىق قىلاتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق قىلىنىدىغان مالنىڭ قانچە ياش ئەتراپىدا بولۇشى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تېپىش قىيىن بولمىسا، (ئەڭ كىچىك بولغاندا) بىر ياشقا كىرگەن قوينى ئۆلتۈرۈڭلار، (ئەگەر تېپىش قىيىن بولسا، ئەڭ كىچىك بولغاندا) سەككىز ئايلىق بولغان ئۆچكىنى ئۆلتۈرسەڭلارمۇ بولىدۇ».

*******

﴿إِنَّ ٱللَّهَ يُدَٰفِعُ عَنِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ خَوَّانٖ كَفُورٍ ٣٨﴾

الله مۆمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ، الله ھەر قانداق خىيانەتچى، ناشۈكۈر بەندىنى دوست تۇتمايدۇ﴿38﴾.

## مۆمىنلەرنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقى

**﴾الله مۆمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ﴿** يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىشلىرىنى ئۆزىگە تاپشۇرغان ۋە

ئۆزى تەرەپكە قايتقان مۆمىن بەندىلىرىنى ئەسكى ئادەملەرنىڭ يامانلىقىدىن ۋە يامان يولدىكىلەرنىڭ ھىيلە-مىكرىدىن قوغدايدىغانلىقى، ئۇلارنى ساقلايدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**الله** بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە) يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟﴾[1]، ﴿كىمكى **الله** غا تەۋەككۈل قىلسا، **الله** ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، **الله** ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، **الله** ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى﴾[2].

﴿**الله ھەر قانداق خىيانەتچى، ناشۈكۈر بەندىنى دوست تۇتمايدۇ**﴾ يەنى **الله** تائالا بەندىلىرى ئىچىدىن مۇشۇنداق كىشىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ۋەدە ۋە كېلىشىمگە خىيانەت قىلىش، دېگەن گېپىدە تۇرماسلىق، **الله** تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىدىن تېنىش ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلماسلىق قاتارلىقلار شۇنداق كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرىدۇر.

*******

أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَـٰتَلُونَ بِأَنَّهُمۡ ظُلِمُواْۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ نَصۡرِهِمۡ لَقَدِيرٌ ﴿٣٩﴾ ٱلَّذِينَ أُخۡرِجُواْ مِن دِيَـٰرِهِم
بِغَيۡرِ حَقٍّ إِلَّآ أَن يَقُولُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُۗ وَلَوۡلَا دَفۡعُ ٱللَّهِ ٱلنَّاسَ بَعۡضَهُم بِبَعۡضٍ لَّهُدِّمَتۡ صَوَٰمِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَٰتٌ
وَمَسَـٰجِدُ يُذۡكَرُ فِيهَا ٱسۡمُ ٱللَّهِ كَثِيرًاۗ وَلَيَنصُرَنَّ ٱللَّهُ مَن يَنصُرُهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ﴿٤٠﴾

ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، **الله** ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر﴿39﴾. (ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز **الله** دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئەگەر **الله** ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە **الله** نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسچىتلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى **الله** نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە **الله** ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، **الله** ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴿40﴾.

## ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەنلىكى ۋە بۇ ھەقتە نازىل بولغان ئايەتنىڭ جىھاد ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ دەسلەپكىسى ئىكەنلىكى

﴿**ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، الله ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر**﴾ ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى مەككىدىن چىقىرىۋېتىلگەن ۋاقىتتا ئۇلار ھەققىدە نازىل بولغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، زەيد ئىبنى ئەسلەم، مۇقاتىل ئىبنى

(1) زۇمەر سۈرىسى 36 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تالاق سۈرىسى 3 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

هايىيان، قەتادەلەردەك سەلەپ ئالىملىرى، مۇجاھىد ۋە زەھھاك قاتارلىقلار: بۇ ئايەت جىھاد ھەققىدە چۈشكەن تۇنجى ئايەتتۇر، ـ دېدى.

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن چىقىرىلغان ۋاقتىدا، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ﴿«بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى الله نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز»﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى چىقىرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن شەكسىز ھالاك قىلىنىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: **﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، الله ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر﴾** ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن ئۇزاققا قالماي بىر ئۇرۇشنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم، ـ دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: بۇ ئايەت جىھاد ھەققىدە چۈشكەن تۇنجى ئايەتتۇر، ـ دېگەنلىكىنى قوشۇپ قويىدى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ۋە نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلدى.

**﴿الله ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر﴾** يەنى الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە (ئۇلارنى) جىھاد قىلدۇرماستىن ياردەم بېرىشكە قادىردۇر. لېكىن، الله تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى خالايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ)، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر) ئىش مانا شۇنداقتۇر. ئەگەر الله خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن الله بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمر قىلدى)، الله نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ (يەنى شېھىتلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، الله ئۇلارنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە ھالىنى ياخشىلايدۇ، الله ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، الله ئۇنى ئۇلارغا تونۇتتى (يەنى جەننەتكە كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى جايىنى ئىلگىرى كۆرگەندەكلا بىلىدۇ)﴾[2]، ﴿ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار، الله ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. الله ئۇلارنى خار قىلىدۇ، الله سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۆمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللىي) بېرىدۇ، ھەم ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ. الله خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[3]، ﴿بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (الله نىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا

(1) بەقەرە سۈرىسى 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۇھەممەد سۈرىسى 4 ـ 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر.
(3) تەۋبە سۈرىسى 14 ـ 15 ـ ئايەتلەر.

قەدەر﴾[1] بۇلاردىن باشقا بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

شۇڭا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ﴿الله ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە: الله تائالا ھەقىقەتەن شۇنداق قىلدى، ـ دېدى.

الله تائالا جىھاد قىلىشنى مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن يولغا قويدى. جىھاد ھەقىقەتەن ئەڭ مۇناسىپ ۋاقىتتا يولغا قويۇلدى. چۈنكى، مۇسۇلمانلار مەككىدىكى چېغىدا مۇشرىكلارنىڭ سانى ئۇلاردىن خېلىلا كۆپ ئىدى. مەككىلىكلەرنىڭ سانىنىڭ ئون پىرسەنتىنىمۇ ئىگەللىمەيدىغان مۇسۇلمانلار 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلسا، ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى. (سانى 80 دىن ئاشىدىغان) مەدىنىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان كېچىسى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مىنادىكى كاپىرلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلىمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن تېخى بۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلمىدىم» دېدى. مۇشرىكلار ھەددىدىن ئېشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئىچىدىن چىقىرىۋەتتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈشمەكچى بولدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى بىرنەچچە يەرگە بۆلۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسمىلىرى ھەبەشىستانغا، بىر قىسمىلىرى مەدىنىگە كەتتى. مەدىنىگە كەتكەنلەر ئۇ يەردە يەرلىشىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ باردى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى ۋە ئۇنىڭ ياردىمىدە بولدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلارغا ئىسلام دۆلىتى ۋە ئۆزلىرىنى قوغدىيالايدىغان بىر ئورۇن ھازىرلاندى. شۇندىن كېيىن الله تائالا كاپىر بىلەن جىھاد قىلىشنى يولغا قويۇپ مۇنداق دېدى: **﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، الله ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر، (ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز الله دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى﴾**. بۇ ئايەت بۇ توغرىسىدا چۈشكەن تۇنجى ئايەتتۇر.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: مەككىدىن مەدىنىگە ناھەق ھەيدەپ چىقىرىۋېتىلگەنلەر بولسا، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ. ئۇلار ئۆز قەۋملىرىگە ھېچقانداق ئەسكىلىك قىلمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ الله نى بىر دەپ تونۇغاندىن ۋە شېرىكى يوق بىر الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلغاندىن باشقا ھېچقانداق گۇناھى يوق ئىدى، لېكىن بۇ مۇشرىكلارنىڭ ئالدىدا ئەڭ چوڭ گۇناھ ھېسابلاندى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار الله غا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى﴾[2].

**﴿ئەگەر الله ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا﴾** يەنى ئەگەر الله تائالا بىر قەۋمنى يەنە بىر قەۋم بىلەن قوغدىمىغان بولسا ۋە بىرەر ئىنساننىڭ يامانلىقىنى يەنە ئىنسانغا ئاتا قىلغان بەلگىلىك كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن توسمىغان بولسا، ئەلۋەتتە زېمىن ئەسكىلىك بىلەن توشۇپ كېتەتتى ۋە كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەپ كەتكەن بولاتتى.

**﴿راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى﴾** قەتادە: بۇ سائىبلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدۇر (يەنە بىر رىۋايەتتە: ئوتپەرەسلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدۇر)، ـ دېدى. مۇقاتىل ئىبنى ھاييان: بۇ، (ئىبادەت ئۈچۈن) يول

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 31 ـ ئايەت.
(2) مۇمتەھىنە سۈرىسى 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۈستىگە سېلىنغان ئۆيلەردۇر، ـ دېدى.

﴿**چېركاۋلار**﴾ يەنى بۇ ئىبادەتخانىدىن چوڭراق بولۇپ، بۇنىڭدا ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ سانى بۇرۇنقىسىدىن كۆپرەكتۇر، ـ دېدى. ئەبۇ ئالىيە، قەتادە، زەھھاك، ئىبنى سەخرى، مۇقاتىل ئىبنى ھايىيان، خۇسەيپ ۋە باشقىلارنىڭ قارىشىچە، بۇمۇ خرىستىئانلارنىڭ ئىبادەتخانىسىدۇر. ئىبنى جەرىر مۇجاھىد ۋە بىر قىسىم ئالىملارنىڭ: بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىسىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

﴿**يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى**﴾ ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇمانىڭ: بۇ چېركاۋلاردۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئەبۇئالىيە بىر قىسىم ئالىملارنىڭ: بۇ سائىبلارنىڭ ئىبادەتخانىسىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىبنى ئەبۇنەجىيھ مۇجاھىدنىڭ: بۇ، كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يول ئۈستىدە سېلىنغان ئىبادەتخانىلاردۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

﴿**ۋە الله نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسچىتلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى**﴾ يەنى بۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈندۇر. بەزى ئالىملار مۇنداق دېدى: بۇ ئاددىيدىن يۇقىرىغا ئۆرلەش ئۇسلۇبىدۇر. الله تائالا ئىبادەت ئۈچۈن تەييارلانغان يەرلەرنىڭ باياننى (ئاددىيسى بولغان) راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدىن باشلاپ، ئەڭ ئاۋات، توغرا كۆز قاراشقا ئىگە كىشىلەر ئىبادەت قىلىدىغان ۋە ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغان مەسچىتكە كېلىپ توختىدى.

﴿**كىمكى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، الله ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر الله غا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، الله سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ، كاپىرلارنى الله ھالاك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىدۇ﴾[1].

﴿**ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، الله ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر**﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنى كۈچلۈك ۋە غالىب دەپ سۈپەتلىدى. الله تائالا ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ھەممە نەرسىنى ياراتتى ۋە ئۇ نەرسىلەرگە ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ۋەزىپە ۋە تۈزۈملەرنى بېكىتتى. الله تائالا غالىب بولغاچقا ھېچ بىر نەرسە ئۇنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ ۋە يېڭەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئېگىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇھتاج بولىدۇ. كۈچلۈك ۋە غالىب بولغان الله تائالا كىمگە ياردەم، ئەلۋەتتە ئۇ كىشى غەلىبە قىلىپ، ئۇنىڭ دۈشمىنى مەغلۇپ بولىدۇ.

الله تائالا بۇھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىزھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان، ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر، بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر﴾[2]، ﴿الله (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[3].

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.
(2) سافقات سۈرىسى 171 ـــ 173 ـ ئايەتلەر.
(3) مۇجادەلە سۈرىسى 21 ـ ئايەت.

*******

ٱلَّذِينَ إِن مَّكَّنَّٰهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ أَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَمَرُواْ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَنَهَوۡاْ عَنِ ٱلۡمُنكَرِۗ وَلِلَّهِ عَٰقِبَةُ ٱلۡأُمُورِ ﴿٤١﴾

(الله نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى الله غا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە الله غا قايتىدۇ)﴿41﴾.

## مۇسۇلمانلارنىڭ الله تائالانىڭ ھۆكۈملىرىنى تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەندە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى

**﴿(الله نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ﴾** ئىبنى ئەبۇھاتەم ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت بىزنىڭ ھەققىمىزدە چۈشكەن. بىز پەقەت: "پەرۋەردىگارىم الله دۇر" دېگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا يۇرتلىرىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن، باشقا يەرلەرگە بېرىپ ئورۇنلاشتۇق، بىز ئۇ يەرلەردە نامازنى ئادا قىلدۇق، زاكات بەردۇق، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇدۇق ۋە يامان ئىشلاردىن توستۇق. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى الله تائالاغا مەنسۇپتۇر، بۇ ئايەت مەن ۋە باشقا سەبداشلىرىم ئۈچۈندۇر.

ئەبۇئالىيە: ئايەتتە بايان قىلىنغان كىشىلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

ساباھ ئىبنى سۇۋاد كىندى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىلىڭلاركى، بۇ ئايەتتە بۇيرۇلغانلارنى قىلىش پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭلا مەسئۇلىيىتى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتىدۇر. بىلىڭلاركى، مەن سىلەرگە باشلىقنىڭ قانداق مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ۋە سىلەرنىڭ قانداق مەسئۇلىيىتىڭلارنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ بېرىمەن. باشلىقنىڭ مەسئۇلىيىتى بولسا، سىلەر ئۆز ئۈستۈڭلاردىكى الله نىڭ ھوقۇقلىرىنى ئادا قىلمىساڭلار، سىلەرنى جازالاش، بىرىڭلارنىڭ يەنە بىرىڭلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنى ئېلىپ بېرىش ۋە سىلەرنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە توغرا يولغا باشلاشتۇر. سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار بولسا، زورلانماستىن، مەجبۇرلانماستىن ۋە مۇناپىقلىق قىلماستىن چىن كۆڭلۈڭلار بىلەن بويسۇنۇشتۇر».

ئەتىيە ئەۋفىي مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ: **﴿(الله نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ...﴾** دېگەن ئايىتى: ﴿الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ

بىرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار الله نىڭ ئىتائەتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾[1] دېگەن ئايىتىگە ۋە: ﴿ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى الله غا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە الله غا قايتىدۇ)﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ»﴾[2] دېگەن ئايىتىگە ئوخشايدۇ.

زەيد ئىبنى ئەسلەم الله تائالانىڭ: **﴿ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى الله غا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە الله غا قايتىدۇ)﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: كىشىلەرنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ ساۋابى الله تائالانىڭ دەرگاھىدىدۇر، ـ دېدى.

*******

وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدْ كَذَّبَتْ قَبْلَهُمْ قَوْمُ نُوحٍ وَعَادٌ وَثَمُودُ ﴿٤٢﴾ وَقَوْمُ إِبْرَٰهِيمَ وَقَوْمُ لُوطٍ ﴿٤٣﴾ وَأَصْحَٰبُ
مَدْيَنَ ۖ وَكُذِّبَ مُوسَىٰ فَأَمْلَيْتُ لِلْكَٰفِرِينَ ثُمَّ أَخَذْتُهُمْ ۖ فَكَيْفَ كَانَ نَكِيرِ ﴿٤٤﴾ فَكَأَيِّن مِّن
قَرْيَةٍ أَهْلَكْنَٰهَا وَهِىَ ظَالِمَةٌ فَهِىَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا وَبِئْرٍ مُّعَطَّلَةٍ وَقَصْرٍ مَّشِيدٍ ﴿٤٥﴾
أَفَلَمْ يَسِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَآ أَوْ ءَاذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا ۖ فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى ٱلْأَبْصَٰرُ
وَلَٰكِن تَعْمَى ٱلْقُلُوبُ ٱلَّتِى فِى ٱلصُّدُورِ ﴿٤٦﴾

ئەگەر (مەككە مۇشرىكلىرى) سېنى ئىنكار قىلسا (سەن تۇنجى ئىنكار قىلىنغۇچى پەيغەمبەر ئەمەسسەن، سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئىنكار قىلىنىپ سەۋر قىلىشقان)، ئۇلاردىن بۇرۇن نۇھنىڭ قەۋمى ئاد (خەلقى)، سەمۇد (خەلقى)، ئىبراھىمنىڭ قەۋمى، لۇتنىڭ قەۋمى، مەديەن ئاھالىسى (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان، مۇسامۇ ئىنكار قىلىنغان، كاپىرلارغا مۆھلەت بەردىم، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم، مېنىڭ (ئۇلارغا بەرگەن) جازايىم قانداق ئىكەن؟﴿42 ـ 44﴾. نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن (شەھەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ) ئۆگزىلىرى ئۆرۈلۈپ، ئۈستىگە تاملىرى يىقىلغان نۇرغۇن تاشلاندۇق قۇدۇقلار ۋە ئېگىز ئىمارەتلەر (ئاھالىسىز) قالغان﴿45﴾. ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)﴿46﴾.

## ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋملىرىدىن) قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بېرىش بىلەن تەسەللىي بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئەگەر (مەككە مۇشرىكلىرى) سېنى ئىنكار قىلسا (سەن تۇنجى ئىنكار قىلىنغۇچى پەيغەمبەر ئەمەسسەن، سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر**

---

(1) نۇر سۈرىسى 55 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 125 ـ ئايەت.

**ئىنكار قىلىنىپ سەۋر قىلىشقان)، ئۇلاردىن بۇرۇن نۇھنىڭ قەۋمى ئاد (خەلقى)، سەمۇد (خەلقى)، ئىبراھىمنىڭ قەۋمى، لۇتنىڭ قەۋمى، مەديەن ئاھالىسى (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان، مۇسامۇ ئىنكار قىلىنغان، كاپىرلارغا مۆھلەت بەردىم، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم، مېنىڭ (ئۇلارغا بەرگەن) جازايىم قانداق ئىكەن؟﴾**

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇمۇسانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن الله تائالا زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ، الله تائالا زالىمنى ھالاك قىلغان ۋاقىتتا، زالىم الله تائالانىڭ ھالاك قىلىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ» دەپ، ئاندىن الله تائالانىڭ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، الله نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر﴾[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى.

**﴿نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن﴾** يەنى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، **﴿(شەھەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ) ئۆگزىلىرى ئۆرۈلۈپ، ئۈستىگە تاملىرى يىقىلغان﴾** يەنى ئۇ شەھەر كىشىلىرىنىڭ ئۆيلىرى خارابىلىققا ئايلاندى ۋە ئۇ شەھەر قۇرۇلۇشى بۇزۇلۇپ كەتتى.

**﴿نۇرغۇن تاشلاندۇق قۇدۇقلار﴾** يەنى ئەسلىدە (سۇغا كەلگۈچىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن) كىشىلەر قىستا ـ قىستاڭدا كېلىپ سۇ ئالىدىغان ئۇ قۇدۇقلارغا ھازىر بىرەر كىشىمۇ سۇ ئالغىلى كەلمەيدىغان بولدى.

**﴿ۋە ئېگىز ئىمارەتلەر (ئاھالىسىز) قالغان﴾** ئىكرىمە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: گەج بىلەن ئاقارتىلغان (ئىمارەتلەر ئاھالىسىز قالغان) دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب، مۇجاھىد، ئەتا، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇمەلىھ ۋە زەھھاك قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنىڭدەك دېدى. بەزى ئالىملار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئېگىز ئىمارەتلەر (ئاھالىسىز قالغان) دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. يەنە بەزى ئالىملار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ناھايىتى پۇختا ۋە مۇستەھكەم ئىمارەتلەر (ئاھالىسىز قالغان) دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. بۇ قاراشلار مەنا جەھەتتە بىر ـ بىرىگە يېقىن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق. چۈنكى، ئۇ ئىمارەتلەرنىڭ چىڭلىقى، ئېگىزلىكى، مۇستەھكەملىكى ۋە پۇختىلىقى الله تائالانىڭ ئازابىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاھالىلىرىگە چۈشۈشىدىن ساقلاپ قالالمىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ﴾[2].

**﴿ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟﴾** يەنى ئۇلار تەنلىرى ۋە پىكىرلىرى بىلەن (زېمىندا ساياھەت قىلىپ يۈرمىدىمۇ)، بۇنداق قىلىش (خۇددى ئىبنى ئەبۇدۇنيا دېگەندەك) كىشىلەرنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

بەزى ھېكمەت ئىگىلىرى مۇنداق دېدى: سەن دىلىڭنى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن تىرىلدۈرگىن، پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن نۇرلاندۇرغىن، مال ـ دۇنيانى سۆيمەسلىك بىلەن چېنىقتۇرغىن، ئىشەنچ بىلەن كۈچلەندۈرگىن، ئۆلۈمنى ياد ئېتىش بىلەن باش ئەگدۈرگىن، (الله تائالا ئۈچۈن) ئەس ـ ھوشۇڭنى (يەنى خۇدۇڭنى) يوقىتىش بىلەن ئۇنى دەڭسەپ باققىن، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ پاجىئەلىرىنى كۆرسەتكىن،

(1) ھۇد سۈرىسى 102 ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زاماننىڭ ئۈستىدىن كېلىپ قېلىشىدىن ئۇنى ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇنىڭغا ھەمىشە خالىغىنىنى قىلىشنى يامان كۆرسەتكىن، ئۆتكەنكىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى بىلدۈرگىن، بۇرۇنقىلارغا كەلگەن كەلگۈلۈكلەرنى ئەسلەتكىن. ئۇنى ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدا ساياھەت قىلدۇرغىن، ئۇلاردىن قالغان ئىش ـ ئىزلارغا قاراتقىن ۋە ئۇنىڭغا بۇرۇن ئۆتكەن (ئىنكار قىلغۇچى) ئۈممەتلەرگە كەلگەن ئازاب ۋە غەزەبلەرنى كۆرسەتكىن».

**﴿شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)﴾** يەنى (ھەقىقىي) كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، بەلكى دىلنىڭ كورلۇقىدۇر. دىل كور بولسا، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ھەرقانچە ساغلام بولغان تەقدىردىمۇ، يەنە ۋەز ـ نەسىھەت ۋە چۈشەنچە قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇ ھەقتە ھىجرىيەنىڭ 517 ـ يىلى ۋاپات بولغان ئەندەلۇسلىق ئەبۇمۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سارە تۆۋەندىكى گۈزەل شېئىرنى ئوقۇدى:

ئى گۇمراھلىقتا قۇلاق سېلىپ ياشايدىغان ئىنسان!
قېرىلىقنىڭ، ئاق چاچلىرىڭ چاقىرىدۇ ئۆلۈمنى.
تىڭشىمساڭ، ئەگەردە سەن پايدىلىق ۋەز ـ نەسىھەت،
نە پايدىدۇر قۇلاق بىلەن كۆزلىرىڭنىڭ بولغىنى؟
كىمنىڭكى گەر كۆزلىرى كۆرمىسە شۇ ھەقنى ھەم،
شۇدۇر ئۇنىڭ ھاياتلىقتا خاتا يولنى تۇتقىنى.
گۇمراھلىقتا ياشاپ ئۆتەر ئاشۇ كىشى تا ئەبەد،
گاس ئەمەستۇر، كور ئەمەستۇر توغرا يولدا تۇرغىنى.
زامان، دۇنيا، پەلەكلەر ھەرگىز مەڭگۈ تۇرمايدۇ،
قۇياش بىلەن ئايدەك ھەم يورۇقلۇقلار بەرگىنى.
كېلەر ئۆلۈم ھەممىگە خاھىشلارغا باقماستىن،
ئۆچ كۆرسىمۇ ئۆلۈمدە تاشلاشقا ئۆز يۇرتىنى.

* * * * * * *

وَيَسْتَعْجِلُونَكَ بِٱلْعَذَابِ وَلَن يُخْلِفَ ٱللَّهُ وَعْدَهُۥ ۚ وَإِنَّ يَوْمًا عِندَ رَبِّكَ كَأَلْفِ سَنَةٍ مِّمَّا تَعُدُّونَ
﴿٤٧﴾ وَكَأَيِّن مِّن قَرْيَةٍ أَمْلَيْتُ لَهَا وَهِىَ ظَالِمَةٌ ثُمَّ أَخَذْتُهَا وَإِلَىَّ ٱلْمَصِيرُ ﴿٤٨﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن سەندىن ئازابنىڭ تېز نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ (ئازاب چوقۇم نازىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى ـ سائىتى بولىدۇ)، الله ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ (الله بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر﴿47﴾. نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا مەن مۆھلەت بەردىم (ئۇلار بۇ

مۆھلەتكە مەغرۇر بولۇپ كەتتى) ، ئاندىن (يەنى ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەت مۆھلەت بەرگىنىمدىن كېيىن) ئۇلارنى جازالىدىم ، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر (يەنى ئاخىر ھەممىسى ماڭا كېلىدۇ)﴿48﴾ .

## كاپىرلارنىڭ ئازابنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلىشلىرى

اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن سەندىن ئازابنىڭ تېز نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ (ئازاب چوقۇم نازىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى ـ سائىتى بولىدۇ)**﴾ يەنى اللە تائالانى ، كىتابىنى ، پەيغەمبىرىنى ۋە قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغۇچى ئاشۇ كاپىرلار سەندىن ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا ، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى﴾[1] ، ﴿ئۇلار (مەسخىرە قىلىش يولى بىلەن): «پەرۋەردىگارىمىز! (سەن بىزگە ئازابتىن ۋەدە قىلغان) نېسىۋىمىزنى بىزگە بالدۇرراق ـ قىيامەت كۈنىدىن ئىلگىرى بەرگىن» دېيىشتى﴾[2] .

﴿**اللە ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ**﴾ يەنى اللە تائالا قىيامەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ، دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىش ۋە يېقىن بەندىلىرىنى ئىززەتلەشكە قىلغان ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ.

﴿**ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر**﴾ يەنى اللە تائالا ئۆزىنىڭ ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە ھەرقانچە كېچىكتۈرسىمۇ ۋە مۆھلەت بەرسىمۇ ، ئازابقا تېگىشلىك بولغانلارنىڭ (ئۆزىنىڭ تۇتۇشىدىن) قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە ، مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىشىچە بولغان مىڭ يىل اللە تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ھۆكمىگە نىسبەتەن بىر كۈندەكتۇر.

﴿**نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا مەن مۆھلەت بەردىم (ئۇلار بۇ مۆھلەتكە مەغرۇر بولۇپ كەتتى)، ئاندىن (يەنى ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەت مۆھلەت بەرگىنىمدىن كېيىن) ئۇلارنى جازالىدىم، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر (يەنى ئاخىر ھەممىسى ماڭا كېلىدۇ)**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرى بايلىرىدىن جەننەتكە يېرىم كۈن (يەنى 500 يىل) بۇرۇن كىرىدۇ» .

ئەبۇداۋۇد سەئد ئىبنى ۋاققاستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەقىقەتەن مەن ئۈممەتلىرىم ئىچىدىكى بايلارنىڭ اللە تائالانىڭ ئۇلارنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) پېقىرلاردىن كېچىكتۈرۈپ قويۇشى بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (ئاخىرەتنىڭ كۈنلىرىدىن) يېرىم كۈن سەۋر قىلىپ تۇرۇشتىن ئاجىز كېلىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. سەئدتىن: يېرىم كۈن قانچىلىك

(1) ئەنفال سۈرىسى 32 ـ ئايەت.
(2) ساد سۈرىسى 16 ـ ئايەت.

ۋاقىتتا توغرا كېلىدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا، سەئد: ھازىرقى كۈنلەرنىڭ 500 يىلىغا توغرا كېلىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

*******

قُلْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّمَآ أَنَا۠ لَكُمْ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٤٩﴾ فَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ ﴿٥٠﴾ وَٱلَّذِينَ سَعَوْا۟ فِىٓ ءَايَٰتِنَا مُعَٰجِزِينَ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْجَحِيمِ ﴿٥١﴾

(ئى مۇھەممەد! الله نىڭ ئازابىنىڭ تېز نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلغۇچىلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە مەن ھەقىقەتەن ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» ﴿49﴾. ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ ﴿50﴾. بىزنى ئاجىز بىلىپ ئايەتلىرىمىزنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشقۇچىلار ـ ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر ﴿51﴾.

## ياخشى كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتى ۋە يامان كىشىلەرنىڭ جازاسى

كاپىرلار مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئازابنىڭ تېز چۈشۈشىنى تەلەپ قىلغاندا ﴿**(ئى مۇھەممەد! الله نىڭ ئازابىنىڭ تېز نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلغۇچىلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە مەن ھەقىقەتەن ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»**﴾ يەنى الله تائالا مېنى سىلەرگە قاتتىق بىر ئازابنىڭ ئالدىدىكى ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى، سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ماڭا ھېچ بىر مەسئۇلىيەت يۈكلەنمەيدۇ. ئىشلىرىڭلار الله تائالاغا تاپشۇرۇلغاندۇر. ئەگەر الله تائالا خالىسا سىلەرگە ئازابنى بۇرۇنلا چۈشۈرىدۇ، خالىسا كېچىكتۈرىدۇ، خالىسا تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خالىسا بەتبەختلىك يېزىلىپ كەتكەن كىشىنى ئازدۇرىۋېتىدۇ. ئۇ خالىغانني قىلىدىغان زاتتۇر (ئۇنىڭغا ھېچ كىشى قارشى چىقالمايدۇ). الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**الله** نىڭ ھۆكمىگە ھېچ كىشى قارشى تۇرالمايدۇ. الله تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾[1].

﴿**ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار**﴾ يەنى چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئىمانىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىغانلار ﴿**مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ**﴾ يەنى ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەتكە، ئاز بولسىمۇ قىلغان ياخشى ئىش ـ ئەمەلى ئۈچۈن مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

﴿**بىزنى ئاجىز بىلىپ ئايەتلىرىمىزنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشقۇچىلار**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشىگە توسالغۇ بولۇپ، ﴿**ئايەتلىرىمىزنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشقۇچىلار**﴾ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. (بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە) ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرمۇ شۇنداق دېدى.

﴿**ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر**﴾ يەنى ئۇلار ئازابى، قىيىن ـ قىستىقى قاتتىق بولغان كۆيدۈرگۈچى

(1) رەئد سۈرىسى 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇتقا كىرگۈچىلەردۇر. الله تائالا بىزنى ئۇ ئوتتىن ساقلىسۇن! الله تائالا كاپىرلارنى قاتتىق ئازابلايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿كاپىر بولغانلارغا ۋە (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن (يەنى دىنىدىن) توسقانلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ، زىيادە ئازاب قىلىمىز﴾[1].

*******

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ مِن رَّسُولٖ وَلَا نَبِيٍّ إِلَّآ إِذَا تَمَنَّىٰٓ أَلۡقَى ٱلشَّيۡطَٰنُ فِيٓ أُمۡنِيَّتِهِۦ فَيَنسَخُ ٱللَّهُ مَا
يُلۡقِي ٱلشَّيۡطَٰنُ ثُمَّ يُحۡكِمُ ٱللَّهُ ءَايَٰتِهِۦۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٥٢﴾ لِّيَجۡعَلَ مَا يُلۡقِي ٱلشَّيۡطَٰنُ فِتۡنَةٗ
لِّلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ وَٱلۡقَاسِيَةِ قُلُوبُهُمۡۗ وَإِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ لَفِي شِقَاقِۭ بَعِيدٖ ﴿٥٣﴾ وَلِيَعۡلَمَ
ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَيُؤۡمِنُواْ بِهِۦ فَتُخۡبِتَ لَهُۥ قُلُوبُهُمۡۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهَادِ
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٥٤﴾

بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن قايسىبىر رەسۇل، قايسىبىر پەيغەمبەر بولمىسۇن، ئۇ (الله نازىل قىلغان ئايەتلەرنى) ئوقۇغان چاغدا، شەيتان ھامان ئۇنىڭ قىرائىتىگە (شۈبھە) سالىدۇ. الله شەيتاننىڭ سالغان شۈبھىسىنى بەربات قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿52﴾. (الله تائالانىڭ مۇنداق قىلىشى) دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) ئىللىتى بارلارنى، دىللىرى قەساۋەتلىشىپ كەتكەنلەرنى (يەنى ئەبۇجەھل، نەزر، ئۇتبەگە ئوخشاش الله نىڭ زىكرىگە دىلى ئېرىمەس كۇففارلارنى) شەيتاننىڭ سالغان شۈبھىسى بىلەن سىناش ئۈچۈندۇر، زالىملار (يەنى يۇقىرىدىكى مۇناپىقلار، مۇشرىكلار) ھەقىقەتەن (الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە) قاتتىق ئاداۋەتتىدۇر﴿53﴾. (الله تائالانىڭ مۇنداق قىلىشى) ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى، شۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتىشلىرى، دىللىرىنىڭ قۇرئانغا بويسۇنۇشى ئۈچۈندۇر. الله مۆمىنلەرنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر﴿54﴾.

## شەيتاننىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ قىرائىتىگە ئارىلىشىدىغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ ئۇنى بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقى

كۆپلىگەن تەپسىرشۇناس ئالىملار: بۇ يەردە بۇتلارنىڭ ھېكايىسىنى[2] ۋە ھەبەشىستانغا ھىجرەت



---

(1) نەھل سۈرىسى 88 ـ ئايەت.

(2) يەنى كۆپلىگەن تەپسىرشۇناس ئالىملار: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرەم مەسجىدىدە كاپىرلار بىلەن بىللە ئولتۇرغان ئىدى، الله ئۇنىڭغا نەجم سۈرىسىنى چۈشۈردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۈرىنى كاپىرلارغا ئوقۇپ بېرىپ، الله تائالانىڭ: ﴿ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار (الله تائالادەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟)﴾ دېگەن ئايىتىگە كەلگەندە، شەيتان: ئۇلار الله تائالانىڭ دەرگاھىدا شاپائەتلىرى قوبۇل قىلىنىدىغان بۇتلاردۇر دېگەن سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىغا سېلىپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۈرىگە شۇ سۆزنى قوشۇپ ئوقۇيدۇ. كاپىرلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇتلىرىمىزنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلدى دەپ ئويلاپ

قىلىپ بارغان مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئىمان ئېيتتى دەپ گۇمان قىلىپ ھەبەشىستاندىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. لېكىن، تەپسىرشۇناسلارنىڭ بايان قىلغان بۇ ھېكايىسى توغرىلىق دەرىجىسگە يەتمىگەن بىر بايانىدىن ئىبارەتتۇر.

**﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن قايسىبىر رەسۇل، قايسىبىر پەيغەمبەر بولمىسۇن، ئۇ (الله نازىل قىلغان ئايەتلەرنى) ئوقۇغان چاغدا، شەيتان ھامان ئۇنىڭ قىرائىتىگە (شۈبھە) سالىدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سۆزلىسە، شەيتان ئۇنىڭ سۆزىگە شۈبھە سالىدۇ، ئاندىن الله تائالا شەيتان سالغان شۈبھىنى يوقىتىۋېتىدۇ.

**﴿ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە الله تائالانىڭ: **﴿ئۇ (الله نازىل قىلغان ئايەتلەرنى) ئوقۇغان چاغدا، شەيتان ھامان ئۇنىڭ قىرائىتىگە (شۈبھە) سالىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سۆزلىسە، شەيتان ئۇنىڭ سۆزىگە شۈبھە تاشلايدۇ. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر گەپ قىلسا، شەيتان ئۇنىڭ گېپىگە شۈبھە تاشلايدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە بەغەۋى ۋە كۆپلىگەن تەپسىرشۇناس ئالىملار مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئۆزىگە چۈشۈرۈلگەن كىتابنى ئوقۇغاندا، شەيتان ئۇنىڭ ئوقۇشىغا شۈبھە تاشلايدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە زەھھاكمۇ شۇنداق دېدى.

ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: پەيغەمبەر الله تائالانىڭ كىتابىنى ئوقۇسا، شەيتان ئۇنىڭ گېپىگە شۈبھە تاشلايدۇ، ـ دەيدۇ.

**﴿الله شەيتاننىڭ سالغان شۈبھىسىنى بەربات قىلغاندىن كېيىن﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا شەيتان تاشلىغان شۈبھىنى يوق قىلىدۇ.

**﴿الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا كەلگۈسىدە بولىدىغان بارلىق ئىشلارنى ۋە ھادىسىلەرنى بىلىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە يوشۇرۇن بولمايدۇ.

**﴿ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدا، يارىتىشىدا، بۇيرۇقلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

**﴿(الله تائالانىڭ مۇنداق قىلىشى) دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) ئىللىتى بارلارنى﴾** يەنى دىللىرىدا شەك، شېرىك، كۇپۇرلۇق ۋە مۇناپىقلىق بارلارنى، **﴿دىللىرى قەساۋەتلىشىپ كەتكەنلەرنى (يەنى ئەبۇجەھل، نەزر، ئۇتبەگە ئوخشاش الله نىڭ زىكرىگە دىلى ئېرىمەس كۇففارلارنى) شەيتاننىڭ سالغان شۈبھىسى بىلەن سىناش ئۈچۈندۇر﴾.**

ئىبنى جەرىر الله تائالانىڭ: **﴿(الله تائالانىڭ مۇنداق قىلىشى) دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) ئىللىتى بارلارنى﴾** دېگەن ئايىتىدىن مۇناپىقلار، **﴿دىللىرى قەساۋەتلىشىپ كەتكەنلەرنى (يەنى ئەبۇجەھل، نەزر،**

(خوشال بولۇپ)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرىنىڭ ئايىغىدىكى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ سەجدە قىلغاندا، كاپىرلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەجدە قىلىدۇ، بۇنى ئاڭلىغان ھەبەشىستاندىكى مۇسۇلمانلار كاپىرلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولۇپتۇ دەپ ھەبەشىستاندىن قايتىپ كەلگەن، ـ دەپ بايان قىلىدۇ.

**ئۇتبەگە ئوخشاش الله نىڭ زىكرىگە دىلى ئېرىمەس كۇففارلارنى)﴾** دېگەن ئايىتىدىن مۇشرىكلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دەيدۇ.

﴿**زالىملار (يەنى يۇقىرىدىكى مۇناپىقلار، مۇشرىكلار) ھەقىقەتەن (الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە) قاتتىق ئاداۋەتتىدۇر﴾** يەنى (زالىملار) قاتتىق گۇمراھلىقتىدۇر، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىدۇر، ھەقىقەتتىن ۋە توغرىدىن بەك يىراق بولغان تەرسالىق ئىچىدىدۇر.

﴿**(الله تائالانىڭ مۇنداق قىلىشى) ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى، شۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتىشلىرى، دىللىرىنىڭ قۇرئانغا بويسۇنۇشى ئۈچۈندۇر﴾** ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيالايدىغان، پايدىلىق ئىلىم بېرىلگەن كىشىلەرنى، الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى، ساڭا ۋەھيي قىلغان نەرسىمىزنىڭ پەرۋەردىگارىڭ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلسۇن دېگەنلىكىمىز ئۈچۈندۇر، پەرۋەردىگارىڭ ئۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىلمى بىلەن چۈشۈردى ۋە ئۇنى باشقا بىر نەرسىنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىدى ۋە قوغدىدى.

بەلكى ئۇ، الله تائالا تۆۋەندىكى ئايىتىدە سۈپەتلىگەن ئۇلۇغ بىر كىتابتۇر: ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[1].

﴿**الله مۆمىنلەرنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە توغرا يولغا باشلايدۇ. الله تائالانىڭ ئۇلارنى دۇنيادا توغرا يولغا باشلايدۇ دېگىنىمىز، الله تائالا ئۇلارنى ھەققە ئەگىشىشكە باشلايدۇ. ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشتا ئۇتۇق ئاتا قىلىدۇ. الله تائالانىڭ ئۇلارنى ئاخىرەتتە توغرا يولغا باشلىشى بولسا، الله تائالا ئۇلارنى ئاخىرەتتە جەننەتلەرنىڭ ئالىي ئورۇنلىرىغا يەتكۈزىدىغان، قاتتىق ئازابتىن ۋە جەھەننەمدىن ساقلاپ قالىدىغان يوللارغا باشلايدىغانلىقىدۇر.

*******

وَلَا يَزَالُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فِي مِرۡيَةٖ مِّنۡهُ حَتَّىٰ تَأۡتِيَهُمُ ٱلسَّاعَةُ بَغۡتَةً أَوۡ يَأۡتِيَهُمۡ عَذَابُ يَوۡمٍ عَقِيمٍ
﴿٥٥﴾ ٱلۡمُلۡكُ يَوۡمَئِذٖ لِّلَّهِ يَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡۚ فَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فِي جَنَّٰتِ
ٱلنَّعِيمِ ﴿٥٦﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا فَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿٥٧﴾



كاپىرلار تاكى ئۇلارغا قىيامەت ئۇشتۇمتۇت كەلگۈچە ياكى ئۇلارغا قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابى يەتكۈچە قۇرئاندىن ھامان شەكلىنىدۇ﴿55﴾. بۇ كۈندە پادىشاھلىق (يالغۇز) الله غا خاستۇر، الله بەندىلەر ئارىسىدا (ئادىل) ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار (تۈرلۈك) نازۇ نېمەتلەر بار جەننەتلەردە بولىدۇ﴿56﴾. كاپىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار (دوزاختا) خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿57﴾.

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 42 ـ ئايەت.

# مۇشرىكلارنىڭ داۋاملىق تۈردە شەكلىنىش ۋە ئىككىلىنىش ئۈستىدە ياشايدىغانلىقى

ﷲ تائالا كاپىرلارنىڭ قۇرئاندىن شەكلىنىپلا يۈرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**كاپىرلار تاكى ئۇلارغا قىيامەت ئۇشتۇمتۇت كەلگۈچە**﴾ مۇجاھىد بۇ يەردە مۇنداق دېدى: ﷲ تائالا كىشىلەرنى پەقەت ئۇلار سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا ياكى غەپلەتتە قالغاندا ۋە ياكى باياشات ياشاۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت تۇتىدۇ، شۇڭا سىلەر (سىلەرنىڭ يامان قىلمىشلىرىڭلار ئۈچۈن) ﷲ تائالانىڭ (دەرھال تۇتمىغانلىقىغا) ئالدىنىپ كەتمەڭلار، ﷲ تائالانىڭ دەرھال تۇتمىغانلىقىغا پەقەت دىندىن يىراقلىشىپ كەتكەن كىشىلەرلا گوللىنىپ كېتىدۇ.

﴿**ياكى ئۇلارغا قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابى يەتكۈچە قۇرئاندىن ھامان شەكلىنىدۇ**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (ئۇلارغا ئازابى كېلىدىغان) بۇ كۈندىن بەدرى كۈنى كۆزدە تۇتۇلغان.

ئىكرىمە ۋە مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇ كۈندىن قىيامەت كۈنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە زەھھاك ۋە ھەسەنبەسرىمۇ شۇنداق دېدى.

﴿**بۇ كۈندە پادىشاھلىق (يالغۇز) ﷲ غا خاستۇر، ﷲ بەندىلەر ئارىسىدا (ئادىل) ھۆكۈم چىقىرىدۇ**﴾ ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ﷲ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾[1]، ﴿پادىشاھلىق بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك ﷲ غا خاستۇر، بۇ كۈن كاپىرلارغا قىيىندۇر﴾[2].

﴿**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار (تۈرلۈك) نازۇ نېمەتلەر بار جەننەتلەردە بولىدۇ**﴾ يەنى چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتىپ، ﷲ تائالا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىشەنگەن، بىلگىنىگە ئەمەل قىلغان ۋە دىلى بىلەن تىلى بىر بولغان ۋە بۇنداق بولغانلىقى ئەمەللىرىدە ئىپادىلەنگەن كىشىلەر ئۈچۈن نازۇنېمەتلىرى مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان ۋە يوقاپ كەتمەيدىغان جەننەتلەر باردۇر.

﴿**كاپىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار (دوزاختا) خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ**﴾ يەنى دىللىرى بىلەن ھەققە كۆز يۇمغان، ئۇنىڭدىن تانغان، ئۇنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرلەرگە قارشىلىق قىلغان ۋە ئۇلارغا ئەگىشىشتىن چوڭلۇق قىلغانلارغا (ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە ئەگىشىشتىن چوڭلۇق قىلىپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىڭ جازاسى ئۈچۈن) خارلىغۇچى ئازاب باردۇر. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ»﴾[3].

*******

(1) فاتىھە سۈرىسى 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر.
(2) فۇرقان سۈرىسى 26 ـ ئايەت.
(3) غافىر سۈرىسى 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

وَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ثُمَّ قُتِلُوٓاْ أَوۡ مَاتُواْ لَيَرۡزُقَنَّهُمُ ٱللَّهُ رِزۡقًا حَسَنٗاۚ وَإِنَّ
ٱللَّهَ لَهُوَ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿٥٨﴾ لَيُدۡخِلَنَّهُم مُّدۡخَلٗا يَرۡضَوۡنَهُۥۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَعَلِيمٌ حَلِيمٞ ﴿٥٩﴾
۞ ذَٰلِكَۖ وَمَنۡ عَاقَبَ بِمِثۡلِ مَا عُوقِبَ بِهِۦ ثُمَّ بُغِيَ عَلَيۡهِ لَيَنصُرَنَّهُ ٱللَّهُۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَعَفُوٌّ
غَفُورٞ ﴿٦٠﴾

الله نىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا، ئاندىن (جىھاد قىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە ياكى (كېسەل بىلەن) ئۆلگەنلەرگە الله چوقۇم ياخشى رىزىق (يەنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېمەتلىرىنى) ئاتا قىلىدۇ. رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەقىقەتەن يالغۇز الله دۇر﴿58﴾. الله ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جايغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىدۇ، الله ھەقىقەتەن (ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدىغان نەرسىلەرنى) بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴿59﴾. ئىش مانا شۇنداق، كىمكى قانچىلىك زۇلۇمغا ئۇچراپ شۇنچىلىك ئىنتىقامنى ئالغان بولسا، ئاندىن يەنە زۇلۇمغا ئۇچرىسا، الله ئۇنىڭغا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴿60﴾.

## الله تائالانىڭ يولىدا ھىجرەت قىلىپ چىققان كىشى ئۆچۈن كاتتا ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى

**﴿الله نىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا، ئاندىن (جىھاد قىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە ياكى (كېسەل بىلەن) ئۆلگەنلەرگە الله چوقۇم ياخشى رىزىق (يەنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېمەتلىرىنى) ئاتا قىلىدۇ﴾** يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىدىكى كاتتا ئەجىرلەرنى ئىزدەپ الله تائالانىڭ يولىدا ھىجرەت قىلىپ، ۋەتىنىنى، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىنى تاشلاپ چىقىپ، الله تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۆز شەھىرىدىن ئايرىلىپ جىھاد قىلىپ ياكى جىھاد قىلماي ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ كۆپ ئەجىرگە ۋە ياخشى ماختاشلارغا ئېرىشىدىغانلىقىدىن ۋە الله تائالانىڭ ئۇلارغا ئۇلارنى خۇرسەن قىلىدىغان جەننەتنىڭ نازۇنېمەتلىرىنى بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم الله بېرىدۇ﴾[1].

**﴿رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەقىقەتەن يالغۇز الله دۇر، الله ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جايغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىدۇ﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر ئۇ مېيىت مۇقەررەبلەردىن (يەنى تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلاردىن) بولىدىغان بولسا، (ئۇنىڭ مۇكاپاتى) راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەت

(1) نىسا سۈرىسى 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولىدۇ﴾[1] يەنى اللە تائالا: ﴿**اللە چوقۇم ياخشى رىزىق (يەنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېمەتلىرىنى) ئاتا قىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتتە خەۋەر بەرگەندەك، بۇ ئايەتتىمۇ ئۇلارغا راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

﴿**اللە ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جايغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىدۇ، اللە ھەقىقەتەن بىلگۈچىدۇر**﴾ يەنى اللە تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغان ۋە جىھاد قىلغانلارنى ۋە ئۇنىڭغا كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگۈچىدۇر.

﴿**ھەلىمدۇر**﴾ يەنى ھىجرەت قىلغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنى اللە تائالاغا تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىرىمايدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ. مەيلى ھىجرەت قىلغان ياكى قىلمىغان بولسۇن، اللە تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى تىرىك ھېسابلىنىپ، اللە تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ياخشى رىزىقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿اللە نىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، اللە نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ)﴾[2].

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتىمۇ كۆپتۇر. مەيلى ھىجرەت قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، اللە تائالانىڭ يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە اللە تائالانىڭ ياخشى رىزىق ۋە كاتتا ئەجىر بېرىدىغانلىقىنى يۇقىرىدىكى ئايەتتە بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئىبنى ئەبۇھاتەم شۇرەھبىل ئىبنى سەمتنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز رۇمنىڭ زېمىنىدىكى بىر سېپىلنى قورشاپ ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتۇق، (بىر كۈنى) قېشىمىزدىن سالمان پارىسى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى چېگرا قوغداۋېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، اللە تائالا ئۇنىڭغا (ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ) شۇنداق قىلغانلىقىنىڭ ئەجرىنى، ياخشى رىزىقلارنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ ۋە ئازدۇرغۇچىلاردىن خاتىرجەم قىلىدۇ. ئەگەر خالىساڭلار، اللە تائالانىڭ: ﴿**اللە نىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا، ئاندىن (جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە ياكى (كېسەل بىلەن) ئۆلگەنلەرگە اللە چوقۇم ياخشى رىزىق (يەنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېمەتلىرىنى) ئاتا قىلىدۇ. رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەقىقەتەن يالغۇز اللە دۇر، اللە ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جايغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىدۇ، اللە ھەقىقەتەن (ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدىغان نەرسىلەرنى) بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)**﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى جەھدەم خۇلانىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: پۇزالە ئىبنى ئۇبەيد بەھرى دېگەن يەردە (بىرى مەنجانىقتىن ئېتىلغان نەرسە تېگىپ شېھىت بولۇپ كەتكەن، يەنە بىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن) ئىككى كىشىنىڭ جىنازىسىغا



---

(1) ۋاقىئە سۈرىسى 88 ـ 89 ـ ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 169 ـ ئايەت.

قاتناشتى. ئاندىن پۇزالە ئىبنى ئۇبەيد ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ قەبرىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا: سەن نېمىشقا شېھىتنىڭ (قەبرىسىنى) تاشلاپ قويۇپ، بۇنىڭ قەبرىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرىسەن؟ ـ دېيىلدى. ئۇ: قىيامەت كۈنى بۇ ئىككىسىدىن قايسى بىرىنىڭكىگە ئوخشاش قەبرىدىن قايتا تۇرغۇزۇلىشىمنىڭ مەن ئۈچۈن ھېچقانداق پەرقى يوق. چۈنكى، الله تائالا: **﴿الله نىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا، ئاندىن (جىھاد قىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە ياكى (كېسەل بىلەن) ئۆلگەنلەرگە الله چوقۇم ياخشى رىزىق (يەنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېمەتلىرىنى) ئاتا قىلىدۇ. رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەقىقەتەن يالغۇز الله دۇر، الله ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جايغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىدۇ، الله ھەقىقەتەن (ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدىغان نەرسىلەرنى) بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴾** دېدى ئەمەسمۇ؟ ئى الله نىڭ بەندىسى! سەن ئۆزەڭ رازى بولىدىغان ئورۇنغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزۈلسەڭ ۋە ياخشى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنساڭ، يەنە نېمىنى ئارزۇ قىلاتتىڭ؟ شۇڭا الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (قىيامەت كۈنى) ئۇ ئىككىسىدىن قايسى بىرىنىڭكىگە ئوخشاش قەبرىدىن قايتا تۇرغۇزۇلىشىمنىڭ (مەن ئۈچۈن) ھېچقانداق پەرقى يوق، ـ[1] دېدى.

**﴿ئىش مانا شۇنداق، كىمكى قانچىلىك زۇلۇمغا ئۇچراپ شۇنچىلىك ئىنتىقامىنى ئالغان بولسا، ئاندىن يەنە زۇلۇمغا ئۇچرىسا، الله ئۇنىڭغا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ﴾** مۇقاتىل ئىبنى ھايىيان ۋە ئىبنى جەرىر: بۇ ئايەت ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايدا مۇشرىكلارنىڭ خەۋەرلىرىنى ئىگىلىگىلى چىقىپ، مۇشرىكلارنىڭ قوشۇنىغا يولۇقۇپ قالغان بىر تۈركۈم ساھابىلەر توغرىسىدا نازىل بولغان. ساھابىلەر مۇشرىكلاردىن ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇشماسلىقنى الله نىڭ نامى بىلەن ئۆتۈنۈپ سورايدۇ. مۇشرىكلار بۇنىڭغا ئۇنىماي، ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ساھابىلەرنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىدۇ. ئاندىن ساھابىلەرمۇ ئۇرۇشقا كىرىدۇ، الله تائالا مۇشرىكلارغا قارشى ساھابىلەرگە ياردەم بېرىدۇ. ﴿الله ھەقىقەتەن ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾.

*******

ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ يُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِي ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِ وَأَنَّ ٱللَّهَ سَمِيعُۢ بَصِيرٞ
﴿٦١﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ وَأَنَّ مَا يَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ هُوَ ٱلۡبَٰطِلُ وَأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ
ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡكَبِيرُ ﴿٦٢﴾

(شۇ نەرسە الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇركى) الله كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ)، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿61﴾. بۇ (قۇدرەت) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، الله ھەقتۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان نەرسىلىرى (يەنى بۇتلىرى) باتىلدۇر، الله (ھەممە نەرسىدىن) ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر﴿62﴾.

(1) يەنى مەن جەننەتكە كىرسەم ۋە الله تائالانىڭ ياخشى نېمەتلىرىگە ئېرىشسەم، مەيلى شېھىد بولغانلارنىڭ ياكى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ قاتارىدا تىرىلدۈرۈلەي، مەن ئۈچۈن بەرىبىر (ئوخشاش).

# ﷲ تائالانىڭ دۇنيانى ياراتقان ۋە ئۇنىڭدا خالىغىنىنى قىلىدىغان زات ئىكەنلىكى

ﷲ تائالا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچى ۋە ئۇلاردا ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى قىلغۇچى زات ئىكەنلىكىگە بىر ئەسكەرتىش بەردى. ﷲ تائالا ئۆزىنىڭ شۇنداق زات ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئېيتقىنكى، «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ﷲ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن، كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن، (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)؛ جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنساننى، ھايۋاننى) جانسىزدىن (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىيدىن) چىقىرىسەن، جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىينى) جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن، ھايۋاندىن) چىقىرىسەن؛ ئۆزەڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن»﴾[1] يەنى ﷲ تائالا كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق قىش پەسلىدە كېچىنى ئۇزۇن، كۈندۈزنى قىسقا، ياز پەسلىدە كېچىنى قىسقا، كۈندۈزنى ئۇزۇن قىلىدۇ.

**﴿ﷲ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى ﷲ تائالا بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە ھەرىكەتسىز تۇرۇشلىرىدىن ھېچقانداق بىر نەرسە ﷲ تائالادىن مەخپىي ئەمەستۇر.

ﷲ تائالا يۇقىرىدا ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرىدا خالىغانىنى قىلىدىغان زات ۋە ئۇلار توغرىسىدا چىقارغان ھۆكمىگە ھېچ كىشى قارشى تۇرالمايدىغان ھاكىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانىدى. بۇ يەردە مۇنداق دېدى: **﴿بۇ (قۇدرەت) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ﷲ ھەقتۇر﴾** يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەق ئىلاھ يوقتۇر. چۈنكى، ئۇ، خالىغىنى بولىدىغان، خالىمىغىنى بولمايدىغان، ھەممە نەرسىلەر ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچى بولغان كاتتا ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئىگىسى ﷲ دۇر.

**﴿(مۇشرىكلارنىڭ) ﷲ نى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان نەرسىلىرى (يەنى بۇتلىرى) باتىلدۇر﴾** يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوقۇنغان بۇتلىرى، ﷲ تائالانىڭ ئوخشاشلىرى دەپ قارىغان نەرسىلىرى ۋە ﷲ تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بارلىق نەرسىلىرى ھەق ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر بىرەر زىيان كەلتۈرۈشكە ۋە ياكى بىرەر پايدا يەتكۈزۈشكە ئىگە ئەمەستۇر.

**﴿ﷲ (ھەممە نەرسىدىن) ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر﴾** ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ﷲ ئۈستۈندۇر، كاتتىدۇر﴾[2]، ﴿ﷲ مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر﴾[3] يەنى ھەممە نەرسىلەر ﷲ تائالانىڭ تىزگىنلىشى، ھۆكۈمرانلىقى

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 36 ـ ـ 37 ـ ئايەتلەر.
(2) شۇرا سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) رەئد سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

ۋە كاتتىلىقى ئاستىدىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ، پەرۋەردىگار يوقتۇر. چۈنكى، ئۇ بىر كاتتا زاتتۇركى، ئۇنىڭدىن كاتتىسى يوقتۇر. بىر ئالىي زاتتۇركى، ئۇنىڭدىن ئالىيسى يوقتۇر ۋە بىر چوڭ زاتتۇركى، ئۇنىڭدىن چوڭى يوقتۇر. الله تائالا (ھەددىدىن ئېشىپ) ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلغۇچىلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن ناھايىتى پاكتۇر.

* * * * * * *

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَتُصْبِحُ ٱلْأَرْضُ مُخْضَرَّةً ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ ﴿٦٣﴾ لَّهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهُوَ ٱلْغَنِىُّ ٱلْحَمِيدُ ﴿٦٤﴾ أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ وَٱلْفُلْكَ تَجْرِى فِى ٱلْبَحْرِ بِأَمْرِهِۦ وَيُمْسِكُ ٱلسَّمَآءَ أَن تَقَعَ عَلَى ٱلْأَرْضِ إِلَّا بِإِذْنِهِۦٓ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِٱلنَّاسِ لَرَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿٦٥﴾ وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَحْيَاكُمْ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ۗ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَكَفُورٌ ﴿٦٦﴾

الله نىڭ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن زېمىننى يېشىلزارلىققا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴿63﴾. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭدۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، الله نىڭ مەخلۇقاتىدۇر، الله نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر)، الله ھەقىقەتەن ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، ھەمدۇساناغا لايىقتۇر﴿64﴾. الله نىڭ يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى، ئۆزىنىڭ ئەمرى بويىچە دېڭىزدا يۈرۈۋاتقان كېمىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (ئاسماننىڭ) زېمىنغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، الله ئاسماننى توختىتىپ تۇرىدۇ، پەقەت الله نىڭ ئىزنى بىلەن (ئاسماننىڭ قىيامەت بولغان چاغدا) چۈشۈپ كېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿65﴾. الله سىلەرگە ھاياتلىق بېرىدۇ، ئاندىن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئىنسان ھەقىقەتەن (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) ناشۈكۈرلۈك قىلغۇچىدۇر﴿66﴾.

## الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىللەر

**﴿الله نىڭ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى﴾** بۇ، الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلاردىندۇر. چۈنكى، الله تائالا شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ، ئاندىن بۇلۇتنى قۇرۇق، قاقاس، چۆلدەرەپ كەتكەن، ھېچ ئۆسۈملۈك ئۆسمىگەن بىر زېمىننىڭ ئۈستىگە ئاپىرىپ يامغۇر ياغدۇرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ﴾[1].

**﴿شۇنىڭ بىلەن زېمىننى يېشىلزارلىققا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾** يەنى ئۇ زېمىن ھېچ نەرسە ئۈندۈرمەيدىغان، قۇرۇق قاقاسلىقتىن كېيىن ياپ - يېشىللىققا ئايلىنىدۇ. بەزى ھىجازلىق ئالىملارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: زېمىن يامغۇردىن كېيىنلا يېشىلچىلىققا ئايلىنىدۇ. الله

(1) ھەج سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

راستىنى بىلگۈچىدۇر.

**﴿الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾** يەنى الله تائالا زېمىننىڭ بۇرجەكلىرىدىكى، ئەتراپلىرىدىكى ۋە ئىچلىرىدىكى ئەڭ كىچىك دانچىنىمۇ بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر، شۇڭا الله تائالا ھەر بىر نەرسىگە سۇدىن بولغان يېتەرلىك نېسىۋىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇنى ياشارتىدۇ.

الله تائالانىڭ ھەممە نەرسىلەردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى (لوقمان ھەكىمنىڭ بالىسىغا قىلغان نەسىھىتىنى بايان قىلىپ كەلگەن) بۇ ئايەت ۋە تۆۋەندىكى ئايەتلەردىنمۇ كۆرىۋالغىلى بولىدۇ: ﴿(لوقمان ئېيتتى) «ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، الله ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). الله ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[1]، ﴿ئۇلار ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلارنى ئاشكارىلىغۇچى، سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچى الله غا سەجدە قىلمايدۇ﴾[2]، ﴿(دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن الله بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (الله غا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾[3]، ﴿ئاسمان ـ زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى الله نىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر﴾[4].

**﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭدۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، الله نىڭ مەخلۇقاتىدۇر، الله نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر)، الله ھەقىقەتەن ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، ھەمدۇساناغا لايىقتۇر﴾** يەنى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ مۈلكىدۇر، ئۇ ئۆزىدىن باشقا نەرسىدىن بىھاجەتتۇر، بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىقتۇر ۋە ئۇنىڭغا باش ئەگكۈچىدۇر.

**﴿الله نىڭ يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾** يەنى جانلىق، جانسىز، زىرائەت ۋە مېۋىلەردىن ئىبارەت ھەممە نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىمۇ؟

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىينى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) (روشەن) دەلىللەر بار﴾[5].

**﴿ئۆزىنىڭ ئەمرى بويىچە دېڭىزدا يۈرۈۋاتقان كېمىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾** يەنى الله تائالانىڭ كېمىنى تۇمانلىق دېڭىز ۋە چايقىلىپ تۇرغان دولقۇنلارنىڭ ئىچىدە بويسۇندۇرۇپ بېرىشى ۋە مەيىن ۋە ئىللىق شامالنىڭ ھەيدىشى بىلەن كېمە كىشىلەرنى كۆتۈرۈپ دېڭىزدا ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر كېمىدە مەيلى تىجارەت ياكى باشقا ئىش ئۈچۈن بولسۇن، ئۆزلىرى

(1) لوقمان سۈرىسى 16 ـ ئايەت.
(2) نەمل سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(3) ئەنئام سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) يۇنۇس سۈرىسى 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) جاسىيە سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

خالىغان، پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى بۇ شەھەردىن ئۇ شەھەرگە، بۇ دۆلەتتىن ئۇ دۆلەتكە يۆتكەيدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان ۋە خالىغان نەرسىلەرنى باشقا دۆلەتلەردىن ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىگە يۆتكەپ كېلىدۇ.

**﴿(ئاسماننىڭ) زېمىنغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، الله ئاسماننى توختىتىپ تۇرىدۇ، پەقەت الله نىڭ ئىزنى بىلەن (ئاسماننىڭ قىيامەت بولغان چاغدا) چۈشۈپ كېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾** يەنى مۇبادا الله تائالا ئاسمانغا رۇخسەت قىلسا، ئاسمان زېمىن ئۈستىگە چۈشۈپ، زېمىندىكى ھەممە نەرسىلەرنى ھالاك قىلىۋەتكەن بولاتتى. لېكىن مېھرىبان، رەھىمدىل، قۇدرەتلىك الله تائالا (قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ ئىزنى بېرىشى بىلەن ئاسماننىڭ چۈشۈپ كېتىدىغان ۋاقتى بولغۇچە) ئاسماننىڭ زېمىنغا چۈشۈپ كېتىشىنى توختىتىپ تۇرىدۇ.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ئىنسانلار ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلىدىغان كىشىلەر بولسىمۇ، **﴿الله ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىنسانلار زۇلۇم قىلسىمۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. پەرۋەردىگارىڭ (گۇناھلارغا چۆمۈپ تەۋبە قىلمىغانلارنى) شەك ـ شۈبھىسىز قاتتىق جازالايدۇ﴾[1].

**﴿الله سىلەرگە ھاياتلىق بېرىدۇ، ئاندىن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئىنسان ھەقىقەتەن (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) ناشۈكۈرلۈك قىلغۇچىدۇر﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، الله سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنى ئىدىڭلار)، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) الله جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن الله نىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر﴾[2]، ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنى تىرىلدۈرەلەيدۇ، ئاندىن (ئەجىلىڭلار يەتكەندە) ۋاپات قىلدۇرالايدۇ، ئاندىن شەك ـ شۈبھىسىز قىيامەت كۈنىدە سىلەرنى يىغىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (الله نىڭ قۇدرىتىنى) بىلمەي (قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلدى)»﴾[3]، ﴿ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرۈپ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ، بىز گۇناھىمىزغا ئىقرار قىلدۇق﴾[4] يەنى الله تائالا مەخلۇقاتلارنى يارىتىش، ئۇلارغا رىزىق بېرىش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش ئىشلىرىنى پەقەت ئۆزى يالغۇزلا قىلغان تۇرسا، قانداق قىلىپ سىلەر ئۇنىڭغا تەڭتۇش تۇتىۋالدىڭلار؟ قانداقمۇ ئۇنىڭغا باشقىسىنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرنى يوق يەردىن پەيدا قىلىپ ياراتقان تۇرسا.

**﴿ئاندىن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ﴾**. قىيامەت كۈنى **﴿ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ ئىنسان ھەقىقەتەن (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) ناشۈكۈرلۈك قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى تانغۇچىدۇر.

* * * * * * *

(1) رەئد سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 28 ـ ئايەت.
(3) جاسىيە سۈرىسى 26 ـ ئايەت.
(4) مۆمىن سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لِّكُلِّ أُمَّةٍ جَعَلۡنَا مَنسَكًا هُمۡ نَاسِكُوهُۖ فَلَا يُنَٰزِعُنَّكَ فِي ٱلۡأَمۡرِۚ وَٱدۡعُ إِلَىٰ رَبِّكَۖ إِنَّكَ لَعَلَىٰ هُدٗى
مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٦٧﴾ وَإِن جَٰدَلُوكَ فَقُلِ ٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿٦٨﴾ ٱللَّهُ يَحۡكُمُ بَيۡنَكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا
كُنتُمۡ فِيهِ تَخۡتَلِفُونَ ﴿٦٩﴾

ھەر ئۈممەت ئۈچۈن بىر شەرىئەت بېكىتتۇق، ئۇلار شۇ شەرىئەتكە ئەمەل قىلىدۇ، (مۇشرىكلار) شەرىئەت ئىشىدا سەن بىلەن جېدەللەشمىسۇن، كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئىبادىتىگە) دەۋەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن شەكسىز توغرا يولدىدۇرسەن﴿67﴾. ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن جېدەللەشسە، ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴿68﴾. الله قىيامەت كۈنى سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ»﴿69﴾.

## ھەر بىر ئۈممەت ئۈچۈن بىر شەرىئەتنىڭ يولغا قويۇپ بېرىلگەنلىكى

﴿**ھەر ئۈممەت ئۈچۈن بىر شەرىئەت بېكىتتۇق**﴾ يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە ھەر بىر ئۈممەت ئۈچۈن بىر شەرىئەت قىلىپ بەرگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغان بىر ئورۇننى قىلدۇق دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. مۇبادا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى (ئىبنى جەرىر دېگەندەك) ”ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغان بىر ئورۇننى قىلدۇق“ دېگەنلىك بولسا، الله تائالانىڭ: ﴿**(مۇشرىكلار) شەرىئەت ئىشىدا سەن بىلەن جېدەللەشمىسۇن**﴾ دېگەن ئايىتىدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغان مەنە: ئۇ مۇشرىكلار سەن بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا جېدەللەشمىسۇن، ـ دېگەنلىك بولىدۇ. الله تائالا ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان بىر ئورنىنىڭ بولۇشىنى تەقدىردە شۇنداق بېكىتكەن (يەنى الله تائالا ھەر بىر ئۈممەتكە: سەن بۇ يەردە ئىبادەت قىل، ـ دەپ مۇئەييەن بىر يەرنى كۆرسىتىپ بەرمەستىن، بەلكى ھەر بىر ئۈممەتنىڭ تەقدىرىگە بۇ ئۈممەت بىر ئورۇننى تۇتۇپ ئىبادەت قىلىدۇ دەپ يازغان). بۇ خۇددى الله تائالا: ﴿ھەر (ئۈممەت) نىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان تەرىپى (يەنى قىبلىسى) بار﴾[1] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلغان ھەرئۈممەتنىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان قىبلىسىنى تەقدىردە پۈتۈۋەتكىنىگە ئوخشاش بىر ئىشتۇر.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار شۇ شەرىئەتكە ئەمەل قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇ ئۈممەتلەر شۇ ئىشنى الله تائالانىڭ پۈتۈۋېتىشى ۋە ئىرادىسى بىلەن قىلغۇچىدۇر. شۇڭا مۇشرىكلارنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدا سەن بىلەن قىلغان جېدىلى ساڭا تەسىر قىلمىسۇن ۋە سېنى ھەق يولۇڭدىن قايتۇرمىسۇن.

﴿**«كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئىبادىتىگە) دەۋەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن شەكسىز توغرا يولدىدۇرسەن**﴾ يەنى سەن نىجاتلىققا ئېلىپ بارىدىغان روشەن ۋە توغرا يول ئۈستىدىدۇرسەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ساڭا الله نىڭ ئايەتلىرى نازىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئايەتلەرگە (ئەمەل قىلىش) تىن كاپىرلار سېنى توسمىسۇن، پەرۋەردىگارىڭغا (يەنى ئۇنى بىر دەپ بىلىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا) دەۋەت قىلغىن، ھەرگىزمۇ مۇشرىكلاردىن بولمىغىن (يەنى ئۇلارنىڭ نەپسى

(1) بەقەرە سۈرىسى 148 ـ ئايەت.

خاھىشلىرىغا ماسلاشمىغىن)﴾[1].

**﴿ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن جېدەللەشسە، ئېيتقىنكى، «اللہ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾** اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى قىلىشتا چىڭ تۇرسا: «مېنىڭ ئەمەلىم ئۆزەم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، مېنىڭ ئەمەلىمدىن سىلەر ئادا - جۇدا سىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن مەنمۇ ئادا - جۇدامەن (يەنى بىراۋ يەنە بىر بىراۋنىڭ قىلغان گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس)» دېگىن﴾[2].

اللہ تائالانىڭ: **﴿اللہ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾** دېگەن ئايىتى (مۇشرىكلار ئۈچۈن قىلىنغان) قاتتىق تەھدىت ۋە قورقۇتۇشتۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ قۇرئان توغرىسىدىكى تۆھمەتلىرىڭلارنى اللہ ئوبدان بىلىدۇ، اللہ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر (يەنى مېنىڭ راستچىللىقىمغا ۋە سىلەرنىڭ يالغانچىلىقىڭلارغا گۇۋاھ بولىدۇ)﴾[3].

شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دېدى: **﴿اللہ قىيامەت كۈنى سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ»﴾** اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ نەپسى - خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن ۋە ئېيتقىن: «اللہ نازىل قىلغان (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم، اللہ بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزلىرىڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا جېدەللىشىشكە (ئورۇن) يوق (چۈنكى، ھەقىقەت ئاشكارىدۇر)، اللہ (قىيامەت كۈنى) بىزنى (ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي اللہ نىڭ دەرگاھىدۇر»﴾[4].

*******

﴿أَلَمۡ تَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِۚ إِنَّ ذَٰلِكَ فِي كِتَٰبٍۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٞ ٧٠﴾

بىلمەمسەنكى، اللہ ئاسمان، زېمىندىكى شەيئىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن لەۋھۇلمەھپۇزدا (يېزىلغان)، بۇ (يەنى بىلىش) ھەقىقەتەن اللہ غا ئاسان﴿70﴾.

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ۋە ئاسمان - زېمىندىكى نەرسىلەرنى (ئىلمى بىلەن) قورشاپ تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئاسمان - زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى اللہ نىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، اللہ تائالا ھەممە نەرسىلەرنى ئۇلار بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن بىلىپ بولغان ۋە ئۇلارنى ھەممە نەرسىلەر خاتىرىلىنىپ ساقلىنىدىغان تاختىغا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزغا) يازغان.

(1) قەسەس سۈرىسى 87 - ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 41 - ئايەت.
(3) ئەھقاف سۈرىسى 8 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) شۇرا سۈرىسى 15 - ئايەت.

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: «شۈبھىسىزكى، **الله** تائالا بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ تەقدىرىنى ئاسمان ۋە زېمىنلارنى يارىتىشتىن ئەللىك مىڭ يىل بۇرۇن بېكىتىۋەتكەن، (ئۇ چاغدا) **الله** تائالانىڭ ئەرشى سۇنىڭ ئۈستىدە ئىدى».

ھەدىس كىتابلىرىدا بىر تۈركۈم ساھابىلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: **الله** تائالا تۇنجى بولۇپ ياراتقان نەرسە قەلەمدۇر. **الله** تائالا قەلەمگە: ياز، ـ دېدى. قەلەم: نېمىنى يازىمەن؟ ـ دېدى. **الله** تائالا: (بۇنىڭدىن كېيىن) بولماقچى بولغان بارلىق نەرسىلەرنى يازغىن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، قەلەم تاكى قىيامەتكىچە بولماقچى بولغان نەرسىلەر ۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يازدى. ﴿**بۇ ھەقىقەتەن لەۋھۇلمەھپۇزدا (يېزىلغان)، بۇ (يەنى بىلىش) ھەقىقەتەن الله غا ئاسان**﴾.

* * * * * * *

وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِۦ سُلْطَٰنًا وَمَا لَيْسَ لَهُم بِهِۦ عِلْمٌ ۗ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِن نَّصِيرٍ ﴿٧١﴾ وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٍ تَعْرِفُ فِى وُجُوهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ٱلْمُنكَرَ ۖ يَكَادُونَ يَسْطُونَ بِٱلَّذِينَ يَتْلُونَ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِنَا ۗ قُلْ أَفَأُنَبِّئُكُم بِشَرٍّ مِّن ذَٰلِكُمُ ۗ ٱلنَّارُ وَعَدَهَا ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿٧٢﴾

ئۇلار (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرى) **الله** نى قويۇپ، (ئىبادەت قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقىغا) **الله** ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرگە ۋە ئۆزلىرى بىلمەيدىغان نەرسىلەرگە (يەنى بۇتلارغا) چوقۇنىدۇ، زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار يوق﴿71﴾. كاپىرلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ چېھرىلىرىدە (قوشۇمىسى تۈرۈلگەنلىكتىن) ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بەرگۈچىلەرگە ھۇجۇم قىلغىلى تاس قىلغانلىقىنى كۆرىسەن، ئېيتقىنكى، «سىلەرگە مەن بۇنىڭدىنمۇ يامانراقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ دوزاختۇر. **الله** ئۇنى كاپىرلارغا ۋەدە قىلدى، ئۇلار قايتىپ بارىدىغان جاي نېمىدېگەن يامان!»﴿72﴾

## مۇشرىكلارنىڭ الله تائالادىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى قاتتىق ئىنكار قىلىشى

﴿**ئۇلار (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرى) الله نى قويۇپ، (ئىبادەت قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقىغا) الله ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرگە ۋە ئۆزلىرى بىلمەيدىغان نەرسىلەرگە (يەنى بۇتلارغا) چوقۇنىدۇ**﴾ يەنى **الله** تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ نادانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇق قىلغانلىقىدىن ۋە ھېچقانداق پاكىت چۈشۈرمىسىمۇ، **الله** تائالانى قويۇپ باشقا نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ھالدا **الله** غا قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ، كاپىرلار ھەقىقەتەن

نىجات تاپمايدۇ﴾[1].

**﴿ئۇلار (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرى) اللە نى قويۇپ، (ئىبادەت قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقىغا) اللە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرگە ۋە ئۆزلىرى بىلمەيدىغان نەرسىلەرگە (يەنى بۇتلارغا) چوقۇنىدۇ﴾** يەنى ئۇلار توقۇپ ۋە ياساپ پەيدا قىلغان بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئۆزلىرى ھېچقانداق بىر بىلىمگە ئىگە ئەمەس. بۇ پەقەت ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ۋە ئەجدادلىرىدىن دەلىل ـ پاكىتسىزلا قوبۇل قىلىپ ئالغان ئىشتۇر. ئەسلىدە بۇ شەيتان ئۇلارنى قىلىشقا قىزىقتۇرغان ۋە چىرايلىق كۆرسەتكەن ئىشتۇر.

شۇڭا اللە تائالا ئۇلارغا مۇنداق تەھدىت سالدى: **﴿زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار يوق﴾** يەنى ئۇلارغا ياردەم بېرىپ، اللە تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئازابىدىن ۋە قىيناشلىرىدىن (ئۇلارنى) قۇتقۇزىۋالىدىغان ھېچقانداق ياردەمچى يوق.

**﴿كاپىرلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە﴾** يەنى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلسە ۋە اللە تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى، اللە تائالادىن باشقا ئىبادەتكە لايىق بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى ۋە اللە تائالانىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەق ۋە راستچىل ئىكەنلىكىنى ئوقتۇرىدىغان پاكىت ـ ئىسپاتلار ئۇلارغا بايان قىلىنىپ بېرىلسە، ئۇلار: **﴿ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدە (قوشۇمىسى تۈرۈلگەنلىكتىن) ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بەرگۈچىلەرگە ھۇجۇم قىلغىلى تاس قىلغانلىقىنى كۆرىسەن﴾** دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك قىلىدۇ. يەنى ئۇلار قۇرئاندىن توغرا پاكىتلارنى كەلتۈرگەن كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلغىلى ۋە يامانلىق قىلىش ئۈچۈن قول ۋە تىللىرىنى ئىشقا سالغىلى تاسلا قالىدۇ.

**﴿ئېيتقىنكى، «سىلەرگە مەن بۇنىڭدىنمۇ يامانراقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ دوزاختۇر. اللە ئۇنى كاپىرلارغا ۋەدە قىلدى﴾** يەنى دوزاخنىڭ ئازابى ۋە قىيىن ـ قىستاقلىرى ئۇلارنىڭ دۇنيادا اللە تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرى بولغان مۆمىنلەرگە سالغان تەھدىتىدىن قاتتىق ۋە ئېغىردۇر. ئاخىرەتنىڭ ئازابى ئۇلارنىڭ (گۇمانىچە مۆمىنلەرگە قىلىۋالغان) يامانلىقلىرىدىن تېخىمۇ چوڭدۇر.

**﴿ئۇلار قايتىپ بارىدىغان جاي نېمىدېگەن يامان!»﴾** يەنى ئۇلارنىڭ جايى، قايتىش يېرى ۋە تۇرۇش ئورنى بولغان دوزاخ نېمىدېگەن يامان! اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر﴾[2].

*******

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ضُرِبَ مَثَلٌ فَٱسْتَمِعُوا۟ لَهُۥٓ ۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَن يَخْلُقُوا۟ ذُبَابًا وَلَوِ ٱجْتَمَعُوا۟ لَهُۥ ۖ وَإِن يَسْلُبْهُمُ ٱلذُّبَابُ شَيْـًٔا لَّا يَسْتَنقِذُوهُ مِنْهُ ۚ ضَعُفَ ٱلطَّالِبُ وَٱلْمَطْلُوبُ ﴿٧٣﴾
مَا قَدَرُوا۟ ٱللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِۦٓ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَقَوِىٌّ عَزِيزٌ ﴿٧٤﴾

ئى ئىنسانلار! (يەنى مۇشرىكلار جامائەسى!) بىر مىسال كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار،



(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 117 ـ ئايەت.
(2) فۇرقان سۈرىسى 66 ـ ئايەت.

شۈبھىسىزكى، سىلەر اللە نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ!)، چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (يەنى بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇش پۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر﴿73﴾. ئۇلار (ئەرزىمەس بۇتلارنى اللە غا شېرىك قىلىۋېلىپ) اللە نى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلاشمىدى، شۈبھىسىزكى، اللە ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴿74﴾.

## بۇتلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئۇلارغا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەخمەقلىقى

اللە تائالا بۇتلارنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئۇلارغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ ئەقلىنىڭ كەملىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى ئىنسانلار! (يەنى مۇشرىكلار جامائەسى!) بىر مىسال كەلتۈرۈلدى﴾ يەنى: ئى اللە تائالانى تونىمىغانلار ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرگەنلەر! سىلەر ئىبادەت قىلغان بۇتلار ئۈچۈن بىر مىسال كەلتۈرۈلدى.

﴿ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار﴾ يەنى سىلەر ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار ۋە ئۇنى ئوبدان چۈشىنىڭلار.

﴿شۈبھىسىزكى، سىلەر اللە نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ!)﴾ يەنى سىلەر ئىبادەت قىلغان بۇتلار ۋە اللە تائالانىڭ تەڭتۇشلىرى قىلىۋالغان نەرسىلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى بىر چىۋىننى يارىتىش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلانغان تەقدىردىمۇ، (ئۇلار) ئۇ چىۋىننى يارىتالمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (اللە تائالا ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دەيدۇ:) مەن ياراتقاندەك بىر نەرسە ياراتماقچى بولغان كىشىدىنمۇ ئۆزگە ئۇۋال قىلغۇچى بارمۇ؟ ئەگەر ئۇ بىر نەرسە يارىتالايدىغان بولسا، مەن ياراتقاندەك زەررە ياكى چىۋىن ۋە ياكى دان يارىتىپ باقسۇن. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(ھەدىسى قۇدسىدا) اللە تائالا مۇنداق دېدى: مەن ياراتقاندەك بىر نەرسە ياراتماقچى بولغان كىشىدىنمۇ ئۆزگە ئۇۋال قىلغۇچى بارمۇ؟ ئەگەر ئۇ بىر نەرسە يارىتالايدىغان بولسا، زەررە ۋە دان ياراتسۇن».

ئاندىن اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (يەنى بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇش پۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ﴾ يەنى ئۇ بۇتلار بىر دانە چىۋىننى يارىتىشقىمۇ ئاجىزدۇر، بەلكى ئۇلار اللە تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاجىز ۋە ئەڭ ئاددىي بولغان چىۋىن ئۆزلىرىگە سۈركەپ قويۇلغان خۇش - پۇراقلاردىن كىچىككىنە ئېلىپ قاچماقچى بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قوغداش ۋە ئېلىپ قاچقان نەرسىنى چىۋىندىن تارتىۋېلىشقىمۇئاجىزدۇر.

﴿بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بۇتمۇ ۋە چىۋىنمۇ ئاجىزدۇر دېگەنلىكتۇر، - دېدى. ئايەتكە بېرىلگەن بۇ مەنىنى ئىبنى جەرىر توغرا دەپ قارىدى. چۈنكى، بۇ ئايەت چىۋىن بىلەن بۇتنىڭ ۋەقەلىكىنى بايان قىلغان ئايەتتۇر.

**﴿ئۇلار (ئەرزىمەس بۇتلارنى الله غا شېرىك قىلىۋېلىپ) الله نى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلىمىدى﴾** يەنى ئۇلار الله تائالاغا قىلىدىغان ئىبادەتنى ئاجىزلىقىدىن بىر چىۋىنگىمۇ قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان نەرسىلەرگە قىلىپ، الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە كاتتىلىقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى.

**﴿شۈبھىسىزكى، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر﴾** يەنى الله تائالا كۈچلۈك زاتتۇر، شۇڭا ھەممە مەخلۇقاتلارنى ياراتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾[1]، ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى شەك ـ شۈبھىسىز قاتتىقتۇر، الله (خالايىقنى) ھەقىقەتەن يوقتىن بار قىلىدۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنى) تىرىلدۈرىدۇ﴾[2]، ﴿الله ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (الله نىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر﴾[3].

**﴿شۈبھىسىزكى، الله غالىبتۇر﴾** يەنى الله ھەممە نەرسىنى باش ئەگدۈردى، تىزگىنلىدى ۋە بويسۇندۇردى، ئۇنىڭ كاتتىلىقىغا ۋە ھۆكۈمرانلىقىغا ھېچ كىشى قارشى تۇرالمايدۇ، ئۇ ھەممە نەرسىلەرنى تىزگىنلىگۈچى زاتتۇر.

*******

ٱللَّهُ يَصۡطَفِي مِنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ رُسُلٗا وَمِنَ ٱلنَّاسِۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعُۢ بَصِيرٞ ﴿٧٥﴾ يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡۗ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ ٱلۡأُمُورُ ﴿٧٦﴾

الله پەرىشتىلەردىنمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى يەتكۈزۈش ئۈچۈن)، ئىنسانلاردىنمۇ (شەرىئەتنى بەندىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن) ئەلچىلەرنى تاللايدۇ، الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿75﴾. الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىنى) بىلىدۇ، (بەندىلەرنىڭ) ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى الله غا قايتۇرۇلىدۇ (الله ئۇلارغا يا مۇكاپات، يا جازا بېرىدۇ)﴿76﴾.

## الله تائالانىڭ ئەلچىلەرنى پەرىشتىلەردىن ۋە ئىنسانلاردىن تاللىغانلىقى

**﴿الله پەرىشتىلەردىنمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى يەتكۈزۈش ئۈچۈن)، ئىنسانلاردىنمۇ (شەرىئەتنى بەندىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن) ئەلچىلەرنى تاللايدۇ﴾** يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ شەرىئىتىنى ۋە پۈتنۈۋەتكەنلىرىنى (پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن) پەرىشتىلەردىن ئەلچىلەرنى تاللايدىغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ دىنىنى (ئىنسانلارغا) يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىنسانلاردىن ئەلچىلەر (يەنى پەيغەمبەرلەر) نى تاللايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

---

(1) رۇم سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بۇرۇج سۈرىسى 12 ـ 13 ـ ئايەتلەر.
(3) زارىيات سۈرىسى 58 ـ ئايەت.

**﴿الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىمنىڭ ئەلچىلىككە لايىق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورنىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ﴾[1].

**﴿الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىنى) بىلىدۇ، (بەندىلەرنىڭ) ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى الله غا قايتۇرۇلىدۇ (الله ئۇلارغا يا مۇكاپات، يا جازا بېرىدۇ)﴾** يەنى الله تائالا ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ قانداق ئىشلارغا يولۇقىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

الله تائالا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن كىچىككىنىمۇ خەۋەرسىز قالمايدۇ. الله تائالا ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿الله غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ، پەقەت الله ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا كۆزەتچى (پەرىشتە) سېلىپ قويىدۇ، (بۇ الله نىڭ) ئۇنىڭ (يەنى پەيغەمبەرنىڭ) الله نىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈندۇر. الله ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ھەر شەيئىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگەللىگۈچىدۇر»﴾[2]. يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارغا دېيىلگەن گەپ ـ سۆزلەرگە گۇۋاھچىدۇر، ئۇلارنى ساقلىغۇچىدۇر ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچىدۇر.

الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ساقلايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. الله ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[3].

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱرْكَعُوا۟ وَٱسْجُدُوا۟ وَٱعْبُدُوا۟ رَبَّكُمْ وَٱفْعَلُوا۟ ٱلْخَيْرَ
لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ۩ ﴿٧٧﴾ وَجَٰهِدُوا۟ فِى ٱللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِۦ ۚ هُوَ ٱجْتَبَىٰكُمْ وَمَا جَعَلَ
عَلَيْكُمْ فِى ٱلدِّينِ مِنْ حَرَجٍ ۚ مِّلَّةَ أَبِيكُمْ إِبْرَٰهِيمَ ۚ هُوَ سَمَّىٰكُمُ ٱلْمُسْلِمِينَ مِن قَبْلُ وَفِى هَٰذَا لِيَكُونَ
ٱلرَّسُولُ شَهِيدًا عَلَيْكُمْ وَتَكُونُوا۟ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ ۚ فَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱعْتَصِمُوا۟
بِٱللَّهِ هُوَ مَوْلَىٰكُمْ ۖ فَنِعْمَ ٱلْمَوْلَىٰ وَنِعْمَ ٱلنَّصِيرُ ﴿٧٨﴾

(1) ئەنئام سۈرىسى 124 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) جىن سۈرىسى 28 ـ 29 ـ ئايەتلەر.
(3) مائىدە سۈرىسى 67 ـ ئايەت.

ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىش، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار﴿77﴾. اللە نىڭ يولىدا (پۇل - مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار، اللە (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىنىدا ھېچقانداق مۈشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار)، اللە سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. (اللە ) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى)، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، اللە غا يېپىشىڭلار، اللە سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، اللە نېمىدېگەن ياخشى ئىگە! نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار!﴿78﴾

## ئىبادەت قىلىشقا ۋە جىھاد قىلىشقا بېرىلگەن بۇيرۇق

ئۇقبە ئىبنى ئامىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەج سۈرىسى (يەنى بۇ سۈرە ئۆزىدە كەلگەن ئىككى) سەجدە ئايىتى بىلەن ئارتۇق قىلىندى، كىمكى ئۇ ئىككى سەجدە ئايىتىدە سەجدە قىلمايمەن دەيدىكەن، ئۇ ئىككى ئايەتنى ئوقۇمىسۇن».

﴿**اللە نىڭ يولىدا (پۇل - مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار**﴾ بۇ ئايەت اللە تائالاغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە بويسۇنۇشقا بۇيرۇش جەھەتتىن تۆۋەندىكى ئايەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! اللە غا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾[1].

﴿**اللە (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى)**﴾ يەنى اللە تائالا باشقا ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدىن سىلەرنى تاللىدى، ئەڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرنى ۋە ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەتنى سىلەرگە بەردى.

﴿**سىلەرگە دىنىدا ھېچقانداق مۈشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى)**﴾ مۇبادا اللە تائالا سىلەرگە ئېغىر ۋە قىيىن كېلىپ قالىدىغان بىرەر ئىشقا بۇيرۇسا، ئۇ ئىشتا سىلەرگە بىر چىقىش يولىنى قىلدى. مەسىلەن: ناماز - اللە تائالاغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن ئېيتىدىغان گۇۋاھلىقتىن قالسىلا، ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ. ناماز سەپەرگە چىقمىغاندا تۆت رەكەت ئوقۇلىدۇ، سەپەر ئۈستىدە ئىككى رەكەت ئوقۇلىدۇ. ئۇرۇش مەيدانىدا بولۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۇرغاندا، (بەزى

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 102 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىچە) بىر رەكەت ئوقۇلىدۇ. بۇ چاغدا نامازنى (مېڭىپ) كېتىپ بېرىپ ياكى ئۇلاغ ئۈستىدە كېتىپ بېرىپ، مۇمكىن بولسا، قىبلە تەرەپكە قاراپ، ئەگەر مۇمكىن بولمىسا، باشقا تەرەپكە قاراپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك، سەپەر ئۈستىدە ئوقۇغان نەپلە نامازدىمۇ (ئەگەر قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش مۇمكىن بولسا) قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈپ ئوقۇيدۇ، مۇبادا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىسا، باشقا تەرەپكە قاراپ ئوقۇيدۇ. كېسەل سەۋەبى بىلەن نامازدا ئۆرە تۇرالمىسا، ئۆرە تۇرمىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: كېسەل كىشى نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا، يېنىچە يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. شۇنىڭدەك، تەسلىكتە ۋە قىيىنچىلىقتا بېرىلگەن چىقىش يولى ۋە ئاسانلىق بېرىش ئىسلام دىنىنىڭ باشقا پەرز ۋە ۋاجىب ئەمەللىرىدىمۇ باردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەن ھەق تەراپدارى ۋە يەڭگىل بولغان دىن بىلەن پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز بىلەن ئەبۇمۇسانى يەمەنگە باشلىق قىلىپ ئەۋەتكەن ۋاقتىدا، ئۇ ئىككىسىگە مۇنداق دېگەن: «خۇش بېشارەت بېرىڭلار، قاچۇرىۋەتمەڭلار، ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرۈۋەتمەڭلار». بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتىمۇ كۆپتۇر.

**﴿سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى﴾** شۇڭا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: (يەنى بىر قىيىنچىلىقتىن) چىقىش يولى قىلدى، ـ دېدى.

**﴿(بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار)﴾** ئىبنى جەرىر: بۇ ئايەت بەزى گىرامماتىكىلىق رولىغا ئاساسەن، **الله** تائالا بۇ دىندا ھېچ تەسلىكنى قىلمىدى. بەلكى بۇ دىننى ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدەك كەڭ دائىرىلىك ۋە يەڭگىل قىلدى دېگەن مەنىنى بېرىشىمۇ مۇمكىن. يەنە بەزى گىرامماتىكىلىق رولىغا ئاساسەن، سىلەر ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىنى چىڭ تۇتۇڭلار دېگەن مەنىنى بېرىشىمۇ مۇمكىن، ـ دېدى. ئەگەر بۇ ئايەت مۇشۇ مەنىنى بەرسە، ئۇ چاغدا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشاش بولىدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يەنى توغرا دىنغا، باتىل دىنلاردىن توغرا دىنغا بۇرالغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى﴾[1].

**﴿الله سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: **الله** تائالا سىلەرنى قۇرئاندىن بۇرۇنقى كىتابلاردا، ھەممە نەرسىلەر خاتىرىلىنىپ ساقلىنىدىغان تاختىدا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ۋە قۇرئاندا مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە باشقىلارمۇ شۇنداق دېدى.

چۈنكى، **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿الله (دىنغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان**

(1) ئەنئام سۈرىسى 161 ـ ئايەت.

**ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى)﴿** ئاندىن: ئۇ بولسا، ئاتاڭلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى دەپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇلارغا) ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۈردى.

ئاندىن كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ دىنىي ئالىملىرىغا ۋە دىنىي يول باشچىلىرىغا ئوقۇپ بېرىلىدىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا بۇرۇنقى زاماندىن تارتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ شۆھرىتىنى يايغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇ ئۈممەتكە قىلغان نېمىتىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېدى: **﴿الله سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى﴾**.

ئىمام نەسەئى هارىس ئەشئەرىدىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى (بىر كىشىنى) ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى نام ياكى لەقەملىرى بىلەن چاقىرسا، شەكسىز ئۇ دوزاخنىڭ ئەتراپىدا تىزلىنىپ ئولتۇرىدىغانلاردىن (يەنى دوزاخقا كىرىدىغانلاردىن) بولىدۇ» دېدى. بىر كىشى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر ئۇ كىشى روزا تۇتسىمۇ ۋە ناماز ئوقۇسىمۇ دوزاخقا كىرىدىغانلاردىن بولامدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، روزا تۇتسىمۇ ۋە ناماز ئوقۇسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، الله تائالا سىلەرنى مۇسۇلمان ۋە مۆمىن دەپ ئاتىدى. ئى الله تائالانىڭ بەندىلىرى! (بىرەرسىنى چاقىرماقچى بولساڭلار) الله تائالا ئاتىغان شۇ نام بىلەن ئاتاڭلار» دېدى.

**﴿(الله) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى)﴾** يەنى سىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى باشقا ئۈممەتلەرگە گۇۋاھچى بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، بىز سىلەرنى مۇشۇنداق ياخشى، ئادالەتلىك ۋە ئادالەتلىكىڭلارغا ھەممە ئۈممەتلەر گۇۋاھ بەرگەن بىر ئۈممەت قىلدۇق. چۈنكى، قىيامەت كۈنى ھەممە ئۈممەتلەر بۇ ئۈممەتنىڭ بارلىق ئۈممەتلەردىن ئارتۇق ۋە ھۆرمەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. شۇڭا بۇ ئۈممەتنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى (باشقا ئۈممەتلەر ئۈستىدىن: ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى الله تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۇلارغا يەتكۈزدى، ـ دەپ بەرگەن) گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى بۇ ئۈممەتكە يەتكۈزگەنلىكى توغرىسىدا بۇ ئۈممەت ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ.

**﴿ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار﴾** يەنى سىلەر سىلەرگە بېرىلگەن بۇ چوڭ نېمەت ئۈچۈن شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن الله تائالانىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىش، بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يېنىشتىن ئىبارەت الله تائالانىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققىنى ئادا قىلىڭلار. بۇ ئىشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى نامازنى ئادا قىلىش ۋە بايلارنىڭ (يىلدا بىر قېتىم) مېلىنىڭ زاكىتىنى پېقىر، ئاجىز ۋە يوقسۇل كىشىلەرگە بېرىشىدۇر. زاكات توغرىسىدا بىز يۇقىرىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتۇق.

**﴿الله غا يېپىشىڭلار﴾** يەنى سىلەر ئۆزەڭلارنى الله تائالا بىلەن كۈچلەندۈرۈڭلار، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئۆزەڭلارنى تاپشۇرۇڭلار. **﴿الله سىلەرنىڭ**

**ئىگەڭلاردۇر﴾** يەنى **الله** تائالا سىلەرنى ساقلىغۇچى ۋە دۈشمىنىڭلارغا قارشى سىلەرگە ياردەم بەرگۈچى زاتتۇر. **﴿الله نېمىدېگەن ياخشى ئىگە! نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار﴾** يەنى دۈشمەنگە قارشى نېمىدېگەن ياخشى ياردەم بەرگۈچى زاتتۇر!

شۇنىڭ بىلەن، ھەج سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. **الله** تائالاغا مىڭلارچە شۈكۈرلەر بولسۇن!

# مۇئمىنۇن سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 118 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

قَدْ أَفْلَحَ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١﴾ ٱلَّذِينَ هُمْ فِى صَلَاتِهِمْ خَٰشِعُونَ ﴿٢﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ عَنِ ٱللَّغْوِ
مُعْرِضُونَ ﴿٣﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَوٰةِ فَٰعِلُونَ ﴿٤﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَٰفِظُونَ ﴿٥﴾
إِلَّا عَلَىٰٓ أَزْوَٰجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ ﴿٦﴾ فَمَنِ ٱبْتَغَىٰ وَرَآءَ ذَٰلِكَ
فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْعَادُونَ ﴿٧﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ لِأَمَٰنَٰتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَٰعُونَ ﴿٨﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ
صَلَوَٰتِهِمْ يُحَافِظُونَ ﴿٩﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْوَٰرِثُونَ ﴿١٠﴾ ٱلَّذِينَ يَرِثُونَ ٱلْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا
خَٰلِدُونَ ﴿١١﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى ﴿1﴾. (شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا
(اﷲ نىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر ﴿2﴾.
ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر ﴿3﴾. ئۇلار زاكات
بەرگۈچىلەردۇر ﴿4﴾. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر ﴿5﴾. (يەنى
ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر
(بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ) ﴿6﴾. بۇنىڭ سىرتىدىن
(جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر ﴿7﴾.
ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە
رىئايە قىلغۇچىلاردۇر ﴿8﴾. ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن)
ئادا قىلغۇچىلاردۇر ﴿9﴾. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە مۆمىنلەر
نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر ﴿10﴾. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك
جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ ﴿11﴾.

## مۆمىنلەرنىڭ نىجاتلىقتا ئىرىشىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى

﴿**مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى**﴾ يەنى مۆمىنلەر ھەقىقەتەن نىجاتلىق ۋە بەختكە ئېرىشتى. نىجاتلىققا ئېرىشكەنلەر بولسا، تۆۋەندىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىلەردۇر: ﴿**(شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (الله نىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر**﴾.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار نامازلىرىدا (الله تائالا دىن) قورققۇچى ۋە (مىدىر - سىدىر قىلماي) شۈك تۇرغۇچىلاردۇر. مۇجاھىد، ھەسەن، قەتادە ۋە زۆھرى قاتارلىقلارمۇ: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇنداق بولىدۇ، - دېدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇ يەردىكى قورقۇشتىن دىلى بىلەن قورقۇپ تۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، - دېدى. ئىبراھىم نەخەئىمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېدى.

ھەسەنبەسرى: نامازدا تۇرغاندا پەيدا بولىدىغان قورقۇنچ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭ تەسىرى بىلەن كۆزلىرىنى يەرگە قاراتقان ھالەتتە، (نامازدا) پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كەمتەرلىك بىلەن تۇرىدۇ، - دېدى.

نامازغا كىرگەندە، دىلدا پەيدا بولىدىغان قورقۇنچ (نامازدا تۇرغاندا) دىلنى پەقەت نامازغىلا قاراتقان، ئۇنىڭ باشقىسىنى ئويلىمايدىغان ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن نامازغا يۈزلەنگەن كىشىدىلا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ناماز ئۇ كىشىگە كۆڭۈل راھەتلىكى ۋە ھۇزۇر ئېلىپ كېلىدۇ.

ھەققىدە ئىمام ئەھمەد ۋە نەسەئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازنىڭ كۆڭۈل ھۇزۇرى ئىكەنلىكى مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خۇش - پۇراق نەرسىلەر ۋە ئاياللار ماڭا سۆيۈملۈك قىلىنىپ بېرىلدى. مېنىڭ شاتلىقىم نامازدىدۇر».

﴿**ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر**﴾ بىھۇدە سۆز ۋە ئىشلار بولسا، **الله** تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنى، گۇناھ ئىشلار، پايدىسىز سۆز ۋە قىلمىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **الله** تائالا مۆمىنلەرنىڭ مۇشۇنداق ئىشلاردىن يىراق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (يەنى **الله** ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ﴾[1].

قەتادە: **الله** تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىھۇدە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرگە **الله** تائالا تەرىپىدىن ئۇلارنى شۇ ئىشلاردىن قايتۇرىدىغان بۇيرۇق كەلدى، - دېدى.

﴿**ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر**﴾ بۇ ئايەت مەككىدە چۈشكەن. زاكات مەدىنىدە ھىجرىيەنىڭ 2 - يىلى پەرز بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپلىگەن ئالىملار: بۇ ئايەتتىكى زاكاتتىن مال - دۇنيانىڭ پەرز زاكىتى كۆزدە تۇتىلىدۇ، - دېدى. بۇ مەسىلىگە بولغان ئەسلى (توغرا) قاراش مۇنداق: زاكات ئەسلىدە مەككىدە پەرز بولغان، ئەمما مال - مۈلك قانچىگە يەتكەندە زاكات بېرىلىدۇ؟ قانچىلىك بېرىلىدۇ؟... دېگەندەك

(1) فۇرقان سۈرىسى 72 - ئايەت.

زاكاتقا ئالاقىدار مەسىلىلەر مەدىنىدە پەرز قىلىنغان. زاكاتنىڭ ئەسلى مەككىدە پەرز بولغانلىقىنى **الله** تائالانىڭ (مەككىدە نازىل بولغان): ﴿مېۋە (نىڭ ھوسۇلى) نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقىتتا)، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار﴾[1] دېگەن بۇ ئايىتىدىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز.

يۇقىرىدىكى ئايەتتىكى ”زاكات“ دېگەن سۆزدىن كۆڭۈلنى شېرىك ۋە يامان ئىشلاردىن پاكىزلاش دېگەن مەنە كۆزدە تۇتۇلۇش ئېھتىماللىمۇ بار. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ﴾[2].

”زاكات“ دېگەن سۆزدىن مال ـ مۈلۈكنىڭ زاكىتىنى بېرىش ۋە كۆڭۈللەرنى پاكىزلاشتىن ئىبارەت ھەر ئىككى خىل مەنە كۆزدە تۇتۇلۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ماللارنىڭ زاكىتىنى بېرىش كۆڭۈللەرنى پاكىزلاشنىڭ قاتارىدىندۇر. كامىل مۆمىن بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى قىلىدۇ. **الله** توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

**﴿ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر، (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ)﴾** يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچىلاردۇر. **الله** تائالا توسقان پاھىشۋازلىق ۋە بەچچىۋازلىق قاتارلىق يامان ئىشلارنى قىلمايدۇ. **الله** تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن ئاياللىرى ۋە ياكى چۆرىلىرىدىن باشقىسى بىلەن بىر يەردە بولمايدۇ. كىمكى **الله** تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن ئىشلارنى قىلسا، ئۇ ھېچ قانداق تاپا ـ تەنىگە قالمايدۇ. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿(بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ)﴾**.

**﴿بۇنىڭ سىرتىدىن﴾** يەنى ئاياللىرى ۋە ياكى چۆرىلىرىدىن باشقا بىرسى بىلەن **﴿(جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر﴾**.

**﴿ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر﴾** يەنى ئۇلار ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇنى ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇرىدۇ. ۋەدە قىلىشسا ياكى كېلىشىم تۈزۈشسە، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىدۇ. ئۇلار سۈپەتلىرى جەھەتتە ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ ۋە ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ» دەپ سۈپەتلەپ بەرگەن مۇناپىقلارغا ئوخشىمايدۇ.

**﴿ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر﴾** يەنى ئۇلار نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! قايسى ئەمەل ـ ئىبادەت **الله** تائالاغا بەك ياخشى كۆرۈنىدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: ئاندىن قايسى؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا ـ

(1) ئەنئام سۈرىسى 141 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) شەمس سۈرىسى 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: ئاندىن قايسىچۇ؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «الله تائالا يولىدا قىلىنغان جىهاد» دەپ جاۋاب بەردى.

قەتادە: ﴿ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا، رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىگە رىئايە قىلغان ھالەتتە ئادا قىلغۇچىلاردۇر، ـ دېدى.

الله تائالانىڭ بەختكە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ بۇ ياخشى سۈپەتلىرىنى باشلىغاندا، ئۇلار ﴿(شۇنداق **مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (الله نىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر﴾** دەپ ناماز بىلەن باشلاپ، تۈگەتكەندىمۇ: ﴿**ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر﴾** دەپ ناماز بىلەن ئاياقلاشتۇرغانلىقى نامازنىڭ ئۇلۇغ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «تۈز يولدا مېڭىڭلار. تۈز يولدا ماڭغانلىقىڭلارنىڭ قەدرىنى ھەرگىزمۇ بىلىپ بولالمايسىلەر. بىلىڭلاركى، ئەمەل-ئىبادەتلىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئىبادەت نامازدۇر. پەقەت مۆمىن كىشىلا دائىم تاھارەت بىلەن يۈرىدۇ».

الله تائالا ئۇلارنى مۇشۇنداق ئېسىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەندىن كېيىن ۋە ئۇلارنى يۇقىرىدىكى شۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ دەپ بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى: ﴿**ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە مۆمىنلەر نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر، ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ﴾**.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر الله تائالادىن جەننەت سورىساڭلار، فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار. چۈنكى، فىردەۋس جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى ۋە ئېسىلىدۇر. جەننەتلەرنىڭ ئۆستەڭلىرى ئۇنىڭدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە الله تائالانىڭ ئەرشى باردۇر».

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارنىڭ جەننەتتە بىر ئورنى ۋە دوزاختا بىر ئورنى بولۇپ، (ئىچىڭلاردىن بىرسى) ئۆلۈپ دوزاخقا كىرسە، ئۇنىڭ (جەننەتتىكى) ئورنىغا جەننەتكە كىرگەنلەر مىراسخورلۇق قىلىدۇ. مانا بۇ، الله تائالانىڭ: ﴿**ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە مۆمىنلەر نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىدۇر».

﴿**ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە مۆمىنلەر نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر﴾** ئىبنى جەرىر لەيستىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۆمىنلەر كاپىرلارنىڭ ئورۇنلىرىغا مىراسخورلۇق قىلىدۇ. ئەسلىدە بارلىق بەندىلەر شېرىكى يوق، بىر الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر. مۆمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىپ، يارىتىلىشىنىڭ مەقسىتى بولغان ئىبادەتنى تاشلىۋەتكەن كاپىرلارنىڭ (ئەسلىدە ئۇلار الله تائالاغا بويسۇنغان بولسىلا، ئېرىشىدىغان جەننەتتىن ئىبارەت) نېسىۋىسىنى ئىگەللىۋالدى.

تۆۋەندىكى ھەدىس يۇقىرىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئىمام مۇسلىم ئەبۇبۇردەدىن،

ئەبۇبۇردە بولسا دادىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار تاغدەك گۇناھلار بىلەن كېلىدۇ. ئاندىن ﷲ تائالا گۇناھلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ، يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭ ئۈستىلىرىگە يۈكلەپ قويىدۇ».

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قىيامەت كۈنى ﷲ تائالا ھەر بىر مۇسۇلمانغا بىر يەھۇدىي ۋە ياكى بىر خىرىستىئاننى بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: مانا بۇ، سېنىڭ گۇناھىڭنى ئۈستىگە ئېلىپ، (ئورنۇڭدا دوزاختا كىرىپ) سېنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان كىشى، - دېيىلىدۇ».

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەبۇ بۇردەنىڭ دادىسى بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەندە، بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەقىقىي ئاڭلىغانلىقىنى دېگەن ياكى دېمىگەنلىكى ھەققىدە ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن ئۈچ قېتىم قەسەم ئىچىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئەبۇ بۇردە (دادىسىنىڭ بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەقىقىي ئاڭلاپ، ئاندىن ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگەنلىكى ھەققىدە) ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە قەسەم ئىچىپ بەردى.

ﷲ تائالا ياخشى مۆمىنلەرنىڭ جەننەتلەرگە مىراسخور بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿بەندىلىرىمىز ئىچىدىكى تەقۋادارلارغا بىز مىراس قىلىپ بېرىدىغان جەننەت ئەنە شۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى بۇ (نېمەتلەرنى) ھاسىل قىلىشقا يېتەكلىگەن ﷲ غا بولسۇنكى، ﷲ بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلدى» دەيدۇ، ئۇلارغا: «قىلغان ئەمەللىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بېرىلگەن جەننەت مانا مۇشۇ» دەپ نىدا قىلىنىدۇ (يەنى پەرىشتىلەر شۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ)﴾[2].

*******

وَلَقَدْ خَلَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ مِن سُلَٰلَةٍ مِّن طِينٍ ﴿١٢﴾ ثُمَّ جَعَلْنَٰهُ نُطْفَةً فِى قَرَارٍ مَّكِينٍ ﴿١٣﴾ ثُمَّ خَلَقْنَا ٱلنُّطْفَةَ
عَلَقَةً فَخَلَقْنَا ٱلْعَلَقَةَ مُضْغَةً فَخَلَقْنَا ٱلْمُضْغَةَ عِظَٰمًا فَكَسَوْنَا ٱلْعِظَٰمَ لَحْمًا ثُمَّ أَنشَأْنَٰهُ
خَلْقًا ءَاخَرَ فَتَبَارَكَ ٱللَّهُ أَحْسَنُ ٱلْخَٰلِقِينَ ﴿١٤﴾ ثُمَّ إِنَّكُم بَعْدَ ذَٰلِكَ لَمَيِّتُونَ ﴿١٥﴾ ثُمَّ إِنَّكُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ
تُبْعَثُونَ ﴿١٦﴾

بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن لايىنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق﴿12﴾. ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچىدان) دا (جايلاشقان) ئابىمەنى قىلدۇق﴿13﴾. ئاندىن ئابىمەنىنى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ﷲ (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر﴿14﴾. ئاندىن سىلەر چوقۇم ئۆلىسىلەر﴿15﴾. ئاندىن سىلەر ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى (قەبرەڭلاردىن) تۇرغۇزۇلىسىلەر﴿16﴾.



(1) مەريەم سۈرىسى 63 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## الله تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارنى بىر تامچە سۇدىن باشقۇچمۇ باسقۇچ تەرەققىي قىلدۇرۇپ يارىتىشنى ئۆزىنىڭ بارلىقىغا پاكىت قىلغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىنساننى قانداق ياراتقانلىقى ھەققىدە سۆز باشلاپ، ئىنسانلارنىڭ دادىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى (قارا لايدىن ياسىلىپ) شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن قۇرۇق لايدىن ياراتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئىبنى جەرىر: ئادەم ئەلەيھىسسالام لايدىن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن "لاي" دەپ ئاتالدى، ـ دېدى. قەتادە: ئادەم ئەلەيھىسسالام لايدىن ياسىلىپ چىقىلدى، ـ دېدى. بۇ، ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىدۇر ۋە شۇنداقلا ئايەتنىڭ باش ـ ئايىغىغا بېرىلگەن مۇناسىپ مەنىدۇر. چۈنكى، ئادەم ئەلەيھىسسالام (قارا لايدىن ياسىلىپ) شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن قۇرۇق لايدىن يارىتىلدى. لاينىڭ ئەسلى ماددىسى تۇپراقتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله نىڭ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ زېمىندا تارىلىپ يۈرۈشۈڭلار الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾[1].

ئىمام ئەھمەد ئەبۇمۇسادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زېمىننىڭ ھەممە يەرلىرىدىن يىغىپ ئالغان بىر سىقىم تۇپىدىن ياراتتى. شۇڭا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى ئۇلارنىڭ تۇپىسى ئېلىنغان زېمىنغا قارىتا تەنلىرىنىڭ رەڭلىرى قىزىل، ئاق، قارا ۋە ياكى بۇلارنىڭ بىرىسىگە مايىل، (تەبىئىتى) ئەسكى ياكى ياخشى ۋە يا بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تارتقان كېلىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىمۇ شۇنىڭدەك رىۋايەت قىلدى.

**﴿ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچىدان) دا (جايلاشقان) ئابىمەنى قىلدۇق﴾** بۇ ئايەتتىكى "ئۇنى" دېگەن ئالماش مۇئەييەن بىر ئىنساننى كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئىنسان جىنسىنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا ئىنساننى يارىتىشنى لايدىن باشلىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿دەسلەپتە ئىنساننى (يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (يەنى مەنى) دىن ياراتتى﴾[2] يەنى ئۇنىڭ نەسلىنى ئاجىز مەنىيدىن ياراتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرنى بىز ئاجىز مەنىدىن ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنى بىز مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى تۇغۇلغىچە) پۇختا ئارامگاھ (يەنى بەچچىدان) دا قىلدۇق، بىز (ئۇنى ئابىمەنىدىن يارىتىشقا) قادىر بولدۇق، بىز (ئۇنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىشقا) نېمىدېگەن ياخشى قادىر بولغۇچىمىز!﴾[3] يەنى مەنىي بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ۋە بىر شەكىلدىن يەنە بىر شەكىلگە يۆتكىلىپ، مۇستەھكەم بىر ئىنسان قىلىنىپ بولغىچە، بىز ئۇنى ئۇنىڭغا تەييارلانغان (ئانىنىڭ) بالا ياتقۇسىدا قىلدۇق.



(1) رۇم سۈرىسى 20 ـ ئايەت.
(2) سەجدە سۈرىسى 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.
(3) مۇرسەلات سۈرىسى 20 ـ 23 ـ ئايەتكىچە.

﴿**ئاندىن ئابىمەنىنى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق**﴾ ئابىمەنى بولسا، ئەرلەرنىڭ ئۇمۇرتقا سۆڭىكى ۋە ئاياللارنىڭ كۆكسىدىكى سۆڭەكلىرىنىڭ ئارىسىدىن كۈچ بىلەن ئېتىلىپ چىقىدىغان سۇدۇر. بۇ سۇ قىزىل بىر لەختە قاننىڭ شەكلىگە ئايلىنىدۇ. ئىكرىمە: قىزىل بىر قانغا ئايلىنىدۇ، ـ دېدى.

﴿**ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق**﴾ يەنى ئۇ ھېچ قانداق شەكىل كىرمىگەن بىر پارچە گۆشكە ئايلىنىدۇ.

﴿**ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق**﴾ يەنى بىز ئۇنى باش، قول، پۇت، سۆڭەك، پەي ۋە تومۇرلىرى بار شەكىلگە كىرگۈزدۇق.

﴿**ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق**﴾ يەنى سۆڭەك، پەي ۋە تومۇرلارنى يېپىش ۋە ئۇلارنى چىڭىتىش ئۈچۈن، ئۇ شەكىلگە گۆش قوندۇردۇق. ﴿**ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق**﴾ يەنى ئاندىن بىز ئۇنىڭغا روھنى پۈۋلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاڭلاش، كۆرۈش، بىلىش ۋە ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى بار بىر مەخلۇققا ئايلاندى. ﴿**ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى الله (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر**﴾.

﴿**ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق**﴾ ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز مەنىنى تاكى ئۇ بالا بولۇپ تۇغۇلغاندا قەدەر بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە يۆتكەيمىز، ئۇ بوۋاق ھالىتىدە تۇغۇلىدۇ، ئاندىن كىچىك بالا ھالىتىگە تەرەققىي قىلىدۇ، ئاندىن بالاغەتكە يېتىدۇ، ئاندىن ياشلىق دەۋرىگە كىرىدۇ، ئاندىن ياش ـ قۇرامغا تولىدۇ، ئاندىن قېرىشقا باشلايدۇ، ئاندىن ناھايىتى قېرىلىق ھالىتىگە كىرىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يارىتىلىشى مۇنداقتۇر: ئۇ، ئانىسىنىڭ قورسىقىدا 40 كۈن ئىسپىرما ھالىتىدە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن 40 كۈن لەختە قان ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئاندىن 40 كۈن بىر چىشلەم گۆش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئاندىن بىر پەرىشتە (ئەۋەتىلىپ) ئۇنىڭغا جان كىرگۈزىدۇ. رىزقىنى، ئەجىلىنى، ئەمەلىنى ۋە بەختلىك ياكى بەختسىز بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۆت سۆزنى يېزىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان زات الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەھلى جەننەتنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ، تاكى ئۇنىڭ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىلىقى بىر گەز قالغاندا، ئۇنىڭغا پۈتۈلگىنى ئىلگىرى كېلىپ، ئەھلى دوزاخنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ ـ دە، دوزاخقا كىرىدۇ. سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەھلى دوزىخنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ، تاكى ئۇنىڭغا بىر گەز قالغاندا، ئۇنىڭغا پۈتۈلگىنى ئىلگىرى كېلىپ، ئەھلى جەننەتنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ ـ دە، جەننەتكە كىرىدۇ» دېدى.

﴿**ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى الله (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر**﴾ يەنى الله تائالا ئاجىز بىر سۇنى بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە، بىر شەكىلدىن يەنە بىر شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بېجىرىم، مۇكەممەل بىر ئادەم ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ بولۇپ، يۇقىرىدىكى سۆز بىلەن ئۆزىگە ئۆزى مەدھىيە ئوقۇدى.

﴿**ئاندىن سىلەر چوقۇم ئۆلىسىلەر**﴾ يەنى يوق يەردىن يارىتىلىپ تۇغۇلغاندىن كېيىن، يەنە ئۆلىسىلەر. ﴿**ئاندىن سىلەر ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى (قەبرەڭلاردىن) تۇرغۇزۇلىسىلەر**﴾ يەنى يەنە بىر قېتىم بارلىققا كەلتۈرۈلىسىلەر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئاندىن الله ئۇلارنى (قىيامەتتە) قايتا پەيدا قىلىدۇ﴾[1] يەنى بۇ قايتا پەيدا قىلىنىش بارلىق روھلار تەنلىرىگە قايتىدىغان قىيامەت كۈنىدە بولىدۇ. ئۇ كۈندە ھەممە ئىنسانلاردىن ھېساب ئېلىنىپ، ھەر بىر كىشىگە ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا قاراپ، (ئەگەر قىلمىشلىرى ياخشى بولسا تولۇق) مۇكاپات، (يامان بولسا) تولۇق جازا بېرىلىدۇ.

* * * * * * *

وَلَقَدْ خَلَقْنَا فَوْقَكُمْ سَبْعَ طَرَآئِقَ وَمَا كُنَّا عَنِ ٱلْخَلْقِ غَٰفِلِينَ ﴿١٧﴾

بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا يەتتە قەۋەت ئاسماننى ياراتتۇق، بىز مەخلۇقاتتىن غاپىل ئەمەسمىز﴿17﴾.

## الله تائالانىڭ ئاسمانلارنى ياراتقانلىقى

الله تائالا يۇقىرىدا ئىنسانلارنى ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يەتتە ئاسماننى ياراتقانلىقىنى بايان قىلىشقا باشلىدى. الله تائالا كۆپىنچە ھاللاردا يەتتە ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقانلىقى بىلەن ئىنسانلارنى ياراتقانلىقىنى بىر يەردە كەلتۈرۈپ بايان قىلىدۇ. الله تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتىمۇ شۇنداق كەلتۈردى: ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر ۋەلېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾[2] (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا ئوقۇيدىغان سۈرىسى بولغان) سەجدە سۈرىسىدىمۇ شۇنىڭدەك بايان قىلىنىپ كەلدى. الله تائالا بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا ئاسمان ـ زېمىنلارنى ياراتقانلىقىنى، ئاندىن ئىنسانلارنىڭ دادىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى لايدىن ياراتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ سۈرىدە يەنە ئۇلاردىن باشقا قىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە ئۇ كۈندە بولىدىغان مۇكاپات ـ جازالارمۇ بايان قىلىنغان.

**﴿بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا يەتتە قەۋەت ئاسماننى ياراتتۇق﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار الله نى پاك دەپ بىلىدۇ﴾[3]، ﴿سىلەر كۆرمىدىڭلارمۇكىن، الله قانداق قىلىپ يەتتە ئاسماننى بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرىنى قىلىپ ياراتتى﴾[4]، ﴿الله يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى، الله نىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ، (سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم) الله نىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە الله نىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر﴾[5].

شۇنىڭدەك، بۇ ئايەتتىمۇ شۇنداق دېدى: **﴿بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا يەتتە قەۋەت ئاسماننى ياراتتۇق، بىز مەخلۇقاتتىن غاپىل ئەمەسمىز﴾** يەنى الله تائالا زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان،

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) غافىر سۈرىسى 57 ـ ئايەت.
(3) ئىسرا سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) نۇھ سۈرىسى 15 ـ ئايەت.
(5) تالاق سۈرىسى ـ 12 ـ ئايەت.

زېمىندىن چىقىدىغان، ئاسماندىن چۈشىدىغان ۋە ئاسمانغا ئۆرلەپ چىقىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. سىلەر قەيەردە بولماڭلار، الله تائالا سىلەر بىلەن بىللە. الله تائالا قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئاسمان يەنە بىر ئاسماننى، زېمىن يەنە بىر زېمىننى دالدا قىلىپ، الله تائالادىن ئۆزىنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. الله تائالا تاغنىڭ چوققىسىدىكى ۋە دېڭىزنىڭ تېگىدىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. الله تائالا تاغلاردىكى، دۆڭلەردىكى، قۇملاردىكى، دېڭىزلاردىكى، چۆللەردىكى ۋە دەرەخلەردىكى نەرسىلەرنىڭ سانىنى بىلگۈچىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا الله بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى الله بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن الله بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (الله غا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾[1].

* * * * * * *

وَأَنزَلْنَا مِنَ السَّمَاءِ مَاءً بِقَدَرٍ فَأَسْكَنَّاهُ فِي الْأَرْضِ ۖ وَإِنَّا عَلَىٰ ذَهَابٍ بِهِ لَقَادِرُونَ ﴿١٨﴾ فَأَنشَأْنَا لَكُم بِهِ جَنَّاتٍ مِّن
نَّخِيلٍ وَأَعْنَابٍ لَّكُمْ فِيهَا فَوَاكِهُ كَثِيرَةٌ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ ﴿١٩﴾ وَشَجَرَةً تَخْرُجُ مِن طُورِ سَيْنَاءَ تَنبُتُ بِالدُّهْنِ
وَصِبْغٍ لِّلْآكِلِينَ ﴿٢٠﴾ وَإِنَّ لَكُمْ فِي الْأَنْعَامِ لَعِبْرَةً ۖ نُّسْقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهَا وَلَكُمْ فِيهَا مَنَافِعُ كَثِيرَةٌ وَمِنْهَا
تَأْكُلُونَ ﴿٢١﴾ وَعَلَيْهَا وَعَلَى الْفُلْكِ تُحْمَلُونَ ﴿٢٢﴾

بىز بۇلۇتتىن ھاجەتكە قاراپ يامغۇر ياغدۇردۇق، ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق، ئۇنى قۇرۇتۇۋېتىشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز﴿18﴾. شۇ يامغۇر بىلەن سىلەرگە خورما باغچىلىرى ۋە ئۈزۈم باغچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق، سىلەر ئۈچۈن ئۇ باغلاردا نۇرغۇن مېۋىلەر بار، ئۇلاردىن يەيسىلەر﴿19﴾. شۇ يامغۇر بىلەن تۇرسىنادىن چىقىدىغان (زەيتۇن) دەرىخىنى (ئۆستۈرۈپ بەردۇق)، ئۇنىڭدىن ماي چىقىدۇ، يېگۈچىلەر (نانلىرىنى شۇ ماي بىلەن) مايلايدۇ﴿20﴾. چارۋىلاردا ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى نەرسىلەر (يەنى سۈتلەر) بىلەن سىلەرنى سۇغىرىمىز، ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر﴿21﴾. ئۇلار (يەنى تۆگە ۋە ئۆكۈزلەر) بىلەن (قۇرۇقلۇقتا)، كېمە بىلەن (دېڭىزدا) يۆك توشۇيسىلەر﴿22﴾.

## الله تائالانىڭ يامغۇر، ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخ ۋە تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنى ياراتقانلىقى

﴿بىز بۇلۇتتىن ھاجەتكە قاراپ يامغۇر ياغدۇردۇق﴾ يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە يامغۇرنى ياغدۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت بەندىلىرىگە بەرگەن، ساناپ بولغىلى بولمايدىغان نېمىتىنى بايان قىلىدۇ. الله تائالا يامغۇرنى ئۇنىڭغا بولغان ھاجەتكە قاراپ چۈشۈردى. ئۇنى زېمىنلارنى ۋە ئۆيلەرنى

(1) ئەنئام سۈرىسى 59 ـ ئايەت.

ۋەيرانە قىلىۋېتىدىغان دەرىجىدە جىق ياكى زىرائەتلەرگە ۋە مېۋىلەرگە يېتىشمەيدىغان دەرىجىدە ئاز چۈشۈرمىدى. **الله** تائالا يامغۇرنى ئۇنىڭ بىلەن يەرلەرنى سۇغۇرۇش، ئىچىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار ئۈچۈن پايدىلىنىشتا، ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىگە قاراپ چۈشۈردى. ھەتتا مىسىر زېمىنىدەك سۇنى كۆپ ئىچىدىغان ۋە لېكىن تۇپرىقى ئۈستىگە يامغۇرنىڭ يېغىشىنى كۆتۈرەلمەيدىغان زېمىنغا **الله** تائالا سۇنى باشقا شەھەرلەردىن كەلتۈرۈپ بەردى. مۇنداق زېمىن "بىر نەرسە ئۈنمەيدىغان زېمىن" دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: مىسىر زېمىنىغا **الله** تائالا "نىل دەرياسى" نىڭ سۈيىنى كەلتۈرۈپ بەردى. "نىل دەرياسى" نىڭ سۈيى ھەبەشىستاندىن كېلىدىغان بولۇپ، ھەبەشىستاندا يامغۇر ياغىدىغان پەسىللەردە "نىل دەرياسى" نىڭ سۈيى ھەبەشىستاندىن سېرىق لاينى ئېقىتىپ كېلىپ، (مىسىرلىقلارنىڭ زىرائەت تېرىشى ئۈچۈن) مىسىر زېمىنىغا تاشلايدۇ. چۈنكى، مىسىر زېمىنى تۇزلۇق بولۇپ، (زىرائەتنىڭ ئۈنۈشىگە زىيانلىق بولغان) شور ئۆرلەپ تۇرىدۇ.

شەپقەتلىك، ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچى، مېھرىبان ۋە گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى زات **الله** تائالانى ھەممە كەمچىلىكلەردىن پاك دەپ تونۇيمىز.

﴿**ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق**﴾ يەنى يامغۇر بۇلۇتتىن كۆچكەن ھامان ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق. بىز زېمىندىن يامغۇرنى سۈمۈرۈۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى ئۈستىدىكى ئۈسۈملۈكلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان قابىلىيەتنى قىلدۇق.

﴿**ئۇنى قۇرۇتۇۋېتىشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز**﴾ يەنى مۇبادا بىز يامغۇر ياغدۇرماسلىقنى خالىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئۇنى قىلاتتۇق. مۇبادا بىز يامغۇرنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەرگە ياغدۇرماي، شورلۇق يەرلەرگە ۋە چۆل - باياۋانلارغا ياغدۇرۇشنى خالىغان بولساق، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتۇق. مۇبادا بىز يامغۇرنى ئىچىش ياكى يەرلەرنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن پايدىلانغىلى بولمايدىغان تۇزلۇق قىلىۋېتىشنى خالىغان بولساق، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتۇق. مۇبادا بىز يامغۇرنىڭ زېمىنغا چۈشمەي، ئاسمانغا قايتىپ چىقىپ كېتىشىنى خالىغان بولساق، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتۇق. مۇبادا بىز يامغۇر زېمىنغا چۈشكەندە، ئۇنىڭ سىلەر بارالمايدىغان ۋە پايدا ئالالمايدىغان يەرلەرگە ئېقىپ كېتىشىنى خالىغان بولساق، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتۇق. لېكىن، **الله** تائالا رەھمەت ۋە مەرھەمەت قىلىپ، سىلەرگە ئاسماندىن ناھايىتى تاتلىق سۇ چۈشۈرۈپ، ئۇنى زېمىندا توختىتىپ بەردى ۋە ئۇنى يەرلەرگە سىڭدۈرۈپ بۇلاقلارنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، زىرائەتلەر ۋە مېۋىلەر سۇغۇرىلىدىغان بۇلاقلار ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلار بارلىققا كەلدى. سىلەرمۇ، ماللىرىڭلارمۇ شۇ سۇدىن ئىچىسىلەر. ئۇ سۇ بىلەن يۇيۇنىسىلەر ۋە پاكىزلىنىسىلەر.

بىزلەرگە بەرگەن بۇ نېمەتلىرى ئۈچۈن **الله** تائالاغا مىڭلارچە شۈكۈرلەر بولسۇن!

﴿**شۇ يامغۇر بىلەن سىلەرگە خورما باغچىلىرى ۋە ئۈزۈم باغچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق**﴾ يەنى سىلەرگە ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن يامغۇر ئارقىلىق خورمىلىق ۋە ئۈزۈملۈك چىرايلىق، بوستانلىق باغلارنى بەرپا قىلىپ بەردۇق. ئۈزۈم ۋە خورما ئەرەبلەر ياخشى كۆرىدىغان مېۋىلەر ئىدى. شۇنىڭدەك، **الله** تائالا ھەر بىر يۇرت كىشىلىرىگىمۇ شۈكرانىسىنى ئېيتىپ بولالمايدىغان دەرىجىدە (ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان) مېۋىلەرنى بەردى.

﴿**سىلەر ئۈچۈن ئۇ باغلاردا نۇرغۇن مېۋىلەر بار**﴾ يەنى سىلەر ئۈچۈن ئۇ باغلاردا مېۋىلەرنىڭ ھەممە تۈرلىرى بار. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**الله** سىلەرگە شۇ يامغۇر بىلەن زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ

بېرىدۇ، زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم ۋە تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ﴾[1].

﴿**ئۇلاردىن يەيسىلەر**﴾ يەنى سىلەر ئۇ باغلارنىڭ كۆركەم ۋە چىرايلىقلىقىغا قاراپ ھۇزۇرلىنىسىلەر ۋە ئۇنىڭ مېۋىلىرىدىن يەيسىلەر.

﴿**شۇ يامغۇر بىلەن تۇرسىنادىن چىقىدىغان (زەيتۇن) دەرىخىنى (ئۆستۈرۈپ بەردۇق)**﴾ تۇرسىنا بىر تاغنىڭ ئىسمىدۇر. بەزى ئالىملار: ئۇ تاغدا دەرەخلەر بولغانلىقى ئۈچۈن "تۇرسىنا" دەپ ئاتالدى، مۇبادا ئۇنىڭدا دەرەخلەر بولمىغان بولسا، "تاغ" دەپلا ئاتىلاتتى، ـ دېدى. **الله** تائالا راستىنى بىلگۈچىدۇر. تۇرسىنا **الله** تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغان تاغ بولۇپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىكى تاغلاردا زەيتۇن دەرەخلىرى بار.

﴿**ئۇنىڭدىن ماي چىقىدۇ، يېگۈچىلەر (نانلىرىنى شۇ ماي بىلەن) مايلايدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭدىن يېگۈچىلەر نانلىرىغا قوشۇپ يېيىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ماي ۋە زەيتۇنلار چىقىدۇ.

ئابدى ئىبنى ھۇمەيد ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر (نانلىرىڭلارنى) زەيتۇن مېيى بىلەن يەڭلار. چۈنكى، ئۇ ماي بەرىكەتلىك بىر دەرەختىن چىقىدۇ» بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەلەرمۇ رىۋايەت قىلدى.

﴿**چارۋىلاردا ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى نەرسىلەر (يەنى سۈتلەر) بىلەن سىلەرنى سۇغىرىمىز، ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر، ئۇلار (يەنى تۆگە ۋە ئۆكۈزلەر) بىلەن (قۇرۇقلۇقتا)، كېمە بىلەن (دېڭىزدا) يۈك توشۇيسىلەر**﴾ يەنى **الله** تائالا بۇ ئايەتتە تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردا بەندىلىرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پايدىلىنىش يوللىرىنى قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار بولسا بەندىلەرنىڭ ئۇ ھايۋانلارنىڭ ماياق ـ تېزەك ۋە قانىدىن ئايرىلىپ چىققان سۈتلىرىنى ئىچىشلىرى، گۆشلىرىدىن يېيىشلىرى، يۇڭلىرى، تىۋىتلىرى ۋە تۈكلىرىدىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيىشلىرى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مىنىشلىرى ۋە يۈك ـ تاقلىرىنى ئۇلارغا ئارتىپ، يىراق ـ يىراق يەرلەرگە ئېلىپ بېرىشلىرىدۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار يۈك ـ تاقلىرىڭلارنى سىلەر جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ئاران يېتىپ بارالايدىغان جايلارغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ھەقىقەتەن شەپقەتلىكتۇر ۋە مېھرىباندۇر﴾[2]، ﴿ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئۇلار ئۈچۈن ھايۋانلارنى (قۇدرەت) قولىمىز بىلەن خەلق ئەتتۇق، ئۇلار ھايۋانلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر، ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ، ئۇلار شۇ ھايۋانلاردىن پايدىلىنىدۇ ۋە سۈتلىرىنى ئىچىدۇ، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ بۇ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟﴾[3].

* * * * * * *

وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ فَقَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓۚ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٢٣﴾ فَقَالَ ٱلۡمَلَؤُاْ ٱلَّذِينَ

(1) نەھل سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەھل سۈرىسى ـ 7 ـ ئايەت.
(3) ياسىن سۈرىسى 71 ـ 73 ـ ئايەتلەر.

كَفَرُوا۟ مِن قَوْمِهِۦ مَا هَٰذَآ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُرِيدُ أَن يَتَفَضَّلَ عَلَيْكُمْ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَأَنزَلَ مَلَٰٓئِكَةً مَّا سَمِعْنَا بِهَٰذَا
فِىٓ ءَابَآئِنَا ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٢٤﴾ إِنْ هُوَ إِلَّا رَجُلٌۢ بِهِۦ جِنَّةٌ فَتَرَبَّصُوا۟ بِهِۦ حَتَّىٰ حِينٍ ﴿٢٥﴾

بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! (يالغۇز الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (الله نىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟» ﴿23﴾. ئۇنىڭ قەۋمىدىكى ئىمانسىز كاتتىلار ئېيتىشتى: «بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەردىن ئۈستۈن بولۇۋالماقچى، ئەگەر الله (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتەتتى، بۇنداق سۆزنى بۇرۇنقى ئاتا- بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئەمەسمىز﴿24﴾. ئۇ پەقەت بىر مەجنۇندۇر، سىلەر ئۇنى بىر مەزگىل كۈتۈڭلار» ﴿25﴾.

## نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى

الله تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى (ئۇنىڭ قەۋملىرىنى الله تائالانىڭ قاتتىق ئازابىدىن، الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن، بۇيرۇقىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىن ئالىدىغان ئىنتىقامىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن) پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ۋاقتىدىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! (يالغۇز الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (الله نىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟»**﴾ يەنى سىلەر الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمامسىلەر؟

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ جاۋابى مۇنداق بولغان ئىدى: ﴿**ئۇنىڭ قەۋمىدىكى ئىمانسىز كاتتىلار ئېيتىشتى: «بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەردىن ئۈستۈن بولۇۋالماقچى**﴾ يەنى بۇ پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلىش بىلەن سىلەردىن ئۈستۈن ۋە كاتتا بولۇۋالماقچى، بۇمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئادەمدۇر، ئۇنداق بولغان ئىكەن، ۋەھيى سىلەرگە كەلمەستىن، قانداق بولۇپ بۇنىڭغا كەلسۇن؟

﴿**ئەگەر الله (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتەتتى، بۇنداق سۆزنى بۇرۇنقى ئاتا- بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئەمەسمىز**﴾ يەنى ئۇلار: مۇبادا الله تائالا پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى خالىسا، ئىنساندىن ئەۋەتمەي، بەلكى قېشىدىكى پەرىشتىلەردىن ئەۋەتەتتى. بىز زامانلاردىن بېرى ئەجدادلىرىمىزدىن پەيغەمبەرنىڭ ئىنسانلاردىن بولغىنىنى ئاڭلىمىغان ئىدۇق، ـ دەيدۇ.

﴿**ئۇ پەقەت بىر مەجنۇندۇر**﴾ يەنى ئۇ ئېلىشىپ قالغاچقا: الله تائالا مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ماڭا ۋەھيي چۈشۈردى، ـ دەيدۇ.

﴿**سىلەر ئۇنى بىر مەزگىل كۈتۈڭلار**﴾ يەنى سىلەر ئۇنىڭ زامانىنىڭ ھادىسىلىرىگە يولۇقىشىنى كۈتۈڭلار، بىر مەزگىلگىچە سەۋر قىلىڭلار، ئاخىرى ئۇنىڭدىن قۇتۇلىسىلەر.

*******

قَالَ رَبِّ ٱنصُرْنِى بِمَا كَذَّبُونِ ﴿٢٦﴾ فَأَوْحَيْنَآ إِلَيْهِ أَنِ ٱصْنَعِ ٱلْفُلْكَ بِأَعْيُنِنَا وَوَحْيِنَا فَإِذَا جَآءَ أَمْرُنَا
وَفَارَ ٱلتَّنُّورُ فَٱسْلُكْ فِيهَا مِن كُلٍّ زَوْجَيْنِ ٱثْنَيْنِ وَأَهْلَكَ إِلَّا مَن سَبَقَ عَلَيْهِ ٱلْقَوْلُ مِنْهُمْ ۖ وَلَا

تُخَٰطِبۡنِي فِي ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ إِنَّهُم مُّغۡرَقُونَ ﴿٢٧﴾ فَإِذَا ٱسۡتَوَيۡتَ أَنتَ وَمَن مَّعَكَ عَلَى ٱلۡفُلۡكِ فَقُلِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي
نَجَّىٰنَا مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٨﴾ وَقُل رَّبِّ أَنزِلۡنِي مُنزَلٗا مُّبَارَكٗا وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلۡمُنزِلِينَ ﴿٢٩﴾ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ وَإِن كُنَّا
لَمُبۡتَلِينَ ﴿٣٠﴾

نۇھ (ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن): «پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى يالغانغا چىقارغانلىقلىرى ئۈچۈن ماڭا ياردەم بەرگىن» دېدى﴿26﴾. بىز نۇھقا: «بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن، بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە تونۇردىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا، كېمىگە ھايۋانلاردىن (ئەركەك ـ چىشى بولۇپ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن، ئائىلەڭدىكىلەرنىمۇ ئېلىۋالغىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھالاك بولۇشقا ھۆكۈم قىلىنغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن (يەنى ئۇلارغا شاپائەت قىلمىغىن)، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴿27﴾. سەن بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەر بىلەن كېمىگە چىققان چېغىڭدا: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغان اللهغا خاستۇر» دېگىن﴿28﴾. ھەمدە: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى مۇبارەك مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن (دوستلىرىڭنى) ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن» دېگىن﴿29﴾. ھەقىقەتەن بۇنىڭدا (يەنى نۇھنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئىشلىرىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن) نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار، بىز بەندىلەرنى (پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش بىلەن) ئەلۋەتتە سىنايمىز﴿30﴾.

الله تائالا بۇ يەردە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالادىن قەۋمىگە قارشى ئۆزىگە ياردەم بېرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿نۇھ (ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن): «پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى يالغانغا چىقارغانلىقلىرى ئۈچۈن ماڭا ياردەم بەرگىن» دېدى﴾** الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە قارشى دۇئا قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى﴾[1].

بۇ چاغدا، الله تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى پۇختا بىر كېمە ياساشقا، ئۆسۈملۈكلەردىن، مېۋىلەردىن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل نەرسىلەردىن ئېلىپ كېمىگە سېلىشقا، ھەر تىپتىكى ھايۋانلار ۋە قۇشلاردىن ئەركەك ـ چىشى بولۇپ بىرەر جۈپتىن ئېلىشقا، ئائىلىسىدىكىلەردىن ئىمان ئېيتماي ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنىپ كەتكەن ئايالى بىلەن ئوغلىدىن باشقىلىرىنى ۋە (ئىمان ئېيتقان ئازغىنا كىشىلەرنى) كېمىگە چىقىرىشقا بۇيرۇدى. الله راستىنى بىلگۈچىدۇر.

**﴿(ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن (يەنى ئۇلارغا شاپائەت قىلمىغىن)، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ»﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قاتتىق يامغۇرنىڭ ياغدۇرۇلغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىڭدا، ئۇلارغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق كۆرسەتكىلىك كېلىپ قالمىسۇن. ئۇلارنى ئىمان ئېيتىپ قالارمىكىن دەپ، ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابنىڭ كېچىكىشىنىمۇ ئارزۇ قىلىپ يۈرمە. چۈنكى، مەن ئۇلارغا ئۇلار كۇپرى ھالىتىدە سۇ بالاسى بىلەن ھالاك قىلىنىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتتىم. بۇ قىسسە ھۇد سۈرىسىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى.



(1) قەمەر سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

**﴿سەن بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەر بىلەن كېمىگە چىققان چېغىڭدا: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغان اللە غا خاستۇر» دېگىن﴾** اللە تائالا قاتناش قوراللىرىغا چىققاندا اللە تائالانى ئەسلەش توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿اللە پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تۈرلىرىنى ياراتتى، سىلەرگە ئۈستىگە چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمە ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ھايۋان قاتارلىقلارنى ياراتتى. ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىققانلىرىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ: «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز» دېگەيسىلەر﴾[1].

نۇھ ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ بۇ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ئۆزىگە ئەگەشكەن ئادەملەرگە مۇنداق دېدى: ﴿«كېمىگە چىقىڭلار، كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى اللە نىڭ ئىسمى بىلەندۇر﴾[2] يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىنىڭ قوزغىلىش ۋە توختىشىنىڭ اللە تائالانىڭ ئىسمى بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

اللە تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى كېمىدىن چۈشكەندىمۇ اللە تائالانى ياد ئېتىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿ھەمدە: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى مۇبارەك مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن (دوستلىرىڭنى) ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن» دېگىن﴾**.

**﴿ھەقىقەتەن بۇنىڭدا (يەنى نۇھنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئىشلىرىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن) نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾** يەنى اللە تائالانىڭ مۆمىنلەرنى قۇتقۇزۇپ، كاپىرلارنى ھالاك قىلىشىدا، اللە تائالا تەرىپىدىن ۋەھيي ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىسىدە راستچىل ئىكەنلىكىنى، اللە تائالانىڭ ئۆزى خالىغاننى قىلىدىغانلىقىنى، كۈچىنىڭ ھەممىگە يېتىدىغانلىقىنى ۋە بارلىق نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، نۇرغۇنلىغان ئوچۇق پاكىت ۋە ھۆججەتلەر باردۇر. **﴿بىز بەندىلەرنى (پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش بىلەن) ئەلۋەتتە سىنايمىز﴾**.

* * * * * * *

ثُمَّ أَنشَأۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِمۡ قَرۡنًا ءَاخَرِينَ ﴿٣١﴾ فَأَرۡسَلۡنَا فِيهِمۡ رَسُولٗا مِّنۡهُمۡ أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓۚ أَفَلَا تَتَّقُونَ
﴿٣٢﴾ وَقَالَ ٱلۡمَلَأُ مِن قَوۡمِهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِلِقَآءِ ٱلۡأٓخِرَةِ وَأَتۡرَفۡنَٰهُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا مَا هَٰذَآ إِلَّا بَشَرٞ
مِّثۡلُكُمۡ يَأۡكُلُ مِمَّا تَأۡكُلُونَ مِنۡهُ وَيَشۡرَبُ مِمَّا تَشۡرَبُونَ ﴿٣٣﴾ وَلَئِنۡ أَطَعۡتُم بَشَرٗا مِّثۡلَكُمۡ إِنَّكُمۡ إِذٗا لَّخَٰسِرُونَ
﴿٣٤﴾ أَيَعِدُكُمۡ أَنَّكُمۡ إِذَا مِتُّمۡ وَكُنتُمۡ تُرَابٗا وَعِظَٰمًا أَنَّكُم مُّخۡرَجُونَ ﴿٣٥﴾ ۞هَيۡهَاتَ هَيۡهَاتَ لِمَا تُوعَدُونَ ﴿٣٦﴾ إِنۡ
هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنۡيَا نَمُوتُ وَنَحۡيَا وَمَا نَحۡنُ بِمَبۡعُوثِينَ ﴿٣٧﴾ إِنۡ هُوَ إِلَّا رَجُلٌ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبٗا وَمَا
نَحۡنُ لَهُۥ بِمُؤۡمِنِينَ ﴿٣٨﴾ قَالَ رَبِّ ٱنصُرۡنِي بِمَا كَذَّبُونِ ﴿٣٩﴾ قَالَ عَمَّا قَلِيلٖ لَّيُصۡبِحُنَّ نَٰدِمِينَ ﴿٤٠﴾ فَأَخَذَتۡهُمُ
ٱلصَّيۡحَةُ بِٱلۡحَقِّ فَجَعَلۡنَٰهُمۡ غُثَآءٗۚ فَبُعۡدٗا لِّلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤١﴾

ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن باشقا بىر قەۋمنى پەيدا قىلدۇق﴿31﴾. بىز ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 12 ـ 14 ـ ئايەتكىچە.
(2) ھۇد سۈرىسى 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى ھۇدنى) ئەۋەتتۇق. (ئۇ ئېيتتى) الله غىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. الله نىڭ (ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟﴿32﴾ ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر بولغان، ئاخىرەت مۇلاقاتىنى يالغانغا چىقارغان ۋە بۇ دۇنيادا بىز تەرەپتىن باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىنغان كاتتىلىرى ئېيتتى: «بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەر يېگەننى يەيدۇ، سىلەر ئىچكەننى ئىچىدۇ﴿33﴾. ئەگەر سىلەر ئۆزەڭلارغا ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئىتائەت قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇ چاغدا سىلەر چوقۇم زىيان تارتقۇچىلارسىلەر﴿34﴾. ئۇ سىلەرنى، سىلەر ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلانغاندىن كېيىن تىرىلىسىلەر، دەپ ئاگاھلاندۇرامدۇ؟﴿35﴾ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىش تولىمۇ يىراقتۇر﴿36﴾. بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر، بىز ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ تۇرىمىز)، بىز قايتا تىرىلمەيمىز﴿37﴾. ئۇ پەقەت الله نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەمدۇر، بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز»﴿38﴾. ھۇد ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى يالغانغا چىقارغانلىقلىرى ئۈچۈن ماڭا ياردەم بەرگىن»﴿39﴾. الله ئېيتتى: « ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي (كاپىر بولغانلىقلىرىغا) نادامەت چېكىدۇ»﴿40﴾. ئۇلار ھەقلىق رەۋىشتە قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك بولدى. ئۇلارنى بىز لەخجە قىلىۋەتتۇق، زالىم قەۋم (الله نىڭ رەھمىتىدىن) يىراق بولسۇن﴿41﴾.

## ئاد ياكى سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن كېيىن باشقا بىر قەۋمنى پەيدا قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ (ئالىملار بۇ قەۋمنىڭ قايسى قەۋم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى). بەزى ئالىملار: بۇ قەۋم ئاد قەۋمىدۇر. چۈنكى، ئاد قەۋمى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ كەينىدىن كەلگەن قەۋمدۇر، ـ دېدى. بەزى ئالىملار: بۇلار سەمۇد قەۋمىدۇر. چۈنكى، الله تائالا بۇ قەۋمنىڭ قىسسىسىنىڭ ئايىغىدا: ﴿ئۇلار ھەقلىق رەۋىشتە قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك بولدى﴾ (يەنى بۇ قەۋمنىڭ قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىنغانلىقىنى بايان قىلدى، قاتتىق ئاۋاز ئازابى بىلەن ھالاك بولۇپ كەتكەن قەۋم ئاد قەۋمى ئەمەس، سەمۇد قەۋمىدۇر. ئاد قەۋمى قاتتىق بوران بىلەن ھالاك بولغان)، ـ دېدى. الله تائالا بۇ قەۋملەرگە پەيغەمبەر ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئۇلارنى شېرىكى يوق بىر الله غىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى. ئۇلار پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتتى، پەيغەمبەر ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن باش تارتتى، قىيامەت كۈنى الله تائالاغا ئۇچرىشىشقا ئىشەنمەي ۋە قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ سىلەرنى، سىلەر ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلانغاندىن كېيىن تىرىلىسىلەر، دەپ ئاگاھلاندۇرامدۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىش تولىمۇ يىراقتۇر، بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر، بىز ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ تۇرىمىز)، بىز قايتا تىرىلمەيمىز، ئۇ پەقەت الله نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەمدۇر، بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز»**﴾ يەنى ئۇ (مەن الله تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن) پەيغەمبەر، مەن سىلەرنى (دوزاخنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرىمەن ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بېرىمەن دېگەن سۆزلىرىدە يالغانچىدۇر، شۇڭا بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز.

بۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئۇلارغا قارشى ئۆزىگە ياردەم تىلەپ الله تائالاغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**«پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى يالغانغا چىقارغانلىقلىرى ئۈچۈن ماڭا ياردەم بەرگىن»**﴾.

الله  تائالا ئۇنىڭ تىلىگىنى ئىجابەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿« **ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي (كاپىر بولغانلىقلىرىغا) نادامەت چېكىدۇ»**﴾ يەنى ئۇلار (ئۇزۇنغا قالماي) قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىگە ۋە تەرسالىق قىلىپ، سەن ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىگە ئىشەنمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىدۇ.

﴿**ئۇلار ھەقلىق رەۋىشتە قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك بولدى**﴾ يەنى ئۇلار كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ھالاك قىلىنىشقا لايىقتۇر. ئەگەر بۇ قەۋمنى (بەزى ئالىملار دېگەندەك) ئاد قەۋمى دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ چاغدا، ئاد قەۋمنى قاتتىق ئاۋاز ۋە قاتتىق بوران بىرلىشىپ ھالاك قىلغان بولىدۇ. مانا بۇ، ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىدۇر.

الله  تائالا ئاد قەۋمىنىڭ ئىچىدە ئازاب بار بوران بىلەن ھالاك بولۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋادىسىغا سوزۇلۇۋاتقان بۇلۇتنى كۆرۈپ: «مانا بۇ، بىزگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتتۇر» دېيىشتى. (ھۇد ئېيتتى) «ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سىلەر بالدۇرراق ئىشقا ئېشىشنى تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر، ئۇ بىر بوران بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قاتتىق ئازاب بار، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ بىر ئەمرى بىلەن ھەممە نەرسىنى ھالاك قىلىدۇ» (يەنى بوران كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلدى)، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جايلىرىنىڭ (يەنى تۇرغان ماكانلىرىنىڭ ئىزىدىن) باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى، گۇناھكار قەۋمنى مۇشۇنداق جازالايمىز﴾[1].

﴿**ئۇلارنى بىز لۆجە قىلىۋەتتۇق**﴾ يەنى بىز ئۇلارنى ھالاك قىلىپ، سەلنىڭ كۆپۈكلىرىدەك (كېرەكسىز قىلىپ) ياتقۇزۇۋەتتۇق.

﴿**زالىم قەۋم (الله نىڭ رەھمىتىدىن) يىراق بولسۇن**﴾ چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى. الله  تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارغا بىز زۇلۇم قىلمىدۇق ۋە لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى﴾[2] يەنى ئۇلار كۇپۇرلۇق، تەرسالىق ۋە پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىقىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئۇۋال قىلدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋاللىرىنى ئاڭلىغان ھەر بىر كىشى پەيغەمبىرى ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى (قوبۇل قىلىشى) ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىمدۇر.

*******

ثُمَّ أَنشَأْنَا مِنۢ بَعْدِهِمْ قُرُونًا ءَاخَرِينَ ﴿٤٢﴾ مَا تَسْبِقُ مِنْ أُمَّةٍ أَجَلَهَا وَمَا يَسْتَـْٔخِرُونَ ﴿٤٣﴾ ثُمَّ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا تَتْرَا ۖ كُلَّ مَا جَآءَ أُمَّةً رَّسُولُهَا كَذَّبُوهُ ۚ فَأَتْبَعْنَا بَعْضَهُم بَعْضًا وَجَعَلْنَـٰهُمْ أَحَادِيثَ ۚ فَبُعْدًا لِّقَوْمٍ لَّا يُؤْمِنُونَ ﴿٤٤﴾

ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، باشقا بىر قەۋملەرنى پەيدا قىلدۇق﴿42﴾. ھەر قانداق ئۇممەت ھالاك بولۇش ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ ھالاك بولمايدۇ، ھالاك بولۇش ۋاقتىدىن ئۆتۈپمۇ كەتمەيدۇ﴿43﴾. ئاندىن بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئارقىمۇ ئارقا ئەۋەتتۇق، ھەر ئۇممەتكە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەن چاغدا، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن، ئۇلارنى ئارقىمۇ ئارقا ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنى (كىشىلەرگە) ھېكايە قىلىپ قالدۇردۇق، ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋم (الله  نىڭ رەھمىتىدىن) يىراق بولسۇن﴿44﴾.

(1) ئەھقاف سۈرىسى 24 ـ 25 ـ ئايەتلەر.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 76 ـ ئايەت.

## باشقا ئۈممەتلەرنىڭ بايانى

**﴿ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، باشقا بىر قەۋملەرنى پەيدا قىلدۇق﴾** يەنى باشقا بىر ئۈممەتلەرنى پەيدا قىلدۇق.

**﴿ھەر قانداق ئۈممەت ھالاك بولۇش ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ ھالاك بولمايدۇ، ھالاك بولۇش ۋاقتىدىن ئۆتۈپمۇ كەتمەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار ھەممە نەرسىلەر خاتىرىلەنگەن كىتابتا ۋە ئۇلارنىڭ قايسى ئۈممەتتىن كېيىن ئۈممەت بولۇپ كېلىشىنى، قايسى ئەسىردە كېلىشىنى ۋە قايسى ئەۋلاتتىن كېيىن ئەۋلات بولۇپ كېلىشىنى بىلىدىغان الله تائالانىڭ ئىلمىدە: ئۇلار ھالاك بولۇپ كېتىدۇ، ـ دەپ پۈتۈلگەن ۋاقىت ئۇلارغا كەلگەن ھامان ھالاك بولۇپ كېتىدۇ.

**﴿ئاندىن بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئارقىمۇئارقا ئەۋەتتۇق﴾** الله تائالا ھەر بىر ئۈممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەر قانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار﴾[1]

**﴿ھەر ئۈممەتكە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەن چاغدا، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن، ئۇلارنى ئارقىمۇئارقا ھالاك قىلدۇق﴾** يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنى مازاق قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچى) بەندىلەرگە ئەپسۇسكى، ئۇلارغا بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى﴾[2].

الله تائالا نۇرغۇنلىغان ئۈممەتلەرنى ئارقىمۇئارقا ھالاك قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿نۇھتىن كېيىن (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق﴾[3].

**﴿ئۇلارنى (كىشىلەرگە) ھېكايە قىلىپ قالدۇردۇق﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنى بىز (كېيىنكى كىشىلەرگە) چۆچەك قىلىپ قالدۇردۇق. ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتۇق﴾[4]، **﴿ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋم (الله نىڭ رەھمىتىدىن) يىراق بولسۇن﴾**.

* * * * * * *

ثُمَّ أَرْسَلْنَا مُوسَىٰ وَأَخَاهُ هَٰرُونَ بِـَٔايَٰتِنَا وَسُلْطَٰنٍ مُّبِينٍ ﴿٤٥﴾ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَٱسْتَكْبَرُوا۟
وَكَانُوا۟ قَوْمًا عَالِينَ ﴿٤٦﴾ فَقَالُوٓا۟ أَنُؤْمِنُ لِبَشَرَيْنِ مِثْلِنَا وَقَوْمُهُمَا لَنَا عَٰبِدُونَ ﴿٤٧﴾ فَكَذَّبُوهُمَا فَكَانُوا۟ مِنَ
ٱلْمُهْلَكِينَ ﴿٤٨﴾ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ لَعَلَّهُمْ يَهْتَدُونَ ﴿٤٩﴾

(1) نەھل سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ياسىن سۈرىسى 30 ـ ئايەت.
(3) ئىسرا سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سەبەئ سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاندىن مۇسا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز بىلەن ۋە روشەن پاكىت بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ (ئىماندىن) باش تارتتى، ئۇلارمۇ تەكەببۇر قەۋم ئىدى﴿45 ـ 46﴾. ئۇلار: «بىزگە ئوخشاش ئىككى ئاددىي ئىنسانغا ئىمان ئېيتامدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قەۋمى بىزنىڭ (قۇلغا ئوخشاش) خىزمەتچىلىرىمىزدۇر» دېيىشتى﴿47﴾. ئۇلار ئۇ ئىككىسىنى (يەنى مۇسا بىلەن ھارۇننى) ئىنكار قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاك بولدى﴿48﴾. ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) نى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، بىز ھەقىقەتەن مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق﴿49﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋملىرىگە ئوچۇق پاكىتلار ۋە كەسكىن ھۆججەتلەر بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىمۇ خۇددى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە ئوخشاشلا (مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈنلا) ئۇ ئىككىسىگە ئەگىشىشتىن ۋە بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشتىن چوڭلۇق قىلىپ باش تارتتى. بۇلارنىڭ دىللىرىمۇ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ دىللىرىغا ئوخشاپ كەتتى. شۇڭا الله تائالا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىپ ھالاك قىلدى.

الله تائالا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ھالاك قىلىپ بولغاندىن كېيىن، (ئىسرائىل ئەۋلادىغا ۋەز ـ نەسىھەت بولسۇن ئۈچۈن) مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ ھۆكۈملىرى، بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلىمىلىرى بار بولغان تەۋراتنى چۈشۈرۈپ بەردى. الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى چۈشۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، بىر ئۈممەتنى بىراقلا ھالاك قىلىۋەتمەي، بەلكى ئۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدىكى ئىمان ئېيتقانلىرىنى ئىمان ئېيتمىغانلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇدى.

الله تائالا تەۋراتنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ۋەز ـ نەسىھەت بولسۇن ئۈچۈن چۈشۈرگەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز (نۇھنىڭ قەۋمى ئاد، سەمۇد ۋە لۇتنىڭ قەۋمى قاتارلىق) ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر بەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) نىڭ دىللىرىغا (ھەقىقەتنى كۆرىدىغان) نۇر بېرىپ، ئۇلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت قىلدۇق، ئۇلار ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق﴾[1].

*******

وَجَعَلْنَا ٱبْنَ مَرْيَمَ وَأُمَّهُۥٓ ءَايَةً وَءَاوَيْنَٰهُمَآ إِلَىٰ رَبْوَةٍ ذَاتِ قَرَارٍ وَمَعِينٍ ﴿٥٠﴾

بىز مەريەمنىڭ ئوغلىنى (يەنى ئىسانى) ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى (يەنى مەريەمنى) (كامالى قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلدۇق، ئۇلارنى تۈپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق﴿50﴾.

(1) قەسەس سۈرىسى 43 ـ ئايەت.

## ئىسا ۋە ئانىسى مەريەم ئەلەيھىسسالاملار توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى بولغان مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن جاھان كىشىلىرىگە ئۆزىنىڭ خالىغاننى قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بىر پاكىت قىلغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى دادىسىز ۋە ئانىسىز ياراتتى. ھەۋۋا ئانىمىزنى ئايالدىن ئەمەس، بەلكى بىر ئەركىشىدىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋۇرغىسىدىن) ياراتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنى بولسا ئەرسىز ئانىدىن ياراتتى. ئۇلاردىن باشقا كىشىلەرنى بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ بىرلىشىشىدىن ياراتتى.

﴿ئۇلارنى تۈپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان يەر بولسا، كۆپ ھۆسۇل بېرىدىغان، يەر يۈزىدىن سەل ئېگىز كەلگەن يەردۇر. چۈنكى، مۇنداق يەردە ئۆسۈملۈكلەر بەك ئۈنىيدۇ.

مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە قاتادە قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېدى. ئىبنى ئەبۇھاتەم سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ: ئۇ يەر دەمەشقتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئابدۇللا ئىبنى سالام، ھەسەن، زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە خالىد ئىبنى مەئدانلاردىنمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق رىۋايەت قىلىندى. ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىكرىمەدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ئېقىن بولسا، دەمەشقنىڭ ئۆستەڭلىرىدۇر.

لەيس ئىبنى ئەبۇسۇلەيم مۇجاھىدنىڭ: ئۇلار دەمەشقنىڭ غۇتە دېگەن يەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ـ دېدى.

ئابدۇرازاق ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ: ئۇلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان يەر پەلەستىندىكى بىر قۇملۇقتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

”ئېقىن سۇلۇق“ ھەققىدە دېيىلگەن كۆز قاراشلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا بولغىنى ئىبنى ئابباسنىڭ: ئۇ ئېقىن سۇدىن الله تائالانىڭ: ﴿جىبرىئىل ئۇنىڭغا خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن نىدا قىلدى: «غەم قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئېقىپ تۇرىدىغان) بىر ئېرىقنى پەيدا قىلدى﴾[1] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان (مەريەم ئەلەيھىسسالامنى تولغاق تۇتقاندا، ئۇنىڭ ئاستىغا پەيدا قىلىنغان) ئېرىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېگەن سۆزىدۇر. بۇ كۆزقاراشنى (ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن) ئەۋفي رىۋايەت قىلغان. زەھھاك ۋە قەتادەلەرمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېدى. ئۇ ئورۇن بولسا، پەلەستىندۇر.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلرُّسُلُ كُلُواْ مِنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَٱعْمَلُواْ صَٰلِحًا إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ ﴿٥١﴾ وَإِنَّ هَٰذِهِۦٓ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَٰحِدَةً
وَأَنَا۠ رَبُّكُمْ فَٱتَّقُونِ ﴿٥٢﴾ فَتَقَطَّعُوٓاْ أَمْرَهُم بَيْنَهُمْ زُبُرًا كُلُّ حِزْبٍۭ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ ﴿٥٣﴾ فَذَرْهُمْ فِي غَمْرَتِهِمْ
حَتَّىٰ حِينٍ ﴿٥٤﴾ أَيَحْسَبُونَ أَنَّمَا نُمِدُّهُم بِهِۦ مِن مَّالٍ وَبَنِينَ ﴿٥٥﴾ نُسَارِعُ لَهُمْ فِي ٱلْخَيْرَٰتِ بَل لَّا يَشْعُرُونَ ﴿٥٦﴾

(1) مەريەم سۈرىسى 24 ـ ئايەت.

ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن﴿51﴾. (ئى پەيغەمبەرلەر جامائەسى!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، (مېنىڭ ئازابىمدىن) قورقۇڭلار﴿52﴾. ئۇلار (يەنى ئۇممەتلەر) دىنىي جەھەتتە نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈندى، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشالدۇر﴿53﴾. ئۇلارنى ئۆلگەنلىرىگە قەدەر گۇمراھلىقتا تەرك ئەتكىن﴿54﴾. (ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلاتلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۇلارغا تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ﴿55 ـ 56﴾.

## ھالال نەرسىلەرنى يېيىشكە ۋە ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەرلىرىنى ھالال نەرسىلەردىن يېيىشكە ۋە ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھالال نەرسىلەر ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلىشقا ياردەمچى بولىدۇ. پەيغەمبەرلەر ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشنى تولۇق رەۋىشتە ئورۇنلىدى. ئۇلار ھەرقانداق ياخشى ئىشلاردا سۆزى بىلەن ھەركىتىنى بىرلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇلارغا كۆپ مۇكاپاتلارنى بەردى.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىبنى ماجەلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر (پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن) قوي باققان» دېدى. ساھابىلەر: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ باققانمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، مەنمۇ مەككىلىكلەرنىڭ (قويلىرىنى) قارارىت دېگەن يەردە باققان ئىدىم» دېدى.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمگىكى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى». ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى كىشىلەر! الله تائالا ھەقىقەتەن پاكتۇر، پاكتىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. الله تائالا مۆمىنلەرنىمۇ پەيغەمبەرلەرنى بۇيرۇغان ئىشقا بۇيرۇدى. (الله تائالا پەيغەمبەرنى بۇيرۇپ مۇنداق دېدى) **﴿ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن﴾** ۋە (مۆمىنلەرنى بۇيرۇپ): ﴿ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر الله غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، الله غا (يەنى الله نىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار﴾[1] دېدى دەپ، ئاندىن تامىقى، ئىچىشى، كىيىشى ۋە يېيىشى ھارامدىن بولۇپ كىرلەشكەن ۋە (چىرايى تاتارغانلىقىدىن) رەڭگى ئۆزگەرگەن ھالدا ئۇزاق يەرلەرگە سەپەر قىلىپ، قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: ئى پەرۋەردىگارىم! ئى پەردىگارىم! ـ دەپ دۇئا قىلىدىغان، (لېكىن) دۇئاسى ئىجابەت قىلىنمايدىغان بىر كىشىنى بايان قىلدى.

(1) بەقەرە سۈرىسى 172 ـ ئايەت.

## ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىنىڭ پەقەت اللہ تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسى ئۈستىدە ئىكەنلىكى ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلغانلارغا قىلىنغان تەھدىد

﴿ئى پەيغەمبەرلەر جامائەسى!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر﴾ يەنى: ئى پەيغەمبەرلەر گۇرۇھى! سىلەرنىڭ دىنىڭلار بىردۇر. ئۇ بولسىمۇ، شېرىكى يوق بىر اللہ غىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدىغان دىندىن ئىبارەتتۇر.

﴿مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، (مېنىڭ ئازابىمدىن) قورقۇڭلار﴾ بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار ئەنبىيا سۈرىسىدە سۆزلىنىپ بولدى.

﴿ئۇلار (يەنى ئۈممەتلەر) دىنىي جەھەتتە نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈندى﴾ يەنى پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن شۇ ئۈممەتلەر كۆپلىگەن پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى.

﴿ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشالدۇر﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ گۇمراھلىقلىرى بىلەن خۇشالدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىشىدۇ.

﴿ئۇلارنى ئۆلگەنلىرىگە قەدەر گۇمراھلىقتا تەرك ئەتكىن﴾ اللہ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كاپىرلارغا مۆھلەت بېرىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىرىمىغىن، ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بەرگىن (ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى (يەنى كۇففارلارنى مەيلىگە) قويۇۋەت، يەپ - ئىچىپ، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرسۇن، ئۇلار بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولۇۋەرسۇن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى) بىلىدۇ﴾[2].

﴿(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال - مۈلۈك ۋە ئەۋلاتلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ﴾ يەنى گوللىنىپ كەتكەن ئۇ كىشىلەر بىزنىڭ ئۇلارغا مال - دۇنيا ۋە ئەۋلادلارنى بېرىشىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىمىزدا ھۆرمەتلىك ۋە ئىززەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بېرىلدى دەپ قارامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق دەپ قارىمىسۇن، ئىش ھەرگىز ئۇلار ئۆزلىرىنى: ﴿«بىزنىڭ ماللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز ئەڭ كۆپ، بىز ئازابلانمايمىز»﴾[3] دەپ ئويلىغاندەك ئەمەس. ھەقىقەتەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارىشىدا خاتالاشتى. بىزنىڭ ئۇلارغا مال - دۇنيا ۋە ئەۋلادلارنى بېرىشىمىز پەقەت ئۇلارنى ئاستا - ئاستا گۇمراھلىق يولىدا چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە مۆھلەت بېرىش ئۈچۈندۇر.

﴿ئۇلار ئۇقمايدۇ﴾ اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى ۋە ئەۋلادى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، اللہ ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ﴾[4]، ﴿ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشىمىز (ۋە ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈشىمىز) پەقەت ئۇلارنىڭ

---

(1) تارىق سۈرىسى 17 - ئايەت.
(2) ھىجر سۈرىسى 3 - ئايەت.
(3) سەبەئ سۈرىسى 35 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) تەۋبە سۈرىسى 55 - ئايەت.

گۇناھىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلار (ئاخىرەتتە) خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1]، ﴿بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلارنى ماڭا قويۇۋەتكىن، ئۇلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا ـ ئاستا ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىمىز، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ تەدبىرىم پۇختىدۇر﴾[2]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) مەن تەنھا ياراتقان كىشىنى (يەنى ۋەلىد ئىبن مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت، ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال بەردىم، ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم، ئۇنىڭ ئابروينى ئۈستۈردۈم، ئاندىن ئۇ يەنە كۆپ بېرىشىمنى تەمە قىلىدۇ، ياق، (يەنى ئۇنىڭ خالىغىنى بولمايدۇ)، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى﴾[3]، ﴿ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار (جەننەتنىڭ) ئېسىل ئۆيلىرىدە (ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تۇرىدۇ﴾[4] بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ هُم مِّنْ خَشْيَةِ رَبِّهِم مُّشْفِقُونَ ﴿٥٧﴾ وَٱلَّذِينَ هُم بِـَٔايَـٰتِ رَبِّهِمْ يُؤْمِنُونَ ﴿٥٨﴾ وَٱلَّذِينَ هُم بِرَبِّهِمْ لَا يُشْرِكُونَ ﴿٥٩﴾ وَٱلَّذِينَ يُؤْتُونَ مَآ ءَاتَوا۟ وَّقُلُوبُهُمْ وَجِلَةٌ أَنَّهُمْ إِلَىٰ رَبِّهِمْ رَٰجِعُونَ ﴿٦٠﴾ أُو۟لَـٰٓئِكَ يُسَـٰرِعُونَ فِى ٱلْخَيْرَٰتِ وَهُمْ لَهَا سَـٰبِقُونَ ﴿٦١﴾

ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققۇچى كىشىلەر﴿57﴾. پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنگۈچى كىشىلەر﴿58﴾. پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەر﴿59﴾. سەدىقە بېرىدىغان ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر﴿60﴾. ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلاردۇر، ياخشى ئىشلارنى (باشقىلارنىڭ) ئالدىدا قىلىشقا تىرىشقۇچىلاردۇر﴿61﴾.

## ياخشى كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى

**الله** تائالا ياخشى كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققۇچى كىشىلەر﴾** يەنى ئۇلار **الله** تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش، ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىش بىلەن بىرگە، **الله** تائالادىن قورقىدۇ ۋە **الله** تائالانىڭ ئۆزلىرىنى ئازدۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرىدۇ. ھەسەن بەسرى بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: مۆمىن ھەم ياخشىلىق قىلىدۇ ھەم **الله** تائالادىن قورقۇپ تۇرىدۇ. كاپىر ھەم يامانلىق قىلىدۇ ھەم خاتىرجەم يۈرىدۇ.

**﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنگۈچى كىشىلەر﴾** يەنى ئۇلار **الله** تائالانىڭ كائىنات ۋە

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 178 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) قەلەم سۈرىسى 44 ـ 45 ـ ئايەتلەر.
(3) مۇددەسسىر سۈرىسى 11 ـ 16 ـ ئايەتكىچە.
(4) سەبەئ سۈرىسى 37 ـ ئايەت.

شەرىئەت ئەھكاملىرى توغرىسىدىكى ئايەتلىرىگە ئىشەنگۈچىلەردۇر. **اللە** تائالا مەريەم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ھەمدە ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ نومۇسىنى ساقلىدى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە (نازىل قىلغان) كىتابلىرىنى تەستىق قىلدى ۋە **اللە** غا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى﴾[1] يەنى مەريەم ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ **اللە** تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدىغانلىقىغا، ئەگەر **اللە** تائالا يولغا قويغان ئىش بۇيرۇق بولسا، ئۇنىڭ **اللە** تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلاردىن ئىكەنلىكىگە، ئەگەر **اللە** تائالا يولغا قويغان ئىش چەكلەش بولسا، ئۇنىڭ **اللە** تائالا يامان كۆرىدىغان ۋە رازى بولمايدىغان ئىشلاردىن ئىكەنلىكىگە، ئەگەر **اللە** تائالا يولغا قويغان ئىش ياخشى بىر ئىش بولسا، ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.

﴿**پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەر**﴾ يەنى ئۇلار **اللە** تائالاغا قوشۇپ باشقا بىرسىگە ئىبادەت قىلماستىن، بەلكى **اللە** تائالاغىلا ئىبادەت قىلىدۇ. **اللە** تائالانى بىر دەپ قارايدۇ. **اللە** تائالانى ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ، ئۆزىگە ئايال ۋە بالا تۇتمىغان، ھەممە مەخلۇقاتلار ئۇنىڭغا موھتاج بولغان، ئۇنىڭ ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى بولمىغان بىر زاتتۇر دەپ بىلىدۇ.

﴿**سەدىقە بېرىدىغان ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر**﴾ يەنى ئۇلار سەدىقە ۋە ماللىرىنىڭ زاكاتلىرىنى بەرسىمۇ، ئەمما سەدىقە ۋە زاكات بېرىشنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلالىغاندىمىزمۇ دەپ ئەنسىرەپ، بەرگەن سەدىقە ۋە زاكاتلىرىنىڭ **اللە** تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولماسلىقىدىن قورقۇپ تۇرىدۇ. بۇ پەقەت ئېھتىيات يۈزىسىدىن بولغان قورقۇشتۇر.

ئىمام ئەھمەد بۇ ھەقتە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئى **اللە** تائالانىڭ پەيغەمبىرى! **اللە** تائالانىڭ: ﴿**سەدىقە بېرىدىغان ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر**﴾ دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان كىشىلەر ئوغرىلىق ياكى زىنا قىلىدىغان ۋە ھاراق ئىچىپ، ئاندىن **اللە** تائالادىن قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى! ئى سىددىقنىڭ قىزى! ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ ۋە سەدىقە بېرىپ تۇرۇپ **اللە** تائالادىن قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر» دېدى.

بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ئەبۇھاتەملەرمۇ رىۋايەت قىلغان. لېكىن ھەدىس بۇلارنىڭ قىلغان رىۋايىتىدە: «ئى ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى! ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ناماز ئوقۇيدىغان، روزا تۇتىدىغان ۋە سەدىقە بېرىدىغان، لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزلىرىدىن قوبۇل بولماسلىقىدىن قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار يەنە: ﴿**ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلاردۇر، ياخشى ئىشلارنى (باشقىلارنىڭ) ئالدىدا قىلىشقا تىرىشقۇچىلاردۇر**﴾ دەپ سۈپەتلەندى» دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى ۋە ھەسەنبەسرى قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنداق دېدى.

(1) تەھرىم سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

*******

وَلَا نُكَلِّفُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا ۖ وَلَدَيْنَا كِتَٰبٌ يَنطِقُ بِٱلْحَقِّ ۚ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ ﴿٦٢﴾ بَلْ قُلُوبُهُمْ فِى غَمْرَةٍ مِّنْ هَٰذَا
وَلَهُمْ أَعْمَٰلٌ مِّن دُونِ ذَٰلِكَ هُمْ لَهَا عَٰمِلُونَ ﴿٦٣﴾ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَخَذْنَا مُتْرَفِيهِم بِٱلْعَذَابِ إِذَا هُمْ يَجْـَٔرُونَ ﴿٦٤﴾ لَا
تَجْـَٔرُوا۟ ٱلْيَوْمَ ۖ إِنَّكُم مِّنَّا لَا تُنصَرُونَ ﴿٦٥﴾ قَدْ كَانَتْ ءَايَٰتِى تُتْلَىٰ عَلَيْكُمْ فَكُنتُمْ عَلَىٰٓ أَعْقَٰبِكُمْ تَنكِصُونَ ﴿٦٦﴾
مُسْتَكْبِرِينَ بِهِۦ سَٰمِرًا تَهْجُرُونَ ﴿٦٧﴾

بىز ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان (ئىش) قىلا تەكلىپ قىلىمىز، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقنى سۆزلەيدىغان كىتاب (يەنى بەندىلەرنىڭ ياخشى - يامان ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن نامە - ئەمال) بار، ئۇلارغا (ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىش ياكى ئازابىنى ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن) قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴿62﴾. ئۇلار (يەنى گۇناھكار كۇففارلار) نىڭ دىللىرى بۇنىڭدىن (يەنى قۇرئاندىن) غەپلەتتىدۇر، ئۇنىڭدىن (يەنى كۇفرىدىن) باشقا ئۇلار كېلەچەكتە نۇرغۇن (يامان) ئىشلارنى قىلىدۇ﴿63﴾. ئۇلارنىڭ بايلىرىنى ئازاب بىلەن جازالىغان ۋاقتىمىزدا ناگاھ ئۇلار پەرياد قىلىدۇ﴿64﴾. (ئۇلارغا ئېيتىلىدۇ) «بۈگۈن پەرياد قىلماڭلار، ھەقىقەتەن سىلەر بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشەلمەيسىلەر»﴿65﴾. مېنىڭ ئايەتلىرىم سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلەتتى، (ئۇنى ئاڭلاشتىن يۈز ئۆرۈپ) ئارقاڭلارغا چېكىنىۋالاتتىڭلار﴿66﴾. ئۇلار ھەرەم ئەھلى بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىپ ئىماندىن يۈز ئۆرۈيدۇ، كەچلىك پاراڭلىرىدا يامان سۆزلەرنى قىلىدۇ، (يەنى قۇرئانغا تەنە قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆكىدۇ)﴿67﴾.

## اللہ تائالانىڭ ئادىللىقىنىڭ بايانى ۋە كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرى

اللہ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئادىللىقىدىن، دۇنيادا بەندىلىرىگە يولغا قويۇپ بەرگەن ھۆكۈملىرىدە ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇمىغانلىقىدىن ۋە قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى) قىلمىشلىرىدىن كىچىككىنىمۇ بىر نەرسىنى قاچۇرۇپ قويمايدىغان، بەندىلەرنىڭ بارلىق قىلمىشلىرى خاتىرىلەنگەن كىتابتا يېزىلغانلىرىدىنلا ھېساب ئالىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دېدى: **﴿بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقنى سۆزلەيدىغان كىتاب (يەنى بەندىلەرنىڭ ياخشى - يامان ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن نامە - ئەمال) بار﴾** يەنى بەندىلەرنىڭ ياخشى - يامان ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن كىتاب بار.

**﴿ئۇلارغا (ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىش ياكى ئازابىنى ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن) قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەل - ئىبادەتلىرىدىن كىچىككىنىمۇ كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ. ئەمما مۆمىن بەندىلەرنىڭ قىلىپ سالغان كۆپلىگەن يامان ئىشلىرى كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

ئاندىن اللہ تائالا كاپىرلارنى ۋە قۇرەيشنىڭ مۇشرىكلىرىنى تەنقىتلەپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار (يەنى گۇناھكار كۇففارلار) نىڭ دىللىرى بۇنىڭدىن (يەنى قۇرئاندىن) غەپلەتتىدۇر﴾** يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرى اللہ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن قۇرئاندىن غەپلەتتىدۇر.

**﴿ئۇنىڭدىن (يەنى كۇفرىدىن) باشقا ئۇلار كېلەچەكتە نۇرغۇن (يامان) ئىشلارنى قىلىدۇ﴾** بۇ

ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەكەم ئىبنى ئابان ئىكرىمەدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ بۇ شېرىك كەلتۈرۈشى ۋە كۇپۇرلۇقىدىن باشقا، كەلگۈسىدە چوقۇم قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان يامان ئىشلىرى بار.

باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلارنىڭ ئازابقا لايىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆلۈشتىن بۇرۇن قىلىشى چوقۇم بولغان نۇرغۇنلىغان يامان ئىشلار ئۇلارغا پۈتۈلۈپ كەتتى.

مۇقاتىل ئىبنى ھايىيان، سۇددى ۋە ئابدۇرراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم قاتارلىقلاردىنمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنداق رىۋايەت قىلىندى. بۇمەنە بۇئايەتكە بېرىلگەن مەنىلەرنىڭ توغرىسى ۋە ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىندى: «ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەھلى جەننەتنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ، تاكى ئۇنىڭ بىلەن جەننەت ئارىلىقى بىر گەز قالغاندا، ئۇنىڭغا پۈتۈلگىنى ئىلگىرى كېلىپ، ئەھلى دوزىخنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ ـ دە، دوزاخقا كىرىدۇ ۋە سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەھلى دوزىخنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ، تاكى ئۇنىڭغا بىر گەز قالغاندا، ئۇنىڭغا پۈتۈلگىنى ئىلگىرى كېلىپ، ئەھلى جەننەتنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ ـ دە، جەننەتكە كىرىدۇ». بۇ ئۇزۇن بىر ھەدىسنىڭ ئاخىرقى قىسمىدۇر.

﴿**ئۇلارنىڭ بايلىرىنى ئازاب بىلەن جازالىغان ۋاقتىمىزدا**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى باياشات تۇرمۇشتا ياشاۋاتقان بەختلىك كىشىلەرگە **الله** تائالانىڭ ئازابى ۋە ئىنتىقام ئېلىشى كەلگەن ۋاقىتدا، ﴿**ناگاھ ئۇلار پەرياد قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار (ئازابنى كۆرۈپ) پەرياد قىلىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ ئايەتلىرىمنى) ئىنكار قىلغۇچى دۆلەتمەنلەرنى ماڭا قويۇۋەتكىن (يەنى ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئۆزەم بېرىمەن)، ئۇلارغا ئازغىنا مۆھلەت بەرگىن، شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ئۇلارغا) ئېغىر ئىشكەللەر ۋە (كۆيدۈرگۈچى) دوزاخ بار، (زەققۇم، زەرىدىن ئىبارەت) گالدىن ئۆتمەيدىغان تاماق ۋە قاتتىق ئازاب بار﴾[1]، ﴿ئۇلاردىن ئىلگىرى (كۇفرى تۈپەيلىدىن) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلار (ئازابنى كۆرگەندە) پەرياد قىلدى، ھالبۇكى، (بۇ) قاچىدىغان ۋاقىت ئەمەس﴾[2].

﴿**(ئۇلارغا ئېيتىلىدۇ) «بۈگۈن پەرياد قىلماڭلار، ھەقىقەتەن سىلەر بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشەلمەيسىلەر»**﴾ يەنى سىلەر مەيلى پەرياد چېكىڭلار ياكى چەكمەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىسىز. سىلەرنى سىلەرگە كەلگەن ئازابدىن ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايدۇ. سىلەرگە بۇ ئازابنى تېتىشتىن باشقا ھېچقانداق ئامال يوق. بۇ سىلەرگە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئازابدۇر.

ئاندىن **الله** تائالا ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن ئەڭ چوڭ جىنايىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**مېنىڭ ئايەتلىرىم سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلەتتى، (ئۇنى ئاڭلاشتىن يۈز ئۆرۈپ) ئارقاڭلارغا چېكىنىۋالاتتىڭلار**﴾ يەنى ئۇلار شۇ ئايەتلەر تەرىپىگە چاقىرىلسا، ئۇنىڭدىن باش تارتتى. ﴿بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، سىلەر **الله** نى بىر دەپ بىلىشكە چاقىرىلغاندا (بۇنى) ئىنكار قىلدىڭلار، ئەگەر **الله** غا شېرىك كەلتۈرۈلسە (يەنى لات،

(1) مۇزەممىل سۈرىسى 11 ـ 13 ـ ئايەتكىچە.
(2) ساد سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

ئۇزرا قاتارلىق بۇتلارغا چوقۇنۇشقا چاقىرىلساڭلار) ئۇنى تەستىق قىلىسىلەر (يەنى ئۇلارنىڭ ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىلەر)، ھۆكۈم يۈكسەك، بۈيۈك اللە غا خاستۇر﴾[1].

﴿ئۇلار ھەرەم ئەھلى بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىپ ئىماندىن يۈز ئۆرۈيدۇ، كەچلىك پاراڭلىرىدا يامان سۆزلەرنى قىلىدۇ﴾ يەنى ئۇلار كەبە بىلەن پەخىرلىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى كەبىنىڭ ئىگىلىرى دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەستۇر.

نەسەئى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، كېچىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش يامان كۆرۈلىدىغان بولدى. قۇرەيشلىكلەر ئۆزلىرىنى كەبىنىڭ ئىگىلىرى دەپ كەبە بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كېچىدە پاراڭلىشاتتى، لېكىن ئۇلار كەبىنى (ياساپ) ئاۋاتلاشتۇرماي تاشلىۋەتكەن ئىدى.

*******

أَفَلَمۡ يَدَّبَّرُواْ ٱلۡقَوۡلَ أَمۡ جَآءَهُم مَّا لَمۡ يَأۡتِ ءَابَآءَهُمُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٦٨﴾ أَمۡ لَمۡ يَعۡرِفُواْ رَسُولَهُمۡ فَهُمۡ لَهُۥ مُنكِرُونَ ﴿٦٩﴾
أَمۡ يَقُولُونَ بِهِۦ جِنَّةُۢۚ بَلۡ جَآءَهُم بِٱلۡحَقِّ وَأَكۡثَرُهُمۡ لِلۡحَقِّ كَٰرِهُونَ ﴿٧٠﴾ وَلَوِ ٱتَّبَعَ ٱلۡحَقُّ أَهۡوَآءَهُمۡ لَفَسَدَتِ
ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهِنَّۚ بَلۡ أَتَيۡنَٰهُم بِذِكۡرِهِمۡ فَهُمۡ عَن ذِكۡرِهِم مُّعۡرِضُونَ ﴿٧١﴾ أَمۡ
تَسۡـَٔلُهُمۡ خَرۡجٗا فَخَرَاجُ رَبِّكَ خَيۡرٞۖ وَهُوَ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿٧٢﴾ وَإِنَّكَ لَتَدۡعُوهُمۡ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٧٣﴾ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ
لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ عَنِ ٱلصِّرَٰطِ لَنَٰكِبُونَ ﴿٧٤﴾ ۞ وَلَوۡ رَحِمۡنَٰهُمۡ وَكَشَفۡنَا مَا بِهِم مِّن ضُرّٖ لَّلَجُّواْ فِي
طُغۡيَٰنِهِمۡ يَعۡمَهُونَ ﴿٧٥﴾

ئۇلار (ھەق) كالام (يەنى ئۇلۇغ قۇرئان) ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر قىلمىدىمۇ؟ ياكى ئۇلارغا اللە تەرىپىدىن ئاتا - بوۋىلىرىغا كەلمىگەن (يېڭى) نەرسە كەلدىمۇ؟﴿68﴾ ياكى ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ئەلچىنى تونۇماي ئۇنى ئىنكار قىلىۋاتامدۇ؟﴿69﴾ ياكى ئۇلار ئۇنى مەجنۇن دېيىشەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغا ئۇ ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتنى يامان كۆرىدۇ﴿70﴾. ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراپ بولغان بولاتتى، ئۇنداق بولغىنى يوق، ئۇلارغا (ۋەز - نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە (ۋەز - نەسىھەت بولغان) قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدۇ﴿71﴾. ياكى سەن ئۇلاردىن (ئەلچىلىكنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە) ھەق تەلەپ قىلامسەن؟ (يەنى ئۇلار شۇنداق گۇمان قىلامدۇ؟) پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) ئەجرى ياخشىدۇر، اللە رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر﴿72﴾. سەن ئەلۋەتتە ئۇلارنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىسەن﴿73﴾. ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ھەقىقەتەن توغرا يولدىن چەتنىگۈچىلەردۇر﴿74﴾. ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) غا رەھىم قىلساق، ئۇلارغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، چوقۇم گۇمراھلىقلىرىدا داۋاملىق تېڭىرقاپ يۈرۈشەتتى﴿75﴾.

(1) غافىر سۈرىسى 12 - ئايەت.

# مۇشرىكلارغا بېرىلگەن رەددىيە ۋە ئۇلارنى ئەيىبلەش

**﴿ئۇلار (ھەق) كالام (يەنى ئۇلۇغ قۇرئان) ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر قىلمىدىمۇ؟ ياكى ئۇلارغا الله تەرىپىدىن) ئاتا ـ بوۋىلىرىغا كەلمىگەن (يېڭى) نەرسە كەلدىمۇ؟﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ الله تەرىپىدىن ھېچبىر پەيغەمبەرگە قۇرئاندەك مۇكەممەل ۋە شەرەپلىك بىر كىتاب چۈشۈرۈلمىگەن، ھەتتا ھېچقانداق بىر كىتاب ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ يۈزىنى كۆرمەي ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلىرى ئېرىشەلمىگەن كىتاب بولغان قۇرئانغا ئېرىشكەن تۇرۇپ، قۇرئاننى چۈشەنمىگەنلىكى، ئۇ توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزمىگەنلىكى ۋە ئۇنى تىڭشاشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا كايىدى. ئەسلىدە، بۇلارنىڭمۇ خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىلىرىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، ئەگەشكەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزلىرىدىن خۇرسەن قىلغاندەك، الله تائالا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان بۇ نېمەتنى خۇشاللىقچە قوبۇل قىلىپ، ئۇنى چۈشىنىپ، بېرىلگەن بۇ نېمەتكە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن كېچىمۇ ـ كۈندۈز قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش تۇتۇشى لازىم ئىدى.

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر كىشىلەر قۇرئاننى ياخشى چۈشەنسە ۋە ئۇ توغرىسىدا ياخشى پىكىر يۈرگۈزسە، ئۇلار قۇرئاننىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا يامان بولىدىغان ئىشلاردىن توسقانلىقىنى بىلەلەيدۇ. لېكىن، ئۇلار قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى مەنىسى ئوچۇق بولمىغان (يەنى مۇتەشابىھ) ئايەتلەرگە ئېسىلىۋالدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھالاك بولىدۇ.

ئاندىن الله تائالا قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرىغا كايىپ مۇنداق دېدى: **﴿ياكى ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ئەلچىنى تونۇماي، ئۇنى ئىنكار قىلىۋاتامدۇ؟﴾** يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدە راستچىل، ئىشەنچلىك ۋە ئېپپەتلىك سۈپەتلىرى بىلەن تونۇلۇپ ئۆسكەن مۇھەممەدنى تونۇمايۋاتامدۇ؟ ئۇ كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلالامدۇ؟

شۇڭا جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى بولغان نەجاشىغا مۇنداق دېدى: ئى پادىشاھ! شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا بىزگە نەسەبىنى، راستچىللىقىنى ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىدىغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى.

مۇغىرە ئىبنى شۇئبەمۇ كىسرانىڭ ئادىمى بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىش ئۈچۈن مەيدانغا چۈشكەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەن. رۇمنىڭ پادىشاھى بولغان ھىرەقل ئەبۇسۇفيان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن سورىغان ۋاقتىدا، ئەبۇسۇفيانمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىنىڭ ئېسىللىقىنى، ئۇنىڭ راستچىل ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئەبۇسۇفيان بۇ ۋاقىتتا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى راستچىللىق ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۈپەتلىرىنىڭ (بىرەرسىنىمۇ يوشۇرۇپ قالماي) ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلىپ، راست سۆزلەشكە مەجبۇر قىلغان.

**﴿ياكى ئۇلار ئۇنى مەجنۇن دېيىشەمدۇ؟﴾** الله تائالانىڭ بۇ ئايىتى كۆپ ساندىكى مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا سۆز قىلىپ: ئۇ قۇرئاننى ئۆزىنىڭ يېنىدىن توقۇپ چىققان ياكى

ئۇ ئېلىشىپ قالغان، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ـ دەيدىغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ قۇرئانغا ئىمان ئېيتىشقا بارمايدىغانلىقىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ قۇرئان توغرىسىدىكى بۇ سۆزلىرىنىڭ ھەق سۆز ئەمەسلىكىنى بىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى، قۇرئان ئۇلارغا كەلگەن (قارشىلىق كۆرسىتىش مۇمكىن بولمايدىغان) **الله** تائالانىڭ سۆزىدۇر. چۈنكى، قۇرئان ئۇلاردىن ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەردىن بىر سۈرىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ئۇلار ئۇنى كەلتۈرەلمىدى ھەم مەڭگۈ كەلتۈرەلمەيدۇ.

شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغا ئۇ ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتنى يامان كۆرىدۇ**﴾.

## ھەقىقەتنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلەرگە بويسۇنمايدىغانلىقى

﴿**ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراپ بولغان بولاتتى**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد، ئەبۇسالىھ ۋە سۇددى قاتارلىقلار: ئايەتتىكى "ھەقىقەت" دېگەن سۆزدىن **الله** تائالا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. يەنى مۇبادا **الله** تائالا ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنۇپ، بارلىق ئەھكاملارنى شۇ بويىچە يولغا قويىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرى بۇزۇق ۋە بىرىنىڭ يەنە بىرىگە ئوخشىمايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ﴿**ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراپ بولغان بولاتتى**﴾.

**الله** تائالا ئىنسانلارنىڭ خاھىشلىرىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر (يەنى مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى﴾[1].

ئاندىن **الله** تائالا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟﴾[2]، ﴿«ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا، چىقىمدىن (يەنى تۈگەپ كېتىشىدىن) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، ئىنسان بېخىل كېلىدۇ» دېگىن﴾[3]، ﴿ياكى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقتىن نېسىۋىسى بارمۇ؟ (ھېچقانداق نېسىۋىسى يوق) ئەگەر بولىدىغان بولسا (زىيادە بېخىللىقتىن) ئۇلار كىشىلەرگە قىلچىلىك نەرسە بەرمەيدۇ﴾[4].

بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى بەندىلەرنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنىڭ ۋە خاھىشلىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى، ئەمما **الله** تائالا بولسا، ئۆزىنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىدە، سۆزلىرىدە، قىلمىشلىرىدا، يولغا قويغان ھۆكۈملىرىدە، بېكىتكەن ئىشلىرىدا ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدا كامالەتكە يەتكەن بىر زات ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. **الله** تائالا بارلىق كەمچىلىكلەردىن پاكتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ ۋە پەرۋەردىگار يوقتۇر. ﴿**ئۇنداق بولغىنى يوق، ئۇلارغا**



(1) زۇخرۇف سۈرىسى 31 ـ ئايەت.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئىسرا سۈرىسى 100 ـ ئايەت.
(4) نىسا سۈرىسى 53 ـ ئايەت.

**(ۋەز ـ نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە (ۋەز ـ نەسىھەت بولغان) قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدۇ﴾**.

## پەيغەمبەرنىڭ ھەق تەلەپ قىلماستىن توغرا يولغا چاقىرىدىغانلىقى

**﴿ياكى سەن ئۇلاردىن (ئەلچىلىكنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە) ھەق تەلەپ قىلامسەن؟ (يەنى ئۇلار شۇنداق گۇمان قىلامدۇ؟) پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) ئەجرى ياخشىدۇر﴾** يەنى سەن ئۇلارنى توغرا يولغا چاقىرغانلىقىڭغا (ئۇلاردىن) كىچىككىنىمۇ ھەق تەلەپ قىلمايسەن. بەلكى، سەن بۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ناھايىتى كۆپ مۇكاپاتقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىسەن.

پەيغەمبەرنىڭ ھەق تەلەپ قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئېيتقىنكى، «سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلغىنىم يوق، ئۇ سىلەرگە بولسۇن؛ ئەجرىمنى پەقەت الله دىن تىلەيمەن. الله ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»﴾[1]، ﴿ئېيتقىنكى، «(الله تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن (قۇرئاننى ئۆزۈمچە) ئويدۇرۇپ چىقارغۇچىلاردىن (يەنى يالغاندىن توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن﴾[2]، ﴿«(پەيغەمبەرلىكنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مېنى دوست تۇتۇشۇڭلارنى (يەنى پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈشۈمگە چېقىلماسلىقىڭلارنى) تىلەيمەن» دېگىن﴾[3]، ﴿شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن بىر كىشى (يەنى ھەبىب نەجار) يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار، توغرا يولدا بولغان، (ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا) سىلەردىن ھەق سورىمايدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار﴾[4].

**﴿سەن ئەلۋەتتە ئۇلارنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىسەن، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ھەقىقەتەن توغرا يولدىن چەتنىگۈچىلەردۇر﴾** ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق بىر چۈش كۆرگەن: ئۇنىڭ يېنىغا ئىككى پەرىشتە كېلىپ، بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىدا، يەنە بىرى بېشىدا ئولتۇرىدۇ. ئايىغىدا ئولتۇرغان پەرىشتە بېشىدا ئولتۇرغىنىغا: بۇنىڭ بىلەن بۇنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن بىر مىسال كەلتۈرەمسەن؟ ـ دەيدۇ. بېشىدا ئولتۇرغان پەرىشتە مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭ بىلەن بۇنىڭ ئۈممىتىنىڭ مىسالى سەپەر ئۈستىدىكى بىر قەۋمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار (سەپەر قىلىپ) بىپايان كەتكەن بىر چۆلگە بېرىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوزۇقى ئۇ چۆلنى كېسىپ ئۆتۈش ۋە ياكى ئۇ يەردىن ئارقىغا قايتىپ كېلىشكە يەتمەيدۇ. ئۇلار شۇنداق تۇرغان بىر پەيتتە، يوللۇق پاختا رەختتىن چىرايلىق كىيىم كىيگەن بىر كىشى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئېيتىپ بېقىڭلار، ئەگەر مەن سىلەرنى ھەممە مېۋە تېپىلىدىغان بىر باغقا ۋە تاتلىق سۈيى بار بىر كۆلگە باشلاپ بارسام، ماڭا ئەگىشەمسىلەر؟ ـ دەيدۇ. ئۇلار: ئەگىشىمىز، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى ئۇلارنى ھەممە مېۋە تېپىلىدىغان بىر باغقا ۋە تاتلىق سۈيى بار بىر كۆلگە باشلاپ ئاپىرىدۇ. ئۇلار (ئۇ يەردە) يەپ ـ ئىچىپ سەمرىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى ئۇلارغا: (مەن

---

(1) سەبەئ سۈرىسى 47 ـ ئايەت.
(2) ساد سۈرىسى 86 ـ ئايەت.
(3) شۇرا سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ياسىن سۈرىسى 20 ـ 21 ـ ئايەتلەر.

سىلەرگە سىلەر ئاشۇ ھالىتىڭلاردا تۇرغاندا، ئۇچرىشىپ: سىلەرنى ھەممە مېۋە تېپىلىدىغان بىر باغقا ۋە تاتلىق سۈيى بار بىر كۆلگە باشلاپ بارسام، ماڭا ئەگىشەمسىلەر؟ ـ دېسەم) سىلەر ماڭا ئەگىشىپ كېلەمدىڭلارمۇ؟ ـ دەيدۇ. ئۇلار: شۇنداق قىلىدۇق، ـ دەيدۇ. ئۇ كىشى: ئۇنداق بولسا، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا مېۋىسى بۇنىڭدىنمۇ مول بولغان بىر باغ، سۈيى بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق بولغان بىر كۆل بار، (مەن سىلەرنى شۇ يەرگە باشلاپ ئېلىپ باراي) ماڭا ئەگىشىڭلار، ـ دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسمىلىرى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ راست سۆزلەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا ئەگىشىمىز، ـ دەيدۇ. يەنە بىر قىسمىلىرى: بىز مۇشۇنىڭغا رازى بولدۇق. بىز مۇشۇ يەردە قېلىپ قالىمىز، ـ دەيدۇ.

## كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى

**﴿ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ھەقىقەتەن توغرا يولدىن چەتنىگۈچىلەردۇر. ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) غا رەھىم قىلساق، ئۇلارغا كەلگەن كۆلپەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، چوقۇم گۇمراھلىقلىرىدا داۋاملىق تېڭىرقاپ يۈرۈشەتتى﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ ئەگەر الله تائالا (ئۇلاردىن) ئۇلارغا كەلگەن كۆلپەتنى كۆتۈرۈۋەتكەن ۋە ئۇلارغا قۇرئاننى چۈشەندۈرگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا الله تائالاغا بويسۇنمايدىغان، ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقلىرىدا، تەرسالىقلىرىدا ۋە ئازغۇنلىقلىرىدا داۋاملىشىۋېرىدىغان دەرىجىدە ئېزىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر الله ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقنى) ئاڭلىتاتتى؛ ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەقتىن ئەلۋەتتە يۈز ئۆرۈگەن ھالدا باش تارتاتتى﴾[1]، ﴿ئەگەر ئۇلارنى دوزاخ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (دەھشەتلىك بىر ھالنى كۆرەتتىڭ). ئۇلار: «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دەيدۇ، ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى يوشۇرغان ئىشلىرى (قەبىھ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن شۇنداق ئارزۇ قىلىشىدۇ) ئۇلارغا ئاشكارا بولدى، ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئىمان ئېيتاتتۇق دېگەن ۋەدىسىدە) يالغانچىلاردۇر، ئۇلار: «ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلمەيمىز» دەيدۇ﴾[2] بۇ، الله تائالانىڭ تېخى بولمىغان ئىشلارنى (ئەگەر بولسا قانداق يوسۇندا بولىدىغانلىقىنى) بىلگەنلىكىدىندۇر.

*******

وَلَقَدْ أَخَذْنَـٰهُم بِٱلْعَذَابِ فَمَا ٱسْتَكَانُوا۟ لِرَبِّهِمْ وَمَا يَتَضَرَّعُونَ ﴿٧٦﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا فَتَحْنَا عَلَيْهِم بَابًا ذَا عَذَابٍ
شَدِيدٍ إِذَا هُمْ فِيهِ مُبْلِسُونَ ﴿٧٧﴾ وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَنشَأَ لَكُمُ ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَـٰرَ وَٱلْأَفْـِٔدَةَ ۚ قَلِيلًا مَّا تَشْكُرُونَ
﴿٧٨﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى ذَرَأَكُمْ فِى ٱلْأَرْضِ وَإِلَيْهِ تُحْشَرُونَ ﴿٧٩﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى يُحْىِۦ وَيُمِيتُ وَلَهُ ٱخْتِلَـٰفُ ٱلَّيْلِ
وَٱلنَّهَارِ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٨٠﴾ بَلْ قَالُوا۟ مِثْلَ مَا قَالَ ٱلْأَوَّلُونَ ﴿٨١﴾ قَالُوٓا۟ أَءِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَابًا

(1) ئەنفال سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 27 ـ 29 ـ ئايەتكىچە.

وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَبۡعُوثُونَ ﴿٨٢﴾ لَقَدۡ وُعِدۡنَا نَحۡنُ وَءَابَآؤُنَا هَٰذَا مِن قَبۡلُ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٨٣﴾

ئۇلارنى بىز ھەقىقەتەن ئازاب (يەنى قەھەتچىلىك) بىلەن جازالىدۇق، ئۇلار پەرۋەردىگارىغا بويسۇنمىدى، ئىلتىجا قىلىپ دۇئامۇ قىلمىدى﴿76﴾. تاكى ئۇلارغا قاتتىق ئازابنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان چېغىمىزدا ناگاھان ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ﴿77﴾. **الله** سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە دىللارنى ياراتتى، سىلەر ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر﴿78﴾. **الله** سىلەرنى زېمىندا (نەسىللەندۈرۈش يولى بىلەن) ياراتتى، (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر﴿79﴾. **الله** (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرىدۇ، (تىرىكنىڭ) جېنىنى ئالىدۇ، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى **الله** نىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟﴿80﴾ (ئۇلار **الله** نىڭ قۇدرىتىنى ئويلاپ كۆرمىدى) بەلكى ئۇلار بۇرۇنقىلار نېمىدېگەن بولسا شۇنى دېدى﴿81﴾. ئۇلار ئېيتتى: «بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە (ئۇۋۇلۇپ كەتكەن) سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن، چوقۇم قايتا تىرىلەمدۇق؟ ﴿82﴾ ھەقىقەتەن بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدۇق، بۇ پەقەت قەدىمكىلەردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر»﴿83﴾.

﴿**ئۇلارنى بىز ھەقىقەتەن ئازاب (يەنى قەھەتچىلىك) بىلەن جازالىدۇق**﴾ يەنى بىز ئۇلارنى مۇسىبەتلەر ۋە قەھەتچىلىكلەر بىلەن سىنىدۇق.

﴿**ئۇلار پەرۋەردىگارىغا بويسۇنمىدى، ئىلتىجا قىلىپ دۇئامۇ قىلمىدى**﴾ يەنى بۇ ئىش ئۇلارنى كاپىرلىقلىرىدىن ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشلىرىدىن ياندۇرالمىدى. ئۇلار ئازغۇنلۇقلىرىدا ۋە گۇمراھلىقلىرىدا داۋاملىشىۋەردى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇسۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! مەن سەندىن **الله** تائالانىڭ نامى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ئۆتۈنۈپ سوراي، بىز (قەھەتچىلىكتىن) يۇڭ بىلەن قاننىمۇ يېدۇق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿**ئۇلارنى بىز ھەقىقەتەن ئازاب (يەنى قەھەتچىلىك) بىلەن جازالىدۇق، ئۇلار پەرۋەردىگارىغا بويسۇنمىدى، ئىلتىجا قىلىپ دۇئامۇ قىلمىدى**﴾ بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، قۇرەيشلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەك ئاسىيلىق قىلىپ كەتكەن بىر ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەد دۇئا قىلىپ: «ئى **الله** ! ئۇلارنىڭ يەتتە يىلنى يۈسۈپنىڭ يەتتە يىلىدەك (قەھەتچىلىك) قىلىۋېتىش بىلەن ئۇلارغا قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن» دەپ تىلىگەن (شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇسۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، يۇقىرىدىكى ھەدىستە بايان قىلىنغان سۆزلەرنى قىلغان).

﴿**تاكى ئۇلارغا قاتتىق ئازابنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان چېغىمىزدا ناگاھان ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار تاكى ئۇلارغا **الله** تائالانىڭ (ئۇلارنى ئازابلاشقا بولغان) بۇيرۇقى، (قىيامەت) تۇيۇقسىز كەلگەن ۋە ئۇلارنى **الله** تائالانىڭ ئۇلار ئويلاپ باقمىغان ئازابى تۇتقان ۋاقىتتا، ھەممە ياخشىلىقلاردىن ۋە راھەت ـ پاراغەتتىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كېسىلىپ كېتىدۇ.

## اللە تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ۋە كاتتا قۇدرىتىنى ئەسلىتىش

﴿**اللە سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە دىللارنى ياراتتى**﴾ يەنى اللە تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىگە قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە دىللارنى قىلىپ بەرگەنلىكى بىلەن ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئەسلىتىدۇ. بۇلار بولسا، بىر نەرسىلەرنى ئويلاش، چۈشىنىش ۋە بىلىشنىڭ قوراللىرىدۇر. ئىنسان بۇلار بىلەن اللە تائالانىڭ كائىناتتىكى بارلىقى، بىرلىكى ۋە ئۇنىڭ خالىغانىنى قىلىدىغان زات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان مۆجىزىلەر بىلەن ئىبرەت ئالىدۇ.

﴿**سىلەر ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر**﴾ يەنى اللە تائالانىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمەتلىرى ئۈچۈن سىلەرنىڭ اللە تائالاغا شۈكرى قىلىشىڭلار نېمدېگەن ئاز؟!

﴿**اللە سىلەرنى زېمىندا (نەسىللەندۈرۈش يولى بىلەن) ياراتتى، (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر**﴾ اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ يەر شارىدا تۈرى، تىلى ۋە سۈپەتلىرى ئوخشاش بولمىغان ئىنسانلارنى ياراتقان، ئاندىن قىيامەت كۈنى بۇرۇن ۋە كېيىن ئۆتكەنلىرى بولسۇن، كىچىك ياكى چوڭ، ئەر ياكى ئايال، يۇقىرى ياكى تۆۋەن مەرتىۋىلىك كىشىلەردىن بىرىنىمۇ قويماي، ئۇلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولسا، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرۇپ، ھەممىسىنى مەلۇم بىر كۈننىڭ بىر ۋاقتىدا بىر يەرگە توپلايدىغان قۇدرىتىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**اللە (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرىدۇ، (تىرىكنىڭ) جېنىنى ئالىدۇ**﴾ يەنى اللە تائالا چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى (يەنى ئۆلۈكلەرنى) تىرىلدۈرىدۇ ۋە تىرىكلەرنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

﴿**كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى اللە نىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر**﴾ يەنى كېچە ـ كۈندۈز اللە تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنى قوغلايدۇ. ئۇلار داۋاملىق ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىغا باشقا بىرسى كىرىۋالالمايدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾[1].

﴿**چۈشەنمەمسىلەر؟**﴾ يەنى سىلەرنى ھەممە نەرسىلەرنى بويسۇندۇرغان، ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن ۋە ھەممە نەرسىلەرنى باش ئەگدۈرگەن، بارلىق نەرسىلەرنى بىلگۈچى، ئېزىز بولغان اللە تائالا تەرىپىگە باشلايدىغان ئەقلىڭلار يوقمۇ؟

## مۇشرىكلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى يىراق دەپ قارايدىغانلىقى

اللە تائالا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەر ئىنكار قىلغاندەك ئىنكار قىلغۇچىلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار اللە نىڭ قۇدرىتىنى ئويلاپ كۆرمىدى) بەلكى**

(1) ياسىن سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

**ئۇلار بۇرۇنقىلار نېمىدېگەن بولسا شۇنى دېدى، ئۇلار ئېيتتى: «بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە (ئۇۋۇلۇپ كەتكەن) سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن، چوقۇم قايتا تىرىلەمدۇق؟﴾** يەنى ئۇلار (جەسەتلىرى) چىرىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن، قايتا تىرىلىشنى يىراق دەپ قارايدۇ.

**﴿ھەقىقەتەن بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدۇق، بۇ پەقەت قەدىمكىلەردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر﴾** يەنى قايتا تىرىلىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ كىتابلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان قاراشلىرىنى ئوقۇغان كىشىلەرلا قايتا تىرىلىشتىن خەۋەر بېرىدۇ.

**الله** تائالا ئۇلارنىڭ قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ بىزنىڭ چىرىگەن سۆڭەك بولۇپ قالغان ۋاقتىمىز ئەمەسمۇ؟» ، ئۇلار ئېيتتى: «ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) زىيانلىق قايتىشتۇر (يەنى بىز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدىغان بولساق، دوزاخ ئەھلى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن زىيان تارتقۇچىلارمىز)» ، بىر سەيھە (يەنى ئىسراپىلنىڭ سۇر چېلىشى) بىلەنلا ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) (يەر ئاستىدىن) زېمىننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ﴾[1] ، ﴿ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابىمەنىدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ (پەرۋەردىگارىغا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى، ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى، ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر»﴾[2] .

*******

قُلْ لِّمَنِ ٱلْأَرْضُ وَمَن فِيهَآ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٨٤﴾ سَيَقُولُونَ لِلَّهِ ۚ قُلْ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٨٥﴾ قُلْ
مَن رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ ٱلسَّبْعِ وَرَبُّ ٱلْعَرْشِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٨٦﴾ سَيَقُولُونَ لِلَّهِ ۚ قُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٨٧﴾ قُلْ
مَنۢ بِيَدِهِۦ مَلَكُوتُ كُلِّ شَىْءٍ وَهُوَ يُجِيرُ وَلَا يُجَارُ عَلَيْهِ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٨٨﴾ سَيَقُولُونَ
لِلَّهِ ۚ قُلْ فَأَنَّىٰ تُسْحَرُونَ ﴿٨٩﴾ بَلْ أَتَيْنَٰهُم بِٱلْحَقِّ وَإِنَّهُمْ لَكَٰذِبُونَ ﴿٩٠﴾

ئېيتقىنكى، «زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلار كىمنىڭ؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)»﴿84﴾. ئۇلار: «الله نىڭ» دەيدۇ. (بۇنىڭدىن) پەند - نەسىھەت ئالمامسىلەر؟﴿85﴾. ئېيتقىنكى، «يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟»﴿86﴾. ئۇلار «الله » دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ (ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟»﴿87﴾. ئېيتقىنكى، «ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)»﴿88﴾. ئۇلار: «الله » دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «سىلەر قانداقمۇ قايمۇقتۇرۇلىسىلەر؟»﴿89﴾. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغا بىز ھەق سۆزنى ئېلىپ كەلدۇق، ئۇلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر﴿90﴾.

---

(1) نازىئات سۈرىسى 11 - 14 - ئايەتكىچە.
(2) ياسىن سۈرىسى 77 - 79 - ئايەتكىچە.

## مۇشرىكلارنىڭ الله تائالانىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلارنى الله تائالانىڭ ئىلاھلىق سۈپىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا قىستىغانلىقى

الله تائالا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە مەخلۇقاتلارنى يارىتىش، باشقۇرۇش ۋە ئىگىدارچىلىق قىلىش ئىشلىرىدا ئۇزىنىڭ ھېچ قانداق شېرىكى يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنداق قىلىشى (بەندىلەرگە) ئۆزىدىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى ۋە ئىبادەتنىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىشىنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى الله تائالانىڭ پەرۋەردىگارلىق سۈپىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇسۈپىتىگە شېرىك كەلتۈرمەيدىغان، لېكىن الله تائالانىڭ ئىلاھلىق[1] سۈپىتىگە شېرىك كەلتۈرۈپ ئىبادەت قىلغان يالغان ئىلاھلىرىنىڭ كىچىككىنىمۇ بىر نەرسىنى يارىتالمايدىغانلىقىنى ۋە بىر نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، بەلكى ئۇ ئىلاھلارنىڭ ئۆزلىرىنى الله تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ دەپ گۇمان قىلىپ، الله تائالاغا باشقا يالغان ئىلاھلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغان مۇشرىكلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇدى: ﴿**ئېيتقىنكى، «زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلار كىمنىڭ؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)»**﴾ يەنى زېمىننى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، مېۋىلەر ۋە ئۇلاردىن باشقا مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ، ئۇلارغا ئىگە بولۇپ تۇرغۇچى كىم؟

﴿**ئۇلار: «الله نىڭ» دەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىگىسىنىڭ شېرىكى يوق بىر الله تائالا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

﴿**(بۇنىڭدىن) پەند - نەسىھەت ئالمامسىلەر؟**﴾ يەنى ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئىبادەت ھەممە نەرسىلەرنى ياراتقان ۋە ئۇلارنى ئوزۇقلاندۇرۇپ تۇرىدىغان الله تائالاغىلا لايىق بولىدۇ.

﴿**ئېيتقىنكى، «يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟»**﴾ يەنى ئۈستۈن ئالەملەرنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلارنى ۋە قەيەردە بولسۇن، ئۆزىگە بويسۇنغۇچى پەرىشتىلەرنى ياراتقان زات ۋە كاتتا ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟

الله تائالا بۇ يەردە ئەرشنىڭ كاتتا ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ سۈرىنىڭ ئايىغىدا ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن ئەرشنىڭ كەڭ، ئېگىز ۋە چىرايلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى كىشىلەر: ئەرش قىزىل ياقۇتتىندۇر، - دېدى. ئىبنى مەسئۇد: پەرۋەردىگارىمىزنىڭ قېشىدا كېچە ياكى كۈندۈز بولمايدۇ. ئەرشنىڭ نۇرى ئۇنىڭ نۇرىدىندۇر، - دېدى.

﴿**ئۇلار «الله » دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ (ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟»**﴾ يەنى سىلەر الله

(1) الله تائالانىڭ پەرۋەردىگارلىق سۈپىتى دېگىنىمىز، ئۇنىڭ ئاسمان - زېمىنلارنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالانىڭ ئىلاھلىق سۈپىتى دېگىنىمىز، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلارنىڭ ئىبادىتىگە ئۆزىنىڭلا لايىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشرىكلار الله تائالانىڭ ئاسمان - زېمىنلارنى ئىدارە قىلغۇچى زات ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭدا الله تائالانىڭ ھېچ بىر شېرىكىنىڭ يوقلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئەمما ئۇلار ئىبادەت قىلىنىشقا الله تائالانىڭلا لايىق زات ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشماي، الله تائالاغا باشقا ئىلاھلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلاتتى.

تائالانىڭ ئاسمانلارنىڭ ۋە كاتتا ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇنىڭغا باشقا بىرسىنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغانلىقىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭ سىلەرنى جازالىشىدىن ۋە ئازابلىشىدىن قورقامسىلەر؟

﴿**ئېيتقىنكى، «ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟**﴾ يەنى ھەممە نەرسىلەر **الله** تائالانىڭ قولىدىدۇر. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**الله** نىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر﴾[1] يەنى **الله** تائالا مەخلۇقاتلاردا خالىغانني قىلغۇچىدۇر.

بارلىق مەخلۇقاتلارنى باشقۇرۇش **الله** تائالانىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (كىشىلەرگە بىر نەرسە توغرۇلۇق بەرگەن جاۋابىدا) مۇنداق دەيتتى: «ياق ئۇنداق ئەمەس، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات **الله** تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى...» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىڭ قەسەم قىلماقچى بولغاندا مۇنداق دەيتتى: «ياق ئۇنداق ئەمەس، دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى زات **الله** تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى...». بارلىق كەمچىلىكلەردىن پاك بولغان **الله** تائالا ھەممىنى ياراتقۇچى، ھەممىگە ئىگە بولغۇچى ۋە خالىغىنىنى قىلغۇچى زاتتۇر.

﴿**(ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)»**﴾ ئەرەبلەر ئىچىدىكى خوجايىنلاردىن بىرى بىرەر كىشىگە پاناھلىق بەرسە، ئۇ كىشى ئۇ خوجايىننىڭ پاناھلىقىدىلا قېلىپ قالاتتى. ھەتتا ئۇ خوجايىننى ئېتىبارغا ئالمىغاندەك بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئىككىنچى بىر ئادەم كېلىپ ئۇ كىشىنى ئۆز پاناھلىقىغا ئالالمايتتى.

شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**(ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟**﴾ يەنى **الله** تائالا خوجىلارنىڭ خوجىسىدۇر. يارىتىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش ئۇنىڭ قولىدىدۇر. ئۇنىڭ ھۆكمىگە ھېچكىشى قارشى تۇرالمايدۇ ۋە قارشىلىق بىلدۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، خالىمىغىنى بولمايدۇ.

**الله** تائالا ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىدىن سورالمايدىغان زات ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿**الله** نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴾[2] يەنى **الله** تائالا كاتتا، چوڭ، غالىپ، ھەممە نەرسىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ۋە ئادىل زات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ نېمە قىلغانلىقلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ. ئەمما بارلىق مەخلۇقاتلار بولسا، ھەممە قىلمىشلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى خالايىق) نىڭ ھەممىسىنىڭ (بۇ دۇنيادا) قىلغان ئىشلىرىنى چوقۇم سورايمىز﴾[3].

﴿**ئۇلار: «الله» دەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئىلتىجا قىلغانلارغا پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كاتتا خوجايىننىڭ ھېچ قانداق شېرىكى بولمىغان **الله** تائالا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

---

(1) ھۇد سۈرىسى 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
(3) ھىجر سۈرىسى 92 ـ 93 ـ ئايەتلەر.

﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر قانداقمۇ قايمۇقتۇرۇلىسىلەر؟»﴾ يەنى سىلەر شۇنى ئېتىراپ قىلغان ئىكەنسىلەر ۋە الله تائالانىڭ شۇنداق زات ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغىلا قىلىدىغان ئىبادەتكە باشقا بىرسىنى قوشۇپ قىلىشىڭلارنى ئەقلىڭلار قانداقمۇ قوبۇل قىلىدى؟

﴿ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغا بىز ھەق سۆزنى ئېلىپ كەلدۇق﴾ يەنى بىز الله تائالادىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈردۇق. ئۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىگە توغرا، ئوچۇق ۋە كەسكىن پاكىتلارنى تۇرغۇزدۇق.

﴿ئۇلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر﴾ يەنى ئۇلارنىڭ الله تائالاغا قوشۇپ باشقا بىرسىگە ئىبادەت قىلىشلىرىدا (ئۇلارنىڭ) ھېچقانداق بىر پاكىتى يوقتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ھالدا الله غا قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ، كاپىرلار ھەقىقەتەن نىجات تاپمايدۇ﴾[1] يەنى مۇشرىكلار الله تائالادىن باشقا بىرسىگە ئىبادەت قىلىشنى ئۆزلىرىنى شۇ ئازغۇنلۇققا باشلاپ ئاپىرىدىغان بىر ئاساسقا تايىنىپ تۇرۇپ قىلمايدۇ. بەلكى، ئۇلار بۇ ئىشنى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نادان ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئەگىشىپلا قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۇنىڭدەك سەندىن ئىلگىرى ھەر قاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز» دېيىشتى﴾[2].

* * * * * * *

مَا ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ مِن وَلَدٍ وَمَا كَانَ مَعَهُۥ مِنْ إِلَٰهٍ ۚ إِذًا لَّذَهَبَ كُلُّ إِلَٰهٍۭ بِمَا خَلَقَ وَلَعَلَا بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ ۚ سُبْحَٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿٩١﴾ عَٰلِمِ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٩٢﴾

الله نىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگەللەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، الله ئۇلارنىڭ الله غا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر﴿91﴾. الله غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئۈستۈندۇر﴿92﴾.

## الله تائالانىڭ ھېچ شېرىكى يوقلۇقى

الله تائالا ئۆزىنىڭ بالىسى بولۇشىدىن ۋە ياكى نەرسىلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىشىدا، ئۇلاردا خالىغىنىنى قىلىشىدا ۋە (بەندىلەرنىڭ قىلىدىغان) ئىبادەتلىرىدە ئۆزىنىڭ بىر شېرىكى بولۇشىدىن ئۆزىنى پاكلاپ مۇنداق دېدى: **﴿الله نىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق**

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 117 ـ ئايەت.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 23 ـ ئايەت.

**بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگەللەيتتى﴾** يەنى ئەگەر بىردىن جىق ئىلاھ بار دەپ پەرەز قىلىنسا، ئەلۋەتتە، ھەر بىر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان نەرسىنى يالغۇز ئىگەللىۋالىدۇ. بۇ چاغدا كائىناتنىڭ تەرتىۋى قالايمىقان بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن، ھازىر كۆرۈلىۋاتقىنى ئۈستۈنكى ئالەمدىن باشلاپ تۆۋەنكى ئالەمگىچە بولغان ھەممە كائىناتنىڭ چىرايلىق رېتىمغا چۈشۈشى ۋە بىرىنىڭ يەنە بىرى بىلەن ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە باغلىنىشىدۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**الله** يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان **الله** نىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقساننى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن﴾[1].

ئاندىن ئۇ ئىلاھلارنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىنى تىزگىنلەشنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىشنى ئىزلەيتتى. بۇ ھەقتە ئىسلام پەيلاسوپلىرى ئىزدىنىپ، بۇنىڭغا (ھەر ئىلاھ ئۆزىنى يەنە بىر ئىلاھتىن) "قوغداش دەلىلى" دېگەن ئاتالغۇنى بەردى.

بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: ئەگەر (كائىناتتا) ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئىلاھ بار دەپ پەرەز قىلىنسا، ئۇ ئىلاھنىڭ بىرى بىرەر جىسمنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنى خالىسا، يەنە بىرى ئۇ جىسمنى ھەرىكەتلەندۈرمەسلىكنى خالايدۇ. مۇبادا ئۇ ئىككى ئىلاھنىڭ خالىغانلىرى بولماي قالسا، بۇ چاغدا ئۇ ئىككىسى ئاجىز بولغان بولىدۇ. ئەسلىدە ھەقىقىي ئىلاھ دېگەن ئاجىز ئەمەستۇر. ھەرىكەتلىنىش بىلەن ھەرىكەتلەنمەسلىك بىر ـ بىرىگە قارمۇ قارشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىككى ئىلاھنىڭ خالىغانلىرى بىرلا ۋاقىتتا بىرلا نەرسىدە كۆرۈلۈشمۇ مۇمكىن ئەمەستۇر. شۇڭا بۇ مۇمكىنسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىلاھنىڭ بىردىن ئارتۇق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەستۇر. ئەگەر ئۇ ئىككى ئىلاھنىڭ بىرىنىڭ خالىغىنى بولۇپ، يەنە بىرىنىڭ بولماي قالسا، بۇ چاغدا خالىغىنى ھەقىقىي ئىلاھ ھېسابلىنىپ، يەنە بىرسى ھەقىقىي ئىلاھ ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئىلاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئىچىدە باشقا بىرسىگە يېڭىلىپ بېرىش دەيدىغان سۈپەت يوقتۇر.

شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**الله نىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگەللەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، الله ئۇلارنىڭ الله غا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر**﴾ يەنى **الله** تائالا ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئۇۋال قىلغۇچىلارنىڭ ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ: **الله** تائالانىڭ بالىسى ۋە ياكى شېرىكى بار، ـ دەپ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر.

﴿**الله غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر**﴾ يەنى **الله** تائالا مەخلۇقاتلىرىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ.

﴿**مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئۈستۈندۇر**﴾ يەنى **الله** تائالا ئۇلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر.

* * * * * * *

(1) مۇلك سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

قُل رَّبِّ إِمَّا تُرِيَنِّي مَا يُوعَدُونَ ﴿٩٣﴾ رَبِّ فَلَا تَجْعَلْنِي فِي ٱلْقَوْمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٩٤﴾ وَإِنَّا عَلَىٰٓ أَن نُّرِيَكَ
مَا نَعِدُهُمْ لَقَٰدِرُونَ ﴿٩٥﴾ ٱدْفَعْ بِٱلَّتِي هِيَ أَحْسَنُ ٱلسَّيِّئَةَ نَحْنُ أَعْلَمُ بِمَا يَصِفُونَ ﴿٩٦﴾ وَقُل رَّبِّ أَعُوذُ بِكَ
مِنْ هَمَزَٰتِ ٱلشَّيَٰطِينِ ﴿٩٧﴾ وَأَعُوذُ بِكَ رَبِّ أَن يَحْضُرُونِ ﴿٩٨﴾

ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم! ئەگەر ماڭا ئۇلارغا (دۇنيادا) ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرسىتىدىغان بولساڭ﴿93﴾. پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋملەر ئىچىدە قىلمىغىن﴿94﴾. بىز ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان ئازابنى ساڭا كۆرسىتىشكە ئەلۋەتتە قادىرمىز﴿95﴾. (ئۇلارنىڭ قىلغان) يامانلىقىغا (ئەپۇ قىلىش بىلەن) ياخشىلىق قىلغىن، ئۇلارنىڭ (سېنى) سۈپەتلەشلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان مەسخىرىسىنى) بىز ئوبدان بىلىمىز﴿96﴾. ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن﴿97﴾. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمرا بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن»﴿98﴾.

## ئازاب چۈشكەندە دۇئا قىلىشنىڭ، يامانلىققا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ۋە اللە تىن شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىشنى تىلەشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى

اللە تائالا پەيغەمبىرىنى ئازاب كەلگەندە: **﴿«پەرۋەردىگارىم! ئەگەر ماڭا ئۇلارغا (دۇنيادا) ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرسىتىدىغان بولساڭ، پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋملەر ئىچىدە قىلمىغىن﴾** دەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇدى. يەنى ئۇلارنى ماڭا كۆرسىتىپ ئازابلىماقچى بولساڭ، مېنى ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىلمىغىن

ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەن بىرەر قەۋمگە بالا ئەۋەتمەكچى بولساڭ، مېنىڭ جېنىمنى ئۇ بالاغا تىقماستىن ئالساڭ».

**﴿بىز ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان ئازابنى ساڭا كۆرسىتىشكە ئەلۋەتتە قادىرمىز﴾** يەنى ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارغا چۈشكەن ئازابنى، بالانى ۋە قىيىنچىلىقلارنى ساڭا ئەلۋەتتە كۆرسىتەتتۇق.

ئاندىن اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشتا ئەڭ پايدىلىق بولغان يولغا باشلىدى. ئۇ يول بولسىمۇ، دىلىنى ئۆزى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن ئۆزىگە ئەسكىلىك قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىلىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى دوستلۇققا، نەپرەت مۇھەببەتكە ئايلىنىدۇ.

اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شۇ يولغا باشلاپ مۇنداق دېدى: **﴿(ئۇلارنىڭ قىلغان) يامانلىقىغا (ئەپۇ قىلىش بىلەن) ياخشىلىق قىلغىن﴾**.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە

ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ﴾[1] يەنى مۇشۇ تەۋسىيەگە ياكى مۇشۇ خىسلەتكە ۋەياكى مۇشۇ سۈپەتكە پەقەت كىشىلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەرلا ئېرىشەلەيدۇ. بۇلارغا پەقەت دۇنيا ـ ئاخىرەتتە كاتتا نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ.

**﴿ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن﴾** يەنى الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شەيتانلاردىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇدى. چۈنكى، شەيتانلارغا (ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن الله تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەشتىن) باشقا چارىلەر كار قىلمايدۇ ۋە ئۇلار ياخشىلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ. يۇقىرىدا، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاڭلاپ، بىلىپ تۇرغۇچى الله تائالاغا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ قەست قىلىشىدىن، ۋەسۋەسىسىدىن ۋە كىبىرىسىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەپ شەيتاندىن پاناھ تىلىگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

**﴿پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمرا بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن»﴾** يەنى مېنىڭ قىلماقچى بولغان بىرەر ئىشىمغا شەيتاننىڭ ھەمراھ بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەيتاننى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن يەپ ـ ئىچىش، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، مال بوغۇزلاش ۋە شۇنىڭدەك باشقا ئىشلارنىڭ بېشىدا "بىسمىللا"نى دېيىشكە بۇيرۇلدى. شەيتاندىن پاناھ تىلەش توغرىسىدا ئەبۇداۋۇد مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله ! مەن بەك قېرىپ كېتىشتىن، (تام) بېسىۋېلىپ (ئۆلۈشتىن)، سۇغا چۆكۈپ (ئۆلۈشتىن) ۋە سەكراتتىكى چاغدا، شەيتاننىڭ قەست قىلىشىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى.

*******

حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَحَدَهُمُ ٱلْمَوْتُ قَالَ رَبِّ ٱرْجِعُونِ ﴿٩٩﴾ لَعَلِّىٓ أَعْمَلُ صَٰلِحًا فِيمَا تَرَكْتُ ۚ كَلَّآ ۚ إِنَّهَا كَلِمَةٌ هُوَ قَآئِلُهَا ۖ وَمِن وَرَآئِهِم بَرْزَخٌ إِلَىٰ يَوْمِ يُبْعَثُونَ ﴿١٠٠﴾

ئۇلارنىڭ (يەنى كاپىرلارنىڭ) بىرىگە ئۆلۈم كەلسە ئېيتىدۇكى، «پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن﴿99﴾. مەن قويۇپ كەلگەن مال ـ مۈلكۈم بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۇمكىن». (ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى) مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم شۇ سۆزنى قىلغۇچىدۇر، ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ﴿100﴾.

## كاپىرلارنىڭ سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىدا، دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى

الله تائالا كاپىرلارنىڭ ياكى الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا بىپەرۋالىق قىلغۇچىلارنىڭ سەكراتتىكى ھالىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، بۇرۇن ئۆتكۈزگەن يامان قىلمىشلىرىنىڭ ئورنىنى (ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق) تولدۇرۇش ئۈچۈن دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلارنىڭ (يەنى كاپىرلارنىڭ) بىرىگە ئۆلۈم كەلسە ئېيتىدۇكى،**

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى ـ 34 ـ 35 ـ ئايەتلەر.

**«پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن، مەن قويۇپ كەلگەن مال ـ مۈلكۈم بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۇمكىن» . (ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى) مۇمكىن ئەمەس﴾ .**

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار، **الله** ھېچ ئادەمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، **الله** قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) كىشىلەرنى (يەنى كۇففارلارنى) ئازاب كېلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن، (بۇ كۈندە) زالىملار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە قىسقىغىنا ۋاقىت مۆھلەت بەرگىن (يەنى دۇنياغا قايتۇرغىن)، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى» دەيدۇ. (ئۇلارغا) سىلەر ئىلگىرى، بىز ھەرگىز يوقالمايمىز، دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟ (دېيىلىدۇ)﴾[2]، ﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) پەقەت (ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنىڭ) نەتىجىسىنىلا كۈتىدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى كەلگەن كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)، ئىلگىرى كىتابقا ئەمەل قىلمىغانلار: «پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەلچىلىرى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، (بىز ئۇلارغا ئىمان ئېيتمىدۇق، بۈگۈن) بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ ياكى گۇناھ قىلىشتىن قول ئۈزۈپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىمىزغا بولامدىغاندۇ؟» دەيدۇ﴾[3]، ﴿ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولساڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)، ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز (ئەمدى) ھەقىقەتەن (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىشەنگۈچىلەرمىز»﴾[4].

﴿ئەگەر ئۇلارنى دوزاخ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (دەھشەتلىك بىر ھالنى كۆرەتتىڭ). ئۇلار: «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دەيدۇ، ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى يوشۇرغان ئىشلىرى (قەبىھ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن شۇنداق ئارزۇ قىلىشىدۇ) ئۇلارغا ئاشكارا بولدى، ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئىمان ئېيتاتتۇق دېگەن ۋەدىسىدە) يالغانچىلاردۇر﴾[5]، ﴿زالىملار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ «(دۇنياغا) قايتىشقا يول بارمىدۇ؟» دېگەنلىكىنى كۆرىسەن﴾[6]، ﴿ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرۈپ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ، بىز گۇناھىمىزغا ئىقرار قىلدۇق، ئەمدى چىقىش يولى تېپىلارمۇ؟» دەيدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، سىلەر **الله** نى بىر دەپ بىلىشكە چاقىرىلغاندا (بۇنى) ئىنكار قىلدىڭلار، ئەگەر **الله** غا شېرىك كەلتۈرۈلسە (يەنى لات، ئۇززا قاتارلىق بۇتلارغا چوقۇنۇشقا چاقىرىلساڭلار) ئۇنى تەستىق قىلىسىلەر (يەنى ئۇلارنىڭ ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىلەر)، ھۆكۈم يۈكسەك، بۈيۈك **الله** غا خاستۇر﴾[7]، ﴿ئۇلار



(1) مۇنافىقۇن سۈرىسى ـ 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى ـ 44 ـ ئايەت.
(3) ئەئراف سۈرىسى 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سەجدە سۈرىسى 12 ـ ئايەت.
(5) ئەنئام سۈرىسى 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر.
(6) شۇرا سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(7) مۆمىن سۈرىسى 11 ـ 12 ـ ئايەتلەر.

دوزاختا: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادىكى ۋاقىتتا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق» دەپ يالۋۇرۇپ تووۋلايدۇ. (الله ئېيتىدۇ) «سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز - نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىممۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلدىغۇ، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق»﴾[1] يەنى الله تائالا بۇ ئايەتلەردە كاپىرلارنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، قەبرىدىن قوپۇرۇلغاندا، الله تائالاغا يۈزلەنگەندە ۋە دوزاخقا تاشلانغاندا، دۇنياغا قايتىشنى سورايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

**﴿ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى) مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم شۇ سۆزنى قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى ئۇلارنىڭ دۇنياغا قايتىش تەلىۋى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى يوق، قۇرۇق سۆزىدۇر. ئەگەر ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلسا، بىرەر ياخشى ئىشنى ھەرگىز قىلمايتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ (بىز دۇنياغا قايتساق، ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمىز مۇمكىن دېگەن) سۆزلىرىدە ئۇلارنىڭ يالغان ئېيتقانلىقى ئاشكارا بولاتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار يالغانچىلاردۇر﴾[2].

قەتادە: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، كاپىر (يۇقىرىقى ئەھۋاللاردا) خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىنىڭ ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا كېلىشنى ۋە ياكى دۇنيا توپلاپ ئۆزىنىڭ ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشنى كۆزلەپ دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلماستىن، بەلكى الله تائالاغا ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلىشنى كۆزلەپ دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلدى. شۇڭا كاپىر دوزاختىكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا، دۇنياغا قايتىپ قىلىشنى ئارزۇ قىلغان. ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئەزەلدىنلا قىلىپ كېلىۋاتقان مۇسۇلمان كىشىگە الله تائالا رەھمەت قىلسۇن! ـ دېدى.

## توسما ۋە ئۇنىڭدىكى ئازاب توغرىسىدا

**﴿ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇ توسما دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ ئارىلىقىدىدۇر.

مۇھەممەد ئىبنى كەئب بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇ توسما دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ ئارىلىقىدىدۇر ياكى توسمىدا تۇرغان كىشىلەر يەپ ـ ئىچىشتە دۇنيادىكى كىشىلەر بىلەن بىللە ئەمەستۇر، ياكى قىلمىشلىرىدىن ھېساب بەرگىلى ئاخىرەتتىكى كىشىلەر بىلەن بىللە ئەمەستۇر.

ئەبۇسەخرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇ توسمىدىن قەبرىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار (قەبرىلەردە) دۇنيادىكى ياكى ئاخىرەتتىكى (ھاياتقا ئوخشىمىغان بىر ھالەتتە تۇرىدۇ). ئۇلار قەبرىلەردە تاكى قىيامەت كۈنى بولغىچە تۇرىدۇ.

الله تائالانىڭ: **﴿ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ﴾**



(1) فاتىر سۈرىسى 37 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېگەن ئايىتى ھاياتىنى گۇمراھلىقتا ئۆتكۈزۈپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئۇ تونۇشمىدا ئۇلارغا تاييارلانغان ئازابنىڭ بارلىقى بىلەن (ئۇلارغا) قىلىنغان بىر تەھدىتتۇر.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنى ئالدىدا جەھەننەم (كۈتۈپ تۇرىدۇ)﴾[1]، ﴿شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[2].

ﷲ تائالانىڭ: **﴿ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر﴾** دېگەن ئايىتى، ئۇلارغا (ئۇ تونۇشمىدا) بولىدىغان ئازابنىڭ تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «ئۇ زېمىندا (يەنى قەبرىسى ئىچىدە) تاكى قىيامەت كۈنى بولۇپ ھېساب بېرىپ بولغۇچە ئازابلىنىپ تۇرىدۇ».

*******

فَإِذَا نُفِخَ فِي ٱلصُّورِ فَلَآ أَنسَابَ بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَئِذٖ وَلَا يَتَسَآءَلُونَ ١٠١ فَمَن ثَقُلَتۡ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلۡمُفۡلِحُونَ ١٠٢ وَمَنۡ خَفَّتۡ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ فِي جَهَنَّمَ خَٰلِدُونَ ١٠٣
تَلۡفَحُ وُجُوهَهُمُ ٱلنَّارُ وَهُمۡ فِيهَا كَٰلِحُونَ ١٠٤

سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ﴿101﴾. تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴿102﴾. تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴿103﴾. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي) بولۇپ قالىدۇ﴿104﴾.

## سۇرنىڭ چېلىنىشى ۋە قىلمىشلارنىڭ تارازىدا ئۆلچىنىشى

ﷲ تائالا (كىشىلەرنى تىرىلدۈرۈپ قەبرىدىن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن) سۇر چېلىنغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنىڭ تېپىلمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ﴾** يەنى ئۇ كۈندە دادا بالىسىغا مېھرىبانلىق قىلالمايدۇ ۋە ئۇنى كۈتۈپمۇ تۇرالمايدۇ.



ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ھەر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ (ھال) سورىمايدۇ﴾[3] يەنى يېقىنى يېقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سورىيالمايدۇ. يېقىنىنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرەلمىگۈدەك گۇناھلار

(1) جاسىيە سۈرىسى 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مەئارىج سۈرىسى 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر.

بولسا، ئۇ دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئۇ يېقىنى ئۇچۇن ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشى بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى گۇناھلاردىن چىۋىننىڭ قانىتىچىلىكىنىمۇ كۆتۈرۈشۈپ بەرمەيدۇ.

**الله** تائالا ئۇ كۈندە يېقىن ـ يۇرۇقلىرىغىمۇ قارىمايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە باللىرىدىن قاچىدۇ، ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ﴾[1].

ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى بولغاندا، **الله** تائالا بۇرۇنقىلارنى ۋە كېيىنكىلەرنى بىر يەرگە توپلايدۇ. ئاندىن بىر چاقىرغۇچى: بىلىڭلاركى، كىمنىڭ (باشقا بىرسىدە) ھەققى بولسا، كېلىپ ھەققىنى ئېلىۋالسۇن! ـ دەپ چاقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاتا ـ ئانىسىدا ياكى بالىسىدا ۋە ياكى ئايالىدا كىچىككىنە بولسىمۇ ھەققى بار كىشىلەر خۇش بولۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ، **الله** تائالانىڭ: **﴿سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىدۇر. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلغان.

**﴿تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر)﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بىر تال بولسىمۇ بېسىپ كەتكەنلەر.

**﴿بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾** يەنى دوزاختىن قۇتۇلۇپ قېلىپ، جەننەتكە كىرىش بىلەن بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلار تىلىگەن نەرسىلىرىگە يېتىش ۋە يامانلىقتىن قاچقان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىپ قېلىش ئارقىلىق بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

**﴿تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾** يەنى زىيان تارتقۇچى ۋە ھالاك بولغۇچىلاردۇر.

**﴿جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾** يەنى ئۇلار باشقا يەرگە يۆتكەلمەستىن، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ. **﴿ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ﴾** **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ﴾[2]، ﴿ئەگەر كاپىرلار ئۇ چاغدا يۈزلىرىدىن، دۈمبىلىرىدىن ئازابنى دەپئى قىلالمايدىغانلىقلىرىنى ۋە ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقلىرىنى بىلسە ئىدى (ئازابنىڭ بالدۇر يۈز بېرىشىنى تەلەپ قىلمايتتى)﴾[3].

**﴿كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي) بولۇپ قالىدۇ﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلارنىڭ چىرايلىرى تۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ـ دېدى.

---

(1) ئەبەسە سۈرىسى 34 ـ 37 ـ ئايەتكىچە.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنبىيا سۈرىسى 39 ـ ئايەت.

*******

أَلَمْ تَكُنْ ءَايَٰتِي تُتْلَىٰ عَلَيْكُمْ فَكُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ ﴿١٠٥﴾ قَالُوا۟ رَبَّنَا غَلَبَتْ عَلَيْنَا شِقْوَتُنَا وَكُنَّا قَوْمًا ضَآلِّينَ ﴿١٠٦﴾ رَبَّنَآ أَخْرِجْنَا مِنْهَا فَإِنْ عُدْنَا فَإِنَّا ظَٰلِمُونَ ﴿١٠٧﴾

(ئۇلارغا) «سىلەرگە (دۇنيادا) مېنىڭ ئايەتلىرىم ئوقۇپ بېرىلگەن، سىلەر ئۇنى (شۇنچە روشەن تۇرۇقلۇق) ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار» دېيىلىدۇ﴿105﴾. ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بەتبەختلىكىمىز ئۈستىمىزدىن غالىب كېلىپ گۇمراھ قەۋم بولۇپ قالغان ئىدۇق﴿106﴾. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم بولۇپ قالىمىز»﴿107﴾.

## دوزاخقا كىرىپ قالغانلارنى تەنقىد قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بەتبەختلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە دوزاختىن چىقىشنى تەلەپ قىلىشى

**الله** تائالا دوزاخقا كىرىپ قالغانلارنىڭ ئۆزلىرىنى شۇ يەرگە ئېلىپ بارىدىغان كاپىر بولۇش، گۇناھ ۋە چەكلەنگەن ھارام ئىشلاردەك يامان ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**(ئۇلارغا) «سىلەرگە (دۇنيادا) مېنىڭ ئايەتلىرىم ئوقۇپ بېرىلگەن، سىلەر ئۇنى (شۇنچە روشەن تۇرۇقلۇق) ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار» دېيىلىدۇ**﴾ يەنى مەن سىلەرگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتىم، كىتابلارنى چۈشۈردۈم ۋە سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىكى شۈبھىنى تازىلىدىم. شۇڭا سىلەرنىڭ (ئەگەر بىزگە پەيغەمبەر كەلگەن بولسا ۋە كىتاب چۈشۈرۈلگەن بولسا، بىز مۇئمىن ئىدۇق، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن) كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق باھانەڭلار قالمىدى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن **الله** نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، **الله** غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1]، ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾[2].

﴿دوزاخ غەزەپتىن پارچىلىنىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. دوزاخقا ھەر قاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز: ‹**الله** (ھېچ ئادەمگە

(1) نىسا سۈرىسى 165 ـ ئايەت.
(2) ئىسرا سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋەھيىدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا› دېدۇق» دەيدۇ، ئۇلار: «ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان، ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق» دەيدۇ، ئۇلار گۇناھىنى تونۇيدۇ، ئەھلى دوزاخ **الله** نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن!﴾[1]

شۇڭا كاپىرلار مۇنداق دېدى: ﴿**«پەرۋەردىگارىمىز! بەتبەختلىكىمىز ئۈستىمىزدىن غالىب كېلىپ گۇمراھ قەۋم بولۇپ قالغان ئىدۇق**﴾ يەنى بىزگە دەلىل - پاكىتلەر تۇرغۇزۇلدى. لېكىن، بىز ئۇ پاكىتلارنى قوبۇل قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن بەتبەختلىك قىلدۇق، شۇڭا بىز ئېزىپ كەتتۇق ۋە ئۇ پاكىتلارغا ئەگىشىشكە نېسىپ قىلىنمىدۇق.

ئاندىن ئۇلار مۇنداق دېدى: ﴿**پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم بولۇپ قالىمىز»**﴾ يەنى بىزنى دۇنياغا قايتۇرغىن، ئەگەر بىز بۇرۇن قىلغان گۇناھ ئىشلارنى يەنە قىلىشقا قايتساق، ئۇ چاغدا بىز سېنىڭ جازالىشىڭغا ھەقلىق بولغان زالىملاردىن بولىمىز.

**الله** تائالا ئۇلارنىڭ دۇنياغا قايتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿بىز گۇناھىمىزغا ئىقرار قىلدۇق، ئەمدى چىقىش يولى تېپىلارمۇ؟» دەيدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، سىلەر **الله** نى بىر دەپ بىلىشكە چاقىرىلغاندا (بۇنى) ئىنكار قىلدىڭلار، ئەگەر **الله** غا شېرىك كەلتۈرۈلسە (يەنى لات، ئۇززا قاتارلىق بۇتلارغا چوقۇنۇشقا چاقىرىلساڭلار) ئۇنى تەستىق قىلىسىلەر (يەنى ئۇلارنىڭ ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىلەر)، ھۆكۈم يۈكسەك، بۈيۈك **الله** غا خاستۇر﴾[2] يەنى سىلەرنىڭ دۇنياغا قايتىشىڭلار ئۈچۈن يول يوق. چۈنكى، مۆمىنلەر **الله** تائالانى بىر دەپ تونۇغان ۋاقتىدا، سىلەر ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈردۈڭلار.

* * * * * * *

قَالَ ٱخْسَـُٔوا۟ فِيهَا وَلَا تُكَلِّمُونِ ﴿١٠٨﴾ إِنَّهُۥ كَانَ فَرِيقٌ مِّنْ عِبَادِى يَقُولُونَ رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱغْفِرْ
لَنَا وَٱرْحَمْنَا وَأَنتَ خَيْرُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿١٠٩﴾ فَٱتَّخَذْتُمُوهُمْ سِخْرِيًّا حَتَّىٰٓ أَنسَوْكُمْ ذِكْرِى وَكُنتُم مِّنْهُمْ
تَضْحَكُونَ ﴿١١٠﴾ إِنِّى جَزَيْتُهُمُ ٱلْيَوْمَ بِمَا صَبَرُوٓا۟ أَنَّهُمْ هُمُ ٱلْفَآئِزُونَ ﴿١١١﴾

**الله** ئېيتىدۇ: «جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۇستىڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار»﴿108﴾. شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن» دەيتتى﴿109﴾. ئۇلارنى مەسخىرە قىلدىڭلار، ھەتتا ئۇلار سىلەرگە مېنىڭ زىكرىمنى ئۇنتۇلدۇردى (يەنى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ماڭا ئىتائەت قىلىشنى ئۇنتۇدۇڭلار)، سىلەر ئۇلاردىن كۈلەتتىڭلار﴿110﴾. (سىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى بۈگۈن مۇكاپاتلىدىم، ئۇلار

(1) مۇلك سۈرىسى 8 ـ 11 ـ ئايەتكىچە.
(2) مۆئمىنۇن سۈرىسى 11 ـ 12 ـ ئايەتلەر.

ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴿111﴾.

## الله تائالانىڭ كاپىرلارغا بەرگەن جاۋابى

الله تائالا دوزاختىن چىقىرىلىپ، دۇنياغا قايتىشنى تەلەپ قىلغان كاپىرلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**«جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار**﴾ يەنى سىلەر جەھەننەمدە ئېزىلگەن ۋە خارلانغان ھالدا قېلىڭلار.

﴿**(ئۇستۇڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار»**﴾ يەنى سىلەر بۇ سوئالنى قايتا سورىماڭلار. چۈنكى، مەندە بۇ سوئالىڭلارغا قارىتا بېرىدىغان جاۋاب يوق.

﴿**«جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۇستۇڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار»**﴾ ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ، كاپىرلار الله تائالاغا دەيدىغان سۆزلىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىن، الله تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن جاۋابىدۇر.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئابدۇللا ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دوزىخي بولغانلار (دوزاخقا ۋەكىل) پەرىشتىنى چاقىرىدۇ. پەرىشتە ئۇلارغا 40 يىل جاۋاب بەرمەي، كېيىن: ﴿سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر﴾[1] دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ (پەرياد قىلىپ چاقىرغان) چاقىرىقى پەرىشتىنىڭ ئالدىدا ھېچ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

ئاندىن ئۇلار پەرۋەردىگارى بولغان الله تائالانى چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«پەرۋەردىگارىمىز! بەتبەختلىكىمىز ئۈستىمىزدىن غالىب كېلىپ گۇمراھ قەۋم بولۇپ قالغان ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم بولۇپ قالىمىز»**﴾ ئۇلارغا دۇنيا ئۆمرىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كەلگۈدەك ۋاقىت ئۆتكۈچە جاۋاب بېرىلمەي، كېيىن: ﴿**«جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۇستۇڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار»**﴾ دېگەن جاۋاب بېرىلىدۇ، الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار (الله تائالادىن بىر نەرسە تىلەش ئۈچۈن) ئاغزىنى مىدىرلىتالمايدۇ. ئۇلار جەھەننەمدە پەقەت ئېشەك ھاڭرىغاندەك تۈۋلاپ، نالە ـ پەريادلا چېكىدۇ.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى، ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ مۆمىن ۋەيېقىن بەندىلىرىنى مازاق قىلغانلىقىنى ئۇلارغا ئەسلىتىپ مۇنداق دېدى: ﴿**شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن» دەيتتى، ئۇلارنى مەسخىرە قىلدىڭلار**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ماڭا دۇئا قىلىشىنى ۋە ماڭا يېلىنىشىنى مازاق قىلدىڭلار.

---

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ھەتتا ئۇلار سىلەرگە مېنىڭ زىكرىمنى ئۇنتۇلدۇردى (يەنى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ماڭا ئىتائەت قىلىشنى ئۇنتۇدۇڭلار)﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئۇ مۆمىنلەرنى يامان كۆرۈشۈڭلار سىلەرنىڭ ماڭا بويسۇنۇپ ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىشىڭلارغا ئېلىپ باردى.

﴿سىلەر ئۇلاردىن كۈلەتتىڭلار﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشلىرىدىن ۋە ماڭا بويسۇنۇشلىرىدىن كۈلەتتىڭلار.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كاپىرلار ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلەتتى، (مۆمىنلەر) ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى﴾[1].

ئاندىن الله تائالا ياخشى بەندىلىرىگە بېرىدىغان مۇكاپاتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿سىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن﴾ يەنى ئۇلار سىلەر كەلتۈرگەن ئەزىيەت ۋە مازاق قىلىشلارغا سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ﴿مەن ئۇلارنى بۈگۈن مۇكاپاتلىدىم﴾.

﴿ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾ يەنى مەن ئۇلارنى بەخت ـ سائادەت، خاتىرجەملىك ۋە جەننەتكە ئېرىشتۈرۈش، شۇنداقلا دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن مەقسەتلىرىگە يەتكۈزدۈم.

*******

قَـٰلَ كَمۡ لَبِثۡتُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ عَدَدَ سِنِينَ ﴿١١٢﴾ قَالُواْ لَبِثۡنَا يَوۡمًا أَوۡ بَعۡضَ يَوۡمٖ فَسۡـَٔلِ ٱلۡعَآدِّينَ ﴿١١٣﴾
قَـٰلَ إِن لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا قَلِيلٗاۖ لَّوۡ أَنَّكُمۡ كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿١١٤﴾ أَفَحَسِبۡتُمۡ أَنَّمَا خَلَقۡنَـٰكُمۡ عَبَثٗا
وَأَنَّكُمۡ إِلَيۡنَا لَا تُرۡجَعُونَ ﴿١١٥﴾ فَتَعَـٰلَى ٱللَّهُ ٱلۡمَلِكُ ٱلۡحَقُّۖ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ ٱلۡعَرۡشِ
ٱلۡكَرِيمِ ﴿١١٦﴾

الله (ئۇلارغا): «زېمىندا قانچە يىل تۇردۇڭلار؟» دەيدۇ﴿112﴾. ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، (ئاي ـ كۈنلەرنى) ھېسابلىغۇچى (پەرىشتە) دىن سورىغىن» دەيدۇ (ئۇلار دوزاختا چېكىۋاتقان ئازاب تۈپەيلىدىن، زېمىندا قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى ئۇنتۇيدۇ) ﴿113﴾. الله «ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇردۇڭلار» دەيدۇ﴿114﴾. ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ﴿115﴾. ھەق پادىشاھ الله ئۇستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴿116﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتلىرىدە ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى قىسقىغىنا ھاياتىدا شېرىكى يوق بىرلا الله تائالاغىلا بويسۇنۇش ۋە ئىبادەت قىلىشنى قولدىن بەرگەنلىكىدىن،

(1) مۇتەففىفىن سۈرىسى 29 ـ 30 ـ ئايەتلەر.

ئەگەردە ئۇلار مۇشۇ قىسقا دۇنيادا سەۋر قىلىپ، الله تائالانىڭ ئىبادىتى بىلەن بولغان بولسا، ئۇلارنىڭمۇ الله تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرى ئېرىشكەندەك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. **﴿الله (ئۇلارغا): «زېمىندا قانچە يىل تۇردۇڭلار؟» دەيدۇ﴾** يەنى سىلەر دۇنيادا قانچىلىك ۋاقىت تۇردۇڭلار؟ **﴿ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، (ئاي ـ كۈنلەرنى) ھېسابلىغۇچى (پەرىشتە) دىن سورىغىن» دەيدۇ﴾** (ئۇلار دوزاختا چېكىۋاتقان ئازاب تۈپەيلىدىن، زېمىندا قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى ئۇنتۇيدۇ)

**﴿الله «ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇردۇڭلار» دەيدۇ﴾** يەنى ئەگەر سىلەر شۇنى بىلگەن بولساڭلار، يوقىلىپ كېتىدىغان دۇنيانى مەڭگۈ قالىدىغان ئاخىرەتتىن ئەلا بىلمەيتتىڭلار، ئۆزەڭلارغا يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغان بۇ (يامان) ئىشلارنى قىلمايتتىڭلار، قىسقىغىنا شۇ ھاياتىڭلاردا الله تائالانىڭ غەزىپىگە يولۇقۇپ كېتىدىغان ئىشلارنى قىلمايتتىڭلار، ئەگەر سىلەرمۇ مۆمىنلەردەك الله تائالاغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشلاردا كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە، سىلەرمۇ ئۇلاردەك نىجاتلىققا ئېرىشكەن بولاتتىڭلار.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەيفە ئىبنى ئابدۇ كالائىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى قۇدۇسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا جەننەتكە كىرىدىغانلارنى جەننەتكە، دوزاخقا كىرىدىغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن (جەننەتكە كىرگەنلەرگە): ئى جەننەتلىكلەر! سىلەر زېمىندا قانچە يىل تۇردۇڭلار؟ ـ دەيدۇ. ئۇلار بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، ـ دەيدۇ. ئاندىن الله تائالا: سىلەرنىڭ مۇشۇ بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز ۋاقىتتا قىلغان ئىشلىرىڭلار نېمە دېگەن ياخشى! سىلەر مېنىڭ رەھمىتىم، رازىلىقىم ۋە جەننىتىم ئىچىدە مەڭگۈدىن مەڭگۈگە قېلىڭلار! ـ دەيدۇ. ئاندىن الله تائالا (دوزاخقا كىرگەنلەرگە): ئى دوزىخىلار! سىلەر زېمىندا قانچە يىل تۇردۇڭلار؟ ـ دەيدۇ. ئۇلار: بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، ـ دەيدۇ. ئاندىن الله تائالا: سىلەرنىڭ مۇشۇ بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز ۋاقىتتا قىلغان ئىشلىرىڭلار نېمە دېگەن يامان! سىلەر مېنىڭ دوزىخىم ۋە غەزىپىم ئىچىدە مەڭگۈدىن مەڭگۈگە قېلىڭلار! ـ دەيدۇ».

## الله تائالانىڭ بەندىلەرنى بىكارغا ياراتمىغانلىقى

**﴿ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟﴾** يەنى سىلەر ئۆزەڭلارنى ھېچقانداق بىر مەقسەتسىز، غايىسىز ۋە ھېكمەتسىز، بىكارغا يارىتىلىپ قالدۇق دەپ ئويلامسىلەر؟ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سىلەر ئۆزلىرىڭلارنى: بىز خۇددى مۇكاپاتمۇ، جازامۇ بېرىلمەيدىغان ھايۋانلاردەك ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈنلا (بىكار) يارىتىلدۇق دەپ ئويلامسىلەر؟ ـ دېگەنلىك بولىدۇ دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. بىلىڭلاركى،

بىز پەقەت سىلەرنى ماڭا ئىبادەت قىلىش ۋە مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمنى ئىجرا قىلىشىڭلار ئۈچۈنلا ياراتتۇق. ھەممە سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئاخىرەتكە قايتمايتىمىز دەپ ئويلامسىلەر؟

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟﴾[1].

**﴿ھەق پادىشاھ الله ئۈستۈندۇر﴾** يەنى الله تائالا مەخلۇقاتلارنى ھېچقانداق بىر مەقسەتسىز يارىتىشتىن پاكتۇر. چۈنكى، ئۇ بارلىق كەمچىلىكلەردىن پاك بولغان ھەق ـ پادىشاھدۇر.

**﴿ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾** ئەرش بولسا، بارلىق مەخلۇقاتلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىن يۆگەپ تۇرىدىغان بىر نەرسىدۇر. الله تائالا بۇ ئايەتتە ئەرشنى ”ئۇلۇغ“ يەنى كۆرۈنۈشى ۋە شەكلى چىرايلىق دەپ سۈپەتلىدى.

*******

وَمَن يَدۡعُ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ لَا بُرۡهَٰنَ لَهُۥ بِهِۦ فَإِنَّمَا حِسَابُهُۥ عِندَ رَبِّهِۦٓۚ إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿١١٧﴾ وَقُل رَّبِّ ٱغۡفِرۡ وَٱرۡحَمۡ وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿١١٨﴾

كىمكى ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ھالدا الله غا قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ، كاپىرلار ھەقىقەتەن نىجات تاپمايدۇ﴿117﴾. «پەرۋەردىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىسەن» دېگىن﴿118﴾

## الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى ۋە مۇشرىكنىڭ نىجات تاپالمايدىغانلىقى

الله تائالا ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەن، الله تائالاغا باشقا بىرسىنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغان كىشىلەرگە تەھدىت سېلىپ ۋە الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلەرنىڭ (شېرىك كەلتۈرۈشىدە) ھېچقانداق ئاساسى يوقلۇقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿كىمكى ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ھالدا الله غا قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ﴾** يەنى الله تائالا بۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ.

**﴿كاپىرلار ھەقىقەتەن نىجات تاپمايدۇ﴾** يەنى قىيامەت كۈنى كاپىرلارغا قۇتۇلۇش ۋە

(1) قىيامەت سۈرىسى 36 ـ ئايەت.

نىجاتلىققا ئېرىشىش يولى يوقتۇر.

﴿«پەرۋەردىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىسەن» دېگىن﴾ يەنى بۇ، الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ الله تائالادىن ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشىنى، گۇناھلارنى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن مەخپىي تۇتۇشىنى، ئۆزىنى توغرا سۆز ۋە توغرا ئىش قىلىشتا ئۇتۇقلۇق قىلىشىنى تىلەشكە قىلغان بىر تەۋسىيەسىدۇر[1].

الله تائالاغا مىڭلارچە شۈكرى! شۇنىڭ بىلەن، مۆئمىنۇن سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

(1) بۇ ئەمەلىيەتتە الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈممەتلىرىگە قىلغان تەۋسىيەسى بولۇشى مۇمكىن.

# نۇر سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 64 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

سُورَةٌ أَنزَلۡنَٰهَا وَفَرَضۡنَٰهَا وَأَنزَلۡنَا فِيهَآ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٖ لَّعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ﴿١﴾ ٱلزَّانِيَةُ وَٱلزَّانِي فَٱجۡلِدُواْ كُلَّ وَٰحِدٖ مِّنۡهُمَا
مِاْئَةَ جَلۡدَةٖۖ وَلَا تَأۡخُذۡكُم بِهِمَا رَأۡفَةٞ فِي دِينِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمۡ تُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۖ وَلۡيَشۡهَدۡ عَذَابَهُمَا طَآئِفَةٞ مِّنَ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٢﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

(ئى مۇھەممەد!) بۇ بىر سۈرىدۇركى، ئۇنى بىز (ساڭا) نازىل قىلدۇق، ئۇنىڭدىكى (ئەھكاملارنى) پەرز قىلىپ بېكىتتۇق، (ئى مۆمىنلەر!) سىلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭدا (سىلەرنى ئەمەل قىلسۇن دەپ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق﴿1﴾. زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، الله نىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار، ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۆمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن﴿2﴾.

## بۇ سۈرىنىڭ ئەھمىيىتى

الله تائالانىڭ: **﴿ئى مۇھەممەد!) بۇ بىر سۈرىدۇركى، ئۇنى بىز (ساڭا) نازىل قىلدۇق﴾** دېگەن ئايىتى بۇ سۈرىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**﴿ئۇنىڭدىكى (ئەھكاملارنى) پەرز قىلىپ بېكىتتۇق﴾** مۇجاھىد ۋە قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز ئۇنىڭدا ھالال - ھارامنى، بۇيرۇق - چەكلىمىلەرنى ۋە (جىنايەتلەرگە

بېكىتىلگەن) بەلگىلىمىلەرنى بايان قىلدۇق، ـ دېدى.

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى سىلەرگە ۋە سىلەردىن كېيىن كېلىدىغانلارغا پەرز قىلىپ بېكىتتۇق دېگەن بولىدۇ دەيدىغانلارمۇ بار، ـ دېدى.

**﴿(ئى مۆمىنلەر!) سىلەرنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭدا (سىلەرنى ئەمەل قىلسۇن دەپ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق﴾**.

## زىنا قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ بايانى

**﴿زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار﴾** بۇ ئايەتتە زىنا قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ ھۆكمى بار. زىنا قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازا (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا بولىدۇ) نىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: زىنا قىلغۇچى (مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن) توي قىلغان ياكى قىلمىغان، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ھۆر، بالاغەتكە يەتكەن تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەم بولىدۇ.

زىنا قىلغۇچى تېخى توي قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك يۈز قامچا ئۇرۇشتۇر. ئۇرۇلغان يۈز قامچىدىن سىرت ئۇ يەنە باشقا يۇرتقا بىر يىل پالىنىدۇ. تۆۋەندىكى ھەدىس باشقا يۇرتقا بىر يىل پالىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە ۋە زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنىلەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەھرالىق ئىككى ئەرەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا دەۋالىشىپ كېلىپ، بىرى: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ئوغلۇم بۇنىڭ قېشىدا نىمكا (ئىشلەمچى) ئىدى. ئوغلۇم بۇنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئوغلۇمنىڭ ئورنىغا، بۇنىڭدا يۈز قوي ۋە بىر چۆرە بەردىم. ئاندىن ئىلىملىك كىشىلەردىن (بۇ ھەقتە) سورىسام، ئۇلار ماڭا ئوغلۇمنى يۈز قامچا ئۇرۇش ۋە بىر يىل پالاشنى، بۇنىڭ ئايالىنى چالما ـ كېسەك قىلىشنى ئېيتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنىم قولىدا بولغان زات الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئىككىڭلارنىڭ ئارىلىقىدا الله تائالانىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن[1]، چۆرە ۋە قويلار ساڭا قايتۇرۇلىدۇ. (ئەمما) ئوغلۇڭ يۈز قامچا ئۇرۇلىدۇ ۋە بىر يىل پالىنىدۇ.

---

(1) ئەگەر بىرى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئىككىڭلارنىڭ ئارىلىقىدا الله تائالانىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن» دەپ ھېلىقى ئايالنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى. الله تائالانىڭ كىتابىدا چالما ـ كېسەك قىلىش ھەققىدە ئايەت بولمىسا، بۇ ھەدىستە دېيىلگەن كىتابتىن زادى نېمە مەقسەت قىلىنىدۇ؟ ـ دەپ سورىسا، بىز ئۇنىڭغا جاۋابەن تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىمىز:
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدىكى: «الله تائالانىڭ كىتابى بىلەن» دېگەن سۆزىدىن مۇنداق ئىككى خىل ئىش مەقسەت قىلىنىدۇ:
1 ـ بەندىلەرنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن الله تائالانىڭ ھۆكۈملىرى.
2 ـ الله تائالانىڭ: **﴿ئاياللىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى (ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار؛ ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسە (يەنى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ ئايالنىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلىسا) تاكى ئاياللىرىڭلار ۋاپات بولغانغا ياكى الله ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇڭلار﴾** (نىسا سۈرىسى 15 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتىنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، زىنا قىلغۇچىلارنى 100 قامچا ئۇرۇشقا بۇيرىغان نۇر سۈرىسىدىكى مەزكۇر ئايەت چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر مەندىن بۇ (ھۆكۈمنى) ئېلىۋېلىڭلار، مەندىن بۇ (ھۆكۈمنى) ئېلىۋېلىڭلار، ھەقىقەتەن الله تائالا زىنا قىلىپ قالغانلارغا بىر چىقىش يولى بەردى. توي قىلمىغان ئەر بىلەن توي قىلمىغان ئايالدىن بىرسى زىنا قىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ جازاسى 100 قامچا ئۇرۇش ۋە بىر

ئاندىن ئەسلەم قەبىلىسىدىن بولغان بىر كىشىگە: ئى ئۇنەيس! سەھەردە بۇ كىشىنىڭ ئايالىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن زىنا قىلغانلىقىنى ياكى قىلمىغانلىقىنى سورىغىن. ئەگەر ئۇ ئايال (زىنا قىلغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلسا، ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلغىن» دېدى. ئەتىسى سەھەردە ئۇنەيس ئۇ ئايالىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن زىنا قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنەيس ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلدى.

مانا بۇ، ھەدىستە توي قىلماي تۇرۇپ زىنا قىلغۇچىنىڭ يۈز قامچا ئۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، بىر يىل[1] پالىنىدىغانلىقىغا دەلىل بار[2].

---

يىل پالاشتۇر. توي قىلغان ئەر بىلەن توي قىلغان ئايالدىن بىرسى زىنا قىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ جازاسى 100 قامچا ئۇرۇش بىلەن چالما ـ كېسەك قىلىشتۇر» دېدى. يەنى ھەدىستە تىلغان ئېلىنغان **الله** تائالانىڭ كىتابىدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغان مەقسەت بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ **الله** تائالانىڭ نىسا سۈرىسىدىكى: ﴿**ياكى الله ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر**﴾ دېگەن ئايىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: «توي قىلغان ئەر بىلەن توي قىلغان ئايالدىن بىرسى زىنا قىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ جازاسى 100 قامچا ئۇرۇش بىلەن چالما ـ كېسەك قىلىشتۇر» دېگەن سۆزىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توي قىلماي تۇرۇپ زىنا قىلغان خىزمەتكارنى 100 قامچا ئۇرۇش بىلەن بىر يىل پالاشقا، توي قىلىپ بولۇپ زىنا قىلغان ئايالنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى.

(1) بىر يىل پالاش ھازىرقى زاماندا بىر يىل تۈرمىگە تاشلاش بىلەنمۇ ئىجرا قىلىنسا بولىدۇ.

(2) ئىمام مالىك، شافىئى ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق ئىماملار: بىر يىل پالاش، زىنا قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ تولۇقلىنىدۇر، دەيدۇ. بۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىستۇر.

ئەمما ھەنەپىي مەزھەبىدىكىلەر بولسا: بىر يىل پالاش زىنا قىلغۇچىلارغا بېرىلىشى لازىم بولغان جازانىڭ تولۇقىدىن ئەمەس، ئۇ ئەسلى زىنا قىلغۇچىلارغا بېرىلىشى لازىم بولغان جازانىڭ سىرتىدا (ئەھۋالغا قاراپ) بېرىلىدىغان بىر جازادۇر. ئەگەر ھاكىم خالىسا بۇ جازانى بېرىدۇ، خالىسا بەرمەيدۇ، ـ دەيدۇ. بۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

بىرىنچى، ھەدىستە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدى: «ئەگەر چۆرىنىڭ زىنا قىلغانلىقى ئاشكارىلانسا، خوجايىنى ئۇنى جازالاش يۈزىسىدىن قامچىلىسۇن ۋە لېكىن ئۇنىڭغا تاپا ـ تەنە قىلمىسۇن. ئەگەر ئۇ يەنە زىنا قىلسا، ئۇنى بىر تال ئارغامچىغا بولسىمۇ سېتىپ بېرىۋەتسۇن». مانا بۇ ھەدىستىن بىر يىل پالاشنىڭ زىنا قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ قاتارىدا بايان قىلىنمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەگەر بىر يىل پالاش زىنا قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ ئىچىدە بولىدىغان بولسا، ئۇ بۇ يەردە ئەلۋەتتە بايان قىلىنغان بولاتتى.

ئىككىنچى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەگەر توي قىلمىغان قىز ـ ئوغۇل زىنا قىلسا، ئۇلار پەقەت قامچىلىنىدۇ، لېكىن پالانمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى يىراقلارغا پالىۋېتىش ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەبىئە ئىبنى ئۇمەييەنى ھاراق ئىچكەنلىكى ئۈچۈن خەيبەرگە پالىغان ئىدى. ئۇ (خەيبەردە) خىرىستىئان دىنىغا كىرىپ ھىرەقلىنىڭ قېشىغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنى پالىمايمەن، ـ دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزنى قىلغاندا: زىنا قىلغۇچىلارنى پالايمەن، باشقىلارنى پالىمايمەن، ـ دېمەستىن: ھېچكىمنى پالىمايمەن، ـ دېگەن.

تۆتىنچى، ئايەتتە زىنا قىلغۇچىلارنى 100 قامچا ئۇرۇش بايان قىلىنىدى. ئەمما بىر يىل پالاش بولسا، بىر ياكى ئىككى كىشى ئارقىلىق رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە بايان قىلىنىدى. ئەگەر بىر يىل پالاشنى زىنا قىلغۇچىلارغا بېرىلىشى لازىم بولغان جازانىڭ تولۇقىدىن دەپ قارىساق، بۇ قاراش مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولىدۇ. بىر ياكى ئىككى كىشى ئارقىلىق رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بىلەن ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەرگىز دۇرۇس ئەمەستۇر. شۇڭا توي قىلمىغان تۇرۇپ زىنا قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى پەقەت 100 قامچا ئۇرۇشتۇر. ئەمما بىر يىل پالاش بولسا، ئۇ جازادىن ئايرىم بىر جازادۇر. ئەگەر ھاكىم بۇ جازانى ئىجرا قىلغاندا، ئۇنىڭ بىرەر پايدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتسا، ئۇنى ئىجرا قىلسا بولىدۇ. ئەگەر ھاكىم ئۇ جازانىڭ بىرەر يامان ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرۈپ

ئەمما توي قىلغان، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ھۆر، بالاغەتكە يەتكەن تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭ جازاسى چالما ـ كېسەك قىلىشتۇر. تۆۋەندىكى ھەدىس بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتىدۇر. ئىمام مالىك مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (كىشىلەرگە) تەشۋىق قىلىشنى باشلاپ (ئاۋۋال) الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتتى. ئاندىن مۇنداق دېدى: مەقسەتكە كەلسەك، ئى خالايىق! شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەقىقەت بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇنىڭغا كىتابنى چۈشۈردى. ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن ئايەتلەرنىڭ ئىچىدە زىناخورنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇيدىغان ئايەتمۇ بار ئىدى. بىز ئۇ ئايەتنى ئوقۇغان ۋە مەنىسىنى چۈشەنگەن ئىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ زىنا قىلغۇچىلارنى چالما ـ كېسەك قىلغان ئىدى ۋە بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن زىنا قىلغۇچىلارنى چالما ـ كېسەك قىلدۇق. مەن زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرنىڭ: الله تائالانىڭ كىتابى بولغان قۇرئاندا زىنا قىلغۇچىلارنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى كۆرمىدۇق دەپ، زىنا قىلغۇچىلارنى چالما ـ كېسەك قىلىشتىن ئىبارەت بىر پەرزنى تاشلىۋېتىش ئارقىلىق ئېزىپ كېتىشىدىن قورقىمەن. بىلىپ قويۇڭلاركى، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، بىر كىشىنىڭ توي قىلىپ بولۇپ زىنا قىلغانلىقى دەلىل ـ پاكىت ئارقىلىق ياكى قورساق كۆتۈرۈش ۋە ياكى ئېتىراپ قىلىشى بىلەن ئىسپاتلانسا، ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىش الله تائالانىڭ كىتابىدا بار بولغان بىر ھەقىقەتتۇر. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى[1].

---

يەتسە، بۇ جازانى يۈرگۈزمىسىمۇ بولىدۇ.

(1) توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغۇچىلارنى چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمى مۇسۇلمانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا يولغا قويۇلغاندىن باشلاپ تاكى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا پەيدا بولۇپ چىققان خاۋارىجلارنىڭ زامانىغا كەلگەنگە قەدەر ھېچ بىر كىشىنىڭ ئىنكار قىلىشىغا ئۇچرىماي ئىجرا قىلىنىپ كېلىنگەن ئىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدىن ئايرىلىپ چىققان خاۋارىجلار ئۆز ئالدىغا پىرىنسىپ تۈزۈپ، دىن نامىدىن بەزى ھۆكۈملەرنى پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە، ھېچبىر دەلىل ـ ئاساسى يوق، تۇتامسىز سەپسەتىلىرى بىلەن، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشىنى چالما ـ كېسەك قىلىشتىن ئىبارەت الله تائالانىڭ ھۆكمىنى ئىنكار قىلدى.

الله تائالاغا شۈكرى! خاۋارىجلار تۈگەپ، ئاساسي جەھەتتىن ئېزى قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىغا چىقارغان ئۇ سەپسەتىلەر بەزەن ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە بىخلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى بۇ يەردە كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيەلەرنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

خاۋارىجلار توي قىلىپ بولۇپ زىنا قىلغانلارنى چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىنى ئىنكار قىلىشتا ئۆزلىرىنىڭ مۇنداق ئۈچ خىل كۆز قارىشىغا ئاساسلىنىدۇ:

1 ـ چالما ـ كېسەك قىلىش جازاسى ئىسلام دىنىدا گۇناھكارلارغا بېرىلىدىغان جازالارنىڭ ئەڭ ئېغىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ جازانىڭ ھۆكمى ئەلۋەتتە قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق بايان قىلىنىشى لازىم. ئەمما ئۇ قۇرئاندە ئوچۇق بايان قىلىنمىغان ئىكەن، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئىسلام دىنىدا يوق بىر ھۆكۈم دەپ قاراشقا بولىدۇ.

2 ـ الله تائالانىڭ: **﴿ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك﴾** دېگەن (نىسا سۈرىسىنىڭ) ئايىتىدە چۆرىگە (زىنا قىلغانلىقى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازا) ھۆرگە بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بولىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بولسا يېرىم ـ يېرىمدىن قىلىپ ئىككىگە بۆلگىلى بولمايدىغان بىر جازادۇر. يەنى چالما ـ كېسەك قىلىپ بىر ئىنساننىڭ يېرىمىنى ئۆلتۈرۈپ، يېرىمىنى تىرىك قويغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئايەتتىكى جازادىن چالما ـ كېسەك قىلىش جازاسى ئەمەس، قامچا بىلەن ئۇرۇش جازاسى مەقسەت قىلىنىدۇ. توي قىلىپ بولۇپ زىنا قىلغان چۆرىنىڭ جازاسى چالما ـ كېسەك قىلىش ئەمەس، قامچىلاش بولغان ئىكەن، توي قىلىپ بولۇپ زىنا قىلغان ھۆر ئايالنىڭمۇ جازاسى قامچىلاش بولۇشى لازىم.

3 ـ قۇرئاندا ئوچۇق بايان قىلىنغان زىنا قىلغانلارنى 100 قامچا ئۇرۇش ھۆكمى بولسا، مەيلى توي قىلىپ بولۇپ زىنا

قىلغانلار بولسۇن ياكى تويى قىلماي تۇرۇپ زىنا قىلغانلار بولسۇن زىنا قىلغان ھەممە كىشىگە ئومۇمىيدۇر. تويى قىلىپ بولۇپ زىنا قىلغانلارنى 100 قامچا ئۇرۇش ھۆكمىدىن ئايرىپ چىقىرىپ، چالما ـ كېسەك قىلىش بولسا، قۇرئانغا ئەمەل قىلمىغانلىق بولىدۇ.

مانا بۇلار، خاۋارىجلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان سەپسەتىلىرىنىڭ دەلىللىرىدۇر.

ئۇلارغا تۆۋەندىكىچە رەددىيە بېرىلىدۇ:

1 ـ چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىنىڭ قۇرئاندا ئوچۇق بايان قىلىنمىغانلىقى ھەرگىزمۇ بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىسلام دىنىدا يولغا قويۇلمىغان بىر ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنىدا قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق بايان قىلىنمىغان، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە بايان قىلىش ئارقىلىق يولغا قويغان نۇرغۇنلىغان ھۆكۈملەر بار. چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىمۇ شۇ ھۆكۈملەرنىڭ بىرىدۇر.

مەسىلەن، الله تائالا قۇرئاندا سۈت ئانىلارنى ۋە ئىملداش ھەمشىرىلەرنى ئېلىشنى ھارام قىلدى. ئەمما بىر ئايالنى ئەمگەن قىز بالىنى، ئۇنى ئېمىتكەن شۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئېلىشىنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقى ھەققىدە قۇرئاندا ئوچۇق بىر ھۆكۈم كەلمىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس ئارقىلىق ئۇ كىشىنىڭ شۇ قىزنى ئېلىشىنىڭ ھاراملىقىنى بايان قىلدى.

الله تائالا ھەشر سۈرىسىدىكى: ﴿**پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار**﴾ دېگەن ئايىتى ئارقىلىق بىزلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا الله تائالانىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تاللانغان بىر زاتتۇر. ئۇنىڭ يولغا قويغان ھەر بىر ھۆكمى الله تائالانىڭ ھۆكمىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ: «تويى قىلغان ئەر بىلەن تويى قىلغان ئايالدىن بىرسى زىنا قىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ جازاسى 100 قامچا ئۇرۇش بىلەن چالما ـ كېسەك قىلىشتۇر» دېگەن ھەدىسى ۋە زىنا قىلىپ سالغان بىر نەچچە ساھابىنى چالما ـ كېسەك قىلىش ئارقىلىق سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن بۇ ھۆكۈمنى رەسمىي يوسۇندا يولغا قويدى ۋە بۇنى ئىسلام دىنىنىڭ بىر ھۆكمى قىلىپ بېكىتتى.

شۇڭا خاۋارىجلار ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنى ئۇنىڭ: تويى قىلىپ بولۇپ زىنا قىلغانلار چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ، ـ دېگەنلىكى ئۈچۈن تەنقىد قىلغاندا، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا قۇرئاندا بايان قىلىنمىغان، ئەمما ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان نامازلارنىڭ رەكئەت سانىغا ۋە زاكاتنىڭ مىقدارلىرىغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى قويۇش بىلەن ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىغان ئىدى. يەنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز خاۋارىجلارغا: ئەگەر سىلەر قۇرئاندا بايان قىلىنغان ھۆكۈمگىلا ئەمەل قىلىمىز، ھەدىستە بايان قىلىنغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمايمىز، ـ دېسەڭلار، ناماز ئوقۇش ۋە زاكات بېرىش قۇرئاندا بايان قىلىندى. ئەمما نامازنىڭ قايسىسىنىڭ قانچە رەكئەت ئىكەنلىكى، مال ـ مۈلۈكنىڭ قانچىلىك مىقدارغا يەتكەندە، ئۇنىڭدىن قانچىلىك زاكات بېرىدىغانلىقى ھەققىدە قۇرئاندا ھېچقانداق بايان كەلمىدى، سىلەر بۇلارغا قانداق قارايسىلەر؟ ـ دېگەن سوئالنى قويدى. ئۇلار: بۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرى ئارقىلىق بايان قىلدى. بىز ھەدىستە قانداق بايان قىلىنغان بولسا، شۇنداق قارايمىز، ـ دېدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز: ئۇنداق بولسا تويى قىلىپ بولۇپ زىنا قىلغانلارنى چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىمۇ ھەدىستە بايان قىلىندى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار سۆزدە يېڭىلىپ گەپ قىلالماي قالدى.

2 ـ الله تائالانىڭ: ﴿**ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك**﴾ دېگەن (نىسا سۈرىسىنىڭ) بۇ ئايىتىدە خاۋارىجلارنىڭ كۆز قارىشىنى كۈچلەندۈرىدىغان ھېچقان دەلىل ـ پاكىت يوقتۇر. بۇ ئايەتنىڭ تويى قىلىپ بولۇپ زىنا قىلغان چۆرىلەرنىڭ جازاسىنى بايان قىلىپ كەلگەن بىر ئايەت ئىكەنلىكى راست. بىراق بىر ئىنساننىڭ يېرىمىنى ئۆلتۈرۈپ، يېرىمىنى تىرىك قويۇش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئايەتتىن مەقسەت قىلىنىدىغان جازا بولسا، چالما ـ كېسەك قىلىش جازاسى ئەمەس، بەلكى قامچىلاش جازاسىدۇر. ئەمما بۇ جازا خاۋارىجلار دېگەندەك تويى قىلىپ بولۇپ زىنا قىلغان چۆرىلەر ۋە ھۆر ئاياللارغا نىسبەتەن ئورتاق قوللىنىدىغان ئومۇمىي جازا ئەمەستۇر. ئەقىل ئارقىلىق ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى خاسلاشتۇرۇش قائىدىسى بويىچە قارىغاندا، بۇ جازانىڭ پەقەت تويى قىلىپ بولۇپ زىنا قىلغان چۆرىگىلا بېرىلىدىغان جازا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز ۋە ئايەتنىڭ ھۆكمىنى پەقەت تويى قىلىپ بولۇپ زىنا قىلغان چۆرىلەرگىلا خاسلاشتۇرىمىز. ئەقىل ئارقىلىق ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى خاسلاشتۇرۇش ئالىملار ئوتتۇرىسىدا قوبۇل قىلىنغان بىر مەسىلىدۇر. قۇرئاندا يەنە بۇنىڭدىن باشقا ئەقىل ئارقىلىق مەنىسى خاسلاشتۇرۇلغان ئايەتلەر بار.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، چالما ـ كېسەك قىلىنىدىغان زىناخورلاردا تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر چۆرىلەردە تېپىلمايدۇ. تۆت مەزھەب ئىماملىرى بىر ئىنساننىڭ چالما ـ كېسەك قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولغان، ھۆر، زىنا قىلغان ۋە راستىنلا توي قىلىپ بولغان بولۇشتەك بەش خىل ئىشنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلدى.

ئۇلارنىڭ بۇ شەرتى بويىچە بولغاندا، كىمدە بۇ شەرتلەرنىڭ بىرەرسى تېپىلماي قالسا، ئۇ چالما ـ كېسەك قىلىنمايدۇ. چۆرىدە ھۆر بولۇش دېگەن شەرت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ چالما ـ كېسەك قىلىنماستىن، ئەكسىچە قامچا بىلەن ئۇرۇلىدۇ.

3 ـ خاۋارىجلارنىڭ: قۇرئاندا ئوچۇق بايان قىلىنغان زىناخورلارنى 100 قامچا ئۇرۇش، مەيلى توي قىلىپ بولۇپ زىنا قىلغان بولسۇن ياكى توي قىلماي تۇرۇپ زىنا قىلغان بولسۇن، بارلىق زىنا قىلغانلارغا ئومۇمىيدۇر، ـ دېگەن سۆزى شەرىئەت ھۆكۈملىرى ھەققىدە بىر نەرسە بىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان نادان سۆزدۇر.

ئىسلام دىنىدا قۇرئاندا ئومۇمىي ھالىتىدە كەلگەن، ئەمما ھەدىس ئارقىلىق خاسلاشتۇرۇپ بايان قىلىنغان ھۆكۈملەر بار. مەسىلەن، ﷲ تائالانىڭ: ﴿**ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋەئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ﷲ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار**﴾ دېگەن (مائىدە سۈرىسىدىكى) بۇ ئايىتى ئومۇمىي ئايەتتۇر. بۇ ئايەتكە ئاساسەن، ئوغرىلىق قىلغان كىشى مەيلى ئۇ ئەڭ ئاددىيسى يىڭنە چاغلىق بىر نەرسە ئوغرىلىسۇن ياكى ئۇنىڭدىن چوڭ بىر نەرسە ئوغرىلىسۇن، ئوغرىلىق قىلغان بولسىلا، ئۇنىڭ قولىنى كېسىش لازىم بولىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى بۇ ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى خاسلاشتۇرۇپ، ئەگەر ئوغرى ئەڭ ئاددىيسى ئون تەڭگىنىڭ قىممىتىگە باراۋەر كەلگۈدەك بىر نەرسە ئوغرىلىسا، ئۇنىڭ قولىنىڭ كېسىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئاز بىر نەرسە ئوغرىلىسا، ئۇنىڭ قولىنىڭ كېسىلمەيدىغانلىقىنى بېكىتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توي قىلىپ بولۇپ زىنا قىلغانلارنى چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمى زىناخورلارنى 100 قامچا ئۇرۇشقا بۇيرۇپ چۈشكەن نۇر سۈرىسىنىڭ ئايىتى چۈشۈشتىن بۇرۇن بولغان بولۇپ، نۇر سۈرىسىدىكى مەزكۇر ئايەت نازىل بولۇپ چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى دەپ قارايدىغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

بىز بۇ ھەقتە ئازراق ئىزدەنسەكلا مەسىلىنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

زىناخورلارنى 100 قامچا ئۇرۇشقا بۇيرۇغان ئايەت ھىجرىيەنىڭ ئالتىنچى يىلى يۈز بەرگەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بوھتان چاپلاش ۋەقەسىنىڭ سەۋەبى بىلەن چۈشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مائىز، غامىدىلىك ئايال ۋە ئۆزىنىڭ خىزمەتكارى بىلەن زىنا قىلغان ھېلىقى ئايال قاتارلىق بىر نەچچە ساھابىنى زىنا قىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن چالما ـ كېسەك قىلدى.

بۇ چالما ـ كېسەك قىلىش جازالىرىنى ئىجرا قىلىشنىڭ بەزىسىگە ئەبۇھۇرەيرە ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ قاتناشتى. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، ھىجرىيەنىڭ يەتتىنچى يىلى مۇسۇلمان بولغان، ئىبنى ئابباس بولسا، ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى ئانىسى بىلەن مەدىنىگە كەلگەن. دېمەك ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى جازانى ئىجرا قىلىشقا قاتناشقان ۋاقتىدىن قارىغاندا، چالما ـ كېسەك جازاسى 100 قامچا ئۇرۇشقا بۇيرۇپ ئايەت چۈشكەندىن كېيىنمۇ داۋام قىلغان.

ئۇنداق بولغان ئىكەن، 100 قامچا ئۇرۇش ھۆكمى چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىغان بولىدۇ. چۈنكى، بىرەر ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدىغان ھۆكۈمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغۇچى ھۆكۈمدىن كېيىن نازىل بولۇشى ۋە بۇ ھۆكۈم چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ھۆكۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھۆكۈمگە قايتا قەتئىي ئەمەل قىلىنماسلىقى لازىمدۇر. ئەمما بۇ مەسىلىدىن چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىگە ئەمەل قىلىشنىڭ 100 قامچا ئۇرۇشقا بۇيرۇپ نازىل بولغان ھۆكۈمدىن كېيىنمۇ داۋاملاشقانلىقىنى روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «ﷲ تائالادىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مېنىڭ ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق ئېيتقانلاردىن تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك كىشىدىن باشقا بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال بولمايدۇ. ئۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشى، تۇرمۇشقا چىقىپ بولۇپ زىنا قىلغان كىشى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ۋە ئىسلام دىنىنى تاشلاپ مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدىن چىقىپ كەتكەن كىشىدۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. مانا بۇ، ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ھەدىستۇر.

چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن تۆت خەلىپىنىڭ زامانىدىمۇ ئىجرا قىلىنغان بولۇپ، تۆۋەندىكى ئەسەر بۇنىڭ دەلىلىدۇر: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر جۈمە كۈنى زىنا قىلغان بىر ئايالنى چالما ـ كېسەك قىلىپ بولۇپ: مەن بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىگە ئەمەل قىلىپ چالما ـ كېسەك قىلدىم، ـ دېگەن.

## زىنا قىلغۇچىلارغا جازا بەرگەن ۋاقىتتا ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتماسلىق

﴿الله نىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار﴾ يەنى سىلەر الله تائالانىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئۇ ئىككىسىگە رەھىمدىللىك قىلماڭلار. بۇ يەردە چەكلەنگىنى بۇ جازانى يۈرگۈزمەكچى بولغاندا، ئىنساندا تەبىئىي تېپىلىدىغان رەھىمدىللىك بولماستىن، بەلكى جازانى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولغان ھاكىم ـ قازىلارنى ئىجرا قىلىش پەرز بولغان بىر ھۆكۈمنى ئىجرا قىلماسلىققا ئېلىپ بارىدىغان رەھىمدىللىكتۇر. رەھىمدىللىك قىلىش يۈزىسىدىن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلماسلىق توغرا ئەمەستۇر.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش مەسىلىسى پادىشاھقا يەتكۈزۈلسە، ئۇ ھۆكۈمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلماي ئىجرا قىلىنىشى لازىمدۇر.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە ئەتا ئىبنى ئەبۇرىباھ قاتارلىقلاردىنمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق رىۋايەت قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «(بىرەر جىنايەت ئۈچۈن بېرىلىش لازىم بولۇپ قالغان) جازا ھۆكۈملىرىنى ئۆز ئارا كەچۈرۈۋېتىڭلار. مۇبادا ئۇ ماڭا يەتكۈزۈلۈپ قالسا، ئۇنى ئىجرا قىلىش لازىم بولىدۇ».

﴿ئەگەر سىلەر الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار﴾ يەنى سىلەر الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىپ، ئىشەنگەن كىشىلەر بولساڭلار، ھۆكۈملەرنى زىنا قىلغۇچىلارغا ئىجرا قىلىڭلار ۋە ئۇلاردەك زىنا قىلىشنى ئويلىشىپ تۇرۇۋاتقانلار ئىبرەت ئېلىپ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدىن قايتىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق (ئۇرۇپ بىرەر يەرلىرىنى سۇندۇرۇۋەتكۇدەك دەرىجىدە ئەمەس) ئۇرۇڭلار.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرى: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن قوي بوغۇزلاۋېتىپ ئۇنىڭغا رەھىم كېلىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ساۋاب يېزىلىدۇ» دېدى.

## جازا ھۆكۈملىرىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىشنىڭ لازىملىقى

﴿ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۆمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن﴾ يەنى زىنا قىلغۇچىلارنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قامچىلاش ئۇلارنى خىجالەتچىلىككە تاشلايدىغان ۋە ئۇسال ئەھۋالغا قويىدىغان بىر ئىش بولۇپ، بۇ ئىش ئۇلارنى شۇ يامان قىلمىشتىن ياندۇرۇش ئۈچۈن بەك پايدىلىقدۇر. شۇڭا ھەسەن بەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: (يەنى ئۇلارنى قامچىلاش) ئوچۇق ـ ئاشكارا بولسۇن دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

******

---

مانا بۇلار، چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ باقمىغانلىقىنى ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىسپاتلاردۇر.

ٱلزَّانِى لَا يَنكِحُ إِلَّا زَانِيَةً أَوْ مُشْرِكَةً وَٱلزَّانِيَةُ لَا يَنكِحُهَآ إِلَّا زَانٍ أَوْ مُشْرِكٌ ۚ وَحُرِّمَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٣﴾

زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ، ئۇ (يەنى زىنا) مۆمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴿3﴾.

**﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ﴾** يەنى **الله** تائالا بۇ ئايەتتە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ (زىنا قىلىش) تەلپىگە پەقەت (ئۆزىگە ئوخشاش ئىستىلى بۇزۇق) زىنا قىلىدىغان ئايال ۋە ياكى زىنانى ھارام دەپ قارىمايدىغان مۇشرىك ئاياللا قوشۇلىدۇ، ـ دەپ خەۋەر بەردى.

**﴿زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ﴾** يەنى شۇنىڭدەك زىنا قىلغۇچى ئايالنىڭ (زىنا قىلىش) تەلپىگە پەقەت (ئۆزىگە ئوخشاش ئىستىلى بۇزۇق) زىنا قىلىدىغان ئەر ۋە ياكى زىنانى ھارام دەپ قارىمايدىغان مۇشرىك ئەرلا ماقۇل بولىدۇ.

**﴿ئۇ (يەنى زىنا) مۆمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾** يەنى زىنا قىلىش، ئىستىلى بۇزۇق ئاياللار بىلەن توي قىلىش ياكى ئىپپەتلىك ئاياللارنى ئىستىلى بۇزۇق ئەرلەرگە ياتلىق قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر.

قەتادە ۋە مۇقاتىل ئىبنى ھەييان مۇنداق دېدى: **الله** تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئىستىلى بۇزۇق ئاياللارنى ئېلىشىنى ھارام قىلدى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سىلەردىن مۆمىن ئاياللاردىن ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار قول ئاستىدىكى مۆمىن چۆرىلەردىن ئالسۇن. **الله** ئىمانىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىگە قاراپ ئېلىۋېرىڭلار، ئىچكى ئەھۋالىنى **الله** غا تاپشۇرۇڭلار). سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن دىنداشسىلەر، ئۇلارنىڭ خوجىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالساڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا مەھرىلىرىنى كېمەيتىۋەتمەستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن بېرىڭلار. لېكىن، ئۇلار ئاشكارا زىنا قىلمايدىغان، يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمايدىغان ئەففە بولۇشلىرى كېرەك﴾[1]، ﴿بۇلاردىن (يەنى يۇقىرىدىكى ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئاياللاردىن) باشقىلىرىنى زىنادىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا، ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىپ (يەنى مەھرىنى بېرىپ) نىكاھلاپ ئېلىشىڭلار ھالال قىلىندى﴾[2].

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇممۇمەھزۇل ئىسىملىك زىنا قىلىدىغان بىر ئايال بار ئىدى. مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى بۇ ئايال بىلەن توي قىلىش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ كەلدى. (ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئايال بىلەن توي قىلسا) ئۇ ئايال ئۇ كىشىنىڭ چىقىملىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى باقىدىغانغا كېلىشكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ ئايالنى ئېلىش ـ ئالماسلىق توغرىسىدا رۇخسەت سوراپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: **﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ، ئۇ (يەنى زىنا) مۆمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەردى.

(1) نىسا سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نىسا سۈرىسى 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قامچىلانغان زىناخور ئۆزىگە ئوخشاش زىناخور بىلەن توي قىلىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد مۇشۇنداق رىۋايەت قىلدى.

*******

وَٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ثُمَّ لَمۡ يَأۡتُواْ بِأَرۡبَعَةِ شُهَدَآءَ فَٱجۡلِدُوهُمۡ ثَمَٰنِينَ جَلۡدَةٗ وَلَا تَقۡبَلُواْ لَهُمۡ شَهَٰدَةً أَبَدٗاۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلۡفَٰسِقُونَ ﴿٤﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ وَأَصۡلَحُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٥﴾

ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەر بىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80 نى ئۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئەففە ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرويىنى تۆككەن ئادەملەردۇر)، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، **الله** نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر) ﴿4﴾. كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر (يەنى ئەففە ئاياللارغا قايتا تۆھمەت چاپلىمىغانلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا (ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار، گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىڭلار)، چۈنكى **الله** مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى بەندە تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزەتسە، ئۇنى **الله** مەغپىرەت قىلىدۇ)، تولىمۇ مېھرىباندۇر ﴿5﴾.

## زىنا قىلدى دەپ بوھتان چاپلىغۇچىلارنىڭ جازاسى

بۇ ئايەتتە ھۆر، بالاغەتكە يەتكەن، ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا قىلدى دەپ قارىلىغۇچىلارنىڭ جازاسى بايان قىلىنىدۇ. ئەگەر قارىلانغۇچى ئايال بولماي (ھۆر، بالاغەتكە يەتكەن، ئىپپەتلىك) ئەرلەر بولسىمۇ، قارىلىغۇچى يەنىلا قامچىلىنىدۇ. ئەگەر قارىلىغۇچى دېگەن گېپىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە پاكىت تۇرغۇزالىسا قامچىلانمايدۇ.

شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەر بىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80 نى ئۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئەففە ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرويىنى تۆككەن ئادەملەردۇر)، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر)**﴾ يەنى بۇ ئايەت قارىلىغۇچى دېگەن گېپىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى پاكىت بىلەن ئىسپاتلىيالمىغان شارائىت ئاستىدا، ئۇنىڭغا ئۈچ تۈرلۈك ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلدى. بىرىنچىسى، 80 قامچا ئۇرۇلىدۇ. ئىككىنچىسى، گۇۋاھلىقى مەڭگۈ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۈچىنچىسى، پاسىق دەپ قارىلىدۇ. يەنى **الله** تائالانىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئادىل ھېسابلانمايدۇ.

## بوھتان چاپلىغۇچىنىڭ تەۋبىسىنىڭ بايانى

﴿**كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر (يەنى ئەففە ئاياللارغا قايتا تۆھمەت چاپلىمىغانلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا (ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار، گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىڭلار)، چۈنكى الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى بەندە تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزەتسە، ئۇنى الله مەغپىرەت قىلىدۇ)، تولىمۇ مېھرىباندۇر**﴾ يەنى ئۇنىڭ تەۋبە قىلىشى بىلەن (ئۇنىڭدىن) گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن پاسىقلىق سۈپىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان قامچا جازاسى مەيلى ئۇ تەۋبە قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن "پاسىق" دېگەن سۈپەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئادىل دېگەن سۈپەت بېرىلىدۇ. بۇ ھۆكۈم تابىئىنلارنىڭ پېشۋاسى بولغان سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن ۋە بىر تۈركۈم سەلەپ ئالىملىرىدىن رىۋايەت قىلىنىدى.

شەئبى ۋە زەھھاك: قارىلىغۇچى تاكى ئۆزىنىڭ قارا چاپلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغۇچە، تەۋبە قىلغان تەقدىردىمۇ، گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قارا چاپلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، ئاندىن ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ، ـ دېدى. الله راستىنى بىلگۈچىدۇر.

*******

وَٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ أَزۡوَٰجَهُمۡ وَلَمۡ يَكُن لَّهُمۡ شُهَدَآءُ إِلَّآ أَنفُسُهُمۡ فَشَهَٰدَةُ أَحَدِهِمۡ أَرۡبَعُ شَهَٰدَٰتِۭ بِٱللَّهِ إِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ
﴿٦﴾ وَٱلۡخَٰمِسَةُ أَنَّ لَعۡنَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡهِ إِن كَانَ مِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٧﴾ وَيَدۡرَؤُاْ عَنۡهَا ٱلۡعَذَابَ أَن تَشۡهَدَ أَرۡبَعَ شَهَٰدَٰتِۭ بِٱللَّهِ
إِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٨﴾ وَٱلۡخَٰمِسَةَ أَنَّ غَضَبَ ٱللَّهِ عَلَيۡهَآ إِن كَانَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٩﴾ وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ
وَرَحۡمَتُهُۥ وَأَنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٌ حَكِيمٌ ﴿١٠﴾

خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، الله نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن﴿6﴾. بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر يالغانچى بولسام، ماڭا الله نىڭ لەنىتى بولسۇن» دېسۇن﴿7﴾. خوتۇن كىشى ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە الله نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچسە، جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ﴿8﴾. بەشىنچى قېتىمدا، ئۇ ئەگەر راستچىللاردىن بولسا (يەنى ئېرىمنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا) ماڭا الله نىڭ غەزىپى بولسۇن دەپ قەسەم قىلىدۇ﴿9﴾. ئەگەر سىلەرگە الله نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى (چوقۇم رەسۋا بولاتتىڭلار)، الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿10﴾.



## لەنەت ئېيتىشىش

بۇ ئايەتتە ئاياللىرىنى زىنا قىلدى دەپ قارىلىغان، لېكىن گېپىنىڭ راستلىقىغا پاكىت تۇرغۇزۇش قىيىن كەلگەن ئەرلەر ئۈچۈن چىقىش يولى باردۇر. ئۇ بولسىمۇ، الله تائالا بۇيرۇغاندەك ئەر ئايالىنى (مۇسۇلمانلارنىڭ) مەسئۇلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ زىنا قىلدى دەپ، ئايالىنىڭ ئۈستىدىن دەۋا ئاچىدۇ.

مەسئۇل كىشى ئەرنى تۆت گۇۋاھچىنىڭ ئورنىدا ئۆزىنىڭ ئايالىنى قارىلاپ ئېيتقان سۆزىدە راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، الله تائالانىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلدۇرىدۇ. ﴿**بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر يالغانچى بولسام ماڭا الله نىڭ لەنىتى بولسۇن» دېسۇن**﴾ يەنى ئەر بەشىنچى قېتىمدا مۇشۇنداق دېگەن ھامانلا، ئايالى بىلەن بولغان نىكاھ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئايالنى ئېلىش ئۇ كىشىگە مەڭگۈ ھارام بولۇپ كېتىدۇ. ئەر ئايالنىڭ تويلىقىنى بېرىدۇ. ئايالغا زىنا قىلغۇچىغا بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ. بۇ جازا ئايالدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ.

ئەمما ئايال ئەرنىڭ ئۆزىگە چاپلىغان بوھتانىدا يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، الله تائالانىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچىپ، بەشىنچى قېتىمدا: ئەگەر ئۇ دېگەن گېپىدە راستچىل بولسا، ماڭا الله تائالانىڭ غەزىپى بولسۇن دەپ قەسەم ئىچسە، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھۆكۈمنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**خوتۇن كىشى ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە الله نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچسە، جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ، بەشىنچى قېتىمدا، ئۇ ئەگەر راستچىللاردىن بولسا (يەنى ئېرىمنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا) ماڭا الله نىڭ غەزىپى بولسۇن دەپ قەسەم قىلىدۇ**﴾.

الله تائالا ئايالنىڭ قەسىمىنىڭ ﴿**بەشىنچى قېتىمدا، ئۇ ئەگەر راستچىللاردىن بولسا (يەنى ئېرىمنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا) ماڭا الله نىڭ غەزىپى بولسۇن دەپ قەسەم قىلىدۇ**﴾ دەپ ئايالنى ئۆزىگە (ئەر كىشىدەك لەنەت ئەمەس) غەزەپ تىلەشكە بۇيرۇدى. چۈنكى، ئەر كىشى كۆپىنچە ھالەتتە زىنا قىلدى دەپ قارىلىشىدا راستچىل بولمىسا ۋە شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالمىسا، ئايالىنى رەسۋا قىلىشنى ۋە ئۇنى زىنا قىلدى دەپ قارىلاشنى ئويلىمايدۇ. ئايالمۇ ئەرنىڭ دېگەن سۆزىدە راستچىل ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئايالنىڭ قەسىمىنىڭ بەشىنچى قېتىملىقى (ئەگەر ئەر كىشى راستچىل بولسا) الله تائالانىڭ غەزىپىنىڭ ئايالغا بولىدىغانلىقى ھەققىدە بولدى. ئەسلىدە، الله تائالانىڭ غەزىپىگە ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن (قەستەن) چەتكە چىقىۋالغان كىشى يولۇقىدۇ.

ئاندىن الله تائالا بەندىلىرىگە ئۇلار چۈشۈپ قالغان قىيىنچىلىقلاردىن چىقىش يولىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئارقىلىق ئۇلارغا قىلغان شەپقىتىنى ۋە مەرھەمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر سىلەرگە الله نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى (چوقۇم رەسۋا بولاتتىڭلار)**﴾ يەنى ئەگەر سىلەرگە الله تائالانىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، نۇرغۇنلىغان ئىشلاردا قىيىنچىلىق تارتىپ قالاتتىڭلار ۋە نۇرغۇنلىغان ئىشلار سىلەرگە تەسلىشىپ قالاتتى.

﴿**الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى الله تائالا بەندىلىرى قەسەملەرنى ئىچىشىپ بولۇپ تەۋبە قىلسىمۇ، يەنە ئۇنىڭ تەۋبىسىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

﴿**ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى يولغا قويغان، بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلىنغانلىقىنى، چۈشۈش سەۋەبىنى ۋە قايسى ساھابە ھەققىدە چۈشكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن كۆپلىگەن ھەدىسلەر بار.

## بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەر بىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80 نى ئۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئەففە ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرويىنى تۆككەن ئادەملەردۇر)، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر)**﴾ دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، ئەنسارىلارنىڭ بېشى بولغان سەئد ئىبنى ئۇبادە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئايەت مۇشۇنداق چۈشۈرۈلدىمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەنسارىلار گۇرۇھى! باشلىقڭلار (بولغان سەئد ئىبنى ئۇبادە) نىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟» دېدى. ئەنسارىلار: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنى (ئۇ گېپى ئۈچۈن) ئەيىبلىمىگىن. چۈنكى، ئۇ كۈندەشلىكى بەك قاتتىق كىشىدۇر. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، ئۇ توي قىلسا، پەقەت قىزلا ئالىدۇ. ئۇنىڭ كۈندەشلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن، ئۇ ئېلىپ قويۇپ بەرگەن ئايالنى باشقا بىرى ئېلىشقا پېتىنالمايدۇ، ـ دېدى. سەئد ئىبنى ئۇبادە: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇ ئايەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەنلىكىنى شەكسىز بىلىمەن. لېكىن، مەن بىر ئەر بىلەن زىنا قىلىۋاتقان ئەخمەقنى تېپىۋالسام، تاكى (ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىغا گۇۋاھچى بولۇش ئۈچۈن) تۆت گۇۋاھچىنى ئېلىپ كەلمىگىچە، مېنىڭ ئەرنى (ئايالىمنىڭ ئۈستىدىن) مىدىرلىتىۋېتىشقىمۇ ھەققىمنىڭ يوقلۇقىدىن ھەيرانمەن. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن تۆت گۇۋاھچىنى ئېلىپ كېلىپ بولغۇچە، ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ بولىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر (مۇشۇ ھۆكۈم بويىچە) تاكى تەۋبىسى قوبۇل قىلىنغان ئۈچ كىشىنىڭ بىرسى بولغان ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ۋەقەسى يۈز بەرگەنگە قەدەر بىر مۇددەتلا ياشىدى.

ھىلال ئىبنى ئۇمەييە (بىر كۈنى) كەچتە ئېتىزلىقىدىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ئايالىنىڭ قېشىدا بىر ئەرنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ ۋە قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدۇ. ئەمما تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئۇ ئەرگە بىر ئېغىز گەپ قىلالمايدۇ. ئۇ سەھەردىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئاخشام ئۆيگە كېلىپ ئايالىمنىڭ قېشىدا بىر ئەرنى ئۇچراتتىم. مەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ۋە قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىلال ئىبنى ئۇمەييە دەپ كەلگەن بۇ ئىشنى يامان كۆردى ھەم بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىر كەلدى. ئەنسارلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ: بىز سەئد ئىبنى ئۇبادە دېگەن مەسىلىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز، ھازىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنى قامچىلايدۇ ۋە ئۇنىڭ كىشىلەرگە گۇۋاھلىق بېرىشىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ، ـ دېيىشتى. ھىلال: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن الله تائالانىڭ ماڭا بىر چىقىش يولى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ـ دېدى. ئاندىن ھىلال: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن ساڭا دەپ كەلگەن بۇ ئىش ساڭا ئېغىر كەلگەندەك تۇرىدۇ، الله تائالا بۇ ئىشتا مېنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىمنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، ـ دېدى. الله تائالانىڭ

نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىلالنى قامچىلاشقا بۇيرۇي دەپ تۇرغاندا، الله تائالا ئۇنىڭغا ۋەھيي چۈشۈردى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنىڭ چۈشكەنلىكىنى ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بىلەتتى. ساھابىلەر تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي چۈشۈپ بولغۇچە، ھىلالنى ئۇرماي ساقلاپ تۇردى.

**﴿خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، الله نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن﴾**
دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەندە، ئۇ خۇشاللىنىپ: «ھىلال خۇش-بېشارەت ئالغىن. ھەقىقەتەن الله تائالا ساڭا بىر چىقىش يولى قىلىپ بەردى» دېدى. ھىلال: مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ شۇنداق قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئايالغا ئادەم ئەۋەتىپ ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. ساھابىلەر ئايالغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئەكەلدۈردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىلال بىلەن ئۇنىڭ ئايالىغا چۈشكەن ئايەتنى ئوقۇپ بەردى ۋە ئۇ ئىككىسىگە ئاخىرەتنىڭ ئازابىنىڭ دۇنيانىڭ ئازابىدىن قاتتىق ئىكەنلىكىنى ئەسلەتتى. ھىلال: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنىڭ ھەققىدە قىلغان سۆزۈمدە راستچىلمەن، - دېدى. ئايالى: ئۇ ماڭا بوھتان چاپلىۋاتىدۇ، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككىڭلار لەنەت ئېيتىشىڭلار» دېدى. ھىلالغا: گۇۋاھلىق ئېيت (يەنى قەسەم قىل)، - دېيىلدى. ھىلال الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىگە تۆت قېتىم گۇۋاھلىق ئېيتتى. بەشىنچى قېتىملىق گۇۋاھلىققا كەلگەندە، ئۇنىڭغا: ئى ھىلال! الله تائالادىن قورققىن، دۇنيانىڭ ئازابى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن يەڭگىلدۇر، بۇ قېتىملىق گۇۋاھلىق (ئەگەر سەن دېگەن گېپىڭدە راستچىل بولمىساڭ) ساڭا ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان گۇۋاھلىقتۇر، - دېيىلدى. ھىلال: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله تائالا خۇددى مېنى قامچىلاتتۇرمىغاندەك مېنى ئازابلىمايدۇ[1] دەپ، بەشىنچى قېتىمدا: ئەگەر مەن دېگەن گېپىمدە يالغان ئېيتقان بولسام، الله تائالانىڭ لەنىتى ماڭا بولسۇن، - دەپ گۇۋاھلىق ئېيتتى. ئاندىن ئايالغا: ھىلال دېگەن گېپىدە يالغانچى دەپ تۆت قېتىم گۇۋاھلىق ئېيتىڭ - دېيىلدى. بەشىنچى قېتىملىق گۇۋاھلىقتا ئۇ ئايالغا: الله تائالادىن قورقۇڭ، بۇ قېتىملىق گۇۋاھلىق (ئەگەر سىز دېگەن گېپىڭىزدە راستچىل بولمىسىڭىز) سىزگە ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان گۇۋاھلىقتۇر، - دېيىلدى. ئايال ئازراق توختىۋالغاندىن كېيىن جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئويلىدىيۇ، يەنىلا: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن قەۋمىمنى رەسۋا قىلمايمەن. ئەگەر ئۇ دېگەن گېپىدە راستچىل بولسا، الله تائالانىڭ غەزىپى ماڭا بولسۇن، - دەپ بەشىنچى قېتىملىق گۇۋاھلىقنى ئېيتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىۋەتتى. ئايالنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى (پالانىنىڭ بالىسى) دېگەندەك بىر كىشىگە نىسبەت بەرمەسلىككە، ئۇ بالىنى ھارامدىن بولغان دەپمۇ قارىلىماسلىققا ۋە كىمكى ئۇ ئايالنى زىناخور دېسە ياكى ئۇنىڭ بالىسىنى ھارامدىن بولغان دېسە، ئۇنىڭغا قارا چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلىدىغانلىقى بىلەن ھۆكۈم قىلدى. ئايال ھىلالنىڭ تالاق قىلىۋېتىشى ياكى ھىلالنىڭ ۋاپات بولۇپ كېتىشى ئارقىلىق ئايرىلىپ كەتمىگەچكە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا ئۆي تۇتۇپ بېرىشنى ۋە ئۇنىڭ خىراجىتىنى بېرىشنى ھىلالغا بۇيرىمىدى ۋە: «مۇبادا ئايال بالىنى (چېچىنىڭ رەڭگى) قارا ئارىلاش قىزىل، ساغرىسى كىچىك ۋە ئىنچىكە تۇغسا، بالا ھىلالدىن بولغان بولىدۇ، مۇبادا ئايال بالىنى بۇغداي ئۆڭلۈك، بۈدرە چاچ، ئۇستىخانلىرى چوڭ،

(1) يەنى مەن دېگەن گېپىمدە راستچىل بولغانلىقىم ئۈچۈن مېنى قامچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ماڭا بىر چىقىش يولى بەرگەن الله تائالا، يەنە راستچىل بولغاندىكىن ئاخىرەتتىمۇ ئازابلىمايدۇ دېمەكچى.

يوتىسى توم ۋە ساغرىسى چوڭ تۇغسا، بالا قارا چاپلانغان كىشىدىن بولغان بولىدۇ» دېدى. ئايال بالىنى بۇغداي ئۆڭلۈك، بۇدرە چاچ، ئۇستىخانلىرى چوڭ، يوتىسى توم ۋە ساغرىسى چوڭ تۇغدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئەگەر (بۇنىڭ قىلغان) قەسەملىرى بولمىغان بولسا ئىدى، مەن بۇ ئايالغا باشقا بىر ئىش قىلاتتىم» دېدى. ئىكرىمە مۇنداق دېدى: ئۇ بالا كېيىنچە مىسىرغا باشلىق بولغان ئىدى. ئۇ (ئى پالانى ئايالنىڭ بالىسى دەپ) ئانىسىغا نىسبەت بېرىلىپ، دادىسىغا نىسبەت بېرىلمەيتتى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇدمۇ قىسقىراق قىلىپ شۇنداق رىۋايەت قىلدى. ھەدىس كىتابلىرىدا بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدا كەلگەن ھەدىسلار ناھايىتى كۆپتۇر.

*******

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ جَآءُو بِٱلۡإِفۡكِ عُصۡبَةٞ مِّنكُمۡۚ لَا تَحۡسَبُوهُ شَرّٗا لَّكُمۖ بَلۡ هُوَ خَيۡرٞ لَّكُمۡۚ لِكُلِّ ٱمۡرِيٕٖ مِّنۡهُم مَّا ٱكۡتَسَبَ مِنَ ٱلۡإِثۡمِۚ وَٱلَّذِي تَوَلَّىٰ كِبۡرَهُۥ مِنۡهُمۡ لَهُۥ عَذَابٌ عَظِيمٞ ١١﴾

شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر، (سەۋر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەلكى ياخشىدۇر، بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ، بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿11﴾.

## ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا چاپلانغان بوھتان

تۆۋەندە كېلىدىغان ئون ئايەت مۇناپىقلارنىڭ بەزىسى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بوھتان چاپلىغان ۋاقىتتا (ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا توغرىسىدا) چۈشكەندۇر. مۇناپىقلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بوھتان چاپلىغاندا، **الله** تائالا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يۈز ـ ئابرويىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بوھتاندىن پاك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ (ئايەت نازىل قىلىپ) مۇنداق دېدى: ﴿**شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى**﴾ يەنى بىر ياكى ئىككى كىشى ئەمەس، بەلكى بىر گۇرۇھ كىشى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بوھتان چاپلىدى، بۇ بوھتاننىڭ بېشىدا مۇناپىقلارنىڭ بېشى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل بار ئىدى. چۈنكى، ئۇ بوھتانغا دائىر سۆزلەرنى ئىزدەپ سوراپ توپلايتتى. ھەتتا بۇ ئىش بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىغىمۇ كىرىپ قېلىپ، بۇ ئىش توغرىسىدا پاراڭلىشىدىغان بولدى. يەنە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بۇ بوھتانغا ئىشەندى. بۇ ئىش تاكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر (بىر ئايغا يېقىن) داۋاملاشتى.

تۆۋەندىكى ھەدىسلەردە بۇنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىنغان.

ئىمام ئەھمەد زۆھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، ئىلقەمە ئىبنى ۋاققاس ۋە ئۇبەيدۇللا ئىبنى ئابدۇللاھ قاتارلىقلار (بوھتان چاپلىغۇچىلار

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بوھتان چاپلىغاندا ئېيتقان سۆزلىرى ۋە الله تائالانىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى بوھتاندىن پاكلىغانلىقى ھەققىدە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى ماڭا رىۋايەت قىلىپ بەردى. مەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا توغرىسىدىكى ھەدىسنى ياخشى چۈشىنىۋالدىم. ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ ھەدىسى بەزىسىنىڭ ھەدىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىقماقچى بولسا، ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلايتتى. چەك قايسىسىغا چىقسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆزى بىلەن سەپەرگە بىللە ئېلىپ چىقاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جەڭگە چىقماقچى بولۇپ، بىزنىڭ ئارىمىزدا چەك تاشلىدى. چەك ماڭا چىقتى. مەن (سەپەرگە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چىقتىم. بۇ چاغدا (ئاياللارنى پەردىلىنىشكە بۇيرۇغان ئايەت) چۈشۈپ بولغان چاغ ئىدى. شۇڭا مەن كاجۇۋانىڭ[1] ئىچىدە تۇرغۇزۇپلا (تۆگىنىڭ ئۈستىگە) مىندۈرۈلەتتىم ۋە (ئۇنىڭ ئۈستىدىن) چۈشۈرۈلەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلماقچى بولغان ئۇرۇشنى تۈگەتتى. بىز مەدىنە تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپ، مەدىنىگە كېلىشكە ئاز قالغاندا، بىر يەرگە چۈشكۈن قىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن كېچىدىلا قوزغىلىشقا بۇيرۇق بەردى. مەن قوزغىلىشقا بۇيرۇق بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن (ھاجىتىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن)، ئەسكەرلەر تۇرغان يەردىن يىراقراق بىر يەرگە باردىم. ھاجىتىمنى ئادا قىلىپ بولۇپ كاجۇۋامغا كېلىپ قارىسام، مەيدەمدىكى سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان بۇلاپكام چۈشۈپ قېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەن قايتىپ بېرىپ ئۇنى ئىزدەيمەن دەپ، كېچىكىپ قالدىم. (شۇ ئارىلىقتا) كىشىلەر كېلىپ، مېنىڭ كاجۇۋامنى (مېنى ئىچىدە بار دەپ گۇمان قىلىپ) مەن مىنىدىغان تۆگىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قوزغىلىپ كېتىپ بولۇپتۇ. ئۇ چاغدا يەيدىغان نەرسە جاننى ئاران ساقلاپ قالغۇدەكلا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاياللار سېمىز ئەمەستى. مەن تېخى يېشى كىچىك قىز بولغانلىقىم ئۈچۈن، مېنىڭ كاجۇۋامنى (تۆگىنىڭ ئۈستىگە) كۆتۈرۈپ ئالغان كىشىلەر (كاجۇۋامنى تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئالغاندا) ئۇنىڭ يەڭگىللىكىدىن (مېنىڭ يوقلۇقىمنى) ھېس قىلمايلا، تۆگىنى ھەيدەپ كېتىپتۇ. مەن بۇلاپكامنى ئەسكەرلەر قوزغىلىپ بولغاندىن كېيىن تاپتىم. ئۇنى تېپىپ كەلسەم، ئۇ يەردە بىرمۇ كىشى يوق. مەن: كىشىلەر مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بىر ئازدىن كېيىن سېزىپ مېنى ئالغىلى كېلىدۇ، ـ دەپ ئۇيلاپ ئورنۇمدا ئولتۇردۇم. مېنى شۇ ھالەتتە ئۇيقا باستى، شۇنىڭ بىلەن ئۇخلىدىم. (ئەسكەرلەرنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغان ياكى چۈشۈپ قالغان نەرسىلىرىنى يىغىپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان) سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل سەلىمى ئاندىن زەكۋانى ئەسكەرلەرنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى. سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل كېچىنىڭ ئاخىرىدا يولغا[2] چىقىپ مەن تۇرغان يەرگە كەلگەندە، تاڭ ئاتقان ئىكەن. ئۇ ئۇخلاۋاتقان بىر ئىنساننىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قېشىمغا كەپتۇ ـ دە، مېنى كۆرۈپلا تونۇپتۇ. ئۇ مېنى مەن يۈزۈمنى ئوراشتىن بۇرۇن كۆرگەن ئىدى. مەن ئۇ مېنى تونۇپ مېنى سىلكىشى بىلەن ئۇيقۇمدىن ئويغاندىم ـ دە، يۈزۈمنى كىيىمىم بىلەن يۆگىدىم. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى ۋە مەن ئۇنىڭدىن مېنى سىلكىشىدىن باشقا بىر نېمە ئاڭلىمىدىم. ئۇ تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ، ئالدى پۇتىغا دەسسەپ تۇردى، مەن تۆگىگە مىندىم. ئۇ تۆگىنى يېتىلەپ ماڭدى. بىز ئەسكەرلەرنىڭ

(1) كاجۇۋا بولسا، ئاياللارنى ئىچىگە سېلىپ تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئارتىدىغان، ئەتراپى يېپىقلىق نەرسىدۇر.

(2) يەنى ئەسكەرلەر قونغان يەردە، ئەگەر ئۇلار ئۇنتۇپ قالغان نەرسىلەر بولسا، ئۇلارنى يىغىپ ئېلىپ كېلىپ، ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفۋاننى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. سەفۋان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى يولغا چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرىنى ئاقتۇرۇپ چىقىپ، ئۇنتۇلۇپ قالغان نەرسىلەر بولسا يىغىپ، تاڭ ئاتاي دەپ قالغاندا ئەسكەرلەر چۈشكۈن قىلغان يەرنىڭ ئەڭ ئايىغىدىن يولغا چىقىدۇ.

كەيندىن چىڭقى چۈش ۋاقتىدا (ئۇلار بەك ئىسسىقلاپ كەتكەنلىكتىن چۈشكۈن قىلغان يەرگە) يېتىپ كەلدۇق. مېنىڭ ئىشىم توغرىسىدا ھالاك بولۇپ كەتكەنلەرمۇ بولدى. بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئىدى. بىز مەدىنىگىمۇ كەلدۇق. مەن مەدىنىگە كېلىپ بىر ئايدەك كېسەل بولۇپ قالدىم. كىشىلەر بوھتانچىلارنىڭ سۆزى بىلەنلا بولۇپ كېتىپتۇ. مەن بۇ ئىشتىن كىچىككىنىمۇ سەزمەپتىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلىمگە بولغان مۇئامىلىسى مېنى گۇمانغا سالاتتى. مەن (بۇ قېتىم) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن كېسەل بولۇپ قالغاندا، كۆرىدىغان مېھرىبانلىقنى كۆرمىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت قېشىمغا كىرىپ: «ئەھۋالىڭىز قانداق؟» دەپ سالام قىلىپلا قوياتتى. مېنى گۇمانغا سالىدىغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ مۇئامىلىسى ئىدى. مەن بۇ بوھتاننى ئازراق ياخشىلىنىپ، ھاجىتىمنى ئادا قىلغىلى چىققۇدەك بولغانغا قەدەر ئاڭلىمىدىم. بىر كۈنى مەن ھاجىتىمنى ئادا قىلغىلى ئۇممۇمىستەھە دېگەن ئايال بىلەن ماناسىئى دېگەن تۈزلەڭلىككە چىقتىم. ئۇ يەر بىزنىڭ ھاجەت ئادا قىلىدىغان يېرىمىز ئىدى. بىز ھاجەتلىرىمىزنى ئادا قىلغىلى پەقەت كېچىدىلا چىقاتتۇق. ئۆيىمىزگە يېقىن بىر يەرگە تاھارەتخانا سېلىنىشتىن بۇرۇن، شۇ تۈزلەڭلىككە تاھارەت قىلغىلى چىقاتتۇق. بۇ چاغدا تېخى بىز بۇرۇنقى ئەرەبلەردەكلا تۈزلەڭلىككە تاھارەت قىلاتتۇق. ئۆيلىرىمىزنىڭ يانلىرىدا تاھارەتخانا بولۇشنى بىر ئەزىيەت دەپ ھېس قىلاتتۇق. مەن ۋە ئۇممۇمىستەھە ھاجەتلىرىمىزنى ئادا قىلغىلى ماڭدۇق. ئۇممۇمىستەھە بولسا، ئەبۇرەھمى ئىبنى مۇتەللىب ئىبنى ئابدۇ ماناپنىڭ قىزى ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى سەخرە ئىبنى ئامىرنىڭ قىزى ئىدى. ئۇممۇمىستەھە ئەبۇبەكرىنىڭ ھاما ئاچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى بولسا، مىستەھە ئىبنى ئۇساسە ئىبنى ئۇبباد ئىبنى مۇتەللىب ئىدى. بىز ھاجەتلىرىمىزنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆيىمىز تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ئۇممۇمىستەھە كىيىمگە پۇتلىشىپ كېتىپ: مىستەھە ھالاك بولدى، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ئەجەبمۇ يامان گەپ قىلدىڭىز، بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان بىر ئادەمنى تىللامسىز؟ ـ دېدىم. ئۇ: ئى گۆدەك قىزىم! ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ ـ دېدى. مەن: ئۇ نېمە دېدى؟ ـ دېدىم.

ئۇ ماڭا بوھتانچىلارنىڭ گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، كېسىلىم تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. مەن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىمغا كىرىپ: «ئەھۋالىڭىز قانداق؟» دەپ سالام بەردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ماڭا ئاتا ـ ئانامنىڭ قېشىغا بېرىشىمغا رۇخسەت قىلغىن، ـ دېدىم. مېنىڭ مەقسىتىم بۇ ئىشنى ئۇلاردىن ئېنىقلاش ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا رۇخسەت بەردى. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئانامغا: ئى سۆيۈملۈك ئانا! كىشىلەر نېمە گەپلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ؟ ـ دېدىم. ئانام: ئى قىزىم! ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قېشىدا كۈندەشلىرى بار، ئېرى ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق بىر چىرايلىق ئايالنىڭ ئۈستىدىن قېشىدىكى كۈندەشلىرى تولا گەپ تاپىدۇ، ـ دېدى. مەن: سۇبھانەللاھ! كىشىلەر مۇشۇ گەپنىمۇ قىلىشىپتىمۇ؟ ـ دېدىم. مەن شۇ كېچىسى تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر يىغلاپ چىقتىم. يېشىممۇ توختىمىدى، ئۇيقۇممۇ كەلمىدى. يىغلاش داۋام قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا (بۇ ئىش توغرىسىدا) ۋەھيىمۇ كېچىكتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن ئايرىلىپ كېتىش ـ كەتمەسلىك توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب بىلەن ئۇسامە ئىبنى زەيدلارنى چاقىرتتى. ئۇسامە ئىبنى زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مېنىڭ بوھتاندىن پاك ئىكەنلىكىم بىلەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى توغرۇلۇق ئۆزى بىلىدىغان مېھرىبانلىق بىلەن مەسلىھەت بەردى. ئەمما ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! الله تائالا سىزنىڭ رىزقىڭىنى قىسىپ قويمىدى.

ئائىشەدىن باشقا ئاياللارمۇ ناھايىتى كۆپ، ئەگەر سەن (بۇ ئىشنى) چۆرىدىن سورىساڭ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى دەپ بېرىدۇ، ـ دەپ مەسلىھەت بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرىرە ئىسىملىك چۆرىنى چاقىرتىپ: «ئى بەرىرە! سىز ئائىشەدىن سىزنى گۇمانغا سالغۇدەك بىرەر ئىشنى كۆردىڭىزمۇ؟» دېدى. بەرىرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مەن ئۇنىڭدا بىرەر ئىشنى كۆرۈپ قالسام، ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ يۈرەرمىدىم؟ ئۇ خېمىر يۇغۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قېلىپ، ھايۋانلار كېلىپ خېمىرىنى يەپكەتسىمۇ تۇيمايدىغان كىچىك بىر قىزدۇر، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلدىن ئىنتىقام ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ: «ئى مۇسۇلمانلار گۇرۇھى! ئەزىيىتى ئايالىمغىچە يەتكەن كىشىدىن مەن ئۈچۈن كىم ئىنتىقام ئالىدۇ؟ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئايالىمدىن ياخشىلىقتىن باشقىنى كۆرمىدىم. بوھتانچىلار (بوھتاننى) مەن ئۇنى ياخشى دەپلا قارايدىغان ۋە ئاياللىرىمنىڭ قېشىغا (كېرمەكچى بولسا) پەقەت مەن بىلەنلا كىرىدىغان بىر كىشىگە چاتتى» دېدى. سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى الله پەيغەمبىرى! ئۇ كىشىدىن سەن ئۈچۈن مەن ئىنتىقام ئالىمەن، ئەگەر ئۇ كىشى ئەۋس قەبىلىسىدىن بولسا، ئۇنىڭ گەردىنىگە (قىلىچ بىلەن) ئۇرىمىز، ئەگەر ئۇ كىشى خەزرەج قەبىلىسىدىكى قېرىنداشلىرىمىزدىن بولسا، (سەن ئۇنى قانداق قىلىش توغرىسىدا) بىزگە بۇيرۇق بەرسەڭ، بىز سەن بۇيرۇغاندەك قىلىمىز، ـ دېدى. ئاندىن خەزرەجنىڭ بېشى بولغان سەئد ئىبنى ئۇبادە قوپۇپ (ئۇ ئەسلىدە ياخشى، تەقۋادار كىشى ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ قەبىلىۋازلىقى تۇتۇپ) سەئد ئىبنى مۇئازغا: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (ئەگەر ئۇ كىشى خەزرەج قەبىلىسىدىن بولسا) ئۇنى سەن ئۆلتۈرەلمەيسەن ۋە ئۆلتۈرۈشكىمۇ پېتىنالمايسەن، ـ دېدى. سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولغان ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير قوپۇپ سەئد ئىبنى ئۇبادەگە: يالغان سۆزلەيسەن، الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەلۋەتتە بىز ئۇنى ئۆلتۈرىمىز. سەن مۇناپىق، شۇڭا مۇناپىق توغرىسىدا جېدەللىشىسەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەۋس ۋە خەزرەج (ئىككى قەبىلە بىر ـ بىرىگە قارشى) قوزغىلىپ كەتتى. ھەتتا ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇش قىلماقچىمۇ بولۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇلارنى پەسىيىپ قىلىشقا بۇيرۇپ تۇردى. ئاخىرى ئۇلار پەسەيدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ گەپتىن توختىدى.

مەن شۇ كۈنى بىر كۈن يىغلىدىم. نە ياش توختىسۇن نە ئۇيقۇ كەلسۇن. ئانام بىلەن دادام يىغىنىڭ مېنىڭ جىگىرىمنى يەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. مەن يىغلاۋاتقان بىر پەيتتە ئەنسارىلىق بىر ئايال قېشىمغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. مەن ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردىم. ئۇمۇ قېشىمدا ئولتۇرۇپ، مەن بىلەن تەڭ يىغلىدى. بىز شۇ ھالەتتە ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قېشىمىزغا كىرىپ، بىزگە سالام قىلىپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوھتان ئىشى چىققاندىن بېرى قېشىمدا ئولتۇرۇپ باقمىغان ئىدى. مېنىڭ ئىشىم توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئايچە ۋەھيي چۈشمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرۇپ بولۇپ، الله تائالاغا ھەمدى ئېيتتى. ئاندىن: «مەقسەتكە كەلسەك، ئى ئائىشە! ماڭا سىز توغرۇلۇق ماۋۇ ـ ماۋۇ سۆزلەر يەتتى. ئەگەر سىز پاك بولسىڭىز، الله تائالا سىزنىڭ پاكلىقىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر سىز بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالغان بولسىڭىز، الله تائالادىن گۇناھىڭىزنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلەڭ ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭ. چۈنكى، بەندە گۇناھىنى تونۇپ ئۇنىڭغا تەۋبە قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى

تۇگىتىپ بولىشىغا، يېشىم پۇتۇنلەي توختىدى. ھەتتا مەن بىر تېمىممۇ ياشىنىڭ كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاندىن دادامغا: مېنىڭ ئورنۇمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جاۋاب بېرىڭ، ـ دېدىم. دادام: اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ـ دېدى. ئانامغا: مېنىڭ ئورنۇمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جاۋاب بېرىڭ، ـ دېدىم. ئانام: اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ـ دېدى. مەن: مەن تېخى قۇرئاندىن بەك جىق نەرسە بىلىپ كېتەلمىگەن يېشى كىچىك بىر قىزمەن، اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرنىڭ مۇشۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭلاردا ئىشەنگەنلىكىڭلارنى بىلدىم. ئەگەر مەن سىلەرگە مەن پاك دېسەم ـ اللە مېنىڭ پاكلىقىمنى بىلىدۇ، سىلەر ماڭا ئىشەنمەيسىلەر. ئەگەر مەن سىلەرگە اللە تائالا مېنىڭ پاكلىقىمنى بىلىدىغان بىر ئىشنى قىلدىم دەپ ئېتىراپ قىلسام، سىلەر ماڭا ئىشىنىسىلەر. اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە دېگىلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿بۇ ئىشنى نەپسىڭلار سىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىپ قىلغۇزۇپتۇ. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ (مۇشۇ يالغان) سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشۈمگە اللە مەدەتكاردۇر»﴾[1] دېگەن سۆزىدىن باشقا بىر سۆز تاپالمايمەن، ـ دېدىم ـ دە، ئۆرۈلۈپلا كۆرپەمگە ئۆزەمنى يېنىچە ئېتىپ: اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن پاك، اللە تائالا مېنىڭ پاكلىقىمنى ئىسپاتلايدۇ، ـ دېدىم. لېكىن، مەن اللە تائالانى مەن توغرۇلۇق داۋاملىق ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان ئايەت نازىل قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. مەن ئۆزەمنى كۆڭلۈمدە اللە تائالانىڭ مېنى داۋاملىق ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان بىر ئايەتتە تىلغا ئېلىشىدىن بەكمۇ تۆۋەن ئويلايتتىم. مەن اللە تائالانىڭ مېنىڭ پاكلىقىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر چۈشى ئارقىلىق ئىسپاتلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ تېخى ئورنىدىن مىدىرلىمىغان ئىدى ۋە ئۆيدە بار ئادەملەردىنمۇ بىرسىمۇ (ئۆيدىن) چىقىپ كەتمىگەن ئىدى. اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي چۈشۈردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ۋەھيي چۈشكەندە كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ۋەھيىنىڭ ئېغىرلىقىدىن (قىشنىڭ كۈنلىرىمۇ) ئۇنىڭدىن مارجاندەك تەرلەر تۆكۈلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ قىلغان بىرىنچى ئېغىز سۆزى: «ئى ئائىشە! خۇش ـ بېشارەت، بىلىڭكى، اللە تائالا سىزنىڭ پاكلىقىڭىزنى ئىسپاتلىدى» دېدى. ئانام ماڭا: سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇرغىن، ـ دېدى. مەن: اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنىڭغا تۇرمايمەن، مەن (ئاۋۋال) مېنىڭ پاك ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىغان اللە تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمەن، ـ دېدىم. اللە تائالا مەن توغرۇلۇق: ﴿**شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر، (سەۋر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەلكى ياخشىدۇر، بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ، بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللاھ ئىبن ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتتىن باشلاپ ئون ئايەتنى چۈشۈردى. (ماڭا بوھتان چاپلىغانلارنىڭ بىرى بولغان) مىستەھە بىزگە تۇغقان كەلگەنلىكى ۋە پېقىر بولغانلىقى ئۈچۈن، دادام ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتى. مېنىڭ پاكلىقىم توغرىسىدىكى بۇ ئون ئايەت

(1) يۇسۇف سۈرىسى 18 ـ ئايەت.

نازىل بولغاندا، ئەبۇبەكرى: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مىستەھە ئائىشەگە بوھتان قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن كىچىككىنە بىر نەرسە بولسىمۇ ياردەم قىلمايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: **﴿ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، الله نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾**.

ئەبۇبەكرى: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن الله تائالانىڭ مېنى مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرىمەن، ـ دەپ مىستەھەگە بۇرۇن قىلىپ كېلىۋاتقان ياردىمىنى يەنە قىلىشقا باشلىدى ۋە: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنىڭدىن بۇ ياردەمنى ھەرگىزمۇ توختىتىپ قويمايمەن، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ بىرى بولغان زەينەب بىنتى جەھشىدىن مېنىڭ ئىشىم توغرۇلۇق سوراپ، ئۇنىڭغا: «ئى زەينەب! (سىز ئائىشە توغرۇلۇق) بىرەر ئىشنى بىلەمسىز ياكى بىرەر ئىشنى كۆزدىگىزمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. زەينەب: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن قۇلىقىمنى ۋە كۆزۈمنى ساقلايمەن (يەنى مەن ئاڭلىمىغان ۋە كۆرمىگەن بىر ئىشنى ئاڭلىدىم ۋە كۆردۈم دەپ بۇ ئەزالىرىمغا بوھتان چاپلىمايمەن). الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنىڭ توغرىسىدا پەقەت ياخشىلىقلا بىلىمەن، ـ دەپتۇ. زەينەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئىچىدە مەن بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ تەقۋالىقى سەۋەبىدىن الله تائالا ئۇنى (مېنىڭ توغرامدا بىرەر يامان گەپ قىلىشتىن) ساقلاپ قالدى. ئۇنىڭ ھەمشىرىسى بولغان ھەمنەھ بىنتى جەھش ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، بوھتانچىلارنىڭ سېپىغا كىرىپ كەتتى. ئىبنى شىھاب: مانا بۇ، بوھتانچىلار توغرىسىدا بىزگە يەتكەن ھەدىسلەردۇر، ـ دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ زۆھرىدىن رىۋايەت قىلدى. شۇنىڭدەك، ئىبنى ئىسھاقمۇ بۇ ھەدىسنى زۆھرىدىن رىۋايەت قىلدى.

**﴿شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى﴾** ئى ئەبۇبەكرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! **﴿بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر، (سەۋر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەلكى ياخشىدۇر﴾** يەنى بۇ سىلەر ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىدۇر. دۇنيادا راستچىل ئىكەنلىكىڭلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئەمما ئاخىرەتتە بولسا، يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىسىلەر. الله تائالانىڭ: ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ﴾[1] دەپ سۈپەتلەنگەن قۇرئاندا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاكلىقى توغرىسىدا ئايەتلەرنى نازىل قىلىشى بىلەن ئىززەتكە ئېرىشىسىلەر. شۇڭا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ: خۇش ـ بېشارەت ئېلىڭ. چۈنكى، سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايالى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىزدىن باشقا قىز ئالمىغان ۋە سىزنىڭ پاكلىقىڭىزنى (ئىسپاتلاپ) ئاسماندىن ۋەھيىمۇ چۈشتى، ـ دېدى.

**﴿بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ﴾** يەنى بۇ بوھتاننىڭ ئىچىدە بار بولغان كىشىلەر، يەنى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بوھتان چاپلىغان ھەر بىر كىشىنىڭ ئازابتىن چوڭ بىر نېسىۋىسى بولىدۇ.

**﴿بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بوھتاننى باشلىغان دېگەن بولىدۇ، ـ دېگەن كۆز قاراشمۇ، بوھتانلارنى ئىزدەپ، سوراپ، يىغىپ، ئۇنى تارقاتقان دېگەن بولىدۇ، ـ دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. ئۇ كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلدۇر. الله تائالا ئۇنى رەسۋا قىلسۇن ۋە ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن!

* * * * * * *

لَّوۡلَآ إِذۡ سَمِعۡتُمُوهُ ظَنَّ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتُ بِأَنفُسِهِمۡ خَيۡرٗا وَقَالُواْ هَٰذَآ إِفۡكٞ مُّبِينٞ ﴿١٢﴾ لَّوۡلَا جَآءُو عَلَيۡهِ بِأَرۡبَعَةِ شُهَدَآءَۚ فَإِذۡ لَمۡ يَأۡتُواْ بِٱلشُّهَدَآءِ فَأُوْلَٰٓئِكَ عِندَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلۡكَٰذِبُونَ ﴿١٣﴾

بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟﴿12﴾. ئۇلار نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟ گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەن ئىكەن، ئۇلار الله نىڭ نەزىرىدە يالغانچى ھېسابلىنىدۇ﴿13﴾.

## الله تائالانىڭ بوھتاننى تارقاتقان مۆمىنلەرگە كايىغانلىقى

الله تائالا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا چاپلانغان بوھتانلارغا چېتىلىپ قالغان مۆمىنلەرگە كايىپ مۇنداق دېدى: **﴿بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟﴾** يەنى ئۇلار مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا چاپلانغان بۇ بوھتاننى ئاڭلىغان چاغدا، بۇ بوھتاننى ئۆزلىرىگە سېلىشتۇرۇپ بېقىپ، ئەگەر بۇ بوھتان ئۆزلىرىگە لايىق بولمىسا، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن پاك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتىپ، بۇنىڭ ئوپئوچۇق بوھتان ئىكەنلىكىنى نېمە ئۈچۈن ئېيتمىدى؟

بۇ ئايەت ئەنسارىلىق ئەبۇئەييۇب خالىد ئىبنى زەيد ۋە ئايالى ئۇممۇئەييۇبلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئۆلگە قىلىش توغرىسىدا چۈشكەن دېگەن كۆز قاراشمۇ بار.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ھەقتە ئىمام مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنسارىلىق ئەبۇئەييۇب خالىد ئىبنى زەيدقا ئايالى ئۇممۇئەييۇب: ئى ئەبۇئەييۇب! سەن كىشىلەرنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ توغرىسىدا قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئەبۇئەييۇب: ھەئە ئاڭلىدىم، بۇ بىر بوھتاندۇر. ئى ئۇممۇئەييۇب! سەن مۇشۇ ئىشنى قىلامتىڭ؟ ـ دېدى. ئۇممۇئەييۇب: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، ـ دېدى. ئەبۇئەييۇب: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەندىن جىق ياخشى (ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇ بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ)، ـ دېدى. الله تائالا ھەسسان ۋە ئۇنىڭ بوھتانغا قېتىلىپ قالغان سەپداشلىرىنىڭ دېگەن گەپلىرى توغرىسىدا: **﴿شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر، (سەۋر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەلكى ياخشىدۇر، بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ، بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللاھ ئىبن ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەن ئىدى، ئەبۇئەييۇب ۋە ئايالى ئۇممۇئەييۇب قاتارلىقلارنىڭ دېيىشكەن گەپلىرى توغرىسىدا: ﴿بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر - ئايال مۆمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟﴾ دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

﴿بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟﴾ يەنى ئۇلار نېمىشقا: بۇ، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا چاپلانغان ئوچۇق بىر بوھتاندۇر دېمىدى؟ ھەمدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ چىڭقى چۈشتە سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەلنىڭ تۆگىسىگە مىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ قېشىغا ئاشكارا كېلىشىمۇ، بۇ ئىشنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن يىراق ئىكەنلىكىنى يۈز بېرىپ قالمىغانلىقىدا شەك قىلدۇرمايدۇ. ئەگەر بۇ ئىش ئۇلاردىن يۈز بېرىپ قالدى دەپ پەرەز قىلىنسا، ئۇلار ئەسكەرلەرنىڭ قېشىغا بىللە ۋە ئاشكارا كەلمەستىن، بەلكى يوشۇرۇن (ئايرىم - ئايرىم ھالدا) كېلەتتى. ئۇلار بىللە ۋە ئاشكارا كەلگەن ئىكەن، بۇلارنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا توغرىسىدا دېگەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان ۋە ئوپئوچۇق بوھتان ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

﴿ئۇلار نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟ گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەن ئىكەن، ئۇلار الله نىڭ نەزىرىدە يالغانچى ھېسابلىنىدۇ﴾ يەنى ئۇلار نېمىشقا دېگەن گەپلىرىنىڭ توغرىلىقىغا تۆت گۇۋاھچىنى ئېلىپ كېلەلمىدى؟ ئەگەر ئۇلار تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىسە، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا يالغانچى ۋە ھەقتىن چەتنەپ كەتكۈچى ھېسابلىنىدۇ.

*******

وَلَوْلَا فَضْلُ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُۥ فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْءَاخِرَةِ لَمَسَّكُمْ فِى مَآ أَفَضْتُمْ فِيهِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿١٤﴾ إِذْ تَلَقَّوْنَهُۥ
بِأَلْسِنَتِكُمْ وَتَقُولُونَ بِأَفْوَاهِكُم مَّا لَيْسَ لَكُم بِهِۦ عِلْمٌ وَتَحْسَبُونَهُۥ هَيِّنًا وَهُوَ عِندَ ٱللَّهِ عَظِيمٌ ﴿١٥﴾

سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە الله نىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، بوھتان چاپلىغىنىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار﴿14﴾. ئۆز ۋاقتىدا بوھتاننى تىلىڭلار بىلەن تارقاتتىڭلار، بىلمەيدىغان نەرسەڭلارنى ئېغىزىڭلارغا ئالدىڭلار، ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار، ھالبۇكى، الله نىڭ نەزىرىدە، ئۇ چوڭ گۇناھتۇر﴿15﴾.

## الله تائالانىڭ بوھتان چاپلىغۇچىلارنىڭ تەۋبە قىلىشقا ئۈنۈۋ ئاتا قىلىپ بېرىش بىلەن ئۇلارغا قىلغان مەرھەمىتى

﴿سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە الله نىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى﴾ يەنى: ئى ئائىشەگە بوھتان چاپلىغۇچىلار! سىلەرنىڭ دۇنيادا قىلغان تەۋبەڭلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئاخىرەتكە ئىمانىڭلار بولغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالانىڭ سىلەرنى كەچۈرۈۋېتىشتىن ئىبارەت (سىلەرگە) قىلغان مەرھەمىتى

ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ﴿**بوھتان چاپلىغىنىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار**﴾ بۇ كەچۈرۈلۈش مىستەھ، ھەسسان ۋە زەينەب بىنتى جەھشىنىڭ ھەمشىرىسى ھەمنە بىنتى جەھشى قاتارلىقلاردەك الله تائالا ئىمانىنى رىزىق قىلىپ بەرگەن ئادەملەرنىڭ (بوھتان چاپلاپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن) الله تائالاغا تەۋبە قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەمما مۇناپىقلارنىڭ ئىچىدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بوھتان چاپلىغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى بولسا، بۇ ئايەتتە گۇناھلىرى كەچۈرۈلۈپ كەتكەنلەرنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ[1]. چۈنكى، بۇ مۇناپىقلارنىڭ چاپلىغان بوھتانىغا تەڭ كەلگۈدەك ئىمانى ۋە بىرەر ياخشى ئەمەل - ئىبادەتلىرى يوقتۇر. شۇنىڭدەك، مۇئەييەن بىر يامان قىلمىشقا (بۇ قىلمىشقا مۇنداق ئازاب كېلىدۇ دەپ) سېلىنغان تەھدىتمۇ شۇ يامان قىلمىشقا تەۋبە قىلماسلىقىغا ۋە ياكى شۇ يامان قىلمىشقا تەڭ كېلىدىغان ياكى ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان بىرەر ياخشى ئەمەل - ئىبادەتنىڭ بولماسلىقىغا قارىتا بولىدۇ.

﴿**ئۆز ۋاقتىدا بوھتاننى تىلىڭلار بىلەن تارقاتتىڭلار**﴾ مۇجاھىد ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىر - بىرىڭلارغا سۆز يەتكۈزدۈڭلار دېگەنلىكتۇر، - دېدى. يەنى: مەن بۇ گەپنى پالانىدىن ئاڭلىدىم ۋە پالانى مۇنداق دەپتىمىش، - دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ ئايەتنىڭ باشقا بىر خىل بىر ئوقۇلۇشى بولۇپ، ئۇ ئوقۇلۇشقا ئاساسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سىلەر ئۇ بوھتاننى تىللىرىڭلار بىلەن داۋاملاشتۇردۇڭلار دېگەنلىك بولىدۇ.

﴿**بىلمەيدىغان نەرسەڭلارنى ئېغىزىڭلارغا ئالدىڭلار**﴾ يەنى سىلەر بىلمەيدىغان نەرسەڭلەرنى سۆزلىدىڭلار.

﴿**ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار، ھالبۇكى، الله نىڭ نەزىرىدە، ئۇ چوڭ گۇناھتۇر**﴾ يەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا توغرىسىدا بوھتانلارنى توقۇدۇڭلار ۋە ئۇنى ئاددىي كۆردۈڭلار. ئەگەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بولمىغان تەقدىردىمۇ، بوھتان چاپلاش ئاددىي ئىش ئەمەس تۇرسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇغەنچىسى ۋە ئۇلارنىڭ كاتتىسى بولغان، ئۇ ساۋاتسىز پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىغا بوھتان چاپلاش قانداقمۇ ئاددىي ھېسابلانسۇن؟ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغان ئىش بولسا، پەيغەمبەرنىڭ ئايالىنىڭ ئۈستىدىن گەپ تېپىشتۇر. شۇڭا الله تائالا بۇنداق بوھتانلارغا كايىيدۇ. الله تائالا بىرەر پەيغەمبەرنىڭ ئايالىغا بۇنداق ئىشنى پۈتتۈۋەتمىگەن. الله تائالا ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. الله تائالا شۇنداق ئىشنى قىلىشنى پۈتتۈۋەتمىگەن تۇرسا، دۇنيا - ئاخىرەتتە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىلىنىڭ ئايالى بولغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادا بۇ ئىش قانداقمۇ يۈز بەرسۇن!؟ شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار، ھالبۇكى، الله نىڭ نەزىرىدە، ئۇ چوڭ گۇناھتۇر**﴾

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى الله تائالانىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويىدىغان ۋە (گۇناھىنىڭ) قەيەرگىچە يېتىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بىر سۆزنى قىلىپ قويىدۇ، الله تائالا ئۇ كىشىنى شۇ سۆزىنىڭ سەۋەبى بىلەن (چوڭقۇرلىقى) ئاسمان - زېمىننىڭ ئارىلىقىدىنمۇ چوڭقۇر بولغان دوزاخقا تاشلايدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە: «بىپەرۋالىق قىلىپ سۆزلەپ قويىدۇ» دەپ كەلدى.

---

(1) مىستەھ، ھەسسان ۋە زەينەب قاتارلىقلار بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن 80 قامچا ئۇرۇلدى.

*******

وَلَوْلَآ إِذْ سَمِعْتُمُوهُ قُلْتُم مَّا يَكُونُ لَنَآ أَن نَّتَكَلَّمَ بِهَٰذَا سُبْحَٰنَكَ هَٰذَا بُهْتَٰنٌ عَظِيمٌ ﴿١٦﴾ يَعِظُكُمُ ٱللَّهُ أَن
تَعُودُوا۟ لِمِثْلِهِۦٓ أَبَدًا إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٧﴾ وَيُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْـَٔايَٰتِ ۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١٨﴾

ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، نېمىشقا مۇنداق سۆزلەرنى قىلىش بىزگە مۇناسىپ ئەمەس، ئى **الله**! سەن پاكتۇرسەنكى، بۇ چوڭ بوھتاندۇر دېمىدىڭلار ﴿16﴾. **الله** سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇكى، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ھەرگىز قايتا مۇنداق سۆزلەرنى قىلماڭلار ﴿17﴾. **الله** سىلەرگە (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە گۈزەل ئەدەب ـ ئەخلاقلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلەرنى بايان قىلىدۇ، **الله** (بەندىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، (تەدبىر قوللىنىشتا ۋە شەرىئەتنى بەرپا قىلىشتا) ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر ﴿18﴾.

## الله تائالانىڭ يەنە بىر قېتىم كايىغانلىقى

**الله** تائالا بۇ يەردە مۆمىنلەرگە يەنە بىر قېتىم كايىدى. ئۇلار ئەڭ ئېسىل ۋە ياخشى كىشى توغرىسىدا ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان گەپنى قىلماقچى بولغاندا، ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ گۇمان قىلىشى ۋە (كاللىلىرىغا) ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ گۇمان قىلىشتىن باشقىسىنى كەلتۈرمەسلىكى لازىم ئىدى.[1] ئەگەر ئۇلارنىڭ دىللىرىغا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشى ياكى يامان خىيال قىلىش بىلەن بىرەر يامان گۇمان كېلىپ قالغان بولسا، ئۇنى سۆزلىمەسلىك لازىم ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۈممىتىم دىللىرىغا كېچىپ قالغان يامان ئىشنى سۆزلىمىگەن ياكى ئەمەلىيەتتە قىلمىغانلا بولسا، **الله** تائالا ئۇلارنىڭ (يامان ئىشنى دىللىرىغا كەلتۈرگەن گۇناھىنى) كەچۈرۈۋېتىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**﴿ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، نېمىشقا مۇنداق سۆزلەرنى قىلىش بىزگە مۇناسىپ ئەمەس، ئى الله سەن پاكتۇرسەنكى، بۇ چوڭ بوھتاندۇر دېمىدىڭلار﴾** يەنى سىلەر نېمىشقا: بىزگە بۇ سۆزلەرنى سۆزلەش ۋە بىر كىشىگە بۇ سۆزلەرنى قىلىش لايىق ئەمەس. ئى **الله**! سېنى ھەممە كەمچىلىكتىن پاك دەپ بىلىمىز، بۇ سۆزنىڭ پەيغەمبىرىڭ ۋە دوستۇڭنىڭ ئايالى توغرىسىدا دېيىلىشى چوڭ بوھتاندۇر، ـ دېمىدىڭلار؟

**﴿الله سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇكى، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ھەرگىز قايتا مۇنداق سۆزلەرنى قىلماڭلار﴾** يەنى كەلگۈسىدە **الله** تائالا سىلەرنى مۇشۇنىڭدەك ئىشنىڭ يەنە يۈز بېرىپ قېلىشىدىن (تەھدىت قىلىپ) توسىدۇ. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئەگەر مۆمىن بولساڭلار﴾** يەنى ئەگەر سىلەر **الله** تائالاغا ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئىمان ئېيتقان بولساڭلار ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھۆرمەتلىسەڭلەر. ئەمما بۇلارغا ئىمان ئېيتمىغانلار بولسا، ئۇنىڭ ھۆكمى باشقىچە بولىدۇ.



(1) چۈنكى ئىنسان باشقىلارنى ئۆزىگە سېلىشتۇرىدۇ، ئەگەر ئۆزى ياخشى ئادەم بولسا، باشقىلارنىمۇ ياخشى دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئەگەر ئۆزى ئەسكى ئادەم بولسا، باشقىلارنىمۇ شۇنداق دەپ قارايدۇ.

﴿**الله سىلەرگە (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە گۈزەل ئەدەب ـ ئەخلاقلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلەرنى بايان قىلىدۇ**﴾ يەنى الله تائالا سىلەرگە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە ھېكمەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ﴿**الله (بەندىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، (تەدبىر قوللىنىشتا ۋە شەرىئەتنى بەرپا قىلىشتا) ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾

*******

إِنَّ ٱلَّذِينَ يُحِبُّونَ أَن تَشِيعَ ٱلْفَٰحِشَةُ فِى ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْءَاخِرَةِ ۚ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ
وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿١٩﴾

مۆمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، الله (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر﴿19﴾.

## مۆمىنلەر توغرىسىدا يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان كىشىلەرگە كايىش

الله تائالا بۇ (ئۈچىنچى) قېتىملىق كايىشدا يامان سۆزلەرنى ئاڭلىغان، شۇ سۆز كاللىسىدا قېلىپ قالغان ۋە ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا تارقاتماستىن ۋە يايماستىن ئازراق سۆزلەپ قالغان كىشىلەرگە كايىپ مۇنداق دېدى: ﴿**مۆمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر**﴾ يەنى مۆمىنلەر توغرىسىدا يامان سۆزلەرنىڭ مەيدانغا ئاشكارا بولۇپ چىقىشىنى خالايدىغانلار، ﴿**شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ**﴾ يەنى دۇنيادا جازاغا، ئاخىرەتتە ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

﴿**الله (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر**﴾ يەنى سىلەر بارلىق ئىشلارنى الله تائالاغا تاپشۇرۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، توغرا ئىش قىلغان بولىسىلەر. ئىمام ئەھمەد سەۋباندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئەزىيەت بەرمەڭلار. ئۇلارنىڭ (قىلغان ئىشلىرىنى) سۆكمەڭلار. ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدىمەڭلار. چۈنكى، كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىسە، الله تائالا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئەيىبىنى (ھەتتا ئۇ ئۆيىدىكى چاغدا) ئېچىۋېتىدۇ».

*******

وَلَوْلَا فَضْلُ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُۥ وَأَنَّ ٱللَّهَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٠﴾ ۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَتَّبِعُوا۟
خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَٰنِ ۚ وَمَن يَتَّبِعْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَٰنِ فَإِنَّهُۥ يَأْمُرُ بِٱلْفَحْشَآءِ وَٱلْمُنكَرِ ۚ وَلَوْلَا فَضْلُ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ
وَرَحْمَتُهُۥ مَا زَكَىٰ مِنكُم مِّنْ أَحَدٍ أَبَدًا وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يُزَكِّى مَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢١﴾

اللہ نىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى (سىلەرنى قاتتىق جازالايتتى)، اللہ شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿20﴾. ئى مۆمىنلەر! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر)گە، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، اللہ نىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچ ئادەم ئەبەدىي پاك بولماس ئىدى ۋە لېكىن اللہ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ، اللہ سىلەرنىڭ (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿21﴾.

## اللہ تائالانىڭ مەرھەمىتىنى ئەسلىتىش ۋە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش

﴿**اللہ نىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى (سىلەرنى قاتتىق جازالايتتى)، اللہ شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ يەنى ئەگەر اللہ تائالانىڭ مەرھەمىتى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ئىش باشقىچە بولاتتى. لېكىن، اللہ تائالا بەندىلىرىگە شەپقەتلىكتۇر ۋە مېھرىباندۇر. شۇڭا بوھتان چاپلاپ ئىلغانلىقىغا تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن جازا ئىجرا قىلىنىشقا تېگىشلىك بولۇپ، جازا بىلەن ئۆزلىرىنى پاكلىماقچى بولغانلارنى شۇنداق پاكلىدى.

﴿**ئى مۆمىنلەر! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار**﴾ يەنى سىلەر ئۇنىڭ يوللىرىغا ۋە ئۇ بۇيرۇغان ئىشلارغا ماڭماڭلار. ﴿**كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر) گە، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ**﴾ بۇ، ئۆزى قىسقا، ئەمما مەنىسى ئەڭ چوڭقۇر ۋە تولۇقلىشى ئەڭ چىرايلىق سۆز بىلەن مۆمىنلەرنى شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگىشىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

﴿**اللہ نىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچ ئادەم ئەبەدىي پاك بولماس ئىدى**﴾ يەنى اللہ تائالا خالىغان كىشىگە ئۇنىڭ تەۋبە قىلىشىنى نېسىپ قىلمىغان ۋە دىللارنى شېرىكتىن، بۇزۇقلۇقتىن، مەنىۋى كىرلىكتىن ۋە ناچار ئەخلاقلاردىن پاكىزلىمىغان بولسا ئىدى، ھېچ كىشى ئۆزىگە پاكلىق ۋە ياخشىلىق كەلتۈرەلمەيتتى. ﴿**ۋە لېكىن اللہ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ**﴾ يەنى بەندىلىرىدىن خالىغاننى پاك قىلىدۇ. خالىغاننى ئازدۇرىدۇ ۋە خالىغاننى ئازغۇنلۇق ھالاكەتلىرىگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ.

﴿**اللہ سىلەرنىڭ (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى اللہ تائالا بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىمنىڭ ھىدايەتكە، كىمنىڭ ئازغۇنلۇققا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

*******

وَلَا يَأۡتَلِ أُوْلُواْ ٱلۡفَضۡلِ مِنكُمۡ وَٱلسَّعَةِ أَن يُؤۡتُوٓاْ أُوْلِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينَ وَٱلۡمُهَٰجِرِينَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ وَلۡيَعۡفُواْ وَلۡيَصۡفَحُوٓاْۗ أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿٢٢﴾

ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن

يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، **الله** نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ **الله** ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿22﴾.

## قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنى سەدىقە بېرىشكە ۋە كەچۈرۈۋېتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش

**﴿ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن﴾** ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا بىر نەرسە بەرمەسلىككە قەسەم قىلماسلىق بولسا، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۇرنىتىشقا مۇۋاپىق يولدۇر. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿(ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن﴾** يەنى ئۇلاردىن ئۆتكۈلۈپ قالغان خاتالىقلارنى ۋە ئەزىيەتلەرنى كەچۈرۈۋەتسۇن. بۇ، بەندىلەر ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئۇۋال قىلغان بولسىمۇ، **الله** تائالانىڭ ئۇلارنى تېزلا جازاغا تارتماسلىقى ۋە ئۇلارغا قىلغان مەرھەمىتى ۋە مېھرىبانلىقىدۇر.

بۇ ئايەت بىز يۇقىرىدىكى ھەدىستە بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، مىستەھە ئىبنى ئۇساسە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۈستىدىن گەپ قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، (ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پاكلانغاندىن كېيىن) ئەبۇبەكرى مىستەھەگە قىلىۋاتقان ياردىمىنى قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن ۋاقىتتا چۈشكەن. **الله** تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلاپ ۋەھيي چۈشۈرۈپ، شۇنىڭ بىلەن، بارلىق مۆمىنلەرنىڭ كۆڭلى خۇشاللىنىپ ئارامغا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، **الله** تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىن بۇ ھەقتە سۆز قىلىپ سالغانلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بوھتان چاپلىغانلىقىنىڭ جازاسىغا ھەقلىق بولغانلارغا جازا ئىجرا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئەبۇبەكرىنى ئۆزىنىڭ يېقىنى ۋە تۇغقىنى بولغان مىستەھە ئىبنى ئۇساسەگە مېھرىبانلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشكە باشلىدى. چۈنكى، ئۇ ئەبۇبەكرىنىڭ ھاما ئاچىسىنىڭ بالىسى ئىدى. ئۇ مىسكىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەبۇبەكرى ياردەم قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلكىدىن باشقا نەرسىسى يوق ئىدى. ئۇ **الله** تائالانىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلاردىن ئىدى. ئەمما ئۇ بوھتان چاپلىغۇچىلارنىڭ سېپىگە كىرىپ قالدى. **الله** تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭغا (بوھتان چاپلىغانلىقىنىڭ) جازاسىمۇ ئىجرا قىلىندى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، سېخىيلىق بىلەن تونۇلغان ئادەم ئىدى. ئۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ۋە يات كىشىلەرگە بەك كۆپ ياردەم قىلاتتى.

**الله** تائالانىڭ: **﴿ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، الله نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** دېگەن ئايىتى چۈشۈپ، مۇكاپاتنىڭ قىلغان ئىشنىڭ تىپىدىن بولىدىغانلىقى بايان قىلدى. يەنى خۇددى سەن ساڭا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالغان كىشىنى ئەپۇ قىلغىنىڭدەك ۋە كەچۈرۈۋەتكىنىڭدەك، بىزمۇ سېنى ئەپۇ قىلىمىز ۋە كەچۈرۈۋېتىمىز، ـ دەپ بايان قىلىپ: **﴿الله نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟﴾** دېدى. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى شەكسىز ياقتۇرىمىز دەپ، مىستەھەگە قىلىپ كېلىۋاتقان

يارد‌ەمنى قىلىشقا باشلىدى ۋە: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇنىڭدىن يارد‌ەمنى ھەرگىزمۇ توختىتىپ قويمايمەن، (مەن بۇنىڭغا يارد‌ەم قىلىش ئارقىلىق الله تائالانىڭ مېنى مەغپىرەت قىلىشىدىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ پايدىغا ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن) مەن بۇنىڭدىن ئۆزمەگە پايدا يەتكۈزۈشنى ھەرگىز سورىمايمەن، ـ دېدى. شۇڭا ئەبۇبەكرى ھەقىقىي راستچىل ھېسابلاندى. الله تائالا ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ قىزىدىن رازى بولسۇن!

*******

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ٱلۡغَٰفِلَٰتِ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ لُعِنُواْ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ٢٣ يَوۡمَ تَشۡهَدُ عَلَيۡهِمۡ أَلۡسِنَتُهُمۡ وَأَيۡدِيهِمۡ وَأَرۡجُلُهُم بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٢٤ يَوۡمَئِذٖ يُوَفِّيهِمُ ٱللَّهُ دِينَهُمُ ٱلۡحَقَّ وَيَعۡلَمُونَ أَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ ٱلۡمُبِينُ ٢٥﴾

يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ)، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿23﴾. شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ﴿24﴾. شۇ كۈندە الله ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلار الله نىڭ ئاشكارا ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ﴿25﴾.

## يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلارغا قىلىنغان تەھدىت

بۇ، الله تائالانىڭ يامان ئىشتىن بىخەۋەر، ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلارغا سالغان تەھدىدىدۇر. (باشقا مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلارغا قىلىنغان) بۇ تەھدىدنىڭ ئىچىگە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىغا قارا چاپلايدىغانلارنىڭ كىرىشى ئەلۋەتتە ھەقلىقتۇر. خۇسۇسەن، بۇ ئايەتلەرنىڭ چۈشۈشىگە سەۋەبچى بولغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قارا چاپلىغان ۋە چاپلايدىغانلارنىڭ كىرىشى تېخىمۇ ھەقلىقتۇر. شۇڭا بارلىق ئالىملار بۇ ئايەتلەر چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى تىللىغان ياكى ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىدا بىرلىككە كەلدى. چۈنكى، ئۇ كىشى قۇرئانغا چوڭلۇق قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىغا بوھتان چاپلىغانلارمۇ كاپىر بولىدۇ.

﴿يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ)﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلار (يەنى الله ۋە رەسۇلۇللا يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلار) نى الله دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلايدۇ﴾[1] ئابدۇرراھمان ئىبنى زەيد مۇنداق دېدى: بۇ، الله تائالانىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا

(1) ئەھزاب سۈرىسى 57 ـ ئايەت.

ۋە شۇنىڭدەك باشقا مۇسۇلمانلارغا بوھتان چاپلىغانلارغا بولىدىغان لەنىتىدۇر. لېكىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بوھتان چاپلىغانلار بۇ لەنەتنىڭ بېشىدىدۇر.

ئىبنى ھاتەم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ھالاك قىلغۇچى يەتتە خىل گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار» دېدى. ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسىلار؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار الله غا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، الله تائالا ئۆلتۈرۈشنى چەكلىگەن جانلارنى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈۋېتىش، جازانە يېيىش، يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەۋېلىش، جىھاد مەيدانىدىن قېچىش، پاك، ئىپپەتلىك تەقۋادار ئاياللارغا بوھتان چاپلاشتۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

**﴿شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ﴾** ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ كىشىلەر مۇشرىكلاردۇر. ئۇلار جەننەتكە پەقەت ناماز ئوقۇغان مۆمىنلەرنىڭلا كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىگە: بۇ ياققا كېلىڭلار، (بىز دۇنيادىكى قىلمىشلىرىمىزدىن) تېنىۋالايلى! ـ دېيىشىدۇ ـ دە، تېنىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىدۇ. (ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا) ئۇلارنىڭ قوللىرى ۋە پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ ۋە ئۇلار الله تائالادىن بىر ئېغىز سۆزنىمۇ يوشۇرۇپ قالالمايدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا ئېغىز چىشلىرى كۆرۈنىپ قالغۇچە كۈلدى. ئاندىن: «سىلەر مېنىڭ نېمىگە كۈلگەنلىكىمنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. بىز: الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەندە پەرۋەردىگارىغا: ئى پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى زۇلۇمدىن ساقلاپ قالامسەن؟ ـ دەيدۇ. پەرۋەردىگارى: ساقلاپ قالىمەن، ـ دەيدۇ. بەندە: مەن ئۆزەمگە ئۆزەم گۇۋاھچى بولۇشنى خالايمەن، ـ دەيدۇ. پەرۋەردىگارى: بۈگۈن ئۆزەڭگە ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ ۋە (سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى يازغان) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھ بولۇشلىرى يېتەرلىك، ـ دەيدۇ. ئاندىن بەندىنىڭ ئېغىزى پېچەتلىۋېتىلىدۇ ۋە ئەزالىرىغا: سۆزلىگىن! ـ دېيىلىدۇ. ئەزالىرى بەندىنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆزلەيدۇ. ئاندىن بەندىنىڭ (ئېغىزىدىكى پېچەت ئېلىۋېتىلىپ) سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. بەندە: (ئەزالىرىغا) يوقۇلۇڭلار. (مەندىن) يىراق بولۇڭلار. مەن ئۆزەمنى سىلەردىن قوغدىغانتىم، ـ دەيدۇ» دېدى.

**﴿شۇ كۈندە الله ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلار الله نىڭ ئاشكارا ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ ۋەدىسىدە، تەھدىدىدە ۋە ھېساب ئېلىشىدا ھېچ زۇلۇم قىلمايدىغان، ئادىل زات ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

*******

ٱلۡخَبِيثَٰتُ لِلۡخَبِيثِينَ وَٱلۡخَبِيثُونَ لِلۡخَبِيثَٰتِۖ وَٱلطَّيِّبَٰتُ لِلطَّيِّبِينَ وَٱلطَّيِّبُونَ لِلطَّيِّبَٰتِۚ أُوْلَٰٓئِكَ مُبَرَّءُونَ مِمَّا يَقُولُونَۖ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ﴿٢٦﴾

يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر، ياخشى ئاياللار ياخشى

ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر، ئەنە شۇلار ئۇلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر، ئۇلار مەغپىرەتتىن، (نازۇ نېمەتلىك جەننەتلەردىكى) ئېسىل رىزىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ﴿26﴾.

## ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنىڭ ئايالى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ياخشى ئايال ئىكەنلىكى

ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: يامان سۆز يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان سۆزگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى سۆزگە لايىقتۇر. بۇ ئايەت ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بوھتانچىلار توغرىسىدا چۈشكەن، ـ دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد، ئەتا، سەئىد ئىبنى جۇبەير، شەئبى، ھەسەن ئىبنى ئەبۇھەسەنبەسرى، ھەبىب ئىبنى ئەبۇسابىت ۋە زەھھاك قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. ئىبنى جەرىر بۇ مەنىنى توغرا دەپ قارىدى. يەنى ئەسكى سۆز ئەسلىدە ئەسكى ئادەملەرگە، ياخشى سۆز ياخشى ئادەملەرگە لايىقتۇر. مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرى ئەسلىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۈستىدىن تاپقان سۆزلەرگە لايىقتۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولسا، ئۇلاردىن خالىيدۇر ۋە ئۇ پاكلىققا لايىقتۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئەنە شۇلار ئۇلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر**﴾

ئابدۇرراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر، ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر، ـ دېدى.

ئايەتكە بېرىلگەن بۇ مەنە بىلەن يۇقىرىدا بېرىلگەن مەنىنىڭ بېرىدىغان مەزمۇنى بىردۇر. يەنى الله تائالانىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى قىلىپ بېرىشى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ياخشى ئايال بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۇ، ئادەم بالىسىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسىنىڭ ياخشىسى بولغان بىر كىشىنىڭ ئايالىدۇر. ئەگەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يامان ئايال بولغان بولسا، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بولۇشقا شەرىئەت قائىدىسى بويىچىمۇ لايىق بولمايتتى ۋە الله تائالامۇ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرمايتتى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئەنە شۇلار ئۇلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر**﴾ يەنى ئۇلار بوھتانچىلار ۋە دۈشمەنلەر چاپلىغان سۆزلەردىن يىراقتۇر.

﴿**ئۇلار مەغپىرەتتىن (بەھرىمەن بولىدۇ)**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە يالغان توقۇلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلار الله تائالانىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشى بىلەن بەھرىمەن بولىدۇ. ﴿**(نازۇ نېمەتلىك جەننەتلەردىكى) ئېسىل رىزىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ**﴾ بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىلگەن.

*******

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَدْخُلُوا۟ بُيُوتًا غَيْرَ بُيُوتِكُمْ حَتَّىٰ تَسْتَأْنِسُوا۟ وَتُسَلِّمُوا۟ عَلَىٰٓ أَهْلِهَا ۚ ذَٰلِكُمْ
خَيْرٌ لَّكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ ﴿٢٧﴾ فَإِن لَّمْ تَجِدُوا۟ فِيهَآ أَحَدًا فَلَا تَدْخُلُوهَا حَتَّىٰ يُؤْذَنَ لَكُمْ ۖ وَإِن قِيلَ لَكُمُ
ٱرْجِعُوا۟ فَٱرْجِعُوا۟ ۖ هُوَ أَزْكَىٰ لَكُمْ ۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ ﴿٢٨﴾ لَّيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَدْخُلُوا۟ بُيُوتًا غَيْرَ
مَسْكُونَةٍ فِيهَا مَتَـٰعٌ لَّكُمْ ۚ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا تَكْتُمُونَ ﴿٢٩﴾

ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز - نەسىھەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق - ئەدەبكە ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۇشتۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر﴿27﴾. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، الله سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿28﴾. شەخسى تۇرالغۇ بولمىغان (يەنى دۇكان - سارايلارغا ئوخشاش) ئۆيلەرگە ھاجىتىڭلار چۈشۈپ كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر الله سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ﴿29﴾.

## ئۆيگە كىرگەندە رۇخسەت سوراش ۋە ئۆيگە كىرىش قائىدىلىرى

بۇ، الله تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە ئۆگەتكەن شەرىئەت قائىدىلىرىدۇر. الله تائالا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن باشقا ئۆيلەرگە كىرگەندە، كىرىشتىن بۇرۇن ئىزنى سوراشقا، كىرگەندىن كېيىن سالام قىلىشقا بۇيرۇدى. كىرىشكە ئىزنى سورىغاندا ئۈچ قېتىمغىچە ئىزنى سوراش لازىمدۇر. ئەگەر (ئۈچ قېتىم ئىزنى سورىغىچە) كىرىشكە ئىزنى بەرسە كىرىدۇ. ئەگەر ئىزنى بەرمىسە، قايتىپ كېتىدۇ.

ئىمام بۇخارى بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇمۇسا (ئۆمەرنىڭ قېشىغا كىرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭدىن ئۈچ قېتىمغىچە ئىزنى سورايدۇ. ئۇنىڭغا ئىزنى بېرىلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇمۇسا قايتىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى قەيسنىڭ (يەنى ئەبۇمۇسانىڭ) ئىزنى سورىغان ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىممۇ؟ ئۇنىڭغا ئىزنى بېرىڭلار، - دەيدۇ. كىشىلەر ئەبۇمۇسانىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئەبۇمۇسا كېيىنكى قېتىم كەلگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: سەن (ئۆتكەن قېتىم) نېمىگە قايتىپ كەتتىڭ؟ - دەيدۇ. ئۇ: مەن ئۈچ قېتىم ئىزنى سورىدىم، ئىزنى بېرىلمىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىرىڭلار ئۈچ قېتىم ئىزنى سورىسىمۇ، ئىزنى بېرىلمىسە، قايتىپ كەتسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم (شۇڭا قايتىپ كەتتىم)، - دەيدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلىقىڭغا گۇۋاھچى ئەكىلىسەن، بولمىسا سېنى قامچىلايمەن[1]، - دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇمۇسا بىر تۈركۈم ئەنسارىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارغا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ گەپلىرىنى دەيدۇ. ئەنسارىلار: ساڭا بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئەڭ كىچىك بىرسى گۇۋاھچى بولۇپ بېرىدۇ، - دەيدۇ. ئەبۇسەئىد خۇدرى ئەبۇمۇسا بىلەن بىللە ئۆمەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بازارلاردىكى سودا - سېتىقلار مېنى بۇ ھەدىسنى بىلىشتىن مەھرۇم قىلغان ئىكەن - دە، - دەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەنەستىن ياكى ئۇنىڭ باشقىسىدىن مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىد ئىبنى ئۇبادەدىن (ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە) ئىزنى سوراپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكە ۋە رەھمەتۇللاھى» دېدى. سەئىد: ۋە ئەلەيكەسسالامۇ ۋە رەھمەتۇللاھى، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

(1) ساھابىلار دىن دۈشمەنلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە يالغان، توقۇلما ھەدىسلەرنى كىرگۈزۈپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۆزلىرى ئاڭلىمىغان بىرەر ھەدىسنى ئاڭلىسا، ئۇ ھەدىسنىڭ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن ھەدىس ئىكەنلىكىگە پاكىت تەلەپ قىلاتتى.

بۇنى ئاڭلىماي ئۈچ قېتىم سالام قىلدى. سەئد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاڭلىيالمىغىدەك پەس ئاۋازدا ئۈچ قېتىم سالام قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتتى. سەئد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدىن بېرىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇن! سىزنىڭ ھەر بىر قىلغان سالىمىڭىز ماڭا ئاڭلاندى. مەن ساڭا سەن ئاڭلىيالمىغىدەك قىلىپ سالام قايتۇردۇم. مەن سىزنىڭ ماڭا كۆپ سالام قىلىشىڭىزنى ۋە سىزنىڭ بەرىكىتىڭىزنى ئىزدەپ شۇنداق قىلدىم، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، ئالدىغا قۇرۇق ئۈزۈم قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يېدى ۋە: «تاماقلىرىڭلارنى ياخشى كىشىلەر يېسۇن. پەرىشتىلەر سىلەرگە رەھمەت ئېيتسۇن ۋە روزا تۇتقانلار قېشىڭلاردا ئىپتار قىلسۇن» دېدى.

ئىزن سورىغۇچى ئىزنى سورىغاندا، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرماي، ئۇنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە تۇرۇشى لازىمدۇر. ئەبۇداۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسرەنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلسە، ئۇدۇلىدا تۇرماي، ئۇنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە تۇرۇپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەيتتى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ئۆيلەرنىڭ پەردىلىرى يوق ئىدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «رۇخسەتسىز ئۆيۈڭگە كۆز تاشلىغان ئادەمنىڭ كۆزىگە تاش ئېتىپ قويۇۋەتسەڭمۇ، ساڭا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ».

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن دادامنىڭ ئۈستىدىكى بىر قەرز توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىشىكنى قاقتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ كىم؟» دېدى. مەن: بۇ مەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇددى بۇ سۆزنى يامان كۆرگەندەك: «مەن، مەن» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى يامان كۆردى. چۈنكى، بۇ سۆزنى دېگۈچى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ياكى مەشھۇر لەقىمىنى ئوچۇق دېمىگۈچە، ئۇ سۆز بىلەن ئۇنىڭ كىملىكى بىلىنمەيدۇ. چۈنكى، ھەر بىر كىشى ئۆزىنى "مەن" دەپ ئاتىيالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئايەتتە كەلگەن: باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىزنى سورىمىغىچە كىرمەڭلار! ـ دېگەن بۇيرۇقنىڭ مەقستى تېپىلماي قالىدۇ.

ئىمام ئەھمەد كەلەدە ئىبنى ھەنبەلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەككىنى پەتھى قىلغان ۋاقىتىدا سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە مېنى يېڭى ساغقان سۈت، ئوغلاق ۋە تەرخەمەك بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشكۈن قىلغان جايى جىلغىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدە ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا سالام قىلماستىن ۋە ئىزنى سورىماستىن كىردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كەينىڭگە قايتىپ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كىرسەم بولامدۇ؟ ـ دېگىن» دېدى. بۇ، سەفۋان مۇسۇلمان بولۇپ بولغاندىن كېيىن بولغان ئىش ئىدى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى جۇرەيج ئەتا ئىبنى ئەبۇرىباھەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس: كىشىلەر ئەمەل قىلىشتىن يىراقلىشىپ كەتكەن ئۈچ ئايەت بار. الله تائالا: ﴿ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن

ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ﴾[1] دەيدۇ. كىشىلەر بولسا: ھەقىقەتەن ئۆيلىرى ئەڭ كاتتا بولغانلىرىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا، ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر، ـ دەيدۇ ۋە ئۇلار ئۆيلەرگە كىرگەندە ئىزنى سوراپ كىرىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسگە ئەمەل قىلىشتىنمۇ يىراقلىشىپ كەتتى، ـ دېدى. مەن: مەن بىلەن بىر ئۆيدە ياشايدىغان يېتىم ھەمشىرىلىرىمنىڭ قېشىغا كىرسەممۇ ئىزنى سورامدىمەن؟ ـ دېدىم. ئىبنى ئابباس: ھەئە، ـ دېدى. ئاندىن مەن ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا ماڭا (ئىزنى سورىماستىن كىرىشكە) رۇخسەت بېرىشى ئۈچۈن قايتا باردىم. ئۇ رۇخسەت بەرگىلى ئۇنىمىدى ۋە: سەن ھەمشىرىلىرىڭنى يالىڭاچ ھالىتىدە كۆرۈشنى ياقتۇرامسەن؟ ـ دېدى. مەن: ياق، ـ دېدىم. ئۇ: ئۇنداق بولسا ئىزنى سوراپ كىرگىن! ـ دېدى. ئاندىن مەن ئۇنىڭ قېشىغا يەنە باردىم. ئۇ: الله تائالاغا بويسۇنۇشنى خالامسەن؟ ـ دېدى. مەن: ھەئە، ـ دېدىم. ئۇ: ئۇنداق بولسا ئىزنى سوراپ كىرگىن! ـ دېدى.

ئىبنى جۇرەيج ئىبنى تاۋۇستىن دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئانام ۋە ھەمشىرىلىرىمدەك ئاياللارنى يالىڭاچ كۆرۈپ قېلىشنى باشقا ئاياللارنى شۇ ھالەتتە كۆرۈپ قېلىشتىنمۇ بەكرەك يامان كۆرىمەن، ـ دېدى. ئىبنى تاۋۇسنىڭ دادىسى بۇ ئىشتا (يەنى ئانىسى ۋە ھەمشىرىلىرىدەك ئاياللارنى يالىڭاچ ھالىتىدە كۆرۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قېشىلىرىغا كىرگەندە ئىزنى سوراپ كىرىش ئىشىدا) بەك چىڭ تۇراتتى.

ئىبنى جۇرەيج زۆھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ھۇزەيل ئىبنى شۇرەھبىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: مەن ئىبنى مەسئۇدنىڭ: سىلەر ئانىلىرىڭلارنىڭ قېشىغا كىرگەندىمۇ ئىزنى سوراپ كىرىڭلار، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

ئىبنى جۇرەيج مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەتادىن: ئەر كىشى ئايالىنىڭ قېشىغا كىرسىمۇ ئىزنى سورامدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئەتا: ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ئەتا بۇ جاۋابىدا: ئەر كىشىنىڭ ئايالىنىڭ قېشىغا كىرگەندە، ئىزنى سورىشى پەرز ئەمەس دېمەكچىدۇر. ئەر كىشى ئايالى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بىر ھالەتتە تۇرۇۋاتقاندا تۇيۇقسىز كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئايالىنىڭ قېشىغا كىرگەندىمۇ ئۆزىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى ياخشىدۇر.

ئىبنى جەرىر ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئايالى بولغان زەينەبنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلىدىن زەينەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى مەسئۇد ئىشىدىن قايتىپ كېلىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، بىزنىڭ قېشىمىزغا بىز ئۇ ياقتۇرمايدىغان بىر ھالەتتە تۇرۇۋاتقان چاغدا كىرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن گېلىنى قاقاتتى ۋە تۈكۈرەتتى.

**﴿ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار﴾** مۇقاتىل ئىبنى ھەييان بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زاماندا بىرسى قېرىندىشىغا ئۇچرىسا، ئۇنىڭغا سالام قىلماي: ئەتىگەن ۋە كەچتە ھايات بولغىن! ـ دەيتتى. بۇ، ئۇلارنىڭ سالىمى ھېسابلىناتتى. بىرسى يەنە بىرسىنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئىزنى سورىمايلا: مەن كىردىم، ـ دېگەندەك ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان گەپلەرنى قىلىپ قويۇپلا، ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى. ئەرەبلەرنىڭ بۇ ئادىتى ئىسلام كەلگەندىن كېيىنمۇ داۋاملاشقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ

(1) ھۇجۇرات سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىش ئەرلەرگە ئېغىر كەلدى. چۈنكى (ئۆيگە كىرگۈچى: مەن كىردىم، ـ دەپ قويۇپلا ئۆيگە كىرگەندە) ئۆي ئىگىسى ئائىلە بىلەن بىر يەردە بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئادەتنى ناھايىتى چىرايلىق تۇستە ۋە ئىسىللىق بىلەن ئۆزگەرتىپ، ئۇنى بارلىق مەنىۋى كىر ۋە ناچار ھالەتتىن پاك ـ پاكىزە ۋە ئېسىل ھالەتكە كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار**﴾». مۇقاتىل ئىبنى ھەييانىنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە دېگەن سۆزلىرى بەكمۇ ئورۇنلۇقتۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەبكە ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۇشتۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر**﴾ يەنى ئىزنى سوراپ كىرگۈچىگىمۇ ۋە ئۆي ئىگىسىگىمۇ ياخشىدۇر.

﴿**ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچە كىرمەڭلار**﴾ يەنى ئىجازەت بېرىشتىن بۇرۇن كىرىش باشقىلارنىڭ مۈلكىدە رۇخسەتسىز ئىش كۆرگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئىگىسى خالىسا ئىزنى بېرىدۇ، خالىمىسا بەرمەيدۇ.

﴿**ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە**﴾ يەنى مەيلى ئىزنى بېرىشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن، ئۆي ئىگىلىرى سىلەرنى ئىشىك ئالدىدىن قايتۇرۇۋەتسە، ﴿**قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، الله سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ قەتادە مۇنداق دېدى: بەزى مۇھاجىرلار: مەن پۈتۈن ئۆمرۈم بويىچە بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىشنى ئىزدىدىم، لېكىن تاپالمىدىم. بۇ بولسىمۇ، بەزى قېرىنداشلىرىمنىڭ ماڭا: قايتىپ كەت، ـ دېيىشى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن الله تائالانىڭ: ﴿**ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، الله سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ دېگەن ئايىتىگە ئەمەل قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن خۇشال ھالەتتە قايتىشىم ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئۆيلىرىگە كىرىشكە ئىزنى سورايمەن (لېكىن ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ قايتىپ كەت دەپ باقمىدى)، ـ دېدى. سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سىلەر كىشىلەرنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋالماڭلار، ـ دېدى.

﴿**شەخسى تۇرالغۇ بولمىغان (يەنى دۇكان ـ سارايلارغا ئوخشاش) ئۆيلەرگە ھاجىتىڭلار چۈشۈپ كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر. الله سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئىلگىرىكىسىدىن خاسراقتۇر. چۈنكى، بۇ ئايەت نەرسىلەر جايلاشتۇرۇلغان، ئەمما بىر كىشى يوق (ئامبار ۋە دۇكاندەك) ئۆيلەرگە ئىزنىسىز كىرىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك، مېھمانخانىغىمۇ دەسلەپ كىرگەندە، ئىزنى سوراپ كىرسە، كېيىن كىرگەنلەردە ئىزنى سورىماي كىرىۋەرسىمۇ بولىدۇ.

ئىبنى جۇرەيج ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ﴿**شەخسى تۇرالغۇ بولمىغان (يەنى دۇكان ـ سارايلارغا ئوخشاش) ئۆيلەرگە ھاجىتىڭلار چۈشۈپ كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر الله سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ دېگەن ئايەت ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئايەتلەرنىڭ ئىچىدىن چىقىرىۋېلىندى. ئىكرىمە ۋە ھەسەن بەسرى قاتارلىقلاردىنمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلىندى.

*******

﴿قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا۟ مِنْ أَبْصَـٰرِهِمْ وَيَحْفَظُوا۟ فُرُوجَهُمْ ۚ ذَٰلِكَ أَزْكَىٰ لَهُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرٌۢ بِمَا يَصْنَعُونَ ٣٠﴾

مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نا مەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، اللّٰه ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار﴿30﴾.

## نامەھرەملەرگە قارىماسلىق

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنى نا مەھرەملەرگە قارىماي، بەلكى اللّٰه تائالا قاراشنى ھالال قىلىپ بەرگەن ئاياللىرىغا قاراشنى بۇيرۇدى. ئەگەر كۆز نامەھرەمگە مەقسەتسىز تاشلىنىپ قالغان بولسا، كۆزنى دەرھال ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىش لازىم. ئىمام مۇسلىم جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ بەجەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تۇيۇقسىز قاراپ قېلىش توغرىسىدا سورىغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى دەرھال كۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشقا بۇيرۇدى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ سەئىد خۇدرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر يوللاردا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار» دېدى. ساھابىلەر: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! بىز پاراڭلىشىش ئۈچۈن يولدا ئولتۇرمىساق بولمايدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىلەر ئولتۇرماسلىققا ئۇنىمىساڭلار، يولنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار» دېدى. ساھابىلەر: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! يولنىڭ ھەققى نېمە؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(يولنىڭ ھەققى) كۆزنى (نامەھرەمدىن) يىغىش، ئەزىيەت بەرمەسلىك، سالامنى قايتۇرۇش، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش قاتارلىق ئىشلاردۇر» دېدى.

ئەبۇ قاسىم بەغەۋىي ئەبۇ ئۇمامەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەر ماڭا يالغان سۆزلىمەسلىك، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلماسلىق، كۆزلىرىڭلارنى نامەھرەمدىن، قوللىرىڭلارنى ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن يىغىش ۋە ئەۋرەتلىرىڭلارنى ساقلاشتىن ئىبارەت ئالتە ئىشنى قىلىشقا كېپىل بولۇڭلار، مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭلارغا كېپىل بولاي» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. نامەھرەمگە قاراش بولسا، دىلنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. اللّٰه تائالا ئەۋرەتلەرنىڭ زىنا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان نامەھرەمگە قاراشتىن كۆزلەرنى ساقلاشقا بۇيرۇغاندەك، ئەۋرەتلەرنىمۇ ساقلاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نا مەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن**﴾ ئەۋرەتلەرنى ساقلاش دېگەنلىك، ئۇنى زىنادىن ساقلاش ۋە باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا قارىشىدىن ساقلاش دېگەنلىكتۇر. اللّٰه تائالا ئەۋرەتلەرنى زىنادىن ساقلاش توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر﴾[1] ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەۋرەتلەرنى

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

باشقىلارنىڭ قارىشىدىن ساقلاش توغرىسىدا مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەن ئەۋرىتىڭنى ئايالىڭ ۋەياكى چۆرەڭدىن باشقىلارنىڭ (قاراپ قېلىشىدىن) ساقلىغىن».

﴿مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر﴾ يەنى مۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پاكلايدۇ، دىنلىرىنى ساپلاشتۇرىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق ھېكمەتلىك سۆز بار: كىمكى كۆزىنى (نامەھرەمدىن) ساقلىسا، الله تائالا ئۇنىڭ دىلىغا بىر نۇرنى سالىدۇ.

﴿الله ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[1].

ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادەم بالىسىغا ئۇنىڭ زىنادىن بولغان نېسىۋىسى پۈتۈلگەن بولسا، ئۇنى قىلماسلىقىقا چارىسى بولمايدۇ. ئىككى كۆزنىڭ زىناسى قاراشتۇر. تىلنىڭ زىناسى زىناغا ئائىت سۆزنى قىلىشتۇر. ئىككى قۇلاقنىڭ زىناسى زىناغا ئائىت سۆزنى ئاڭلاشتۇر. ئىككى قولنىڭ زىناسى تۇتۇشتۇر. ئىككى پۇتنىڭ زىناسى زىناغا مېڭىشتۇر. كۆڭۈل زىنانى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە خالايدۇ. جىنسىي ئەزا بۇ خاھىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ ياكى ئىنكار قىلىدۇ»

كۆپىلگەن سەلەپ ئالىملىرى ئەر كىشىلەرنى (تېخى ساقال - بۇرۇتلىرى چىقمىغان) كىچىك ئوغۇل بالىلارغا يامان نىيەت بىلەن قاراشنى توساتتى.

ئىبنى ئەبۇدۇنيا ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «نامەھرەملەرگە (قاراشتىن) ساقلانغان، الله تائالانىڭ يولىدا ئۇخلىمىغان ۋە الله تائالادىن قورقۇپ چىۋىننىڭ بېشىچىلىك چوڭلۇقتا ياش تامچىسى ئاققۇزغان كۆزلەردىن باشقا ھەممە كۆزلەر قىيامەت كۈنى يىغلىغۇچىدۇر».

*******

وَقُل لِّلْمُؤْمِنَٰتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَٰرِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا
وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَىٰ جُيُوبِهِنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ ءَابَآئِهِنَّ أَوْ ءَابَآءِ
بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَآئِهِنَّ أَوْ أَبْنَآءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَٰنِهِنَّ أَوْ بَنِىٓ إِخْوَٰنِهِنَّ أَوْ بَنِىٓ أَخَوَٰتِهِنَّ
أَوْ نِسَآئِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُهُنَّ أَوِ ٱلتَّٰبِعِينَ غَيْرِ أُو۟لِى ٱلْإِرْبَةِ مِنَ ٱلرِّجَالِ أَوِ ٱلطِّفْلِ ٱلَّذِينَ
لَمْ يَظْهَرُوا۟ عَلَىٰ عَوْرَٰتِ ٱلنِّسَآءِ وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِن زِينَتِهِنَّ وَتُوبُوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ
جَمِيعًا أَيُّهَ ٱلْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٣١﴾

مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نا مەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن،

(1) غافىر سۈرىسى 19 ـ ئايەت.

يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا هەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېهتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۈياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار الله غا تەۋبە قىلىڭلار﴿31﴾.

## ئاياللارنىڭ ئورنىشى

الله تائالا مۆمىن ئاياللارنىڭ ئەرلىرى بولغان مۆمىنلەرگە ئۇ ئاياللارنى ياخشى ساقلاپ بېرىش ۋە ئۇلارنى ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زامانلارنىڭ ئاياللىرى ۋە مۇشرىك ئاياللىرىنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئايرىپ تۇرۇش ئۈچۈن، مۆمىن ئاياللارنى يۇقىرىقى ھۆكۈملەرگە بۇيرۇدى.

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا ئەنسارىلىق جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەسمائ بىنتى مۇرشىدە ھارىسە جەمەتىدىكى مەھەللىسىدە بولغان ئىدى. ئاياللار ئۇنىڭ قېشىغا ئىشتان كەيمىگەنلىكتىن پاچاقلىرىغا سالغان ھالقىلار كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، كۆكسى ۋە باش تەرەپلىرى ئوچۇق ھالەتتە كىرىشكە باشلىدى، ئەسمائ: بۇ نېمە دېگەن سەتچىلىك؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: **﴿مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۈياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار الله غا تەۋبە قىلىڭلار﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

الله تائالانىڭ: **﴿مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نا مەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن﴾** دېگەن ئايىتى ئاياللارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىدىن باشقا بىرسىگە قاراشتىن توسقان ئايەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

بەزى ئالىملار: يامان غەرەز بولمىسا، ئاياللارنىڭ باشقا ئەرلەرگە قارىشى دۇرۇس، ـ دېدى. بۇلارنىڭ پاكىتى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىستۇر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيت كۈنى مەسچىتتە ھەبەشلەرنىڭ نەيزە ئويۇنىنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن توسۇپ تۇراتتى. ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ (ئۇلارغا قانغىچە قاراپ) ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆردى.

**﴿ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن﴾** سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئەۋرەتلىرىنى زىنادىن ساقلىسۇن، ـ دېدى. ئەبۇئالىيە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئەۋرەتلىرىنى باشقا بىرسىنىڭ

كۆرۈپ قېلىشىدىن ساقلىسۇن، ـ دېدى.

**﴿تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن﴾** يەنى يوْگەش مۇمكىن بولمايدىغان زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن.

ئىبنى مەسئۇد: يوْگەش مۇمكىن بولمايدىغان زىننەت بولسا، كۆينەكلىرىگە ئوخشاش كىيىملىرىدۇر، ـ دېدى. مەسىلەن، پەلتو ۋە پەلتو شەكلىدىكى قېلىن كىيىملەرنى كىيگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئىچىگە كىيگەن كۆينىكى ۋە شۇنىڭدەك كىيىملىرى كۆرۈنىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

**﴿لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾** يەنى ئۇلار ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زامانىنىڭ ئاياللىرىغا ئوخشاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كۆكرەكلىرىنى ۋە بويۇنلىرىنى لېچەكلىرى بىلەن ياپسۇن. چۈنكى، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زامانىنىڭ ئاياللىرى ئۇنداق قىلمايتتى. ئۇلار ئەرلەرنىڭ ئالدىدىن كۆكرەكلىرى ئوچۇق ئۆتۈشۈپ يۈرەتتى. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ بويۇنلىرى، چاچلىرىنىڭ ئۇچى ۋە مۇنچاقلىرى كۆرۈنىپ تۇرغان ھالەتتە ماڭاتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا مۆمىن ئاياللارنى مۆمىنلىك قىياپىتىدە ئورنىتىشقا بۇيرۇدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ﴾[1] الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: **﴿لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾**. سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: كۆكرەكلىرى ۋە بويۇنلىرىنى (كۆرۈنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) لېچەكلىرى بىلەن ياپسۇن، ـ دېدى.

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا دەسلەپ ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارغا رەھمەت قىلسۇن. الله تائالا: **﴿لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾** دېگەن ئايەتنى چۈشۈرۈشى بىلەن، ئۇ ئاياللار ئېتەكلىرىنى يىرتىپ، لېچەك قىلىپ ئورانىدى.

ئىمام بۇخارى سەفىيە بىنتى شىبەدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا: **﴿لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾** دېگەن ئايەتنى چۈشۈرۈشى بىلەن ئاياللار ئېتەكلىرىنىڭ ئۇزۇن يەرلىرىنى يىرتىپ، لېچەك قىلىپ ئورانىدى.

**﴿(تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىنباشقا يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، (كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن)﴾** يەنى بۇلار شۇ ئايال بىلەن ئېلىپ ـ تېگىشىش ھارام قىلىنىپ كەتكەن كىشىلەردۇر. شۇڭا ئايال بەك ئاشۇرۇۋەتمەي، ئۆزىنىڭ (چېچى، بويۇنلىرىدەك) زىننەتلىرىنى[2] ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاچسا بولىدۇ.

ئىبنى مۇنزىر ئىكرىمەنىڭ بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا بۇ كىشلەرنىڭ ئىچىدە دادا تەرەپتىكى ۋە ئانا تەرەپتىكى تاغىلارنى (بۇلار ئايال بىلەن توي قىلالمايدىغان

(1) ئەھزاب سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان زىننەتلىرى دېگەن سۆزدىن چاچ، بويۇن، كۆكرەك، قۇلاق، پاچاق ۋە بىلەكتەك زىبۇ زىننەت تاقىلىدىغان يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. زىننەتلىرىنى ئېچىش دېگەنلىك مۇشۇ يەرلىرىنى ئېچىشنى كۆرسىتىدۇ. يېپىش دېگەنلىك مۇشۇ يەرلىرىنى يېپىشنى كۆرسىتىدۇ.

كىشلەر بولسىمۇ) بايان قىلمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئاياللارنىڭ زىننەتلىرىنى سۆيەتلەپ بېرىدۇ. شۇڭا ئايال ئۆزىنىڭ زىننەتلىك يەرلىرىنى تاغىلىرىنىڭ ئالدىدا ئاچماسلىقى لازىمدۇر.

ئەمما ئايال ئېرىغا (ئېرىنىڭ قېشىدا باشقا كىشى بولمىغان شارائىتتا) ئۆزىنىڭ چىرايلىق يەرلىرىنى كۆرسەتسە بولىدۇ. چۈنكى، ئايالنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ ئېرىغا مەنسۇپتۇر.

﴿**يا دىنداش ئاياللاردىن (باشقا كىشلەرگە كۆرسەتمىسۇن)**﴾ يەنى ئاياللار زىننەتلىك يەرلىرىنى مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ قېشىدا ئاچسا بولىدۇ. كاپىر ئاياللارنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ چىرايلىق يەرلىرىنى ئەرلىرىگە سۆيەتلەپ بەرمەسلىكى ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئاياللار كاپىر ئاياللارنىڭ قېشىدا زىننەتلىك يەرلىرىنى ئېچىشقا بولمايدۇ. ئەرلىرىگە باشقا ئاياللارنىڭ زىننەتلىرىنى سۆيەتلەپ بېرىش مۇسۇلمان ئاياللاردا تېپىلسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش كاپىر ئاياللاردا بەك ئېغىردۇر. ھەمدە كاپىر ئاياللارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى شۇ ئىشتىن ياندۇرىدىغان چەكلىمە يوق. ئەمما مۇسۇلمان ئايال بولسا، باشقا ئاياللارنىڭ زىننەتلىك يەرلىرىنى ئەرلىرىگە سۆيەتلەپ بېرىشنىڭ ھاراملىقىنى بىلىدۇ-دە، بۇ ئىشنى قىلمايدۇ.[1]

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇددىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئايال يەنە بىر ئايالغا يالىڭاچلىنىپ بەرمىسۇن. ئۇنداق قىلسا، ئىككىنچى ئايال ئېرىگە ئۇ ئايالنى سۆيەتلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەر ئۇ ئايالنى كۆرگەندەك بولىدۇ».

﴿**يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، (باشقا كىشلەرگە كۆرسەتمىسۇن)**﴾ ئىبنى جەرىر: ئەگەر ئۇ چۆرىلەر مۆشرىكلارنىڭ ئاياللىرىدىن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا زىنەتلىك يەرلىرىنى كۆرسەتسە بولىدۇ. ئۇ مۇشرىك ئايال بولسىمۇ چۆرە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا زىننەتلىك يەرلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ، - دېدى. سەئىد ئىبنى مۇسەييەبمۇ بۇ قاراشقا كەلدى.

﴿**يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، (باشقا كىشلەرگە كۆرسەتمىسۇن)**﴾ يەنى بۇلار جىنسىي شەھۋىتى يوق نىمكار ۋە خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش كىشلەردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ئەقلى - ھوشى جايىدا ئەمەس كىشلەردۇر. ئۇلاردا ئاياللارنى ئويلاش ۋە ئۇلارنى سېغىنىش دەيدىغان ھېسسىيات يوقتۇر. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئۇلار جىنسىي شەھۋىتى يوق دەلدۈشلەردۇر، - دېدى. ئىكرىمە: بۇلار ئەرلىكى كېرەككە كەلمەيدىغان قوش جىنسلىق ئادەملەردۇر، - دېدى. كۆپلىگەن سەلەپ ئالىملىرىمۇ بۇ ھەقتە ئىكرىمەگە ئوخشاش دېدى.

ئىمام مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قوش جىنسلىق بىرى بار بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ قېشىغا كىرىۋېرەتتى. ئۇلار ئۇنى ئاياللارغا ئېھتىياجى يوق دەپ قارايتتى. (بىر كۈنى) ئۇ بىر ئايالنى سۆيەتلەپ بېرىپ: ئۇ ئايالغا ئالدى تەرەپتىن قارىساڭ تۆت خىل، كەينى تەرەپتىن قارىساڭ سەككىز خىل چىقىرىپ ماڭىدۇ، - دەۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ قېلىپ: «مەن بۇنى ئاياللارنى چۈشىنىدىكەن دەپ قاراۋاتىمەن. بۇ سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا ھەرگىز كىرمىسۇن» دېدى. ئۇ

(1) شۇڭا بەزى ئالىملار: مۇسۇلمان ئايال ئېرىگە باشقىلارنىڭ زىننەتلىك يەرلىرىنى سۆپەت بېرىدىغان ئايال بولسا، ئاياللارنىڭ ئۇنىڭ قېشىدا زىننەتلىك يەرلىرىنى ئېچىشى دۇرۇس بولمايدۇ، - دەيدۇ.

بەيدائ دېگەن يەردە تۇراتتى. ھەر جۈمە كۈنى تاماق يېيىش ئۈچۈن كىرەتتى.

**﴿يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن﴾** يەنى ئاياللارنىڭ ئەۋرەت يەرلىرىنى كۆپ چۈشىنىپ كەتمەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ گەپ قىلىش، ئولتۇرۇپ - قوپۇش ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىكى ئەركىلەشلىرىنى بىلىپ كەتمەيدىغان كىچىك بالىلارنىڭ قېشىدا (ئاياللار زىننەتلىك يەرلىرىنى) ئاچسا بولىدۇ ۋە شۇ بالىلار ئاياللارنىڭ قېشىغا كىرسە بولىدۇ. ئەمما بالىلار بالاغەتكە يېتىپ قالغىلى ئاز قالغان، ئاق - قارىنى ئايرىيالىغۇدەك ۋە ئاياللارنىڭ كۆرۈمسىزى بىلەن چىرايلىقىنى بىلەلىگۈدەك بولسا، ئۇلارنىڭ يات ئاياللارنىڭ قېشىغا كىرىشكە بولمايدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئاياللارنىڭ قېشىغا كىرىشتىن ساقلىنىڭلار» دېدى. ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەر كىشى قېرىندىشى يوق چاغلاردا، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ قېشىغا كىرسە بولامدۇ؟ ئۇلارنى چۈشەندۈرۈپ قويغىن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەرنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ (كىرىشى) يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېدى (يەنى ئۇ يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا سىلەر ئۇنىڭدىن خۇددى ئۆلۈمدىن ساقلانغاندەك ساقلىنىڭلار).

## ئاياللار يولدا ماڭغاندا رىئايە قىلىدىغان ئەدەبلەر توغرىسىدا

**﴿زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن﴾** ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە ئاياللار پۇتلىرىغا شىرىقشىغان ئاۋاز چىقىدىغان زەنجىرلەرنى تاقاپ يوللاردا ماڭغاندا، ئەرلەرگە زەنجىرلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىپ قويۇش ئۈچۈن پۇتلىرىنى يەرگە ئۇراتتى. الله تائالا مۆمىن ئاياللارنى ئۇنداق قىلىشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: **﴿زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن﴾** شۇنىڭدەك، ئاياللارنىڭ (بىلەيزۈك ۋە مۇنچاقتەك) ئىچكىرى زىننەتلىرىدىن بىرەرسىنى ئەرلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇنى مىدىرلىتىپ ئاۋازلىرىنى چىقىرىشىمۇ ئايەتتە توسالغان ئىشلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ھەمدە ئاياللار ئۆيدىن چىققاندا، ئەتىرلەرنى چېچىپ چىقىشقا بولمايدۇ. ئەبۇئىسا تىرمىزى ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەممە كۆز زىنا قىلغۇچىدۇر. ئايالمۇ ئەتىر چېچىپ ئەرلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتسە، ئۇمۇ زىنا قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

شۇنىڭدەك، (ھەممە كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە چېلىقىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئاياللارنىڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىشىمۇ چەكلەنگەن. ئەبۇداۋۇد ئەنسارىلىق ئەبۇئۇسەيدنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يولدا ئاياللار بىلەن ئەرلەر ئارىلىشىپ تۇرۇۋاتاتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتتىن چىققاچ ئاياللارغا: «سىلەر كېچىكىپراق مېڭىڭلار، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭماي، چېتى بىلەن مېڭىڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئاياللار (يولنىڭ چەتلىرىدە) تامنى بويلاپ ماڭىدىغان بولدى. ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا ئاياللار تامغا بەك چاپلىشىپ ماڭغانلىقتىن كىيىملىرىنى تام ئىلىۋالاتتى.

﴿ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار الله غا تەۋبە قىلىڭلار﴾ يەنى سىلەر بۇيرۇلغان مۇشۇ چىرايلىق سۈپەتلەرنى ۋە ياخشى ئەخلاقلارنى ئۆزۈڭلاردا ئۆزلەشتۈرۈڭلار. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ناچار ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرىنى تاشلاڭلار. چۈنكى، بارلىق نىجاتلىق الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش، الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى توسقان ئىشلاردىن يېنىش بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. الله تائالا ھەممىمىزگە ياردەم بەرگۈچى زاتتۇر.

*******

وَأَنكِحُواْ ٱلۡأَيَٰمَىٰ مِنكُمۡ وَٱلصَّٰلِحِينَ مِنۡ عِبَادِكُمۡ وَإِمَآئِكُمۡۚ إِن يَكُونُواْ فُقَرَآءَ يُغۡنِهِمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦۗ
وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٞ ﴿٣٢﴾ وَلۡيَسۡتَعۡفِفِ ٱلَّذِينَ لَا يَجِدُونَ نِكَاحًا حَتَّىٰ يُغۡنِيَهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦۗ وَٱلَّذِينَ يَبۡتَغُونَ
ٱلۡكِتَٰبَ مِمَّا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡ فَكَاتِبُوهُمۡ إِنۡ عَلِمۡتُمۡ فِيهِمۡ خَيۡرٗاۖ وَءَاتُوهُم مِّن مَّالِ ٱللَّهِ ٱلَّذِيٓ ءَاتَىٰكُمۡۚ
وَلَا تُكۡرِهُواْ فَتَيَٰتِكُمۡ عَلَى ٱلۡبِغَآءِ إِنۡ أَرَدۡنَ تَحَصُّنٗا لِّتَبۡتَغُواْ عَرَضَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۚ وَمَن يُكۡرِههُّنَّ فَإِنَّ ٱللَّهَ مِنۢ
بَعۡدِ إِكۡرَٰهِهِنَّ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٣٣﴾ وَلَقَدۡ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكُمۡ ءَايَٰتٖ مُّبَيِّنَٰتٖ وَمَثَلٗا مِّنَ ٱلَّذِينَ خَلَوۡاْ مِن قَبۡلِكُمۡ
وَمَوۡعِظَةٗ لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٣٤﴾

ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن)، الله ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ، الله نىڭ (كەرىمى) كەڭدۇر، الله بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى بىلگۈچىدۇر﴿32﴾. ئۆيلىنەلمەيدىغانلار الله ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن، قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل - مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار، سىلەرگە الله ئاتا قىلغان مال - مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار، ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار، كىمكى ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن الله ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر (يەنى پاھىشىغا مەجبۇرلانغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، مەجبۇرلىغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ)﴿33﴾. (ئى مۆمىنلەر!) بىز سىلەرگە روشەن ئايەتلەرنى، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن مىساللارنى ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتلەرنى شەك - شۈبھىسىز نازىل قىلدۇق﴿34﴾.



## تويى قىلىشقا بۇيرۇش (رىغبەتلەندۈرۈش)

بۇ ئايەتلەر كەسكىن ۋە ئېنىق بولغان بىرنەچچە خىل ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار﴾ دېگەن ئايىتى ئۆيلىنىشكە بېرىلگەن بۇيرۇقتۇر. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى ياشلار گۇرۇھى!

ئېچىڭلاردىكى تويى قىلىشقا ئىمكانىيىتى بارلار تويى قىلسۇن. چۈنكى، تويى قىلىش كۆزنى نامەھرەمگە قاراتمايدۇ ۋە ئەۋرەتنى (زىنا قىلىشتىن) ساقلايدۇ. تويى قىلىشقا ئىمكانىيىتى يوقلار روزا تۇتسۇن. چۈنكى، روزا ئۇنى تىزگىنلەيدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېدى: «تويى قىلىڭلار، بالا يۈزى كۆرۈڭلار ۋە نەسىل قالدۇرۇڭلار. چۈنكى قىيامەت كۈنى مەن سىلەرنىڭ (كۆپلىكىڭلار بىلەن) باشقا ئۈممەتلەر ئالدىدا پەخىرلىنىمەن».

**﴿ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن)، اللّٰه ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللّٰه تائالا بەندىلەرنى ئۆيلىنىشكە رىغبەتلەندۈردى. اللّٰه تائالا مەيلى ھۆر، مەيلى قۇل بولسۇن، ئۆيلىنىشكە بۇيرۇدى ۋە ئۇلارغا ئۇلارنى باي قىلىدىغانلىقى بىلەن ۋەدە بەردى.

ئىبنى جەرىر ئىبنى مەسئۇدنىڭ: سىلەر بايلىقنى ئۆيلىنىشتىن ئىزدەڭلار. چۈنكى، اللّٰه تائالا: **﴿ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن)، اللّٰه ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ﴾** دېدى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بەغەۋىمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن شۇنىڭدەك سۆزنى رىۋايەت قىلدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئەجالان ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللّٰه تائالا ياردەم قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار. ئۇلار بولسا، ئىپپەتنى كۆزلەپ تويى قىلغۇچى، (مەلۇم مىقداردا پۇل ـ مال بەرسە، ھۆر بولۇپ كېتىشكە) خوجايىنى بىلەن پۈتۈشكەن قۇل ۋە اللّٰه تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلغۇچىلاردۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشتىنىدىن باشقا نەرسىسى يوق ۋە تويلۇق ئۈچۈن ئاددىسى تۆمۈردىن سوقۇلغان ئۈزۈكمۇ تاپالمىغان بىر كىشىنى، ئۇ شۇنداق پېقىر تۇرسىمۇ، ئۇ كىشى بىلىدىغان بىر نەچچە سۈرىلەرنى ئۆگىتىپ قويۇشنى ئايالغا بېرىدىغان تويلۇقى قىلىپ ئۆيلەپ قويغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھەممە كىشى پېقىر بولسىمۇ، ئۆيلەنگەنلەرگە اللّٰه تائالانىڭ يېتەرلىك رىزىق بەرگەنلىكىنى بىلىدۇ.

## ئۆيلىنەلمەيدىغانلارنى ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇيرۇش

**﴿ئۆيلىنەلمەيدىغانلار اللّٰه ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن﴾** اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە ئۆيلىنەلمەيدىغانلارنى ئۆزلىرىنى ھارامدىن ساقلاشقا بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئى ياشلار گۇرۇھى! ئېچىڭلاردىكى تويى قىلىشقا ئىمكانىيىتى بارلار تويى قىلسۇن. چۈنكى، تويى قىلىش كۆزنى نامەھرەمگە قاراتمايدۇ ۋە ئەۋرەتنى (زىنا قىلىشتىن) ساقلايدۇ. تويى قىلىشقا ئىمكانىيىتى يوقلار روزا تۇتسۇن. چۈنكى، روزا ئۇنى تىزگىنلەيدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.



اللّٰه تائالانىڭ: **﴿ئۆيلىنەلمەيدىغانلار اللّٰه ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى**

**ئىپپەتلىك تۇتسۇن﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ ھۆكمى ئومۇمىيدۇر. ئەمما **الله** تائالانىڭ: ﴿سىلەردىن مۆمىن ئاياللاردىن ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار قول ئاستىدىكى مۆمىن چۆرىلەردىن ئالسۇن. **الله** ئىمانىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىگە قاراپ ئېلىۋېرىڭلار، ئىچكى ئەھۋالىنى **الله** غا تاپشۇرۇڭلار). سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن دىنداشسىلەر، ئۇلارنىڭ خوجىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالساڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا مەھرىلىرىنى كېمەيتمەستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن بېرىڭلار، لېكىن ئۇلار ئاشكارا زىنا قىلمايدىغان، يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمايدىغان ئەففە بولۇشلىرى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك. بۇ (يەنى چۆرىلەرنى نىكاھلاپ ئېلىش)، ئاراڭلاردا زىناغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن قورققان كىشى ئۈچۈندۇر. سەۋر قىلالىساڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. **الله** ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1] دېگەن ئايىتى يۇقىرىدىكى ئايەتكە قارىغاندا خاسراقتۇر.

﴿سەۋر قىلالىساڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾[2] يەنى مۆمىن چۆرىلەرنى ئالمىغىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بالا قۇل بولىدۇ.

**﴿ئۆيلىنەلمەيدىغانلار الله ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن﴾**
ئىكرىمە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بۇ، ئايالنى كۆرۈپ، ئۆزىدە ئايالغا قارىتا بىر ھېس ـ تۇيغۇنىڭ قوزغالغانلىقىنى ھېس قىلغان كىشىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ھالال ئايالى بولسا، ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى شۇنىڭ بىلەن قاندۇرسۇن. ئەگەر ئۇنىڭ ئايالى بولمىسا، تاكى **الله** تائالا ئۇنى باي قىلغۇچە ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىغا قارىسۇن، ـ دېدى.

## قۇللارنىڭ ئىچىدىن توختام تۈزۈشنى خالايدىغانلار بىلەن توختام تۈزۈش توغرىسىدا

**﴿قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل ـ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار﴾** **الله** تائالا بۇ ئايەتتە خوجايىنلارنى قۇللىرى ئۇلاردىن توختام تۈزۈشنى تەلەپ قىلسا، قۇللارنىڭ توختامدا كېلىشكەن پۇل ـ ماللارنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھۈنىرى ۋە ياكى كەسپى بولۇش شەرتى ئاستىدا قۇللار بىلەن توختام تۈزۈشكە بۇيرۇدى.

ئىمام بۇخارى رەۋھتىن ئىبنى جۇرەيجىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەتائىغا: مەن قۇلۇمنىڭ پۇل ـ مېلى بارلىقىنى بىلسەم، ئۇنىڭ بىلەن توختام تۈزۈشۈم پەرز بولامدۇ؟ ـ دېدىم. ئۇ: مەن پەرز بولىدۇ دەپ قارايمەن، ـ دېدى. 346

ئەمرى ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەتاغا: سەن بۇ ھۆكۈمنى باشقا بىرسىدىن رىۋايەت قىلىۋاتامسەن؟ ـ دېدىم. ئەتائى: ياق. مۇسا ئىبنى ئەنەس ماڭا ئىبنى سىرىننىڭ ئەنەستىن توختام تۈزۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، ئىبنى سىرىن پۇل ـ مېلى جىق ئادەم بولسىمۇ، ئەنەسنىڭ ئۇنىڭغا

(1) نىسا سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۈنىمغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئىبنى سىرىننىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ قېشىغا بارغانلىقىنى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ ئەنەسنى توختام قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى، ئەنەسنىڭ يەنە ئۈنىمىغانلىقىنى، ئاندىن ئۆمەرنىڭ ئۇنى قامچىلىغانلىقىنى ۋە الله تائالانىڭ: **﴿قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل - مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار﴾** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغانلىقىنى، ئاندىن ئەنەسنىڭ ئىبنى سىرىن بىلەن توختام تۈزگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، - دېدى. بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارىمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

ئابدۇررازاقمۇ ئىبنى جۇرەيجنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەتاغا: مەن قۇلۇمنىڭ پۇل - مېلى بارلىقىنى بىلسەم، ئۇنىڭ بىلەن توختام تۈزۈشۈم پەرز بولامدۇ؟ - دېدىم. ئۇ: مەن پەرز بولىدۇ دەپ قارايمەن، - دېدى.

ئىبنى جەرىر ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى سىرىن ئەنەستىن توختام تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەنەس ئۇنىڭغا ئۈنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر ئەنەسكە: سەن ئىبنى سىرىن بىلەن توختامنى چوقۇم تۈزىسەن، - دېدى.

**﴿ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار﴾** بەزى ئالىملار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ئەگەر ئۇلارنىڭ خىيانەتچى ئەمەسلىكىنى بايقىساڭلار دېگەنلىكتۇر، - دېدى. بەزىلەر: ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار دېگەنلىكتۇر، - دېدى. يەنە بەزىلەر: ئەگەر ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى بارلىقىنى بايقىساڭلار دېگەنلىكتۇر، - دېدى ۋە بەزىلەر: ئەگەر ئۇلارنىڭ كەسپ - ھۈنىرى بارلىقىنى بايقىساڭلار دېگەنلىكتۇر، - دېدى.

**﴿سىلەرگە الله ئاتا قىلغان مال - مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارغا بېرىشنى پەرز قىلىپ بېكىتكەن زاكاتتىكى نېسىۋىسىنى بېرىڭلار. بۇ ھەسەن، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم، ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە مۇقاتىل ئىبنى ھەييان قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ قاراشنى ئىبنى جەرىر توغرا دەپ قارىدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبراھىم نەخەئى مۇنداق دېدى: الله تائالا مەيلى قۇلنىڭ خوجايىنى بولسۇن مەيلى باشقىسى بولسۇن، كىشىلەرنى قۇلغا ياردەم قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. بۇرەيدە ئىبنى ھۇسەيب ئەسلەمي ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: الله تائالا مۆمىنلەرنى قۇللارغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇدى.

## چۆرىلەرنى زىنا قىلىشقا مەجبۇرلاشتىن توسۇش توغرىسىدا

**﴿ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار﴾** ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە چۆرىلىرى بار كىشىلەر چۆرىلىرىنى زىنا قىلىپ كەلگىلى ئەۋەتەتتى. ئۇلارغا سېلىق سېلىپ، سېلىقنى ھەرۋاقىت ئېلىپ تۇراتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، الله تائالا مۆمىن بەندىلەرنى بۇ ئىشتىن توستى.

كۆپلىگەن سەلەپ ۋە خەلەپ تەپسىرشۇناسلار: بۇ ئايەت ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل

توغرىسىدا چۈشكەن، ـ دەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ چۆرىلىرى بار بولۇپ، ئۇ ئۇلاردىن كىرىم ئۈندۈرۈش، بالا ئېلىش ۋە ئۆزىنىڭ خوجايىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى پاھىشىۋازلىق قىلىشقا مەجبۇرلايتتى.

تۆۋەندىكىلىرى مۇشۇ توغرىسىدا كەلگەن ئەسەرلەردۇر:

هاپىز ئەبۇبەكرى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) زۆھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلنىڭ مۇئازە ئىسىملىك چۆرىسى بار ئىدى. ئۇ چۆرىسىنى زىنا قىلىشقا مەجبۇرلايتتى. ئىسلام دىنى كېلىپ، الله تائالانىڭ: **﴿ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار﴾** دېگەن ئايىتى چۈشتى.

ئەئمەش ئەبۇسۇفياندىن جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلنىڭ مۇسەيكە ئىسىملىك چۆرىسى بار بولۇپ، ئۇنى پاھىشىۋازلىق قىلىشقا مەجبۇرلايتتى. ئۇ (چىرايى ۋە تەققە تۇرقى) يامان ئەمەس چۆرە ئىدى. ئۇ پاھىشىۋازلىق قىلىشقا ئۇنىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: **﴿ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار، كىمكى ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن الله ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، ـ دېدى. نەسەئىمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان مۇنداق دېدى: بۇ ئايەت بىردىن چۆرىسىنى زىنا قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان ئىككى كىشى توغرىسىدا چۈشتى. ئۇ چۆرىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى مۇسەيكە بولۇپ، ئۇ ئەنسارىلىق بىر كىشىنىڭ چۆرىسى ئىدى. مۇسەيكەنىڭ ئانىسى ئۇمەيمە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلنىڭ چۆرىسى ئىدى. مۇئازە ۋە ئەرۋا ئىسىملىك چۆرىلەرمۇ مۇشۇلارنىڭ ئورنىدا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسەيكە ۋە ئانىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىشنى بايان قىلدى. ئاندىن الله تائالا: **﴿ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، ـ دېدى.

**﴿بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار﴾** يەنى ئۇلاردىن كېلىدىغان كىرىم، تويلۇق ۋە ئۇلاردىن تۇغۇلىدىغان بالىنى دەپ، ئۇلارنى پاھىشىۋازلىق قىلىشقا مەجبۇرلىماڭلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كوزا قويۇپ داۋالايدىغان كىشىنىڭ كىرىمىنى، پاھىشىۋاز ئايالنىڭ پاھىشىدىن تاپقان كىرىمىنى ۋە داخانغا بېرىلگەن ئىش ھەققىنى (باشقىلارنىڭ) ئىشلىتىشتىن توستى. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاھىشىۋازنىڭ پاھىشتىن كىرگەن كىرىمى، قان ئالىدىغان كىشىنىڭ كىرىمى ۋە ئىتنىڭ پۇلى نىجىستۇر» دېدى.

**﴿كىمكى ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن الله ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر (يەنى پاھىشىغا مەجبۇرلانغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، مەجبۇرلىغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ)﴾** يەنى الله تائالا مەجبۇرلانغان ئۇ چۆرىلەرنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر ئۇلارنى مەجبۇرلىساڭلار، شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگۈچى ۋە

ئۇلارغا رەھىم قىلغۇچىدۇر. ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۇلارنى شۇ ئىشقا مەجبۇرلىغان كىشىگە بولىدۇ. مۇجاھىد، ئەتائى خۇراسانى، ئەئمەش ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

ﷲ تائالا بۇ ھۆكۈملەرنى يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلدى. بۇ يەردە مۆمىنلەرگە روشەن ئايەتلەر، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ﷲ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا چۈشكەن ئازابنىڭ خەۋەرلىرى ۋە ﷲ تائالادىن قورقىدىغان كىشىلەرنى گۇناھ ۋە ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدىغان ۋەز ـ نەسىھەتلەر بار قۇرئاننى چۈشۈرگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۆمىنلەر!) بىز سىلەرگە روشەن ئايەتلەرنى، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن مىساللارنى ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى شەك ـ شۈبھىسىز نازىل قىلدۇق﴾ ﷲ تائالا ئىلگىرىكىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ قۇرئاندا بايان قىلىنغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنى بىز (كۇففارلارنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولۇشىدا) كېيىنكىلەرگە نەمۇنە ۋە ئىبرەت قىلدۇق﴾[1]

* * * * * * *

﴿ٱللَّهُ نُورُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ مَثَلُ نُورِهِۦ كَمِشْكَوٰةٍ فِيهَا مِصْبَاحٌ ۖ ٱلْمِصْبَاحُ فِى زُجَاجَةٍ ۖ ٱلزُّجَاجَةُ كَأَنَّهَا كَوْكَبٌ دُرِّىٌّ يُوقَدُ مِن شَجَرَةٍ مُّبَٰرَكَةٍ زَيْتُونَةٍ لَّا شَرْقِيَّةٍ وَلَا غَرْبِيَّةٍ يَكَادُ زَيْتُهَا يُضِىٓءُ وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ ۚ نُّورٌ عَلَىٰ نُورٍ ۗ يَهْدِى ٱللَّهُ لِنُورِهِۦ مَن يَشَآءُ ۚ وَيَضْرِبُ ٱللَّهُ ٱلْأَمْثَٰلَ لِلنَّاسِ ۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٣٥﴾﴾

ﷲ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر، ﷲ نىڭ (مۆمىن بەندىسىنىڭ قەلبىدىكى) نۇرى خۇددى (چىراق قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراق باردۇر، چىراق شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر، چىراق مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ (يېغى) بىلەن يورۇتۇلغان، ئۇ (يەنى زەيتۇن دەرىخى) شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس (سەھرادا ئوچۇقچىلىقتا بولۇپ، كۈن بويى ئۇنىڭغا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسى پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ)، يېغى (ئەڭ سۈزۈك بولىدۇ، سۈزۈكلۈكىدىن) ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (ئوت بىلەن يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ، ﷲ خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا (يەنى قۇرئانغا) (ئەگىشىشكە) مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ﷲ (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) كىشىلەرگە مىساللارنى (ئۇلارنىڭ پەمىگە يېقىنلاشتۇرۇپ) بايان قىلىدۇ، ﷲ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴿35﴾.

## ﷲ تائالانىڭ نۇرىنىڭ مىسالى

﴿**ﷲ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﷲ تائالا ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلىغۇچى زاتتۇر. ئىبنى جۇرەيج مۇجاھىد ۋە ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﷲ تائالا ئاسمان ـ زېمىندىكى يۇلتۇز، كۈن ۋە ئايدەك نەرسىلەرنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى زاتتۇر. سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئاسمان ـ زېمىنلار ﷲ



---

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

تائالانىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمانىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە قوپقاندا: «ئى **الله** ! بارلىق ھەمدۇسانا ساڭا بولسۇن. سەن ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىگىسىدۇرسەن. بارلىق ھەمدۇسانا ساڭا بولسۇن. سەن ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ نۇرىدۇرسەن» دەيتتى. ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېدى: پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا كېچە ياكى كۈندۈز دەيدىغان نەرسە يوق. ئەرشنىڭ نۇرى ئۇنىڭ جامالىنىڭ نۇرىدىندۇر.

**﴿الله نىڭ (مۆمىن بەندىسىنىڭ قەلبىدىكى) نۇرى﴾** ئەسلىدە بۇ ئايەتتە "ئۇ" دېگەن بىر ئالماش بولۇپ، ئالىملار بۇ ئالماشنىڭ ئىگىسى توغرىسىدا ئىككى خىل كۆز قاراشقا كەلدى. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر: بۇ ئالماشنىڭ ئىگىسى **الله** تائالا، ـ دەيدۇ. ئۇنداق بولغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى: **الله** تائالانىڭ مۆمىن بەندىسىنىڭ قەلبىدىكى نۇرى خۇددى (چىراقنىڭ پىلىكىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان) نوكەشكە ئوخشايدۇ دېگەنلىك، ـ بولىدۇ. بۇ كۆز قاراش ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدى.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر: بەندىنى كۆرسىتىدۇ، ـ دەيدۇ. ئۇنداق بولغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى: مۆمىن بەندىنىڭ قەلبىدىكى نۇر خۇددى چىراغ پايىغا ئوخشايدۇ دېگەنلىك، ـ بولىدۇ. يەنى مۆمىننىڭ قەلبى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە سىڭدۈرۈلگەن ھىدايەت ۋە تەبىئىتىدىكى ھىدايەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان قۇرئاننى قوبۇل قىلىشتا، يىغىپ ئېيتقاندا، مۆمىننىڭ قەلبى ساپلىقتا، نېپىز ۋە ئېسىل ئەينەكتىن ياسالغان چىراقنىڭ (پىلىكىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان) نوكەشكە ئوخشايدۇ. مۆمىننىڭ قەلبىنىڭ قۇرئاندىن ۋە شەرىئەتتىن ھىدايەت ئىزدىشى بولسا، نۇرىدا غۇۋالىق ۋە لەپىلدەش يوق بىر خىل يورۇقلۇق تاشلاپ تۇرىدىغان سۈپ ـ سۈزۈك، ئېسىل ياغقا ئوخشايدۇ، ـ دېگەنلىك بولىدۇ.

**الله** تائالا تەبىئىتىگە ھىدايەت سىڭدۈرۈلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ قۇرئانغا ئاساسلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن روشەن دەلىل (يەنى قۇرئان) غا ئاساسلانغان ئادەم (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) (ھاياتىي دۇنيانى كۆزلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاشمۇ؟). ئۇنىڭغا **الله** تەرىپىدىن كەلگەن گۇۋاھلىق بەرگۈچى (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىدۇ﴾[1]

**﴿(چىراق قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ﴾** ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، مۇھەممەد ئىبنى كەئب ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: چىراقنىڭ پىلىكىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان نوكەشكە ئوخشايدۇ، ـ دېدى. شۇڭا **الله** تائالا بۇئايەتتىن كېيىن مۇنداق دېدى: **﴿ئۇنىڭدا چىراق باردۇر﴾** يەنى ئۇنىڭدا يورۇقلۇق تاشلاپ تۇرىدىغان پىلىك باردۇر. بەزى ئالىملار: يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسى، خۇددى چىراق قويىدىغان تەكچىگە ئوخشايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. لېكىن بۇ ئايەتنىڭ يۇقىرىدىكى مەنىسى كۈچلۈكرەكتۇر.

بۇ، **الله** تائالا ئۆزىنىڭ تائەتىگە كەلتۈرگەن مىسالدۇر. **الله** تائالا تائەتنى نۇر دەپ ئاتىدى ۋە يەنە باشقا ئىسىملار بىلەنمۇ ئاتىدى. ئۇبەي ئىبنى كەئب: ئايەتتىكى چىراق دېگەن سۆزدىن نۆر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇ نۇر بولسىمۇ، قۇرئان ۋە مۆمىننىڭ قەلبىدىكى ئىماندۇر، ـ دېدى.

**﴿چىراق شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر﴾** يەنى پىلەك سۈزۈك ئەينەكنىڭ ئىچىدە يورۇقلۇق چىقىرىپ

(1) ھۇد سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۇرغىدۇ. ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بۇ، مۆمىننىڭ قەلبىگە كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر، ـ دېدى.

﴿**شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر، چىراغ مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ (يېغى) بىلەن يورۇتۇلغان**﴾ يەنى چىراغقا قويۇلغان ياغ مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ يېغىدۇر.

﴿**ئۇ (يەنى زەيتۇن دەرىخى) شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس (سەھرادا ئوچۇق چىلىقتا بولۇپ، كۈن بويى ئۇنىڭغا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسى پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ)**﴾ يەنى زەيتۇن دەرىخى كۈن چىققاندا ۋە كۈن كىرىپ كەتكەندە كۈن چۈشمەي قالىدىغان يەر شەرق ياكى غەرب تەرەپتە بولماستىن، بەلكى كۈن چىققاندىن تارتىپ تاكى كىرىپ كەتكۈچە كۈن چۈشۈپ تۇرىدىغان (شەرق بىلەن غەربنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىدىغان) يەردىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ دەرەخنىڭ يېغى سۈزۈك ۋە كۆيۈشچانلىقى يۇقىرى بولىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ، باشقا بىر دەرەخنىڭ، تاغنىڭ ياكى ئۆڭكۈرنىڭ سايىسى چۈشمەيدىغان ۋە ئەتراپىدا ئوراپ تۇرغان ھېچنەرسە يوق، سەھرادىكى دەرەختۇر. بۇنداق دەرەخنىڭ يېغىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولىدۇ. مۇجاھىد ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن مەنىلەرگە ئوخشاش مەنىلەرنى بايان قىلدى.

﴿**يېغى (ئەڭ سۈزۈك بولىدۇ، سۈزۈكلۈكىدىن) ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ**﴾، ﴿**(ئوت بىلەن يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ**﴾ ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتتىن بەندىنىڭ ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سۇددى: ئوت بىلەن ياغنىڭ نۇرى بىر يەرگە كېلىپ، ئاندىن يورۇق بېرىدۇ. بىرى يەنە بىرىسىز يورۇقلۇق بېرەلمەيدۇ. قۇرئاننىڭ نۇرى بىلەن ئىماننىڭ نۇرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، ـ دېدى.

﴿**الله خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا (يەنى قۇرئانغا) (ئەگىشىشكە) مۇۋەپپەق قىلىدۇ**﴾ يەنى **الله** تائالا ئۆزى خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، **الله** تائالا بەندىلىرىنى مەنىۋىي قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىگە ياراتتى. ئاندىن شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ نۇرىدىن چاچتى. **الله** تائالانىڭ نۇرى كىمگە چېچىلغان بولسا، ئۇ ھىدايەت تاپتى. كىمگە نۇر چېچىلمىغان بولسا، ئۇ ئېزىپ كەتتى. شۇڭا مەن **الله** تائالانىڭ ئىلمىنى يازىدىغان قەلەمنىڭ سىياھى قۇرۇپ كەتتى دەيمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

**الله** تائالا ئايەتنىڭ بېشىدا مۆمىننىڭ قەلبىدىكى نۇرغا مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتكەن ئىدى. ئايەتنىڭ ئاخىرىنى بولسا، ئۆز سۆزى بىلەن تۈگەتتى: ﴿**الله (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) كىشىلەرگە مىساللارنى (ئۇلارنىڭ پەمىگە يېقىنلاشتۇرۇپ) بايان قىلىدۇ، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر**﴾ يەنى **الله** تائالا ئازغۇنلۇققا لايىق بولغانلارنىڭ ئىچىدىن كىمنىڭ ھىدايەتكە لايىق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

******

فِي بُيُوتٍ أَذِنَ ٱللَّهُ أَن تُرۡفَعَ وَيُذۡكَرَ فِيهَا ٱسۡمُهُۥ يُسَبِّحُ لَهُۥ فِيهَا بِٱلۡغُدُوِّ وَٱلۡأٓصَالِ ﴿٣٦﴾ رِجَالٞ لَّا تُلۡهِيهِمۡ
تِجَٰرَةٞ وَلَا بَيۡعٌ عَن ذِكۡرِ ٱللَّهِ وَإِقَامِ ٱلصَّلَوٰةِ وَإِيتَآءِ ٱلزَّكَوٰةِ يَخَافُونَ يَوۡمٗا تَتَقَلَّبُ فِيهِ ٱلۡقُلُوبُ وَٱلۡأَبۡصَٰرُ ﴿٣٧﴾
لِيَجۡزِيَهُمُ ٱللَّهُ أَحۡسَنَ مَا عَمِلُواْ وَيَزِيدَهُم مِّن فَضۡلِهِۦۗ وَٱللَّهُ يَرۡزُقُ مَن يَشَآءُ بِغَيۡرِ حِسَابٖ ﴿٣٨﴾

الله نىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسجىدلەردە (مۆمىنلەر) ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ﴿36﴾. ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى الله نى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن قورقىدۇ﴿37﴾. الله نى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات بەرسۇن ۋە ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ئاشۇرۇپ بەرسۇن دەپ (ئۇلار شۇنداق ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ) الله خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ﴿38﴾.

## مەسچىتلەرنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭغا كىرگەن ـ چىققاندا رىئايە قىلىنىدىغان قائىدە يوسۇنلار ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتتە مۆمىننىڭ قەلبىنى ۋە ئۇنىڭدىكى ھىدايەت ۋە بىلىمنى سۈپ ـ سۈزۈك ئەينەكنىڭ ئىچىدە، سۈزۈك ياغدىن يورۇتۇلغان چىراقنىڭ پىلىكىگە ئوخشىتىپ ئۆتكەن ئىدى. بۇ يەردە الله تائالاغا ئىبادەت قىلىنىدىغان، الله تائالا ئۇلۇغلىنىدىغان ۋە يەر يۈزىدە الله تائالاغا ئەڭ ياخشى كۆرىلىدىغان يەر بولغان مەسچىتتىن ئىبارەت ئۇ چىراق قويۇلىدىغان ئورۇننى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**الله نىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسجىدلەردە (مۆمىنلەر) ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى الله تائالا مەسچىتلەرنى كىرلەردىن پاكىزلاشقا، ئۇنىڭدا پايدىسىز سۆز، قىلىق ۋە ئىشلارنى قىلماسلىققا بۇيرۇيدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا بۇ ئايەتتە مەسچىتلەردە پايدىسىز ئىشلارنى قىلىشتىن توستى. ئىكرىمە، ئەبۇسالىھ، زەھھاك، نافى ئىبنى جۇبەير، ئەبۇبەكرى ئىبنى سۇلايمان، سۇفيان ئىبنى ھۈسەين ۋە باشقا تەپسىرشۇناسلارمۇ شۇنداق دېدى.

مەسچىت سېلىش، ئۇنى ھۆرمەتلەش، پاكىز تۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا خۇش بۇي نەرسىلەرنى چېچىش توغرىسىدا كۆپلىگەن ھەدىسلەر كەلدى. بۇ ھەدىسلەرنى ئايرىم بىر يەردە بايان قىلىمىز. مەن بۇ ھەقتە ئايرىم كىتاب يازغان ئىدىم. الله تائالاغا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! الله تائالا خالىسا، الله تائالانىڭ ياردىمى بىلەن بۇ يەردە شۇ ھەدىسلەرنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز. الله تائالاغا ئىشەنچە باغلايمىز ۋە بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئۇنىڭغا تايىنىمىز.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى بولغان ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ مەسچىت سېلىپ قويسا، الله تائالا جەننەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنىڭدەك بىر ئۆينى سېلىپ قويىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

ئىبنى ماجە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى اللّٰه تائالانىڭ ئىسمى ياد ئېتىلىپ تۇرىدىغان مەسچىت سېلىپ قويسا، اللّٰه تائالا جەننەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆي سېلىپ قويىدۇ». نەسەئىمۇ بۇ ھەدىسنى شۇنىڭدەك رىۋايەت قىلدى.

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتىمۇ كۆپتۇر. ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز (يەنى ئاياللار) ئۆيلىرىمىزگە مەسچىت سېلىپ، ئۇنى پاكىز ۋە خۇش بۇي تۇتۇشقا بۇيرۇلدۇق. ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار سەمەر ئىبنى جۇندۇبدىن شۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىس رىۋايەت قىلدى. ئىمام بۇخارى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر (مەسچىتلەرنى) كىشىلەرگە سايە تاشلىغۇدەك قىلىپ سېلىڭلار. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى چاچىماسلىق ئۈچۈن ئۇنى قىزىل ياكى سېرىق رەڭدە بويىماڭلار.

ئەبۇداۋۇد ئىبنى ئابباستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن مەسچىتلەرنى زىننەتلەشكە بۇيرۇلمىدىم». ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسنى مۇنداق ئىزاھلىدى: يەنى مەن يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردەك مەسچىتلەرنى زىننەتلەشكە بۇيرۇلمىدىم.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەنەستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاكى كىشىلەر مەسچىت سېلىشلىرى بىلەن پەخىرلەنمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ».

بۇرەيدە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى مەسچىتتە يوقاپ كەتكەن نەرسىسىنى ئېلان قىلىپ: كىم ماڭا يوقاپ كەتكەن تۆگەمنى تېپىپ بېرىدۇ؟ - دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تاپالمىغايسەن! مەسچىت ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن سېلىنغاندۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

تىرمىزى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر مەسچىتتە نەرسە ساتقان ياكى سېتىۋالغان ئادەمنى كۆرسەڭلار: اللّٰه تائالا تىجارىتىڭغا پايدا بەرمىسۇن! - دەڭلار. مەسچىتتە يوقاپ كەتكەن نەرسىسىنى ئېلان قىلغان ئادەمنى كۆرسەڭلار، اللّٰه تائالا ئۇ نەرسەڭنى قايتۇرۇپ بەرمىسۇن! - دەڭلار».

ئىمام بۇخارى سائىب ئىبنى يەزىد كىندىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مەسچىتتە ئىدىم. ماڭا بىرسى تاش ئاتتى. مەن قارىغۇدەك بولسام، ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىكەن، ئۇ ماڭا: بېرىپ ئاۋۇ ئىككىسىنى چاقىرىپ كەل، - دېدى. مەن بېرىپ، ئۇ ئىككىسىنى چاقىرىپ كەلدىم. ئۆمەر: ئىككىڭلار كىم ياكى ئىككىڭلار قەيەرلىك (بۇ سۆزنىڭ بىرىنى قىلدى)؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار: بىز تائىپلىق، - دېدى. ئۆمەر: ئەگەر سىلەر بۇ يەرلىك بولۇپ قالغان بولساڭلار، ئىككىڭلارنى قامچىلايتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىدە نېمىشقا ئاۋازلىرىڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرىسىلەر؟ - دېدى.

ئىمام نەسەئى ئىبراھىم ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسچىتتە بىر كىشىنىڭ (ۋارقىرىغان) ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ: ئۇنىڭغا سەن ئۆزەڭنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ - دېدى. ھاپىز ئەبۇيەئلا مەۋسۇلى ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر جۈمە كۈنى (خۇش پۇراق نەرسىلەر

بىلەن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىگە ئىس سالاتتى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىنىڭ (مەسچىتتە) جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزىنىڭ دەرىجىسى ئۇنىڭ ئۆيدە ياكى بازىرىدا ئوقۇغان نامىزىدىن يىگىرمە بەش ھەسسە ئارتۇقتۇر».

ئۇنداق بولۇشى ئۇ كىشى تاھارەتنى تولۇق ئېلىپ مەسچىتكە ماڭسا، (ئۆيىدىن) پەقەت ناماز ئۈچۈنلا چىققان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمى بىلەن بىر دەرىجە يېزىلىپ، بىر خاتالىق ئۆچۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇ نامازنى ئوقۇپ بولۇپ جايىدا جىم ئولتۇرسا، پەرىشتىلەر: ئى **الله** ! ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن، دەپ ئۇنىڭغا مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە بىر نامازنى ساقلاپ ئولتۇرغان بولسا، خۇددى نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ:«سەن قاراڭغۇدا مەسچىتلەرگە ماڭغانلارغا قىيامەت كۈنىدىكى تولۇق نۇر بىلەن خۇش - بېشارەت بەرگىن.»

مەسچىتكە كىرگەن چاغدا، ئوڭ پۇت بىلەن كىرىش ۋە تۆۋەندىكى ھەدىستە كەلگەن دۇئانى ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتكە كىرگەندە: «مەن كاتتا **الله** تائالاغا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ جامالىغا ۋە ئۇنىڭ بۇرۇندىن بار پادىشاھلىقىغا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىشنى تىلەيمەن»[1] دەيتتى. ئەگەر مۇشۇ دۇئانى ئوقۇسا، شەيتان: بۇ بۈگۈن مېنىڭ ئازدۇرۇشىمدىن ساقلىنىپ قالدى، - دەيدۇ.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەسچىتكە كىرگىنىڭلاردا: ئى **الله** ! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بەرگىن، - دەڭلار.[2] (مەسچىتتىن) چىققاندا: ئى **الله** ! مەن سېنىڭ مەرھەمىتىڭدىن سورايمەن! - دەڭلار[3]». بۇ ھەدىسنى نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام نەسەئى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەسچىتكە كىرگىنىڭلاردا، **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە سالام قىلىڭلار (يەنى دۇرۇد ئوقۇڭلار) ۋە: ئى **الله** ! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بەرگىن! - دەڭلار. (مەسچىتتىن) چىققاندا: **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە سالام قىلىڭلار ۋە: ئى **الله** ! مېنى قوغلاندى شەيتاندىن ساقلىغىن! - دەڭلار»[4]. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھاببان قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسجىدلەردە (مۆمىنلەر) ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ﴾** **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ

(1) ئەئۇزۇ بىللاھىل ئەزىمى ۋە بىۋەجھىھىل كەرىمى ۋە سۇلتانىھىل قەدىمى مىنەش شەيتانىر رەجىمى.
(2) ئەللاھۇممە ئىفتەھ لى ئەبۋابە رەھمەتىكە.
(3) ئەللا ھۇممە ئىننى ئەسئەلۇكە مىن فەزلىكە.
(4) ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىمىم.

قىلماڭلار، الله ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مېنى ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدى. ھەر بىر سەجدە قىلغاندا يۈزلىنىڭلار، پۈتۈنلەي الله غا يۈزلىنىڭلار، الله غا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار﴾[2]، ﴿مەسجىدلەر الله غا خاستۇر، الله غا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار﴾[3].

﴿ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسجىدلەردە﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: الله تائالانىڭ كىتابى ئوقۇلىدىغان مەسچىتلەردە ﴿(مۆمىنلەر) ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ﴾ ،ـ دېدى.

﴿ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى الله نى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى الله نىڭ زىكرىدىن (يەنى الله نىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾[4]، ﴿ئى مۆمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، الله نى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾[5] يەنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىننەتلىرى، سودا ـ سېتىقنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتلىرى ئۇلارنىڭ جىمى مەخلۇقاتنى ياراتقان ۋە ئۇلارغا رىزق بېرىپ تۇرغۇچى پەرۋەردىگارىنى ياد ئېتىپ تۇرۇشىدىن توسۇپ قويمىسۇن. ئۇلار بىلسۇنكى، الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە قوللىرىدىكى نەرسىلەردىن ياخشى ۋە پايدىلىقدۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ. لېكىن الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەيدۇ.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى الله نى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ﴾ يەنى ئۇلار الله تائالاغا بويسۇنۇشنى، الله تائالانىڭ مەقستىنى ۋە ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشىنى ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئىشىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ.

سالىم مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بازاردا ئىدى. (نامازغا ئەزان ئوقۇلغان ئىدى) مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى دۇكانلىرىنى تاقىۋېتىپ، نامازئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە كىرىشتى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مانا مۇشۇلار توغرىسىدا الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى الله نى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ﴾ دېگەن ئايىتى چۈشكەن، ـ دېدى. بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە ئىبنى جەرىرمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى الله نى زىكىر قىلىشتىن، (غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ)﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سودا ـ سېتىق ئۇلارنى پەرز نامازلارنى ئوقۇشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ.



---

(1) ئەئراف سۈرىسى 31 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) جىن سۈرىسى 18 ـ ئايەت.
(4) مۇنافىقۇن سۈرىسى 9 ـ ئايەت.
(5) جۈمە سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەسمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنداق دېدى. سۇددى: سودا ـ سېتىق ئۇلارنىڭ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشىغا كاشىلا قىلمايدۇ، ـ دېدى.

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سودا ـ سېتىق ئۇلارنىڭ نامازغا كېلىشىگە، نامازنى ﷲ تائالا بۇيرۇغاندەك ئادا قىلىشىغا، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ۋە شەرتلىرىگە رىئايە قىلىپ ئوقۇشىغا كاشىلا قىلمايدۇ، ـ دېدى.

**﴿ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن قورقىدۇ﴾** يەنى ئۇلار قاتتىق قورققانلىقتىن ۋە ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىدىن دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىدىن قورقىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا دىللار (قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن) بوغۇزلارغا قاپلىشىۋالىدۇ، ئۇلار قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولىدۇ﴾[1]، ﴿زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ﷲ نى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن، ﷲ ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ﴾[2]، ﴿ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ، (ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز ﷲ نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۈر تەلەپ قىلمايمىز، شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز»، ﷲ ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئەتا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سەۋر ـ تاقەتلىرى ئۈچۈن ﷲ ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (ئۇ يەردىكى) يىپەك (لىباسلار) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ﴾[3]

**﴿ﷲ نى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات بەرسۇن ۋە ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ئاشۇرۇپ بەرسۇن دەپ (ئۇلار شۇنداق ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ)﴾** يەنى ئۇلار بولسا، ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان، بىر ياخشى ئەمەل ـ ئىبادىتى ئۈچۈن كۆپلەپ ساۋاب بېرىدىغان ۋە قىلىپ سالغان يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدىغان كىشىلەردۇر.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ﷲ ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، ﷲ ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ﴾[4]، ﴿بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئۇن ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ﴾[5]، ﴿كىمكى ﷲ غا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ﷲ نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، ﷲ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئۇن ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ﴾[6]، ﴿ﷲ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ﴾[7] ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: **﴿ﷲ خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ﴾**



(1) مۆمىن سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 42 ـ ئايەت.
(3) ئىنسان سۈرىسى 8 ـ 12 ـ ئايەتكىچە.
(4) نىسا سۈرىسى 40 ـ ئايەت.
(5) ئەنئام سۈرىسى 160 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) بەقەرە سۈرىسى 245 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(7) بەقەرە سۈرىسى 261 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

*******

وَٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَعۡمَٰلُهُمۡ كَسَرَابِۭ بِقِيعَةٖ يَحۡسَبُهُ ٱلظَّمۡـَٔانُ مَآءً حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَهُۥ لَمۡ يَجِدۡهُ شَيۡـٔٗا وَوَجَدَ ٱللَّهَ
عِندَهُۥ فَوَفَّىٰهُ حِسَابَهُۥۗ وَٱللَّهُ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿٣٩﴾ أَوۡ كَظُلُمَٰتٖ فِي بَحۡرٖ لُّجِّيّٖ يَغۡشَىٰهُ مَوۡجٞ مِّن فَوۡقِهِۦ
مَوۡجٞ مِّن فَوۡقِهِۦ سَحَابٞۚ ظُلُمَٰتُۢ بَعۡضُهَا فَوۡقَ بَعۡضٍ إِذَآ أَخۡرَجَ يَدَهُۥ لَمۡ يَكَدۡ يَرَىٰهَاۗ وَمَن لَّمۡ يَجۡعَلِ ٱللَّهُ لَهُۥ نُورٗا فَمَا
لَهُۥ مِن نُّورٍ ﴿٤٠﴾

كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە ھېچ نەرسە كۆرەلمەيدۇ (يەنى سۇ كۆرمەيدۇ)، ئۇ الله نىڭ ئۆز (ئەمەلىنىڭ) يېنىدا (كۆزىتىپ تۇرغۇچى) ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، الله ئۇنىڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، الله تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴿39﴾. ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى دەپ گۇمان قىلغان) ئەمەللىرى چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ، ئۇنى (يەنى دېڭىزنى) قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. (مانا بۇ) قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر، (بۇ قاراڭغۇلۇققا گىرىپتار بولغۇچى) قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، الله نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ (يەنى الله ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ)﴿40﴾.

## ئىككى تۈرلۈك كاپىر ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن ئىككى مىسال

خۇددى الله تائالا بەقەرە سۈرىسىدە مۇناپىقلارغا ئوت بىلەن يامغۇرنىڭ مىسالىنى ۋە رەئد سۈرىسىدە دىللىرىدا ھىدايەت ۋە بىلىم ئورۇن ئالغان كىشىلەرگە ئوت بىلەن يامغۇرنىڭ مىسالىنى كەلتۈرگەندەك، بۇ يەردىمۇ ئىككى تۈرلۈك كاپىرغا ئىككى مىسالنى كەلتۈردى. بىز مۇناپىقلار بىلەن دىللىرىدا ھىدايەت ۋە بىلىم ئورۇن ئالغانلارنىڭ مىساللىرىنى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق، شۇڭا بۇ يەردە قايتا بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز. الله تائالاغا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن!

بۇ يەردە كاپىرلارغا كەلتۈرۈلگەن ئۇ ئىككى مىسالنىڭ بىرىنچىسى بولسا، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق پايدىلىق ئىش ئۈستىدە بولمىسىمۇ، ئۆزلىرىنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋاتىمىز ۋە توغرا ئېتىقادتىمىز دەپ ئويلايدىغان، باشقىلارنى كاپىرلىققا چاقىرىدىغان كاپىرلارغا كەلتۈرگەن مىسالدۇر. بۇ كاپىرلارنىڭ مىسالى ئېزىتقۇغا ئوخشايدۇ. ئۇسساپ قالغان ئادەم ئالۋۇننى كۆرسە، ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ ـ دە، ئىچكىلى بارىدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندا بولسا، ئۇنى تاپالمايدۇ. شۇنىڭدەك، كاپىرمۇ ئۆزىنى ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلدىم ۋە پايدىلىق ئىشلارغا ئېرىشتىم دەپ گۇمان قىلىدۇ. ئۇ قىيامەت كۈنى الله تائالانىڭ ئالدىغا بارغاندا، الله تائالا ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشقاندا ۋە قىلمىشلىرىدىن سورىغاندا، ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ بىرىنىڭمۇ قوبۇل بولمىغانلىقىنى كۆرىدۇ. قوبۇل بولماسلىقى ئىخلاسىنىڭ بولمىغانلىقىدىن ياكى قىلغان ئىشلىرىنىڭ شەرىئەتنىڭ ئۆلچىمىگە چۈشمىگەنلىكىدىندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز،) يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى

ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)﴾[1] الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ الله نىڭ ئۆز (ئەمەلىنىڭ) يېنىدا (كۆزىتىپ تۇرغۇچى) ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، الله ئۇنىڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، الله تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر**﴾. ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، قەتادە ۋە باشقىلارمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى يەھۇدىيلارغا: سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلغان ئىدىڭلار؟ ـ دېيىلىدۇ. ئۇلار: الله تائالانىڭ ئوغلى ئۇزەيرگە ئىبادەت قىلغان ئىدۇق، ـ دەيدۇ. ئۇلارغا: الله تائالانىڭ بالىسى يوق تۇرسا، سىلەر يالغان ئېيتتىڭلار، سىلەر نېمە تەلەپ قىلىسىلەر؟ ـ دېيىلىدۇ. ئۇلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۇسساپ كەتتۇق، بىزگە سۇ بەرگەن بولساڭ، ـ دەيدۇ. ئۇلارغا: قارىمامسىلەر؟ ـ دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئوت ئۇلارغا تۆپە ـ تۆپىگە قاتلىنىپ كەتكەن ئېرىتقۇدەك قىلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلار (ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىپ ئوت تەرەپكە) بارىدۇ ـ دە، بىر ـ بىرلەپ ئوتنىڭ ئىچىگە چۈشىدۇ.»

مانا بۇ، ھەقىقەتكە قارشىلىق قىلغان، تەرسا، نادان كاپىرغا كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر. ئەمما ئاددىي، نادان كاپىرلار بولسا، تىلى تۇتۇق، نادان، باش بولغۇچى كاپىرلارغا ئەگەشكەن، بىر نەرسە ئويلىمايدىغان گاس ۋە گاچىدۇر. الله تائالا ئۇنىڭ مىسالى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿**ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى دەپ گۇمان قىلغان) ئەمەللىرى چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ، ئۇنى (يەنى دېڭىزنى) قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. (مانا بۇ) قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر، (بۇ قاراڭغۇلۇققا گىرىپتار بولغۇچى) قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ**﴾ مانا بۇ، ئاددىي، نادان، باشلاپ ماڭغۇچىسىنىڭ قانداق يولغا باشلىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىماي قارىغۇلارچە ئەگەشكەن ۋە باشلىغان يولغا ماڭىدىغان كاپىرنىڭ قەلبىنىڭ مىسالىدۇر.

بۇ كاپىرنىڭ ھالى بۇ تەمسىلدە ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىنغاندۇر. ئۇنىڭغا: نەگە ماڭىسەن؟ ـ دەپ سورالسا، ئۇ: ئۇلار بىلەن بىللە ماڭىمەن، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە: قەيەرگە بارىسەن؟ ـ دەپ سورالسا، ئۇ: بىلمەيمەن، ـ دەيدۇ.

﴿**(مانا بۇ) قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر**﴾ ئۇبەي ئىبنى كەئب بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇ تۆۋەندىكى بەش خىل قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، كىرىشى، چىقىشى قاراڭغۇلۇقتۇر ۋە قىيامەت كۈنى بارىدىغان يېرىنىڭ (دوزاخنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سۇددى ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەسلەرمۇ شۇنداق دېدى.

﴿**الله نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ (يەنى الله ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ)**﴾ يەنى الله تائالا كىمنى ھىدايەت قىلمىسا، ئۇ ھالاك بولىدۇ، نادان پېتى قالىدۇ، گاڭگىرايدۇ ۋە كاپىر بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ﴾[2] الله تائالا مۆمىنلەر توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿الله خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا (يەنى قۇرئانغا) (ئەگىشىشكە) مۇۋەپپەق قىلىدۇ﴾[3].

(1) فۇرقان سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 186 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نۇر سۈرىسى 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىز كاتتا اللہ تائالادىن دىللىرىمىزدە، ئۆلۈك ۋە سول تەرەپلىرىمىزدە نۇر قىلىشىنى ۋە نۇرلىرىمىزنى كاتتا قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز۔ ئامىن!

* * * * * * *

﴿أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يُسَبِّحُ لَهُۥ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱلطَّيۡرُ صَٰٓفَّٰتٖۖ كُلّٞ قَدۡ عَلِمَ صَلَاتَهُۥ وَتَسۡبِيحَهُۥۗ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِمَا يَفۡعَلُونَ ٤١ وَلِلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ وَإِلَى ٱللَّهِ ٱلۡمَصِيرُ ٤٢﴾

اللہ غا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ۋە قاناتلىرىنى كەرگەن ھالدا (ئۇچۇپ كېتىۋاتقان) قۇشلارنىڭ تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى سەن بىلمەمسەن؟ اللہ ھەر (مەخلۇق) نىڭ دۇئاسىنى ۋە تەسبىھىنى بىلىدۇ، اللہ ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر﴿41﴾. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى اللہ غا خاستۇر، (خالايىقنىڭ) ئاخىر قايتىدىغان جايى اللہ نىڭ دەرگاھىدۇر﴿42﴾.

## بارلىق نەرسىلەرنىڭ اللہ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى ۋە پادىشاھلىقنىڭ اللہ تائالاغا خاس ئىكەنلىكى

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار، جىنلار، ھايۋانلار ھەتتا جانسىز نەرسىلەرنىڭمۇ اللہ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار اللہ نى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، اللہ نى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى اللہ نىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر، اللہ ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[1]

﴿**اللہ غا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ۋە قاناتلىرىنى كەرگەن ھالدا (ئۇچۇپ كېتىۋاتقان) قۇشلارنىڭ تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى سەن بىلمەمسەن؟**﴾ يەنى قۇشلار ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە اللہ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا سالغان تەسبىھلەرنى ئېيتىپ، اللہ تائالاغا ئىبادەت قىلىدۇ. اللہ تائالا ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**اللہ ھەر (مەخلۇق) نىڭ دۇئاسىنى ۋە تەسبىھىنى بىلىدۇ**﴾ يەنى اللہ تائالا ھەر بىرىگە اللہ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتا ئۇلارغا مۇناسىپ كېلىدىغان يولنى كۆرسەتتى. ئاندىن اللہ تائالا ئۆزىنىڭ ئاسمان ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ۋە ئۆزىگە شۇ نەرسىلەردىن بىرىنىڭمۇ مەخپىي بولمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**اللہ ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر**﴾

ئاندىن اللہ تائالا ئاسمان ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ ھۆكۈم قىلغۇچى، خالىغانىنى قىلغۇچى، ئىبادەت قىلىنىشقا يالغۇز ئۆزىلا لايىق ئىكەنلىكى ۋە قىلغان ھۆكمىگە ھېچ كىشىنىڭ قارشى تۇرۇلمايدىغان زات ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئاسمانلارنىڭ**

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

**ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، (خالايىقنىڭ) ئاخىر قايتىدىغان جايى الله نىڭ دەرگاھىدۇر﴾** يەنى ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنى قايتىدىغان جايى الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. ئاندىن الله تائالا ئۇ كۈندە يامانلارنى جازالاش ۋە ياخشىلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن خالىغىنى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(الله) يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلار چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ﴾[1] يەنى الله تائالا ياراتقۇچى ۋە پادىشاھ زاتتۇر. بىلىڭلاركى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنلارنىڭ پادىشاھلىقى الله تائالاغا خاستۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھەمدۇ ـ سانالار الله تائالاغا بولسۇن!

*******

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يُزْجِى سَحَابًا ثُمَّ يُؤَلِّفُ بَيْنَهُۥ ثُمَّ يَجْعَلُهُۥ رُكَامًا فَتَرَى ٱلْوَدْقَ يَخْرُجُ مِنْ خِلَٰلِهِۦ وَيُنَزِّلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن جِبَالٍ فِيهَا مِنۢ بَرَدٍ فَيُصِيبُ بِهِۦ مَن يَشَآءُ وَيَصْرِفُهُۥ عَن مَّن يَشَآءُ ۖ يَكَادُ سَنَا بَرْقِهِۦ يَذْهَبُ بِٱلْأَبْصَٰرِ ﴿٤٣﴾ يُقَلِّبُ ٱللَّهُ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَعِبْرَةً لِّأُو۟لِى ٱلْأَبْصَٰرِ ﴿٤٤﴾

كۆرمەمسەنكى، الله بۇلۇتلارنى ھەيدەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قوشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى توپلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن يامغۇر ياغقانلىقىنى كۆرىسەن، الله ئاسماندىكى تاغدەك بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ، ئۇنى الله خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ (يەنى ئۇنىڭ بىلەن خالىغان ئادەمنىڭ زىرائىتى، مېۋىسى ۋە چارۋىلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ) ۋە ئۇنىڭ (زىيىنىدىن) خالىغان ئادەمنى ساقلايدۇ، چاقماقنىڭ يورۇقى (قارىغۇچىلارنى) كۆزلىرىدىن ئايرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ﴿43﴾. الله كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴿44﴾.

## الله تائالانىڭ بۇلۇتلارنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ياراتقانلىقىنى ئەسلەتكەنلىكى

الله تائالا قۇدرىتى بىلەن بۇلۇتلارنى ھەيدەيدىغانلىقى، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئاجىز ھالەتتە ئىكەنلىكى، ئاندىن ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قوشىدىغانلىقى، ئاندىن ئۇلارنى توپلايدىغانلىقى ۋە يامغۇر ياغدۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿كۆرمەمسەنكى، الله بۇلۇتلارنى ھەيدەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قوشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى توپلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن يامغۇر ياغقانلىقىنى كۆرىسەن﴾**



ئۇبەيدە ئىبنى ئۇمەير لەيسى مۇنداق دېدى: الله تائالا قوزغىغۇچى شامالنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ زېمىننى سىپاپ ماڭىدۇ. ئاندىن پەيدا قىلغۇچى شامالنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئاندىن قوشقۇچى شامالنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ بۇلۇتلارنى بىر ـ بىرىگە قوشىدۇ. ئاندىن ھەيدىگۈچى شامالنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ بۇلۇتلارنى ھەيدەيدۇ.

(1) نەجم سۈرىسى 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿اللّٰه ئاسماندىكى تاغدەك بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ، ئۇنى اللّٰه خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ (يەنى ئۇنىڭ بىلەن خالىغان ئادەمنىڭ زىرائىتى، مېۋىسى ۋە چارۋىلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ) ۋە ئۇنىڭ (زىيىنىدىن) خالىغان ئادەمنى ساقلايدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل تەپسىرى بار:

بىرىنچى تەپسىرى: اللّٰه تائالا ئاسماندىن يامغۇر ۋە مۆلدۈر ياغدۇرۇپ، ئۇنى خالىغان كىشىگە (ئۇنىڭ زىرائىتى، مېۋىسى ۋە چارۋىلىرىنى سۇغۇرۇشى ئۈچۈن) رەھمەت قىلىپ يەتكۈزىدۇ ۋە خالىغان كىشىگە يامغۇرنى كېچىكتۈرىدۇ.

ئىككىنچى تەپسىرى: اللّٰه تائالا ئاسماندىن يامغۇر ۋە مۆلدۈر ياغدۇرۇپ، ئۇنى خالىغان كىشىگە (ئۇنىڭ زىرائىتى، مېۋىسى ۋە چارۋىلىرىغا زىيان سېلىش ئۈچۈن) ئازاب قىلىپ يەتكۈزىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى ئۇنىڭ زىيىنىدىن ساقلايدۇ.

**﴿چاقماقنىڭ يورۇقى (قارىغۇچىلارنى) كۆزلىرىدىن ئايرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ﴾** يەنى چاقماقنىڭ يورۇقى كۈچلۈكلىكىدىن ئۇنىڭغا قارىغۇچىلارنى كۆزلىرىدىن ئايرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ.

**﴿اللّٰه كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ﴾** يەنى اللّٰه تائالا ئۇ ئىككىسىدە خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر. ھەتتا ئۇ ئىككىسى باراۋەر بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇزۇنلىقىدىن ئېلىپ بۇنىڭ قىسقىلىقىغا قوشىدۇ، ئاندىن قىسقىسى ئۇزۇن، ئۇزۇنى قىسقا بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئېلىپ بۇنىڭغا قويىدۇ. اللّٰه تائالا مۇشۇنداق قىلىشتا بۇيرۇقى، ھۆكمى، غالىبلىقى ۋە ئىلمى بىلەن ئىش كۆرگۈچىدۇر.

**﴿بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾** يەنى بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە اللّٰه تائالانىڭ كاتتىلىقىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلار بار. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار﴾ تۆۋەندىكى ئايەت ۋە بۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئايەتلەر بۇ ھەقتە كەلگەن.

*******

وَٱللَّهُ خَلَقَ كُلَّ دَآبَّةٖ مِّن مَّآءٖۖ فَمِنۡهُم مَّن يَمۡشِي عَلَىٰ بَطۡنِهِۦ وَمِنۡهُم مَّن يَمۡشِي عَلَىٰ رِجۡلَيۡنِ وَمِنۡهُم مَّن يَمۡشِي عَلَىٰٓ أَرۡبَعٖۚ يَخۡلُقُ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٤٥﴾

اللّٰه ھەر بىر جانىدارنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇت بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇت بىلەن ماڭىدۇ، اللّٰه خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿45﴾.

## اللّٰه تائالانىڭ جانلىقلارنى ياراتقانلىقى

اللّٰه تائالا شەكىللىرى، رەڭلىرى، ھەرىكەتلىرى ۋە ھەرىكەت قىلماي جىم تۇرۇشلىرى ئوخشاشمايدىغان ھەر خىل ھايۋانلارنى بىر خىل سۇدىن ياراتقان كاتتا قۇدرىتىنى ۋە چوڭ ھۆكۈمرانلىقىنى

ئەسلىتىپ مۇنداق دېدى: ﴿**اللە ھەر بىر جانىدارنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ**﴾ مەسىلەن، يىلان ۋە شۇنىڭ تىپىدىكى ھايۋانلارغا ئوخشاش. ﴿**بەزىسى ئىككى پۇت بىلەن ماڭىدۇ**﴾ مەسىلەن، ئىنسان ۋە قۇشلارغا ئوخشاش. ﴿**بەزىسى تۆت پۇت بىلەن ماڭىدۇ**﴾ مەسىلەن، تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارغا ئوخشاش. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**اللە خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ**﴾ يەنى قۇدرىتى بىلەن خالىغاننى يارىتىدۇ. چۈنكى، اللە تائالانىڭ خالىغىنى بولىدۇ، خالىمىغىنى بولمايدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**اللە ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر**﴾.

*******

﴿لَّقَدۡ أَنزَلۡنَآ ءَايَٰتٖ مُّبَيِّنَٰتٖۚ وَٱللَّهُ يَهۡدِي مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ٤٦﴾

شۈبھىسىزكى، بىز روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، اللە ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ﴿46﴾.

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ قۇرئاندا نۇرغۇنلىغان ھۆكۈم، ھېكمەت، ئوچۇق ۋە چۈشىنىشلىك مىساللارنى بايان قىلغانلىقىنى ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنى ئۇلارنى چۈشىنىش ۋە بىلىشكە يېتەكلەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**اللە ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ**﴾.

*******

وَيَقُولُونَ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلرَّسُولِ وَأَطَعۡنَا ثُمَّ يَتَوَلَّىٰ فَرِيقٞ مِّنۡهُم مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَۚ وَمَآ أُوْلَٰٓئِكَ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٤٧
وَإِذَا دُعُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحۡكُمَ بَيۡنَهُمۡ إِذَا فَرِيقٞ مِّنۡهُم مُّعۡرِضُونَ ٤٨ وَإِن يَكُن لَّهُمُ ٱلۡحَقُّ يَأۡتُوٓاْ إِلَيۡهِ مُذۡعِنِينَ
٤٩ أَفِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ أَمِ ٱرۡتَابُوٓاْ أَمۡ يَخَافُونَ أَن يَحِيفَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ وَرَسُولُهُۥۚ بَلۡ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ٥٠ إِنَّمَا
كَانَ قَوۡلَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ إِذَا دُعُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحۡكُمَ بَيۡنَهُمۡ أَن يَقُولُواْ سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ
٥١ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَخۡشَ ٱللَّهَ وَيَتَّقۡهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَآئِزُونَ ٥٢

(مۇناپىقلار) «اللە غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائە شۇنىڭدىن (يەنى ئىماننى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن، (شەرىئەت ھۆكمىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۆمىن ئەمەس﴿47﴾. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەيغەمبەر) ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللە نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ (ھۆكمىگە) چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر جامائە (پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ﴿48﴾. ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ تەرىپىدە بولىدىغان بولسا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن)، پەيغەمبەرگە بويسۇنغان ھالدا كېلىشىدۇ﴿49﴾. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) ئىللىتى بارمۇ؟ يا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن) گۇمانلىنامدۇ؟ يا اللە نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىدىن قورقامدۇ؟ ياق، ئۇلار (رەسۇلۇللانىڭ ھۆكمىدىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن) زالىمدۇر﴿50﴾. (پەيغەمبەر مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە

ئېرىشكۈچىلەردۇر﴿51﴾. الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان الله دىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴿52﴾.

## مۇناپىقلارنىڭ ھىيلىسى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئەھۋالى

الله تائالا كۆڭلىدىكى نەرسىنىڭ قارشىسىنى كۆرسىتىدىغان ۋە ئېغىزىدىلا الله تائالاغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە بويسۇندۇق دەيدىغان مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**(مۇناپىقلار) «الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائە شۇنىڭدىن (يەنى ئىماننى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن، (شەرىئەت ھۆكمىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ**﴾ يەنى سۆزى بىلەن ئەمەلىيتى بىردەك ئەمەس. قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۆمىن ئەمەس**﴾. ﴿**ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەيغەمبەر) ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ (ھۆكمىگە) چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر جامائە (پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار الله تائالا پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەن ھەقىقەتكە ئەگىشىشكە چاقىرىلسا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە ئەگىشىشتىن چوڭلۇق قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق، دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) غا: «الله نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار» دېيىلسە، مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن﴾[1].

﴿**ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ تەرىپىدە بولىدىغان بولسا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن)، پەيغەمبەرگە بويسۇنغان ھالدا كېلىشىدۇ**﴾ يەنى ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ تەرىپىدە بولىدىغان بولسا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنغان ۋە باش ئەگكەن ھالدا كېلىدۇ، ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدە بولىدىغان بولسا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ھەقنىڭ قارشىسىغا چاقىرىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھەقسىزلىكلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقىسىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىنى ياقتۇرىدۇ. (ھەقىقەت ئۇلارنىڭ تەرىپىدە بولغاندا) ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بويسۇنغان ھالدا كېلىشى چىقىرىلغان ھۆكۈمنى ھەق دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى شۇ ھەقىقەت ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە توغرا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا، ئۇلار ھەقىقەت ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە توغرا كەلمىگەن ھامان (ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئۈچۈن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقىسىنىڭ قېشىغا بارىدۇ.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنىڭ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) ئىللىتى بارمۇ؟ يا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن) گۇمانلىنامدۇ؟ يا الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىدىن قورقامدۇ؟**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا مۇناپىقلىق كېسىلى

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 190 ـ ئايەت.

بارلىقىدىن ياكى دىنىدا شەك قىلىدىغانلىقلىرىدىن ۋەياكى الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا قارشى ھۆكۈم چىقىرىپ قېلىشىدىن قورققانلىقىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستۇر. مەيلى قايسى سەۋەپتىن بولسۇن، بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقىدىندۇر. الله تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىدا نېمە بارلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە مۇشۇ سۈپەتلەردىن قايسىسىنىڭ سىڭىپ كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ.

**﴿ياق، ئۇلار (رەسۇلۇللانىڭ ھۆكمىدىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن) زالىمدۇر﴾** يەنى ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئۇۋال قىلغان ۋە ھەقتىن چىقىپ كەتكەن كىشىلەردۇر. الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارنىڭ: الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە ئادىللىق قىلماي قالارمىكىن، ـ دەپ قىلغان گۇمانلىرىدىن پاكتۇر.

ئاندىن الله تائالا ھۆكۈمنى الله تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ بىلدۈرۈپ قويغان يولىدىن باشقىسىدىن ئىزدىمەيدىغان، الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنىدىغان مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿(پەيغەمبەر) مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك﴾** شۇڭا الله تائالا ئۇلارنى مەقسەتلىرىگە ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ دەپ سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: **﴿مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾**.

**﴿(پەيغەمبەر) مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك﴾** قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئەنسارىلاردىن (مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن بەيئەتكە قاتنىششقا تاللانغان كىشىلەرنىڭ) بىرى بولغان ۋە بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئۇبادە ئىبنى سامىت سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، قېرىندىشىنىڭ ئوغلى جۇنادە ئىبنى ئەبۇئۇمەييەگە: مەن ساڭا ئۈستىڭدە قايسى مەجبۇرىيەت ۋە سېنىڭ قانداق ھەققىڭنىڭ بارلىقىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. قېرىندىشىنىڭ ئوغلى: شۇنداق قىل، ـ دېدى. ئۇ: سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ قىيىن، ئاسان، ياقتۇرىدىغان ۋە ياقتۇرمايدىغان ئەھۋاللاردا (الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى) ئاڭلىشىڭ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشۇڭ، ئۇنى ئۆزەڭنىڭ پايدىسىدىن ئەلا بىلىشىڭ، ھەقنى سۆزلىشىڭ ۋە الله تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھلىقى ئېنىق بولغان يامان ئىشقا بۇيرىمىغانلا بولسا، (مۇسۇلمان) باشلىققا قارشى چىقماسلىقىڭ لازىمدۇر. ئەگەر سەن الله تائالانىڭ كىتابىغا قارشى كېلىدىغان بىر ئىشقا بۇيرۇلساڭ، (بۇ چاغدا ئۇ ئىشنى قىلماي) الله تائالانىڭ كىتابىغا ئەگەشكىن، ـ دېدى.

قەتادە ئەبۇدارادانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسلام الله تائالاغا بويسۇنۇش بىلەن بولىدۇ. بىرلىشىپ جامائەت بولۇشتا ياخشىلىق بار. سەممىيلىك الله تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىغا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا بولىدۇ. قەتادە يەنە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسلامنىڭ تۇتقۇسى: الله تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق (ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى) دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش ۋە الله تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئىگە قىلغان كىشىگە (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىغا) بويسۇنۇشتۇر. بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلغان.

الله تائالانىڭ كىتابىغا، پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن يوللىرىغا ۋە الله تائالاغا بويسۇنۇشقىلا بۇيرۇغان مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن ھەدىس ۋە ئەسەر ناھايىتى كۆپتۇر.

**﴿اللّٰه غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان اللّٰه دىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر﴾** يەنى اللّٰه تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلغانلار ۋە اللّٰه تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى توسقان ئىشلاردىن قايتقانلار، ئۆتكۈزۈپ سالغان گۇناھلىرى ئۈچۈن اللّٰه تائالادىن قورققانلار ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىدا اللّٰه تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىدىغانلار **﴿بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾** يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بارلىق ياخشىلىققا ئېرىشكۈچى ۋە ھەممە يامانلىقتىن ساقلىنىپ قالغۇچىلاردۇر.

*******

۞ وَأَقۡسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهۡدَ أَيۡمَٰنِهِمۡ لَئِنۡ أَمَرۡتَهُمۡ لَيَخۡرُجُنَّۖ قُل لَّا تُقۡسِمُواْۖ طَاعَةٞ مَّعۡرُوفَةٌۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿٥٣﴾ قُلۡ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَۖ فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّمَا عَلَيۡهِ مَا حُمِّلَ وَعَلَيۡكُم مَّا حُمِّلۡتُمۡۖ وَإِن تُطِيعُوهُ تَهۡتَدُواْۚ وَمَا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ﴿٥٤﴾

(مۇناپىقلار) ئەگەر سەن ئۇلارنى (جىھادقا) چىقىشقا ئەمر قىلساڭ، چوقۇم چىقىدىغانلىقىغا اللّٰه بىلەن كۈچلۈك قەسەم قىلىدۇ. ئېيتقىنكى، «قەسەم قىلماڭلار، (قەسەمڭلار يالغان، سىلەردىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى) ساداقەتلىك بىلەن ئىتائەت قىلىشتۇر، اللّٰه سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەقىقەتەن خەۋەرداردۇر» ﴿53﴾. ئېيتقىنكى: «اللّٰه غا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلار) اللّٰه غا ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتسا، پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بار، سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىش مەسئۇلىيىتىڭلار بار، ئەگەر پەيغەمبەرنىڭ (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر، پەيغەمبەرنىڭ پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار» ﴿54﴾.

اللّٰه تائالا پەيغەمبىرىنى (ئەگەر ئۇ ئۇلارنى جىھادقا چىقىشقا بۇيرىسا، چوقۇم چىقىدىغانلىقىغا اللّٰه نىڭ نامى بىلەن كۈچلۈك قەسەم قىلىدىغان) مۇناپىقلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇدى: **﴿«قەسەم قىلماڭلار، (قەسەمڭلار يالغان، سىلەردىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى) ساداقەتلىك بىلەن ئىتائەت قىلىشتۇر﴾** يەنى سىلەر قەسەم قىلماڭلار. سىلەر ئەمەلىيىتىڭلاردا ئەمەس، پەقەت ئېغىزىڭلاردا بويسۇنىسىلەر. سىلەرنىڭ قىلغان ھەر بىر قەسىمىڭلار يالغاندۇر. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ)، چۈنكى اللّٰه پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ﴾[1].

﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى، (كىشىلەرنى) اللّٰه نىڭ يولىدىن (يەنى اللّٰه نىڭ دىنىدىن) توستى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!﴾[2] يەنى يالغانچىلىق ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ھەتتا ئادەتتىكى سۆزلىرىدىمۇ يالغان سۆزلەيدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى) ئىنكار قىلغان ئەھلى كىتاب بۇرادەرلىرىگە: «يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋېتىلسەڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز، ھەرگىز سىلەرنىڭ زىيىنىڭلار ھېسابىغا باشقا ئادەمگە ئىتائەت قىلمايمىز،

(1) تەۋبە سۈرىسى 96 ـ ئايەت.
(2) مۇنافىقۇن سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا چوقۇم سىلەرگە ياردەم بېرىمىز» دېيىشكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ **الله** گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر، ئەگەر ئۇلار ھەيدەپ چىقىرىلسا، مۇناپىقلار ئۇلار بىلەن بىللە چىقمايدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىلسا، مۇناپىقلار ئۇلارغا ياردەم بەرمەيدۇ، بەرگەن تەقدىردىمۇ يۈز ئۆرۈپ قاچىدۇ، ئەھلى كىتاب ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾[1].

**﴿ئېيتقىنكى: «الله غا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾** يەنى سىلەر **الله** تائالانىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتكەن يولىغا ئەگىشىڭلار.

**﴿ئەگەر ئۇلار) الله غا ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتسا﴾** يەنى ئەگەر سىلەر پەيغەمبەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ھەقتىن باش تارتساڭلار ۋە ئۇنى تاشلىۋەتسەڭلار، **﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بار﴾** يەنى ئۇنىڭ **الله** تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ۋەزىپىنى ۋە ئامانەتنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتىلا بار. **﴿سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىش مەسئۇلىيىتىڭلار بار﴾** يەنى سىلەرنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىش، ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭ تەلىۋى بويىچە ئىش كۆرۈش مەسئۇلىيىتىڭلار بار.

**﴿ئەگەر پەيغەمبەرنىڭ (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر﴾** يەنى پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش توغرا يول تېپىشقا باشلايدۇ. **الله** تائالا ئۇ توغرا يولنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿(ئۇ) ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس بولغان **الله** نىڭ يولىدۇر. بىلىڭلاركى، ھەممە ئىش **الله** غا قايتىدۇ﴾[2].

**﴿پەيغەمبەرنىڭ پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار»﴾** **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېساب ئېلىشتۇر﴾[3]، ﴿سەن (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىسەن، سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن﴾[4].

* * * * * * *

وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مِنكُمْ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِى ٱلْأَرْضِ كَمَا ٱسْتَخْلَفَ ٱلَّذِينَ مِن
قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ ٱلَّذِى ٱرْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّنۢ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِى لَا يُشْرِكُونَ
بِى شَيْـًٔا وَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿٥٥﴾

**الله** ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار **الله** نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴿55﴾.

(1) ھەشر سۈرىسى 11 ـ 12 ـ ئايەتلەر.
(2) شۇرا سۈرىسى 53 ـ ئايەت.
(3) رەئد سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) غاشىيە سۈرىسى 21 ـ 22 ـ ئايەتلەر.

## الله تائالانىڭ مۆمىنلەرنى ھۆكۈمران قىلىشقا بەرگەن ۋەدىسى

بۇ، الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۈممەتلىرىنى كىشىلەرگە يول باشچى ۋە ھۆكۈمران قىلىدىغانلىقى، شەھەرلەرنى ئۇلار بىلەن تۈزەيدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا بويسۇنىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا كىشىلەردىن كېلىدىغان قورقۇنچىسنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى شۇ كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان قىلىپ قويىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبىرىگە بەرگەن ۋەدىسىدۇر. الله تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! الله تائالا بۇ ۋەدىسىنى ئورۇنلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ۋاپات بولماي تۇرۇپ، الله تائالا پەيغەمبىرىگە مەككىنى، خەيبەرنى، بەھرەيننى، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ۋە يەمەننىڭ ھەممە يەرلىرىنى پەتھى قىلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجەر ۋە شامنىڭ بەزى يەرلىرىدىكى ئوت پەرەسلەردىن باش تۆلىمى (يەنى جىزيە) ئالدى. رۇمنىڭ پادىشاھى ھىرەقل، مىسىر ۋە ئىسكەندىرىيەنىڭ پادىشاھى مۇقەۋقىس، ئاماننىڭ پادىشاھى ۋە ھەبەشىستانغا ئەسھەمەدىن كېيىن پادىشاھ بولغان نەجاشى قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيەلەر ئەۋەتتى. الله تائالا نەجاشىغا رەھمەت قىلسۇن ۋە ئۇلۇغلىسۇن!

الله تائالا پەيغەمبىرىگە ئۆزىنىڭ قېشىدىكى ئىززەتنى خالاپ، ئۇنى ئۆز رەھمىتىگە ئېلىپ كېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋاپات تاپتۇرغاندا، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى خەلىپىسى ئەبۇبەكرى سىددىق ئۈستىگە ئالدى. ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئايرىلىپ چىقىشتىن كېلىپ چىققان چېچىلاڭغۇلۇقنى بىر يەرگە يىغدى. ئەرەب يېرىم ئارىلىنى مۇستەھكەملەشتۈردى ۋە خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشچىلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنلىرىنى پارسلارنىڭ شەھىرىگە ئەۋەتتى. ئۇلار پارسلارنىڭ شەھىرىدىن بىر قىسمىنى پەتھى قىلدى ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈردى. ئەبۇبەكرى ئەبۇئۇبەيدە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان قوماندانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى شامغا ئەۋەتتى ۋە بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشچىلىقىدا مىسىرغا ئەۋەتتى. شامغا ئەۋەتىلگەن ئەسكەرلەر ئەبۇبەكرى ھايات ۋاقتىدىلا بۇسرا، دەمەشىق ۋە بۇ ئىككى يەرگە قاراشلىق بولغان ھۇرانىنىڭ ھەممىسىنى پەتھى قىلدى.

الله تائالا ئەبۇبەكرىگە ئۆزىنىڭ قېشىدىكى ئىززەتنى خالاپ، ئۇنى ئۆز رەھمىتىگە ئېلىپ، ئەبۇبەكرىنى ۋاپات تاپتۇرغاندا، (الله تائالا) ئەبۇبەكرىنىڭ دىلىغا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپە قىلىپ قويۇشنى سېلىش بىلەن مۇسۇلمانلارغا چوڭ نېمەت ئاتا قىلدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇبەكرىدىن كېيىن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلدى. دۇنيا ھەقىقەتتە مۇستەھكەم تۇرۇشتا ۋە ئادىللىقتا پەيغەمبەرلەردىن قالسا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەكتىن بىرىنى كۆرمىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتىدا شام شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسى، مىسىر زېمىنىنىڭ ھەممىسى ۋە پارىسلارنىڭ زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى پەتھى قىلىندى. كىسرانىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلدى. ئۇنىڭغا قاتتىق ئاھانەت قىلىندى ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ ئىچكىرىگىچە ئىچكىرىلەپ كىرىلدى. قەيسەر قوغلاپ چىقىرىلىپ، شام ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىندى. پەتھى قىلىش ھەتتا قۇستانتىيىگە قەدەر باردى. ئۇ ئىككى ھۆكۈمرانىنىڭ مال ـ دۇنياسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

هايات ۋاقتىدا خەۋەر بەرگەندەك ۋە ۋەدە قىلغاندەك الله تائالانىڭ يولىغا ئىشلىتىلدى.

ئاندىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا ئىسلام دۆلىتىنىڭ چېگراسى شەرق ۋە غەرب تەرەپنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگىچە يېتىپ باردى. غەرب تەرەپتىن ئىسپانىيە، قىبرىس (سىپرۇس)، قىرۋان ۋە ئوكيانغا ياندىشىدىغان سەبتەتە شەھىرىگىچىلىك بولغان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى پەتھى قىلىندى. شەرق تەرەپتىن جۇڭگونىڭ بەزى شەھىرلىرىگىچە يېتىپ باردى. كىسرا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىق دۆلىتى پۈتۈنلەي بەربات بولدى. ئىراق، خۇراسان ۋە ئەھۋاز شەھىرلىرى پەتھى قىلىندى. مۇسۇلمانلار تۈرك مىللىتىنىڭ ئىچىدە چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. الله تائالا ئۇلارنىڭ ئەڭ كاتتا پادىشاھى بولغان خاقانىنى ھالاك قىلدى. تۆلەملەر شەرق ۋە غەربتىن مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى ئوسمان ئىبنى ئەففانغا يىغىپ كېلىندى. بۇ ئۇنىڭ قۇرئانىنى ئوقۇغانلىقى، ئۇنى ئۆگەنگەنلىكى ۋە قۇرئاننى ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ يادا ئېلىشى ئۈچۈن (كىتاب قىلىپ) توپلىغانلىقىنىڭ بەرىكىتى بىلەن بولغاندۇر.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا ماڭا زېمىننى قاتلاپ بەردى. مەن ئۇنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىنى كۆردۈم. ئۈممىتىمنىڭ پادىشاھلىقى زېمىننىڭ ماڭا قاتلىنىپ بېرىلگەن يېرىگىچە يېتىدۇ».

بىز الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ۋەدە قىلغان ئىشلارنى كۆردۇق. الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى قىلغان ۋەدە راستىقا چىقتى. الله تائالادىن ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان ئىمانىمىزدا مۇستەھكەم قىلىشىنى ۋە بىزدىن ئۆزى رازى بولىدىغان يول بىلەن شۈكرى ئېيتىشقا يېتەكلىشىنى تىلەيمىز!

**﴿الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾** رەبىئ ئىبنى ئەنەس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇئالىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى مەككىدە (10 يىلغا يېقىن) الله تائالا تەرەپكە ۋە شېرىكى يوق بىر الله غىلا ئىبادەت قىلىشقا مەخپىي چاقىردى. ئۇلار (داۋاملىق) قورقۇنچ ئىچىدە ياشايتتى. ئۇلار ئۇرۇش قىلىشقىمۇ بۇيرۇلمىغان ئىدى. كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، الله تائالا ئۇلارنى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار مەدىنىدىمۇ قورقۇنچ ئىچىدە ياشايتتى. قوراللىرىنى ھەمىشە يانلىرىدا ئېلىپ يۈرەتتى. ئۇلار بىر مەزگىل شۇنداق ياشىدى. ساھابىلەردىن بىرى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز مەڭگۈ مۇشۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە ياشامدىمىز؟ بىزگە خاتىرجەم ۋە قورالسىز ياشايدىغان كۈن كەلمەمدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاز بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، (قولىدا) تۆمۈرنىڭ پۇچۇقى يوق ھالدا، بىر توپ كىشىنىڭ ئىچىدە (تىكلەنگەن تىزلىرىنىڭ ئۈستىگە قوللىرىنى قويۇپ) ئازادە ئولتۇرالايدىغان زامان كېلىدۇ» دېدى.

الله تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى. ئاندىن الله تائالا پەيغەمبىرىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ

ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار خاتىرجەملىككە ئېرىشتى ۋە قوراللىرىنى تاشلىدى. ئاندىن الله تائالا پەيغەمبىرىنى ئۆز رەھمىتىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇلار يەنە ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ زامانىدا ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا تاكى پىتنە يۈز بەرگەنگە قەدەر خاتىرجەم ھالدا ياشىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ كىردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار توساقلارنى، تەكشۈرگۈچىلەرنى ۋە ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىملارنى پەيدا قىلىپ ئۆزگىرىش كىرگۈزدى ۋە ئۇلارنىڭ ھالىمۇ ھەم ئۆزگەرتىلدى. بەزى سەلەپ ئالىملىرى: ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى قۇرئاندا كۆرسىتىلگەندەك ھەقتۇر، ـ دەپ يۇقىرىقى ئايەتنى ئوقۇدى.

بەرا ئىبنى ئازىب: بۇ ئايەت بىز قورقۇنچ ئىچىدە ياشىغان ۋاقتىمىزدا چۈشكەن، ـ دېدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار، كىشىلەر (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار، شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى (مەدىنىدە) يەرلەشتۈردى، (بەدرى ئۇرۇشىدا) ئۆز ياردىمى بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى. سىلەرگە ھالال نەرسىلەر (يەنى غەنىمەتلەر) نى رىزىق قىلىپ بەردى﴾[1].

**﴿الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك (ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى ۋەدە قىلدى)﴾** الله تائالا (ئىلگىرىكىلەرنى ھۆكۈمران قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە دېگەن سۆزىنى بايان قىلىپ) مۇنداق دېدى: ﴿مۇسا: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىشى، (مىسىر) زېمىنىدا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىشى، سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارىشى مۇھەققەقتۇر» دېدى﴾[2].

﴿بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز. ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە قىلماقچىمىز، بىز پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) هامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلار (يەنى بوزەك قىلىنغانلار) دىن قورقىدىغان نەرسىنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى مىسىرغا ھۆكۈمران قىلىشنى) كۆرسىتىمىز﴾[3].

**﴿ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى (ۋەدە قىلدى)﴾** ئەدى ئىبنى ھاتەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھىرىنى[4] بىلەمسەن؟» دېدى. ئەدى: بىلمەيمەن ۋە لېكىن ئاڭلىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنىم قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله تائالا بۇ دىنىنى شۇنداق پەللىگە يەتكۈزىدۇكى، ھەتتا ئاياللار ھىرىدىن ھەمراھسىز چىقىپ كەبىنى تاۋاپ قىلغىلى كېلەلەيدۇ ۋە سىلەر شەكسىز كىسرا ئىبنى ھۇرمۇزنىڭ بايلىقلىرىنى

(1) ئەنفال سۈرىسى 26 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 129 ـ ئايەت.
(3) قەسەس سۈرىسى 5 ـ 6 ـ ئايەت.
(4) كۇفەگە يېقىن بىر يەر.

ئاچسىلەر» دېدى. ئەدى ئىبنى ھاتەم: كىسرا ئىبنى ھۇرمۇزنىڭمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، كىسرا ئىبنى ھۇرمۇزنىڭ. مال ـ دۇنيا شۇنداق بېرىلىدۇكى، ھەتتا ئۇنى بىرمۇ كىشى قوبۇل قىلمايدۇ» دېدى. ئەدى ئىبنى ھاتەم: ھىرىدىن ئايال كىشى بىر كىشىنىڭ ھەمراھلىقىسىز چىقىپ كەبىنى تاۋاپ قىلغىلى كېلەلەيدىغان ئىشمۇ بولۇپ بولدى، مەن كىسرا ئىبنى ھۇرمۇزنىڭ بايلىقلىرىنى قولغا ئالغانلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدىم. جېنىم قولىدا بولغان زات الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۈچىنچىسىمۇ شەكسىز بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن، ـ دېدى.

﴿**ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ**﴾ ئىمام ئەھمەد ئەنەستىن مۇئاز ئىبنى جەبەللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا (ئېشەككە) مىنگىشىۋالغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا پەقەت ئېگەرنىڭ ئارقىسىدىكى ياغىچىلا بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى مۇئاز!» دېدى. مەن: خوش، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن: «ئى مۇئاز ئىبنى جەبەل!» دېدى. مەن: خوش، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن: «ئى مۇئاز ئىبنى جەبەل!» دېدى. مەن: خوش، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك شۈبھىسىزكى، الله تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى ئۇلارنىڭ الله تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشىدۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن: «ئى مۇئاز ئىبنى جەبەل!» دېدى. مەن: خوش، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇبادا بەندىلەر الله تائالاغا شۇنداق ئىبادەت قىلسا، بەندىلەرنىڭ الله تائالانىڭ ئۈستىدە قانداق ھەققى بارلىقىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بەندىلەرنىڭ الله تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەققى الله تائالانىڭ ئۇلارنى ئازابلىماسلىقىدۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر**﴾ يەنى كىمكى ماڭا بويسۇنۇشتىن چىقىپ كەتسە، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يېتەرلىك چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ. ساھابىلەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) كىشىلەرنىڭ ئىچىدە الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى جان دىلى بىلەن ئورۇنلايدىغانلار ۋە الله تائالاغا پۈتۈنلەي بويسۇنىدىغانلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن (دىنغا) قىلغان ياردىمىمۇ ئۆزلىرىگە يارىشا بولۇپ، الله تائالانىڭ سۆزىنى شەرق ۋە غەربلەردە ئۈستۈن قىلدى. الله تائالا ئۇلارغىمۇ چوڭ ياردەم بەردى. شۇڭا ئۇلار باشقا كىشىلەرگە ۋە باشقا شەھەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئەمما ئۇلاردىن كېيىنكى كىشىلەر الله تائالانىڭ بەزى بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاشتا سەل قارىغان ئىدى، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىپ چىقىشلىرىمۇ ئۆزلىرىگە يارىشا بولۇپ (بۇرۇنقىلارنىڭكىدىن) تۆۋەنلەپ كەتتى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشلىرى بۇرۇنقىدىن تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ ھەرگىز يوقىلىپ كېتىدىغان

دەرىجىگە چۈشۈپ قالمايدۇ). ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەق ئۈستىدە بولىدۇ. ئۇلارنى ياردەمسىز قويغانلار ۋە ئۇلارغا قارشى تۇرغانلار تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ». بىر رىۋايەتتە: «الله تائالانىڭ بۇيرۇقى كەلگىچە ئۇلار شۇنداق ھالەتتە بولىدۇ» دەپ رىۋايەت قىلىندى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ھەتتا ئۇلار دەججال بىلەن ئۇرۇش قىلغۇچە» دەپ رىۋايەت قىلىندى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ھەتتا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا چۈشكىچە ئۇلار غالىب ھالەتتە بولىدۇ» دەپ رىۋايەت قىلىندى. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى توغرا بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتە قارىمۇ قارشىلىق يوق.

* * * * * * *

وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ﴿٥٦﴾ لَا تَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مُعۡجِزِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَمَأۡوَىٰهُمُ ٱلنَّارُۖ وَلَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٥٧﴾

الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴿56﴾. كاپىرلارنى زېمىندا الله نىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالايدۇ دەپ ئويلىمىغىن، ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!﴿ 57﴾.

## ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە ۋە الله تائالاغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇش، كاپىرلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئاقىۋىتى

الله تائالا مۆمىنلەرگە رەھمەت قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئايەتتە ئۇلارنى شېرىكى يوق بىر الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان نامازنى ئادا قىلىشقا، ئاجىز ۋە پېقىرلارغا ياردەم قىلىش مەقسىتى قىلىنغان زاكاتنى بېرىشكە ۋە مۇشۇ ئىشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسىتىپ بەرگىنىنى قىلىشقا ۋە توسقىنىدىن يېنىشقا بۇيرۇدى.

كىمكى مۇشۇ ئىشلارنى قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭغا شەكسىز ياردەم قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، الله غا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا الله رەھىم قىلىدۇ﴾[1].

﴿**كاپىرلارنى زېمىندا الله نىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالايدۇ دەپ ئويلىمىغىن**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! سەن ساڭا قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە سېنى ئىنكار قىلغانلارنى ئۇلار الله تائالانى ئاجىز ھالەتكە كەلتۈرەلەيدۇ دەپ گۇمان قىلمىغىن. ئۇلار الله تائالانى ھەرگىزمۇ ئاجىز ھالەتكە كەلتۈرەلمەيدۇ. الله تائالا ئۇلارغا خالىغىنىنى قىلىشقا قادىردۇر. الله تائالا ئۇلارنى شۇنىڭغا

(1) تەۋبە سۈرىسى 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاساسەن ئەڭ قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلايدۇ، شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى:

**﴿ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!﴾** يەنى كاپىرلارنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان جاي ۋە ئورنى نېمىدېگەن يامان ئورۇن!

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لِيَسۡتَـٔۡذِنكُمُ ٱلَّذِينَ مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡ وَٱلَّذِينَ لَمۡ يَبۡلُغُواْ ٱلۡحُلُمَ مِنكُمۡ ثَلَٰثَ مَرَّٰتٖۚ مِّن قَبۡلِ صَلَوٰةِ
ٱلۡفَجۡرِ وَحِينَ تَضَعُونَ ثِيَابَكُم مِّنَ ٱلظَّهِيرَةِ وَمِنۢ بَعۡدِ صَلَوٰةِ ٱلۡعِشَآءِۚ ثَلَٰثُ عَوۡرَٰتٖ لَّكُمۡۚ لَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ وَلَا
عَلَيۡهِمۡ جُنَاحُۢ بَعۡدَهُنَّۚ طَوَّٰفُونَ عَلَيۡكُم بَعۡضُكُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلۡأٓيَٰتِۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ
حَكِيمٞ ﴿٥٨﴾ وَإِذَا بَلَغَ ٱلۡأَطۡفَٰلُ مِنكُمُ ٱلۡحُلُمَ فَلۡيَسۡتَـٔۡذِنُواْ كَمَا ٱسۡتَـٔۡذَنَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ كَذَٰلِكَ
يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ ءَايَٰتِهِۦۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٥٩﴾ وَٱلۡقَوَٰعِدُ مِنَ ٱلنِّسَآءِ ٱلَّٰتِي لَا يَرۡجُونَ نِكَاحٗا
فَلَيۡسَ عَلَيۡهِنَّ جُنَاحٌ أَن يَضَعۡنَ ثِيَابَهُنَّ غَيۡرَ مُتَبَرِّجَٰتِۭ بِزِينَةٖۖ وَأَن يَسۡتَعۡفِفۡنَ خَيۡرٞ
لَّهُنَّۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٦٠﴾

ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن باللار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرىتىڭلار (ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئۇلار سىلەرگە كىرسە) سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرىسىلەر، الله سىلەرگە ئايەتلەرنى (يەنى شەرئىئەت ئەھكاملىرىنى) ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿58﴾. كىچىك باللىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن، الله ئايەتلىرىنى (دىنىنىڭ ئىشلىرىنى) سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ، الله ھەممىنى بىلگوچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿59﴾. ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان ياشانغان ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا (رىدا، نىمچىغا ئوخشاش) تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە (ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن يۈرسە)، ھېچ گۇناھ يوقتۇر، تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشتىن ساقلانسا ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿60﴾.

## قۇل، چۆرە ۋە نارسىدىلەرنىڭ كىرىشكە رۇخسەت سورايدىغان ۋاقىتلىرى

بۇ ئايەتلەر يېقىنلارنىڭ بىر - بىرىدىن رۇخسەت سورىشى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى بايان قىلىپ كەلدى. بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئايەتلەر يات كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئىزنى سورىشى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى بايان قىلىپ كەلگەن ئىدى. الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ قۇل،

چۆرىلىرى ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن نارىسىدە باللىرىنى (مۇنداق ئۈچ ۋاقىتتا) ئىزنى سوراشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن**﴾. بۇ ئۈچ ۋاقىتنىڭ بىرى، ناماز بامداتتىن بۇرۇنقى ۋاقىت. چۈنكى، كىشىلەر بۇ ۋاقىتتا ئورۇنلىرىدا ئۇخلاۋاتقان بولىدۇ. يەنە بىرى، چۈشلۈك ئۇيقۇدىكى ۋاقىت. چۈنكى، ئىنسان بۇ ۋاقىتتا كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئايالى بىلەن بىللە بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۈچىنچىسى، ناماز خۇپتەندىن كېيىنكى ۋاقىت. چۈنكى، بۇ ئۇخلايدىغان ۋاقىت. ئىنسان ئايالى بىلەن بىللە بولۇۋاتقاندا ياكى شۇنىڭدەك باشقا بىرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايدىغان ئىش قىلىۋاتقاندا، قۇل، چۆرىلەر ۋە كىچىك باللارنىڭ تۇيۇقسىز ئۆيگە كىرىپ قېلىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن، (ئۇلار) مۇشۇ ئۈچ ۋاقىتلاردا ئىزنى سوراپ كىرىشكە بۇيرۇلدى.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**(بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرەتىڭلار (ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئۇلار سىلەرگە كىرسە) سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ**﴾ يەنى مۇشۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا سىلەرنىڭ ئۇلارنى كىرگىلى قويغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. مۇبادا ئۇلار مۇشۇ ۋاقىتلاردىن باشقا ۋاقىتتا كىرىپ، بىرەر ئىشنى كۆرۈپ قالسا، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار (ئەسلى ئۆيلىرىڭلارغا ئىزنى سورىماي كىرىشكە) رۇخسەت قىلىنغان كىشىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلار سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلار ئۈچۈن بولامدۇ ياكى باشقا ئىش ئۈچۈن بولامدۇ، قېشىڭلارغا كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇلارغا باشقىلارغا بېرىلمىگەن كەڭچىلىك بېرىلگەندۇر.

بۇ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ئايەت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلىشى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنى بۇ ئىشتا تەنقىد قىلاتتى. ئەبۇداۋۇد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ بۇ ئايەتكە بولغان ئىمانى تولۇق ئەمەس، مەن چۆرەمنى قېشىمغا كىرىش ئۈچۈن ئىزنى سوراپ كىرىشكە بۇيرۇيمەن. ئەبۇداۋۇد: ئەتائىمۇ ئىبنى ئابباسنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى، - دېدى.

سەۋرى مۇسا ئىبنى ئەبۇئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن شەئبىدىن: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدىمۇ؟ - دەپ سورىدىم. شەئبى: ياق، ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى، - دېدى. مەن: ئۇنداق بولسا، كىشىلەر بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلمايدىغۇ؟ - دېدىم. شەئبى: الله تائالا (ئۇلارنىڭ بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلىشىغا) ياردەمچى بولار، - دېدى.

﴿**كىچىك باللىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن**﴾ يەنى باللار بالاغەتكە يەتمىگەن بولسا، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۈچ ۋاقىتتا ئىزنى سورايدۇ. ئەگەر بالاغەتكە يەتكەن بولسا، ئۇ ئۈچ ۋاقىتتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ۋاقىتتا ئىزنى سورايدۇ.

## قېرى ئاياللارنىڭ تاشقى كىيىملىرىنى كىيمىسىمۇ بولىدىغانلىقى

**﴿ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان ياشانغان ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان هالدا (رىدا، نىمچىغا ئوخشاش) تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە (ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن يۈرسە)، هېچ گۇناھ يوقتۇر﴾**. سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇقاتىل ئىبنى هەييان، زەههاك ۋە قەتادە قاتارلىقلار: بۇلار هەيز كۆرۈشتىن ئۈزۈلگەن، بالا تۇغۇشتىن توختاپ قالغان ۋە ئەرگە ئىشتىياقى يوق ئاياللاردۇر. بۇ ئاياللارغا (كىيىنىشتە) باشقا ئاياللارغا قويۇلغان چەكلىمە يوقتۇر، ـ دېدى.

ئەبۇداۋۇد ئىبنى ئابباسنىڭ: ﴿مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نا مەهرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ هۆكمىنىڭ ئىچىدىن: **﴿ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان ياشانغان ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان هالدا (رىدا، نىمچىغا ئوخشاش) تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە (ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن يۈرسە)، هېچ گۇناھ يوقتۇر﴾** دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان بۇ خىلدىكى ئاياللارنىڭ هۆكمى چىقىرىۋېلىندى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير: قېرى ئايال زىننەتلىرىنى كۆرستىش ئۈچۈن (پەلتۇدەك) تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتمەيدۇ، ـ دېدى.

**﴿تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشتىن ساقلانسا ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾** يەنى تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىش دۇرۇس بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى سالماسلىق ياخشىدۇر. **﴿الله هەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾**.

* * * * * * *

لَّيۡسَ عَلَى ٱلۡأَعۡمَىٰ حَرَجٞ وَلَا عَلَى ٱلۡأَعۡرَجِ حَرَجٞ وَلَا عَلَى ٱلۡمَرِيضِ حَرَجٞ وَلَا عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمۡ أَن تَأۡكُلُواْ مِنۢ بُيُوتِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ ءَابَآئِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ أُمَّهَٰتِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ إِخۡوَٰنِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ أَخَوَٰتِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ أَعۡمَٰمِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ عَمَّٰتِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ أَخۡوَٰلِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ خَٰلَٰتِكُمۡ أَوۡ مَا مَلَكۡتُم مَّفَاتِحَهُۥٓ أَوۡ صَدِيقِكُمۡۚ لَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٌ أَن تَأۡكُلُواْ جَمِيعًا أَوۡ أَشۡتَاتٗاۚ فَإِذَا دَخَلۡتُم بُيُوتٗا فَسَلِّمُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمۡ تَحِيَّةٗ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ مُبَٰرَكَةٗ طَيِّبَةٗۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلۡأٓيَٰتِ لَعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ﴿٦١﴾

(جىهادقا چىقالمىسا) ئەماغا گۇناھ يوقتۇر، توكۇرغا گۇناھ يوقتۇر، كېسەلگە گۇناھ يوقتۇر. (ئى ئىنسانلار!) سىلەر ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا (يەنى ئەرلىرىڭلارنىڭ، ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە) ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، هەمشىرەڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاتاڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، ئاتاڭلارنىڭ هەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ

(1) نۇر سۈرىسى 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا سىلەر ئاچقۇچلىرىنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە (يەنى ئۆي ئىگىسى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۆي بىلەن ئاچقۇچىنى سىلەرگە تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە)، يا دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە (ئىجازەتسىز) بىرەر نېمە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر، سىلەر توپلىشىپ يېسەڭلارمۇ، يا يەككە يېسەڭلارمۇ گۇناھ يوقتۇر، سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزەڭلارغا (يەنى ئۆيدىكى كىشىلەرگە) اللہ بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەڭلار)، اللہ سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ ئايەتلەرنى مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ﴿61﴾.

## ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە رۇخسەتسىز بىر نېمە يېيىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى

سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە مۇقسىم قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: بىر قىسىم كىشىلەر كور تاماقنى ۋە تاماقنىڭ ياخشىسىنى كۆرەلمىگەچكە، توكۇر داستىخاندا ياخشى ئولتۇرالمىغاچقا، ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرغىنى ئۇنىڭ يېيىشكە تېگىشلىك بولغان تامىقنى يەپ بولىدىغانلىقى ۋە كېسەل كىشى تاماقنى باشقىلاردەك كۆپ يېيەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېيىشگە تېگىشلىك بولغان تامىقنى جىق يېۋېلىپ، ئۇلارغا ئۇۋال قىلىپ سالمايلى دەپ، ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يېيىشنى يامان كۆرەتتى. ئاندىن اللہ تائالا (كىشىلەرگە ئۇلار بىلەن تاماقنى بىللە يېيىشكە) رۇخسەت قىلىپ بۇ ئايەتنى چۈشۈردى.

زەھھاك: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ شۇ كىشىلەرگە قارىتا (چوڭچىلىق قىلىپ قويۇشىدىن) ساقلىنىش ۋە ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن ئۈستۈن چاغلاپ سېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يېيىشنى يامان كۆرەتتى. ئاندىن اللہ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى، ـ دېدى.

ئابدۇررازاق مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر كور، توكۇر ياكى كېسەلنى ئاتىسىنىڭ، قېرىندىشىنىڭ، ھەمشىرىسىنىڭ ياكى ھاما ئاچىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە (تاماق يېگۈزۈش ئۈچۈن) ئاپارسا، ئۇلار بىزنى باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە باشلاپ ئاپىرىدىكەن دەپ، ئۇ ئۆيلەرگە بېرىشنى يامان كۆرەتتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ (باشلاپ بېرىلغان ئۆيگە) بېرىشىنى رۇخسەت قىلىپ چۈشتى، ـ دېدى.

سۇددى: بىر كىشى ئاتىسىنىڭ، قېرىندىشىنىڭ ياكى ئوغلىنىڭ ئۆيلىرىگە (ئۇلار ئۆيدە يوق ۋاقتىدا) كىرسە، ئۆيدىكى ئايال ئالدىغا تاماق ئېلىپ كەلسە، كىرگۈچى ئۆينىڭ ئىگىسى بولغان ئەر يوق دەپ، تاماقتىن يېمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، اللہ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى، ـ دېدى.

**﴿ئىنسانلار! سىلەر ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا (يەنى ئەرلىرىڭلارنىڭ، ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە) (ئىجازەتسىز) بىرەر نېمە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر﴾** بۇ ئايەت بالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، اللہ تائالا بالىلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ھۆكمىنى ئايرىم بايان قىلمىدى. شۇڭا: بىر

ئىنساننىڭ بالىسىنىڭ مال ـ دۇنياسى ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ ئورنىدا، ـ دەيدىغان بەزى ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ بۇ كۆز قارىشىغا يۇقىرىدىكى ئايەتنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەن ۋە مال ـ دۇنيايىڭ داداڭغا تەۋەدۇر».

**﴿ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ھەمشىرەڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاتاڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، (ئىجازەتسىز) بىرەر نېمە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر)﴾** يوقسۇل كىشىنىڭ خىراجىتىنى بېرىش ئۇنىڭ باي تۇغقىنىنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر دەيدىغان ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ بۇ كۆز قارىشىغا يۇقىرىقى ئايەتنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى.

**﴿ئۆي بىلەن ئاچقۇچىنى سىلەرگە تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە)، (ئىجازەتسىز) بىرەر نېمە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر)﴾** سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بۇلار بىر كىشىنىڭ قول ۋە ئامبارچىسىدەك خىزمەتكارلىرىدۇر. ئۇلار خوجايىنلىرى ئۇلارغا قويۇپ كەتكەن تاماقلاردىن نورمال يېسە بولىدۇ، ـ دېدى.

زۆھرى ئۇرۋەدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسۇلمانلار جەڭگە ماڭغاندا، ئۆيلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كېيىنلىرىگە بېرىپ: بىز سىلەرنىڭ ئېھتىياجىڭلار چۈشكەن نەرسىلەرنى يېيىشىڭلارغا رۇخسەت قىلدۇق، ـ دەيتتى. ئۇلار: بىزنىڭ (بۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر نەرسە) يېيىشىمىز ھالال ئەمەس، ئۇلار بىزگە كۆڭلىدىن چىقىرىپ رۇخسەت قىلمىدى، بىز پەقەت (ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى) ساقلاپ بېرىدىغان كىشىلەر، ـ دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: **﴿يا دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە (ئىجازەتسىز) بىرەر نېمە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر﴾** يەنى سىلەر دوستلىرىڭلار ۋە سەبداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر نەرسە يېسەڭلار، ئۇلارغا ئېغىر كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىڭلارنى يامان كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلسەڭلەر، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن تاماق يېسەڭلار بولىدۇ.

**﴿سىلەر توپلىشىپ يېسەڭلارمۇ، يا يەككە يېسەڭلارمۇ گۇناھ يوقتۇر﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئاباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار﴾[1] دېگەن ئايەت چۈشكەندە، مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىمىزنىڭ ماللىرىمىزنى ناھەق يوللار بىلەن يەۋېلىشتىن توسۇلدۇق. تاماقلار دېگەن ماللارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. شۇڭا بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئۆيىدە تاماق يېيىشىمىز ھالال ئەمەس دەپ، بىر ـ بىرىنىڭ قېشىدا تاماق يېمەيدىغان بولدى. ئاندىن **الله** تائالا: **﴿(جىھادقا چىقالمىسا) ئەماغا گۇناھ يوقتۇر﴾** دېگەن ئايەتنى: **﴿يا دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە (ئىجازەتسىز) بىرەر نېمە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر﴾** دېگەن يەرگىچە چۈشۈردى. ئاندىن كىشىلەر قېشىدا بىرسى بولمىسا، تامىقىنى يالغۇز يېيىشنى گۇناھ دەپ قارايدىغان بولدى. ئاندىن **الله** تائالا ئۇلارغا تامىقىنى يالغۇز

(1) نىسا سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يېپىشكە رۇخسەت قىلىپ: ﴿سىلەر توپلىشىپ يېسەڭلارمۇ، يا يەككە يېسەڭلارمۇ گۇناھ يوقتۇر﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

قەتادە: كەنانە جەمەتىدە بىر كەنت بولۇپ، بۇلار ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە تاماقنى ئۆزى يالغۇز يېيىشنى ئۆزلىرىگە خارلىق ھېسابلايتتى. ھەتتا ئۇلاردىن بىرى ئاچ بولسىمۇ، تاكى تۆگىنىڭ گۆشىدىن يەپ، شورپىلىرىدىن ئىچىشىپ بەرگىلى بىر ئادەمنى تاپقىچە بىر توپ تۆگىنى ھەيدەپ يۈرەتتى. ئاندىن الله تائالا ئۇلار توغرىسىدا: ﴿سىلەر توپلىشىپ يېسەڭلارمۇ، يا يەككە يېسەڭلارمۇ گۇناھ يوقتۇر﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، ـ دېدى.

بۇ، الله تائالانىڭ بىر كىشىنىڭ كۆپچىلىك بىلەن تاماق يېيىشى ياخشى ۋە بەرىكەتلىك بولسىمۇ، تاماقنى يالغۇز يېسىمۇ بولىدىغانلىقىغا بەرگەن رۇخسىتىدۇر. ئىمام ئەھمەد كۆپچىلىك بىلەن تاماق يېيىشنىڭ بەركەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: بىز تاماق يەيمىز لېكىن تويمايمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر تاماقلارنى چېچىلىپ يەيدىغان ئوخشايسىلەر. تاماق يېگەندە بىر يەرگە توپلىشىپ ۋە الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ يەڭلار، تامىقىڭلاردا بەرىكەت بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى ماجە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(تاماقنى) ھەممىڭلار بىر يەرگە توپلىشىپ يەڭلار. چېچىلىپ كەتمەڭلار. چۈنكى، بەرىكەت كۆپچىلىك بىلەن بولىدۇ».

﴿سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزەڭلارغا (يەنى ئۆيدىكى كىشىلەرگە) الله بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەڭلار)﴾ سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن بەسرى، قەتادە ۋە زۆھرى قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىرىڭلار يەنە بىرىڭلارغا سالام قىلسۇن دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

ئىبنى جەرىر ئەبۇزۇبەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ: سىلەر بالىۋاقىلىرىڭلارنىڭ قېشىغا كىرسەڭلار، ئۇلارغا الله بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەڭلار)، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنىڭ قېشىغا كىرگەن كىشىنىڭ ئۇلارغا سالام قىلىشنى پەرز دەپ قارايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قارايمەن.

ئىبنى جۇرەيج زىياددىن ئىبنى تاۋۇسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىرىڭلار ئۆيگە كىرسە، سالام قىلىپ كىرسۇن.

مۇجاھىد: سەن مەسچىتكە كىرسەڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بولسۇن!ـ دەپ كىرگىن. بالا ـ چاقىلىرىڭنىڭ قېشىغا كىرسەڭ، ئۇلارغا سالام قىل ۋە ئادەم يوق ئۆيگە كىرسەڭ: بىزگە ۋە الله تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىگە سالام بولسۇن دەپ كىرگىن!ـ دېدى. قەتادە: ئادەم يوق ئۆيگە كىرگۈچى شۇنداق دېيىشكە بۇيرۇلغان، پەرىشتىلەرنىڭ شۇنداق دېگۈچىگە سالام قايتۇرىدىغانلىقى بىزگە سۆزلەپ بېرىلگەن ئىدى، ـ دېدى.

﴿**الله سىلەرنى چاقىرىشنى بىر-بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك قىلماڭلار**﴾ يەنى الله تائالا بۇ سۈرىدە ئىسلام دىنىنىڭ چوڭ ھۆكۈملىرىنى ۋە شەرىئەت تۈزۈملىرىنى چۈشىنىشلىك رەۋىشتە بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدى، بۇ يەردە بەندىلىرىگە ئايەتلىرىنى ئۇلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە ئويلىنىشى ئۈچۈن مۇشۇنداق روشەن بايان قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

*******

إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَإِذَا كَانُوا۟ مَعَهُۥ عَلَىٰٓ أَمْرٍ جَامِعٍ لَّمْ يَذْهَبُوا۟ حَتَّىٰ يَسْتَـْٔذِنُوهُ ۚ
إِنَّ ٱلَّذِينَ يَسْتَـْٔذِنُونَكَ أُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ۚ فَإِذَا ٱسْتَـْٔذَنُوكَ لِبَعْضِ شَأْنِهِمْ
فَأْذَن لِّمَن شِئْتَ مِنْهُمْ وَٱسْتَغْفِرْ لَهُمُ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٦٢﴾

الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر كامىل مۆمىنلەردۇر، ئۇلار (مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق) بىر ئىش ئۈستىدە (مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن) پەيغەمبەر بىلەن جەم بولغان چاغلىرىدا، پەيغەمبەردىن ئىجازەت سورىمىغىچە كېتىپ قالمايدۇ، سەندىن ئىجازەت سورايدىغانلار الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىدىغان كىشىلەردۇر، بەزى شەخسىي ئىش ئۈچۈن ئۇلار سەندىن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەن خالىغان ئادەملەرگە ئىجازەت بەرگىن، ئۇلارغا سەن الله دىن مەغپىرەت تىلىگىن، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿62﴾.

## توپلىشىپ تۇرغان جايدىن قايتماقچى بولغاندا رۇخسەت سوراش

بۇ، الله تائالانىڭ مۆمىنلەرگە بىلدۈرگەن ئەدەب - قائىدىسىدۇر. الله تائالا ئۇلارنى خۇددى ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، ئىزنى سوراشقا بۇيرۇغاندەك، چىققاندىمۇ ئىزنى سوراشقا بۇيرۇدى. خۇسۇسەن ئۇلار جۈمە، ھېيت نامازلىرى ياكى بىر يەرگە توپلاشقان، مەسلىھەت ياكى شۇنىڭدەك ئىشلار ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلغان چاغلاردا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولغانلىرىدا، قايتماقچى بولغانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىزنى سوراپ ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ قايتىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. كىمكى شۇنداق قىلسا، ئۇ كامىل مۆمىنلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن الله تائالا پەيغەمبىرىنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىزنى سورىغۇچىلارغا خالىسا، ئىزنى بېرىشكە بۇيرۇدى.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەن خالىغان ئادەملەرگە ئىجازەت بەرگىن، ئۇلارغا سەن الله دىن مەغپىرەت تىلىگىن**﴾ ئەبۇداۋۇد ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلار سورۇنغا كەلسە، سالام قىلسۇن. قوپماقچى بولغاندا، يەنە سالام قىلسۇن. ئىلگىرىكىسى كېيىنكىسىدىن ئارتۇق ئەمەستۇر». بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ۋە نەسەئىمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

*******

لَّا تَجۡعَلُواْ دُعَآءَ ٱلرَّسُولِ بَيۡنَكُمۡ كَدُعَآءِ بَعۡضِكُم بَعۡضٗاۚ قَدۡ يَعۡلَمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ يَتَسَلَّلُونَ مِنكُمۡ لِوَاذٗاۚ فَلۡيَحۡذَرِ ٱلَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنۡ أَمۡرِهِۦٓ أَن تُصِيبَهُمۡ فِتۡنَةٌ أَوۡ يُصِيبَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٦٣﴾

(ئى مۆمىنلەر!) پەيغەمبەرنى سىلەر بىر ـ بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار، سىلەردىن (پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىدىن) ئاستا سۇغۇرۇلۇپ غىپپىدە چىقىپ كەتكەنلەرنى الله ئەلۋەتتە بىلىدۇ، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴿63﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغاندا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەبلەر

زەھھاك ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: ئى مۇھەممەد! ياكى: ئى ئەبۇلقاسىم!ـ دەپ چاقىراتتى. الله تائالا پەيغەمبىرىنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۇلارنى شۇنداق چاقىرىشتىن توسۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى!ـ دەپ چاقىرىشقا بۇيرۇدى.

بۇ ھەقتە مۇجاھىد ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەيرى قاتارلىقلاردىنمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلىندى. قەتادە: الله تائالا (ساھابىلەرنى) پەيغەمبىرىنى ئۇلۇغلاشقا، چوڭ كۆرۈشكە ۋە ھۆرمەتلەشكە بۇيرۇدى،ـ دېدى.

**﴿(ئى مۆمىنلەر!) پەيغەمبەرنى سىلەر بىر ـ بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار﴾** مۇقاتىل بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سىلەر ئۇنى چاقىرغان ۋاقتىڭلاردا: ئى مۇھەممەد! ياكى: ئى ئابدۇللاھنىڭ بالىسى!ـ دەپ چاقىرماي، ھۆرمەتلەپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!ـ دەپ چاقىرىڭلار دېگەنلىكتۇر،ـ دېدى.

بۇ ئايەتكە بېرىلگەن يەنە بىر مەنە مۇنداق: سىلەر ئۇنىڭ قىلغان دۇئاسىنى باشقىلارنىڭ قىلغان دۇئاسىغا ئوخشاش دەپ قارىماڭلار. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلغان دۇئاسى ئىجابەتتۇر، سىلەر ئۇنىڭ سىلەرگە قارشى دۇئا قىلىپ سېلىشىدىن ساقلىنىڭلار، ئەگەر ئۇ سىلەرگە قارشى دۇئا قىلىپ سالسا، ھالاك بولۇپ كېتىسىلەر. بۇ ئايەتكە بېرىلگەن بۇ مەنىنى ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس، ھەسەن بەسرى ۋە ئەتىيە ئەۋفى قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلدى. راستىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

**﴿سىلەردىن (پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىدىن) ئاستا سۇغۇرۇلۇپ غىپپىدە چىقىپ كەتكەنلەرنى الله ئەلۋەتتە بىلىدۇ﴾** مۇقاتىل ئىبنى ھەييان بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلار بولسا مۇناپىقلاردۇر. ئۇلارغا جۈمەنىڭ خۇتبىسىدە دېيىلگەن سۆزلەر ئېغىر كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بەزى ساھابىلەرنى دالدا قىلىپ مەسچىتتىن چىقىپ كېتەتتى. ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە نامىزىنىڭ خۇتبىسىنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن، بىر كىشى مەسچىتتىن چىقماقچى بولسا، گەپ قىلماستىن بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىزنى سوراپ، چىقىشى لازىم ئىدى ۋە بىز شۇنداق قىلاتتۇق. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبىنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن، گەپ قىلغان كىشىنىڭ جۈمە نامىزى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

سۇددى: مۇناپىقلار توپلاشقان بىر سورۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرمەسلىكى ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى دالدا قىلىشىپ ئۇ سورۇندىن يوقاپتتى، ـ دېدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

﴿**پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار**﴾ يەنى ئۇنىڭ يولىغا، پىرىنسىپىغا ۋە شەرىئىتىگە قارشىلىق قىلغۇچىلار ﴿**(دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن**﴾ چۈنكى بارلىق سۆز ۋە ئەمەللەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە ئەمەلى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭكىگە توغرا كەلگىنى قوبۇل قىلىنىدۇ، توغرا كەلمىگىنى (كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر) رەت قىلىنىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىزنىڭ ئىشىمىزغا توغرا كەلمەيدىغان ئىشنى قىلىدىكەن، ئۇ ئىش قوبۇل قىلىنمايدۇ».

يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قارشىلىق كۆرسەتكەن كىشى دىلىغا كاپىرلىق، مۇناپىقلىق ياكى بىدئەتخورلۇقتىن ئىبارەت پىتنىنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن ياكى ئۆزىگە دۇنيادا ئۆلتۈرۈلۈش، جازالىنىش ياكى تۈرمىگە تاشلىنىشتەك ئازابنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ساقلانسۇن. ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ مىسالىڭلار، ئوت قالىغان بىر كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئوت ئەتراپىنى يورۇتقاندا پەرۋانىلەر ۋە ئوتقا ئۆزلىرىنى ئاتىدىغان ھاشارەتلەر كېلىپ ئۆزلىرىنى ئوتقا ئېتىشقا باشلايدۇ. ئۇ كىشى ھاشارەتلەرنى قانچە توسۇپ باقسىمۇ، ئۇلار ئۇ كىشىدىن ئۈستۈن كېلىپ ئوتقا بۆسۈپ كىرىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ مىسالىم بىلەن سىلەرنىڭ مىسالىڭلار. مەن سىلەرنى ئوتتىن قايتىپ كېلىڭلار دەپ، ئوتقا چۈشۈپ كېتىشىڭلاردىن ساقلاش ئۈچۈن بېلىڭلاردىن تۇتۇۋالىمەن، (لېكىن) سىلەر مەندىن ئۈستۈن كېلىپ ئوتقا بۆسۈپ كىرىسىلەر». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

*******

أَلَآ إِنَّ لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ قَدْ يَعْلَمُ مَآ أَنتُمْ عَلَيْهِ وَيَوْمَ يُرْجَعُونَ إِلَيْهِ فَيُنَبِّئُهُم بِمَا
عَمِلُوا۟ ۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌۢ ﴿٦٤﴾

بىلىڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى **الله** نىڭدۇر (يەنى **الله** نىڭ مۈلكىدۇر، **الله** نىڭ مەخلۇقاتىدۇر، **الله** نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر)، **الله** سىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، بەندىلەر **الله** نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) **الله** ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ، **الله** ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴿64﴾.

## ﷲ تائالانىڭ ھەممىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىدىن، غەيبنى ۋە ھازىرنى بىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

﴿**ﷲ سىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى ﷲ تائالا ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ﷲ تائالادىن زەررە چاغلىق نەرسە يوشۇرۇن بولمايدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ناھايىتى غالىب، مېھرىبان ﷲ غا يۆلەنگىن، ﷲ سېنى (نامازغا) قوپقىنىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ، ناماز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى (سەجدىگە بارغانلىق، رۇكۇغا تۇرغانلىق ۋە قىيامدا تۇرغانلىق) ھەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، شۈبھىسىزكى، ﷲ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1]، ﴿سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسى بىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، ئاسمان ـ زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ﷲ نىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر﴾[2]، ﴿ھەر بىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ﷲ (بۇتلارغا ئوخشامدۇ؟)﴾[3] يەنى ﷲ تائالا بەندىلىرى مەيلى ياخشى ئىش قىلغان ياكى يامان ئىش قىلغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

﴿راستلا ئۇلار كىيىملىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغانلىرىدا، ﷲ ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ﷲ ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر﴾[4]، ﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان، ئاشكارا سۆز قىلغان، كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى (ﷲ ئۈچۈن ئېيتقاندا) ئوخشاشتۇر (يەنى ﷲ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ)﴾[5]، ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ﷲ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، ﷲ ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلغاندۇر﴾[6]، ﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ﷲ نىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا ﷲ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ﷲ بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ﷲ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (ﷲ غا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾[7] بۇ توغرىسىدا كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

﴿**بەندىلەر ﷲ نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ﷲ ئۇلارنىڭ**

(1) شۇئەرا سۈرىسى 217 ـ 220 ـ ئايەتكىچە.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 61 ـ ئايەت.
(3) رەئد سۈرىسى 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ھۇد سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) رەئد سۈرىسى 10 ـ ئايەت.
(6) ھۇد سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(7) ئەنئام سۈرىسى 59 ـ ئايەت.

**قىلغان ئىشلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ﴾** يەنى **الله** تائالا ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ئىشى مەيلى كاتتا ياكى ئاددىي، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ھەممىسىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى ـ ئاخىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ﴾[1]، ﴿كىشىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي بىزگە! بۇ نامە ـ ئەمالغا چوڭ ـ كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە ـ ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[2] شۇڭا **الله** تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: **﴿بەندىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) الله ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾**

ئالەملەرنىڭ پەردىگارى بولغان **الله** تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! شۇنىڭ بىلەن، نۇر سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

---

(1) قىيامەت سۈرىسى 13 ـ ئايەت.
(2) كەھف سۈرىسى 49 ـ ئايەت.

# فۇرقان سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 77 ئايەت

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

تَبَارَكَ الَّذِي نَزَّلَ الْفُرْقَانَ عَلَىٰ عَبْدِهِ لِيَكُونَ لِلْعَالَمِينَ نَذِيرًا ﴿١﴾ الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُنْ لَهُ شَرِيكٌ فِي الْمُلْكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا ﴿٢﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (اللە نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان اللە نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴿1﴾. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللە غا خاستۇر، اللە نىڭ بالىسى يوقتۇر، پادىشاھلىقتا شېرىكىمۇ يوقتۇر، اللە ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى﴿2﴾.

## اللە تائالانىڭ بەرىكىتىنىڭ كاتتىلىقى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىگە كاتتا قۇرئاننى چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زاتىغا ھەمدۇ ئېيتىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿جىمى ھەمدۇسانا اللە غا خاستۇركى، (اللە ئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن بولغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆمىنلەرگە ئەبەدىي مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىدىغانلىقى بىلەن خۇش ـ خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد) گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى﴾[1].

(1) كەھف سۈرىسى 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر.

اللە تائالا بۇ يەردە مۇنداق دېدى: ﴿**پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (اللە نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان اللە نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر**﴾ يەنى قۇرئاننى بۆلۈپ - بۆلۈپ چۈشۈرگەن اللە تائالانىڭ بەرىكىتى كاتتىدۇر. اللە تائالا قۇرئاننى بىر قېتىمدا بىراقلا چۈشۈرۈۋەتمەي، بۆلۈپ- بۆلۈپ چۈشۈرگەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! اللە غا، اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە اللە ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى اللە نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار﴾[1] چۈنكى، قۇرئاندىن ئىلگىرى چۈشكەن كىتابلارنىڭ ھەممىسى بىر قېتىمدىلا نازىل بولغان. ئەمما قۇرئان بولسا، بىر قېتىمدىلا نازىل بولماي، ئايرىم- ئايرىم، ئايەت - ئايەت، ھۆكۈم - ھۆكۈم، سۈرە - سۈرە ھالدا نازىل بولدى. بۇ، قۇرئان نازىل قىلىنغان كىشىگە بەك كۆڭۈل بۆلگەنلىكتۇر.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كاپىرلار: «قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟» دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە - پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم - ئايرىم نازىل قىلدۇق، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) قانداق بىر سوئالنى تاشلىمىسۇن، (ئۇنىڭغا قارىتا) بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق﴾[2] شۇڭا اللە تائالا قۇرئاننى بۇ يەردە "فۇرقان" (يەنى ئايرىغۇچى) دەپ ئاتىدى. چۈنكى، قۇرئان ھەق بىلەن ناھەقنىڭ، ھىدايەت بىلەن ئازغۇنلۇقنىڭ، توغرا بىلەن خاتانىڭ ۋە ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدۇ.

اللە تائالا: ﴿**پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (اللە نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان اللە نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر**﴾ دېگەن ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى "بەندىسى" دەپ ئاتىدى. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىر مەدھىيە ۋە شەرەپتۇر. چۈنكى، اللە تائالا "بەندىسىگە" دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەندىچىلىكىنى ئۆزىگە نىسبەت بەردى. اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى (ئۇنى ھۆرمەتلەپ) مەككىدىن ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كەلگەن كېچىسىدىمۇ مۇشۇنداق سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿اللە (بارچە نۇقساندىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە ھەرەم مەسچىتىدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن اللە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[3] اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتكە تۇرغانلىقىنى بايان قىلغان ۋاقىتدىمۇ مۇشۇنداق سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿اللە نىڭ بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) اللە غا ئىبادەت قىلىشقا تۇرغاندا، (قۇرئان تىڭشاش ئۈچۈن) جىنلار (ئۇلىشىپ) ئۇنى بېسىۋېلىشقا تاس قالدى﴾[4] اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان ۋە پەرىشتە چۈشۈرگەن ۋاقىتدىمۇ (ئۇنى) شۇنداق سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (اللە نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى**

(1) نىسا سۈرىسى 137 - ئايەت.
(2) فۇرقان سۈرىسى 32 - 33 - ئايەتلەر.
(3) ئىسرا سۈرىسى 1 - ئايەت.
(4) جىن سۈرىسى 19 - ئايەت.

ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾.

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[1] دەپ سۈپەتلەنگەن قۇرئاندىن ئىبارەت ھەممە نەرسىنى ئوچۇق بايان قىلغان كاتتا كىتابنى چۈشۈردى. الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق كاتتا كىتابنى چۈشۈرۈشى ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «مەن قىزىلغا ۋە قارىغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ماڭا مەندىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچ قايسىغا بېرىلمىگەن بەش نەرسە بېرىلدى» دەپ بولۇپ، ئاندىن: «پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمىگىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلەتتى، مەن بارلىق كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئۇنىڭ الله غا ۋە الله نىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار»﴾[2] يەنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكۈچى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى، بىرەر نەرسىگە "بول" دېسە، شۇ ھامانلا بولىدىغان، تىرىلدۈرۈپ ئۆلتۈرىدىغان زات الله تائالادۇر، الله تائالا بۇ يەردىمۇ ئۆزىنى شۇنداق سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، الله نىڭ بالىسى يوقتۇر، پادىشاھلىقتا شېرىكىمۇ يوقتۇر﴾ يەنى الله تائالا ئۆزىنى بالا تۇتۇشتىن ۋە شېرىك تۇتۇشتىن پاكلىدى. ئاندىن الله تائالا ئۆزىنىڭ بارلىق نەرسىلەرنى ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿الله ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى﴾ يەنى الله تائالادىن باشقا ھەممە نەرسىلەر الله تائالا تەرىپىدىن يارىتىلغان ۋە يېتىشتۈرۈلگەندۇر. الله تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى، پەرۋەردىگارى، پادىشاھى ۋە ئىلاھىدۇر، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، باشقۇرۇشى، كۆندۈرۈشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدىدۇر.

*******

وَٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةً لَّا يَخۡلُقُونَ شَيۡـًٔا وَهُمۡ يُخۡلَقُونَ وَلَا يَمۡلِكُونَ لِأَنفُسِهِمۡ ضَرًّا وَلَا نَفۡعًا وَلَا يَمۡلِكُونَ مَوۡتًا وَلَا حَيَوٰةً وَلَا نُشُورًا ﴿٣﴾

مۇشرىكلار الله نى قويۇپ ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ۋە ئۆزلىرى يارىتىلغان ئىلاھلار (يەنى

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 42 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 158 ـ ئايەت.

بۇتلار) غا ئىبادەت قىلدى. ئۇلار (يەنى بۇتلار) ئۆزلىرىدىن بىرەر زىياننى دەپئى قىلالمايدۇ. ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، (باشقىلارنىڭ) جېنىنى ئېلىشقا، (باشقىلارغا) ھايات بېغىشلاشقا ياكى (ئۆلۈكلەرنى) تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ﴾[3].

## مۇشرىكلارنىڭ ئەخمەقلىقىنىڭ بايانى

الله تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى، بارلىق نەرسىنىڭ ئىگىسى، خالىغىنى بولىدىغان، خالىمىغىنى بولمايدىغان زات. الله تائالانى قويۇپ، پاشىنىڭ قانىتىنىمۇ يارىتالمايدىغان، بەلكى ئەسلىدە ئۆزلىرىدىن بىرەر زىياننى دەپئى قىلالمايدىغان، ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىنى كەلتۈرەلمەيدىغان، (ئىنسانلار تەرىپىدىن) ياسالغان بۇتلارنى ئىلاھ دەپ تىكلىۋېلىپ، ئۇلارغا ئىبادەت قىلغان مۇشرىكلارنىڭ نادانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿مۇشرىكلار الله نى قويۇپ ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ۋە ئۆزلىرى يارىتىلغان ئىلاھلار (يەنى بۇتلار) غا ئىبادەت قىلدى. ئۇلار (يەنى بۇتلار) ئۆزلىرىدىن بىرەر زىياننى دەپئى قىلالمايدۇ. ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، (باشقىلارنىڭ) جېنىنى ئېلىشقا، (باشقىلارغا) ھايات بېغىشلاشقا ياكى (ئۆلۈكلەرنى) تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ﴾.**

بۇتلارنىڭ قولىدىن بۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىمۇ كەلمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تىرىلدۈرىدىغان ۋە ئۆلتۈرىدىغان، قىيامەت كۈنى ئىلگىرىكىلەرنى ۋە كېيىنكىلەرنى قايتا تىرىلدۈرىدىغان زات الله تائالا تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ.

الله تائالا قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ (دەسلەپتە) يارىتىلىشىڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلۈشۈڭلار پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، بىر ئادەمنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر﴾[1]، ﴿(بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ)﴾[2]، ﴿بىر سەيھە (يەنى ئىسراپىلنىڭ سۇر چېلىشى) بىلەنلا ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) (يەر ئاستىدىن) زېمىننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ﴾[3]، ﴿بىر ئاۋازنى (يەنى ئىسراپىلنىڭ چالغان سۇرىنى) ئاڭلاش بىلەنلا (مەھشەرگاھقا) ھازىر بولۇپ (ئۆزلىرىگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىغا) قارىشىپ تۇرىدۇ﴾[4]، ﴿پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ﴾[5] يەنى الله تائالا بولسا، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ ۋە پەرۋەردىگار بولمىغان، ئىبادەت ئۇنىڭغىلا قىلىنىش ھەقلىق بولغان زاتتۇر. چۈنكى، الله تائالا خالىغىنى بولىدىغان ۋە خالىمىغىنى بولمايدىغان زاتتۇر. الله تائالانىڭ بالىسى، ئاتا ـ ئانىسى، تەڭتۇشى، ئورۇن باسارى ۋە ۋەزىرى يوقتۇر. الله تائالا يالغۇز، ھەممە موھتاج بولىدىغان، بالا تاپمىغان، تۇغۇلمىغان، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدىغان سۈپەتكە ئىگە زاتتۇر.

* * * * * * *

(1) لوقمان سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) قەمەر سۈرىسى 50 ـ ئايەت.
(3) نازىئات سۈرىسى 13 ـ 14 ـ ئايەت.
(4) سافфات سۈرىسى 19 ـ ئايەت.
(5) ياسىن سۈرىسى 53 ـ ئايەت.

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنْ هَٰذَآ إِلَّآ إِفْكٌ ٱفْتَرَىٰهُ وَأَعَانَهُۥ عَلَيْهِ قَوْمٌ ءَاخَرُونَ ۖ فَقَدْ جَآءُو ظُلْمًا وَزُورًا ﴿٤﴾
وَقَالُوٓاْ أَسَٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ ٱكْتَتَبَهَا فَهِىَ تُمْلَىٰ عَلَيْهِ بُكْرَةً وَأَصِيلًا ﴿٥﴾ قُلْ أَنزَلَهُ ٱلَّذِى
يَعْلَمُ ٱلسِّرَّ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ إِنَّهُۥ كَانَ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٦﴾

كاپىرلار: «بۇ (يەنى قۇرئان) پەقەت ئۇ (يەنى مۇھەممەد) ئۆزى توقۇغان يالغاندۇر، ئۇنىڭغا ئۇنى توقۇشقا باشقا بىر قەۋم (يەنى ئەھلى كىتاب) ياردەم بەرگەن» دەيدۇ، ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بوھتان چاپلاش بىلەن ئۇنىڭغا) زۇلۇم قىلدى ۋە يالغاننى چاپلىدى﴿4﴾. ئۇلار ئېيتتى: «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان، (ھېچزى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ»﴿5﴾. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان الله نازىل قىلدى، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»﴿6﴾.

## كاپىرلارنىڭ قۇرئان توغرىسىدا دېگەن سۆزلىرى

الله تائالا ئەخمەق، نادان كاپىرلارنىڭ قۇرئان توغرىسىدا دېگەنلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**كاپىرلار: «بۇ (يەنى قۇرئان) پەقەت ئۇ (يەنى مۇھەممەد) ئۆزى توقۇغان يالغاندۇر، ئۇنىڭغا ئۇنى توقۇشقا باشقا بىر قەۋم (يەنى ئەھلى كىتاب) ياردەم بەرگەن» دەيدۇ**﴾ يەنى كاپىرلار مۇھەممەد قۇرئاننى ئۆزى توقۇغان ۋە ئۇنى توپلاشقا باشقا قەۋملەردىن ياردەم سورىغان، ـ دەيدۇ. الله تائالا كاپىرلار توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بوھتان چاپلاش بىلەن ئۇنىڭغا) زۇلۇم قىلدى ۋە يالغاننى چاپلىدى**﴾ يەنى يالغاننى توقۇغىنى بەلكى ئۇلاردۇر. ئۇلار بۇ سۆزنىڭ بوھتان ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

﴿**ئۇلار ئېيتتى: «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان، (ھېچزى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ»**﴾. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىقى، يالغانچىلىقى ۋە بوھتانخورلىقىدىن ئېيتىلغاچقا، بۇ سۆزنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. چۈنكى، شەك قىلىشقا بولمايدىغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى ھاياتىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا بولسۇن خەت يېزىپ باقمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان ۋاقتىدىن باشلاپ، تاكى الله تائالا ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ۋاقتىغىچە بولغان 40 يىل ئىچىدە كاپىرلار بىلەن بىللە ياشاپ كەلدى. كاپىرلار بۇ ئارىلىقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەگە كىرىپ، نەدىن چىققىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ راستچىل، پاك، ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى، يالغاندىن، يامان ئىشلاردىن ۋە ناچار ئەخلاقلاردىن يىراق تۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ھەتتا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل ۋە پاك ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ تاكى پەيغەمبەر بولۇپ كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا ”ئىشەنچلىك“ دەپ ئاتىشاتتى. الله تائالا ئۇنى پەيغەمبەر قىلىش بىلەن ئىززەتلىۋىدى، كاپىرلار ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلاپ ۋە ئۇنىڭغا (ئۇنىڭ بۇ سۆزلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى ھەر قانداق ئەقىللىق كىشى بىلىدىغان) چاپلىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا چاپلايدىغان بۆھتان سۆزلىرىدە تېڭىرقاپ قىلىشىپ، ئۇنى گاھى سېھىرگەر دېسە، گاھى شائىر، گاھى جىن چاپلىشىۋالغان

دېسە، گاھى يالغانچى دېدى. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿مۇشرىكلارنىڭ سېنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلار ئازدى، توغرا يول تاپالمايدۇ﴾[1].

اللّٰه تائالا كاپىرلارنىڭ بوھتانلىرىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان اللّٰه نازىل قىلدى﴾** يەنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ راستچىل، بۇرۇنمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلگەن ۋە كېلىدىغان خەۋەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئاننى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى ۋە سىرلارنى خۇددى ئاشكارا ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدىغاندەك بىلىپ تۇرىدىغان اللّٰه تائالا چۈشۈرگەندۇر.

**﴿اللّٰه ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»﴾** يەنى اللّٰه تائالا بۇ ئايىتىدە ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا ۋە اللّٰه تائالا تەرىپىگە قايتىشقا چاقىرىدۇ. ئۇلارغا رەھمىتىنىڭ كاتتا ئىكەنلىكى ۋە تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. اللّٰه تائالا كاپىرلار مۇشۇنداق كاپىرلىقىدا، تەرسالىقىدا، ئەسكىلىكىدە تۇرسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئانغا مۇشۇنداق يالغان ۋە بوھتانلارنى چاپلىغان بولسىمۇ، يەنە ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا، كاپىرلىقلىرىدىن ئىسلامغا ۋە ھىدايەت يولىغا قايتىشقا چاقىرىدۇ. اللّٰه تائالا مۇشۇنداق قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿اللّٰه ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئۇلار اللّٰه غا تەۋبە قىلمامدۇ؟ اللّٰه دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمامدۇ؟ اللّٰه (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2]

﴿مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن كۇفرىدىن قايتمىغانلار، شۈبھىسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارغا ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ﴾[3] ھەسەنبەسرى: سىلەر اللّٰه تائالانىڭ مۇشۇ مەرھەمىتىگە قاراڭلار. اللّٰه تائالا ئۆزىنىڭ يېقىن بەندىلىرى بولغان مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئاياللارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەرنى قىلمىشلىرىدىن قايتىپ تەۋبە قىلىشقا ۋە ئۆز رەھمىتىگە ئېرىشىشكە چاقىرىدۇ، ـ دېدى.

* * * * * * *

وَقَالُواْ مَالِ هَٰذَا ٱلرَّسُولِ يَأۡكُلُ ٱلطَّعَامَ وَيَمۡشِي فِي ٱلۡأَسۡوَاقِ لَوۡلَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مَلَكٞ فَيَكُونَ
مَعَهُۥ نَذِيرًا ﴿٧﴾ أَوۡ يُلۡقَىٰٓ إِلَيۡهِ كَنزٌ أَوۡ تَكُونُ لَهُۥ جَنَّةٞ يَأۡكُلُ مِنۡهَاۚ وَقَالَ ٱلظَّٰلِمُونَ إِن
تَتَّبِعُونَ إِلَّا رَجُلٗا مَّسۡحُورًا ﴿٨﴾ ٱنظُرۡ كَيۡفَ ضَرَبُواْ لَكَ ٱلۡأَمۡثَٰلَ فَضَلُّواْ فَلَا يَسۡتَطِيعُونَ
سَبِيلٗا ﴿٩﴾ تَبَارَكَ ٱلَّذِيٓ إِن شَآءَ جَعَلَ لَكَ خَيۡرٗا مِّن ذَٰلِكَ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ وَيَجۡعَل
لَّكَ قُصُورَۢا ﴿١٠﴾ بَلۡ كَذَّبُواْ بِٱلسَّاعَةِۖ وَأَعۡتَدۡنَا لِمَن كَذَّبَ بِٱلسَّاعَةِ سَعِيرًا ﴿١١﴾ إِذَا رَأَتۡهُم مِّن مَّكَانِۭ بَعِيدٖ
سَمِعُواْ لَهَا تَغَيُّظٗا وَزَفِيرٗا ﴿١٢﴾ وَإِذَآ أُلۡقُواْ مِنۡهَا مَكَانٗا ضَيِّقٗا مُّقَرَّنِينَ دَعَوۡاْ هُنَالِكَ ثُبُورٗا ﴿١٣﴾ لَّا تَدۡعُواْ
ٱلۡيَوۡمَ ثُبُورٗا وَٰحِدٗا وَٱدۡعُواْ ثُبُورٗا كَثِيرٗا ﴿١٤﴾

---

(1) فۇرقان سۈرىسى 9 ـ ئايەت.
(2) مائىدە سۈرىسى 73 ـ 74 ـ ئايەتلەر.
(3) بۇرۇج سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

مۇشرىكلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ) ئېيتتى: «بازارلاردا (بىز تاماق يېگەندەك) تاماق يەيدىغان، (بىز ماڭغاندەك) مېڭىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن الله ئۇنىڭغا نېمىشقا بىر پەرىشتە ئەۋەتمىدى﴿7﴾. يا ئۇنىڭغا بىر خەزىنە بېرىلمىدى، يا ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىر باغ بېرىلمىدى؟» زالىملار (يەنى كاپىرلار): «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر» دېدى﴿8﴾. مۇشرىكلارنىڭ سېنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلار ئازدى، توغرا يول تاپالمايدۇ﴿9﴾. الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇركى، ئەگەر ئۇ خالىسا ساڭا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىنمۇ ياخشى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان باغلارنى ۋە چوڭ سارايلارنى ئاتا قىلاتتى﴿10﴾. ياق، ئۇلار قىيامەتنى ئىنكار قىلدى، قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلارغا بىز دوزاخنى تەييارلىدۇق﴿11﴾. دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قاينىغان ۋە (ئىشەككە ئوخشاش) ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ﴿12﴾. ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا، بۇ يەردە ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ) ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ﴿13﴾. (ئۇلارغا) بۈگۈن سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس، تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەڭلار (دېيىلىدۇ)﴿14﴾.

## كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا دېگەنلىرى، ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى

الله تائالا بۇ يەردە كاپىرلارنىڭ ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋېلىشىدىن، ئۇلارنىڭ تەرسالىق قىلىۋېرىشىدىن ۋە ھېچقانداق پاكىت ـ ئىسپاتسىز ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشىغا تۆۋەندىكى سەۋەبنى كۆرسىتىدۇ: **﴿«بازارلاردا (بىز تاماق يېگەندەك) تاماق يەيدىغان﴾** يەنى ئۇمۇ بىز ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىگە ئېھتىياجلىق ئىكەن، **﴿(بىز ماڭغاندەك) مېڭىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟﴾** يەنى ئۇمۇ تىجارەت قىلىش ۋە تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن بازارلارغا بېرىپ ـ كېلىپ يۈرىدىكەن.

**﴿ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن الله ئۇنىڭغا نېمىشقا بىر پەرىشتە ئەۋەتمىدى﴾** يەنى ئۇ دەۋا قىلغان نەرسىسىدە ئۇنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىگە گۇۋاھچى بولۇشقا، الله تائالا تەرىپىدىن نېمىشقا (ئۇنىڭغا) بىر پەرىشتە چۈشۈرۈلمىدى؟ پىرئەۋنمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق دېگەن ئىدى. الله تائالا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا (ئاسماندىن) ئالتۇن بىلەيزۈكلەر تاشلانمىدى؟ ياكى نېمىشقا (ئۇنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەرىشتىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلمىدى؟»﴾[1].

كاپىرلارنىڭ دىلى بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كەتكەچكە، قۇرەيش كاپىرلىرىمۇ مۇنداق دېدى: **﴿يا ئۇنىڭغا بىر خەزىنە بېرىلمىدى﴾** يەنى ياكى ئۇنىڭغا خىراجەت قىلىشى ئۈچۈن بىر خەزىنىنىڭ بار يېرى دەپ بېرىلمىدى. **﴿يا ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىر باغ بېرىلمىدى؟»﴾** يەنى ياكى ئۇنىڭغا ئۇ قەيەرگە بارسا، بىللە بارىدىغان بىر باغ بېرىلمىدى. الله تائالانىڭ (كاپىرلارنىڭ دېگەن) بۇ ئىشلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىپ بېرىشى ناھايىتى ئاساندۇر. لېكىن، الله تائالانىڭ بۇلارنى قىلىپ

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 53 ـ ئايەت.

بەرمەسلىكتە بىر ھېكمەتنى بار.

**﴿زالىملار (يەنى كاپىرلار): «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر» دېدى﴾.**

**﴿مۇشرىكلارنىڭ سېنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگەنلىكىگە قارىغىن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا بوھتان چاپلاش يۈزىسىدىن سېنىڭ توغراڭدا سېھىرگەر، سېھىر قىلىنغۇچى، جىن چاپلىشىۋالغان، يالغانچى ۋە شائىر دېگەن سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى يالغاندۇر ۋە بوھتاندۇر. بۇ سۆزلەرنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئازراقلا ئەقلى ۋە چۈشەنچىسى بار كىشى بىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار ئازدى﴾** يەنى ئۇلار توغرا يولدىن ئازدى، **﴿ئازدى، توغرا يول تاپالمايدۇ﴾** چۈنكى، ھەقدىن ۋە توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن كىشى قەيەرگە يۈزلەنسۇن، ئۇ بەربىر ئازغۇنلۇقتىدۇر. چۈنكى، ھەق دېگەن بىردۇر. ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىمۇ بىر گەۋدە بولۇپ، بىر ـ بىرىنى كۈچلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

الله تائالا ئەگەر خالىسا، پەيغەمبىرىگە دۇنيادا كاپىرلار دېگەن نەرسىلەردىنمۇ ياخشى ۋە ئېسىل نەرسىلەرنى بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇركى، ئەگەر ئۇ خالىسا ساڭا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىنمۇ ياخشى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان باغلارنى ۋە چوڭ سارايلارنى ئاتا قىلاتتى﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇلارنى دۇنيادا ئاتا قىلاتتى.

**﴿ياق، ئۇلار قىيامەتنى ئىنكار قىلدى﴾** يەنى ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ھەقىقەتكە قاراپ بېقىش ۋە ھىدايەتنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئىنكار ۋە تەرسالىق قىلىش يۈزىسىدىن دەيدۇ. ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىنىڭ بولۇشىنى ئىنكار قىلىشى يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى دېيىشىگە سەۋەبچى بولدى. **﴿قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلارغا بىز دوزاخنى تەييارلىدۇق﴾** يەنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن ئىبارەت چىدىغۇسىز ئاغرىتقۇچى، قىزىق ئازابنى تەييارلىدۇق.

**﴿دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا﴾** يەنى جەھەننەم ئۇلارنى ئۇلار توپلانغان مەيداندىكى چاغدا كۆرگەندە، **﴿ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قايناۋاتقان ۋە (ئېشەكتەك) ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) سەت ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ، دوزاخ غەزەپتىن پارچىلىنىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ﴾[1] يەنى دوزاخ الله تائالاغا ئىشەنمىگەن ئادەمگە قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكتىن، بەزىسى بەزىسىدىن ئاجراپ كەتكىلى تاسلا قالىدۇ.

ئىمام ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباسنىڭ: بىر كىشى دوزاخقا ئېلىپ كېلىنىدۇ ـ دە، دوزاخ (قورۇلۇپ) بەزىسى بەزىسىگە يىغىلىدۇ. مېھرىبان الله تائالا دوزاخقا: ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دەيدۇ. دوزاخ: بۇ كىشى مەندىن پاناھ تىلەۋاتىدۇ، ـ دەيدۇ. الله تائالا: (ئۇنداق بولسا) بەندەمنى قويۇپ بېرىڭلار، ـ دەيدۇ. بىر كىشى دوزاخقا ئېلىپ كېلىنىدۇ، ئۇ كىشى: ئى پەرۋەردىگارىم! سېنى مۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغان ئىدىم، ـ دەيدۇ. الله تائالا: قانداق ئويلىغان ئىدىڭ؟ ـ دەيدۇ. ئۇ كىشى: مېنى كاتتا رەھمىتىڭنىڭ ئىچىگە ئېلىشىڭنى ئويلىغان ئىدىم، ـ دەيدۇ. الله تائالا: (ئۇنداق بولسا) بەندەمنى قويۇپ بېرىڭلار، ـ دەيدۇ. بىر كىشى دوزاخقا ئېلىپ كېلىنىدۇ. دوزاخ ئۇنى خۇددى قېچىر ئارپىنى يالماپ يۇتقاندەك يۇتىدۇ ۋە قاتتىق بىر ئاۋاز چىقىرىدۇ. بۇ ئاۋازدىن قورقمىغان بىرمۇ ئادەم قالمايدۇ، ـ

(1) مۇلك سۈرىسى 7 ـ ئايەت ۋە 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

﴿**دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قايىنىغان ۋە (ئېشەكتەك) ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ**﴾ ئابدۇررازاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەيرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جەھەننەم قاتتىق بىر ئاۋاز چىقىرىدۇ ـ دە، (**الله** تائالاغا ئەڭ) يېقىن پەرىشتە ۋە پەيغەمبەرلەردىن ھېچبىرى قالماي (قورققانلىقتىن) پۈتۈن ئەزايى تىترىگەن ھالدا يەرگە دۈم چۈشىدۇ (يەنى سەجدىگە بارىدۇ)، ھەتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ (قورققانلىقتىن) تىزلىنىپ قىلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! مەن بۈگۈن ئۆزەمنىلا (قوتۇلدۇرۇشنى) سورايمەن، ـ دەيدۇ.

﴿**ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا، بۇ يەردە ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ) ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ**﴾ يەنى ئېچىنىش ۋە ھەسرەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ. ﴿**(ئۇلارغا) بۈگۈن سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس، تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەڭلار (دېيىلىدۇ)**﴾.

*******

قُلْ أَذَٰلِكَ خَيْرٌ أَمْ جَنَّةُ ٱلْخُلْدِ ٱلَّتِى وُعِدَ ٱلْمُتَّقُونَ ۚ كَانَتْ لَهُمْ جَزَآءً وَمَصِيرًا ﴿١٥﴾ لَّهُمْ فِيهَا مَا
يَشَآءُونَ خَٰلِدِينَ ۚ كَانَ عَلَىٰ رَبِّكَ وَعْدًا مَّسْـُٔولًا ﴿١٦﴾

ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «شۇ (دوزاخ) ياخشىمۇ يا تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان، (كىرگەن كىشى) مەڭگۈ قالىدىغان جەننەت ياخشىمۇ؟» جەننەت تەقۋادارلارغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرى بارىدىغان جايىدۇر﴿15﴾. ئۇلار جەننەتتە خالىغان نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭدىن ئىشقا ئاشۇرۇش تىلىنىدىغان ۋەدىدۇر﴿16﴾.

## جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ پەرقى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇھەممەد! ساڭا سۈپەتلەپ بېرىلگەن يۈزلىرىچە جەھەننەمگە ئېلىپ كېلىنىدىغان، جەھەننەم ئۇلارنى تولۇلگەن چىراي، غەزەپتىن قايىنىغان ۋە (ئېشەكتەك) ھاڭرىغان ئاۋاز بىلەن كۈتۈۋالىدىغان، ئۇلار مىدىرلاشقا، ياردەم سوراشقا ۋە قۇتۇلۇپ چىقىشقىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ھالدا زەنجىر بىلەن باغلىنىپ، دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان بەتبەختلەرنىڭ مۇشۇ ھالى ياخشىمۇ ياكى ئۇنىڭدا يەيدىغان ۋە ئىچىدىغان بارلىق شېرىن نەرسىلەر، ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلەر، ئالىي جايلار، گۈزەل مەنزىرىلەر، بۇلاردىن باشقا ئۇنىڭدا يەنە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، بىرەر كىشىنىڭ كۆڭلىگە چۈشۈپ باقمىغان نەرسىلەر بار بولغان، **الله** تائالا مۆمىنلەرگە ۋەدە قىلغان، ئۇلار دۇنيادا **الله** تائالاغا بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن **الله** تائالا ئۇلارغا مۇكاپات قىلىپ تەييارلىغان، ئۇلار ئۇنىڭدىن باشقا يەرگە يۆتكىلىپ كەتمەستىن ۋە يۆتكىلىپ كېتىشنى خالىماستىن، ئۇنىڭدا ئەبەدىلئەبەد مەڭگۈ قالىدىغان جەننەت ياخشىمۇ؟ ـ دەيدۇ. بۇ، **الله** تائالانىڭ مۆمىنلەرگە قىلغان مەرھەمىتىدۇر ۋە ياخشىلىقىدۇر. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ پەرۋەردىگارىڭدىن ئىشقا ئاشۇرۇش تىلىنىدىغان ۋەدىدۇر**﴾ يەنى بۇ پەرۋەردىگارىڭدىن بولۇشى چوقۇم بولغان ۋەدىدۇر.

الله تائالانىڭ بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا دوزاخنىڭ بايانىنى كەلتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن جەننەتكە كىرگۈچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىشى، سەففات سۈرىسىدە دەسلەپتە جەننەتكە كىرگۈچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلار ھوزۇرلىنىۋاتقان نازۇ ـ نېمەتلەرنى بايان قىلىپ، ئاندىن دوزاخقا كىرگۈچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىشىغا ئوخشايدۇ. الله تائالا سەففات سۈرىسىدە جەننەتكە كىرگۈچىلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن دوزاخقا كىرگۈچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿بۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرى) ياخشى زىياپەتمۇ ياكى زەققۇم دەرىخىمۇ؟ زەققۇمنى بىز زالىملار (يەنى گۇمراھلار) ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ئازاب قىلدۇق، شۈبھىسىزكى، ئۇ جەھەننەمنىڭ قەئرىدە ئۆسىدىغان دەرەختۇر، ئۇنىڭ مېۋىسى گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ، ئۇلار شۈبھىسىز شۇ مېۋىلەردىن يەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە (يىرىڭ بىلەن) قايناقسۇنىڭ ئارىلاشتۇرمىسىنى ئىچىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى چوقۇم دوزاخ بولىدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىنى گۇمراھ بىلدى، ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزلىرىدىن يۈگۈردى﴾[1].

*******

وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ فَيَقُولُ ءَأَنتُمْ أَضْلَلْتُمْ عِبَادِى هَٰٓؤُلَآءِ أَمْ هُمْ
ضَلُّوا۟ ٱلسَّبِيلَ ﴿١٧﴾ قَالُوا۟ سُبْحَٰنَكَ مَا كَانَ يَنۢبَغِى لَنَآ أَن نَّتَّخِذَ مِن دُونِكَ مِنْ أَوْلِيَآءَ وَلَٰكِن
مَّتَّعْتَهُمْ وَءَابَآءَهُمْ حَتَّىٰ نَسُوا۟ ٱلذِّكْرَ وَكَانُوا۟ قَوْمًۢا بُورًا ﴿١٨﴾ فَقَدْ كَذَّبُوكُم بِمَا تَقُولُونَ فَمَا
تَسْتَطِيعُونَ صَرْفًا وَلَا نَصْرًا ۚ وَمَن يَظْلِم مِّنكُمْ نُذِقْهُ عَذَابًا كَبِيرًا ﴿١٩﴾

شۇ كۈندە الله ئۇلارغا قوشۇپ، ئۇلار الله نى قويۇپ، چوقۇنغان نەرسىلىرىنى يىغىدۇ. ئاندىن الله (ئۇلارغا): «مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمنى سىلەر ئازدۇردۇڭلارمۇ؟ يا (توغرا) يولدىن ئۇلار ئۆزلىرى ئازدىمۇ؟» دەيدۇ﴿17﴾. (ئىبادەت قىلىنغۇچىلار) ئېيتىدۇ: «ئى الله ! سەن پاكتۇرسەن، سېنى قويۇپ باشقىلارنى دوست تۇتۇش (يەنى سەندىن باشقىغا چوقۇنۇش) بىزگە (ۋە سېنىڭ مەخلۇقاتىڭدىن ھېچ ئەھەدىگە) لايىق ئەمەس، لېكىن سەن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى شۇ قەدەر نېمەتكە چۆمدۈردۈڭكى، ئۇلار سېنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇدى. ئۇلار ھالاك بولغۇچى قەۋم بولدى»﴿18﴾. شۈبھىسىزكى، ئىبادەت قىلىنغۇچىلار سىلەرنىڭ (ئۇلارنى مەبۇد دېگەن) سۆزۈڭلارنى ئىنكار قىلدى، (ئى كۇففارلار!) سىلەر (ئۆزەڭلاردىن ئازابنى) دەپئى قىلىشقىمۇ ۋە (بۇ بالادىن ئۆزەڭلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا) ياردەم بېرىشكىمۇ قادىر بولالمايسىلەر، سىلەردىن كىمكى (الله غا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئۆزىگە) زۇلۇم قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴿19﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقى

الله تائالا كاپىرلارنىڭ الله تائالانى تاشلاپ قويۇپ پەرىشتىلەرگە ۋە ئۇلاردىن باشقا نەرسىلەرگە

(1) سافات سۈرىسى 62 ـ 70 ـ ئايەتكىچە.

ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى تەنقىد قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿شۇ كۈندە الله ئۇلارغا قوشۇپ، ئۇلار الله نى قويۇپ، چوقۇنغان نەرسىلەرنى يىغىدۇ﴾** مۇجاھىد: ئۇلار ئىبادەت قىلغان نەرسىلەر بولسا، ئىسا ئەلەيھىسسالام، ئۇزەيرە ئەلەيھىسسالام ۋە پەرىشتىلەردۇر، ـ دېدى. **﴿ئاندىن الله (ئۇلارغا): «مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمنى سىلەر ئازدۇردۇڭلارمۇ؟ يا (توغرا) يولدىن ئۇلار ئۆزلىرى ئازدىمۇ؟» دەيدۇ﴾** يەنى الله تائالا ئىبادەت قىلىنغۇچىلارغا: سىلەر ئۇ بەندىلىرىمنى مېنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزەڭلارغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردىڭلارمۇ ياكى سىلەر ئۇلارنى چاقىرمىساڭلارمۇ، ئۆزلىرى كېلىپ سىلەرگە ئىبادەت قىلدىمۇ؟ ـ دەيدۇ.

الله تائالا ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق سورايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى: « ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، الله نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟» ئىسا ئېيتتى: «(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەم مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن، مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، ـ دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن﴾[1].

شۇڭا الله تائالا ئىبادەت قىلىنغۇچىلارنىڭ قىيامەت كۈنى بېرىدىغان جاۋابىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿(ئىبادەت قىلىنغۇچىلار) ئېيتىدۇ: «ئى الله ! سەن پاكتۇرسەن، سېنى قويۇپ باشقىلارنى دوست تۇتۇش (يەنى سەندىن باشقىغا چوقۇنۇش) بىزگە (ۋە سېنىڭ مەخلۇقاتىڭدىن ھېچ ئەھەدىگە) لايىق ئەمەس﴾** يەنى بىز بولايلى ياكى ئۇلار بولسۇن، ھېچ مەخلۇقنىڭ سەندىن باشقا بىرسىگە ئىبادەت قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. بىز ئۇلارنى بىزگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرمىدۇق. لېكىن، ئۇلار بىزنىڭ بۇيرۇقىمىزسىز ۋە رازىلىقىمىزسىز ئۆزلىرىچىلا بىزگە ئىبادەت قىلدى، بىز ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىن ئادا ـ جۇدادۇرمىز.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ كۈندە الله ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ ھەممىسىنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: «بۇ كىشىلەر سىلەرگە چوقۇنغانمىدى؟» دەيدۇ، ئۇلار ئېيتىدۇ: «سەن پاكتۇرسەن، بىزنىڭ دوستىمىز ئۇلار ئەمەس، سەن. (ئۇلار بىزگە چوقۇنمايتتى) بەلكى جىنغا چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى جىنغا ئىمان كەلتۈرەتتى﴾[2].

**﴿(ئىبادەت قىلىنغۇچىلار) ئېيتىدۇ: «ئى الله ! سەن پاكتۇرسەن، سېنى قويۇپ باشقىلارنى دوست تۇتۇش (يەنى سەندىن باشقىغا چوقۇنۇش) بىزگە (ۋە سېنىڭ مەخلۇقاتىڭدىن ھېچ ئەھەدىگە) لايىق ئەمەس﴾** بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر خىل قىرائىتى بار بولۇپ، ئۇ قىرائەتكە ئاساسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: بىر كىشىنىڭ بىزگە ئىبادەت قىلىشى لايىق ئەمەستۇر. چۈنكى، بىز ساڭا ئېھتىياجى چۈشىدىغان بەندىلەردۇرمىز، ـ دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ بۇ مەنىسى بىلەن ئىلگىرىكى مەنىسى بىر ـ بىرىگە يېقىندۇر.

---

(1) مائىدە سۈرىسى 116 ـ 117 ـ ئايەتلەر.
(2) سەبەئ سۈرىسى 40 ـ 41 ـ ئايەتلەر.

**﴿لېكىن سەن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى شۇ قەدەر نېمەتكە چۆمدۈردۈڭكى، ئۇلار سېنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇدى﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلىرى شۇنداق ئۇزۇن بولدىكى، ھەتتا ئۇلار (ھېچ شېرىك كەلتۈرۈلمەي ساڭا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت) پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇلارغا چۈشۈرگەن دەۋىتىڭنى ئۇنتۇدى.

**﴿ئۇلار ھالاك بولغۇچى قەۋم بولدى»﴾** ھەسەنبەسرى ۋە مالىكلار زۆھرىنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار ياخشىلىق يوق قەۋم بولدى دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

**﴿شۈبھىسىزكى، ئىبادەت قىلىنغۇچىلار سىلەرنىڭ (ئۇلارنى مەبۇد دېگەن) سۆزۈڭلارنى ئىنكار قىلدى﴾** يەنى سىلەر الله تائالانى تاشلاپ قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسىلىرىڭلار، سىلەرنىڭ: ئۇلار بىزنىڭ ئىگىلىرىمىز ۋە بىزنى الله تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ـ دېگەن سۆزۈڭلارنى ئىنكار قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله نى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر، (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[1].

**﴿(ئى كۇففارلار!) سىلەر (ئۆزەڭلاردىن ئازابنى) دەپئى قىلىشقىمۇ ۋە (بۇ بالادىن ئۆزەڭلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا) ياردەم بېرىشكىمۇ قادىر بولالمايسىلەر﴾** يەنى كاپىرلار ئۆزلىرىدىن ئازابنى قايتۇرۇشقىمۇ ۋە ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشكىمۇ قادىر بولالمايدۇ.

**﴿سىلەردىن كىمكى (الله غا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئۆزىگە) زۇلۇم قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾**.

*******

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا قَبۡلَكَ مِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ إِلَّآ إِنَّهُمۡ لَيَأۡكُلُونَ ٱلطَّعَامَ وَيَمۡشُونَ فِي ٱلۡأَسۡوَاقِۗ
وَجَعَلۡنَا بَعۡضَكُمۡ لِبَعۡضٖ فِتۡنَةً أَتَصۡبِرُونَۗ وَكَانَ رَبُّكَ بَصِيرٗا ﴿٢٠﴾

بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى، بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق، سەۋر قىلامسىلەر؟ (يەنى سەۋر قىلىڭلار) پەرۋەردىگارىڭ (سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن سەۋر قىلمىغۇچىلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿20﴾.

## ئىلگىرى ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى

**﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تاماق يەيدىغانلىقىدىن، تاماققا ئېھتىياجىنىڭ بارلىقىدىن، كەسىپ ۋە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بازارلاردا مېڭىپ

(1) ئەھقاف سۈرىسى 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر.

يۈرىدىغانلىقىدىن، بۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھالىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئىش ئەمەسلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى، الله تائالا ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ۋە توغرا تونۇشى بار ھەر بىر كىشى پەيغەمبەرلەرنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ۋەزىپىسىدە راستچىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇلاردا ياخشى ئالامەتلەرنى، چىرايلىق سۈپەتلەرنى، ئېسىل سۆزلەرنى، مۇكەممەل ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ۋە مۆجىزىلەرنى قىلدى.

الله تائالا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئىنساندىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيي قىلدۇق﴾[1]، ﴿پەيغەمبەرلەرنى تاماق يېمەيدىغان جەسەت قىلغىنىمىز يوق (يەنى ئۇلار بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش يەيدۇ، ئىچىدۇ) ھەمدە ئۇلار (دۇنيادا ئۆلمەي) مەڭگۈ قالىدىغان بولغىنى يوق (يەنى ئۇلارمۇ بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش ۋاپات بولىدۇ)﴾[2].

**﴿بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق﴾** يەنى ئىچىڭلاردىن كىمنىڭ بويسۇنىدىغانلىقىنى ۋە ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿سەۋر قىلامسىلەر؟ (يەنى سەۋر قىلىڭلار) پەرۋەردىگارىڭ (سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن سەۋر قىلمىغۇچىلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى پەرۋەردىگارىڭلار كىمنىڭ ۋەھيي قىلىنىشقا ھەقلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورنىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ﴾[3] الله تائالا پەيغەمبەرلىرى بىلەن ئەۋەتكەن ھەقىقەتكە باشلاشقا كىمنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ۋە كىمنىڭ ھەقلىق ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

**﴿بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق، سەۋر قىلامسىلەر؟﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق: ئەگەر بەندىلىرىم پەيغەمبەرلىرىمگە قارشى چىقمىسۇن دەپ، دۇنيانى پەيغەمبەرلىرىمنىڭ (قولىدا) قىلاي دېگەن بولسام، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتىم. لېكىن، مەن بەندىلىرىمنى پەيغەمبەرلىرىم بىلەن سىناشنى ۋە پەيغەمبەرلىرىمنى بەندىلىرىم بىلەن سىناشنى كۆزلىدىم دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

ئىمام مۇسلىم ئىياز ئىبنى ھىماردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە: «الله تائالا: شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن سېنى (بەندىلىرىم بىلەن) سىنايمەن ۋە (بەندىلىرىمنى) سەن بىلەن سىنايمەن، ـ دېدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا (ئۇنىڭ كىتاپ چۈشۈرۈلمىگەن) پەيغەمبەر ھەم پەرىشتە بولۇش بىلەن (كىتاپ چۈشۈرۈلگەن) پەيغەمبەر ھەم بەندە بولۇشنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (كىتاپ چۈشۈرۈلگەن) پەيغەمبەر ۋە بەندە بولۇشنى تاللىدى.

*******

(1) يۇسۇف سۈرىسى 109 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 8 ـ ئايەت.
(3) ئەنئام سۈرىسى 124 ـ ئايەت.

۞ وَقَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَرۡجُونَ لِقَآءَنَا لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ أَوۡ نَرَىٰ رَبَّنَاۗ لَقَدِ ٱسۡتَكۡبَرُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ
وَعَتَوۡ عُتُوّٗا كَبِيرٗا ﴿٢١﴾ يَوۡمَ يَرَوۡنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ لَا بُشۡرَىٰ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُجۡرِمِينَ وَيَقُولُونَ حِجۡرٗا مَّحۡجُورٗا ﴿٢٢﴾
وَقَدِمۡنَآ إِلَىٰ مَا عَمِلُواْ مِنۡ عَمَلٖ فَجَعَلۡنَٰهُ هَبَآءٗ مَّنثُورًا ﴿٢٣﴾ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِ يَوۡمَئِذٍ خَيۡرٞ مُّسۡتَقَرّٗا
وَأَحۡسَنُ مَقِيلٗا ﴿٢٤﴾

بىزگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى مۇشرىكلار): «نېمىشقا بىزگە پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ، ياكى) بىز نېمىشقا) پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرمەيمىز» دېيىشتى. شۈبھىسىزكى ئۇلار ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتتى ۋە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشتى﴿21﴾. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن چۈشكەن) پەرىشتىلەرنى كۆرگەن كۈنى گۇناھكارلارغا خۇش خەۋەر بولمايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «(سىلەرگە جەننەت) ھارامدۇر» دەيدۇ﴿22﴾. بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز، ) يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)﴿23﴾. ئەھلى جەننەت بۇ كۈندە ئەڭ ياخشى جايدا ۋە ئەڭ ياخشى ئارامگاھتا بولىدۇ﴿24﴾.

## كاپىرلارنىڭ تەرسالىقىنىڭ بايانى

الله تائالا كاپىرلارنىڭ (ئىمان ئېيتىشتىن) تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**بىزگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى مۇشرىكلار): «نېمىشقا بىزگە پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ (دېيىشتى)**﴾ يەنى مۇھەممەدنىڭ الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىدىن بىزگە خەۋەر بېرىشى ئۈچۈن، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا نېمىشقا پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ؟ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كۆرستىدىغان مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ﴿ياكى (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھچى قىلىپ الله نى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن﴾[1].

مۇشرىكلار مۇنداق دېدى: ﴿**ياكى) بىز نېمىشقا) پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرمەيمىز» دېيىشتى**﴾. شۇڭا الله تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿**شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتتى ۋە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشتى**﴾. ﴿بىز ئۇلارغا (يەنى كۇففارلارغا) پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۆلۈكلەرنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۈرگەن، بىز ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن (يەنى ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى تەلەپلىرىنى ئورۇنلىغان) تەقدىردىمۇ، الله خالىمىغىچە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾[2]

**﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن چۈشكەن) پەرىشتىلەرنى كۆرگەن كۈنى گۇناھكارلارغا خۇش خەۋەر بولمايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «(سىلەرگە جەننەت) ھارامدۇر» دەيدۇ﴾** يەنى كاپىرلار پەرىشتىلەرنى ئۇلارغا خۇش خەۋەر بېرىلىدىغان كۈندە كۆرمەستىن، بەلكى ئۇلارغا خۇش

(1) ئىسرا سۈرىسى 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 111 ـ ئايەت.

خەۋەر بېرىلمەيدىغان كۈندە كۆرىدۇ.

بەزى ئالىملار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىدىن كاپىرلار سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىدىكى پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارغا دوزاخ ۋە **الله** تائالانىڭ غەزىۋى بارلىقىدىن خەۋەر بېرىشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دەيدۇ. يەنى پەرىشتىلەر كاپىرغا ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ۋاقتىدا: ئى پاسكىنا تەندىكى مەينەت جان! سەن (بەدەننىڭ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىدىغان) ئاتەشلىك شامالنىڭ، زىيادە هارارەتلىك قايناقسۇنىڭ ۋە قارا تۈتۈندىن بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، كۆركەممۇ ئەمەس سايىنىڭ تەرىپىگە چىققىن، ـ دەيدۇ. كاپىرنىڭ جېنى چىقىشقا ئۇنىماي، (كاپىرنىڭ) تېنىگە تاراپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پەرىشتىلەر كاپىرنى ئۇرغىلى باشلايدۇ.

**الله** تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پەرىشتىلەر (بەدرى ئۇرۇشىدا) كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق هالنى كۆرگەن بولاتتىڭ). (پەرىشتىلەر ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!» (دەيتتى)﴾[1]، **﴿(ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتقا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە، قورقۇنچلۇق هالىنى كۆرىسەن)، پەرىشتىلەر (يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ﴾** يەنى ئۇلارنى ئۇرۇپ: ﴿«سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر **الله** توغرىسىدا هەقسىز سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار (يەنى ئېيتىرا قىلغانلىقىڭلار، شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار، بالا نىسبەت بەرگەنلىكىڭلار) ۋە **الله** نىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر» دەيدۇ﴾[2] شۇڭا **الله** تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن چۈشكەن) پەرىشتىلەرنى كۆرگەن كۈنى گۇناهكارلارغا خۇش خەۋەر بولمايدۇ﴾**.

سەكراتقا چۈشۈپ قالغان مۆمىنلەرنىڭ هالى بۇلارنىڭ هالىغا ئوخشىمايدۇ. مۆمىنلەرگە بولسا، ياخشىلىق ۋە خۇشاللىقلارغا ئېرىشىش بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلىدۇ. **الله** تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۈبهىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز **الله** دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ هەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ هەممىسى بار، (ئۇلار) ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناهايىتى مېهرىبان (**الله** ) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ﴾[3] بۇ هەقتە ئىمام مۇسلىم بەرائىبنى ئازىبدىن رىۋايەت قىلغان هەدىستە مۇنداق كەلدى: شەك ـ شۈبهىسىزكى، پەرىشتىلەر مۆمىن كىشىنىڭ جېنىغا: ئى پاك تەندىكى پاك جان! سەن ئۇ تەننى ئاۋاتلاشتۇرغان بولساڭمۇ راهەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە غەزەبلەنمىگەن پەرۋەردىگار تەرىپىگە چىققىن، ـ دەيدۇ.

مۇجاهىد، زەههاك ۋە باشقىلار **الله** تائالانىڭ: **﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن چۈشكەن) پەرىشتىلەرنى كۆرگەن كۈنى گۇناهكارلارغا خۇش خەۋەر بولمايدۇ﴾** دېگەن ئايىتى توغرىسىدا: پەرىشتىلەرنىڭ كاپىرلارغا خۇش ـ خەۋەر بولماسلىقى قىيامەت كۈنى بولىدۇ، ـ دەيدۇ. بۇ ئايەتكە بېرىلگەن بۇمەنا بىلەن ئىلگىرى بېرىلگەن مەنىنىڭ ئارىسىدا هېچ قارمۇ قارشىلىق يوق. چۈنكى،

(1) ئەنفال سۈرىسى 50 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 93 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) فۇسسىلەت سۈرىسى 30 ـ 32 ـ ئايەتكىچە.

پەرىشتىلەر بىرەر ئىنساننىڭ ئۆلىدىغان كۈنىدىن ۋە قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت ئىككى كۈندە چۈشىدۇ. ئۆلگۈچى مۆمىن بولسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا الله تائالانىڭ رەھمىتى ۋە رازىلىقى بىلەن خۇش بېشارەت بېرىدۇ. ئۆلگۈچى كاپىر بولسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا نىجاتلىقنىڭ يوقلۇقىدىن ۋە زىيان تارتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. كاپىرلار پەرىشتىلەرنى كۆرگەن كۈنى گۇناھكارلارغا خۇش خەۋەر بولمايدۇ.

**﴿پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «(سىلەرگە جەننەت) ھارامدۇر» دەيدۇ﴾** يەنى پەرىشتىلەر كاپىرلارغا: بۈگۈن سىلەرنىڭ نىجات تېپىشىڭلار ھارامدۇر، ـ دەيدۇ.

مۇجاھىد، ئىكرىمە، ھەسەن، زەھھاك، قەتادە، ئەتىيە ئەۋفى، ئاتا خۇراسانى، خۇسەيف ۋە باشقىلار: ”بۈگۈن سىلەرنىڭ نىجات تېپىشىڭلار ھارامدۇر“ دېگەن سۆزنى كاپىرلارغا دەيدىغانلار پەرىشتىلەردۇر، ـ دەيدۇ. بۇ قاراشنى ئىبنى جەرىرمۇ توغرا دەپ قارىدى. ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى جۇرەيجنىڭ: بۇ سۆز (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزى بولماستىن) كاپىرلارنىڭ سۆزىدۇر، كاپىرلار پەرىشتىلەرنى كۆرگەن كۈنى: بۈگۈن سىلەرنىڭ نىجات تېپىشىڭلار ھارامدۇر، ـ دەيتتى. يەنى كاپىرلار پەرىشتىلەرنى كۆرۈشتىن پاناھ تىلەيتتى. چۈنكى، ئەرەبلەر ئۆزلىرىگە بىرەر مۇسىبەت ياكى قىيىنچىلىق كەلسە، بۈگۈن سىلەرنىڭ نىجات تېپىشىڭلار ھارامدۇر، ـ دەيتتى[1] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىبنى جۇرەيجنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە دېگەن بۇ سۆزىنىڭ توغرا تەرەپلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئايەتنىڭ باش ـ ئايىغىدىكى مەزمۇنغا قارىغاندا، بۇ سۆزنىڭ توغرا بولۇشى تولىمۇ يىراقتۇر. ھەمدە كۆپ ساندىكى ئالىملار بۇ سۆزنى دېگۈچىلەرنىڭ پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلدى.

**﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز،) يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)﴾** يەنى بۇ ئىش الله تائالا قىيامەت كۈنى بەندىلىرىنىڭ ياخشى ـ يامان قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئالغان ۋاقىتدا بولىدۇ. يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىنى نىجاتلىققا ئېلىپ چىقىدۇ دەپ ئويلاپ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ بىرىگىمۇ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى (قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن قويۇلغان) ئىخلاس ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن كېلىشتىن ئىبارەت شەرتلىرىنى يوقاتتى. ھەر قانداق ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەردە ئىخلاس ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن كېلىشى تېپىلمايدىكەن، ئۇ ئەمەل قوبۇل قىلىنمىغان بولىدۇ. كاپىرلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئەڭ ئاددىيسى بۇ ئىككى شەرتنىڭ بىرىنى يوقاتقان بولىدۇ. بەزەن ھەر ئىككىسىنى يوقىتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ياخشى ئەمەل قوبۇل قىلىنىشتىن تولىمۇ يىراق بولىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز،) يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)﴾**.

يەنى كاپىرلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئازراقمۇ ساۋابقا ئېرىشەلمەيدىغان ئەڭ ئاددىي نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ، كاپىرلار (بۇ دۇنيادا) قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ئازراقمۇ ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ، بۇ چوڭقۇر ئېزىشتۇر (يەنى چوڭ زىياندۇر)﴾[2]، ﴿ئى مۆمىنلەر! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ

(1) يەنى كاپىرلار پەرىشتىلەرنى كۆرۈشنى بىر مۇسىبەت دەپ قارىغاچقا، شۇ سۆزنى قىلاتتى دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 18 ـ ئايەت.

قىلىدىغان، الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل-مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ﴾[1]، ﴿كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە ھېچ نەرسە كۆرەلمەيدۇ (يەنى سۇ كۆرمەيدۇ)﴾[2].

## جەننەتكە كىرىشكە تېگىشلىك بولغانلارنىڭ ياخشى ئورۇندا بولىدىغانلىقى

**﴿ئەھلى جەننەت بۇ كۈندە﴾** يەنى قىيامەت كۈنىدە **﴿ئەڭ ياخشى جايدا ۋە ئەڭ ياخشى ئارامگاھتا بولىدۇ﴾**. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[3] ئۇنداق بولۇشى، جەننەتكە كىرگەنلەر ئالىي دەرىجىلەردە، خاتىرجەم ئۆيلەردە، مەنزىرىسى چىرايلىق ۋە ئېسىل ئورۇنلاردا بولىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل قارارگاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي!﴾[4].

ئەمما دوزاخقا كىرگەنلەر بولسا، جەھەننەمنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىدا، تۈگىمەس پۇشايمان ـ ھەسرەتلەردە ۋە خىلمۇ خىل ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردە بولىدۇ. الله تائالا جەھەننەمنىڭ قانداق ئورۇن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر»﴾[5] يەنى جەھەننەم مەنزىرە جەھەتتىنمۇ يامان، قارارگاھ جەھەتتىنمۇ يامان ئورۇندۇر.

**﴿ئەھلى جەننەت بۇ كۈندە ئەڭ ياخشى جايدا ۋە ئەڭ ياخشى ئارامگاھتا بولىدۇ﴾** يەنى ئۇلار (دۇنيادا) قوبۇل قىلىنىدىغان ئەمەل-ئىبادەتلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق جايلارغا ئېرىشتى. دوزاخقا كىرگەنلەر ئۇنداق ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشكە ۋە دوزاختىن قۇتۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان بىرەر ياخشى ئەمەل ـ ئىبادىتى يوقتۇر. الله تائالا بۇ ئايەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، بەتبەختلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئوچۇق بايان قىلماستىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئۇلاردا ئېغىزغا ئالغۇدەك ياخشىلىق يوق دەپ ئىشارەت قىلدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير: الله تائالا ھېساب ئېلىشتىن چۈشتىن بۇرۇن بىكار بولۇپ بولىدۇ. جەننەتكە كىرىدىغانلار چۈشلۈك ئۇيقۇنى جەننەتكە كىرىپ ئۇخلايدۇ. دوزاخقا كىرگەنلەرمۇ (چۈشتىن بۇرۇن) كىرىپ بولىدۇ. چۈنكى الله تائالا: **﴿ئەھلى جەننەت بۇ كۈندە ئەڭ ياخشى جايدا ۋە ئەڭ ياخشى ئارامگاھتا**



---

(1) بەقەرە سۈرىسى 264 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نۇر سۈرىسى 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھەشر سۈرىسى 20 ـ ئايەت.
(4) فۇرقان سۈرىسى 76 ـ ئايەت.
(5) فۇرقان سۈرىسى 66 ـ ئايەت.

**بولىدۇ﴾** دېگەن (يەنى چۈشلۈك ئۇخلايدىغان ئارامگاھلىرىدا بولىدۇ).

ئىكرىمە: مەن جەننەتكە كىرمەكچى بولغانلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى ۋە دوزاخقا كىرمەكچى بولغانلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. بۇ ۋاقىت بولسا، كىشىلەر دۇنيادا چۈشلۈك ئۇيقۇنى ئۇخلىماقچى بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشقان، چۈش ۋاقتىغا ئازراق قالغان ۋاقىتتۇر. (بۇ ۋاقىتتا) دوزاخقا كىرىدىغانلارمۇ دوزاخقا كىرىدۇ. ئەمما جەننەتكە كىرىدىغانلار بولسا، ئۇلار جەننەتكە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇسى جەننەتتە بولىدۇ. ئۇلار بىر بېلىقنىڭ جىگىرىدىن يەيدۇ. ئۇنىڭغا ھەممىسى تويىدۇ. مانا بۇ، **الله** تائالانىڭ: ﴿ئەھلى جەننەت بۇ كۈندە ئەڭ ياخشى جايدا ۋە ئەڭ ياخشى ئارامگاھتا بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر، ـ دېدى.

*******

وَيَوْمَ تَشَقَّقُ ٱلسَّمَآءُ بِٱلْغَمَٰمِ وَنُزِّلَ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ تَنزِيلًا ﴿٢٥﴾ ٱلْمُلْكُ يَوْمَئِذٍ ٱلْحَقُّ لِلرَّحْمَٰنِ ۚ وَكَانَ يَوْمًا عَلَى
ٱلْكَٰفِرِينَ عَسِيرًا ﴿٢٦﴾ وَيَوْمَ يَعَضُّ ٱلظَّالِمُ عَلَىٰ يَدَيْهِ يَقُولُ يَٰلَيْتَنِى ٱتَّخَذْتُ مَعَ ٱلرَّسُولِ سَبِيلًا ﴿٢٧﴾
يَٰوَيْلَتَىٰ لَيْتَنِى لَمْ أَتَّخِذْ فُلَانًا خَلِيلًا ﴿٢٨﴾ لَّقَدْ أَضَلَّنِى عَنِ ٱلذِّكْرِ بَعْدَ إِذْ جَآءَنِى ۗ وَكَانَ ٱلشَّيْطَٰنُ
لِلْإِنسَٰنِ خَذُولًا ﴿٢٩﴾

شۇ كۈندە ئاسمان بۇلۇت بىلەن بىرلىكتە يېرىلىدۇ، پەرىشتىلەر بەندىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالىنى ئېلىپ) ئارقىمۇ ئارقا چۈشىدۇ﴿25﴾. پادىشاھلىق بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك **الله** غا خاستۇر، بۇ كۈن كاپىرلارغا قىيىندۇر﴿26﴾. شۇ كۈنى زالىم (يەنى كاپىر) ئىككى قولىنى چىشلەپ: «ئىسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ (يەنى پالانى) مېنى قۇرئاندىن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئازدۇردى» دەيدۇ، شەيتان ئىنسانىنى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ﴿27 ـ 29﴾.

## قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچلىق ئەھۋاللىرى ۋە ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلغۇچىلارنىڭ پۇشايمان قىلىدىغانلىقى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋالىدىن ۋە ئۇ كۈندە بولىدىغان كاتتا ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ كاتتا ئىشلارنىڭ قاتارىدىن كۆزلەرنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان كاتتا نۇرنىڭ سايىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاسماننىڭ يېرىلىشى، ئاسمان پەرىشتىلىرىنىڭ چۈشۈپ توپلىنىش مەيدانىدىكى كىشىلەرنى قورشاپ تۇرۇشى، ئاندىن ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن **الله** تائالانىڭ كېلىشىدۇر. مۇجاھىد: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى **الله** تائالانىڭ: ﴿**ئۇلار (يەنى ئىسلامغا كىرىشنى تەرك ئەتكەنلەر) پەقەت الله نىڭ (قىيامەت كۈنى خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن) بۇلۇت پارچىلىرى ئىچىدە**

(1) يەنى ئەسلىدە **الله** تائالانىڭ: ﴿**ۋە ئەڭ ياخشى ئارامگاھتا بولىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ ئەرەبچىسى جەننەت چۈشلۈك ئۇيقۇغا ئەڭ ياخشى ئورۇن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆز بىلەن بايان قىلىنغان. شۇڭا ئالىملار بۇ ئايەتكە ئاساسەن يۇقىرىدىكى كۆز قاراشلارنى بايان قىلدى.

**كېلىشىنى، پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ۋە (خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، بىر گۇرۇھ جەننەتتى، بىر گۇرۇھ دوزىخى بولۇپ ئايرىلىش بىلەن خالايىقنىڭ) ئىشىنىڭ پۈتۈشىنى كۈتەمدۇ؟ (بەندىلەرنىڭ) ھەممە ئىشى الله غا قايتۇرۇلىدۇ﴿** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ، ـ دېدى.

**﴾پادىشاھلىق بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك الله غا خاستۇر﴿** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴾بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىب بىر **الله** غا خاستۇر﴿[1]

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ بايان قىلىندى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، **الله** تائالا ئاسمانلارنى ئوڭ قولى بىلەن، زېمىنلارنى يەنە بىر قولى بىلەن قاتلاپ: مەن پادىشاھدۇرمەن، مەن ھېساب ئالغۇچىدۇرمەن، زېمىننىڭ پادىشاھلىرى قەيەردە؟ زالىملار قەيەردە ۋە چوڭچىلىق قىلغۇچىلار قەيەردە؟ ـ دەيدۇ».

**﴾بۇ كۈن كاپىرلارغا قىيىندۇر﴿** چۈنكى، بۇ كۈن توغرا ۋە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندۇر. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴾سۇر چېلىنغان ۋاقىت ـ ئۇ كۈن قىيىن كۈندۇر، كاپىرلارغا ئاسان ئەمەستۇر﴿[2] مانا بۇ، بۇ كۈندىكى كاپىرلارنىڭ ھالىدۇر. ئەمما بۇ كۈندىكى مۆمىنلەرنىڭ ھالى بولسا **الله** تائالا بۇ ئايەتتە بايان قىلغاندەك بولىدۇ: ﴾چوڭ قورقۇنچ (يەنى قىيامەتنىڭ دەھشىتى) ئۇلارنى قايغۇغا سالمايدۇ، پەرىشتىلەر: «**الله** سىلەرگە ۋەدە قىلغان كۈن مۇشۇ» (دەپ)، ئۇلارنى (جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا) قارشى ئالىدۇ﴿[3].

**﴾شۇ كۈنى زالىم (يەنى كاپىر) ئىككى قولىنى چىشلەپ: «ئىسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ (دەيدۇ)﴿** يەنى **الله** تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ۋە ئۇ **الله** تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن شەك يوق ئوچۇق ھەقىقەتتىن ئايرىلىپ كېتىپ، باشقا يولدا مېڭىپ، ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئۇۋال قىلغۇچىلارنىڭ قىلىدىغان پۇشايمىنىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇ قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت پۇشايمان پايدا بەرمەيدىغان بىر ۋاقىتتا پۇشايمان قىلىدۇ. ھەسرەتلىنىپ ۋە ئەپسۇسلىنىپ ئىككى قولىنى چىشلەيدۇ. بۇ ئايەت مەيلى ئۇقبە ئىبنى ئەبۇمۇئەيىە توغرىسىدا چۈشسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بەتبەختلەر توغرىسىدا چۈشسۇن، ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئۇۋال قىلغان بارلىق كىشىلەرگە ئومۇمىيدۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴾دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تۈرۈلۈپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار: «كاشكى بىز **الله** غا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دەيدۇ، ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى، پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق لەنەت قىلغىن» دەيدۇ﴿[4].

يەنى (ھەر بىر) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغۇچى قىيامەت كۈنى قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. ھەسرەتتە ئىككى قولىنى چىشلەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴾«ئىسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ (يەنى پالانى) مېنى**

(1) مۆمىن سۈرىسى 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۇددەسسىر سۈرىسى 8 ـ 10 ـ ئايەتكىچە.
(3) ئەنبىيا سۈرىسى 103 ـ ئايەت.
(4) ئەھزاب سۈرىسى 66 ـ 68 ـ ئايەتكىچە.

**قۇرئاندىن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئازدۇردى» دەيدۇ﴾** يەنى كاپىر ئازغۇنلۇق يولىغا چاقىرغۇچىلار (مەيلى ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ، مەيلى ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۇبەييە ئىبنى خەلەپ ياكى ئۇ ئىككىسىدىن باشقىسى بولسۇن، ئۇلار) نىڭ ئىچىدىن مېنى ھىدايەت يولىدىن ئېلىپ چىقىپ ئازغۇنلۇق يولىغا باشلىغان پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ ئۇ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن مېنى قۇرئاندىن ھەقىقەتەن ئازدۇردى، ـ دەيدۇ.

﴿**شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ﴾** يەنى شەيتان ئىنساننى ھەقىقەتتىن ئازدۇرۇپ، ھەقىقەتكە يەتكىلى قويمايدۇ. ئۇنى ناھەق ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چاقىرىدۇ.

* * * * * * *

وَقَالَ ٱلرَّسُولُ يَٰرَبِّ إِنَّ قَوْمِى ٱتَّخَذُواْ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانَ مَهْجُورًا ﴿٣٠﴾ وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَا لِكُلِّ نَبِىٍّ عَدُوًّا مِّنَ ٱلْمُجْرِمِينَ ۗ وَكَفَىٰ بِرَبِّكَ هَادِيًا وَنَصِيرًا ﴿٣١﴾

پەيغەمبەر ئېيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى»﴿30﴾. شۇنىڭدەك (يەنى ساڭا قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىدىن دۈشمەنلەرنى قىلغاندەك) ھەر بىر پەيغەمبەرگە بىر قىسىم گۇناھكارلارنى ئۇنىڭ دۈشمىنى قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭ يول كۆرسەتكۈچى ۋە ياردەمچى بولۇشقا ساڭا يېتەرلىكتۇر﴿31﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشى

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ: ﴿**«ئى پەرۋەردىگارىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى»﴾**. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب مۇشرىكلار قۇرئانغا قۇلاق سالمايتتى ۋە ئۇنى تىڭشىمايتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دەيدۇ﴾[1] يەنى كاپىرلارغا قۇرئان ئوقۇپ بېرىلگەندە، ھەتتا ئۇلار قۇرئاننى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن بىكار پاراڭنى ۋە باشقا نەرسە توغرىسىدىكى گەپلەرنى جىق قىلاتتى. مانا بۇ، قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويغانلىق ۋە ئىمان ئېيتمىغانلىقتۇر.

قۇرئانغا ئىشەنمىگەنلىك، ئۇنىڭ توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزمىگەنلىك، ئۇنى چۈشەنمىگەنلىك، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئەمەل قىلمىغانلىق، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنمىغانلىق، ئۇنىڭ توسقان ئىشلىرىدىن يانمىغانلىق، ئۇنىڭدىن شېئىرغا، بىكار پاراڭغا، گەپ قىلىششقا، ناخشىغا، پايدىسى يوق ئىشلارغا ياكى سۆز ـ چۆچەكلەرگە بېرىلگەنلىكلەر بولسا، قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 26 ـ ئايەت.

بىز خالىغىنىنى قىلالايدىغان، نېمەت بەرگۈچى ئۇلۇغ **الله** تائالادىن بىزنى ئۆزى يامان كۆرىدىغان ئىشلاردىن يىراق قىلىشىنى، ئۇنىڭ كىتابى بولغان قۇرئاننى يادا ئېلىش، ئۇنى چۈشىنىش ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان رەۋىشتە ئەتىگەن ـ كەچتە قۇرئاننىڭ تەلىۋى بويىچە ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت بىزنى ئۆزى رازى بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىشىنى تىلەيمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى، **الله** تائالا ئۇلۇغ ۋە ئاتالارنى كۆپ قىلغۇچىدۇر.

**﴿شۇنىڭدەك (يەنى ساڭا قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىدىن دۈشمەنلەرنى قىلغاندەك) ھەر بىر پەيغەمبەرگە بىر قىسىم گۇناھكارلارنى ئۇنىڭ دۈشمىنى قىلدۇق﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! خۇددى سېنىڭ قەۋمىڭنىڭ ئىچىدە قۇرئاننى تاشلىۋېتىپ (سەن دۈشمەنلەشكەنلەر) بولغىنىدەك، ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدىمۇ (پەيغەمبەرلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغانلار) بولغان. چۈنكى، **الله** تائالا ھەر بىر پەيغەمبەرگە بىر قىسىم گۇناھكارلارنى (ئۇنىڭ) دۈشمىنى قىلدى. ئۇلار بولسا ،كىشىلەرنى ئازغۇنلۇققا ۋە كاپىرلىققا چاقىرىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى بۇ مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى (يەنى پەيغەمبەرلىرىگە دۈشمەنلىكنى) قىلمايتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرى توقۇغان ھىيلە ـ مىكىرلىرى بىلەن قويۇپ بەرگىن (**الله** ساڭا ئۇلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ)، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دىللىرى ئۇلارنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە مايىل بولسۇن، ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولسۇن ۋە ئۇلار قىلىۋاتقان گۇناھلارنى ئۇلارمۇ قىلسۇن، دەپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ﴾[1].

**﴿پەرۋەردىگارىڭ يول كۆرسەتكۈچى ۋە ياردەمچى بولۇشقا ساڭا يېتەرلىكتۇر﴾** يەنى پەرۋەردىگارىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن، كىتابىغا ئىمان ئېيتقان، ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىگە يول كۆرسەتكۈچى ۋە ياردەمچى بولۇشقا يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، **الله** تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يول كۆرسەتكۈچىدۇر. ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياردەم بەرگۈچىدۇر.

**﴿پەرۋەردىگارىڭ يول كۆرسەتكۈچى ۋە ياردەمچى بولۇشقا ساڭا يېتەرلىكتۇر﴾** چۈنكى، مۇشرىكلار بىرەر كىشىنى قۇرئان بىلەن ھىدايەت تېپىپ قالمىسۇن ۋە ئۆزلىرىنىڭ يولىنى قۇرئاننىڭ يولىدىن ئۈستۈن كەلسۇن دەپ كىشىلەرنى قۇرئانغا ئەگىشىشتىن توساتتى. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿شۇنىڭدەك (يەنى ساڭا قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىدىن دۈشمەنلەرنى قىلغاندەك) ھەر بىر پەيغەمبەرگە بىر قىسىم گۇناھكارلارنى ئۇنىڭ دۈشمىنى قىلدۇق﴾**.

* * * * * * *

**وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْلَا نُزِّلَ عَلَيْهِ ٱلْقُرْءَانُ جُمْلَةً وَٰحِدَةً ۚ كَذَٰلِكَ لِنُثَبِّتَ بِهِۦ فُؤَادَكَ ۖ وَرَتَّلْنَٰهُ تَرْتِيلًا ﴿٣٢﴾ وَلَا يَأْتُونَكَ بِمَثَلٍ إِلَّا جِئْنَٰكَ بِٱلْحَقِّ وَأَحْسَنَ تَفْسِيرًا ﴿٣٣﴾ ٱلَّذِينَ يُحْشَرُونَ عَلَىٰ وُجُوهِهِمْ إِلَىٰ جَهَنَّمَ أُوْلَٰٓئِكَ شَرٌّ مَّكَانًا وَأَضَلُّ سَبِيلًا ﴿٣٤﴾**

(1) مائىدە سۈرىسى 112 ـ 113 ـ ئايەتلەر.

كاپىرلار: «قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟» دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە ـ پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم نازىل قىلدۇق﴿32﴾. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) قانداق بىر سوئالنى تاشلىمىسۇن، (ئۇنىڭغا قارىتا) بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق﴿33﴾. ئۇلار جەھەننەمگە يۈزلىرى بىلەن سۆرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ جايى ئەڭ يامان، يولى ئەڭ ئازغۇندۇر﴿34﴾.

## قۇرئاننىڭ ئايرىم ـ ئايرىم نازىل قىلىنىشىدىكى ھېكمەت، كاپىرلارغا بېرىلگەن رەددىيە ۋە ئۇلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى

الله تائالا بۇ يەردە كاپىرلارنىڭ تولا ئېتىراز بىلدۈرىدىغانلىقىدىن، تەرسالىق قىلىشىدىن ۋە ئەھمىيەتسىز سۆزلەرنى كۆپ قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. كاپىرلار ئۆزلىرىگە ئەھمىيىتى بولمىغان سۆزلەرنى قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿«قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟»﴾** يەنى مۇھەممەدكە ۋەھيى قىلىنغان بۇ كىتاب، نېمىشقا ئۇنىڭغا خۇددى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى چۈشۈرۈلگەن تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر ۋە باشقا كىتابلار (بىر قېتىمدىلا چۈشۈرۈلگەن) دەك بىر قېتىمدىلا چۈشۈرۈلمىدى.

الله تائالا بۇنىڭغا جاۋابەن مۆمىنلەرنىڭ دىلىنى قۇرئان بىلەن مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە ۋە ئېھتىياجلىق ھۆكۈملەرگە قارىتا يىگىرمە ئۈچ يىلدا چۈشۈرگەنلىكىنى بايان قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجى نازىل قىلدۇق﴾[1].

**﴿سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە ـ پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم نازىل قىلدۇق﴾** قەتادە: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلدۇق دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەمە: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم تەپسىر قىلدۇق دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

**﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) قانداق بىر سوئالنى تاشلىمىسۇن﴾** يەنى ئۇلار قانداق بىر ھۆججەت ۋە شۈبھىنى تاشلىمىسۇن، **﴿(ئۇنىڭغا قارىتا) بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق﴾** يەنى ئۇلار ھەقىقەتكە قارشى ھەرقانداق بىر سۆزنى دېسە، بىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىدىن ناھايىتى ئوچۇق ۋە روشەن ھەقىقەت بىلەن جاۋاب بەردۇق.

ئابدۇراھمان نەسەئى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرئان قەدىر كېچىسىدە بىر قېتىمدىلا بىرىنچى ئاسمانغا چۈشۈرۈلدى. ئاندىن يىگىرمە يىل ئىچىدە ئۇيەردىن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) چۈشۈرۈلدى. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) قانداق بىر سوئالنى تاشلىمىسۇن، (ئۇنىڭغا قارىتا) بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق﴾**. ﴿قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل

(1) ئىسرا سۈرىسى 106 ـ ئايەت.

قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجى نازىل قىلدۇق﴾[1].

ئاندىن الله تائالا كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلگەندىكى ئەڭ يامان ھالىدىن، ئۇلارنىڭ ئەڭ سەت ھالەتتە ۋە ئەڭ سەت شەكىلدە جەھەننەمگە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار جەھەننەمگە يۈزلىرى بىلەن سۆرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ جايى ئەڭ يامان، يولى ئەڭ ئازغۇندۇر﴾**.

ئىمام ئەھمەد ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قىيامەت كۈنى كاپىر (جەھەننەمگە) يۈزلىرى بىلەن قانداق توپلىنىدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(كاپىرنى) ئىككى پۇتىچە ماڭدۇرغان زات، قىيامەت كۈنى ئۇنى يۈزىچە ماڭدۇرۇشقا قادىردۇر» دېدى.

* * * * * * *

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ وَجَعَلْنَا مَعَهُۥٓ أَخَاهُ هَٰرُونَ وَزِيرًا ﴿٣٥﴾ فَقُلْنَا ٱذْهَبَآ إِلَى ٱلْقَوْمِ
ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا فَدَمَّرْنَٰهُمْ تَدْمِيرًا ﴿٣٦﴾ وَقَوْمَ نُوحٍ لَّمَّا كَذَّبُوا۟ ٱلرُّسُلَ أَغْرَقْنَٰهُمْ
وَجَعَلْنَٰهُمْ لِلنَّاسِ ءَايَةً ۖ وَأَعْتَدْنَا لِلظَّٰلِمِينَ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿٣٧﴾ وَعَادًا وَثَمُودَا۟ وَأَصْحَٰبَ ٱلرَّسِّ وَقُرُونًۢا
بَيْنَ ذَٰلِكَ كَثِيرًا ﴿٣٨﴾ وَكُلًّا ضَرَبْنَا لَهُ ٱلْأَمْثَٰلَ ۖ وَكُلًّا تَبَّرْنَا تَتْبِيرًا ﴿٣٩﴾ وَلَقَدْ أَتَوْا۟ عَلَى ٱلْقَرْيَةِ ٱلَّتِىٓ
أُمْطِرَتْ مَطَرَ ٱلسَّوْءِ ۚ أَفَلَمْ يَكُونُوا۟ يَرَوْنَهَا ۚ بَلْ كَانُوا۟ لَا يَرْجُونَ نُشُورًا ﴿٤٠﴾

شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق ھەمدە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلدۇق﴿35﴾. ئۇلارغا: «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان قەۋمگە بېرىڭلار» دېدۇق، (ئۇ قەۋم كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن) ئۇلارنى دەھشەتلىك تۈردە ھالاك قىلدۇق﴿36﴾. نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان چاغدا ئۇلارنى غەرق قىلدۇق ھەمدە ئۇلارنى كىشىلەرگە ئىبرەت قىلدۇق، زالىملارغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق﴿37﴾. ئاد قەۋمىنى، سەمۇد قەۋمىنى، رەس ئاھالىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھەم (ھالاك قىلدۇق)﴿38﴾. ھەر بىر قەۋمگە نۇرغۇن مىساللارنى بايان قىلدۇق، (ۋەز ـ نەسىھەت ئۈنۈم بەرمىگەنلىكتىن) ھەر بىر قەۋمنى ھالاك قىلدۇق﴿39﴾. ئۇلار ھەقىقەتەن (شامغا بېرىپ كېلىشتە) يامان يامغۇر (يەنى تاش) ياغدۇرۇلغان شەھەردىن ئۆتتىدۇ، ئەجەبا ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ (ئىبرەت ئالمامدۇ؟) ياق (يەنى ئىبرەت ئالمايدۇ)، ئۇلار (قىيامەت كۈنى) قايتا تىرىلىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ﴿40﴾.

## قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى قورقۇتۇلغانلىقى

الله تائالا بۇ يەردە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققان (ئۇنىڭ قەۋمىدىن بولغان) مۇشرىكلارغا تەھدىت سالىدۇ، ئۇلارنى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان

(1) ئىسرا سۈرىسى 106 ـ ئايەت.

ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە چۈشۈرگەن جازاسىدىن ۋە قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

الله تائالا ئۇلارغا تەھدىد سېلىپ ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارغا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىشقا باشلايدۇ. الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى پەيغەمبەر ھەمدە ياردەملەشكۈچى قىلىپ ئەۋەتتى. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇ ئىككىسىنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى. (مەككە) كاپىرلىرىمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ﴾[1].

شۇنىڭدەك، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان ئىدى، الله تائالا ئۇلارنىمۇ ھالاك قىلدى. بىرەر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان كىشى ھەممە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، بىر پەيغەمبەر بىلەن يەنە بىر پەيغەمبەرنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر پەرق يوقتۇر. ئەگەر الله تائالانىڭ ئۇلارغا ھەممە پەيغەمبەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدىغانلىقى پەرەز قىلىنغان تەقدىردىمۇ، يەنە ئۇلار ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلاتتى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان چاغدا ئۇلارنى غەرق قىلدۇق**﴾ ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلارغا نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھېچ پەيغەمبەر كەلمىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىچىدە 950 يىل تۇرۇپ، ئۇلارنى الله تائالا تەرىپىگە چاقىردى ۋە الله تائالانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردى، ﴿ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنا كىشىلەر ئىمان ئېيتتى﴾[2] شۇڭا الله تائالا ئۇلاردىن بىرىنىمۇ قويماي سۇغا چۆكتۈرۈۋەتتى. يەر يۈزىدە ئادەم ئەۋلادىدىن پەقەت كېمىدىكىلەرلا قالدى.

﴿**ھەمدە ئۇلارنى كىشىلەرگە ئىبرەت قىلدۇق**﴾. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، (نۇھنىڭ زامانىدا) چوڭ سۇ يامراپ كەتكەن چاغدا، سىلەرنى (يەنى ئەجدادىڭلارنى) بىز كېمىگە سالدۇق، سىلەرگە ئۇنى ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، تۇتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن (بىز شۇنداق قىلدۇق)﴾[3] يەنى سىلەرنى سۇغا چۆكۈپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقتىن، سىلەرنى الله تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ ئەۋلادىدىن قىلغانلىقتىن ئىبارەت الله تائالانىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلىشىڭلار ئۈچۈن، دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرىدا يۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن سىلەرگە كېمە قالدۇرۇپ قويدى.

﴿**ئاد قەۋمىنى، سەمۇد قەۋمىنى، رەس ئاھالىسىنى (ھالاك قىلدۇق)**﴾ ئاد قەۋمى بىلەن سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسى ئەئراف سۈرىسىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى. ئەمما رەس ئاھالىسىگە كەلسەك، ئىبنى جۇرەيج ئىبنى ئابباسنىڭ: ئۇلار بولسا، سەمۇدنىڭ بىر كەنتىنىڭ ئاھالىسىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

سەۋرى ئەبۇبۇكەيرەدىن ئىكرىمەنىڭ: رەس بولسا، ئۇلار پەيغەمبىرىنى دەپنە قىلغان قۇدۇقنىڭ ئىسمىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

﴿**ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھەم (ھالاك قىلدۇق)**﴾ يەنى يۇقىرىدا بايان



(1) مۇھەممەد سۈرىسى 10 ـ ئايەت.
(2) ھۇد سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھاققە سۈرىسى 11 ـ 12 ـ ئايەتلەر.

قىلىنغان ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھەم ھالاك قىلدۇق. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ھەر بىر قەۋمگە نۇرغۇن مىساللارنى بايان قىلدۇق﴾ يەنى بىز ئۇلارغا ھۆججەت ـ پاكىتلارنى بايان قىلدۇق ۋە دەلىلللەرنى روشەنلەشتۈرۈپ بەردۇق. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتماسلىقىغا) باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان شۈبھىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقاتتۇق دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

﴿(ۋەز ـ نەسىھەت ئۈنۈم بەرمىگەنلىكتىن) ھەر بىر قەۋمنى ھالاك قىلدۇق﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿نۇھتىن كېيىن (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق﴾[1].

﴿ئۇلار ھەقىقەتەن (شامغا بېرىپ كېلىشتە) يامان يامغۇر (يەنى تاش) ياغدۇرۇلغان شەھەردىن ئۆتىدۇ﴾ يەنى ئۇلار لۇت قەۋمىنىڭ شەھرىدىن ئۆتىدۇ. ئۇ شەھەر بولسا، الله تائالا دۈم كۆمتۈرۈۋېتىش ۋە ساپال تاشلارنى ياغدۇرۇش بىلەن ھالاك قىلىۋەتكەن سەدۇم شەھرى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغان يەرلەردۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىز يامغۇر (يەنى تاش) ياغدۇردۇق، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!﴾[2]، ﴿(ئى ئەھلى مەككە!) سىلەر ئۇلارنىڭ يەرلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۆتۈپ تۇرىسىلەر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟﴾[3]، ﴿ئۇ شەھەر (قۇرەيشلەر شامغا بارىدىغان) يول ئۈستىدە ھەقىقەتەن ھېلىمۇ مەۋجۇت تۇرماقتا﴾[4]، ﴿(شۇئەيبنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلار (يەنى بۇ ئىككى شەھەر) نىڭ ھەر ئىككىلىسى، شۈبھىسىزكى، ئاشكارا يول ئۈستىدىدۇر (ئى مەككە ئاھالىسى! ئۇلاردىن ئىبرەت ئالماسلەر؟)﴾[5].

﴿ئەجەبا ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ (ئىبرەت ئالمامدۇ؟)﴾ يەنى قۇرەيشلەر ئۇ شەھەر كىشىلىرىنىڭ پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشى چىققانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارغا چۈشكەن ئازابتىن ئىبرەت ئالمامدۇ؟

﴿ياق (يەنى ئىبرەت ئالمايدۇ)، ئۇلار (قىيامەت كۈنى) قايتا تىرىلىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ﴾ يەنى ئۇ شەھەردىن ئۆتكەن كاپىرلار ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ.

*******

وَإِذَا رَأَوْكَ إِن يَتَّخِذُونَكَ إِلَّا هُزُوًا أَهَٰذَا ٱلَّذِى بَعَثَ ٱللَّهُ رَسُولًا ﴿٤١﴾ إِن كَادَ لَيُضِلُّنَا عَنْ
ءَالِهَتِنَا لَوْلَآ أَن صَبَرْنَا عَلَيْهَا ۚ وَسَوْفَ يَعْلَمُونَ حِينَ يَرَوْنَ ٱلْعَذَابَ مَنْ أَضَلُّ سَبِيلًا ﴿٤٢﴾
أَرَءَيْتَ مَنِ ٱتَّخَذَ إِلَٰهَهُۥ هَوَىٰهُ أَفَأَنتَ تَكُونُ عَلَيْهِ وَكِيلًا ﴿٤٣﴾ أَمْ تَحْسَبُ أَنَّ أَكْثَرَهُمْ يَسْمَعُونَ
أَوْ يَعْقِلُونَ ۚ إِنْ هُمْ إِلَّا كَٱلْأَنْعَٰمِ ۖ بَلْ هُمْ أَضَلُّ سَبِيلًا ﴿٤٤﴾

(1) ئىسرا سۈرىسى 17 ـ ئايەت.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 173 ـ ئايەت.
(3) سافقات سۈرىسى 137 ـ 138 ـ ئايەتلەر.
(4) ھىجر سۈرىسى 76 ـ ئايەت.
(5) ھىجر سۈرىسى 79 ـ ئايەت.

ئۇلار سېنى كۆرسە پەقەت مەسخىرە قىلىشىدۇ: «**الله** پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن مۇشۇمۇ؟ ئەگەر دىنىمىزدا چىڭ تۇرمىساق (مۇھەممەد) بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالاتتى» (دېدى). كىمنىڭ يولىنىڭ ئەڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئازابنى كۆرگەن چاغدا بىلىدۇ﴿41 ـ 42﴾. ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن) ھامىي بولالامسەن﴿43﴾. ئۇلارنىڭ تولىسىنى (گېپىڭنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلار دىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر﴿44﴾.

## كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مازاق قىلىدىغانلىقى

**الله** تائالا مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ۋاقتىدا، ئۇنى مەسخىرە قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كاپىرلار سېنى كۆرگەن چاغدا: «سىلەرنىڭ مەبۇدلىرىڭلارنى ئەيىبلەيدىغان ئادەم مۇشۇمۇ؟» (دېيىشىپ) سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ﴾[1].

**﴿ئۇلار سېنى كۆرسە پەقەت مەسخىرە قىلىشىدۇ: «الله پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن مۇشۇمۇ؟ (دېدى)﴾** يەنى ئۇلار بۇ سۆزلىرىنى كەمسىتىش ۋە مازاق قىلىش يۈزىسىدىن دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، **الله** تائالا ئۇلارنى جازالىدى. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ھەققەتەن مەسخىرە قىلىندى. كاپىرلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى بىر مۇددەت كېچىكتۈردۈم، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم، ئۇلارغا بەرگەن جازايىم قانداق ئىكەن؟﴾[2].

**﴿ئەگەر دىنىمىزدا چىڭ تۇرمىساق (مۇھەممەد) بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالاتتى» (دېدى)﴾** يەنى ئۇلار بۇ سۆزىدىن ئەگەر ئۆزلىرى بۇتقا ئىبادەت قىلىشتا چىڭ، مۇستەھكەم تۇرمايدىغان ۋە داۋاملاشمايدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرىنى بۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن يۈز بۇرىۋېتىشكە تاس قالاتتى دېگەننى كۆزدە تۇتتى. **الله** تائالا ئۇلارغا تەھدىت قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿كىمنىڭ يولىنىڭ ئەڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئازابنى كۆرگەن چاغدا بىلىدۇ﴾**.

## كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خاھىشلىرىنى ئىلاھ تۇتۇۋالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردىنمۇ بەك گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكى

**الله** تائالا پەيغەمبىرىگە **الله** تائالا تەرىپىدىن بەتبەختلىك ۋە گۇمراھلىق پۈتۈۋېتىلگەن كىشىنى **الله** تائالادىن باشقا بىرسى توغرا يولغا باشلىيالمايدۇ دېگەننى ئەسكەرتىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن) ھامىي بولالامسەن﴾** يەنى ئۇ خاھىشىدا قانداق نەرسىنى چىرايلىق سانىسا ۋە چىرايلىق كۆرسە، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ دىنى ۋە پرىنسىپى بولۇپ قالىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) رەئد سۈرىسى 32 ـ ئايەت.

چىرايلىق كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان كىشى (ھىدايەت تاپقان كىشى بىلەن ئوخشاشمۇ؟) ﷲ ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ (خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ)﴾[1].

﴿ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن) ھامىي بولالامسەن﴾ ئىبنى ئابباس: ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە بىر كىشى ئاق تاشقا ئىبادەت قىلاتتى. ئاندىن باشقا نەرسىنى ئۇنىڭدىن چىرايلىقراق كۆرسە، چىرايلىق دەپ قارىغانغا ئىبادەت قىلىپ بۇرۇنقىسىنى تاشلىۋېتەتتى، ـ دېدى.

﴿ئۇلارنىڭ تولىسىنى (گېپىڭنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ھالى ئوتلاپ يۈرگەن تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭكىدىنمۇ ياماندۇر. چۈنكى، ئۇ ھايۋانلار ئەسلى يارىتىلغان ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ. ئەمما ئۇ كاپىرلار بولسا، ئەسلى شېرىكى يوق بىر ﷲ غىلا ئىبادەت قىلىشقا يارىتىلغان ئىدى. ئۇلار بۇنداق قىلماي، باشقىسىغا ئىبادەت قىلدى. ئۇلارغا ھۆججەت ـ پاكىتلار ۋە پەيغەمبەرلەر كەلگەن تۇرۇقلۇق ﷲ تائالاغا شېرىك كەلتۈردى.

*******

أَلَمْ تَرَ إِلَىٰ رَبِّكَ كَيْفَ مَدَّ ٱلظِّلَّ وَلَوْ شَآءَ لَجَعَلَهُۥ سَاكِنًا ثُمَّ جَعَلْنَا ٱلشَّمْسَ عَلَيْهِ دَلِيلًا ﴿٤٥﴾ ثُمَّ قَبَضْنَٰهُ إِلَيْنَا قَبْضًا يَسِيرًا ﴿٤٦﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيْلَ لِبَاسًا وَٱلنَّوْمَ سُبَاتًا وَجَعَلَ ٱلنَّهَارَ نُشُورًا ﴿٤٧﴾

پەرۋەردىگارىڭنىڭ سايىنى قانداق سوزغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر خالىسا ئۇنى ئەلۋەتتە مۇقىم قىلاتتى، ئاندىن قۇياشنى سايىگە دەلىل قىلدۇق (يەنى كۈننىڭ چىققانلىقىنى سايىنىڭ بارلىقىغا دەلىل قىلدۇق)﴿45﴾. ئاندىن ئۇنى ئاستا ـ ئاستا يوقاتتۇق﴿46﴾. ﷲ سىلەرگە كېچىنى لىباس، ئۇيقۇنى (بەدىنىڭلار ئۈچۈن) راھەت قىلدى، كۈندۈزنى (تىرىكچىلىك ئۈچۈن زېمىندا) يېيىلىدىغان ۋاقىت قىلدى﴿47﴾.

## ﷲ تائالانىڭ بارلىقى ۋە قۇدرىتىنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ـ پاكىتلار

ﷲ تائالا بۇ يەردىن باشلاپ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ خىلمۇخىل ۋە بىر ـ بىرىگە قارمۇقارشى كېلىدىغان نەرسىلەرنى يارىتىشقا مۇكەممەل قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ـ پاكىتلارنى بايان قىلىشقا باشلاپ مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ سايىنى قانداق سوزغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾ ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇئالىيە، ئەبۇ مالىك، مەسرۇق، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، نەخەئى، زەھھاك، ھەسەن، قەتادە، سۇددى ۋە باشقىلار: بۇ، تاڭدىن كېيىن كۈن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتۇر، ـ دېدى.

﴿ئەگەر خالىسا ئۇنى ئەلۋەتتە مۇقىم قىلاتتى﴾ يەنى يوقاپ كەتمەي داۋاملىق تۇرىدىغان قىلاتتى.

(1) فاتىر سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا خالىسا شۇنداق قىلالايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿«ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر الله كېچىنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە ئۇزۇن سوزىدىغان بولسا، الله دىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە يورۇقلۇق ئېلىپ كېلەلەيدۇ، سىلەر ئاڭلىمامسىلەر؟» دېگىن، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر الله كۈندۈزنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە سوزىدىغان بولسا، الله دىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ سىلەر كۆرمەمسىلەر؟» دېگىن﴾[1].

﴿**ئاندىن قۇياشنى سايىگە دەلىل قىلدۇق (يەنى كۈننىڭ چىققانلىقىنى سايىنىڭ بارلىقىغا دەلىل قىلدۇق)**﴾ يەنى قۇياش چىقمىغان بولسا ئىدى، سايە بىلىنمەيتتى. چۈنكى، ھەر نەرسە ئۆزىنىڭ قارشىسىدىكى نەرسە بىلەن ياخشى تونۇلىدۇ. قەتادە ۋە سۇددىلار: الله تائالا قۇياشنى تاكى قۇياش سايىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ بولغىچە، سايىغا ئەگىشىپ تۇرىدىغان دەلىل قىلدى، ـ دېدى.

﴿**ئاندىن ئۇنى ئاستا ـ ئاستا يوقاتتۇق**﴾ يەنى سايىنى ئاستا ـ ئاستا يوقاتتۇق. سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۈستىگە قۇياش چۈشۈپ تۇرغان ئۆگزىنىڭ ياكى دەرەخنىڭ ئاستىدىكى سايىدىن باشقا يەر يۈزىدە ھېچ سايە قالمىسۇن دەپ سايىنى يوشۇرۇن يوقاتتۇق، ـ دېدى.

﴿**الله سىلەرگە كېچىنى لىباس (قىلدى)**﴾ يەنى الله تائالا كېچىنى قاراڭغۇلۇقى بىلەن (بار بولغان) ھەممە نەرسىلەرنى يېپىپ تۇرىدىغان ياپقۇچى قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى﴾[2].

﴿**ئۇيقۇنى (بەدىنىڭلار ئۈچۈن) راھەت قىلدى**﴾ يەنى الله تائالا ئۇيقۇنى تەنىنىڭ راھەت ئېلىشى ئۈچۈن ھەرىكەتلەرنى ئۈزىدىغان قىلدى. چۈنكى، ئىنساننىڭ جىسمى كۈندۈزدىكى تۇرمۇش يولىنى قامداش ئۈچۈن زېمىنغا يېيىلىشتا قىلغان كۆپ ھەرىكەتلەردىن چارچايدۇ. كېچە كېلىپ جاھان تىنچلانسا، ھەرىكەتلەرمۇ توختايدۇ. ئىنساننىڭ ئەزالىرىمۇ راھەت ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كېچىدىكى ئۇيقۇ بىلەن تەن ۋە جاننىڭ راھىتى قولغا كېلىدۇ.

﴿**كۈندۈزنى (تىرىكچىلىك ئۈچۈن زېمىندا) يېيىلىدىغان ۋاقىت قىلدى**﴾ يەنى الله تائالا كۈندۈزنى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش يوللىرىنى قامدىغىلى، كەسىپ ۋە تىجارەتلىرى ئۈچۈن يېيىلىدىغان ۋاقىت قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرنى كېچىدە ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە (ھاياتلىق يولىدا ھەرىكەتلىنىپ) الله نىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن ۋە (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى يارىتىشى الله نىڭ رەھمىتىدىندۇر﴾[3].

* * * * * * *

وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ ٱلرِّيَٰحَ بُشْرًۢا بَيْنَ يَدَىْ رَحْمَتِهِۦ ۚ وَأَنزَلْنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً طَهُورًا ﴿٤٨﴾ لِّنُحْۦِىَ بِهِۦ
بَلْدَةً مَّيْتًا وَنُسْقِيَهُۥ مِمَّا خَلَقْنَآ أَنْعَٰمًا وَأَنَاسِىَّ كَثِيرًا ﴿٤٩﴾ وَلَقَدْ صَرَّفْنَٰهُ بَيْنَهُمْ لِيَذَّكَّرُوا۟ فَأَبَىٰٓ أَكْثَرُ
ٱلنَّاسِ إِلَّا كُفُورًا ﴿٥٠﴾

(1) قەسەس سۈرىسى 71 ـ 72 ـ ئايەتلەر.
(2) لەيل سۈرىسى 1 ـ ئايەت.
(3) قەسەس سۈرىسى 73 ـ ئايەت.

الله رەھمىتىنى (يەنى يامغۇرنى) ياغدۇرۇش ئالدىدا شامالنى خۇش خەۋەر قىلىپ ئەۋەتتى، يامغۇر بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈش ۋە بىز ياراتقان ھايۋانلارنى، نۇرغۇن ئىنسانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇلۇتتىن پاك سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق﴿48 ـ 49﴾. ئۇلارنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، يامغۇرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق (يەنى گاھ ئۇ يەرگە، گاھ بۇ يەرگە ياغدۇردۇق)، ئىنسانلارنىڭ تولىسى (الله غا) كۇفرىلىق قىلىدۇ﴿50﴾.

بۇلارمۇ ھەم الله تائالانىڭ مۇكەممەل قۇدرىتىنى ۋە ئۇنىڭ كاتتا ھۆكۈمرانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ـ پاكىتلارنىڭ قاتارىدىندۇر. الله تائالا شاماللارنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بۇلۇتلارنىڭ كېلىدىغانلىقى بىلەن خۇش بېشارەتچى قىلىپ ئەۋەتتى.

شاماللار ھەرخىل ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. شاماللارنىڭ ئىچىدە بۇلۇتنى قوزغايدىغان شامال، بۇلۇتنى كۆتۈرىدىغان شامال، بۇلۇتنى ھەيدەيدىغان شامال، بۇلۇت كېلىشتىن بۇرۇن خۇش بېشارەتچى بولۇپ كېلىدىغان شامال، ئۇنىڭدىن بۇرۇن يەر يۈزىنى سىپاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان مەيىن شامال ۋە يامغۇرنىڭ يېغىشى ئۈچۈن بۇلۇتلارنى سىقىدىغان شامال‌لار بار. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**يامغۇر بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈش ۋە بىز ياراتقان ھايۋانلارنى، نۇرغۇن ئىنسانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇلۇتتىن پاك سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق**﴾ يەنى پاكىزلىنىدىغان سۇنى چۈشۈردى.

ئەبۇسەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز بۇزائە قۇدۇقىنىڭ سۈيى بىلەن تاھارەت ئالساق بولامدۇ؟ ئۇ سېسىق نەرسىلەر ۋە ئىت گۆشلىرى تاشلىنىدىغان قۇدۇقتۇر، ـ دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سۇ پاكتۇر. ئۇنى بىر نەرسە پاسكىنا قىلالمايدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام شافىئى، ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

الله تائالانىڭ يامغۇرنى ياغدۇرۇشى ھېچ قانداق ئۆسۈملۈك ئۆسمەي قاقاس ھالىتىدە يامغۇرنى ئۇزۇندىن بېرى ساقلاۋاتقان زېمىننى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئۇ زېمىنغا يامغۇر ياغقان ھامان، زېمىن ياشىرىدۇ ۋە خىلمۇ خىل، رەڭگا ـ رەڭ چېچەكلەرنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ چىقىرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(الله تائالانىڭ ئۆلگەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ﴾[1].

الله تائالانىڭ يامغۇرنى ياغدۇرۇشى تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ ۋە سۇغا بەك ئېھتىياجلىق بولغان ئىنسانلارنىڭ ئىچىشى، ئۇلارنىڭ زىرائەت ۋە مېۋىلىرىنى سۇغۇرىشى ئۈچۈندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن) الله يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، رەھمىتىنى يايىدۇ، الله (ھەممىنىڭ) ئىگىسىدۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴾[2]، ﴿الله نىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغىنكى، ئۇ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله

(1) ھەج سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) شۇرا سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

ھەقىقەتەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچىدۇر، **الله** ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾[1].

**﴿ئۇلارنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، يامغۇرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق (يەنى گاھ ئۇ يەرگە، گاھ بۇ يەرگە ياغدۇردۇق)﴾** يەنى بىز ئۇ زېمىننى يامغۇر ياغدۇرماستىن، بۇ زېمىنغا يامغۇر ياغدۇرىمىز، بىز بۇلۇتنى بىر زېمىننىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭغا بىرەر تېمىمۇ يامغۇر ياغدۇرماستىن ئاتلىتىپ ئۆتكۈزۈپ، باشقا بىر زېمىننىڭ ئۈستىگە ئېلىپ بارىمىز ـ دە، بۇلۇت ئۇ زېمىنغا يېتەرلىك يامغۇر ياغدۇرىدۇ ۋە ئۇنى مولچىلىقتا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، بۇنداق قىلىشتا **الله** تائالانىڭ چوڭ پاكىتى ۋە كاتتا ھېكمىتى باردۇر.

ئىبنى ئابباس ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار: يامغۇر بىر يىلدا يەنە بىر يىلدىن جىق ياغمايدۇ. لېكىن، **الله** تائالا ئۇنى ئۆزى خالىغىنىچە ياغدۇرىدۇ، ـ دېگەن سۆزلىرىگە پاكىت قىلىپ **الله** تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى ئوقۇدى: **﴿ئۇلارنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، يامغۇرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق (يەنى گاھ ئۇ يەرگە، گاھ بۇ يەرگە ياغدۇردۇق)﴾** يەنى ئۇلار **الله** تائالانىڭ ئۆلۈك زېمىنلارنى تىرىلدۈرگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنى ۋە چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىدىن ئىبرەت ئالسۇن ياكى يامغۇر ياغماي (قۇرغاقچىلىقتا قالغان) كىشىلەر، يامغۇرنىڭ ياغماسلىقى ئۆزلىرىنىڭ قىلىپ سالغان گۇناھلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغانلىقىدىن ئىبرەت ئېلىپ، قىلغۇاتقان گۇناھلىرىنى تاشلىسۇن دەپ، (**الله** تائالا) يامغۇرنى بەزىدە ئۇ يەرگە، بەزىدە بۇ يەرگە ياغدۇرىدۇ.

**﴿ئىنسانلارنىڭ تولىسى (الله غا) كۇفرىلىق قىلىدۇ﴾** ئىكرىمە: بۇلار بولسا، يامغۇر بىزگە ماۋۇ ـ ماۋۇ يۇلتۇزلارنىڭ چۈشۈشى سەۋەبى بىلەن ياغدى دەيدىغان كىشىلەردۇر، ـ دېدى. ئىكرىمەنىڭ دېگەن بۇ گېپىنى تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. ئىمام مۇسلىم مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى يامغۇر ياغقان بىر كۈندە ساھابىلىرىگە: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. ساھابىلەر: **الله** تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**الله** تائالا: بەندەمنىڭ ئىچىدە ماڭا ئىشەنگەنلەر ۋە ئىشەنمىگەنلەر بولدى. يامغۇر بىزگە **الله** تائالانىڭ مەرھەمىتى ۋە رەھمىتى بىلەن ياغدى دېگەنلەر، يۇلتۇزلارغا ئىشەنمەي ماڭا ئىشەنگەنلەردۇر. ئەمما يامغۇر بىزگە ماۋۇ ـ ماۋۇ يۇلتۇزلارنىڭ چۈشۈشى سەۋەبى بىلەن ياغدى دېگەنلەر بولسا، ماڭا ئىشەنمەي، يۇلتۇزغا ئىشەنگەنلەردۇر، ـ دېدى» دېدى.

*******

وَلَوْ شِئْنَا لَبَعَثْنَا فِي كُلِّ قَرْيَةٍ نَّذِيرًا ﴿٥١﴾ فَلَا تُطِعِ الْكَافِرِينَ وَجَاهِدْهُم بِهِ جِهَادًا كَبِيرًا
﴿٥٢﴾ ۞ وَهُوَ الَّذِي مَرَجَ الْبَحْرَيْنِ هَٰذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ وَهَٰذَا مِلْحٌ أُجَاجٌ وَجَعَلَ بَيْنَهُمَا بَرْزَخًا وَحِجْرًا مَّحْجُورًا
﴿٥٣﴾ وَهُوَ الَّذِي خَلَقَ مِنَ الْمَاءِ بَشَرًا فَجَعَلَهُ نَسَبًا وَصِهْرًا ۗ وَكَانَ رَبُّكَ قَدِيرًا ﴿٥٤﴾

ئەگەر خالىساق ئەلۋەتتە ھەر شەھەرگە بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتەتتۇق﴿51﴾. شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ)

(1) رۇم سۈرىسى 50 ـ ئايەت.

بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن﴿52﴾. الله (قۇدرىتى بىلەن) بىرى تاتلىق بولغان دەريانى، بىرى تۇزلۇق بولغان دېڭىزنى (ئۇلار بىر ـ بىرىگە تۇتىشاڭغۇ بولغان ھالدا) قويۇۋەتتى، (ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەردە، توسما بەرپا قىلدى﴿53﴾. الله ئىنسانىنى ئابىمەنىدىن ياراتتى، ئۇنى باللار نىسبەت بېرىلىدىغان ئەر ۋە قۇدا ـ باجىلىق پەيدا قىلىدىغان ئايال (دىن ئىبارەت ئىككى خىل قىلىپ) ياراتتى، پەرۋەردىگارىڭ ھەممىگە قادىردۇر﴿54﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ھەممىگە ئۇمۇمىي ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭدا مۇستەھكەم قىلىدىغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى

**﴿ئەگەر خالىساق ئەلۋەتتە ھەر شەھەرگە بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتەتتۇق﴾** يەنى (ئەگەر خالىساق ئەلۋەتتە ھەر شەھەرگە) شەھەر كىشىلىرىنى الله تائالا تەرىپىگە چاقىرىدىغان پەيغەمبەر ئەۋەتەتتۇق. لېكىن، بىز (ئى مۇھەممەد!) يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەيغەمبەر بولۇشنى ساڭا خاس قىلدۇق ۋە سېنى ئۇلارغا قۇرئاننى يەتكۈزۈشكە بۇيرىدۇق.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «(مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن) قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟» ئېيتقىنكى، «الله مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر (ماڭا الله نىڭ گۇۋاھلىقى كۇپايىدۇر). بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى﴾[1]، ﴿جامائەلەردىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر﴾[2]، ﴿بۇ (قۇرئان) مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىز نازىل قىلغان﴾[3]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾[4].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن قىزىل رەڭلىك ۋە قارا رەڭلىك كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم». ئۇ ئىككىسى رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ قەۋمىگىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلەتتى. مەن پۈتكۈل ئىنسانلارغا كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم». شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن﴾**.

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كاپىرلار بىلەن بارلىق كۈچى بىلەن كۈرەش قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن، ئۇلارغا (قارشى غازات

(1) ئەنئام سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھۇد سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئەئراف سۈرىسى 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىش ۋە قورقۇنچ سېلىش بىلەن) قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن﴾[1].

﴿**الله (قۇدرىتى بىلەن) بىرى تاتلىق بولغان دەريانى، بىرى تۇزلۇق بولغان دېڭىزنى (ئۇلار بىر ـ بىرىگە تۇتىشاڭغۇ بولغان هالدا) قويۇۋەتتى**﴾ ئىبنى جۇرەيج بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: الله تائالا تاتلىق ۋە تۇزلۇق ئىككى خىل سۇنى ياراتتى. تاتلىق سۇ بولسا دەريالارنىڭ، بۇلاقلارنىڭ ۋە قۇدۇقلارنىڭ سۇلىرىدۇر. مانا بۇ، سۈيى تاتلىق سۈزۈك بولغان دەريادۇر، ـ دېدى. ئايەتكە بېرىلگەن ئىبنى جەرىر بۇ مەنىنى توغرا دەپ قارىدى.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى، جاھاندا تىنچ تۇرىدىغان ۋە سۈيى تاتلىق دېڭىز يوقتۇر. الله تائالا بەندىلىرىنى شۈكرى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا بېرىلگەن نېمەتلەرنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا جاھاندا ئەمەلىيەتتە بار بولغان ئىشلاردىن خەۋەر بەردى. تاتلىق دېڭىز بولسا، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن سۇلاردۇر. الله تائالا ئۇنى كىشىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىغا قارىتا دەريالار ۋە بۇلاقلار قىلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بۆلدى.

﴿**بىرى تۇزلۇق بولغان دېڭىزنى (ئۇلار بىر ـ بىرىگە تۇتىشاڭغۇ بولغان هالدا) قويۇۋەتتى**﴾ يەنى سۈيى ئىچكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تۇزلۇق دېڭىزدۇر. بۇ، شەرق ۋە غەربتە يېيىلغان دېڭىزلار بولۇپ، ئۇنىڭ تارماقلىرى قەلزۇم دېڭىزى، يەمەن دېڭىزى، بۇسرا دېڭىزى، پارىس دېڭىزى، بۇخەي دېڭىزى، ھىندى دېڭىزى، رۇم دېڭىزى ۋە ھازار دېڭىزى دەپ تونۇلۇپ كەلگەن ۋە شۇنىڭدەك ئاقماي تىنچ تۇرىدىغان، لېكىن، قىش ۋە قاتتىق شامال چىققاندا دولقۇنلايدىغان دېڭىزلاردۇر. دېڭىزلاردا سۇ تېشىش ۋە سۇ يىغىلىش يۈز بېرىدۇ. دېڭىزلاردا ھەر ئاينىڭ بېشىدا سۇنىڭ (قىرغاقلارغىچە) تېشىپ چىقىشى يۈز بېرىدۇ. ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، سۇ يىغىلىشقا باشلاپ ھەتتا ئەسلىدىكى ھالىتىگە كېلىپ قالىدۇ. يېڭى ئاي كىرىپ، 14 كۈن بولغۇچە سۇ ئاۋۇپ (دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرىغىچە) چىقىشقا باشلايدۇ. ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن كېيىن، سۇ يەنە يىغىلىشقا قاراپ ماڭىدۇ. قۇدرەتلىك الله تائالا دېڭىزلارنىڭ مۇشۇ ئادەت بىلەن داۋام ئېتىشىنى شەكىللەندۈردى.

الله تائالا دېڭىزلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ھاۋانىڭ بولغىنىشى يۈز بېرىپ، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر ھالاك بولمىسۇن ۋە دېڭىزلارنىڭ ئىچىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈپ قېلىشى بىلەن يەر يۈزىدە بۇلغىنىش پەيدا بولمىسۇن دەپ، ئاقماي تىنچ تۇرىدىغان مۇشۇ دېڭىزلارنىڭ سۈيىنى تۇزلۇق قىلىپ ياراتتى. دېڭىزنىڭ سۈيى تۇزلۇق بولسا، ئۇنىڭ ھاۋاسى ساپ، ئۇنىڭدا ئۆلگەن ھايۋان پاكىز بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: دېڭىزنىڭ سۈيى بىلەن تاھارەت ئالساق بولامدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا، ئۇ: «دېڭىزنىڭ سۈيى پاكىزدۇر. ئۆلۈكى ھالالدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك، شافىئىي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان.

﴿**(ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەردە، توسما بەرپا قىلدى**﴾ يەنى تاتلىق سۇ بىلەن تۇزلۇق سۇ ئارىلىشىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇرۇق زېمىندىن ئىبارەت توسما پەيدا قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ ئىككى دېڭىزنى (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ، (ئى

(1) تەۋبە سۈرىسى 73 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾[1]، ﴿زېمىننى (ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا) تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ تۇرلۇك تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۇستىدە (تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى ئورناتقان، ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (يەنى تاتلىق سۇ بىلەن شورلۇق سۇ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توساقلارنى قىلغان كىم؟ الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (باشقا ئىلاھ يوق) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾[2].

﴿الله ئىنساننى ئابىمەنىدىن ياراتتى﴾ يەنى الله تائالا ئىنساننى ئاجىز بىر تامچە سۇدىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنى ئۆزىنىڭ خالىغىنى بويىچە ئەر ياكى ئايال قىلىپ، ھەممە ئەزالىرى تولۇق، مۇكەممەل بولغان ئىنسان قىلدى.

﴿ئۇنى باللار نىسبەت بېرىلىدىغان ئەر ۋە قۇدا ـ باجىلىق پەيدا قىلىدىغان ئايال (دىن ئىبارەت ئىككى خىل قىلىپ) ياراتتى﴾ يەنى ئىنسان كىچىك ۋاقتىدا پەقەت بالا دەپ ئاتىلىدۇ. (چوڭ بولۇپ) توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا قۇدا ـ باجىلىق، قېيىنئاتا، قېيىنئانا، قېيىنئاكا ـ قېيىنئۇكا ۋە ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىقلار پەيدا بولىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاددىي بىر سۇدىن پەيدا بولغاندۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ ھەممىگە قادىردۇر﴾.

*******

وَيَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُهُمۡ وَلَا يَضُرُّهُمۡۗ وَكَانَ ٱلۡكَافِرُ عَلَىٰ رَبِّهِۦ ظَهِيرٗا ﴿٥٥﴾ وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا
مُبَشِّرٗا وَنَذِيرٗا ﴿٥٦﴾ قُلۡ مَآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ مِنۡ أَجۡرٍ إِلَّا مَن شَآءَ أَن يَتَّخِذَ إِلَىٰ رَبِّهِۦ سَبِيلٗا ﴿٥٧﴾ وَتَوَكَّلۡ
عَلَى ٱلۡحَيِّ ٱلَّذِي لَا يَمُوتُ وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِهِۦۚ وَكَفَىٰ بِهِۦ بِذُنُوبِ عِبَادِهِۦ خَبِيرًا ﴿٥٨﴾ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَا فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۚ ٱلرَّحۡمَٰنُ فَسۡـَٔلۡ بِهِۦ خَبِيرٗا ﴿٥٩﴾ وَإِذَا قِيلَ
لَهُمُ ٱسۡجُدُواْۤ لِلرَّحۡمَٰنِ قَالُواْ وَمَا ٱلرَّحۡمَٰنُ أَنَسۡجُدُ لِمَا تَأۡمُرُنَا وَزَادَهُمۡ نُفُورٗا ۩ ﴿٦٠﴾

ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) الله نى قويۇپ ئۇلارغا پايدىمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان، زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، كاپىر پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن (شەيتانغا) ياردەمبەرگۈچىدۇر﴿55﴾. سېنى پەقەت (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق﴿56﴾. ئېيتقىنكى، «مەن (الله نىڭ ئەمرىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت (مېنىڭ تىلەيدىغىنىم شۇكى، مېنىڭ دىنىمغا ئەگىشىش بىلەن) پەرۋەردىگارى تەرەپكە يول ئېلىشنى خالايدىغانلار (يول ئالسۇن)»﴿57﴾. (ھەممە ئىشىڭدا) ئۆلمەيدىغان مەڭگۈ ھايات الله غا يۆلەنگىن، ئۇنىڭغا ھەمدۇ ئېيتىش بىلەن الله نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن، ئۇ بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق بىلىشتە يېتەرلىكتۇر﴿58﴾. الله ئاسمانلارنى زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى، الله ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر، بۇنى (يەنى الله نىڭ بۈيۈكلۈكىنى) بىلىدىغان ئادەمدىن سورىغىن (ساڭا الله نىڭ سۈپەتلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ)﴿59﴾. ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «رەھمانغا (يەنى مەرھەمەتلىك

(1) راھمان سۈرىسى 19 ـ 21 ـ ئايەتكىچە.
(2) نەمل سۈرىسى 61 ـ ئايەت.

**ﷲ** غا) سەجدە قىلىڭلار!» دېيىلسە، ئۇلار: «رەھمان دېگەن نېمە؟ سەن بىزنى بۇيرۇغان نەرسىگە سەجدە قىلامدۇق؟» دەيدۇ. بۇ سۆز ئۇلارنى (ئىماندىن) تېخىمۇ يىراقلاشتۇرىدۇ﴿60﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ نادانلىقى

**ﷲ** تائالا بۇ يەردە مۇشرىكلارنىڭ ھېچقانداق دەلىل ـ پاكىتقا ۋە ھۆججەتكە تايانماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى ۋە نەپسى ھەۋىسىگە ئەگىشىپلا **ﷲ** تائالانى قويۇپ، پايدا ياكى زىيان كەلتۈرەلمەيدىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلىقىدىكى نادانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مۇشرىكلار بۇتلارغا يېقىنلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇلار بۇتلارنى دەپ **ﷲ** تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ. شۇڭا **ﷲ** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**كاپىر پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن (شەيتانغا) ياردەم بەرگۈچىدۇر**﴾ يەنى كاپىر شەيتاننىڭ يولىدا **ﷲ** تائالانىڭ گۇرۇھلىرىغا قارشى ياردەمچى بولغۇچىدۇر. غەلىبە **ﷲ** تائالانىڭ گۇرۇھلىرىغا بولىدۇ.

**ﷲ** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، **ﷲ** نى قويۇپ باشقا مەبۇدلارنى ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇ مەبۇدلار ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. بۇلار شۇ مەبۇدلار ئۈچۈن (يەنى ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن) ھازىرلانغان قوشۇندۇر﴾[1] يەنى ئۇلارنىڭ **ﷲ** تائالانى تاشلاپ ئىلاھ تۇتۇۋالغان بۇتلىرى ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئۇ نادان مۇشرىكلار بولسا بۇتلار ئۈچۈن ھازىرلانغان، ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ چېگراسىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىدىغان قوشۇندۇر. لېكىن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاخىرقى ئاقىۋەت ۋە غەلىبە **ﷲ** تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە بولىدۇ. (ئى رەھمىتى كەڭ **ﷲ** ! بىزلەرگە شۇ غەلىبىنى ئاتا قىلغايسەن!)

مۇجاھىد **ﷲ** تائالانىڭ: ﴿**كاپىر پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن (شەيتانغا) ياردەم بەرگۈچىدۇر**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: كاپىر **ﷲ** تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ شەيتانغا ياردەم بەرگۈچىدۇر، ـ دېدى.

## پەيغەمبەرنىڭ خۇش بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى ئىكەنلىكى

**ﷲ** تائالا پەيغەمبىرىگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سېنى پەقەت (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق**﴾ يەنى بىز سېنى مۆمىنلەرگە خۇش بېشارەتچى، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچى، **ﷲ** تائالاغا بويسۇنغان كىشىگە جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگۈچى ۋە **ﷲ** تائالانىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىققۇچىغا ئالدىدا قاتتىق ئازابنىڭ بارلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.

﴿**ئېيتقىنكى، «مەن (ﷲ نىڭ ئەمرىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن**﴾ يەنى مەن **ﷲ** تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىمغا سىلەرنىڭ مال ـ دۇنيايىڭلاردىن كىچىككىنىمۇ تەلەپ قىلمايمەن. مەن بۇلارنى پەقەت **ﷲ** تائالانىڭ

(1) ياسىن سۈرىسى 74 ـ 75 ـ ئايەتلەر.

رازىلىقىنى ئىزدەپ، ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن (دىن بارىسىدا) راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا﴾[1] يەتكۈزىمەن.

**﴿پەقەت (مېنىڭ تىلەيدىغىنىم شۇكى، مېنىڭ دىنىمغا ئەگىشىش بىلەن) پەرۋەردىگارى تەرەپكە يول ئېلىشنى خالايدىغانلار (يول ئالسۇن)»﴾** يەنى مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئەگەشىدىغان يولنى ۋە پرىنسىپنى ئالسۇن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالاغا يۆلىنىشكە بۇيرۇلغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ بەزى سۈپەتلىرىنىڭ بايانى

**﴿(ھەممە ئىشىڭدا) ئۆلمەيدىغان مەڭگۈ ھايات الله غا يۆلەنگىن﴾** يەنى سەن بارلىق ئىشلىرىڭدا ئۆلمەيدىغان، مەڭگۈ ھايات بولىدىغان الله تائالاغا يۆلەنگىن. ئۇ الله تائالا مۇنداق زاتتۇر: ﴿الله نىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (الله) ئاشكارىدۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾[2] يەنى الله تائالا ئەبەدتىن ئەبەدكە مەڭگۈ قالغۇچىدۇر. ھەمىشە تىرىكتۇر. ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر ۋە ئىگىسىدۇر. سەن ئۇنى يۆلەنچۈك ۋە تايانچ قىلىۋالغىن. ئۇ ھەممە ئىشلاردا يۆلىنىلىدىغان زاتتۇر. چۈنكى، ئۇ ساڭا يېتەرلىكتۇر، ساڭا ياردەم بەرگۈچىدۇر، ساڭا قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇچىدۇر ۋە سېنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگۈچىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ﴾[3].

**﴿ئۇنىڭغا ھەمدۇ ئېيتىش بىلەن الله نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن﴾** يەنى سەن ئۇنىڭغا ھەمدە ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇنى پاك دەپ بىلگىن (يەنى ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن). شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «پەرۋەردىگارىمىز بولغان ئى الله ! سېنى پاك دەپ بىلىمەن ۋە ساڭا ھەمدە ئېيتىمەن»[4]. يەنى سەن ئىبادەتنى الله تائالاغىلا قىلغىن ۋە (ھەممە ئىشلىرىڭدا) ئۇنىڭغىلا يۆلەنگىن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن)﴾[5]، ﴿ھەممە ئىش الله غا قايتۇرۇلىدۇ، الله غا ئىبادەت قىلغىن ۋە الله غا تەۋەككۈل قىلغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى الله غا تاپشۇرغىن)﴾[6]، ﴿ئېيتقىنكى، «ئۇ ناھايىتى مېھرىبان الله دۇر، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدۇق﴾[7].

---

(1) تەكۋىر سۈرىسى 28 ـ ئايەت.
(2) ھەدىد سۈرىسى 3 ـ ئايەت.
(3) مائىدە سۈرىسى 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سۇبھانەكەللاھۇممە رەببەنا ۋە بىھەمدىكە دېيىشنى كۆرسىتىدۇ.
(5) مۇزەممىل سۈرىسى 9 ـ ئايەت.
(6) ھۇد سۈرىسى 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(7) مۇلك سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿ئۇ بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق بىلىشتە يېتەرلىكتۇر﴾** يەنى **الله** تائالا ھېچ نەرسە يوشۇرۇن قالمايدىغان ۋە زەررە چاغلىق نەرسە چەتتە قالمايدىغان، كامالەتكە يەتكەن بىلىمى بىلەن بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق بىلىشتە يېتەرلىكتۇر.

**﴿الله ئاسمانلارنى زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتى﴾** يەنى ئۆلمەيدىغان مەڭگۈ ھايات **الله** تائالا ھەممە نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىدۇر. **الله** تائالا ئۆزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن مۇشۇ ئېگىزلىك ۋە كەڭرىلىكتىكى يەتتە ئاسماننى، مۇشۇ چوڭقۇرلۇقتىكى ۋە قېلىنلىقتىكى يەتتە قات زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. **﴿ئاندىن ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى﴾** يەنى **الله** تائالا ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ھەق ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە **الله** تائالا ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىدۇر.

**﴿ئاندىن ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى، الله ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر، بۇنى (يەنى الله نىڭ بۈيۈكلۈكىنى) بىلىدىغان ئادەمدىن سورىغىن (ساڭا الله نىڭ سۈپەتلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ)﴾** يەنى سەن **الله** تائالا توغرىسىدا **الله** تائالادىن خەۋەردار ۋە **الله** تائالانى ياخشى بىلىدىغان كىشىدىن سورىغىن. سەن شۇ كىشىگە ئەگەشكىن. **الله** تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا **الله** تائالانى ياخشى بىلىدىغان ۋە **الله** تائالادىن خەۋەردار بىرسى يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىنىڭ كاتتىسىدۇر. ئۇ ئۆز خاھىشىدىن سۆزلىمەيدۇ. بەلكى، پەقەت ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ دېگەنلىرى ھەقتۇر. ئۇنىڭ خەۋەر بەرگەنلىرى راستۇر. ئەگەر كىشىلەر بىرەر مەسىلىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالسا، ئۇ ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن (ھۆكۈم چىقىرىشقا) تەيىنلەنگەن يول باشچىدۇر. ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ۋە قىلغانلىرىغا ئۇيغۇن كەلگىنى ھەقتۇر. ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ۋە قىلغانلىرىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن سۆز ۋە ئىشلار (قىلغۇچىسىنىڭ مەيلى كىم بولۇشىغا قارىماستىن) بىردەك رەت قىلىنىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا **الله** غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار﴾[1]، ﴿سىلەر (دىن ئۈستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەر قانداق نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئۇنىڭغا **الله** ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴾[2]، ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستۇر، ناھايىتى توغرىدۇر﴾[3] يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى بەرگەن خەۋەرلىرىدە ناھايىتى راستۇر. قىلغان بۇيرۇقلىرى ۋە قويغان چەكلىملىرىدە ناھايىتى توغرىدۇر. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿بۇنى (يەنى الله نىڭ بۈيۈكلۈكىنى) بىلىدىغان ئادەمدىن سورىغىن (ساڭا الله نىڭ سۈپەتلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ)﴾**.

## مۇشرىكلارنىڭ تەنقىد قىلىنغانلىقى



**الله** تائالا (**الله** تائالانى تاشلاپ قويۇپ بۇتلارغا ۋە **الله** تائالانىڭ تەڭتۇشلىرى دەپ قارىغان نەرسىلەرگە سەجدە قىلغان) كاپىرلارنى تەنقىدلەپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «رەھمانغا (يەنى مەرھەمەتلىك الله غا) سەجدە قىلىڭلار!» دېيىلسە، ئۇلار: «رەھمان دېگەن نېمە؟ سەن**

(1) نىسا سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) شۇرا سۈرىسى 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى 115 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**بىزنى بۇيرۇغان نەرسىگە سەجدە قىلامدۇق؟» دەيدۇ﴾** يەنى بىز رەھماننى (يەنى شەپقەت ئىسمىلىك اللە تائالانى) تونۇمايمىز، ـ دەيدۇ. كاپىرلار اللە تائالانى (ئۇنىڭ) شەپقەتلىك ئىسمى بىلەن ئاتاشنى ئىنكار قىلاتتى.

ھۇدەيبىيە كۈنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاتىبىغا: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن دەپ يازغىن» دېگەندە، كاپىرلار: بىز ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نى تونۇمايمىز، سەن خۇددى بۇرۇنقىدەكلا: سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن، ئى اللە !ـ دەپ يازغىن، ـ دېدى. شۇڭا اللە تائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿«اللە دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى اللە نىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن﴾[1] يەنى ئۇ اللە تائالادۇر. ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىك زاتتۇر.

**﴿ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «رەھمانغا (يەنى مەرھەمەتلىك اللە غا) سەجدە قىلىڭلار!» دېيىلسە، ئۇلار: «رەھمان دېگەن نېمە؟ (دەيدۇ)﴾** يەنى بىز ئۇنى تونۇمايمىز ۋە ئۇنى ئېتىراپمۇ قىلمايمىز. **﴿سەن بىزنى بۇيرۇغان نەرسىگە سەجدە قىلامدۇق؟» دەيدۇ﴾** يەنى: سېنىڭ بۇيرۇقىڭ بىلەنلا سەجدە قىلامدۇق؟ـ دەيدۇ. **﴿بۇ سۆز ئۇلارنى (ئىماندىن) تېخىمۇ يىراقلاشتۇرىدۇ﴾**.

مۆمىنلەر ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئىسمىلىك اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىدۇ. اللە تائالاغا قىلغان ئىبادەتلىرىدە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلمايدۇ ۋە اللە تائالاغا سەجدە قىلىدۇ.

ھەممە ئالىملار (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ سۈرىدىكى سەجدە بار بۇ ئايەتنىڭ ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغان كىشىگە سەجدە قىلىش ۋاجىب بولىدىغان ئايەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلدى. بۇ مەسىلە ئۆز ئورنىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى. توغرىسىنى اللە تائالا بىلگۈچىدۇر.

*******

تَبَارَكَ ٱلَّذِى جَعَلَ فِى ٱلسَّمَآءِ بُرُوجًا وَجَعَلَ فِيهَا سِرَٰجًا وَقَمَرًا مُّنِيرًا ﴿٦١﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ ٱلَّيْلَ
وَٱلنَّهَارَ خِلْفَةً لِّمَنْ أَرَادَ أَن يَذَّكَّرَ أَوْ أَرَادَ شُكُورًا ﴿٦٢﴾

ئاسماندا بۇرۇجلەرنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراقنى (يەنى كۈننى) ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان اللە نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴿61﴾. اللە (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى) ئەسلىمەكچى بولغانلار ياكى (ئۆزىنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەردى﴿62﴾.

## اللە تائالانىڭ كاتتىلىقىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ بايانى

مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جەبەير، ئەبۇسالىھ، ھەسەن ۋە قاتادە قاتارلىقلارنىڭ قارىشىچە اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئاسماندا چىرايلىق كاتتا يۇلتۇزلارنى ياراتقانلىقىغا ئۆز زاتىنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە كاتتىلايدۇ. اللە تائالا ئاسمانلاردا يۇلتۇزلارنى ياراتقانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿(بىزگە بارلىق ئاسمانلاردىن) ئەڭ

(1) ئىسرا سۈرىسى 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يېقىن ئاسماننى چىراقلار (يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق (يەنى شەيتانلار يۇلتۇزلاردىن چىققان شولا بىلەن ئېتىلىدۇ)﴾[1].

**﴿ئاسماندا بۇرۇجلەرنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراقنى (يەنى كۈننى) (ياراتقان الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر)﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(سىلەر ئۈچۈن) يېنىپ تۇرغان چىراقنى (يەنى كۈننى) ياراتتۇق﴾[2].

**﴿ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾** يەنى باشقا بىر پىلانىتنىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ تۇرىدىغان ئاينى ياراتقان الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى﴾[3] الله تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە دېگەنلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر كۆرمىدىڭلارمىكىن، الله قانداق قىلىپ يەتتە ئاسماننى بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرىنى قىلىپ ياراتتى، ئاينى ئۇلاردا (يەنى دۇنيانىڭ ئاسمىنىدا) نۇر قىلدى، كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراق قىلدى﴾[4].

**﴿الله (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى) ئەسلىمەكچى بولغانلار ياكى (ئۆزىنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەردى﴾** يەنى كېچە بىلەن كۈندۈز توختىماي بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ كەتسە، ئۇ كېلىدۇ. بۇ كەلسە، ئۇ كېتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى﴾[5]، ﴿الله كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)؛ الله قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى﴾[6]، ﴿كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾[7].

الله تائالا بەندىلىرىگە ئىبادەت ۋاقتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەردى. كىمكى كېچىنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى قىلالماي قالسا، ئۇنى كۈندۈزدە قىلىۋالسا بولىدۇ. كىمكى كۈندۈزنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى قىلالماي قالسا، ئۇنى كېچىدە قىلىۋالسا بولىدۇ. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا كۈندۈزدە گۇناھ قىلغان كىشى تەۋبە قىلىۋالسۇن دەپ قولىنى كېچىدە ئاچىدۇ. كېچىدە گۇناھ قىلغان كىشى تەۋبە قىلىۋالسۇن دەپ قولىنى كۈندۈزدە ئاچىدۇ».



---

(1) مۇلك سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەبە سۈرىسى 13 ـ ئايەت.
(3) يۇنۇس سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) نۇھ سۈرىسى 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر.
(5) ئىبراھىم سۈرىسى 33 ـ ئايەت.
(6) ئەئراف سۈرىسى 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(7) ياسىن سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

**﴿الله (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى) ئەسلىمەكچى بولغانلار ياكى (ئۆزىنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەردى﴾** مۇجاھىد ۋە قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: (الله (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى) ئەسلىمەكچى بولغانلار ياكى (ئۆزىنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ بىرىنى قاراڭغۇ، بىرىنى يورۇق قىلىپ، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ ياراتتى، - دېدى.

*******

وَعِبَادُ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلَّذِينَ يَمۡشُونَ عَلَى ٱلۡأَرۡضِ هَوۡنٗا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ ٱلۡجَٰهِلُونَ قَالُواْ سَلَٰمٗا ﴿٦٣﴾ وَٱلَّذِينَ
يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمۡ سُجَّدٗا وَقِيَٰمٗا ﴿٦٤﴾ وَٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا ٱصۡرِفۡ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَۖ إِنَّ
عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا ﴿٦٥﴾ إِنَّهَا سَآءَتۡ مُسۡتَقَرّٗا وَمُقَامٗا ﴿٦٦﴾ وَٱلَّذِينَ إِذَآ أَنفَقُواْ لَمۡ يُسۡرِفُواْ وَلَمۡ
يَقۡتُرُواْ وَكَانَ بَيۡنَ ذَٰلِكَ قَوَامٗا ﴿٦٧﴾

مەرھەمەتلىك الله نىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)﴿63﴾. ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ﴿64﴾. ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ﴿65﴾. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر»﴿66﴾. ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ﴿67﴾.

## ناھايىتى شەپقەتلىك الله تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ سۈپەتلىرى

ناھايىتى شەپقەتلىك الله تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ سۈپەتلىرى تۆۋەندىكىدەكتۇر: **﴿مەرھەمەتلىك الله نىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ﴾** الله تائالا مەغرۇرانە مېڭىشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: ﴿سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن﴾[1].

ئەمما ناھايىتى شەپقەتلىك الله تائالانىڭ بەندىلىرى بولسا زېمىندا چوڭلۇق، مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلماستىن يۈرىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، ئۇلار زېمىندا ياسالمىلىق ۋە رىيا قىلىپ كېسەللەردەك يۈرىدۇ دېگەنلىك ئەمەستۇر. چۈنكى، ئادەم ئەۋلادىنىڭ كاتتىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ يول يۈرگەندە، خۇددى ئېگىز يەردىن چۈشىۋاتقاندەك ۋە خۇددى زېمىن ئۇنىڭغا قاتلىنىپ بېرىلىۋاتقاندەك ماڭاتتى.

ئۇنداق دېگەنلىك (يوللاردا كېسەللەردەك يۈرۈڭ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى) تەمكىنلىك ۋە

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 37 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سالماقلىق بىلەن يۈرۈڭ دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «سىلەر نامازغا كەلگەن ۋاقىتلاردا، نامازغا ئالدىرىغان ھالەتتە كەلمەي، تەمكىنلىك بىلەن كېلىڭلار. نامازدىن يېتىشەلىگىنىڭلارنى ئوقۇڭلار، يېتىشەلمىگىنىڭلارنى (ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن) تولۇقلىۋېلىڭلار».

﴿نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)﴾ يەنى نادانلار ئۇلارغا يامان سۆزلەرنى قىلىش بىلەن ئۇۋال قىلسا، ئۇلار نادانلارغا يامان سۆز قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنى كەچۈرىدۇ ۋە ئۇلارغا ياخشى سۆزلەرنى قىلىدۇ.

بىرەر نادان تاپە ـ تەنە قىلىشتا ئەزۋەيلىگەنسېرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخىمۇ ئېغىر ـ بېسىق بولاتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ (يەنى قۇلاق سالماي): «بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز» دەيدۇ﴾[1].

ئىمام ئەھمەد نۇئمان ئىبنى مۇقرىنىل مۇزەنىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى تىللىدى. تىللانغۇچى: (تىللىغۇچىغا) ساڭا ئامانلىق بولسۇن! ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىلىپ قويۇڭلاركى، ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا بىر پەرىشتە بولۇپ، ئۇ پەرىشتە سېنى (ئى تىللانغۇچى) قوغداپ تۇرغان ئىدى، بۇ سېنى ھەر قېتىم تىللىغاندا، پەرىشتە ئۇنىڭغا: بەلكى سەن شۇنداق، ئۇنىڭغا سەن ھەقلىقسەن، ـ دەپ تۇراتتى. سەن ئۇنىڭغا: ساڭا ئامانلىق بولسۇن، ـ دېگەن ۋاقتىڭدا، پەرىشتە: ياق، ئامانلىق ئۇنىڭغا ئەمەس، ساڭا بولسۇن ۋە سەن ئۇنىڭغا ھەقلىقسەن، ـ دېدى» دېدى.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ كېچىسى ئەڭ ياخشى كېچىدۇر دەپ بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ﴾** يەنى ئۇلار كېچىنى الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى، ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى﴾[2]، ﴿ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ﴾[3]، ﴿(الله غا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟)»﴾[4] شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ﴾**.

(1) قەسەس سۈرىسى 55 ـ ئايەت.
(2) زارىيات سۈرىسى 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر.
(3) سەجدە سۈرىسى 16 ـ ئايەت.
(4) زۇمەر سۈرىسى 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر»﴾ يەنى جەھەننەم ھەقىقەتەن كۆرۈنۈشى يامان قارارگاھتۇر ۋە يامان جايدۇر.

**﴿ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ﴾** يەنى ئۇلار خىراجەت قىلغاندا بۇزۇپ - چېچىپ، ھاجىتىدىن يۇقىرى پۇلنى خىراجەت قىلمايدۇ. بېخىللىق قىلىپ، بالىۋاقىلىرىنىڭ يېتەرلىك ھەقلىرىنى قىسىپمۇ قويمايدۇ. بەلكى، ئۇلار ئوتتۇراھال ياخشى يولنى تۇتىدۇ. ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بەكمۇ ئېشىپ كەتمەي ۋە بەكمۇ پەسلەپ كەتمەي ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر.

**﴿ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قىلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن﴾[1].

*******

وَٱلَّذِينَ لَا يَدۡعُونَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ وَلَا يَقۡتُلُونَ ٱلنَّفۡسَ ٱلَّتِي حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلۡحَقِّ وَلَا يَزۡنُونَۚ وَمَن
يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ يَلۡقَ أَثَامٗا ﴿٦٨﴾ يُضَٰعَفۡ لَهُ ٱلۡعَذَابُ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَيَخۡلُدۡ فِيهِۦ مُهَانًا ﴿٦٩﴾ إِلَّا مَن تَابَ
وَءَامَنَ وَعَمِلَ عَمَلٗا صَٰلِحٗا فَأُوْلَٰٓئِكَ يُبَدِّلُ ٱللَّهُ سَيِّـَٔاتِهِمۡ حَسَنَٰتٖۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمٗا
﴿٧٠﴾ وَمَن تَابَ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا فَإِنَّهُۥ يَتُوبُ إِلَى ٱللَّهِ مَتَابٗا ﴿٧١﴾

ئۇلار اللهغا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار) نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ﴿68﴾. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ﴿69﴾. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، الله ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، الله تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴿70﴾. كىمكى (گۇناھلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمەلنى تۈزەيدىكەن، ئۇ اللهغا يۈزلەنگەن بولىدۇ (يەنى الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ)﴿71﴾.

## شېرىكتىن، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ۋە زىنا قىلىشتىن ساقلىنىشنىڭ ناھايىتى شەپقەتلىك الله تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىكەنلىكى

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭ؟ - دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنى ياراتقان الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن قالسىچۇ؟ - دەپ سورالدى. پەيغەمبەر

(1) ئىسرا سۈرىسى 29 - ئايەت.

ئەلەيھىسسالام: «بالاڭنى سەن بىلەن بىللە تاماق يېيىشىدىن قورقۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ»[1] دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن قالسىچۇ؟ ـ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ» دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد: الله تائالا بۇنى تەستىقلاپ: **﴿ئۇلار الله غا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار) نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى، ـ دېدى. بۇ ھەدىسنى نەسەئىمۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەدىسنى ھەمدە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلاردىن تولا ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە تولا زىنا قىلغان بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: سەن دېگەن ۋە چاقىرغان سۆز ناھايىتى ياخشى ئىكەن، بىزگە دەپ بەرگىن، بىزنىڭ قىلغان گۇناھلىرىمىزنى يۇيىدىغان بىرەر ئىش بارمۇ؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى چۈشتى: **﴿ئۇلار الله غا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ﴾**.

﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2].

**﴿قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ﴾** يەنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن يامان ئىشلارنى قىلىشنىڭ جازاسى قىيامەت كۈنىدە ھەسسىلەپ بېرىلىدىغان ئازاب بولىدۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ ئىچىدىن قىلىۋاتقان شۇ گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىدىن تەۋبە قىلىپ، الله تائالا تەرىپىگە قايتقان كىشىلەر بولسا، الله تائالا ئۇ كىشىلەرنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

بۇ ئايەتتە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقىغا پاكىت بار. بۇ ئايەت بىلەن الله تائالانىڭ (نىسا سۈرىسىدىكى): ﴿كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، الله نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ﴾[3] دېگەن ئايىتىنىڭ ئارىسىدا ھېچ قانداق قارمۇ ـ قارشىلىق يوقتۇر. چۈنكى، نىسا سۈرىسىنىڭ ئايىتى مەدىنىدە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئايەتتە قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ تەۋبە قىلغانلىقىنىڭ بايانى يوق. يۇقىرىقى ئايەتتە (ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ) تەۋبە قىلغانلىقىنىڭ بايانى بار. شۇڭا نىسا سۈرىسىدىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان ئازاب، (ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىپ) تەۋبە قىلماي ئۆلگەن كىشىگە بېرىلىدىغان ئازابتۇر.

ھەمدە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى

(1) يەنى يېقىرلىقتىن قورقۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ دېمەكتۇر.
(2) زۇمەر سۈرىسى 53 ـ ئايەت.
(3) نىسا سۈرىسى 93 ـ ئايەت.

مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[1] (يەنى الله تائالا شېرىكتىن باشقا، ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋە زىنا قىلىپ سالغاندەك گۇناھلارنى خالىغان ئادەمدىن كەچۈرۈۋېتىدۇ). ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىندى. بۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرىدە: يۈز كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ تەۋبە قىلىپ، الله تائالا تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغان كىشىنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان.

**﴿الله ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، الله تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾** ئىمام ئەھمەد ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن دوزاختىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىپ، جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشىنى ئەلۋەتتە تونۇيمەن. بىر ئادەم كەلتۈرۈلىدۇ. الله تائالا: ئۇ ئادەمنىڭ چوڭ گۇناھلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ كىچىك گۇناھلىرىدىن سوراڭلار، - دەيدۇ. ئۇ ئادەمگە: سەن پالانى، پالانى، پالانى كۈنى ماۋۇ، ماۋۇ گۇناھلارنى قىلدىڭ، سەن پالانى، پالانى، پالانى كۈنى ماۋۇ، ماۋۇ گۇناھلارنى قىلدىڭ، - دېيىلىدۇ. ئۇ ئادەم: شۇنداق، - دەيدۇ. ئۇ (ئۇ گۇناھلاردىن بىرىنىمۇ) ئىنكار قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: مۇشۇ گۇناھلىرىڭنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئورنىغا بىر ياخشىلىق بېرىلدى، - دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم: ئى پەرۋەردىگارىم! مەن نۇرغۇنلىغان گۇناھلارنى قىلغان ئىدىم، ئۇلارنى بۇ يەردە ھېچ كۆرمەيمەنغۇ؟ - دەيدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسنى بايان قىلىپ بولۇپ، ھەتتا ئېغىز چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇجابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەكھۇلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قېرىلىقتىن ئىككى قاپىقى ئىككى كۆزىگە چۈشۈپ قالغان (ناھايىتى قېرى) بىر كىشى كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! چوڭ - كىچىك ئىشنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ھەممىسىنى قىلغان، خىيانەتچى ۋە ئەسكى ئىش قىلغۇچى، ئەگەر خاتالىقلىرى جاھاندىكى كىشىلەرگە تەقسىم قىلىنسا، ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىدىغان بىر ئادەمگە تەۋبە بارمۇ؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئىمان ئېيتامسەن؟» دېدى. ئۇ ئادەم: بىلىپ قويۇڭلاركى، مەن: شېرىكى يوق يالغۇز الله تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق ئېيتىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك - شۈبھىسىزكى، الله تائالا سېنىڭ يۇقىرىقىدەك گۇناھلىرىڭنى كەچۈرىدۇ، سېنىڭ يامانلىقلىرىڭنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ» دېدى. ئۇ ئادەم: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ خىيانەتلىرىم ۋە ئەسكىلىكلىرىممۇ كەچۈرۈلۈپ، ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇپ بېرىلەمدۇ؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ خىيانەتلىرىڭ ۋە ئەسكىلىكلىرىڭمۇ (شۇنداق قىلىنىدۇ)» دېدى. ئۇ ئادەم: "لا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر" دېگىنىچە قايتىپ كەتتى.

الله تائالا رەھمىتىنىڭ ھەممە بەندىسىگە ئومۇمىي ئىكەنلىكىدىن، بەندىلىرىدىن كىمكى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلسا، مەيلى گۇناھلىرى كاتتا ياكى ئاددىي بولسۇن، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿كىمكى (گۇناھلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمەلىنى تۈزەيدىكەن، ئۇ الله غا يۈزلەنگەن بولىدۇ**

---

(1) نىسا سۈرىسى 116 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(يەنى الله ئۇ نىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ)﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن الله دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ الله نىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) الله نىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، (خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ) سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە الله نىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟﴾[2]، ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[3].

* * * * * * *

وَٱلَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ ٱلزُّورَ وَإِذَا مَرُّوا۟ بِٱللَّغْوِ مَرُّوا۟ كِرَامًا ﴿٧٢﴾ وَٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُوا۟ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمْ لَمْ يَخِرُّوا۟ عَلَيْهَا صُمًّا وَعُمْيَانًا ﴿٧٣﴾ وَٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَٰجِنَا وَذُرِّيَّٰتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَٱجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا ﴿٧٤﴾

ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ﴿72﴾. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ (يەنى ئۇنى بېرىلىپ ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ)﴿73﴾. ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىغىن (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلغىن) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشىۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن» دەيدۇ﴿74﴾.

## ناھايىتى شەپقەتلىك الله تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ بەزى سۈپەتلىرى

بۇلارمۇ ھەم ناھايىتى شەپقەتلىك الله تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. يەنى ئۇلار يالغان ئېيتمايدۇ، يامانلىققا، كاپىرلىققا، بىكار ۋە ناھەق ئىشقا دائىر سۆزلەرنى ۋە ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئەمرى ئىبنى قەيس: بۇ ئايەتتىن ئۇلار يامان كىشىلەرنىڭ سورۇنىغا بارمايدۇ دېگەنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. بۇ ئايەتتىن ئۇلار يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ دېگەنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىنى ئېيتىپ بەرمەيمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم سورىدى. بىز: شۇنداق قىلغىن، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

(1) نىسا سۈرىسى 110 ـ ئايەت.
(2) تەۋبە سۈرىسى 104 ـ ئايەت.
(3) زۇمەر سۈرىسى 53 ـ ئايەت.

«(گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرى بولسا) اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىغا ئاسىيلىق قىلىشتۇر» دېدى. شۇ سۆزنى قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىدى، ئۇ بىردىنلا رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ: «بىلىپ قويۇڭلاركى، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. بىلىپ قويۇڭلاركى، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتۇر» دەپ بۇ سۆزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاۋەردى. ھەتتا بىز: كاشكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختاپ قالسا بوپتىكەن، ـ دەپ كەتتۇق. لېكىن بۇ ئايەتنىڭ باش ـ ئايىغىدىكى مەزمۇنغا قارىغاندا، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇلار يامان سۆز بار يەرگە بارمايدۇ دېگەن بولىدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالسا، ئۇنىڭغا يېقىن يولىماي، ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

﴿**ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ (يەنى ئۇنى بېرىلىپ ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ)**﴾ بۇمۇ مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. اللە تائالا مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿پەقەت اللە ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، اللە نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر﴾[1].

ئەمما كاپىر ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، كاپىر اللە تائالانىڭ سۆزىنى ئاڭلىسا، ئۇ سۆز كاپىرغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. كاپىر بۇرۇنقى قىلمىشىدىن ئۆزگەرمەستىن، بەلكى كاپىرلىقىدا، ھەددىدىن ئېشىشىدا، نادانلىقىدا ۋە گۇمراھلىقىدا قېلىپ قالىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ ئارىسىدا (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بۇ (يەنى سۈرە) قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى» دەيدىغانلار بار، مۆمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (يەنى سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار (سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) خۇشال بولىدۇ، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار) غا كېلىدىغان بولساق، بۇ (سۈرە) ئۇلارنىڭ كۇفرىغا كۇفرى قوشتى (يەنى ئۇلار مۇناپىقلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى، تېخىمۇ گۇمراھلاشتى)، ئۇلار كاپىر پېتى ئۆلدى﴾[2].

﴿**ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ (يەنى ئۇنى بېرىلىپ ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ)**﴾ بۇ بولسا مۆمىننىڭ سۈپىتىدۇر. لېكىن كاپىر ئۇنداق قىلمايدۇ. كاپىر اللە تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلىسا، ئايەتلەر ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدۇ. ئۇ ئايەتلەرنى خۇددى ئاڭلىمىغان گاس، كۆرمىگەن كوردەك ئۆز ھالىتىدە قېلىپ قالىدۇ.

﴿**ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، (دەيدۇ)**﴾ يەنى ئۇلار اللە تائالادىن ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئەۋلادىدىن شېرىكى يوق اللە تائالاغا بويسۇنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغان بالىلارنى چىقىرىپ بېرىشنى تىلەيدۇ. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلار دۇنيا ـ ئاخىرەتتە شادلىق بېغىشلىنىشى ئۈچۈن، اللە تائالاغا ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىدىغان پەرزەنت بېرىشنى تىلەيدۇ.

---

(1) ئەنفال سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

(2) تەۋبە سۈرىسى 124 ـ 125 ـ ئايەتلەر.

ئىمام ئەھمەد جۇبەير ئىبنى نۇفەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز بىر كۈنى مىقداد ئىبنى ئەسۋەدنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇنىڭ قېشىدىن بىر كىشى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ (ئۇنىڭغا): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن بۇ ئىككى كۆزگە ياخشىلىق بولسۇن، بىزمۇ سەن كۆرگەن نەرسىنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى) كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتۇق، ـ دېدى. (ئۇنىڭ دېگەن بۇ گېپىگە) مىقداد ئاچچىغلاپ كەتتى. مەن بۇنىڭدىن ھەيران قالدىم. چۈنكى، ئۇ كىشى ياخشى گەپ قىلغان ئىدى. ئاندىن مىقداد ئۇ كىشىگە قاراپ: الله تائالا ئۇنىڭغا نېسىپ قىلمىغان تۇرسا، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنىغا كېلىشنى ئارزۇ قىلىشىغا نېمە سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ؟ ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنىغا كەلگەن بولسا، قانداق بولۇپ كېتىشىنى بىلەمەيدۇ؟ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنىغا قاتنىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، الله تائالا يۈزىچە جەھەننەمگە دۈم كۆمتۈرۈلىدىغان نۇرغۇنلىغان قەۋملەر بار. سىلەر الله تائالاغا ھەمدەسانا ئېيتمامسىلەر؟ چۈنكى، الله تائالا سىلەرنى ئاتاڭلارنىڭ قورسىقىدىن پەرۋەردىگارىڭلارنى تونۇغان ۋە پەيغەمبىرىڭلار ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشىنىدىغان ھالەتلەردە چىقاردى. سىلەر باشقىلارغا كېلىدىغان بالانى توسۇپ قالدىڭلار. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش كىشىلەر ھەرقانداق بىر دىنىنى بۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن ياخشى دەپ قارىمايدىغان، گۇمراھلىق قاپلاپ كەتكەن بىر ۋاقىتتا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەق بىلەن ناھەقنىڭ، ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىنىڭ ئارىسىنى ئايرىدىغان ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى. (شۇنىڭ بىلەن) الله تائالا دىلىنى ئىمانغا ئېچىۋەتكەن كىشى ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى ياكى قېرىندىشىنىڭ كاپىرلىقىنى كۆرسە (ئۇ كىشى ئەگەر شۇ يېقىن كىشىلىرى شۇ ھالىتىدە ئۆلسە دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلگەچكە)، ئۇ كىشى شادلىنالمايدىغان بولدى. مانا بۇ، الله تائالانىڭ: **﴿ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز (دەيدۇ)﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىدۇر، ـ دېدى.

**﴿بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن» دەيدۇ﴾** ئىبنى ئابباس، ھەسەن، سۇددى، قەتادە ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىزنى ياخشىلىقتا كىشىلەرگە نەمۇنە قىلغىن دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىزنى توغرا يولدا، توغرا يولغا باشلىغۇچى ۋە ياخشىلىققا چاقىرغۇچى قىلغىن دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتلىرىنىڭ بالىۋاقىلىرىنىڭ ئىبادەتلىرىگە باغلانغۇچى[1] بولۇشىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ توغرا يولدا بولۇشىنىڭ باشقىلارغىمۇ پايدا ئېلىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلدى. چۈنكى، بۇنداق بولۇشىنىڭ ساۋابى كۆپتۇر، ئاقىۋىتى ياخشىدۇر.

شۇڭا ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر ئىنسان ئۆلسە، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى بالىسىدىن، ياكى قويۇپ كەتكەن پايدىلىق بىلىمىدىن ياكى قىلىپ قويغان (ساۋابى ئۈزۈلمەي بېرىلىپ تۇرىدىغان) سەدىقىسىدىن باشقا ئۇنىڭ قىلغان بارلىق ئەمەللىرىنىڭ (ساۋابى) ئۈزۈلۈپ قالىدۇ» دېدى.

(1) يەنى ئۆزى الله تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم بالا ـ چاقىلىرىنىڭمۇ الله تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى.

*******

أُوْلَٰٓئِكَ يُجۡزَوۡنَ ٱلۡغُرۡفَةَ بِمَا صَبَرُواْ وَيُلَقَّوۡنَ فِيهَا تَحِيَّةٗ وَسَلَٰمًا ﴿٧٥﴾ خَٰلِدِينَ
فِيهَاۚ حَسُنَتۡ مُسۡتَقَرّٗا وَمُقَامٗا ﴿٧٦﴾ قُلۡ مَا يَعۡبَؤُاْ بِكُمۡ رَبِّي لَوۡلَا دُعَآؤُكُمۡۖ فَقَدۡ كَذَّبۡتُمۡ فَسَوۡفَ
يَكُونُ لِزَامَۢا ﴿٧٧﴾

ئەنە شۇلار سەۋرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان) دۇئا ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ﴿75﴾. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل قارارگاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي!﴿76﴾. ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، پەرۋەردىگارىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ، (ئى كاپىرلار! پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدىڭلار، (ئاخىرەتتە) سىلەر قۇتۇلالمايدىغان ئازابقا دۇچار بولۇسىلەر»﴿77﴾.

## ناھايىتى شەپقەتلىك الله تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىنىڭ مۇكاپاتى ۋە مەككىلىكلەرگە قىلىنغان تەھدىد

الله تائالا يۇقىرىدا ناھايىتى شەپقەتلىك الله تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى، ياخشى سۆزلىرىنى ۋە ياخشى ئەمەللىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدى، بۇ يەردە مۇنداق دېدى: ﴿**ئەنە شۇلار سەۋرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان) دۇئا ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ**﴾ يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىلەر سەۋرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. ئۇلار جەننەتتە دۇئا ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ. ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن سالام ياغىدۇ. چۈنكى، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ قېشىغا جەننەتنىڭ ھەر بىر دەرۋازىسىدىن كىرىپ: دۇنيادا (قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ يولىدا كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا) سەۋر قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە سالام بولسۇن! ئاخىرەتلىكىڭلارنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان! - دەيدۇ.

﴿**ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار جەننەتتىن باشقا يەرگە يۆتكىلىپ كەتمەستىن، ئۆلۈپ قالماستىن ۋە باشقا ياققا يۆتكىلىشنى ئارزۇ قىلماستىن، جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، (جەننەتنىڭ) ئاسمان - زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار جەننەتتە پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ (بۇ ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر﴾[1]، ﴿**جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل قارارگاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي!**﴾.

﴿**ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، پەرۋەردىگارىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ**﴾ يەنى مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنى بىر دەپ بىلىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئەتىگەن - كەچتە تەسبىھ ئېيتىشقا يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇبادا سىلەر الله تائالاغا ئىبادەت قىلمىساڭلار، الله تائالا

(1) ھۇد سۈرىسى 108 - ئايەت.

سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ ۋە سىلەرنىڭ سانىڭلارنىڭ كۆپ بولۇشىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ.

**﴿(ئى كاپىرلار! پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدىڭلار، (ئاخىرەتتە) سىلەر قۇتۇلالمايدىغان ئازابقا دۇچار بولۇسىلەر»﴾** يەنى ئى كاپىرلار! سىلەرنىڭ پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلىقىڭلار، دۇنيا-ئاخىرەتتە سىلەرگە ئازاب ۋە ھالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەي ئىبنى كەئب، مۇھەممەد ئىبنى قۇرەزى، مۇجاھىد، زەھھاك، قەتادە، سۇددى ۋە باشقىلار: كاپىرلارنىڭ بەدرى كۈنى ئۆلتۈرۈلگەنلىكىمۇ ئۇلارغا بولىدىغان ئازابلاردىندۇر، ـ دېدى.

ھەسەنبەسرى: بۇ ئايەتتە دېيىلگەن ئازابتىن قىيامەت كۈنى كاپىرلارغا بېرىلىدىغان ئازاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. ھەقىقەتتە بۇ ئىككى قاراشنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق.

الله تائالاغا مىڭلارچە ھەمدۇ سانالار بولسۇن! شۇنىڭ بىلەن، فۇرقان سۈرىسىنىڭ تەپسىرى ئاخىرلاشتى.

# شۇئەرا سۈرىسى[1]

مەككىدە نازىل بولغان، 227 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

طسٓمٓ ﴿١﴾ تِلْكَ ءَايَٰتُ ٱلْكِتَٰبِ ٱلْمُبِينِ ﴿٢﴾ لَعَلَّكَ بَٰخِعٌ نَّفْسَكَ أَلَّا يَكُونُوا۟ مُؤْمِنِينَ ﴿٣﴾ إِن نَّشَأْ نُنَزِّلْ
عَلَيْهِم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ ءَايَةً فَظَلَّتْ أَعْنَٰقُهُمْ لَهَا خَٰضِعِينَ ﴿٤﴾ وَمَا يَأْتِيهِم مِّن ذِكْرٍ مِّنَ ٱلرَّحْمَٰنِ مُحْدَثٍ إِلَّا كَانُوا۟
عَنْهُ مُعْرِضِينَ ﴿٥﴾ فَقَدْ كَذَّبُوا۟ فَسَيَأْتِيهِمْ أَنۢبَٰٓؤُا۟ مَا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٦﴾ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ إِلَى ٱلْأَرْضِ كَمْ
أَنۢبَتْنَا فِيهَا مِن كُلِّ زَوْجٍ كَرِيمٍ ﴿٧﴾ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٨﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ
ٱلرَّحِيمُ ﴿٩﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللّٰه نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

تا، سىم، مىم﴿1﴾. بۇ، روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) ئايەتلىرىدۇر﴿2﴾. (ئى مۇھەممەد!)
ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن﴿3﴾. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ
(ئىمان ئېيتىشىنى) خالايدىغان بولساق، ئۇلارغا ئاسماندىن (ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلايدىغان)
بىر ئايەتنى (ئالامەتنى) نازىل قىلاتتۇقتە، ئۇنىڭغا ئۇلار باش ئەگكەن بولاتتى﴿4﴾. ئۇلارغا
مەرھەمەتلىك اللّٰه تەرىپىدىن قۇرئاندىن يېڭىدىن بىر نەرسە نازىل بولسىلا، ئۇلار ئۇنىڭدىن
يۈز ئۆرۈيدۇ﴿5﴾. ئۇلار راستىلا (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى، مەسخىرە قىلغان نەرسىنىڭ خەۋەرلىرى
(يەنى ئاقىۋىتى) ئۇلارغا كېلىدۇ﴿6﴾. ئۇلار زېمىننى (يەنى زېمىننىڭ ئاجايىباتلىرىنى)
كۆرمىدىمۇ؟ زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق﴿7﴾. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (اللّٰه
نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى﴿8﴾.
سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿9﴾.

---

(1) مالىكنىڭ تەپسىرىدە بۇ سۈرىنىڭ «جامىئە سۈرىسى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

## قۇرئان، كاپىرلارنىڭ قۇرئاندىن يۈز ئۆرىگەنلىكى، اللە تائالا خالىسا، ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشقا زورلايدىغانلىقى

سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى توغرىسىدىكى بايانىمىز بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا بايان قىلىندى.

**﴿بۇ، روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) ئايەتلىرىدۇر﴾** يەنى بۇ ھەق بىلەن ناھەقنىڭ، گۇمراھلىق بىلەن ھىدايەتنىڭ ئارىسىنى ئايرىدىغان ئوچۇق، روشەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن﴾** يەنى سەن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن قايغۇرۇپ ۋە ئۇلارنى ئىمان ئېيتسا بولاتتى دەپ، ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن. بۇ، **اللە** تائالانىڭ كاپىرلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىغانلىرىنىڭ (بۇنىڭدىن كېيىن) ئىمان ئېيتمىسا، (ئۇنىڭغا بىئارام بولماسلىقىغا) (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) بەرگەن تەسەللىسىدۇر. **اللە** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**اللە** ھەققەتەن خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ (خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ). شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن﴾[1]، ﴿ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا، ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن﴾[2].

مۇجاھىد، ئىكرىمە، قەتادە، ئەتىيە، زەھھاك، ھەسەن ۋە باشقىلار **اللە** تائالانىڭ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: (ئى مۇھەممەد!) (ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) ئۆزەڭنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىڭ مۇمكىن دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

**﴿ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتىشىنى) خالايدىغان بولساق، ئۇلارغا ئاسماندىن (ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلايدىغان) بىر ئايەتنى (ئالامەتنى) نازىل قىلاتتۇقتە، ئۇنىڭغا ئۇلار باش ئەگكەن بولاتتى﴾** يەنى ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارغا مەجبۇرىي ئىمان ئېيتىدىغان بىر ئايەتنى چۈشۈرەتتۇق. لېكىن، بىز ئۇنداق قىلمايمىز. چۈنكى، بىز بەندىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىمان ئېيتىشىنى خالايمىز. **اللە** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟﴾[3]، ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. **اللە** ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىختىلاپ ئۈچۈن) ياراتتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ: «مەن چوقۇم پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىمەن»

(1) فاتىر سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) كەھف سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(3) يۇنۇس سۈرىسى 99 ـ ئايەت.

دېگەن سۆزى ئېنىق بەلگىلەندى﴾[1] يەنى الله تائالانىڭ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرغىنى ئىشقا ئاشتى. الله تائالانىڭ ھېكمىتى ئورۇنلاندى. الله تائالا بەندىلىرىگە پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتىش ۋە كىتابلىرىنى چۈشۈرۈش بىلەن ئۆزىنىڭ كاتتا پاكىتىنى (ئۇلارغا) تۇرغۇزدى.

﴿**ئۇلارغا مەرھەمەتلىك الله تەرىپىدىن قۇرئاندىن يېڭىدىن بىر نەرسە نازىل بولسىلا، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدۇ**﴾ يەنى كىشىلەرگە ھەر زامان ئاسماندىن كىتاب چۈشۈرۈلسە، ئۇنىڭدىن كۆپلىگەن كىشىلەر يۈز ئۆرۈيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[2]، ﴿(الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچى) بەندىلەرگە ئەپسۇسكى، ئۇلارغا بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى﴾[3]، ﴿ئاندىن بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئارقىمۇ ئارقا ئەۋەتتۇق، ھەر ئۇممەتكە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەن چاغدا، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن، ئۇلارنى ئارقىمۇ ئارقا ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنى (كىشىلەرگە) ھېكايە قىلىپ قالدۇردۇق، ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋم (الله نىڭ رەھمىتىدىن) يىراق بولسۇن﴾[4].

شۇڭا الله تائالا بۇ يەردە مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار راستلا (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى، مەسخىرە قىلغان نەرسىنىڭ خەۋەرلىرى (يەنى ئاقىۋىتى) ئۇلارغا كېلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلدى، ئۇلار بۇ قىلمىشىنىڭ خەۋىرىنى (يەنى ئاقىۋىتىنى) بىر مەزگىلدىن كېيىن بىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ﴾[5].

ئاندىن الله تائالا پەيغەمبىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە ۋە كىتابىنى ئىنكار قىلىشقا پېتىنغان كاپىرلارغا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىمتىيازى ۋە مەرتىۋىسىدە كاتتا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى. الله تائالا بولسا زېمىننى ياراتقان، ئۇنىڭدىن زىرائەتلەر، مېۋىلەر ۋە ھايۋانلاردىن ئىبارەت ھەرتۈرلۈك پايدىلىق نەرسىلەرنى پەيدا قىلغان زاتتۇر، (بەندىلەرنى) تىرىگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر، كاتتا ۋە (ھەممىگە) قادىر زاتتۇر.

سۇفيان سەۋرى بىر ئادەمدىن شەئبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىنسانلار زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرىدۇر. كىمكى جەننەتكە كىرسە، ئۇ ھۆرمەتلىكتۇر. كىمكى دوزاخقا كىرسە، ئۇ مالامەت قىلىنغۇچىدۇر.

﴿**بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەت بار. ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى**﴾ يەنى (زېمىندىن ھەرتۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرگەنلىكىدە) ھەممە نەرسىلەرنى ياراتقان، زېمىننى يايغان ۋە ئاسماننىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۈستۈن قىلغان الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر بار. شۇنداق تۇرسىمۇ، يەنە كۆپلىگەن كىشىلەر ئىمان ئېيتماستىن، ئەكسىچە الله تائالانى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ۋە كىتابلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقتى

(1) ھۇد سۈرىسى 118 ـ 119 ـ ئايەتلەر.
(2) يۇسۇف سۈرىسى 103 ـ ئايەت.
(3) ياسىن سۈرىسى 30 ـ ئايەت.
(4) مۆئمىنۇن سۈرىسى 44 ـ ئايەت.
(5) شۇئەرا سۈرىسى 227 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋە چەكلىگەن ئىشلارنى قىلدى.

﴿**سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن غالىبتۇر**﴾ يەنى ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن كەلگۈچىدۇر. ئۇنى تىزگىنلىگۈچىدۇر ۋە غالىبتۇر. ﴿**ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ يەنى مەخلۇقاتلىرىغا مېھرىباندۇر. ئاسىيلىق قىلغاننى (ئازابلاشقا) ئالدىرىماستىن، ئەكسىچە ئۇنى (ئازابلاشنى) كېچىكتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنى (ئاسىيلىق قىلىشى داۋاملىشىۋەرسە) ئۆزىنىڭ غالىب ۋە قۇدرەتلىك ھالى (سۈپىتى) بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

ئەبۇئالىيە، قەتادە، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، ئىبنى ئىسھاق قاتارلىقلار: ﷲ تائالا بۇيرۇقىغا قارشى چىققان ۋە باشقا بىرسىگە ئىبادەت قىلغان كىشىدىن ئىنتىقام ئېلىشتا غالىبتۇر، ـ دېدى. سەئىد ئىبنى جۇبەير: ﷲ تائالا تەۋبە قىلغان كىشىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، ـ دېدى.

* * * * * * *

وَإِذۡ نَادَىٰ رَبُّكَ مُوسَىٰٓ أَنِ ٱئۡتِ ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٠﴾ قَوۡمَ فِرۡعَوۡنَۚ أَلَا يَتَّقُونَ ﴿١١﴾ قَالَ رَبِّ إِنِّيٓ أَخَافُ أَن
يُكَذِّبُونِ ﴿١٢﴾ وَيَضِيقُ صَدۡرِي وَلَا يَنطَلِقُ لِسَانِي فَأَرۡسِلۡ إِلَىٰ هَٰرُونَ ﴿١٣﴾ وَلَهُمۡ عَلَيَّ ذَنۢبٌ فَأَخَافُ
أَن يَقۡتُلُونِ ﴿١٤﴾ قَالَ كَلَّاۖ فَٱذۡهَبَا بِـَٔايَٰتِنَآۖ إِنَّا مَعَكُم مُّسۡتَمِعُونَ ﴿١٥﴾ فَأۡتِيَا فِرۡعَوۡنَ فَقُولَآ إِنَّا رَسُولُ
رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٦﴾ أَنۡ أَرۡسِلۡ مَعَنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ﴿١٧﴾ قَالَ أَلَمۡ نُرَبِّكَ فِينَا وَلِيدٗا وَلَبِثۡتَ فِينَا مِنۡ عُمُرِكَ سِنِينَ
﴿١٨﴾ وَفَعَلۡتَ فَعۡلَتَكَ ٱلَّتِي فَعَلۡتَ وَأَنتَ مِنَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٩﴾ قَالَ فَعَلۡتُهَآ إِذٗا وَأَنَا۠ مِنَ ٱلضَّآلِّينَ ﴿٢٠﴾
فَفَرَرۡتُ مِنكُمۡ لَمَّا خِفۡتُكُمۡ فَوَهَبَ لِي رَبِّي حُكۡمٗا وَجَعَلَنِي مِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٢١﴾ وَتِلۡكَ نِعۡمَةٞ تَمُنُّهَا عَلَيَّ أَنۡ عَبَّدتَّ
بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ﴿٢٢﴾

ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ مۇساغا نىدا قىلدى: «سەن زالىم قەۋمگە بارغىن﴿10﴾. (ئۇلار)
پىرئەۋننىڭ قەۋمىدۇر، ئۇلار (ﷲ نىڭ جازالىشىدىن) قورقىمامدۇ؟»﴿11﴾. مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم!
مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقىمەن﴿12﴾. (ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن)
يۈرىكىم سىقىلىدۇ، تىلىم كېكەچ، شۇڭا (ماڭا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن) ھارۇننى (پەيغەمبەر) قىلىپ
ئەۋەتكىن﴿13﴾. (ئۇلارنىڭ دەۋاسىچە) ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گۇناھىم بار، ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشىدىن
قورقىمەن»﴿14﴾. ﷲ ئېيتتى: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى سېنى ئۇلار ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيدۇ)،
سىلەر مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە (مۇنازىرەڭلارنى) ئاڭلاپ
تۇرىمىز﴿15﴾. سىلەر پىرئەۋنگە بېرىپ: بىز ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىسىمىز﴿16﴾.
ئىسرائىل ئەۋلادىنى (قۇللۇقۇڭدىن) بوشاتقىن، ئۇلار بىز بىلەن (شامغا) كەتسۇن دەڭلار»﴿17﴾. (ئۇلار
پىرئەۋنگە كېلىپ ئەلچىلىكنى يەتكۈزدى) پىرئەۋن (مۇساغا) ئېيتتى: «سېنى بىز ئۆيۈمىزدە كىچىكىڭدىن
تەربىيىلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟ ئارىمىزدا كۆپ يىللار تۇرمىدىڭمۇ؟﴿18﴾ سەن ھېلىقى قىلغان ئىشىڭنى
قىلمىدىڭمۇ؟ (يەنى قىبتىنى ئۆلتۈرمىدىڭمۇ؟) سەن تۇزكورلاردىنسەن»﴿19﴾. مۇسا ئېيتتى: «مەن ئۇ
ئىشنى قىلغان چېغىمدا نادانلاردىن ئىدىم﴿20﴾. سىلەردىن قورقۇپ، سىلەردىن قاچتىم، پەرۋەردىگارىم
ماڭا ھېكمەت ئاتا قىلدى، مېنى پەيغەمبەر قىلدى﴿21﴾. سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلدىڭ،
سېنىڭ ماڭا مىننەت قىلغان نېمىتىڭ ئەنە شۇدۇر»﴿22﴾

## مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ ئارىسىدا بولغان ئىشلار

اﷲ تائالا بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە بىۋاستە سۆزلىگەن كىشىسى بولغان مۇسا ئىبنى ئىمران ئەلەيھىسسالامنى تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن چاقىرغاندا، ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلاشقاندا، ئۇنى پەيغەمبەر قىلغاندا ۋە پەيغەمبەرلىككە تاللىغاندا، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ قېشىغا بېرىشقا بۇيرۇغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ مۇساغا نىدا قىلدى: «سەن زالىم قەۋمگە بارغىن، (ئۇلار) پىرئەۋننىڭ قەۋمىدۇر، ئۇلار (اﷲ نىڭ جازالىشىدىن) قورقمامدۇ؟»، مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقىمەن، (ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن) يۈرىكىم سىقىلىدۇ، تىلىم كېكەچ، شۇڭا (ماڭا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن) ھارۇننى (پەيغەمبەر) قىلىپ ئەۋەتكىن، (ئۇلارنىڭ دەۋاسىچە) ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گۇناھىم بار، ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن»﴾ يەنى بۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزرىلىرى بولۇپ، اﷲ تائالادىن بۇلارنى ئۆزىدىن يوقىتىۋېتىشنى تىلىدى. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن)، مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن، تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن، ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن، ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن، مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن، بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز، ساڭا كۆپ زىكرى ئېيتقايمىز، سەن ھەقىقەتەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن»، اﷲ ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغان نەرسىلىرىڭ ساڭا بېرىلدى﴾[1].

﴿(ئۇلارنىڭ دەۋاسىچە) ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گۇناھىم بار، ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن»﴾ يەنى مەن ھېلىقى مىسىرلىقنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىمنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرلىقنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ئۇنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانىدى.

﴿اﷲ ئېيتتى: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى سېنى ئۇلار ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيدۇ)﴾ يەنى سەن بۇلاردىن ئازراقمۇ قورقمىغىن. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿اﷲ ئېيتتى: «قېرىندىشىڭ ئارقىلىق سېنى كۈچەيتىمىز، ئىككىڭلارنى غالىب قىلىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىككىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، سىلەر ئىككىڭلار ۋە ئىككىڭلارغا ئەگەشكەنلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئارقىلىق غەلىبە قىلىسىلەر»﴾[2].

﴿سىلەر مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە (مۇنازىرەڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرىمىز﴾ اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿اﷲ ئېيتتى: «سىلەر قورقماڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە (ئۇنىڭ سىلەرگە بەرگەن جاۋابىنى) ئاڭلاپ تۇرىمەن، (ئۇنىڭ سىلەرگە قىلىدىغانلىرىنى) كۆرۈپ تۇرىمەن﴾[3] يەنى ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى قوغداش، ياردەم بېرىش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئارقىلىق سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن.

﴿سىلەر پىرئەۋنگە بېرىپ: بىز ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىسىمىز (دەڭلار)﴾

(1) تاھا سۈرىسى 25 ـ 36 ـ ئايەتكىچە.
(2) قەسەس سۈرىسى 35 ـ ئايەت.
(3) تاھا سۈرىسى 46 ـ ئايەت.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ، "بىز ئىككىمىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز (دەڭلار)﴾[1] يەنى بىزنىڭ ھەر بىرىمىز ساڭا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردۇرمىز.

**﴿ئىسرائىل ئەۋلادىنى (قۇللۇقۇڭدىن) بوشاتقىن، ئۇلار بىز بىلەن (شامغا) كەتسۇن دەڭلار»﴾** يەنى سەن ئۇلارنى ئاسارەت ئاستىغا ئېلىش، چىڭ تۇتۇۋېلىش، بېسىم ئاستىغا ئېلىش ۋە ئازابلىشىڭدىن قويۇۋەتكىن. چۈنكى، ئۇلار الله تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرى ۋە ئىخلاسمەن گورۇھلىرىدۇر. ئۇلار قېشىڭدا خارلىغۇچى ئازابنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇلارنى پىرئەۋنگە دېگەن ۋاقىتىدا، پىرئەۋن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەتلەش ۋە كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قاراپ مۇنداق دېدى: **﴿«سېنى بىز ئۆيۈمىزدە كىچىكىڭدىن تەربىيىلەپ چوڭ قىلمىدۇقمۇ؟ ئارىمىزدا كۆپ يىللار تۇرمىدىڭمۇ؟﴾** يەنى بىلىپ قويغىنكى، بىز سېنى ئىچىمىزدە، ئۆيۈمىزدە تۇرغۇزۇپ ۋە كۆرپىلىرىمىزدە ياتقۇزۇپ، تەربىيىلەپ چوڭ قىلدۇق. ساڭا بىر نەچچە يىل تاماق بەردۇق ۋە باشقا نېمەتلەردىنمۇ ھۇزۇرلاندۇردۇق. كېيىن سەن قىلغان مۇشۇ نېمەتلىرىمىزنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ ۋە بىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىمىزغا تۇزكورلۇق قىلدىڭ. شۇڭا پىرئەۋن مۇنداق دېدى: **﴿سەن تۇزكورلاردىنسەن»﴾**.

**﴿مۇسا ئېيتتى: «مەن ئۇ ئىشنى قىلغان چېغىمدا نادانلاردىن ئىدىم﴾** يەنى مەن بۇلارنى قىلغان ۋاقتىمدا، الله تائالا ماڭا تېخى ۋەھيي قىلمىغان ۋە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى بەرمىگەن ئىدى.

**﴿سىلەردىن قورقۇپ، سىلەردىن قاچتىم، پەرۋەردىگارىم ماڭا ھېكمەت ئاتا قىلدى، مېنى پەيغەمبەر قىلدى﴾** يەنى بۇ قېتىمدىكى ئىش بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. الله تائالا مېنى ساڭا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئەگەر مەن الله تائالاغا بويسۇنسام، (الله تائالانىڭ غەزىۋىدىن) قوتۇلۇپ قالىمەن. ئەگەر الله تائالاغا قارشى چىقسام، ھالاك بولىمەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنگە يەنە مۇنداق دېدى: **﴿سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلدىڭ، سېنىڭ ماڭا مىننەت قىلغان نېمىتىڭ ئەنە شۇدۇر»﴾** يەنى سەن ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭ ۋە مېنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلغانلىقىڭنىڭ ئورنىغا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەسكىلىك قىلدىڭ. ئۇلارنى خىزمەتلىرىڭگە ۋە قىيىن ئىشلىرىڭغا سالىدىغان قۇل ۋە خىزمەتكارلار قىلدىڭ. ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەمگە قىلغان ياخشىلىقىڭ پۈتۈن ئىسرائىل ئەۋلادىغا قىلغان ئەسكىلىكىڭنىڭ ئورنىنى باسالامدۇ؟ سېنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۇلارغا قىلغان يامانلىقىڭنىڭ ئالدىدا ھېچقانچە نەرسە ئەمەس.

* * * * * * *

قَالَ فِرْعَوْنُ وَمَا رَبُّ الْعَالَمِينَ ﴿٢٣﴾ قَالَ رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا إِنْ كُنْتُمْ مُوقِنِينَ ﴿٢٤﴾ قَالَ لِمَنْ حَوْلَهُ أَلَا تَسْتَمِعُونَ ﴿٢٥﴾ قَالَ رَبُّكُمْ وَرَبُّ آبَائِكُمُ الْأَوَّلِينَ ﴿٢٦﴾ قَالَ إِنَّ رَسُولَكُمُ الَّذِي أُرْسِلَ إِلَيْكُمْ لَمَجْنُونٌ ﴿٢٧﴾ قَالَ رَبُّ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَمَا بَيْنَهُمَا إِنْ كُنْتُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٢٨﴾

پىرئەۋن ئېيتتى: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نېمە؟»﴿23﴾. مۇسا ئېيتتى: «ئۇ

(1) تاھا سۈرىسى 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار»﴿24﴾. پىرئەۋن چۆرىسىدىكىلەرگە: «(ئۇنىڭ جاۋابىنى) ئاڭلاۋاتامسىلەر؟» دېدى﴿25﴾. مۇسا ئېيتتى: «(ئۇ) سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر ۋە سىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»﴿26﴾. پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەرگە ئەۋەتىلگەن (بۇ) ئەلچى ئەلۋەتتە مەجنۇندۇر»﴿27﴾. مۇسا ئېيتتى: «(ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار»﴿28﴾.

الله تائالا پىرئەۋننىڭ كاپىرلىقىدىن، بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن ۋە ئىنكار قىلىشلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پىرئەۋن ئېيتتى: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نېمە؟»**﴾ پىرئەۋننىڭ مۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ قەۋمىگە بۇرۇن مۇنداق دەيدىغانلىقى ئۈچۈندۇر: ﴿«ئى كاتتىلار! مەن ئۆزەمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھىڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن﴾[1]، ﴿پىرئەۋن قەۋمىنى گوللىغانلىقتىن، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى﴾[2] يەنى ئۇلار الله تائالانى ئىنكار قىلاتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ پىرئەۋندىن باشقا پەرۋەردىگارى يوق دەپ ئويلايتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنگە: ﴿مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرمەن﴾[3] دېگەن ۋاقىتىدا، پىرئەۋن ئۇنىڭغا: مەندىن باشقا ئۆزىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دەپ ئويلىغان ئۇ كىشىڭ كىم؟ ـ دېدى.

سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ھەتتا سۇددى: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ: ﴿(ئۇلار پىرئەۋنگە كېلىپ الله تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان نەرسىلەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن) پىرئەۋن: «ئى مۇسا، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار كىم؟» دېدى، مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى) كۆرسەتتى»﴾[4] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشايدۇ، ـ دېدى.

مەنتىقشۇناس ياكى باشقا ئىلىم ئەھلىدىن بولغان ئالىملاردىن كىمكى: پىرئەۋننىڭ بۇ سوئالى پەرۋەردىگارىنىڭ قانداق زات ئىكەنلىكى ھەققىدە سورىغان سوئالدۇر، ـ دەپ قارىسا، ئۇ شەكسىز خاتالاشقان بولىدۇ. چۈنكى، پىرئەۋن (ئاسمان ۋە زېمىننى) ياراتقان بىر زاتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭغا بارلىق پاكىت ـ ئىسپاتلار كەلتۈرۈلگەن تۇرۇقلۇق، الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇ يەنە قانداقمۇ پەرۋەردىگارىنىڭ زادى قانداق زات ئىكەنلىكى ھەققىدە سوئال سورايدۇ؟

پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ھەققىدە سوئال سورىغان ۋاقتىدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ﴿**«ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار»**﴾ يەنى ئەگەر سىلەردە ھەقىقىي ئىشەنگۈچى دىل ۋە چۈشەنگۈچى ئاڭ بولىدىغان بولسا، ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياراتقۇچى، بۇلارنىڭ ئىگىسى ۋە بۇلاردا خالىغىنىنى قىلغۇچى زاتتۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھىنىڭ ھېچ

(1) قەسەس سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەئراف سۈرىسى 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) تاھا سۈرىسى 49 ـ 50 ـ ئايەتلەر.

شېرىكى يوقتۇر. ئۇ بارلىق نەرسىلەرنى، ئاسمان ۋە ئۇنىڭدىكى ھەرىكەتسىز ياكى ھەرىكەتلىنىدىغان نۇرلۇق يۇلتۇزلارنى، زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكى دېڭىز، چۆل - باياۋانلار، تاغ - دەريا، دەل - دەرەخلەر، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە مېۋىلەرنى، ئاسمان - زېمىننىڭ ئارىسىدىكى ھاۋا، ئۇچار قۇشلارنى ۋە بۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى ياراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغۇچى ۋە ئۇنىڭغا باش ئەگكۈچى نەرسىلەردۇر.

بۇ ۋاقىتتا پىرئەۋن قېشىدىكى دۆلەتمەن كىشىلىرىگە قاراپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مازاق قىلغان، مەسخىرە قىلغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئاساستا مۇنداق دېدى: ﴿«(ئۇنىڭ جاۋابىنى) ئاڭلاۋاتامسىلەر؟»﴾ يەنى سىلەر بۇنىڭ سىلەرگە مەندىن باشقا بىر ئىلاھ بار دېگەن گېپىدىن ھەيران قالمىدىڭلارمۇ؟ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ﴿«(ئۇ) سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر ۋە سىلەرنىڭ ئاتا - بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»﴾ يەنى ئۇ سىلەرنى، پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ زامانىسىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئاتا - بوۋاڭلارنى ياراتقان زاتتۇر.

پىرئەۋن ئادەملىرىگە مۇنداق دېدى: ﴿«سىلەرگە ئەۋەتىلگەن (بۇ) ئەلچى ئەلۋەتتە مەجنۇندۇر»﴾ يەنى ئۇ پىرئەۋندىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ بارلىقى توغرىسىدىكى دەۋاسىدا ئەقىلسىزدۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن تەرىپىدىن شۈبھىلەندۈرۈلۈپ، قايمۇقتۇرۇلغان كىشىلەرگە مۇنداق دېدى: ﴿«(ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار»﴾ يەنى ئۇ، مەيلى ھەرىكەتلەنمەيدىغان ياكى ھەرىكەتلىنىدىغان يۇلتۇزلار بولسۇن، مەشرىقنى يۇلتۇزلارنىڭ چىقىش ئورنى، مەغرىبنى كىرىپ كېتىش ئورنى قىلدى. الله تائالا مۇشۇ قانۇنىيەت بىلەن يۇلتۇزلارنى بېكىتتى ۋە بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئەگەر ئۆزىنى سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ۋە ئىلاھىڭلار دەپ ئويلىغان كىشى قىلغان بۇ دەۋاسىدا راستچىل بولسا، بۇ ئىشلارنى تەتۈرىسىگە قىلىپ، مەشرىقنى يۇلتۇزلارنىڭ كىرىپ كېتىش ئورنى، مەغرىبنى ئۇلارنىڭ چىقىش ئورنى قىلىپ باقسۇن.

الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، الله نىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى زاماندا ئىبراھىم (الله نىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ): « مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېدى. ئۇ: «مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى (نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): «الله ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1] شۇڭا پىرئەۋن مەغلۇب بولۇپ، ھېچقانداق پاكىت كەلتۈرەلمەي قالغاندا، ئۆزىنىڭ يۈز - ئابرويىنى، كۈچىنى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى ئىشلىتىشكە بۇرۇلۇپ، بۇنداق قىلىشىم ماڭا پايدا بېرىدۇ ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەسىر قىلىدۇ دەپ ئويلىدى. الله تائالا پىرئەۋننىڭ بۇ قىلمىشىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى:

(1) بەقەرە سۈرىسى 258 - ئايەت.

*******

قَالَ لَئِنِ ٱتَّخَذۡتَ إِلَٰهًا غَيۡرِي لَأَجۡعَلَنَّكَ مِنَ ٱلۡمَسۡجُونِينَ ﴿٢٩﴾ قَالَ أَوَلَوۡ جِئۡتُكَ بِشَيۡءٖ مُّبِينٖ ﴿٣٠﴾ قَالَ فَأۡتِ بِهِۦٓ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٣١﴾ فَأَلۡقَىٰ عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ ثُعۡبَانٞ مُّبِينٞ ﴿٣٢﴾ وَنَزَعَ يَدَهُۥ فَإِذَا هِيَ بَيۡضَآءُ لِلنَّٰظِرِينَ ﴿٣٣﴾ قَالَ لِلۡمَلَإِ حَوۡلَهُۥٓ إِنَّ هَٰذَا لَسَٰحِرٌ عَلِيمٞ ﴿٣٤﴾ يُرِيدُ أَن يُخۡرِجَكُم مِّنۡ أَرۡضِكُم بِسِحۡرِهِۦ فَمَاذَا تَأۡمُرُونَ ﴿٣٥﴾ قَالُوٓاْ أَرۡجِهۡ وَأَخَاهُ وَٱبۡعَثۡ فِي ٱلۡمَدَآئِنِ حَٰشِرِينَ ﴿٣٦﴾ يَأۡتُوكَ بِكُلِّ سَحَّارٍ عَلِيمٖ ﴿٣٧﴾

پىرئەۋن ئېيتتى: «ئەگەر مەندىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىندانغا تاشلايمەن» ﴿29﴾. مۇسا ئېيتتى: «(مېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىل كەلتۈرسەممۇ (زىندانغا تاشلامسەن؟)» ﴿30﴾. پىرئەۋن ئېيتتى: «ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسا روشەن دەلىلىڭنى كەلتۈرگىن» ﴿31﴾. مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ناگاھان ئۇ پئوچۇق ئەجدىھاغا ئايلاندى ﴿32﴾. مۇسا (قوينىدىن) قولىنى چىقىرىۋىدى، ناگاھان ئۇ قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقناپ تۇرىدىغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى ﴿33﴾. پىرئەۋن چۆرىسىدىكى (قەۋمىنىڭ) چوڭلىرىغا ئېيتتى: «بۇ ھەقىقەتەن ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن ﴿34﴾. ئۇ سېھىر ئارقىلىق سىلەرنى زېمىنىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماقچى، (بۇ ھەقتە) نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟» ﴿35﴾. ئۇلار ئېيتتى: «(ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تەخىر قىلغىن، شەھەرلەرگە (سېھىرگەرلەرنى) يىغقۇچى كىشىلەرنى ئەۋەتكىن ﴿36﴾. ئۇلار سېنىڭ ھوزۇرۇڭغا ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلسۇن» ﴿37﴾.

پىرئەۋن دەلىل ۋە ئەقلىي پاكىتنىڭ ئالدىدا ئاجىز كەلگەندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە ھوقۇقى بىلەن بېسىقتۇرۇشقا ئۆتۈپ ۋە مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق (مۇسا ئەلەيھىسسالامنى) جىمىقتۇرماقچى بولۇپ مۇنداق دېدى: ﴿«ئەگەر مەندىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىندانغا تاشلايمەن»﴾ بۇ ۋاقىتتا، مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ﴿«(مېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىل كەلتۈرسەممۇ (زىندانغا تاشلامسەن؟)»﴾ ﴿پىرئەۋن ئېيتتى: «ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسا روشەن دەلىلىڭنى كەلتۈرگىن»، مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ناگاھان ئۇ پئوچۇق ئەجدىھاغا ئايلاندى﴾ يەنى ناھايىتى روشەن ھالدا، پۇتلىرى، چوڭ ئېغىزى بار ۋە قورقۇنچلۇق بىر يىلانغا ئايلاندى.

﴿مۇسا (قوينىدىن) قولىنى چىقىرىۋىدى، ناگاھان ئۇ قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقناپ تۇرىدىغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى﴾ يەنى قول خۇددى ئاينىڭ پارچىسىدەك نۇر چاقناپ تۇرىدىغان (ئاپئاق) بولۇپ كۆرۈندى. پىرئەۋن بەتبەختلىكى بىلەن ئىنكار ۋە تەرسالىق قىلىشقا يۈزلىنىپ، ئەتراپىدىكى ئادەملىرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا مۇنداق دېدى: ﴿«بۇ ھەقىقەتەن ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن﴾ يەنى پىرئەۋن: مۇسا سېھىر كۆرسىتىشتە ماھىر ئىكەن دەپ، ئۇلارغا بۇ ئىشنى مۆجىزە ئەمەس، سېھىر قىلىپ كۆرسەتتى.

ئاندىن پىرئەۋن ئۇلارنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇشقا ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ سېھىر ئارقىلىق سىلەرنى زېمىنىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماقچى، (بۇ ھەقتە) نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟»﴾ يەنى ئۇ مۇشۇ ئىشى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۆزىگە تارتىپ، قېشىغا كۆپلىگەن ياردەمچىلەر ۋە ئەگەشكۈچىلەرنى توپلاپ، دۆلىتىڭلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، سىلەردىن

دۆلىتىڭلارنى تارتىۋالماقچى. شۇڭا سىلەر ماڭا ئۇنىڭ توغرىسىدا قانداق ئىش قىلىشىمغا مەسلىھەت بېرىسىلەر؟ ـ دېدى.

﴿**ئۇلار ئېيتتى: «(ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تەخىر قىلغىن، شەھەرلەرگە (سېھىرگەرلەرنى) يىغقۇچى كىشىلەرنى ئەۋەتكىن، ئۇلار سېنىڭ ھوزۇرۇڭغا ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلسۇن»**﴾ يەنى ئۇلار پىرئەۋنگە: سەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئىشىنى دۆلىتىڭنىڭ شەھەرلىرىدىن ۋە ھەرقايسى رايونلىرىدىن ئۇنىڭغا قارشى تۇرالايدىغان ۋە ئۇ قىلغان سېھىرنى قىلالايدىغان ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەرلەر يىغىلىپ بولغانغا قەدەر كېچىكتۈرگىن. (سېھىرگەرلەر كەلسە) سەن غەلىبە قىلىسەن ۋە غەلىبە ساڭا مەنسۇپ بولىدۇ، ـ دېدى. پىرئەۋن بۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلدى.

بارلىق كىشىلەرنىڭ بىر مەيدانغا توپلىنىشى ۋە الله تائالانىڭ مۆجىزىلىرى، ھۆججەت ـ پاكىتلىرى كىشىلەرگە كۈپ ـ كۈندۈزدە ئاشكارا بولۇپ مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە مۇشۇنداق مەسلىھەت بېرىشنى سالدى.

*******

فَجُمِعَ ٱلسَّحَرَةُ لِمِيقَـٰتِ يَوْمٍ مَّعْلُومٍ ﴿٣٨﴾ وَقِيلَ لِلنَّاسِ هَلْ أَنتُم مُّجْتَمِعُونَ ﴿٣٩﴾ لَعَلَّنَا نَتَّبِعُ ٱلسَّحَرَةَ إِن
كَانُوا۟ هُمُ ٱلْغَـٰلِبِينَ ﴿٤٠﴾ فَلَمَّا جَآءَ ٱلسَّحَرَةُ قَالُوا۟ لِفِرْعَوْنَ أَئِنَّ لَنَا لَأَجْرًا إِن كُنَّا نَحْنُ ٱلْغَـٰلِبِينَ ﴿٤١﴾ قَالَ نَعَمْ
وَإِنَّكُمْ إِذًا لَّمِنَ ٱلْمُقَرَّبِينَ ﴿٤٢﴾ قَالَ لَهُم مُّوسَىٰٓ أَلْقُوا۟ مَآ أَنتُم مُّلْقُونَ ﴿٤٣﴾ فَأَلْقَوْا۟ حِبَالَهُمْ وَعِصِيَّهُمْ وَقَالُوا۟
بِعِزَّةِ فِرْعَوْنَ إِنَّا لَنَحْنُ ٱلْغَـٰلِبُونَ ﴿٤٤﴾ فَأَلْقَىٰ مُوسَىٰ عَصَاهُ فَإِذَا هِىَ تَلْقَفُ مَا يَأْفِكُونَ ﴿٤٥﴾ فَأُلْقِىَ ٱلسَّحَرَةُ
سَـٰجِدِينَ ﴿٤٦﴾ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا بِرَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿٤٧﴾ رَبِّ مُوسَىٰ وَهَـٰرُونَ ﴿٤٨﴾

مۇئەييەن كۈندىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا سېھىرگەرلەر توپلاندى﴿38﴾. كىشىلەرگە: «سىلەر يىغىلىپ بولدۇڭلارمۇ؟ ئەگەر سېھىرگەرلەر غالىب چىقسا ئۇلارغا بويسۇنۇشىمىز مۇمكىن» دېيىلدى﴿39 ـ 40﴾. سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار پىرئەۋنگە: «ئەگەر غەلىبە قىلساق بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېدى﴿41﴾. پىرئەۋن: «ھەئە، ئۇ چاغدا (سىلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن ئادەملىرىمدىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدى﴿42﴾. مۇسا ئۇلارغا: «تاشلايدىغان نەرسەڭلارنى تاشلاڭلار!» دېدى﴿43﴾. ئۇلار ئارغامچىلىرىنى، ھاسىسىلىرىنى تاشلىدى. ئۇلار: «پىرئەۋننىڭ كاتتىلىقى بىلەن قەسەمكى، بىز شەك ـ شۈبھىسىز غەلىبە قىلىمىز» دېدى﴿44﴾. مۇسا ھاسىسىنى تاشلىدى، (ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى يۇتۇۋەتتى﴿45﴾. سېھىرگەرلەر سەجدىگە باردى﴿46﴾. ئۇلار: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ـ مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا ـ ئىمان ئېيتتۇق» دېدى﴿47 ـ 48﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سېھىرگەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلار

الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مىسىرلىق سېھىرگەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇنازىرىنى ئەئراف، تاھا سۈرىلىرىدە ۋە بۇ سۈرىدە بايان قىلدى. بۇنداق قىلىشى مىسىرلىقلار الله نىڭ نۇرىنى (يەنى

ئىسلام دىنىنى) ئېغىزلىرى (يەنى يالغان ـ ياۋىداق بوھتانلىرى) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولغاندا، كاپىرلار (بۇنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اللّٰه نىڭ ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلغانلىقى ئۇچۇندۇر. مانا بۇ، كۇفرى بىلەن ئىماننىڭ ئىشىدۇر. كۇفرى بىلەن ئىمان قاچانكى، يۈزمۇ يۈز بولسا، ئىمان ھامان غەلىبە قىلىدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز ھەق ئارقىلىق باتىلغا ھۇجۇم قىلىمىز، ھەق باتىلنى يوقىتىدۇ، باتىل ناگاھان يوقىلىدۇ، (ئى كۇففارلار جامائەسى! اللّٰه نى بالىسى بار، خوتۇنى بار دەپ) سۈپەتلىگەن سۆزۈڭلاردىن سىلەرگە ۋاي!﴾[1]، ﴿«ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ» دېگىن﴾[2].

سېھىرگەرلەرمۇ مىسىرنىڭ ھەر قايسى شەھەر رايونلىرىدىن كېلىپ يىغىلدى. ئۇلار شۇ زامانىنىڭ ئەڭ ئۇستا ۋە ماھىر سېھىرگەرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى اللّٰه تائالا ئۆزى بىلىدۇ. كىشىلەرمۇ شۇ كۈنى (مەيدانغا) توپلىنىشقا ئۈندىلدى ۋە مۇنداق دېدى: **﴿ئەگەر سېھىرگەرلەر غالىب چىقسا ئۇلارغا بويسۇنۇشىمىز مۇمكىن»﴾** يەنى كىشىلەر: ھەق مەيلى سېھىرگەرلەر تەرەپتە ياكى مۇسا ئەلەيھىسسالام تەرەپتە بولسۇن، بىز ھەققە بويسۇنۇشىمىز مۇمكىن، ـ دېمىدى. (چۈنكى) خەلق دېگەن پادىشاھىنىڭ دىنىدا بولىدۇ.

**﴿سېھىرگەرلەر پىرئەۋنىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە﴾** يەنى پىرئەۋنگە چېدىر تىكىلىپ بېرىلدى. ئۇ خىزمەتچىلىرىنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى، ئەمىر-ۋەزىرلىرىنى، دۆلەتنىڭ كاتتىباشلىرىنى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغقان ئىدى. سېھىرگەرلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئەگەر ئۆزلىرى بۇ ئىشتا غەلىبە قىلسا، ئۆزلىرىگە مۇكاپات بېرىشنى ۋە ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن قىلىشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿«ئەگەر غەلىبە قىلساق بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟»﴾** پىرئەۋن ئۇلارغا بۇ جاۋابنى بەردى: **﴿«ھەئە، ئۇ چاغدا (سىلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن ئادەملىرىمدىن بولۇپ قالىسىلەر»﴾** يەنى سىلەر مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىمدىن ۋە سۆھبەتداشلىرىمدىن بولۇپ قالىسىلەر. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانىغا كىردى.

﴿ئۇلار ئېيتتى: «ئى مۇسا! (ھاساڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن؟ ياكى (ئارغامچا ـ ھاسىلىرىمىزنى) بىز ئاۋۋال تاشلامدۇق؟»، مۇسا: «بەلكى سىلەر ئاۋۋال تاشلاڭلار!» دېدى﴾[3] بۇ بايان بۇ يەردە قىسقارتىلىپلا ئېلىنىدى (قىسقارتىۋېتىلدى). مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: **﴿«تاشلايدىغان نەرسەڭلارنى تاشلاڭلار!»﴾**

**﴿ئۇلار ئارغامچىلىرىنى، ھاسىلىرىنى تاشلىدى. ئۇلار: «پىرئەۋنىنىڭ كاتتىلىقى بىلەن قەسەمكى، بىز شەك شۈبھىسىز غەلىبە قىلىمىز» دېدى﴾** يەنى سېھىرگەرلەرنىڭ دېگەن بۇ گېپى كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى نادانلارنىڭ: "بۇ ئىش پالانى كىشىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن شۇنداق بولدى ياكى بولىدۇ" دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ.

اللّٰه تائالا بۇ قىسسىنى ئەئراف سۈرىسىدە بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلارنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئۇلارنى (يەنى كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى، ئۇلار

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 18 ـ ئايەت.
(2) ئىسرا سۈرىسى 81 ـ ئايەت.
(3) تاھا سۈرىسى 65 ـ ئايەت ۋە 66 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە) چوڭ (كۆرۈنىدىغان) سېھىرنى كۆرسەتتى﴾[1] ۋە تاھا سۈرىسىدە مۇنداق بايان قىلدى: ﴿(ئۇلار تاشلىغان ئىدى) ناگاھان ئۇلارنىڭ ئارغامچىلىرى، ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھىرىدىن (يەنى سېھىرنىڭ تەسىرىدىن) ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، (بۇنىڭدىن) مۇسا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى، بىز (ئۇنىڭغا) ئېيتتۇقكى، «قورقمىغىن، سەن چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسەن، قولۇڭدىكىنى تاشلىغىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھىرگەرلەرنىڭ ھىيلىسىدۇر، سېھىرگەرلەر قەيەرگە بارسا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ»﴾[2].

الله تائالا بۇ سۈرىدە مۇنداق دېدى: **﴿مۇسا ھاسىسىنى تاشلىدى، (ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى يۇتۇۋەتتى﴾** يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى مىسىر زېمىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن يىغىپ كېلىنگەن سېھىرگەرلەرنىڭ تاشلىغان نەرسىلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي يۇتۇۋېتىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرى بەربات بولدى، بۇ يەردە ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمى) مەغلۇپ بولدى، خار بولغان ھالدا (شەھەرگە) قايتتى، سېھىرگەرلەر سەجدىگە باردى، ئۇلار دېدى: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق، مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا (ئىمان ئېيتتۇق»)﴾[3] پىرئەۋن "غەلىبە قىلىدۇ" دېگەن ئۈمىد بىلەن ماھارەت مەيدانىغا يىغىپ ئەكەلگەن سېھىرگەرلەرنىڭ مەغلۇب بولۇشى بولسا، ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىشكە ئورۇن قويمايدىغان كاتتا بىر ئىش، پاكىت ۋە كۈچلۈك ھۆججەت بولدى. سېھىرگەرلەر مۇشۇنداق ھەل قىلغۇچ بىر پەيتتە مۇساغا ئىمان ئېيتتى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇندى. مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنى ھەقىقەت ۋە مۆجىزە بىلەن ئەۋەتكەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان الله تائالاغا سەجدە قىلدى. پىرئەۋن بولسا، ھېچكىم قالمىغان سەت رەسۋاچىلىققا چۈشۈپ قالدى.

پىرئەۋنگە الله تائالانىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ھەممە كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن! پىرئەۋن يېڭىلگەندىن كېيىن چوڭلۇق، تەرسالىق، تۆھمەت ۋە تۇزكورلۇق قىلىشقا ئۆتۈپ، ئۇلارغا تەھدىد سېلىشقا باشلاپ مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، ئۇ چوقۇم سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن، مەن چوقۇم سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى، پۇتلىرىڭلارنى ئوڭ ـ چەپ قىلىپ (يەنى ئوڭ قول بىلەن سول پۇتنى، ئوڭ پۇت بىلەن سول قولنى) كېسىپ تاشلايمەن، سىلەرنى چوقۇم خورما دەرەخلىرىگە ئاسىمەن، سىلەر قايسىمىزنىڭ (يەنى مېنىڭ ياكى مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ) ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىسىلەر»﴾[4]، ﴿بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ شەھەر (يەنى مىسىر) دىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن (مۇسا بىلەن بىرلىشىپ) ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلاردۇر (سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر﴾[5].

*******

(1) ئەئراف سۈرىسى 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تاھا سۈرىسى 66 ـ 69 ـ ئايەتكىچە.
(3) ئەئراف سۈرىسى 118 ـ 122 ـ ئايەتكىچە.
(4) تاھا سۈرىسى 71 ـ ئايەت.
(5) ئەئراف سۈرىسى 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قَالَ ءَامَنتُمْ لَهُۥ قَبْلَ أَنْ ءَاذَنَ لَكُمْ ۖ إِنَّهُۥ لَكَبِيرُكُمُ ٱلَّذِى عَلَّمَكُمُ ٱلسِّحْرَ فَلَسَوْفَ تَعْلَمُونَ ۚ لَأُقَطِّعَنَّ أَيْدِيَكُمْ وَأَرْجُلَكُم مِّنْ خِلَٰفٍ وَلَأُصَلِّبَنَّكُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٤٩﴾ قَالُوا۟ لَا ضَيْرَ ۖ إِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا مُنقَلِبُونَ ﴿٥٠﴾ إِنَّا نَطْمَعُ أَن يَغْفِرَ لَنَا رَبُّنَا خَطَٰيَٰنَآ أَن كُنَّآ أَوَّلَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٥١﴾

پىرئەۋن: «مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ سىلەر مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلار، ئۇ چوقۇم سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن باشلىقىڭلار ئىكەن، (سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۇزۇنغا قالماي بىلىسىلەر، قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى چوقۇم ئوڭ ـ چەپ قىلىپ (يەنى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى سول قولۇڭلار بىلەن ئوڭ پۇتۇڭلارنى) كېسىمەن، ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئاسىمەن» دېدى﴿49﴾. سېھىرگەرلەر: «(بۇنىڭدىن بىزگە) ھېچ زىيان يوق، بىز ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز. بىز مۇساغا ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقۇچىلار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئەلۋەتتە ئۈمىد قىلىمىز» دېدى﴿50 ـ 51﴾.

## پىرئەۋن بىلەن سېھىرگەرلەرنىڭ ئارىسىدا بولغان ئىشلار

پىرئەۋن سېھىرگەرلەرگە تەھدىت سالدى. سالغان تەھدىدى ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمىدى. پىرئەۋن ئۇلارغا تەھدىت سالغانسېرى ئۇلارنىڭ (الله تائالاغا بولغان) ئىمانى ۋە بويسۇنۇشى تېخىمۇ كۈچەيدى. سەۋەبى ئۇلارنىڭ دىللىرىدىن كۇپۇرلۇقنىڭ پەردىسى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار قەۋمى بىلمىگەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى پەقەت الله تائالا ياردەم بەرگەن ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتتە ئۆزىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پاكىت قىلىپ بەرگەن كىشىنىڭلا مەيدانغا چىقىرالايدىغان بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ سېھىرگەرلىككە دائىر بىلىملىرى ئارقىلىق چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى.

شۇڭا پىرئەۋن ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ﴿«مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ سىلەر مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلار﴾ يەنى سىلەر ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتماقچى بولغاندا مەندىن رۇخسەت سورىشىڭلار لازىم ئىدى. مېنىڭ مەسلىھەتىمنى ئالماستىن ئىمان ئېيتساڭلار بولمايتتى. مەن سىلەرگە رۇخسەت قىلسام، ئاندىن ئىمان ئېيتىشىڭلار، بولمىسا ئېيتماسلىقىڭلار كېرەك ئىدى. چۈنكى، مەن (بارلىق كىشى ماڭا بويسۇنىدىغان)ھاكىممەن.

﴿ئۇ چوقۇم سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن باشلىقىڭلار ئىكەن، (سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۇزۇنغا قالماي بىلىسىلەر﴾ يەنى بۇ، ئۇنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلىدىغان پىرئەۋننىڭ قىلغان چوڭچىلىقىدۇر. چۈنكى، سېھىرگەرلەر ئۇ كۈندىن بۇرۇن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر يەرگە كېلىپ باقمىغان تۇرسا، مۇسا ئەلەيھىسسالام قانداق قىلىپ ئۇلارغا سېھىر ئۆگەتكەن (سېھىرگەرلەرنىڭ باشلىقى) بولسۇن؟ ئازراق ئەقلى بار كىشى بۇ گەپنى ھەرگىزمۇ دېمەيدۇ.

ئاندىن پىرئەۋن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ۋە پۇتلىرىنى كېسىۋېتىدىغانلىقى ۋە دارغا ئاسىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سېلىپ مۇنداق دېدى: ﴿قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى چوقۇم ئوڭ ـ چەپ قىلىپ (يەنى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى سول قولۇڭلار بىلەن ئوڭ پۇتۇڭلارنى) كېسىمەن، ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئاسىمەن»﴾.

سېھىرگەرلەر مۇنداق دېدى: ﴿«(بۇنىڭدىمۇ بىزگە) ھېچ زىيان يوق﴾ يەنى بۇ بىزگە ھېچقانداق زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ. بىز بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايمىز.

﴿**بىز ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز**﴾ يەنى ئاخىر قايتىدىغان جاي بولسا الله تائالا تەرىپىدۇر. الله تائالا كىشىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقارمايدۇ. ئۇنىڭغا سېنىڭ بىزگە قىلغان قىلمىشلىرىڭمۇ مەخپىي قالمايدۇ. ئۇ پات ئارىدا بىزگە تولۇق ئەجىر بېرىدۇ.

شۇڭا ئۇلار مۇنداق دېدى: ﴿**بىز مۇساغا ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقۇچىلار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئەلۋەتتە ئۈمىد قىلىمىز»**﴾ يەنى بىز قىبتى قەۋمى ئىچىدە بۇرۇن ئىمان ئېيتقانلاردىن بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، الله تائالانىڭ بىزنىڭ بۇنىدىن بۇرۇن قىلىپ سالغان گۇناھلىرىمىزنى ۋە سېنىڭ بىزنى مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا سېھىر كۆرسەتكەنلىكىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى (ئەلۋەتتە) ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن، پىرئەۋن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىۋەتتى.

*******

۞ وَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنْ أَسْرِ بِعِبَادِىٓ إِنَّكُم مُّتَّبَعُونَ ﴿٥٢﴾ فَأَرْسَلَ فِرْعَوْنُ فِى ٱلْمَدَآئِنِ حَٰشِرِينَ ﴿٥٣﴾ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ لَشِرْذِمَةٌ قَلِيلُونَ ﴿٥٤﴾ وَإِنَّهُمْ لَنَا لَغَآئِظُونَ ﴿٥٥﴾ وَإِنَّا لَجَمِيعٌ حَٰذِرُونَ ﴿٥٦﴾ فَأَخْرَجْنَٰهُم مِّن جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿٥٧﴾ وَكُنُوزٍ وَمَقَامٍ كَرِيمٍ ﴿٥٨﴾ كَذَٰلِكَ وَأَوْرَثْنَٰهَا بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿٥٩﴾

بىز مۇساغا: «كېچىدە بەندىلىرىمنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ئېلىپ ئاتلانغىن. سىلەر ئەلۋەتتە قوغلىنىسىلەر، (يەنى پىرئەۋن ئۆز قەۋمى بىلەن سىلەرنى قوغلاپ چىقىدۇ)» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴿52﴾. پىرئەۋن شەھەرلەرگە (ئەسكەر) توپلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى﴿53﴾. (پىرئەۋن ئېيتتىكى) «بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن بىر ئوچۇم ئادەملەردۇر﴿54﴾. ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويىدى﴿55﴾. بىز ھەقىقەتەن ئېھتىياتچان جامائەمىز»﴿56﴾. بىز ئۇلارنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى) باغلاردىن، بۇلاقلاردىن، خەزىنىلەردىن ۋە ئېسىل تۇرالغۇدىن ئايرىۋەتتۇق﴿57ـ58﴾. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا مىراس قىلىپ بەردۇق﴿59﴾.

## ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى

مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردا خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە تۇردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردا تۇرغان شۇ ۋاقىتلاردا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە الله تائالانىڭ ھۆججەت ـ پاكىتلىرىنى كەلتۈردى. ئۇلار (شۇ ھۆججەت ـ پاكىتلارنىڭ ئالدىدىمۇ) يەنىلا چوڭلۇق ۋە تەرسالىق قىلدى. (شۇڭا) ئۇلار پەقەت ئازاب ۋە جازاغا لايىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئېلىپ كېچىدە مىسىردىن چىقىپ كېتىشكە ۋە ئۆزى تەرەپتىن قەيەرگە ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇلسا، ئۇلارنى شۇ يەرگە ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارى بۇيرۇغان ئىشنى قىلدى. ئىسرائىل ئەۋلادى پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن نۇرغۇنلىغان زىبۇ زىننەتلەرنى ئارىيەتكە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كۆپلىگەن تەپسىرشۇناس ئالىملار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى (مىسىردىن) ئېلىپ

444

چىقىپ كەتكەن ۋاقىت ئاي تۇغقان ۋاقىت ئىدى، ـ دەيدۇ. ئەمما مۇجاھىد: ئۇ كېچىسى ئاي تۇتۇلۇپ قالغان ئىدى، ـ دەيدۇ. توغرىسىنى بىلگۈچى الله تائالادۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالام يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، ئىسرائىل ئەۋلادى قەۋمىدىن بولغان بىر قېرى ئايال ئۇنىڭغا قەبرىنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام تاۋۇتنى ئىسرائىل ئەۋلادى بىلەن بىللە كۆتۈردى. بەزى رىۋايەتتە تاۋۇتنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىلا كۆتۈرگەن دەپ بايان قىلىندى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن بۇرۇن ئەگەر ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىردىن چىقىپ كەتسە، ئۆزىنىڭ تاۋۇتىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە ۋەسىيەت قىلغان ئىكەن. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا (شەھەردە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن) بىرمۇ ئادەمنىڭ قالمىغانلىقى كۆرگەن پىرئەۋن ناھايىتى ئاچچىقلاندى. الله تائالانىڭ پىرئەۋننى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت ھۆكمى بولغانلىقى ئۈچۈن، پىرئەۋننىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا بولغان قاتتىق غەزىپى ئۇنى ئەسكەر توپلاپ كېلىش ئۈچۈن، بارلىق ئاتارمەن، چاپارمەنلىرىنى تېزلا شەھەرگە ئەۋەتىشكە سەۋەبچى بولدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇنۇلارنى ئېلان قىلدى: **«بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن بىر ئوچۇم ئادەملەردۇر»** يەنى ئازغىنا كىشىلەردۇر.

**«ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويدى»** يەنى ئۇلار دائىم بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. **«بىز ھەقىقەتەن ئېھتىياتچان جامائەمىز»»** يەنى بىز ھەر قانداق چاغدا ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئېھتىيات قىلىپ تۇرۇشىمىز لازىم.

بىر تۈركۈم سەلەپ ئالىملىرى بۇ ئايەتنى باشقا بىر خىل قىرائەت بىلەن ئوقۇپ، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: پىرئەۋن: بىز قوراللانغان كىشىلەردۇرمىز. مەن ئۇلارنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنى قويماي يوقاتماقچىمەن، ـ دېگەن ئىدى. (لېكىن) ئىسرائىل ئەۋلادىغا يۈرگۈزمەكچى بولغان جازا بىلەن ئۆزى ۋە ئەسكەرلىرى جازالاندى دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دەيدۇ.

**«بىز ئۇلارنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى) باغلاردىن، بۇلاقلاردىن، خەزىنىلەردىن ۋە ئېسىل تۇرالغۇدىن ئايرىۋەتتۇق»** يەنى ئۇلار مۇشۇ نېمەتلەردىن ئايرىلىپ جەھەننەمگە كىردى. ئۇلار شۇ ئېسىل تۇرالغۇلارنى، باغۇ ـ بوستانلارنى، دەريالارنى، مال ـ دۇنيالارنى، رىزىقلارنى، پادىشاھلىقنى ۋە كاتتا شان ـ شۆھرەتلىرىنى دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتتى.

**«شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا مىراس قىلىپ بەردۇق»** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «بوزەك قىلىنغان قەۋمنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) بىز بەرىكەتلىك قىلغان (شام) زېمىنىنىڭ شەرق تەرەپلىرىگە ۋە غەرب تەرەپلىرىگە (يەنى ھەممە تەرەپكە) ۋارىس قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغانلىرى (يەنى ئىمارەتلىرى) نى ۋە ياسىغانلىرى (يەنى باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى) نى ۋەيران قىلدۇق»[1]، «بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە قىلماقچىمىز، بىز پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلار (يەنى بوزەك قىلىنغانلار) دىن قورقىدىغان نەرسىنى (يەنى

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 137 ـ ئايەت.

ئىسرائىل ئەۋلادىنى مىسىرغا ھۆكۈمران قىلىشنى) كۆرسىتىمىز﴾[1].

*******

فَأَتۡبَعُوهُم مُّشۡرِقِينَ ﴿٦٠﴾ فَلَمَّا تَرَٰٓءَا ٱلۡجَمۡعَانِ قَالَ أَصۡحَٰبُ مُوسَىٰٓ إِنَّا لَمُدۡرَكُونَ ﴿٦١﴾ قَالَ كَلَّآۖ إِنَّ مَعِيَ رَبِّي سَيَهۡدِينِ ﴿٦٢﴾ فَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنِ ٱضۡرِب بِّعَصَاكَ ٱلۡبَحۡرَۖ فَٱنفَلَقَ فَكَانَ كُلُّ فِرۡقٖ كَٱلطَّوۡدِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٦٣﴾ وَأَزۡلَفۡنَا ثَمَّ ٱلۡأٓخَرِينَ ﴿٦٤﴾ وَأَنجَيۡنَا مُوسَىٰ وَمَن مَّعَهُۥٓ أَجۡمَعِينَ ﴿٦٥﴾ ثُمَّ أَغۡرَقۡنَا ٱلۡأٓخَرِينَ ﴿٦٦﴾ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗۖ وَمَا كَانَ أَكۡثَرُهُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٦٧﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٦٨﴾

ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى) ئۇلارنى كۈن چىققان چاغدا قوغلاپ چىقتى﴿60﴾. ئىككى توپ (يەنى پىرئەۋن توپى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توپى) بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ئادەملىرى: «ئۇلار: (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى) بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولدى» دېدى﴿61﴾. مۇسا ئېيتتى: «ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ) پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ»﴿62﴾. بىز مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋېدى) دەريا يېرىلدى، (ھەر بىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى﴿63﴾. ئىككىنچى بىر گۇرۇھنى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنىنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئارقىسىدىن دەرياغا كىرگۈزدۇق)﴿64﴾. مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق﴿65﴾. ئاندىن ئىككىنچى گۇرۇھنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمىنى) غەرق قىلدۇق﴿66﴾. بۇنىڭدا (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ غەرق بولۇشىدا) ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى﴿67﴾. سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿68﴾.

## پىرئەۋننىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كەينىدىن قوغلىشى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سۇغا چۆكتۈرۈلۈشى

نۇرغۇنلىغان تەپسىرشۇناسلار: پىرئەۋن باشلىقلار، ۋەزىرلەر، كاتىپلار، پېشقەدەملەر ۋە ئەسكەرلەردىن ئىبارەت شۇ چاغدىكى مىسىر دۆلىتىنىڭ يۇقىرى تەبىقىلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان، زور كۆلەمدىكى ناھايىتى چوڭ قوشۇنىنىڭ ئىچىدە ئۇلارنى قوغلاپ چىقتى، ـ دەيدۇ.

**﴿ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى) ئۇلارنى كۈن چىققان چاغدا قوغلاپ چىقتى﴾** يەنى پىرئەۋن ئادەملىرى بىلەن ئۇلارغا كۈن چىققاندا يېتىشىۋالدى.

**﴿ئىككى توپ (يەنى پىرئەۋن توپى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توپى) بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ئادەملىرى: «ئۇلار: (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى) بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولدى» دېدى﴾** ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب، ئۇلار يۈرۈپ قۇلزۇم دېڭىزىنىڭ

---
(1) قەسەس سۈرىسى 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر.

قىرغىقىغا بېرىپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا دېڭىز بولۇپ، (ئارقىسىدىن) پىرئەۋن ئەسكەرلىرى بىلەن يېتىشىۋالاي دېگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار: (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى) بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولدى»**﴾.

﴿**مۇسا ئېيتتى: «ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ) پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ»**﴾ يەنى سىلەر ئەندىشە قىلغان نەرسىدىن كىچىككىنىمۇ يۈز بەرمەيدۇ. چۈنكى، ماڭا سىلەرنى مۇشۇ يەردىن ئېلىپ مېڭىشقا بۇيرۇغان زات الله تائالادۇر. الله تائالا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىلەن يۇشەئ ئىبنى نۇن توپنىڭ بېشىدا ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ ئائىلە تاۋاباتىدىن ئىمان ئېيتقان كىشى توپنىڭ ئارقىسىدا ئىدى. نۇرغۇنلىغان تەپسىرشۇناسلار: ئۇلار نېمە قىلىشلىرىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشتى. يۇشەئ ئىبنى نۇن ياكى پىرئەۋننىڭ ئائىلە تەۋەسىدىن ئىمان ئېيتقان كىشى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! پەرۋەردىگارىڭ سېنى مۇشۇ يەردىن مېڭىشقا بۇيرۇغانمۇ؟ ـ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ھەئە، ـ دېدى. پىرئەۋن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇلارغا بارغانچە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئارىلىقتا پەقەت ئازغىنا مۇساپە قالغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا الله تائالا پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ھاسىسى بىلەن دېڭىزنى ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام دېڭىزنى ھاسىسى بىلەن ئۇردى ۋە: الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن يېرىلغىن! ـ دېدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**بىز مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋېدى) دەريا يېرىلدى، (ھەر بىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى**﴾ ئىبنى ئابباس: دېڭىز (ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ) ھەر بىر قەبىلىسىگە بىردىن جەمئى ئون ئىككى يولغا بۆلۈندى، ـ دېدى. سۇددى ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ سۆزىگە: دېڭىزنىڭ ئۈستىگە ئېچىلغان بۇ يولدا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ مېڭىشى ئۈچۈن دەرىزىلەر ئېچىلدى. سۇ توختىغان يېرىدە خۇددى تامدەكلا بولۇپ تۇردى، ـ دېگەنلەرنى قوشۇپ قويىدى.

الله تائالا دېڭىزنىڭ يۈزىگە شامالنى ئەۋەتتى ـ دە، شامال دېڭىزنىڭ يۈزىنى سىپاپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، دېڭىزنىڭ يۈزى يەر يۈزىدەك قۇرۇق ھالەتكە كەلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز شەك ـ شۈبھىسىز مۇساغا ۋەھيى قىلدۇقكى، «سەن مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە (مىسىردىن) ئېلىپ چىقىپ كەت، سەن (ھاساڭنى) دېڭىزغا ئۇرۇپ ئۇلارغا بىر قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگىن، (پىرئەۋننىڭ ئارقاڭدىن قوغلاپ) يېتىۋېلىشىدىن قورقمىغىن، (دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىنمۇ) قورقمىغىن»﴾[1].

﴿**ئىككىنچى بىر گۇرۇھنى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنىنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئارقىسىدىن دەرياغا كىرگۈزدۇق)، مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق، ئاندىن ئىككىنچى گۇرۇھنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمىنى) غەرق قىلدۇق**﴾ يەنى بىز مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىسرائىل ئەۋلادى ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرسىنىمۇ سۇدا ھالاك قىلىۋەتمەي قۇتۇلدۇردۇق، ئەمما پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى بولسا، بىرىنىمۇ قويماي سۇدا ھالاك قىلدۇق.

﴿**بۇنىڭدا (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ غەرق بولۇشىدا) ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار**﴾

---

(1) تاھا سۈرىسى 77 ـ ئايەت.

يەنى مۇشۇ قىسسىدا، ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن ئاجايىپ ئىشلاردا ۋە الله تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە قىلغان ياردەملىرىدە، (الله تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە) ئەلۋەتتە، كەسكىن دەلىل - ئىسپاتلار ۋە كاتتا ھېكمەتلەر باردۇر.

**﴿ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

*******

وَٱتۡلُ عَلَيۡهِمۡ نَبَأَ إِبۡرَٰهِيمَ ﴿٦٩﴾ إِذۡ قَالَ لِأَبِيهِ وَقَوۡمِهِۦ مَا تَعۡبُدُونَ ﴿٧٠﴾ قَالُواْ نَعۡبُدُ أَصۡنَامٗا فَنَظَلُّ لَهَا
عَٰكِفِينَ ﴿٧١﴾ قَالَ هَلۡ يَسۡمَعُونَكُمۡ إِذۡ تَدۡعُونَ ﴿٧٢﴾ أَوۡ يَنفَعُونَكُمۡ أَوۡ يَضُرُّونَ ﴿٧٣﴾ قَالُواْ بَلۡ وَجَدۡنَآ ءَابَآءَنَا كَذَٰلِكَ
يَفۡعَلُونَ ﴿٧٤﴾ قَالَ أَفَرَءَيۡتُم مَّا كُنتُمۡ تَعۡبُدُونَ ﴿٧٥﴾ أَنتُمۡ وَءَابَآؤُكُمُ ٱلۡأَقۡدَمُونَ ﴿٧٦﴾ فَإِنَّهُمۡ عَدُوّٞ لِّيٓ إِلَّا
رَبَّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٧٧﴾

ئۇلارغا ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن﴿69﴾. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: «نېمىگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دېدى﴿70﴾. ئۇلار: «بۇتلارغا ئىبادەت قىلىمىز، بۇ ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرىمىز» دېيىشتى﴿71﴾. ئىبراھىم ئېيتتى: «دۇئا قىلغان چېغىڭلاردا ئۇلار (دۇئايىڭلارنى ئاڭلامدۇ؟)﴿72﴾. يا سىلەرگە پايدا يەتكۈزەلەمدۇ؟ يا زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟»﴿73﴾. ئۇلار ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بايقىدۇق»﴿74﴾. ئىبراھىم ئېيتتى: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭلار نېمە؟﴿75﴾. سىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ئىبادەت قىلغىنى نېمە؟﴿76﴾. ئۇلار (يەنى بۇتلار) مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر، پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر)﴿77﴾.

## الله تائالانىڭ دوستى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شېرىكنى تاشلاشقا قىلغان ۋەز - نەسىھىتى

بۇ، الله تائالانىڭ ئۆزىنىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى، دوستى ۋە ھەق تەرەپدارلىرىنىڭ يول باشلامچىسى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا بەرگەن خەۋىرىدۇر. الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئىخلاس قىلىشى، ھەممە ئىشنى الله تائالاغا تاپشۇرۇشى، شېرىكى يوق بىر الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشى، شېرىكتىن ۋە مۇشرىكلاردىن ئادا - جۇدا بولۇش ئىشلىرىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خەۋىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىشكە بۇيرۇدى. چۈنكى، الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ھىدايەت ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۈسمۈرلۈك چېغىدىلا قەۋمىنىڭ بۇتلارنى الله تائالاغا قوشۇپ ئىبادەت قىلىشىنى ئەيىبلەيتتى. الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: «نېمىگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دېدى﴾** يەنى سىلەرنىڭ چوقۇنۇۋاتقان بۇ نەرسەڭلەر زادى نېمە؟

**﴿ئۇلار: «بۇتلارغا ئىبادەت قىلىمىز، بۇ ئىبادەتنى داۋالاشتۇرىمىز» دېيىشتى﴾** يەنى بىز بۇتلارغا ئىبادەت قىلىمىز ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلىپ تۇرىمىز.

**﴿ئىبراھىم ئېيتتى: «دۇئا قىلغان چېغىڭلاردا ئۇلار (دۇئايىڭلارنى ئاڭلامدۇ؟)، يا سىلەرگە پايدا يەتكۈزەلەمدۇ؟ يا زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟»، ئۇلار ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بايقىدۇق»﴾** يەنى ئۇلار بۇتلىرىنىڭ ھېچ ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇلار پەقەت ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن پالاقشىپ ماڭىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. بۇ ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: **﴿«ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭلار نېمە؟ سىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ئىبادەت قىلغىنى نېمە؟ ئۇلار (يەنى بۇتلار) مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر، پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر)﴾** يەنى ئەگەر بۇ بۇتلارنىڭ قولىدىن بىر ئىش كەلسە، ماڭا يامانلىق قىلسۇن. چۈنكى، مەن ئۇلارنىڭ دۈشمىنى، مەن ئۇلارغا پەرۋا قىلمايمەن ۋە ئۇلار توغرىسىدا ئويلاپمۇ قويمايمەن.

الله تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەن الله غا تەۋەككۈل قىلدىم (يەنى الله غا يۆلەندىم، سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن). سىلەر بۇتلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە (مېنى قەستلەيدىغان) ئىشىڭلارنى قارار قىلىۋېرىڭلار، ئىشىڭلار سىلەرگە تۇتۇق بولۇپ قالمىسۇن (يەنى مېنى قەستلەيدىغان ئىشىڭلار ئاشكارا بولسۇن)، ئاندىن مېنى بىردەممۇ كېچىكتۈرمەي، مېنىڭ ھەققىمدە (خالىغىنىڭلارنى) ئىجرا قىلىۋېرىڭلار﴾[1].

الله تائالا ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿«بىز پەقەت سېنى بەزى ئىلاھلىرىمىز ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ دەيمىز». ھۇد ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن الله نى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ الله نى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن، ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله غا مەن تەۋەككۈل قىلدىم، الله نىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ ھېچ كىشىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ)﴾[2].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۇلاردەك قەۋمىنىڭ ئىلاھلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولغانلىقىنى جاكارلاپ مۇنداق دېدى: ﴿الله نىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە الله سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم!﴾[3]، ﴿ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىللە بولغان (مۆمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئۈلگە بولۇشقا تېگىشلىك ئەمەلىيەت نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر الله غا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ» دېدى﴾[4].

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلاردىن مەن راستلا

(1) يۇنۇس سۈرىسى 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھۇد سۈرىسى 54 ـ 56 ـ ئايەتكىچە.
(3) ئەنئام سۈرىسى 81 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) مۇمتەھىنە سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئادا ـ جۇدامەن، پەقەت مېنى ياراتقان الله مېنى (توغرا يولغا) باشلايدۇ»، ئىبراھىم كەلىمە تەۋھىدنى ئەۋلادىدىن (شېرىك كەلتۈرگەنلەر) ئىمانغا قايتسۇن دەپ ئەۋلادى ئىچىدە قالدۇرۇپ كەتتى﴾[1] يەنى «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» نى قالدۇرۇپ كەتتى.

*******

ٱلَّذِى خَلَقَنِى فَهُوَ يَهْدِينِ ﴿٧٨﴾ وَٱلَّذِى هُوَ يُطْعِمُنِى وَيَسْقِينِ ﴿٧٩﴾ وَإِذَا مَرِضْتُ فَهُوَ يَشْفِينِ ﴿٨٠﴾ وَٱلَّذِى يُمِيتُنِى ثُمَّ يُحْيِينِ ﴿٨١﴾ وَٱلَّذِىٓ أَطْمَعُ أَن يَغْفِرَ لِى خَطِيٓـَٔتِى يَوْمَ ٱلدِّينِ ﴿٨٢﴾

ئۇ مېنى ياراتقان، ئۇ مېنى ھىدايەت قىلىدۇ﴿78﴾. ئۇ مېنى تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇسسۇلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ﴿79﴾. ئاغرىپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ﴿80﴾. ئۇ مېنى قەبزى روھ قىلىدۇ، كېيىن يەنە تىرىلدۈرىدۇ﴿81﴾. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن﴿82﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانىڭ مەرھەمىتىنى ۋە مېھرىبانلىقىنى بايان قىلىشى

يەنى مەن تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلغان زاتقا ئىبادەت قىلىمەن:

**﴿ئۇ مېنى ياراتقان، ئۇ مېنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾** يەنى ئۇ (ھەممە نەرسىنى) ياراتقان، ئورۇنلاشتۇرغان ۋە مەخلۇقاتلارنى ئۆزى تەرەپكە باشلىغان زاتتۇر. ھەممە نەرسىلەر الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە ماڭىدۇ. الله تائالا خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ، خالىغان كىشىنى ئازدۇرۇۋېتىدۇ.

**﴿ئۇ مېنى تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇسسۇلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ﴾** يەنى ئۇ مېنى ياراتقان، ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ سەۋەبلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بېرىش بىلەن ماڭا رىزىق بەرگەن زاتتۇر. الله تائالا (سۇغا ئېھتىياجلىق بولغان يەرلەرگە) بۇلۇتنى سۈرۈپ، سۇ چۈشۈرۈپ، شۇ سۇ بىلەن زېمىننى ياشارتتى، شۇ سۇ بىلەن بەندىلىرىگە ھەر خىل مېۋىلەردىن رىزىق چىقاردى. ئۆزى ياراتقان نۇرغۇنلىغان ئىنسانلارنى ۋە ھايۋانلارنى سۇغىرىش ئۈچۈن تاتلىق سۇ چۈشۈردى.

**﴿ئاغرىپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ﴾** يەنى ئاغرىپ قېلىش الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ يارىتىشى بىلەن بولسىمۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەدەب يۈزىسىدىن (الله تائالا مېنى ئاغرىتىپ قويسا دەپ) ئاغرىتىپ قويۇشنى الله تائالاغا نىسبەت بەرمەستىن، «ئاغرىپ قالسام» دەپ ئاغرىپ قېلىشنى ئۆزىگە نىسبەت بەردى.

الله تائالا بۇ ھەقتە ناماز ئوقۇغان كىشىنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇدى: ﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)!﴾[2] يەنى بۇ ئايەتتە توغرا يولغا باشلاش ۋە ئىنئام قىلىشلار الله تائالاغا نىسبەت بېرىلدى.

---

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 26 ـ 28 ـ ئايەتكىچە.
(2) فاتىھە سۈرىسى 6 ـ 7 ـ ئايەتلەر.

ئەدەب يۈزىسىدىن ئايەتتە كىمنىڭ غەزەپ قىلغانلىقى بايان قىلىنمىدى. ئازغۇنلۇق قىلىش بولسا، بەندىلەرگە نىسبەت بېرىلدى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە جىنلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلدى: ﴿بىز (جىنلار جامائەسى) زېمىندىكىلەرگە يامانلىق ئىرادە قىلىندىمۇ ياكى پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدىمۇ؟ بىلمەيمىز﴾[1] يەنى (ئايەتتە يامانلىقتا يامانلىقنى ئىرادە قىلغۇچى ئوچۇق تىلغا ئېلىنمىدى. ئەمما ياخشىلىقتا "ياكى پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدىمۇ؟" دەپ پەرۋەردىگارنى ئوچۇق تىلغا ئالدى). شۇنىڭدەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېدى: **﴿ئاغرىپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ﴾** يەنى مەن ئاغرىپ قالسام، **الله** تائالادىن باشقا بىرسى مېنى ساقايتالمايدۇ. ئۇ مېنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان، ساقايتىدىغان سەۋەبلەر بىلەن ساقايتىدۇ.

**﴿ئۇ مېنى قەبزى روھ قىلىدۇ، كېيىن يەنە تىرىلدۈرىدۇ﴾** ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭدىن باشقا بىرسى قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇ (ھەممە نەرسىنى) ھەقىقەتەن يوقتىن بار قىلىدۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنى تىرىلدۈرىدۇ).

**﴿قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن﴾** يەنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە گۇناھلارنى ئۇنىڭدىن باشقىسى كەچۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. گۇناھلارنى پەقەت **الله** تائالا كەچۈرىدۇ، ئۇ خالىغاننى قىلغۇچىدۇر.

*******

﴿رَبِّ هَبۡ لِي حُكۡمٗا وَأَلۡحِقۡنِي بِٱلصَّٰلِحِينَ ٨٣ وَٱجۡعَل لِّي لِسَانَ صِدۡقٖ فِي ٱلۡأٓخِرِينَ ٨٤ وَٱجۡعَلۡنِي
مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ ٱلنَّعِيمِ ٨٥ وَٱغۡفِرۡ لِأَبِيٓ إِنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلضَّآلِّينَ ٨٦ وَلَا تُخۡزِنِي يَوۡمَ يُبۡعَثُونَ ٨٧ يَوۡمَ لَا يَنفَعُ مَالٞ وَلَا
بَنُونَ ٨٨ إِلَّا مَنۡ أَتَى ٱللَّهَ بِقَلۡبٖ سَلِيمٖ ٨٩﴾

«پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن﴿83﴾. كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن﴿84﴾. مېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن﴿85﴾. ئاتامغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن گۇمراھلاردىن بولدى﴿86﴾. ئۇلار (يەنى خالايىقلار) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن﴿87﴾. ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ﴿88﴾. پەقەت (**الله** نىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ»﴿89﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە ۋە دادىسىغا قىلغان دۇئاسى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىدىن ئۆزىگە ھېكمەت بېرىشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم ھېكمەت ئاتا قىلغىن﴾** ئىبنى ئابباس: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىگىنى

(1) جىن سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

بىلىمدۇر، ـ دېدى.

﴿**مېنى ياخشىلارغا قوشقىن**﴾ يەنى مېنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ياخشىلار بىلەن بىللە قىلغىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەكراتتىقا چۈشۈپ قالغاندا: «ئى **اللە** مېنى يۇقىرى دەرىجىدىكى كىشىلەر بىلەن قىلغىن» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان.

﴿**كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن**﴾ يەنى ياخشىلىقتا نەمۇنە قىلىنىشىم ئۈچۈن مېنىڭ ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن. **اللە** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ياخشى نام قالدۇردۇق، ئىبراھىمغا سالام بولسۇن! بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز﴾[1].

﴿**مېنى نازۇ نېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن**﴾ يەنى سەن ماڭا دۇنيادا ياخشى نامىمنى قالدۇرۇش بىلەن ۋە ئاخىرەتتە مېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلىش بىلەن مۇكاپاتلىغىن.

﴿**ئاتامغا مەغپىرەت قىلغىن**﴾ **اللە** تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا مەغپىرەت تىلىگەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن»﴾[2].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېيىنكى مەزگىلدە دادىسىغا مەغپىرەت تىلەشتىن يانغان. **اللە** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ **اللە** نىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدى. ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى كۆڭلى يۇمشاق)، (يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) چىداملىق ئىدى﴾[3] **اللە** تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىغا مەغپىرەت تىلەشنى توختاتقۇزدى.

**اللە** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىللە بولغان (مۆمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر **اللە** نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر **اللە** غا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ» دېدى. پەقەت ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان: «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، **اللە** نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى سەندىن دەپئى قىلالمايمەن» دېگەن سۆزىنى سىلەرنىڭ نەمۇنە قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ﴾[4]

﴿**ئۇلار (يەنى خالايىقلار) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن**﴾ يەنى ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ھەممە كىشى يىغىلىدىغان قىيامەت كۈنىدە مېنىڭ رەسۋا بولۇپ قېلىشىمدىن ساقلىغىن. ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىنى چاڭ ـ توزاڭ باسقان ۋە قارىداپ كەتكەن ھالىتىدە كۆرىدۇ». ئىمام بۇخارى يەنە بىر رىۋايەتتە ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر

(1) سافات سۈرىسى 108 ـ 110 ـ ئايەتكىچە.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 41 ـ ئايەت.
(3) تەۋبە سۈرىسى 114 ـ ئايەت.
(4) مۇمتەھىنە سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىغا يولۇقۇپ: ئى پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى قىيامەت كۈنى رەسۋا قىلماسلىقىڭغا ۋەدە بەرگەن ئىدىڭغۇ؟ ـ دەيدۇ. الله تائالا: ھەقىقەتەن مەن جەننەتنى كاپىرلارغا ھارام قىلدىم، ـ دەيدۇ».

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسى ئازەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئازەرنىڭ يۈزى چاڭ ـ توزاڭ باسقان ۋە قارىداپ كەتكەن بولىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: مەن ساڭا ماڭا ئاسىيلىق قىلمىغىن دېمىگەنمىدىم، ـ دەيدۇ. ئازەر ئۇنىڭغا: بۈگۈن مەن ساڭا ئاسىيلىق قىلمايمەن، ـ دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! قىيامەت كۈنى مېنى مات قىلمايدىغانلىقىڭ توغرىسىدا ماڭا ۋەدە بەرگەن ئەمەسمىدىڭ؟ (نىجات تېپىشتىن يىراق بولغان) دادامنىڭ مات بولۇشىدىن بەكرەك مات بولۇش بارمۇ؟ ـ دەيدۇ. الله تائالا: شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن جەننەتنى كاپىرلارغا ھارام قىلدىم، ـ دەيدۇ. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا: ئى ئىبراھىم! پۇتۇڭنىڭ ئاستىغا قارا! ـ دېيىلىدۇ. (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پۇتىنىڭ ئاستىغا قارىغۇدەك بولسا) قېنىغا ياكى تېزىكىگە بۇلغانغان بىر قاپلان تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ قاپلان پۇتلىرىدىن سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ»[1] بۇ ھەدىسنى ئابدۇراھمان نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلدى.

﴿**ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنىدە ئىنسان يەر يۈزىگە بىر كېلىدىغان ئالتۇن ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرنى فىدىيە بەرسىمۇ، فىدىيە بەرگەن ئالتۇنى ۋە ئادەملىرى ئۇنى الله تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ. قىيامەت كۈنى ئىنسانغا پەقەت الله تائالاغا بولغان ئىمانى، ئىخلاسى، شېرىك ۋە مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولغانلىقلىرىلا ئەسقاتىدۇ.

﴿**پەقەت (الله نىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ»**﴾ يەنى گۇناھلاردىن ۋە شېرىكتىن پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ. ئىبنى سىرىن: پاك قەلب بولسا، الله تائالانىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، قىيامەتنىڭ شەكسىز مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ۋە الله تائالانىڭ قەبرىدىكى كىشىلەرنى شەكسىز قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلىدىغان قەلبتۇر، ـ دېدى.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب: پاك قەلب (مەنىۋى) كېسەللىكتىن خالىي قەلبتۇر، ـ دېدى. ئۇ بولسىمۇ، مۆمىننىڭ قەلبىدۇر. چۈنكى، كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ قەلبلىرى كېسەلدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار﴾[2].

ئەبۇئوسمان نىسابۇرى: پاك قەلب بولسا، دىنغا دىن نامىدىن يېڭىلىق كىرگۈزۈشتىن خالىي ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسىتىپ بەرگەن يولغا رازى بولۇپ تۇرىدىغان قەلبتۇر، ـ دېدى.

*******

(1) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسى ئازەرنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن الله تائالادىن شاپائەت تىلەپ (الله تائالانىڭ ئالدىغا) بارغاندا، ئۇنىڭغا مۇشرىكلارغا جەننەتنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئازەرنى ئىنسانلىق شەكلىدە دوزاخقا تاشلىسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئېغىر كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەمەلىدە ئىنسانلىق تەبىئىتىدىن چىقىپ كەتكەن دادىسىنى يىرتقۇچ ھايۋان يەنى قاپلاننىڭ شەكلىدە دوزاخقا تاشلاش ئارقىلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدۇ.
(2) بەقەرە سۈرىسى 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

وَأُزْلِفَتِ ٱلْجَنَّةُ لِلْمُتَّقِينَ ﴿٩٠﴾ وَبُرِّزَتِ ٱلْجَحِيمُ لِلْغَاوِينَ ﴿٩١﴾ وَقِيلَ لَهُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ تَعْبُدُونَ ﴿٩٢﴾ مِن دُونِ ٱللَّهِ هَلْ يَنصُرُونَكُمْ أَوْ يَنتَصِرُونَ ﴿٩٣﴾ فَكُبْكِبُوا۟ فِيهَا هُمْ وَٱلْغَاوُۥنَ ﴿٩٤﴾ وَجُنُودُ إِبْلِيسَ أَجْمَعُونَ ﴿٩٥﴾ قَالُوا۟ وَهُمْ فِيهَا يَخْتَصِمُونَ ﴿٩٦﴾ تَٱللَّهِ إِن كُنَّا لَفِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٩٧﴾ إِذْ نُسَوِّيكُم بِرَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٩٨﴾ وَمَآ أَضَلَّنَآ إِلَّا ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿٩٩﴾ فَمَا لَنَا مِن شَٰفِعِينَ ﴿١٠٠﴾ وَلَا صَدِيقٍ حَمِيمٍ ﴿١٠١﴾ فَلَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً فَنَكُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٠٢﴾ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٠٣﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٠٤﴾

جەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ﴿90﴾. دوزاخ گۇمراھلارغا ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ﴿91﴾. ئۇلارغا: «سىلەر ئىلگىرى اللە نى قويۇپ چوقۇنغان نەرسەڭلار قەيەردە؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ يا ئۆزلىرىگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟» دېيىلىدۇ﴿92 ـ 93﴾. بۇتلار، گۇمراھلار ۋە ئىبلىسنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دوزاخقا ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ﴿94 ـ 95﴾. ئۇلار دوزاختا جېدەللىشىپ ئېيتىدۇ: «اللە بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدۇق﴿96 ـ 97﴾. ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى (ئىبادەتتە) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قوياتتۇق﴿98﴾. بىزنى پەقەت گۇناھكارلارلا ئازدۇردى﴿99﴾. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق﴿100﴾. ۋە يېقىن دوستىمۇ يوق﴿101﴾. ئەگەر بىزگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، بىز مۆمىنلەردىن بولاتتۇق»﴿102﴾. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا (يەنى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسىدە) (ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى﴿103﴾. سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿104﴾.

## تەقۋادارلارنىڭ ۋە گۇمراھ بولغۇچىلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھالى، گۇمراھ بولغۇچىلارنىڭ جېدىلى ۋە ئۇلارنىڭ ھەسرىتى

**﴿جەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ﴾** يەنى جەننەت ئۇنىڭغا كىرىشكە تېگىشلىك بولغان كىشىلەرگە نەقىشلەنگەن ۋە زىننەتلەنگەن ھالدا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇلار بولسا، دۇنيادىكى چاغلىرىدىلا جەننەتكە قىزىققان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلغان تەقۋادارلاردۇر.

**﴿دوزاخ گۇمراھلارغا ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ﴾** يەنى جەھەننەم گۇناھكارلارغا ئوپئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ. جەھەننەمدىن بويۇنلار كۆرىنىپ، (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) تووۋلاپ نالە ـ پەرياد قىلىدۇ ـ دە، (قورقۇنچتىن) يۈرەكلەر بوغۇزلارغا تىقىلىپ قالىدۇ. جەھەننەمگە كىرىشكە لايىق بولغانلارغا تاپا ـ تەنە ۋە رەسۋا قىلىش يۈزىسىدىن مۇنداق دېيىلىدۇ: **﴿«سىلەر ئىلگىرى اللە نى قويۇپ چوقۇنغان نەرسەڭلار قەيەردە؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ يا ئۆزلىرىگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟»﴾** يەنى اللە تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلىرىڭلار ۋە (اللە تائالانىڭ) تەڭتۇشلىرى دەپ قارىغان نەرسىلىرىڭلار بۈگۈن سىلەرگە ھېچ پايدا ـ زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ ۋە ئۆزلىرىدىنمۇ ھېچ نەرسىنى توساپ قالالمايدۇ. چۈنكى، بۈگۈن سىلەر ۋە ئۇلار جەھەننەمگە يېقىلغۇ بولىسىلەر. سىلەر جەھەننەمگە كىرىسىلەر.

**﴿بۇتلار، گۇمراھلار ۋە ئىبلىسنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دوزاخقا ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ﴾** يەنى كاپىرلار، ئۇلارنى اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە چاقىرغانلار ۋە ئىبلىسنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ

ھەممىسى دوزاختا ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ.

**﴿ئۇلار دوزاختا جېدەللىشىپ ئېيتىدۇ: «اللە بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدۇق، ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى (ئىبادەتتە) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قوياتتۇق﴾** يەنى بىز سىلەرنىڭ بۇيرۇقىڭلارغا بويسۇنۇشنى خۇددى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىلىنىدىغىنىدەك كۆرگەن ئىدۇق ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا قوشۇپ سىلەرگە ئىبادەت قىلغان ئىدۇق.

**﴿بىزنى پەقەت گۇناھكارلارلا ئازدۇردى﴾** يەنى پەقەت گۇناھكارلارلا بىزنى شۇنداق قىلىشقا چاقىردى.

**﴿شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق﴾** اللە تائالا كاپىرلارنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىنى باشقا بىر ئورۇندا بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) پەقەت (ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنىڭ) نەتىجىسىنىلا كۈتىدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى كەلگەن كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)، ئىلگىرى كىتابقا ئەمەل قىلمىغانلار: «پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەلچىلىرى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى (بىز ئۇلارغا ئىمان ئېيتمىدۇق، بۈگۈن) بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ ياكى گۇناھ قىلىشتىن قول ئۈزۈپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىمىزغا بولامدىغاندۇ؟» دەيدۇ﴾[1]

**﴿شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق ۋە يېقىن دوستىمۇ يوق. ئەگەر بىزگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، بىز مۆمىنلەردىن بولاتتۇق»﴾** يەنى ئۇلارنىڭ مۇنداق دېيىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ گۇمانىچە پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتىدە بولۇش ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. اللە تائالا بىلىدۇكى، ئەگەر ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، چەكلەنگەن ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (بىز دۇنياغا قايتساق ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلاتتۇق دېگەن سۆزىدە) يالغانچىلاردۇر.

اللە تائالا ساد سۈرىسىدە دوزاختا كىرگەنلەرنىڭ جېدەللىشىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئەھلى دوزاخنىڭ بۇ رەۋىشتە ئۆز ئارا جاڭجاللىشىشى چوقۇمدۇر﴾[2].

**﴿شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا (يەنى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسىدە) (ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار﴾** يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىلەن قىلغان مۇنازىرىسىدە، ئۇلارغا اللە تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھۆججەتلەردە، ئەلۋەتتە، اللە تائالادىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ئوچۇق، روشەن پاكىتلار باردۇر. **﴿ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾**.

*******

كَذَّبَتْ قَوْمُ نُوحٍ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٠٥﴾ إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ نُوحٌ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٠٦﴾ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٠٧﴾ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ
وَأَطِيعُونِ ﴿١٠٨﴾ وَمَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٠٩﴾ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١١٠﴾

(1) ئەئراف سۈرىسى 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ساد سۈرىسى 64 ـ ئايەت.

نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى﴿105﴾. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى نۇھ ئېيتتى: «سىلەر (اللە دىن) قورقمامسىلەر؟﴿106﴾ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىق بىر پەيغەمبەرمەن﴿107﴾. سىلەر اللە دىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار﴿108﴾. تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن﴿109﴾. اللە دىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار»﴿110﴾.

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى، ئۇنىڭ قەۋمىگە قىلغان ۋەز - نەسىھىتى ۋە قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى

بۇ اللە تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى نۇھ ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا بەرگەن خەۋىرىدۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىدىكى كىشىلەر بۇتلارغا ۋە اللە تائالانىڭ تەڭتۇشلىرى دەپ قارىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىشنى باشلىغاندىن كېيىن، اللە تائالا ئۇ كىشىلەرگە ئەۋەتكەن تۇنجى پەيغەمبەردۇر. اللە تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشلىرىدىن توسقۇچى ۋە بۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىپ، اللە تائالاغا قوشۇپ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت قەبىھ قىلمىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. اللە تائالا ئۇلارنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىنى ھەممە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىق دەپ قارىدى.

شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: **﴿نۇھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى نۇھ ئېيتتى: «سىلەر (اللە دىن) قورقمامسىلەر؟»﴾** يەنى سىلەر اللە تائالادىن باشقا بىرسىگە ئىبادەت قىلىشقا اللە تائالادىن قورقمامسىلەر؟

**﴿مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىق بىر پەيغەمبەرمەن﴾** يەنى مەن ھەقىقەتەن اللە تائالا تەرىپىدىن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇرمەن. مەن اللە تائالا مېنى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىدە ئىشەنچلىكتۇرمەن. مەن سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ئۇلۇغ ۋەزىپىسىنى كەم - زىيادە قىلماستىن يەتكۈزىمەن.

**﴿سىلەر اللە دىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن﴾** يەنى مەن سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن. بۇنىڭ ساۋابىنىڭ پەقەت پەرۋەردىگارىمنىڭ قېشىدا ساقلىنىپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**﴿اللە دىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار»﴾** يەنى اللە تائالانىڭ مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىدە ۋە ماڭا تاپشۇرغان ئامانىتىدە مېنىڭ راستچىللىقىم، (شۇلار بىلەن سىلەرگە) ۋەز - نەسىھەت قىلىدىغانلىقىم ۋە ئىشەنچلىكلىكىم سىلەرگە ئاشكارا ۋە روشەن بولدى.

*******

﴿قَالُوٓاْ أَنُؤۡمِنُ لَكَ وَٱتَّبَعَكَ ٱلۡأَرۡذَلُونَ ١١١ قَالَ وَمَا عِلۡمِي بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١١٢ إِنۡ حِسَابُهُمۡ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّيۖ لَوۡ تَشۡعُرُونَ ١١٣ وَمَآ أَنَا۠ بِطَارِدِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١١٤ إِنۡ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٞ مُّبِينٞ ١١٥﴾

ئۇلار: «(ئى نۇھ!) ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، ساڭا بىز ئىمان ئېيتامدۇق؟» دېدى﴿111﴾. نۇھ ئېيتتى: «مەن ئۇلارنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى ئۇقمايمەن﴿112﴾. ئەگەر بىلسەڭلار ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشنى پەقەت پەرۋەردىگارىم ئۈستىگە ئالغان﴿113﴾. مەن مۆمىنلەرنى قوغلىۋەتمەيمەن﴿114﴾. مەن پەقەت ئوچۇق - ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»﴿115﴾.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا: بىز ساڭا ئىمان ئېيتمايمىز، بىز ئىچىمىزدىن ساڭا ئەگەشكەن ۋە ئىشەنگەن ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر بىلەن بىللە ساڭا ئەگەشمەيمىز، - دېدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار: «(ئى نۇھ!) ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، ساڭا بىز ئىمان ئېيتامدۇق؟» دېدى، نۇھ ئېيتتى: «مەن ئۇلارنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى ئۇقمايمەن﴾** يەنى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ ماڭا ئەگەشكەنلىكىدىن ماڭا بىرەر زىيان بولارمىتى؟ ئەگەر ئۇلار ھەقىقەتنى ئىزدەپ ماڭا ئەگەشكەن بولسا، ئىش شۇ بويىچە بولىدۇ. مېنىڭ ئۇلارنى سۈرۈشتە قىلىپ تەكشۈرۈپ بېقىشىم لازىم ئەمەس. مەن پەقەت ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسىنىلا قوبۇل قىلىمەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى الله تائالاغا تاپشۇرىمەن.

**﴿ئەگەر بىلسەڭلار ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشنى پەقەت پەرۋەردىگارىم ئۈستىگە ئالغان، مەن مۆمىنلەرنى قوغلىۋەتمەيمەن، مەن پەقەت ئوچۇق - ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»﴾** يەنى مەن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلدىم. كىم ماڭا بويسۇنىدىكەن، ئەگىشىدىكەن ۋە ماڭا ئىشىنىدىكەن، مەيلى ئۇ يۈز - ئابرويلۇق كىشى بولسۇن ياكى (يۈز - ئابرويى يوق) ئادەتتىكى كىشى بولسۇن، مەرتىۋىلىك كىشى بولسۇن، ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشى بولسۇن، ئۇ مېنىڭ قاتارىمدىكى ۋە مەن ئۇنىڭ قاتارىدىكى ئادەم ھېسابلىنىمىز.

*******

قَالُوا۟ لَئِن لَّمْ تَنتَهِ يَٰنُوحُ لَتَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمَرْجُومِينَ ﴿١١٦﴾ قَالَ رَبِّ إِنَّ قَوْمِى كَذَّبُونِ ﴿١١٧﴾ فَٱفْتَحْ بَيْنِى وَبَيْنَهُمْ
فَتْحًا وَنَجِّنِى وَمَن مَّعِىَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١١٨﴾ فَأَنجَيْنَٰهُ وَمَن مَّعَهُۥ فِى ٱلْفُلْكِ ٱلْمَشْحُونِ ﴿١١٩﴾ ثُمَّ أَغْرَقْنَا بَعْدُ
ٱلْبَاقِينَ ﴿١٢٠﴾ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً ۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٢١﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٢٢﴾

ئۇلار ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئەگەر سەن (پەيغەمبەرلىك دەۋىتىڭدىن) يانمىساڭ، سەن چوقۇم تاش - كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگۈچىلەردىن بولىسەن»﴿116﴾. نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! قەۋمىم مېنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلدى﴿117﴾. مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغىن، مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى قۇتقۇزغىن»﴿118﴾. بىز ئۇنى ۋە (ئادەملەر، ھايۋانلار بىلەن) لىق تولغان كېمىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق﴿119﴾. (ئۇلارنى قۇتقۇزغاندىن) كېيىن ئاندىن قالغانلارنى غەرق قىلدۇق﴿120﴾. بۇنىڭدا (تەپەككۇر قىلغۇچىلار ئۈچۈن) ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلار (يەنى كىشىلەر) نىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى﴿121﴾. سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿122﴾.

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت سالغانلىقى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا قارشى دۇئا قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ، ئۇلارنى الله تائالا تەرىپىگە كېچە ـ كۈندۈز، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن چاقىردى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قاچانىكى الله تائالا تەرىپىگە چاقىرسا، ئۇلار كاپىرلىقتا ۋە چاقىرىقنى قوبۇل قىلماسلىقتا چىڭ تۇردى ۋە ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: ﴿«**ئى نۇھ! ئەگەر سەن يانمىساڭ**﴾ يەنى ئەگەر سەن بىزنى دىنىڭغا چاقىرىشىڭدىن يانمىساڭ، ﴿**سەن چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگۈچىلەردىن بولىسەن**»﴾ يەنى ئەلۋەتتە بىز سېنى چالما ـ كېسەك قىلىمىز.

بۇ ۋاقىتتا نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارشى الله تائالا ئىجابەت قىلغان دۇئاسىنى قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿«**پەرۋەردىگارىم! قەۋمىم مېنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلدى، مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغىن، مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى قۇتقۇزغىن**»﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى، ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق، زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، (الله تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىپ ھالاك قىلىش) ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى (بىر ـ بىرىگە قوشۇلدى، نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە سالدۇق، كېمە بىزنىڭ ھىمايىمىز ئاستىدا ماڭاتتى، ئىنكار قىلىنغاننى (يەنى نۇھنى) مۇكاپاتلاش ئۈچۈن (نۇھنىڭ قەۋمىنى غەرق قىلدۇق)﴾.

﴿**بىز ئۇنى ۋە (ئادەملەر، ھايۋانلار بىلەن) لىق تولغان كېمىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق، (ئۇلارنى قۇتقۇزغاندىن) كېيىن ئاندىن قالغانلارنى غەرق قىلدۇق**﴾ يەنى بىز نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بارلىق كىشىلەرنى قۇتقۇزدۇق. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغان ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىققان ھەممە كىشىنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتتۇق.

﴿**بۇنىڭدا (تەپەككۇر قىلغۇچىلار ئۈچۈن) ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلار (يەنى كىشىلەر) نىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾.

*******

كَذَّبَتْ عَادٌ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٢٣﴾ إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ هُودٌ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٢٤﴾ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٢٥﴾ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ
﴿١٢٦﴾ وَمَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ ۖ إِنْ أَجْرِىَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٢٧﴾ أَتَبْنُونَ بِكُلِّ رِيعٍ ءَايَةً تَعْبَثُونَ ﴿١٢٨﴾
وَتَتَّخِذُونَ مَصَانِعَ لَعَلَّكُمْ تَخْلُدُونَ ﴿١٢٩﴾ وَإِذَا بَطَشْتُم بَطَشْتُمْ جَبَّارِينَ ﴿١٣٠﴾ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٣١﴾
وَٱتَّقُوا۟ ٱلَّذِىٓ أَمَدَّكُم بِمَا تَعْلَمُونَ ﴿١٣٢﴾ أَمَدَّكُم بِأَنْعَٰمٍ وَبَنِينَ ﴿١٣٣﴾ وَجَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿١٣٤﴾ إِنِّىٓ أَخَافُ عَلَيْكُمْ
عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿١٣٥﴾

ئاد (خەلقى) پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى﴿123﴾. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى هۇد ئېيتتى: «سىلەر (الله دىن) قورقمامسىلەر؟﴿124﴾ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىق پەيغەمبەرمەن﴿125﴾. سىلەر الله دىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار﴿126﴾. تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن﴿127﴾. سىلەر ھەر بىر ئېگىز جايغا ئويۇن ـ كۈلكە ئۈچۈن بىر ئالامەت (يەنى ئېگىز بىنا) سالامسىلەر﴿128﴾. (گويا سىلەر ئۆلمەيدىغاندەك) دۇنيادا مەڭگۈ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ پۇختا سارايلارنى سالامسىلەر﴿129﴾. ئەگەر (بىراۋنى) جازالىساڭلار، زالىملاردەك جازالايسىلەر﴿130﴾. سىلەر الله دىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار﴿131﴾. سىلەرگە سىلەر بىلىدىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان الله دىن قورقۇڭلار﴿132﴾. ئۇ سىلەرگە چارۋىلارنى، ئوغۇللارنى، باغلارنى، بۇلاقلارنى ئاتا قىلدى﴿133 ـ 134﴾. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن»﴿135﴾.

## هۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى ئادقا قىلغان ۋەز ـ نەسىھەتى

بۇ، الله تائالانىڭ ئۆزىنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى هۇد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا بەرگەن خەۋىرىدۇر. ئۇ قەۋمى ئادنى الله تائالا تەرىپىگە چاقىردى. ئۇنىڭ قەۋمى يەمەن شەھەرلىرى بىلەن چېگرىداش، ھەزرەمەۋتكە يېقىن قۇملۇق تاغقا يەرلەشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ياشىغان دەۋرى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن كېيىن ئىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا نۇھنىڭ قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن، الله نىڭ سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغانلىقىنى، ۋۇجۇدۇڭلارنى قامەتلىك، بەستلىك قىلغانلىقىنى ياد ئېتىڭلار، سىلەر بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن الله نىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار﴾[1].

هۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئەڭ ۋايىغا يەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ رىزىقلىرى مول، مال ـ دۇنياسى، بالا ـ چاقىلىرى، زىرائەت ۋە مېۋىلىرى كۆپ، (زېمىنلىرى) باغۇ ـ بوستان ۋە دەريالار بىلەن ئاۋات ئىدى. ئۇلار مۇشۇنداق نېمەتلەر ئىچىدە تۇرۇپمۇ يەنە الله تائالاغا قوشۇپ باشقىسىغا ئىبادەت قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن هۇد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا پەيغەمبەر، خۇش بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ (تاللاپ) ئەۋەتتى. هۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يالغۇز بىر الله تائالا تەرىپىگە چاقىردى. ئۇ ئۇلارنى قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن كېلىدىغان الله تائالانىڭ غەزىپىدىن، ئازابىدىن ۋە الله تائالانىڭ قاتتىق تۇتۇشىدىن ئاگاھلاندۇردى.

هۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالامدەك ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: **﴿سىلەر ھەر بىر ئېگىز جايغا ئويۇن ـ كۈلكە ئۈچۈن بىر ئالامەت (يەنى ئېگىز بىنا) سالامسىلەر﴾** يەنى سىلەر يوللار ئۈستىگە ناھايىتى پۇختا، كاتتا بىنالارنى سالامسىلەر؟ سىلەر بۇنى ئۇنىڭغا ئېھتىياجىڭلار بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئويۇن ـ تاماشا قىلىش ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلارنىڭ قالتىس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشىڭلار ئۈچۈنلا سالىسىلەر. شۇڭا هۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەيىبلىدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەنلىك، تەنلىرىنى مەنپەئەتسىز ئىشلارنى قىلىش بىلەن چارچاتقانلىق ۋە دۇنيا

(1) قەمەر سۈرىسى 10 ـ 14 ـ ئايەتكىچە.

-ئاخىرەتتە پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلغانلىقتۇر.

شۇڭا هۇد ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېدى: ﴿**(گويا سىلەر ئۆلمەيدىغاندەك) دۇنيادا مەڭگۈ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ پۇختا سارايلارنى سالامسىلەر**﴾ يەنى سىلەر ئۇنىڭدا مەڭگۈ تۇرۇش ئۈچۈن (شۇنداق سارايلارنى سالامسىلەر؟) مەڭگۈ تۇرۇش سىلەرگە نېسىپ بولمايدۇ. بۇ نەرسىلەرمۇ هامان بىر كۈنى سىلەردىن خۇددى ئىلگىرىكى كىشىلەردىن يوقالغان نەرسىلەردەكلا يوقىلىدۇ.

﴿**ئەگەر (بىراۋنى) جازالىساڭلار، زالىملاردەك جازالايسىلەر**﴾ يەنى هۇد ئەلەيهىسسالام ئۇلارنى ناهايىتى كۈچلۈك، رەھىمسىز ئىكەنلىكى بىلەن سۈپەتلەيدۇ.

﴿**سىلەر الله دىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار**﴾ يەنى سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە پەيغەمبىرىڭلارغا بويسۇنۇڭلار. ئاندىن هۇد ئەلەيهىسسالام الله تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ئەسلىتىشكە باشلاپ مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرگە سىلەر بىلىدىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان الله دىن قورقۇڭلار، ئۇ سىلەرگە چارۋىلارنى، ئوغۇللارنى، باغلارنى، بۇلاقلارنى ئاتا قىلدى، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن»**﴾ يەنى سىلەر ئىنكار قىلساڭلار ۋە قارشىلىق كۆرسەتسەڭلار مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن.

هۇد ئەلەيهىسسالام ئۇلارنى (جەننەتكە) رىغبەتلەندۈرۈش ۋە (دوزاخنىڭ ئازابىدىن) قورقۇتۇش بىلەن الله تائالا تەرىپىگە چاقىردى. بۇ ئۇلارغا هېچ پايدا بەرمىدى.

*******

قَالُوا۟ سَوَآءٌ عَلَيْنَآ أَوَعَظْتَ أَمْ لَمْ تَكُن مِّنَ ٱلْوَٰعِظِينَ ﴿١٣٦﴾ إِنْ هَٰذَآ إِلَّا خُلُقُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٣٧﴾ وَمَا نَحْنُ بِمُعَذَّبِينَ
﴿١٣٨﴾ فَكَذَّبُوهُ فَأَهْلَكْنَٰهُمْ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً ۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٣٩﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٤٠﴾

ئۇلار ئېيتتى: «نەسىھەت قىلامسەن، قىلمامسەن، بەرىبىر بىزگە ئوخشاش﴿136﴾. بۇ (يەنى بۇتلارغا چوقۇنۇش) پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئادەت﴿137﴾. بىز ھەرگىز جازالانمايمىز»﴿138﴾. ئۇلار ئۇنى (يەنى هۇدنى) ئىنكار قىلدى، ئۇلارنى بىز هالاك قىلدۇق، بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى﴿139﴾. سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ناهايىتى غالىبتۇر، ناهايىتى مېھرىباندۇر﴿140﴾.

## هۇد ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى ۋە ئۇلارغا ئازاب چۈشۈرۈلگەنلىكى

الله تائالا هۇد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۇلارنى نېمىدىن ئاگاهلاندۇرغان، نېمىگە رىغبەتلەندۈرگەن، نېمىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتقانلىقىنى ئۇلارغا ئوچۇق بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ هۇد ئەلەيهىسسالامغا بەرگەن جاۋابىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار ئېيتتى: «نەسىھەت قىلامسەن، قىلمامسەن، بەرىبىر بىزگە ئوخشاش**﴾ يەنى بىز هازىرقى يولىمىزدىن يانمايمىز.

﴿ئۇلار ئېيتتى: «ئى هۇد! سەن بىزگە (ئۆزەڭنىڭ راستلىقىڭنى كۆرسىتىدىغان) هېچقانداق

روشەن دەلىل كەلتۈرمىدىڭ، سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن بىز ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋەتمەيمىز ۋە سېنىڭ (پەيغەمبەرلىكىڭگە) ئىشەنمەيمىز﴾[1] ئەمەلىيەتمۇ شۇنداقتۇر. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[2]، ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[3].

﴿بۇ (يەنى بۇتلارغا چوقۇنۇش) پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئادەت﴾ بۇ ئايەتتە ئىككى خىل قىرائەت بار بولۇپ، ئىبنى مەسئۇد، ئەۋفى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئىلقەمە ۋە مۇجاھىد قاتارلىقلار بىرىنچى خىل قىرائەتكە ئاساسەن: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، سەن بىزگە ئېلىپ كەلگەن بۇ نەرسە پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ توقۇپ چىققان نەرسىلىرىدۇر دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. قۇرەيشنىڭ مۇشرىكلىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق دېگەن.

الله تائالا قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ دېگەنلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ئېيتتى: «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان، (ھېيزى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ»﴾[4]، ﴿كاپىرلار: «بۇ (يەنى قۇرئان) پەقەت ئۇ (يەنى مۇھەممەد) ئۆزى توقۇغان يالغاندۇر، ئۇنىڭغا ئۇنى توقۇشقا باشقا بىر قەۋم (يەنى ئەھلى كىتاب) ياردەم بەرگەن» دەيدۇ، ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بوھتان چاپلاش بىلەن ئۇنىڭغا) زۇلۇم قىلدى ۋە يالغاننى چاپلىدى، ئۇلار ئېيتتى: «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان، (ھېيزى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ»﴾[5]، ﴿ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار (مەسخىرە قىلىپ): «قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى (نازىل قىلدى)» دېيىشىدۇ﴾[6].

باشقا ئالىملار ئىككىنچى خىل قىرائەتكە ئاساسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، بىز ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ دىن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن ئىبارەت ئىلگىرىكىلەرنىڭ دىنىدۇر. بىز ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭىدىغان كىشىلەردۇرمىز. ئۇلار قانداق ياشىغان بولسا، بىزمۇ شۇنداق ياشايمىز. ئۇلار قانداق ئۆلگەن بولسا، بىزمۇ شۇنداق ئۆلىمىز. قايتا تىرىلىش ۋە قىيامەت دېگەنلەر يوق نەرسىدۇر دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار: ﴿بىز ھەرگىز جازالانمايمىز»﴾ دېدى، ـ دېدى.

﴿ئۇلار ئۇنى (يەنى ھۇدنى) ئىنكار قىلدى، ئۇلارنى بىز ھالاك قىلدۇق﴾ يەنى ئۇلار ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشلىرىدا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشلىرىدا ۋە تەرسالىق قىلىشلىرىدا داۋاملىشىۋەردى. شۇڭا الله تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلدى. الله تائالا قۇرئاننىڭ نۇرغۇنلىغان يەرلىرىدە ئۇلارنى ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران ئەۋەتىپ ھالاك قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھالاك قىلىنىشىمۇ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تىپىدىن بولدى. چۈنكى، ئۇلار كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئەڭ تولغان كىشىلەر ئىدى. الله تائالامۇ

---

(1) ھۇد سۈرىسى 53 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(3) يۇنۇس سۈرىسى 96 ـ 97 ـ ئايەتلەر.
(4) فۇرقان سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(5) فۇرقان سۈرىسى 4 ـ 5 ـ ئايەتلەر.
(6) نەھل سۈرىسى 24 ـ ئايەت.

ئۇلارنى ناھايىتى قاتتىق ۋە سوغۇق بوراننى ئەۋەتىش بىلەن ھالاك قىلدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد ـ كۈچلۈك ئىرەمنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾[1] بۇ قەدىمكى ئاد قەۋمىدۇر. الله تائالا قەدىمكى ئاد قەۋمىنى ھالاك قىلغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ (يەنى الله ) قەدىمكى ئادنى ھالاك قىلدى﴾[2] قەدىمكى ئاد بولسا، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سامنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى بولغان ئىرەمنىڭ نەسلىدىندۇر. بۇلار چېدىرلاردا ياشايتتى. كىمكى "ئىرەم" دېگەن ئاتالغۇ (ئادەمنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى) شەھەرنىڭ ئىسمى دەپ ئويلاپ قالسا، ئۇ بۇ مەلۇماتنى كەئىب ۋە ۋەھب دېيىلىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿بۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان ئىدى﴾[3] يەنى كۈچلۈكلۈكتە، رەھىمسىزلىكتە، قوپاللىقتا ۋە كۈچتە ئۈستۈن تۇرۇشتا مۇشۇ قەبىلىدىكى ئادەملەر باشقا شەھەردە يارىتىلمىغان ئىدى. مۇبادا "ئىرەم" دېگەن ئاتالغۇدىن (ئادەمنىڭ ئىسمى كۆزدە تۇتۇلماي) شەھەرنىڭ ئىسمى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولسا، الله تائالا ئەلۋەتتە: بۇنداق شەھەر باشقا يەرلەردە سېلىنمىغان ئىدى، ـ دەيتتى.

الله تائالا ئاد قەۋمى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئاد بولسا زېمىندا (الله نىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقانلارغا) ھەقسىز رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار: «كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان الله نىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى﴾[4]، ﴿ئاد بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى، الله ئۇلارغا بوراننى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي ئاپىرىدە قىلدى، (ئاد) قەۋمىنىڭ (ئۆز ماكانلىرىدا ھالاك بولۇپ) خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرىسەن﴾[5] يەنى ئۇلار بېشى يوق جەسەتكىلا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنداق بولۇشى بوران ئۇلارنى (يەردىن) يۇلۇپ ئېلىپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈپ ئاندىن بېشچىلاپ (يەرگە) ئۇرۇپ، مېڭىسىنى چۇۋۇپ، كاللىسىنى سۇندۇرۇپ، خۇددى قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك قىلىپ (تاشلاپ) قويغان ئىدى.

ئۇلار (بوراندىن ساقلىنىش ئۈچۈن) تاغلارنىڭ ئارىسىغا، ئۆڭكۈرلەرگە، تاغنىڭ كاۋاكلىرىغا ۋە يەرگە بەللىرىگە كەلگۈدەك ئۇۋا كولاپ كىرىۋالدى. بۇنداق ئاماللار الله تائالادىن ئۇلارغا كەلگەن ئازابتىن كىچىككىنىمۇ توسۇپ قالالمىدى (چۈنكى، الله تائالا ئۇلارغا پۈتلۈۋەتكەن ئازابنىڭ مۇددىتى كەلگەن ھامان، ئۇلار ئازابنى تېتىتماي قالمايدۇ).

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، الله نىڭ (ئىنسانغا بېكىتكەن) ئەجىلى كەلگەن چاغدا (ئەجەل) كېچىكتۈرۈلمەيدۇ﴾[6].

(1) فەجر سۈرىسى 6 ـ 7 ـ ئايەتلەر.
(2) نەجم سۈرىسى 50 ـ ئايەت.
(3) فەجر سۈرىسى 8 ـ ئايەت.
(4) فۇسسىلەت سۈرىسى 15 ـ ئايەت.
(5) ھاققە سۈرىسى 6 ـ 7 ـ ئايەتلەر.
(6) نۇھ سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار ئۇنى (يەنى ھۇدنى) ئىنكار قىلدى، ئۇلارنى بىز ھالاك قىلدۇق، بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى**﴾.

*******

كَذَّبَتْ ثَمُودُ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٤١﴾ إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ صَٰلِحٌ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٤٢﴾ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٤٣﴾ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٤٤﴾ وَمَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ ۖ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٤٥﴾

سەمۇد (خەلقى) پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى﴿141﴾. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى سالىھ ئېيتتى: «(الله دىن) قورقماسسىلەر؟﴿142﴾. مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىق پەيغەمبەرمەن﴿143﴾. سىلەر الله دىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار﴿144﴾. تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن﴿145﴾.

## سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسى

بۇ، الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى سالىھ ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا بەرگەن خەۋىرىدۇر. الله تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنى سەمۇد قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. سەمۇد بولسا، شام شەھەرلىرى بىلەن قۇرا جىلغىسى ئارىسىدىكى ھىجىر شەھىرىدە ياشايدىغان ئەرەبلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ماكانلاشقان يەرلىرى ھەممە كىشىگە تونۇشلۇق بولغان مەشھۇر يەرلەر ئىدى. بىز ئەئراف سۈرىسىنىڭ تەپسىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شام بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپ ماڭغاندا، ئۇلارنىڭ ماكانلىرىدىن ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرنى بايان قىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكقا بېرىپ بولۇپ، رۇملۇقلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن قايتا تەييارلىق قىلىشقا مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن ئىدى.

سەمۇد قەۋمى ئاد قەۋمىدىن كېيىن ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئۆتكەن قەۋمدۇر. ئۇلارنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى بولغان سالىھ ئەلەيھىسسالام شېرىكى يوق بىر الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئۇلارغا يەتكۈزگەن ھەقىقەتتە ئۆزىگە بويسۇنۇشقا چاقىردى. (لېكىن)، ئۇلار ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئۇنىمىدى، ئۇنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇردى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بۇ چاقىرىقىغا ئۇلاردىن ھەق تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ساۋابىنى پەقەت الله تائالادىن تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

*******

أَتُتْرَكُونَ فِي مَا هَٰهُنَآ ءَامِنِينَ ﴿١٤٦﴾ فِي جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿١٤٧﴾ وَزُرُوعٍ وَنَخْلٍ طَلْعُهَا هَضِيمٌ ﴿١٤٨﴾ وَتَنْحِتُونَ مِنَ ٱلْجِبَالِ بُيُوتًا فَٰرِهِينَ ﴿١٤٩﴾ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿١٥٠﴾ وَلَا تُطِيعُوٓا۟ أَمْرَ ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿١٥١﴾ ٱلَّذِينَ يُفْسِدُونَ فِي ٱلْأَرْضِ وَلَا يُصْلِحُونَ ﴿١٥٢﴾

سىلەر بۇ يەرلەردە، باغچىلاردىن، بۇلاقلاردىن، زىرائەتلەردىن، يۇمشاق پىشقان خورمىلاردىن بەھرىمەن بولۇپ خاتىرجەم ھالدا داۋاملىق قالىمىز (دەپ ئويلامسىلەر)﴿146 ـ 148﴾. خۇشال ھالدا

تاغلارنى تېشىپ ئۆي ياسامسىلەر﴿149﴾. اﷲ دىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار﴿150﴾. زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار»﴿151 ـ 152﴾.

## سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە بېرىلگەن نېمەتلەرنى ئەسلەتكەنلىكى

سالىھ ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى. ئۇلارنى اﷲ تائالانىڭ غەزىپىنىڭ ئۇلارغا كېلىپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇردى. اﷲ تائالانىڭ ئۇلارغا كۆپلەپ رىزىق بەرگەنلىكىدىن، ئۇلارنى خاتىرجەم يەردە ياشاتقانلىقىدىن، ئۇلارغا بوستانلارنى بەرپا قىلىپ، ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاقلارنى چىقىرىپ بەرگەنلىكىدىن، زىرائەتلەرنى ۋە مېۋىلەرنى ئۆندۈرۈپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت اﷲ تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى ئەسلەتتى. شۇڭا سالىھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: **﴿(سىلەر بۇ يەرلەردە) يۇمشاق پىشقان خورمىلاردىن بەھرىمەن بولۇپ خاتىرجەم ھالدا داۋاملىق قالىمىز (دەپ ئويلامسىلەر)﴾**.

ئەۋفى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ئىبنى ئابباسنىڭ: ئۇ خورما تازا ئېسىل پىشقان خورمىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ: ئۇ قۇرۇغان خورمىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىسمائىل ئىبنى ئەبۇخالىد ئەمرى ئىبنى ئەبۇئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلەر ئىبنى ئابباسنىڭ: ئۇ سۇلۇق ھالىتىدە يوغىناپ، ئاندىن ئۆزىنى قويۇپ بەرگەن خورمىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇنى ئىبنى ئەبۇ ھاتەممۇ رىۋايەت قىلىپ: بۇ ھەقتە ئەبۇ سالىھدىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆز رىۋايەت قىلىندى، ـ دېدى.

**﴿خۇشال ھالدا تاغلارنى تېشىپ ئۆي ياسامسىلەر﴾** ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇستىلىقىڭلارنى نامايەندە قىلغان ھالدا تاغلارنى تېشىپ ئۆي ياسامسىلەر؟ ـ دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ھەۋەسلىنىش ۋە چوڭلۇق قىلىش يۈزىسىدىن تاغلارنى تېشىپ ئۆي ياسامسىلەر؟ ـ دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ رىۋايىتىنى مۇجاھىد ۋە بىر تۈركۈم ئالىملار توغرا دەپ قارىدى.

بۇ ئىككى خىل رىۋايەتنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر قارمۇ قارشىلىق يوقتۇر. چۈنكى، ئۇلار تاغلارنى تېشىپ ياسالغان ھېلىقى ئۆيلەرنى ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى چوڭچىلىق قىلىش ۋە ئويۇن ـ تاماشا قىلىش يۈزىسىدىن سالاتتى. ئۇلار ئۆيلەرنى نەقىش قىلىشقا ۋە تاغلارنى ئويۇپ ئۆي ياساشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. ئۇلارنىڭ ياسىغان شۇ ئۆيلىرىنى كۆرۈپ باققان كىشى ئۇلارنىڭ شۇنداق ئۇستا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

شۇڭا سالىھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: **﴿اﷲ دىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار﴾** يەنى سىلەرنىڭ سىلەرنى ياراتقان اﷲ تائالاغا ئىبادەت قىلىشىڭلار، ئۇنى بىر دەپ بىلىشىڭلار، ئەتىگەن ـ كەچتە ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە رىزىق بەرگەن پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلىنىشىڭلارلا سىلەرگە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ھەقىقىي پايدىسى يېتىدىغان ئىشتۇر.

**﴿زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت**

**قىلماڭلار»﴿** يەنى سىلەر ئىچىڭلاردىكى شېرىككە، كاپىرلىققا باشلايدىغان ۋە ھەققە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدىغان چوڭلارغا ۋە كاتتىباشلارغا بويسۇنماڭلار.

* * * * * * *

قَالُوٓاْ إِنَّمَآ أَنتَ مِنَ ٱلۡمُسَحَّرِينَ ﴿١٥٣﴾ مَآ أَنتَ إِلَّا بَشَرٞ مِّثۡلُنَا فَأۡتِ بِـَٔايَةٍ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿١٥٤﴾ قَالَ
هَٰذِهِۦ نَاقَةٞ لَّهَا شِرۡبٞ وَلَكُمۡ شِرۡبُ يَوۡمٖ مَّعۡلُومٖ ﴿١٥٥﴾ وَلَا تَمَسُّوهَا بِسُوٓءٖ فَيَأۡخُذَكُمۡ عَذَابُ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ﴿١٥٦﴾
فَعَقَرُوهَا فَأَصۡبَحُواْ نَٰدِمِينَ ﴿١٥٧﴾ فَأَخَذَهُمُ ٱلۡعَذَابُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗۖ وَمَا كَانَ أَكۡثَرُهُم مُّؤۡمِنِينَ
﴿١٥٨﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٥٩﴾

ئۇلار ئېيتتى: «سەن ھەقىقەتەن سېھىر قىلىنغانلاردىنسەن﴿153﴾. سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسانسەن، ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىرەر مۆجىزە كەلتۈرۈپ باققىن»﴿154﴾. سالىھ ئېيتتى: «بۇ چىشى تۆگە (سۇيۇڭلاردىن بىر كۈن) ئىچىدۇ، سىلەر مۇمۇئەييەن بىر كۈن ئىچىسىلەر﴿155﴾. ئۇنىڭغا يامانلىق قىلماڭلار، بولمىسا سىلەر بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇسىلەر»﴿156﴾. ئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نادامەتكە قالدى﴿157﴾. ئۇلارغا ئازاب چۈشتى، بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى﴿158﴾. سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿159﴾.

## سەمۇد قەۋمىنىڭ بەرگەن جاۋابى، ئۇلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقى ۋە ئۇلارغا الله تائالانىڭ ئازابىنىڭ كەلگەنلىكى

الله تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سەمۇد قەۋمىنى ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىگە بەرگەن جاۋابىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار ئېيتتى: «سەن ھەقىقەتەن سېھىر قىلىنغانلاردىنسەن﴾** مۇجاھىد ۋە قەتادە: ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنى سەن سېھىر قىلىنغۇچىلاردىنسەن دېمەكچىدۇر، ـ دېدى.

ئاندىن ئۇلار مۇنداق دېدى: **﴿سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسانسەن﴾** يەنى ۋەھيي بىزگە كەلمەي، قانداق بولۇپ ساڭا كەلدى؟

الله تائالا ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئارىمىزدىن ئۇنىڭغا ۋەھيى نازىل قىلىندىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ يالغانچىدۇر، مۇتەكەببىردۇر»، ئۇلار ئەتە (يەنى ئاخىرەتتە) كىمنىڭ يالغانچى، مۇتەكەببىر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ﴾[1].

ئاندىن ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتتە راستچىل ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىر مۆجىزە كەلتۈرۈشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرى بىر يەرگە يىغىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قېشلىرىدىكى بىر قۇرام تاشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ،

(1) قەمەر سۈرىسى 25 ـ 26 ـ ئايەتلەر.

سالىھ ئەلەيھىسسالامدىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۇ تاشتىن مۇنداق ـ مۇنداق سۈپەتلىك بىر بوغاز تۆگە چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ چاغدا الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى بولغان سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ئەگەر ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنى ئورۇنلىسا، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە چوقۇم ئىمان ئېيتىش، ئىشىنىش ۋە ئەگىشىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئەھدە ۋە ۋەدىلەر ئالدى. ئۇلارمۇ چوقۇم شۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى سالىھ ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرۇپ، ئاندىن الله تائالادىن ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىپ بېرىشنى سورىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار كۆرسەتكەن ھېلىقى قۇرام تاشتىن ئۇلا تەلەپ قىلغان سۈپەتتىكى بىر تۆگە ئېتىلىپ چىقتى. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاز قىسمىلا سالىھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتتى. كۆپ ساندىكىلىرى بولسا، يەنىلا كاپىر ھالىتىدە قېلىۋەردى.

سالىھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: **﴿«بۇ چىشى تۆگە (سۈيۈڭلاردىن بىر كۈن) ئىچىدۇ، سىلەرمۇ مۇئەييەن بىر كۈن ئىچىسىلەر﴾** يەنى بۇ تۆگە سۈيۈڭلاردىن بىر كۈن ئىچىدۇ، سىلەر بىر كۈن ئىچىسىلەر.

**﴿ئۇنىڭغا يامانلىق قىلماڭلار، بولمىسا سىلەر بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇسىلەر»﴾** يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەگەر ئۇلار تۆگىگە بىرەر يامانلىق قىلىپ قويسا، الله تائالانىڭ ئازابىنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. تۆگە ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۇ ئىچىپ، ئوتلاپ، بىر مەزگىل تۇردى. ئۇلار تۆگىنىڭ سۈت ـ قېتىقلىرىدىن قانغۇچە پايدىلاندى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە يامان ئادەملەر پەيدا بولدى. ئۇلار بىرلىشىپ تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىرىدا تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نادامەتكە قالدى، ئۇلارغا ئازاب چۈشتى﴾** يەنى ئۇلارغا چۈشكەن ئازاب بولسا، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى قاتتىق تىترەتتى. ئۇلارغا يۈرەكلەرنى ئورنىدىن يۇلۇپ تاشلايدىغان قاتتىق ئاۋاز كەلدى ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرى ئويلاپ باقمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. (شۇنىڭ بىلەن) ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى.

**﴿بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾**

* * * * * * *

كَذَّبَتْ قَوْمُ لُوطٍ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٦٠﴾ إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ لُوطٌ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٦١﴾ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٦٢﴾ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ
وَأَطِيعُونِ ﴿١٦٣﴾ وَمَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٦٤﴾

لۇتنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى﴿160﴾. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى لۇت ئېيتتى: «سىلەر (الله دىن) قورقمامسىلەر؟﴿161﴾ مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىق پەيغەمبەرمەن﴿162﴾. سىلەر الله دىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار﴿163﴾. تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن﴿164﴾.

## لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنىڭ بايانى

اللە تائالا بەندىسى، پەيغەمبىرى، ئازارنىڭ نەرۋىسى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى لۇت ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا خەۋەر بېرىدۇ. اللە تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنى (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا) كاتتا بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى.

بۇ قەۋم سەدۇم ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغان جايلاردا ياشايتتى. اللە تائالا ئۇ يەرنىمۇ ئۇلار بىلەن قوشۇپ ھالاك قىلىپ، ئۇ يەرنى پاسكىنا، سېسىق پۇرايدىغان بىر دېڭىزغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ غەۋرى شەھىرىنىڭ پەلەستىنگە تەۋە تاغنىڭ قېشىدىكى نامى مەشھۇر ئۆلۈك دېڭىزدۇر. ئۇ دېڭىز پەلەستىن بىلەن كەرەك ۋە شەۋبەك شەھەرلىرىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان.

لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى شېرىكى يوق بىر اللە تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا ۋە اللە تائالا ئۇلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇدى. ھەمدە ئۇلارنى اللە تائالا چەكلىگەن گۇناھلاردىن ۋە ئاياللىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن بىللە بولۇشتىن ئىبارەت تاكى شۇ دەۋرگىچە ئىنسانلاردىن ھېچكىم قىلىپ باقمىغان، ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان يامان ئىشنى قىلىشتىن توستى.

* * * * * * *

أَتَأْتُونَ ٱلذُّكْرَانَ مِنَ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٦٥﴾ وَتَذَرُونَ مَا خَلَقَ لَكُمْ رَبُّكُم مِّنْ أَزْوَٰجِكُمۚ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ عَادُونَ ﴿١٦٦﴾
قَالُواْ لَئِن لَّمْ تَنتَهِ يَٰلُوطُ لَتَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُخْرَجِينَ ﴿١٦٧﴾ قَالَ إِنِّي لِعَمَلِكُم مِّنَ ٱلْقَالِينَ ﴿١٦٨﴾ رَبِّ نَجِّنِي وَأَهْلِي
مِمَّا يَعْمَلُونَ ﴿١٦٩﴾ فَنَجَّيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥٓ أَجْمَعِينَ ﴿١٧٠﴾ إِلَّا عَجُوزًا فِي ٱلْغَٰبِرِينَ ﴿١٧١﴾ ثُمَّ دَمَّرْنَا ٱلْـَٔاخَرِينَ ﴿١٧٢﴾ وَأَمْطَرْنَا
عَلَيْهِم مَّطَرًاۖ فَسَآءَ مَطَرُ ٱلْمُنذَرِينَ ﴿١٧٣﴾ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةًۖ وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٧٤﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ ٱلْعَزِيزُ
ٱلرَّحِيمُ ﴿١٧٥﴾

سىلەر ئەھلى جاھان ئىچىدىن لىۋاتە قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟ سىلەر ھەقىقەتەن (بۇزۇقچىلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر»﴿165 ـ 166﴾. ئۇلار ئېيتتى: «ئى لۇت! ئەگەر (دەۋىتىڭدىن) قايتمىساڭ، چوقۇم سۈرگۈن قىلىنىسەن»﴿167﴾. لۇت ئېيتتى: «مەن سىلەرنىڭ قىلىقىڭلاردىن قاتتىق يىرگىنىمەن﴿168﴾. پەرۋەردىگارىم! قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابتىن) مېنى ۋە تەۋەلىرىمنى قۇتقۇزغىن»﴿169﴾. ئۇنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزدۇق﴿170﴾. پەقەت مومايىنى (يەنى لۇتنىڭ ئايالىنى قالدۇرۇپ قويۇپ) ھالاك قىلدۇق﴿171﴾. ئاندىن قالغانلارنى ھالاك قىلدۇق﴿172﴾. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىز يامغۇر (يەنى تاش) ياغدۇردۇق، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!﴿173﴾. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (چوڭ) بىر ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى﴿174﴾. سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿175﴾.

# لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ قىلمىشلىرىنى تەنقىد قىلىشى، ئۇلارنىڭ جاۋابى ۋە ئۇلارغا كەلگەن ئازابنىڭ بايانى

الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇزۇق ئىشلارنى قىلىشتىن ۋە ئەرلەر بىلەن بىر يەردە بولۇشتىن توسۇپ، الله تائالا ئۇلار ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىنىڭ قېشىغا كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن جاۋابى تۆۋەندىكىدەك بولدى: ﴿**«ئى لۇت! ئەگەر (دەۋىتىڭدىن) قايتمىساڭ**﴾ يەنى سەن بىزگە ئېلىپ كەلگەن دەۋىتىڭدىن قايتمىساڭ، ﴿**چوقۇم سۈرگۈن قىلىنىسەن**﴾ يەنى بىز سېنى ئارىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىمىز.

الله تائالا ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابىنى باشقا يەردە بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ بىردىن - بىر جاۋابى: «لۇتنىڭ تەۋەلىرىنى شەھىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار، ئۇلار پاك كىشىلەردۇر» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى﴾[1].

لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ قىلمىشلىرىدىن يانمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىدا داۋاملىشىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندە، ئۇلاردىن ئادا - جۇدا بولۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**«مەن سىلەرنىڭ قىلىقىڭلاردىن قاتتىق يىرگىنىمەن**﴾ يەنى مەن يامان كۆرىمەن. مەن بۇ قىلمىشلىرىڭلارنى ھەرگىز توغرا كۆرمەيمەن. ئۇنىڭغا رازى بولمايمەن ۋە مەن سىلەردىن ئادا - جۇدادۇرمەن دەپ، ئۇلارغا قارشى الله تائالاغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**پەرۋەردىگارىم! قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابتىن) مېنى ۋە تەۋەلىرىمنى قۇتقۇزغىن»**﴾

الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزدۇق، پەقەت موماينى (يەنى لۇتنىڭ ئايالىنى قالدۇرۇپ قويۇپ) ھالاك قىلدۇق**﴾ ئۇ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇ ئەسكى بىر موماي بولۇپ، ئاقىۋەتتە لۇت ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ قېلىپ، قەۋمى بىلەن بىللە ھالاك بولۇپ كەتتى.

الله تائالا خۇددى ئەئراف، ھۇد ۋە شۇئەرا سۈرىلىرىدە بايان قىلغاندەك، لۇت ئەلەيھىسسالامنى پەقەت ئەسكى مومىينى تاشلاپ قويۇپ ئائىلىسىدىكى باشقىلارنى كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە ۋە قەۋمىگە ئاۋاز چۈشكەندە، (ناۋادا ئۇلار ئۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قالسا) ئارقىسىغا قارىماسلىقىقا بۇيرۇدى. ئۇلار مۇشۇ بۇيرۇق بويىچە يولغا چىقىپ، الله تائالانىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغان ھالدا يولىنى داۋام قىلدى. الله تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىي بولغان (ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئارقا - ئارقىدىن ساپال تاشلارنى ياغدۇرۇشتىن ئىبارەت) ئازابنى چۈشۈردى.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئاندىن قالغانلارنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىز يامغۇر (يەنى تاش) ياغدۇردۇق، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان! بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (چوڭ) بىر ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾

*******

(1) نەمل سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

كَذَّبَ أَصْحَٰبُ لْـَٔيْكَةِ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٧٦﴾ إِذْ قَالَ لَهُمْ شُعَيْبٌ أَلَا تَتَّقُونَ ﴿١٧٧﴾ إِنِّى لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٧٨﴾ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ
وَأَطِيعُونِ ﴿١٧٩﴾ وَمَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِنْ أَجْرِىَ إِلَّا عَلَىٰ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٨٠﴾

ئەيكەلىكلەر پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى﴿176﴾. ئۆز ۋاقتىدا شۇئەيب ئۇلارغا ئېيتتى: «سىلەر (الله دىن) قورقمامسىلەر؟﴿177﴾. مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىق پەيغەمبەرمەن﴿178﴾. الله دىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار﴿179﴾. تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن﴿180﴾.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەيكەلىكلەرگە قىلغان ۋەز - نەسىھەتى

توغرا بولغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەيكەلىكلەر مەديەنلىكلەردۇر. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ئىدى.

الله تائالا (خۇددى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسىدا قېرىندىشى نۇھ، سالىھ ۋە لۇت دېگىنىدەك) بۇ يەردە: ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيب، - دېمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئەيكەگە ئىبادەت قىلاتتى. ئەيكە بولسا، بىر دەرەخنىڭ ئىسمى ئىدى. ئۇ ناھايىتى بۈك - باراخسان ئۆسكەن بىر دەرەختۇر دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. قىسقىسى، ئۇلار شۇ دەرەخقە ئىبادەت قىلاتتى.

شۇڭا الله تائالا: **﴿ئەيكەلىكلەر پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى﴾** دېگەن چاغدا: ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قېرىندىشى شۇئەيب ئېيتتى، - دېمەي، پەقەت: **﴿ئۆز ۋاقتىدا شۇئەيب ئۇلارغا ئېيتتى﴾** دەپلا، گەرچە شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن قان جەھەتتە بىر مىللەت بولسىمۇ، ئۇلار دەرەخقە ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ بىلەن قەۋمىنىڭ ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى تىلغا ئالمىدى.

بەزىلەر بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلماي: ئەيكەلىكلەردىن مەديەنلىكلەر كۆزدە تۇتۇلمايدۇ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئەيكەلىكلەر ھەم مەديەنلىكلەردىن ئىبارەت ئىككى قەۋمگە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن، - دەپ قارايدۇ. بەزىلەر: شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۈچ قەۋمگە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدى، - دېگەن قاراشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

توغرىسى، ئەيكەلىكلەر بىلەن مەديەنلىكلەر بىر قەۋمدۇر. ئۇلار بەزى يەرلەردە بىر مۇناسىۋەت بىلەن ئەيكەلىكلەر دەپ ئاتالسا، بەزى يەردە مەديەنلىكلەر دەپ ئاتالدى. ئۇلار بىر قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەيكەلىكلەرمۇ خۇددى مەديەنلىكلەر بۇيرۇلغىنىدەك، ئۆلچەم ۋە تارازىنى تولۇق بېرىشكە بۇيرۇلدى. بۇ ئۇلارنىڭ بىر ئۇممەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

* * * * * *

۞ أَوْفُوا۟ ٱلْكَيْلَ وَلَا تَكُونُوا۟ مِنَ ٱلْمُخْسِرِينَ ﴿١٨١﴾ وَزِنُوا۟ بِٱلْقِسْطَاسِ ٱلْمُسْتَقِيمِ ﴿١٨٢﴾ وَلَا تَبْخَسُوا۟ ٱلنَّاسَ
أَشْيَآءَهُمْ وَلَا تَعْثَوْا۟ فِى ٱلْأَرْضِ مُفْسِدِينَ ﴿١٨٣﴾ وَٱتَّقُوا۟ ٱلَّذِى خَلَقَكُمْ وَٱلْجِبِلَّةَ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٨٤﴾

ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار، كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار﴿181﴾. (نەرسىلەرنى) توغرا تارازىدا تارتىڭلار﴿182﴾. كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى (يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى) كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار﴿183﴾. سىلەرنى ۋە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ياراتقان الله دىن قورقۇڭلار»﴿184﴾.

## ئۆلچىگەندە تولۇق ئۆلچەپ بېرىش ۋە تارازىدا توغرا بولۇش كېرەكلىكى

الله تائالا ئۆلچەمنى تولۇق بېرىشكە ۋە تارازىدا توغرا بولۇشقا بۇيرۇپ ۋە ئۇلارنى كەم تۇتۇشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار، كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار**﴾ يەنى سىلەر كىشىلەرگە بەرگەن ۋاقتىڭلاردا، ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار. ئۆلچەمنى كەم تۇتماڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارغا كەم بېرىپ قالىسىلەر. مۇبادا سىلەرنىڭ (باشقىلاردىن) ئېلىشىڭلار بولۇپ قالسا، تولۇق ئالىسىلەر. سىلەرمۇ باشقىلاردىن خۇددى سىلەر بەرگىنىڭلاردەك ئېلىڭلار. ئۇلارغىمۇ سىلەر خۇددى سىلەر ئالغاندىكىدەك بېرىڭلار. ﴿**(نەرسىلەرنى) توغرا تارازىدا تارتىڭلار**﴾

﴿**كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى (يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى) كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار**﴾ يەنى يولدا ئولتۇرۇۋېلىپ، (كىشىلەرنى قورقۇتۇشتەك) پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر اللهغا ئىمان ئېيتقانلارنى قورقۇتقان، الله نىڭ يولىدىن توسقان ۋە ئۇ يولنىڭ ئەگرىلىكىنى تىلىگەن ھالدا يوللاردا ئولتۇرماڭلار﴾[1].

﴿**سىلەرنى ۋە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ياراتقان الله دىن قورقۇڭلار»**﴾ بۇ ئايەت ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى ياراتقان الله تائالانىڭ قاتتىق ئازابىدىن قورقۇتىدۇ.

* * * * * * *

قَالُوٓاْ إِنَّمَآ أَنتَ مِنَ ٱلۡمُسَحَّرِينَ ﴿١٨٥﴾ وَمَآ أَنتَ إِلَّا بَشَرٞ مِّثۡلُنَا وَإِن نَّظُنُّكَ لَمِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿١٨٦﴾ فَأَسۡقِطۡ
عَلَيۡنَا كِسَفٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿١٨٧﴾ قَالَ رَبِّيٓ أَعۡلَمُ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٨٨﴾ فَكَذَّبُوهُ فَأَخَذَهُمۡ
عَذَابُ يَوۡمِ ٱلظُّلَّةِۚ إِنَّهُۥ كَانَ عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٍ ﴿١٨٩﴾ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗۖ وَمَا كَانَ أَكۡثَرُهُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٩٠﴾ وَإِنَّ
رَبَّكَ لَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٩١﴾

ئۇلار ئېيتتى: «سەن سېھىر قىلىنغۇچىلاردىنسەن﴿185﴾. سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش (ئاددى) ئادەمسەن، سېنى بىز ھەقىقەتەن يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمىز﴿186﴾. ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرگىن»﴿187﴾. شۇئەيب ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ»﴿188﴾. ئۇلار شۇئەيبنى ئىنكار قىلدى، ئۇلارنى سايە كۈنىنىڭ ئازابى ھالاك قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك كۈننىڭ ئازابى ئىدى﴿189﴾. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچىلاردىن بولمىدى﴿190﴾.

(1) ئەئراف سۈرىسى 86 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿191﴾.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى، ئۇلارنىڭ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئازاب كەلگەنلىكى

الله تائالا كاپىرلارنىڭ دىللىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭمۇ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا خۇددى سەمۇد قەۋمى پەيغەمبىرىگە بەرگەندەك جاۋابنى بەرگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿«سەن سېھىر قىلىنغۇچىلاردىنسەن﴾

﴿سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش (ئاددى) ئادەمسەن، سېنى بىز ھەقىقەتەن يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمىز﴾ يەنى سەن سۆزلىرىڭدە يالغانچىسەن. سېنى الله تائالا بىزگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمىدى.

﴿ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرگىن»﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىزگە ئاسماننىڭ بىر تەرىپىنى چۈشۈرگىن، ـ دېدى. قەتادە: بىزگە ئاسماننىڭ بىر پارچىسىنى چۈشۈرگىن دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. سۇددى: بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرگىن دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

بۇلارنىڭ سۆزلىرى قۇرەيشلىكلەرنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. الله تائالا قۇرەيشلىكلەرنىڭ سۆزلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، ياكى سېنىڭ خورمىلىق، تاللىق ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولسۇن، ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن، ياكى (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھچى قىلىپ الله نى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن﴾[1]، ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى﴾[2]. بۇ نادان كاپىرلارمۇ (قۇرەيشلەردەك) شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرگىن»﴾ دېدى.

﴿شۇئەيب ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ»﴾ يەنى الله تائالا سىلەرنىڭ ھالىڭلارنى ياخشى بىلىدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇ ئازابقا لايىق بولساڭلار، الله تائالا سىلەرگە ئۇ ئازابنى چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. الله تائالا (سىلەرنىڭ تىلىگەن ئازابىڭلارنى چۈشۈرۈپ بەرمەي) سىلەرگە ئۇۋال قىلغۇچى ئەمەستۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلارغا ئۇلار تىلىگەندەك ئازاب بېرىلدى.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار شۇئەيبنى ئىنكار قىلدى، ئۇلارنى سايە كۈنىنىڭ ئازابى ھالاك قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك كۈننىڭ ئازابى ئىدى﴾ يەنى بۇ ئازاب ئۇلار ئاسماندىن چۈشۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلغان ئازابنىڭ تېپىدىن بولدى.

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 90 ـ 92 ـ ئايەتكىچە.
(2) ئەنفال سۈرىسى 32 ـ ئايەت.

ئۇلارغا ئازابنىڭ كېلىشىنىڭ جەريانى مۇنداق: اللہ تائالا دەسلەپ ئۇلارغا يەتتە كۈنگىچە قاتتىق ئىسسىقلىقنى بەردى. ھېچ نەرسە ئۇلارنى بۇ ئىسسىقتىن دالدا قىلالمىدى. ئاندىن ئۇلارغا سايە تاشلاش ئۈچۈن بىر پارچە بۇلۇت كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇلۇتنىڭ سايىسىدا سايىداش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاستىغا بېرىشتى. (ئۇنىڭ ئاستىغا) ئۇلارنىڭ ھەممىسى توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن، اللہ تائالا ئۇلارغا بۇلۇتتىن چوڭ بىر يالقۇننى ئەۋەتتى. زېمىن قاتتىق تىترەپ، ئۇلارغا قاتتىق بىر ئاۋاز كېلىش بىلەنلا، ئۇلارنىڭ جانلىرى چىقىپ كەتتى. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك كۈننىڭ ئازابى ئىدى**﴾.

اللہ تائالا ئۇلارنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقىنىڭ جەريانىنى ئۈچ يەردە كەلتۈردى ۋە ھەر بىر يەردە شۇ يەرگە مۇناسىپ بولغان سۈپەت بىلەن بايان قىلدى. مەسىلەن: اللہ تائالا ئەئراف سۈرىسىدە: ئۇلارغا زېمىننىڭ قاتتىق تىترىشى يۈزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قېلىشتى، ـ دېدى. چۈنكى، ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا: ﴿«ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك»﴾[1] دەپ، اللہ تائالانىڭ پەيغەمبىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە تەھدىد سېلىپ، ئۇلارنى تىترەتكەن ئىدى. ئۇلارغا زېمىننىڭ تىترىشى يۈزلەندى.

اللہ تائالا ھۇد سۈرىسىدە: ﴿(ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق ئاۋاز (دىن پەيدا بولغان زىلزىلە) يۈزلەندى﴾[2] دەپ بايان قىلدى. چۈنكى، ئۇلار اللہ تائالانىڭ پەيغەمبىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ: ﴿سېنىڭ نامىزىڭ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟ سەن تازىمۇ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن ـ دە،»﴾[3] دېگەن سۆزلىرى بىلەن مازاق قىلغان ۋە كەمسىتكەن ئىدى. بۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا قارىتا ئۇلارنى جىم تۇرغۇزۇپ قويىدىغان قاتتىق ئاۋاز كەلدى. بۇ ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا بەكمۇ مۇناسىپ كەلگەن ئازابتۇر. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق ئاۋاز (دىن پەيدا بولغان زىلزىلە) يۈزلەندى﴾[4].

ئەمما ئۇلار بۇ يەردە تەرسالىق قىلىش يۈزىسىدىن: ﴿**ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرگىن»**﴾ دېگەن ئىدى، ئۇلارغا ئۇلار كېلىشىنى يىراق دەپ قارىغان ئازابنىڭ چۈشۈشى مۇناسىپ بولدى. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنى سايە كۈنىنىڭ ئازابى ھالاك قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك كۈننىڭ ئازابى ئىدى**﴾.

مۇھەممەد ئىبنى جەرىر يەزىد باھىلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئابباستىن اللہ تائالانىڭ: ﴿**ئۇلارنى سايە كۈنىنىڭ ئازابى ھالاك قىلدى**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورىدىم. ئىبنى ئابباس جاۋاب بېرىپ: اللہ تائالا ئۇلارغا قورقۇنچ ۋە قاتتىق ئىسسىق ئەۋەتىدۇ ـ دە، ئۇ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى سىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆيلىرىگە كىرىۋالىدۇ. ئۇ ئىسسىق ئۇلارنىڭ

(1) ئەئراف سۈرىسى 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھۇد سۈرىسى 94 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھۇد سۈرىسى 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ھۇد سۈرىسى 94 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆيلىرىگە كىرىپ جانلىرىنى سىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆيلىرىنى تاشلاپ تاشقىرىغا چىقىۋالىدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا بۇلۇت ئەۋەتىدۇ. بۇلۇت سايىسى بىلەن ئۇلارنى قۇياشنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ساقلاپ قالىدۇ. ئۇلار بۇلۇتنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ سالقىن ۋە راھەت ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىر - بىرىنى (ئۇنىڭ تېگىگە كېلىشكە) چاقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇلۇتنىڭ تېگىگە تولۇق يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، الله تائالا ئۇلارغا ئوت ئەۋەتىدۇ. مانا بۇ، سايە كۈنىنىڭ ئازابىدۇر. ئۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك كۈننىڭ ئازابى ئىدى، - دېدى.

**﴿بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (چوڭ) ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچىلاردىن بولمىدى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** يەنى پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن كاپىرلاردىن ئىنتىقام ئېلىشتا ناھايىتى غالىبتۇر، مۆمىن بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

* * * * * * *

وَإِنَّهُۥ لَتَنزِيلُ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٩٢﴾ نَزَلَ بِهِ ٱلرُّوحُ ٱلْأَمِينُ ﴿١٩٣﴾ عَلَىٰ قَلْبِكَ لِتَكُونَ مِنَ ٱلْمُنذِرِينَ ﴿١٩٤﴾ بِلِسَانٍ عَرَبِيٍّ مُّبِينٍ ﴿١٩٥﴾

شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴿192﴾. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى﴿193 - 194﴾. (قۇرئان) ئوچۇق ئەرەبى تىلدا (نازىل بولدى)﴿195﴾.

## قۇرئان كەرىمنى الله تائالانىڭ چۈشۈرگەنلىكى

الله تائالا بۇ يەردە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن كىتابىتىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾** يەنى قۇرئاننى الله تائالا ساڭا چۈشۈردى ۋە ۋەھيي قىلدى.

**﴿ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى﴾** يەنى الله تائالاغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئۇنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە الله تائالاغا ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەرگە خۇش بېشارەت بېرىشىڭ ئۈچۈن، جىبرىئىل ئۇنى كەم - زىيادە قىلماستىن، ئۆز ھالىتىدە سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى.

ئىبنى ئابباس، مۇھەممەد ئىبنى كەئب، قەتادە، ئەتىيە ئەۋفى، سۇددى، زەھھاك، زۆھرى ۋە ئىبنى جۇرەيج قاتارلىق سەلەپ ئالىملىرى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى ئېلىپ چۈشكەن پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر، - دەيدۇ. بۇ ھەقتە قىلچە ئىختىلاپ يوقتۇر.

زۆھرى مۇنداق دېدى: الله تائالا قۇرئاننى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ چۈشكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم (الله غا دۈشمەندۇر)، چۈنكى ئۇ (يەنى جىبرىئىل) الله نىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۆمىنلەرگە بېشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە

نازىل قىلدى﴾[1].

**﴿(قۇرئان) ئوچۇق ئەرەبى تىلىدا (نازىل بولدى)﴾** يەنى بىز ساڭا چۈشۈرگەن بۇ قۇرئاننى، مەناسى ناھايىتى روشەن، ئوچۇق بولسۇن، ئىمان ئېيتماسلىققا بانا سەۋەب قالمىسۇن ۋە دەلىل ـ پاكىتنى ئېنىق تورغۇزسۇن دەپ، پاساھەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان (تىلىلىك بولغان) ئەرەب تىلى بىلەن چۈشۈردۇق.

* * * * * * *

وَإِنَّهُۥ لَفِي زُبُرِ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٩٦﴾ أَوَلَمۡ يَكُن لَّهُمۡ ءَايَةً أَن يَعۡلَمَهُۥ عُلَمَٰٓؤُاْ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ﴿١٩٧﴾ وَلَوۡ نَزَّلۡنَٰهُ عَلَىٰ بَعۡضِ ٱلۡأَعۡجَمِينَ ﴿١٩٨﴾ فَقَرَأَهُۥ عَلَيۡهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ مُؤۡمِنِينَ ﴿١٩٩﴾

ھەقىقەتەن قۇرئان ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرنىڭ) كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان﴿196﴾. (ئابدۇللا ئىبن سالام ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقان ھەمراھلىرىغا ئوخشاش) ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆلىمالىرىنىڭ قۇرئاننى بىلىشى مۇشرىكلارغا (قۇرئاننىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بولمامدۇ؟﴿197﴾ئەگەر بىز قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا بولمىغان بىر ئادەمگە نازىل قىلغان بولساق، ئۇ قۇرئاننى ئۇلارغا ئوقۇپ بەرسە، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى﴿198 ـ 199﴾.

## قۇرئاننىڭ بايانىنىڭ ئىلگىرىكى كىتابلاردا بار ئىكەنلىكى

بۇ قۇرئاننىڭ بايانى ۋە ئۇنىڭ شۆھرىتى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە چۈشكەن كىتابلاردا بار بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەرلەر بۇرۇنقى زاماندىن باشلاپ قۇرئاندىن ئىبارەت (الله تائالا بىر كىتابنى چۈشۈرىدىغانلىقى بىلەن) خۇش بېشارەت بېرىپ كەلگەن. ھەمدە الله تائالا پەيغەمبەرلەردىن (قۇرئاننىڭ چۈشۈرۈلۈشى ۋە قۇرئان چۈشۈرۈلىدىغان پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن) خۇش بېشارەت بېرىشكە ۋەدە ئالغان. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ھېسابلىنىدىغان پەيغەمبەر (ئىسا ئەلەيھىسسالام) قەۋمىگە تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىدىن كېيىن ئەھمەد ئىسىملىك بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقى بىلەن قەۋمىگە خۇش بېشارەت بەردى. الله تائالا ئۇنىڭ بەرگەن خۇش بېشارىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن الله ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى﴾[2].

**﴿(ئابدۇللا ئىبن سالام ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقان ھەمراھلىرىغا ئوخشاش) ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆلىمالىرىنىڭ قۇرئاننى بىلىشى مۇشرىكلارغا (قۇرئاننىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بولمامدۇ؟﴾** يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قوللىرىدىكى كىتابلىرىدا بار بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى، ئۇنىڭ قەيەردىن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئالىملىرىنىڭ بۇ



(1) بەقەرە سۈرىسى 97 ـ ئايەت.
(2) سەف سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قۇرئاننىڭ بايانىنى ئۆزلىرىنىڭ دەرس قىلىپ ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىدا ئۇچراتقانلىقى (كاپىرلارغا قۇرئاننىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانغا) يېتەرلىك پاكىت بولالامدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئىلگىرىكى كىتابلاردا بارلىقىنى (ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، سالمان فارىسى ۋە ئۇلارنىڭ سەبداشلىرىغا ئوخشاش) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر خەۋەر بەردى. الله تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كىتابلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە قۇرئاننىڭ بايانىنى ئۇچرىتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سېلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان) غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1].

## قۇرەيشلىكلەرنىڭ كۇفۇرلۇقتا چىڭ تۇرۇۋېلىشى

الله تائالا بۇ يەردە قۇرەيشلىكلەرنىڭ قۇرئانغا ئىشەنمەسلىكتە ناھايىتى تەرسالىق قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ: مۇبادا بۇ قۇرئان ئەرەب تىلىدىن بىر ئېغىز سۆزنىمۇ بىلمەيدىغان بىر كىشىگە چۈشسە، ئۇ كىشى قۇرئاننى ئۇلارغا مۇشۇ ئىلغار ئەدەبىياتى ۋە پاساھىتى بىلەن ئوقۇپ بەرسىمۇ، ئۇلار يەنە قۇرئانغا ئىشەنمەيدۇ، ـ دېدى[2]. الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر بىز قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا بولمىغان بىر ئادەمگە نازىل قىلغان بولساق، ئۇ قۇرئاننى ئۇلارغا ئوقۇپ بەرسە، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى**﴾.

الله تائالا كاپىرلارنىڭ ئىمان ئېيتماي چىڭ تۇرىۋالىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار قۇرئانغا ئىشەنمەيدۇ، بۇ بۇرۇندىن ئادەت بولۇپ قالغان (يەنى بۇرۇندىن تارتىپ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنى الله نىڭ ھالاك قىلىشى ئادەت بولۇپ كېلىۋاتقان) ئىش، بىز ئۇلارغا ئاسماندىن بىر ئىشىك ئېچىپ بەرگەن، ئۇلار ئۇنىڭدىن ئاسمانغا ئۆرلەپ (ئالەمى ئەرۋاھنى، پەرىشتىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ)، ئۇلار چوقۇم: «كۆزلىرىمىز باغلىنىپ قالدى، بەلكى سېھىرلەنگەن قەۋم بولۇپ قالساق كېرەك» دېيىشىدۇ﴾[3]، ﴿بىز ئۇلارغا (يەنى كۇففارلارغا) پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۆلۈكلەرنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۈرگەن، بىز ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن (يەنى ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى تەلەپلىرىنى ئورۇنلىغان) تەقدىردىمۇ، الله خالىمىغىچە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾[4]، ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ،

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 157 ـ ئايەت.

(2) يەنى قۇرئاننىڭ ئەرەب تىلىدىن خەۋىرى يوق بىر كىشى تەرىپىدىن كەلتۈرۈلۈشى، ئۇنىڭ شەكسىز ھالدا الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەنلىكىگە كەسكىن پاكىت بولىدۇ.

(3) ھىجر سۈرىسى 13 ـ 15 ـ ئايەتكىچە.

(4) ئەنئام سۈرىسى 111 ـ ئايەت.

ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[1].

*******

كَذَٰلِكَ سَلَكۡنَٰهُ فِي قُلُوبِ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿٢٠٠﴾ لَا يُؤۡمِنُونَ بِهِۦ حَتَّىٰ يَرَوُاْ ٱلۡعَذَابَ ٱلۡأَلِيمَ ﴿٢٠١﴾ فَيَأۡتِيَهُم
بَغۡتَةٗ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٢٠٢﴾ فَيَقُولُواْ هَلۡ نَحۡنُ مُنظَرُونَ ﴿٢٠٣﴾ أَفَبِعَذَابِنَا يَسۡتَعۡجِلُونَ ﴿٢٠٤﴾ أَفَرَءَيۡتَ إِن
مَّتَّعۡنَٰهُمۡ سِنِينَ ﴿٢٠٥﴾ ثُمَّ جَآءَهُم مَّا كَانُواْ يُوعَدُونَ ﴿٢٠٦﴾ مَآ أَغۡنَىٰ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يُمَتَّعُونَ ﴿٢٠٧﴾ وَمَآ
أَهۡلَكۡنَا مِن قَرۡيَةٍ إِلَّا لَهَا مُنذِرُونَ ﴿٢٠٨﴾ ذِكۡرَىٰ وَمَا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٢٠٩﴾

شۇنىڭدەك گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى سالدۇق (ئۇلار قۇرئاننى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ پاساھەت ـ بالاغىتىنى ۋە مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتمىدى)﴿200﴾. ئۇلار (اللّٰه نىڭ) قاتتىق ئازابىنى كۆرمىگىچە قۇرئانغا ئىشەنمەيدۇ﴿201﴾. ئۇ ئازاب ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ (كەلگەنلىكىنى) تۇيماي قالىدۇ﴿202﴾. (ئۇلارغا تۇيۇقسىز ئازاب كەلگەندە) ئۇلار: «بىزگە (ئىمان ئېيتىشىمىز ئۈچۈن) مۆھلەت بېرىلەمدۇ؟» دەيدۇ﴿203﴾. ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ بۇرۇنراق كېلىشىنى تىلەمدۇ؟﴿204﴾. ئېيتىپ باققىنا! ئەگەر ئۇلارنى (نۇرغۇن) يىللار (نېمەتلىرىمىزدىن) بەھرىمەن قىلساق، ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب كەلسە، ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولغان نېمەتلىرى (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىشتا) ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ﴿205 ـ 206 ـ 207﴾. قانداقلىكى شەھەر بولمىسۇن، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتمىگىچە، ئۇنى ھالاك قىلمىدۇق، (ئۇلارنى جازالاشتا) بىز زالىم بولمىدۇق﴿208 ـ 209﴾.

## ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ تاكى ئازابنى كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى

اللّٰه تائالا تاكى ئازابنى كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتمايدىغان گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا ئىنكار قىلىش، كۇپۇرلۇق قىلىش، تېنىش ۋە تەرسالىق قىلىشتەك يامان ئىللەتلەرنى كىرگۈزۈۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۇنىڭدەك گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى سالدۇق (ئۇلار قۇرئاننى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ پاساھەت ـ بالاغىتىنى ۋە مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتمىدى)، ئۇلار (اللّٰه نىڭ) قاتتىق ئازابىنى كۆرمىگىچە قۇرئانغا ئىشەنمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئازابنى كۆرگەن كۈندە ئېيتقان ئۆزرىلىرى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.

﴿**ئۇ ئازاب ئۇلارغا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ (كەلگەنلىكىنى) تۇيماي قالىدۇ، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ئازاب كەلگەندە) ئۇلار: «بىزگە (ئىمان ئېيتىشىمىز ئۈچۈن) مۆھلەت بېرىلەمدۇ؟» دەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئەگەر ئۆزلىرىگە ئازراق مۆھلەت بېرىلگەن بولسا، اللّٰه تائالاغا ئۆزلىرىنىڭ ئويلىشىچە ئىبادەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) كىشىلەرنى (يەنى كۇففارلارنى) ئازاب كېلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن، (بۇ كۈندە) زالىملار: «پەرۋەردىگارىمىز!

(1) يۇنۇس سۈرىسى 96 ـ 97 ـ ئايەتلەر.

بىزگە قىسقىغىنا ۋاقىت مۆھلەت بەرگىن (يەنى دۇنياغا قايتۇرغىن)، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى» دەيدۇ. (ئۇلارغا) سىلەر ئىلگىرى، بىز ھەرگىز يوقالمايمىز، دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟ (دېيىلىدۇ)﴾[1] يەنى مەيلى زالىم ياكى پاسىق بولسۇن، ھەرقانداق بىر كىشى ئازابنى كۆرگەندە قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېدى: ﴿«ئى پەرۋەردىگارىمىز! كىشىلەرنى يولۇڭدىن ئازدۇرۇشى ئۈچۈن ـ ئى پەرۋەردىگارىمىز! ـ پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا ھاياتىي دۇنيادا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال ـ مۈلۈكلەرنى بەردىڭ. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن»، الله ئېيتتى: «ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، دەۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار»﴾[2] بۇ پىرئەۋنگە قىلىنغان بەددۇئا ئىدى. بۇ دۇئا ئىجابەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، پىرئەۋن تاكى ئازاب ئۇنىڭغا كەلمىگىچە ئىمان ئېيتمىدى.

الله تائالا پىرئەۋننىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزىۋەتتۇق، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا: «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى، (ئۇنىڭغا دېيىلدىكى) «(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى الله غا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ﴾[3]، ﴿ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر الله غا ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇرۇن (الله غا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى، بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) الله نىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى﴾[4].

﴿**ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ بۇرۇنراق كېلىشىنى تىلەمدۇ؟**﴾ يەنى بۇ ئۇلارنى ئەيىبلەشتۇر ۋە ئۇلارغا قىلىنغان تەھدىتتۇر. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش ۋە ئازابنىڭ كېلىشىنى يىراق ساناش يۈزىسىدىن: ﴿«ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە الله نىڭ ئازابىنى كەلتۈرگىن﴾[5] دەيتتى.

ئۇلارنىڭ ئازابنىڭ بۇرۇنراق كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ چاپسان كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، الله (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ) مۇئەييەن ۋاقتىنى بەلگىلىمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئازاب ئەلۋەتتە (ئۇلار تەلەپ قىلغان ۋاقىتتىلا) كېلەتتى، ئۇلارغا ئازاب چوقۇم ئۇلار خەۋەرسىز ھالەتتە تۇيۇقسىز ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ، ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەھەننەم (قىيامەت كۈنى) كاپىرلارنى قورشاپ

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 44 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 88 ـ 89 ـ ئايەتلەر.
(3) يۇنۇس سۈرىسى 90 ـ 91 ـ ئايەتلەر.
(4) غافىر سۈرىسى 84 ـ 85 ـ ئايەتلەر.
(5) ئەنكەبۇت سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

**﴿ئېيتىپ باققىنا! ئەگەر ئۇلارنى (ئۇرغۇن) يىللار (نېمەتلىرىمىزدىن) بەھرىمەن قىلساق، ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب كەلسە، ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولغان نېمەتلىرى (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىشتا) ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ﴾** يەنى بىز ئۇلارغا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت مۆھلەت بەرسەك، ئاندىن ئۇلارغا الله تائالانىڭ بۇيرۇقى (يەنى الله تائالانىڭ ئازابى) كەلسە، ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولغان نېمەتلىرىدىن قايسى نەرسە ئۇلاردىن ئازابنى توسۇپ قالىدۇ؟ (يەنى ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولغان نېمەتلىرى ئۇلاردىن ئازابنى توسۇپ قالالمايدۇ).

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ)﴾[2]، ﴿شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى ھاياتقا ھەممە كىشىدىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ھېرىس كۆرىسەن؛ ھەر بىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ﴾[3]، ﴿ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ﴾[4] شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولغان نېمەتلىرى (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىشتا) ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ﴾**.

بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: «(قىيامەت كۈنى) كاپىر كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنى ئوتقا بىر كىرگۈزۈپلا ئېلىپ چىقىپ: سەن بۇندىن بۇرۇن بىرەر ياخشى نەرسە كۆرۈپ باققانمىدىڭ؟ سەن بىرەر نېمەتلىك نەرسە كۆرۈپ باققانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ نامىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ياق، ـ دەيدۇ. دۇنيادا ئەڭ قىيىنچىلىق تارتقان بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنى جەننەتكە بىر كىرگۈزۈپلا ئېلىپ چىقىپ: سەن بىرەر قىيىنچىلىق كۆرۈپ باققانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ياق. يەنى قىيىنچىلىقتەك بىرەر ئىش بولمىغان ئىدى، ـ دەيدۇ».

ئاندىن الله تائالا ئادىللىقىدىن ھالاك قىلىۋەتكەن بىرەر قەۋمنى ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىققا باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىدىغان يوللارنى قويمىغان، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان، ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ۋە دەلىل ـ پاكىتلارنى تۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ھالاك قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿قانداقلىكى شەھەر بولمىسۇن، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتمىگىچە، ئۇنى ھالاك قىلمىدۇق، (ئۇلارنى جازالاشتا) بىز زالىم بولمىدۇق﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾[5]، ﴿پەرۋەردىگارىڭ شەھەرلەرنىڭ مەركىزىگە، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتمىگىچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچى بولمىدۇق، شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى زالىم بولمىغىچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچىمۇ بولمىدۇق﴾[6].

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 53 ـ 54 ـ ئايەتلەر.
(2) نازىئات سۈرىسى 46 ـ ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) لەيل سۈرىسى 11 ـ ئايەت.
(5) ئىسرا سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) قەسەس سۈرىسى 59 ـ ئايەت.

*******

وَمَا تَنَزَّلَتۡ بِهِ ٱلشَّيَٰطِينُ ﴿٢١٠﴾ وَمَا يَنۢبَغِي لَهُمۡ وَمَا يَسۡتَطِيعُونَ ﴿٢١١﴾ إِنَّهُمۡ عَنِ ٱلسَّمۡعِ لَمَعۡزُولُونَ ﴿٢١٢﴾

قۇرئاننى شەيتانلار ئېلىپ چۈشكىنى يوق﴿210﴾. بۇ ئۇلارغا لايىق ئەمەس. ئۇلارمۇ (ئۇنىڭغا) قادىر بولالمايدۇ﴿211﴾. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (يەنى شەيتانلار) (ئوغرىلىقچە) تىڭشاشتىن مەنئى قىلىنغاندۇر﴿212﴾.

## قۇرئاننى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ چۈشكەنلىكى

الله تائالا ئۆزىنىڭ قۇرئاندىن ئىبارەت (ئۇنىڭغا) ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئۇلۇغ كىتابىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇنى الله تائالا تەرىپىدىن ياردەم بېرىلگەن، ئىشەنچلىك پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ چۈشكەنلىكىنى بايان قىلدى.

﴿**قۇرئاننى شەيتانلار ئېلىپ چۈشكىنى يوق**﴾ شەيتانلارنىڭ قۇرئاننى ئېلىپ چۈشمەسلىكىدە مۇنداق ئۈچ خىل سەۋەب بار.

ئۇنىڭ بىرى: شەيتانلار قۇرئاننى ئېلىپ چۈشۈشكە لايىق ئەمەس. يەنى قۇرئاننى ئېلىپ چۈشۈش شەيتانلارنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپى ئەمەس. چۈنكى، بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىش ۋە بەندىلەرنى ئازدۇرۇش شەيتانلارنىڭ تەبىئىتىدۇر. ئەكسىچە قۇرئان بولسا، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ بەندىلەرگە نۇر، ھىدايەت ۋە كاتتا ھۆججەتتۇر. يەنى قۇرئان بىلەن شەيتانلارنىڭ ئارىسىدا قارىمۇ قارشىلىق بار. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ ئۇلارغا لايىق ئەمەس**﴾.

﴿**ئۇلارمۇ (ئۇنىڭغا) قادىر بولالمايدۇ**﴾ يەنى مۇبادا قۇرئاننى ئېلىپ چۈشۈش شەيتانلارغا لايىق دەپ قارالغاندىمۇ ئۇلار ئۇنى ئېلىپ چۈشۈشكە قادىر بولالمايدۇ. بۇ ئىككىنچى سەۋەبتۇر.

الله تائالا قۇرئان ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ الله دىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ﴾[1].

ئۈچىنچىسى: مۇبادا شەيتانلار قۇرئاننى ئېلىپ چۈشۈشكە لايىق بولغان ۋە ئۇنىڭغا قادىر بولغان تەقدىردىمۇ شەيتانلارنىڭ قۇرئان بار يەرگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى الله تائالا ئوچۇق بايان قىلدى. چۈنكى، قۇرئان چۈشۈۋاتقان ۋاقىتتا، شەيتانلار قۇرئاننى تىڭشاشتىن چەكلەنگەن. قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈۋاتقان چاغدا، ئاسمانلار كۈچلۈك پەرىشتىلەردىن ئىبارەت مۇھاپىزەتچىلەر ۋە كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن شەيتانلار قۇرئاندىن بىرەر تال ھەرپنى تىڭشاشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ.

مانا بۇ، الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتىدۇر. شەرىئىتىنى ساقلىشىدۇر، كىتابىغا ۋە

(1) ھەشر سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرگەنلىكىدۇر.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**شۈبھىسىزكى، ئۇلار (يەنى شەيتانلار) (ئوغرىلىقچە) تىڭشاشتىن مەنئى قىلىنغاندۇر**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە جىنلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿(جىنلار ئېيتتى) «بىز (ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا (چىقىشنى) تىلىدۇق، ئاسماننىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) بىلەن ۋە (كۆيدۈرگۈچى) يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق، بىز ھەمىشە (ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا ئولتۇراتتۇق، كىمكى ئەمدى (ئوغرىلىقچە) ئاڭلاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارنى بايقايدۇ، بىز (جىنلار جامائەسى) زېمىندىكىلەرگە يامانلىق ئىرادە قىلىندىمۇ ياكى پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدىمۇ؟ بىلمەيمىز﴾[1].

*******

فَلَا تَدْعُ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَتَكُونَ مِنَ ٱلْمُعَذَّبِينَ ﴿٢١٣﴾ وَأَنذِرْ عَشِيرَتَكَ ٱلْأَقْرَبِينَ ﴿٢١٤﴾ وَٱخْفِضْ جَنَاحَكَ
لِمَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٢١٥﴾ فَإِنْ عَصَوْكَ فَقُلْ إِنِّى بَرِىٓءٌ مِّمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٢١٦﴾ وَتَوَكَّلْ عَلَى ٱلْعَزِيزِ ٱلرَّحِيمِ
﴿٢١٧﴾ ٱلَّذِى يَرَىٰكَ حِينَ تَقُومُ ﴿٢١٨﴾ وَتَقَلُّبَكَ فِى ٱلسَّٰجِدِينَ ﴿٢١٩﴾ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٢٢٠﴾

الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھقا ئىبادەت قىلمىغىن، ئۇنداق قىلساڭ، ئازاب قىلىنغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن﴿213﴾. يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴿214﴾. ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن﴿215﴾. ئەگەر خىش ـ ئەقرىبالىرىڭ ساڭا ئاسىيلىق قىلسا: «مەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەقىقەتەن ئادا ـ جۇدا مەن» دېگىن﴿216﴾. ناھايىتى غالىب، مېھرىبان الله غا يۆلەنگىن﴿217﴾. الله سېنى (نامازغا) قوپقىنىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ﴿218﴾. ناماز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى (سەجدىگە بارغانلىق، رۇكۇغا تۇرغانلىق ۋە قىيامدا تۇرغانلىق) ھەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ﴿219﴾. شۈبھىسىزكى، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿220﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇلغانلىقى

الله تائالا (كىشىلەرنى) ئاۋۋال ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە كىم الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇنى ئازابلايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

ئاندىن پەيغەمبىرىنى ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلارنى پەقەت ئۇلارنىڭ الله تائالاغا بولغان ئىمانىلا قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە مۇلايىم بولۇشقا ۋە مەيلى قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىنەزەر (ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) ئاسىيلىق قىلغان ئادەمدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىشكە

(1) جىن سۈرىسى 8 ـ 10 ـ ئايەتكىچە.

بۇيرۇدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر خىش ـ ئەقرىبالىرىڭ ساڭا ئاسىيلىق قىلسا: «مەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەقىقەتەن ئادا ـ جۇدا مەن» دېگىن**﴾

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇلغانلىقى ئۇنىڭ باشقا كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇلغانلىقىغا زىت ئەمەستۇر. ئەكسىچە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇلغانلىقى بولسا، ئۇنىڭ ھەممە كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇلغان ۋەزىپىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەممە كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿قۇرئان ئاتا ـ بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغان (يەنى ئۇلارغا پەيغەمبەر كەلمىگەن)، غاپىل قالغان بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، غالىب، ناھايىتى مېھرىبان الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[1]، ﴿مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، (كىشىلەرنى) قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ساڭا بىز مۇشۇنداق ئەرەبچە قۇرئاننى نازىل قىلدۇق﴾[2]، ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىشتىن قورقىدىغانلارنىڭ (كۇفرىدىن، گۇناھتىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن﴾[3]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) تەقۋادارلارغا خۇش خەۋەر بېرىشىڭ ۋە سەركەش قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بىز قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾[4]، ﴿ئېيتقىنكى، «الله مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر (ماڭا الله نىڭ گۇۋاھلىقى كۇپايىدۇر). بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى﴾[5]، ﴿(كۇففار) جامائەلىرىدىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر﴾[6].

بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ (پەيغەمبەر بولغانلىقىمنى) مەيلى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان بولسۇن، مۇشۇ قەۋمدىن بىرەرسى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ماڭا ئىمان ئېيتمىغان بولسا، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

بىز بۇ يەردە يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ چۈشكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن بىر نەچچە ھەدىسنى كەلتۈرىمىز:

ئىمام ئەھمەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا الله تائالانىڭ: ﴿**يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن**﴾ دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفا تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ: ئى خالايىق!ـ دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆزى كېلەلەيدىغانلىرى ئۆزى كەلدى. كېلەلمەيدىغانلار ئورنىغا باشقا بىرسىنى ئەۋەتىپ بولسىمۇ،



(1) ياسىن سۈرىسى 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر.
(2) شۇرا سۈرىسى 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى 51 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) مەريەم سۈرىسى 97 ـ ئايەت.
(5) ئەنئام سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) ھۇد سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەممەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻمنىڭ قېشىغا يىغىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻم: «ئى ئابدۇل مۇتەللىپ جەمەتى! ئى فىھرى جەمەتى! ئى لۇئەي جەمەتى! ئېيتىڭﻻرچۇ، ناۋادا مەن مۇشۇ تاغنىڭ كەينىدە ئۇستۇڭﻻرغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر ئاتلىق قوشۇن بار دېسەم، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟» دېدى. ئۇﻻر: ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻم: «(ئۇنداقدا) مەن ھەققەتەن قاتتىق ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھﻻندۇرغۇچىدۇرمەن» دېدى. ئەبۇلەھەب قوپۇپ: سەن بۇگۈندىن باشلاپ ھاﻻك بول، سەن بىزنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن چاقىرغانمىدىڭ؟ ـ دېدى. الله تائاﻻ ئەبۇلەھەب ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئەبۇلەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى﴾[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائاﻻنىڭ: ﴿يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھﻻندۇرغىن﴾ دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻم تۇرۇپ: «ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! ئى ئابدۇل مۇتەللىبنىڭ قىزى سەفىيە! ئى ئابدۇل مۇتەللىبنىڭ ئوغۇللىرى! مەن سىلەر ئۈچۈن الله تائاﻻدىن ھېچ نەرسىگە ئىگە بوﻻلمايمەن. سىلەر مېنىڭ مال ـ مۈلكىمدىن خالىغىنىڭﻻرنى سوراڭﻻر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد قۇبەيسە ئىبنى مەخارىق ۋە زۇھەيرە ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائاﻻنىڭ: ﴿يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھﻻندۇرغىن﴾ دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻم تاغنىڭ ئەڭ ئۇستىدىكى بىر قۇرام تاشقا چىقىپ يۇقىرى ئاۋازدا: «ئى ئابدۇمانافنىڭ ئەۋﻻدى! مەن پەقەت ئاگاھﻻندۇرغۇچىدۇرمەن. مېنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ مىسالىڭﻻر، دۈشمەننىڭ ئۆزىنىڭ باﻻ ـ چاقىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، باﻻ ـ چاقىلىرىنى ئاگاھﻻندۇرۇپ: "دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كەلدى" دەپ ۋارقىراشقا باشلىغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشاشتۇر» دېدى.

﴿ناھايىتى غالىب، مېھرىبان الله غا يۆلەنگىن﴾ يەنى سەن بارلىق ئىشىڭدا الله تائاﻻغا يۆلەنگىن. چۈنكى، ئۇ ساڭا ياردەم بەرگۈچى، سېنى ساقلىغۇچى، سېنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگۈچى ۋە سۆزۈڭنى ئۇستۈن قىلغۇچىدۇر.

﴿الله سېنى (نامازغا) قوپقىنىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ﴾ يەنى الله تائاﻻ ساڭا كۆڭۈل بۆلگۈچىدۇر. الله تائاﻻ بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇﻻرغا بولىدىغان ئازابىنى تەخىر قىلىش) ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، سەن ھەققەتەن بىزنىڭ ھىمايىمىزدىدۇرسەن﴾[2].

﴿الله سېنى (نامازغا) قوپقىنىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: الله تائاﻻ سېنى نامازغا تۇرغىنىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. ئىكرىمە: الله تائاﻻ پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻمنىڭ قىيامدا تۇرغىنىنى، رۇكۇ قىلغىنىنى ۋە سەجدىگە بارغىنىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ـ دېدى. ھەسەن: الله تائاﻻ سېنى سەن يالغۇز ناماز ئوقۇغان ۋاقتىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ، ـ

(1) مەسەد سۈرىسى 1 ـ ئايەت.
(2) تۇر سۈرىسى 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېدى. زەھھاك: الله تائالا سېنى سەن ياتقان يېرىڭدىن ياكى ئولتۇرغان ئورنۇڭدىن تۇرغىنىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ، ـ دېدى. قەتادە: الله تائالا سېنى سەن ئولتۇرغان، قوپۇپ تۇرغان ۋاقتىڭدا ۋە ھەممە ھالىتىڭدە كۆرۈپ تۇرىدۇ، ـ دېدى.

**﴿ناماز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى (سەجدىگە بارغانلىق، رۇكۇغا تۇرغانلىق ۋە قىيامدا تۇرغانلىق) ھەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ﴾** قەتادە بۇ ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرى كەلگەن ئايەت ھەققىدە: الله تائالا سېنى سەن يالغۇز نامازغا تۇرغىنىڭنى ۋە جامائەت بىلەن نامازغا تۇرغىنىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ـ دېدى.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىكرىمە، ئەتا خۇراساني ۋە ھەسەن بەسرى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

**﴿شۈبھىسىزكى، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا بەندىلىرى قىلغان ھەر بىر ئېغىز سۆزنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىك ۋە ھەرىكەتسىز ھالىتىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسى بىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، ئاسمان ـ زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى الله نىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر﴾[1].

* * * * * * *

هَلْ أُنَبِّئُكُمْ عَلَىٰ مَن تَنَزَّلُ ٱلشَّيَـٰطِينُ ﴿٢٢١﴾ تَنَزَّلُ عَلَىٰ كُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيمٍ ﴿٢٢٢﴾ يُلْقُونَ ٱلسَّمْعَ وَأَكْثَرُهُمْ
كَـٰذِبُونَ ﴿٢٢٣﴾ وَٱلشُّعَرَآءُ يَتَّبِعُهُمُ ٱلْغَاوُۥنَ ﴿٢٢٤﴾ أَلَمْ تَرَ أَنَّهُمْ فِى كُلِّ وَادٍ يَهِيمُونَ ﴿٢٢٥﴾ وَأَنَّهُمْ
يَقُولُونَ مَا لَا يَفْعَلُونَ ﴿٢٢٦﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ وَذَكَرُوا۟ ٱللَّهَ كَثِيرًا وَٱنتَصَرُوا۟ مِنۢ
بَعْدِ مَا ظُلِمُوا۟ ۗ وَسَيَعْلَمُ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓا۟ أَىَّ مُنقَلَبٍ يَنقَلِبُونَ ﴿٢٢٧﴾

(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا ئېيتقىنكى) سىلەرگە مەن شەيتانلارنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟﴿221﴾ ئۇلار ھەر بىر ئىغۋاگەرچى، گۇناھكارغا چۈشىدۇ﴿222﴾. ئۇلار (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە) ئاڭلايدۇ، ئۇلار (يەنى شەيتانلار) نىڭ تولىسى يالغانچىلاردۇر﴿223﴾. شائىرلارغا گۇمراھلار ئەگىشىدۇ﴿224﴾. ئۇلارنىڭ (سۆز) ۋادىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرمەمسەن؟﴿225﴾. ئۇلار قىلمايدىغان نەرسىلىرىنى قىلدۇق دەپ سۆزلەيدۇ﴿226﴾. پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، الله نى كۆپ زىكرى قىلغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان شائىرلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ﴿227﴾.

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى 61 ـ ئايەت.

# مۇشرىكلارنىڭ بوھتانلىرىغا بېرىلگەن رەددىيە

اللہ تائالا بۇ يەردە سۆزىنى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ۋەھيي ھەق ئەمەس، ئۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىچىدىن توقۇۋالغان ياكى جىن ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلگەن نەرسىدۇر، ـ دېگەن مۇشرىكلارغا قارىتىپ، پەيغەمبىرىنى مۇشرىكلارنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ۋە بوھتانلىرىدىن پاكلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىنىڭ پەقەت اللہ تائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكى، ئۇنى ئۆزىنىڭ چۈشۈرگەنلىكى، ۋەھيي قىلغانلىقى ۋە ئۇنى ئۇلۇغ، ئىشەنچلىك، كاتتا پەرىشتە جىبرىئىلنىڭ ئېلىپ چۈشكەنلىكىنى ئەسكەرتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ۋەھيي شەيتانلار تەرىپىدىن ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇلاردا مۇشۇنداق كاتتا قۇرئاننى ئېلىپ چۈشىدىغانغا رىغبەت يوقتۇر. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىگە ئوخشاش يالغانچى، جىنكەش داخانلارنىڭ قېشىغا چۈشىدۇ.

**﴿(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا ئېيتقىنكى) سىلەرگە مەن شەيتانلارنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار ھەر بىر ئىغۋا توقۇغۇچى، گۇناھكارغا چۈشىدۇ﴾** يەنى شەيتانلار سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدىغان، ئەخلاقى ناچار بولغان داخانلار ۋە شۇلارنىڭ تىپىدىكى دىن يولىدىن چەتنەپ كەتكەن پاسىقلارنىڭ قېشىغا چۈشىدۇ. چۈنكى، شەيتانلارمۇ (شۇلاردەك) يالغانچى ۋە پاسىقتۇر.

**﴿ئۇلار (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە) ئاڭلايدۇ، ئۇلار (يەنى شەيتانلار) نىڭ تولىسى يالغانچىلاردۇر﴾** يەنى شەيتانلار ئاسماندا بولۇۋاتقان سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ، كەلگۈسى توغرۇلۇق سۆزلەرنى ئوغرىلىقچە ئاڭلايدۇ. ئاندىن ئۇلار شۇ بىر ئېغىز سۆزگە يۈز يالغاننى قوشۇپ، ئىنسانلار ئىچىدىكى (داخانلاردىن ئىبارەت) ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىرىغا يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، داخانلار (شەيتانلاردىن ئاڭلىغان سۆزلىرىنى) كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىدۇ. كىشىلەر داخانلارنىڭ شەيتانلار ئاسماندىن ئاڭلىۋېلىپ ئۇلارغا يەتكۈزگەن ھېلىقى بىر ئېغىز سۆزنىڭ راست چىققانلىقى بىلەن، ئۇلارنىڭ قالغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر تۈركۈم كىشىلەر داخانلار توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن ئۇلار ھەق ئۈستىدە ئەمەس» دېدى. ئۇلار: ئى اللہ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! داخانلار راست سۆزلەرنىمۇ قىلىدىكەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ھەق سۆز بولسا، جىن ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا يۈزدىن ئارتۇق يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ، توخۇدەك چىكىلداپ يېقىنىنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن سۆزدۇر» دېدى.

ئىمام بۇخارى يەنە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللہ تائالا ئاسماندا بىرەر ئىشقا ھۆكۈم چىقارسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا بويسۇنغانلىقتىن (ۋە قورققانلىقتىن) قاناتلىرىنى ئۇرۇپ كېتىدۇ. (پەرىشتىلەرنىڭ قاناتلىرىدىن چىققان) ئاۋاز خۇددى تاشقا ئۇرۇلغان زەنجىردىن چىققان ئاۋازدەكتۇر. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلگەندە، بىر ـ بىرىگە: پەرۋەردىگارىڭلار نېمە دېدى؟ ـ دەيدۇ. ئۇلار سورىغۇچىغا: پەرۋەردىگارىمىز ھەقنى دېدى، ـ دەيدۇ. اللہ يۈكسەكتۇر، كاتتىدۇر.

پەرىشتىلەرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى (گەپنى ئوغرىلىقچە ئاڭلايدىغان) جىنلار ئاڭلىۋالىدۇ. (ئەبۇسۇفيان گەپنى ئوغرىلىقچە ئاڭلايدىغان جىنلار بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدە مانا مۇشۇنداق ئۈستى - ئۈستىلەپ تۇرىدۇ، دەپ بارماقلىرىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە ئالماشتۇردى.) ئەڭ ئۈستىدە تۇرۇپ گەپنى ئاڭلىۋالغىنى، ئۇ گەپنى ئاستىدىكىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ ئاستىدىكىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇلار ئاخىرىدا گەپنى سېھىرگەر ياكى داخانغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بەزىدە ئۇلار گەپنى (سېھىرگەر ياكى داخانغا) يەتكۈزۈپ بېرىپ بولغۇچە، كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار ئۇلارغا يېتىشىۋېلىپ كۆيدۈرىۋېتىدۇ. بەزىدە يېتىشىۋېلىپ بولغۇچە، گەپنى يەتكۈزۈپ بېرىپ بولىدۇ. سېھىرگەر ياكى داخان ئۇ بىر ئېغىز راست گەپكە 100 يالغاننى قوشىدۇ. كىشىلەر بىر - بىرىگە: سېھىرگەر ياكى داخاننىڭ بىزگە پالانى، پالانى كۈنى ماۋۇ - ماۋۇ گەپلەرنى قىلمىغانمىدى؟ - دەيدۇ. ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىنغان (ئاسماندىن ئېلىپ چۈشۈلگەن) شۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ سەۋەبى بىلەن سېھىرگەر ياكى داخان راستچىل ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەرىشتىلەر بۇلۇتتا تۇرۇپ زېمىندا بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشىدۇ. شەيتانلار (ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن) بىرەر ئېغىزنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا يۈز يالغاننى قوشۇپ ئۇنىڭ بىلەن داخانلارنىڭ قۇلىقىنى خۇددى قۇتا (سۇ بىلەن) تولدۇرۇلغىنىدەك تولدۇرۇۋېتىدۇ.

## كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شائىر دېگەنلىكىگە بېرىلگەن رەددىيە

﴿**شائىرلارغا گۇمراھلار ئەگىشىدۇ**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغۇنلۇق يولىدىكىلەر كاپىرلارغا ئەگىشىدۇ. مۇجاھىد (**اللہ** تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئابدۇ راھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق دېدى.

ئىكرىمە: بىر - بىرىنى شېئىر بىلەن سۆكۈشىدىغان ئىككى شائىر بار ئىدى. بىر بۆلەك كىشىلەر بىرىنى، بىر بۆلەك كىشىلەر يەنە بىرىنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن، **اللہ** تائالا: ﴿**شائىرلارغا گۇمراھلار ئەگىشىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، - دېدى.

﴿**ئۇلارنىڭ (سۆز) ۋادىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرمەمسەن؟**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار بارلىق پايدىسىز ئىشلار بىلەنلا ھەپىلىشىپ يۈرىدۇ. زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار سۆزلەرنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە تېڭىرقاپ يۈرىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق دېدى.

﴿**ئۇلار قىلمايدىغان نەرسىلىرىنى قىلدۇق دەپ سۆزلەيدۇ**﴾ ئەۋفى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا (بىرى ئەنسارلىق يەنە بىرى باشقا قەۋمدىن بولغان) ئىككى شائىر بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى ئەيىبلىشەتتى.

ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرىنىڭ يېنىدا ئۆز قەۋمىدىن بولغان (ئۇلارنى قوللايدىغان) ئەخمەقلەر بار ئىدى. ئاندىن الله تائالا: ﴿**شائىرلارغا گۇمراھلار ئەگىشىدۇ، ئۇلارنىڭ (سۆز) ۋادىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرمەمسەن؟ ئۇلار قىلمايدىغان نەرسىلىرنى قىلدۇق دەپ سۆزلەيدۇ**﴾ دېگەن ئايەتلەرنى چۈشۈردى.

بۇ ئايەتلەردىن قۇرئان چۈشۈرۈلگەن بۇ پەيغەمبەر داخان ياكى شائىر ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەھۋالى داخان ۋە شائىرلارنىڭ ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ دېگەن مەقسەت كۆزدە تۇتۇلغان.

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شېئىر ئۆگەتمىگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبەرگە) بىز شېئىر تەلىم بەرمىدۇق، ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس. ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز ـ نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر﴾[1]، ﴿بۇ قۇرئان ئەلۋەتتە ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرنىڭ (الله تەرىپىدىن يەتكۈزگەن) سۆزىدۇر، ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر، سىلەر ناھايىتى ئاز ئىشىنىسىلەر، ئۇ كاھىننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، سىلەر ئاز ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر، (ئۇ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[2].

## ئىسلام شائىرلىرىنىڭ سۈپەتلىرى

مۇھەممەد ئىبنى ئىسهاق ئەبۇھەسەن سالىم بۇرادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ: ﴿**شائىرلارغا گۇمراھلار ئەگىشىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، ھەسسان ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە ۋە كەئب ئىبنى مالىك قاتارلىق ئىسلام شائىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يىغلاشقان ھالەتتە كېلىپ: ھەقىقەتەن الله تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتنى چۈشۈرگەندە بىزنىڭ شائىر ئىكەنلىكىمىزنى بىلەتتى، ـ دېيىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ﴿**پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، الله نى كۆپ زىكرى قىلغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان شائىرلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بېرىپ: «سىلەر: ﴿**الله نى كۆپ زىكرى قىلغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان شائىرلار**﴾ دېگەن ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان شائىرلاردۇرسىلەر» دېدى. بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە ئىبنى جەرىرمۇ ئىبنى ئىسهاقتىن شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

لېكىن بۇ سۈرە مەككىدە چۈشكەن تۇرسا، قانداق بولۇپ ئەنسارلاردىن بولغان ئۇ شائىرلار بۇ ئايەتلەرنىڭ چۈشۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ؟ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئۇ شائىرلار ھەققىدە چۈشكەنلىكى توغرىسىدا كەلگەن رىۋايەتلەرنى ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەسەرلەر توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئەسەرلەردۇر. ئۇلارغا ئاساسلىنىشقا بولمايدۇ. توغرىسىنى بىلگۈچى الله تائالادۇر.

(1) ياسىن سۈرىسى 69 ـ 70 ـ ئايەتلەر.
(2) ھاققە سۈرىسى 40 ـ 43 ـ ئايەتكىچە.

ﷲ تائالانىڭ: ﴿پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ﷲ نى كۆپ زىكرى قىلغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان شائىرلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئىچىگە مەيلى ئەنسارلىق ياكى باشقا يەرلىك شائىرلار بولسۇن، ئايەتتە بايان قىلىنغان خىسلەتلەر تېپىلىدىغان ھەممە شائىر كىرىدۇ. ھەتتا ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرنىڭ شائىرلىرىدىن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى شېئىر ئوقۇپ، كېيىن تەۋبە قىلغان، قىلمىشلىرىدىن قايتقان، ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغان، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى شېئىر ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ﷲ تائالاغا كۆپ تەۋبە قىلغان، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى بۇرۇن ئەيىبلىگەن بولسا، كېيىن مەدھىيىلىگەن شائىرلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ[1]. چۈنكى، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئەبۇسۇفيان ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپمۇ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ قاتتىق ئەيىبلەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئىمان ئېيتىپ ئىسلامغا كىرىشى بىلەنلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئەڭ سۆيۈملۈك كۆرۈنىدىغان كىشىگە ئايلاندى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇرۇن ئەيىبلىگەن بولسا، كېيىن مەدھىيىلىدى ۋە ئىلگىرى يامان كۆرگەن بولسا، كېيىن سۆيدى.

﴿زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان شائىرلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئۇ شائىرلار مۆمىنلەرنى شېئىرلىرى بىلەن ئەيىبلىگەن كاپىرلارغا رەددىيە بەرگەن شائىرلاردۇر، ـ دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد، قەتادە ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق دېدى.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسسانغا: «كاپىرلارغا شېئىر بىلەن ھۇجۇم قىلغىن، جىبرىئىل سەن بىلەن بىللە» دېگەنلىكى بايان قىلىندى.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ، كەئب ئىبنى مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: شەك ـ شۈبھىسىزكى، ﷲ تائالا شائىرلار ھەققىدە ئايەت چۈشۈردى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن مۆمىن كىشى (ﷲ تائالانىڭ يولىدا) قىلىچى ۋە تىلى بىلەن جىھاد قىلىدۇ. جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر (ئى شائىرلار!) سىلەرنىڭ تىلىڭلار بىلەن ئاتقان شېئىرلىرىڭلار دۈشمەنگە خۇددى نەيزىدەك تېگىدۇ» دېدى.

﴿زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ﴾ ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئۆزرىلىرى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ﴾[2].

(1) شۇنىڭدەك، ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ ئىسلام دىنىنى چۈشىنىشتىن بۇرۇن ئىسلام دىنى ياكى مۇسۇلمانلارغا قارشى شېئىر ئوقۇپ سالغانلار بولسا، چىن دىلى بىلەن ﷲ تائالاغا تەۋبە قىلسا، ئۇ شۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ. يازغۇچىلارنىڭمۇ ھۆكمى شۇنداق بولىدۇ.
(2) غافىر سۈرىسى 52 ـ ئايەت.

ئىمام ئەھمەد بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن زۇلۇم قىيامەت كۈنى نۇرغۇن زۇلۇملارغا ئايلىنىدۇ».

قەتادە ئىبنى دەئامە اللە تائالانىڭ: **﴿زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: مەيلى شائىرلار ياكى باشقىلار بولسۇن، زۇلۇم قىلغۇچىلار قەيەرگە قايتىدىغانلىقىنى ئۇزاققا قالماي بىلىدۇ، - دېدى.

بارلىق ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا بولسۇن! شۇنىڭ بىلەن، شۇئەرا سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

# نەمل سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 93 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

طسٓۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡقُرۡءَانِ وَكِتَابٖ مُّبِينٍ ﴿١﴾ هُدٗى وَبُشۡرَىٰ لِلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٢﴾ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ
ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم بِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ يُوقِنُونَ ﴿٣﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ زَيَّنَّا لَهُمۡ
أَعۡمَٰلَهُمۡ فَهُمۡ يَعۡمَهُونَ ﴿٤﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَهُمۡ سُوٓءُ ٱلۡعَذَابِ وَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ هُمُ ٱلۡأَخۡسَرُونَ ﴿٥﴾
وَإِنَّكَ لَتُلَقَّى ٱلۡقُرۡءَانَ مِن لَّدُنۡ حَكِيمٍ عَلِيمٍ ﴿٦﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان **اللّٰه** نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

طا، سىن. بۇ، قۇرئاننىڭ ۋە روشەن كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر﴿1﴾. مۆمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە خۇش خەۋەردۇر﴿2﴾. (شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ ۋە ئاخىرەتكە جەزمەن ئىشىنىدۇ﴿3﴾. ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ھەقىقەتەن چىرايلىق كۆرسەتتۇق، ئۇلار (گۇمراھلىقلىرىدا) تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ﴿4﴾. ئۇلار (دۇنيادا) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئاخىرەتتە ئۇلار ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴿5﴾. ساڭا قۇرئان ئەلۋەتتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى **اللّٰه** تەرىپىدىن بېرىلىدۇ﴿6﴾.

## قۇرئاننىڭ اللّٰه تائالا تەرىپىدىن مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە خۇش بېشارەتچى، كاپىرلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ چۈشكەنلىكى

سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى توغرىسىدىكى بايانىمىز بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا سۆزلىنىپ ئۆتۈلدى.

﴿بۇ، قۇرئاننىڭ ۋە روشەن كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر. مۆمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەتتۇر

**ۋە خۇش خەۋەردۇر﴾** يەنى بۇ ئايەتلەر قۇرئاننىڭ ۋە روشەن كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر. قۇرئان پەقەت ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن، ئىشەنگەن، ئەمەل قىلغان، پەرز نامازلارنى ئوقۇغان، پەرز قىلىنغان زاكاتلارنى بەرگەن، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، قىلغان قىلمىشلارنىڭ ياخشىسىغا مۇكاپات، يامىنىغا جازا بېرىلىدىغانلىقىغا، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلەر ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە خۇش - بېشارەتتۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك - شۈبھىگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ)﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) تەقۋادارلارغا خۇش خەۋەر بېرىشىڭ ۋە سەركەش قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بىز قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾[2].

**﴿ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا﴾** يەنى ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغانلارغا ۋە ئۇنىڭ بولۇشىنى يىراق دەپ قارايدىغانلارغا **﴿ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ھەقىقەتەن چىرايلىق كۆرسەتتۇق، ئۇلار (گۇمراھلىقلىرىدا) تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ﴾** يەنى بىز ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسەتتۇق ۋە ئۇلارنى ئازغۇنلۇقلىرىدا چوڭقۇرلاشتۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئازغۇنلۇقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ. بۇ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن جازادۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز﴾[3].

**﴿ئۇلار (دۇنيادا) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾** يەنى ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. **﴿ئاخىرەتتە ئۇلار ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾** يەنى ھەممە ئادەم توپلانغان مەيدان (يەنى مەھشەرگاھ) دا مۇشۇ تىپتىكى كىشىلەردىن باشقا ھېچقانداق زىيان تارتقۇچى كىشىلەر يوقتۇر.

**﴿ساڭا قۇرئان ئەلۋەتتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى الله تەرىپىدىن بېرىلىدۇ﴾** قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئى مۇھەممەد! سەن قۇرئاننى **﴿ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى الله تەرىپىدىن﴾** تاپشۇرۇپ ئالىسەن دېگەنلىكتۇر، - دېدى. يەنى **الله** تائالا بۇيرىغان ۋە توسقان ئىشلىرىدا ھېكمەت ئىگىسىدۇر. **الله** تائالا ئىشلارنىڭ كاتتىسىنى ۋە ئاددىيسىنى بىلگۈچىدۇر. **الله** تائالانىڭ بەرگەن خەۋىرى ناھايىتى راستتۇر ۋە چىقارغان ھۆكمى ناھايىتى ئادىلدۇر.

---

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 44 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مەريەم سۈرىسى 97 - ئايەت.
(3) ئەنئام سۈرىسى 110- ئايەت.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر﴾[1].

* * * * * * *

إِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِأَهْلِهِۦٓ إِنِّيٓ ءَانَسْتُ نَارًا سَـَٔاتِيكُم مِّنْهَا بِخَبَرٍ أَوْ ءَاتِيكُم بِشِهَابٍ قَبَسٍ لَّعَلَّكُمْ تَصْطَلُونَ ﴿٧﴾ فَلَمَّا
جَآءَهَا نُودِىَ أَنۢ بُورِكَ مَن فِى ٱلنَّارِ وَمَنْ حَوْلَهَا وَسُبْحَـٰنَ ٱللَّهِ رَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿٨﴾ يَـٰمُوسَىٰٓ إِنَّهُۥٓ أَنَا ٱللَّهُ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ
﴿٩﴾ وَأَلْقِ عَصَاكَ ۚ فَلَمَّا رَءَاهَا تَهْتَزُّ كَأَنَّهَا جَآنٌّ وَلَّىٰ مُدْبِرًا وَلَمْ يُعَقِّبْ ۚ يَـٰمُوسَىٰ لَا تَخَفْ إِنِّى لَا يَخَافُ لَدَىَّ ٱلْمُرْسَلُونَ
﴿١٠﴾ إِلَّا مَن ظَلَمَ ثُمَّ بَدَّلَ حُسْنًۢا بَعْدَ سُوٓءٍ فَإِنِّى غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١١﴾ وَأَدْخِلْ يَدَكَ فِى جَيْبِكَ تَخْرُجْ بَيْضَآءَ مِنْ غَيْرِ
سُوٓءٍ ۖ فِى تِسْعِ ءَايَـٰتٍ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَقَوْمِهِۦٓ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمًا فَـٰسِقِينَ ﴿١٢﴾ فَلَمَّا جَآءَتْهُمْ ءَايَـٰتُنَا مُبْصِرَةً قَالُوا۟ هَـٰذَا سِحْرٌ
مُّبِينٌ ﴿١٣﴾ وَجَحَدُوا۟ بِهَا وَٱسْتَيْقَنَتْهَآ أَنفُسُهُمْ ظُلْمًا وَعُلُوًّا ۚ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَـٰقِبَةُ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿١٤﴾

ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەھلىيىسىگە: «مەن ھەقىقەتەن ئوت كۆردۈم، مەن ئوتنىڭ يېنىغا بېرىپ (يول توغرۇلۇق) بىرەر خەۋەر ئۇقۇپ كېلەي، ياكى سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر چوغ ئېلىپ كېلەي» دېدى﴿7﴾. مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە (مۇنداق) نىدا ئاڭلاندى: «الله ئوتنىڭ يېنىدىكى كىشىنى ۋە ئوتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى مۇبارەك قىلدى. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله پاكتۇر﴿8﴾. ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، مەن غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله دۇرمەن﴿9﴾. ھاساڭنى تاشلىغىن!» مۇسا ھاسىسىنىڭ گويا ئەجدىھادەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چېكىندى، كەينىگە (يەنى قورققىنىدىن ئەجدىھاغا) قارىيالمىدى. (الله ئېيتتى) «ئى مۇسا! قورقمىغىن، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا پەيغەمبەرلەر ئەلۋەتتە قورقمايدۇ﴿10﴾. لېكىن كىمكى (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلسا، ئاندىن يامان ئەمەللىرىنى ياخشى ئەمەلگە ئۆزگەرتسە، مەن (ئۇنىڭغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇرمەن، ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن﴿11﴾. قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، (بۇ) مېنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن بەرگەن توققۇز مۆجىزەمنىڭ ئىچىدىدۇر، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى»﴿12﴾. ئۇلارغا بىزنىڭ نۇرغۇن روشەن ئايەتلىرىمىز نازىل بولغان چاغدا، ئۇلار: «بۇ روشەن سېھىردۇر» دېدى﴿13﴾. ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى. بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن﴿14﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە پىرئەۋننىڭ ئاقىۋىتى

الله تائالا ئۆزىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىككە قانداق تاللىغانلىقى، ئۇنىڭغا قانداق يوسۇندا بىۋاستە سۆزلىگەنلىكى، پىچىرلىغانلىقى، ئۇنىڭغا قانداق كاتتا مۆجىزىلەرنى ۋە كەسكىن دەلىل-پاكىتلارنى بەرگەنلىكى، ئۇنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى، ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكى، ئۇنىڭغا

(1) ئەنئام سۈرىسى 115- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگىشىشتىن ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن چوڭلۇق قىلغانلىقىدىن ئىبارەت (مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئىشلىرىنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەھلىيىسىگە﴾** يەنى سەن مۇسا قاراڭغۇ بىر كېچىدە ئايالى بىلەن يولغا چىقىپ، يولدىن ئېزىپ كەتكەن ۋاقتىدا، تۇر تېغى تەرىپىدە لاۋۇلداپ كۆرۈنۈۋاتقان ئوتنى كۆرۈپ، ئايالىغا دېگەن ماۋۇ سۆزلىرىنى ئەسلىگىن: **﴿«مەن ھەقىقەتەن ئوت كۆردۈم، مەن ئوتنىڭ يېنىغا بېرىپ (يول توغرۇلۇق) بىرەر خەۋەر ئۇقۇپ كېلەي، ياكى سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر چوغ ئېلىپ كېلەي» دېدى﴾**.

ئىش مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك بولدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام (ئوت كۆرۈنگەن يەرگە بېرىپ) ئۇ يەردىن (پەيغەمبەرلىك بېرىلىشتىن ئىبارەت) چوڭ خەۋەر ۋە كاتتا نۇرنى ئېلىپ قايتتى.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە (مۇنداق) نىدا ئاڭلاندى: «الله ئوتنىڭ يېنىدىكى كىشىنى ۋە ئوتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى مۇبارەك قىلدى﴾** يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوت يورۇقى كۆرۈنگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، ئوتنىڭ ياپ ـ يېشىل بىر دەرەختە ھەدەپ ئۇلغىيىپ كۆيۈۋاتقانلىقىنى ۋە كۆيگەنسېرى دەرەخنىڭ تېخىمۇ يېشىللىشىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى كۆردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ (دەرەخنىڭ ئۈچىغا) قارىغۇدەك بولسا، ئۇ دەرەخنىڭ ئۈچىدىكى نۇر ئاسماننىڭ قەرىگە تۇتاشقان ئىكەن.

ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار: دەرەختىكى ئوت ئەمەس، پەقەت پارقىراپ تۇرغان نۇر ئىدى، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى ئىدى، ـ دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشتىن ھەيران قالغان ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا **﴿(مۇنداق) نىدا ئاڭلاندى: «الله ئوتنىڭ يېنىدىكى كىشىنى ۋە ئوتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى مۇبارەك قىلدى﴾** ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن ۋە قەتادە قاتارلىقلار: ئوتنىڭ ئەتراپىدىكىلەردىن پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

**﴿ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله پاكتۇر﴾** يەنى الله تائالا خالىغىنىنى قىلىدۇ. الله تائالاغا مەخلۇقاتلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ ئوخشىمايدۇ. مەخلۇقاتلىرىدىن بىرەرسى ئۇنى تولۇق بىلىپ بولالمايدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ھەممىدىن ئۇلۇغ زاتتۇر ۋە ئۇ ھېچقانداق بىر مەخلۇقاتقا ئوخشىمايدۇ. ئاسمان ۋە زېمىن ئۇنى قورشىۋالالمايدۇ. ئۇ بىردۇر، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئۇ ئۆزى تەرىپىدىن يارىتىلغان نەرسىلەرگە ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر.

**﴿ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، مەن غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله دۇرمەن﴾** يەنى الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا (ئۇنىڭغا) سۆز قىلغان، ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلاشقان زاتنىڭ ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن كەلگۈچى، ھەممە نەرسىنى تىزگىنلىگۈچى ۋە ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچى، سۆز ۋە قىلغان ئىشلىرىدا ھېكمەت ئىگىسى، مۇسانىڭ پەرۋەردىگارى بولغان زات الله ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى.

ئاندىن الله تائالا ئۆزىنىڭ خالىغاننى قىلىدىغان ۋە ھەممە نەرسىگە كۈچى يېتىدىغان زات ئىكەنلىكىگە ئوچۇق پاكىت كۆرسىتىش ئۈچۈن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قولىدىكى ھاسىسىنى تاشلاشقا بۇيرۇدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىدىكى ھېلىقى ھاسىنى تاشلىغان ئىدى، ھاسا شۇ ھامان ناھايىتى چوڭ ۋە بەك تېز ھەرىكەت قىلىدىغان كاتتا بىر يىلانغا ئايلاندى.

شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿مۇسا ھاسىسىنىڭ گويا ئەجدىھادەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چېكىندى، كەينىگە (يەنى قورقىنىدىن ئەجدىھاغا) قارىيالمىدى﴾.

﴿(اللە ئېيتتى) «ئى مۇسا! قورقمىغىن، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا پەيغەمبەرلەر ئەلۋەتتە قورقمايدۇ﴾ يەنى سەن ئالدىڭدا كۆرۈۋاتقان بۇ نەرسىدىن قورقما. چۈنكى، مەن سېنى پەيغەمبەرلىككە تاللىماقچى ۋە يۈز - ئابرويلۇق بىر پەيغەمبەر قىلماقچى بولۇۋاتىمەن.

﴿لېكىن كىمكى (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلسا، ئاندىن يامان ئەمەللىرىنى ياخشى ئەمەلگە ئۆزگەرتسە، مەن (ئۇنىڭغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇرمەن، ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن﴾ بۇ ئايەت پۈتۈن ئىنسانىيەتكە كاتتا بىر خۇش خەۋەردۇر. چۈنكى ئايەتتە، كىمكى يامان ئىشلارنى قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن قولىنى ئۈزۈپ (قايتىپ چىقىپ) اللە تائالاغا تەۋبە قىلسا، اللە تائالانىڭ شەك - شۈبھىسىز ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدىغانلىقى بايان قىلىندى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن»﴾[1]، ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن اللە دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ اللە نىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾[2].

﴿قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ﴾ مانا بۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن يەنە بىر مۆجىزىدۇر. خالىغاننى قىلىدىغان اللە تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ كاتتىلىقىنى ۋە مۇشۇ مۆجىزە قىلىنىپ بېرىلگەن كىشىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان چوڭ بىر دەلىل - پاكىتتۇر. ئۇنداق بولۇشى، اللە تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قولىنى چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىشقا بۇيرۇدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىنى چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ چىقارغاندا، قولى خۇددى كۆزنى چاقنىتىدىغان چاقماقتەك، پارقىراپ تۇرىدىغان ئاينىڭ پارچىسىدەك ئاپئاق ھالەتتە چىقتى.

﴿(بۇ) مېنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن بەرگەن توققۇز مۆجىزەمنىڭ ئىچىدىدۇر، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى»﴾ يەنى ھاسىنىڭ يىلانغا ئايلىنىشى بىلەن قولىنىڭ چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن ئاق ھالەتتە چىقىشى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن اللە تائالانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن توققۇز مۆجىزىنىڭ ئىككىسىدۇر.

اللە تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا توققۇز مۆجىزە بەرگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿بىز مۇساغا ھەقىقەتەن توققۇز روشەن مۆجىزە ئاتا قىلدۇق﴾[3] بىز بۇ توققۇز مۆجىزە ھەققىدە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق.

﴿ئۇلارغا بىزنىڭ نۇرغۇن روشەن ئايەتلىرىمىز نازىل بولغان چاغدا، ئۇلار: «بۇ روشەن سېھىردۇر» دېدى﴾ يەنى ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنىڭ سېھىرلىرى بىلەن قارشى تۇرماقچى بولدى. ئۇلار شۇنداق قىلدى. لېكىن، مەغلۇپ بولدى، خار بولغان ھالدا (شەھەرگە) قايتتى.

(1) تاھا سۈرىسى 82 - ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 110- ئايەت.
(3) ئىسرا سۈرىسى 101 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى﴾** يەنى ئۇلار ئۇ مۆجىزىلەرنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى كۆڭۈللىرىدە بىلدى. لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلىش، مىجەز- خۇلقلىرىنىڭ ئۇساللىقى سەۋەبىدىن الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكى ۋە ھەقىقەتكە ئەگىشىشكە چوڭلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئەمەلىيەتتە ئۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىۋار بەرمىدى.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ الله تائالانىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىشى ۋە بىر ئەتىگەندىلا ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىشى بولغانلىقىغا قارىغىن.

بۇ ئايەتتىن مەقسەت تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر: ئى (مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغۇچىلار! پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە كەلگەن ئاقىۋەتنىڭ سىلەرگىمۇ كېلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىڭلار. سىلەرنىڭ شۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشىڭلار بەكمۇ ھەقلىقتۇر. چۈنكى، (سىلەر ئىنكار قىلىۋاتقان) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن شەرەپلىكتۇر ۋە كاتتىدۇر. الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋە ئەخلاقلىرىدا تېپىلىدىغان دەلىللەرنى بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىدىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇش بېشارەت بېرىپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇ پەيغەمبەرلەردىن ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشقا ئەھدە ئالغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ كەلگەن دەلىل- پاكىتلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دەلىل- پاكىتلاردىن كۈچلۈكتۇر.

*******

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا دَاوُۥدَ وَسُلَيْمَـٰنَ عِلْمًا ۖ وَقَالَا ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى فَضَّلَنَا عَلَىٰ كَثِيرٍ مِّنْ عِبَادِهِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٥﴾ وَوَرِثَ
سُلَيْمَـٰنُ دَاوُۥدَ ۖ وَقَالَ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ عُلِّمْنَا مَنطِقَ ٱلطَّيْرِ وَأُوتِينَا مِن كُلِّ شَىْءٍ ۖ إِنَّ هَـٰذَا لَهُوَ ٱلْفَضْلُ ٱلْمُبِينُ ﴿١٦﴾
وَحُشِرَ لِسُلَيْمَـٰنَ جُنُودُهُۥ مِنَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ وَٱلطَّيْرِ فَهُمْ يُوزَعُونَ ﴿١٧﴾ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَتَوْا۟ عَلَىٰ وَادِ ٱلنَّمْلِ قَالَتْ
نَمْلَةٌ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّمْلُ ٱدْخُلُوا۟ مَسَـٰكِنَكُمْ لَا يَحْطِمَنَّكُمْ سُلَيْمَـٰنُ وَجُنُودُهُۥ وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿١٨﴾ فَتَبَسَّمَ
ضَاحِكًا مِّن قَوْلِهَا وَقَالَ رَبِّ أَوْزِعْنِىٓ أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتَ عَلَىَّ وَعَلَىٰ وَٰلِدَىَّ وَأَنْ أَعْمَلَ
صَـٰلِحًا تَرْضَىٰهُ وَأَدْخِلْنِى بِرَحْمَتِكَ فِى عِبَادِكَ ٱلصَّـٰلِحِينَ ﴿١٩﴾

بىز ھەقىقەتەن داۋۇدقا، سۇلايمانغا (دۇنيا ۋە دىن ئىلىملىرىدىن كەڭ) ئىلىم ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئېيتتى: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى نۇرغۇن بەندىلىرىدىن ئارتۇق قىلغان اللهغا خاستۇر!»﴿15﴾. سۇلايمان (پەيغەمبەرلىكتە، ئىلىمدە، پادىشاھلىقتا ئاتىسى) داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ: «ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى تەلىم بېرىلدى. (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) ھەممە نەرسە ئاتا قىلىندى، بۇ ئەلۋەتتە (اللهنىڭ) روشەن ئېھسانىدۇر» دېدى﴿16﴾. سۇلايماننىڭ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرى توپلاندى (سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەبدەبە بىلەن ماڭاتتى). ئۇلار تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى﴿17﴾. ئۇلار (شامدىكى بىر) چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر چۈمۈلە ئېيتتى: «ئى چۈمۈلىلەر! ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلايمان ۋە

ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يەنچىۋەتمىسۇن» ﴿18﴾. سۇلايمان چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى ۋە ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن» ﴿19﴾.

## داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تەرتىپلىنىشى ۋە ئۇنىڭ چۈمۈلىلەر ۋادىسىدىن ئۆتۈشى

الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى بولغان داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالاملارغا كاتتا نېمەتلەرنى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ۋە چىرايلىق سۈپەتلەرنى، يەنى دۇنيالىقتا كۈچلۈك ۋە كاتتا پادىشاھ قىلىش، دىندا پەيغەمبەر ۋە دىننى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇش بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى بىرگە بېرىشتىن ئىبارەت كاتتا نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**بىز ھەقىقەتەن داۋۇدقا، سۇلايمانغا (دۇنيا ۋە دىن ئىلىملىرىدىن كەڭ) ئىلىم ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئېيتتى: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى نۇرغۇن بەندىلىرىدىن ئارتۇق قىلغان الله غا خاستۇر!»**﴾

﴿**سۇلايمان (پەيغەمبەرلىكتە، ئىلىمدە، پادىشاھلىقتا ئاتىسى) داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى**﴾ يەنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام پادىشاھلىقتا ۋە پەيغەمبەرلىكتە داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ۋارىسلىق قىلدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بولغان ۋارىسلىقى ھەرگىزمۇ مال ـ مۈلۈكتە بولغان ۋارىسلىق ئەمەستۇر. ئەگەر بۇ ۋارىسلىق مال ـ مۈلۈكتە بولغان ۋارىسلىق بولىدىغان بولسا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىدىن بۇ ۋارىسلىققا يالغۇز ئۆزىلا خاس قىلىنمىغان بولاتتى. چۈنكى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈز ئايالى بار ئىدى.

شۇڭا بۇ ۋارىسلىقتىن پادىشاھلىقتا ۋە پەيغەمبەرلىكتە بولغان ۋارىسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «بىز پەيغەمبەرلەر گۇرۇھى مىراس قالدۇرۇلغانلاردىن قىلىنمايمىز. بىز قويۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكلەر سەدىقە ھېسابلىنىدۇ».

﴿**ئۇ: «ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى تەلىم بېرىلدى. (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) ھەممە نەرسە ئاتا قىلىندى (دېدى)**﴾ يەنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە الله تائالانىڭ كاتتا پادىشاھلىق ۋە كۈچ ـ قۇدرەت بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت نېمەتلەردىن خەۋەر بەردى. ھەتتا الله تائالا ئۇنىڭغا ئىنسان، جىن ۋە قۇشلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئۇنى قۇشلارنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ تىللىرىنى بىلەلەيدىغان قىلدى. الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بىزگە بەرگەن خەۋەرلىرىدىن بىلىشىمىزچە، بۇ ھېچ بىر ئادەمگە بېرىلىپ باقمىغان ئالاھىدە بىر ئىشتۇر. الله تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ھاۋادىكى قۇشلارنىڭ ۋە ھەر تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان تىللىرىنى بىلدۈردى.

شۇڭا سۇلايمان ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: **﴿«ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى تەلىم بېرىلدى. (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) ھەممە نەرسە ئاتا قىلىندى﴾** يەنى بىزگە بىر پادىشاھقا كېرەكلىك بولىدىغان ھەممە نەرسە بېرىلدى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: **﴿بۇ ئەلۋەتتە (الله نىڭ) روشەن ئېھسانىدۇر»﴾** دېدى. يەنى بۇ الله تائالانىڭ بىزگە بولغان ئاشكارا، ئوچۇق مەرھەمىتىدۇر.

**﴿سۇلايماننىڭ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرى توپلاندى (سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەبدەبە بىلەن ماڭاتتى). ئۇلار تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى﴾** يەنى سۇلايماننىڭ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرى توپلاندى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام كاتتا بىر قوشۇننىڭ ئىچىدە ماڭدى. ئىنسانلار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا يانداشىپ ماڭدى. جىنلار ئىنسانلارنىڭ كەينىدە، قۇشلار بولسا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستە تەرىپىدە ماڭدى. ئەگەر ھاۋا ئىسسىق بولسا قۇشلار قاناتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا سايە تاشلايتتى.

**﴿ئۇلار تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى﴾** يەنى ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئۆزىگە بەلگىلەپ بېرىلگەن مېڭىش ئورنىدىن (ئىلگىرىلەپ كېتىپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا) ئۆتۈپ كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭغانلار كەينىدىكىلەرنىڭ ئېتىشىپ كېتىشىنى توسۇپ ماڭاتتى.

مۇجاھىد: خۇددى ھازىرقى دەۋردىكى پادىشاھلار كەينىدىكىلەرنىڭ ئالدىغا ئىلگىرىلەپ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ماڭغانلارنى كەينىگە ئىتتىرىپ سەپلەرنى رەتلەيدىغانلارنى ئورۇنلاشتۇرغىنىدەك، سۇلايمان ئەلەيھىسسالاممۇ ھەر بىر تۈردىكى ھايۋانلارنىڭ ئالدىغا ئۇلارنى كەينىگە ئىتتىرىپ تىزگىنلەپ تۇرىدىغانلارنى ئورۇنلاشتۇردى، ـ دېدى.

**﴿ئۇلار (شامدىكى بىر) چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە﴾** يەنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قوشۇنلىرى بىلەن چۈمۈلىلەر جىلغىسىدىن ئۆتكەندە **﴿بىر چۈمۈلە ئېيتتى: «ئى چۈمۈلىلەر! ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يەنچىۋەتمىسۇن»﴾** ئۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام چۈمۈلىنىڭ دېگەن گېپىنى چۈشىنىپ: **﴿سۇلايمان چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى ۋە ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن»﴾** يەنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: سەن مېنى قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىشتىن ئىبارەت نېمەتلەرنى ماڭا بەرگەنلىكىڭگە، ئاتا ـ ئانامغا ئىسلامنى ۋە ئىماننى بەرگەنلىكىڭگە شۈكۈر قىلىشىمغا نېسىپ قىلساڭ، سەن خۇرسەن ۋە رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشىمدا ئۇتۇقلۇق قىلساڭ، جېنىمنى ئالغان ۋاقتىڭدا، مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ ۋە ساڭا ئەڭ يېقىن بولغان يۇقىرى دەرىجىدىكى كىشىلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزسەڭ، ـ دېدى.

* * * * * *

وَتَفَقَّدَ ٱلطَّيْرَ فَقَالَ مَالِىَ لَآ أَرَى ٱلْهُدْهُدَ أَمْ كَانَ مِنَ ٱلْغَآئِبِينَ ﴿٢٠﴾ لَأُعَذِّبَنَّهُۥ عَذَابًا
شَدِيدًا أَوْ لَأَاْذْبَحَنَّهُۥٓ أَوْ لَيَأْتِيَنِّى بِسُلْطَٰنٍ مُّبِينٍ ﴿٢١﴾

ئۇ قۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «ماڭا نېمە بولدى؟ ھۆپۈپنى كۆرمەيمەنغۇ! يا ئۇ يوقاپ كەتتىمۇ﴿20﴾. ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلايمەن، يا چوقۇم (يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاقلايدىغان) بىر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ»﴿21﴾.

## ھۆپۈپنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى

مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە باشقىلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۆپۈپ سەپەرلەردە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى سۇ بار يەرگە باشلاپ ئاپىراتتى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام چۆل - جەزىرىدە بولسا، ھۆپۈپنى چاقىراتتى. ھۆپۈپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا يەر ئاستىدىكى سۇنى خۇددى ئىنسان يەر يۈزىدىكى ئوچۇق تۇرغان نەرسىنى كۆرگەندەك كۆرۈپ بېرەتتى ۋە ئۇ سۇنىڭ يەر يۈزىدىن قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرەتتى. ھۆپۈپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا سۇ بار يەرنى كۆرسىتىپ بەرسە، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام جىنلارنى شۇ يەرنى كولاپ سۇنى چىقىرىشقا بۇيرۇيتتى. بىر كۈنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىر چۆلدە ھۆپۈپنى ئىزدەپ، بارلىق قۇشلار ئارىسىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. لېكىن: **﴿ئۇ قۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «ماڭا نېمە بولدى؟ ھۆپۈپنى كۆرمەيمەنغۇ! يا ئۇ يوقاپ كەتتىمۇ﴾** دېدى.

بىر كۈنى ئىبنى ئابباس كىشىلەرگە مۇشۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. كىشىلەرنىڭ ئىچىدە نافىئ ئىبنى ئەزرەق ئىسىملىك بىر خاۋارىج بار بولۇپ، بۇ خاۋارىج ئىبنى ئابباسنىڭ سۆزلىرىگە تولا قارشىلىق بىلدۈرەتتى. (ئىبنى ئابباس شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا) ئۇ خاۋارىج ئىبنى ئابباسقا: ئى ئىبنى ئابباس! توختا، بۈگۈن سەن سۆزدە تۇتۇلدۇڭ، - دېدى. ئىبنى ئابباس: قايسى سۆزدە تۇتۇلدۇم؟ - دېدى. ئۇ: سەن ھۆپۈپنى يەرنىڭ ئاستىدىكى سۇنى كۆرۈپ بېرەتتى، - دېدىڭ. (ئۇنداقتا) بىر كىچىك بالا باسماققا دان سېلىپ، باسماقنىڭ ئۈستىگە توپا چېچىپ قويسا، ھۆپۈپ داننى ئېلىش ئۈچۈن باسماققا چۈشسە، ئۇنى بالا تۇتۇۋالالايدىكەنغۇ؟ - دېدى. ئىبنى ئابباس: ئەگەر بۇ (كىشى) بېرىپ، ئىبنى ئابباسقا رەددىيە بېرىپ ئۇتتۇۋالدىم دەپ يۈرمەيدىغان ئىش بولسا، مەن بۇنىڭغا ھەرگىز جاۋاب بەرمەيتتىم، - دېدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ: ۋاي ساڭا! ئەگەر الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى كەلسە، كۆز كۆرمەس بولىدۇ ۋە قورقۇنچ يوق بولىدۇ، - دېگەن جاۋابنى بەردى.[1] خاۋارىج ئىبنى ئابباسقا: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن سەن بىلەن قۇرئاننىڭ بىرەر مەسىلىسى توغرىسىدا ھەرگىز مۇنازىرىلەشمەيمەن، - دېدى.

**﴿ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن﴾** ئەئمەش ئىبنى ئابباسنىڭ: (سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزىدىن) ئۇنىڭ تۈكلىرىنى يۇلۇۋالايمەن دېمەكچىدۇر، - دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى شەدداد: ئۇنىڭ تۈكلىرىنى يۇلۇۋالايمەن ۋە ئۇنى كۈن ئاستىغا تاشلاپ قويىمەن دېمەكچىدۇر، - دېدى. شۇنىڭدەك كۆپلىگەن سەلەپ ئالىملىرىمۇ: سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھۆپۈپنى يۇلۇۋېلىپ، چۈمۈلىلەرنىڭ يېيىشى ئۈچۈن تاشلاپ قويماقچى بولدى، - دېدى.

**﴿يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلايمەن﴾** يەنى ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن. **﴿يا چوقۇم (يوقاپ كەتكەنلىكىنى**

(1) يەنى بۇ ئىش الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولغاندۇر. الله تائالا ھۆپۈپنى شۇنداق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان بولغاچقا، ھۆپۈپ يەر ئاستىدىكى سۇنى كۆرەلەيدۇ دېمەكچىدۇر.

**ئاقلايدىغان) بىر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ»﴾** يەنى ئوچۇق بىر سەۋەب كەلتۈرىدۇ.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى شەدداد مۇنداق دېدى: ھۆپۈپ قايتىپ كەلگەندە، قۇشلار ئۇنىڭغا: قانداق خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ سۇلايمان قېنىڭنى نەزىر قىلىۋەتتى (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى)، ـ دېدى. ھۆپۈپ: سۇلايمان مېنى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا جازانىڭ گېپىنى قىلدىمۇ؟ ـ دېدى. قۇشلار: ھەئە، ئۇ: **﴿ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلايمەن، يا چوقۇم (يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاقلايدىغان) بىر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ»﴾** دېدى، ـ دېيىشتى. ھۆپۈپ: ئۇنداق بولسا قۇتۇلۇپ قالغۇدەكمەن، ـ دېدى.

*******

فَمَكَثَ غَيْرَ بَعِيدٍ فَقَالَ أَحَطتُ بِمَا لَمْ تُحِطْ بِهِۦ وَجِئْتُكَ مِن سَبَإٍۭ بِنَبَإٍ يَقِينٍ ﴿٢٢﴾ إِنِّى وَجَدتُّ ٱمْرَأَةً
تَمْلِكُهُمْ وَأُوتِيَتْ مِن كُلِّ شَىْءٍ وَلَهَا عَرْشٌ عَظِيمٌ ﴿٢٣﴾ وَجَدتُّهَا وَقَوْمَهَا يَسْجُدُونَ لِلشَّمْسِ مِن
دُونِ ٱللَّهِ وَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ أَعْمَٰلَهُمْ فَصَدَّهُمْ عَنِ ٱلسَّبِيلِ فَهُمْ لَا يَهْتَدُونَ ﴿٢٤﴾ أَلَّا يَسْجُدُوا۟ لِلَّهِ ٱلَّذِى
يُخْرِجُ ٱلْخَبْءَ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَيَعْلَمُ مَا تُخْفُونَ وَمَا تُعْلِنُونَ ﴿٢٥﴾ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ ٱلْعَرْشِ
ٱلْعَظِيمِ ۩ ﴿٢٦﴾

ئۇزاق ئۆتمەي ھۆپۈپ كەلدى، ئۇ ئېيتتى: «مەن سەن بىلمىگەن ئىشنى بىلىپ (كەلدىم)، ساڭا مەن سەبەدىن (يەنى يەمەندىكى سەبە شەھىرىدىن) بىر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم﴿22﴾. مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا (يەنى سەبە ئاھالىسىگە) بىر ئايالنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) پادىشاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا (ئۆزىگە ۋە سەلتەنەتىگە كېرەكلىك) ھەممە نەرسە بېرىلگەن ئىكەن، ئۇ چوڭ ئەرشكە ئىگە ئىكەن﴿23﴾. ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ **الله** نى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى بايقىدىم، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى (يەنى **الله** نى قويۇپ، قۇياشقا چوقۇنغانلىقلىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ﴿24﴾. ئۇلار ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلارنى ئاشكارىلىغۇچى، سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچى **الله** غا سەجدە قىلمايدۇ﴿25﴾. **الله** دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»﴿26﴾.

## ھۆپۈپنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا سەبە شەھرىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەنلىكى

**﴿ئۇزاق ئۆتمەي ھۆپۈپ كەلدى﴾** يەنى ھۆپۈپ ئازراق ۋاقىتلا يوقاپ كېتىپ، كېلىپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: **﴿«مەن سەن بىلمىگەن ئىشنى بىلىپ (كەلدىم)، ساڭا مەن سەبەدىن (يەنى يەمەندىكى سەبە شەھىرىدىن) بىر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم﴾** يەنى مەن سەن ۋە سېنىڭ ئەسكەرلىرىڭ بىلمىگەن بىر ئىشنى بىلىپ كەلدىم. ساڭا مەن يەمەننىڭ سەبە شەھرىدىن ئىشەنچلىك ۋە مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. **﴿مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا (يەنى سەبە ئاھالىسىگە) بىر ئايالنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) پادىشاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم﴾** ھەسەن بەسرى مۇنداق دېدى: ئۇ ئايال شەراھىلنىڭ

قىزى، سەبە شەھىرىنىڭ پادىشاھى بىلقىس ئىدى.

**﴿ئۇنىڭغا (ئۆزىگە ۋە سەلتەنەتىگە كېرەكلىك) ھەممە نەرسە بېرىلگەن ئىكەن، ئۇ چوڭ ئەرشكە ئىگە ئىكەن﴾** يەنى ئۇ ئايالغا دۇنيالىقتا كۈچلۈك بىر پادىشاھ ئېھتىياجلىق بولىدىغان ھەممە نەرسە بېرىلگەن ئىكەن ۋە ئۇنىڭ (ئولتۇرىدىغان) ئالتۇن ۋە ئۈنچە مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن ناھايىتى چوڭ بىر تەختى بار ئىكەن.

تارىخشۇناسلار مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئۇ تەخت ناھايىتى ئېگىز ۋە مۇستەھكەم سېلىنغان كاتتا بىر سارايىنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ سارايىنىڭ شەرق تەرىپىدە 360 دانە، غەرب تەرىپىدە 360 دانە يورۇق چۈشىدىغان يۇمۇلاق شەكىللىك دەرىزە بار ئىدى. سارايىنىڭ سېلىنىش شەكلى ھەر كۈنى قوياش چىققاندا يورۇقى (سارايىنىڭ ئىچىگە) بىر دەرىزىدىن كىرىدىغان ۋە كۈن كىرىپ كەتكەندە يەنە بىر دەرىزىدىن كىرىدىغان شەكىلدە ئىدى[1]. ئۇلار ئەتىگەن ۋە كەچتە قوياشقا سەجدە قىلاتتى.

شۇڭا ھۆپۈپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ الله نى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى بايقىدىم، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى (يەنى الله نى قويۇپ، قۇياشقا چوقۇنغانلىقلىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ﴾**.

**﴿ئۇلار ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلارنى ئاشكارىلىغۇچى، سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچى الله غا سەجدە قىلمايدۇ﴾** يەنى ئۇلار سەجدىنى يۇلتۇزلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرگە ئەمەس، شېرىكى يوق، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھەممە يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلگۈچى، بەندىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچى بىر الله غىلا قىلىشتىن ئىبارەت ھەق يولنى بىلمەيدۇ.

الله تائالا سەجدىنى باشقا نەرسىلەرگە ئەمەس، بىر الله غىلا قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي الله نىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان الله غا سەجدە قىلىڭلار، ئەگەر پەقەت الله غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار﴾[2].

الله تائالا بەندىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى بىلىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان، ئاشكارا سۆز قىلغان، كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى (الله ئۈچۈن ئېيتقاندا) ئوخشاشتۇر (يەنى الله ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ)﴾[3].

**﴿الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»﴾** يەنى ئەسلىدە ئىبادەت قىلىنىدىغان زات، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان، ياراتقان نەرسىلىرىنىڭ ئىچىدە ئۆزىدىن چوڭى بولمىغان، كاتتا ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالادۇر.

---

(1) يەنى بۇ 360 دەرىزە قوياشنىڭ چىقىش ۋە ئولتۇرۇش ئورنىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى بويىچە ياسالغان بولۇپ، قوياش نۇرى ساراي ئىچىگە ھەر كۈنى بىردىن دەرىزىدىن يۆتكىلىپ كىرەتتى.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 37 ـ ئايەت.
(3) رەئد سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

ھۆپۈپ ياخشىلىقتا، شېرىكى يوق بىر الله غىلا ئىبادەت ۋە سەجدە قىلىشقا چاقىرغانلىقى ئۈچۈن (كىشىلەرنىڭ) ئۇنى ئۆلتۈرۈشى چەكلەندى. ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى، ھۆپۈپ ۋە سۇرەددىن ئىبارەت تۆت خىل جانىۋارنى ئۆلتۈرۈشتىن توستى.

* * * * * * *

﴿قَالَ سَنَنظُرُ أَصَدَقْتَ أَمْ كُنتَ مِنَ الْكَاذِبِينَ ﴿٢٧﴾ اذْهَب بِّكِتَابِي هَٰذَا فَأَلْقِهْ إِلَيْهِمْ ثُمَّ تَوَلَّ عَنْهُمْ
فَانظُرْ مَاذَا يَرْجِعُونَ ﴿٢٨﴾ قَالَتْ يَا أَيُّهَا الْمَلَأُ إِنِّي أُلْقِيَ إِلَيَّ كِتَابٌ كَرِيمٌ ﴿٢٩﴾ إِنَّهُ مِن سُلَيْمَانَ وَإِنَّهُ بِسْمِ اللَّهِ
الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ ﴿٣٠﴾ أَلَّا تَعْلُوا عَلَيَّ وَأْتُونِي مُسْلِمِينَ ﴿٣١﴾

سۇلايمان ئېيتتى: «سەن راست دەۋاتامسەن، يا يالغانمۇ؟ قارايمىز﴿27﴾. بۇ خېتىمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا تاشلىغىن، ئاندىن ئۇلاردىن نېرىراق (جايدا يوشۇرۇنۇپ) تۇر، ئۇلارنىڭ قانداق جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىغا قارىغىن»﴿28﴾. ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! ماڭا ھەقىقەتەن سۇلايماندىن بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى. (ئۇنىڭ مەزمۇنى شۇكى)، ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن﴿29 ـ 30﴾. سىلەر ماڭا ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭلار، مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولغان ھالدا كېلىڭلار»﴿31﴾.

## سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلقىسقا يازغان خېتى

الله تائالا (ھۆپۈپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا سەبە شەھرىنىڭ ئادەملىرى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھى ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزگەندە) سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆپۈپكە دېگەن سۆزىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿«سەن راست دەۋاتامسەن، يا يالغانمۇ؟ قارايمىز﴾** يەنى سەن يەتكۈزگەن بۇ خەۋىرىڭدە راستچىلمۇ ياكى ساڭا بېرىشنى ۋەدە قىلغان جازايىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يالغان ئېيتىۋاتامسەن؟ قارايمىز. **﴿بۇ خېتىمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا تاشلىغىن، ئاندىن ئۇلاردىن نېرىراق (جايدا يوشۇرۇنۇپ) تۇر، ئۇلارنىڭ قانداق جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىغا قارىغىن»﴾**.

ئەسلىدە سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلقىس ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە بىر پارچە خەت يازغان بولۇپ، ئۇنى ھۆپۈپنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىشىغا بەرگەن. بەزى رىۋايەتتە: ھۆپۈپ خەتنى قۇشلارنىڭ ئادىتى بويىچە قانىتىدا كۆتۈرۈپ بارغان دېيىلسە، بەزى رىۋايەتتە: ھۆپۈپ خەتنى تۇمشۇقى بىلەن كۆتۈرۈپ بارغان، ـ دېيىلىدۇ. ھۆپۈپ ئۇلارنىڭ شەھرىگە يېتىپ بېرىپ، بىلقىسنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ، خەتنى بىر تۆشۈكتىن ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، ئەدەب ۋە ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن بىر چەتكە بېرىپ تۇردى. بىلقىس خەتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە قورقتى. ئاندىن خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى.

خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: **﴿ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. سىلەر ماڭا ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭلار، مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولغان ھالدا كېلىڭلار»﴾**

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قېشىغا ۋەزىر ـ ۋۇزىرالارنى ۋە دۆلەت چوڭلىرىنى چاقىرتىپ، ئۇلارغا ئۆزىگە بىر

ھۆپۈپنىڭ خەت ئېلىپ كېلىپ (تاشلاپ بېرىپ)، ئەدەب يۈزىسىدىن بىر چەتكە بېرىپ تۇرغانلىقىنى، بۇنىڭ پادىشاھلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ قىلالمايدىغانلىقىنى ۋە قىلىشقىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى دەپ، خەتنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىشنى باشلاپ: ﴿**ماڭا ھەقىقەتەن سۇلايماندىن بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى. (ئۇنىڭ مەزمۇنى شۇكى)، ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. سىلەر ماڭا ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭلار، مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولغان ھالدا كېلىڭلار»**﴾ دەپتۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇ خەتنىڭ الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن خەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇ، مەزمۇنى قىسقا، پاساھەتلىك ۋە ناھايىتى ئەدەبىي قىلىپ يېزىلغان خەت ئىدى. خەت ئۆزىدىكى ئاشۇ قىسقىغىنا سۆزى بىلەن بارلىق مەقسەتنى ئۇلارغا ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى.

*******

قَالَتۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡمَلَؤُاْ أَفۡتُونِي فِيٓ أَمۡرِي مَا كُنتُ قَاطِعَةً أَمۡرًا حَتَّىٰ تَشۡهَدُونِ ﴿٣٢﴾ قَالُواْ نَحۡنُ أُوْلُواْ قُوَّةٖ وَأُوْلُواْ بَأۡسٖ شَدِيدٖ وَٱلۡأَمۡرُ إِلَيۡكِ فَٱنظُرِي مَاذَا تَأۡمُرِينَ ﴿٣٣﴾ قَالَتۡ إِنَّ ٱلۡمُلُوكَ إِذَا دَخَلُواْ قَرۡيَةً أَفۡسَدُوهَا وَجَعَلُوٓاْ أَعِزَّةَ أَهۡلِهَآ أَذِلَّةٗۚ وَكَذَٰلِكَ يَفۡعَلُونَ ﴿٣٤﴾ وَإِنِّي مُرۡسِلَةٌ إِلَيۡهِم بِهَدِيَّةٖ فَنَاظِرَةُۢ بِمَ يَرۡجِعُ ٱلۡمُرۡسَلُونَ ﴿٣٥﴾

ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! مېنىڭ (بۇ) ئىشىمدا مەسلىھەت بېرىڭلار، سىلەرنى ئۇستىدە قويماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى بېكىتكىنىم يوق» ﴿32﴾. ئۇلار ئېيتتى: «بىز كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋارمىز، ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدىدۇر، (بىزنى) نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىڭنى (ئويلاپ) كۆرگىن» ﴿33﴾. ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «شۈبھىسىزكى، پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ، شەھەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنى (ئۆلتۈرۈش، ئەسىرگە ئېلىش ۋە سۈرگۈن قىلىش بىلەن) خار قىلىدۇ، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ ﴿34﴾. مەن چوقۇم ئۇلارغا سوۋغا ئەۋەتىمەن، ئەلچىلەرنىڭ نېمە خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا قارايمەن» ﴿35﴾.

## بىلقىسنىڭ دۆلەت چوڭلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىشى

بىلقىس ئۇلارغا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بېرىپ، بۇ ئىش ھەققىدە قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سېلىش تەرىقىسىدە مۇنداق دېدى: ﴿**«ئى ئۇلۇغلار! مېنىڭ (بۇ) ئىشىمدا مەسلىھەت بېرىڭلار، سىلەرنى ئۇستىدە قويماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى بېكىتكىنىم يوق»**﴾ يەنى ئەزەلدىن سىلەر كېلىپ ماڭا بىر يولنى كۆرسەتمىگىچە ھېچ ئىشنى بېكىتكىنىم يوق.

﴿**ئۇلار ئېيتتى: «بىز كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋارمىز**﴾ يەنى ئۇلار بىلقىسقا ئۆزلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكىنى، تەييارلىقلىرىنىڭ پۇختىلىقىنى ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكلىرىنى دېدى. ھەم بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۇنىڭ رايىچە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدىدۇر، (بىزنى) نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىڭنى (ئويلاپ) كۆرگىن»**﴾ يەنى ئەگەر سەن سۇلايمان بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولساڭ، بىز ساڭا قارشى چىقمايمىز ۋە ئۇنىڭغا باشقىچە قارىمايمىز. يەنە كېلىپ ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدىدۇر. سەن بىزنى نېمىگە بۇيرۇساڭ، بىز شۇنىڭغا بويسۇنىمىز.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: بىلقىس ﴿**«شۇبھىسىزكى، پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ، شەھەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنى (ئۆلتۈرۈش، ئەسىرگە ئېلىش ۋە سۈرگۈن قىلىش بىلەن) خار قىلىدۇ**﴾ دېگەن ئىدى، الله تائالا: ﴿**ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ**﴾ دېدى، ـ دېدى.

بىلقىس سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلەن سىلىھى تۈزمەكچى، ئۇرۇش قىلماي ھەرئىككىلى تەرەپنىڭ تىنىچ ياشىشى ئۈچۈن كېلىشىم پۈتۈشمەكچى ۋە يارىشىشماقچى بولۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**مەن چوقۇم ئۇلارغا سوۋغا ئەۋەتىمەن، ئەلچىلەرنىڭ نېمە خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا قارايمەن»**﴾ يەنى ئۇ: مەن سۇلايمانغا ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان ھەدىيە ئەۋەتىمەن ۋە ئۇنىڭ جاۋابىغا قارايمەن. يا ئۇ ھەدىيەنى قوبۇل قىلىپ بىزگە ھۇجۇم قىلماسلىقى ياكى بولمىسا بىزگە ھەر يىلى سېلىق تۆلىتىشى مۇمكىن، ئەگەر بىز سېلىق تۆلىسەك، ئۇ بىز بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىقى مۇمكىن، ـ دېدى.

قەتادە: الله تائالا بىلقىسغا رەھىم قىلسۇن ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! ئۇ ئىسلامغا كىرگەن ۋە (ئىسلامغا كىرىشتىن بۇرۇنقى) مۇشرىك ۋاقتىدا نېمە دېگەن ئەقىللىق! ئۇ ھەدىيەنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ياخشى تەسىر قالدۇرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن، ـ دېدى.

ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار: ئۇ ئادەملىرىگە: ئەگەر سۇلايمان پەقەت پادىشاھلا بولغان بولسا، ھەدىيەنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار. ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر بولسا، ھەدىيەنى قوبۇل قىلمايدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار دېدى، ـ دېدى.

*******

فَلَمَّا جَآءَ سُلَيۡمَٰنَ قَالَ أَتُمِدُّونَنِ بِمَالٖ فَمَآ ءَاتَىٰنِۦَ ٱللَّهُ خَيۡرٞ مِّمَّآ ءَاتَىٰكُمۚ بَلۡ أَنتُم بِهَدِيَّتِكُمۡ تَفۡرَحُونَ ﴿٣٦﴾ ٱرۡجِعۡ
إِلَيۡهِمۡ فَلَنَأۡتِيَنَّهُم بِجُنُودٖ لَّا قِبَلَ لَهُم بِهَا وَلَنُخۡرِجَنَّهُم مِّنۡهَآ أَذِلَّةٗ وَهُمۡ صَٰغِرُونَ ﴿٣٧﴾

ئەلچى سۇلايماننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، سۇلايمان ئېيتتى: «سىلەر ماڭا مال بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇ؟ الله نىڭ ماڭا بەرگەنلىرى سىلەرنىڭ بەرگەنلىرىڭلاردىن ياخشىدۇر، بەلكى سىلەر سوۋغاڭلار بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىسىلەر﴿36﴾. سەن قايتىپ كەتكىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر قوشۇن بىلەن چوقۇم بارىمىز، ئۇلارنى يۇرتىدىن خار، كەمسىتىلگەن ھالدا چوقۇم چىقىرىۋېتىمىز»﴿37﴾.

## ئەۋەتىلگەن ھەدىيە ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن جاۋابى



سەلەپ ۋە باشقا كۆپلىگەن تەپسىرشۇناسلار: بىلقىس سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىتلاردىن بولۇپ ناھايىتى كاتتا بىر ھەدىيە يوللىغان ئىدى، ـ دەيدۇ.

توغرىسى: سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ھەدىيەگە پەقەت قاراپ قويمىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈلمۇ بۆلمىگەن. ئەكسىچە، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ۋە ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى

ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەر ماڭا مال بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇ؟**﴾ يەنى مېنىڭ سىلەرنىڭ شېرىك ئېتىقادىڭلارغا ۋە دۆلىتىڭلارغا چېقىلماسلىقىم ئۈچۈن، سىلەر مەن بىلەن مال ئارقىلىق كېلىشمەكچىمۇ؟

﴿**اﷲ نىڭ ماڭا بەرگەنلىرى سىلەرنىڭ بەرگەنلىرىڭلاردىن ياخشىدۇر**﴾ يەنى اﷲ تائالا ماڭا بەرگەن پادىشاھلىق، مال ـ دۇنيا ۋە ئەسكەرلەر سىلەر ئېلىپ كەلگەن نەرسىدىن ياخشىدۇر. ﴿**بەلكى سىلەر سوۋغاڭلار بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىسىلەر**﴾ يەنى سىلەر ھەدىيە ۋە سوۋغا ـ سالاملارنى چوڭ بىلىپ كېتىدىغان ئادەملەردىنكەنسىلەر. ئەمما مەن بولسام، سىلەردىن پەقەت يا ئىسلامنى ۋە ياكى ئۇرۇشنى قوبۇل قىلىمەن.

﴿**سەن قايتىپ كەتكىن**﴾ يەنى سەن ئۇلارنىڭ ئەۋەتكەن ھەدىيەسىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەتكىن. ﴿**ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر قوشۇن بىلەن چوقۇم بارىمىز، ئۇلارنى يۇرتىدىن خار، كەمسىتىلگەن ھالدا چوقۇم چىقىرىۋېتىمىز»**﴾.

بىلقىسنىڭ ئەلچىسى (ئۇنىڭغا) ھەدىيەنى ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن گەپلىرىنى كۆتۈرۈپ بارغاندا، ئۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ گېپىگە كىرىپ ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، باش ئېگىپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئىسلامغا ئەگىشىشنى نىيەت قىلىپ، ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ماڭدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بويسۇنۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ خۇشال بولدى.

* * * * * * *

قَالَ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْمَلَؤُا۟ أَيُّكُمْ يَأْتِينِى بِعَرْشِهَا قَبْلَ أَن يَأْتُونِى مُسْلِمِينَ ﴿٣٨﴾ قَالَ عِفْرِيتٌ مِّنَ ٱلْجِنِّ أَنَا۠ ءَاتِيكَ بِهِۦ قَبْلَ
أَن تَقُومَ مِن مَّقَامِكَ وَإِنِّى عَلَيْهِ لَقَوِىٌّ أَمِينٌ ﴿٣٩﴾ قَالَ ٱلَّذِى عِندَهُۥ عِلْمٌ مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ أَنَا۠ ءَاتِيكَ بِهِۦ قَبْلَ أَن يَرْتَدَّ
إِلَيْكَ طَرْفُكَ ۚ فَلَمَّا رَءَاهُ مُسْتَقِرًّا عِندَهُۥ قَالَ هَٰذَا مِن فَضْلِ رَبِّى لِيَبْلُوَنِىٓ ءَأَشْكُرُ أَمْ أَكْفُرُ ۖ وَمَن شَكَرَ فَإِنَّمَا
يَشْكُرُ لِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ رَبِّى غَنِىٌّ كَرِيمٌ ﴿٤٠﴾

سۇلايمان ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن، (سىلەردىن) كىم ئۇنىڭ تەختىنى ئېلىپ كېلىدۇ» ﴿38﴾. جىندىن بولغان ئىفرىت ئېيتتى: «مەن ئۇنى ئورنۇڭدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن ساڭا ئېلىپ كېلىمەن، مەن ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلۋەتتە قادىرمەن، ئىشەنچلىكمەن» ﴿39﴾. (نازىل بولغان) كىتابنى چوڭقۇر بىلىدىغان زات (يەنى ئاسەف ئىبن بۇرخىيا): «ئۇنى مەن ساڭا كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېلىپ كېلىمەن» دېدى (ئۇ دۇئا قىلىۋىدى، تەخت دەرھال ئالدىدا ھازىر بولدى). سۇلايمان تەختنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە: «بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانىدۇر، ئۇ شۈكۈر قىلامدىم، يا تۇزكورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر)، (اﷲ نىڭ) كەرىمى كەڭدۇر» دېدى﴿40﴾.

# بىلقىسنىڭ تەختىنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىپ كېلىنگەنلىكى

مۇھەممەد ئىبنى ئىسهاق يەزىد ئىبنى رومانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىلقىسنىڭ قېشىغا ئەلچىلەر يېتىپ بېرىپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن گەپلىرىنى يەتكۈزگەندە، ئۇ: اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ پادىشاھ ئەمەسكەن، ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭ بىلەن (ئۇرۇش قىلىشقا) بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ. بىز ھەرگىز ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدىكەنمىز دەپ ئويلاپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا: مەن سىزنىڭ ئىشىڭىزغا ۋە بىزنى چاقىرغان دىنىڭىزنىڭ قانداق دىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، قېشىڭىزغا قەۋمىمنىڭ كاتتىلىرى بىلەن كېلىۋاتىمەن دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. بىلقىس ئۆزىنىڭ ياقۇت، قاش تېشى ۋە مەرۋايىتلار قادالغان پادىشاھلىق (ئالتۇن) تەختىنى يەتتە قات ئۆيىنىڭ ئىچىگە سولاپ، ئىشىكلەرگە قۇلۇپ سېلىۋېتىشكە بۇيرۇپ، دۆلەتنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆز ئورنىدا قالدۇرغان ئادەمگە: سەن مەسئۇلىيىتىڭگە ئالغان نەرسىلەرنى ۋە دۆلىتىمنىڭ تەختىنى ياخشى ساقلىغىن، ئۇنىڭ قېشىغا ھېچكىم كىرمىسۇن ۋە ئۇنى تاكى مەن قايتىپ كەلگۈچە ھېچكىممۇ كۆرمىسۇن، - دەپ تاپىلايدۇ.

ئاندىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارماقچى بولۇپ، قول ئاستىدا نەچچە مىڭدىن لەشكىرى بولغان 12 مىڭ قوماندان ۋە دۆلەت چوڭلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يەمەندىن يولغا چىقتى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى قەيەردىن قوزغىلىپ، قەيەرگە كېلىپ چۈشكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن جىنلارنى ئەۋەتتى. ئۇلار يېقىنلىشىپ، يېتىپ كېلەي دەپ قالغاندا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قول ئاستىدىكى جىن ۋە ئىنسانلارنى يىغىپ مۇنداق دېدى: ﴿**«ئى ئۇلۇغلار! ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن، (سىلەردىن) كىم ئۇنىڭ تەختىنى ئېلىپ كېلىدۇ»**﴾.

﴿**جىندىن بولغان ئىفرىت ئېيتتى**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: جىننىڭ كەپسىزى ئېيتتى دېگەنلىكتۇر، - دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇ سالىھ: ئۇ خۇددى تاغدەك چوڭ ئىدى، - دېدى. ﴿**«مەن ئۇنى ئورنۇڭدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن ساڭا ئېلىپ كېلىمەن**﴾.

سۇددى ۋە باشقىلار: سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھۆكۈم قىلىش، دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە تاماق يېيىش ئۈچۈن ئەتىگەندىن باشلاپ كۈن ئېگىلگۈچە ئولتۇراتتى، - دېدى.

﴿**مەن ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلۋەتتە قادىرمەن، ئىشەنچلىكمەن**﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇنى كۆتۈرۈشكە مېنىڭ كۈچۈم يېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىكى ئالتۇنلارغا چېقىلمايمەن، - دېدى. ئەمما سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: مەن ئۇنى بۇنىڭدىنمۇ تېز ئېلىپ كېلىشنى خالايمەن، - دېدى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ تەختنى ئېلىپ كېلىشتىكى مەقسىتى، ئۇنى ئېلىپ كېلىش بىلەن اللە تائالانىڭ ئۆزىگە ناھايىتى كاتتا پادىشاھلىق بەرگەنلىكىنى، ئۆزىگە بۇرۇن بىرەر كىشىگە بويسۇندۇرۇپ بەرمىگەن ۋە كېيىنمۇ بىرەر كىشىگە بويسۇندۇرۇپ بەرمەيدىغان ئەسكەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىش ۋە ئۇنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلقىس ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ

پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ پاكىت قىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بىلقىس نەچچە قات ئۆينىڭ ئىچىگە قويۇپ، قۇلۇپ سېلىپ قويغان ۋە ساقلايدىغان ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇرغان تەختىنى، (شەھرىدىن) ئۇ يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئېلىپ كېلىپ بولۇش بولسا، (مۆجىزە خاراكتېرلىك) ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىشتۇر.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇنى تېز ئېلىپ كېلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتمىغاندا، ﴿(نازىل بولغان) كىتابنى چوڭقۇر بىلىدىغان زات (يەنى ئاسەف ئىبن بۇرخىيا): «ئۇنى مەن ساڭا كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېلىپ كېلىمەن» دېدى﴾ ئىبنى ئابباس: ئۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتىپى ئاسەف ئىبنى بۇرخىيا ئىدى، ـ دېدى. مۇھەممەد ئىبنى ئىسهاق يەزىد ئىبنى رومانىنىڭمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئۇ كىشى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستى بولۇپ، ئىسمى ئەزەمنى بىلەتتى. قەتادە: ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقان، ئاسەف ئىسىملىك كىشى ئىدى، ـ دېدى.

﴿(نازىل بولغان) كىتابنى چوڭقۇر بىلىدىغان زات (يەنى ئاسەف ئىبن بۇرخىيا): «ئۇنى مەن ساڭا كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېلىپ كېلىمەن» دېدى﴾ يەنى ئۇ: سەن كۆزۈڭنى (ئاسمان تەرەپكە) كۆزۈڭ يەتكەن يەرگىچە قاراتقىن. سەن نەرسىلەرنى ئوبدان كۆرۈپ بولغىچە تەخت قېشىڭغا ئېلىپ كېلىنىپ بولىدۇ دەپ، تاھارەت ئېلىپ، الله تائالاغا دۇئا قىلدى (تەخت شۇ ھامانلا كەلتۈرۈلدى). مۇجاھىد مۇنداق دېدى: ئۇ ئادەم: ئى كاتتا ۋە كەرەملىك الله !ـ دەپ دۇئا قىلغان ئىدى، ـ دېدى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى تەختنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: ﴿«بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانىدۇر﴾ يەنى بۇ الله تائالانىڭ ماڭا قىلغان نېمىتىدۇر. ﴿ئۇ شۈكۈر قىلامدىم، يا تۇزكورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ﴾ دېدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر ۋە يامان ئىش قىلىدىكەن زەرەرىمۇ ئۆزىگىدۇر﴾[1]، ﴿كىملەركى ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۆزلىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) جاي راستلايدۇ﴾[2].

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر)، (الله نىڭ) كەرىمى كەڭدۇر» دېدى﴾ يەنى الله تائالا بەندىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىن بىھاجەتتۇر. ئۇ ئۆزىگە بىرەرسى ئىبادەت قىلمىسىمۇ، يەنە كەرەملىكتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ كاتتىلىقى باشقا بىرسىگە قاراشلىق ئەمەستۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿مۇسا (ئۆز قەۋمىگە): «ئەگەر سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەر كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (الله غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر)، چۈنكى الله ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر» دېدى﴾[3].

ئىمام مۇسلىم بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق بايان قىلىنىدى: «ئى

---

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) رۇم سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئىبراھىم سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

بەندىلىرىم! سىلەردىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بىر تەقۋادار كىشىنىڭ قەلبىگە ئوخشاش بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، مېنىڭ ئىلكىمدىكى كىچىككىنە نەرسىنىمۇ زىيادە قىلالمايسىلەر، ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەردىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بىر بۇزۇق ئادەمنىڭ قەلبىگە ئوخشاش بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، مېنىڭ ئىلكىمدىكى ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيسىلەر. ئى بەندىلىرىم! پەقەت ئەمەللىرىڭلارنى سىلەر ئۈچۈن ساقلاپ قويىمەن. ئاندىن ئۇنى سىلەرگە تولۇق قايتۇرۇپ بېرىمەن. كىمكى ياخشىلىققا ئېرىشسە، **الله** غا شۈكرى قىلسۇن، كىمكى ئۇنىڭدىن باشقىغا ئېرىشىپ قالسا، پەقەت ئۆزىدىن كۆرسۇن»[1].

* * * * * * *

قَالَ نَكِّرُوا لَهَا عَرْشَهَا نَنظُرْ أَتَهْتَدِي أَمْ تَكُونُ مِنَ الَّذِينَ لَا يَهْتَدُونَ ﴿٤١﴾ فَلَمَّا جَاءَتْ قِيلَ أَهَٰكَذَا عَرْشُكِ ۖ قَالَتْ كَأَنَّهُ هُوَ ۚ وَأُوتِينَا الْعِلْمَ مِن قَبْلِهَا وَكُنَّا مُسْلِمِينَ ﴿٤٢﴾ وَصَدَّهَا مَا كَانَت تَّعْبُدُ مِن دُونِ اللَّهِ ۖ إِنَّهَا كَانَتْ مِن قَوْمٍ كَافِرِينَ ﴿٤٣﴾ قِيلَ لَهَا ادْخُلِي الصَّرْحَ ۖ فَلَمَّا رَأَتْهُ حَسِبَتْهُ لُجَّةً وَكَشَفَتْ عَن سَاقَيْهَا ۚ قَالَ إِنَّهُ صَرْحٌ مُّمَرَّدٌ مِّن قَوَارِيرَ ۗ قَالَتْ رَبِّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي وَأَسْلَمْتُ مَعَ سُلَيْمَانَ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ﴿٤٤﴾

سۇلايمان (بىلقىسنىڭ يېتىپ كېلىشى يېقىنلاشقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەقلىنى سىناش يۈزىسىدىن) ئېيتتى: «ئۇنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) تەختىنىڭ (شەكلىنى) ئۆزگەرتىڭلار، ئۇ تەختىنى تونۇمدۇ، تونىمامدۇ، قارايمىز»﴿41﴾. بىلقىس كەلگەندە (ئۇنىڭغا): «سېنىڭ تەختىڭ مۇشۇنداقمۇ؟» دېيىلدى. ئۇ: «شۇدەك تۇرىدۇ» دېدى. (سۇلايمان **الله** نىڭ نېمىتىنى سۆزلەش يۈزىسىدىن ئېيتتى) ئۇنىڭدىن (يەنى بىلقىستىن) بۇرۇن بىزگە (**الله** نى ۋە **الله** نىڭ قۇدرىتىنى بىلدۈرىدىغان) ئىلىم بېرىلدى، بىز مۇسۇلمان بولدۇق﴿42﴾. ئۇنى **الله** نى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى (**الله** غا ئىبادەت قىلىشتىن) توستى. چۈنكى ئۇ كاپىر قەۋمدىن ئىدى﴿43﴾. ئۇنىڭغا (يەنى بىلقىسقا): «سارايغا كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ (يەنى بىلقىس) سارايىنى چوڭقۇر سۇ دەپ گۇمانلىنىپ (كىيىمىنى كۆتۈرۈپ) ئىككى پاچىقىنى ئاچتى، سۇلايمان ئېيتتى: «شۈبھىسىزكى، ئۇ ئەينەكتىن ياسالغان سارايدۇر». ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم، مەن ھەقىقەتەن (**الله** غا شېرىك كەلتۈرۈپ، قۇياشقا چوقۇنۇش بىلەن) ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم، سۇلايمان بىلەن بىللە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى **الله** غا بويسۇندۇم (يەنى سۇلايماننىڭ دىنىغا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىردىم)»﴿44﴾.

## بىلقىسنى سىناپ بېقىش

بىلقىسنىڭ تەختى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا (بىلقىس يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن) ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلقىس ئۇنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەختى ياكى ئەمەسلىكىنى تونۇيالامدۇ ياكى تونۇيالمامدۇ دەپ، ئۇنىڭ ئەقلىنى سىناب بېقىش ئۈچۈن، تەختىنىڭ بەزى يەرلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿«**ئۇنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) تەختىنىڭ**

(1) بۇ ئۇزۇن بىر ھەدىس بولۇپ، ئاپتور ماۋزۇغا مۇناسىۋەتلىك يېرىنىلا بايان قىلغان.

**(شەكلىنى) ئۆزگەرتىڭلار، ئۇ تەختىنى تونۇمدۇ، تونىمامدۇ، قارايمىز»﴾** ئىبنى ئابباس: تەختنىڭ مەرۋايىتلاردىن تاقىغان كۆزلىرى ۋە يۆلەنچۈكلىرى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىلدى، ـ دېدى. مۇجاھىد: ئۇنىڭ قىزىل يەرلىرىنى سېرىققا، سېرىق ۋە يېشىل يەرلىرىنى قىزىلغا ئۆزگەرتىپ، ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتىدىن ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇدى، ـ دېدى. ئىكرىمە: ئۇنىڭ بەزى يەرلىرىگە بەزى نەرسىنى بېكىتىپ بەزى يەرلىرىدىن ئېلىۋېتىشكە بۇيرۇدى، ـ دېدى. قەتادە: ئۇنىڭ ئاست تەرىپىنى ئۈستىگە، ئۈستى تەرىپىنى ئاستىغا، ئالدىنى ئارقىسىغا قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ بەزى يەرلىرىگە بەزى نەرسىنى بېكىتىپ، بەزى يەرلىرىدىن ئېلىۋېتىشكە بۇيرۇدى، ـ دېدى.

**﴿بىلقىس كەلگەندە (ئۇنىڭغا): «سېنىڭ تەختىڭ مۇشۇنداقمۇ؟» دېيىلدى﴾** يەنى ئۇنىڭغا ھېلىقى يوسۇندا ئۆزگەرتىلگەن تەخت كۆرسىتىلدى. ئۇ ئەقىللىق ۋە پاراسەتلىك ئايال بولغاچقا، تەختى ئۆزىدىن تولىمۇ يىراق بىر يەردە قالغانلىقى ئۈچۈن ئالدىدىكى تەختنى، بۇ مېنىڭ تەختىم ئىكەنغۇ؟ ـ دېمىدى، ھەمدە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا تەختنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى ۋە بەزى سۈپەتلىرىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن: بۇ مېنىڭ تەختىم ئەمەسكەنغۇ؟ ـ دېمەي: **﴿ئۇ: «شۇدەك تۇرىدۇ»﴾** دېدى. يەنى بۇ مېنىڭكىگە ئوخشىشىپ قالىدىكەن دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ، ھوشيارلىق ۋە زېرەكلىكتە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

**﴿(سۇلايمان اللّٰه نىڭ نېمىتىنى سۆزلەش يۈزىسىدىن ئېيتتى) ئۇنىڭدىن (يەنى بىلقىستىن) بۇرۇن بىزگە (اللّٰه نى ۋە اللّٰه نىڭ قۇدرىتىنى بىلدۈرىدىغان) ئىلىم بېرىلدى، بىز مۇسۇلمان بولدۇق. ئۇنى اللّٰه نى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى (اللّٰه غا ئىبادەت قىلىشتىن) توستى. چۈنكى ئۇ كاپىر قەۋمدىن ئىدى﴾**

## سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەينەكتىن ساراي سالدۇرغانلىقى

**﴿ئۇنىڭغا (يەنى بىلقىسقا): «سارايغا كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ (يەنى بىلقىس) سارايىنى چوڭ سۇ دەپ گۇمانلىنىپ (كىيىمىنى كۆتۈرۈپ) ئىككى پاچىقىنى ئاچتى﴾** يەنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام شەيتانلارنى ئاستىدىن سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان ئەينەك ساراي سېلىشقا بۇيرىغان بولۇپ، ئۇ سارايىنىڭ ئەينەكتىن سېلىنغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئۇنى سۇ دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، سارايدا ماڭغان ئادەم بىلەن سۇنىڭ ئارىلىقىدا ئەينەك بار ئىدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلقىس ئۈچۈن ئەينەكتىن مۇنداق كاتتا سارايىنى سالدۇرۇشى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كاتتا ۋە كۈچلۈك بىر پادىشاھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى. بىلقىسمۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا اللّٰه تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى، ئۇنىڭدىكى كاتتىلىقنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ تۇتقان يولىنىڭ ھەقىقەتنى تونىغان ئىدى. ئۇ اللّٰه تائالانىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل پەيغەمبەر ۋە كاتتا پادىشاھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، اللّٰه تائالاغا ئىمان ئېيتىپ مۇنداق دېدى: **﴿«پەرۋەردىگارىم، مەن ھەقىقەتەن (اللّٰه غا شېرىك كەلتۈرۈپ، قۇياشقا چوقۇنۇش بىلەن) ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم، سۇلايمان بىلەن بىللە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه غا بويسۇندۇم (يەنى سۇلايماننىڭ دىنىغا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىردىم)»﴾** يەنى ھەممە نەرسىنى ياراتقان، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىگەن، شېرىكى يوق بىر اللّٰه غىلا ئىبادەت قىلىشتا سۇلايماننىڭ دىنىغا ئەگىشىپ، ئىسلامغا كىردىم.

* * * * * * *

وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَآ إِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمۡ صَٰلِحًا أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ فَإِذَا هُمۡ فَرِيقَانِ يَخۡتَصِمُونَ ﴿٤٥﴾ قَالَ يَٰقَوۡمِ
لِمَ تَسۡتَعۡجِلُونَ بِٱلسَّيِّئَةِ قَبۡلَ ٱلۡحَسَنَةِۖ لَوۡلَا تَسۡتَغۡفِرُونَ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ﴿٤٦﴾ قَالُواْ ٱطَّيَّرۡنَا
بِكَ وَبِمَن مَّعَكَۚ قَالَ طَٰٓئِرُكُمۡ عِندَ ٱللَّهِۖ بَلۡ أَنتُمۡ قَوۡمٞ تُفۡتَنُونَ ﴿٤٧﴾

بىز ھەقىقەتەن سەمۇدقا (يەنى سەمۇد قەبىلىسىگە نەسەب جەھەتتىن) قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، (سالىھ) «**اللە** غا ئىبادەت قىلىڭلار» (دېدى)، ناگاھان ئۇلار جېدەللىشىدىغان (يەنى دىن بارىسىدا جېدەللىشىدىغان مۆمىنلەر ۋە كاپىرلاردىن ئىبارەت) ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى﴿45﴾. سالىھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم، سىلەر نېمىشقا رەھمەتتىن بۇرۇن ئازابنىڭ كېلىشىنى تىلەيسىلەر؟ سىلەر رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نېمىشقا **اللە** دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمايسىلەر؟» ﴿46﴾. ئۇلار ئېيتتى: «(بىزگە كەلگەن قەھەتچىلىك) سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغان كىشىلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى». سالىھ ئېيتتى: «سىلەرگە كېلىدىغان ياخشى ـ يامانلىق **اللە** تەرىپىدىن كېلىدۇ، بەلكى سىلەرنى **اللە** سىنايدۇ» ﴿47﴾.

## سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسى

**اللە** تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنى سەمۇد قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە ئۇ ئۇلارنى شېرىكى يوق بىر **اللە** غىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان ۋاقىتىدا، سەمۇد قەۋمىدە كۆرۈلگەن ئىشلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ھەقىقەتەن سەمۇدقا (يەنى سەمۇد قەبىلىسىگە نەسەب جەھەتتىن) قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، (سالىھ) «اللە غا ئىبادەت قىلىڭلار» (دېدى)، ناگاھان ئۇلار جېدەللىشىدىغان (يەنى دىن بارىسىدا جېدەللىشىدىغان مۆمىنلەر ۋە كاپىرلاردىن ئىبارەت) ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى**﴾.

**اللە** تائالا بۇ ئىشنى باشقا بىر ئايەتتە بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تەكەببۇر چوڭلىرى بوزەك قىلىنغانلارغا يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۆمىنلەرگە: «سىلەر سالىھنى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز» دېدى. ھېلىقى تەكەببۇرلار: «سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى﴾.

﴿**سالىھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم، سىلەر نېمىشقا رەھمەتتىن بۇرۇن ئازابنىڭ كېلىشىنى تىلەيسىلەر؟**﴾ يەنى سىلەر نېمىشقا ئازابنىڭ كېلىشىنى تىلەيسىلەر؟ ۋە نېمىشقا **اللە** تائالادىن ئۇنىڭ رەھمىتىنى تىلىمەيسىلەر؟ شۇڭا سالىھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەر رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نېمىشقا اللە دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمايسىلەر؟»**﴾

﴿**ئۇلار ئېيتتى: «(بىزگە كەلگەن قەھەتچىلىك) سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغان كىشىلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى»**﴾ يەنى بىز سېنىڭ ۋە ساڭا ئەگەشكەن ئادەملەرنىڭ يۈزلىرىدە بىرەر ياخشىلىقنىڭ بارلىقىنى كۆرمىدۇق. بۇلارنىڭ شۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى بەتبەخت بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرەرسىگە بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش يېتىپ قالسا، بۇ ئىشنى سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا

ئەگەشكۈچىلىرىدىن كۆرەتتى. مۇجاھىد: كاپىرلار سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەردىن يامان پال ئالدى، ـ دېدى.

الله تائالا كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەرلەردىن يامان پال ئالىدىغانلىقى ھەققىدە (پىرئەۋنىنىڭ قەۋمىدىن خەۋەر بېرىپ) مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ئەگەر (پاراۋانلىق ـ مولچىلىقتەك) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز، ـ دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، ئۇلار: بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى، ـ دەيدۇ. ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق (مۇسانىڭ شۇملۇقىدىن ئەمەس) الله نىڭ تەقدىرىدۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى (يەنى ئۇلارغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلى الله تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى) ئۇقمايدۇ﴾[1]، ﴿ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، «بۇ الله دىن بولدى» دەيدۇ، ئەگەر ئۇلار بىرەر زىيان زەخمەتكە ئۇچرىسا، «بۇ سەندىن (يەنى سېنىڭ دىنىڭغا كىرگەنلىكىمىزدىن) بولدى» دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد! بۇ ئەخمەقلەرگە) ئېيتقىنكى، «(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى الله تەرىپىدىندۇر (يەنى ھەممىسىنى الله ياراتقاندۇر)»﴾[2] يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ ھۆكمى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ.

الله تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن بىر كەنت كىشىلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (ئەلچىلەرگە): «بىز سىلەردىن شۇم پال ئالدۇق. ئەگەر سىلەر (دەۋىتىڭلارنى) توختاتمىساڭلار، سىلەرنى چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز ۋە بىزنىڭ قاتتىق جازايىمىزغا ئۇچرايسىلەر» دېدى. ئەلچىلەر: «(كۇفرىڭلار سەۋەبىدىن) شۇملۇقۇڭلار ئۆزەڭلار بىلەن بىللىدۇر، سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا (شۇم پال ئالامسىلەر؟) ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، سىلەر (الله غا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر» دېدى﴾[3].

(يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك) سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ مۇنداق دېدى: **﴿«(بىزگە كەلگەن قەھەتچىلىك) سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغان كىشىلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى»﴾**.

**﴿سالىھ ئېيتتى: «سىلەرگە كېلىدىغان ياخشى ـ يامانلىق الله تەرىپىدىن كېلىدۇ﴾** يەنى بۇ سىلەرنىڭ قىلغان يامانلىقىڭلار ئۈچۈن الله تائالانىڭ سىلەرگە بەرگەن جازاسىدۇر.

**﴿بەلكى سىلەرنى الله سىنايدۇ»﴾** قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سىلەر الله تائالاغا بويسۇنۇش ياكى بويسۇنماسلىق بىلەن سىنىلىسىلەر دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. لېكىن، بۇ ئايەتنىڭ توغرا مەنىسى: ئازغۇنلۇقىڭلاردا ئاستا ـ ئاستا چوڭقۇرلاشتۇرۇلىسىلەر دېگەنلىك بولىدۇ.

*******

وَكَانَ فِي ٱلْمَدِينَةِ تِسْعَةُ رَهْطٍ يُفْسِدُونَ فِي ٱلْأَرْضِ وَلَا يُصْلِحُونَ ﴿٤٨﴾ قَالُوا۟ تَقَاسَمُوا۟ بِٱللَّهِ
لَنُبَيِّتَنَّهُۥ وَأَهْلَهُۥ ثُمَّ لَنَقُولَنَّ لِوَلِيِّهِۦ مَا شَهِدْنَا مَهْلِكَ أَهْلِهِۦ وَإِنَّا لَصَـٰدِقُونَ ﴿٤٩﴾ وَمَكَرُوا۟ مَكْرًا

(1) ئەئراف سۈرىسى 75 ـ 76 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەئراف سۈرىسى 131 ـ ئايەت.
(3) نىسا سۈرىسى 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

وَمَكَرْنَا مَكْرًا وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿٥٠﴾ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ مَكْرِهِمْ أَنَّا دَمَّرْنَٰهُمْ
وَقَوْمَهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٥١﴾ فَتِلْكَ بُيُوتُهُمْ خَاوِيَةًۢ بِمَا ظَلَمُوٓا۟ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً لِّقَوْمٍ يَعْلَمُونَ
﴿٥٢﴾ وَأَنجَيْنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَكَانُوا۟ يَتَّقُونَ ﴿٥٣﴾

شەھەردە (يەنى ھىجردە) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان توققۇز نەپەر كىشى بار ئىدى﴿48﴾. ئۇلار: «ئۆز ئارا الله بىلەن قەسەم قىلىشىڭلار» دېدى. ئۇلار ئېيتتى: «بىر كېچىدە سالىھنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى چوقۇم ئۆلتۈرەيلى، ئاندىن چوقۇم ئۇنىڭ (يەنى ئۇلارنىڭ) ئىگىسىگە، ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا بىز ئۈستىدە ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن راستچىلمىز، دەيلى»﴿49﴾. ئۇلار (سالىھقا قارشى) سۇيىقەست پىلانلىدى. ئۇلارنى (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن) سۇيىقەستى ئۈچۈن تۇيۇقسىز جازالىدۇق﴿50﴾. ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىنكى، ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلدۇق﴿51﴾. ئۇلار زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئەنە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى (ئادەمزاتتىن) خالىي بولۇپ قالدى. الله نىڭ (قۇدرىتىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا (چوڭ) ئىبرەت بار﴿52﴾. (سالىھ بىلەن) ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلارنى (ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق﴿53﴾.

## بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ۋە سەمۇد قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتى

الله تائالا سەمۇد قەۋمىنىڭ ئىچىدىكى قەۋمنى ئازغۇنلۇققا، كاپىرلىققا ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشقا چاقىرىدىغان، ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بىر تۈركۈم چوڭلىرىدىن خەۋەر بېرىپ، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېچىدە بېسىپ كىرىپ، ئۇنى تۇيۇقسىزلا ئۆلتۈرۈۋېتىشنى، ئىش پۈتكەندە ئۇنىڭ ئورۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشى ھەققىدە راستىنلا ھېچبىر نەرسىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ۋە بۇ گەپلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى دېمەكچى بولغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿شەھەردە (يەنى ھىجردە) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان توققۇز نەپەر كىشى بار ئىدى﴾**.

بۇلار سەمۇد شەھرىدە بولۇپ، سەمۇد قەۋمىنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇۋالغان ئادەملەر ئىدى. چۈنكى، ئۇلار سەمۇد قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ۋە دۆلەتمەن كىشلىرى ئىدى.

ئەۋفى ئىبنى ئابباسنىڭ: ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەملەر ئىدى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. يەنى (الله تائالا ئۇلارنى رەسۋا ۋە رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن!) تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۇلارنىڭ پىلانى ۋە مەسلىھەتى بىلەن بولغان.

الله تائالا بۇ ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار بۇرادىرىنى (تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە) چاقىردى. ئۇ قىلىچنى ئېلىپ تۆگىنى بوغۇزلىدى﴾[1]، ﴿ئەينى زاماندا سەمۇدنىڭ ئەڭ بەد ـ بەخت

(1) ياسىن سۈرىسى 18 ـ 19 ـ ئايەتلەر.

ئادىمى (مۆجىزە بولۇپ كەلگەن تۆگىنى) ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىدى﴾[1].

**﴿شەھەردە (يەنى ھىجىردە) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان توققۇز نەپەر كىشى بار ئىدى﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئابدۇررازاق يەھيا ئىبنى رەبىئەدىن ئەتانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار تىللا ـ تەڭگىلەرنى قەرز بېرەتتى. يەنى ئۇلار خۇددى ئەرەبلەر قىلغاندەك ئالتۇن ـ تىللالارنى ئۆسۈمگە قەرزگە بېرەتتى. ئىمام مالىك يەھيا ئىبنى سەئىددىن سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئالتۇن ۋە پۇللارنى مونوپول قىلىۋېلىش زېمىندا ئېلىپ بېرىلغان بۇزغۇنچىلىقلاردىن سانىلىدۇ.

يەنى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بۇ كاپىرلارنىڭ سۈپىتى بولسا، مەيلى ئۇلار ئالىملار يۇقىرىدا بايان قىلغان يول بىلەن بولسۇن ياكى باشقا يوللار بىلەن بولسۇن، كۆچى يەتكەن ھەممە ۋاستىلار بىلەن بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىشتۇر.

**﴿ئۇلار: «ئۆز ئارا الله بىلەن قەسەم قىلىڭلار» دېدى. ئۇلار ئېيتتى: «بىر كېچىدە سالىھنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى چوقۇم ئۆلتۈرەيلى، ئاندىن چوقۇم ئۇنىڭ (يەنى ئۇلارنىڭ) ئىگىسىگە، ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا بىز ئۇستىدە ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن راستچىلمىز، دەيلى»﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىمكى كېچىدە سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قەسەم ئىچىشتى ۋە ۋەدە قىلىشتى. الله تائالا بۇلارنىڭ بۇ يامان قەستىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قايتۇردى ۋە يامان ئاقىۋەتنى ئۇلارغا قىلىپ قويىدى.

مۇجاھىد: ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە قەسەم ئىچىشتى. لېكىن، ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرەلمىدى. ئاخىرىدا ئۇلار ۋە قەۋملىرىنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ھالاك قىلىنىپ كەتتى، ـ دېدى.

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ ھاتەم: ئۇلار تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ﴿«ئۆيۈڭلاردا (ھاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار. بۇ ۋەدە يالغان ئەمەس»﴾[2] دېدى. ئۇلار: سالىھ ئۆزىنىڭ بىزنى ئۈچ كۈنگىچە يوق قىلىپ بولۇشنى ئويلاۋاتىدۇ. بىز ئۇنى ئۈچ كۈن توشۇشتىن بۇرۇن يوق قىلىپ بولايلى، ـ دېيىشتى. ھىجر شەھىرىدىكى بىر جىلغىدا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان بىر مەسچىتى بار بولۇپ، ئۇلار شۇ يەرگە بېرىپ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ ئولتۇردى ۋە ئەگەر سالىھ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلسە، ئۇنى ئۆلتۈرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرىمىز، ـ دېيىشتى. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ قېشىدىكى ئۇزۇنىغا سوزۇلغان بىر تاغدىن بىر تاشنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇلار تاشنىڭ ئۆزلىرىنى مىجىۋېتىشىدىن قورقۇپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. تاش كېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋالدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئىچىدە قېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ قەۋمى ئۇلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۇلارمۇ قەۋمىگە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي قالدى. الله تائالا بۇلارنى بۇ يەردە، قەۋمنى ئۇ يەردە ئازابلاپ ھالاك قىلدى. سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرىنى بولسا قۇتۇلدۇرۇپ قالدى دەپ، (سۆزىگە دەلىل قىلىش ئاساستا) بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدى: **﴿ئۇلار (سالىھقا قارشى) سۇيىقەست پىلانلىدى. ئۇلارنى (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن) سۇيىقەستى ئۈچۈن تۇيۇقسىز جازالىدۇق. ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىنكى، ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلدۇق. ئۇلار زۇلۇم قىلغانلىقلىرى**

(1) قەمەر سۈرىسى 29 ـ ئايەت.
(2) شەمس سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

ئۇچۇن، ئەنە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى (ئادەمزاتتىن) خالى بولۇپ قالدى. الله نىڭ (قۇدرىتىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۇچۇن بۇنىڭدا (چوڭ) ئىبرەت بار. (سالىھ بىلەن) ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلارنى (ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق﴾.

*******

وَلُوطًا إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِۦٓ أَتَأْتُونَ ٱلْفَٰحِشَةَ وَأَنتُمْ تُبْصِرُونَ ﴿٥٤﴾ أَئِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ ٱلرِّجَالَ شَهْوَةً
مِّن دُونِ ٱلنِّسَآءِ ۚ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ تَجْهَلُونَ ﴿٥٥﴾ ۞ فَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓا۟ أَخْرِجُوٓا۟ ءَالَ
لُوطٍ مِّن قَرْيَتِكُمْ ۖ إِنَّهُمْ أُنَاسٌ يَتَطَهَّرُونَ ﴿٥٦﴾ فَأَنجَيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥٓ إِلَّا ٱمْرَأَتَهُۥ قَدَّرْنَٰهَا مِنَ ٱلْغَٰبِرِينَ
﴿٥٧﴾ وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِم مَّطَرًا ۖ فَسَآءَ مَطَرُ ٱلْمُنذَرِينَ ﴿٥٨﴾

(لۇتنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن) ئەينى زاماندا لۇت ئۆزىنىڭ قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر بىلىپ تۇرۇپ قەبىھ ئىشلارنى قىلامسىلەر﴿54﴾. سىلەر ئاياللارنى قويۇپ، جىنسىي تەلىۋىڭلارنى ئەرلەر بىلەن قاندۇرامسىلەر؟ بەلكى سىلەر نادان قەۋمسىلەر»﴿55﴾. ئۇلارنىڭ بىردىن - بىر جاۋابى: «لۇتنىڭ تەۋەلىرىنى شەھىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار، ئۇلار پاك كىشىلەردۇر» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى﴿56﴾. بىز ئۇنى ۋە خوتۇنىدىن باشقا تەۋەلىرىنى قۇتقۇزدۇق، تەقدىرىمىز بىلەن ئۇنى (يەنى خوتۇنىنى ئازابقا) قالغۇچىلاردىن قىلدۇق﴿57﴾. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىز يامغۇر (يەنى تاش) ياغدۇردۇق. ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!﴿58﴾

## لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمىنىڭ قىسسىسى

الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىنى ئۇلارنىڭ ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەرنىڭ قېشىغا كېلىشىدىن ئىبارەت ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن ھېچبىر ئىنسان قىلىپ باقمىغان يامان بىر ئىشنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا الله تائالانىڭ غەزىپىنىڭ چۈشۈشىدىن قورقۇتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ يامان ئىش بولسا، ئەر بىلەن ئەر، ئايال بىلەن ئايال جىنسىي يېقىنچىلىق قىلىدىغان، رەزىل پاھىشىۋازلىق ئىدى.

الله تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە دېگەن سۆزلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئەينى زاماندا لۇت ئۆزىنىڭ قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر بىلىپ تۇرۇپ قەبىھ ئىشلارنى قىلامسىلەر﴾** يەنى بىر - بىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغان ھالدا، سورۇنلىرىڭلاردا ئوپئوچۇق يامان ئىشلارنى قىلىۋېرەمسىلەر؟

**﴿سىلەر ئاياللارنى قويۇپ، جىنسىي تەلىۋىڭلارنى ئەرلەر بىلەن قاندۇرامسىلەر؟ بەلكى سىلەر نادان قەۋمسىلەر»﴾** يەنى سىلەر ئىنسانىي تەبىئەت ياكى شەرىئەت ئارقىلىق بولسىمۇ، بىرەر نەرسىنى بىلمەيدىغان نادان كىشىلەركەنسىلەر. الله تائالا ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى باشقا بىر يەردە بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر ئەھلى جاھان ئىچىدىن لىۋاتە قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟ سىلەر ھەقىقەتەن (بۇزۇقچىلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچى

قەۋمسىلەر»﴾[1].

﴿**ئۇلارنىڭ بىردىن - بىر جاۋابى: «لۇتنىڭ تەۋەلىرىنى شەھىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار، ئۇلار پاك كىشىلەردۇر» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ جاۋابى: بۇ كىشىلەر سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلارنى ۋە بۇ قىلمىشلارنى قىلىشقا قوشۇلغانلىقىڭلارنى ئېغىر ئالىدۇ. شۇڭا سىلەر بۇلارنى ئاراڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار. چۈنكى، بۇلار سىلەر بىلەن شەھىرىڭلاردا قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇشقا يارىمايدىغان كىشىلەردۇر، - دېيىشى بولدى. ھەممە ئۇلار شۇنداق قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، **اللّٰه** تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتى. كاپىرلار شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

﴿**بىز ئۇنى ۋە خوتۇنىدىن باشقا تەۋەلىرىنى قۇتقۇزدۇق، تەقدىرىمىز بىلەن ئۇنى (يەنى خوتۇنىنى ئازابقا) قالغۇچىلاردىن قىلدۇق**﴾ يەنى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى قەۋمىدىن ھالاك بولغانلار بىلەن بىللە ھالاك بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىغا رازى بولۇش بىلەن، ئۇلارنىڭ يامان يوللاردا مېڭىشىغا ۋە ئۆز دىنلىرىدا قېلىپ قېلىشىغا ياردەمچى بولغان ئىدى. ئۇ قەۋمنى (لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كەلگەن) مېھمانلار بىلەن بىر يەردە بولسۇن دەپ، ئۇلارغا مېھمانىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۋاتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەمەس، **اللّٰه** تائالانىڭ پەيغەمبىرى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن (ئۆزى) يامان ئىشلارنى قىلمايتتى.

﴿**ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىز يامغۇر (يەنى تاش) ياغدۇردۇق**﴾ يەنى ئۈستى - ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق، ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى، ئۇ يۇرتلار زالىملاردىن يىراق ئەمەس.

﴿**ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!**﴾ يەنى دەلىل - پاكىتلار تۇرغۇزۇلغان، ئاگاھلاندۇرۇش يەتكەن تۇرۇپ، پەيغەمبەرگە قارشى چىققان، ئۇنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنى ئارىسىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولغان كىشىلەرگە ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!

* * * * * * *

قُلِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ وَسَلَٰمٌ عَلَىٰ عِبَادِهِ ٱلَّذِينَ ٱصْطَفَىٰٓ ءَآللَّهُ خَيْرٌ أَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٥٩﴾ أَمَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضَ وَأَنزَلَ لَكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَنۢبَتْنَا بِهِۦ حَدَآئِقَ ذَاتَ بَهْجَةٍ مَّا كَانَ لَكُمْ أَن
تُنۢبِتُوا۟ شَجَرَهَآ ۗ أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِ ۚ بَلْ هُمْ قَوْمٌ يَعْدِلُونَ ﴿٦٠﴾



«جىمى ھەمدۇسانا **اللّٰه** غا خاستۇر! ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىككە) تاللىغان بەندىلىرىگە ئامانلىق تىلەيمەن!» دېگىن. **اللّٰه** ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ياخشىمۇ؟﴿59﴾ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ، **اللّٰه** دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇلار (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمدۇر﴿60﴾.

(1) ھۇد سۈرىسى 65 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## اللە غا ھەمدۇسانا ئېيتىشقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە دۇرۇت ئېيتىشقا بۇيرۇش

بۇ ئايەتتە اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى اللە نىڭ بەندىلىرىگە سان ـ ساناقسىز نېمەت بەرگەنلىكى، يۈكسەك سۈپەت ۋە گۈزەل ئىسملار بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن: جىمى ھەمدۇسانا اللە غا خاستۇر، ـ دېيىشكە ۋە اللە تائالا تاللىغان ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەردىن ئىبارەت بەندىلىرىگە دۇرۇت يوللاشقا بۇيرۇدى. اللە نىڭ رەھمىتى ۋە سالىمى پەيغەمبەرلەرگە بولسۇن!

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ۋە باشقىلار: اللە تائالا تاللىغان بەندىلەر دېگەن سۆزدىن پەيغەمبەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. اللە تائالا بۇ ھەقتە: ﴿قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن! جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە غا خاستۇر!﴾[1] دېگەن. سەۋرى ۋە سۇددى: يۇقىرىقى ئايەتتە دېيىلگەن ”تاللانغان كىشىلەر“ بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدۇر، ـ دېدى. اللە ئۇلاردىن رازى بولسۇن! ئىبنى ئابباستىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىندى.

يۇقىرىقى ئىككى خىل تەپسىرنىڭ ئارىسىدا ئۆز ئارا زىتلىق يوقتۇر. چۈنكى، ساھابىلەر اللە نىڭ تاللانغان بەندىلىرى بولغان يەردە، پەيغەمبەرلەرنىڭ اللە نىڭ تاللانغان بەندىلىرى بولۇشىدا شەك يوقتۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ياخشىمۇ**﴾ بۇ ئايەتتىكى سوئال مۇشرىكلارنىڭ اللە غا باشقا ئىلاھلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغانلىقىنى رەت قىلىشتۇر.

## اللە تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان بەزى دەلىللەر

اللە تائالا ئۆزىنىڭ يارىتىش، رىزىق بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ھېچ شېرىكى يوق ۋە يېگانە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشقا باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان كىم؟**﴾ يەنى اللە ئاسمانلارنى ئېگىز ۋە سۈزۈك قىلىپ ياراتتى. ئاسمانلاردا نۇرلۇق يۇلتۇزلار، ئاشكارا كۆرۈنگۈچى يۇلتۇزلار توپى ۋە ئوربىتىلارنى ئايلىنىپ تۇرغۇچى يۇلتۇزلارنى قىلدى. زېمىننى ئاستى تەرەپتە ۋە زىچ قىلىپ ياراتتى. زېمىندا ئېگىز تاغلار، تۈزلەڭلىكلەر، قاتتىق يەرلەر، سەھرالار، چۆللەر، زىرائەتلەر، دەل ـ دەرەخلەر، مېۋە ـ چېۋىلەر، دېڭىز ـ ئوكيانلار، تۈرلىرى، شەكىللىرى ۋە رەڭلىرى ھەرخىل بولغان ھايۋاناتلار ۋە ئۇلاردىن باشقا نەرسىلەرنى ياراتتى.

﴿**سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن**﴾ يەنى يامغۇرنى سىلەرگە رىزىق مەنبەسى قىلىپ بەرگەن. ﴿**ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن**﴾ چىرايلىق، مەنزىرىلىك ۋە كۆركەم ﴿**ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ**﴾ شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇشرىكلارمۇ ئېتىراپ قىلغاندەك، دەل ـ دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشكە بۇتلار ۋە شېرىكلەر ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئالدىغا يالغۇز ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى اللە لا قادىر بولىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر

(1) ساففات سۈرىسى 180 ـ 181 ـ ئايەتلەر.

سەن ئۇلاردىن ئۇلارنى كىم خەلق ئەتكەنلىكلىرىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «الله » دەيدۇ﴾[1].

﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەن كىم؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «الله » دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئېيتقىنكى، «(سىلەرگە قارشى پاكىتلار بار بولغانلىقتىن) جىمى ھەمدۇسانا الله غا خاستۇر»، بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇ سۆزلىرىڭنىڭ زىددىيەتىنى) چۈشەنمەيدۇ﴾[2] يەنى مۇشرىكلار ھەقىقەتەن ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز الله نىڭ قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرى ئېتىراپ قىلغان، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ۋە رىزىق بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى الله غا قوشۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. پەقەت يالغۇز ياراتقان ۋە رىزىق بەرگەن الله لا يالغۇزغا ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ**﴾ يەنى الله غا قوشۇپ ئىبادەت قىلىدىغان باشقا ئىلاھلار بارمۇ؟ سىلەرگە ۋە ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىگە مۇشرىكلارنىڭ ئېتىراپ قىلغان نەرسىلىرىدىن الله نىڭ ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى ئاشكارا بولدى.

﴿**ئۇلار (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمدۇر**﴾ يەنى ئۇلار بۇتلارنى الله تائالاغا ئوخشىتىدۇ ۋە شېرىك كەلتۈرىدۇ.

* * * * * * *

أَمَّن جَعَلَ ٱلْأَرْضَ قَرَارًا وَجَعَلَ خِلَٰلَهَآ أَنْهَٰرًا وَجَعَلَ لَهَا رَوَٰسِىَ وَجَعَلَ بَيْنَ ٱلْبَحْرَيْنِ حَاجِزًا ۗ أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِ ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٦١﴾

زېمىننى (ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا) تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە (تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى ئورناتقان، ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (يەنى تاتلىق سۇ بىلەن شورلۇق سۇ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توساقلارنى قىلغان كىم؟ الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (باشقا ئىلاھ يوق) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴿61﴾.

﴿**زېمىننى (ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا) تۇرالغۇ قىلغان كىم؟**﴾ يەنى زېمىننى زېمىن ئەھلىگە ھەرىكەتلىنىپ تەۋرەپ كەتمەيدىغان، مۇستەھكەم تۇرالغۇ جاي قىلىپ بەرگۈچى كىم؟ ئەگەر زېمىن تەۋرەپ كېتىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھايات كەچۈرۈش ۋە ياشاش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. بەلكى الله ئۆز پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن زېمىننى يېيىلغان ۋە تەۋرەپ كەتمەيدىغان، مۇستەھكەم تۆشەك قىلىپ بەردى. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى بىنا قىلدى. سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى. سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى. سىلەرگە (تۈرلۈك) پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾[3].

﴿**ئۇنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان**﴾ يەنى الله تائالا زېمىننى يېرىپ ئاقىدىغان

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 63 ـ ئايەت.
(3) غافىر سۈرىسى 64 ـ ئايەت.

تاتلىق سۇلۇق چوڭ ـ كىچىك دەريالارنى ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭلارنى قىلدى. سۇنى غەرب، جەنۇب ۋە شىمالغا، بەندىلەرنىڭ تۇرىۋاتقان ئىقلىملىرىغا ۋە رايونلىرىغا، ئۇلار زېمىننىڭ قەيەرىدە بولسا، شۇ يەرگە (ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا قارىتا) ئاقتۇرۇپ بېرىدۇ.

﴿**ئۇنىڭ ئۈستىدە (تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى ئورناتقان**﴾ يەنى زېمىننىڭ زېمىن ئەھلى بىلەن تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇنى چىڭ ۋە مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغلارنى قىلدى.

﴿**ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (يەنى تاتلىق سۇ بىلەن شورلۇق سۇ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توساقلارنى قىلغان**﴾ يەنى **الله** تاتلىق سۇ بىلەن تۇزلۇق سۇ ئارىسىدا تاتلىق سۇنىڭ تۇزلۇق سۇغا، تۇزلۇق سۇنىڭ تاتلىق سۇغا ئارىلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ سۈپىتىنى بۇزۇۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان توساقنى بەرپا قىلدى. دېمەك، **الله** نىڭ ھېكمىتى ھەر ئىككى سۇنىڭ مەقسەت قىلىنغان سۈپىتى بويىچە (ئۆز پېتى) قېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سۈيى تاتلىق دېڭىز دېگىنىمىز، ئىنسانلار ياشايدىغان زېمىن ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا ـ ئۆستەڭلاردىن ئىبارەتتۇر. دەريا ـ ئۆستەڭلارنىڭ سۈيىنى تاتلىق قىلىشتىكى مەقسەت پۈتۈن جانلىقلارنى، ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە باغۇ ـ بوستانلارنى سۇغىرىش ئۈچۈندۇر.

تۇزلۇق دېڭىزلار ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ تۇرىدۇ. دېڭىز سۈيىنى تۇزلۇق قىلىشتىكى مەقسەت ئۇنىڭ پۇرىقى بىلەن ھاۋانىڭ بۇلغىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** (قۇدرىتى بىلەن) بىرى تاتلىق بولغان دەريانى، بىرى تۇزلۇق بولغان دېڭىزنى (ئۇلار بىر ـ بىرىگە تۇتىشاڭغۇ بولغان ھالدا) قويۇۋەتتى، (ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەردە، توسما بەرپا قىلدى﴾[1].

﴿**الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟**﴾ يەنى بۇنى كىم قىلدى؟ ياكى **الله** دىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھ بارمۇ؟ ﴿**(باشقا ئىلاھ يوق) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى **الله** دىن باشقىغا قىلغان ئىبادەتلىرىدە بىلىمسىزدۇر.

*******

أَمَّن يُجِيبُ ٱلْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ ٱلسُّوٓءَ وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَآءَ ٱلْأَرْضِ ۗ أَءِلَـٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِ ۚ قَلِيلًا مَّا تَذَكَّرُونَ ﴿٦٢﴾

بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرىۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ **الله** دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنا ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر﴿62﴾.

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلەرنىڭ ئېغىرچىلىقلاردا ئۆزىگە دۇئا قىلىدىغانلىقىدىن، بالايى مۇسىبەت يەتكەندە، ئۇنى كۆتۈرىۋېتىشتىن ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق

(1) فۇرقان سۈرىسى 53 ـ ئايەت.

دەيدۇ: ﴿سىلەر بەھرىمان بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى الله بەرگەن، سىلەرگە بىرەر ئېغىرچىلىق يەتسە، اللهغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسىلەر﴾[1]، ﴿سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىڭلار غايىپ بولىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا الله دىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)، الله سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان ـ ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ ئاۋۋالقى ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر). ئىنسان كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر (يەنى الله نىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر)﴾[2]

شۇنىڭدەك، الله بۇ يەردە مۇنداق دېدى: **﴿بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان﴾** يەنى باشقا كەلگەن بالايىمۇسىبەتنى الله دىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدىغان تۇرسا، بېشىغا كۈن چۈشكەن چاغدا، الله تائالاغا ئىلتىجا قىلمايدىغان كىم بار؟

ئىمام ئەھمەد بەلھەمەجەملىك بىر ئادەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! كىمدىن سوراپ دۇئا قىلىسەن؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئەگەر ساڭا مۇسىبەت يەتسە، سەن ئۇنىڭغا دۇئا قىلساڭ، ئۇ مۇسىبەتنى سەندىن كۆتۈرۈۋېتىدىغان، ئەگەر سەن چۆلدە مىنىدىغان بىر ئۇلۇغىڭنى يوقىتىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا دۇئا قىلساڭ، ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىدىغان، ئەگەر ساڭا قەھەتچىلىك يەتسە ئۇنىڭغا دۇئا قىلساڭ ئۆسۈملۈك ئۆستۈرۈپ بېرىدىغان بىر الله دىنلا تىلەيمەن» دېدى. مەن: ئۇنداقتا نەسىھەت قىلغىن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھېچبىر ئادەمنى تىللىمىغىن، قېرىندىشىڭغا ئوچۇق چىراي كۆرسەتكەن ھالدا ئۇچرىشىپ بولسىمۇ، سەندىن سۇ سورىغان كىشىنىڭ قاچىسىغا چېلىكىڭدىن سۇ تۆكۈپ بېرىپ بولسىمۇ، ياخشىلىق قىلىشنى تاشلاپ قويمىغىن. ئىشتىنىڭنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى پاچىقىڭدىن ئاشۇرىۋەتمىگىن، ئەگەر ئۇنىڭغا بولمىسا، ھوشۇقىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمىگىن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىشتاننى ئۇزۇن كىيىش تەكەببۇرلۇقتۇر. الله ھەقىقەتەن تەكەببۇرلۇقنى ياقتۇرمايدۇ» دېدى.

## الله يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ قىسسىسى

ھافىز ئىبنى ئەساكىر فاتىمە بىنتى ھەسەن ئۇممۇئەھمەد ئىجلىيەنىڭ تەرجىمىھالىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: فاتىمە مۇنداق دېدى: بىر كۈنى جەڭدە كاپىرلار مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ياخشى ۋە يۈگرۈك ئات چاپماي توختاپ تۇرىۋالدى. ئاتنىڭ ئىگىسى باي ۋە ياخشى ئادەم ئىدى. ئۇ ئادەم ئاتقا: ساڭا نېمە بولدى؟ ئۆلگۈر! سېنى مەن مۇشۇنداق كۈنگە تەييارلىمىدىممۇ؟ ـ دېدى. ئات ئۇنىڭغا: مەن نېمىشقا ئۇنداق قىلماي؟ سەن ماڭا يەم ـ خەشەك بېرىشنى ئات باققۇچىلىرىڭغا تاپشۇرىسەن، ئۇلار ماڭا زۇلۇم قىلىپ ئازغىنا بوغۇز بېرىدۇ، ـ دېدى. ئۇ ئادەم: الله نىڭ نامى بىلەن ۋەدە قىلىمەنكى، بۈگۈندىن باشلاپ يەم ـ خەشەكنى ساڭا ئۆزەم بېرىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئات ئۇچقاندەك چاپتى. ئۇ ئادەم قۇتۇلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئېتىغا يەم ـ خەشەكنى ئۆزى بېرىدىغان بولدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئىشى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ كەتتى. كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى ئۇ ئادەمدىن ئاڭلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئىشىنىڭ خەۋىرى رۇم پادىشاھىغىمۇ يېتىپ باردى. رۇم

(1) نەھل سۈرىسى 53 ـ ئايەت.
(2) ئىسرا سۈرىسى 67 ئايەت.

پادىشاھى: بۇ ئادەم بار شەھەرنى ئىشغال قىلغىلى بولمايدۇ، ـ دېدى. پادىشاھ ئۇ ئادەمنى ئۆزىنىڭ شەھىرىگە ئېلىپ كېلىشكە ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، قېشىدىكى مۇرتەدلەردىن (ئىسلامدىن يېنىۋالغۇچى) بىرنى ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى.

ئۇ مۇرتەد ھېلىقى ئادەمنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپ، ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ ئىسلامغا نىسبەتەن نىيىتىنىڭ ياخشىلىقىنى بايان قىلىپ، ئۇ ئادەمنى ئىشەندۈردى. ئاندىن بىر كۈنى ئۇ ئىككىسى پىيادە مېڭىپ، دېڭىز قىرغىقىغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ مۇرتەد رۇم پادىشاھى تەرىپىدىن كەلگەن بىر ئادەم بىلەن ئۇ ئادەمنى ئەسىر ئېلىشقا (ھەمكارلىششقا) كېلىشتى. بۇ ئىككىسى، ھېلىقى ئات ئىگىسىنى تۇتۇش ئۈچۈن قول سېلىشۋىدى. ئات ئىگىسى بېشىنى ئاسمان تەرەپكە كۆتۈرۈپ: ئى الله ! بۇ مۇرتەد مېنى سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئالدىدى. سەن خالىغان نەرسە بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ مىكرىدىن مېنى قۇتقۇزغىن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى يىرتقۇچ ھايۋان چىقىپ، ئۇ ئىككىسىنى يەپ كەتتى. ئات ئىگىسى ساق ـ سالامەت ئۆيىگە قايتتى.

## زېمىنغا ئورۇنباسار بولۇشنىڭ بايانى

**﴿ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان﴾** يەنى كېيىنكىلەرنى ئىگىرىكىلەرگە، بىر ئەسىرنىڭ ئادەملىرىنى يەنە بىر ئەسىرنىڭ ئادەملىرىگە ئورۇنباسار قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىپ، سىلەرنى باشقا بىر قەۋمنىڭ ئەۋلادىدىن پەيدا قىلغاندەك، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا ئۆزى خالىغان (ئىتائەتمەن) باشقا بىر قەۋمنى قويىدۇ﴾[1]، ﴿الله سىلەرنى (ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدى، الله سىلەرنى بەرگەن نېمەتكە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى﴾[2]، ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى﴾[3] قەۋمنىڭ بەزىسىنى ـ بەزىسىگە ئورۇنباسار قىلدۇ.

**﴿ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان﴾** يەنى الله تائالا ئۇممەتنى ئۇممەتكە، ئەۋلادنى ئەۋلادقا، قەۋمنى قەۋمگە ئورۇنباسار قىلدۇ. ئەگەر الله خالىسا، ئۇلارنى بەزىسىنى بەزىسىنىڭ ئەۋلادىدىن قىلماي، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (ئەلۋەتتە) بىرلا ۋاقىتتا ياراتاتتى. ياكى الله خالىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتقىنىدەك، بىرلا ۋاقىتتا ياراتقان بولاتتى. ئەگەر الله خالىسا، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىنىڭ ئەۋلادىدىن يارىتىپ، ھېچ بىر ئادەم ئۆلمەي تاكى ھەممە ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ئۆلىدىغان قىلغان بولاتتى. بۇنداق بولغاندا زېمىن ئۇلارغا تار كېلەتتى ـ دە، ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك ۋە كەسىپ يوللىرى تارلىشىپ، ئۆز ئارا زىيان سېلىشقان بولاتتى. لېكىن الله ئۆزىنىڭ ھېكمىتى ۋە قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنى بىر جاندىن يارىتىپ، ئاندىن ئۇلارنى غايەت زور ساندا كۆپەيتىپ، يەر يۈزىدە ئاۋۇتۇپ، الله تائالا تەقدىر قىلغان ئەجىلى توگەپ، زېمىن بىكار بولغىچە بىر ئەسىردىن كېيىن يەنە بىر ئەسىرنى، بىر ئۇممەتتىن كېيىن يەنە بىر ئۇممەتنى چىقىرىشنى ئىرادە قىلدى.

(1) ئەنئام سۈرىسى 133 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 165 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بەقەرە سۈرىسى 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللە تائالا ئاندىن قىيامەتنى بەرپا قىلىدۇ، نام ـ ئەمال دەپتىرى ئېچىلغاندا، ھەر بىر ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ئەمەلىگە قارىتا تولۇق جاۋاب بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ اللە دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنا ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر**﴾ يەنى شۇنداق قىلىشقا كىم قادىر بولىدۇ ياكى شۇنداق تۇرۇقلۇق اللە تائالاغا قوشۇپ، ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلار بارمۇ؟ ھەقىقەتەن اللە نىڭ شۇ ئىشلارنى ئۆزى يالغۇز قىلىدىغانلىقى، ھېچبىر شېرىكى يوقلۇقى ئاشكارىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەققە يېتەكلەيدىغان ۋە توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدىغان دەلىللەردىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدىغانلىرى ناھايىتى ئازدۇر.

*******

أَمَّن يَهْدِيكُمْ فِي ظُلُمَٰتِ ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ وَمَن يُرْسِلُ ٱلرِّيَٰحَ بُشْرًۢا بَيْنَ يَدَىْ رَحْمَتِهِۦٓ ۗ أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِ ۚ تَعَٰلَى ٱللَّهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٦٣﴾

قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، رەھمىتىدىن (يەنى يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشتىن) ئىلگىرى شامالLارنى بېشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان كىم؟ اللە دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) اللە ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر﴿63﴾.

اللە ياراتقان ئاسمان ۋە زېمىندا ﴿**سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان كىم؟**﴾، ﴿(يوللارغا) بەلگىلەرنى قىلدى. ئۇلار (كېچىسى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا) يۇلتۇزلار بىلەن يول تاپىدۇ﴾[1]، ﴿قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا (يەنى كېچىلىك يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن اللە سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى. (اللە نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (اللە نىڭ قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق﴾[2].

﴿**رەھمىتىدىن (يەنى يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشتىن) ئىلگىرى شامالLارنى بېشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان**﴾ يەنى يامغۇردىن ئۈمىد ئۈزگەن، قۇرغاقچىلىق ۋە قىيىنچىلىقتا قالغان بەندىلىرىگە اللە تائالا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، يامغۇر تولدۇرۇلغان بۇلۇتنىڭ ئالدىدا شامالLارنى بىشارەت قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ﴿**اللە دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) اللە ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر**﴾.

*******

أَمَّن يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ وَمَن يَرْزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ ۗ أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِ ۚ قُلْ هَاتُوا۟ بُرْهَٰنَكُمْ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٦٤﴾

(ئىنساننى) دەسلەپتە خەلق ئەتكەن، ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرىدىغان كىم؟ سىلەرگە ئاسماندىن ۋە

(1) نەھل سۈرىسى 16 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 97 ـ ئايەت.

زېمىندىن رىزىق بېرىدىغان كىم؟ **الله** دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) ئېيتقىنكى، «(ئەگەر دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، دەلىللىرىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار»﴿64﴾.

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە ئۆز قۇدرىتى ۋە ھۆكۈمرانلىقى بىلەنلا ئىنساننى دەسلەپتە يوقتىن بارلىققا كەلتۈرىدىغانلىقىدىن، ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى شەك ـ شۈبھىسىز قاتتىقتۇر. **الله** (خالايىقنى) ھەقىقەتەن يوقتىن بار قىلىدۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنى) تىرىلدۈرىدۇ﴾[1]، ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان **الله** ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) **الله** غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾[2].

﴿**سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىدىغان كىم؟**﴾ يەنى ئاسماندىن چۈشۈرۈپ بەرگەن يامغۇر بىلەن زېمىن بەرىكەتلىرىدىن ئۈندۈرۈپ بەرگەن ئۆسۈملۈكلەر بىلەن. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يامغۇرلۇق بۇلۇت بىلەن قەسەمكى، يېرىلىپ (گىيالارنى ئۈندۈرۈپ بېرىدىغان) زېمىن بىلەن قەسەمكى﴾[3]، ﴿**الله** زېمىننىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىدىغان (يەنى يامغۇر، كان ۋە ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش) نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان (ئۆسۈملۈك، بۇلاق ۋە قۇدۇقلارنىڭ سۇلىرى قاتارلىق) نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان (پەرىشتە، يامغۇر، ئەجەل، رىزىق قاتارلىق) نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان (ياخشى ئەمەللەر، مەقبۇل دۇئالار قاتارلىق) نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[4].

دېمەك، **الله** تائالا ئاسماندىن بەرىكەتلىك سۇنى ياغدۇرۇپ زېمىندىكى سۇمەنبەلىرىگە ئاقتۇرىدۇ. ئاندى ئۇ سۇ بىلەن زېمىندىن زىرائەتلەر، مېۋىلىك دەرەخلەر، گۈزەل چېچەكلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل رەڭدىكى نەرسىلەرنى ئۆستۈرىدۇ. ﴿(ئۇلاردىن) يەڭلار ۋە مال چارۋىلىرىڭلارنى بېقىڭلار، ئۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (**الله** نىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾[5] شۇنىڭ ئۈچۈن، **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) ئېيتقىنكى، «(ئەگەر دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، دەلىللىرىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار»**﴾ باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت داۋايىڭلارنىڭ توغرىلىقىغا ﴿**(ئەگەر دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار**﴾ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ھۆججەت ۋە پاكىتىنىڭ يوقلۇقى ئاشكارا بولدى. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ھالدا **الله** غا قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ، كاپىرلار ھەقىقەتەن نىجات تاپمايدۇ﴾[6].

*******

قُل لَّا يَعۡلَمُ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ ٱلۡغَيۡبَ إِلَّا ٱللَّهُۚ وَمَا يَشۡعُرُونَ أَيَّانَ يُبۡعَثُونَ ﴿٦٥﴾ بَلِ ٱدَّٰرَكَ عِلۡمُهُمۡ فِي
ٱلۡأٓخِرَةِۚ بَلۡ هُمۡ فِي شَكّٖ مِّنۡهَاۖ بَلۡ هُم مِّنۡهَا عَمُونَ ﴿٦٦﴾

(1) بۇرۇج سۈرىسى 12 ـ 13 ـ ئايەتلەر.
(2) رۇم سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) تارىق سۈرىسى 11 ـ 12 ـ ئايەتلەر.
(4) سەبەئ سۈرىسى 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) تاھا سۈرىسى 54 ـ ئايەت.
(6) مۆئمىنۇن سۈرىسى 117 ـ ئايەت.

اللە دىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ، ئۇلار (يەنى خالايىق) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ﴿65﴾. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتوغرىسىدىكى ئىلمى پىششىپ يېتىلدىمۇ؟ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق گۇماندىدۇر، ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق كوردۇر﴿66﴾.

## غەيبنى پەقەت اللە نىڭلا بىلىدىغانلىقى

اللە تائالا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى جىمى ئىنسانغائاسمانلارۋەزېمىن ئەھلىدىن ھېچبىركىشىنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى، پەقەت اللە نىڭلا بىلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**اللە دىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ**﴾ يەنى غەيبنى اللە دىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھەقىقەتەن ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز اللە غەيبنى پەقەت ئۆزىلا بىلگۈچىدۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى اللە نىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا اللە بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى اللە بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن اللە بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (اللە غا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾[1].

﴿قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن اللە نىڭ دەرگاھىدىدۇر. اللە يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) اللە بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، اللە ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[2] بۇ توغرۇلۇق كەلگەن ئايەتلەر كۆپتۇر.

﴿**ئۇلار (يەنى خالايىق) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ**﴾ يەنى ئاسمان ۋە زېمىندىكى مەخلۇقاتلار قىيامەتنىڭ بولىدىغان ۋاقتىنى بىلمەيدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم (اللە ) بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ، قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر (ۋەقەدۇر). ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ»﴾[3] يەنى قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىش ئاسمانلار ۋە زېمىن ئەھلىگە ئېغىر كېلىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ ئاخىرەت توغرىسىدىكى ئىلمى پىششىپ يېتىلدىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئىلمى قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىشتىن ئاجىز كەلدى ياكى ئۇلارنىڭ ئىلمى ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلىشتىن ئاجىز كېلىشتە تەڭلىشىپ قالدى.

ئىمام مۇسلىم بۇ ھەقتە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەتنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

(1) ئەنئام سۈرىسى 59 ـ ئايەت.
(2) لوقمان سۈرىسى 34 ـ ئايەت.
(3) ئەئراف سۈرىسى 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«قىيامەتنىڭ ۋاقتىدىن سورالغۇچى سورىغۇچىدىن بىلىملىكرەك ئەمەس» دېدى. يەنى سورالغۇچى بىلەن سورىغۇچىنىڭ بىلىمى قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىشتىن ئاجىز كېلىشتە تەڭ كېلىپ قالدى.

﴿**ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق گۇماندىدۇر**﴾ يەنى كاپىرلىق ھالىتىدىدۇر. بۇ ھەقتە **الله** تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) سەپ - سەپ بولۇشۇپ پەرۋەردىگارىڭغا توغرىلىنىدۇ، (كاپىرلارغا) «سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە (مالسىز، بالىسىز، يالىڭاچ) كەلدىڭلار، بەلكى سىلەر، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغنى بېكىتمەيدۇ، دەپ ئويلىغانسىلەر (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساپ بېرىش، جازاغا تارتىلىش يوق دەپ ئويلىغانسىلەر)» دەيمىز﴾[1] يەنى سىلەردىن بولغان كاپىرلار.

شۇنىڭدەك، **الله** تائالا بۇ يەردە مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق گۇماندىدۇر**﴾ يەنى قىيامەتنىڭ بولۇشى ۋە يۈز بېرىشىدە شەك قىلغۇچىلاردۇر. ﴿**ئۇلار ئاخىرەت توغرۇلۇق كوردۇر**﴾ يەنى ئۇلار قىيامەت ھەققىدە ناھايىتى بىلىمسىز ۋە نادانىدۇر.

*******

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَءِذَا كُنَّا تُرَٰبٗا وَءَابَآؤُنَآ أَئِنَّا لَمُخۡرَجُونَ ﴿٦٧﴾ لَقَدۡ وُعِدۡنَا هَٰذَا نَحۡنُ وَءَابَآؤُنَا مِن قَبۡلُ
إِنۡ هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٦٨﴾ قُلۡ سِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَٱنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿٦٩﴾ وَلَا
تَحۡزَنۡ عَلَيۡهِمۡ وَلَا تَكُن فِي ضَيۡقٖ مِّمَّا يَمۡكُرُونَ ﴿٧٠﴾

كاپىرلار (يەنى قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى مەككە مۇشرىكلىرى) ئېيتتى: «بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن (قەبرىمىزدىن تىرىلىپ) چوقۇم چىقىرىلامدۇق﴿67﴾. ھەقىقەتەن بىزگە ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا ئىلگىرى (قايتا تىرىلىش) ۋەدە قىلىنغان ئىدى. بۇ پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ قىسسىلىرىدۇر»﴿68﴾. سەن (بۇ كۇففارلارغا) ئېيتقىن: «زېمىندا سەير قىلىڭلار، گۇناھكارلار (يەنى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلار) نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار» (ئۇلارنى **الله** ھالاك قىلمىدىمۇ؟ ئىلگىرىكى كۇففارلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن كېيىنكى كۇففارلارنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ)﴿69﴾. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن ئىچىڭ پۇشمىسۇن (**الله** سېنى ئۇلارنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ)﴿70﴾.

## قايتا تىرىلىشنى يىراق ساناش ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن رەددىيە

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە قايتا تېرىلىشنى ئىنكار قىلغان مۇشرىكلاردىن خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنىڭ جەسەتلەر چىرىپ كەتكەن، سۆڭەكلەر تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرۈشنى يىراق سانىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ھەقىقەتەن بىزگە ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا ئىلگىرى (قايتا تىرىلىش) ۋەدە قىلىنغان ئىدى**﴾ يەنى بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن بۇنى ھەمىشە ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز. بىراق ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرمىدۇق.

---

(1) كەھف سۈرىسى 48 - ئايەت.

﴿**بۇ پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ قىسسىلىرىدۇر**﴾ يەنى جەسەتلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ۋەدە ﴿**بۇرۇنقىلارنىڭ قىسسىلىرىدۇر**﴾ بۇ قىسسىنى كېيىنكىلەر بۇرۇنقىلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىن ئۆگىنىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئاساسي يوق. **الله** تائالا ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇق قىلىش ۋە قايتا تىرىلىشكە ئىشەنمەسلىكىدىن ئىبارەت ئۇلار گۇمان قىلغان نەرسىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**سەن (بۇ كۇففارلارغا) ئېيتقىن: «زېمىندا سەير قىلىڭلار، گۇناھكارلار (يەنى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلار) نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار»**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! ئەنە شۇلارغا ئېيتقىنكى، زېمىندا سەيرى قىلىڭلار! پەيغەمبەرلەرنى، قىيامەت ۋە باشقا ئىشلار توغرۇلۇق پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دەلىل ـ پاكىتلارنى يالغان دېگۈچىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا، ئۇلارغا **الله** نىڭ ھالاك قىلغۇچى ئازابىنىڭ قانداق چۈشكەنلىكىگە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنى قانداق قۇتقۇزغانلىقىغا قاراڭلار. ئەنە شۇلار پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ راست ۋە توغرا بولغانلىقىغا پاكىتتۇر.

**الله** تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) قايغۇرمىغىن**﴾ يەنى سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى يالغان دېگۈچىلەرگە قايغۇرمىغىن ۋە ھەسرەت چەكمىگىن. كۆڭلۈڭ يېرىم بولمىسۇن.

﴿**ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىدىن ئىچىڭ پۇشمىسۇن (الله سېنى ئۇلارنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ)**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشىگە، سەن ئېلىپ كەلگەن ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقىغا ئىچىڭ پۇشمىسۇن. **الله** ھەقىقەتەن ساڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇچىدۇر، ياردەم بەرگۈچىدۇر. سېنىڭ دىنىڭنى شەرق ۋە غەربتىكى دىنىغا خىلاپلىق قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنمىغان كىشىلەر ئۈستىدىن غالىب قىلغۇچىدۇر.

*******

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٧١﴾ قُلْ عَسَىٰٓ أَن يَكُونَ رَدِفَ لَكُم بَعْضُ ٱلَّذِى تَسْتَعْجِلُونَ
﴿٧٢﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَشْكُرُونَ ﴿٧٣﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ لَيَعْلَمُ مَا تُكِنُّ صُدُورُهُمْ
وَمَا يُعْلِنُونَ ﴿٧٤﴾ وَمَا مِنْ غَآئِبَةٍ فِى ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ إِلَّا فِى كِتَٰبٍ مُّبِينٍ ﴿٧٥﴾

ئۇلار: «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، (سىلەر بىزگە ۋەدە قىلغان) ئازاب قاچان چۈشىدۇ» دېيىشىدۇ﴿71﴾. «سىلەر ئالدىراپ كەتكەن ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە يېقىنلاشقان بولۇشى مۇمكىن» دېگىن (بۇ بەدرى سوقۇشىدا ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئەسىرگە ئېلىنىشىدۇر)﴿72﴾. پەرۋەردىگارىڭ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (پەرۋەردىگارىغا) شۈكۈر قىلمايدۇ﴿73﴾. پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا ئاداۋىتىنى ۋە سۇيىقەستىنى) شەك ـ شۈبھىسىز بىلىدۇ﴿74﴾. ئاسمان ـ زېمىندا لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلمىغان ھېچبىر سىر يوق﴿75﴾.

**الله** تائالا بۇ ئايەتلەردە قىيامەتنىڭ يۈز بېرىشىنى يىراق ساناپ، قىيامەت كۈنى ھەققىدە سوئال سورىغان مۇشرىكلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار: «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، (سىلەر بىزگە ۋەدە قىلغان) ئازاب قاچان چۈشىدۇ» دېيىشىدۇ**﴾ **الله** تائالا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق

دەيدۇ: ﴿**«سىلەر ئالدىراپ كەتكەن ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە يېقىنلاشقان بولۇشى مۇمكىن» دېگىن (بۇ بەدرى سوقۇشىدا ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئەسىرگە ئېلىنىشىدۇر)**﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى: سىلەر ئالدىراپ كەتكەن نەرسىنىڭ بەزىسى سىلەرگە يېقىنلاشقان بولۇشى مۇمكىن دېگەنلىكتۇر، ـ دەپ تەپسىر قىلدى ۋە شۇنىڭدەك مۇجاھىد، زەھھاك، ئەتا خۇراسانىي ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش تەپسىر قىلدى. **الله** تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدىمۇ مۇشۇ مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ:

﴿«ئۇ قاچان بولىدۇ؟» دېيىشىدۇ، (سەن) «ئۇمىدكى، ئۇ يېقىندا بولىدۇ» دېگىن﴾[1]، ﴿ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەھەننەم (قىيامەت كۈنى) كاپىرلارنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2] **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىڭ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان تۇرۇقلۇق، **الله** ئۇلارغا نېمەتلەرنى تولۇق بېرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ نېمەتلەر ئۈچۈن **الله** تائالاغا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئازغىنا بىر قىسىم كىشىلەرلا شۈكرى ئېيتىدۇ.

﴿**پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا قارىتا ئاداۋىتىنى ۋە سۇيىقەستىنى) شەك ـ شۈبھىسىز بىلىدۇ**﴾ يەنى **الله** ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى خۇددى ئاشكارا نەرسىلەرنى بىلگەندەك بىلىدۇ. ﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان، ئاشكارا سۆز قىلغان (**الله** ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ)﴾[3]، ﴿چۈنكى ئۇ سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[4]، ﴿راستلا ئۇلار كىيىملىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغانلىرىدا، **الله** ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[5] ئاندىن **الله** تائالا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى، يوشۇرۇن نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىغان، ئاشكارا ۋە غەيب نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

﴿**سىر يوق**﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: **الله** بىلمەيدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. ﴿**ئاسمان زېمىندا لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلمىغان ھېچبىر سىر يوق**﴾ **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىلمەمسەنكى، **الله** ئاسمان، زېمىندىكى شەيئىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن لەۋھۇلمەھپۇزدا (يېزىلغان)، بۇ (يەنى بىلىش) ھەقىقەتەن **الله** غا ئاساندۇر﴾[6].

* * * * * * *

إِنَّ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانَ يَقُصُّ عَلَىٰ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ أَكْثَرَ ٱلَّذِى هُمْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ ﴿٧٦﴾ وَإِنَّهُۥ لَهُدًى وَرَحْمَةٌ
لِّلْمُؤْمِنِينَ ﴿٧٧﴾ إِنَّ رَبَّكَ يَقْضِى بَيْنَهُم بِحُكْمِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٧٨﴾ فَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۖ إِنَّكَ عَلَى
ٱلْحَقِّ ٱلْمُبِينِ ﴿٧٩﴾ إِنَّكَ لَا تُسْمِعُ ٱلْمَوْتَىٰ وَلَا تُسْمِعُ ٱلصُّمَّ ٱلدُّعَآءَ إِذَا وَلَّوْا۟ مُدْبِرِينَ ﴿٨٠﴾ وَمَآ أَنتَ بِهَٰدِى ٱلْعُمْىِ
عَن ضَلَٰلَتِهِمْ ۖ إِن تُسْمِعُ إِلَّا مَن يُؤْمِنُ بِـَٔايَٰتِنَا فَهُم مُّسْلِمُونَ ﴿٨١﴾

(1) ئىسرا سۈرىسى 51 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 54 ـ ئايەت.
(3) رەئد سۈرىسى 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) تاھا سۈرىسى 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) ھۇد سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) ھەج سۈرىسى 70 ـ ئايەت.

(پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان) بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرىنىڭ كۆپىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ﴿76﴾. قۇرئان مۆمىنلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر﴿77﴾. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) نىڭ ئارىسىدا (قىيامەت كۈنى) ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ، الله غالىبتۇر، (بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى) بىلگۈچىدۇر﴿78﴾. الله غا تەۋەككۇل قىلغىن (يەنى ئىشىڭنى الله غا تاپشۇرغىن، ھەممە ئىشىڭدا الله غا يۆلەنگىن، الله ساڭا مەدەتكاردۇر)، (ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، سەن روشەن ھەق (دىن) دىسەن﴿79﴾. سەن ئۆلۈكلەرگە ۋە يۈز ئۆرۈگەن گاسلارغا (يەنى دىللىرىنىڭ ئۆلۈكلىكىدە ئۆلۈكلەرگە ۋە ھەقنى ئاڭلىماسلىقتا گاسلارغا ئوخشايدىغان كۇففارلارغا) دەۋەتنى ئاڭلىتالمايسەن﴿80﴾. سەن (دىلى) كورلارنى گۇمراھلىقتىن ئايرىپ، ھىدايەت قىلالمايسەن، سەن (دەۋىتىڭنى) پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلارغىلا ئاڭلىتالايسەن﴿81﴾.

## قۇرئاننىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىختىلاپىنى قىسسە قىلىپ بېرىدىغانلىقى ۋە الله نىڭ ئۇلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقى

الله تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابى قۇرئاندىن ۋە بۇ قۇرئاننىڭ توغرا يولنى، بايانلارنى ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھۆكۈملەرنى، شۇنداقلا ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ئەھلى بولغان ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قىسسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿(پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان) بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ كۆپىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ﴾** مەسىلەن، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ئىختىلاپلاشتى، بىر - بىرى بىلەن دە - تالاش قىلىشقتى. يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بەتنام چاپلىدى. خرىستىئانلار ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق چېكىدىن ئاشۇرىۋەتتى. قۇرئان بولسا، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانىڭ بەندىلىرىدىن، پەيغەمبەرلىرىدىن ۋە ھۆرمەتلىك ئەلچىلىرىدىن بىرى ئەلچى ئىكەنلىكىنى دەپ، ئوتتۇرا ھال بولغان ئادىل سۆزنى ئېلىپ كەلدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇ ئىسا ئىبنى مەريەمنىڭ (قىسسىسىدۇر). ئىسا ئۇلار دە تالاش قىلىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئىشىنىڭ (ھەقىقىتى) ئۈستىدە ھەق گەپنى قىلدى﴾[1]، **﴿قۇرئان مۆمىنلەرنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر﴾** يەنى قۇرئان كەرىم مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىغا ھىدايەتتۇر، ئەمەللىرىگە رەھمەتتۇر.

**﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلار (يەنى بەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) نىڭ ئارىسىدا (قىيامەت كۈنى) ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴾** يەنى قىيامەت كۈنى ئىنتىقام ئېلىشتا **﴿الله غالىبتۇر، (بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى) بىلگۈچىدۇر﴾** يەنى بەندىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ۋە سۆزلىرىنى بىلگۈچىدۇر.

(1) مەريەم سۈرىسى 34 - ئايەت.

## تەبلىغ قىلىشتا تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

﴿**اللە غا تەۋەككۇل قىلغىن (يەنى ئىشىڭنى اللە غا تاپشۇرغىن، ھەممە ئىشىڭدا اللە غا يۆلەنگىن، اللە ساڭا مەدەتكاردۇر)**﴾ يەنى جىمى ئىشلىرىڭدا اللە غا تەۋەككۇل قىلغىن! پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزگىن. ﴿**(ئى مۇھەممەد) شۈبھىسىزكى، سەن روشەن ھەق (دىن) دىسەن**﴾ يەنى بەتبەختلىك پۈتۈلۈپ كەتكەن ۋە پەرۋەدىگارىڭنىڭ ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ ئىمان ئېيتمايدۇ دېگەن سۆزى تېگىشلىك بولغان كىشىلەر ساڭا قارشىلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، سەن يەنىلا ھەق ئۈستىدىدۇرسەن.

﴿**سەن ئۆلۈكلەرگە ۋە يۈز ئۆرۈگەن گاسلارغا (يەنى دىللىرىنىڭ ئۆلۈكلىكىدە ئۆلۈكلەرگە ۋە ھەقنى ئاڭلىماسلىقتا گاسلارغا ئوخشايدىغان كۇففارلارغا) دەۋەتنى ئاڭلىتالمايسەن**﴾ يەنى سەن ئۆلۈكلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئاڭلىتالمايسەن. شۇنداقلا، ئەنە شۇ دىللىرى ھەقنى چۈشىنىشتىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىنى كۇپۇرلۇق قاپلىۋالغان كىشىلەرگە دەۋىتىڭنى ئاڭلىتالمايسەن.

﴿**سەن (دىلى) كورلارنى گۇمراھلىقتىن ئايرىپ، ھىدايەت قىلالمايسەن، سەن (دەۋىتىڭنى) پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلارغىلا ئاڭلىتالايسەن**﴾ يەنى سەن سېنىڭ دەۋىتىڭگە پايدىلىق نەرسىنى ئاڭلايدىغان، دىلى يورۇق، ھەقنى كۆرەلەيدىغان، اللە تائالاغا ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تىللىرى ئارقىلىق اللە تەرىپىدىن كەلگەن نەرسىلەرگە بويسۇنىدىغان كىشىلەرلا ئاڭلايدۇ.

*******

﴿وَإِذَا وَقَعَ ٱلْقَوْلُ عَلَيْهِمْ أَخْرَجْنَا لَهُمْ دَآبَّةً مِّنَ ٱلْأَرْضِ تُكَلِّمُهُمْ أَنَّ ٱلنَّاسَ كَانُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا لَا يُوقِنُونَ ﴿٨٢﴾

ئۇلار (يەنى كۇففارلار) غا ئالدىنئالا ئېيتىلغان سۆز ئىشقا ئاشقاندا (يەنى ئازاب ۋە قىيامەت يېقىنلاشقاندا)، ئۇلارغا زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننى چىقىرىمىزكى، ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ﴿82﴾.

### زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىدىغانلىقى

بۇ ھايۋان ئاخىرقى زاماندا چىقىدۇ. كىشىلەر بۇزۇلغان، اللە نىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى تەرك ئەتكەن، ھەق دىننى ئۆزگەرتىۋەتكەن چاغدا، اللە ئۇلارغا زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننى چىقىرىدۇ. بۇ ھايۋان مەككىدىن چىقىدۇ دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. باشقا ئورۇندىن چىقىدۇ دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. اللە خالىسا، تۆۋەندە تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىبنى ئابباس، ھەسەن، قەتادە ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: بۇ ھايۋان ئىنسانلارغا (ئۇلارنىڭ اللە نىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمىگەنلىكىگە) خىتاب قىلىپ سۆزلەيدۇ. بۇ ھايۋان توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىس، ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپتۇر. بىز پەقەت بىزگە چۈشىنىشلىك بولغانلىرىنىلا سۆزلەيمىز ۋە بۇ ھەقتە اللە تائالادىن ياردەم سورايمىز.

ئىمام ئەھمەد ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد غىفارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز قىيامەت توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىپ مۇنداق دېدى: «سىلەر 10 خىل ئالامەتنى كۆرمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ، بۇلار، كۈننىڭ غەربتىن چىقىشى، تۈتۈننىڭ ئالەمنى قاپلاپ كېتىشى، بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىشى، يەجۇج ـ مەجۇجلارنىڭ چىقىشى، مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ چۈشىشى، دەججالنىڭ چىقىشى، ئۈچ قېتىملىق يەر يۇتۇشنىڭ يۈز بېرىشى، ئۇنىڭ بىر قېتىمى غەربتە، بىر قېتىمى شەرقتە، يەنە بىر قېتىمى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بولىدۇ. يەمەننىڭ ئەدەن شەھرىدىن بىر ئوت چىقىپ، كىشىلەر نەدە قونسا (نەدە ئارام ئالسا)، شۇ جايدا ئۇلار بىلەن بىللە توختاپ، ئۇلارنىڭ مەھشەرگاھقا ھەيدەيدىغان ياكى توپلايدىغانلىقى قاتارلىقلاردۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر ھەدىسنى يادلىۋالغان ئىدىم، ئۇنى ھازىرغىچە ئۇنتۇپ قالمىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى شۇكى، كۈن غەربتىن چىقىدۇ، چاشكا ۋاقتىدا بىر تۈرلۈك ھايۋان چىقىدۇ. ئۇ ئىككىسىدىن قايسى بىرى ئاۋۋال چىقسا، ئىككىنچىسىمۇ ئارقىدىنلا چىقىدۇ».

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئالتە خىل ئىش يۈز بەرگىچە ياخشى ئەمەل قىلىشقا ئالدىراڭلار! ئۇ ئالتە خىل ئىش بولسا، كۈننىڭ غەربتىن چىقىشى، تۈتۈننىڭ ئالەمنى قاپلاپ كېتىشى، دەججالنىڭ چىقىشى، بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىشى، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى ۋە ئومۇملىششى قاتارلىقلاردۇر».

ئىمام ئەبۇداۋۇد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسامنىڭ ئۈزۈكى بىلەن زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋان چىقىدۇ. ئاندىن ئۇ ھايۋان ھاسا بىلەن كاپىرلارنىڭ بۇرنىنى داغلاپ بەلگە سالىدۇ. ئۈزۈك بىلەن مۆمىننىڭ يۈزىنى يورۇتىدۇ. ھەتتاكى كىشىلەر بىر داستىخانغا يىغىلىپ ئولتۇرغاندا، كاپىرلارنىڭ ئارىسىدىن مۆمىنلەرنى تونۇۋالغىلى بولىدۇ».

ئىبنى جۇرەيج ئىبنى زۇبەيردىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ بۇ ھايۋاننى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: بۇ ھايۋاننىڭ بېشى ئۆكۈزنىڭ بېشىغا، كۆزى چوشقىنىڭ كۆزىگە، قۇلىقى پىلنىڭ قۇلىقىغا، مۈڭگۈزى بۇغىنىڭ مۈڭگۈزىگە، بويني تۆگەقۇشنىڭ بوينىغا، كۆكسى شىرنىڭ كۆكسىگە، رەڭگى يولۋاسنىڭ رەڭگىگە، بېقىنى مۈشۈكنىڭ بېقىنىغا، قۇيرۇقى قوچقارنىڭ قۇيرۇقىغا، تۆت پۇتى تۆگىنىڭ پۇتلىرىغا ئوخشايدۇ. ھەر ئىككى ئۇگىسىنىڭ ئارىلىقى 12 گەز كېلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكى ئۇ ھايۋان بىلەن بىللە چىقىدۇ. ئۇ ھاسا بىلەن بارلىق مۆمىنلەرنىڭ يۈزىگە بىر ئاق چېكىت چېكىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ چېكىت يوغىناپ مۆمىننىڭ يۈزى ئاقىرىدۇ. ئۇ ئۈزۈك بىلەن بارلىق كاپىرلارنىڭ يۈزىگە بىر قارا چېكىت قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ چېكىت يوغىناپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قارىداپ كېتىدۇ. ھەتتا كىشىلەر بازارلاردىمۇ: ئى مۆمىن! بۇ قانچە پۇل؟ ئى كاپىر! بۇ قانچە پۇل؟ ـ دېيىشىپ، ئېلىم ـ سېتىم قىلىشىدۇ. بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر داستىخاندا ئولتۇرغاندىمۇ، ئۇلاردىن قايسىلىرىنىڭ مۆمىن، قايسىلىرىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكى تونۇلىدۇ. ئاندىن ئۇ ھايۋان ئۇلارغا:

ئى پالانچى! ساڭا خۇش خەۋەر بولسۇن! سەن جەننەت ئەھلىدىنسەن. ئى پالانچى! دوزاخ ئەھلىدىن سەن، ـ دەيدۇ. ئەنە شۇ الله تائالانىڭ: **﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) غا ئالدىنئالا ئېيتىلغان سۆز ئىشقا ئاشقاندا (يەنى ئازاب ۋە قىيامەت يېقىنلاشقاندا)، ئۇلارغا زېمىندىن بىر تۇرلۇك هايۋاننى چىقىرىمىزكى، ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر.

*******

وَيَوۡمَ نَحۡشُرُ مِن كُلِّ أُمَّةٖ فَوۡجٗا مِّمَّن يُكَذِّبُ بِـَٔايَٰتِنَا فَهُمۡ يُوزَعُونَ ﴿٨٣﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُو قَالَ أَكَذَّبۡتُم
بِـَٔايَٰتِي وَلَمۡ تُحِيطُواْ بِهَا عِلۡمًا أَمَّاذَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٨٤﴾ وَوَقَعَ ٱلۡقَوۡلُ عَلَيۡهِم بِمَا ظَلَمُواْ فَهُمۡ لَا يَنطِقُونَ ﴿٨٥﴾ أَلَمۡ
يَرَوۡاْ أَنَّا جَعَلۡنَا ٱلَّيۡلَ لِيَسۡكُنُواْ فِيهِ وَٱلنَّهَارَ مُبۡصِرًاۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٨٦﴾

ئۇ كۈندە ھەر ئۈممەتنىڭ ئىچىدىن بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلاردىن بىر توپ ئادەمنى (ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) يىغىمىز، (ئالدى ـ كەينى يىغىلغۇچە) ئۇلار توختىتىپ تۇرۇلىدۇ﴿83﴾. ئۇلار (الله نىڭ دەرگاھىغا) كەلگەن چاغلىرىدا، الله ئۇلارغا: «سىلەر تولۇق بىلمەي تۇرۇپ مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئىنكار قىلدىڭلارمۇ؟ سىلەر (ئەمرى قىلىنغان نەرسىلەردىن) زادى نېمىلەرنى قىلدىڭلار؟» دەيدۇ﴿84﴾. ئۇلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازاب ھەقلىق بولدى. ئۇلار (ئۆزرىلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن) سۆز قىلالمايدۇ﴿85﴾. ئۇلارغا كېچىنى ئارام ئالىدىغان (ۋاقىت) قىلغانلىقىمىزنى، كۈندۈزنى (ھاياتلىق يولىدا ھەرىكەتلىنىش ئۈچۈن) يورۇق قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟ بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴿86﴾.

## قىيامەت كۈندە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى بىر يەرگە يىغىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنىدىن، الله نىڭ ئايەتلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلىرىنى يالغان دېگۈچىلەردىن ئىبارەت زۇلۇم قىلغۇچىلارنى تاپا تەنە قىلىش، كايىش، كەمسىتىش، خارلاش ۋە دۇنيادا قىلغان قىلمىشلىرىدىن سوراش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ غالىب ۋە بۈيۈك الله نىڭ ئالدىغا يىغىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

**﴿ئۇ كۈندە ھەر ئۈممەتنىڭ ئىچىدىن بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلاردىن بىر توپ ئادەمنى (ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) يىغىمىز﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(الله پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) قاياشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ الله نى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى (مەھشەرگاھقا) توپلاڭلار﴾[1]، ﴿جانلار (ئۆز قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا﴾[2].

**﴿(ئالدى ـ كەينى يىغىلغۇچە) ئۇلار توختىتىپ تۇرۇلىدۇ﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئىتتىرىلىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم: بۇ

(1) ساففات سۈرىسى 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تەكۋىر سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۇلار ھەيدىلىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

**﴿ئۇلار (الله نىڭ دەرگاھىغا) كەلگەن چاغلىرىدا﴾** ئۇلار الله نىڭ ئالدىدا سوراق قىلىنىش ئۈرنىدا توختىتىلغان چاغدا: **﴿الله ئۇلارغا: «سىلەر تولۇق بىلمەي تۇرۇپ مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئىنكار قىلدىڭلارمۇ؟ سىلەر (ئەمرى قىلىنغان نەرسىلەردىن) زادى نېمىلەرنى قىلدىڭلار؟» دەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار ئېتىقادلىرىدىن ۋە ئەمەللىرىدىن سوراق قىلىنىدۇ. ئۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردىن بولمايدۇ. الله تائالا ئۇلار ھەققىدە: ﴿(كاپىر قۇرئانغا) ئىشەنمىدى، ناماز ئوقۇمىدى. لېكىن ئۇ (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى ۋە (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى﴾[1] دېگەن كىشىلەردىن بولۇپ قالىدۇ. شۇ كۈندە ئۇلارغا قارشى پاكىت تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇلاردا ئېيتقۇدەك بىرەر ئۆزرە بولمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بۇ كۈندە ئۇلار سۆز قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغا ئىزنى بېرىلمەيدۇ﴾[2].

**﴿ئۇلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازاب ھەقلىق بولدى. ئۇلار (ئۆزرىلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن) سۆز قىلالمايدۇ﴾** يەنى ئۇلار گاڭگىرىغان ھالدا تۇرۇپ قېلىپ، ھېچقانداق جاۋاب بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيا ھاياتىدا ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇلار ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي قالمايدىغان، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلىپ تۇرىدىغان الله نىڭ دەرگاھىغا كەلدى. ئاندىن الله تائالا ئۆزىنىڭ تولۇق قۇدرىتىگە، كاتتا ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە يۈكسەكلىكىگە ئىتائەت قىلىشقا، ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇشقا، توغرا يولدىن ئىبارەت ھەقنى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشكە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلارغا كېچىنى ئارام ئالىدىغان (ۋاقىت) قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟﴾** يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى سەۋەبى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەرىكەتتىن توختاپ، جانلىرىنى ئارام ئالدۇرۇپ، كۈندۈزنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىدىن، چارچاشلىرىدىن ھاردۇقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن كېچىنى قىلدۇق.

**﴿كۈندۈزنى (ھاياتلىق يولىدا ھەرىكەتلىنىش ئۈچۈن) يورۇق قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟﴾** يەنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشلىرىدا، سەپەرلىرىدە، تىجارەتلىرىدە ئۇنىڭدىن باشقا موھتاج بولىدىغان ئەھۋاللىرىدا ھەرىكەتلىنىشى ئۈچۈن كۈندۈزنى يورۇق تۇرغۇچى نۇرلۇق قىلدۇق **﴿بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾**.

* * * * * *

وَيَوْمَ يُنفَخُ فِي ٱلصُّورِ فَفَزِعَ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِي ٱلْأَرْضِ إِلَّا مَن شَآءَ ٱللَّهُۚ وَكُلٌّ أَتَوْهُ دَٰخِرِينَ ﴿٨٧﴾
وَتَرَى ٱلْجِبَالَ تَحْسَبُهَا جَامِدَةً وَهِيَ تَمُرُّ مَرَّ ٱلسَّحَابِۚ صُنْعَ ٱللَّهِ ٱلَّذِيٓ أَتْقَنَ كُلَّ شَيْءٍۚ إِنَّهُۥ خَبِيرٌۢ بِمَا تَفْعَلُونَ
﴿٨٨﴾ مَن جَآءَ بِٱلْحَسَنَةِ فَلَهُۥ خَيْرٌ مِّنْهَا وَهُم مِّن فَزَعٍ يَوْمَئِذٍ ءَامِنُونَ ﴿٨٩﴾ وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَكُبَّتْ وُجُوهُهُمْ فِي
ٱلنَّارِ هَلْ تُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٩٠﴾

ئۇ كۈندە سۇر چېلىنىدۇ، الله خالىغانلاردىن (يەنى پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلاردىن) باشقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى قورقۇنچ باسىدۇ، ھەممە الله غا بويسۇنغان ھالدا كېلىدۇ﴿87﴾.

(1) قىيامەت سۈرىسى 31 ـ 32 ـ ئايەتلەر.
(2) مۇرسەلات 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر.

تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك چۆگىلەپ تۇرىدۇ، (بۇ) ھەممە نەرسىنى پۇختا ياراتقان اللە نىڭ ھۈنىرىدۇر، اللە ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴿88﴾. ياخشى ئىش قىلغانلار قىلغان ياخشىلىقىدىن ئوبدانراق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، ئۇلار بۇ كۈندە قورقۇنچىدىن ئەمىن بولىدۇ﴿89﴾. يامان ئىش قىلغانلار دوزاخقا يۈزى بىلەن تاشلىنىدۇ، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالىنىسىلەر﴿90﴾.

## قىيامەت كۈنىدىكى قورقۇنچلار ۋە ئۇ كۈندە ياخشى ئەمەلگە مۇكاپات، يامان ئەمەلگە جازا بېرىلىدىغانلىقى

اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە سۇر چېلىنىدىغان كۈندىكى قورقۇنچتىن خەۋەر بېرىدۇ. ھەدىستە: «سۇر مۈڭگۈزدە چېلىنىدۇ» دەپ بايان قىلىنغان. سۇر ھەققىدە كەلگەن ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىسرافىل اللە نىڭ ئەمرى بىلەن سۇر چالىدۇ. تۇنجى قېتىملىق قورقۇنچلۇق سۇرنى ئۇزۇپ چالىدۇ. ئەنە شۇ تۇنجى سۇر دۇنيا ئاخىرلىشىپ، تىرىك قىلغان يامان ئىنسانلارغا قىيامەت قائىم بولغان چېغىدا چېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى كىشىلەرنى قورقۇنچ باسىدۇ. **﴿اللە خالىغانلاردىن (يەنى پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلاردىن) باشقا﴾** يەنى ئۇلار شېھىتلەردۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا تىرىك بولۇپ رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرىدۇ».

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: سەن سۆزلىگىن، قىيامەت مۇنداق ـ مۇنداق ئىش بولغاندا قايىم بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى نېمە؟ ـ دېدى. ئابدۇللاھ: (اللە پاكتۇر! ياكى اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر! دېگەن سۆزنى ياكى ئۇ ئىككى سۆزگە ئوخشايدىغان سۆزنى قىلىپ) ھەقىقەتەن ھېچبىر ئادەمگە بىر نەرسە سۆزلەپ بەرمەسلىكنى نىيەت قىلدى. مەن پەقەت، سىلەر ئازغىنا مۇددەتتىن كېيىن چوڭ بىر ئىشنى كۆرۈسىلەر ئۇ بولسىمۇ كەبە خاراب قىلىنىدۇ ۋە مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ دېدىم، ـ دېدى. ئۇ سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «ئۈممىتىم ئىچىدە دەججال چىقىپ 40 ۋاقىت تۇرىدۇ. 40 كۈنمۇ، 40 ئايمۇ ياكى 40 يىلمۇ بۇنى بىلمەيمەن. ئاندىن اللە تائالا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ گويا ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇدقىلا ئوخشايدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى ھالاك قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىنسانلار ئۆز ئارا ھېچقانداق ئاداۋەتى بولمىغان ھالدا يەتتە يىل ياشايدۇ. ئاندىن اللە تائالا شام تەرەپتىن سالقىن بىر شامالنى ئەۋەتىدۇ. بۇ شامال يەر يۈزىدىكى دىلىدا زەررىچىلىك ياخشىلىق ياكى ئىمانى بار كىشىنىڭ ھەممىسىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىۋالغان تەقدىردىمۇ، بۇ شامال ئۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، يەر يۈزىدە يامان ئىشلارنى قىلىشتا قۇشلارنىڭ ئۇچىشىدەك تېز بولغان، بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشتا يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك بولغان، ياخشى ئىشنى بىلمەيدىغان، يامان ئىشنى ئەيىبلىمەيدىغان ئەڭ ئەسكى ئادەملەرلا قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، شەيتان ئۇلارنىڭ قېشىغا ئىنسان سۈرىتىدە كېلىپ: دەۋىتىمنى قوبۇل قىلمامسىلەر؟ ـ دەيدۇ. كىشىلەر: سەن بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ ـ دەيدۇ. شەيتان ئۇلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ رىزقى، تۇرمۇشى ياخشى بولىدۇ. ئاندىن كېيىن سۇر چېلىنىدۇ.

سۇر ئاۋازى يەتكەن ھەر بىر ئادەم ئۇنى ياخشى ئاڭلاش ئۈچۈن بويىنىنى سوزۇپ ئۇياق ـ بۇياققا قارايدۇ. تۆگىسىنىڭ ئوقۇرىنى ياساۋاتقان بىر ئادەم بۇ ئاۋازنى تۇنجى بولۇپ ئاڭلايدۇ، ئۇ ئۆلىدۇ. ئاندىن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. ئاندىن **الله** تائالا خۇددى شەبنەمدەك يامغۇر ياغدۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ جەسەتلىرى شۇ يامغۇردىن ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئاندىن يەنە بىر قېتىم سۇر چېلىنىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقىغا قاراپ تۇرىدۇ. ئاندىن: ئى ئىنسانلار! سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قېشىغا كېلىڭلار، ـ دېيىلىدۇ. ﴿ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار (جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴾[1] ئاندىن: دوزاخ ئەھلىنى تارتىپ چىقىرىڭلار، ـ دېيىلىدۇ. قانچىدىن قانچىلىك تارتىپ چىقىرىلىدۇ، ـ دەپ سورىلىدۇ. ھەر 1000 دىن 999 نى، ـ دېيىلىدۇ. ئەنە شۇ كۈن ﴿(دەھشىتىدىن) بالىلارنىڭ بېشىنى ئاقارتىۋېتىدىغان كۈندىن قانداق ساقلىنىسىلەر﴾[2] دېگەن كۈندۇر. ئەنە شۇ كۈن ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئىش قىيىنلىشىدۇ﴾[3] دېگەن كۈندۇر. ئاندىن كېيىن سۇر چېلىنىدۇ. سۇر ئاۋازى يەتكەن ئادەم ئۇنى ياخشى ئاڭلاش ئۈچۈن، بويىنىنى سوزۇپ ئۇياق ـ بۇياققا قارايدۇ» . قورقۇنچ سۇردىن كېيىن ئۆلۈم سۇرى چېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى قەبرىلىرىدىن تۇرۇپ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىغا يىغىلىشى ئۈچۈن سۇر چېلىنىدۇ.

﴿**ھەممە الله غا بويسۇنغان ھالدا كېلىدۇ**﴾ يەنى ھېچبىر ئادەم **الله** نىڭ ئەمرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇ كۈندە **الله** سىلەرنى چاقىرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ھەمدى ئېيتىپ ئىجابەت قىلىسىلەر﴾[4]، ﴿**الله** نىڭ ئاسمان ـ زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن (مۇئەللەق) تۇرغۇزۇشى **الله** نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، ئاندىن **الله** (قەبرىلەردە كۆمۈلۈپ ياتقان) سىلەرنى يەر ئاستىدىن چاقىرسا، دەرھال چىقىسىلەر﴾[5].

سۇر ھەققىدە كەلگەن ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ئۈچىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغان چاغدا، **الله** تائالا روھلارنى سۇرنىڭ ئاغزىغا قويۇشقا بۇيرۇيدۇ. جەسەتلەر قەبرىلىرىدە ۋە ئورۇنلىرىدا ئۈنگەندىن كېيىن، ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۇرنى چالىدۇ. سۇر چېلىنغان ۋاقىتتا روھلار تارقىلىدۇ. مۆمىنلەرنىڭ روھلىرى نۇر بولۇپ يورۇيدۇ. كاپىرلارنىڭ روھلىرى قاراڭغۇ بولىدۇ. ئاندىن ئۇلۇغ ۋە كاتتا **الله** : مېنىڭ ئىززىتىم ۋە ئۇلۇغلۇقىم بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە، روھنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ جەسىتىگە قايتۇرۇلىدۇ، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، روھلار ئۆز جەسەتلىرىگە كېلىپ، زەھەر بەدەنگە تاراپ ماڭغاندەك جەسەتلەرگە تارايدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۈستى ـ بېشىدىكى توپا ـ چاڭلارنى قاققان ھالەتتە قەبرىلەردىن تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە **الله** تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك (مەھشەرگاھقا) يۈگۈرىدۇ﴾[6].

﴿**تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك چۆگىلەپ تۇرىدۇ، (بۇ) ھەممە نەرسىنى پۇختا ياراتقان الله نىڭ ھۈنىرىدۇر، الله ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر**﴾ يەنى تاغلارنى ئۆز ئورنىدا چىڭ تۇرغان، مۇستەھكەم ھالەتتە كۆرىسەن. ھالبۇكى،

---

(1) ساففات سۈرىسى 24 ـ ئايەت.
(2) مۇزەممىل سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) قەلەم سۈرىسى 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئىسرا سۈرىسى 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) رۇم سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(6) مەئارىج سۈرىسى 43 ـ ئايەت.

تاغلار بۇلۇت ماڭغاندەك مېڭىپ تۇرىدۇ. يەنى ئۆز ئورۇنلىرىدىن يوق بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە ئاسمان قاتتىق تەۋرەيدۇ. تاغلار قاتتىق سەير قىلىدۇ (يەنى زېمىننىڭ ئۈستىدىن تۈزۈپ يوقىلىپ كېتىدۇ)﴾[1]، ﴿ئۇلار سەندىن تاغلار توغرۇلۇق (يەنى تاغنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق) سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئۇلارنى كۇكۇم تالقان قىلىپ (ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇنى سورۇيدۇ). ئۇلارنى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ يەرلەردە نە چوڭقۇرلۇقنى، نە ئېگىزلىكنى كۆرمەيسەن»﴾[2]، ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) بىز تاغلارنى يوق قىلىمىز، زېمىننى ئوچۇق، تۈپتۈز كۆرىسەن (يەنى ئۇنى توسۇپ تۇرىدىغان تاغ، دەرەخ، بىنالار بولمايدۇ)، ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (مەھشەرگاھقا) يىغىمىز، ئۇلاردىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز﴾[3]

﴿(بۇ) ھەممە نەرسىنى پۇختا ياراتقان الله نىڭ ھۈنىرىدۇر﴾ يەنى ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ كاتتا قۇدرىتى بىلەن قىلىدۇ. الله ھەممە نەرسىنى پۇختا ياراتتى ۋە ئۇنىڭدا ھېكمەتنى ئورۇنلاشتۇردى.

﴿الله ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾ يەنى بەندىلەرنىڭ قىلغان ياخشى ۋە يامان ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى ياخشى بولسا، تولۇق مۇكاپاتلايدۇ. يامان بولسا، تولۇق جازالايدۇ.

الله تائالا شۇ كۈندىكى بەختلىكلەر ۋە بەدبەختلەرنىڭ ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ياخشى ئىش قىلغانلار قىلغان ياخشىلىقىدىن ئوبدانراق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ**﴾ قەتادە بۇ ھەقتە: ئىخلاس بىلەن قىلغانلار دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. الله تائالا يەنە بىر يەردە: بىر ياخشىلىققا 10 ھەسسە ئەجىر بار، ـ دەپ بايان قىلدى.

﴿**ئۇلار بۇ كۈندە قورقۇنچىدىن ئەمىن بولىدۇ**﴾ الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿چوڭ قورقۇنچ (يەنى قىيامەتنىڭ دەھشىتى) ئۇلارنى قايغۇغا سالمايدۇ﴾[4]، ﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغانلار بىزگە مەخپىي قالمايدۇ، قىيامەت كۈنى دوزاخقا تاشلىنىدىغان ئادەم ياخشىمۇ؟ ياكى قىيامەت كۈنى (الله نىڭ ئازابىدىن) ئەمىن بولغان ھالدا كېلىدىغان ئادەم ياخشىمۇ؟ خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[5]، ﴿ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار (جەننەتنىڭ) ئېسىل ئۆيلىرىدە (ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تۇرىدۇ﴾[6]

﴿**يامان ئىش قىلغانلار دوزاخقا يۈزى بىلەن تاشلىنىدۇ، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالىنىسىلەر**﴾ يەنى الله تائالاغا ھېچقانداق ياخشى ئەمەلى يوق ھالەتتە، يامان ئەمەللىرى بىلەن ئۇچراشقان كىشى ياكى يامان ئەمەللىرى ياخشى ئەمەللىرىنى بېسىپ كەتكەن كىشى پەقەت ئۆز

(1) تۇر سۈرىسى 9 ــ 10 ـ ئايەتلەر.
(2) تاھا سۈرىسى 105 ـ 107 ـ ئايەتكىچە.
(3) كەھف سۈرىسى 47 ـ ئايەت.
(4) ئەنبىيا سۈرىسى 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) فۇسسىلەت سۈرىسى 40 ـ ئايەت.
(6) سەبەئ سۈرىسى 37 ـ ئايەت.

ئەمەللىرىگە چۇشلۇق جازاغا تارتىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالىنىسىلەر**﴾.

*******

إِنَّمَآ أُمِرۡتُ أَنۡ أَعۡبُدَ رَبَّ هَٰذِهِ ٱلۡبَلۡدَةِ ٱلَّذِي حَرَّمَهَا وَلَهُۥ كُلُّ شَيۡءٖۖ وَأُمِرۡتُ أَنۡ أَكُونَ مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ
﴿٩١﴾ وَأَنۡ أَتۡلُوَاْ ٱلۡقُرۡءَانَۖ فَمَنِ ٱهۡتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهۡتَدِي لِنَفۡسِهِۦۖ وَمَن ضَلَّ فَقُلۡ إِنَّمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُنذِرِينَ ﴿٩٢﴾ وَقُلِ
ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ سَيُرِيكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ فَتَعۡرِفُونَهَاۚ وَمَا رَبُّكَ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿٩٣﴾

(ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى) «مەن پەقەت الله ھۆرمەتلىك قىلغان بۇ شەھەر (يەنى مەككە مۇكەررەمە) نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ھەممە نەرسە الله نىڭ مۈلكىدۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا بۇيرۇلدۇم». كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، كىمكى ئازىدىكەن (ئۇنىڭ ۋابالى ئۆزىگە بولىدۇ). سەن (ئۇنىڭغا) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىنمەن»﴿91 ـ 92﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇسانا الله غا خاستۇر، الله سىلەرگە (قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ، سىلەر ئۇلارنى (تونۇش پايدا بەرمەيدىغان چاغدا) تونۇيسىلەر، پەرۋەردىگارىڭ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر﴿93﴾.

## الله غا ئىبادەت قىلىشقا ۋە قۇرئان بىلەن دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇش

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرىگە خەۋەر بېرىپ، ئۇنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى) مەن پەقەت الله ھۆرمەتلىك قىلغان بۇ شەھەر (يەنى مەككە مۇكەررەمە) نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىغا) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر مېنىڭ دىنىمدىن گۇمانلىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرنىڭ الله نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلارغا مەن چوقۇنمايمەن، لېكىن مەن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدىغان الله غا ئىبادەت قىلىمەن، مەن مۆمىنلەردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم»﴾[1].

﴿**الله ھۆرمەتلىك قىلغان بۇ شەھەر (يەنى مەككە مۇكەررەمە)**﴾ يەنى ئۇ شەھەر الله تائالانىڭ ھۆرمەتلىك قىلىشى بىلەن شەرىئەت جەھەتتىنمۇ ۋە قەدىر ـ قىممەت جەھەتتىنمۇ ھۆرمەتلىك قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە پەتھى بولغان كۈندە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: «الله بۇ شەھەر (مەككە) نى ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقان كۈندە ھۆرمەتلىك قىلدى. ئۇ شەھەر (الله نىڭ ھۆرمەتلىك قىلىشى بىلەن) تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ھۆرمەتلىكتۇر. ئۇ شەھەرنىڭ تىكىنى چېپىلمايدۇ، ھايۋانلىرى ئوۋلانمايدۇ، چۈشۈپ قالغان نەرسىنى مەخسۇس تەپىنلەپ قويغان كىشىدىن باشقىسى ئالمايدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئوت ـ چۆپلىرى يۇلۇنمايدۇ.»

(1) يۇنۇس سۈرىسى 104 ـ ئايەت.

﴿**ھەممە نەرسە الله نىڭ مۈلكىدۇر**﴾ يەنى ئۇ، بۇ شەھەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پادىشاھىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.

﴿**مەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا**﴾ يەنى الله نى بار ۋە بىر دېگۈچىلەردىن، ئىخلاسمەنلەردىن، الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇنغۇچىلاردىن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم.

﴿**قۇرئان ئوقۇشقا بۇيرۇلدۇم**﴾ يەنى كىشىلەرگە قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىشكە ۋە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلدۇم. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بۇ بولسا ساڭا بىز ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەردۇر ۋە ھېكمەتلىك قۇرئاندۇر﴾[1]، ﴿ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ساڭا مۇسا ۋە پىرئەۋن قىسسىسىنى ھەقلىق ئاساستا ئوقۇپ بېرىمىز﴾[2] يەنى مەن يەتكۈزگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن.

﴿**كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، كىمكى ئازىدىكەن (ئۇنىڭ ۋابالى ئۆزىگە بولىدۇ) سەن (ئۇنىڭغا) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىنمەن»**﴾ يەنى ئۆزىنىڭ قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرغان، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان ۋە ئەھدىلىرىگە ئىخلاس قىلغان پەيغەمبەرلەر مەن ئۈچۈن ئۈلگىدۇر. ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىدىن ھېساب ئېلىشقا الله كېپىلدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېساب ئېلىشتۇر﴾[3]، ﴿سەن پەقەت (ئۇلارنى الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، الله ھەممە نەرسىنى تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر﴾[4].

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇسانا الله غا خاستۇر**﴾ يەنى بىرەرىنى ئازابلىماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئۇنىڭ زىيىنىغا پاكىت تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئازابلايدىغان الله غا بارلىق ھەمدۇسانالار بولسۇن!

الله تائالاغا مىڭلارچە شۈكۈرلەر بولسۇن! شۇنىڭ بىلەن، نەمل سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.



(1) ئال ئىمران سۈرىسى 58 ـ ئايەت.
(2) قەسەس سۈرىسى 3 ـ ئايەت.
(3) رەئد سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ھۇد سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# قەسەس سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 88 ئايەت

ئىمام ئەھمەد مەئدى يەكرەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئابدۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن بىزگە: ﴿طسٓمٓ﴾ نى 200 قېتىم ئوقۇپ بېرىشىنى سورىدۇق. ئۇ: ئۇنى مەندىن ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگەنگەن كىشى يەنى خەبباب ئىبنى ئەرەتتىن سوراڭلار! ـ دېدى. ئاندىن بىز خەبباب ئىبنى ئەرەتنىڭ يېنىغا كەلدۇق، خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ سۈرىنى بىزگە ئوقۇپ بەردى.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

طسٓمٓ ﴿١﴾ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ﴿٢﴾ نَتۡلُواْ عَلَيۡكَ مِن نَّبَإِ مُوسَىٰ وَفِرۡعَوۡنَ بِٱلۡحَقِّ
لِقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٣﴾ إِنَّ فِرۡعَوۡنَ عَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَجَعَلَ أَهۡلَهَا شِيَعٗا يَسۡتَضۡعِفُ طَآئِفَةٗ
مِّنۡهُمۡ يُذَبِّحُ أَبۡنَآءَهُمۡ وَيَسۡتَحۡيِۦ نِسَآءَهُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٤﴾ وَنُرِيدُ أَن نَّمُنَّ عَلَى
ٱلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَنَجۡعَلَهُمۡ أَئِمَّةٗ وَنَجۡعَلَهُمُ ٱلۡوَٰرِثِينَ ﴿٥﴾ وَنُمَكِّنَ لَهُمۡ فِي
ٱلۡأَرۡضِ وَنُرِيَ فِرۡعَوۡنَ وَهَٰمَٰنَ وَجُنُودَهُمَا مِنۡهُم مَّا كَانُواْ يَحۡذَرُونَ ﴿٦﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

طا، سىن، مىم﴿1﴾. بۇ، روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) ئايەتلىرىدۇر﴿2﴾. ئىمان ئېيتقان قەۋم
ئۈچۈن ساڭا مۇسا ۋە پىرئەۋن قىسسىسىنى ھەقلىق ئاساستا ئوقۇپ بېرىمىز﴿3﴾. شۈبھىسىزكى،
پىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا (زومىگەرلىكتە) ھەددىدىن ئاشتى، ئاھالىسىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ،
ئۇلاردىن بىر تائىپە (يەنى بەنى ئىسرائىل) نى بوزەك قىلدى. ئۇلاردىن ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ،
قىزلىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇردى، پىرئەۋن ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردىن
ئىدى﴿4﴾. بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز،
ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس
قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز﴿5﴾. ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە

قىلماقچىمىز، بىز پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) هامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلار (يەنى بوزەك قىلىنغانلار) دىن قورقىدىغان نەرسىنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى مىسىرغا هۆكۈمران قىلىشنى) كۆرسىتىمىز﴿6﴾.

## مۇسا ئەلەيهىسسالام بىلەن پىرئەۋن ھەققىدىكى خەۋەر ۋە اللّٰه تائالانىڭ ئۇ ئىككىسى ھەققىدە نېمىنى ئىرادە قىلغانلىقى

ئۇزۇپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدە يۇقىرىدا سۆزلىنىپ ئۆتۈلدى. **﴿بۇ، روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) ئايەتلىرىدۇر﴾** يەنى بۇ سۆزلىرى ئوچۇق، مەنىلىرى روشەن بولغان، ھەقىقىي ئىشلارنى ئاشكارا بايان قىلىدىغان، بۇنىڭدىن بۇرۇن بولغان ۋە كەلگۈسىدە بولماقچى بولغان نەرسىلەرنىڭ ئىلمىنى ئېچىپ بېرىدىغان كىتاب ـ قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر.

**﴿ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ساڭا مۇسا ۋە پىرئەۋن قىسسىسىنى ھەقىقىي ئاساستا ئوقۇپ بېرىمىز﴾** اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ساڭا ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى بايان قىلىپ بېرىمىز﴾[1] يەنى بىز قىسسىنى ئۆز پېتى، خۇددى سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ۋە (زامانگەرلىكتە) ئۇنىڭ ئۈستىدە ھازىر بولغاندەك ساڭا سۆزلەپ بېرىمىز.

**﴿شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا ھەددىدىن ئاشتى﴾** يەنى ئۇ يوغانچىلىق قىلدى. تەكەببۇرلۇق قىلدى ۋە چېكىدىن ئاشتى. **﴿ئۇ زېمىن ئاھالىسىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ﴾** يەنى ئۇلارنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، ھەر گۇرۇپپا ئادەملەرنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىشلىرىدىن خالىغان ئىشقا سالدى.

**﴿ئۇلاردىن بىر تائىپە (ئىسرائىل ئەۋلادىنى) نى بوزەك قىلدى﴾** يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى بوزەك قىلدى. ئۇلار شۇ ۋاقىتتا زامانداشلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى كىشىلىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز بۇ پادىشاھنى ھۆكۈمران قىلدى. ئۇ ئۇلارنى ئەڭ ناچار ئىشلارغا سالاتتى. ئۇلارنى كېچە ـ كۈندۈز ئۆز ئىشلىرىغا ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىغا سېلىپ، ئۇلارغا ئارام بەرمەيتتى. يەنە كېلىپ ئۇلارغا ئاھانەت قىلىش ۋە كەمسىتىش ئۈچۈن، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ ئۆز قولى بىلەن ھالاك بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدىغان بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئۇلاردىن تۇغۇلۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ مەملىكىتىنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرەتتى، قىزلىرىنى خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن تىرىك قالدۇراتتى. پىرئەۋن بۇ بالىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئەركەكلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى.

پۈتۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىن ھەزەر ئەيلەش ھەرگىز مەنپەئەت قىلمايدۇ. چۈنكى، اللّٰه تائالانىڭ بەلگىلىگەن ۋاقتى كەلسە، ئۇ ھەرگىز كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. ھەر بىر ۋاقىتنىڭ ھۆكمى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز. ئۇلارنى (مىسىر) زېمىنىدا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە قىلماقچىمىز، پىرئەۋنگە؛ (ۋەزىرى) ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلار (يەنى بوزەك قىلىنغانلار) دىن قورقىدىغان نەرسىنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى**

(1) يۇسۇف سۈرىسى 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**مىسىرغا ھۆكۈمران قىلىشنى) كۆرسىتىمىز﴾**. ﷲ تائالا ھەقىقەتەن ئۇنى ئۇلارغا كۆرسەتتى.

ﷲ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بوزەك قىلىنغان قەۋمنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) بىز بەرىكەتلىك قىلغان (شام) زېمىنىنىڭ شەرق تەرەپلىرىگە ۋە غەرب تەرەپلىرىگە (يەنى ھەممە تەرەپكە) ۋارىس قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋرى قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغانلىرى (يەنى ئىمارەتلىرى) نى ۋە ياسىغان (يەنى باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى) نى ۋەيران قىلدۇق﴾[1]، ﴿شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى بەنى ئىسرائىلغا مىراس قىلىپ بەردۇق﴾[2] پىرئەۋن ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن قۇتۇلۇشنى ئىرادە قىلدى. لېكىن ئۆزى بەلگىلىگەن ئىشقا خىلاپلىق قىلمايدىغان، ئۇنى ئىجرا قىلىشتا يېڭىلىپ قالمايدىغان بۈيۈك پادىشاھ ﷲ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن پىرئەۋنىنىڭ ئۇ قىلمىشى ئۇنىڭغا پايدا بەرمىدى. بەلكى، ﷲ تائالانىڭ ئۇ ھۆكمى ئىجرا قىلىندى. پىرئەۋنىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا ھالاك بولۇشى ئەزەلدىن پۈتۈلگىنى بويىچە ئەمەلگە ئاشتى.

*******

وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰٓ أُمِّ مُوسَىٰٓ أَنۡ أَرۡضِعِيهِۖ فَإِذَا خِفۡتِ عَلَيۡهِ فَأَلۡقِيهِ فِي ٱلۡيَمِّ وَلَا تَخَافِي وَلَا تَحۡزَنِيٓۖ إِنَّا رَآدُّوهُ إِلَيۡكِ وَجَاعِلُوهُ مِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٧﴾ فَٱلۡتَقَطَهُۥٓ ءَالُ فِرۡعَوۡنَ لِيَكُونَ لَهُمۡ عَدُوّٗا وَحَزَنًاۗ إِنَّ فِرۡعَوۡنَ وَهَٰمَٰنَ وَجُنُودَهُمَا كَانُواْ خَٰطِـِٔينَ ﴿٨﴾ وَقَالَتِ ٱمۡرَأَتُ فِرۡعَوۡنَ قُرَّتُ عَيۡنٖ لِّي وَلَكَۖ لَا تَقۡتُلُوهُ عَسَىٰٓ أَن يَنفَعَنَآ أَوۡ نَتَّخِذَهُۥ وَلَدٗا وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٩﴾

مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى؛ «مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن، ئۇنى (ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن، (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز»﴿7﴾. پىرئەۋنىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسانى ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە دۈشمەن ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) قىلىش ئۈچۈن (نىل دەرياسىدىن) سۈزۈۋالدى. شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى خاتالاشقان ئىدى﴿8﴾. پىرئەۋنىنىڭ ئايالى: «(بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا كۆز نۇرى، (يەنى خۇشاللىق) بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، بەلكى ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزەر ياكى ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالارمىز» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار (پىرئەۋنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ ھالاكىتىنىڭ مۇسانىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنى) ئۇقمايتتى﴿9﴾.



## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا تەدبىر قوللىنىشنىڭ ئىلھام قىلىنغانلىقى

تارىخچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئوغۇللىرىنى كۆپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، بۇنىڭ بىلەن قىبتىلار (ئىسرائىل ئەۋلادىنى زور تۈركۈمدە ئۆلتۈرۈشتىن ئۇلارنىڭ ئەرلىرى قالماي) ئۇلار

(1) ئەئراف سۈرىسى 137 ـ ئايەت.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 59 ـ ئايەت.

قىلىدىغان جاپالىق ئىشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىلىرىگە يۈكلىنىشتىن قورققان. ئۇلار پىرئەۋنگە: ئەگەر بۇ ئەھۋال داۋام قىلىۋەرسە، ئۇلارنىڭ چوڭلىرى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئوغۇللىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئەرلىرى قىلىدىغان ئىشلارنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن ئىشلار بىزگە قالىدۇ، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، پىرئەۋن ئوغۇللارنى بىر يىل ئۆلتۈرۈپ، بىر يىل ئۆلتۈرمەسلىككە بۇيرۇق چىقاردى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئوغۇللار ئۆلتۈرۈلمەيدىغان يىلى تۇغۇلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بولسا، ئۆلتۈرۈلىدىغان يىلى تۇغۇلدى. پىرئەۋننىڭ بۇنىڭغا مەسئۇل قىلىنغان ئادەملىرى بار ئىدى. تۇغۇت ئانىلىرى ئاياللارنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ئۇلار كىمنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى كۆرسە، ئۇنى تىزىمغا ئالاتتى. ئۇنىڭ تۇغۇت ۋاقتى بولغاندا، ئۇنىڭغا پەقەت قىبتى ئاياللارلا تۇغۇت ئانىسى بولاتتى.

ئەگەر ئۇ ئايال قىز تۇغسا، ئۇلار ئۇنىڭغا چېقىلماي كېتەتتى. ئەگەر ئوغۇل تۇغسا، ئەنە شۇ قاسساپلار قوللىرىغا بىلەنگەن پىچاقلارنى ئېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. الله ئۇلارنى رەسۋا قىلىۋەتسۇن!

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى مۇساغا ھامىلدار بولغاندا، ئۇنىڭدا ھامىلدارلىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى. تۇغۇت ئانىلىرى ئۇنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. لېكىن، ئۇ مۇسانى تۇغقاندا، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىن قاتتىق قورقۇپ، ناھايىتى تىت ـ تىت بولدى ۋە بالىسىغا ئىچى بەك ئاغرىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مېھرى چۈشۈپ قالاتتى. تەبىئىي ۋە دىنىي جەھەتتە ئۇنى ياخشى كۆرگەن ئادەم بەختلىكتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم﴾[1].

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋننىڭ ئۆيىدە تەربىيىلىنىشى

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقۇپ، قاتتىق تەشۋىش قىلىپ تۇرغان چاغدا، خۇددى الله تائالا ئېيتقاندەك، نېمە قىلىشى توغرىسىدا كۆڭلىگە ئىلھام بولدى، دىلىغا كەچتى، قەلبىگە مەلۇم بولدى. **﴿مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۇردۇقكى، «مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن، ئۇنى (ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن، (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز»﴾**.

بۇ ئىش مۇنداق يۈز بەردى: مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيى نىل دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا ئىدى. ئۇ بىر ساندۇقنى ياسىتىپ، ئۇنى دەريانىڭ بويىغا قويۇپ قويدى. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئېمىتەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ يېنىغا بىرەر گۇمانلىق ئادەم كىرىپ قالسا، ئۇ مۇسانى دەريانىڭ قىرغىقىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ھېلىقى ساندۇققا سېلىپ، ساندۇقنى بىر ئارغامچىغا بىلەن باغلاپ دەرياغا قويۇپ بېرەتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر ئادەم كىردى. ئۇنىڭ مۇسانى ئۇقۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئانىسى مۇسانى ئېلىپ بېرىپ، يەنە شۇ ساندۇققا سېلىپ، دەرياغا قويۇپ بېرىپ، ساندۇقنى باغلاپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. سۇ ساندۇقنى ئېقىتىپ ئاپىرىپ پىرئەۋننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى، كېنىزەكلەر ئۇنى دەريادىن سۈزۈۋېلىپ، پىرئەۋننىڭ ئايالىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. كېنىزەكلەر ساندۇقنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى

538

(1) تاھا سۈرىسى 39 ـ ئايەت.

بىلەلمىگەن هالدا ئېلىپ كېلىشتى. ئۇلار پىرئەۋننىڭ ئايالىدىن بۇرۇن ئېچىپ قويۇپ، گەپكە قېلىشتىن قورقۇپ ئاچمىغان ئىدى. ساندۇق ئېچىلغاندا بەك چىرايلىق، بەك ئوماق، ئەڭ كېلىشكەن بىر ئوغۇل بالا تۇراتتى. ئۇ ئايال بۇ بالىغا قارىغان ۋاقتتا، **الله** ئۇنىڭ قەلبىگە بۇ بالىنىڭ مۇھەببىتىنى سالدى. مانا بۇ، ئۇ ئايالنىڭ بەختلىك بولغانلىقىدىندۇر. **الله** بۇ ئايالنىڭ ئىززەتلىك بولۇشىنى، ئېرىنىڭ بەتبەخت بولۇشىنى ئىرادە قىلغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن، **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسانى ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە دۈشمەن ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) قىلىش ئۈچۈن (نىل دەرياسىدىن) سۈزۈۋالدى**﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئىسهاق ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتتىكى "لام" ئاقىۋەتنى بىلدۈرىدىغان "لام" بولۇپ، ئىللەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار شۇ ساندۇقنى سۈزۈۋېلىشنى ئىرادە قىلمىغان ئىدى، ـ دېدى. ئايەتنىڭ تاشقى مەنىسىگە قارىساق، ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىدە شەك يوق. لېكىن، ئايەتنىڭ مەنىسىگە قارايدىغان بولساق، "لام" ئىللەت ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

چۈنكى ئۇنىڭ مەنىسى: **الله** تائالا مۇسا ئەلەيهىسسالامنى ئۇلارغا دۈشمەن ۋە خاپىلىقنىڭ مەنبەسى قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ساندۇقنى سۈزۈۋېلىشنى تەقدىر قىلدى، بۇ ئۇلارنىڭ مۇسا ئەلەيهىسسالامدىن قورققانلىقىنىڭ بىمەنە، پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتە كۈچلۈك دەلىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبهىسىزكى، پىرئەۋن، هامان ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى خاتالاشقان ئىدى**﴾.

﴿**پىرئەۋننىڭ ئايالى ئېيتتىكى: «(بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا كۆز نۇرى (يەنى خۇشاللىق) بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار**﴾ يەنى پىرئەۋن مۇسانى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتمەكچى بولىدۇ. پىرئەۋننىڭ ئايالى يەنى مۇزاهىمنىڭ قىزى ئاسىيە مۇسا توغرىسىدا پىرئەۋن بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىشقا باشلايدۇ، مۇسانى هىمايە قىلىدۇ، ئۇنى پىرئەۋنگە ياخشى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئاسىيە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا كۆز نۇرى (يەنى خۇشاللىق) بولسۇن**﴾ پىرئەۋن مۇنداق دەيدۇ: سېنىڭ خالىغىنىڭنى دېمىسەم، مېنىڭ ئۇنى قالدۇرغۇم يوق. ئىش ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى.

**الله** تائالا مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاسىيەنى هىدايەت قىلدى. پىرئەۋننى مۇسانىڭ قولى بىلەن هالاك قىلدى. **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بەلكى ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزەر**﴾ هەقىقەتەن ئاسىيەگە ئۇنىڭ پايدىسى تەگدى. **الله** ئۇنى ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن هىدايەت قىلدى. ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇنى جەننەتكە ئورۇنلاشتۇردى.

﴿**ياكى ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالارمىز**﴾ يەنى ئاسىيە مۇسانى بالا قىلىپ بېقىۋېلىشنى نىيەت قىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ پىرئەۋندىن ئوغۇل بالىسى يوق ئىدى. **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**هالبۇكى ئۇلار ئۇقمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسانى سۈزۈۋېلىشى بىلەن **الله** تائالانىڭ بۈيۈك ۋە نىهايەت هېكمەتلىرىدىن، كەسكىن دەلىللەردىن نېمىلەرنى ئىرادە قىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

* * * * * * *

وَأَصۡبَحَ فُؤَادُ أُمِّ مُوسَىٰ فَٰرِغًاۖ إِن كَادَتۡ لَتُبۡدِي بِهِۦ لَوۡلَآ أَن رَّبَطۡنَا عَلَىٰ قَلۡبِهَا لِتَكُونَ مِنَ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٠﴾ وَقَالَتۡ لِأُخۡتِهِۦ قُصِّيهِۖ فَبَصُرَتۡ بِهِۦ عَن جُنُبٖ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿١١﴾ ۞ وَحَرَّمۡنَا

عَلَيۡهِ ٱلۡمَرَاضِعَ مِن قَبۡلُ فَقَالَتۡ هَلۡ أَدُلُّكُمۡ عَلَىٰٓ أَهۡلِ بَيۡتٖ يَكۡفُلُونَهُۥ لَكُمۡ وَهُمۡ لَهُۥ نَٰصِحُونَ ﴿١٢﴾
فَرَدَدۡنَٰهُ إِلَىٰٓ أُمِّهِۦ كَيۡ تَقَرَّ عَيۡنُهَا وَلَا تَحۡزَنَ وَلِتَعۡلَمَ أَنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا
يَعۡلَمُونَ ﴿١٣﴾

مۇسانىڭ ئانىسى (مۇسانىڭ پىرئەۋننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ) ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى، (ئۇنىڭ الله نىڭ بالىنى قايتۇرۇش ۋەدىسىگە) ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىغان بولساق، ئۇ بالىنى ئاشكارىلاپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى﴿10﴾. ئانىسى مۇسانىڭ ھەمشىرىسىگە: «(خەۋەرنى ئۇقۇش ئۈچۈن) مۇساغا ئەگەشكىن» دېدى. ھەمشىرىسى مۇسانى يىراقتىن كۆرۈپ تۇردى. ھالبۇكى، ئۇلار (ئۇنى) تونۇمايتتى﴿11﴾. (ئۆز ئانىسى كېلىشتىن) ئىلگىرى مۇسانى سۈت ئەمگۈزگۈچى ئاياللارنىڭ ئېمىتىشىدىن توستۇق، مۇسانىڭ ھەمشىرىسى: «سىلەرگە مۇسانى باقىدىغان ئۇبدان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ» دېدى﴿12﴾. ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرماسلىقى ۋە الله نىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇردۇق، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (الله نىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ﴿13﴾.

## مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ قاتتىق قايغۇرۇشى ۋە مۇسانىڭ ئۆز ئانىسىغا قايتۇرۇلۇشى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ ئوغلىنىڭ دەريادا ئېقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇئۇبەيدە، زەھھاك، ھەسەنبەسرى، قەتادە ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ كاللىسىغا پەقەت مۇسانى ئويلاشتىن باشقا، دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن ھېچ ئىش كىرمەيتتى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئۇنىڭ الله نىڭ بالىنى قايتۇرۇش ۋەدىسىگە) ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىغان بولساق، ئۇ بالىنى ئاشكارىلاپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى. ئانىسى مۇسانىڭ ھەمشىرىسىگە: «مۇساغا ئەگەشكىن» دېدى**﴾ يەنى الله تائالا ئۇنى چىداملىق قىلىپ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىغان بولسا، قاتتىق غەمگە، قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمگەنلىكتىن، ئوغۇل بالىسى يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغىلى ۋە ئۆز ھالىنى بىلدۈرۈپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى. ئۇ سىر ساقلىيالىغۇدەك چوڭ بولغان قىزىنى بۇيرۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ﴿**«مۇساغا ئەگەشكىن»**﴾ يەنى مۇسانىڭ ئىزىغا چۈشكىن، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالغىن، شەھەر ئەتراپلىرىدىن ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۇققىن. مۇسانىڭ ھەمشىرىسى بۇ ئىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقتى: ﴿**ئۇ مۇسانى يىراقتىن كۆرۈپ تۇردى**﴾.

ئىبنى ئابباس: ئۇنى بىر ياندىن كۆرۈپ تۇردى، ـ دەيدۇ. مۇجاھىد: ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇردى، ـ دەيدۇ. قەتادە: خۇددى ئۇ مۇسا بىلەن كارى يوقتەك سەزدۈرمەي ئۇنىڭغا قاراشقا باشلىدى، ـ دېدى.

بۇ ئىش مۇنداق ئىدى: مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ ئۆيىدىن ئورۇن ئالدى، بۇ پادىشاھنىڭ ئايالى مۇساغا ئامراق بولۇپ قالغان ۋە ئۇنى پىرئەۋننىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان چاغدا، ئۇنى ئېمىتىش ئۈچۈن ئوردىدىكى ئېنىك ئانىلارغا مۇسانى بەردى. مۇسا ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئەمگىلى ئۇنىمىدى. ئاندىن

ئۇلار ئۇنى ئېمىتىشكە مۇناسىپ بىرەر ئايال تېپىلىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۇنى بازارغا ئېلىپ چىقتى. مۇسانىڭ ھەمشىرىسى ئۇنى ئۇلارنىڭ قولىدا كۆرگەن چاغدا، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ قويمىدى. ئۇلارمۇ بۇ قىزنىڭ نېمە ئىش بىلەن يۈرگەنلىكىنى سەزمىدى.

**﴿(ئۆز ئانىسى كېلىشتىن) ئىلگىرى مۇسانى سۈت ئەمگۈزگۈچى ئاياللارنىڭ ئېمىتىشىدىن توستۇق﴾** يەنى ئۇنى ۋاقىتلىق ھارام قىلدۇق. بۇ، مۇسانىڭ **الله** تائالانىڭ دەرگاھىدا ئىززەت - ئىكراملىق بولغانلىقى ۋە **الله** تائالانىڭ ئۇنى ئۆز ئانىسىدىن باشقا بىرىنى ئېمىشتىن ساقلىغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، پاك ۋە يۈكسەك **الله** بۇنى ئۇنىڭ ئېمىتىلىشى ئۈچۈن ئۆز ئانىسىغا قايتۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبى قىلغان ئىدى. شۇنداق بولغاندا، ئانىسى ئىلگىرىكى قورقۇنچتىن خاتىرجەم بولاتتى.

مۇسانىڭ ھەمشىرىسى ئۇلارنى (ئۇنى) ئېمىتىدىغان ئايال ئىزدەپ ھەيرانلىق ئىچىدە يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندە: **﴿«سىلەرگە مۇسانى ئوبدان باقىدىغان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ» دېدى﴾**.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: مۇسانىڭ ھەمشىرىسى بۇ سۆزنى قىلغاندا، ئۇلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ئۇلار ئۇنىڭغا: ئۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغانلىقىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟ - دېدى. ھەمشىرىسى ئۇلارغا: ئۇلارنىڭ ئۇنى ئىخلاس بىلەن بېقىشى، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈشى ئۇلارنىڭ پادىشاھنىڭ خۇشاللىقىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە پادىشاھنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەنلىكىدۇر، - دېدى. ئۇلار مۇسانىڭ ھەمشىرىسىنى قويۇپ بەردى. ئۇ، ئۇلارغا بۇ سۆزنى قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئەزىيەت يەتكۈزىشىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇلار بىلەن مۇسانى ئانىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىردى. ئانىسى مۇسانى ئېمىتتۈېدى، مۇسا ئۇنى ئەمدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن قاتتىق خۇشال بولدى، خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى پادىشاھنىڭ ئايالىنىڭ يېنىغا قاراپ كەتتى.

ئاسىيە مۇسانىڭ ئانىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئاسىيە ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مۇسانىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بىراق مۇسانىڭ ئۇنى ئەمگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا نۇرغۇن ماللارنى بەردى. ئاندىن ئاسىيە ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، مۇسانى ئېمىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئانىسى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىدى. ئۇ: مېنىڭ ئېرىم ۋە باللىرىم بار، ھۇزۇرىڭىزدا تۇرالمايمەن، لېكىن سىز خالىسىڭىز، مەن ئۇنى ئۆز ئۆيۈمدە ئېمىتىپ بېرەي، - دېدى. پىرئەۋننىڭ ئايالى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئاسىيە مۇسانىڭ ئانىسىغا (بالىنى ئېمىتىش ھەققى ئۈچۈن) ھەدىيەلەر، كىيىم - كېچەكلەر ۋە نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەرنى بەردى. مۇسانىڭ ئانىسى ئوغلى بىلەن رازى ۋە مەمنۇن بولغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

**الله** تائالا ھەقىقەتەن ئۇنىڭ قورقۇنچىنى، ئىززەت - ئابروي ۋە دۇنيانىڭ رىزقىغا چۆمۈلگەن، خاتىرجەم ھالەتكە ئۆزگەرتىپ بەردى. پېشكەللىككە يولۇقۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغۇچىلىك بولغان ۋاقىت پەقەت ئازغىنا ۋاقىت، يەنى بىر كېچە - كۈندۈز ياكى شۇنچىلىك بولغان ئىدى (بۇنى **الله** تائالا بىلگۈچىدۇر) ئىشلار قول ئىلكىدە بولغان **الله** پاكتۇر، **الله** نېمىنى خالىسا شۇ بولىدۇ، نېمىنى خالىمىسا شۇ بولمايدۇ. **الله** تائالادىن قورقىدىغان كىشىگە **الله** ھەر قانداق غەم، ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن چىقىش يولى بېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرماسلىقى ۋە**

**الله نىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق﴾**. يەنى مۇسانىڭ ئانىسىغا مۇسانى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى، ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قىلغان ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن، الله تائالا مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئانىسىغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن ۋاقىتتا، ئانىسى ئۇنىڭ الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى ۋە ئۇنى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالدا تەربىيىلەشكە تىرىشتى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (الله نىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ ئىشلىرىنىڭ ھۆكمىنى، ئۇ ئىشلارنىڭ ياخشى ئاقىۋىتىنى، ئۇ ئىشلارغا الله تائالانىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەدھىيىگە لايىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئادەملەر ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قېلىشى ۋە شۇ ئىشتا ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرە نەرسىنى ياقتۇرۇشىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر﴾[1] ۋە مۇنداق دەيدۇ: ﴿چۈنكى، سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىشتا الله كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾[2].

* * * * * * *

وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُۥ وَٱسْتَوَىٰٓ ءَاتَيْنَٰهُ حُكْمًا وَعِلْمًا ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٤﴾ وَدَخَلَ ٱلْمَدِينَةَ عَلَىٰ حِينِ
غَفْلَةٍ مِّنْ أَهْلِهَا فَوَجَدَ فِيهَا رَجُلَيْنِ يَقْتَتِلَانِ هَٰذَا مِن شِيعَتِهِۦ وَهَٰذَا مِنْ عَدُوِّهِۦ ۖ فَٱسْتَغَٰثَهُ ٱلَّذِى مِن شِيعَتِهِۦ
عَلَى ٱلَّذِى مِنْ عَدُوِّهِۦ فَوَكَزَهُۥ مُوسَىٰ فَقَضَىٰ عَلَيْهِ ۖ قَالَ هَٰذَا مِنْ عَمَلِ ٱلشَّيْطَٰنِ ۖ إِنَّهُۥ عَدُوٌّ مُّضِلٌّ مُّبِينٌ ﴿١٥﴾ قَالَ رَبِّ
إِنِّى ظَلَمْتُ نَفْسِى فَٱغْفِرْ لِى فَغَفَرَ لَهُۥٓ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٦﴾ قَالَ رَبِّ بِمَآ أَنْعَمْتَ عَلَىَّ فَلَنْ أَكُونَ
ظَهِيرًا لِّلْمُجْرِمِينَ ﴿١٧﴾

مۇسا ئۆسۈپ يېتىلگەندە، ئەقلى توشقاندا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلدۇق، بىز ياخشىلارغا مۇشۇنداق مۇكاپات بېرىمىز﴿14﴾. مۇسا شەھەر ئاھالىسىدىن ھېچ كىشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا (يەنى چۈشلۈك ئۇيقىدىكى چاغدا) شەھەرگە كىردى، ئۇ شەھەردە ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. (ئۇرۇشۇۋاتقانلاردىن) بىرى ئۆز قەۋمىدىن بولسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم دۈشمىنىگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى. مۇسا ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر»﴿15﴾. مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن». الله ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿16﴾. مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا (مەغپىرەت

(1) بەقەرە سۈرىسى 216 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نىسا سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلغانلىق) نېمىتىڭ سەۋەبى بىلەن مەن ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن»﴿17﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبتىلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى

الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنىڭ باش تەرىپىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئەقلىگە توشقاندا، الله ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. **﴿بىز ياخشىلارغا مۇشۇنداق مۇكاپات بېرىمىز﴾** ئاندىن الله مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قىبتىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىشىنىڭ ئۇنىڭ مىسىر دىيارىدىن چىقىپ، مەديەن شەھىرىگە بېرىشىغا، الله تائالا ئۇنىڭغا بەلگىلىگەن پەيغەمبەرلىككە ۋە الله بىلەن سۆزلىشىش شەرىپىگە يېتىشىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿مۇسا شەھەر ئاھالىسىدىن ھېچ كىشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا (يەنى چۈشلۈك ئۇيقۇدىكى چاغدا) شەھەرگە كىردى﴾** ئىبنى جۇرەيج ئەتا خۇراسانىيدىن ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ۋاقىت شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىت ئىدى.

ئىبنى مۇنكەدىر ئەتا ئىبنى يەساردىن ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ۋاقىت چىڭقى چۈش ۋاقتى ئىدى. سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىكرىمە، سۇددى ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

**﴿ئۇ شەھەردە ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى﴾** يەنى ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن تاكاللىشىپ ئۇرۇشۇۋاتاتتى. **﴿(ئۇرۇشۇۋاتقانلاردىن) بىرى ئۆز قەۋمىدىن بولسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۈشمىنى ئىدى﴾** ئىبنى ئابباس، قەتادە، سۇددى ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق: ئۇلارنىڭ بىرى ئىسرائىل، يەنە بىرى قىبتى ئىدى، ـ دېدى. ئىسرائىلدىن بولغان ئادەم مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن دۈشمىنىگە قارشى ياردەم تەلەپ قىلدى. مۇسا كىشىلەر كۆرمەيدىغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ قىبتىنى ئۇردى.

**﴿مۇسا ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى﴾** يەنى ئۇنىڭ ئەجىلى توشقان بولۇپ، بىر مۇشت بىلەنلا ئۆلدى. **﴿مۇسا ئېيتتى: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر». مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن». الله ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى. الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ناھايىتى مېھرىباندۇر. مۇسا ئېيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا قىلغان نېمىتىڭ سەۋەبى بىلەن﴾** يەنى مېنى ئابرويلۇق، ئەزىز ۋە نېمەتدار قىلغانلىقىڭ سەۋەبى بىلەن **﴿مەن ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن»﴾** يەنى ساڭا كاپىر بولغان ۋە بۇيرۇقىڭغا خىلاپلىق قىلغانلارغا ياردەم قىلمايمەن.

*******

فَأَصۡبَحَ فِي ٱلۡمَدِينَةِ خَآئِفٗا يَتَرَقَّبُ فَإِذَا ٱلَّذِي ٱسۡتَنصَرَهُۥ بِٱلۡأَمۡسِ يَسۡتَصۡرِخُهُۥۚ قَالَ لَهُۥ مُوسَىٰٓ إِنَّكَ لَغَوِيّٞ مُّبِينٞ
١٨ فَلَمَّآ أَنۡ أَرَادَ أَن يَبۡطِشَ بِٱلَّذِي هُوَ عَدُوّٞ لَّهُمَا قَالَ يَٰمُوسَىٰٓ أَتُرِيدُ أَن تَقۡتُلَنِي كَمَا قَتَلۡتَ نَفۡسَۢا بِٱلۡأَمۡسِۖ إِن
تُرِيدُ إِلَّآ أَن تَكُونَ جَبَّارٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا تُرِيدُ أَن تَكُونَ مِنَ ٱلۡمُصۡلِحِينَ ١٩

مۇسا ئەتىسى ئەتىگەندە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا قاراپ شەھەر ئارىلاپ يۈرەتتى، ناگاھان تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن ئادەم (بىر قىبتى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرغان ھالدا) مۇسادىن يەنە ياردەم تىلىدى، مۇسا ئۇنىڭغا: «سەن ھەقىقەتەن ئاشكارا گۇمراھ ئىكەنسەن» دېدى﴿18﴾. مۇسا ئىككىسىنىڭ (ئورتاق) دۈشمىنى بولغان ئادەم (يەنى قىبتى)گە قول ئۇزاتماقچى بولغاندا، ياردەم تىلىگەن ئادەم: «ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن، سەن زېمىندا تۈزىگۈچىلەردىن بولۇشنى خالىماي، پەقەت زومىگەر بولۇشنىلا خالايسەن» دېدى﴿19﴾.

## ئۆلگۈچىنىڭ سىرىنىڭ پاش بولۇشى

الله مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئۇ قىبتىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە **﴿قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا قاراپ شەھەر ئارىلاپ يۈرەتتى﴾** يەنى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولاركىن دەپ، ئۇيان - بۇيانغا قاراپ شەھەرنى ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇ كوچىلارنىڭ بىرىگە كەلگەندە، تۈنۈگۈن قىبتىغا قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغان ئادەمنىڭ يەنە بىر قىبتى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. مۇسا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، ئۇ مۇسانى قىبتىغا قارشى ياردەم بېرىشكە توۋلىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: **﴿سەن ھەقىقەتەن ئاشكارا گۇمراھ ئىكەنسەن﴾** يەنى ئاشكارا ئازغۇن، يامان ئىشنى كۆپ قىلىدىغان ئادەم ئىكەنسەن. ئاندىن مۇسا ئۇ قىبتىغا قول سالماقچى بولدى.

ئىسرائىللىك ئۇ ئادەم مۇسانىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى، زەئىپلىكى ۋە خاتالاشقانلىقى ئۈچۈن، مۇسانى چوقۇم ئۆزىنى ئۇرغىلى كەلدى دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن مۇنداق دېدى: **﴿«ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ سەن؟»﴾** بۇ ۋەقەنى پەقەت ئۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالاملا بىلەتتى. ئۇنى ئاڭلىغان قىبتى ئۇنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، پىرئەۋننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. بۇنى بىلگەن پىرئەۋننىڭ غەزىپى تاشتى ۋە مۇسانى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى نەدىن بولسا تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن (ئۇنىڭ ئارقىسىدىن) ئادەم ئەۋەتتى.

* * * * * * *

وَجَآءَ رَجُلٌ مِّنۡ أَقۡصَا ٱلۡمَدِينَةِ يَسۡعَىٰ قَالَ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّ ٱلۡمَلَأَ يَأۡتَمِرُونَ بِكَ لِيَقۡتُلُوكَ فَٱخۡرُجۡ إِنِّي لَكَ مِنَ
ٱلنَّٰصِحِينَ ﴿٢٠﴾



بىر ئادەم شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن ئالدىراپ كېلىپ: «ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ، (شەھەردىن دەرھال) چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە ساڭا سادىق كىشىلەردىنمەن» دېدى﴿20﴾.

**﴿بىر ئادەم كەلدى﴾** الله بۇ ئادەمنى "بىر ئەر كىشى" دەپ سۈپەتلىدى. چۈنكى، ئۇ مۇسانى تۇتقىلى ماڭغانلارنىڭ يولىدىن ماڭماي، ئۇنىڭدىن يېقىنراق بولغان باشقا بىر يول بىلەن مېڭىپ،

مۇسانىڭ يېنىغا بۇرۇن يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ئى مۇسا! ﴿**شۈبھىسىزكى، كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ (شەھەردىن دەرھال) چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە ساڭا سادىق كىشىلەردىنمەن**﴾.

* * * * * * *

فَخَرَجَ مِنۡهَا خَآئِفٗا يَتَرَقَّبُۖ قَالَ رَبِّ نَجِّنِي مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢١﴾ وَلَمَّا تَوَجَّهَ تِلۡقَآءَ مَدۡيَنَ قَالَ عَسَىٰ رَبِّيٓ أَن
يَهۡدِيَنِي سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ﴿٢٢﴾ وَلَمَّا وَرَدَ مَآءَ مَدۡيَنَ وَجَدَ عَلَيۡهِ أُمَّةٗ مِّنَ ٱلنَّاسِ يَسۡقُونَ وَوَجَدَ
مِن دُونِهِمُ ٱمۡرَأَتَيۡنِ تَذُودَانِۖ قَالَ مَا خَطۡبُكُمَاۖ قَالَتَا لَا نَسۡقِي حَتَّىٰ يُصۡدِرَ ٱلرِّعَآءُۖ وَأَبُونَا شَيۡخٞ كَبِيرٞ
﴿٢٣﴾ فَسَقَىٰ لَهُمَا ثُمَّ تَوَلَّىٰٓ إِلَى ٱلظِّلِّ فَقَالَ رَبِّ إِنِّي لِمَآ أَنزَلۡتَ إِلَيَّ مِنۡ خَيۡرٖ فَقِيرٞ ﴿٢٤﴾

مۇسا قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپقا باققان ھالدا شەھەردىن چىقتى، ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن» دېدى﴿21﴾. ئۇ مەديەن تەرەپكە يۈزلەنگەن چاغدا: «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يېتەكلىشى مۇمكىن» دېدى﴿22﴾. مۇسا مەديەندىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە (ماللىرىنى) سۇغىرىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى. ئۇلاردىن باشقا يەنە (قويلىرىنى سۇدىن) توسۇپ تۇرغان ئىككى ئايالنى كۆردى. مۇسا ئۇلارغا: «سىلەرگە نېمە بولدى؟ (يەنى قويلىرىڭلارنى سۇدىن توسۇپ تۇرۇپسىلەرغۇ؟)» دېدى، ئۇلار: «پادىچىلار قويلىرىنى سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز سۇغىرىمىز، ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ قالغان بوۋايدۇر» دېدى﴿23﴾. مۇسا ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ): «پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج» دېدى﴿24﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەديەن شەھىرىگە بېرىشى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئايالنىڭ قويلىرىنى سۇغىرىپ بېرىشى

ئۇ ئادەم مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پىرئەۋن ۋە دۆلەت بېشىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇسانى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ مەسلىھەت قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندا، مۇسا مىسىردىن ئۆزى يالغۇز چىقىپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ يولنى بىلمىگىنى ئەزمىدى. بەلكى، ئۇ غايىبتىن بولغان خاتىرجەملىك، نېمەت ۋە بىر باشقۇرۇشنىڭ ئىچىدە ئىدى.

﴿**مۇسا قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا باققان ھالدا شەھەردىن چىقتى**﴾ يەنى ئەتراپىنى كۆزەتكەن ھالدا چىقتى ﴿**ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن» دېدى**﴾ يەنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى كاتتىلاردىن قۇتقۇزغىن، ـ دېدى. ئېيتىلىشىچە، پاك ۋە يۈكسەك **الله** مۇساغا بىر ئاتلىق پەرىشتىنى ئەۋەتكەن. پەرىشتە ئۇنىڭغا يول باشلىغان ئىكەن. بۇنى **الله** بىلگۈچىدۇر.

﴿**ئۇ مەديەن تەرەپكە يۈزلەنگەن چاغدا**﴾ يەنى چوڭ يولنى بويلاپ مەديەن تەرەپكە يول ئالغاندا، ئۇ بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ: ﴿**«پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغان يېتەكلىشى مۇمكىن» دېدى**﴾ يەنى ئەڭ توغرا يولغا يېتەكلىشى مۇمكىن، ـ دېدى. ئەمەلىيەتتە **الله** شۇنداق قىلدى. **الله** مۇسا ئەلەيھىسسالامنى

دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە توغرا يولغا باشلىدى. ئۇنى ھىدايەت تاپقۇچى ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى قىلدى.

﴿**مۇسا مەديەندىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە**﴾ يەنى ئۇ مەديەنگە يېتىپ بېرىپ، پادىچىلار قويلىرىنى سۇغىرىدىغان بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ﴿**(ماللىرىنى) سۇغۇرىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى**﴾ يەنى قويلىرىنى سۇغىرىۋاتقان بىر جامائەنى كۆردى.

﴿**ئۇلاردىن باشقا يەنە (قويلىرىنى سۇدىن) توسۇپ تۇرغان ئىككى ئايالنى كۆردى**﴾ يەنى ئۇ ئىككى ئايال قويلىرىنى ئەنە شۇ پادىچىلار بىلەن ئارىلىشىپ بۇلاق بويىغا بېرىپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلاردىن ئازار يېيىشىدىن قورقۇپ توسۇپ تۇراتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككى ئايالنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ ياردەم قىلغۇسى كەلدى.

﴿**مۇسا ئۇلارغا: «سىلەرگە نېمە بولدى؟ (يەنى قويلىرىڭلارنى سۇدىن توسۇپ تۇرىسىلەرغۇ)» دېدى**﴾ يەنى پادىچىلار بىلەن بۇلاق بويىغا بارماسلىقىڭلارنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ﴿**ئۇلار: «پادىچىلار قويلىرىنى سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز سۇغىرىمىز ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ قالغان بوۋايدۇر» دېدى**﴾ يەنى ئاۋۇلار بۇلاقنى بوشاتمىغىچە، بىزگە قويلىرىمىزنى سۇغىرىش نۆۋىتى كەلمەيدۇ.

مانا بۇ، سەن كۆرۈپ تۇرغاندەك قويلىرىمىزنى توسۇپ تۇرۇشىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر،ـ دېدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۇسا ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغىرىپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ): «پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج» دېدى**﴾.

ئەتا ئىبنى سائىب مۇنداق دەيدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام: ﴿**ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج**﴾ دېگەننى ئۇ ئاياللارنىڭ بىرىگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ دېدى.

*******

فَجَآءَتۡهُ إِحۡدَىٰهُمَا تَمۡشِي عَلَى ٱسۡتِحۡيَآءٖ قَالَتۡ إِنَّ أَبِي يَدۡعُوكَ لِيَجۡزِيَكَ أَجۡرَ مَا سَقَيۡتَ لَنَاۚ فَلَمَّا
جَآءَهُۥ وَقَصَّ عَلَيۡهِ ٱلۡقَصَصَ قَالَ لَا تَخَفۡۖ نَجَوۡتَ مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٥﴾ قَالَتۡ إِحۡدَىٰهُمَا يَٰٓأَبَتِ
ٱسۡتَـٔۡجِرۡهُۖ إِنَّ خَيۡرَ مَنِ ٱسۡتَـٔۡجَرۡتَ ٱلۡقَوِيُّ ٱلۡأَمِينُ ﴿٢٦﴾ قَالَ إِنِّيٓ أُرِيدُ أَنۡ أُنكِحَكَ إِحۡدَى ٱبۡنَتَيَّ
هَٰتَيۡنِ عَلَىٰٓ أَن تَأۡجُرَنِي ثَمَٰنِيَ حِجَجٖۖ فَإِنۡ أَتۡمَمۡتَ عَشۡرٗا فَمِنۡ عِندِكَۖ وَمَآ أُرِيدُ أَنۡ أَشُقَّ عَلَيۡكَۚ
سَتَجِدُنِيٓ إِن شَآءَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٢٧﴾ قَالَ ذَٰلِكَ بَيۡنِي وَبَيۡنَكَۖ أَيَّمَا ٱلۡأَجَلَيۡنِ قَضَيۡتُ فَلَا
عُدۡوَٰنَ عَلَيَّۖ وَٱللَّهُ عَلَىٰ مَا نَقُولُ وَكِيلٞ ﴿٢٨﴾

ئۇلارنىڭ (يەنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ) بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ: «(قويلىرىمىزنى) سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى راستلا چاقىرىدۇ» دېدى. مۇسا ئۇنىڭ (يەنى شۇئەيبنىڭ) قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ بەردى، شۇئەيب: «قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ» دېدى﴿25﴾. ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللارنىڭ) بىرى ئېيتتى: «ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر»﴿26﴾. ئۇ (يەنى شۇئەيب) ئېيتتى: «ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى

بېرىشنى خالايمەن، ئەگەر ئون يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭ (ئۇمۇ) ئىختىيارىڭ، (ئون يىلنى شەرت قىلىپ) سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن، خۇدا خالىسا، مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى بايقايسەن»﴿27﴾. مۇسا ئېيتتى: «بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدىكى توختامدۇر، ئىككى مۇددەت (يەنى سەككىز يىل بىلەن ئون يىل) نىڭ قايسىسىنى توشقۇزسام توشقۇزاي، ماڭا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ، الله بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر»﴿28﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىككى ئايالنىڭ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشى ۋە قوي بېقىپ بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىگە ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقى

بۇ ئىككى ئايال قويلىرىنى ھەيدەپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا تېزلا قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئۇلارنىڭ تېز قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي، ئۇلاردىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ئۇلار ئاتىسىغا بىر ئادەمنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئاتىسى ئىككى قىزىنىڭ بىرىنى ئۇ كىشىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. **﴿ئۇلارنىڭ (يەنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ) بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ﴾** يەنى ھۆر ئاياللاردەك (ھۆر ئاياللار ھىجاب ئىچىدە يۈرەتتى) مېڭىپ كەلدى. مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: ئۇ قىز ئىچ كىيىمىنى مۇسادىن يوشۇرغان ھالدا مېڭىپ كەلدى. ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەمرى ئىبنى مەيمۇنەدىن ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ قىز يۈزىنى كىيىمى بىلەن توسقان ھالدا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كەلدى، ئۇ تولا گەپ قىلىدىغان ۋە تولا ماڭىدىغان ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى.

**﴿«(قويلىرىمىزنى) سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى راستلا چاقىرىدۇ» دېدى﴾** ئۇ قىز ناھايىتى ئەدەب بىلەن سۆزلىدى. مۇسانىڭ شەكلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئاتىسىنىڭ يېنىغا ھېچقانداق سەۋەبسىز چاقىرمىدى. بەلكى ئۇ مۇنداق دېدى: قويلىرىمىزنى سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى راستىنلا چاقىرىدۇ، يەنى قويلىرىمىزنى سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن، ئۇ ساڭا ھەق بېرىدۇ.

**﴿مۇسا ئۇنىڭ (يەنى شۇئەيبنىڭ) قېشىغا كېلىپ ئەھۋالىنى ھېكايە قىلىپ بەردى﴾** يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولغانلىقىنى، يۇرتىدىن نېمە سەۋەبتىن چىققانلىقىنى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەردى.

**﴿شۇئەيب: «قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ» دېدى﴾** ئۇ مۇساغا: كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم ۋە خۇشال تۇتقىن. سەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مەملىكىتىدىن چىقىپ كەتتىڭ، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ يۇرتىمىزغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھەققى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن **﴿زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ﴾** دېدى.

**﴿ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللارنىڭ) بىرى ئېيتتى: «ئى ئاتا! ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر»﴾** يەنى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قىزىنىڭ بىرى شۇنداق دېدى. ئېيتىلىشىچە: ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى چاقىرغىلى بارغان قىزى

ئىكەن. ئۇ ئاتىسىغا: ﴿**ئى ئاتا! سەن ئۇنى ئىشلەتكىن**﴾ يەنى بۇ قويلارنى بېقىش ئۈچۈن ئىشلەتكىن، ـ دېدى. ئۆمەر، ئىبنى ئابباس، شۇرەيھ قازى، ئەبۇمالىك، قەتادە، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە بىر قانچە كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇ قىز: ﴿«**بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچىلىكتۇر**»﴾ دېگەن چاغدا، ئاتىسى ئۇ قىزدىن: سەن بۇنى نەدىن بىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. قىز ئاتىسىغا مۇنداق دېدى: ئۇ ھەقىقەتەن ئون ئەر كىشى ئاران كۆتىرىدىغان تاشنى يالغۇز كۆتەردى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭغان ئىدىم، ئۇ ماڭا: ئارقامدىن مېڭىڭ، ئەگەر مەن يولدىن ئېزىپ قالغۇدەك بولسام، ئالدى تەرىپىمگە تاش ئېتىڭ، مەن بۇنىڭ بىلەن ماڭىدىغان يولنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمەن، ـ دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: بۇرۇن ئۆتكەنلەردىن ئەڭ پاراسەتلىك ئىنسانلار ئۈچتۇر؛ بىرىنچىسى، ئەبۇبەكرىدۇر. ئۇ ئۆمەرگە (ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا قايىل قىلىشتا) ئۆز پاراسىتىنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئىككىنچىسى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ خوجايىنىدۇر. ئۇ ئايالىغا: ﴿**ئۇنى ياخشى كۈتكىن**﴾ دېگەن ئىدى. ئۈچىنچىسى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەمراھىدۇر. ئۇ: ﴿**ئى ئاتا! سەن ئۇنى ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچىلىكتۇر**﴾ دېگەن، ـ دېدى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام: ﴿**ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى بېرىشنى خالايمەن، ئەگەر ئون يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭ (ئۇمۇ) ئىختىيارىڭ**﴾ دېدى. يەنى بۇ ياشىنىپ قالغان بوۋاي مۇسادىن ئۇنىڭ قويلىرىنى بېقىپ بېرىش بەدىلىگە بۇ ئىككى قىزنىڭ بىرىنى ئۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىنى شەرت قىلدى. ئۇ مۇساغا: قويۇمنى سەككىز يىل بېقىپ بەرگىن، ئەگەر يەنە ئىككى يىلنى قوشۇپ بېقىۋەتسەڭ، ئۇمۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭ، بىراق ماڭا سەككىز يىل يېتەرلىكتۇر، ـ دېدى.

﴿**(ئون يىلنى شەرت قىلىپ) سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن، الله خالىسا، مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى بايقايسەن**﴾ يەنى ئون يىلنى شەرت قىلىپ ساڭا جاپا سالمايمەن، ئەزىيەت يەتكۈزمەيمەن، سەن بىلەن تالاشمايمەن. الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۇسا ئېيتتى: «بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدىكى توختامدۇر، ئىككى مۇددەت (يەنى سەككىز يىل بىلەن ئون يىل) نىڭ قايسىسىنى توشقۇزسام توشقۇزاي، ماڭا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. الله بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر**﴾ يەنى مۇسا ھەقىقەتەن قېيناتىسىغا: ئىش سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن، مېنى سەككىز يىل ئىشلەتكىن، ئەگەر مەن ئون يىلنى توشقۇزۇۋەتسەم، ئۇ مېنىڭ ئىختىيارىم بولسۇن، مەن قاچان ئۇ ئىككى مۇددەتنىڭ ئازراقىنى ئادا قىلسام، ساڭا بەرگەن ۋەدەمدىن قۇتۇلىمەن ۋە ئارىمىزدىكى شەرتتىن چىقىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ: ﴿**ئىككى مۇددەت (يەنى سەككىز يىل بىلەن ئون يىل) نىڭ قايسىسىنى توشقۇزسام توشقۇزاي، ماڭا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ**﴾ يەنى ماڭا گۇناھ بولمايدۇ. گەرچە كامىل توشقۇزۇش رۇخسەت يولى بىلەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن تاشقى دەلىل بىلەن ئېيتقاندا ئەۋزەلدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(مىنادىن) ئالدىراپ ئىككى كۈندە قايتقان ئادەمگىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، (تەخىر قىلىپ قايتقان ئادەمگىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ)﴾[1] ھەمزە ئىبنى ئەمرى ئەسلەمىي

(1) بەقەرە سۈرىسى 203 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

روزىنى كۆپ تۇتىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەپەردە روزا تۇتۇش ھەققىدە سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خالىساڭ روزا تۇتقىن، خالىساڭ تۇتمىغىن» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. ئەسلىدە روزا تۇتۇش (باشقا دەلىلگە ئاساسلانغاندا) ئەۋزەل بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت يولىنى كۆرسىتىپ قويغان ئىدى. بۇ ئايەت ۋە ھەدىس مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چوقۇم ئىككى مۇددەتنىڭ كامىلراقىنى، تولۇقراقىنى ئادا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر.

ئىمام بۇخارى سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھىرە ئەھلىدىن بىر يەھۇدىي مەندىن: مۇسا ئىككى مۇددەتنىڭ قايسىسىنى تاماملىدى؟ - دەپ سورىدى. مەن: بىلمەيمەن، ئەرەب ئالىمىنىڭ يېنىغا بېرىپ سوراپ باقاي، - دېدىم. ئاندىن ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن سورىدىم. ئۇ: مۇسا ئىككى مۇددەتنىڭ ئۇزاقراقىنى ۋە ياخشىراقىنى تاماملىدى، ئەگەر الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى بىر ئىشنى قىلىمەن دېسە، ئۇنى قىلىدۇ» دېدى.

*******

﴿فَلَمَّا قَضَىٰ مُوسَى ٱلْأَجَلَ وَسَارَ بِأَهْلِهِۦٓ ءَانَسَ مِن جَانِبِ ٱلطُّورِ نَارًا قَالَ لِأَهْلِهِ ٱمْكُثُوٓا۟ إِنِّىٓ ءَانَسْتُ نَارًا لَّعَلِّىٓ ءَاتِيكُم مِّنْهَا بِخَبَرٍ أَوْ جَذْوَةٍ مِّنَ ٱلنَّارِ لَعَلَّكُمْ تَصْطَلُونَ ﴿٢٩﴾ فَلَمَّآ أَتَىٰهَا نُودِىَ مِن شَٰطِئِ ٱلْوَادِ ٱلْأَيْمَنِ فِى ٱلْبُقْعَةِ ٱلْمُبَٰرَكَةِ مِنَ ٱلشَّجَرَةِ أَن يَٰمُوسَىٰٓ إِنِّىٓ أَنَا ٱللَّهُ رَبُّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٣٠﴾ وَأَنْ أَلْقِ عَصَاكَ ۖ فَلَمَّا رَءَاهَا تَهْتَزُّ كَأَنَّهَا جَآنٌّ وَلَّىٰ مُدْبِرًا وَلَمْ يُعَقِّبْ ۚ يَٰمُوسَىٰٓ أَقْبِلْ وَلَا تَخَفْ ۖ إِنَّكَ مِنَ ٱلْـَٔامِنِينَ ﴿٣١﴾ ٱسْلُكْ يَدَكَ فِى جَيْبِكَ تَخْرُجْ بَيْضَآءَ مِنْ غَيْرِ سُوٓءٍ وَٱضْمُمْ إِلَيْكَ جَنَاحَكَ مِنَ ٱلرَّهْبِ ۖ فَذَٰنِكَ بُرْهَٰنَانِ مِن رَّبِّكَ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَمَلَإِي۟هِۦٓ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمًا فَٰسِقِينَ ﴿٣٢﴾

مۇسا (ئۆز ئارا كېلىشكەن) مۇددەتنى (يەنى كېلىشكەن مۇددەتنىڭ تولۇقراقى بولغان ئون يىلنى) توشقۇزغاندىن كېيىن ئائىلىنى ئېلىپ (مىسىرغا قاراپ) يولغا چىقتى، ئۇ تۇر تېغى تەرىپىدە ئوت كۆردى، ئۇ ئائىلىگە: «شۈبھىسىزكى، مەن (يىراقتىن) ئوت كۆردۈم، ئۇ يەردىن مەن سىلەرگە بىر خەۋەر ئېلىپ كېلەي، يا سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر پارچە چوغ ئېلىپ كېلەي» دېدى (مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئوت ئەمەس نۇر ئىكەنلىكىنى بىلدى)﴿29﴾. مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ گىرۋىكىگە توغرا كېلىدىغان مۇبارەك جايدىكى دەرەخ تەرەپتىن (مۇنداق) نىدا ئاڭلاندى: «ئى مۇسا، (ساڭا سۆز قىلىۋاتقان) مەن، ھەقىقەتەن، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله دۇرمەن﴿30﴾. سەن ھاساڭنى تاشلىغىن». مۇسا ھاسىسىنىڭ گويا ئەجدىھادەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى، كەينىگە قارىمىدى، (نىدا قىلىنىدىكى) «ئى مۇسا! ئالدىڭغا ماڭغىن، قورقمىغىن، سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچتىن) ئەمىن بولغۇچىلاردىنسەن﴿31﴾. قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز (بىر پارچە ئايدەك پارلاپ) ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، قورقۇنچنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن، قولۇڭنى يىغىۋالغىن (يەنى قوينۇڭغا سېلىۋالغىن)، بۇ ئىككىسى پىرئەۋنگە (ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ) چوڭلىرىغا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن پاكىتتۇر، ئۇلار ھەقىقەتەن (بىزنىڭ ئىتائەتىمىزدىن چىققۇچى) پاسىق قەۋم ئىدى»﴿32﴾.

# مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرغا قايتىشى ۋە ئۇنىڭ يول ئۈستىدە پەيغەمبەرلىككە ۋە مۆجىزىلەرگە سازاۋەر بولۇشى

ئىلگىرىكى ئايەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى مۇددەتنىڭ تولۇقراقىنى، مۇكەممەلرەكىنى ۋە ياخشىراقىنى توشقۇزغانلىقى بايان قىلىندى. بۇنى ھەم بۇ ئايەتتىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى، **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۇسا مۇددەتنى توشقۇزغاندىن كېيىن**﴾ يەنى ئىككى مۇددەتنىڭ تولۇقراقىنى تاماملىغاندىن كېيىن. ﴿**ئائىلىنى ئېلىپ (مىسىرغا قاراپ) يولغا چىقتى**﴾ تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: مۇسا يۇرتىنى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى سېغىندى، ئاندىن ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىدىن يوشۇرۇن ھالدا زىيارەت قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ ئائىلىنى ۋە قېيناتىسى بەرگەن قويلارنى ئېلىپ يامغۇرلۇق، قاراڭغۇ، سوغۇق بىر كېچىدە يولغا چىقتى. ئۇ بىر جايغا چۈشكۈن قىلدى. ئۇ ھەر قېتىم (ئىسسىنىش ئۈچۈن) ئوت ياقسا، ئوت تۇتاشقىلى ئۇنىمىدى. مۇسا بۇنىڭدىن ھەيران قالدى. شۇنداق تۇرغاندا ﴿**ئۇ تۇر تېغى تەرىپىدە ئوت كۆردى**﴾ يەنى ئۇ يىراقتا ئوتنىڭ يورۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

﴿**ئۇ ئائىلىغا ئېيتتى: شۈبھىسىزكى، مەن (يىراقتىن) ئوت كۆردۈم، سىلەر ساقلاپ تۇرۇڭلار**﴾ يەنى مەن ئوتنىڭ يېنىغا بېرىپ كەلگۈچە، سىلەر بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭلار. ﴿**مەن سىلەرگە بىر خەۋەر ئېلىپ كېلەي**﴾ مۇسانىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب، چۈنكى، ئۇ چۆلدە يولدىن ئېزىپ كەتكەن ئىدى. ﴿**يا سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر پارچە چوغ ئېلىپ كېلەي**﴾ **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ گىرۋىكىگە توغرا كېلىدىغان مۇبارەك جايدىكى دەرەخ تەرەپتىن مۇنداق نىدا ئاڭلاندى**﴾ يەنى ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يېقىن كېلىدىغان غەربىي تاغ تەرەپتىن نىدا ئاڭلاندى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز غەربىي تاغنىڭ بىر تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيي نازىل قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ﴾[1] بۇ شۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، مۇسا ئوتنى كۆزلەپ قىبلە تەرەپكە ماڭغان ئىدى. غەربىي تاغ ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ئىدى. ئوت بولسا، ۋادىغا يېقىن يەردىكى تاغنىڭ ئېتىكىدىكى بىر تۈپ يېشىل دەرەختە كۆيۈپ تۇراتتى. مۇسا ئوتتىن ھەيران بولۇپ توختىدى. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: ﴿**ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ گىرۋىكىگە توغرا كېلىدىغان مۇبارەك جايدىكى دەرەخ تەرەپتىن**﴾ نىدا قىلدى.

**الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«ئى مۇسا! (ساڭا سۆز قىلىۋاتقان) مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله دۇرمەن»**﴾ يەنى ساڭا خىتاب قىلىۋاتقان، ساڭا سۆزلەۋاتقان زات ـ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئۇ خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ پەرۋەردىگار يوقتۇر. **الله** ئۆز زاتىدا، سۈپەتلىرىدە، سۆزلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ئۈستۈندۇر، ئۇلۇغ ۋە پاكتۇر.

﴿**سەن ھاساڭنى تاشلىغىن**﴾ يەنى قولۇڭدىكى ھاسىنى تاشلىغىن. **الله** تۆۋەندىكى ئايىتىدە مۇسانى قولىدىكى نەرسىنىڭ ھاسا ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلدۇرغان ئىدى: ﴿ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟ مۇسا ئېيتتى: «ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ

(1) قەسەس سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بېرىمەن، ئۇنىڭدا مېنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار»﴾[1] ئايەتنىڭ مەنىسى: سەن بىلىدىغان بۇ ھاساڭنى ﴿**(يەرگە) تاشلىغىن**﴾، ﴿مۇسا ئۇنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان مېڭىۋاتقان بىر يىلانغا ئايلاندى﴾[2] مۇسا ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقان. خىتاب قىلىۋاتقان (زاتنىڭ بىرەر نەرسىگە "ۋۇجۇدقا كەل" دەپلا ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيدىغان) **الله** ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

بۇ ھەقتە تاھا سۈرىسىدە سۆزلەنگەن ئىدى. **الله** تائالا بۇ يەردىمۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۇسا ھاسىسىنىڭ گويا ئەجدىھادەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى**﴾ يەنى ئۇ ناھايىتى چوڭ، تۆت پۇتى ناھايىتى توم، ئاغزى كاماردەك چوڭ، قورۇق ۋە ئېغىز چىشلىرى ناھايىتى يۇقىرى ئاۋازدا غۇچۇرلايدىغان، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېز ئىدى. ئەگەر ئۇ ئۇچرىغان قورام تاشنى يۇتۇپ تاشلىسا، تاش ئۇنىڭ ئېغىزىدا دومىلاپ خۇددى تاغدىن جىلغىغا قورام تاش دومىلاپ چۈشىۋاتقاندەك گۈلدۈر قاراس چىقىرىدىغان ھالەتتە ۋەھشىي ئىدى. شۇ ۋاقىتتا مۇسا ﴿**ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى، كەينىگە قارىمىدى**﴾ يەنى ئۇ ئارقىسىغا قاراپ سالمىدى، چۈنكى، ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى ئۇنىڭدىن شۈركىنەتتى. **الله** تائالا مۇساغا: ﴿**«ئى مۇسا! ئالدىڭغا ماڭغىن، قورقمىغىن، سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچتىن) ئەمىن بولغۇچىلاردىن سەن**﴾ دېگەن چاغدا، ئۇ ئارقىسىغا يېنىپ، ئىلگىرىكى جايىغا كېلىپ توختىدى. ئاندىن **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ**﴾ يەنى قولۇڭنى قولتۇقىڭغا سېلىپ، ئاندىن ئۇنى چىقارساڭ، ئۇ گويا چاقماق چاققان چاغدىكى بىر پارچە پارلاق نۇردەك نۇر چېچىپ چىقىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئىللەتسىز**﴾ يەنى ھېچقانداق بىر كېسەلنىڭ ئالامىتى يوق بولغان ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ. **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قورقۇنچنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن، قولۇڭنى يىغىۋالغىن**﴾ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىرەر نەرسىدىن قورقسا، قورقۇنچنى كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن قولىنى كۆكرىكىنىڭ ئۈستىگە يىغىۋېلىشقا بۇيرۇلدى. ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلسا، ئۆزىدىكى قورقۇنچ كېتەتتى. بىرەر ئادەم بۇ ئۇسۇلنى پەيغەمبەرگە ئىقتىدا قىلغان ئاساستا ئىشلىتىپ قولىنى كۆكسىگە قويسا، **الله** خالىسا ئۇنىڭ قورقۇنچىسى تۈگىشى ياكى پەسىيىشى مۇمكىن. **الله** تائالاغا ئىشەنچ قىلىشىمىز لازىم.

﴿**بۇ ئىككىسى پىرئەۋنگە (ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ) چوڭلىرىغا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن پاكىتتۇر**﴾ يەنى ھاسىسىنى تاشلىسا، ئۇنىڭ مېڭىۋاتقان بىر يىلانغا ئايلىنىشى، قولىنى قوينىغا سالسا، ئىللەتسىز ئاپئاق بولۇپ چىقىشى پەيغەمبەرنى تاللىغۇچى **الله** تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ۋە بۇ (ئادەتتىن تاشقىرى ئىش قولىدا يۈز بەرگەن) كىشىنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان كەسكىن ۋە ئوچۇق ئىككى دەلىلدۇر (بۇلار پىرئەۋنگە، ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا ۋە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرگە **الله** تەرىپىدىن كەلگەن كەسكىن دەلىلدۇر). ﴿**ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى**﴾ يەنى ئۇلار **الله** تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققان، **الله** تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە دىنىغا ئاسىيلىق قىلغان كىشىلەر ئىدى.

*******

(1) تاھا سۈرىسى 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر.
(2) تاھا سۈرىسى 19 ـــ 20 ـ ئايەتلەر.

قَالَ رَبِّ إِنِّي قَتَلْتُ مِنْهُمْ نَفْسًا فَأَخَافُ أَن يَقْتُلُونِ ﴿٣٣﴾ وَأَخِي هَـٰرُونُ هُوَ أَفْصَحُ مِنِّي لِسَانًا
فَأَرْسِلْهُ مَعِيَ رِدْءًا يُصَدِّقُنِيٓ إِنِّيٓ أَخَافُ أَن يُكَذِّبُونِ ﴿٣٤﴾ قَالَ سَنَشُدُّ عَضُدَكَ بِأَخِيكَ وَنَجْعَلُ
لَكُمَا سُلْطَـٰنًا فَلَا يَصِلُونَ إِلَيْكُمَا بِـَٔايَـٰتِنَآ أَنتُمَا وَمَنِ ٱتَّبَعَكُمَا ٱلْغَـٰلِبُونَ ﴿٣٥﴾

مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۇلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشىدىن قورقىمەن ﴿33﴾. قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭدىن راۋاندۇر، ئۇنى مەن بىلەن (پەيغەمبەرلىكىمنى) تەستىقلايدىغان ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتكىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقىمەن» ﴿34﴾. اللّٰه ئېيتتى: «قېرىندىشىڭ ئارقىلىق سېنى كۈچەيتىمىز، ئىككىڭلارنى غالىب قىلىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىككىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، سىلەر ئىككىڭلار ۋە ئىككىڭلارغا ئەگەشكەنلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئارقىلىق غەلىبە قىلىسىلەر» ﴿35﴾.

## مۇسانىڭ اللّٰه تائالادىن قېرىندىشى ھارۇننى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ بېرىشىنى سورىشى ۋە ئۇنىڭ تىلىكىنىڭ ئىجابەت قىلىنىشى

مۇسا پەقەت پىرئەۋننىڭ قەھرىدىن قورقۇپ مىسىردىن قېچىپ چىققان ئىدى. اللّٰه تائالا ئۇنى پىرئەۋنگە دەۋەتچى بولۇپ بېرىشقا بۇيرۇغاندا: ﴿**مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۇلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم»**﴾ يەنى ئەنە شۇ قىبتىنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم. ئەگەر مېنى كۆرسە، ﴿**ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن قورقىمەن. قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭدىن راۋاندۇر**﴾ بۇ ئىش مۇنداق ئىدى: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى سۆزلەشتە ئېغىر ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئالدىغا بىر تال چوغ بىلەن بىر تال خورمىنى تاللاشقا قويۇلغاندا، ئۇ چوغنى ئېلىپ ئېغىزىغا سالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ تىلى سۆزلەشتە ئېغىر بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن. ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن. ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن. مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن﴾[1] يەنى سەن مېنى بۇيرۇغان بۇ بۈيۈك ئىشتا، پەيغەمبەرلىكنى ۋە دەۋەتنى بۇ ھاكاۋۇر، زالىم، ھەققە قارشى پادىشاھقا يەتكۈزۈش يوللىرىدىكى ئېغىرچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشتە، ئۇ ماڭا ھەمنەپەس بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭدىن راۋاندۇر، ئۇنى مەن بىلەن (پەيغەمبەرلىكىمنى) تەستىقلايدىغان ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتكىن**﴾ يەنى ئۇنى سۆزلىرىمنى ۋە اللّٰه تائالادىن يەتكۈزگەن خەۋىرىمنى تەستىقلايدىغان، دەۋىتىمنى قوللايدىغان ياردەمچى ۋەزىر قىلىپ ئەۋەتكىن. چۈنكى، ئىنسانلارغا ئىككى ئادەمنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرى بىر ئادەمنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىگە قارىغاندا بەكرەك تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقىمەن**﴾.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(پەيغەمبەرلىكىمنى) تەستىقلايدىغان ياردەمچى قىلىپ**

(1) تاھا سۈرىسى 27 ـ 32 ـ ئايەتكىچە.

**ئەۋەتكىن﴾** يەنى ئۇ مېنىڭ ئۇلارغا قىلغان سۆزلىرىمنى ئۇلارغا بايان قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ مەندىن ئۇلار چۈشىنەلمىگەن نەرسىلەرنى چۈشىنىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ياردەمچى تەلەپ قىلغاندا، **اللّٰه** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿قېرىندىشىڭ ئارقىلىق سېنى كۈچەيتىمىز﴾** يەنى (پەيغەمبەر بولۇشنى تەلەپ قىلغان) قېرىندىشىڭ بىلەن سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى كۈچەيتىمىز، دەۋىتىڭنى غەلىبىلىك قىلىمىز.

بۇ ھەقتە يەنە بىر ئايەتتە **اللّٰه** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿«ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغان نەرسىلىرىڭ ساڭا بېرىلدى﴾[1] **اللّٰه** تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭغا بىز مەرھەمەت قىلىپ قېرىندىشى ھارۇننى پەيغەمبەر قىلىپ بەردۇق﴾[2] شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى سەلەپلەر: ھېچكىممۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام قېرىندىشىغا ياردەم قىلغاندەك ياردەم قىلغان ئەمەس. مۇسا ئۇنىڭغا شاپائەت تىلىدى، ـ دەيدۇ. **اللّٰه** ئۇنى مۇسا بىلەن پەيغەمبەر ۋە ئەلچى قىلىپ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە ئەۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، **اللّٰه** مۇسا ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿مۇسا **اللّٰه** نىڭ دەرگاھىدا ئابرويلۇق ئىدى﴾[3].

**﴿ئىككىڭلارنى غالىب قىلىمىز﴾** يەنى يېڭىلمەس پاكىت قىلىمىز. **﴿شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز بىلەن ئىككىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ﴾** يەنى **اللّٰه** نىڭ ئايەتلىرىنى ئىككىڭلارنىڭ تەبلىغ قىلغانلىقىڭلار سەۋەبى بىلەن ئۇلارنىڭ سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشىغا ھېچ يول قويۇلمايدۇ. **اللّٰه** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، **اللّٰه** تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. **اللّٰه** سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ﴾[4]، ﴿ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) **اللّٰه** نىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، **اللّٰه** دىن قورقىدۇ، **اللّٰه** دىن باشقا ھېچ كىشىدىن قورقمايدۇ. (ئى مۇھەممەد! سەنمۇ **اللّٰه** دىن غەيرىدىن قورقماسلىقتا شۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكىن) **اللّٰه** (ھەممىشە ئىشلاردىن ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر﴾[5] يەنى **اللّٰه** ياردەم قىلىشقا، قوللاشقا، قۇۋۋەتلەشكە يېتەرلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، **اللّٰه** دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى غەلىبىنىڭ مۇسا بىلەن ھارۇن ئۈچۈن ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر ئۈچۈن بولىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿سىلەر ئىككىڭلار ۋە ئىككىڭلارغا ئەگەشكەنلەر غەلىبە قىلىسىلەر﴾**.

**اللّٰه** بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿**اللّٰه** (لەۋھۇلمەھپۇزدا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، **اللّٰه** ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[6] ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتى دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾[7].

* * * * * * *

(1) تاھا سۈرىسى 36 ـ ئايەت.
(2) مەريەم سۈرىسى 53 ـ ئايەت.
(3) ئەھزاب سۈرىسى 69 ـ ئايەت.
(4) مائىدە سۈرىسى 67 ـ ئايەت.
(5) ئەھزاب سۈرىسى 39 ـ ئايەت.
(6) مۇجادەلە سۈرىسى 21 ـ ئايەت.
(7) مۆئمىنۇن سۈرىسى 51 ـ ئايەت.

فَلَمَّا جَآءَهُم مُّوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَا بَيِّنَٰتٍ قَالُواْ مَا هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٌ مُّفۡتَرًى وَمَا سَمِعۡنَا بِهَٰذَا فِيٓ ءَابَآئِنَا
ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٣٦﴾ وَقَالَ مُوسَىٰ رَبِّيٓ أَعۡلَمُ بِمَن جَآءَ بِٱلۡهُدَىٰ مِنۡ عِندِهِۦ وَمَن تَكُونُ لَهُۥ عَٰقِبَةُ ٱلدَّارِۚ إِنَّهُۥ لَا
يُفۡلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٣٧﴾

مۇسا ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن مۆجىزىلىرىمىزنى ئېلىپ كەلگەندە، ئۇلار: «بۇ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان سېھىردۇر، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ (زامانىدا) بۇنداق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغان ئىدۇق» دېدى﴿36﴾. مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم، ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىن كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئاقىۋىتىگە كىمنىڭ ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، زالىملار (يەنى اللّٰه غا يالغاننى چاپلىغۇچى فاجىرلار) چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ»﴿37﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ئالدىدىكى ئەھۋالى

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارغا اللّٰه تەرىپىدىن بېرىلگەن، اللّٰه تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، اللّٰه تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئەگىشىش ھەققىدىكى دەۋىتىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇستەھكەم دەلىللەرنى، غالىب مۆجىزىلەرنى پىرئەۋنگە تەگلىگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى بۇنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن، ئۇنىڭ اللّٰه تەرىپىدىن ئىكەنلىكىگە جەزم قىلغان ۋە ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇقى ھەددىدىن ئېشىپ، ھەق بىلەن قارشىلىششقا، بوھتان چاپلاشقا يۈزلىنىپ كەتتى. ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقى ۋە ھەققە ئەگىشىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقى ئۇچۇندۇر، ئۇلار: ﴿بۇ ئويدۇرۇپ چىقىلغان سېھىردۇر﴾ دېدى. يەنى ياساپ چىقىلغان سېھىردۇر. ئۇلار مۇساغا ھىيلە - مىكىر، يۈز - ئابروي بىلەن قارشى چىقماقچى بولدى. بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ئۇلارغا قىلچە پايدىسى بولمىدى.

**﴿بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ (زامانىدا) بۇنداق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغان ئىدۇق﴾** يەنى ئۇلار: ھېچ شېرىكى بولمىغان يالغۇز اللّٰه تائالاغىلا ئىبادەت قىلىش دېگەن بۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغان ئىدۇق. بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن بىرەر ئادەمنىڭ بۇ دىندا ئىكەنلىكىنى كۆرمىدۇق، بىز پەقەت كىشىلەرنىڭ اللّٰه غا باشقا ئىلاھلارنى شېرىك قىلغانلىقىنى بىلىمىز، - دېيىشتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: **﴿پەرۋەردىگارىم ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىن كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئاقىۋىتىگە كىمنىڭ ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ﴾** يەنى اللّٰه مەن ياكى سىلەردىن كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. كەلگۈسىدە ئارىمىزدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە كىمنىڭ ياردەمگە، زەپەرگە ۋە قوللاشقا ئېرىشىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. **﴿ئۇلار چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ﴾** يەنى اللّٰه تائالاغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەر ئاقىۋەتتە غەلىبە قازىنالمايدۇ.

* * * * * * *

وَقَالَ فِرۡعَوۡنُ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡمَلَأُ مَا عَلِمۡتُ لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرِي فَأَوۡقِدۡ لِي يَٰهَٰمَٰنُ عَلَى ٱلطِّينِ فَٱجۡعَل
لِّي صَرۡحٗا لَّعَلِّيٓ أَطَّلِعُ إِلَىٰٓ إِلَٰهِ مُوسَىٰ وَإِنِّي لَأَظُنُّهُۥ مِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٣٨﴾ وَٱسۡتَكۡبَرَ هُوَ وَجُنُودُهُۥ
فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُمۡ إِلَيۡنَا لَا يُرۡجَعُونَ ﴿٣٩﴾ فَأَخَذۡنَٰهُ وَجُنُودَهُۥ فَنَبَذۡنَٰهُمۡ
فِي ٱلۡيَمِّۖ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٠﴾ وَجَعَلۡنَٰهُمۡ أَئِمَّةٗ يَدۡعُونَ إِلَى
ٱلنَّارِۖ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ لَا يُنصَرُونَ ﴿٤١﴾ وَأَتۡبَعۡنَٰهُمۡ فِي هَٰذِهِ ٱلدُّنۡيَا لَعۡنَةٗۖ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ هُم
مِّنَ ٱلۡمَقۡبُوحِينَ ﴿٤٢﴾

پىرئەۋن ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! مەن ئۆزەمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئى هامان، مېنىڭ ئۈچۈن پىششىق خىش پىشۇرۇپ ئېگىز بىر بىنا سالغىن، مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرۈشۈم مۇمكىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇنى (ئاسماندا بىر پەرۋەردىگار بار دېگەن دەۋاسىدا) يالغانچىلاردىن گۇمان قىلىمەن»﴿38﴾. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى (مىسىر) زېمىنىدا زۇلۇم قىلىپ (ئىمان ئېيتىشقا) بويۇنتاۋلىق قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز تەرەپكە قايتۇرۇلمايمىز (يەنى قىيامەت ۋە قايتا تىرىلىش يوق، ھېساب ئېلىنىشمۇ، جازاغا تارتىلىشمۇ يوق) دەپ گۇمان قىلدى﴿39﴾. بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى جازالىدۇق، ئۇلارنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتۇق (يەنى ئۇلارنى دېڭىزدا غەرق قىلىۋەتتۇق، ئۇلاردىن بىر ئادەممۇ ساق قالغىنى يوق)، (ئى مۇھەممەد!) زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا (ئىبرەت كۆزى بىلەن) قارىغىن﴿40﴾. ئۇلارنى بىز دوزاخقا ئۈندەيدىغان پېشۋالار قىلدۇق (يەنى ئۇلارنى بىز دۇنيادا گۇمراھلار ئەگىشىدىغان كۇفرىنىڭ باشلىقلىرى قىلدۇق)، قىيامەت كۈنى ئۇلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ (يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان مەدەتكار بولمايدۇ)﴿41﴾. ئۇلارغا بۇ دۇنيادا لەنەتنى ئەگەشتۈردۇق (يەنى ئۇلارغا بۇ دۇنيادا الله، پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر لەنەت ئوقۇيدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇلار الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغۇچىلاردۇر﴿42﴾.

## پىرئەۋننىڭ چوڭچىلىق قىلىشى ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى

الله پىرئەۋننىڭ كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى، چېكىدىن ئاشقانلىقى ۋە ئۆزىنى ئىلاھ قىلىپ كۆرسىتىشتە يالغاننى توقۇپ چىققانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا پىرئەۋنگە لەنەت قىلسۇن! الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پىرئەۋن قەۋمىنى گوللىغانلىقتىن، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى﴾[1] چۈنكى، ئۇ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا چاقىرغاندا، ئۇلار ئەقلىنىڭ كاملىقى ۋە زېھنىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئۇنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ: ﴿**«ئى كاتتىلار! مەن ئۆزەمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن»**﴾ دېدى. الله تائالا ئۇنىڭدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇ سېھىرگەرلىرىنى، ئەسكەرلىرىنى، تەۋەلىرىنى) توپلىدى ھەم نىدا قىلىپ، دېدى: «مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن». الله ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله دىن قورقىدىغانلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ﴾[2].

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نازىئات سۈرىسى 23 ـ 26 ـ ئايەت.

يەنى ئۇ قەۋمىنى يىغىپ، ئۇلارغا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئىلاھ دەۋاسىدىكى سۆزىنى ئوچۇق قىلدى. ئۇلار قۇلاق سالغان ۋە ئىتائەت قىلغان هالدا، ئۇنىڭ ئىلاھلىق دەۋاسىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالدى ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك قىلدى. تېخى پىرئەۋن بۇ سۆزىنى مۇساغا قارىتىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿«ئەگەر مەندىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىنداندا تاشلايمەن»﴾[1].

**﴿ئى هامان! مېنىڭ ئۈچۈن پىششىق خىش پىشۇرۇپ ئېگىز بىر بىنا سالغىن، مەن مۇسانىڭ ئىلاهىنى كۆرۈشۈم مۇمكىن﴾** يەنى پىرئەۋن ئۆزىنىڭ ۋەزىرى، تەۋەسىدىكىلەرنى باشقۇرغۇچى، دۆلەت مەسلىهەتچىسى هامانىنى ئۆزى ئۈچۈن پىششىق خىش پىشۇرۇپ، ناهايىتى ئېگىز ۋە يۈكسەك بىر قەسىر سېلىشقا بۇيرۇدى.

الله بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پىرئەۋن (ۋەزىرى هامانغا): «ئى هامان! ماڭا بىر ئېگىز بىنا سالغىن، ئۇنىڭ بىلەن مەن دەرۋازىلارغا ـ ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىغا يېتىشىم مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن مەن مۇسانىڭ ئىلاهىنى كۆرەي، مەن هەقىقەتەن مۇسانى يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمەن» دېدى. پىرئەۋنگە ئۇنىڭ يامان ئەمەلى شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى. پىرئەۋن (گۇمراهلىقى تۈپەيلىدىن هىدايەت) يولىدىن مەنئىي قىلىندى. پىرئەۋننىڭ هىيلە ـ مىكرى پەقەت بىكاردۇر﴾[2].

شۇنىڭ بىلەن، پىرئەۋن دۇنيادا ئەڭ ئېگىز قەسرنى بىنا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇ پەقەت تەۋەسىدىكىلەرگە مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ پىرئەۋندىن باشقا بىر ئىلاهنىڭ بارلىقىغا قىلغان دەۋىتىدە يالغانچى قىلىپ كۆرسىتىشنى ئىرادە قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ: **﴿مەن هەقىقەتەن ئۇنى يالغانچىلاردىن گۇمان قىلىمەن﴾** دېدى. يەنى ئۇنىڭ مەندىن باشقا بىر پەرۋەردىگار بار دېگەن دەۋاسىدا يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمەن.

پىرئەۋن مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ الله تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ ئەمەس، بەلكى، ئۇ ياراتقۇچى الله تائالانىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نېمە؟﴾[3]، **﴿ئەگەر مەندىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىندانغا تاشلايمەن﴾**. **﴿ئى كاتتىلار! مەن ئۆزەمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاهنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن﴾**.

**﴿پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى (مىسىر) زېمىنىدا زۇلۇم قىلىپ (ئىمان ئېيتىشقا) بويۇنتاۋلۇق قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز تەرەپكە قايتۇرۇلمايمىز (يەنى قىيامەت ۋە قايتا تىرىلىش يوق، هېساب ئېلىنىشمۇ جازا تارتىلىشمۇ يوق) دەپ گۇمان قىلدى﴾** يەنى ئۇلار زۇلۇم قىلىشتا ۋە زومىگەرلىكتە چېكىدىن ئاشتى. مىسىر زېمىنىدا كۆپ بۇزغۇنچىلىق قىلدى. قىيامەت بولمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلدى. ﴿پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى نازىل قىلدى. پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلەرنى ئەلۋەتتە كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[4] شۇنىڭ ئۈچۈن الله بۇ يەردە مۇنداق دەيدۇ: **﴿بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى جازالىدۇق، ئۇلارنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتۇق﴾** يەنى بىز ئۇلارنى بىر ئەتىگەندىلا دېڭىزغا غەرق قىلىۋەتتۇق، ئۇلاردىن هېچبىرى ساق قالمىدى.

(1) شۇئەرا سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) غافىر سۈرىسى 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر.
(3) شۇئەرا سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) فەجر سۈرىسى 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر.

﴿(ئى مۇھەممەد!) زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا (ئىبرەت كۆزى بىلەن) قارىغىن. ئۇلارنى بىز دوزاخقا ئۇندەيدىغان پېشۋالار قىلدۇق﴾ يەنى زالىملارغا ئەگەشكەنلەر، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشتا ۋە ياراتقۇچىنى تونىماسلىقتا ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتقانلار ئۈچۈن ئۇلارنى دوزاخقا باشلىغۇچىلار قىلدۇق. ﴿قىيامەت كۈنى ئۇلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾ يەنى ئۇلارغا بولغان دۇنيادىكى خارلىق ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا ئۇلىنىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارغا ھېچ ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلارغا بۇ دۇنيادا لەنەتنى ئەگەشتۈردۇق (يەنى ئۇلارغا بۇ دۇنيادا الله ، پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر لەنەت ئوقۇيدۇ﴾ يەنى الله پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشكەن مۆمىن بەندىلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھى پىرئەۋنگە لەنەت ياغدۇرۇشنى بەلگىلىدى. ئۇلار دۇنيادا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق لەنەتكە ئۇچرىغۇچىلاردىن بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا: ﴿قىيامەت كۈنى ئۇلار الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغۇچىلاردۇر﴾.

قەتادە: بۇ ئايەت الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن (ئىككىلا دۇنيا لەنەتكە ئۇچراشتىن ئىبارەت) بۇ سوۋغا نېمىدېگەن يامان!﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ، ـ دېدى.

*******

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَـٰبَ مِنۢ بَعْدِ مَآ أَهْلَكْنَا ٱلْقُرُونَ ٱلْأُولَىٰ بَصَآئِرَ لِلنَّاسِ وَهُدًى وَرَحْمَةً لَّعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٤٣﴾

شۈبھىسىزكى، بىز (نۇھنىڭ قەۋمى ئاد، سەمۇد ۋە لۇتنىڭ قەۋمى قاتارلىق) ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل) نىڭ دىللىرىغا (ھەقىقەتنى كۆرىدىغان) نۇر بېرىپ، ئۇلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت قىلدۇق، ئۇلار ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق﴿43﴾.

## الله تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىنئام قىلغان نېمەتلىرىنىڭ بايانى

الله ئۆزىنىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى، سۆھبەتدىشى مۇساغا (ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەڭ ئەۋزەل مەرھەمەت ۋە سالام بولسۇن!) پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، تەۋراتنى نازىل قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىنئامنى خەۋەر قىلىدۇ.

﴿(نۇھنىڭ قەۋمى ئاد، سەمۇد ۋە لۇتنىڭ قەۋمى قاتارلىق) بىز ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن﴾ يەنى تەۋراتنى نازىل قىلغاندىن كېيىن، بىرەر ئۈممەتنى ئومۇميۈزلۈك جازالىمىدى، بەلكى مۆمىنلەرنى الله تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بولغان مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇدى.

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھۇد سۈرىسى 99 ـ ئايەت.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پىرئەۋن ھەم ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەر ۋە شەھەرلىرى دۈم كۆمتۈرۈۋېتىلگەنلەر (يەنى لۇت قەۋمى) خاتا ئىشلارنى قىلدى. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ﷲ قاتتىق جازالىدى﴾[1]، ﴿**كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل) نىڭ دىللىرىغا (ھەقىقەتنى كۆرىدىغان) نۇر بېرىپ، ئۇلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت قىلدۇق**﴾ يەنى ئۇلار كورلۇقتىن، گۇمراھلىقتىن قۇتۇلسۇن ئۈچۈن، دىللىرىنى يورىتىدىغان نۇر ـ تەۋراتنى بەردۇق. ئۇلارغا رەھمەت قىلىپ ھەقكە ھىدايەت قىلدۇق، يەنى ياخشى ئەمەل قىلىشقا تەۋراتتا يول كۆرسەتتۇق.

﴿**ئۇلار ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن**﴾ يەنى ئىنسانلار تەۋراتتىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن توغرا يول تاپسۇن ﴿**دەپ، مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق**﴾.

*******

وَمَا كُنتَ بِجَانِبِ ٱلْغَرْبِيِّ إِذْ قَضَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَى ٱلْأَمْرَ وَمَا كُنتَ مِنَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٤٤﴾ وَلَٰكِنَّآ أَنشَأْنَا قُرُونًا فَتَطَاوَلَ عَلَيْهِمُ ٱلْعُمُرُ وَمَا كُنتَ ثَاوِيًا فِىٓ أَهْلِ مَدْيَنَ تَتْلُوا۟ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِنَا وَلَٰكِنَّا كُنَّا مُرْسِلِينَ ﴿٤٥﴾ وَمَا كُنتَ بِجَانِبِ ٱلطُّورِ إِذْ نَادَيْنَا وَلَٰكِن رَّحْمَةً مِّن رَّبِّكَ لِتُنذِرَ قَوْمًا مَّآ أَتَىٰهُم مِّن نَّذِيرٍ مِّن قَبْلِكَ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٤٦﴾ وَلَوْلَآ أَن تُصِيبَهُم مُّصِيبَةٌۢ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ فَيَقُولُوا۟ رَبَّنَا لَوْلَآ أَرْسَلْتَ إِلَيْنَا رَسُولًا فَنَتَّبِعَ ءَايَٰتِكَ وَنَكُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٤٧﴾

(ئى مۇھەممەد!) بىز غەربىي تاغنىڭ بىر تەرىپىدە مۇساغا ۋەھىي نازىل قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ، (بۇنى) ئۆز كۆزۈڭ بىلەنمۇ كۆرمىگەن ئىدىڭ﴿44﴾. لېكىن بىز نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولدى، سەن مەديەن ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرغۇچى بولغىنىڭ يوق، لېكىن بىز (سېنى ئۇلاردىن باشقا بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق﴿45﴾. بىز تۇر تېغىنىڭ بىر تەرىپىدە (مۇساغا) سۆز قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ، لېكىن بۇ سەندىن ئىلگىرى ھېچبىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەن قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان رەھمەتتۇر﴿46﴾. ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى (يەنى كۇفرى ۋە گۇناھلىرى) تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بىرەر ئازاب كەلسە، «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭ ئىدىڭ، سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دېمەسلىكلىرى ئۈچۈن (سېنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)﴿47﴾.

## كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىللىگە بۇراش توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتىغا بۇرايدۇ. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام غەيبتىن بېرىلگەن خەۋەرنى ئاڭلىغۇچىدۇر. گويا

(1) ھاققە سۈرىسى 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

ئىلگىرى بولغان ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن ھازىر كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېس قىلىپ، غەيبتىن خەۋەر بېرىدۇ. ھالبۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساۋاتسىز بىر ئادەم بولۇپ، كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتى. ئۇ ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان قەۋم ئارىسىدا چوڭ بولغان ئىدى. **الله** تائالا ئۇنىڭغا ھەزرىتى مەريەم ۋە مەريەمگە يۈز بەرگەن غەيىب ئىشلار ھەققىدىمۇ خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەريەمنى ئۇلارنىڭ قايسىسى تەربىيىسىگە ئېلىش (مەسىلىسىدە چەك تاشلاش يۈزىسىدىن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ. (مەريەم كىمنىڭ تەربىيىسىدە بولۇشىنى) ئۆز ئارا جاڭجال قىلىشقانلىرىدا سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾[1] يەنى شۇ ئىشلارنىڭ ئۈستىدە سەن يوق ئىدىڭ. لېكىن، **الله** ئۇنى ساڭا ۋەھيي قىلدى.

شۇنداقلا **الله** نۇھ ۋە ئۇنىڭ قەۋمى (**الله** تائالانىڭ نۇھنى قۇتقۇزۇشى، قەۋمىنى سۇدا غەرق قىلىشى) ھەققىدە قىلغان خەۋىرىنى ئۇ بىلمەيتتى. ئاندىن **الله** مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەنە شۇ (قىسسە) غەيبكە ئائىت خەۋەرلەردىندۇر. ساڭا ئۇنى ۋەھيي قىلدۇق، سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيتتىڭلار، سەۋر قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾[2].

**الله** بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە مۇنداق دېدى: ﴿مانا بۇلار (ئاھالىسىنى بىز ھالاك قىلغان) يۇرتلارنىڭ خەۋەرلىرىدۇر. ساڭا (ۋەھيي ئارقىلىق) بايان قىلىمىز﴾[3] **الله** تائالا بۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بېشىدىن ئاخىرىغىچە، يەنى **الله** نىڭ ئۇنىڭغا ۋەھيي قىلىشى، ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشىنىڭ قانداق باشلانغانلىقى ھەققىدە خەۋەر قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز غەربىي تاغنىڭ بىر تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيي نازىل قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! غەربىي تاغنىڭ بىر تەرىپىدە، ۋادىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى بىر تۈپ دەرەخ تەرەپتىن **الله** مۇساغا سۆزلىگەن يەردە سەن يوق ئىدىڭ.

**﴿(بۇنى) ئۆز كۆزۈڭ بىلەنمۇ كۆرمىگەن ئىدىڭ﴾** لېكىن پاك ۋە يۈكسەك **الله** بۇنى ئۆمرى ئۇزۇن بولغان، ئۆزلىرىگە **الله** تەرىپىدىن كەلگەن دەلىللەرنى ۋە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە **الله** ۋەھيي قىلغان نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئۈممەتلەرنىڭ بارلىقىغا دەلىل ـ پاكىت بولسۇن ئۈچۈن ساڭا ۋەھيي قىلدى.

**﴿سەن مەديەن ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرغۇچى بولغىنىڭ يوق﴾** يەنى ساڭا مەديەن ئەھلىنىڭ پەيغەمبىرى شۇئەيبنىڭ قەۋمىگە نېمىدېگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب قايتۇرغانلىقى خەۋەر قىلىنغاندا، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ تۇرغۇچى ئەمەس ئىدىڭ.

**﴿لېكىن بىز (سېنى ئۇلاردىن باشقا قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق﴾** يەنى لېكىن بىز ساڭا ئۇ خەۋەرلەرنى ۋەھيي قىلدۇق ۋە سېنى ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق **﴿بىز تۇر تېغىنىڭ بىر تەرىپىدە (مۇساغا) سۆز قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ﴾**.

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 44 ـ ئايەت.
(2) ھۇد سۈرىسى 49 ـ ئايەت.
(3) ھۇد سۈرىسى 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد) بىز غەربىي تاغنىڭ بىر تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيي نازىل قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ﴾** **الله** بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ مۇساغا نىدا قىلدى﴾[1]، ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى پەرۋەردىگارى تۇۋا ناملىق مۇقەددەس ۋادىدا (مۇنداق دەپ) چاقىردى﴾[2]، ﴿ئۇنىڭغا بىز تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن نىدا قىلدۇق، ئۇنى بىز مۇناجات ئۈچۈن (دەرگاھىمىزغا) يېقىنلاشتۇردۇق﴾[3].

**﴿لېكىن بۇ سەندىن ئىلگىرى ھېچبىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەن قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان رەھمەتتۇر﴾.** يەنى سەن بۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىنىڭ يوق. لېكىن، **الله** تائالا ئۇنى ساڭا ۋەھيي قىلدى. **الله** تائالا ساڭا ۋە بەندىلەرگە رەھمەت قىلىپ، سەن ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن نەرسە بىلەن ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن، سېنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى ساڭا خەۋەر قىلدى.

**﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى (يەنى كۇفرى ۋە گۇناھلىرى) تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بىرەر ئازاب كەلسە، «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولسا ئىدىڭ، سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دېمەسلىكى ئۈچۈن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بىرەر ئازاب كەلگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىگە بىرەر پەيغەمبەر، بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىشقا يول قويماي، ئۇلارغا قارشى دەلىل تۇرغۇزۇش مەقسىتىدە سېنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق.

**الله** بۇ ھەقتە مۇبارەك كىتابى قۇرئاننى نازىل قىلغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ﴿(مېنىڭ قۇرئان نازىل قىلىشىم) سىلەرنىڭ، پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى ئىككى تائىپىگىلا (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغىلا) كىتاب نازىل قىلىنغان، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن بىزنىڭ زادىلا خەۋىرىمىز يوق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. ياكى سىلەرنىڭ ئەگەر بىزگە كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن پاكىت، ھىدايەت ۋە رەھمەت نازىل بولدى﴾[4]، ﴿ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن الله نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا، ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق﴾[5].

﴿ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) بىزگە (ساۋاب بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىدى دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان بىر زاماندا سىلەرگە (شەرىئەتنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدىغان رەسۇلىمىز كەلدى. ھەقىقەتەن

(1) شۇئەرا سۈرىسى 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نازىئات سۈرىسى 16 ـ ئايەت.
(3) مەريەم سۈرىسى 52 ـ ئايەت.
(4) ئەنئام سۈرىسى 156 ـ 157 ـ ئايەتلەر.
(5) نىسا سۈرىسى 165 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سىلەرگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلدى (ئەمدى سىلەرگە ئۆزرە قالمىدى)﴾[1]. بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

*******

فَلَمَّا جَآءَهُمُ ٱلۡحَقُّ مِنۡ عِندِنَا قَالُواْ لَوۡلَآ أُوتِيَ مِثۡلَ مَآ أُوتِيَ مُوسَىٰٓۚ أَوَلَمۡ يَكۡفُرُواْ بِمَآ أُوتِيَ مُوسَىٰ
مِن قَبۡلُۖ قَالُواْ سِحۡرَانِ تَظَٰهَرَا وَقَالُوٓاْ إِنَّا بِكُلّٖ كَٰفِرُونَ ﴿٤٨﴾ قُلۡ فَأۡتُواْ بِكِتَٰبٖ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ هُوَ أَهۡدَىٰ
مِنۡهُمَآ أَتَّبِعۡهُ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٤٩﴾ فَإِن لَّمۡ يَسۡتَجِيبُواْ لَكَ فَٱعۡلَمۡ أَنَّمَا يَتَّبِعُونَ أَهۡوَآءَهُمۡۚ وَمَنۡ
أَضَلُّ مِمَّنِ ٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ بِغَيۡرِ هُدٗى مِّنَ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٠﴾ ۞ وَلَقَدۡ وَصَّلۡنَا
لَهُمُ ٱلۡقَوۡلَ لَعَلَّهُمۡ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٥١﴾

ئۇلارغا بىز ۋەھيى قىلغان ھەقىقەت نازىل بولغان چاغدا، ئۇلار: «ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) نېمىشقا مۇساغا بېرىلگەن مۆجىزە بېرىلمىدى» دېدى. ئۇلار ئىلگىرى مۇساغا بېرىلگەن مۆجىزىنى ئىنكار قىلمىدىمۇ؟ ئۇلار: «(تەۋرات بىلەن قۇرئان) بىر ـ بىرىنى تەستىق قىلىدىغان سېھىردۇر» دېدى. ئۇلار: «بىز ھەقىقەتەن (ئىككى كىتابنىڭ) ھەر بىرىنى ئىنكار قىلغۇچىمىز» دېدى﴿48﴾. ئېيتقىنكى، «ئەگەر (ئۇ ئىككى كىتاب سېھىردۇر دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، ئۇ ئىككى كىتابقا قارىغاندا، الله تەرىپىدىن نازىل بولغان تېخىمۇ توغرا بىر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەي» ﴿49﴾. ئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاب بەرمىسە، بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ، الله ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ الله ھەقىقەتەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴿50﴾. ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، شۈبھىسىزكى، ئۇلارغا قۇرئاننى ئۇزۇلدۇرمەي چۈشۈردۇق﴿51﴾.

## كاپىرلارنىڭ خاتالاشتۇرۇش ئۈچۈن سوئال سورىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب

ئەگەر الله ئۇلارنى ئايەت نازىل قىلىشتىن بۇرۇن جازالىسا، ئۇلار ئۆزلىرىگە پەيغەمبەر كەلمىگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلارغا الله نىڭ دەرگاھىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق قۇرئان نازىل بولغاندا، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خاتالاشتۇرۇش، قۇرئان بىلەن قارشىلىشىش، ئۇنى ئىنكار قىلىش، نادانلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن تېنىش يۈزىسىدىن مۇنداق سوئال سورايدۇ: **﴿ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) نېمىشقا مۇساغا بېرىلگەن مۆجىزە بېرىلمىدى؟﴾**

ئۇلار بۇ سوئاللىرى ئارقىلىق ھاسىنىڭ ئەجدىرھاغا ئايلىنىشى، قولنىڭ قوينىدىن ئاپئاق بولۇپ چىقىشى، سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان بالالىرى، زىرائەت ۋە مېۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ كېمىيىپ

(1) مائىدە سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كېتىشى قاتارلىق الله نىڭ دۈشمەنلىرىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدىغان ئايەتلەر بىلەن؛ دېڭىزنىڭ يېرىلىشى، بۇلۇتنىڭ سايىۋەن بولۇشى، ئاسماندىن تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنىڭ چۈشۈرۈلۈشى، بۇنىڭدىن باشقا مۆمىنلەرگە رەھمەت قىلىپ بېرىلگەن نۇرغۇن مۆجىزىلەردىن، الله مۇسائەلەيھىسسالامنىڭ قولى ئارقىلىق پىرئەۋنگە، ئۇنىڭ قەۋمىگە ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كۆرسەتكەن ئاجايىپ مۆجىزىلەر ۋە يېڭىلمەس دەلىللەرنى كۆزدە تۇتىدۇ (مۇشۇنداق مۆجىزىلەر پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە قىلچە تەسىر قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە، ئۇلار مۇسا ۋە قېرىندىشى ھارۇننىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى). ئۇلار بۇ ئىككىسىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿«سەن بىزگە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن بىزنى ۋاز كەچتۈرۈش ۋە زېمىن (يەنى مىسىر زېمىنى) نىڭ سەلتەنەتىنى ئىككىڭلارنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ بىز ئىككىڭلارغا ئىشەنمەيمىز»﴾[1] دېدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۇ ئىككىسىنى (يەنى مۇسا بىلەن ھارۇننى) ئىنكار قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاك بولدى﴾[2].

## ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ مۆجىزىلەرگە ئىشەنمەيدىغانلىقى

شۇنىڭ ئۈچۈن، الله بۇ يەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار ئىلگىرى مۇساغا بېرىلگەن مۆجىزىنى ئىنكار قىلمىدىمۇ؟**﴾ يەنى ئىنسانلار مۇساغا بېرىلگەن ئەنە شۇ بۈيۈك مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلمىدىمۇ؟ ﴿**ئۇلار: «ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تەستىق قىلىدىغان ئىككى سېھىرگەردۇر» دېدى**﴾ يەنى مۇسا بىلەن ھارۇن بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىدىغان سېھىرگەرلەردۇر.

﴿**ئۇلار: «بىز ھەقىقەتەن ھەر بىرىنى ئىنكار قىلىمىز» دېدى**﴾ يەنى بىز مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئىنكار قىلىمىز. مۇسا بىلەن ھارۇن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان سۆھبەتداش تۇغقانلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايەتتە ئىككىسىنىڭ بىرى تىلغا ئېلىنىسلا ئىككىلىسىگە ئومۇم بولىدۇ.

## مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارغا سېھىرگەر دەپ بوھتان چاپلاش توغرىسىدا

مۇجاھىد ئىبنى جەبىر مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار قۇرەيشلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ساڭا نېمىشقا مۇساغا بېرىلگەن مۆجىزە بېرىلمىدى؟ ـ دېيىشكە بۇيرۇدى. ئاندىن الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار ئىلگىرى مۇساغا بېرىلگەن مۆجىزىنى ئىنكار قىلمىدىمۇ؟ ئۇلار: «ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تەستىقلايدىغان ئىككى سېھىرگەردۇر» دېدى**﴾.

مۇجاھىد يەنە مۇنداق دەيدۇ: يەنى مۇسا بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارغا يەھۇدىيلار: ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنى قۇۋۋەتلەيدىغان، بىرى يەنە بىرىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىق قىلىدىغان سېھىرگەرلەردۇر، ـ دەپ بوھتان چاپلىدى.

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۆئمىنۇن سۈرىسى 48 ـ ئايەت.

## بوھتانغا قايتۇرۇلغان جاۋاب

ئەمما «سىھرانى تەزاھارا» دەپ ئوقۇلغان قىرائەتتە، ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ۋە ئەۋفىي ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىپ: ئۇلار تەۋرات بىلەن قۇرئاننى كۆزدە تۇتىدۇ، ـ دېدى. چۈنكى، ئۇنىڭدىن كېيىن الله مۇنداق دېگەن: **﴿ئېيتقىنكى: «ئەگەر (ئۇ ئىككى كىتاب سېھىردۇر دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، ئۇ ئىككى كىتابقا قارىغاندا، الله تەرىپىدىن نازىل بولغان تېخىمۇ توغرا بىر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەي»﴾** الله نۇرغۇن ئورۇنلاردا تەۋرات بىلەن قۇرئاننى بىر يەردە بايان قىلىدۇ.

مەسىلەن، الله نىڭ: ﴿ئېيتقىنكى، «مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر، ھىدايەت بولغان كىتابنى كىم نازىل قىلدى؟»﴾[1] دېگەن ئايىتى بىلەن: ﴿بۇ (قۇرئان) مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىز نازىل قىلغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى مۇبارەك كىتابتۇر﴾[2] دېگەن ئايىتى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

الله ئەنئام سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىمۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاندىن ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) ئۆز پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسۇن دەپ، ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە بېرىدىغان نېمىتىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، (ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ دىنىي ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولغان) ھەر بىر نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلىش، (ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ھىدايەت قىلىش ۋە (ئۇلارغا) رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن، مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات) ئاتا قىلدۇق. بۇ بىز نازىل قىلغان (قۇرئان) مۇبارەك كىتابتۇر، الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، (ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىكقىلىشتىن)﴾[3].

جىنلار مۇنداق دېدى: ﴿ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىڭشىدۇق﴾[4].

ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل مۇنداق دەيدۇ: بۇ مۇساغا نازىل قىلىنغان ۋەھىيدۇر. ئەقىل ئىگىلىرى شۇنى بىلىشى كېرەككى، الله تائالا ئاسماندىن پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان سانسىز كىتابلار ئىچىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان كىتاب بولغان قۇرئاندىنمۇ مۇكەممەل، ھەممە بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پاساھەتلىك، بۈيۈك، شەرەپلىك بىرەر كىتاب نازىل قىلغىنى يوق. تەۋرات شان ـ شەرەپ ۋە بۈيۈكلۈكتە قۇرئاندىن قالسا ئىككىنچى كىتاب بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغاندۇر.

الله بۇ كىتاب توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغان يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (الله نىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 91 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى 154 ـ 155 ـ ئايەتلەر.
(4) ئەھقاف سۈرىسى 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ، (يەھۇدىيلارنىڭ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللاھ (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇلار تەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى﴾[1].

ئىنجىل بولسا، پەقەت تەۋراتنىكى ئەھكاملارنى تولۇقلاش، ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھارام قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنى ھالال قىلىش يۈزىسىدىن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، **«ئەگەر (ئۇ ئىككى كىتاب سېھىردۇر دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، ئۇ ئىككى كىتابقا قارىغاندا، الله تەرىپىدىن نازىل بولغان تېخىمۇ توغرا بىر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەي»**﴾ يەنى سىلەر ھەقنى قوغدايدىغان، باتىلغا قارشى تۇرىدىغان بولساڭلار، شۇنداق بىر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىڭلار.

## نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىنىڭ ئېزىپ كېتىشى

﴿**ئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاب بەرمىسە**﴾ يەنى ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئۇلارغا قىلغان سۆزۈڭگە جاۋاب بەرمىسە ۋە ھەقىقەتكە ئەگەشمىسە، ﴿**بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ**﴾ يەنى ھېچقانداق دەلىل ـ پاكىتسىز ئەگىشىدۇ. **الله** نىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان ھېچقانداق دەلىل بولماستىن، ﴿**الله ۋەھيي قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ الله ھەقىقەتەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ**﴾.

**الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، ئۇلارغا قۇرئاننى ئۈزۈلدۈرمەي چۈشۈردۇق**﴾ مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارغا قۇرئاننى تەپسىلىي بايان قىلدۇق. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارغا قۇرئاننى روشەن بايان قىلدۇق. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: **الله** ئۇلارنى ﴿**ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ**﴾ ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ قانداق قىلىنغانلىقىنى، **الله** نىڭ ئاسىيلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا خەۋەر قىلدى. مۇجاھىد ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارغا چۈشۈردۇق**﴾ يەنى قۇرەيشلەرگە چۈشۈردۇق.

*******

ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلِهِۦ هُم بِهِۦ يُؤۡمِنُونَ ﴿٥٢﴾ وَإِذَا يُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِهِۦٓ إِنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّنَآ إِنَّا كُنَّا
مِن قَبۡلِهِۦ مُسۡلِمِينَ ﴿٥٣﴾ أُوْلَٰٓئِكَ يُؤۡتَوۡنَ أَجۡرَهُم مَّرَّتَيۡنِ بِمَا صَبَرُواْ وَيَدۡرَءُونَ بِٱلۡحَسَنَةِ ٱلسَّيِّئَةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ
يُنفِقُونَ ﴿٥٤﴾ وَإِذَا سَمِعُواْ ٱللَّغۡوَ أَعۡرَضُواْ عَنۡهُ وَقَالُواْ لَنَآ أَعۡمَٰلُنَا وَلَكُمۡ أَعۡمَٰلُكُمۡ سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡ لَا نَبۡتَغِي
ٱلۡجَٰهِلِينَ ﴿٥٥﴾

قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب (يەنى ئىنجىل، تەۋرات) نازىل قىلغانلار (يەنى ناسارا ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مۆمىنلىرى) قۇرئانغا ئىشىنىدۇ﴿52﴾. ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: «بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر. بىز ھەقىقەتەن

(1) مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدۇق» دەيدۇ﴿53﴾. ئۇلارنىڭ قىلغان سەۋر ـ تاقىتى ئۈچۈن ئۇلارغا قوش ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىدۇ﴿54﴾. ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ (يەنى قۇلاق سالماي): «بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز» دەيدۇ﴿55﴾.

## ئەھلى كىتابتىن مۆمىن بولغانلار

**الله** ئەھلى كىتابتىن ئەۋلىيا ـ ئۆلىمالارنىڭ قۇرئانغا ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. **الله** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ﴾[1]، ﴿ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن **الله** غا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، ئۆزلىرىگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىشىنىدىغانلار بار، ئۇلار **الله** دىن قورقىدۇ﴾[2]، ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (تەسىرلىنىپ) دەرھال سەجدىگە بارىدۇ. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز پاكتۇر، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ» دەيدۇ﴾[3].

﴿بىز ناسارالار دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۆمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن، بۇ، ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار، راھىبلار بولغانلىقى ۋە (ھەقنى قوبۇل قىلىشتا) تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر. ئۇلار پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ھەقىقەتنى تونۇغانلىقلىرىدىن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار ئېيتىدۇ: «رەببىمىز، بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (پەيغەمبىرىڭنى، كىتابىڭنى) ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدىن قىلغىن﴾[4].

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دېدى: بۇ ئايەت نەجاشى ئەۋەتكەن 70 نەپەر ناسارا ئۆلىماسى ھەققىدە نازىل بولدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ياسىن سۈرىسىنى بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئوقۇپ بەردى. ئۇلار ئۇنى يىغلاپ تۇرۇپ ئاڭلىدى ۋە ئىسلامغا كىردى. ئۇلار ھەققىدە يەنە بۇ ئايەت نازىل بولدى: **﴿قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب (يەنى ئىنجىل، تەۋرات) نازىل قىلغانلار (يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ مۆمىنلىرى) قۇرئانغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: «بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر. بىز ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدۇق» دەيدۇ﴾** يەنى قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى بىز مۇسۇلمان ئىدۇق. **الله** تائالانى بىر ۋە بار دەپ ئېتىقاد قىلاتتۇق، **الله** تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلاتتۇق. **الله** نىڭ ئىمانغا چاقىرغان دەۋىتىنى قوبۇل قىلغان ئىدۇق، ـ دەيدۇ.

(1) بەقەرە سۈرىسى 121 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 199 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئىسرا سۈرىسى 107 ـ 108 ـ ئايەتلەر.
(4) مائىدە سۈرىسى 82 ـ 83 ـ ئايەتلەر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ قىلغان سەۋرى تاقىتى ئۈچۈن ئۇلارغا قوش ساۋاب بېرىلىدۇ**﴾ يەنى بۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن ئەنە شۇلار بىرىنچى كىتابقا، ئاندىن كېيىن ئىككىنچى كىتابقا ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى پەيغەمبەرگە، ئاندىن كېيىن ئىككىنچى پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا قوش ساۋاب بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ قىلغان سەۋرى ـ تاقىتى ئۈچۈن**﴾ يەنى ھەقىقەتكە ئەگىشىشتە چىداملىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا قوش ساۋاب بېرىلىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشنىڭ مۇشەققىتى ئىنسانلارغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىنچىسى: ئەھلى كىتابتىن ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئاندىن كېيىن ماڭا ئىمان ئېيتقان ئادەمگە، ئىككىنچىسى: الله نىڭ ھەققىنى ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلغان قۇلغا، ئۈچىنچىسى: بىر ئادەمنىڭ قولىدا بىر چۆرە قىز بولۇپ، ئۇنى ياخشى تەربىيىلىگەن، ئاندىن ئۇنى ئازاد قىلغان، ئاندىن ئۇنى نىكاھىغا ئالغان (ئادەمدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك) ئادەمگە ساۋاب قوش بېرىلىدۇ».

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئۇمامەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مەككە پەتھى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ بېقىنىغا شاپىلىقىم بىلەن بىرنى ئۇردۇم، ئۇ ياخشى ۋە چىرايلىق بىر سۆزنى قىلدى. ئۇ سۆزىدە مۇنداق دېدى: «ئىككى كىتاب (يەنى تەۋرات بىلەن ئىنجىل) ئەھلىدىن كىمكى ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، ئۇنىڭغا قوش ساۋاب بولىدۇ. بىزگە پايدىلىق نەرسە ئۇلارغىمۇ پايدىلىقتۇر، بىزگە زىيانلىق نەرسە ئۇلارغىمۇ زىيانلىقتۇر. مۇشرىكلاردىن كىم ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، ئۇنىڭغا بىر ساۋاب بولىدۇ. بىزگە پايدىلىق نەرسە ئۇنىڭغىمۇ پايدىلىقتۇر، بىزگە زىيانلىق نەرسە ئۇنىڭغىمۇ زىيانلىقتۇر».

﴿**ئۇلار ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار يامانلىققا يامانلىق بىلەن تاقابىل تۇرماستىن، بەلكى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە كەچۈرىدۇ. ﴿**بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىدىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىدۇ**﴾ يەنى الله ئۇلارغا ھالال رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىدىن ئائىلىسىدىكىلەرگە، تۇغقانلىرىغا ۋە الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىغا سەرپ قىلىش ۋاجىب بولغان نەپىقىلەر ئۈچۈن، پەرز زاكات بېرىش، ياخشى يوللارغا ئىشلىتىش، نەپلە سەدىقە بېرىش ئۈچۈن ۋە الله رازىلىقىنى كۆزلەپ قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ.

﴿**ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ**﴾ يەنى ئۇنداق سۆزلەرنى قىلغانلار بىلەن ئارىلاشمايدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرمايدۇ. بەلكى ئۇلار الله تائالانىڭ مۇنداق دېگىنىدەك قىلىدۇ: ئۇلار ﴿يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ﴾[1].

ئۇلار: ﴿**«بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز» دەيدۇ**﴾ يەنى ئەگەر بىرەر ئەخمەق ئادەم ئەخمەقلىق قىلىپ، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ جاۋاب بېرىشىگە مۇناسىب كەلمەيدىغان ناچار سۆزنى قىلسا، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇنىڭغا ئوخشاش سەت سۆز بىلەن تاقابىل تۇرمايدۇ. ئۇلاردىن پەقەت ياخشى سۆزلا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله ئۇلارنىڭ مۇنداق دەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: ﴿**«بىزنىڭ**

(1) فۇرقان سۈرىسى 72 ـ ئايەت.

**ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز»﴾** يەنى نادانلارنىڭ يولىنى خالىمايمىز، ئۇنى ھەم ياقتۇرمايمىز.

*******

إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَآءُ ۚ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ ﴿٥٦﴾ وَقَالُوٓا۟ إِن نَّتَّبِعِ ٱلْهُدَىٰ مَعَكَ نُتَخَطَّفْ مِنْ أَرْضِنَآ ۚ أَوَلَمْ نُمَكِّن لَّهُمْ حَرَمًا ءَامِنًا يُجْبَىٰٓ إِلَيْهِ ثَمَرَٰتُ كُلِّ شَىْءٍ رِّزْقًا مِّن لَّدُنَّا وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٥٧﴾

شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن **الله** ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، **الله** ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴿56﴾. ئۇلار: «ئەگەر بىز سەن بىلەن توغرا يولغا ئەگەشسەك، زېمىنىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلىمىز» دېدى. ئۇلارنى بىز تىنچ ھەرەمگە يەرلەشتۈرمىدۇقمۇ؟ ھەرەمگە تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلىدۇ. (بۇ) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن چۈشۈرۈلگەن رىزىقتۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴿57﴾.

## الله تائالانىڭ خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدىغانلىقى

**الله** تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! **﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن﴾** يەنى ئۇنى ھىمايە قىلىش سېنىڭ ئۈستىڭگە يۈكلەنگەن ئەمەس، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. **الله** خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى ھېكمەت ۋە دەلىل - پاكىت **الله** تائالاغا خاستۇر.

**الله** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس، (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە **الله** تائالانىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر) لېكىن **الله** خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[1]، ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[2].

تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسى يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەتكە قارىغاندا ئوچۇقراقتۇر: **﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن الله ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، الله ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾** يەنى **الله** تائالا كىمنىڭ ھىدايەتكە ۋە كىمنىڭ ئازغۇنلۇققا لايىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرگە قارىغاندا، بۇ ئايەت **الله** نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇتالىب ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھىمايە قىلاتتى، ئۇنىڭغا ياردەم بېرەتتى، ئۇنىڭ تەربىيىسىنى ئالاتتى. ئۇنى شەرىئەت جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى تۇغقانچىلىق جەھەتتىن قاتتىق ياخشى كۆرەتتى. ئەبۇتالىبنىڭ ئەجىلى توشۇپ ئۇنىڭغا

(1) بەقەرە سۈرىسى 272 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) يۇسۇف سۈرىسى 103 - ئايەت.

ئۆلۈم ھازىر بولغاندا، **الله** نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى. بىراق ئۇنىڭ پىشانىسىگە يېزىلغىنى بويۇن كېلىپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. ئۇ كاپىر ھالەتتە جان ئۈزدى.

زۆھرى سەئىد ئىبنى مۇسەييىبتىن ئاتىسى مۇسەييەب ئىبنى ھەزن مەخزۇمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇتالىبقا ئۆلۈم ھازىر بولغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئەبۇجەھل ئىبنى ھىشام ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئۇمەييە بار ئىدى. **الله** نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئى تاغا! "**الله** دىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر" دېگىن. بۇ شەھادەت كەلىمىسىدۇر. مەن ئۇ كەلىمە بىلەن **الله** نىڭ دەرگاھىدا سېنىڭ مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن مۇنازىرىلىشىمەن». ئەبۇجەھل ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئۇمەييە: ئى ئەبۇتالىب! ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈمسەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇتالىبقا كەلىمە شەھادەتنى داۋاملىق تەكلىپ قىلدى، ئۇ ئىككىسىمۇ ئۇنىڭغا ئەنە شۇ سۆزنى تەكرار ئېيتىۋەردى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئۆزىنىڭ ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ دىنىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىش بولدى. يەنى ئۇ: "لائىلاھە ئىللەللاھ" دېگىلى ئۇنىمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «**الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ساڭا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن توسۇلۇپ قالمىساملا، سەن ئۈچۈن ئەلۋەتتە مەغپىرەت تىلەيمەن».

شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىش دۇرۇس ئەمەس﴾[1].

**الله** تائالا ئەبۇتالىب ھەققىدە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿«شۈبھىسىزكى سەن خالىغان ئادەمگە ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن الله ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾** بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

## مەككە ئەھلىنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئۆزرە ئېيتىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە

**﴿ئۇلار: «ئەگەر بىز سەن بىلەن توغرا يولغا ئەگەشسەك، زېمىنىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلىمىز» دېدى﴾** **الله** تائالا بەزى كاپىرلارنىڭ توغرا يولغا ئەگەشمەسلىكىدە ئۆزرىسىنىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: **﴿«ئەگەر بىز سەن بىلەن توغرا يولغا ئەگەشسەك، زېمىنىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلىمىز﴾** يەنى ئەگەر بىز سەن ئېلىپ كەلگەن توغرا يولغا ئەگەشسەك، ئەتراپىمىزدىكى مۇشرىك ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن جېدەل قىلساق، ئۇلارنىڭ بىزگە ئەزىيەت يەتكۈزىشىدىن ۋە ھۇجۇم قىلىشىدىن، بىزنى قەيەردە بولساق، شۇ يەردىن ھەيدەپ چىقىرىشىدىن قورقىمىز. **الله** ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارنى بىز تىنچ ھەرەمگە يەرلەشتۈرمىدۇقمۇ؟﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئېيتقان بۇ ئۆزرىسى پۈتۈنلەي ئورۇنسىز باھانىدۇر. چۈنكى، **الله** ئۇلارنى بىنا قىلىنغاندىن تارتىپ تىنچ، ئۇلۇغ بولغان شەھەر ـ ھەرەمگە يەرلەشتۈردى. ئۇلارنىڭ

(1) تەۋبە سۈرىسى 113 ـ ئايەت.

كاپىر ۋە شېرىك كەلتۈرگەن ھالەتلىرىدە خاتىرجەم بولغان بۇ ھەرەم ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندا، ھەقىقەتكە ئەگەشكەندە ئۇلارغا تىنچسىز بولۇپ قالارمۇ؟!

﴿ھەرەمگە تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلىدۇ﴾ يەنى ھەرەمدە چىقمايدىغان باشقا مېۋىلەر ھەرەمنىڭ ئەتراپىدىكى تائىف ۋە باشقا شەھەرلەردىن كەلتۈرۈلىدۇ. شۇنداقلا بازارلار ئېچىلىدۇ، ماللار كەلتۈرۈلىدۇ. ﴿(بۇ) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن چۈشۈرۈلگەن رىزىقتۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدۇ.

*******

وَكَمۡ أَهۡلَكۡنَا مِن قَرۡيَةِۭ بَطِرَتۡ مَعِيشَتَهَاۖ فَتِلۡكَ مَسَٰكِنُهُمۡ لَمۡ تُسۡكَن مِّنۢ بَعۡدِهِمۡ إِلَّا قَلِيلٗاۖ وَكُنَّا
نَحۡنُ ٱلۡوَٰرِثِينَ ﴿٥٨﴾ وَمَا كَانَ رَبُّكَ مُهۡلِكَ ٱلۡقُرَىٰ حَتَّىٰ يَبۡعَثَ فِيٓ أُمِّهَا رَسُولٗا يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِنَاۚ وَمَا
كُنَّا مُهۡلِكِي ٱلۡقُرَىٰٓ إِلَّا وَأَهۡلُهَا ظَٰلِمُونَ ﴿٥٩﴾

بىز نۇرغۇن شەھەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى كەيىپ ـ ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىدۇر، ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن، (ئۇ جايلاردا) ئازغىنا ۋاقىتتىن تاشقىرى ئادەم تۇرغان ئەمەس، ئۇلار (نىڭ مال ـ مۈلكى ۋە يۇرتىغا) بىز ۋارىسلىق قىلدۇق﴿58﴾. پەرۋەردىگارىڭ شەھەرلەرنىڭ مەركىزىگە، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتمىگىچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچى بولمىدۇق، شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى زالىم بولمىغىچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچىمۇ بولمىدۇق﴿59﴾.

## شەھەرلەرنىڭ دەلىل بايان قىلىنغاندىن كېيىن ھالاك قىلىنىدىغانلىقى

الله تۆۋەندىكى ئايىتىنى مەككە ئەھلىگە قارىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز نۇرغۇن شەھەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى كەيىپ ـ ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى﴾ يەنى ئۇلار چېكىدىن ئاشتى، كەيىپ ـ ساپالىق تۇرمۇشقا بېرىلدى. الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نېمەتلەرگە كۇپۇرلۇق قىلدى.

﴿الله مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر شەھەر (يەنى مەككە ئاھالىسى) بولۇپ، (ئەسلىدە) تىنچ ـ خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، (ئۇنىڭ ئاھالىسى) الله نىڭ نېمەتلىرىگە كۇفرىلىق قىلدى، الله ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئەلەمنى تېتىتتى. ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلدى، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارغا ئازاب (يەنى قاتتىقچىلىق ۋە ئوقۇبەت) يۈزلەندى، ئۇلار (گۇناھلارغا چۆمۈلگەنلىك تۈپەيلىدىن) زالىم ئىدى﴾[1].

﴿بۇ ئۇلارنىڭ تۇرالغا جايلىرىدۇر، ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن، (ئۇ جايلاردا) ئازغىنا ۋاقىتتىن تاشقىرى ئادەم تۇرغان ئەمەس﴾ يەنى ئۇلارنىڭ دىيارلىرى خارابىلىققا ئايلانغان بولۇپ، تۇرالغۇ

(1) نەھل سۈرىسى 112 ــ 113 ـ ئايەتلەر.

جايلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (نىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋە يۇرتىغا) بىز ۋارىسلىق قىلدۇق**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ يۇرتىنى ئۇنىڭدا ھېچ بىر كىشى يوق، خاراب ھالەتتە قايتۇرۇۋالدۇق.

ئاندىن الله تائالا ئۆزىنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: الله ھېچ بىر كىشىگە زۇلۇم قىلىپ ،ئۇنى ھالاك قىلمايدۇ، الله ھالاك قىلغان ئادەملەرنى چوقۇم ئۇلارغا دەلىل ـ پاكىت كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنىڭغا قايىل بولمىسا، ئاندىن ھالاك قىلىدۇ. الله شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىڭ شەھەرلەرنىڭ مەركىزىگە**﴾ يەنى مەككىگە، ﴿**ئۇلارنىڭ ئاھالىسىگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتمىگىچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچى بولمىدۇق**﴾ بۇ ئايەتتە ساۋاتسىز پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن ئەرەب ۋە غەيرى ئەرەب شەھەرلىرىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار.

الله تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، (كىشىلەرنى) قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ساڭا بىز مۇشۇنداق ئەرەبچە قۇرئاننى نازىل قىلدۇق﴾[1].

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾[2]، ﴿بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيي قىلىندى﴾[3]، ﴿(كۇففار) جامائەلىرىدىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر﴾[4].

ئەڭ مۇكەممەل دەلىل الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىدۇر: ﴿(الله غا ئاسىيلىق قىلغان) قانداق بىر شەھەر بولمىسۇن، ئۇنى بىز قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن ھالاك قىلىمىز ياكى ئۇنى قاتتىق ئازابلايمىز﴾[5]. قىيامەتتىن بۇرۇن ھەممە شەھەرنى ھالاك قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. الله ھەقىقەتەن مۇنداق دېدى: ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾[6].

الله تائالا ساۋاتسىز پەيغەمبەرنى زېمىننىڭ ھەممە يېرىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. چۈنكى، ئۇ شەھەرلەرنىڭ مەركىزى بولغان شەھەر ـ مەككىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندۇر.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن قىزىل، قارا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم». شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىك ئاخىرلاشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، ئەلچىمۇ كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ شەرىئىتى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە داۋام قىلىدۇ.

*******

(1) شۇرا سۈرىسى 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ھۇد سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) ئىسرا سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) ئىسرا سۈرىسى 58 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

وَمَآ أُوتِيتُم مِّن شَىْءٍ فَمَتَـٰعُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَزِينَتُهَا ۚ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰٓ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٦٠﴾ أَفَمَن وَعَدْنَـٰهُ وَعْدًا حَسَنًا فَهُوَ لَـٰقِيهِ كَمَن مَّتَّعْنَـٰهُ مَتَـٰعَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ثُمَّ هُوَ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ مِنَ ٱلْمُحْضَرِينَ ﴿٦١﴾

سىلەرگە قانداق نەرسە بېرىلمىسۇن، (ئۇ) دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىنىنتىدۇر، الله نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەڭ ياخشىدۇر، ئەڭ باقىيدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟﴿60﴾ بىز ياخشى ۋەدىنى قىلغان (يەنى جەننەتنى ۋەدە قىلغان) ئادەم ئۇنى تاپىدۇ، (ئۇ) دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىلەر بىلەن بىز پايدىلاندۇرغان، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئازابقا دۇچار بولغان ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ﴿61﴾.

## دۇنيانىڭ تۈگەيدىغانلىقى، دۇنيانى دوست تۇتقۇچىنىڭ ئاخىرەتنى دوست تۇتقۇچى بىلەن باراۋەر بولمايدىغانلىقى

الله بۇ ئايەتتە ياخشى بەندىلەرگە ئاخىرەتتە تەييارلىغان كاتتا ۋە تۈگەپ قالمايدىغان نېمەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننەتلىرىنىڭ، رەڭدارلىقىنىڭ، ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان، ۋاقىتلىق تىرىكچىلىك دۇنياسى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر﴾[1]، ﴿الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر (يەنى مۇكاپات ۋە ھۆرمەت) ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن (كۇففارلار بەھرىمەن بولغان باقاسى يوق ئازغىنا راھەتتىن) ئارتۇقتۇر﴾[2]، ﴿دۇنيا تىرىكچىلىكى ئاخىرەتكە قارىغاندا ئازغىنا نەرسىدۇر﴾[3]، ﴿سىلەر دۇنيادىكى تىرىكچىلىكنى ئارتۇق كۆرىسىلەر. ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر﴾[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىگە قارىغاندا پەقەت سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىر بارمىقىنى دېڭىزغا چۆكۈرۈپ ئالغانچىلىكلا ئاز نەرسىدۇر. ئاندىن ئۇ بارمىقىغا قانچىلىك سۇ يۇققانلىقىغا قاراپ باقسۇن».

﴿**چۈشەنمەمسىلەر؟**﴾ يەنى دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرىدىغان ئادەم بۇنى ئويلانمامدۇ؟ ﴿**بىز ياخشى ۋەدىنى قىلغان (يەنى جەننەتنى ۋەدە قىلغان) ئادەم ئۇنى تاپىدۇ، (ئۇ) دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىلەر بىلەن بىز پايدىلاندۇرغان، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئازابقا دۇچار بولغان ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟**﴾ يەنى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ياخشى ئەمەللىرىگە الله نىڭ ساۋاب بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ئۇ ساۋابقا چوقۇم ئېرىشىدىغان مۆمىن ئادەم الله بىلەن ئۇچرىشىشنى، الله نىڭ بۇ توغرىدىكى ۋەدىسىنى، الله نىڭ يامان ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئىنكار قىلغان، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن ئازغىنا كۈنلەر بەھرىمەن بولغان ﴿**ئاندىن قىيامەت كۈنى ئازابقا دۇچار بولغان**﴾ كاپىر

(1) نەھل سۈرىسى 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 198 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) رەئد سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئەئلا سۈرىسى 16 ـ 17 ـ ئايەتلەر.

ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇجەھىل ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇ يەنە باشقا بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ھەمزە، ئەلى ۋە ئەبۇجەھىل ھەققىدە نازىل بولغان.

ئەمما ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئومۇمنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى الله تائالانىڭ مۆمىن كىشى جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىدە تۇرۇپ، دۇنيادىكى قەدىناس دوستىنىڭ دوزاخنىڭ ئەڭ تېگىدە تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە: ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ (مېنى ئىمانىمدا مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەت) مەرھەمىتى بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن (سەن بىلەن بىللە دوزاخقا) ھازىر قىلىنغانلاردىن بولاتتىم﴾[1] دەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿جىنلار شەك ـ شۈبھىسىز بىلىدۇكى، ئۇلار (دوزاخقا) چوقۇم ھازىر قىلىنىپ (شۇ يەردە ئازاب چېكىدۇ)﴾[2].

*******

وَيَوْمَ يُنَادِيهِمْ فَيَقُولُ أَيْنَ شُرَكَآءِيَ ٱلَّذِينَ كُنتُمْ تَزْعُمُونَ ﴿٦٢﴾ قَالَ ٱلَّذِينَ حَقَّ عَلَيْهِمُ ٱلْقَوْلُ رَبَّنَا هَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ
أَغْوَيْنَآ أَغْوَيْنَٰهُمْ كَمَا غَوَيْنَا ۖ تَبَرَّأْنَآ إِلَيْكَ ۖ مَا كَانُوٓاْ إِيَّانَا يَعْبُدُونَ ﴿٦٣﴾ وَقِيلَ ٱدْعُواْ شُرَكَآءَكُمْ فَدَعَوْهُمْ فَلَمْ
يَسْتَجِيبُواْ لَهُمْ وَرَأَوُاْ ٱلْعَذَابَ ۚ لَوْ أَنَّهُمْ كَانُواْ يَهْتَدُونَ ﴿٦٤﴾ وَيَوْمَ يُنَادِيهِمْ فَيَقُولُ مَاذَآ أَجَبْتُمُ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٦٥﴾
فَعَمِيَتْ عَلَيْهِمُ ٱلْأَنۢبَآءُ يَوْمَئِذٍ فَهُمْ لَا يَتَسَآءَلُونَ ﴿٦٦﴾ فَأَمَّا مَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَعَسَىٰٓ أَن
يَكُونَ مِنَ ٱلْمُفْلِحِينَ ﴿٦٧﴾

شۇ كۈنى الله ئۇلارغا: «سىلەر گۇمان قىلغان مېنىڭ شېرىكلىرىم قەيەردە؟» دەپ نىدا قىلىدۇ﴿62﴾. ئۆزلىرىگە ئازاب تېگىشلىك بولغانلار (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرى): «پەرۋەردىگارىمىز! بىز (سېنىڭ يولۇڭدىن) ئازدۇرغانلارنى (يەنى ئەگەشكۈچىلىرىمىزنى) ئۆزىمىز ئازغاندەك ئازدۇردۇق، (پەرۋەردىگارىمىز!) ئۇلاردىن يىراقلىشىپ ساڭا يېقىنلاشتۇق، ئۇلار بىزگە ئىبادەت قىلمايتتى (پەقەت نەپسى خاھىشلىرىغا ئىبادەت قىلاتتى)» دېيىشىدۇ﴿63﴾. ئۇلارغا: «شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار» دېيىلگەن ھامان، ئۇلار شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىنى چاقىرىدۇ، ئۇلاردىن جاۋاب كەلمەيدۇ، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، (كاپىر بولغانلىقلىرىغا نادامەت قىلىپ) (دۇنيادىكى ۋاقتىدا) ھىدايەت تاپقان بولۇشلىرىنى ئارزۇ قىلىدۇ﴿64﴾. ئۇ كۈندە الله ئۇلارغا نىدا قىلىپ ئېيتىدۇ: «پەيغەمبەرلەرگە نېمە بىلەن جاۋاب بەردىڭلار؟»﴿65﴾. ئۇ كۈندە ئۇلارغا بارلىق خەۋەرلەر قاراڭغۇ بولىدۇ، ئۇلار ئۆز ئارا سوراشمايدۇ﴿66﴾. تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردىن بولۇشى ئۈمىدلىكتۇر﴿67﴾.

(1) ساففات سۈرىسى 57 ـ ئايەت.
(2) ساففات سۈرىسى 158 ـ ئايەت.

# مۇشرىكلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ شېرىكلىرىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقى

الله تائالا قىيامەت كۈنى الله غا شېرىك كەلتۈرگەن كاپىرلارغا مالامەت قىلىپ مۇنداق نىدا قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ: ﴿**سىلەر گۇمان قىلغان مېنىڭ شېرىكلىرىم قەيەردە؟**﴾ يەنى سىلەر دۇنيادىكى چېغىڭلاردا (بۇتلارنى، شېرىكلەرنى ئىلاھ قىلىپ) چوقۇنغان ئىلاھلىرىڭلار قەيەردە؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم قىلالامدۇ ياكى ئۆزلىرى ياردەمگە ئېرىشەلەمدۇ؟ بۇ سۆز ئۇلارنى قورقىتىش ۋە تەنە قىلىش ئۈچۈن دېيىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز دەسلەپتە سىلەرنى قانداق خەلق ئەتكەن بولساق، دەرگاھىمىزغا شۇنداق تەنھا كەلدىڭلار، سىلەرگە بىز ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا (يەنى دۇنيادا) قويۇپ كەلدىڭلار، (ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولۇشتا) الله نىڭ شېرىكلىرى دەپ گۇمان قىلغان شاپائەتچىڭلارنى سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ھەقىقەتەن ئۈزۈلدى، سىلەر (شاپائەت قىلىدۇ) دەپ گۇمان قىلغان بۇتلار بەربات بولدى﴾[1].

﴿**ئۆزلىرىگە ئازاب تېگىشلىك بولغانلار**﴾ يەنى شەيتانلار، ئىسيانكارلار ۋە كۇفرىغا چاقىرغانلار: ﴿«**پەرۋەردىگارىمىز! بىز (سېنىڭ يولىڭدىن) ئازدۇرغانلارنى (يەنى ئەگەشكۈچىلىرىمىزنى) ئۆزىمىز ئازغاندەك ئازدۇردۇق، (پەرۋەردىگارىمىز!) ئۇلاردىن يىراقلىشىپ ساڭا يېقىنلاشتۇق، ئۇلار بىزگە ئىبادەت قىلمايتتى (پەقەت نەپسى خاھىشلىرىغا ئىبادەت قىلاتتى) دېيىشىدۇ**»﴾ ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلەرنى ئازدۇرغانلىقىغا، ئاندىن ئۇلارنىڭمۇ ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە ئەگەشكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئىززەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن (يەنى بۇتلىرىنىڭ شاپائىتى بىلەن الله نىڭ ئالدىدا ئىززەتلىك بولۇشلىرى ئۈچۈن)، الله نى قويۇپ ئىلاھلار (يەنى بۇتلار) غا چوقۇندى. ئىش ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئەمەس (يەنى بۇتلىرى ئۇلارنىڭ الله ئالدىدا ئىززەت تېپىشلىرىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ)، ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ﴾[2]، ﴿الله نى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر. (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[3].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿«بۇ دۇنيادا (بۇتلارغا چوقۇنۇش مەقسىتىدە يىغىلىشىڭلارنىڭ) ئاراڭلاردىكى دوستلۇققا سەۋەب بولۇشى ئۈچۈن، الله نى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار، ئاندىن قىيامەت كۈنى بەزىڭلارنى بەزىڭلار ئىنكار قىلىسىلەر، بەزىڭلارغا بەزىڭلار

(1) ئەنئام سۈرىسى 94 ـ ئايەت.
(2) مەريەم سۈرىسى 81 ـ 82 ـ ئايەتلەر.
(3) ئەھقاف سۈرىسى 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر.

لەنەت ئوقۇيسىلەر؟ (يەنى قىيامەت كۈنى مەزكۇر دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ، ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ، ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى دوستلۇقى الله ئۈچۈن بولغان ئەمەس﴾[1]، ﴿ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى (يەنى دۇنيادىكى دوستلۇقى) ئۈزۈلىدۇ. ئەگەشكۈچىلەر: «كاشكى بىزلەرگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، ئۇلار بىزدىن ئادا ـ جۇدا بولغاندەك بىزمۇ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولاتتۇق» دەيدۇ. الله ئۇلارغا (يامان) ئىشلىرىنىڭ ھەسرەت بولغانلىقىنى مۇشۇنداق كۆرسىتىدۇ، ئۇلار دوزاختىن چىقمايدۇ﴾[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارغا: «شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار» دېيىلىدۇ**﴾ يەنى سىلەر دۇنيادىكى چېغىڭلاردا ئۇلاردىن كۈتكىنىڭلاردەك، ئۇلار كېلىپ سىلەرنى سىلەرنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىڭلاردىن قۇتقازسۇن. ﴿**ئۇلار شۇ ھامان شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىنى چاقىرىدۇ، ئۇلاردىن جاۋاب كەلمەيدۇ، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا**﴾ يەنى ئۇلار چوقۇم دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرگەن چاغدا، ﴿**ھىدايەت تاپقان بولۇشلىرىنى ئارزۇ قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئازابنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدا، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى ۋاقتىدا ھىدايەت تاپقان بولۇشلىرىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇ كۈندە الله (ئۇلارغا) ئېيتىدۇ: «سىلەر مېنىڭ شېرىكلىرىم دەپ ئويلىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار» ئۇلار چاقىرىدۇ، لېكىن ئۇلار (نىڭ شېرىكلىرى) ئىجابەت قىلمايدۇ، بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (ئۇلار ئۆتەلمەيدىغان) ھالاكەتلىك جاينى پەيدا قىلدۇق. گۇناھكارلار دوزاخنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا كىرىدىغانلىقىغا جەزىم قىلىدۇ، دوزاختىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ﴾[3].

## مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ھەققىدە قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقى

﴿**ئۇ كۈندە الله ئۇلارغا نىدا قىلىپ ئېيتىدۇ: «پەيغەمبەرلەرگە نېمە بىلەن جاۋاب بەردىڭلار؟»**﴾ ئاۋۋالقى نىدا تەۋھىد ھەققىدە سوراش ئۈچۈن، بۇ نىدا پەيغەمبەرلىكنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر. سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرگە بەرگەن جاۋابىڭلار نېمە ئىدى؟ ئۇلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولغانتىڭلار؟ بۇ سوئال بەندىدىن قەبرىسىدە: «پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟» دەپ سورىلىدىغان سوئالغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

مۆمىن ئادەم قەبرىدە سوئال سورالغاندا: الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر، ـ دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئەمما كاپىر ئادەم: نېمە، نېمە؟ بىلمەيمەن، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ سۈكۈت قىلىشىدىن باشقا بەرگىدەك جاۋابى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيادا دىلى كور بولغان ئادەم ئاخىرەتتىمۇ كور ۋە تېخىمۇ

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 166 ـ 167 ـ ئايەتلەر.
(3) كەھف سۈرىسى 52 ـ 53 ـ ئايەتلەر.

گۇمراھ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ كۈنده ئۇلارغا بارلىق خەۋەرلەر قاراڭغۇ بولىدۇ، ئۇلار ئۆز ئارا سوراشمايدۇ**﴾ مۇجاھىد: ئۇ كۈنده ئۇلارغا دەلىللەر قاراڭغۇ بولىدۇ، ـ دېدى.

ئۇلار ئۇ كۈنده ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىقنىمۇ سوراشمايدۇ. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: دۇنيادىكى چېغىدا، ﴿**تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردىن بولۇشى ئۈمىدلىكتۇر**﴾ يەنى ئۇ قىيامەت كۈنى مەقسەتكە يېتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن اللّٰه نىڭ پەزلى ۋە ئېھسانى بىلەن چوقۇم يۈز بېرىدۇ.

*******

وَرَبُّكَ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ وَيَخْتَارُ ۗ مَا كَانَ لَهُمُ ٱلْخِيَرَةُ ۚ سُبْحَـٰنَ ٱللَّهِ وَتَعَـٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٦٨﴾ وَرَبُّكَ يَعْلَمُ مَا تُكِنُّ صُدُورُهُمْ وَمَا يُعْلِنُونَ ﴿٦٩﴾ وَهُوَ ٱللَّهُ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ لَهُ ٱلْحَمْدُ فِى ٱلْأُولَىٰ وَٱلْـَٔاخِرَةِ ۖ وَلَهُ ٱلْحُكْمُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٧٠﴾

اللّٰه (مەخلۇقاتىدىن) خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ، تاللاش ھوقۇقى ئۇلاردا ئەمەس، اللّٰه پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر﴿68﴾. پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرۇن تۇتقانلىرىنى ۋە (ئېغىزلىرىدا) دېگەنلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴿69﴾. ئۇ اللّٰه دۇر، ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جىمى ھەمدۇسانا اللّٰه غا مەنسۇپتۇر، ھۆكۈم چىقىرىش اللّٰه غا مەنسۇپتۇر، سىلەر اللّٰه نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴿70﴾.

## يارىتىش، ھەممىنى بىلىش ۋە تاللاشنىڭ يالغۇز اللّٰه تائالاغىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكى

اللّٰه خالىغىنىنى يارىتىش، خالىغىنىنى تاللاش ھوقۇقىنىڭ يالغۇز ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ھەقتە اللّٰه بىلەن جېدەللەشكۈچى، اللّٰه تائالادىن ھېساب ئالغۇچى بولمايدۇ. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللّٰه (مەخلۇقاتىدىن) خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ**﴾ اللّٰه نېمىنى خالىسا، شۇ بولىدۇ. نېمىنى خالىمىسا ئۇ ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ. ياخشى ـ يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى اللّٰه تائالانىڭ قول ئىلكىدىدۇر. ئىنساننىڭ ئاخىرقى قايتىدىغان جايى اللّٰه تائالانىڭ دەرگاھىدىدۇر.

﴿**تاللاش ھوقۇقى ئۇلاردا ئەمەس**﴾ اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ﴾[1].

﴿**پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرۇن تۇتقانلىرىنى ۋە (ئېغىزلىرىدا) دېگەنلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى اللّٰه ئۇلارنىڭ دىللىرىدا نېمىلەرنى يوشۇرغانلىقىنى، نېمىلەرنى ئۆزىگە تۈپلىغانلىقىنى ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئىنسانلاردىن ئاشكارا سادىر بولغان نەرسىلەرنىمۇ بىلىدۇ. ﴿سىلەرنىڭ

(1) ئەھزاب سۈرىسى 36 ـ ئايەت.

ئېچىڭلاردىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان ئاشكارا سۆز قىلغان، كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى (الله ئۈچۈن ئېيتقاندا) ئوخشاشتۇر (يەنى الله ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ)﴾[1].

**﴿ئۇ الله دۇر، ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾** يەنى ئۇ تەنھا ئىلاھتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن باشقا خالىغىنىنى يارىتىدىغان، خالىغىنىنى تاللايدىغان پەرۋەردىگارمۇ يوقتۇر.

**﴿دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جىمى ھەمدۇسانا الله غا مەنسۇپتۇر﴾** يەنى الله جىمى ئىشلىرىنى ئادالەت ۋە ھېكمەت بىلەن قىلغانلىقى ئۈچۈن مەدھىيەگە لايىقتۇر. **﴿ھۆكۈم چىقىرىش الله غا مەنسۇپتۇر﴾** يەنى الله كۈچلۈك، غالىب، ھېكمەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان، مەرھەمەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن بىرەر ھېساب ئالغۇچى بولمايدۇ.

**﴿سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾** يەنى قىيامەت كۈنى ھەممىڭلار الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، الله ھەر بىر ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامان ئەمەلىگە قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. الله تائالاغا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچقانداق نەرسە مەخپىي قالمايدۇ.

* * * * * * *

قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِن جَعَلَ ٱللَّهُ عَلَيْكُمُ ٱلَّيْلَ سَرْمَدًا إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَـٰمَةِ مَنْ إِلَـٰهٌ غَيْرُ ٱللَّهِ يَأْتِيكُم بِضِيَآءٍ ۖ أَفَلَا
تَسْمَعُونَ ﴿٧١﴾ قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِن جَعَلَ ٱللَّهُ عَلَيْكُمُ ٱلنَّهَارَ سَرْمَدًا إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَـٰمَةِ مَنْ إِلَـٰهٌ غَيْرُ ٱللَّهِ
يَأْتِيكُم بِلَيْلٍ تَسْكُنُونَ فِيهِ ۖ أَفَلَا تُبْصِرُونَ ﴿٧٢﴾ وَمِن رَّحْمَتِهِۦ جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ لِتَسْكُنُوا۟
فِيهِ وَلِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٧٣﴾

«ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر الله كېچىنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە ئۇزۇن سوزىدىغان بولسا، الله دىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە يورۇقلۇق ئېلىپ كېلەلەيدۇ، سىلەر ئاڭلىماسىلەر؟» دېگىن﴿71﴾. «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر الله كۈندۈزنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە سوزىدىغان بولسا، الله دىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ سىلەر كۆرمەمسىلەر؟» دېگىن﴿72﴾. سىلەرنى كېچىدە ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە (ھاياتلىق يولىدا ھەرىكەتلىنىپ) الله نىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن ۋە (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى يارىتىشى الله نىڭ رەھمىتىدىندۇر﴿73﴾.

## كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ الله تائالانىڭ نېمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر ئىكەنلىكى

الله بۇ ئايەتلەردە بەندىلىرىگە كېچە ۋە كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئادەم كېچە ـ كۈندۈزسىز ياشىيالمايدۇ. الله ئەگەر كېچىنى ئۇلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە

(1) رەئد سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

مەڭگۈ سوزىدىغان بولسا، بۇنىڭ ئۇلارغا ئەلۋەتتە زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئەلۋەتتە زېرىكىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىقالمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله دىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە يورۇقلۇق ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟**﴾ يەنى سىلەر ئۇ يورۇقلۇق بىلەن بىر ـ بىرىڭلارنى كۆرۈسىلەر ھەم ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىسىلەر.

﴿**سىلەر ئاڭلىمامسىلەر؟**﴾ ئاندىن ئەگەر كۈندۈزنى ئۇلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە مەڭگۈ سوزىدىغان بولسا، بۇنىڭ ئۇلارغا ئەلۋەتتە زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ كۆپلىكىدىن بەدەنلەرنىڭ ئەلۋەتتە ھېرىپ ـ چارچايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

﴿**الله دىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟**﴾ يەنى كېچىدە سىلەر ھەرىكەتلىرىڭلاردىن، قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن توختاپ ئارام ئالىسىلەر.

﴿**سىلەر كۆرمەمسىلەر؟ سىلەرنى كېچىدە ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە الله نىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن دەپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى يارىتىشى الله نىڭ رەھمىتىدىندۇر**﴾ يەنى الله سىلەرگە مەرھەمەت قىلىپ كېچىنى سىلەرنىڭ ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنى سىلەرنىڭ سەپەرلەر ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئارقىلىق الله نىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن يارىتىپ بەردى.

﴿**ئۈمىدكى سىلەر (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىسىلەر**﴾ يەنى سىلەر كېچە ـ كۈندۈزدە تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق الله تائالاغا شۈكۈر قىلىسىلەر. كىم كېچىدە بىرەر ئىبادەتنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئۇنى كۈندۈزدە ئادا قىلىدۇ ياكى كۈندۈزدە ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئۇنى كېچىدە ئادا قىلىدۇ.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿الله (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى) ئەسلىمەكچى بولغانلار ياكى (ئۆزىنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەردى﴾[1] بۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

وَيَوْمَ يُنَادِيهِمْ فَيَقُولُ أَيْنَ شُرَكَآءِيَ ٱلَّذِينَ كُنتُمْ تَزْعُمُونَ ﴿٧٤﴾ وَنَزَعْنَا مِن كُلِّ أُمَّةٍ
شَهِيدًا فَقُلْنَا هَاتُوا۟ بُرْهَـٰنَكُمْ فَعَلِمُوٓا۟ أَنَّ ٱلْحَقَّ لِلَّهِ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يَفْتَرُونَ ﴿٧٥﴾

ئۇ كۈندە الله ئۇلارغا نىدا قىلىپ: «سىلەر گۇمان قىلغان مېنىڭ شېرىكلىرىم قەيەردە؟» دەيدۇ﴿74﴾. بىز ھەر ئۇممەتتىن (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر گۇۋاھچى (يەنى پەيغەمبەر) نى چىقىرىمىز، پاكىتىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار دەيمىز، ئۇلار ھەقىقەتنىڭ الله غا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلىرى (يەنى مەبۇدلىرى) ئۇلارنى ئۇلاردىن چەتكە ئالىدۇ﴿75﴾.

(1) فۇرقان سۈرىسى 62 ـ ئايەت.

## مۇشرىكلارنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلارغا قاتتىق تېگىش توغرىسىدا

مانا بۇ، **الله** تائالاغا باشقا ئىلاھلارنى قوشۇپ چوقۇنغان ئادەمنى ئەيىبلەش ۋە قورقۇتۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئىككىنچى نىدادۇر. ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ئۇلارنى گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىغا چاقىرىپ ئېيتىدۇ: دۇنيادىكى چېغىڭلاردا، **﴿سىلەر گۇمان قىلغان مېنىڭ شېرىكلىرىم قەيەردە؟ بىز ھەر ئۈممەتتىن (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر گۇۋاھچى (يەنى پەيغەمبەر) نى چىقىرىمىز، پاكىتىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار دەيمىز﴾** يەنى **الله** تائالانىڭ شېرىكلىرى بار دېگەن دەۋايىڭلارنىڭ توغرىلىقىغا پاكىت كەلتۈرۈڭلار، ـ دەيمىز.

**﴿ئۇلار ھەقىقەتنىڭ الله غا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلىدۇ﴾** يەنى **الله** تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى بىلىدۇ. ئۇلار سۆزلىيەلمەيدۇ، جاۋابمۇ تاپالمايدۇ.

**﴿ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلىرى (يەنى مەبۇدلىرى) ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن چەتكە ئالىدۇ﴾** يەنى ئۇلار كۆزدىن غايىب بولىدۇ، ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ.

* * * * * * *

﴿ إِنَّ قَٰرُونَ كَانَ مِن قَوْمِ مُوسَىٰ فَبَغَىٰ عَلَيْهِمْ ۖ وَءَاتَيْنَٰهُ مِنَ ٱلْكُنُوزِ مَآ إِنَّ مَفَاتِحَهُۥ لَتَنُوٓأُ بِٱلْعُصْبَةِ أُو۟لِى ٱلْقُوَّةِ إِذْ قَالَ لَهُۥ قَوْمُهُۥ لَا تَفْرَحْ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلْفَرِحِينَ ﴿٧٦﴾ وَٱبْتَغِ فِيمَآ ءَاتَىٰكَ ٱللَّهُ ٱلدَّارَ ٱلْءَاخِرَةَ ۖ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ ٱلدُّنْيَا ۖ وَأَحْسِن كَمَآ أَحْسَنَ ٱللَّهُ إِلَيْكَ ۖ وَلَا تَبْغِ ٱلْفَسَادَ فِى ٱلْأَرْضِ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٧٧﴾

قارۇن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا يوغانلىق قىلدى، قارۇنغا خەزىنىلەردىن شۇ قەدەر بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىرلىق قىلاتتى، ئەينى ۋاقىتتا قارۇنغا قەۋمى ئېيتتى: «كۆرەڭلەپ كەتمە، **الله** ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ﴿76﴾. **الله** ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، **الله** ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (**الله** نىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، **الله** ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴿77﴾.

## قارۇن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشى

**﴿قارۇن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: قارۇن مۇسانىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئىبراھىم نەخەئىي، ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس، سەمماك ئىبنى ھەرب، قەتادە، مالىك ئىبنى دىينار، ئىبنى جۇرەيج ۋە باشقىلارمۇ: قارۇن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى، ـ دېدى. ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ: قارۇن يەسھەرنىڭ ئوغلى، يەسھەر قاھىسنىڭ ئوغلىدۇر. مۇسا ئىمراننىڭ ئوغلى، ئىمران

قاھىسىنىڭ ئوغلىدۇر.

﴿قارۇنغا خەزىنىلەردىن﴾ يەنى مال - مۈلۈكتىن ﴿شۇ قەدەر كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىرلىق قىلاتتى﴾ يەنى ئاچقۇچلارنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇنى كۆتۈرۈش بىر جامائەت كىشىلەرگىمۇ ئەلۋەتتە ئېغىرلىق قىلاتتى.

ئەئمەش خەيسەمەدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: قارۇننىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى تېرىلەردىن ياسالغان ئىدى. ھەر بىر ئاچقۇچ بىر بارماق مىقداردا بولۇپ، ھەر بىرى مۇئەييەن كۆلەمدىكى بىر خەزىنە ئۈچۈن ئىدى. قارۇن بىرەر يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئات - ئۇلاغقا مىنسە، ئاچقۇچلىرى ئاتمىش دانە ئاق تاپان قاشقا قېچىرغا ئارتىلاتتى. بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن باشقا سۆزلەرمۇ رىۋايەت قىلىندى. ھەقىقەتنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

﴿ئەينى ۋاقىتتا قارۇنغا قەۋمى ئېيتتى: «كۆرەڭلەپ كەتمە، الله ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ﴾ يەنى ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ياخشى ئادەملىرى ئۇنىڭ مال - دۇنياسى بىلەن كۆرەڭلەپ خۇدىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن مۇنداق دېدى: سەن ئېرىشكەن نەرسىلىرىڭ بىلەن كۆرەڭلەپ كەتمە، يەنى سەن ئېرىشكەن مال - مۈلكۈڭ بىلەن بىھۇدە يوغانلىق قىلما.

﴿الله ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ﴾ ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: يەنى الله پەخىرلىنىپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: يەنى الله ئۆزى ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلمايدىغان مۇتەكەببىر، ھاكاۋۇرلارنى دوست تۇتمايدۇ.

﴿الله ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن﴾ يەنى الله تائالا ساڭا بەرگەن بۇ نۇرغۇن مال - دۇنيانى، ھاجىتىڭدىن ئارتۇق نازۇنېمەتنى پەرۋەردىگارىڭغا تائەت - ئىبادەت قىلىش يولىغا، ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ساۋاب بولۇشى ئۈچۈن تۈرلۈك ياخشىلىقلارنى قىلىش ئارقىلىق پەرۋەردىگارىڭغا يېقىنلىشىش يولىغا ئىشلەتكىن.

﴿دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن﴾ يەنى الله ساڭا نېسىپ قىلغان يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ - جاي، نىكاھلىنىش قاتارلىق نېسىۋەڭنى ئۇنتۇمىغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ ئۈستۈڭدە الله تائالانىڭ، ئۆزەڭنىڭ، پەرزەنتلىرىڭنىڭ، ئائىلەڭ ۋە مېھمانلىرىڭنىڭ ھەققى باردۇر. ھەر بىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلغىن.

﴿الله ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ الله نىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلغىن﴾ يەنى الله ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلغىن.

﴿يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغىن﴾ يەنى سېنىڭ نىيىتىڭ سەن ئېرىشكەن پۇل - مال بىلەن يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە يامانلىق يەتكۈزۈش بولمىسۇن. ﴿الله ھەقىقەتەن، بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾.

*******

قَالَ إِنَّمَآ أُوتِيتُهُۥ عَلَىٰ عِلْمٍ عِندِىٓ ۚ أَوَلَمْ يَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ قَدْ أَهْلَكَ مِن قَبْلِهِۦ مِنَ ٱلْقُرُونِ مَنْ هُوَ أَشَدُّ مِنْهُ قُوَّةً
وَأَكْثَرُ جَمْعًا ۚ وَلَا يُسْـَٔلُ عَن ذُنُوبِهِمُ ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿٧٨﴾

قارۇن: «مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن بۇ بايلىققا ئېرىشتىم» دېدى. قارۇندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان (مېلى) تېخىمۇ كۆپ بولغان كىشىلەرنى **الله** نىڭ ھالاك قىلغانلىقىنى ئۇ بىلمەمدۇ؟ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سورىلىشى (**الله** بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ھاجەتسىزدۇر﴿78﴾.

**الله** قارۇننىڭ قەۋمىگە (ئۇلار ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان ۋە ياخشىلىق يولىنى كۆرسەتكەن چاغدا) بەرگەن جاۋابىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قارۇن: «مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن بۇ بايلىققا ئېرىشتىم» دېدى**﴾ يەنى مېنىڭ سىلەر دەۋاتقان نەرسىگە ھاجىتىم يوق. **الله** مېنىڭ بۇ مالغا تېگىشلىك ئادەم بولغانلىقىمنى بىلگەنلىكى ۋە **الله** نىڭ ماڭا مۇھەببىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، **الله** ئۇنى ھەقىقەتەن ماڭا بەردى.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم بۇ ئايەتكە ناھايىتى لايىق بولغان تەپسىرنى قىلدى. ئۇ **الله** تائالانىڭ: ﴿**قارۇن: «بۇ بايلىققا مېنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىمنى الله نىڭ بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئېرىشتىم» دېدى**﴾ دېگەن ئايىتىنى مۇنداق تەپسىر قىلدى: قارۇن: ئەگەر **الله** مەندىن رازى بولمىغان ۋە مېنىڭ پەزلىمنى بىلمىگەن بولسا، ماڭا بۇ مال ـ دۇنيانى بەرمىگەن بولاتتى، ـ دېدى.

ئاندىن ئابدۇراھمان بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**قارۇندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان (مېلى) تېخىمۇ كۆپ بولغان كىشىلەرنى الله نىڭ ھالاك قىلغانلىقىنى ئۇ بىلمەمدۇ؟ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سورىلىشى (الله بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ھاجەتسىزدۇر**﴾ مانا بۇنداق ئىلمى ئاز ئادەم **الله** مول رىزىق بەرگەن ئادەمنى كۆرگەندە، ئۇ بۇنىڭغا ھەقلىق بولمىغان بولسا، **الله** ئۇنى ئۇنىڭغا بەرمەيتتى، ـ دەيدۇ.

*******

فَخَرَجَ عَلَىٰ قَوْمِهِۦ فِى زِينَتِهِۦ ۖ قَالَ ٱلَّذِينَ يُرِيدُونَ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا يَـٰلَيْتَ لَنَا مِثْلَ مَآ أُوتِىَ قَـٰرُونُ
إِنَّهُۥ لَذُو حَظٍّ عَظِيمٍ ﴿٧٩﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْعِلْمَ وَيْلَكُمْ ثَوَابُ ٱللَّهِ خَيْرٌ لِّمَنْ ءَامَنَ وَعَمِلَ
صَـٰلِحًا وَلَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ٱلصَّـٰبِرُونَ ﴿٨٠﴾

قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقتى. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغانلار: «كاشكى بىزگە قارۇنغا بېرىلگەن بايلىق بېرىلسىچۇ، ئۇ ھەقىقەتەن (دۇنيالىقتىن) چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن» دېدى﴿79﴾. ئىلىملىك كىشىلەر: «ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشىگە **الله** نىڭ ساۋابى ياخشىدۇر. ئۇ ساۋاب پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغىلا بېرىلىدۇ» دېدى﴿80﴾.

## قارۇننىڭ زىننەت بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقىشى ۋە قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى

الله بۇ ئايەتتە قارۇندىن خەۋەر قىلىدۇ: قارۇن ۋە خىزمەتچىلىرى بىر كۈنى قەۋمىنىڭ ئالدىغا كاتتا زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىغان، چىرايلىق كىيىنگەن، ئېسىل جابدۇنغان، ئات ـ ئۇلاغلارغا مىنگەن ھالدا، ناھايىتى ھەشەمەت ۋە سۆلەت بىلەن چىقتى. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغان، ئۇنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش، زىبۇزىننەتلىرىگە مايىل ئادەملەر قارۇننى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا بېرىلگەن مال ـ دۇنيانىڭ ئۆزلىرىگىمۇ بېرىلىشىنى ئارزۇ قىلىشىپ مۇنداق دېيىشتى: **﴿كاشكى بىزگە قارۇنغا بېرىلگەن بايلىق بېرىلسىچۇ، ئۇ ھەقىقەتەن (دۇنيالىقتىن) چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن﴾** يەنى دۇنيالىقتىن تولۇق نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن.

پايدىلىق ئىلىم ئىگىلىرى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا مۇنداق دېدى: **﴿«ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشىگە الله نىڭ ساۋابى ياخشىدۇر﴾** يەنى الله نىڭ ئاخىرەتتە مۆمىن، ياخشى بەندىلىرىگە تەييارلىغان مۇكاپاتى سىلەر كۆرگەن نەرسىدىن ياخشىدۇر.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا مۇنداق دېدى: ياخشى بەندىلىرىمگە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلىمىغان، ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كېچىپ باقمىغان مۇكاپاتلارنى تەييارلىدىم. خالىساڭلار، بۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار: ﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله نىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾[1]».

**﴿ئۇ ساۋاب پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغىلا بېرىلىدۇ﴾** سۇددى مۇنداق دەيدۇ: جەننەت پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغىلا بېرىلىدۇ. سۇددى بۇ سۆزنى ئىلىملىك كىشىلەرنىڭ سۆزىنىڭ داۋامى دەپ ھېسابلىدى.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: بۇنداق ھېكمەتلىك سۆز پەقەت دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلانغان، ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغان كىشىلەرگىلا بېرىلىدۇ. ئىبنى جەرىر بۇ سۆزنى: ئەنە شۇ بىلىملىك كىشىلەرنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇ الله تائالانىڭ سۆزى بولۇپ، الله بۇنى خەۋەر قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتتى، ـ دەپ چۈشەندى.

* * * * * * *

فَخَسَفْنَا بِهِۦ وَبِدَارِهِ ٱلْأَرْضَ فَمَا كَانَ لَهُۥ مِن فِئَةٍ يَنصُرُونَهُۥ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُنتَصِرِينَ ﴿٨١﴾
وَأَصْبَحَ ٱلَّذِينَ تَمَنَّوْا۟ مَكَانَهُۥ بِٱلْأَمْسِ يَقُولُونَ وَيْكَأَنَّ ٱللَّهَ يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ
وَيَقْدِرُ لَوْلَآ أَن مَّنَّ ٱللَّهُ عَلَيْنَا لَخَسَفَ بِنَا وَيْكَأَنَّهُۥ لَا يُفْلِحُ ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿٨٢﴾

قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭدىن الله نىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىدىغان بىر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى﴿81﴾. تۈنۈگۈن تېخى قارۇننىڭ

(1) سەجدە سۈرىسى 17 ـ ئايەت.

دەرىجىسىنى ئارزۇ قىلغانلار دېيىشتىكى، «ۋاھ كۆردۇڭمۇ؟ اﷲ بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدىكەن، اﷲ بىزگە مەرھەمەت قىلمىغان (يەنى ئارزۇ قىلغىنىمىزنى بەرگەن) بولسا ئىدى، بىزنى ئەلۋەتتە يەر يۇتاتتى، ۋاي كۆردۇڭمۇ؟ كاپىرلار نىجات تاپمايدۇ» ﴿82﴾.

## قارۇننىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىلىشى

اﷲ تائالا بۇ ئايەتتە قارۇننىڭ ئۆز قەۋمى ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقىپ، ئۇلارغا بايلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلغانلىقىنى، پەخىرلەنگەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا قارىتا چېكىدىن ئاشقانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇنى (ئۆيى بىلەن قوشۇپ) يەر يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلدى.

ئىمام بۇخارى سالىمنىڭ ئاتىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن ئىشتىنىنى ئۇزۇن كىيىپ يۈرگەن ئىدى. ئۇنى تۇيۇقسىز يەر يۇتۇپ كەتتى. ھالبۇكى، ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە يەرنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ بارىدۇ».

ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن بىر ئادەم بىر قۇر يېشىل تون كىيىپ، پەخىرلەنگەن ھالدا كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقتى. اﷲ يەرگە بۇيرۇق بەردى، يەر ئۇنى يۇتۇپ كەتتى. ئۇ شەك ـ شۈبھىسىز قىيامەت كۈنىگىچە يەرنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ بارىدۇ».

اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇنىڭدىن اﷲ نىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىدىغان بىر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى﴾** يەنى ئۇنىڭ توپلىغان بايلىقى ۋە خىزمەتچىلىرى اﷲ نىڭ ئازابىنى ئۇنىڭدىن دەپئى قىلالمىدى. قارۇن ھەتتا ئۆزىمۇ ئۆزىگە ياردەم قىلالمىدى. ئۇنىڭغا باشقىلارمۇ ياردەم بېرەلمىدى.

## قارۇننى يەر يۇتۇپ كەتكەنلىكىدىن قەۋمىنىڭ ئىبرەت ئالغانلىقى

**﴿تۈنۈگۈن تېخى قارۇننىڭ دەرىجىسىنى ئارزۇ قىلغانلار﴾** يەنى ئۇنى زىننىتى ئىچىدە ھەشەمەتلىك ھالدا كۆرۈپ: **﴿كاشكى بىزگە قارۇنغا بېرىلگەن بايلىق بېرىلسىچۇ، ئۇ ھەقىقەتەن (دۇنيالىقتىن) چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن﴾** دېگەنلەر قارۇننى يەر يۇتۇپ كەتكەن چاغدا ئېيتتىكى: **﴿ۋاھ، كۆردىڭمۇ؟ اﷲ بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدىكەن﴾** يەنى بايلىق اﷲ تائالانىڭ ئۇنىڭ ئىگىسىدىن رازى بولغانلىقىنىڭ نىشانى ئەمەس ئىكەن، اﷲ ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمگە نېمەتلەر بېرىپ، خالىغان ئادەمدىن ئۇنى مەنئى قىلىدىكەن، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن، خالىغان ئادەمنىڭ مەرتىۋىسىنى تۆۋەن، خالىغان ئادەمنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىدىكەن.

بۇنىڭدىكى تولۇق ھېكمەتنى، پېتەرلىك دەلىلنى اﷲ ئۆزى بىلگۈچىدۇر. ئىمام ئەھمەد ئىبنى

مەسئۇدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللہ ھەقىقەتەن ئاراڭلاردا رىزقىڭلارنى تەقسىم قىلغاندەك، ئەدەب ـ ئەخلاقىڭلارنىمۇ تەقسىم قىلدى. اللہ بايلىقنى چوقۇم ئۆزى ياقتۇرغان ئادەمگىمۇ، ياقتۇرمىغان ئادەمگىمۇ بېرىدۇ. ئىماننى بولسا، پەقەت ئۆزى ياقتۇرغان ئادەمگىلا بېرىدۇ».

**﴿اللہ بىزگە مەرھەمەت قىلمىغان بولسا ئىدى، بىزنى ئەلۋەتتە يەر يۇتاتتى﴾** يەنى اللہ بىزگە مېھرىبانلىق ۋە ياخشىلىق قىلمىغان بولسا ئىدى، يەر بىزنى ئەلۋەتتە قارۇننى يۇتقاندەك يۇتاتتى، چۈنكى، بىز قارۇندەك بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ئىدۇق: **﴿ۋاي، كۆردىڭمۇ؟ كاپىرلار نىجات تاپمايدۇ﴾** يەنى قارۇن كاپىر ئىدى. كاپىر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجات تاپالمايدۇ.

*******

تِلْكَ ٱلدَّارُ ٱلْـَٔاخِرَةُ نَجْعَلُهَا لِلَّذِينَ لَا يُرِيدُونَ عُلُوًّا فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا فَسَادًا ۚ وَٱلْعَٰقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ ﴿٨٣﴾ مَن جَآءَ
بِٱلْحَسَنَةِ فَلَهُۥ خَيْرٌ مِّنْهَا ۖ وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَلَا يُجْزَى ٱلَّذِينَ عَمِلُوا۟ ٱلسَّيِّـَٔاتِ إِلَّا مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٨٤﴾

ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴿83﴾. كىمكى ياخشى ئىش قىلغان ئىكەن، ئۇ قىلغان ئىشلىرىدىنمۇ ياخشى مۇكاپاتقا (يەنى قىلغان ياخشىلىقىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا) ئېرىشىدۇ، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، يامان ئىش قىلغانلارغا پەقەت قىلغان ئىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ﴿84﴾.

## كەمتەر مۆمىنلەرگە ئاخىرەتتە تەييارلانغان نېمەتلەر

اللہ بۇ ئايەتتە ئاخىرەتنى ۋە ئۇنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس نېمىتىنى يەر يۈزىدە ئۆزىنى اللہ نىڭ بەندىلىرىدىن ئۈستۈن تۇتمايدىغان، ئۇلارغا يوغانلىق قىلمايدىغان، تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇزغۇنچىلىق قىلمايدىغان، كەمتەر مۆمىن بەندىلىرىگە تەييارلىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ.

ئىبنى جەرىر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەقىقەتەن بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئايىقىنىڭ بېپى چاغلىق نەرسىسىنىڭ دوستىنىڭكىدىن ياخشى بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق ئادەممۇ اللہ تائالانىڭ: **﴿ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

ئەلىنىڭ بۇ سۆزىنى: ئۇ ئادەم شۇ نىيىتى بىلەن باشقىلار ئالدىدا پەخىرلىنىشنى، كۆز ـ كۆز قىلىشنى كۆزلىمىگەن بولسا، بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، ـ دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى، باشقىلار ئالدىدا پەخىرلىنىش، كۆز ـ كۆز قىلىش تەنقىد قىلىنىدىغان ئىشتۇر.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ماڭا كەمتەر بولۇڭلار، ھەتتا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا پەخىرلەنمىسۇن، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە

زۇلۇم قىلمىسۇن دەپ ۋەھيي قىلىندى» . ئەمما ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى پەخىرلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت گۈزەللىك ئۈچۈن باشقىلارنىڭكىدىن ياخشى بولۇشنى ياخشى كۆرسە، بۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ.

ئىمام مۇسلىم بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ، بىر ئادەم: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ تونىمنىڭ، ئايىغىمنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىمەن، بۇ چوڭچىلىقمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، الله ھەقىقەتەن گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

**﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلغان ئىكەن، ئۇ قىلغان ئىشلىرىدىنمۇ ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ﴾** يەنى كىمكى قىيامەت كۈنى ياخشىلىق بىلەن كېلىدىكەن، الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا بېرىدىغان ساۋابى بۇ بەندىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىدىنمۇ ئارتۇقتۇر. نېمە ئۈچۈن ئۇنداق بولمىسۇن؟ الله ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ، نۇرغۇن ساۋاب بېرىدۇ. بۇ الله تائالانىڭ پەزلىدۇر. ئاندىن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، يامان ئىش قىلغانلارغا پەقەت قىلغان ئىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ﴾** .

الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يامان ئىش قىلغانلار دوزاختا يۈزى بىلەن تاشلىنىدۇ. سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالىنىسىلەر﴾[1] قىيامەت پەزل ۋە ئادالەت ئورنىدۇر.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِى فَرَضَ عَلَيْكَ ٱلْقُرْءَانَ لَرَآدُّكَ إِلَىٰ مَعَادٍ ۚ قُل رَّبِّىٓ أَعْلَمُ مَن جَآءَ بِٱلْهُدَىٰ وَمَنْ هُوَ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ
﴿٨٥﴾ وَمَا كُنتَ تَرْجُوٓا۟ أَن يُلْقَىٰٓ إِلَيْكَ ٱلْكِتَٰبُ إِلَّا رَحْمَةً مِّن رَّبِّكَ ۖ فَلَا تَكُونَنَّ ظَهِيرًا لِّلْكَٰفِرِينَ
﴿٨٦﴾ وَلَا يَصُدُّنَّكَ عَنْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بَعْدَ إِذْ أُنزِلَتْ إِلَيْكَ ۖ وَٱدْعُ إِلَىٰ رَبِّكَ ۖ وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ
﴿٨٧﴾ وَلَا تَدْعُ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ ۘ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۚ كُلُّ شَىْءٍ هَالِكٌ إِلَّا وَجْهَهُۥ ۚ لَهُ ٱلْحُكْمُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٨٨﴾

ساڭا قۇرئاننى (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكامىغا ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان زات سېنى ئەلۋەتتە قايتىدىغان يەرگە (يەنى مەككىگە) قايتۇرىدۇ، ئېيتقىنكى، «كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، كىمنىڭ ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكىنى پەرۋەردىگارىم ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ» ﴿85﴾. سەن (پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ساڭا نازىل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلمىغان ئىدىڭ، پەقەت پەرۋەردىگارىڭ رەھمەت قىلىپ (ساڭا ئۇنى نازىل قىلدى)، كاپىرلارغا ياردەمچى بولمىغىن﴿86﴾. ساڭا الله نىڭ ئايەتلىرى نازىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئايەتلەرگە (ئەمەل قىلىش) تىن كاپىرلار سېنى توسمىسۇن، پەرۋەردىگارىڭغا (يەنى ئۇنى بىر دەپ بىلىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا) دەۋەت قىلغىن، ھەرگىزمۇ مۇشرىكلاردىن بولمىغىن (يەنى ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ماسلاشمىغىن﴿87﴾. الله غا قوشۇپ باشقا بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلما، الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله نىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ، (مەخلۇقاتتا ئىجرا بولىدىغان) ھۆكۈم پەقەت الله غا خاستۇر، سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴿88﴾.

(1) نەھل سۈرىسى 90 ـ ئايەت.

# تەبلىغ قىلىشقا ۋە تەۋھىدكە بۇيرۇش توغرىسىدا

الله بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرگە دەۋەتنى يەتكۈزۈشكە ۋە قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇنىڭ ئاخىرى قايتۇرۇلىدىغان جايىنىڭ قىيامەت كۈنى ئىكەنلىكىنى، ئۇ كۈندە الله ئۇنىڭدىن پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزگەن ياكى يەتكۈزمىگەنلىكى ھەققىدە سورايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ساڭا قۇرئاننى پەرز قىلغان زات سېنى ئەلۋەتتە قايتىدىغان يەرگە قايتۇرىدۇ**﴾ يەنى ساڭا قۇرئاننى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشنى پەرز قىلغان زات ﴿**سېنى ئەلۋەتتە قايتىدىغان جايغا قايتۇرىدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنىگە قايتۇرۇپ، سەندىن ساڭا بېرىلگەن ۋەزىپە ھەققىدە سورايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر جاۋاب بەردىڭلارمۇ؟ دەپ) سورايمىز، پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئەلۋەتتە (الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) سورايمىز﴾[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ: «(قەۋمىڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىنىڭلاردا) قانداق جاۋابقا ئىگە بولدۇڭلار؟» دەپ سورايدۇ﴾[2]، ﴿پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ﴾[3].

ئىمام بۇخارى "سەھىھ بۇخارى" نىڭ تەپسىر بابىدا ئىبنى ئابباسنىڭ: ﴿**سېنى ئەلۋەتتە قايتىدىغان يەرگە قايتۇرىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى: الله سېنى ئەلۋەتتە مەككىگە قايتۇرىدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى. نەسەئى ۋە ئىبنى جەرىرمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى. ئەۋفىيمۇ ئىبنى ئابباستىن ئۇنىڭ بۇ ئايەتنى: الله سېنى خۇددى سەن مەككىدىن چىقىرىلغاندەك ئەلۋەتتە مەككىگە قايتۇرىدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇجاھىدنىڭ بۇ ئايەتنى: الله سېنى ئەلۋەتتە مەككىدىكى تۇغۇلغان يېرىڭگە قايتۇرىدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى بىر يەردە: الله سېنى ئەلۋەتتە ۋاپات قىلدۇرىدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلسا، بىر يەردە: الله سېنى ئەلۋەتتە قىيامەت كۈنىگە قايتۇرىدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلغان. ھالبۇكى، قىيامەت كۈنى ئۆلۈمدىن كېيىن يۈز بېرىدۇ. يەنە بىر يەردە: الله سېنى ئەلۋەتتە جەننەتكە قايتۇرىدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلغان. ۋاھالەنكى جەننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزگەنلىكى، ئۇنى ئىنسانلارغا ۋە جىنلارغا تەبلىغ قىلغانلىقى ئۈچۈن بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر ۋە بارار جايدۇر. چۈنكى، ئۇ الله تائالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان، ئەڭ شەرەپلىك ئىنساندۇر.

﴿**ئېيتقىنكى، «كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، كىمنىڭ ئوپ ـ ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكىنى پەرۋەردىگارىم ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ»**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭدىن ساڭا قارشى تۇرغان، پەيغەمبەرلىكىڭنى ئىنكار قىلغان مۇشرىكلارغا ۋە ئۇلارنىڭ كۆپۈرلۈق يولىغا ئەگەشكەنلەرگە

(1) ئەئراف سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(2) مائىدە سۈرىسى 109 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) زۇمەر سۈرىسى 69 ـ ئايەت.

ئېيتقىنىكى، «پەرۋەردىگارىم سىلەردىن ۋە مەن تەرەپتىن ھىدايەت تاپقۇچىنى ئوبدان بىلىدۇ. ياخشى ئاقىۋەتنىڭ كىمگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ياخشى ئاقىۋەتنىڭ ۋە غەلبىنىڭ كىمگە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى كەلگۈسىدە بىلىسىلەر». ئاندىن **الله** پەيغەمبىرىگە (ئۇنى ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ۋە بەندىلەرگە ئىنئام قىلغان بۈيۈك نېمىتىنى ئەسلىتىپ) مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سەن (پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ساڭا نازىل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلمىغان ئىدىڭ**﴾ يەنى ساڭا ۋەھيي نازىل بولۇشىدىن ئىلگىرى ۋەھيىنىڭ ساڭا نازىل بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدىڭ. لېكىن ﴿**پەرۋەردىگارىڭ رەھمەت قىلىپ**﴾ يەنى شەك ـ شۈبھىسىزكى، **الله** ساڭا ۋە سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن بەندىلەرگە رەھمەت قىلىپ، ۋەھيىنى ساڭا نازىل قىلدى. **الله** ساڭا بۇ كاتتا نېمەتنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ﴿**كاپىرلارغا ياردەمچى بولمىغىن**﴾ بەلكى ئۇلاردىن ئايرىلغىن، ئادا ـ جۇدا بولغىن ۋە ئۇلارغا قارشى تۇرغىن.

﴿**ساڭا الله نىڭ ئايەتلىرى نازىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئايەتلەرگە (ئەمەل قىلىشتىن) كاپىرلار سېنى توسمىسۇن**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا قارشى تۇرۇشى، كىشىلەرنى سېنىڭ يولىڭدىن توسۇشى بىلەن سەن تەۋرىنىپ قالمىغىن، بوشىشىپ كەتمىگىن، پەرۋا قىلمىغىن. **الله** چوقۇم سۆزىڭنى ئۈستۈنلىككە ئېرىشتۈرگۈچى، دىنىڭغا ياردەم قىلغۇچى، ئۇنى باشقا بارلىق دىنلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگۈچىدۇر.

﴿**پەرۋەردىگارىڭ تەرەپكە دەۋەت قىلغىن**﴾ يەنى ھېچ شېرىكى يوق يالغۇز پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغىن. ﴿**ھەرگىزمۇ مۇشرىكلاردىن بولمىغىن (يەنى ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ماسلاشمىغىن) الله غا قوشۇپ باشقا بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلما، الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر**﴾ يەنى ئىبادەت پەقەت **الله** تائالاغىلا مەنسۇپتۇر. ئىلاھلىق پەقەت بۈيۈك **الله** تائالاغىلا يارىشىدۇ.

﴿**الله نىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ**﴾ بۇ **الله** نىڭ مەڭگۈ قالىدىغانلىقى، ھەمىشە تىرىك، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، بارلىق خالايىق ئۆلۈپ، **الله** نىڭ زاتى ئۆلمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەردۇر. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ. ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ﴾[1].

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شائىرلارنىڭ ئەڭ راست سۆزى لەبىيدنىڭ: "بىلگىنكى، **الله** تائالادىن باشقا ھەممە نەرسە باتىلدۇر" دېگەن سۆزىدۇر».

﴿**(مەخلۇقاتتا ئىجرا بولىدىغان) ھۆكۈم پەقەت الله غا خاستۇر**﴾ يەنى پادىشاھلىق ۋە خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىش **الله** غا خاستۇر. **الله** قىلغان ھۆكۈمى ئۈچۈن ھېسابقا تارتىلمايدۇ. ﴿**سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى **الله** نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن **الله** ئەمەللىرىڭلارغا يارىشا ياخشى بولسا مۇكاپات، يامان بولسا جازا بېرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، قەسەس سۈرىسىنىڭ تەپسىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى، جىمى ھەمدۇسانا **الله** تائالاغا خاستۇر!

(1) رەھمان سۈرىسى 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر.

# ئەنكەبۇت سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 69 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الٓمٓ ﴿١﴾ أَحَسِبَ ٱلنَّاسُ أَن يُتۡرَكُوٓاْ أَن يَقُولُوٓاْ ءَامَنَّا وَهُمۡ لَا يُفۡتَنُونَ ﴿٢﴾ وَلَقَدۡ فَتَنَّا ٱلَّذِينَ مِن
قَبۡلِهِمۡۖ فَلَيَعۡلَمَنَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٣﴾ أَمۡ حَسِبَ ٱلَّذِينَ يَعۡمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ
أَن يَسۡبِقُونَاۚ سَآءَ مَا يَحۡكُمُونَ ﴿٤﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەلىف، لام، مىم﴿1﴾. ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟﴿2﴾ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، **اللە** (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ﴿3﴾. يامان ئىش قىلىدىغانلار بىزدىن (يەنى ئازابىمىزدىن) قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!﴿4﴾

## كىمنىڭ راستچىل، كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن مۆمىنلەرنىڭ سىنىلىدىغانلىقى

ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدە بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا سۆزلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەردە قايتا تەكرارلاش ھاجەتسىز. **اللە** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىنسانلار: «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: پاك ۋە يۈكسەك **اللە** مۆمىن بەندىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىمانىغا يارىشا چوقۇم سىنايدۇ دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

ئىمام تىرمىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەڭ ئېغىر سىناققا دۇچ كېلىدىغان ئىنسانلار پەيغەمبەرلەردۇر. ئۇلاردىن قالسا، سالىھ ئادەملەردۇر. ئۇلاردىن قالسا، ئۇلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئادەملەردۇر. ئاندىن قالسا، ئۇلاردىن تۆۋەنكىلەردۇر. بىر ئادەم ئىمانىغا يارىشا سىنىلىدۇ، ئەگەر ئۇ ئىمانى مۇستەھكەم ئادەم بولسا، ئېغىرراق سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ».

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) الله سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟﴾[1] تەۋبە سۈرىسىدىمۇ ئوخشاش مەزمۇندا بىر ئايەت بار. الله بەقەرە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆمىن) لەر ئېغىر چىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر: «الله نىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، الله نىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا بۇ يەردىمۇ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، الله (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ﴾** يەنى ئىمان دەۋاسىدا راست ئېيتقانلارنى بىلىدۇ. يالغان سۆزلىگەنلەرنىمۇ بىلىدۇ. پاك ۋە يۈكسەك الله ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە كېلىدىغان نەرسىنى بىلىدۇ. ۋۇجۇدقا كەلمىگەن، ئەگەر ۋۇجۇدقا كېلىپ قالسا، قانداق كېلىدىغان نەرسىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

بۇ سۈننى مەزھەب ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرىدۇر. بۇنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە باشقىلارمۇ الله تائالانىڭ: **﴿ئىبلىسنىڭ ئۇلار (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئۈستىدىن (ۋەسۋەسە قىلىش بىلەن) ھۆكۈمرانلىق قىلىشى پەقەت بىزنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقۇچىلار بىلەن ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگۈچىلەرنى بىلىۋېلىش ئۈچۈندۇر﴾** دېگەن ئايىتىدىكى: "بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈندۇر" دېگەن سۆزنى كۆرۈۋېلىشىمىز ئۈچۈندۇر، ـ دەپ تەپسىر قىلىپ تەكىتلىگەن ئىدى. چۈنكى، كۆرۈش پەقەت مەۋجۇت نەرسىگە قارىتىلغان بولۇپ، بىلىش كۆرۈشكە قارىغاندا ئاممىباب مەنىگە ئىگە، شۇڭا ئۇ مەۋجۇت بولغان ۋە بولمىغان نەرسىگە قارىتىلىدۇ.

## يامان ئىش قىلغۇچىلارنىڭ الله تائالادىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقى

**﴿يامان ئىش قىلىدىغانلار بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!﴾** يەنى ئىمان ئېيتمىغانلار، بۇ سىناقتىن قېچىپ قۇتۇلىمىز دەپ ئويلىمىسۇن، كەلگۈسىدە ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب ـ ئوقۇبەت بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ۋە قاتتىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿يامان ئىش قىلىدىغانلار بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلايدۇ﴾** يەنى ئۇلار بىزنى جازالاشقا قادىر بولالمايدۇ دەپ ئويلايدۇ. **﴿ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئويلىغان نەرسىسى نېمىدېگەن يامان!

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 142 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 214 ـ ئايەت.

*******

مَن كَانَ يَرْجُوا۟ لِقَآءَ ٱللَّهِ فَإِنَّ أَجَلَ ٱللَّهِ لَءَاتٍ ۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٥﴾ وَمَن جَٰهَدَ فَإِنَّمَا يُجَٰهِدُ لِنَفْسِهِۦٓ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَغَنِىٌّ عَنِ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٦﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَنُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّـَٔاتِهِمْ وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَحْسَنَ ٱلَّذِى كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٧﴾

كىمكى ﷲ غا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ﷲ نىڭ (بۇنىڭغا بەلگىلىگەن) ۋاقتى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ، ﷲ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿5﴾. كىمكى جىهاد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان جىهادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، ﷲ ھەقىقەتەن تامامى ئەھلى جاھاندىن بىهاجەتتۇر﴿6﴾. شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىمىز، ئۇلارنى ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن مۇكاپاتلايمىز﴿7﴾.

## ﷲ نىڭ ياخشى ئادەملەرنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدىغانلىقى

**﴿كىمكى ﷲ غا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن﴾** يەنى قىيامەت كۈنى ﷲ تائالاغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە ﷲ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى كاتتا ساۋابنى ئارزۇ قىلغان ئادەمنىڭ ئارزۇسىنى ﷲ ھەقىقەتەن كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەمىلگە تولۇق ۋە كامىل مۇكاپات بېرىدۇ. بۇ چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ. چۈنكى، ﷲ دۇئانى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. ھەرقانداق شەيئىلەرنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. **﴿كىمكى جىهاد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان جىهادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر﴾**.

**﴿كىمكى ﷲ غا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ﷲ نىڭ (بۇنىڭغا بەلگىلىگەن) ۋاقتى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ، ﷲ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾** ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزى ئۈچۈندۇر﴾[1] يەنى كىم ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ پايدىسى چوقۇم ئۆزىگە قايتىدۇ. ﷲ تائالا ھەقىقەتەن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن بىهاجەتتۇر.

ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ تەقۋا بىر ئادەمنىڭ قەلبىدەك تەقۋادارلاردىن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ تەقۋالىقى ﷲ نىڭ مۈلكىدىن قىلچە نەرسىنى زىيادە قىلىشقا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. شۇڭا ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿كىمكى جىهاد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان جىهادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، ﷲ ھەقىقەتەن تامامى ئەھلى جاھاندىن بىهاجەتتۇر﴾** ئاندىن ﷲ تائالا، ئۆزىنىڭ تامامى ئىنسانلاردىن بىهاجەت تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا ياخشىلىق ۋە ئېھسان قىلغان تۇرۇقلۇق، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادەملەرنى ئەڭ ياخشى مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

ﷲ ئۇلارنىڭ ئەڭ يامان ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئۇلارغا قىلغان ئەڭ ياخشى ئەمەللەر

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بويىچە ساۋاب بېرىدۇ. ئازراق ياخشى ئەمەللىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، بىر ياخشىلىققا ئوندىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە زىيادە ساۋاب بېرىدۇ. بىر يامانلىققا ئۆزىگە ئوخشاش بىر جازا بېرىدۇ ياكى ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە كەچۈرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ﴾[1].

الله بۇ يەردە مۇنداق دەيدۇ: **﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىمىز، ئۇلارنى ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن مۇكاپاتلايمىز﴾**.

* * * * * * *

وَوَصَّيۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيۡهِ حُسۡنٗاۖ وَإِن جَٰهَدَاكَ لِتُشۡرِكَ بِي مَا لَيۡسَ لَكَ بِهِۦ عِلۡمٞ فَلَا تُطِعۡهُمَآۚ إِلَيَّ مَرۡجِعُكُمۡ
فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٨﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَنُدۡخِلَنَّهُمۡ فِي ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٩﴾

ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، سىلەر مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ بارىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنى خەۋەر قىلىمەن﴿8﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى چوقۇم ياخشىلار قاتارىغا كىرگۈزىمىز﴿9﴾.

## ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇش

الله تائالا بەندىلىرىنى تەۋھىدكە چىڭ يېپىشىشقا ئىلھاملاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ھەقىقەتەن ئاتا ـ ئانا ئىككىسى سەۋەبچىدۇر. ئۇ ئىككىسى (ئاتا ئۇنىڭ تەمىناتىنى ھەل قىلىش بىلەن، ئانا ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ بېقىش بىلەن) ئۇنىڭغا غايەت زور دەرىجىدە ياخشىلىق قىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن﴾[2].

الله ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇرۇن قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرگە، مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن﴾** يەنى ئەگەر ئۇلار

(1) نىسا سۈرىسى 40 ـ ئايەت.
(2) ئىسرا سۈرىسى 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

مۇشرىك بولۇپ، سېنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا ئەگىشىشكە مەجبۇرلىسا، ئىبىسگىدە بولسۇنكى، بۇ ھەقتە ئۇلارغا ھەرگىز ئىتائەت قىلمىغىن. سىلەر قىيامەت كۈنى چوقۇم مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ كېلىسىلەر، ئاندىن ساڭا سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭغا قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن، ئۆز دىنىڭدا سەۋرچانلىق بىلەن چىڭ تۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن مۇكاپات بېرىمەن. گەرچە سەن دۇنيادا ئاتا ـ ئاناڭغا ئەڭ يېقىن كىشىلەردىن بولساڭمۇ، سېنى ئاتا ـ ئاناڭنىڭ جامائەسى بىلەن ئەمەس، ياخشى كىشىلەر بىلەن بىرگە يىغىمەن. چۈنكى، ئىنسان قىيامەت كۈنى چوقۇم دىنىي جەھەتتە ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىرگە توپلىنىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى چوقۇم ياخشىلار قاتارىغا كىرگۈزىمىز**﴾.

ئىمام تىرمىزى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مېنىڭ ھەققىمدە تۆت ئايەت نازىل بولدى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ ئېيتتى: ئانام ماڭا: **الله** سېنى ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇمىدىمۇ؟ **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆلگىچە بىر نەرسە يېمەيمەن، سۇ ئىچمەيمەن ياكى سەن كاپىر بولىسەن، ـ دېدى. سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئانامغا بىر نەرسە يېگۈزگەندە، ئۇنىڭ ئېغىزىنى مەجبۇرىي ئېچىپ يېگۈزەتتى. ئاندىن **الله** بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن**﴾. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

*******

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ فَإِذَآ أُوذِىَ فِى ٱللَّهِ جَعَلَ فِتْنَةَ ٱلنَّاسِ كَعَذَابِ ٱللَّهِ وَلَئِن جَآءَ نَصْرٌ مِّن رَّبِّكَ
لَيَقُولُنَّ إِنَّا كُنَّا مَعَكُمْ أَوَلَيْسَ ٱللَّهُ بِأَعْلَمَ بِمَا فِى صُدُورِ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٠﴾ وَلَيَعْلَمَنَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
وَلَيَعْلَمَنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ ﴿١١﴾

بەزى كىشىلەر: «**الله** غا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، **الله** نىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۈلپەتنى **الله** نىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭدىن مەدەت كەلسە: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق» دەيدۇ. **الله** جاھان ئەھلىنىڭ دىللىرىدىكىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلمەمدۇ؟﴿10﴾. **الله** مۆمىنلەرنى چوقۇم بىلىدۇ، مۇناپىقلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ﴿11﴾.



## مۇناپىقلارنىڭ ئادەتلىرى ۋە الله تائالانىڭ سىناش يوللىرى

**الله** بۇ ئايەتتە ئېغىزلىرىدا ئىمان ئېيتقانلىقىنى دەۋا قىلغان، لېكىن ئىمان ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئورنىمىغان يالغانچى قەۋمنىڭ سۈپەتلىرىنى خەۋەر قىلىدۇ. دۇنيادا ئۇلارغا بىرەر ئەزىيەت ۋە كۈلپەت كەلسە، ئۇلار بۇنى ئۆزلىرىگە **الله** تەرىپىدىن كەلگەن ئازاب، دەپ ئېتىقاد قىلىپ ئىسلامدىن يېنىۋالىدۇ. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بەزى كىشىلەر: «الله غا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، الله نىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۈلپەتنى الله نىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ**﴾.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭغا يەتكەن كۆلپەتنىڭ مەنىسى، ئەگەر ئۇ الله نىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، دىنىدىن يېنىۋالىدۇ دېگەنلىكتۇر. سەلەپ ئۆلىمالىرىمۇ مۇشۇنداق دېدى.

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى الله نىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا تامامەن ئوخشايدۇ: ﴿بەزىلەر الله غا شەك ـ شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە دىنىدا تۇرىدۇ (مۇنداق ئادەم مۇناپىق بولۇپ، الله غا دىلى بىلەن ئەمەس، پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭغا بەختسىزلىك يەتسە دىنىدىن يېنىۋالىدۇ، ئۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، بۇ روشەن زىياندۇر. ئۇ الله نى قويۇپ پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتقا چوقۇنىدۇ، بۇ چوڭقۇر گۇمراھلىقتۇر﴾[1].

**﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭدىن مەدەت كەلسە: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق» دەيدۇ﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! ئەگەر يېقىندا پەرۋەردىگارىڭدىن مەدەت كېلىپ، سىلەر غەلىبە قىلساڭلار ۋە غەنىمەت ئالساڭلار، ئەنە شۇ مۇناپىقلار سىلەرگە: بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق. يەنى بىز سىلەرنىڭ دىنىي قېرىندىشىڭلارمىز، ـ دەيدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) سىلەرگە ھادىسە كېلىشنى كۈتىدۇ، ئەگەر سىلەر الله نىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشسەڭلار، ئۇلار: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟ (كاپىرلاردىن ئالغان غەنىمەتلەردىن بىزگىمۇ بېرىڭلار)» دەيدۇ. ئەگەر كاپىرلار زەپەر تاپسا، ئۇلار (كاپىرلارغا): «بىز سىلەردىن غالىب بولۇپ تۇرۇپ (سىلەرنى ئۆلتۈرمىدۇق) ئەمەسمۇ؟ سىلەرنى مۆمىنلەردىن ساقلىمىدۇقمۇ؟» دەيدۇ﴾[2].

﴿الله (رەسۇلۇللاغا، مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە ئاتا قىلىدۇ، ياكى بىر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ ـ دە، كۆڭلىدە يوشۇرغىنى (يەنى مۆمىنلەرنىڭ دۈشمەنلەرنى دوست تۇتقانلىقى) ئۈچۈن ئۇلار نادامەت چېكىدۇ﴾[3].

الله بۇ يەردە ئۇلاردىن خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭدىن مەدەت كەلسە: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق» دەيدۇ، الله جاھان ئەھلىنىڭ دىللىرىدىكىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلمەمدۇ؟﴾** يەنى گەرچە ئۇلار سىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ سىلەر بىلەن بىر دىندا ئىكەنلىكىنى ئاشكارا قىلغان بولسىمۇ، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان، كۆڭۈللىرىدە مەخپىي تۇتقان نىپاقنى بىلمەمدۇ؟

**﴿الله مۆمىنلەرنى چوقۇم بىلىدۇ، مۇناپىقلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ﴾** يەنى الله كىشىلەرنى ئەلۋەتتە، مۆمىنلەردىن مۇناپىقلارنى ئايرىش ئۈچۈن كۆلپەتلەر ۋە نېمەتلەر بىلەن سىنايدۇ. كىمكى الله تائالاغا قىيىنچىلىقلاردا ۋە كەڭرىچىلىكلەردە ئىتائەت قىلسا، ئۇ پەقەت ئۆز پايدىسى ئۈچۈن الله تائالاغا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (الله نىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن

---

(1) ھەج سۈرىسى 11 ـ 12 ـ ئايەتلەر.
(2) نىسا سۈرىسى 141 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مائىدە سۈرىسى 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋاقىپ بولغانغا قەدەر﴾[1] اللە ناھايىتى چوڭ سىناق ۋە ئىمتىھان بولغان ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇنداق دېدى: ﴿اللە يامانىنى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۆمىندىن) ئايرىمىغىچە مۆمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ﴾[2].

*******

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّبِعُواْ سَبِيلَنَا وَلۡنَحۡمِلۡ خَطَٰيَٰكُمۡ وَمَا هُم بِحَٰمِلِينَ مِنۡ خَطَٰيَٰهُم مِّن شَيۡءٍۖ إِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ﴿١٢﴾ وَلَيَحۡمِلُنَّ أَثۡقَالَهُمۡ وَأَثۡقَالٗا مَّعَ أَثۡقَالِهِمۡۖ وَلَيُسۡـَٔلُنَّ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ عَمَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ﴿١٣﴾

كاپىرلار مۆمىنلەرگە: «بىزنىڭ يولىمىز (يەنى دىنىمىز) غا ئەگىشىڭلار، سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى بىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز» دېدى. كاپىرلار مۆمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ئازراقمۇ ئۈستىگە ئالالمايدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر﴿12﴾. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا يۈكلەرنى (يەنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئازدۇرغانلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى) ئۈستىگە ئالىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان يالغان سۆزلىرى ئۈچۈن سوراققا تارتىلىدۇ﴿13﴾.

## كاپىرلارنىڭ باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى (ئۇلارنىڭ كۇفرىغا قايتىش شەرتى) بىلەن ئۆز ئۈستىلىرىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىشى

اللە بۇ ئايەتتە قۇرەيش كاپىرلىرىدىن خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە: دىنىڭلاردىن بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىڭلار، بىزنىڭ يولىمىزغا ئەگىشىڭلار، ﴿«سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى بىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز»﴾ دېدى. يەنى ئۇلار: ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، سىلەرگە گۇناھ بولىدىغان بولسا، گۇناھىڭلار بىزنىڭ ئۈستىمىزگە، بىزنىڭ گەدىنىمىزگە يۈكلەنسۇن، ـ دېدى. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى خۇددى بىراۋنىڭ: بۇ ئىشنى سەن قىلغىن، ئۇ ئىشنىڭ گۇناھىنى مېنىڭ گەدىنىمگە يۈكلەنسۇن، ـ دېگىنىگە ئوخشاشتۇر. اللە تائالا ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كاپىرلار مۆمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ئازراقمۇ ئۈستىگە ئالالمايدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر**﴾ يەنى ئۇلار ئەنە شۇ مۆمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالىمىز دېگەن سۆزلىرىدە يالغانچىلاردۇر. چۈنكى، بىراۋنىڭ گۇناھىنى يەنە بىراۋ ئۈستىگە ئالالمايدۇ.

اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا بىراۋنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا چاقىرسا، ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئازراق نەرسىنى ئۈستىگە ئېلىۋالالمايدۇ﴾[3]، ﴿(ھەر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 31 ـ ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 179 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) فاتىر سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۇرۇپ (ھال) سورىمايدۇ﴾[1].

**﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا يۈكلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ﴾** بۇ، قىيامەت كۈنى كۈپۈرغا ۋە گۇمراھلىققا چاقىرغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىغا، ئۇلار سەۋەبىدىن گۇمراھ بولغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ئازراقمۇ كېمەيتىلمەي قوشۇلۇپ يۈكلىنىدىغانلىقى ھەققىدە قىلىنغان خەۋەردۇر.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇشلىرى ۋە ئۆزلىرى تەرىپىدىن بىلمەستىن ئازدۇرۇلغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىغا ئۆزلىرى جاۋابكار بولۇشلىرى ئۈچۈن (يۇقىرىقى بوھتان سۆزلەرنى قىلدى)﴾[2].

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ھىدايەت يولىغا دەۋەت قىلسا، ئۇ يولغا قىيامەتكىچە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ساۋابىدىن ئازراقمۇ كېمەيتىۋېتىلمەستىن، ئۇ ئادەمگە ئۇلارنىڭ ساۋابىغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ. كىمكى، گۇمراھلىق يولىغا چاقىرسا، ئۇ يولغا قىيامەتكىچە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ئازراقمۇ كېمەيتىۋېتىلمەستىن، ئۇ ئادەمگە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا ئوخشاش گۇناھلار يۈكلىنىدۇ».

ئىمام مۇسلىم يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرەر ئادەم ناھەق ئۆلتۈرۈلسە، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئوغلى قابىلغا بىر كىشىلىك گۇناھ يېزىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشنى باشلاپ بەرگەن ئادەمدۇر».

**﴿قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان يالغان سۆزلىرى ئۈچۈن سوراققا تارتىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلار يالغان سۆزلىرى ۋە ئويدۇرۇپ چىققان بوھتانلىرىدىن سورىلىدۇ.

بۇ يەردە ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغ قىلىۋېتىپ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن ﷲ تائالا قىيامەت كۈنى: مېنىڭ ئىززىتىم ۋە جالالىتىم بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن ماڭا زۇلۇم قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ، ـ دەيدۇ. ئاندىن بىر جاكارچى: پالانىنىڭ ئوغلى پالانى قەيەردە؟ ـ دەپ نىدا قىلىدۇ. ئۇ ئادەم تاغلاردەك ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەم ئاخىرى غالىب، بۈيۈك ۋە شەپقەتلىك ﷲ نىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. ئاندىن ﷲ جاكارچىغا بۇيرۇيدۇ، جاكارچى: پالانىنىڭ ئوغلى پالانى كىمگە يامانلىق ياكى زۇلۇم قىلغان بولسا، بۇ ياققا كەلسۇن، ـ دەپ توۋلايدۇ. ئۇنىڭدىن يامانلىق كۆرگەنلەر، زۇلۇم تارتقانلار ﷲ نىڭ ئالدىغا كېلىپ يىغىلىپ ئۆرە تۇرىشىدۇ. ئاندىن ﷲ : بۇ بەندەمگە ھۆكۈم قىلىڭلار، ـ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئۇنىڭغا قانداق ھۆكۈم قىلىمىز؟ ـ دەيدۇ. ﷲ : ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن ئۇلارغا ئېلىپ بېرىڭلار، ـ دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئېلىشقا باشلايدۇ. تاكى ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن ھېچ نەرسە قالماي تۈگەپ كېتىپ، زۇلۇم چەككەنلەر ئېشىپ قالىدۇ. ئاندىن ﷲ : بۇ بەندەمگە ھۆكۈم قىلىڭلار، ـ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن ئازراقمۇ قالمىدى، ـ دەيدۇ. ﷲ : زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەڭلار، ـ دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر

(1) مائارىج سۈرىسى 10 ـ ـ 11 ـ ئايەتلەر.
(2) نەھل سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلەيھىسسالام: بۇ ئايەتنى مىسال قىلىپ سۆزلىدى: **﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا يۈكلەرنى (يەنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئازدۇرغانلىقلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى) ئۈستىگە ئالىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان يالغان سۆزلىرى ئۈچۈن سوراققا تارتىلىدۇ﴾**».

ئىمام مۇسلىم بۇ ھەدىسنى باشقا بىر سەنەد بىلەن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، بىر ئادەم قىيامەت كۈنى تاغلاردەك ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىراق ئۇ ئادەم بەزىلەرگە زۇلۇم قىلغان، بەزىلەرنىڭ پۇل - مېلىنى ئېلىۋالغان، بەزىلەرنىڭ ئابرويىنى تۆككەن بولۇپ، بۇمۇ كېلىپ، ئۇمۇ كېلىپ ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن ئالىدۇ، ئۇنىڭ بىرمۇ ياخشىلىقى قالمىغاندا، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ».

*******

وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ فَلَبِثَ فِيهِمۡ أَلۡفَ سَنَةٍ إِلَّا خَمۡسِينَ عَامٗا فَأَخَذَهُمُ ٱلطُّوفَانُ وَهُمۡ ظَٰلِمُونَ ﴿١٤﴾ فَأَنجَيۡنَٰهُ وَأَصۡحَٰبَ ٱلسَّفِينَةِ وَجَعَلۡنَٰهَآ ءَايَةٗ لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٥﴾

بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، نۇھ (قەۋمىنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىپ) ئۇلارنىڭ ئىچىدە 50 يىل كەم 1000 يىل تۇردى (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بۇتپەرەس بولۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە چىنپۈتمىدى). ئۇلار زالىم بولغانلىقلىرى (يەنى كۇفرىدا ۋە گۇمراھلىقتا چىڭ تۇرۇپ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن، الله ئۇلارنى توپان (بالاسى) بىلەن ھالاك قىلدى﴿14﴾. بىز نۇھنى ۋە كېمىدىكىلەرنى (غەرق بولۇپ كېتىشتىن) قۇتقۇزدۇق، توپاننى پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن ئىبرەت قىلدۇق﴿15﴾.

## نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ بايانى

الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ، ئۇلارنى الله تائالا تەرەپكە كېچە - كۈندۈز يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا دەۋەت قىلغانلىقىنى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ ھەقتىن تېخىمۇ قېچىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەنلىكى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى، ئازغىنا كىشىلەردىن باشقا ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر قىلىش ئارقىلىق تەسەللىي بېرىدۇ.

**﴿نۇھ (قەۋمىنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىپ) ئۇلارنىڭ ئىچىدە 50 يىل كەم 1000 يىل تۇردى (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بۇتپەرەس بولۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە چىنپۈتمىدى)، ئۇلار زالىم بولغانلىقلىرى (يەنى كۇفرىدا ۋە گۇمراھلىقتا چىڭ تۇرۇپ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن، الله ئۇلارنى توپان (بالاسى) بىلەن ھالاك قىلدى﴾** يەنى بۇ ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى تەۋھىدكە چاقىرىپ قىلغان تەبلىغى، يامان ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرۇشى ئۇلارغا قىلچە تەسىر قىلمىدى.

ئى مۇھەممەد! سەن قەۋمىڭدىن سېنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرگە ئەپسۇسلىنىپ كەتمە، ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرۇپمۇ كەتمە، شەك - شۈبھىسىزكى، الله خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ. ئىش اللە نىڭ ئىلكىدىدۇر. ھەممە ئىش اللە تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە، (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[1] ئى مۇھەممەد! بىلگىنكى، اللە سېنى غالىب قىلىدۇ. ساڭا ياردەم ۋە مەدەت بېرىدۇ. دۈشمىنىڭنى خار قىلىدۇ، ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ ۋە دوزاخقا مەھكۇم قىلىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: نۇھ ئەلەيھىسسالام 40 ياشتا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى، ئۇ قەۋمى ئارىسىدا 50 يىل كەم 1000 يىل تۇردى. توپان بالاسىدىن كېيىن 60 يىل ياشىدى، ئىنسانلار تېزلىكتە كۆپىيىپ يەر يۈزىگە تارالدى.

﴿**بىز نۇھنى ۋە كېمىدىكىلەرنى (غەرق بولۇپ كېتىشتىن) قۇتقۇزدۇق**﴾ يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ قۇتقۇزدۇق. بۇ قىسسىنىڭ تەپسىلاتى ھۇد سۈرىسىدە يېتەرلىك سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنى تەكرارلاش ھاجەتسىز.

﴿**بىز توپاننى پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن ئىبرەت قىلدۇق**﴾ يەنى شۇ كېمىنىڭ ئۆزىنى ئىبرەت ئۈچۈن قالدۇردۇق. قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ كېمە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگىچە جۇدىي تېغىنىڭ ئۈستىدە قالغان ئىدى. ياكى شۇ خىلدىكى كېمىنى ئىنسانلارغا ئۇلارنى توپان بالاسىدىن قانداق قۇتقۇزغانلىق نېمەتلىرىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن ئىبرەت قىلىپ قالدۇردى.

اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا (بىزنىڭ كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەت شۇكى، بىز ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنى (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەرسە - كېرەك ۋە ھايۋاناتلار بىلەن) توشقۇزۇلغان كېمىسىگە چۈشۈردۇق. بىز ئۇلار ئۈچۈن شۇ كېمىگە ئوخشاش ئۇلار چۈشىدىغان نەرسىلەرنى ياراتتۇق. ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنى غەرق قىلىۋېتىمىز، ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچىمۇ بولمايدۇ ۋە ئۇلارنى قۇتۇلدۇرغۇچىمۇ بولمايدۇ. پەقەت بىز رەھىم قىلغانلىقىمىز ۋە ئۇلارنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (ھاياتتىن) بەھرىمەن قىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن (ئۇلار قۇتۇلدۇرۇلىدۇ)﴾[2].

﴿شۈبھىسىزكى، (نۇھنىڭ زامانىدا) چوڭ سۇ يامراپ كەتكەن چاغدا، سىلەرنى (يەنى ئەجدادىڭلارنى) بىز كېمىگە سالدۇق، سىلەرگە ئۇنى ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، تۇتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن (بىز شۇنداق قىلدۇق)﴾[3] اللە بۇ يەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز نۇھنى ۋە كېمىدىكىلەرنى (غەرق بولۇپ كېتىشتىن) قۇتقۇزدۇق. توپاننى پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن ئىبرەت قىلدۇق**﴾.

*******

وَإِبْرَٰهِيمَ إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ وَٱتَّقُوهُ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿١٦﴾ إِنَّمَا
تَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَوْثَٰنًا وَتَخْلُقُونَ إِفْكًا إِنَّ ٱلَّذِينَ تَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَا يَمْلِكُونَ

(1) يۇنۇس سۈرىسى 96 ـ 97 ـ ئايەتلەر.
(2) ياسىن سۈرىسى 41 ـ 44 ـ ئايەتلەر.
(3) ھاققە سۈرىسى 11 ـ 12 ـ ئايەتلەر.

لَكُمْ رِزْقًا فَٱبْتَغُوا۟ عِندَ ٱللَّهِ ٱلرِّزْقَ وَٱعْبُدُوهُ وَٱشْكُرُوا۟ لَهُۥٓ ۖ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿١٧﴾ وَإِن تُكَذِّبُوا۟ فَقَدْ كَذَّبَ أُمَمٌ مِّن قَبْلِكُمْ ۖ وَمَا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿١٨﴾

ئىبراھىمنىمۇ (قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى: «بىر **الله** غا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴿16﴾. سىلەر **الله** نى قويۇپ بۇتلارغىلا ئىبادەت قىلىسىلەر (بۇتلارنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن ياسىۋالغانسىلەر، بۇتلارنىڭ قولىدىن پايدا ـ زىيان كەلمەيدۇ) ۋە يالغاننىلا ئويدۇرىسىلەر، سىلەرنىڭ **الله** نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقىنىڭلار (يەنى بۇتلار) سىلەرگە رىزىق بېرىشكە قادىر ئەمەس، رىزىقنى **الله** نىڭ دەرگاھىدىن تەلەپ قىلىڭلار (رىزىق بېرىشكە پەقەت **الله** نىڭ ئۆزى قادىردۇر)، **الله** غا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، **الله** نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴿17﴾. سىلەر (مېنى) ئىنكار قىلساڭلار (ئىنكار قىلغانلىقىڭلار بىلەن ماڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، پەقەت ئۆزەڭلارغا زىيان يەتكۈزىسىلەر)، سىلەردىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئۈممەتلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان (شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا **الله** نىڭ ئازابى نازىل بولغان، سىلەرگىمۇ شۇنداق ئازاب نازىل بولىدۇ)، پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت (**الله** نىڭ ئەمرلىرىنى) چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر»﴿18﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ۋەز ئېيتىشى

**الله** بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى، دوستى، توغرا يولدىكىلەرنىڭ يول باشچىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇ قەۋمىنى ھېچ شېرىكى بولمىغان، يالغۇز **الله** تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا، **الله** تائالاغا سەممىي ھالدا تەقۋادارلىق قىلىشقا، ھېچ شېرىكى بولمىغان، يالغۇز **الله** دىنلا سەممىي ھالدا رىزىق تەلەپ قىلىشقا، **الله** تائالانى بار ۋە تەنھا دەپ بىلىپ، **الله** نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشقا چاقىردى. بېرىلگەن نېمەتلەر ئۈچۈن **الله** تائالاغا شۈكۈر قىلىش لازىم.

**الله** تائالادىن باشقا ھېچ بىر ياخشىلىق قىلغۇچى يوقتۇر. ئىبراھىم قەۋمىگە مۇنداق دېدى: ﴿**بىر الله غا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار**﴾ يەنى **الله** تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن سەممىي ھالدا قورقۇڭلار.

﴿**ئەگەر بىلسەڭلار بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر**﴾ يەنى ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشىسىلەر، سىلەردىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يامانلىق دەپئى قىلىنىدۇ. ئاندىن **الله** ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ پايدا ـ زىيان كەلمەيدىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى: شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلەر بۇتلارغا ئىسىملارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۇلارنى ئىلاھ دەپ ئاتىۋالدىڭلار، ئۇ بۇتلار ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقتۇر.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان، مۇجاھىد ۋە سۇددىمۇ بۇ ئايەت ھەققىدە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش دېگەن. ۋالبى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىپ: سىلەر يالغاننىلا ياساپ چىقىسىلەر، يەنى بۇتلارنى ئۆزەڭلار ياساپ چىقىپ ئىلاھ قىلىۋالىسىلەر، ـ دېدى. بۇتلار سىلەرگە رىزىق بېرىشكە قادىر ئەمەس، ﴿**رىزىقنى الله نىڭ دەرگاھىدىن تەلەپ قىلىڭلار**﴾ يەنى **الله** تائالانىڭ غەيرىدىن رىزىق تەلەپ قىلماڭلار،

چۈنكى، الله تائالادىن باشقىسى ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس.

﴿**الله غا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار**﴾ يەنى الله تائالا بەرگەن رىزىقنى يەڭلار، تەنھا بىر الله تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە بەرگەن نېمىتى ئۈچۈن الله تائالاغا شۈكۈر قىلىڭلار، ﴿**الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى الله تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن الله ھەر بىر كىشىگە قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ۋە جازا بېرىدۇ.

﴿**سىلەر (مېنى) ئىنكار قىلساڭلار (ئىنكار قىلغانلىقىڭلار بىلەن ماڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، پەقەت ئۆزەڭلارغا زىيان يەتكۈزۈسىلەر)، سىلەردىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئۇممەتلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن ئازاب - ئوقۇبەت ھەققىدىكى خەۋەر سىلەرگە يەتكۈزۈلدى.

﴿**پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت (الله نىڭ ئەمرلىرىنى) چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر**﴾ يەنى پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى الله بۇيرۇغان ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتۇر، الله خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ. بەختلىك كىشىلەردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۆزەڭلارغا كۆيۈمچان بولۇڭلار.

قەتادە الله تائالانىڭ: ﴿**سىلەر (مېنى) ئىنكار قىلساڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئۇممەتلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان**﴾ دېگەن ئايىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ، - دېدى. قەتادەنىڭ بۇ سۆزى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنىڭ بۇ يەردە ئۈزۈلۈپ، الله تائالانىڭ: ﴿**ئىبراھىمنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى**﴾ دېگەن ئايىتىگىچە ئارىلىقتىكى سۆزلەرنىڭ قىستۇرما جۈملە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇنى ئىبنى جەرىرمۇ شۇنداق تەپسىر قىلدى. بىراق بۇ ئايەتنىڭ سىرتقى مەزمۇنىغا قارىغاندا، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ: ﴿**ئىبراھىمنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى**﴾ دېگەن ئايىتىگىچە ئارىلىقتىكى بارلىق سۆزلەرنى قىيامەتنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەۋمى بىلەن مۇنازىرە قىلغاندا ئېيتقان سۆزلەردۇر، - دېدى. الله ھەقىقەتنى بىلگۈچىدۇر.

*******

أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ كَيۡفَ يُبۡدِئُ ٱللَّهُ ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥٓۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٞ ﴿١٩﴾ قُلۡ سِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ
فَٱنظُرُواْ كَيۡفَ بَدَأَ ٱلۡخَلۡقَۚ ثُمَّ ٱللَّهُ يُنشِئُ ٱلنَّشۡأَةَ ٱلۡأٓخِرَةَۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٢٠﴾ يُعَذِّبُ
مَن يَشَآءُ وَيَرۡحَمُ مَن يَشَآءُۖ وَإِلَيۡهِ تُقۡلَبُونَ ﴿٢١﴾ وَمَآ أَنتُم بِمُعۡجِزِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا فِي ٱلسَّمَآءِۖ وَمَا
لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٖ ﴿٢٢﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَلِقَآئِهِۦٓ أُوْلَٰٓئِكَ يَئِسُواْ
مِن رَّحۡمَتِي وَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٢٣﴾

ئۇلار (يەنى ئىنكار قىلغۇچىلار) الله نىڭ مەخلۇقاتىنى دەسلەپتە يوقتىن قانداق يارىتىپ كەلتۈرگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ بۇ الله

غا ھەقىقەتەن ئاساندۇر (ئۇلار بۇنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىدۇ، دەسلەپتە يارىتىشقا قادىر بولغان زات قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر)﴿19﴾. ئېيتقىنكى، «زېمىندا سەير قىلىڭلار، اللّٰه نىڭ مەخلۇقاتنى قانداق قىلىپ (يوقتىن) بار قىلغانلىقىغا قاراڭلار، ئاندىن اللّٰه ئۇلارنى (قىيامەتتە) قايتا پەيدا قىلىدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴿20﴾. اللّٰه خالىغان ئادەمنى جازالايدۇ، خالىغان ئادەمگە رەھمەت قىلىدۇ، (قىيامەتتە) اللّٰه نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴿21﴾. سىلەر مەيلى زېمىندا بولسۇن، مەيلى ئاسماندا بولسۇن، اللّٰه (نىڭ ئازابى) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرگە اللّٰه دىن بۆلەك دوستمۇ يوق، مەدەتكارمۇ يوق»﴿22﴾. اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى (يەنى ئاخىرەتنى) ئىنكار قىلغانلار ئەنە شۇلار مېنىڭ رەھمىتىمدىن نائۇمىد بولدى. ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿23﴾.

## ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنىڭ دەلىللىرى

اللّٰه بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىدۇ، ئۇ (قەۋمىنى ئۇلار قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن) قىيامەتنى ئىسپاتلاشتا، ئۇلارنى اللّٰه تائالانىڭ ئۆزلىرىنى قانداق ياراتقانلىق قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان، ئۆزلىرىدە بار بولغان دەلىللەرگە قاراشقا تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئۇلار تىلغا ئېلىنىدىغان مەۋجۇد نەرسە ئەمەس ئىدى. كېيىن اللّٰه ئۇلارنى يوقلۇقتىن بار قىلدى. ئۇلار قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلايدىغان، كۆزلىرى بىلەن كۆرىدىغان ئىنسانلارغا ئايلاندى. دەسلەپتە بۇ ئىنساننى يوقتىن بار قىلغان اللّٰه ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر. ئۇ ھەقىقەتەن اللّٰه تائالاغا ئاساندۇر.

ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى اللّٰه تائالانىڭ ئەتراپتىكى قۇدرىتىنى ئاشكارا كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرگە، اللّٰه ياراتقان شەيئىلەرگە، ئاسمانلارغا، ئاسماندىكى تۇرغۇن ۋە ھەرىكەتچان يورۇق يۇلتۇزلارغا، زېمىنلارغا ۋە ئۇنىڭدىكى تۈزلەڭلىكلەرگە، تاغلار، ئويمانلىقلار، سەھرالار، چۆللەر، ئورمانلىقلار، دەريالار، مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە دېڭىز ـ ئوكيانلارغا ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراشقا تەۋسىيە قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يوقتىن پەيدا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇ خالىغان نەرسىنى ياراتقۇچى اللّٰه ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

اللّٰه تائالا بىرەر نەرسىنى ۋۇجۇدقا كەل دېسە، ئۇ شۇ ھامان ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار (يەنى ئىنكار قىلغۇچىلار) اللّٰه نىڭ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە يوقتىن قانداق بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ بۇ اللّٰه غا ھەقىقەتەن ئاساندۇر﴾** اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندى ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان اللّٰه ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) اللّٰه غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾[1].

**﴿ئېيتقىنكى: «زېمىندا سەير قىلىڭلار، اللّٰه نىڭ مەخلۇقاتنى قانداق قىلىپ (يوقتىن) بار قىلغانلىقىغا قاراڭلار، ئاندىن اللّٰه ئۇلارنى قايتا پەيدا قىلىدۇ» اللّٰه ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾، ﴿اللّٰه**

(1) رۇم سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**خالىغان ئادەمنى جازالايدۇ، خالىغان ئادەمگە رەھمەت قىلىدۇ﴾** يەنى **الله** تائالا مۇتلەق ھاكىمدۇر، خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر، خالىغىنىنى قىلىدۇ. ئىرادە قىلغان نەرسىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. قىلغان ھۆكمى ئۈچۈن ھېسابقا تارتىلمايدۇ. قىلغان ئىشىدىن سوئال ـ سوراقمۇ قىلىنمايدۇ. بەلكى، ئۇلارنى سوئال ـ سوراق قىلىدۇ. يارىتىش، ئەمر قىلىش **الله** تائالاغا مەنسۇپتۇر. ئۇ نېمە ئىش قىلسا، ئادالەت بىلەن قىلىدۇ. چۈنكى، **الله** تائالا زەررىچىلىكمۇ زۇلۇم قىلمايدىغان پادىشاھتۇر.

ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەگەر **الله** ئاسمانلار ۋە زېمىن ئەھلىنى جازالاشنى خالىسا، ئۇلارنى ئەلۋەتتە جازالايتتى. ھالبۇكى، **الله** ئۇلارغا زۇلۇم قىلمايدۇ».

**﴿الله خالىغان ئادەمنى جازالايدۇ، خالىغان ئادەمگە رەھمەت قىلىدۇ. سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾** يەنى قىيامەت كۈنى **الله** تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

**﴿سىلەر مەيلى زېمىندا بولسۇن، مەيلى ئاسماندا بولسۇن، الله دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر﴾** يەنى ئاسمانلار ۋە زېمىن ئەھلىدىن بىرمۇ ئادەم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بەلكى **الله** بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىدۇر. ھەر نەرسە **الله** تائالادىن قورقۇپ تۇرغۇچىدۇر. **الله** تائالاغا موھتاجدۇر. **الله** تائالا ئۆزىدىن باشقا ھەر قانداق نەرسىدىن بىھاجەتتۇر.

**﴿سىلەرگە الله دىن بۆلەك دوستمۇ يوق، مەدەتكارمۇ يوق. الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغانلار﴾** يەنى **الله** تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن تانغانلار، قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلار: **﴿ئەنە شۇلار مېنىڭ رەھمىتىمدىن نائۈمىد بولدى﴾** يەنى ئۇلارغا مېنىڭ رەھمىتىمدىن نېسىۋە يوقتۇر. ﴿ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ يەنى ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق خارلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

*******

فَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُواْ ٱقْتُلُوهُ أَوْ حَرِّقُوهُ فَأَنجَىٰهُ ٱللَّهُ مِنَ ٱلنَّارِۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَأَيَٰتٍ
لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٢٤﴾ وَقَالَ إِنَّمَا ٱتَّخَذْتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ أَوْثَٰنًا مَّوَدَّةَ بَيْنِكُمْ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَاۖ ثُمَّ يَوْمَ
ٱلْقِيَٰمَةِ يَكْفُرُ بَعْضُكُم بِبَعْضٍ وَيَلْعَنُ بَعْضُكُم بَعْضًا وَمَأْوَىٰكُمُ ٱلنَّارُ وَمَا لَكُم
مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٢٥﴾

ئىبراھىمنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى: «ئىبراھىمنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى كۆيدۈرۈڭلار!» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى. **الله** ئۇنى ئوتتىن قۇتۇلدۇردى (ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلىغاندا، **الله** ئۇنىڭغا ئوتنى سۆرۈن ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردى). ھەقىقەتەن بۇنىڭدا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن (**الله** نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴿24﴾. ئىبراھىم ئېيتتى: «بۇ دۇنيادا (بۇتلارغا چوقۇنۇش مەقسىتىدە يىغىلىشىڭلارنىڭ) ئاراڭلاردىكى دوستلۇققا سەۋەب بولۇشى ئۈچۈن، **الله** نى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار، ئاندىن قىيامەت كۈنى بەزىڭلار بەزىڭلارنى ئىنكار قىلىسىلەر، بەزىڭلار بەزىڭلارغا لەنەت ئوقۇيسىلەر (يەنى قىيامەت كۈنى مەزكۇر دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ، ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ، ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ، چۈنكى،

ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى دوستلۇقى الله ئۈچۈن بولغان ئەمەس)، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرنى (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ»﴿25﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى، الله تائالانىڭ ئوتقا تەدبىر قىلىنىشى

الله بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى، ھەددىدىن ئاشقانلىقى، چوڭچىلىق قىلغانلىقى ۋە ھەقنى باتىل بىلەن رەت قىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا يولنى ۋە ھەقىقەتنى بايان قىلىدىغان ھەممىگە مەلۇملۇق بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى: **﴿«ئىبراھىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ياكى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى﴾** بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلارغا پاكىت تۇرغۇزۇلغان، دەلىل كۆرسىتىلگەندىن كېيىن دەلىل - پاكىتتا يېڭىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار يۈز - ئابرۇيىنى قوغداشتا پادىشاھنىڭ كۈچىدىن پايدىلانماقچى بولدى.

﴿ئۇلار: «ئىبراھىم ئۈچۈن بىر بىنا سېلىڭلار، (ئۇنى ئوتۇن بىلەن تولدۇرۇپ ئوت يېقىڭلار، ئوت يانغاندا) ئۇنى ئوتقا تاشلاڭلار» دېدى. (ئۇلار ئىبراھىمنى ئوتقا تاشلاش بىلەن) ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلماقچى بولدى. بىز (ئىبراھىمنى ئوتتىن سالامەت قۇتقۇزۇش بىلەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق﴾[1] ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ چوڭ بىر ئوتۇن دۆۋىسى ھاسىل قىلدى. ئوتۇنلارنىڭ ئەتراپىغا تام سوقتى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوت ياقتى. ئۇنىڭدىن چىققان ئوت يالقۇنى ئاسمان پەلەككە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇنداق چوڭ ئوت يېقىلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇلار ئىبراھىمنى تۇتۇپ كېلىپ، قوللىرىنى ئارقىغا باغلاپ، مەنجانىقتا سېلىپ ئوتقا تاشلىدى. الله تائالا ئوتنى ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق قىلىپ بەردى. ئىبراھىم ئوتنىڭ ئىچىدە بىر قانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سالامەت چىقتى. بۇ ئىش ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان مىساللار ئارقىلىق الله ئىبراھىمنى ئىنسانلارغا ئۈلگە قىلدى. ئۇ ئۆزىنى الله تائالاغا ئاتاپ ئوتقا تاشلىنىشقا رازى بولدى. ئوغلىنى قۇربانلىق ئۈچۈن ئاتىدى. بايلىقىنى مېھمانلار ئۈچۈن ئاتىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بارلىق دىنلارنىڭ ئەھلى ئىبراھىمنى ياخشى كۆرىدۇ.

**﴿الله ئۇنى ئوتتىن قۇتۇلدۇردى﴾** يەنى ئوتنى ئۇنىڭغا سالقىن ۋە ئامانلىق قىلىپ، ئۇنى ئوتتىن سالامەت چىقاردى. **﴿ھەقىقەتەن بۇنىڭدا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾**.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمگە بۇتلارنىڭ ئاجىزلىقىنى بايان قىلغانلىقى

**﴿ئىبراھىم ئېيتتى: «بۇ دۇنيادا (بۇتلارغا چوقۇنۇش مەقسىتىدە يىغىلىشىڭلارنىڭ) ئاراڭلاردىكى دوستلۇققا سەۋەب بولۇشى ئۈچۈن، الله نى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار»﴾** ئىبراھىم قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتەك يامان قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەپ

(1) سافات سۈرىسى 97 ــ 98 - ئايەتلەر.

مۇنداق دەيدۇ: «بۇ دۇنيادا بۇتلارغا چوقۇنۇش مەقسىتىدە يىغىلىشىڭلارنىڭ، دۇنيا تىرىكچىلىكىدە ئاراڭلاردىكى بىر ـ بىرىڭلارغا بولغان دوستلۇق ۋە ساداقەتكە سەۋەب بولۇشى ئۈچۈن، بۇ بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋالدىڭلار.

﴿ئاندىن قىيامەت كۈنى﴾ بۇ ھالەت دەل ئەكسىچە بولۇپ، بۇ ساداقەت ۋە دوستلۇق غەزەپ ـ نەپرەتكە، دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ، ﴿بەزىڭلارنى بەزىڭلار ئىنكار قىلىسىلەر﴾ يەنى ئاراڭلاردىكى دوستلۇقتىن تانىسىلەر، ﴿**بەزىڭلارغا بەزىڭلار لەنەت ئوقۇيسىلەر (يەنى قىيامەت كۈنى مەزكۇر دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ، ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ، ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى دوستلۇقى الله ئۈچۈن بولغان ئەمەس)**﴾ يەنى ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە، ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكەنلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ، ﴿ھەر قاچان بىر ئۈممەت دوزاخقا كىرىدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتكە (ئۇنىڭغا ئەگىشىپ گۇمراھ بولغانلىقى ئۈچۈن) لەنەت ئوقۇيدۇ﴾[1]، ﴿بۇ كۈندە دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا (ئۇنداق ئەمەستۇر)﴾[2].

﴿**ئاندىن قىيامەت كۈنى بەزىڭلارنى بەزىڭلار ئىنكار قىلىسىلەر، بەزىڭلارغا بەزىڭلار لەنەت ئوقۇيسىلەر (يەنى قىيامەت كۈنى مەزكۇر دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ، ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ، ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى دوستلۇقى الله ئۈچۈن بولغان ئەمەس)، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ**﴾ يەنى قىيامەت مەيدانىدىن كېيىن بارار جايىڭلار، قايتار ئورنۇڭلار دوزاختۇر. سىلەرگە ياردەم قىلىدىغان ھېچ ياردەمچى بولمايدۇ. سىلەرنى الله تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان ھېچ قۇتقۇزغۇچىمۇ بولمايدۇ. مانا بۇ، كاپىرلارنىڭ ھالىدۇر. ئەمما مۆمىنلەرنىڭ ھالى بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ.

* * * * * * *

﴿فَـَٔامَنَ لَهُۥ لُوطٌۘ وَقَالَ إِنِّي مُهَاجِرٌ إِلَىٰ رَبِّيٓۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ٢٦ وَوَهَبۡنَا لَهُۥٓ إِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ
وَجَعَلۡنَا فِي ذُرِّيَّتِهِ ٱلنُّبُوَّةَ وَٱلۡكِتَٰبَ وَءَاتَيۡنَٰهُ أَجۡرَهُۥ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَإِنَّهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ٢٧﴾

لۇت ئىبراھىمغا ئىمان ئېيتتى. ئىبراھىم ئېيتتى: «مەن چوقۇم پەرۋەردىگارىم تەرىپىگە ھىجرەت قىلىمەن (يەنى الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش يۈزىسىدىن ۋەتىنىمنى تەرك ئېتىپ، الله ئەمر قىلغان جايغا ھىجرەت قىلىپ بارىمەن). الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»﴿26﴾. ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق (يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خۇدالىق ئۈچۈن قەۋمىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ياخشى پەرزەنت ئىسھاقنى بەردۇق ۋە ئىسھاقنىڭ ئوغلى بولغان نەۋرىسى يەئقۇبنى بەردۇق)، (ئۇنىڭدىن كېيىن) پەيغەمبەرلىكنى، كىتابنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) ئۇنىڭ ئەۋلادىغا خاس قىلدۇق، دۇنيادىكى مۇكاپاتنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلدۇق (يەنى جەمئىي دىنلاردا ئۇنى ياخشى نامغا ئىگە قىلدۇق)، ئۇ ھەقىقەتەن ئاخىرەتتە ياخشى بەندىلەردىندۇر﴿27﴾.

(1) ئەئراف سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 67 ـ ئايەت.

## لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمان ئېيتىشى ۋە ئۇنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىشى

الله بۇ ئايەتتە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئېيتىلىشىچە: لۇت ئىبراھىمنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇلار: «لۇت ھارانىنىڭ ئوغلىدۇر. ھاران ئازەرنىڭ ئوغلىدۇر» دەيدۇ. يەنى ئىبراھىمنىڭ قەۋمىدىن لۇت ۋە (ئىبراھىمنىڭ ئايالى) سارەدىن باشقا ھېچكىم الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىمغا ئىمان ئېيتمىدى. لېكىن، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى بىلەن سەھىھ بۇخارىدا كەلگەن (ئىبراھىم ھېلىقى زالىم پادىشاھنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ ئىبراھىمدىن سارەنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە سورىغانلىقى، ئىبراھىمنىڭ: ئۇ ھەمشىرەم، ـ دېگەنلىكى، ئاندىن ئىبراھىم سارەنىڭ يېنىغا كېلىپ: مەن ھەقىقەتەن سېنى ئۇنىڭغا ھەمشىرەم دېدىم. مېنى يالغانچى قىلىپ قويما، يەر يۈزىدە مەن ۋە سەندىن باشقا ئىمان ئېيتقانلار يوق. سەن مېنىڭ دىنىي ھەمشىرەم، ـ دېگەنلىكى ھەققىدىكى بۇ) ھەدىسنىڭ مەنىسىنى قانداق بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولىدۇ؟ ـ دېگەن سوئال قويۇلسا، بۇنىڭغا: ھەقىقىي ئەھۋالنى الله بىلگۈچىدۇر. بۇ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغىنى يەر يۈزىدە مەن ۋە سەندىن باشقا ئىمان ئېيتقان ئەر ـ خوتۇن يوق دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ قەۋمىدىن لۇت ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ئىبراھىمغا ئىمان ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن شام زېمىنىغا ھىجرەت قىلدى. ئاندىن ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا سەدۇم ئەھلىگە ۋە شۇ رايوندىكى كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى، ـ دەپ جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ. ئۇلار ئۈستىدە يۈز بەرگەن ئىشلار ئىلگىرى سۆزلەنگەن ئىدى. ئالدىمىزدىمۇ يەنە سۆزلىنىدۇ.

﴿**ئىبراھىم ئېيتتى: «مەن چوقۇم پەرۋەردىگارىم تەرىپىگە ھىجرەت قىلىمەن**﴾ بۇ ئايەتتە الله تائالا ئىبراھىمنىڭ ئۆز دىنىنى ئاشكارا قىلىش ۋە ئۇنى ئۈستۈنلىككە ئېرىشتۈرۈش مەقسىتىدە قەۋمىدىن ئايرىلىپ، ھىجرەت يولىنى تاللىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ. شۇڭا ئىبراھىم مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى غەلىبە الله تائالاغا، الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپتۇر. الله سۆزلىرىدە، ئىشلىرىدا، ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ۋە شەرىئەت قىلىپ كۆرسەتكەن ھۆكۈملىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. قەتادە: لۇت ۋە ئىبراھىم بىرگە كۇفەنىڭ ”مۇسۇل“ دېگەن يېرىدىن شامغا ھىجرەت قىلدى، ـ دېدى.

## الله تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئاتا قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئۇنىڭ ئەۋلادىغا خاس قىلغانلىقى

﴿**ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇبنى ئاتاق قىلدۇق (...)**﴾ الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىم ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ الله نى قويۇپ چوقۇنىۋاتقان نەرسىلىرىدىن يىراقلاشتى، ئۇنىڭغا بىز ئىسھاق بىلەن يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق. ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرسىنى پەيغەمبەر قىلدۇق﴾[1] يەنى ئىبراھىم قەۋمىدىن ئايرىلغاندا، الله ئۇنىڭ كۆڭلىنى پەيغەمبەر بولىدىغان ياخشى بىر ئوغۇلنىڭ يەنى ئىسھاقنىڭ

(1) مەريەم سۈرىسى 49 ـ ئايەت.

دۇنياغا كېلىدىغانلىقى بىلەن خۇرسەن قىلدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەنى پەيغەمبەر بولىدىغان ياخشى پەرزەنت يەئقۇب تۇغۇلدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇنىڭغا (يەنى ئىبراھىمغا) ئىسھاقنى بەردۇق، (ئۇ پەرۋەردىگارىدىن سورىمىسىمۇ) يەئقۇبنى ئوشۇق بەردۇق (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى نەۋرە قىلىپ ياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىۋىدىن زىيادە قىلىپ بەردۇق)﴾[1]، ﴿بىز ئۇنىڭغا (يەنى سارەگە) ئىسھاق (ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش ـ خەۋەر بەردۇق﴾[2] يەنى سىلەر ھايات چاغدا ئوغلۇڭلار ئىسھاقتا بىر ئوغۇل بېرىلىدۇ، نەۋرەڭلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈڭلار خۇرسەن بولىدۇ.

**﴿(ئۇنىڭدىن كېيىن) پەيغەمبەرلىكنى، كىتابنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) ئۇنىڭ ئەۋلادىغان خاس قىلدۇق﴾** الله تائالانىڭ ئۇنى دوست تۇتۇشى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان بۈيۈك ياخشىلىقتۇر. الله تائالا پەيغەمبەرلىكنى ۋە كىتابنى ئۇنىڭ ئەۋلادىغا خاس قىلىش بىلەن ئۇنى ئىنسانلارغا يولباشچى قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، پەقەت ئۇنىڭ نەسلىدىنلا پەيغەمبەر كەلدى.

ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسھاق، ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەئقۇبنىڭ نەسلىدىن بولدى. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئىدى. ئىسا ئۆز قەۋمىگە قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھاشىم جەمەتىدىن كېلىدىغان، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئادەم بالىسىنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولغان پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن خۇش خەۋەر بەردى. الله تائالا ئۇنى ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنىڭ نەسلىدىن كېلىدىغان ساپ ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر قىلىپ تاللىدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەر كەلمىگەن ئىدى.

**﴿دۇنيادىكى مۇكاپاتنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلدۇق (يەنى جەمئىي دىنلاردا ئۇنى ياخشى نامغا ئىگە قىلدۇق)، ئۇ ھەقىقەتەن ئاخىرەتتە ياخشى بەندىلەردىندۇر﴾** يەنى الله ئىبراھىمغا دۇنيادىكى بەخت ـ سائادەتنى ئاخىرەتتىكى بەخت ـ سائادەتكە بىرلەشتۈرۈپ بەردى. دۇنيادا ئۇنىڭغا سىڭىشلىق كەڭ رىزىق، ئازادە تۇرالغۇ جاي، تاتلىق سۇ، چىرايلىق ۋە ياخشى ئايال، گۈزەل مەدھىيە ۋە ياخشىناملار بېرىلدى. ھەر قانداق ئادەم ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە دوست تۇتىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، قەتادە ۋە باشقىلار: شۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب ئىبراھىمنىڭ ھەممە جەھەتتە الله تائالاغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىدە، ـ دېدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى﴾[3] يەنى ئۇ الله بۇيرۇغان بارلىق ئىشلارنى بەجا كەلتۈردى. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتنى كامىل ئادا قىلدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿دۇنيادىكى مۇكاپاتنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلدۇق (يەنى جەمئىي دىنلاردا ئۇنى ياخشى نامغا ئىگە قىلدۇق)، ئۇ ھەقىقەتەن ئاخىرەتتە ياخشى بەندىلەردىندۇر﴾** الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىم ھەقىقەتەن (ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈچى) پېشىۋا، الله غا ئىتائەتمەن، (باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا) بۇرالغۇچى (يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىدى. ئۇ الله غا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئىبراھىم الله نىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى. الله ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە)

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھۇد سۈرىسى 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نەجم سۈرىسى 37 ـ ئايەت.

تاللىدى ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى، ئۇنىڭغا دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلدۇق، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ﴾[1].

* * * * * * *

وَلُوطًا إِذۡ قَالَ لِقَوۡمِهِۦٓ إِنَّكُمۡ لَتَأۡتُونَ ٱلۡفَٰحِشَةَ مَا سَبَقَكُم بِهَا مِنۡ أَحَدٖ مِّنَ
ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢٨﴾ أَئِنَّكُمۡ لَتَأۡتُونَ ٱلرِّجَالَ وَتَقۡطَعُونَ ٱلسَّبِيلَ وَتَأۡتُونَ فِي نَادِيكُمُ
ٱلۡمُنكَرَۖ فَمَا كَانَ جَوَابَ قَوۡمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُواْ ٱئۡتِنَا بِعَذَابِ ٱللَّهِ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ
﴿٢٩﴾ قَالَ رَبِّ ٱنصُرۡنِي عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٣٠﴾

لۇتنى (قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر ھەقىقەتەن قەبىھ ئىش قىلىۋاتىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن بىرىمۇ مۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلغان ئەمەس﴿28﴾. سىلەر ھەقىقەتەن لىۋاتە قىلامسىلەر؟ يوللارنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلامسىلەر؟ سورۇنلىرىڭلاردا ئوپئوچۇق يامان ئىشلارنى قىلىۋېرەمسىلەر؟» ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى: «ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە الله نىڭ ئازابىنى كەلتۈرگىن» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى﴿29﴾. لۇت: «پەرۋەردىگارىم! بۇزغۇنچى قەۋمگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن (يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلىپ ماڭا ياردەم بەرگىن، ئۇلار بۇزغۇنچى ئەخمەقلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈزىلىشى ئۈمىد قىلىنمايدۇ، ئۇلار گۇمراھلىققا، بۇزۇقچىلىققا چۆمۈپ كەتكەن)» دېدى﴿30﴾.

## لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەت قىلىشى ۋە قەۋمى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن جېدەل

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى لۇت ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىدۇ، لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. چۈنكى، ئۇلار ئەھلى جاھان ئىچىدىن لىۋاتە قىلىشتەك قەبىھ قىلمىشلارنى قىلاتتى. بۇ قەبىھ قىلمىشنى ئۇلاردىن ئىلگىرى ئادەم ئەۋلادىدىن ھېچكىم قىلمىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار الله تائالاغا كاپىر بولدى. الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقتى. يوللارنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلدى. يەنى ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئۆتىدىغان يولىنى توسۇپ ئۇلارنى ئۆلتۈردى. مال ـ مۈلكىنى بۇلىدى.

﴿**سورۇنلىرىڭلاردا ئوپئوچۇق يامان ئىشلارنى قىلىۋېرەمسىلەر؟**﴾ يەنى ئۇلار يىغىلىش سورۇنلىرىدا ئىنسان ئەخلاقىغا ماس كەلمەيدىغان يامان سۆزلەرنى، قەبىھ قىلمىشلارنى قىلاتتى. ئۇلار بۇ يامان قىلمىشلارنى ئۆزئارا يامان كۆرمەيتتى.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرى بىلەن لىۋاتە قىلاتتى. ئائىشە ۋە قاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشاتتى ۋە قاقاھلاپ كۈلۈشەتتى. بەزىلەرنىڭ

(1) نەھل سۈرىسى 120 ـ 122 ـ ئايەتكىچە.

ئېيتىشىچە: ئۇلار قوچقارلارنى سوقۇشتۇراتتى، خورازلارنى سوقۇشتۇراتتى. بۇنداق يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلاردىن سادىر بولاتتى، تېخى ئۇلار بۇنىڭدىنمۇ يامان ئىشلارنى قىلاتتى.

**﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى: «ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە الله نىڭ ئازابىنى كەلتۈرگىن» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى﴾** بۇ سۆزنى قىلىشى ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقى، لۇتنى مەسخىرە قىلغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارشى ياردەم تىلەپ مۇنداق دېدى: **﴿پەرۋەردىگارىم! بۇزغۇنچى قەۋمگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن﴾**.

* * * * * * *

وَلَمَّا جَآءَتۡ رُسُلُنَآ إِبۡرَٰهِيمَ بِٱلۡبُشۡرَىٰ قَالُوٓاْ إِنَّا مُهۡلِكُوٓاْ أَهۡلِ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةِۖ إِنَّ أَهۡلَهَا كَانُواْ
ظَٰلِمِينَ ﴿٣١﴾ قَالَ إِنَّ فِيهَا لُوطٗاۚ قَالُواْ نَحۡنُ أَعۡلَمُ بِمَن فِيهَاۖ لَنُنَجِّيَنَّهُۥ وَأَهۡلَهُۥٓ إِلَّا ٱمۡرَأَتَهُۥ
كَانَتۡ مِنَ ٱلۡغَٰبِرِينَ ﴿٣٢﴾ وَلَمَّآ أَن جَآءَتۡ رُسُلُنَا لُوطٗا سِيٓءَ بِهِمۡ وَضَاقَ بِهِمۡ ذَرۡعٗاۖ وَقَالُواْ
لَا تَخَفۡ وَلَا تَحۡزَنۡۖ إِنَّا مُنَجُّوكَ وَأَهۡلَكَ إِلَّا ٱمۡرَأَتَكَ كَانَتۡ مِنَ ٱلۡغَٰبِرِينَ ﴿٣٣﴾ إِنَّا مُنزِلُونَ
عَلَىٰٓ أَهۡلِ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةِ رِجۡزٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ﴿٣٤﴾ وَلَقَد تَّرَكۡنَا مِنۡهَآ ءَايَةَۢ
بَيِّنَةٗ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ﴿٣٥﴾

ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا (پەرزەنت بېرىلىشتىن ئىبارەت) خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز بۇ شەھەر ئاھالىسىنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز، ئۇنىڭ ئاھالىسى ھەقىقەتەن زالىم ئىدى» دېدى﴿31﴾. ئىبراھىم: «ئۇ شەھەردە لۇت بارغۇ (يەنى لۇتقا ئوخشاش بىر ياخشى پەيغەمبەر تۇرۇۋاتقان شەھەر ئاھالىسىنى قانداقمۇ ھالاك قىلىسىلەر؟)» دېدى. پەرىشتىلەر ئېيتتى: «بۇ شەھەردە بار كىشىلەرنى بىز (يەنى لۇتنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنى) ئوبدان بىلىمىز، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىدىن باشقا كىشىلىرىنى ئەلۋەتتە قۇتۇلدۇرىمىز، پەقەت ئايالى (كۇفرىدا قەۋمگە ھەمنەپەس بولغانلىقى ئۈچۈن) قېلىپ ھالاك بولغۇچىلاردىن بولىدۇ»﴿32﴾. بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز لۇتقا كەلگەن چاغدا، لۇت ئۇلارنى قوغداپ قالالمايدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ قايغۇردى ۋە يۈرىكى سىقىلدى، ئۇلار ئېيتتى: «سەن قورقمىغىن ۋە قايغۇرمىغىن، بىز چوقۇم سېنى ۋە ئائىلەڭدىن بۆلەك كىشىلىرىڭنى چوقۇم قۇتۇلدۇرىمىز، پەقەت ئۇ قېلىپ ھالاك بولغۇچىلاردىن بولىدۇ»﴿33﴾. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىز چوقۇم ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرىمىز﴿34﴾. چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئىبرەت قىلىپ) ئۇنىڭدىن (يەنى شەھەر خارابىسىنىڭ ئىزلىرىدىن) روشەن نىشانىنى ھەقىقەتەن قالدۇردۇق﴿35﴾.



## پەرىشتىلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئاندىن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكى

لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمگە قارشى غالىب ۋە ھەممىدىن ئىززەتلىك الله تائالادىن ياردەم تەلەپ

قىلغاندىن كېيىن، الله ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى ئەۋەتتى. پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا مېھمان سۈپىتىدە كەلدى. ئۇ ئۇلارنى مېھمانغا لايىق نەرسىلەر بىلەن كۈتۈۋالدى. ئىبراھىم ئۇلارنىڭ تاماققا قىزىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. كۆڭلىدە ئۇلاردىن قورقتى. پەرىشتىلەر ئۇنى خاتىرجەم قىلىشقا، ئايالى سارەدىن بىر ياخشى ئوغۇل پەرزەنت تۇغۇلىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشكە باشلىدى.

بۇ خەۋەر يەتكۈزۈلگەندە، ئايالى ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. سارە بۇنىڭدىن ئەجەبلەندى. بۇ ھەقتە ھۇد سۈرىسى ۋە ھىجىر سۈرىسىدە تەپسىلى بايان قىلىنغان. پەرىشتىلەر ئىبراھىمغا پەرزەنت بېرىلىشتىن ئىبارەت خۇش خەۋەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ لۇتنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئىبراھىم ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلىشنى، الله تائالانىڭ ئۇلارنى ھىدايەت قىلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، قەۋمنى مۇداپىئە قىلىشقا باشلىدى. پەرىشتىلەر: بىز چوقۇم بۇ شەھەر ئاھالىسىنى ھالاك قىلىمىز، ـ دېگەن چاغدا، ﴿**ئىبراھىم: «ئۇ شەھەردە لۇت بارغۇ؟ (يەنى لۇتقا ئوخشاش بىر ياخشى پەيغەمبەر تۇرۇۋاتقان شەھەر ئاھالىسىنى قانداقمۇ ھالاك قىلىسىلەر؟)» دېدى. پەرىشتىلەر ئېيتتى: «بۇ شەھەردە بار كىشىلەرنى بىز (يەنى لۇتنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنى) ئوبدان بىلىمىز، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىدىن باشقا كىشىلەرنى ئەلۋەتتە قۇتقۇزىمىز، پەقەت ئايالى (كۇفرىدا قەۋمىگە ھەمنەپەس بولغانلىقى ئۈچۈن) قېلىپ ھالاك بولغۇچىلاردىن بولىدۇ»**﴾ چۈنكى، ئۇ ئايال ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇق قىلىشىغا، ھەددىدىن ئېشىپ لىۋاتە قىلىشىغا ياردەملەشكەنلىكى ئۈچۈن ھالاك بولغۇچىلاردىن بولدى.

ئاندىن پەرىشتىلەر ئىبراھىمنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چىرايلىق ياشلار سۈرىتىدە كىرىپ كەلدى. لۇت ئۇلارنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن چاغدا: ﴿**ئۇلارنى قوغداپ قالالمايدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ قايغۇردى ۋە يۈرىكى سىقىلدى**﴾ يەنى لۇت ئۇلارنىڭ غېمىنى قىلىپ بېشى قاتتى. ئەگەر ئۇ ئۇلارنى مېھمان قىلسا، قەۋمىنىڭ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقتى. ئەگەر ئۇ ئۇلارنى مېھمان قىلمىسا، يەنىلا قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن قورقتى. لۇت ئۇلارنىڭ بۇ ھالقىلىق پەيتتە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ﴿**ئۇلار ئېيتتى: «سەن قورقمىغىن ۋە قايغۇرمىغىن، بىز چوقۇم سېنى ۋە ئائىلەڭدىن بۆلەك كىشىلىرىڭنى چوقۇم قۇتقۇزىمىز، پەقەت ئۇ قېلىپ ھالاك بولغۇچىلاردىن بولىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىز چوقۇم ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرىمىز**﴾.

ئەھۋال بولدى: جىبرىئىل ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى ۋە تەۋرەنمەس زېمىندىن يۇلۇپ ئاسماننىڭ قەرىگە ئېلىپ چىقىپ ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈپ تاشلىدى. الله ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردى. ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى. ئۇ شەھەرلەر مەككە زالىملىرىدىن ئانچە يىراق ئەمەس. الله ئۇلارنىڭ ياشىغان ئورنىنى پاسكىنا ۋە سېسىق سۇ كۆلىگە ئايلاندۇردى ۋە ئۇلارنى ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە ئىبرەت قىلدى.

ئۇلار قىيامەت كۈنى ئەڭ ئەشەددىي ئازابقا دۇچار بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئىبرەت قىلىپ) ئۇنىڭدىن (يەنى شەھەر خارابىسىنىڭ ئىزلىرىدىن) روشەن**﴾ يەنى ئاشكارا ﴿**نىشانىنى ھەقىقەتەن قالدۇردۇق**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق

دەيدۇ: ﴿(ئى ئەھلى مەككە!) سىلەر ئۇلارنىڭ يەرلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۆتۈپ تۇرىسىلەر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟﴾[1]

* * * * * * *

وَإِلَىٰ مَدْيَنَ أَخَاهُمْ شُعَيْبًا فَقَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ وَٱرْجُوا۟ ٱلْيَوْمَ ٱلْءَاخِرَ وَلَا تَعْثَوْا۟ فِى ٱلْأَرْضِ
مُفْسِدِينَ ﴿٣٦﴾ فَكَذَّبُوهُ فَأَخَذَتْهُمُ ٱلرَّجْفَةُ فَأَصْبَحُوا۟ فِى دَارِهِمْ جَٰثِمِينَ ﴿٣٧﴾

مەديەن (ئاھالىسىگە) ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، شۇئەيب: «ئى قەۋمىم! بىر الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاخىرەت كۈنىدىن قورقۇڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار» دېدى﴿36﴾. ئۇلار شۇئەيبنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قېلىشتى﴿37﴾.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ بايانى

الله بۇ ئايەتتە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر قىلىدۇ. شۇئەيب ئۆز قەۋمى بولغان مەديەن ئاھالىسىنى ئاگاھلاندۇردى. ئۇلارنى ھېچ شېرىكى بولمىغان، يالغۇز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا، قىيامەت كۈنى الله تائالانىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىگە ۋە غەزىپىگە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن قورقۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿«ئى قەۋمىم! بىر الله ئىبادەت قىلىڭلار، ئاخىرەت كۈنىدىن قورقۇڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار»﴾** شۇئەيب ئۇلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ھەرىكەت قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىشتىن، زېمىن ئەھلىگە زۇلۇم قىلىشتىن توستى. چۈنكى، ئۇلار ئۆلچەمنى، تارازىنى كەم تۇتاتتى، كىشىلەرنىڭ يولىنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلاتتى.

ئۇلار الله تائالاغا كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلدى. بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ناھايىتى كۈچلۈك بىر زىلزىلە قاپلاپ كەتتى. قاتتىق ئاۋاز بىلەن ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى ئېغىزلىرىغا قاپلىشىپ قالدى. بۇ دەھشەتلىك كۈننىڭ ئازابى ئۇلارنىڭ جانلىرىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىلدى.

ئۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك بىر كۈننىڭ ئازابى ئىدى. ئۇلارنىڭ قىسسىسى ئەئراف، ھۇد ۋە شۇئەرا سۈرىلىرىدە كەڭ دائىرىدە سۆزلەندى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قېلىشتى﴾**.

قەتادە: ئۇلار ئۆلۈپ شۇ پېتى قېتىپ قېلىشتى، ـ دېدى. باشقىلار: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە يىقىلغان پېتى قېتىپ قېلىشتى، ـ دېدى.

* * * * * * *

(1) ساففات سۈرىسى 137 ـ 138 ـ ئايەتلەر.

وَعَادًا وَثَمُودَاْ وَقَد تَّبَيَّنَ لَكُم مِّن مَّسَٰكِنِهِمْۖ وَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ أَعْمَٰلَهُمْ
فَصَدَّهُمْ عَنِ ٱلسَّبِيلِ وَكَانُواْ مُسْتَبْصِرِينَ ﴿٣٨﴾ وَقَٰرُونَ وَفِرْعَوْنَ وَهَٰمَٰنَۖ وَلَقَدْ جَآءَهُم
مُّوسَىٰ بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَٱسْتَكْبَرُواْ فِي ٱلْأَرْضِ وَمَا كَانُواْ سَٰبِقِينَ ﴿٣٩﴾ فَكُلًّا أَخَذْنَا بِذَنۢبِهِۦۖ فَمِنْهُم
مَّنْ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِ حَاصِبًا وَمِنْهُم مَّنْ أَخَذَتْهُ ٱلصَّيْحَةُ وَمِنْهُم مَّنْ خَسَفْنَا بِهِ ٱلْأَرْضَ
وَمِنْهُم مَّنْ أَغْرَقْنَاۚ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظْلِمَهُمْ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿٤٠﴾

ئادنى ۋە سەمۇدنى (ھالاك قىلدۇق)، (ئى ئەھلى مەككە!) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ (ھىجازدىكى، يەمەندىكى) تۇرالغۇ جايلىرىدىن ئۇلارنىڭ ھالاك بولغانلىقى مەلۇم بولدى، شەيتان ئۇلارغا (كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن ئىبارەت) ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ئەقىل ئىگىلىرى ئىدى (لېكىن ئۇلار تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن ئەقلىنى جايىدا ئىشلەتمىدى)﴿38﴾. (دۇنيا ـ دەپىنىسى نۇرغۇن) قارۇننى، پىرئەۋننى ۋە (ئۇنىڭ زۇلۇمدا ياردەمچى بولغان ۋەزىرى) ھامانىنى (ھالاك قىلدۇق)، شۈبھىسىزكى، مۇسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى، ئۇلار زېمىندا چوڭچىلىق قىلدى (يەنى الله غا ئىبادەت قىلىشتىن، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن بويۇنتاۋلۇق قىلدى)، ئۇلار (ئازابىمىزدىن) قېچىپ كېتەلمىدى﴿39﴾. (بۇ گۇناھكارلارنىڭ) ھەر بىرىنى گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە تاش ياغدۇردۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى قاتتىق ئاۋاز ھالاك قىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى (مال ـ مۈلكى بىلەن قوشۇپ) يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق، الله ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى﴿40﴾.

## پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنى ھالاك قىلىشنىڭ بايانى

الله بۇ ئايەتلەردە ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنى ھەر تۈرلۈك ئازاب بىلەن قانداق يوقاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى. الله ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالدى. ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئاد يەمەن يۇرتلىرىنىڭ ھەزرەمەۋت دېگەن جايغا تەۋە ئەھقاف دېگەن شەھەردە ئولتۇراقلاشقان ئىدى.

سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى سەمۇد مەككە ۋادىلىرىغا يېقىن بولغان ھىجىر دېگەن يەردە ئولتۇراقلاشقان ئىدى. ئەرەبلەر ئۇ ئىككى قەۋمنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنى بەش قولدەك بىلەتتى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدىن كۆپ ئۆتەتتى.

قارۇن بولسا، كۆپ بايلىقنىڭ، نۇرغۇن خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچلىرىنىڭ ئىگىسى ئىدى. پىرئەۋن بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مىسىرنىڭ پادىشاھى ئىدى. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرى ھامان قىبتى قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇلار الله تائالانى ۋە پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان ئىدى.

﴿(بۇ گۇناھكارلارنىڭ) ھەر بىرىنى گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدۇق﴾ يەنى بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مۇناسىپ جازا بېرىلدى. ﴿ئۇلارنىڭ بەزىسىگە تاش ياغدۇردۇق﴾ تاش ياغدۇرۇلغانلار ئاد قەۋمىدۇر. چۈنكى، ئۇلار: كىم بىزدىن كۈچلۈك؟ ـ دېگەن ئىدى.

ناھايىتى شىددەتلىك سوغۇق بوران چىقىپ، يەر يۈزىنىڭ تاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ

ئۈستىگە ياغدۇردى. بوران ئۇلارنى يەر يۈزىدىن يۇلۇپ كېتەتتى. ئۇلاردىن بىرەر ئادەمنى يۇلۇپ كەتسە، ئۇنى يەردىن ئاسماننىڭ قەرىگە كۆتۈرۈپ، ئاندىن بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تاشلاپ، بېشىنى ئېزىۋېتەتتى. ئۇلارنىڭ تەنلىرى گويا قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك باشسىز ھالەتتە قېلىشتى.

﴿ئۇلارنىڭ بەزىسى قاتتىق تاۋۇش ھالاك قىلدى﴾ ئۇلار سەمۇد قەۋمىدۇر. ئۇلارغا دەلىل ـ پاكىت كۆرسىتىلدى. ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامدىن يۇزمۇ يۈز تۇرۇپ تەلەپ قىلغىنى بويىچە تاشتىن تۆگە چىقىرىلىپ، ئۇلارغا مۆجىزە قىلىپ كۆرسىتىلدى. ئۇلار مۇشۇنداق شانلىق مۆجىزىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتماستىن، بەلكى ئاسىيلىقتا، كۇپۇرلۇقتا داۋام قىلىۋەردى. ئۇلار **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرى سالىھقا ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارغا تەھدىت سالدى. ئۇلارنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىمىز، چالما ـ كېسەك قىلىمىز دەپ قورقۇتتى. ئاندىن قاتتىق بىر تاۋۇش كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ۋە ھەرىكەتلىرىنى جىمىقتۇرىۋەتتى.

﴿ئۇلارنىڭ بەزىسىنى (مال ـ مۈلكى بىلەن قوشۇپ) يەرگە يۇتقۇزدۇق﴾ ئۇ قارۇن بولۇپ، چېكىدىن ئاشتى. باشقىلارغا زۇلۇم قىلدى. ھەق بىلەن قارشىلاشتى. يۈكسەك پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلدى. زېمىندا تەكەببۇرلۇق قىلىپ، غادىيىپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىچە خۇشال بولۇپ، غادىيىپ، ئۆزىنى قالتىس چاغلىدى. ئۆزىنى ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن دەپ ئېتىقاد قىلدى. مېڭىش ـ تۇرۇشىدا تولىمۇ ھاكاۋۇرلۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** ئۇنى ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدى. ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە شۇ ھالەتتە يەرگە چۆكۈپ تۇرىدۇ.

﴿ئۇلارنىڭ بەزىسىنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق﴾ ئۇ پىرئەۋن، ۋەزىرى ھامان ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ بارلىق قوشۇنى بولۇپ، ئۇلار ئەتىگەنلىكتە سۇغا غەرق قىلىندى. ئۇلاردىن خەۋەر بەرگىدەك بىرەر كىشى قۇتۇلۇپ قالمىدى. ئۇلارنى جازالاشتا ﴿**الله ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى (لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى)**﴾ يەنى **الله** پەقەت ئۇلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا قارىتا مۇۋاپىق جازا بەردى.

* * * * * * *

مَثَلُ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَوۡلِيَآءَ كَمَثَلِ ٱلۡعَنكَبُوتِ ٱتَّخَذَتۡ بَيۡتٗاۖ وَإِنَّ أَوۡهَنَ
ٱلۡبُيُوتِ لَبَيۡتُ ٱلۡعَنكَبُوتِۖ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ﴿٤١﴾ إِنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا يَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ
مِن شَيۡءٖۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٤٢﴾ وَتِلۡكَ ٱلۡأَمۡثَٰلُ نَضۡرِبُهَا لِلنَّاسِۖ وَمَا يَعۡقِلُهَآ إِلَّا
ٱلۡعَٰلِمُونَ ﴿٤٣﴾



**الله** نى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ (يەنى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى ئۇنى ئىسسىق ـ سوغۇقتىن قوغدىيالمىغاندەك، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (بۇتلارغا چوقۇنمايتتى)﴿41﴾. **الله** ئۇلار **الله** نى تاشلاپ ئىبادەت قىلىۋاتقان نەرسىنى ئوبدان بىلىدۇ، **الله** غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿42﴾. بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ﴿43﴾.

# مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئوخشىتىلغانلىقى

اللہ تائالا بۇ مىسالنى مۇشرىكلارغا ئۇلارنىڭ اللہ تائالانى قويۇپ بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋالغانلىقلىرى، بۇتلاردىن ياردەم ۋە رىزىق ئۈمىد قىلىدىغانلىقلىرى، ئېغىر كۈنلەردە ئۇلارغا يېپىشىۋالىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. بۇتلىرى ئۇلارنىڭ كۈتكىنىنى بېرىشتە ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئوخشاش ئاجىز ۋە زەئىپتۇر. ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ ئىلاھلىرى ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەستۇر. ئۇنىڭغا چوقۇنغان كىشى پەقەت ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئېسىلغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن قىلچە مەنپەئەت ئالالمايدۇ. ئەگەر مۇشرىكلار بۇ ئەھۋالنى بىلسە ئىدى، اللہ تائالانى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالمايتتى. اللہ تائالاغا چىن دىلىدىن ئىشەنگەن مۇسۇلماننىڭ ئەھۋالى بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇ اللہ تائالاغا ئىشىنىپ تۇرۇپ، شەرىئەتكە ئەگىشىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ. ئۇ چىڭ ۋە پۇختىلىقىدىن سۇنمايدىغان، مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلىۋالغان بولىدۇ.

ئاندىن اللہ تائالا ئۆزىدىن باشقىغا ئىبادەت قىلغان ۋە ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىكنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: اللہ ئۇلارنىڭ قانداق ئەمەللەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى، اللہ تائالاغا نېمىلەرنى شېرىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. كەلگۈسىدە ئۇلارغا گۇناھلىرىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. اللہ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

**﴿بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ﴾** يەنى بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئىلىمدا توشقان ۋە كامالەتكە يەتكەن ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ ۋە پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەمر ئىبنى مۇررەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللہ تائالانىڭ كىتابىدىن مەن چۈشىنەلمەيدىغان بىرەر ئايەتنى ئۇچراتسام، ئۇ مېنى قايغۇغا سالىدۇ. چۈنكى، مەن ھەقىقەتەن اللہ تائالانىڭ: **﴿بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ﴾** دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

*******

خَلَقَ ٱللَّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٤٤﴾ ٱتۡلُ مَآ أُوحِيَ إِلَيۡكَ
مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَۖ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ تَنۡهَىٰ عَنِ ٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِۗ وَلَذِكۡرُ ٱللَّهِ
أَكۡبَرُۗ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا تَصۡنَعُونَ ﴿٤٥﴾

اللہ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ياراتتى، ھەقىقەتەن بۇنىڭدا مۆمىنلەر ئۈچۈن (اللہ نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار﴿44﴾. (ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، اللہ نى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، اللہ قىلىۋاتقان (ھەممە) ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴿45﴾.

اللہ بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىدىن خەۋەر قىلىدۇ، ئۇ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ياراتتى.

يەنى بىكارغىلا، ئويۇنچۇق قىلىپ ياراتقىنى يوق: ﴿هەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ئۈچۈن﴾[1] يارىتىلدى. ﴿(الله ) يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلارغا چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ﴾[2].

﴿ھەقىقەتەن بۇنىڭدا مۆمىنلەر ئۈچۈن (الله نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار﴾ يەنى بۇنىڭدا ئەلۋەتتە الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلارنى ئۆزى تەنها ياراتقانلىقىنى، ئۇلارنى يالغۇز ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تەنها ئىلاھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان روشەن دەلىل بار.

## تەبلىغ قىلىش، قۇرئان ئوقۇش ۋە نامازنى ئادا قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى

الله پەيغەمبىرىنى ۋە مۆمىنلەرنى قۇرئان ئوقۇشقا ۋە ئۇنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى. **﴿نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، الله نى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر﴾** يەنى ناماز قەبىھ ئىشلارنى ۋە گۇناھلارنى تاشلىتىشتىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنى داۋاملىق ئوقۇش شۇ يامان ئىشلارنى تاشلاشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: پالانى ھەقىقەتەن كېچىدە ناماز ئوقۇيدۇ، تاڭ ئاتسا ئوغرىلىق قىلىدۇ، ـ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ناماز ئۇنى يېقىندا سەن دەۋاتقان ئىشتىن چوقۇم توسىدۇ» دېدى. ناماز ئوقۇش الله تائالانى ياد ئېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بىر ئۇلۇغ بۇرچتۇر.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله نى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر﴾** يەنى الله تائالانى ياد ئېتىش نامازدىنمۇ بۈيۈكتۇر. **﴿الله قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾** يەنى جىمى ئىشلىرىڭلارنى ۋە سۆزلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

ئەبۇئالىيە الله تائالانىڭ: **﴿ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: نامازدا ھەقىقەتەن ئۈچ خىسلەت بار بولۇپ، بۇ خىسلەتلەردىن بىرەرى تېپىلمىغان ھەر قانداق ناماز ـ ناماز ئەمەستۇر. بۇ خىسلەتلەر: ئىخلاس، قورقۇش ۋە الله تائالانى ياد ئېتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىخلاس ئىنساننى ياخشى ئىشقا بۇيرۇيدۇ، الله تائالادىن قورقىدىغان قىلىپ، يامان ئىشتىن توسىدۇ. الله تائالانى ياد ئېتىش، قۇرئان ئوقۇشتىن ئىبارەتتۇر. قۇرئان ئىنساننى ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشتىن توسىدۇ. ئىبنى ئەۋن ئەنسارى مۇنداق دەيدۇ: سەن نامازغا تۇرغان چاغدا ياخشىلىقنىڭ ئىچىدە تۇرغان بولىسەن، ناماز ھەقىقەتەن سېنى قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توستى. سېنىڭ نامازدا تۇرۇپ، الله تائالانى ياد ئېتىشىڭ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.

* * * * * * *

(1) تاھا سۈرىسى 15 ـ ئايەت.
(2) نەجم سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

﴿وَلَا تُجَٰدِلُوٓاْ أَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ إِلَّا بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُ إِلَّا ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنۡهُمۡۖ وَقُولُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱلَّذِيٓ أُنزِلَ إِلَيۡنَا وَأُنزِلَ إِلَيۡكُمۡ وَإِلَٰهُنَا وَإِلَٰهُكُمۡ وَٰحِدٞ وَنَحۡنُ لَهُۥ مُسۡلِمُونَ ٤٦﴾

ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار ۋە فىدىيە بېرىشتىن باش تارتقۇچىلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئېيتىڭلاركى، «بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز الله غا بويسۇنغۇچىلارمىز»﴿46﴾.

## ئەھلى كىتاب بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىش

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئەھلى كىتابتىن كىمكى دىندا ئويلىنىپ بېقىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ـ دېگەنلىكتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن﴾[1] الله تائالا مۇسا بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنى پىرئەۋنگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن چاغدا، ئۇ ئىككىسىگە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن﴾[2].

**﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾** يەنى ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كەتكەنلەر، روشەن يولدىن ئازغۇنلۇققا ماڭغانلار، ھەق بىلەن قارشىلاشقانلار، يوغانچىلىق قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. بۇ چاغدا چىرايلىق مۇنازىرىلىشىشتىن قامچىغا يۆتكىلىدۇ. ئۇلارنى توسۇش، ھەقىقەتكە قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىلىدۇ. غالىب ۋە جالالەتلىك الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق. تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار. الله ، الله نى كۆرمەي تۇرۇپ (قوراللارنى ئىشلىتىپ) الله تائالاغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى)، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[3] جابىر مۇنداق دەيدۇ: الله بىزنى الله نىڭ كىتابىغا قارشىلىق قىلغانلارنى قىلىچ بىلەن چېپىشىمىزغا ئەمر قىلدى.

**﴿ئېيتىڭلاركى: «بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق»﴾**
يەنى ئەگەر ئەھلى كىتاب بىزگە راستلىقىنىمۇ، يالغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى خەۋەر قىلسا، بىز بۇنى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايمىز، چۈنكى، ئۇ ھەق بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى تەستىقمۇ قىلمايمىز،

(1) نەھل سۈرىسى 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تاھا سۈرىسى 44 ـ ئايەت.
(3) ھەدىد سۈرىسى 25 ـ ئايەت.

چۈنكى، ئۇ باتىل بولۇشمۇ مۇمكىن. لېكىن بىز ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئاسماندىن نازىل بولغان بولۇشى، ئۆزگەرتىلگەن ۋە بۇرمىلانغان بولماسلىقى شەرت قىلىنغان ئاساستا، ئومۇمىي رەۋىشتە ئىمان كەلتۈرىمىز.

ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەھلى كىتاب تەۋراتنى ئىبرانى تىلى بىلەن ئوقۇپ، ئۇنى ئىسلام ئەھلىگە ئەرەب تىلى بىلەن تەپسىر قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەھلى كىتابنى تەستىق قىلماڭلار، ئۇلارنى ئىنكارمۇ قىلماڭلار، ئېيتىڭلاركى: بىز الله تائالاغا، بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر. بىز الله تائالاغا بويسۇنغۇچىلارمىز».

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابىڭلار ئەڭ يېڭى تۇرسا، سىلەر ئۇنى ھېچ نەرسە ئارىلىشىپ قالمىغان، ساپ ھالەتتە ئوقۇيدىغان تۇرساڭلار، قانداقمۇ ئەھلى كىتابتىن مەسىلە سورايسىلەر؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەھلى كىتاب توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن، ئۇلار الله تائالانىڭ كىتابىنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. ئۇلار كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ، ئۇنى ئازغىنا پۇلغا سېتىش ئۈچۈن: بۇ الله تائالانىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغان كىتاب، ـ دېيىشتى. بىلىڭلاركى، سىلەرگە كەلگەن ئىلىم سىلەرنى ئۇلاردىن مەسىلە سوراشتىن توسمىدىمۇ؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلاردىن بىرمۇ ئادەمنىڭ سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابتىن مەسىلە سورىغانلىقىنى كۆرمىدۇق.

ئىمام بۇخارى ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇراھماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مەدىنىدە مۇئاۋىيەنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىر قانچە كىشىگە سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. مۇئاۋىيە كەئب ئەھبارنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەۋاتاتتى: كەئب ئەھبار ئەھلى كىتابنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا سۆزلەيدىغانلاردىن بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ راست ياكى يالغان سۆزلىگەنلىكىنى تەكشۈرۈشىمىز كېرەك. مەن (يەنى ئىبنى كەسىر) مۇنداق دەپ قارايمەن: تىل جەھەتتە مەقسەتسىز ھالدا ئۇنىڭدىن يالغان سۆز سادىر بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ساماۋى كىتابلاردىن (ئۇنى توغرا دەپ ئويلاپ) سۆزلەيدۇ، ئۇ كىتابلاردا كىرگۈزۈۋېتىلگەن نۇرغۇن يالغانلار بار. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مىللىتى ئىچىدىن بۇ بۈيۈك ئۈممەتكە (يەنى ئىسلام ئۈممىتىگە) ئوخشاش كىتابلىرىنى پىششىق يادقا بىلىدىغان قارىيلار يوق ئىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىچىدە قۇرئان ۋە ھەدىسنى پىششىق يادقا بىلىدىغان قارىيلار تۇرۇقلۇق، نۇرغۇن ھەدىسلەر يالغاندىن توقۇپ چىقىلدى. ئۇنى پەقەت غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالالا بىلىدۇ ۋە بۇ ساھەدە الله ئىلىم بەرگەن ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى يەتكەن رەۋىشتە بىلىدۇ. مەدھىيە ۋە گۈزەل ماختاشلار الله تائالاغا مەنسۇپتۇر.



* * * * * * *

وَكَذَٰلِكَ أَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ ۚ فَٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ يُؤْمِنُونَ بِهِۦ ۖ وَمِنْ هَٰٓؤُلَآءِ مَن يُؤْمِنُ بِهِۦ ۚ وَمَا
يَجْحَدُ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَّا ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿٤٧﴾ وَمَا كُنتَ تَتْلُوا۟ مِن قَبْلِهِۦ مِن كِتَٰبٍ وَلَا تَخُطُّهُۥ بِيَمِينِكَ ۖ إِذًا
لَّٱرْتَابَ ٱلْمُبْطِلُونَ ﴿٤٨﴾ بَلْ هُوَ ءَايَٰتٌۢ بَيِّنَٰتٌ فِى صُدُورِ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْعِلْمَ ۚ وَمَا يَجْحَدُ بِـَٔايَٰتِنَآ
إِلَّا ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٤٩﴾

(ئى مۇھەممەد!) شۇنىڭدەك (يەنى سەندىن ئىلگىرىكىلەرگە كىتاب نازىل قىلغاندەك) ساڭىمۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) نازىل قىلدۇق، بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) دىن قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار، بۇلاردىن (يەنى مەككە ئاھالىسىدىن) مۇ قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت كاپىرلارلا ئىنكار قىلىدۇ﴿47﴾. ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ، (مۇبادا سەن كىتاب ئوقۇغان، خەت يازىدىغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى﴿48﴾. ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش زالىملار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، قۇرئان ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە ساقلانغان روشەن ئايەتلەردۇر، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت زالىملارلا ئىنكار قىلىدۇ﴿49﴾.

## قۇرئاننىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدىن نازىل بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دەلىلى

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا، ئى مۇھەممەد! سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە كىتابلارنى نازىل قىلغىنىمىزدەك، ساڭىمۇ بۇ كىتابنى نازىل قىلدۇق، ـ دېدى. ئىبنى جەرىرنىڭ بۇ سۆزى ياخشى ئىپتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئايەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە باغلىنىشى مۇناسىپ بولغان.

﴿**بىز كىتاب بەرگەنلەردىن (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار**﴾ يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ زېرەك ئۆلىمالىرىدىن ئۇ كىتابنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئۇنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، سەلمان فارىسى ۋە بۇ ئىككىسىگە ئوخشاشلار بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

﴿**بۇلاردىنمۇ قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار**﴾ يەنى قۇرەيش ۋە باشقا ئەرەبلەردىنمۇ ئىشىنىدىغانلار بار، ﴿**بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت كاپىرلارلا ئىنكار قىلىدۇ**﴾ يەنى الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى پەقەت ھەقنى باتىل بىلەن يوشۇرىدىغان، قۇياش نۇرىنى كىيىم بىلەن يۆگەشكە ئۇرۇنىدىغان كىشىلا ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىدىن تانىدۇ.

﴿**ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! بۇ قۇرئاننى ئېلىپ كېلىشتىن ئىلگىرى قەۋمىڭنىڭ ئارىسىدا بىر مۇددەت ياشىدىڭ، سەن كىتاب ئوقۇشنى، خەت يېزىشنى بىلمەيتتىڭ. قەۋمىڭدىكى ھەر بىر ئادەم ۋە باشقىلار سېنىڭ ئوقۇشنى بىلمەيدىغان، يېزىشنىمۇ بىلمەيدىغان ساۋاتسىز ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان بىلىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى بۇرۇنقى كىتابلاردىمۇ مۇشۇنداق ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئەلچىگە ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ. ئۇلار ئۇز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ، ئۇلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ﴾[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى ئۆمرىگىچە ھەمىشە مۇشۇنداق ئىدى. ئۇ خەت يېزىشنى بىلمەيتتى. ئۇ بىر قۇر خەتنى، بىر تال ھەرپنىمۇ ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەمەس. ئۇنىڭ كاتىبلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ۋەھيىنى ۋە باشقا دۆلەتلەرگە ئەۋەتىلىدىغان مەكتۇب

(1) ئەئراف سۈرىسى 157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋە خەتلەرنى يازاتتى.

﴿**ئۇ چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى**﴾ يەنى ئەگەر سەن خەت يېزىشنى بىلگەن بولساڭ، بەزى نادان كىشىلەر ئەلۋەتتە گۇمانلىناتتى ۋە ئۇ بۇنى چوقۇم پەيغەمبەرلەردىن قالغان ئىلگىرىكى كىتابلاردىن ئۆگىنىۋالغان، ـ دەيتتى. ئۇلار بۇ سۆزنى ئۇنىڭ ئۇممىي، خەت يېزىشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ دېگەن ئىدى. ﴿ئۇلار ئېيتتى: «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان، (ھېچرى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان اللّٰه نازىل قىلدى﴾[1].

﴿**ئۇنداق ئەمەس، قۇرئان ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە ساقلانغان روشەن ئايەتلەردۇر**﴾ يەنى بۇ قۇرئان ھەقنى كۆرسىتىدىغان، ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان ۋە ئىلگىرىكى، ھازىرقى، كېيىنكى ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدىغان روشەن ئوچۇق ئايەتلەردۇر. ئۇنى ئۆلىمالار يادقا ئالىدۇ. ئۇنى اللّٰه ئۆلىمالارغا يادا قىلىشنى، ئوقۇشنى ۋە تەپسىر قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى ھېچرى ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا، ئۇنىڭغا چوقۇم ئىنسانلار ئىمان ئېيتىدىغان بىرەر مۆجىزە بېرىلدى. ھەقىقەتەن ماڭا بېرىلگەن مۆجىزە ۋەھيىدۇر. اللّٰه ئۇنى ماڭا ۋەھيي قىلدى. مەن ئەگەشكۈچىلىرى ئەڭ كۆپ پەيغەمبەر بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن».

ئىمام مۇسلىم ئەياز ئىبنى ھىماردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مەن سېنى سىنايمەن ۋە سەن ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ سىنايمەن. ساڭا بىر كىتاب نازىل قىلدىم، ئۇنى سۇمۇ يۇيۇپ ئۆچۈرەلمەيدۇ. سەن ئۇنى ئۇخلاۋاتقان ۋە ئويغاق ھالەتتە ئوقۇيسەن» يەنى ئەگەر قۇرئان يېزىلغان ئورۇنغا سۇ تېگىپ قالسا، سۇ ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى، يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئان تېرىگە يېزىلغان بولسىمۇ، ئوت ئۇنى كۆيدۈرمەيدۇ». چۈنكى، قۇرئان دىللاردا يادا قىلىنغاندۇر. تىللارغا ئاساندۇر ۋە دىللاردا ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۆزى ۋە مەنىسى مۆجىزىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئۇممەتنىڭ سۈپىتى بۇرۇنقى كىتابلاردا: "ئۇلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ساقلىنىدۇ" دەپ يېزىلغان.

﴿**بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت زالىملارلا ئىنكار قىلىدۇ**﴾ يەنى اللّٰه تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ھەققە تاجاۋۇز قىلغۇچى، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ كەتكۈچى، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشقۇچى زالىملاردىن باشقا ھېچ كىشى ئىنكار قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە تىل تەگكۈزمەيدۇ ۋە ئۇنى رەت قىلمايدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[3].

* * * * * * *

(1) فۇرقان سۈرىسى 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر.
(2) قەمەر سۈرىسى 17 ـ ئايەت.
(3) يۇنۇس سۈرىسى 96 ـ 97 ـ ئايەتلەر.

وَقَالُوا۟ لَوْلَآ أُنزِلَ عَلَيْهِ ءَايَـٰتٌ مِّن رَّبِّهِۦ ۖ قُلْ إِنَّمَا ٱلْـَٔايَـٰتُ عِندَ ٱللَّهِ وَإِنَّمَآ أَنَا۠ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٥٠﴾ أَوَلَمْ
يَكْفِهِمْ أَنَّآ أَنزَلْنَا عَلَيْكَ ٱلْكِتَـٰبَ يُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَرَحْمَةً وَذِكْرَىٰ لِقَوْمٍ
يُؤْمِنُونَ ﴿٥١﴾ قُلْ كَفَىٰ بِٱللَّهِ بَيْنِى وَبَيْنَكُمْ شَهِيدًا ۖ يَعْلَمُ مَا فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ
وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱلْبَـٰطِلِ وَكَفَرُوا۟ بِٱللَّهِ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَـٰسِرُونَ ﴿٥٢﴾

ئۇلار: «نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن مۆجىزىلەر نازىل قىلىنمايدۇ» دېدى. ئېيتقىنكى، «مۆجىزىلەر ھەقىقەتەن ﷲ نىڭ دەرگاھىدىدۇر (مېنىڭ قولۇمدا ئەمەستۇر)، مەن پەقەت بىر ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»﴿50﴾. بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا (مۆجىزە بولۇشقا) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك ـ شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ۋەز ـ نەسىھەت بار﴿51﴾. ئېيتقىنكى، «مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (مېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە) گۇۋاھ بولۇشقا ﷲ كۇپايىدۇر، ﷲ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، بۇتقا ئىشەنگەن، ﷲ نى ئىنكار قىلغان ئادەملەر زىيان تارتقۇچىلاردۇر»﴿52﴾.

## مۆجىزە تەلەپ قىلغان مۇشرىكلارغا بېرىلگەن جاۋاب

ﷲ تائالا بۇ ئايەتلەردە مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە، ئۇنىڭدىن مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار خۇددى سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە تۆگىسىنى مۆجىزە قىلىپ كۆرسەتكەندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! **﴿ئېيتقىنكى، مۆجىزىلەر ھەقىقەتەن ﷲ نىڭ دەرگاھىدىدۇر (مېنىڭ قولۇمدا ئەمەستۇر)﴾** يەنى مۆجىزە كۆرسىتىش ھەقىقەتەن ﷲ تائالانىڭ ئىشىدۇر. ﷲ سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلارنى بىلسە ئىدى، سىلەرنىڭ سورىغىنىڭلارنى ئەلۋەتتە بەرگەن بولاتتى. چۈنكى، بۇ ﷲ تائالاغا ئوڭاي ۋە ئاساندۇر. لېكىن، ﷲ سىلەرنىڭ پەقەت مەقسەتلىك ھالدا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ۋە سىناش يۈزىسىدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا تەلىپىڭلارنى قوبۇل قىلمايدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلار (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ) مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈندۇر. بىز سەمۇدقا چىشى تۆگىنى روشەن (مۇجىزە) قىلىپ بەردۇق. ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى﴾[1].

**﴿مەن پەقەت بىر ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن﴾** يەنى مەن سىلەرگە پەقەت روشەن ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ ئەۋەتىلدىم، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ﷲ تائالانىڭ دەۋىتىنى سىلەرگە يەتكۈزۈشتۇر. ﴿كىمكى ﷲ ھىدايەت قىلىدىكەن، ئۇ (ھەقىقىي) ھىدايەت تاپقۇچىدۇر. كىمنىكى (قىلغان يامان ئەمەلى تۈپەيلىدىن) ﷲ ئازدۇرىكەن، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچى دوستنى ھەرگىزمۇ تاپالمايسەن﴾[2]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە

(1) ئىسرا سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) كەھف سۈرىسى 17 ـ ئايەت.

الله تائالانىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر) لېكىن الله خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[1].

ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ تولىمۇ نادان، ئەقلىنىڭ كەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ باتىل يۈزلەنمەيدىغان ئەزىز كىتاب ـ قۇرئاننى ئېلىپ كەلدى. قۇرئان ھەر قانداق مۆجىزىدىن بۈيۈك بىر مۆجىزىدۇر. ئەينى زاماندا پاساھەتتە ۋە بالاغەتتە كامالىغا يەتكەن ئەدىبلەر ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشتىن ئاجىز كەلدى. بەلكى قۇرئانغا ئوخشاش 10 سۈرە، ھەتتا بىر سۈرە كەلتۈرۈشتىنمۇ ئاجىز كەلدى.

**﴿بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا (مۆجىزە بولۇشقا) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟﴾** يەنى بىز ساڭا نازىل قىلغان، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ خەۋىرى بولغان، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك كىتاب ـ قۇرئان ئۇلارغا مۆجىزە بولۇشقا يەتمىدىمۇ؟ سەن ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز ئادەمسەن. سەن ئەھلى كىتابتىن بىرەر ئادەمگىمۇ ئارىلاشمىدىڭ، سەن شۇنداق تۇرۇقلۇق كىتابلارنىڭ خەۋىرىنى، ئەھلى كىتاب ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىنىڭ توغرا بايانىنى، روشەن، ئوچۇق ھەقىقەتنى ئۇلارغا ئېلىپ كەلدىڭ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقان ھەمراھلىرىغا ئوخشاش) بەنى ئىسرائىل ئۆلىمالىرىنىڭ قۇرئاننى بىلىشى مۇشرىكلارغا (قۇرئاننىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بولمامدۇ؟﴾[2]، ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): «(مۇھەممەد) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسىچۇ؟» دەيدۇ، ئۇلارغا بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان كەلمىدىمۇ؟﴾[3]

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا، ئۇنىڭغا (ئىنسانلارنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشى ئۈچۈن) مۆجىزە بېرىلدى. ماڭا بېرىلگەن مۆجىزە ھەقىقەتەن قۇرئاندۇر. الله ئۇنى ماڭا ۋەھيي قىلدى. قىيامەت كۈنى ئەگەشكۈچىلىرى ئەڭ كۆپ پەيغەمبەر بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك ـ شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ۋەز ـ نەسىھەت بار﴾** يەنى بۇ قۇرئاندا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ھەقىقەتنى بايان قىلىپ، باتىلنى يوقىتىدىغان رەھمەت، ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋە الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا نازىل بولغان ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن ئىبرەت ئالىدىغان ۋەز ـ نەسىھەت بار.

**﴿ئېيتقىنكى: «مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (مېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە) گۇۋاھ بولۇشقا الله كۇپايىدۇر»﴾** يەنى الله سىلەرنىڭ الله ھەققىدىكى ئېغىزىڭلاردىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان

(1) بەقەرە سۈرىسى 272 ـ ئايەت.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 197 ـ ئايەت.
(3) تاھا سۈرىسى 133 ـ ئايەت.

يالغان سۆزلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. ﷲ مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە سىلەرگە يەتكۈزگەن خەۋىرىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر مەن يالغانچى بولسام، ﷲ مەندىن ئەلۋەتتە ئىنتىقام ئالىدۇ.

ﷲ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى﴾[1] مەن ﷲ نامىدىن سىلەرگە يەتكۈزگەن خەۋىرىمدە شەك ـ شۈبھىسىز راستچىلمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ﷲ مېنى روشەن مۆجىزىلەر ۋە كەسكىن دەلىللەر بىلەن كۈچلەندۈرىدۇ.

﴿**ﷲ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى ﷲ تائالاغا ھېچنەرسە يوشۇرۇن قالمايدۇ. ﴿**بۇددا ئىشەنگەن، ﷲ نى ئىنكار قىلغان ئادەملەر زىيان تارتقۇچىلاردۇر**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى ﷲ ئۇلارنى قىلمىشلىرىغا يارىشا جازالايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقى، باتىلغا ئەگەشكەنلىكى، ﷲ نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى (ئۇلارنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىل كۆرسىتىلىپ تۇرسىمۇ) ئىنكار قىلغانلىقى، شەيتانلارغا، بۇتلارغا ھېچقانداق دەلىلسىز ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ﷲ ئۇلارنى جازالايدۇ. ﷲ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. بەندىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

* * * * * * *

وَيَسْتَعْجِلُونَكَ بِٱلْعَذَابِ ۚ وَلَوْلَآ أَجَلٌ مُّسَمًّى لَّجَآءَهُمُ ٱلْعَذَابُ وَلَيَأْتِيَنَّهُم بَغْتَةً وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿٥٣﴾
يَسْتَعْجِلُونَكَ بِٱلْعَذَابِ وَإِنَّ جَهَنَّمَ لَمُحِيطَةٌۢ بِٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٥٤﴾ يَوْمَ يَغْشَىٰهُمُ ٱلْعَذَابُ مِن فَوْقِهِمْ وَمِن
تَحْتِ أَرْجُلِهِمْ وَيَقُولُ ذُوقُوا۟ مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٥٥﴾

ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ چاپسان كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ﷲ (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ) مۇئەييەن ۋاقتىنى بەلگىلىمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئازاب ئەلۋەتتە (ئۇلار تەلەپ قىلغان ۋاقىتتىلا) كېلەتتى، ئۇلارغا ئازاب چوقۇم ئۇلار خەۋەرسىز ھالەتتە تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ﴿53﴾. ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەھەننەم (قىيامەت كۈنى) كاپىرلارنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر﴿54﴾. ئۇ كۈندە ئازاب ئۇلارنى ئۈستىلىرىدىن، ئاياغلىرىنىڭ ئاستىدىن ئورىۋالىدۇ. ﷲ ئۇلارغا: «(دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ) جازاسىنى تېتىڭلار» دەيدۇ﴿55﴾.



## مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئازابنىڭ تېزلىتىلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىگە ﷲ تائالانىڭ ئازابىنىڭ چاپسان كېلىشىنى، ﷲ تائالانىڭ جازاسىنىڭ تېز چۈشۈشىنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇلارنىڭ نەقەدەر نادان

(1) ھاققە سۈرىسى 44 ـ 47 ـ ئايەتكىچە.

ئىكەنلىكىدىن خەۋەر قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى﴾[1].

**﴿ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ چاپسان كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. الله (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ) مۇئەييەن ۋاقتىنى بەلگىلىمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئازاب ئەلۋەتتە (ئۇلار تەلەپ قىلغان ۋاقىتتىلا) كېلەتتى﴾** يەنى الله تائالانىڭ ئازابنى قىيامەت كۈنىگە كېچىكتۈرۈش ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارغا ئازاب ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغىنىدەك پات يېقىندا، ناھايىتى تېز كەلگەن بولاتتى.

**﴿ئۇلارغا ئازاب چوقۇم ئۇلار خەۋەرسىز ھالەتتە تۇرغاندا تۇيۇقسىز كېلىدۇ﴾** يەنى تۇيۇقسىز كېلىدۇ. **﴿ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەھەننەم (قىيامەت كۈنى) كاپىرلارنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى ئۇلار ئازابقا ئالدىرايدۇ. ۋاھالەنكى، ئازاب ئۇلارغا چوقۇم كېلىدۇ.

**﴿ئۇ كۈندە ئازاب ئۇلارنى ئۈستىلىرىدىن، ئاياغلىرىنىڭ ئاستىدىن ئورىۋالىدۇ﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿دوزاختا ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىمۇ ئوتتىن، ئۈستىگە يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ ئوتتىن بولىدۇ﴾[2]، ﴿ئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇ قات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇ قات ئوت ئورىۋالىدۇ﴾[3]، ﴿ئەگەر كاپىرلار ئۇ چاغدا يۈزلىرىدىن، دۈمبىلىرىدىن ئازابنى دەپئى قىلالمايدىغانلىقلىرىنى ۋە ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقلىرىنى بىلسە ئىدى. (ئازابنىڭ بالدۇر يۈز بېرىشىنى تەلەپ قىلمايتتى)﴾[4] ئوت ئۇلارنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىنمۇ ئورىۋالىدۇ. بۇ ئەڭ ۋايىغا يەتكەن ھېسسىي ئازابتۇر.

**﴿الله ئۇلارغا: «(دۇنيادا) قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار» دەيدۇ﴾** بۇ، ئۇلارغا تەھدىت، تاپا ـ تەنە ۋە مالامەت قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ، جانغا تېگىدىغان مەنىۋى ئازابتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا): «دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ). بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق﴾[5] الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ. (ئۇلارغا): «مانا بۇ، سىلەر يالغانغا چىقارغان دوزاختۇر» (دېيىلىدۇ). (ئۇلارغا): «(كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقان بۇ ئازاب) سېھىرمۇ؟ ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ دوزاخقا كىرىڭلار، (ئازابقا) مەيلى سەۋر قىلىڭلار، مەيلى سەۋرى قىلماڭلار، بەرىبىر سىلەرگە ئوخشاش (چۈنكى، سىلەر دوزاختا مەڭگۈ قالىسىلەر) سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر» (دېيىلىدۇ)﴾[6].

* * * * * * *

(1) ئەنفال سۈرىسى 32 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) زۇمەر سۈرىسى 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئەنبىيا سۈرىسى 39 ـ ئايەت.
(5) قەمەر سۈرىسى 48 ـ 49 ـ ئايەتلەر.
(6) تۇر سۈرىسى 13 ـ 16 ـ ئايەتكىچە.

يَٰعِبَادِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ أَرۡضِي وَٰسِعَةٞ فَإِيَّٰيَ فَٱعۡبُدُونِ ٥٦ كُلُّ نَفۡسٖ ذَآئِقَةُ ٱلۡمَوۡتِۖ ثُمَّ إِلَيۡنَا تُرۡجَعُونَ
٥٧ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَنُبَوِّئَنَّهُم مِّنَ ٱلۡجَنَّةِ غُرَفٗا تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ
فِيهَاۚ نِعۡمَ أَجۡرُ ٱلۡعَٰمِلِينَ ٥٨ ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ٥٩ وَكَأَيِّن مِّن دَآبَّةٖ لَّا تَحۡمِلُ رِزۡقَهَا
ٱللَّهُ يَرۡزُقُهَا وَإِيَّاكُمۡۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ٦٠

ئى مۆمىن بەندىلىرىم! مېنىڭ زېمىنىم ھەقىقەتەن كەڭدۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار﴿56﴾. ھەر بىر جاندار ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئاندىن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر﴿57﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى جەننەتنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان ئالىي جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن مۇكاپات نېمىدېگەن ياخشى!﴿58﴾ ئۇلار (ھىجرەت قىلىشنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە، الله نىڭ يولىدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلىدۇ، (ھەممە ئىشلىرىدا) پەرۋەردىگارىغا يۆلىنىدۇ﴿59﴾. نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆز رىزقىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ (يەنى ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيىشتىن ئاجىزدۇر)، ئۇلارنى ۋە سىلەرنى الله رىزىقلاندۇرىدۇ، الله (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿60﴾.

## ھىجرەت قىلىشقا ئىشارەت قىلىنغانلىقى، رىزىق ۋە ياخشى مۇكاپات بىلەن ۋەدە بېرىلگەنلىكى

بۇ الله تەرىپىدىن الله تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئۈچۈن، ئۇلار دىنىنى ئىجرا قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان يۇرتتىن الله تائالانى بار ۋە بىر دەپ تونۇپ، الله تائالاغا الله بۇيرۇغان رەۋىشتە ئىبادەت قىلىپ دىنىنى ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدىغان الله تائالانىڭ كەڭ زېمىنىغا ھىجرەت قىلىشقا قىلىنغان بۇيرۇقتۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۆمىن بەندىلىرىم! مېنىڭ زېمىنىم ھەقىقەتەن كەڭدۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار**﴾.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاجىز مۇسۇلمانلار مەككىدە تۇرۇشقا چارىسىز قالغان چاغدا، ئۇلار دىنىنى خاتىرجەم ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ھەبەش زېمىنىغا ھىجرەت قىلىپ چىقتى. ئۇلار ئۇ يەردە ياخشى ئورۇنلارغا ئېرىشتى. ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى ئەسھەمە نەجاشى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇلارغا ئورۇن بەردى، ياردەم بېرىپ قوللىدى ۋە ئۇلارغا دۆلىتىدە خاتىرجەملىك بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا ساھابىلەر مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە، يەنى مۇقەددەس زېمىن يەسرىب شەھىرىگە ھىجرەت قىلدى.

﴿**ھەر بىر جاندار ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. ئاندىن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر**﴾ يەنى قەيەردە بولماڭلار، ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ. الله تائالاغا الله سىلەرنى بۇيرۇغان رەۋىشتە ئىتائەت قىلىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئۆلۈم چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. ئاندىن قايتىدىغان جايىڭلار الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. كىمكى الله تائالاغا ئىتائەت قىلىدىكەن، الله ئۇنى ئەڭ ياخشى مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ئۇنىڭغا ئەڭ تولۇق ساۋاب بېرىدۇ.

﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى جەننەتنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئالىي جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز﴾ يەنى ئۇلارنى جەننەتتە ئاستىدىن سۇ، شاراب، ھەسەل ۋە سۈتتىن ئىبارەت ھەر خىل ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئالىي تۇرالغۇ جايلارغا ئورۇنلاشتۇرىمىز. ئۇلار ئۇنىڭدىن خالىغانچە ئىشلىتىدۇ ۋە خالىغان يەرگە ئاققۇزىدۇ.

﴿ئۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ﴾ يەنى ئۇلار ئۇ ئالىي ئۆيلەردە ئەبەدىي قالىدۇ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ. ﴿ياخشى ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن مۇكاپات نېمىدېگەن ياخشى!﴾ يەنى مۆمىنلەرنىڭ ئەمەللىرىگە مۇكاپات قىلىپ بېرىلگەن بۇ ئالىي ئۆيلەر نېمىدېگەن ياخشى! ﴿ئۇلار سەۋر قىلىدۇ﴾ يەنى ئۇلار دىنىنى ئىجرا قىلىش يوللىرىدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، ئۇلار الله تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلىدۇ، دىن دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرىدۇ. الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتلارنى ئۈمىد قىلىپ ۋە الله تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ئائىلە ـ بالىلىرىدىن، تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇ مۇئانىق ئەشئەرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتتە ئالىي ئۆيلەر بار، ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىن قارىسا تېشى، تېشىدىن قارىسا ئىچى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. الله تائالا ئۇ ئۆيلەرنى يوقسۇللارغا تائام بەرگەن، ياخشى سۆزلەرنى قىلغان، ناماز ۋە روزىنى داۋاملىق ئادا قىلغان، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەمگە تەييارلىدى».

﴿پەرۋەردىگارىغا يۆلىنىدۇ﴾ ھەممە ئىشلىرىدا، دىنىدا ۋە دۇنيالىقىدا الله تائالاغا تەۋەككۈل قىلىدۇ، ئاندىن الله ئۇلارغا رىزىقنىڭ بىرەر زېمىنغا خاس قىلىنمىغانلىقى، بەلكى الله مەخلۇقاتلىرىغا ئۇلار نەدە ۋە قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىگە رىزىق بېرىدىغانلىقى، شۇنداقلا ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ رىزىقلىرى ئۇلار ھىجرەت قىلغان يەرلەردە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ كەڭرى ۋە ياخشى بولىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاز مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، باشقا يۇرتلاردا ۋە شەھەرلەردە يۇرت ھاكىملىرىغا ئايلاندى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆز رىزقىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ﴾ يەنى رىزىق يىغىشقا، ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە قادىر بولالمايدۇ، ئەتىسى ئۈچۈن ھېچنەرسىنى ساقلاپ قالالمايدۇ.

﴿ئۇلارنى ۋە سىلەرنى الله رىزىقلاندۇرىدۇ﴾ يەنى ھايۋانلار ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيىشتىن ئاجىز بولسىمۇ، الله ئۇلارغا ئۇلارنىڭ رىزقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە قولايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. الله ھەرقانداق مەخلۇققا مۇناسىپ رىزىق بېرىدۇ. ھەتتا يەردىكى چۈمۈلىلەر، ئاسماندىكى ئۇچار قاناتلار، سۇدىكى بېلىقلارغىمۇ مۇناسىپ ھالدا رىزىق بېرىدۇ.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى الله (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، الله ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (يەنى لەۋھۇلمەھفۇزغا) يېزىلغاندۇر﴾[1]، ﴿الله ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ يەنى بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى، ئىستىراھەتلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

(1) ھۇد سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

*******

وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَسَخَّرَ ٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۖ فَأَنَّىٰ يُؤْفَكُونَ ﴿٦١﴾
ٱللَّهُ يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ وَيَقْدِرُ لَهُۥٓ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٦٢﴾ وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّن نَّزَّلَ
مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَحْيَا بِهِ ٱلْأَرْضَ مِنۢ بَعْدِ مَوْتِهَا لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۚ قُلِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا
يَعْقِلُونَ ﴿٦٣﴾

ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «اللہ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئۇلار قانداقمۇ (اللہ نىڭ ئىبادىتىدىن) باش تارتىدۇ! ﴿61﴾ اللہ بەندىلىرىدىن قايسى ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلماقچى بولىدىكەن) ئۇنى تار قىلىدۇ، اللہ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ﴿62﴾. ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەن كىم؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «اللہ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئېيتقىنكى، «(سىلەرگە قارشى پاكىتلار بار بولغانلىقتىن) جىمى ھەمدۇسانا اللہ غا خاستۇر»، بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇ سۆزلىرىڭنىڭ زىددىيەتىنى) چۈشەنمەيدۇ ﴿63﴾.

## تەۋھىدنىڭ دەلىللىرى

اللہ بۇ ئايەتتە اللہ تائالادىن باشقا ھېچ مەبۇدنىڭ بەرھەق يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرۈپ بايان قىلىدۇ. چۈنكى، مۇشرىكلار اللہ تائالانىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى، قۇياشنى ۋە ئاينى ئۆزى مۇستەقىل ياراتقانلىقىنى، كېچە بىلەن كۈندۈزنى مۇستەقىل بويسۇندۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، اللہ تائالادىن باشقا نەرسىگە ئىبادەت قىلىدۇ. اللہ بەندىلىرىنى ياراتقۇچىدۇر ۋە ئۇلارغا رىزىق بەرگۈچىدۇر. ئۇلارنىڭ ئەجەللىرىنىڭ ھەر خىل بولۇشىنى (يەنى يېڭى تۇغۇلغانلار، كىچىك، ياش، قېرى ھالەتلەردە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى)، رىزقىنىڭ ھەر تۈرلۈك بولىدىغانلىقىنى، ئۆز ئارىسىدىكى مەرتىۋىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باي، بەزىلىرى كەمبەغەل بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگۈچىدۇر.

اللہ ئۇلاردىن كىمنىڭ نېمىگە مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ باي بولۇشقا، كىمنىڭ يوقسۇللۇققا لايىق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. اللہ ئۆزىنىڭ شەيئىلەرنى مۇستەقىل ياراتقانلىقىنى، ئۇلارنى ئۆزى تەنھا ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. ئىش بۇنداق ئىكەنۇ، نېمىشقا اللہ تائالادىن باشقا نەرسىگە ئىبادەت قىلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن اللہ تائالادىن باشقىغا يۆلىنىلىدۇ؟ اللہ ئىگىدارچىلىقتا يالغۇز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىبادەتمۇ پەقەتلا يالغۇز اللہ تائالاغا قىلىنىشى كېرەك.

اللہ نۇرغۇن ئورۇندا ئۆزىنىڭ ئىبادەتكە لايىقلىق ماقامىنى، كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بىردىنبىر پەرۋىش قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئارقىلىق تونۇتىدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، مۇشرىكلار (خۇددى ئۇلار تەلبىيەلىرىدە: سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلدۇق، سېنىڭ بىر شېرىكىڭدىن باشقا

شېرىكىڭ يوق، سەن ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىگە ئىگىسەن، ـ دېگىنىدەك) پەرۋەردىگارىنىڭ بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى.

* * * * * * *

وَمَا هَٰذِهِ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا لَهْوٌ وَلَعِبٌ ۚ وَإِنَّ ٱلدَّارَ ٱلْـَٔاخِرَةَ لَهِىَ ٱلْحَيَوَانُ ۚ لَوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ
﴿٦٤﴾ فَإِذَا رَكِبُوا۟ فِى ٱلْفُلْكِ دَعَوُا۟ ٱللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ فَلَمَّا نَجَّىٰهُمْ إِلَى ٱلْبَرِّ إِذَا هُمْ يُشْرِكُونَ ﴿٦٥﴾
لِيَكْفُرُوا۟ بِمَآ ءَاتَيْنَٰهُمْ وَلِيَتَمَتَّعُوا۟ ۖ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ﴿٦٦﴾

دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ـ كۈلكە ۋە غەپلەتتىن ئىبارەتتۇر، شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقىي ھايات (يۇرتىدۇر)، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى (بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرمەيتتى)﴿64﴾. ئۇلار كېمىگە چىقىپ (غەرق بولۇشتىن قورققان) چاغلىرىدا، **الله** غا كامالى ئىخلاس بىلەن ئىلتىجا قىلىدۇ، **الله** ئۇلارنى ئامان ـ ئېسەن قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا (بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرغان **الله** نى ئۇنتۇپ)، ناگاھان (**الله** غا) شېرىك كەلتۈرىدۇ﴿65﴾. ئۇلار بەرگەن نېمىتىمىز (يەنى دېڭىزدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىمىزغا) ناشۈكۈرلۈك قىلىپ باقسۇن، (قالغان ئۆمۈرلىرىدىن) بەھرىمەن بولسۇن، بۇلار (ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى) كەلگۈسىدە بىلىدۇ﴿66﴾.

**الله** بۇ ئايەتتە دۇنيانىڭ ئەرزىمەس بىر نەرسە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىدىغانلىقى، تۈگەپ كېتىدىغانلىقى، مەڭگۈ داۋام قىلمايدىغانلىقى، دۇنيانىڭ نەرسىلىرىنىڭ پەقەت ئويۇن ـ كۈلكە ۋە غەپلەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر قىلىدۇ.

﴿**شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقىي ھايات (يۇرتىدۇر)**﴾ يەنى زاۋاللىققا يۈزلەنمەيدىغان، تۈگىمەيدىغان مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان ھەقىقىي ھايات يۇرتىدۇر. ﴿**ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى**﴾ ئەلۋەتتە مەڭگۈلۈك دۇنيانى پانىي دۇنيادىن ئارتۇق كۆرەتتى. ئاندىن **الله** مۇشرىكلارنىڭ قىيىن ئەھۋالدا ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز **الله** تائالاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار داۋاملىق شۇنداق دۇئا قىلسا بولمامدۇ؟ ﴿**ئۇلار كېمىگە چىقىپ (غەرق بولۇشتىن قورققان) چاغلىرىدا، الله كامالى ئىخلاس بىلەن ئىلتىجا قىلىدۇ**﴾.

**الله** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇتلار كەلمەي، پەقەت **الله** لا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا **الله** دىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)، **الله** سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان ـ ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ ئاۋۋالقى ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر)﴾[1].

﴿**الله ئۇلارنى ئامان ـ ئېسەن قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا (بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرغان الله نى ئۇنتۇپ)، ناگاھان (الله غا) شېرىك كەلتۈرىدۇ. ئۇلار بەرگەن نېمىتىمىز (يەنى دېڭىزدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىمىزغا) ناشۈكۈرلۈك قىلىپ باقسۇن. (قالغان ئۆمۈرلىرىدىن) بەھرىمەن بولسۇن**﴾.

ئەرەب تىلشۇناسلىرى، تەپسىرشۇناسلار ۋە ئەقىدە ئۆلىمالىرى "لىيەكفۇرۇ" دېگەن ئايەتتىكى "لام"

(1) ئىسرا سۈرىسى 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

غا ئاقىۋەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ” لام“ دەپ ئىسىم بەردى. چۈنكى، ئۇلار ناشۈكۈرلۈك قىلىشنى مەقسەت قىلمايتتى. ئۇلارغا نىسبەتەن شۇنداق بولۇشىدا شەك يوق. ئەمما الله تائالانىڭ ئۇلارغا ئۇنى بەلگىلىشىگە ۋە ئۇلارنى ئۇنىڭغا گىرىپتار قىلىشىغا نىسبەتەن، ئۇ، ئىللەت ”لام“ ى بولىدۇ. بىز بۇنى الله تائالانىڭ: ﴿پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسانى ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە دۈشمەن ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) قىلىش ئۈچۈن﴾[1] دېگەن ئايىتىنى تەپسىر قىلغاندا چۈشەندۈردۇق.

*******

أَوَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّا جَعَلْنَا حَرَمًا ءَامِنًا وَيُتَخَطَّفُ ٱلنَّاسُ مِنْ حَوْلِهِمْ ۚ أَفَبِٱلْبَٰطِلِ يُؤْمِنُونَ وَبِنِعْمَةِ ٱللَّهِ
يَكْفُرُونَ ﴿٦٧﴾ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِٱلْحَقِّ لَمَّا جَآءَهُۥٓ ۚ أَلَيْسَ فِى جَهَنَّمَ مَثْوًى
لِّلْكَٰفِرِينَ ﴿٦٨﴾ وَٱلَّذِينَ جَٰهَدُوا۟ فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا ۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَمَعَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٦٩﴾

ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان (جاي) قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، الله نىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلامدۇ؟﴿67﴾ الله غا يالغاننى چاپلىغان ياكى ھەق كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ جەھەننەمدە كاپىرلارغا جاي يوقمىدۇ؟ (ئەلۋەتتە بار)﴿68﴾. بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، الله ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴿69﴾.

## ھەرەمنىڭ ھۆرمەتلىك قىلىنغانلىقىدىن ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىش

الله بۇ ئايەتتە قۇرەيشلەرنى (ئۇلار مەككىدە ئولتۇرۇشلۇق بولسۇن ياكى سىرتتىن كەلگەن بولسۇن) الله كىشىلەرگە خاتىرجەم قىلغان ھەرەمدە ئولتۇراقلاشتۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقىنى بايان قىلىدۇ. كىم ھەرەمگە كىرسە، ئۇ خاتىرجەم بولىدۇ. قۇرەيشلەر كاتتا خاتىرجەملىك ئىچىدىدۇر. ھەرەمنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىيلار بىر ـ بىرلىرىگە تىل ـ ئاھانەت قىلىدۇ. بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرىشىدۇ.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى﴾[2].

﴿ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، الله نىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلامدۇ؟﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بۇ كاتتا نېمەتكە الله غا شېرىك كەلتۈرۈش، الله تائالانى قويۇپ بۇتلارغا، شېرىكلەرگە چوقۇنۇش بىلەن مۇشۇنداق شۈكۈر قىلامدۇ؟ ﴿الله نىڭ بەرگەن نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلىدىغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾[3]

ئۇلار الله تائالانىڭ بەندىسى، ئەلچىسى ۋە پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار

(1) قەسەس سۈرىسى 8 ـ ئايەت.
(2) قۇرەيش سۈرىسى 1 ـ 4 ـ ئايەتكىچە.
(3) ئىبراھىم سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

قىلدى. ئۇلار الله تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشى، الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەسلىكى، پەيغەمبەرنى تەستىق قىلىشى، ئۇنى ئىززەتلىشى ۋە ھۆرمەتلىشى لازىم ئىدى. ئەكسىچە، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇشۇپ، ئۇنى ئۆز ئىچىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى. شۇڭا الله تائالا ئۇلارغا بەرگەن ئامان - ئېسەنلىكنى ئۇلاردىن تارتىۋالدى. ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرى بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئاندىن الله تائالانىڭ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋە مۆمىنلەرنىڭ دۆلىتى قۇرۇلدى. الله پەيغەمبىرىگە مەككىنى پەتھى قىلىپ بەردى. مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئىغىز - بۇرۇنلىرىنى توپا باستى ۋە ئۇلارغا خارلىق يەتتى.

**﴿الله غا يالغاننى چاپلىغان ياكى ھەق كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟﴾** يەنى الله تائالاغا يالغاننى چاپلىغان ئادەمدىنمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغان ھېچبىر ئادەم يوق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن: ھەقىقەتەن الله ئۇنىڭغا ۋەھيي قىلغانمىش، ئۇنىڭغا ھېچنەرسە ۋەھيي قىلغىنى يوق، - دېگۈچىلەر ۋە: كەلگۈسىدە الله نازىل قىلغان نەرسىگە ئوخشاش نەرسىنى مەنمۇ نازىل قىلىمەن، - دېگۈچىلەرمۇ بولدى.

مانا مۇشۇنداق، ھەق كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغان ئادەم يوق. چۈنكى، بىرىنچى خىلدىكىلەر الله تائالاغا يالغاننى چاپلىغۇچىدۇر. ئىككىنچى خىلدىكىلەر ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىدۇر.

**﴿جەھەننەمدە كاپىرلارغا جاي يوقمىدۇ؟ (ئەلۋەتتە بار) بىز كۈرەش قىلغانلارنى﴾** يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ساھابىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەگەشكەنلەرنى **﴿ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز﴾** يەنى ئەلۋەتتە ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يولىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىمىز.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئۇكالىق ئاباس ھەمدانىنىڭ: **﴿بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، الله ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىلگەن نەرسىلىرىگە ئەمەل قىلغانلارنى بىلمەي قالغان نەرسىلىرىنى بىلىشكە الله يېتەكلەيدۇ. ئەھمەد ئىبنى ئەبۇھەۋارى مۇنداق دەيدۇ: مەن يۇقىرىدىكى سۆزنى سۇلەيمان دارانىغا سۆزلەپ بەردىم، ئۇ بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ مۇنداق دېدى: كىمگە بىرەر ياخشىلىق ئىلھام بىلەن بىلدۈرۈلسە، ئۇنى ئەسەردىن ئاڭلىغۇچە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش زۆرۈر ئەمەس، ئەگەر ئۇنى ئەسەردىن ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ. الله تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىدۇ. تاكى ئاڭلىغان ئەسەر دىلىدىكى ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن ياخشىلىق بىلەن مۇۋاپىقلىشىدۇ.

**﴿الله ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾** ئىنبى ئەبۇھاتەم شەئبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسائەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «شەك-شۈبھىسىزكى، سېنىڭ ساڭا ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە ياخشىلىق قىلىشىڭ ياخشىلىق قىلغان ھېسابلانمايدۇ. بەلكى، ساڭا يامانلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىلىشىڭ ھەقىقي ياخشىلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ» . الله ھەقنى بىلگۈچىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن، ئەنكەبۇت سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە الله تائالاغا خاستۇر!

# رۇم سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 60 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الٓمٓ ﴿١﴾ غُلِبَتِ ٱلرُّومُ ﴿٢﴾ فِىٓ أَدْنَى ٱلْأَرْضِ وَهُم مِّنۢ بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ ﴿٣﴾ فِى
بِضْعِ سِنِينَ ۗ لِلَّهِ ٱلْأَمْرُ مِن قَبْلُ وَمِنۢ بَعْدُ ۚ وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿٤﴾ بِنَصْرِ
ٱللَّهِ ۚ يَنصُرُ مَن يَشَآءُ ۖ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥﴾ وَعْدَ ٱللَّهِ ۖ لَا يُخْلِفُ ٱللَّهُ وَعْدَهُۥ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ
ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٦﴾ يَعْلَمُونَ ظَٰهِرًا مِّنَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَهُمْ عَنِ ٱلْءَاخِرَةِ هُمْ غَٰفِلُونَ ﴿٧﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەلىف، لام، مىم﴿1﴾. رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش اﷲ نىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆمىنلەر اﷲ نىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، اﷲ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، اﷲ غالىبتۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿5-2﴾. اﷲ (ئۇلارنى غالىب قىلىدىغانلىقىنى) ۋەدە قىلدى. اﷲ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ (چۈنكى، اﷲ نىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، سۆزى راستتۇر)، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴿6﴾. ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن)غەپلەتتىدۇر﴿7﴾.

## رۇملۇقلارنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنىڭ خەۋىرى

بۇ ئايەتلەر پارسلار پادىشاھى سابۇر رۇملۇقلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، رۇم تەۋەسىنىڭ چەت رايونلىرىنى، شامنى، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغاندا نازىل بولغان. سابۇر رۇم پادىشاھى ھىرەقلىنى چېكىنىشكە مەجبۇرلاپ،

ئۇنى قۇستەنتىنىيىگىچە[1] قىستاپ باردى ۋە قۇستەنتىنىيىدە ئۇزاق مۇددەت مۇھاسىرىگە ئالدى. تۆۋەندە دېيىلگىنىدەك، كېيىن ھىرەقل ئىشغال قىلىنغان يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**ئەلىف، لام، مىم. رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رۇملۇقلار يېڭىلدى ۋە يەڭدى. مۇشرىكلار پارسلارنىڭ رۇملۇقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى خالايتتى. چۈنكى، پارسلار بۇتلارغا چوقۇناتتى. مۇسۇلمانلار رۇملۇقلارنىڭ پارسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى خالايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئەھلى كىتاب ئىدى. رۇملۇقلارنىڭ يېڭىلگەن خەۋىرى ئەبۇبەكرىگە يەتكۈزۈلدى. ئەبۇبەكرى بۇ خەۋەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمما رۇملۇقلار كەلگۈسىدە چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ» دېدى.

ئەبۇبەكرى بۇنى مۇشرىكلارغا يەتكۈزدى. ئۇلار: ئۇنداق بولسا، بىز ئارىمىزدا ۋاقىت بەلگىلەيلى، ئەگەر بىز ئۇتۇپ چىقساق، پالان - پۇستان ئىشلار بىزنىڭ بولسۇن. ئەگەر سىلەر ئۇتۇپ چىقساڭلار، پالان - پوكۇن ئىشلار سىلەرنىڭ بولسۇن، - دېدى. ئەبۇبەكرى بەش يىلنى بەلگىلىدى. بىراق رۇملۇقلار غەلىبە قىلالمىدى. ئەبۇبەكرى بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئون يىلدىن تۆۋەنرەك ۋاقىت بەلگىلىسەڭ بوپتىكەن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن رۇملۇقلار غەلىبە قىلدى.

بۇ ئەھۋال الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە ئىپادىلىنىدۇ: ﴿**ئەلىف، لام، مىم. رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش الله نىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر. بۇ كۈندە مۆمىنلەر الله نىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ. الله خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ. الله غالىبتۇر. (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەقتە يەنە بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام تىرمىزى نىيار ئىبنى مۇكرەم ئەسلەمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئەلىف، لام، مىم. رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان بۇ كۈنلەردە، پارسلار رۇملۇقلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب ئىدى.

مۇسۇلمانلار رۇملۇقلارنىڭ پارسلار ئۈستىدىن غالىب بولۇشىنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، رۇملۇقلارمۇ مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش كىتاب بېرىلگەنلەردىن ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ كۈندە مۆمىنلەر الله تائالانىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، الله خالىغان ئادەمگە ياردەم بېرىدۇ، الله غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾.

قۇرەيشلەر پارسلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، پارسلار ئەھلى كىتابتىن ئەمەس بولۇپ، شېرىك ئەقىدىدە ئىدى. الله بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان چاغدا، ئەبۇبەكرى چىقىپ (مەككە كوچىلىرىدا) ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: ﴿**ئەلىف، لام، مىم. رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ**﴾ دەپ توۋلىدى. قۇرەيشتىن بىر تۈركۈم كىشى ئەبۇبەكرىگە: بۇ ئىش ئارىمىزدا مۇنداق بولسۇن، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار رۇملۇقلارنىڭ بىر قانچە يىل

(1) ھازىرقى ئىستانبۇلنى كۆرسىتىدۇ.

ئىچىدە پارسلارنى يېڭىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز سەن بىلەن بۇ ئىشتا دو تىكىشەمدۇق؟ - دېدى. ئەبۇبەكرى: بولىدۇ، - دېدى. بۇ ئىش دو تىكىشىش چەكلىنىشتىن بۇرۇن بولغان ئىدى. ئەبۇبەكرى بىلەن مۇشرىكلار دو تىكىشتى ۋە دوغا تىكىلگەن نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلار ئەبۇبەكرىگە: "مۇددەت" نى (ئۈچ يىلدىن توققۇز يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا) قانچە يىل قىلىمىز، سەن ئارىمىزدا ئوتتۇراھال بىر مۇددەتنى دېگىن، بىز ئۇنىڭغا قوشۇلايلى، - دېدى. ئۇلار ئارىسىدىكى مۇددەتنى ئالتە يىل قىلىپ بېكىتتى، رۇملۇقلار غەلىبە قىلىشتىن بۇرۇن ئالتە يىل تۈگەپ قالدى. مۇشرىكلار ئەبۇبەكرىنىڭ دوغا تىككەن مېلىنى ئېلىپ كەتتى. يەتتىنچى يىلى كىرگەندە، رۇملۇقلار پارسلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. مۇسۇلمانلار ئەبۇبەكرىنى مۇددەتنى ئالتە يىل بەلگىلىگەنلىكى ئۈچۈن ئەيىبلىدى. چۈنكى، **الله** بىر قانچە يىل ئىچىدە دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلدى.

## رۇملۇقلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى

بۇ ئايەت كەرىملەرنىڭ سۆزلۈكلىرى ھەققىدە ئازراق توختىلايلى، **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەلىف، لام، مىم. رۇملۇقلار يېڭىلدى﴾** سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدە بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا سۆزلەنگەن ئىدى. ئەمما رۇملۇقلار دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئۇلار ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىيسنىڭ نەسلىدىندۇر. ئۇلار ئىسرائىل[1] ئەۋلادىنىڭ تاغىسىنىڭ باللىرى بولۇپ، ئەسپەرنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار يۇنان دىنىدا ئىدى.

يۇنانلىقلار نۇھنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، تۈركنىڭ تاغىسىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئۇلار يەتتە سەييارە يۇلتۇزلارغا چوقۇناتتى. ئۇ يۇلتۇزلار "ئەلمۇتەھەييەرە" دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار شىمالى قۇتۇبقا قاراپ ناماز ئوقۇيتتى، دەمەشىق شەھىرىنى ئۇلار قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىبادەتخانىنىمۇ ئۇلار سالغان ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ شىمالى تەرەپكە قارايدىغان بىر قانچە دانە مېھرابى بار ئىدى. رۇملۇقلار ئىسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىنمۇ تەخمىنەن 300 يىلغىچە يۇنانلىقلارنىڭ دىنىدا ئىدى.

شام بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئۇلارغا تەۋە يەرلەرنىڭ پادىشاھى قەيسەر دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرىنچى بولۇپ خىرىستىئان دىنىغا كىرگەن كىشى ھەيرانلىق قۇستەنتىن ئىبنى قۇستۇس ۋە ئۇنىڭ ئانىسى مەريەم ھىيلانىيە شەدقانىيە ئىدى. مەريەم ئوغلىدىن بۇرۇن خىرىستىئان دىنىغا كىرىپ، ئاندىن ئوغلىنى شۇ دىنغا دەۋەت قىلغان ئىدى. قۇستەنتىن ئىلگىرى پەيلاسوپ ئىدى. ئۇ ئانىسىغا ئەگەشتى. ناسارالار نەقىيە دېگەن يەردە يىغىن ئۆتكۈزدى. شۇ يىغىندا ئۆز زامانىدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى ئارىيۇس بىلەن مۇنازىرە قىلدى. ئۇلار نۇرغۇن قېتىم ئىختىلاپ قىلىشىپ بىرلىككە كېلەلمىگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن پەقەت 318 ئەسقۇف[2] بىرلىشىپ قۇستەنتىنىنىڭ ئەقىدىسىنى بەلگىلەپ بەردى. ئۇلار بۇ ئەقىدىنى "بۈيۈك ئامانەت" دەپ ئاتىدى.

ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ ھەقىقەتەن "رەزىل خىيانەت" ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ھالال - ھارام ۋە باشقا ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرگە دائىر ھۆكۈم ۋە قانۇنلارنى مۇقەددەس كىتاب ئىنجىلنىڭ نامى

(1) ئىسرائىل يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ.
(2) خىرىستىئانلارنىڭ دىنى ئۇنۋانىنى كۆرسىتىدۇ.

بىلەن بەلگىلەپ بەردى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭغا بەزى ھۆكۈملەرنى قوشتى ۋە بەزىلىرىنى چىقىرىۋەتتى. شەرققە قاراپ ناماز ئوقۇدى. شەنبە كۈنلۈك دەم ئېلىشنى يەكشەنبىگە ئۆزگەرتتى. كرېست بەلگىسىگە چوقۇندى ۋە توڭگۇز گۆشىنى ھالال قىلدى.

سەلىب بايرىمى، قەداس بايرىمى، غىتاس بايرىمى ۋە بائۇس، شەنائىن بايراملىرىغا ئوخشاش باشقا بايراملارنى پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىگە بايرام قىلىۋالدى. پادىشاھقا پاپا بەلگىلەپ بەردى. پاپا ئۇلارنىڭ دىنىي داھىيسىدۇر. ئاندىن دەرىجە بويىچە بىترىق، مەتران، ئەسقەف، قىسسىس، شەمماس دىنىي ئۇنۋانلارنى بەلگىلىدى. راھىبلىقنى پەيدا قىلدى. پادىشاھ راھىبلارغا چېركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلارنى بىنا قىلىپ بەردى.

ئۆزىنىڭ ئىسمى بېرىلگەن شەھەر قۇستەنتىنىنى تەسىس قىلدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ ھايات ۋاقتىدا 12 مىڭ چېركاۋ سالدۇرغان ۋە بەيتى لەھمى چېركاۋىنى ئۈچ مېھرابلىق قىلىپ سالدۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئانىسى قۇمامە[1] سالدۇرغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ دىنى پادىشاھلىق دىنى دەپ ئاتىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار پادىشاھنىڭ دىنىدا ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەئقۇب ئەسكافىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى يەئقۇبىيە مەزھىپىنى، نەستۇرانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى نەستۇرىيە مەزھىپىنى پەيدا قىلدى. ئۇلار نۇرغۇن پىرقە ۋە جامائەلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئۇلار 72 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى». بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار خىرىستىئان دىنىدا داۋام قىلىپ كېلىۋەردى. ھەر بىر قەيسەر[2] ئۆلسە، ئورنىغا يەنە بىرى چىقاتتى. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ھىرەقل ئىدى. ئۇ ئەقىللىق ئادەم بولۇپ، ئەڭ ھۇشيار، ئەڭ تەدبىرلىك، نەزەر دائىرىسى كەڭ، پىكرى ئۆتكۈر پادىشاھلاردىن ئىدى. ئۇ بۈيۈك ئالقىش، كاتتا داغ ـ دۇغا ئىچىدە ئۇلارغا پادىشاھ بولدى. كېيىن پارس پادىشاھى كىسرا ئىراق، خۇراسان، رەي ۋە باشقا نۇرغۇن يۇرتلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى سابۇرزۇل ئەكتاف ئىدى. كېيىن قەيسەرگە ئۇرۇش ئاچتى. ئۇنىڭ مەملىكىتى قەيسەرنىڭ مەملىكىتىدىن چوڭ ئىدى. ئۇ باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرنى ۋە پارسلارنى كونترول ئاستىغا ئالغان ئىدى. ئۇلار مەجۇسى بولۇپ، ئوتقا چوقۇناتتى.

## قەيسەرنىڭ كىسرانى قانداق يەڭگەنلىكى

كىسرا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، قەيسەرنىڭ دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئۇنى مەغلۇب قىلدى. قورشاۋغا ئالدى. قەيسەرنىڭ قولىدا قۇستەنتىنىيە شەھىرىدىن باشقا بىرمۇ شەھەر قالمىدى. كىسرا ئۇنى قۇستەنتىنىيىدە ئۇزۇن مۇددەت مۇھاسىرىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

خىرىستىئانلار ئۇنى ھەددىدىن زىيادە چوڭ بىلەتتى. كىسرا شەھەرنى ئىشغال قىلىشقا قادىر بولالمىدى. قۇستەنتىنىيە ئىشىق، مۇستەھكەم قورغان بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۇنىڭغا مۇمكىن بولمىدى. چۈنكى، شەھەرنىڭ يېرىمى دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە، يېرىمى بۇ تەرىپىدە بولۇپ، ئۇلارغا ئۇ تەرەپلەردىن ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ياردەم كېلەتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قەيسەر بىر ھىيلە تېپىپ چىقتى. ئۇ دۈشمەننى ئالداشنى توغرا تاپتى. ئۇ كىسرادىن يۇرتىنى بوشىتىپ بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭ بىلەن توختاملىشىپ،

(1) ئەخلاتخانىنى كۆرسىتىدۇ.
(2) رۇملۇقلارنىڭ پادىشاھلىرى ئەسلى ئىسمى بىلەن ئاتالماي قەيسەر دەپ ئاتىلاتتى.

خالىغان شەرتى بويىچە ئۆزىنىڭ پۇل ـ مال تۆلەيدىغانلىقىنى دېدى. كىسرا بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن دۇنيا پادىشاھلىرىنىڭ بىرىمۇ قادىر بولالمايدىغان نۇرغۇن بايلىقلارنى، ئالتۇن ـ جەۋھەرلەر، رەخت، دېدەكلەر، خىزمەتچىلەر ۋە تۈرلۈك، نۇرغۇن بايلىقنى تەلەپ قىلدى. قەيسەر ئۇنىڭغا قوشۇلدى ۋە ئۇنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ھۇزۇرىدا بارغاندا كىسرانى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدى. كىسرا ئاز تەلەپ قىلىپ قاپتىمەن دەپ ئويلىدى.

ئەگەر ئۇ ئىككى پادىشاھ بىرلەشسىمۇ بۇ بايلىقنىڭ ئوندىن بىرىنى يىغىشقا چوقۇم قۇدرىتى يەتمىگەن بولاتتى. ئۇ كىسرادىن ئۆزىنىڭ دۆلىتى شامغا ۋە دۆلەت تەۋەسىدىكى باشقا جايلارغا بېرىپ، ئۇ يەردە ساقلىغان دەپىنە ـ دۇنيالىرىنى توپلاپ كېلىشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىشىنى سورىدى. ئۇ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى.

قەيسەر قۇستەنتىين شەھىرىدىن چىقىشقا تەمشەلگەندە، ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى يىغىپ: مەن ھەقىقەتەن ئەسكەرلىرىمدىن بىر قوشۇن تۈزۈپ بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىشنى نىيەت قىلدىم. ئەگەر مەن بىر يىلدىن بۇرۇن قايتىپ كېلەلىسەم، مەن سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار. ئەگەر ئۇنىڭدىن بۇرۇن قايتىپ كېلەلمىسەم، ئىختىيار سىلەرنىڭ، مېنى پادىشاھ دەپ تونۇۋېرىڭلار، خالىساڭلار مەندىن باشقا پادىشاھ سايلىۋېلىڭلار، ـ دېدى. ئۇلار: ئەگەر سەن ئون يىل يوقاپ كەتسەڭمۇ، ھاياتلا بولىدىكەنسەن، سەن بىزنىڭ پادىشاھىمىز، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئۇ قۇستەنتىنىدىن چىققان چاغدا، ئوتتۇرا ھال بىر ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئاتلاندى. كىسرا بولسا، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، قۇستەنتىين ئەتراپىدا چېدىر تىكىپ ياتتى.

قەيسەر دەرھال ئاتقا مىنىپ، تېز يۈرۈپ پارس دۆلىتىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۇچرىغانلا ئەرلەرنى ۋە ئەسكەرلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يۇرتىنى ۋەيران قىلدى. داۋاملىق ئىلگىرىلەپ قىرغىن قىلىپ، كىسرا دۆلىتىنىڭ پايتەختى مەدائىنغا يېتىپ كەلدى. مەدائىندىكى ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ جىمى مال ـ مۈلكىنى ئولجا ئالدى. كىسرانىڭ ئاياللىرىنى، چۆرىلىرىنى (كېنىزەكلىرىنى) ئەسىرگە ئالدى. ئوغلىنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈپ ئېشەككە مىندۈرۈپ، قوماندانلىرى بىلەن قوشۇپ، ئىنتايىن خار ھالەتتە كىسراغا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ كىسراغا خەت يېزىپ مۇنداق دېدى: بۇ سېنىڭ تەلەپ قىلغان نەرسىلىرىڭ، بۇنى تاپشۇرۇۋال! بۇ ئەھۋال كىسراغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان تۈگىمەس غەم ـ قايغۇ بېسىۋالدى. دۆلىتى ئۈچۈن غەزىپى تاشتى، قورشاۋنى ئىمكان قەدەر كۈچەيتتى. لېكىن كۈچى يەتمىدى. ئۇ شەھەرنى ئالالمىغاندىن كېيىن، قەيسەرگە قارشى ئامۇ دەرياسىنىڭ سۇ كېچىكىنى كۆزلەپ ئاتلاندى. قەيسەرنىڭ قۇستەنتىنىيىگە كېلىشى ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى. قەيسەر بۇنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان چوڭ بىر ھىيلىنى تېپىپ چىقتى. قوشۇننى ۋە بايلىقلىرىنى كېچىك ئېغىزىنىڭ ئالدىدا كۆزىتىشكە قالدۇرۇپ، ئۆزى ئازراق ئەسكەرلىرى بىلەن ئاتلاندى. ئۇلارنى سامان، تۆگە مايىقى، ئات ـ ئېشەك تېزىكى يىغىشقا بۇيرۇدى. بۇلارنى ئېلىپ، سۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ يۈردى. ئاندىن بۇ نەرسىلەرنى دەرياغا تاشلاشقا بۇيرۇدى. بۇ نەرسىلەر ئېقىپ كىسرا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇ ئۇلارنى سۇنىڭ يۇقىرىسىدىن ئۆتۈپتۇ دەپ ئويلاپ، ئۇلارنى قوغلاشقا ئاتلاندى. كېچىك پارسلاردىن بوش قالدى. قەيسەر كېلىپ، ئادەملىرىنى تېز تۇتۇش قىلىپ كېچىكتىن ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. ئۇلار پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ناھايىتى تېزلىكتە كېچىكتىن ئۆتۈپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار كىسرا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن چاققان چىقتى. ئۇلار قۇستەنتىنىگە

زەپەر بىلەن قايتىپ كەلدى. بۇ كۈن خرىستىئانلارغا بايرام بولدى.

كىسرا ۋە قوشۇنى يولدىن ئاداشقان ھالەتتە نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشتى. ئۇلار قەيسەرنىڭ شەھەرلىرىگە ئېرىشمەكتە يوق، رۇملۇقلار ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلدى. تاپقان مال-دۇنيالىرىنى ئېلىپ كەتتى. پەرزەنتلىرىنى، ئاياللىرىنى ئولجا ئالدى. مانا بۇ، رۇملۇقلارنىڭ پارسلارنى يەڭگەنلىكىدۇر. بۇ غەلىبە پارسلار رۇملۇقلارنى يېڭىپ 9 يىلدىن كېيىن يۈز بەردى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىكرىمە ۋە باشقىلارنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، رۇملۇقلار غەلىبە قىلغان بۇ ئۇرۇش "ئەزرۇئات" بىلەن "بۇسرا" دېگەن يەرنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن، ئۇ شامغا تەۋە بولغان ھىجاز يۇرتلىرىغا يېقىن كېلىدىغان بىر جايدۇر. مۇجاھىدنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۇرۇش ئەرەب يېرىم ئارىلىدا، رۇم دۆلىتىنىڭ پارس دۆلىتىگە ئەڭ يېقىن زېمىنىدا يۈز بەرگەن.

﴿**ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش الله نىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر**﴾ يەنى بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەممە ئىش الله تائالانىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر. ﴿**بۇ كۈندە مۆمىنلەر الله تائالانىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ**﴾ يەنى مۆمىنلەر الله تائالانىڭ شامنىڭ پادىشاھى قەيسەرنىڭ ئادەملىرى بولغان رۇملۇقلارغا مەجۇسى دىنىدىكى پارسلار يەنى كىسرانىڭ ئادەملىرىگە قارشى بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، سەۋرى، سۇددى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، رۇملۇقلارنىڭ پارسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى يۈز بەرگەن ئىدى.

ئىمام تىرمىزى، ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە بەززار قاتارلىقلار ئەبۇسەئىدتىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى رۇملۇقلارنىڭ پارسلارنى يەڭگەن كۈنىدۇر. بۇ ئىش مۆمىنلەرنى ھەيران قالدۇردى. مۆمىنلەر بۇنىڭ بىلەن خۇشال بولدى.

الله تائالا: ﴿**بۇ كۈندە مۆمىنلەر الله نىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ. الله خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ. الله غالىبتۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم زۇبەير كىلابىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پارسلارنىڭ رۇملۇقلارنى يەڭگىنىنى، ئاندىن رۇملۇقلارنىڭ پارسلارنى يەڭگىنىنى، ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ پارسلار بىلەن رۇملۇقلارنى يەڭگىنىنى كۆردۈم، بۇنىڭ ھەممىسى 15 يىل ئىچىدە يۈز بەردى.

﴿**الله غالىبتۇر**﴾ يەنى دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشتا غالىبتۇر. ﴿**(مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر. الله (ئۇلارنى غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى) ۋەدە قىلدى. الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ (چۈنكى، الله نىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، سۆزى راستتۇر)**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! بىزنىڭ پارسلارغا قارشى رۇملۇقلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىمىز ھەققىدىكى ساڭا يەتكۈزگەن بۇ خەۋىرىمىز الله تائالانىڭ ھەق ۋەدىسى ۋە راست خەۋىرىدۇر. الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. بۇ ۋەدە چوقۇم يۈز بېرىدۇ ۋە ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، ئۇرۇشۋاتقان ئىككى جامائەدىن ھەققە ئەڭ يېقىنراقىغا الله تائالانىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ياخشى ئاقىۋەت ئاتا قىلىدىغانلىقى الله تائالانىڭ تۇتقان يولىدۇر.

﴿**لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ**﴾ يەنى الله تائالانىڭ كائىناتتىكى ۋە ئادالەتنى

ياقىلاپ ئىجرا بولىدىغان پۇختا ئىشلىرىدىكى ھۆكمىنى بىلمەيدۇ.

**﴿ئۇلار ھاياتى دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر﴾** يەنى كىشىلەرنىڭ تولىسى پەقەت دۇنيانى، دۇنياغا قانداق ئېرىشىشنى، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ۋە ئۇنىڭدا بار نەرسىلەرنىلا بىلىدۇ. ئۇلار دۇنياغا ئېرىشىشنى ۋە ئۇنى تېپىشنىڭ يولىنى بىلىشتە ئىنتايىن ھوشيار ۋە ئەقىللىقتۇر. ئۇلار دىنىنىڭ ئىشلىرىدىن، ئاخىرەت يۇرتىدا ئۇلارغا ئەسقاتىدىغان نەرسىلەرنى تېپىشتىن غەپلەتتىدۇر. بۇ جەھەتتە ئۇلار خۇددى ئۆتۈپ كەتكەن دۆت، ئەقلى يوق، پىكىر قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەملەرگە ئوخشايدۇ.

ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: **الله** بىلەن قەسەمكى، ئۇلاردىن بىرى دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى بىلىشتە، دەرھەمنى تىرنىقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى، قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى ساقا چوقۇم دەپ بېرەلىگۈدەك دەرىجىدە ياخشى بىلىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما **الله** تائالانىڭ: **﴿ئۇلار ھاياتى دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېدى: يەنى كۇففارلار دۇنيانى گۈللەندۈرۈشنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇلار دىنىنىڭ ئىشىدىن غەپلەتتىدۇر.

* * * * * * *

أَوَلَمۡ يَتَفَكَّرُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۗ مَّا خَلَقَ ٱللَّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَآ إِلَّا بِٱلۡحَقِّ وَأَجَلٖ مُّسَمّٗىۗ وَإِنَّ كَثِيرٗا
مِّنَ ٱلنَّاسِ بِلِقَآيِٕ رَبِّهِمۡ لَكَٰفِرُونَ ﴿٨﴾ أَوَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن
قَبۡلِهِمۡۚ كَانُوٓاْ أَشَدَّ مِنۡهُمۡ قُوَّةٗ وَأَثَارُواْ ٱلۡأَرۡضَ وَعَمَرُوهَآ أَكۡثَرَ مِمَّا عَمَرُوهَا وَجَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم
بِٱلۡبَيِّنَٰتِۖ فَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظۡلِمَهُمۡ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿٩﴾ ثُمَّ كَانَ عَٰقِبَةَ ٱلَّذِينَ أَسَٰٓـُٔواْ
ٱلسُّوٓأَىٰٓ أَن كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَكَانُواْ بِهَا يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿١٠﴾

ئۇلار (ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشلىرى ئۈچۈن) ئۆزلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ **الله** ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى (يۇلتۇز قاتارلىق) نەرسىلەرنى پەقەت ھەق ۋە مۇئەييەن ۋاقىتلىق قىلىپ ياراتتى، شەك - شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن كىشىلەر پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى (قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى، قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىنى ياكى جازالىنىدىغانلىقىنى) ئىنكار قىلغۇچىدۇر﴿8﴾. ئۇلار يەر يۈزىدە كېزىپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلار (يەنى ئۆتكەنلەر) قۇۋۋەتتە بۇلاردىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار زىرائەت تېرىشتا، ئىمارەت سېلىشتا بۇلار (يەنى قۇرەيشلەر) دىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى (ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى). **الله** ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى (يەنى **الله** ئۇلارنى گۇناھسىز ھالاك قىلغىنى يوق)، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى (كۇفرى ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاك بولۇشقا تېگىشلىك بولدى)﴿9﴾. ئاندىن يامان ئىش قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەڭ يامان بولىدۇ، چۈنكى، ئۇلار **الله** نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە مەسخىرە قىلغان كىشىلەردۇر﴿10﴾.

# تەۋھىدنىڭ دەلىللىرى

اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىنسانلارنى اللە تائالانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە مەخلۇقاتلارنى يالغۇز اللە تائالانىڭ ياراتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. اللە تائالادىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. اللە تائالادىن بۆلەك ھېچ پەرۋەردىگار يوقتۇر.

﴿**ئۇلار (ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشلىرى ئۈچۈن) ئۆزلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟**﴾ يەنى ئۈستۈنكى، تۆۋەنكى ئالەمدىكى شەيئىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەر تۈرلۈك مەخلۇقاتلارنى اللە تائالانىڭ ياراتقانلىقىغا قاراپ، بۇلار ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلمامدۇ؟ ئويلىمامدۇ؟ شۇنداق قىلسا، مەخلۇقاتلارنىڭ بىھۇدە، بىكارغا ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ ھەق ۋە مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (قىيامەت كۈنىگىچە) يارىتىلغانلىقىنى بىلەتتى.

﴿**شەك-شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن كىشىلەر پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى (قايتا تىرىلدىغانلىقىنى، قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىنى ياكى جازالىنىدىغانلىقىنى) ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر**﴾ ئاندىن اللە تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەردە راستچىل ئىكەنلىكىگە، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىش، ئۇلارغا ئىشەنگەنلەرنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت مۆجىزىلەر ۋە روشەن دەلىللەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىقىغا كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار يەر يۈزىدە كېزىپ**﴾ يەنى ئۇلار چۈشىنىش، ئويلىنىش، كۆزىتىش ۋە ئىلگىرىكىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن سەير قىلمىدىمۇ؟

﴿**ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلار قۇۋۋەتتە بۇلاردىن كۈچلۈك ئىدى**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبىرى قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىنسانلار! ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر، بۇرۇنقى قەۋملەر سىلەرگە قارىغاندا كۈچلۈك ئىدى. بايلىقى ۋە پەرزەنتلىرى كۆپ ئىدى. سىلەرگە ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەرنىڭ ئوندىن بىرى بېرىلدى، ئۇلار دۇنيادا سىلەر يېتەلمەيدىغان شەكىلدە يەرلەشكەن ئىدى ۋە ئېگىز بىنالارنى سالغان ئىدى. ئۇلار زېمىننى سىلەرگە قارىغاندا كۆپ ئاۋاتلاشتۇردى ۋە كۆپ پايدىلاندى. بىراق ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلگەن، ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نەرسىلەر بىلەن ئالدانغان چاغدا، اللە ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدى. ئۇلارنى اللە تائالادىن باشقا ھېچ قۇتقازغۇچى بولمىدى. ئۇلارنىڭ بايلىقى، پەرزەنتلىرى ئۇلاردىن اللە تائالانىڭ ئازابىنى توسۇشقا ئەسقاتمىدى.

پەرزەنتلىرى ئۇلاردىن زەررىچىلىك ئازابنىمۇ دەپئى قىلالمىدى. اللە ئۇلارغا نازىل قىلغان ئازاب - ئۇقۇبەت بىلەن ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى. ﴿**لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى (كۇفرى ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى**﴾ يەنى شەك - شۈبھىسىزكى، ئازاب ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى. چۈنكى، ئۇلار اللە تائالانىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە ۋە ئىنكار قىلدى. پەقەت ئۇلار ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك بولۇشقا تېگىشلىك بولدى.

﴿**ئاندىن يامان ئىش قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەڭ يامان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار اللە نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە مەسخىرە قىلغان كىشىلەردۇر**﴾ اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگەندەك

634

(يەنە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز﴾[1]، ﴿ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى﴾[2]، ﴿ئەگەر ئۇلار (الله ساڭا نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى مۇھەممەد!) بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن الله ئۇلارنى جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ﴾[3].

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿ئاندىن يامان ئىش قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەڭ يامان بولىدۇ﴾** دېگەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەڭ يامان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلاتتى ۋە مەسخىرە قىلاتتى دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەممۇ ئۇ ئىككىسىدىن ۋە زەھھاك ئىبنى مۇزاھىمدىن رىۋايەت قىلغان. ئۇ مەزمۇننى الله تائالانىڭ: **﴿ۋە مەسخىرە قىلغان كىشىلەردۇر﴾** دېگەن ئايىتىدىن ئاشكارا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

* * * * * * *

ٱللَّهُ يَبۡدَؤُاْ ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ ثُمَّ إِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿١١﴾ وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يُبۡلِسُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿١٢﴾ وَلَمۡ
يَكُن لَّهُم مِّن شُرَكَآئِهِمۡ شُفَعَٰٓؤُاْ وَكَانُواْ بِشُرَكَآئِهِمۡ كَٰفِرِينَ ﴿١٣﴾ وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ
يَوۡمَئِذٖ يَتَفَرَّقُونَ ﴿١٤﴾ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَهُمۡ فِي رَوۡضَةٖ يُحۡبَرُونَ
﴿١٥﴾ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَلِقَآيِٕ ٱلۡأٓخِرَةِ فَأُوْلَٰٓئِكَ فِي ٱلۡعَذَابِ مُحۡضَرُونَ ﴿١٦﴾

الله مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن الله نىڭ دەرگاھىغا (ھېساب ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر﴿11﴾. قىيامەت قايىم بولغان كۈندە گۇناھكارلار ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ﴿12﴾. ئۇلارغا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىدىن شاپائەت قىلغۇچىلار بولمايدۇ، ئۇلار شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىدىن تانىدۇ﴿13﴾. قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار) بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىدۇ﴿14﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار باغچىدا (يەنى جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا) يايرىتىلىدۇ﴿15﴾. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاخىرەتتىكى مۇلاقاتنى ئىنكار قىلغان ۋە يالغانغا چىقارغانلارغا كەلسەك، ئۇلار داۋاملىق ئازابتا قالىدۇ﴿16﴾.

**﴿الله مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدۇ﴾** يەنى الله مەخلۇقاتنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلىشقا قادىر بولغىنىدەك، ئۇنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكىمۇ قادىردۇر. **﴿ئاندىن الله نىڭ دەرگاھىغا (ھېساب ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر﴾** يەنى قىيامەت كۈنى، الله ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

**﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە گۇناھكارلار ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ﴾** مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇ كۈندە گۇناھكارلار رەسۋا بولىدۇ. ئۇ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەيدۇ: قايغۇ ـ ھەسرەتتىن گۇناھكارلارنىڭ

(1) ئەنئام سۈرىسى 110 ـ ئايەت.
(2) سەف سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مائىدە سۈرىسى 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ.

**﴿ئۇلارغا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىدىن شاپائەت قىلغۇچىلار بولمايدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ **الله** تائالانى قويۇپ چوقۇنغان يالغان ئىلاھلىرى ئۇلارغا شاپائەت قىلمايدۇ. ئۇلار شۇ ئىلاھلىرىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق چاغدا، ئۇ ئىلاھلىرى ئۇلارنى تونۇمايدۇ ۋە خىيانەت قىلىدۇ، **﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار) بىر-بىرىدىن ئايرىلىدۇ﴾**.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: **الله** بىلەن قەسەمكى، بۇ ئايرىلىشتىن كېيىن ئۇچرىشىش بولمايدۇ. يەنى مۆمىنلەر جامائەسى ئالىي جەننەتكە ئۆرلىتىلسە، كاپىرلار جامائەسى دوزاخنىڭ قەئرىگە تاشلىنىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاخىرقى ئايرىلىش ۋاقتىدۇر. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار باغچىدا (يەنى جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا) ياپرىتىلىدۇ﴾** مۇجاھىد ۋە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار جەننەتنىڭ باغچىلىرى بىلەن بەھرىمەن قىلىنىدۇ.

*******

فَسُبْحَـٰنَ ٱللَّهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ تُصْبِحُونَ ﴿١٧﴾ وَلَهُ ٱلْحَمْدُ فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَعَشِيًّا
وَحِينَ تُظْهِرُونَ ﴿١٨﴾ يُخْرِجُ ٱلْحَىَّ مِنَ ٱلْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ ٱلْمَيِّتَ مِنَ ٱلْحَىِّ وَيُحْىِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا ۚ وَكَذَٰلِكَ
تُخْرَجُونَ ﴿١٩﴾

سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە **الله** غا تەسبىھ ئېيتىڭلار﴿17﴾. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەمدۇسانا، كەچ ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدىكى ھەمدۇسانانىڭ ھەممىسى **الله** غا خاستۇر﴿18﴾. **الله** جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، جانلىق نەرسىلەردىن جانسىز نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قۇرغاق زېمىننى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، سىلەرمۇ مۇشۇنداق تىرىلدۈرۈلىسىلەر﴿19﴾.

## بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

بۇ، **الله** تەرىپىدىن مۇقەددەس زاتى ئۈچۈن ئېيتىلغان تەسبىھدۇر، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ئېلىپ كەلگەن ئاخشام بىلەن كۈندۈز يورۇپ نۇر چاچىدىغان ئەتىگەندىن ئىبارەت **الله** تائالانىڭ كامالى قۇدرىتىنى ۋە بۈيۈك پادىشاھلىقىنى كۆرسىتىدىغان بۇ توختاۋسىز ۋاقىتلاردا بەندىلىرىنىڭ **الله** تائالاغا تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىشى ئۈچۈن قىلىنغان كۆرسەتمىدۇر. ئاندىن تەسبىھگە مۇناسىپ بولسۇن ئۈچۈن، **الله** ھەمدۇسانا ئېيتىشنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەمدۇسانا﴾** يەنى **الله** ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن مەدھىيىگە تېگىشلىكتۇر.

ئاندىن **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿كەچ ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدىكى ھەمدۇسانانىڭ ھەممىسى الله غا خاستۇر﴾** قاراڭغۇ كېچىنى، يورۇق كۈندۈزنى ياراتقان، تاڭنى ئىشلەش ئۈچۈن يورۇتقان، كېچىنى ئارام ئالىدىغان ۋاقىت قىلغان **الله** پاكتۇر.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قۇياشنى ئاشكارا قىلغان كۈندۈز بىلەن قەسەمكى، قۇياشنى يوشۇرغان چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى﴾[1]، ﴿قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلە قەسەمكى، يورۇغان چاغدىكى كۈندۈز بىلەن قەسەمكى﴾[2]، ﴿چاشكا ۋاقتى بىلەن قەسەمكى، قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلە قەسەمكى﴾[3] بۇ توغرىدا يەنە نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

**﴿اللہ جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ. جانلىق نەرسىلەردىن جانسىز نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ﴾** بۇ، اللہ تائالانىڭ قارىمۇ قارشى شەيئىلەرنى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر توختالماقچى بولغان نەرسىدۇر. تۆۋەندە ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىدىغان ئايىتى كەرىملەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يوسۇندىدۇر. بۇ ئايەتلەردە اللہ ھەقىقەتەن مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتا ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، شەيئىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ زىددىنى ياراتقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

بۇ شەيئىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: اللہ ئۆسۈملۈكلەرنى داندىن ئۈندۈرىدۇ، داننى ئۆسۈملۈكلەردىن چىقىرىدۇ. تۇخۇمنى توخۇدىن تۇغدۇرىدۇ، توخۇنى تۇخۇمدىن چىقىرىدۇ. ئىنساننى مەنىيدىن يارىتىدۇ. مەنىينى ئىنساندىن چىقىرىدۇ. مۆمىن ئادەمنى كاپىر ئادەمدىن، كاپىر ئادەمنى مۆمىن ئادەمدىن دۇنياغا كەلتۈرىدۇ.

**﴿ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قۇرغاق زېمىننى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن كۆكەرتىدۇ)﴾** اللہ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۆلۈك (يەنى قۇرغاق) زېمىننى (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى ئۆستۈرگەنلىكىمىز ئۇلارغا (اللہ نىڭ قۇدرىتى كامىلەسىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتتۇر. بىز زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورما باغلىرىنى، ئۈزۈم باغلىرىنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق﴾[4]، ﴿ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، بىز سىلەرگە (اللہ نىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى (ئالدى بىلەن) ئابمەنىدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىللىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىدانىدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز (ئاندىن سىلەرنى ئاستا ـ ئاستا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، سىلەر (كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار، (ئىلگىرى) بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشىڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە (ھايات) قالدۇرۇلىسىلەر، (اللہ تائالانىڭ ئۆلگەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ (يەنى اللہ تائالانىڭ ئىنساننى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يۇقىرىقىدەك يارىتىشى)، اللہ نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى سىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. شۈبھىسىزكى، قىيامەت كېلىدۇ، ئۇنىڭ كېلىشىدە ھېچ شەك يوق. اللہ قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ﴾

(1) شەمس سۈرىسى 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر.
(2) لەيل سۈرىسى 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر.
(3) زۇھا سۈرىسى 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر.
(4) ياسىن سۈرىسى 33 ـ 34 ـ ئايەتلەر.

ئۇنتۇلۇش بىلەن تىرىلدۈرگەندەك) الله نىڭ تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر﴾[1]، ﴿الله نىڭ رەھمىتى (يەنى يامغۇر) مەيدانغا كېلىش ئالدىدا، الله بېشارەتچى قىلىپ شامال‌لارنى ئەۋەتىدۇ. شامال‌لار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا ئۇلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراپ ياتقان گىياسىز) جايلارغا سۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك - تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز. ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغاندەك، قىيامەتتە) ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز﴾[2] شۇڭا الله بۇ يەردە مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرمۇ مۇشۇنداق تىرىلدۈرۈلىسىلەر**﴾.

*******

وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَنْ خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ إِذَآ أَنتُم بَشَرٌ تَنتَشِرُونَ ﴿٢٠﴾ وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَٰجًا لِّتَسْكُنُوٓا۟ إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١﴾

الله نىڭ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ زېمىندا تارىلىپ يۈرۈشۈڭلار الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴿20﴾. ئاياللار بىلەن ئۈنسى - ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (الله نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر - خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴿21﴾.

## الله تائالانىڭ ئالامەتلىرى

الله ئېيتىدۇكى، الله تائالانىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ﴿**ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ زېمىندا تارىلىپ يۈرۈشۈڭلار**﴾ الله تائالانىڭ بۈيۈكلىكىنى، كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ﴿**الله نىڭ ئالامەتلىرىدىن**﴾ دۇر. الله سىلەرنى تۇپراقتىن، ئاندىن ئەرزىمەس سۇدىن (يەنى ئابمەنىيدىن) ياراتتى. ئاندىن ئابمەنىي لەختە قانغا، ئاندىن بىر پارچە گۆشكە ئايلاندى. ئاندىن ئۇ ئىنسان شەكلىدىكى سۆڭەككە ئايلاندى. الله ئۇ سۆڭەككە گۆش قوندۇردى. ئاندىن ئۇنىڭغا جان كىرگۈزدى. ئۇ ئاڭلايدىغان ۋە كۆرىدىغان ئىنسان قىياپىتىگە كەلدى. ئاندىن ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن كۈچسىز، ئاجىز بوۋاق ھالەتتە دۇنياغا كەلدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزارغانسېرى، كۈچ - قۇۋۋەتتە تاكامۇللىشىپ، جانلىق ھالەتتە شەھەرلەرنى ۋە قورغانلارنى بىنا قىلالايدىغان قابىل ئىنسانغا ئايلاندى.

ئۇ دۆلەتلەر ئارا سەپەر قىلىدۇ، دېڭىزلار ئۈستىدە قاتنايدۇ، زېمىندا شەھەرلەرنى ئايلىنىدۇ، بايلىقلارغا ئېرىشىدۇ ۋە ئۇنى توپلايدۇ، ھەر بىر كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىدا ئۆزىگە يارىشا پىكىر قىلىدۇ، چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىدۇ، تەدبىر قوللىنىدۇ. ھىيلە ئىشلىتىدۇ، كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۆگىنىدۇ ۋە ئەتراپلىق نەزەر دائىرىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلارغا تىرىكچىلىك ۋە ئوقەت قىلىشنىڭ

(1) ھەج سۈرىسى 5 ـ 7 ـ ئايەتكىچە.
(2) ئەئراف سۈرىسى 57 ـ ئايەت.

تۈرلۈك يوللىرىغا ئىگە قىلغان، بۇ يوللارغا ماگدۇرغان، بۇ يوللارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ ۋە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن زات الله پاكتۇر. الله ئۇلارنى ئىلىم ۋە پىكىر قىلىشتا، گۈزەللىك ۋە سەتلىكتە، بايلىق ۋە يوقسۇللۇقتا، بەختلىك ۋە بەختسىزلىكتە پەرقلىق ياراتتى. **﴿الله نىڭ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ زېمىندا تارىلىپ يۈرۈشۈڭلار الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾**.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇمۇسادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله ھەقىقەتەن ئادەمنى زېمىننىڭ جىمى يېرىدىن ئالغان بىر چاڭگال تۇپراقتىن ياراتتى. ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى شۇ تۇپراقتا يارىشا دۇنياغا كەلدى، ئۇلاردىن ئاق تەنلىك، قوڭۇر تەنلىك، قارا تەنلىك ۋە باشقا تەنلىك ئادەملەر، يامان ئادەم ۋە ياخشى ئادەم، بەختلىك بولىدىغان ئادەم ۋە بەختسىز ئادەم ۋە بۇنىڭ ئارىسىدىكى ئادەملەر دۇنياغا كەلدى». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

**﴿ئاياللار بىلەن ئۈنسى ـ ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (الله نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾** يەنى سىلەرگە جۈپ بولۇشى ئۈچۈن، الله ئۆزەڭلارنىڭ تىپىدىن ئاياللارنى ياراتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ سىلەرنى بىر جاندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى. (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۈنسى ـ ئۇلپەت ئېلىشى ئۈچۈن، خوتۇنىنى (يەنى ھەۋۋانى) ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن ياراتتى﴾[1] يەنى الله ھەۋۋانى ئادەمنىڭ سول تەرەپتىكى يېتىم قوۋۇرغىسىدىن ياراتتى.

ئەگەر الله ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەركەك قىلىپ يارىتىپ، ئۇلارنىڭ چىشىلىرىنى باشقا جىنستىن، يەنى جىندىن ياكى ھايۋاندىن قىلىپ يارىتىپ قويغان بولسا، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ ئۈنسى ـ ئۇلپەت چوقۇم ھاسىل بولمىغان بولاتتى. ناۋادا، ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئۆز تىپىدىن بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەپرەت پەيدا بولاتتى. الله تائالا ئادەم ئەۋلادىغا تولۇق رەھمىتىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى ئۆز جىنسىدىن ياراتتى. ئۇلار بىلەن ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق ۋە مېھرى ـ مۇھەببەت ئورناتتى.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەر كىشى خوتۇنىنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭدىن پەرزەنت كۆرۈش ئۈمىدى بولغانلىقى ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭ تۇرمۇشتا ئەرگە ھاجىتى بولغانلىقى ۋە ياكى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۆزئارا ئۈنسى ـ ئۇلپەت ئېلىشى ۋە بۇنىڭدىن باشقا غەرەز ئۈچۈن ئالىدۇ. **﴿پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾**.

* * * * * * *

وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦ خَلْقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱخْتِلَٰفُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَٰنِكُمْ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ
لِّلْعَٰلِمِينَ ﴿٢٢﴾ وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦ مَنَامُكُم بِٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَٱبْتِغَآؤُكُم مِّن فَضْلِهِۦٓ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ
لِّقَوْمٍ يَسْمَعُونَ ﴿٢٣﴾

(1) ئەئراف سۈرىسى 189 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله نىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴿22﴾. سىلەرنىڭ كېچىسى ۋە كۈندۈزى ئۇخلىشىڭلار، (كۈندۈزى) الله نىڭ مەرھەمىتىدىن (رىزىق) تەلەپ قىلىشىڭلار (ھەرىكەتلىنىشىڭلار) الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴿23﴾.

**﴿الله نىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾** يەنى الله نىڭ شۇنداق ئېگىز، شۇنداق كەڭرى، رەڭگى سۈپسۈزۈك، تۇرغۇن ۋە سەييارە يۇلتۇزلىرى ئىنتايىن پارقىراق ئاسمانلارنى ياراتقانلىقى ۋە بىر ـ بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن زېمىننى، ئۇنىڭدىكى تاغلارنى، ۋادىلارنى، دېڭىزلارنى، چۆل ـ جەزىرىلەرنى، ھايۋانلارنى ۋە دەرەخلەرنى ياراتقانلىقى الله تائالانىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىندۇر.

**﴿تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىڭلارنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشى﴾** يەنى ئەرەب تىلى، تاتار تىلى، كەرەج تىلى، رۇم تىلى، فرانسۇز تىلى، بەربەر تىلى، تۈرك تىلى، ھەبەش تىلى، ھىندى تىلى، ئەجەم تىلى، سەقالىبە تىلى، خەزەر تىلى، ئەرمەن تىلى، كورد تىلى ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ الله دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان خىلمۇ خىل تىللارنى، ئۇلارنىڭ رەڭگىلىرىنىڭ يەنى تاشقى رەڭگى ـ روينىڭ خىلمۇخىل بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

الله ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندىن تارتىپ قىيامەتكىچە بولغان ئەھلى دۇنيادىن ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىككى كۆزى، ئىككى قېشى، بۇرنى، پېشانىسى، ئېغىزى، ئىككى مەڭزى بار. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە ئوخشاپ قالغىنى يوق. ئۇبدان مۇلاھىزە قىلىنسا، چوقۇم ئۇنىڭ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بىرەر شەكلى ـ قامىتى ياكى گەپ ـ سۆزى بىلەن ئۇنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ھەرقانداق چىراي ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە شەكىلدە بولۇپ، يەنە بىر چىرايغا ئوخشاپ قالمايدۇ. ئەگەر بىرەر گۇرۇھ ئادەم گۈزەللىك ۋە سەتلىكتە بىر ـ بىرى بىلەن ئوخشىشىپ قالسىمۇ، ئۇلاردىن ھەر بىرىنىڭ يەنە بىرىدىن چوقۇم پەرقلىنىدىغان يېرى بولىدۇ.

**﴿بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار. سىلەرنىڭ كېچىسى ۋە كۈندۈزى ئۇخلىشىڭلار، (كۈندۈزى) الله نىڭ مەرھەمىتىدىن (رىزىق) تەلەپ قىلىشىڭلار (ھەرىكەتلىنىشىڭلار) الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾** يەنى كېچە ۋە كۈندۈزدە ئىش ـ ھەرىكەتتىن توختاپ راھەت تاپىدىغان، ھېرىپ چارچاشنى تۈگىتىدىغان ئۇيقۇنى ياراتقانلىقى الله تائالانىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىندۇر.

الله تائالا سىلەرنىڭ كۈندۈزدە رىزىق يوللىرىنى ئىزدەپ ئەتراپقا تارىلىشىڭلار ۋە سەپەرلەرگە چىقىشىڭلارنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بەردى. بۇ ئۇيقۇنىڭ دەل ئەكسىدۇر. **﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾** يەنى ئاڭلاپ ئېسىدە چىڭ ساقلايدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

* * * * * * *

وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦ يُرِيكُمُ ٱلْبَرْقَ خَوْفًا وَطَمَعًا وَيُنَزِّلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَيُحْىِۦ بِهِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ
مَوْتِهَآ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ﴿٢٤﴾ وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَن تَقُومَ ٱلسَّمَآءُ وَٱلْأَرْضُ بِأَمْرِهِۦ ۚ ثُمَّ
إِذَا دَعَاكُمْ دَعْوَةً مِّنَ ٱلْأَرْضِ إِذَآ أَنتُمْ تَخْرُجُونَ ﴿٢٥﴾

**الله** نىڭ سىلەرگە چاقماقنى قورقۇنچ ۋە ئۈمىد قىلىپ كۆرسىتىشى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشى **الله** نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، چۈشىنەلەيدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا، شەك - شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴿24﴾. **الله** نىڭ ئاسمان - زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن (مۇئەللەق) تۇرغۇزۇشى **الله** نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، ئاندىن **الله** (قەبرىلەردە كۆمۈلۈپ ياتقان) سىلەرنى يەر ئاستىدىن چاقىرسا، دەرھال چىقىسىلەر﴿25﴾.

**﴿الله نىڭ سىلەرگە چاقماقنى قورقۇنچ ۋە ئۈمىد قىلىپ كۆرسىتىشى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾** يەنى ياكى چاقماقتىن كېيىن ياغىدىغان قورقۇنچلۇق قاتتىق يامغۇرلاردىن ۋە جانغا ئالىدىغان گۈلدۈرماملاردىن قورقىسىلەر. ياكى چاقماقنىڭ يەڭگىل چىقىشىنى، چاقماقتىن كېيىن ياغىدىغان ئېھتىياجلىق يامغۇرنى ئۈمىد قىلىسىلەر. زېمىن گىياسىز، ھېچنەرسە يوق قاقاسلىققا ئايلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يامغۇر ياغسا، ﴿ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ﴾[1].

بۇنىڭدا قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىنى كۆرسىتىدىغان روشەن دەلىل ۋە ئىبرەت بار. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿چۈشىنەلەيدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا، شەك - شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾** ئاندىن **الله** مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله نىڭ ئاسمان زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن (مۇئەللەق) تورغۇزۇشى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾**.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئاسماننىڭ) زېمىنغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، **الله** ئاسماننى توختىتىپ تۇرىدۇ. پەقەت **الله** نىڭ ئىزنى بىلەن (ئاسماننىڭ قىيامەت بولغان چاغدا) چۈشۈپ كېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[2]، ﴿**الله** ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى (قۇدرىتى ۋە گۈزەل ھېكمىتى بىلەن) چۈشۈپ كېتىشتىن توختىتىپ تۇرىدۇ﴾[3].

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەسەم قىلسا، مۇنداق قەسەم قىلاتتى: ئۆز ئەمرى بىلەن ئاسمان - زېمىننى چۈشۈپ كېتىشتىن توختاتقان زات **الله** بىلەن قەسەم قىلىمەن. يەنى ئاسمان - زېمىن **الله** نىڭ ئەمرى ۋە بويسۇندۇرۇشى بىلەن مۇستەھكەم تۇرىدۇ. ئاندىن قىيامەت كۈنى بولسا، زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ. ئۆلۈكلەر **الله** تائالانىڭ بۇيرۇقى ۋە چاقىرىقى بىلەن قەبرىلىرىدىن تىرىك ھالەتتە چىقىدۇ.

**﴿ئاندىن الله (قەبرىلەردە كۆمۈلۈپ ياتقان) سىلەرنى يەر ئاستىدىن چاقىرسا، دەرھال چىقىسىلەر﴾** **الله** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇ كۈندە، **الله** سىلەرنى چاقىرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ھەمدى ئېيتىپ

(1) ھەج سۈرىسى 5 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھەج سۈرىسى 65 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) فاتىر سۈرىسى 41 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەجابەت قىلىسىلەر ۋە (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇرغاندەك ئويلايسىلەر﴾[1]، ﴿بىر سەيھە (يەنى ئىسرافىلنىڭ سۇر چېلىشى) بىلەنلا ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) (يەر ئاستىدىن) زېمىننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ﴾[2]، ﴿پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ﴾[3].

*******

وَلَهُۥ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ كُلٌّ لَّهُۥ قَٰنِتُونَ ﴿٢٦﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ وَهُوَ أَهْوَنُ عَلَيْهِ ۚ وَلَهُ ٱلْمَثَلُ ٱلْأَعْلَىٰ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٢٧﴾

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە الله نىڭدۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، الله نىڭ مەخلۇقاتىدۇر ۋە الله نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر)، ھەممە الله غا بويسۇنغۇچىدۇر﴿26﴾. مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئەڭ ئالىي سۈپەت الله غا خاستۇر، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿27﴾.

**﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە الله نىڭدۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، الله نىڭ مەخلۇقاتىدۇر ۋە الله نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر) ھەممە الله غا بويسۇنغۇچىدۇر﴾** يەنى ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز ھالەتتە الله تائالاغا باش ئەگكۈچىدۇر ۋە ئۇنىڭدىن قورققۇچىدۇر.

## مەخلۇقاتنى قايتا تىرىلدۈرۈشنىڭ ئاسان ئىكەنلىكى

**﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾**. ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئۇ الله تائالاغا ئاساندۇر. مۇجاھىد: مەخلۇقاتنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلىش الله تائالاغا ئاساندۇر. ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈش دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا الله تائالاغا تېخىمۇ ئاساندۇر. ئىكرىمە ۋە باشقىلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئەۋلادى مېنى ئىنكار قىلدى. بۇ ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس ئىدى. ئۇ ماڭا تىل تەگكۈزدى، بۇ ئۇنىڭ ھەددى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مېنى ئىنكار قىلغانلىقى، ئۇنىڭ: الله مېنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغاندەك، ئۆلگەندىن كېيىن مېنى ھەرگىز تىرىلدۈرەلمەيدۇ، ـ دېگەنلىكىدۇر. ئىنساننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈش مەن ئۈچۈن ئۇنى يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاساندۇر. ئۇنىڭ مېنى تىللىغانلىقى، ئۇنىڭ: الله ئۆزىگە بالا تۇتتى، ـ دېگەنلىكىدۇر. مەن بىردىن

(1) ئىسرا سۈرىسى 52 ـ ئايەت.
(2) نازىئات سۈرىسى 13 ــ 14 ــ ئايەتلەر.
(3) ياسىن سۈرىسى 53 ـ ئايەت.

بىر ئىلاھتۇرمەن، ھەممە الله غا موھتاجدۇر. الله بالا تاپقان ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ».

﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئەڭ ئالىي سۈپەت الله تائالاغا خاستۇر﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ: ﴿ھېچ شەيئى الله غا ئوخشاش ئەمەستۇر﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ سۈپىتى ”الله تائالادىن بۆلەك ھېچ ئىلاھ يوق، بىر پەرۋەردىگاردىن باشقا ھېچ پەرۋەردىگار يوق“ دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

*******

ضَرَبَ لَكُم مَّثَلًا مِّنْ أَنفُسِكُمْ هَل لَّكُم مِّن مَّا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُكُم مِّن شُرَكَآءَ فِي مَا رَزَقْنَٰكُمْ فَأَنتُمْ فِيهِ سَوَآءٌ تَخَافُونَهُمْ كَخِيفَتِكُمْ أَنفُسَكُمْ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلْأَيَٰتِ لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ﴿٢٨﴾ بَلِ ٱتَّبَعَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ أَهْوَآءَهُم بِغَيْرِ عِلْمٍ فَمَن يَهْدِي مَنْ أَضَلَّ ٱللَّهُ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٢٩﴾

الله سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ، بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈككە قۇللىرىڭلارنىڭ شېرىك بولۇشىغا، ئۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىغا، ئۇلاردىن ئۆزلىرىڭلار (يەنى ئازاد كىشىلەر) دىن قورققاندەك قورقۇشقا رازى بولامسىلەر؟ (بۇنىڭغا رازى بولمىغان ئىكەنسىلەر، مەخلۇقاتنىڭ الله غا شېرىك بولۇشىغا قانداق رازى بولىسىلەر؟) چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴿28﴾. ئۇنداق ئەمەس (يەنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈشتە ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئۆزرىسى يوق)، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار بىلىمسىزلىكتىن نەپسى خاھىشىغا ئەگەشتى. الله گۇمراھ قىلغان ئادەمنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ، ئۇلارغا ھەرگىز ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ﴿29﴾.

## الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان مىسال

الله بۇ مىسالنى الله تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان بۇتلىرىنىڭ، شېرىكلىرىنىڭ الله تائالانىڭ قۇللىرى ۋە مۈلۈكلىرى ئىكەنلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇلارنى الله تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان، الله تائالاغا باشقا نەرسىلەرنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغان مۇشرىكلار ئۈچۈن كەلتۈردى. ئۇلار تەلبىيە ئېيتقانلىرىدا مۇنداق دەيتتى: بىز سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ كەلدۇق. سېنىڭ بىر شېرىكىڭدىن باشقا شېرىكىڭ يوق. سەن ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىگە ئىگىسەن.

﴿الله سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ﴾ يەنى سىلەر ئۆزەڭلاردىكى بۇ مىسالنى كۆرۈپ تۇرىسىلەر ۋە چۈشىنىپ تۇرىسىلەر. ﴿بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈككە قۇللىرىڭلارنىڭ شېرىك بولۇشىغا، ئۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىغا، ئۇلاردىن ئۆزلىرىڭلار (يەنى ئازاد كىشىلەر) دىن قورققاندەك قورقۇشقا رازى بولامسىلەر؟ (بۇنىڭغا رازى بولمىغان ئىكەنسىلەر، مەخلۇقاتنىڭ الله غا شېرىك بولۇشىغا قانداق رازى بولىسىلەر؟)﴾ يەنى سىلەردىن بىرمۇ ئادەم قۇلىنىڭ ئۆز مال ـ مۈلكىگە شېرىك بولۇشىغا، ئۇ مال ـ مۈلۈكتە ئۆزىنىڭ ۋە قۇلىنىڭ باراۋەر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ.

**﴿ئۇلاردىن ئۆزلىرىڭلار (يەنى ئازاد كىشىلەر) دىن قورققاندەك قورقۇشقا رازىمۇ سىلەر؟﴾** ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن مال ـ مۈلۈكنى بۆلۈشۈپ كېتىشىدىن قورقىسىلەر. ئەبۇمۇجلىز مۇنداق دەيدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن قۇلۇڭنىڭ سېنىڭ مال ـ مۈلكۈڭنى سەن بىلەن بۆلۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ قالمايسەن. چۈنكى، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىش ھەققى يوق. **الله** تائالامۇ شۇنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. بۇنىڭ مەنىسى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار مال ـ مۈلكىگە قۇلىنىڭ شېرىك بولۇشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇنداقتا، سىلەر **الله** تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىنى **الله** تائالاغا قانداقمۇ شېرىك كەلتۈرىسىلەر؟ ـ دېيىلگەنلىكتۇر.

تەبەرانى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار مۇنداق تەلبىيە ئېيتاتتى: ئى **الله**! بىز سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ كەلدۇق، سېنىڭ بىر شېرىكىڭدىن باشقا شېرىكىڭ يوق، سەن ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىگە ئىگىسەن.

شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈككە قۇللىرىڭلارنىڭ شېرىك بولۇشىغا، ئۇ باردا ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىغا، ئۇلاردىن ئۆزلىرىڭلار (يەنى ئازاد كىشىلەر) دىن قورققاندەك قورقۇشقا رازىمۇسىلەر؟ (بۇنىڭغا رازى بولمىغان ئىكەنسىلەر، مەخلۇقاتنىڭ الله غا شېرىك بولۇشىغا قانداق رازى بولدۇڭلار؟)﴾** مانا بۇ، مىسال ئەڭ ئەۋزەل ۋە ياخشى ئۇسلۇب بىلەن **الله** تائالانىڭ شېرىكتىن ئادا ـ جۇدا ۋە پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. **الله** تائالا دەيدۇكى، **﴿چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴾**.

ئاندىن **الله** تائالا مۇشرىكلارنىڭ پەقەت ئۆزلىرىنىڭ دۆتلۈكىدىن ۋە بىلىمسىزلىكىدىن **الله** تائالادىن باشقىغا چوقۇنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇنداق ئەمەس (يەنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈشتە ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئۆزرىسى يوق)، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار بىلىمسىزلىكتىن نەپسى خاھىشىغا ئەگەشتى﴾** يەنى مۇشرىكلار بۇتلارغا چوقۇنۇشتا بىلىمسىزلىكتىن نەپسى خاھىشىغا ئەگەشتى.

**﴿الله گۇمراھ قىلغان ئادەمنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ﴾** يەنى ئەگەر **الله** ئۇلارنىڭ گۇمراھ بولۇشىنى پۈتۈۋەتكەن بولسا، ئۇلارنى ھېچ ئادەم ھىدايەت قىلالمايدۇ. **﴿ئۇلارغا ھەرگىز ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ﴾** يەنى **الله** تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ئۇلارنى ھېچ قۇتۇلدۇرغۇچى بولمايدۇ ۋە ئۇلارغا پاناھ جاي بەرگۈچىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، **الله** خالىغان ئىش بولىدۇ، خالىمىغان ئىش بولمايدۇ.

* * * * * * *

فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًاۚ فِطْرَتَ ٱللَّهِ ٱلَّتِى فَطَرَ ٱلنَّاسَ عَلَيْهَاۚ لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ
ٱلْقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٠﴾ ۞ مُنِيبِينَ إِلَيْهِ وَٱتَّقُوهُ وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ
وَلَا تَكُونُوا۟ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿٣١﴾ مِنَ ٱلَّذِينَ فَرَّقُوا۟ دِينَهُمْ وَكَانُوا۟ شِيَعًاۖ كُلُّ حِزْبٍۭ بِمَا
لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ ﴿٣٢﴾

باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، **الله** نىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) **الله** ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، **الله** نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴿30﴾. **الله** غا تەۋبە بىلەن قايتىڭلار، **الله** دىن قورقۇڭلار، نامازنى ئادا

قىلىڭلار، مۇشرىكلاردىن بولماڭلار﴿31﴾. سىلەر دىنىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقە ـ پىرقە بولۇپ، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خوشاللىنىدىغانلاردىن (بولماڭلار)﴿32﴾.

## تەۋھىدكە چىڭ يېپىشىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! توغرا دىنغا يۈزلەنگىن، الله تائالا ساڭا بەلگىلەپ بەرگەن ئىبراھىمنىڭ توغرا دىنىدا داۋاملىق ماڭغىن. الله سېنى ئۇ دىنغا ھىدايەت قىلدى. ئۇ دىننى ساڭا ئەڭ مۇكەممەل قىلىپ بەردى. سەن شۇ ساغلام دىنىڭنى ئۆزۈڭگە ئۆزلەشتۈرگىنىڭكى، الله ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان. الله ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بار ۋە بىرلىكنى ئىقرار قىلدۇرۇپ ياراتقان ئىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارى: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى الله ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى﴾[1].

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن ھەقىقەتەن بەندىلىرىمنى توغرا دىندا قىلىپ ياراتتىم ئاندىن شەيتانلار ئۇلارنى توغرا دىندىن بۇرىۋەتتى». بىز تۆۋەندىكى ھەدىسلەردە الله تائالانىڭ ئىنسانلارنى ئىسلام دىنىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتقانلىقىنى، ئاندىن يەھۇدىي دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە مەجۇسى دىنىغا ئوخشاش بۇزۇق دىنلارنىڭ ئۇلار ئارىسىدا پەيدا بولغانلىقىنى سۆزلەيمىز.

﴿الله نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ﴾ بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتكە مۇنداق تەپسىر قىلدى: الله تائالانىڭ ياراتقان نەرسىسىنى ئۆزگەرتمەڭلار، بۇنداق قىلساڭلار، ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ توغرا دىنىدىن ئۆزگەرتىۋېتىسلەر، الله ئۇلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان ئىدى. بۇ توغرا ۋە ياخشى قىلىنغان تەپسىردۇر. باشقا تەپسىرشۇناسلار مۇنداق تەپسىر قىلدى: الله ئىنسانلارنى ساغلام دىن ئەقىدىسى بىلەن باراۋەر قىلىپ ياراتتى. بىرەر ئادەم تۇغۇلسا، پەقەت بۇ ئەقىدە بىلەن تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئېگىز ـ پەسلىك بولمايدۇ.

شۇڭا ئىبنى ئابباس، ئىبراھىم نەخەئىي، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇجاھىد، ئىكرىمە، قەتادە، زەھھاك ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار الله تائالانىڭ: ﴿الله نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايىتىنى الله تائالانىڭ دىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، دەپ تەپسىر قىلدى.

ئىمام بۇخارىمۇ الله تائالانىڭ: ﴿الله نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايىتىنى: الله تائالانىڭ دىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلدى ۋە: ئىلگىرىكىلەرنىڭ دىنى ئىسلامدىن ئىبارەتتۇر، ـ دېدى. ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: «بىرەر بوۋاق تۇغۇلسىلا، ئىسلام دىنى ئەقىدىسى ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ياكى يەھۇدىي قىلىدۇ، ياكى ناسارا قىلىدۇ، ياكى مەجۇسىي

(1) ئەئراف سۈرىسى 172 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇ خۇددى تۆت پۇتلۇق ھايۋان ھەممە ئەزاسى ساق تۇغۇلغىنىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ھايۋاننىڭ قۇلاق، بۇرۇنلىرىنىڭ كېسىلگەنلىكىنى ھېس قىلامسىلەر؟». ﴿**الله نىڭ دىنىغا ئەگەشكىنىكى الله ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، الله نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بۇ توغرا دىندۇر**﴾ بۇ ھەدىسنى مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**بۇ توغرا دىندۇر**﴾ يەنى چىڭ يېپىشىشقا تېگىشلىك شەرىئەت ۋە ساغلام دىن، توغرا بولغان ئىسلام دىنىدۇر. ﴿**لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ**﴾ يەنى ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇ توغرا دىننى بىلمەيدۇ. ئۇلار بۇ دىندىن بۇرۇلۇپ كەتكەندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[1]، ﴿ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (يەنى كۇففارلار) غا ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ﴾[2].

﴿**الله غا تەۋبە بىلەن قايتىڭلار**﴾ ئىبنى زەيد ۋە ئىبنى جۇرەيج: الله تەرەپكە قايتىڭلار دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

﴿**الله دىن قورقۇڭلار، نامازنى ئادا قىلىڭلار**﴾ ئۇ بۈيۈك تائەت ـ ئىبادەتتۇر. ﴿**مۇشرىكلاردىن بولماڭلار**﴾ بەلكى الله دىن باشقىنى خالىمايدىغان، الله تائالاغىلا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىدىغان، الله تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلگۈچىلەردىن بولۇڭلار.

ئىبنى جەرىر يەزىد ئىبنى ئەبۇمەريەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ قېشىغا كېلىپ: بۇ ئۈممەتنىڭ توغرا يولى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. مۇئاز: ئۇلارنىڭ نىجاتلىق يولى ئۈچتۇر. بىرىنچىسى، ئىخلاستۇر. ئىخلاس دېمەك، دىن دېمەكتۇر. الله تائالا ئىنسانلارنى شۇ دىن ئۈستىدە ياراتتى. ئىككىنچىسى، نامازدۇر. ناماز دېمەك، شەرىئەت دېمەكتۇر. ئۈچىنچىسى، ئىتائەتتۇر. ئىتائەت دېمەك، گۇناھلاردىن ساقلانماق دېمەكتۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر: راست ئېيتتىڭ، ـ دېدى.

﴿**سىلەر دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقە ـ پىرقە بولۇپ، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خوشاللىنىدىغانلاردىن (بولماڭلار)**﴾ يەنى دىننى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئالماشتۇرۇپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆز دىنىنى پىرقە ـ پىرقىگە بۆلۈۋەتكەن مۇشرىكلاردىن بولماڭلار.

ئەنە شۇلار يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار، مەجۇسىلار، بۇتپەرەسلەر ۋە ئىسلام دىنىدىن باشقا باتىل دىنلارغا چوقۇنىدىغان كىشىلەردۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا ـ جۇدا سەن؛ ئۇلارنىڭ ئىشى پەقەت الله غىلا خاستۇر (يەنى الله نىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر)﴾[3] بىزدىن ئىلگىرى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشىپ، تۈرلۈك ئەقىدىلەرگە، باتىل دىنلارغا بۆلۈنۈپ، پىرقە ـ پىرقە بولۇپ كەتتى. ئۇلاردىن ھەر پىرقە ئۆزىنى توغرا دىندا دەپ گۇمان قىلىشىدۇ.

(1) يۇسۇف سۈرىسى 103 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ ئۈممەتمۇ ھەم ئۆز ئارا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. پەقەت بىر پىرقە توغرا يولدا بولۇپ، قالغان پىرقىلەرنىڭ ھەممىسى گۇمراھلىقتىدۇر. توغرا يولدا بولغان بۇ پىرقە سۈننى مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار الله تائالانىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە چىڭ يېپىشقۇچىلاردۇر.

ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ساھابىلەرنىڭ، تابىئىنلارنىڭ ۋە قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئالىملىقتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەكچىلىرىنىڭ تۇتقان يولىنى مەھكەم تۇتقۇچىلاردۇر. بۇ ھەقتە ئىمام ھاكىم "مۇستەدرەك" دېگەن كىتابىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى پىرقە ئىكەنلىكى توغرىسىدا سورالغاندا: «مەن ۋە مېنىڭ ساھابىلىرىم تۇتۇپ ماڭغان يولنى تۇتقانلار» دەپ جاۋاب بەردى.

*******

وَإِذَا مَسَّ ٱلنَّاسَ ضُرٌّ دَعَوۡاْ رَبَّهُم مُّنِيبِينَ إِلَيۡهِ ثُمَّ إِذَآ أَذَاقَهُم مِّنۡهُ رَحۡمَةً إِذَا فَرِيقٌ مِّنۡهُم بِرَبِّهِمۡ يُشۡرِكُونَ
﴿٣٣﴾ لِيَكۡفُرُواْ بِمَآ ءَاتَيۡنَٰهُمۡۚ فَتَمَتَّعُواْ فَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ﴿٣٤﴾ أَمۡ أَنزَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ سُلۡطَٰنًا فَهُوَ يَتَكَلَّمُ بِمَا
كَانُواْ بِهِۦ يُشۡرِكُونَ ﴿٣٥﴾ وَإِذَآ أَذَقۡنَا ٱلنَّاسَ رَحۡمَةً فَرِحُواْ بِهَاۖ وَإِن تُصِبۡهُمۡ سَيِّئَةُۢ بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيهِمۡ إِذَا هُمۡ
يَقۡنَطُونَ ﴿٣٦﴾ أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٍ لِّقَوۡمٍ يُؤۡمِنُونَ ﴿٣٧﴾

ئىنسانلارغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكەن چاغدا، ئۇلار پەرۋەردىگارىغا ئىخلاس بىلەن ئىلتىجا قىلىدۇ، ئاندىن الله ئۇلارغا رەھمىتىنى تېتىتقان چاغدا، ئۇلاردىن بىر پىرقە دەرھال پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرىدۇ﴿33﴾. ئۇلار بىزنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىمىزگە ناشۈكۈرلۈك قىلىپ باقسۇن، (ئى مۇشرىكلار!) (دۇنيا تىرىكچىلىكىدە سىلەرگە بەرگەن نېمەتلىرىمىزدىن) بەھرىمەن بولۇڭلار، سىلەر (پانىي دۇنيانىڭ نېمىتىدىن بەھرىمەن بولغانلىقىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كەلگۈسىدە بىلىسىلەر﴿34﴾. ياكى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشىنىڭ توغرىلىقىنى سۆزلەيدىغان بىرەر كىتاب نازىل قىلدۇقمۇ؟ (مۇنداق بولغىنى يوق)﴿35﴾. ئىنسانلارغا رەھمەتنى تېتىتساق، ئۇلار ئۇنىڭدىن خۇشاللىنىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، دەرھال ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ﴿36﴾. ئۇلار بىلمەمدۇكى، الله خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، ھەقىقەتەن بۇنىڭدا (رىزىق بەرگەن الله نىڭ ھېكمىتىگە) ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴿37﴾.



## ئىنساننىڭ زامانغا بېقىپ تەۋھىد ئەقىدىسىدىن شېرىك ئەقىدىسىگە، خۇشاللىقتىن ئۈمىدسىزلىككە ئۆزگىرىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار قىيىن ئەھۋالدا ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز الله تائالاغا يېلىنىپ ئىلتىجا قىلىدۇ. الله ئۇلارغا تولۇق نېمەت ئاتا قىلغان چاغدا، ئۇلاردىن بىر پىرقە ئىختىيارى ھالدا الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدۇ ۋە الله تائالاغا باشقا بىرسىنى قوشۇپ ئىبادەت

قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار بىزنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىمىزگە ناشۈكۈرلۈك قىلىپ باقسۇن﴾**.

ئاندىن الله ئۇلارنى قورقىتىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿سىلەر (پانىي دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولغانلىقىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كەلگۈسىدە بىلىسىلەر﴾** بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مېنى دەرۋازىۋەن قورقاتسىمۇ، ئۇنىڭدىن چوقۇم قورققان بولاتتىم. بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇتقا كەل دەپلا ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلەيدىغان زات الله تۇرسا، ئىنسانلار قانداقمۇ قورقمىسۇن؟ الله تائالا مۇشرىكلارنى (ئۇلارنىڭ ھېچقانداق دەلىل ـ پاكىتسىز الله تائالادىن باشقا نەرسىگە ئىبادەت قىلىشنى ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقى ئۈچۈن) ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ياكى بىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشىنىڭ توغرىلىقىنى سۆزلەيدىغان بىرە كىتاب نازىل قىلدۇقمۇ؟﴾** يەنى ئۇلارغا دەلىل ـ ئىسپاتتىن ھېچ نەرسە نازىل بولغىنى يوق.

**﴿ئىنسانلارغا رەھمەتنى تېتىتساق، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشاللىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، دەرھال ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ﴾** بۇ ئىش، الله ساقلىغان ۋە تەۋپىق بەرگەن كىشىدىن باشقا ئىنسان ئۇ ئىنسان بولغانلىقى يۈزىسىدىن دۇچار بولىدىغان ئەھۋالدۇر.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىنسانغا نېمەت بېرىلسە، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ: ﴿مەندىن بالالار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى (ئەمدى كەلمەيدۇ) دەپ شەك ـ شۈبھىسىز ئۇ خۇشاللىنىپ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ﴾[1] يەنى ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇشاللىنىپ، باشقىلارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر قاتتىقچىلىق يەتسە، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇمۇتلەق ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدىغاندەك ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەقەت (بالاغا ئۇچرىغاندا) سەۋر قىلغان، (نېمەتكە يولۇققاندا) ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر (ياخشىلاردۇر﴾[2] يەنى قىيىنچىلىقتا سەۋر قىلغان، كەڭرىچىلىكتە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرلا ياخشى كىشىلەردۇر.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىننىڭ ئىشى ھەيران قالارلىقتۇر. الله ئۇنىڭغا بىرەر ھۆكۈم قىلسىلا، ئۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا نېمەت يەتسە، شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىق يەتسە، سەۋر قىلىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق بولىدۇ».

**﴿ئۇلار بىلمەمدۇكى، الله خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ﴾** يەنى الله بۇنىڭدا ئۆز ھېكمىتى ۋە ئادالىتى بىلەن خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر. بىر قەۋمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلسا، يەنە بىر قەۋمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ: **﴿بۇنىڭدا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾**.

* * * * * * *

فَـَٔاتِ ذَا ٱلْقُرْبَىٰ حَقَّهُۥ وَٱلْمِسْكِينَ وَٱبْنَ ٱلسَّبِيلِ ۚ ذَٰلِكَ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ يُرِيدُونَ وَجْهَ ٱللَّهِ ۖ وَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ
ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٣٨﴾ وَمَآ ءَاتَيْتُم مِّن رِّبًا لِّيَرْبُوَا۟ فِىٓ أَمْوَٰلِ ٱلنَّاسِ فَلَا يَرْبُوا۟ عِندَ ٱللَّهِ ۖ وَمَآ ءَاتَيْتُم مِّن زَكَوٰةٍ

(1) ھۇد سۈرىسى 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھۇد سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تُرِيدُونَ وَجْهَ ٱللَّهِ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُضْعِفُونَ ﴿٣٩﴾ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَكُمْ ثُمَّ رَزَقَكُمْ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ
يُحْيِيكُمْ ۖ هَلْ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَفْعَلُ مِن ذَٰلِكُم مِّن شَىْءٍ ۚ سُبْحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٤٠﴾

خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (سىلە-رەھىم ۋە ياخشىلىقتىن تېگىشلىك) ھەققىنى بەرگىن، اﷲ نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن مۇنداق قىلىش ياخشىدۇر، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴿38﴾. سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىرەر پۇل ـ مال بەرسەڭلار، اﷲ نىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ (يەنى كىشىلەر بەرگىنىمدىن جىقراق قايتۇرسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بېرىلگەن سوغىنىڭ اﷲ نىڭ دەرگاھىدا ساۋابى بولمايدۇ)، اﷲ نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلار (ياكى ئېھسانىڭلار) غا ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ﴿39﴾. اﷲ سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەردى. ئاندىن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، شېرىك كەلتۈرگەنلىرىڭلاردىن قايسىسى بۇ ئىشلارنىڭ قايسىبىرىنى قىلالايدۇ، اﷲ پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئالىيدۇر﴿40﴾.

## سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇش، جازانىخورلۇقتىن توسۇش

اﷲ تائالا بەندىلىرىنى ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە**﴾ مىسكىن دېگەن خىراجەت قىلغۇدەك ھېچ نەرسىسى يوق ياكى ئازراق نەرسىسى بولۇپ تۇرمۇشقا يەتمەيدىغان ئادەمدۇر.

﴿**ئىبنى سەبىللەرگە**﴾ ئىبنى سەبىللە ريول خىراجىتىگە ۋە سەپىرىدە ئېھتىياجلىق نەرسىگە موھتاج بولغان يولۇچى ئادەمدۇر. يەنى مەزكۇر كىشىلەرگە سىلە ـ رەھىم ۋە ياخشىلىقتىن تېگىشلىك ﴿**ھەققىنى**﴾ بېرىڭلار.

﴿**اﷲ نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن مۇنداق قىلىش ياخشىدۇر**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى اﷲ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشنى كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن مۇنداق قىلىش ياخشىدۇر. بۇ ئەڭ ئاخىرقى غايىدۇر. ﴿**ئەنە شۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر**﴾.

﴿**سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىرەر پۇل ـ مال بەرسەڭلار، اﷲ نىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ (يەنى كىشىلەر بەرگىنىمدىن جىقراق قايتۇرسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بېرىلگەن سوغىنىڭ اﷲ نىڭ دەرگاھىدا ساۋابى بولمايدۇ)**﴾ يەنى كىمكى كىشىلەر بەرگىنىمدىن جىقراق قايتۇرسۇن دېگەن نىيەتتە سوۋغات بېرىدىكەن، بۇنىڭغا اﷲ تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋاب بېرىلمەيدۇ.

بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، زەھھاك، قەتادە، ئىكرىمە، مۇھەممەد ئىبنى كەئب ۋە شەئبى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنداق تەپسىر قىلدى. ﴿**اﷲ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلارغا ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ**﴾ يەنى اﷲ ئۇلارغا ساۋاب ۋە مۇكاپاتنى ھەسسىلەپ بېرىدۇ.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم ھالال كەسپتىن بىر تال خورما چاغلىق نەرسىنى سەدىقە قىلسا، شەپقەتلىك اﷲ ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنى خۇددى سىلەرنىڭ بىرىڭلار تېيىنى ياكى موزىيىنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەندەك

ئۆستۈرىدۇ ـ دە، تاكى بۇ خورما ئۇھۇد تېغىدىنمۇ چوڭىيىپ كېتىدۇ».

## يارىتىش، رىزىق بېرىش، ئۆلتۈرۈش ۋە تىرىلدۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ الله تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكى

﴿**الله سىلەرنى خەلق ئەتتى. ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەردى**﴾ يەنى الله بەندىلەرنى ياراتقۇچىدۇر، رىزىق بەرگۈچىدۇر. ئۇ ئىنساننى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن يالىڭاچ، بىلىمسىز، ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان، كۈچسىز ھالەتتە چىقىرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك، مال ـ مۈلك ۋە ھۈنەر ـ كەسىپ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا رىزىق قىلىپ بېرىدۇ.

﴿**ئاندىن سىلەرنى**﴾ دۇنياتىرىكچىلىكىدىن كېيىن ﴿**قەبزى روھ قىلىدۇ**﴾ يەنى دۇنياتىرىكچىلىكىدىن كېيىن، ﴿**سىلەرنى**﴾ قىيامەت كۈنى ﴿**تىرىلدۈرىدۇ**﴾، ﴿**شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلاردىن**﴾ يەنى سىلەر الله تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلاردىن ﴿**قايسىسى بۇ ئىشلارنىڭ قايسى بىرىنى قىلالايدۇ**﴾ يەنى ئۇلاردىن بىرىمۇ بۇ ئىشلاردىن ھېچ بىرىنى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. بەلكى، پاك ۋە يۈكسەك الله يارىتىش، رىزىق بېرىش، تىرىلدۈرۈش ۋە قەبزى روھ قىلىش ئىشلىرىدا ئۆزى مۇستەقىلدۇر.

ئاندىن قىيامەت كۈنى مەخلۇقاتلارنى تىرىلدۈرىدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ ھەممىسنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ﴿**الله پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئالىيدۇر**﴾ يەنى الله تائالا ئۆزىنىڭ شېرىكى، ئوخشىشى، تەڭدىشى، بالىسى ياكى دادىسى بولۇشىدىن پاكتۇر. الله ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، يۈكسەكتۇر، بۈيۈكتۇر، جالالەتلىكتۇر ۋە ئەزىزدۇر، الله تائالا تەنھادۇر، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچكىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.

*******

ظَهَرَ ٱلْفَسَادُ فِى ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِى ٱلنَّاسِ لِيُذِيقَهُم بَعْضَ ٱلَّذِى عَمِلُوا۟ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٤١﴾
قُلْ سِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ فَٱنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلُ كَانَ أَكْثَرُهُم مُّشْرِكِينَ ﴿٤٢﴾

ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، الله ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى﴿41﴾. (ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار، ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار (ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ جايلىرىغا قاراڭلاركى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغان، الله تائالا ئۇلارنىڭ دىيارلىرىنى خاراپ قىلىپ، ئۇلارنى ئىبرەت ئالغۇچىلار ئۈچۈن ئىبرەت قىلدى)، ئۇلارنىڭ تولىسى مۇشرىك ئىدى﴿42﴾.

## گۇناھلارنىڭ دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇما، ئىكرىمە، زەھھاك، سۇددى ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتتىكى "قۇرۇقلۇق"

دېگەن سۆزدىن كەڭ كەتكەن سەھرالار، ‟دېڭىز“ دېگەن سۆزدىن شەھەرلەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە ئىكرىمەدىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە: ‟دېڭىز“ دېگەن سۆزدىن دەريا ياقىلىرىدىكى شەھەرلەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېيىلدى. قالغان تەپسىرشۇناسلار: بەلكى ‟قۇرۇقلۇق“ بىرگە تونۇشلۇق بولغان قۇرۇقلۇق. ‟دېڭىز“ بىزگە تونۇشلۇق بولغان دېڭىزدىن ئىبارەتتۇر، ـ دېدى.

زەيد ئىبنى رەفىي: ﴿**ئاپەت يۈز بەردى**﴾ دېگەنلىك، قۇرۇقلۇققا يامغۇر ياغماسلىقى بىلەن ئاچارچىلىق يۈز بېرىدۇ. دېڭىزنىڭ قاتناش قۇراللىرى نىشاننى پەرق ئېتەلمەيدۇ، ـ دېدى. بۇ سۆزنى ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلىپ ۋە سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى**﴾ دېگەنلىك، قۇرۇقلۇقنىڭ ئاپىتى ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشىدۇر. دېڭىز ئاپىتى كېمىلەرنى بۇلاپ كېتىشتۇر، ـ دېدى.

بىرىنچى سۆزگە (يەنى زەيد ئىبنى رەفىئنىڭ سۆزىگە) بىنائەن الله تائالانىڭ: ﴿**ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاشلىق ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ ھوسۇلى كېمىيىپ كېتىدۇ. ئەبۇئالىيە مۇنداق دەيدۇ: يەر يۈزىدە كىم الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلسا، ئۇ جەزمەن يەر يۈزىنى بۇزىدۇ. چۈنكى، زېمىن ۋە ئاسماننىڭ ياخشى بولۇپ تۇرۇشى تائەت ـ ئىبادەتكە باغلىقتۇر.

ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «زېمىندا ئىجرا قىلىنغان ھەد (يەنى گۇناھكارلارغا يۈرگۈزۈلىدىغان جازا) ئەھلى زېمىنغا 40 كۈن (تاش) ياغقاندىن چوقۇم ياخشىدۇر». بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئەگەر جازا ئىجرا قىلىنسا، كىشىلەر ياكى ئۆلارنىڭ تولىسى ۋە ياكى نۇرغۇن كىشىلەر ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن يانىدۇ. ئەگەر گۇناھ ـ مەسىيەتلەر تاشلانسا، ئاسمان ـ زېمىندا بەرىكەت بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

شۇڭا (ئاخىر زاماندا) ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەن چاغدا، بۇ پاك شەرىئەت (ئىسلام) بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا توڭگۇز ئۆلتۈرۈلىدۇ. كرېست بەلگىسى سۇندۇرۇلىدۇ. جىزيە بىكار قىلىنىدۇ. پەقەت ئىسلام دىنىلا قوبۇل قىلىنىدۇ ياكى ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلارنىڭ بېشى كېسىلىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا الله دەججال ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى، يەجۇجى ـ مەجۇجىنى ھالاك قىلغان چاغدا، زېمىنغا: «بەرىكىتىڭنى چىقار» دېيىلىدۇ. بىر تال ئانارنى بىر جامائە يەيدۇ ۋە ئۇنىڭ شۆپۈكىنى ئۆزلىرىگە سايىۋەن قىلىدۇ. بىر تۆگىنىڭ سۈتى بىر جامائەتكە يېتىدۇ.

بۇ پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ بەرىكىتىدۇر. ھەر ۋاقىت يەر يۈزىدە ئادالەت ئورنىتىلسا، بەرىكەت ۋە ياخشىلىق كۆپ بولىدۇ. شۇڭا ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: «گۇناھكار ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭدىن بەندىلەر، يۇرتلار، دەل ـ دەرەخلەر ۋە ھايۋاناتلارمۇ راھەتكە چىقىپ قالىدۇ».

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئەبۇقەھزەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: زەبياد ياكى ئىبنى زەبيادنىڭ زامانىدا بىر ئادەم چوڭلۇقى ئۈرۈقچىلاردەك بۇغداي بار بىر خالتىنى تېپىۋالدى. بۇغدايلارغا: «بۇ ئادالەت بىلەن ئىش قىلىنىدىغان زاماننىڭ ھوسۇلىدۇر» دەپ يېزىلغان ئىدى.

**﴿اللە ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتىدۇ﴾** يەنى اللە تەرىپىدىن ئۇلارغا قىلىنغان سىناق ۋە ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىغا بولغان جازاسى بولسۇن ئۈچۈن ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھ ـ مەسىيەتلىرىدىن يېنىشى ئۈچۈن، اللە ئۇلارنى ماللىرىغا، جانلىرىغا ۋە زىرائەتلىرىگە يېتىدىغان زىيان بىلەن سىنايدۇ. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قاتتىقچىلىق ۋە كەڭچىلىك بىلەن سىنىدۇق﴾[1].

**﴿(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار، ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار (ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ جايلىرىغا قاراڭلاركى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغان، اللە تائالا ئۇلارنىڭ دىيارلىرىنى خاراپ قىلىپ، ئۇلارنى ئىبرەت ئالغۇچىلار ئۈچۈن ئىبرەت قىلدى) ئۇلارنىڭ تولىسى مۇشرىك ئىدى﴾** يەنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، بىرىلگەن نېمەتلەرگە تۇزكورلۇق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا چۈشكەن ئازاب ـ ئوقۇبەتكە قاراڭلار.

*******

فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ ٱلْقَيِّمِ مِن قَبْلِ أَن يَأْتِىَ يَوْمٌ لَّا مَرَدَّ لَهُۥ مِنَ ٱللَّهِ ۖ يَوْمَئِذٍ يَصَّدَّعُونَ ﴿٤٣﴾ مَن كَفَرَ فَعَلَيْهِ كُفْرُهُۥ ۖ وَمَنْ عَمِلَ صَٰلِحًا فَلِأَنفُسِهِمْ يَمْهَدُونَ ﴿٤٤﴾ لِيَجْزِىَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِن فَضْلِهِۦٓ ۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٤٥﴾

اللە تەرىپىدىن كېلىدىغان، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈن (يەنى قىيامەت) كېلىشتىن ئىلگىرى توغرا دىنغا يۈزلەنگىن، بۇ كۈندە ئۇلار (نىڭ بىر پىرقىسى جەننەتكە، بىر پىرقىسى جەھەننەمگە) ئايرىلىدۇ﴿43﴾. كىمكى كاپىر بولسا (دوزاختا ئەبەدىي قېلىپ) كۇفرىنىڭ جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ، كىملەركى ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۆزلىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) جاي راستلايدۇ﴿44﴾. اللە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى مەرھەمىتىدىن مۇكاپاتلايدۇ، اللە ھەقىقەتەن كاپىرلارنى دوست تۇتمايدۇ﴿45﴾.

## قىيامەت كېلىشتىن ئىلگىرى توغرا دىنغا يۈزلىنىشكە بۇيرۇلغانلىقى

اللە تائالا بەندىلىرىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىپ توغرا دىنغا تېز يۈزلىنىشكە، ياخشىلىقلارنى قىلىش ئۈچۈن ئالدىراشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿اللە تەرىپىدىن كېلىدىغان، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈن (قىيامەت) كېلىشتىن ئىلگىرى توغرا دىنغا يۈزلەنگىن﴾** يەنى اللە قىيامەت كۈنىنىڭ كېلىشىنى ئىرادە قىلسا، ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى تۇرالمايدۇ.

**﴿بۇ كۈندە ئۇلار ئايرىلىدۇ﴾** يەنى پىرقە ـ پىرقىگە ئايرىلىدۇ. بىر پىرقە جەننەتتە، يەنە بىر پىرقە دوزاختا بولىدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿كىمكى كاپىر بولسا، (دوزاختا ئەبەدىي قېلىپ) كۇفرىنىڭ جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ. كىملەركى ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۆزلىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) جاي**

(1) ئەئراف سۈرىسى 168 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

راستلايدۇ. **الله ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى مەرھەمىتىدىن مۇكاپاتلايدۇ﴾** يەنى الله ئۇلارنى بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە، بەلكى، الله خالىغان مىقداردا، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولغان ئارتۇق مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. **﴿الله ھەقىقەتەن كاپىرلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾** شۇنداق تۇرۇقلۇق الله ئۇلارغا ئادىللىق قىلىدۇ، زۇلۇم قىلمايدۇ.

*******

وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَن يُرْسِلَ ٱلرِّيَاحَ مُبَشِّرَٰتٍ وَلِيُذِيقَكُم مِّن رَّحْمَتِهِۦ وَلِتَجْرِىَ ٱلْفُلْكُ بِأَمْرِهِۦ وَلِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٤٦﴾ وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ رُسُلًا إِلَىٰ قَوْمِهِمْ فَجَآءُوهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَٱنتَقَمْنَا مِنَ ٱلَّذِينَ أَجْرَمُوا۟ وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٤٧﴾

الله نىڭ سىلەرگە ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى تېتىتىش ئۈچۈن، ئەمرى بويىچە كېمىلەرنى دېڭىزلاردا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مەرھەمىتىدىن تىلىشىڭلار ئۈچۈن، شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، شاماللارنى يامغۇر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىشى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴿46﴾. (ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا (ئۆزلىرىنىڭ راست پەيغەمبەرلىكلىرىنى ئىسپاتلايدىغان) نۇرغۇن روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى (ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىپ ئاسىيلىق قىلدى)، ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالىدۇق، مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى﴿47﴾.

## شاماللارنىڭ الله تائالانىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسانلارغا بەرگەن نېمەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. الله رەھمىتى بولغان يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن يامغۇرنىڭ ياغىدىغانلىقى بىلەن خۇش - خەۋەر بەرگۈچى شاماللارنى ئەۋەتىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله نىڭ سىلەرگە ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى تېتىتىش ئۈچۈن﴾** يەنى الله يامغۇرنى ياغدۇرىدۇ. ئاندىن يامغۇر بىلەن بەندىلەرگە ھاياتلىق بېغىشلايدۇ ۋە يۇرتلارنى كۆكەرتىدۇ.

**﴿ئەمرى بويىچە كېمىلەرنى دېڭىزلاردا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن﴾** يەنى كېمىلەر دېڭىزدا پەقەت شامال بىلەن ماڭىدۇ. **﴿ئۆزىنىڭ مەرھەمىتىدىن تىلىشىڭلار ئۈچۈن﴾** يەنى تىجارەتلەردە، تۇرمۇش يوللىرىدا رايوندىن رايونغا، يۇرتتىن يۇرتقا قىلغان سەپەرلىرىڭلاردا، **﴿شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن﴾** يەنى سىلەرگە بېرىلگەن سان - ساناقسىز، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا نېمەتلەر ئۈچۈن الله تائالاغا شۈكۈر قىلىسىلەر.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا (ئۆزلىرىنىڭ راست پەيغەمبەرلىكلىرىنى ئىسپاتلايدىغان) نۇرغۇن روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى (ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىپ ئاسىيلىق قىلدى)، ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالىدۇق﴾** بۇ الله تائالا تەرىپىدىن بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن تەسەللىدۇر، چۈنكى، ئۇنى ئۆز قەۋمىدىن ۋە باشقا ئىنسانلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئىنكار قىلىنغان يالغۇز پەيغەمبەر ئەمەس ئىدى، شەك - شۈبھىسىزكى، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆز قەۋملىرىگە روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلگەن تۇرۇقلۇق ئىنكار قىلىنغان ئىدى. لېكىن

الله پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنى ۋە ئۇلارغا قارشى چىققانلارنى جازالىدى. مۆمىنلەرنى پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە قۇتۇلدۇردى.

﴿**مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى**﴾ يەنى بۇ ھەقىقەتتۇر. كەرەملىك الله ئىكرام ۋە مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى﴾[1].

* * * * * * *

ﭐللَّهُ ٱلَّذِي يُرۡسِلُ ٱلرِّيَٰحَ فَتُثِيرُ سَحَابٗا فَيَبۡسُطُهُۥ فِي ٱلسَّمَآءِ كَيۡفَ يَشَآءُ وَيَجۡعَلُهُۥ كِسَفٗا فَتَرَى ٱلۡوَدۡقَ يَخۡرُجُ
مِنۡ خِلَٰلِهِۦۖ فَإِذَآ أَصَابَ بِهِۦ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦٓ إِذَا هُمۡ يَسۡتَبۡشِرُونَ ﴿٤٨﴾ وَإِن كَانُواْ مِن قَبۡلِ أَن يُنَزَّلَ عَلَيۡهِم
مِّن قَبۡلِهِۦ لَمُبۡلِسِينَ ﴿٤٩﴾ فَٱنظُرۡ إِلَىٰٓ ءَاثَٰرِ رَحۡمَتِ ٱللَّهِ كَيۡفَ يُحۡيِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَآۚ إِنَّ ذَٰلِكَ لَمُحۡيِ
ٱلۡمَوۡتَىٰۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٥٠﴾ وَلَئِنۡ أَرۡسَلۡنَا رِيحٗا فَرَأَوۡهُ مُصۡفَرّٗا لَّظَلُّواْ مِنۢ بَعۡدِهِۦ يَكۡفُرُونَ ﴿٥١﴾

الله شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنى بويىچە تارقىتىدۇ، (گاھى) ئۇنى تارقاق پارچىلارغا بۆلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يامغۇرنىڭ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، الله يامغۇرنى خالىغان بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرغان چاغدا، ئۇلار دەرھال خۇشال بولۇپ كېتىدۇ﴿48﴾. ھالبۇكى، ئۇلار يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەن ئىدى﴿49﴾. الله نىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغىنكى، ئۇ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ھەقىقەتەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچىدۇر، الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴿50﴾. ئەگەر بىز (زىرائەتكە زىيانلىق) شامالنى ئەۋەتسەك، ئۇلار (شامالنىڭ تەسىرىدىن) زىرائەتنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار (الله نىڭ ئىلگىرىكى نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلىدۇ﴿51﴾.

## زېمىننى تىرىلدۈرۈشنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى

الله تائالا يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇتنى قانداق يارىتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ**﴾ بىر قانچە كىشىلەرنىڭ بايان قىلغىنىدەك، غالىب ۋە بۈيۈك الله بۇلۇتنى دېڭىز يۈزىدىن ياكى ئۆزى خالىغان ئورۇندىن قوزغايدۇ.

﴿**ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنى بويىچە تارقىتىدۇ**﴾ يەنى ئۇ بۇلۇتنى ئۇزارتىپ، كۆپەيتىپ، ئاۋۇتىدۇ، چېچىلاڭغۇ بۇلۇتنى ئاۋۇتۇپ، سەن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ تۇرغان قالقاندەك بۇلۇتنى پەيدا قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى تارقىتىدۇ. تاكى ئۇ ئۇپۇق ئەتراپىنى قاپلايدۇ. سۇ بىلەن توشقۇزۇلغان ئېغىر بۇلۇت



(1) ئەنئام سۈرىسى 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەزىدە دېڭىز تەرەپتىن كېلىدۇ.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه نىڭ رەھمىتى (يەنى يامغۇر) مەيدانغا كېلىش ئالدىدا اللّٰه بېشارەتچى قىلىپ شاماللارنى ئەۋەتىدۇ. شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا ئۇلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراپ ياتقان گىياسىز) جايلارغا سۈرىمىز. ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك - تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغاندەك، قىيامەتتە) ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز﴾[1].

**﴿اللّٰه شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنى بويىچە تارقىتىدۇ (گاھى) ئۇنى تارقاق پارچىلارغا بۆلىدۇ﴾** زەھھاك: اللّٰه ئۇنى قاتمۇقات بۇلۇتقا ئايلاندۇرىدۇ، - دېدى. باشقىلار: اللّٰه ئۇنى سۇيى كۆپ قارا بۇلۇتقا ئايلاندۇرىدۇ. سەن ئۇنى سۇيى مول، ئېغىر، يەر يۈزىگە يېقىن ھالەتتە كۆرىسەن، - دېدى.

**﴿شۇنىڭ بىلەن يامغۇرنىڭ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن﴾** يەنى يامغۇرنىڭ ئەنە شۇ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن تامچىلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. **﴿اللّٰه يامغۇرنى خالىغان بەندىلىرىنىڭ ئۇستىگە ياغدۇرغان چاغدا، ئۇلار دەرھال خۇشال بولۇپ كېتىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ يامغۇرغا ئېھتىياجى بولغانلىقتىن، يامغۇرنىڭ يېتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۇستىگە يېغىشى بىلەن خۇشال بولۇپ كېتىدۇ.

**﴿ھالبۇكى، ئۇلار يامغۇر - يېغىشتىن بۇرۇن ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەن ئىدى﴾** ئايەتنىڭ مەنىسى: بۇ يامغۇر ئۇستىگە ياغقان ئەنە شۇ قەۋم بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆزلىرىگە يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، قاتتىق قۇرغاقچىلىقتا قالغان ئىدى. يامغۇر ئۇلارنىڭ ئۇستىگە قاتتىق ئېھتىياجلىق چاغدا ياغدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا كاتتا خۇشاللىق بولدى. بۇ خۇشاللىقنىڭ سەۋەبى: ئۇلار يامغۇر يېغىشتىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن يامغۇرغا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلارغا ئۇزۇن ۋاقىتقىچە يامغۇر ياغمىدى. ئۇلار يامغۇرنى كۈتتى. لېكىن، يامغۇر كېچىكتى. ئاندىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى. ئۇلار يامغۇرنىڭ يېغىشىنى يەنە كۈتتى. يامغۇر يەنە ياغمىدى. ئاندىن ئۇلار يامغۇردىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن چاغدا، يامغۇر ئۇلارنىڭ ئۇستىگە تۇيۇقسىزلا يېغىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ چۆلدەرەپ قاقاس بولۇپ كەتكەن يەرلىرى بىردىنلا جانلىنىپ كۆپۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، اللّٰه ئۇلارغا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بەردى.

شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿اللّٰه نىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغىنكى﴾** يەنى يامغۇرغا قارىغىنكى، **﴿ئۇ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرىدۇ﴾** ئاندىن اللّٰه زېمىننى تىرىلدۈرگەنلىكى بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن پارچە - پارچە بولۇپ تىتىلىپ كەتكەن جەسەتلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿شۈبھىسىزكى، اللّٰه ھەقىقەتەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچىدۇر﴾** يەنى شەك - شۈبھىسىزكى، زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. **﴿اللّٰه ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾**.

**﴿ئەگەر بىز (زىرائەتكە زىيانلىق) شامالنى ئەۋەتسەك، ئۇلار (شامالنىڭ تەسىرىدىن) زىرائەتنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار (اللّٰه نىڭ ئىلگىرىكى نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلىدۇ﴾** اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار تېرىغان، ئۆسۈپ - يېتىلىپ، ياشىرىپ، ئۆز غولى

[1] ئەئراف سۈرىسى 57 - ئايەت.

بىلەن ئۆرە تۇرغان زىرائەتكە قۇرۇتۇپ تاشلىغۇچى شامالنى ئەۋەتسەك، ئاندىن ئۇلار ئۇ زىرائەتنىڭ شامالنىڭ تەسىرى بىلەن سارغىيىۋاتقانلىقىنى، قۇرۇشقا باشلاۋاتقانلىقىنى كۆرسە، بۇ ھالدا ئۇلار ئۆزلىرىگە ئىلگىرى بېرىلگەن نېمەتلەرگە ھەقىقەتەن كۇپۇرلۇق قىلىپ تاندۇ.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر تېرىغان زىرائەتنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئۇنى سىلەر ئۈندۈردىڭلارمۇ ياكى بىز ئۈندۈرۈپ (دان چىقىدىغان زىرائەت قىلىپ ئۆستۈردۇقمۇ) ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق ـ دە، سىلەر ئەجەبلىنىپ قايغۇراتتىڭلار. سىلەر: «بىز ھەقىقەتەن (ئەمگەك بىلەن ئۇرۇقنى) زىيان تارتتۇق. بەلكى بىز (رىزىقتىن) مەھرۇم قالدۇق» (دەيتتىڭلار)﴾[1].

*******

فَإِنَّكَ لَا تُسْمِعُ ٱلْمَوْتَىٰ وَلَا تُسْمِعُ ٱلصُّمَّ ٱلدُّعَآءَ إِذَا وَلَّوْا۟ مُدْبِرِينَ ﴿٥٢﴾ وَمَآ أَنتَ بِهَـٰدِ ٱلْعُمْىِ عَن ضَلَـٰلَتِهِمْ ۖ إِن تُسْمِعُ إِلَّا مَن يُؤْمِنُ بِـَٔايَـٰتِنَا فَهُم مُّسْلِمُونَ ﴿٥٣﴾

شۈبھىسىزكى، سەن ئۆلۈكلەرگە (سۆزۈڭنى) ئاڭلىتالمايسەن، ئارقىسىغا قاراپ يۈز ئۆرۈگەن گاسلارغىمۇ چاقىرىقىڭنى ئاڭلىتالمايسەن﴿52﴾. كورلارنىمۇ گۇمراھلىقتىن قۇتقۇزۇپ توغرا يولغا سالالمايسەن، سەن پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشىنىدىغانلارغىلا (سۆزۈڭنى) ئاڭلىتالايسەن، ئۇلار مۇسۇلمانلاردۇر﴿53﴾.

## كاپىرلارنىڭ ئۆلۈككە، گاسقا ۋە قارغۇغا ئوخشايدىغانلىقى

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: خۇددى قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرگە سۆزۈڭنى ئاڭلىتىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمىگىنىدەك، ھەقنى ئاڭلاشتىن قۇلاقلىرى گاس بولغان كىشىلەرگىمۇ سۆزۈڭنى يەتكۈزەلمەيسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار سەندىن يۈز ئۆرىدۇ. شۇنداقلا ھەقنى كۆرۈشكە كورلۇق قىلغان ئادەملەرنى توغرا يولغا باشلاشقا ۋە ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدىن قايتۇرۇشقا قادىر بولالمايسەن. بەلكى ئۇنداق قىلىش ﷲ تائالاغا مەنسۇبتۇر.

ﷲ خالىسىلا ھەقىقەتەن ئۆز قۇدرىتى بىلەن تىرىكلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئۆلۈكلەرگە ئاڭلىتىدۇ. خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ. بۇ، ﷲ تائالادىن باشقا بىرمۇ ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سەن پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشىنىدىغانلارغىلا (سۆزۈڭنى) ئاڭلىتالايسەن، ئۇلار مۇسۇلمانلاردۇر**﴾ يەنى ئۇلار ﷲ تائالاغا بويسۇنغۇچىلاردۇر. دەۋەتنى قوبۇل قىلغۇچىلاردۇر. ﷲ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر. ئەنە شۇلار ھەقنى ئاڭلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. بۇ مۆمىنلەرنىڭ ئەھۋالىدۇر. يۇقىرىسىدىكى كاپىرلارنىڭ مىسالىدۇر.

(1) ۋاقىئە سۈرىسى 63 ـ 67 ـ ئايەتكىچە.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(سۈرۈلگەندە) ھەقىقىي قۇلاق سالىدىغانلار (سېنىڭ دەۋىتىڭنى) قوبۇل قىلىدۇ (سۈرۈلگەندە قۇلاق سالمىغانلار ئۆلۈكلەرنىڭ ئورنىدا) ئۆلۈكلەرنى الله تىرىلدۈرىدۇ. ئاندىن ئۇلار الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ﴾[1].

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: **﴿شۈبھىسىزكى، سەن ئۆلۈكلەرگە (سۆزۈڭنى) ئاڭلىتالمايسەن﴾** دېگەن بۇ ئايەتنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ خاتا چۈشەنچىسىنى توغرىلاش ئۈچۈن دەلىل قىلغان ئىدى. ۋەقە مۇنداق بولغان: بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەن مۇشرىكلار ئۈچ كۈندىن كېيىن بەدرى قۇدۇقىغا تاشلانغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈكلەرگە تاپا ـ تەنە ۋە مالامەت بىلەن خىتاب قىلغانلىقىنى، ئۆمەرنىڭ ئۇنىڭغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۆلۈپ تاپقا ئايلىنىپ كەتكەن قەۋمگە خىتاب قىلامسەن؟ ـ دەپ سورىغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار مېنىڭ دەۋاتقان سۆزۈمنى سىلەردىن ياخشىراق ئاڭلايدۇ. لېكىن ئۇلار جاۋاب قايتۇرالمايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ ھەدىسنى چۈشەندۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلار ھازىر مېنىڭ ئۇلارغا يەتكۈزگەن سۆزۈمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ».

قەتادە: الله ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاپا ـ تەنە، مالامەت ۋە لەنەت قىلىش يۈزىسىدىن قىلغان سۆزىنى ئۇلارنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن تىرىلدۈرىدۇ، ـ دېدى.

*******

﴿اللَّهُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن ضَعْفٍ ثُمَّ جَعَلَ مِن بَعْدِ ضَعْفٍ قُوَّةً ثُمَّ جَعَلَ مِن بَعْدِ قُوَّةٍ ضَعْفًا وَشَيْبَةً يَخْلُقُ مَا يَشَاءُ وَهُوَ الْعَلِيمُ الْقَدِيرُ ﴿٥٤﴾

الله سىلەرنى ئاجىز ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلدى، ئاندىن (سىلەرنى) كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلدى ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى، الله نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر﴿54﴾.

## ئىنساننىڭ يارىتىلىش ۋە ياشاش باسقۇچلىرى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىنساننىڭ باسقۇچتىن باسقۇچقا يۆتكىلىپ، بىر قانچە باسقۇچلاردا يارىتىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئىنسان ئەسلى تۇپراقتىن يارىتىلدى. ئاندىن ئابى مەنىيدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن بىر پارچە گۆشتىن يارىتىلدى. ئاندىن ئۇ سۆڭەككە ئايلىنىدۇ. ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈلىدۇ. ئاندىن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن زەئىپ، ئاجىز ۋە كۈچسىز

(1) ئەنئام سۈرىسى 36 ـ ئايەت.

هالەتتە تۇغۇلىدۇ. ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈپ، كىچىك بالىغا ئايلىنىدۇ. ئاندىن ئۆسمۈرگە، ئاندىن قىرانىغا يەتكەن يىگىتكە ئايلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاجىزلىقتىن كېيىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان ۋاقتىدۇر.

ئاندىن كۈچى ئازلاشقا باشلاپ، ئوتتۇرا ياشلىق ھالىتىگە كېلىدۇ، ئاندىن قېرىيدۇ. بۇ ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندىن كېيىن ئاجىزلىغان ۋاقتىدۇر. بۇ ۋاقىتتا ئىرادە، ھەرىكەت ۋە كۈچ ئاجىزلايدۇ، چاچ ئاقىرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سۈپەتلەر ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئاندىن سىلەرنى كۈچلۈكتىن ئاجىز قىلدى ۋە سىلەرگە قېرىلىقنى يەتكۈزدى. الله نېمىنى خالىسا، شۇنى يارىتىدۇ﴾** يەنى نېمىنى خالىسا، شۇنى قىلىدۇ. بەندىلىرىگە نېمىنى ئىرادە قىلسا، شۇ بويىچە ئىش قىلىدۇ. **﴿ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. ھەممىگە قادىردۇر﴾**.

*******

وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يُقۡسِمُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ مَا لَبِثُواْ غَيۡرَ سَاعَةٖۚ كَذَٰلِكَ كَانُواْ يُؤۡفَكُونَ ﴿٥٥﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ
أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ وَٱلۡإِيمَٰنَ لَقَدۡ لَبِثۡتُمۡ فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡبَعۡثِۖ فَهَٰذَا يَوۡمُ ٱلۡبَعۡثِ وَلَٰكِنَّكُمۡ كُنتُمۡ لَا
تَعۡلَمُونَ ﴿٥٦﴾ فَيَوۡمَئِذٖ لَّا يَنفَعُ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مَعۡذِرَتُهُمۡ وَلَا هُمۡ يُسۡتَعۡتَبُونَ ﴿٥٧﴾

قىيامەت قايىم بولغان كۈندە مۇشرىكلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇرغانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدىمۇ مۇشۇنداق يالغانچىلىق قىلاتتى﴿55﴾. ئىلمى بار، ئىمانى بار ئادەملەر ئېيتتى: «سىلەر **الله** نىڭ تەقدىرى بويىچە (دۇنيادا ۋە قەبرىلەردە) قىيامەت كۈنىگىچە قالدىڭلار، مانا بۇ، قىيامەت كۈنىدۇر، لېكىن سىلەر بىلمەيتتىڭلار (يەنى قىيامەتنىڭ ھەقلىقىغا ئىشەنمەيتتىڭلار)﴿56﴾. بۇ كۈندە زالىملارنىڭ (ئېيتقان) ئۆزرىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ (تەۋبە قىلىشى يا ئىتائەت قىلىشى بىلەن) **الله** نى رازى قىلىشىمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ﴿57﴾.

## كاپىرلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نادانلىق قىلىشى

**الله** بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى دۆتلۈكىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار دۇنيادا بۇتلارغا چوقۇنۇشتەك رەزىل قىلمىشلارنى قىلدى. ئاخىرەتتە ئۇلار ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ دۆتلۈك قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار: دۇنيادا پەقەت ئازغىنا (بىر سائەتلا) تۇردۇق دەپ، **الله** تائالاغا قەسەم ئىچىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى مەقسىتى ئۆزلىرىگە قارشى پاكىت تۇرغۇزۇلماسلىقى ئۈچۈندۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغا مۆھلەت بېرىلمەيدۇ.

**﴿ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدىمۇ مۇشۇنداق يالغانچىلىق قىلاتتى. ئىلمى بار، ئىمانى بار ئادەملەر ئېيتتى: «سىلەر الله نىڭ تەقدىرى بويىچە (دۇنيادا ۋە قەبرىلەردە) قىيامەت كۈنىگىچە قالدىڭلار»﴾** يەنى مۆمىن ئالىملار خۇددى دۇنيادا ئۇلارغا قارشى پاكىت تۇرغۇزغاندەك، قىيامەتتىمۇ (ئۇلار: دۇنيادا پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇردۇق دەپ، قەسەم قىلغان چاغدا) ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: **﴿سىلەر الله نىڭ تەقدىرى بويىچە (دۇنيادا ۋە قەبرىلەردە) قىيامەت كۈنىگىچە قالدىڭلار﴾** يەنى **الله** بەلگىلىگەن ئەمەللىرىڭلارنىڭ تەقدىرى بويىچە، سىلەر يارىتىلغان كۈندىن تارتىپ قەبرىلىرىڭلاردىن چىقىرىلغان كۈنگە قەدەر دۇنيادا

تۇردۇڭلار﴿لېكىن سىلەر بىلمەيتتىڭلار (يەنى قىيامەتنىڭ ھەقلىقىغا ئىشەنمەيتتىڭلار)﴾.

﴿بۇ كۈندە﴾ يەنى قىيامەت كۈنىدە ﴿زالىملارنىڭ (ئېيتقان) ئۆزرىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ﴾ يەنى ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئېيتقان ئۆزرىلىرى (ئۇلارغا) پايدىسىزدۇر. ﴿ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ **الله** نى رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ﴾ يەنى ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىپ ۋە **الله** تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، **الله** تائالانى رازى قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلار دۇنياغىمۇ قايتۇرۇلمايدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار (**الله** دىن) رازىلىق تىلىسە، ھەرگىز رازىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ﴾[1].

* * * * * * *

وَلَقَدْ ضَرَبْنَا لِلنَّاسِ فِي هَٰذَا ٱلْقُرْءَانِ مِن كُلِّ مَثَلٍ ۚ وَلَئِن جِئْتَهُم بِـَٔايَةٍ لَّيَقُولَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِنْ
أَنتُمْ إِلَّا مُبْطِلُونَ ﴿٥٨﴾ كَذَٰلِكَ يَطْبَعُ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِ ٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٥٩﴾ فَٱصْبِرْ إِنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ
حَقٌّ ۖ وَلَا يَسْتَخِفَّنَّكَ ٱلَّذِينَ لَا يُوقِنُونَ ﴿٦٠﴾

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ قۇرئاندا كىشىلەرگە تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق، ئەگەر سەن ئۇلارغا (قۇرئان ئايەتلىرىدىن) بىرەر ئايەتنى كەلتۈرسەڭ، كاپىرلار (دەلىللىرى قەساۋەتلىشىپ كەتكەنلىكتىن) چوقۇم ئېيتىدۇكى، «سىلەر پەقەت يالغانچىلار سىلەر»﴿58﴾. (**الله** نىڭ بىرلىكىنى) بىلمەيدىغان (كۇففار)لارنىڭ دەلىللىرىنى مۇشۇنداق پېچەتلەيمىز﴿59﴾. (ئى مۇھەممەد!)(مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن، **الله** نىڭ (ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلىش ۋە دىنىڭنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش) ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، (ئاخىرەتكە) ئىشەنمەيدىغانلار سېنى دىققەت قىلىپ قويمىسۇن﴿60﴾.

## قۇرئاندا مىساللارنىڭ كەلتۈرۈلگەنلىكى، كاپىرلارنىڭ بۇ مىساللاردىن ئىبرەت ئالمايدىغانلىقى

﴿**شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ قۇرئاندا كىشىلەرگە تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق**﴾ يەنى شۈبھىسىزكى، بىز قۇرئاندا ئۇلارغا ھەقنى بايان قىلدۇق ۋە ئۇنى روشەنلەشتۈرۈپ بەردۇق. ئۇلارغا ھەقىقەت ئايدىڭلاشسۇن ۋە ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگەشسۇن دەپ، تۈرلۈك مىساللارنى كەلتۈردۇق.

﴿**ئەگەر سەن ئۇلارغا (ئۇلارغا ئايەتلىرىدىن) بىرەر ئايەتنى كەلتۈرسەڭ، كاپىرلار چوقۇم ئېيتىدۇكى: «سىلەر پەقەت يالغانچىلار سىلەر»**﴾ يەنى ئەگەر ئۇلار قانداقلىكى مۆجىزىنى كۆرسە، ئۇ مۆجىزە مەيلى ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە بولسۇن ياكى باشقا بىر مۆجىزە بولسۇن، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇنى سېھىر ۋە يالغان دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار ئاينىڭ يېرىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان مۆجىزىلەر ھەققىدىمۇ شۇ سۆزلەرنى قىلغان. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[2].

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 96 ـ 97 ـ ئايەتلەر.

**﴿(اللە نىڭ بىرلىكىنى) بىلمەيدىغان (كۇففار) لارنىڭ دىللىرىنى مۇشۇنداق پېچەتلەيمىز. (ئى مۇھەممەد!) (مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن، اللە نىڭ (ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلىش ۋە دىنىڭنى ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلىش) ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقىغا ۋە ھەق بىلەن قارشىلاشقانلىقىغا سەۋر قىلغىن، اللە تائالا چوقۇم مۇشرىكلارغا قارشى ساڭا ياردەم بېرىش، ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەت بېرىش ھەققىدە ساڭا بەرگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

**﴿(ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار سېنى دىققەت قىلىپ قويمىسۇن﴾** يەنى اللە سېنى ئەۋەتكەن نەرسە ئۇستىدە چىڭ تۇرغىن، ئۇ ھەقتۇر. ئۇنىڭدا شەك يوقتۇر. ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ كەتمىگىن. ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىدە ئەگىشىشكە تېگىشلىك ھىدايەت يولى بولمايدۇ، بەلكى ھەقنىڭ ھەممىسى قۇرئانغا ئىخچاملانغاندۇر.

## رۇم سۇرىسىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنى بامدات نامىزىدا ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى

ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ بىرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. نامازدا رۇم سۇرىسىنى ئوقۇپ، قىرائەتتە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قالدى ـ دە، ئاندىن مۇنداق دېدى: «بەزى كىشىلەرنىڭ تاھارەتنى ياخشى ئالماي، بىز بىلەن ناماز ئوقۇغانلىقى سەۋەبىدىن بىز قىرائەتتە ئېلىشىپ كېتىمىز. سىلەردىن كىمكى بىز بىلەن ناماز ئوقۇسا، تاھارەتنى ياخشى ئالسۇن». بۇ ھەدىستە ئاجايىپ سىر، ھەيران قالارلىق خەۋەر باردۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئىقتىدا قىلغان كىشىلەرنىڭ تاھارىتىدىكى نۇقسانىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسىر قىلىشىدۇر. بۇ ئىش ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچىلارنىڭ نامىزىنىڭ ئىمامنىڭ نامىزى بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، رۇم سۇرىسىنىڭ تەپسىرى ئاخىرلاشتى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە اللە تائالاغا خاستۇر!

# لوقمان سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 34 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الٓمٓ ﴿١﴾ تِلْكَ ءَايَٰتُ ٱلْكِتَٰبِ ٱلْحَكِيمِ ﴿٢﴾ هُدًى وَرَحْمَةً لِّلْمُحْسِنِينَ ﴿٣﴾ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ
ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم بِٱلْءَاخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ ﴿٤﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ عَلَىٰ هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٥﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللّٰه نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەلىف، لام، مىم﴿1﴾. بۇ، ھېكمەتلىك كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر﴿2﴾. (ئۇ) (تەئدىل ئەركان بىلەن) ناماز ئوقۇيدىغان، (اللّٰه نىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن) زاكات بېرىدىغان ۋە ئاخىرەتكە جەزمەن ئىشىنىدىغان ياخشى ئىش قىلغۇچى كىشىلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر﴿3 ـ 4﴾. ئاشۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴿5﴾.

بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر ئومۇمەن قىلىپ بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا سۆزلەندى. اللّٰه پاك ۋە يۈكسەكتۇر. اللّٰه بۇ قۇرئاننى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا ھىدايەت، كۆڭۈللىرىگە شىپا ۋە رەھمەت بېغىشلىغۇچى قىلىپ نازىل قىلدى. ئۇلار شەرىئەتكە ئەگىشىشتە ياخشى ئەمەل قىلىدۇ. پەرز نامازنى تەئدىل ئەركانلىرى بىلەن، ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ. پەرز نامازغا ئەگەشتۈرۈپ سۈننەت نامازلارنى ۋە باشقا نەفلە نامازلارنى ئادا قىلىدۇ. ئۈستىلىرىگە پەرز بولغان زاكاتنى زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرگە بېرىدۇ. خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىدۇ. ئاخىرەت يۇرتىدىكى مۇكاپات ۋە جازاغا ئىشىنىدۇ.

بۇ ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىنى اللّٰه تائالادىن كۈتىدۇ. ئەمەلنى رىيا ئۈچۈن قىلمايدۇ. ياخشى ئەمەلنىڭ بەدىلىگە كىشىلەردىن مۇكاپات ۋە رەھمەت تەلەپ قىلمايدۇ. كىم بۇنىڭغا مۇشۇنداق ئەمەل قىلالىسا، ئۇ، اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدە كۆزدە تۇتۇلغان كىشىلەردىن

بولغان بولىدۇ: ﴿**ئەنە ئاشۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر**﴾ يەنى توغرا، تەپسىلىي بايان قىلىنغان، روشەن يولنىڭ ئۈستىدە بولغۇچىلاردۇر. ﴿**ئەنە ئاشۇلار**﴾ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ﴿**مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر**﴾.

*******

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَشۡتَرِي لَهۡوَ ٱلۡحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿٦﴾ وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِ ءَايَٰتُنَا وَلَّىٰ مُسۡتَكۡبِرٗا كَأَن لَّمۡ يَسۡمَعۡهَا كَأَنَّ فِيٓ أُذُنَيۡهِ وَقۡرٗاۖ فَبَشِّرۡهُ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٧﴾

بەزى كىشىلەر بىلىمسىزلىكتىن، (كىشىلەرنى) **الله** نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ ۋە **الله** نىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئەنە شۇلار خور قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿6﴾. ئەگەر ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز (يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) ئوقۇپ بېرىلسە، گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك (**الله** نىڭ ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈيدۇ، (ئى مۇھەممەد!) ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن﴿7﴾.

## بەتبەخت كىشىلەرنىڭ بىھۇدە گەپلەر بىلەن ھەپىلىشىدىغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈيدىغانلىقى

**الله** يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە بەختلىك كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. ئۇلار **الله** نىڭ كىتابى بىلەن ھىدايەت تاپقان، ئۇنى ئاڭلاپ مەنپەئەت ئالغان كىشىلەردۇر. **الله** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى - بەزىسگە ئوخشاپ كېتىدۇ. (ۋەز - نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرىدە تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ. ئاندىن **الله** نىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى **الله** نىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)﴾[1].

بەختلىك كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن كېيىن، بەتبەخت كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئۇلار **الله** تائالانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەت ئېلىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ. مۇزىكا ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئەسۋابلىرى بىلەن ئورۇندالغان ناخشا، ئۇسسۇل، نەغمە - ناۋالارنى ئاڭلاشقا بېرىلىپ كېتىدۇ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ **الله** تائالانىڭ: ﴿**بەزى كىشىلەر بىلىمسىزلىكتىن كىشىلەرنى الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنى: **الله** نىڭ نامى بىلەن

(1) زۇمەر سۈرىسى 23 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قەسەمكى، بۇنىڭدىن ناخشا ـ مۇزىكىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلدى.

قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: **اللّٰه** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئادەم بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇل خەجلىمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن بىرەر ئادەمنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە گۇمراھلىقنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۇنىڭ بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھەق سۆزنى قويۇپ باتىل سۆزنى، پايدىلىق نەرسىنى قويۇپ زىيانلىق نەرسىنى تاللايدۇ.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: **اللّٰه** تائالانىڭ: ﴿**بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىدىن ناخشىچى قىزلارنى سېتىۋېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىبنى جەرىر مۇنداق دېدى: **اللّٰه** تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلاشتىن، **اللّٰه** تائالانىڭ يولىغا ئەگىشىشتىن توسىدىغان ھەرقانداق سۆز بىھۇدە سۆز ھېسابلىنىدۇ.

﴿**اللّٰه نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن**﴾ يەنى بۇنى قىلغۇچىلار پەقەت ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىش ئۈچۈن قىلىدۇ. ﴿**اللّٰه نىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ**﴾ مۇجاھىد: ئۇلار **اللّٰه** تائالانىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدىغان يول قىلىۋالىدۇ، ـ دېدى.

﴿**ئەنە شۇلار خور قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار **اللّٰه** نىڭ ئايەتلىرىنى ۋە **اللّٰه** تائالانىڭ يولىنى خورلىغىنىدەك، ئۇلارمۇ قىيامەت كۈنى مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدىغان ئازابتا خورلىنىدۇ.

﴿**ئەگەر ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز (يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) ئوقۇپ بېرىلسە، گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك (اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈيدۇ**﴾ يەنى بىھۇدە گەپلەرگە، ئويۇن ـ تاماشاغا، كۆڭۈل ئېچىشقا بېرىلىپ كەتكۈچى بۇ ئادەمگە قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلسە، گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئارقىنى قىلىدۇ. پاڭ بولىۋالىدۇ. ۋاھالەنكى ئۇ پاڭ ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئۇنى ئاڭلاشتىن بىئارام بولىدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلانمايدۇ. ئۇنىڭغا موھتاجمۇ بولمايدۇ. ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن**﴾ يەنى ئۇ دۇنيادا **اللّٰه** تائالانىڭ كىتابىنى، ئايەتلىرىنى ئاڭلاشتىن ئازابلانغاندەك، قىيامەت كۈنىمۇ شۇ قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلىنىدۇ.

*******

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمْ جَنَّٰتُ ٱلنَّعِيمِ ﴿٨﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۖ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقًّا ۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٩﴾

شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە كىرىدۇ﴿8﴾. ئۇ جەننەتلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ **اللّٰه** نىڭ راست ۋەدىسىدۇر (**اللّٰه** ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ)، **اللّٰه** غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿9﴾.

## مۆمىنلەرنىڭ ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشىدىغانلىقى

بۇ ئايەتتە بەختلىك، ياخشى كىشىلەرنىڭ ئاخىرەت يۇرتىدىكى ئورنى بايان قىلىنىدۇ. ئۇلار **اللّٰه**

تائالاغا ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبەرلەرنى تەستىق قىلغان، الله تائالانىڭ شەرىئىتىگە مۇۋاپىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادەملەردۇر. ئۇلار ﴿**نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە كىرىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار جەننەتلەرنىڭ تۈرلۈك لەززەتلىرىدىن، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۈرلۈك جايلاردىن، مىنىدىغان ۋە چىقىدىغان قاتناش قوراللىرىدىن، ئاياللاردىن، نېمەتلەردىن ۋە بىرەر كىشىنىڭ دىلىغا كېچىپ باقمىغان نەرسىلەرنى ئاڭلاشتىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئۇلار بۇ نېمەتلەر ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇنى تاشلاپ كېتىشنى ۋە ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى مەڭگۈ خالىمايدۇ.

﴿**بۇ الله نىڭ راست ۋەدىسىدۇر**﴾ يەنى بۇ ۋەدە چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ. چۈنكى، ئۇ الله نىڭ ۋەدىسىدۇر. الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. چۈنكى، الله ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر، كۆپ ئېھسان قىلغۇچىدۇر. الله نېمىنى خالىسا شۇنى قىلغۇچىدۇر، ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

﴿**الله غالىبتۇر**﴾ الله ھەر نەرسە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ھەر نەرسە الله تائالاغا ئىتائەت قىلىدۇ. سۆزلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا ﴿**ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾، الله قۇرئاننى مۆمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت يولىنى كۆرسەتكۈچى قىلدى.

﴿ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك ـ شۈبھىگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ)﴾[1]، ﴿بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)﴾[2]

*******

خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ بِغَيۡرِ عَمَدٖ تَرَوۡنَهَاۖ وَأَلۡقَىٰ فِي ٱلۡأَرۡضِ رَوَٰسِيَ أَن تَمِيدَ بِكُمۡ وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٖۚ وَأَنزَلۡنَا
مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَأَنۢبَتۡنَا فِيهَا مِن كُلِّ زَوۡجٖ كَرِيمٍ ﴿١٠﴾ هَٰذَا خَلۡقُ ٱللَّهِ فَأَرُونِي مَاذَا خَلَقَ ٱلَّذِينَ مِن
دُونِهِۦۚ بَلِ ٱلظَّٰلِمُونَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ﴿١١﴾

الله ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتىكى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، يەر تەۋرەپ سىلەرنى خاتىرجەمسىز قىلمىسۇن دەپ، يەردە تاغلارنى ئورناتتى، زېمىندا تۈرلۈك جانىدارلارنى تاراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق﴿10﴾. مانا بۇلار الله نىڭ (ياراتقان) مەخلۇقاتلىرىدۇر، ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلاركى، الله دىن باشقا مەبۇدلىرىڭلار زادى نېمىلەرنى ياراتتى؟ بەلكى زالىملار ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر﴿11﴾.



(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 82 ـ ئايەت.

## تەۋھىدنىڭ دەلىللىرى

اﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى، ئۇ ئىككىسىدىكى نەرسىلەرنى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ياراتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك قۇدرىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اﷲ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتقان سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر**﴾ ھەسەن ۋە قەتادە: ئاسمانلارنىڭ كۆرۈنىپ تۇرىدىغان ياكى كۆرۈنمەيدىغان تۈۋرۈكى يوق، ـ دېدى.

﴿**سىلەرنى خاتىرجەمسىز قىلمىسۇن دەپ يەردە تاغلارنى ئورناتتى**﴾ يەنى سۇ ئۈستىگە قۇرۇلغان زېمىننىڭ تەۋرەپ، زېمىن ئەھلىنى خاتىرجەمسىز قىلماسلىقى ئۈچۈن، اﷲ زېمىننى بېسىپ، مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرىدىغان تاغلارنى ئورناتتى.

﴿**زېمىندا تۈرلۈك جانىدارلارنى تاراتتى**﴾ يەنى اﷲ يەر شارىدا شەكىل ۋە رەڭلىرىنىڭ سانىنى پەقەت ياراتقان اﷲ ئۆزى بىلىدىغان خىلمۇخىل ھايۋاناتلارنى ياراتتى.

پاك اﷲ ئۆزىنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەندىن كېيىن، تۆۋەندىكى ئايىتى بىلەن ئۆزىنىڭ رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى: ﴿**بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق**﴾ يەنى ھەر خىل تۈردىكى پايدىلىق ۋە مەنزىرىسى گۈزەل ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق.

شەئبىي: ئىنسانلارمۇ ھەم زېمىنىنىڭ ئۆسۈملۈكلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. كىمكى جەننەتكە كىرسە، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. كىمكى دوزاخقا كىرسە لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ـ دېدى.

﴿**مانا بۇلار اﷲ نىڭ (ياراتقان) مەخلۇقاتلىرىدۇر**﴾ يەنى ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت (اﷲ تىلغا ئالغان) بۇ نەرسىلەر اﷲ تائالانىڭ يارىتىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەندۇر. بۇلارنى ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز اﷲ ئۆزى ياراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلاركى، اﷲ دىن باشقا مەبۇدلىرىڭلار زادى نېمىلەرنى ياراتتى؟**﴾ يەنى سىلەر چوقۇنۇۋاتقان ۋە يېلىنىپ ئىلتىجا قىلىۋاتقان بۇدلىرىڭلار، اﷲ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان مەبۇدلىرىڭلار نېمىلەرنى ياراتتى. ﴿**بەلكى زالىملار**﴾ يەنى اﷲ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەر، اﷲ تائالاغا باشقا نەرسىنى قوشۇپ چوقۇنغۇچىلار ﴿**ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر**﴾ يەنى ئۇلار ھېچ يوشۇرۇن بولمىغان، ئوچۇق ـ ئاشكارا نادانلىق ۋە كورلۇقتىدۇر.

* * * * * * *

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا لُقْمَٰنَ ٱلْحِكْمَةَ أَنِ ٱشْكُرْ لِلَّهِ ۚ وَمَن يَشْكُرْ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِىٌّ حَمِيدٌ ﴿١٢﴾

بىز لوقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەت ئاتا قىلدۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «اﷲ غا شۈكۈر قىلغىن، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇفرىلىق قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، اﷲ (بەندىلەردىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر» ﴿12﴾.

## لوقمان توغرىسىدا

سەلەپ ئۆلىمالىرى لوقماننىڭ پەيغەمبەر ياكى ئەمەسلىكى ۋە ياكى ئۇنىڭ بىر ياخشى بەندە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى ۋە كۆپلىگەن سەلەپ ئالىملىرى ئىككىنچى خىل قاراشنى توغرا دەپ قارىدى.

سۇفيان سەۋرى ئىكرىمەدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: لوقمان ھەبەشىيلىك ياغاچچى ئادەم ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: مەن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: سەن لوقمان ھەققىدە قانداق قاراشتا؟ ـ دەپ سورىدىم. جابىر: ئۇ بويى پاكار، پاناق بۇرۇن ئادەم بولۇپ، پەيغەمبەرلەردىن ئىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: لوقمان مىسىرنىڭ قارا تەنلىك ئادەملىرىدىن بولۇپ، قاۋۇل ئادەم ئىدى. اللّٰه ئۇنىڭغا ھېكمەت بېرىپ، پەيغەمبەرلىكنى بەرمىگەن ئىدى، ـ دېدى.

ئەۋزائىي ئابدۇراھمان ئىبنى ھەرمەلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قارا تەنلىك بىر ئادەم سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن مەسىلە سوراپ كەلدى، سەئىد ئۇنىڭغا: سەن ئۆزەڭنىڭ قارا تەنلىك ئادەم بولغانلىقىڭدىن قايغۇرۇپ كەتمە، ئەڭ ياخشى كىشىلەردىن ئۈچ ئادەم قارا تەنلىك ئىدى. ئۇلار: بىلال، ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خىزمەتكارى مۇھجەئ ۋە لوقمان ھەكىمدۇر. لوقمان نۇبىيەلىك[1] قارا تەنلىك، قاۋۇل ئادەم ئىدى، ـ دېدى.

ئىبنى جەرىر خالىد ئىبنى رەبىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: لوقمان ھەبەشىيلىك ياغاچچى ئادەم ئىدى. بىر كۈنى خوجايىنى ئۇنىڭغا بۇ قوينى بىزگە سويۇپ بەرگىن، ـ دېدى. لوقمان ئۇ قوينى سويدى. خوجايىنى: قويدىكى ئەڭ پاك ئىككى پارچە گۆشنى چىقارغىن، ـ دېدى. لوقمان تىل بىلەن يۈرەكنى چىقاردى. مەلۇم بىر مەزگىل ئۆتتى. خوجايىنى ئۇنىڭغا: بۇ قوينى بىزگە سويۇپ بەرگىن، ـ دېدى. لوقمان ئۇ قوينى سويدى. خوجايىنى: ئۇنىڭدىن ئەڭ پاسكىنا ئىككى پارچە گۆشنى چىقارغىن، ـ دېدى. لوقمان يەنىلا تىل بىلەن يۈرەكنى چىقاردى. خوجايىنى ئۇنىڭغا: ساڭا قويدىن ئەڭ پاك ئىككى پارچە گۆشنى چىقارغىن دەپ بۇيرۇق قىلسام، تىل بىلەن يۈرەكنى چىقاردىڭ. ئۇنىڭدىن ئەڭ پاسكىنا ئىككى پارچە گۆشنى چىقارغىن دەپ بۇيرۇسام، يەنىلا تىل بىلەن يۈرەكنى چىقاردىڭغۇ؟ ـ دېدى. لوقمان مۇنداق دېدى: ئەگەر تىل بىلەن يۈرەك پاك بولسا، ئۇنىڭدىن پاك ھېچنەرسە يوق. ئەگەر ئۇ ئىككىسى پاسكىنا بولسا، ئۇ ئىككىسىدىن پاسكىنا ھېچنەرسە يوق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇئبە ھەكەمدىن مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: لوقمان ياخشى ئادەملەردىن ئىدى، ئەمما پەيغەمبەر ئەمەس ئىدى.

**﴿بىز لوقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەت ئاتا قىلدۇق﴾** يەنى ئىلىم، تەپەككۇر ۋە سۆزلەش قابىلىيىتىنى بەردۇق. **﴿(ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى)، اللّٰه غا شۈكۈر قىلغىن﴾** يەنى بىز ئۇنى اللّٰه ئۇنىڭغا بەرگەن نەرسىلەر ئۈچۈن اللّٰه تائالاغا شۈكۈر قىلىشقا بۇيرۇدۇق.

---

(1) نۇبىيە ھازىرقى سۇداندىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى.

**اللە** ئۇنى ئۆز قەۋمىنىڭ ئوغلانلىرى ۋە ئەھلى زامانىدىشى ئىچىدىن تاللاپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلارنى ئاتا قىلدى. ﴿**كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭ پايدىسى ۋە ساۋابى پەقەت شۈكۈر قىلغۇچىلارغا قايتىدۇ. **اللە** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىملەركى، ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۆزلىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) جاي راسلايدۇ﴾[1].

﴿**كىمكى كۇفرىلىق قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، اللە (بەندىلەردىن) بىھاجەتتۇر. مەدھىيىگە لايىقتۇر**﴾ يەنى **اللە** بەندىلەردىن بىھاجەتتۇر. ئەگەر يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كاپىر بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن **اللە** قىلچە زىيان تارتمايدۇ. **اللە** باشقا نەرسىدىن ھەقىقەتەن بىھاجەتتۇر. **اللە** تائالادىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. بىز پەقەت **اللە** تائالاغىلا ئىبادەت قىلىمىز.

*******

وَإِذْ قَالَ لُقْمَٰنُ لِٱبْنِهِۦ وَهُوَ يَعِظُهُۥ يَٰبُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِٱللَّهِ ۖ إِنَّ ٱلشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ ﴿١٣﴾ وَوَصَّيْنَا
ٱلْإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُۥ وَهْنًا عَلَىٰ وَهْنٍ وَفِصَٰلُهُۥ فِى عَامَيْنِ أَنِ ٱشْكُرْ لِى وَلِوَٰلِدَيْكَ إِلَىَّ
ٱلْمَصِيرُ ﴿١٤﴾ وَإِن جَٰهَدَاكَ عَلَىٰٓ أَن تُشْرِكَ بِى مَا لَيْسَ لَكَ بِهِۦ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا ۖ وَصَاحِبْهُمَا فِى
ٱلدُّنْيَا مَعْرُوفًا ۖ وَٱتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ إِلَىَّ ۚ ثُمَّ إِلَىَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿١٥﴾

ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، **اللە** غا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر» دېدى﴿13﴾. ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر﴿14﴾. ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن﴿15﴾.

## لوقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەز ـ نەسىھىتى

**اللە** تائالا بۇ ئايەتلەردە لوقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتىنى بايان قىلىدۇ. سۇھەيلىنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، لوقمان ئەنقانىڭ ئوغلى بولۇپ، لوقماننىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ساران ئىكەن. **اللە** ھەقىقەتەن ئۇنى گۈزەل سۆز بىلەن تىلغا ئالدى. **اللە** ئۇنىڭغا ھېكمەت ئاتا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەڭ ئۇماق، ئەڭ سۆيۈملۈك ئوغلىغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدى. ئۆزى بىلگەن ئەڭ ياخشى نەرسىنى ئوغلىغا بېرىش تەبىئىي ئەھۋالدۇر.

شۇڭا لوقمان بىرىنچى قىلىپ ئوغلىغا يالغۇز **اللە** تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشنى، **اللە** تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكنى نەسىھەت قىلدى. ئاندىن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق

(1) رۇم سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېدى: ﴿**شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر**﴾ يەنى ئۇ ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر.

ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەر﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇلار: كىم ئىمانىغا گۇناھ ئارىلاشتۇرماسلىقتىن ساقلىنالمايدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ سىلەر چۈشەنگەن گۇناھ ئەمەس، لوقماننىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟» دېدى ۋە: ﴿**ئى ئوغۇلچىقىم! الله غا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

لوقمان ياللغۇز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش ھەققىدە ئوغلىغا قىلغان تەۋسىيەسىگە ئۇلاپلا ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا نەسىھەت قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى﴾[2].

الله قۇرئاندا نۇرغۇن ئورۇندا الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى ۋە ئارقىدىن ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى تىلغا ئالىدۇ. ﴿**ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە: ئانا بالىنىڭ ئاجىزلىق مۇشەققىتىنى تارتىدۇ، ـ دېدى. قەتادە: ئانىسى ئۇنى جاپانىڭ ئۈستىگە جاپا بىلەن كۆتۈرىدۇ، ـ دېدى.

﴿**ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى**﴾ يەنى ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى تەربىيەلەپ ئېمىتىش مۇددىتى ئىككى يىل بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم﴾[3].

ئىبنى ئابباس ۋە باشقا ئىماملار بۇ ئايەتكە ئاساسەن ھامىلدارلىقنىڭ ئەڭ ئاز مۇددىتىنى ئالتە ئاي قىلىپ بېكىتىپ چىقتى. چۈنكى، الله يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر﴾[4] شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئانىنىڭ بالىسىغا ئىلگىرى قىلغان ياخشىلىقىنى بالىنىڭ ئەسلىشى ئۈچۈن، الله ئانىنىڭ ئۇنى تەربىيىلەپ بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى، كېچە ـ كۈندۈز ئۇيقۇسىز تارتقان جاپا ـ مۇشەققىتىنى ئەسلىتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن﴾[5]، ﴿**(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر**﴾ يەنى شۇ ئەمەلىڭگە ئاساسەن مەن سېنى كەلگۈسىدە چوقۇم ئەڭ تولۇق مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلايمەن.

﴿**ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ دىنىغا سېنىڭ ئەگىشىشىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ساڭا ئىنتايىن ھېرىسمەن

(1) ئەنئام سۈرىسى 82 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بەقەرە سۈرىسى 233 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئەھقاف سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) ئىسرا سۈرىسى 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولسىمۇ، سەن ئۇلاردىن بۇنى قوبۇل قىلمىغىن، مۇنداق قىلىشىڭ سېنىڭ دۇنيادا ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن ھەمراھ بولۇشۇڭنى چەكلىمەيدۇ. ﴿**ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن**﴾ يەنى مۆمىنلەرنىڭ يولىغا ئەگەشكىن. ﴿**ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن**﴾.

ئىمام تەبەرانىي سەئىد ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن**﴾ دېگەن بۇ ئايەت مېنىڭ ھەققىمدە نازىل بولغان. مەن ئانامغا ياخشىلىق قىلاتتىم، مەن مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئانام ماڭا: ئى سەئىد! قاراپ باقسام، سەن دىنىڭنى ئۆزگەرتكەندەك قىلىسەن، ئەگەر بۇ دىنىڭنى تاشلىمايدىغان بولساڭ، مەن تاكى ئۆلگىچە ھېچنەرسە يېمەيمەن ۋە ئىچمەيمەن، ئاندىن سەن مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئەيىبلىنىسەن، كىشىلەر سېنى: ئى ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل!ـ دەپ چاقىرىدۇ، ـ دېدى. مەن: ئى ئانا! ئۇنداق قىلمىغىن، مەن بۇ دىنىمنى ھەرگىز (بىرەر ئىش ئۈچۈن) تاشلىمايمەن، ـ دېدىم. ئانام بىر كېچە ـ كۈندۈزنى ھېچنەرسە يېمەي ئۆتكۈزدى. ئەتىسىمۇ نېيىتىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر نەرسە يېمەي، يەنە بىر كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆتكۈزدى. ئۈچىنچى كۈنىمۇ نېيىتىدىن يانماي، بىرەر نەرسە يېمەستىن، يەنە بىر كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇنىڭ ھاياتى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن: ئى ئانا! بىلىپ قوي، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سېنىڭ يۈز جېنىڭ بولۇپ، بىردىن بىردىن چىقىپ كەتسىمۇ، بۇ دىنىمنى (بىرەر ئىش ئۈچۈن) تاشلىمايمەن، خالىساڭ يە، خالىمىساڭ يېمە، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئانام تاماق يېدى.

*******

يَٰبُنَيَّ إِنَّهَآ إِن تَكُ مِثۡقَالَ حَبَّةٖ مِّنۡ خَرۡدَلٖ فَتَكُن فِي صَخۡرَةٍ أَوۡ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ أَوۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ يَأۡتِ بِهَا
ٱللَّهُۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٞ ﴿١٦﴾ يَٰبُنَيَّ أَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ وَأۡمُرۡ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَٱنۡهَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَٱصۡبِرۡ عَلَىٰ مَآ
أَصَابَكَۖ إِنَّ ذَٰلِكَ مِنۡ عَزۡمِ ٱلۡأُمُورِ ﴿١٧﴾ وَلَا تُصَعِّرۡ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمۡشِ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَرَحًاۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ
مُخۡتَالٖ فَخُورٖ ﴿١٨﴾ وَٱقۡصِدۡ فِي مَشۡيِكَ وَٱغۡضُضۡ مِن صَوۡتِكَۚ إِنَّ أَنكَرَ ٱلۡأَصۡوَٰتِ لَصَوۡتُ ٱلۡحَمِيرِ ﴿١٩﴾

(لوقمان ئېيتتى) «ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، الله ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). الله ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴿16﴾. ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى، ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر﴿17﴾. كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، الله ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴿18﴾. ئوتتۇراھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زىرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر»﴿19﴾.

بۇلار پايدىلىق نەسىھەتلەر بولۇپ، ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشى ئۈچۈن، پاك الله ئۇنى لوقماننىڭ تىلى بىلەن بايان قىلدى. لوقمان مۇنداق دېدى: ﴿«**ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ**»﴾ يەنى ھەقىقەتەن گۇناھ ياكى خاتالىق قىچىنىڭ دېنىچىلىك بولسىمۇ، ﴿**الله ئۇنى ھازىر قىلىدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى ئادالەت تارازىلىرى ئورنىتىلىپ قويۇلغان چاغدا، الله ئۇنى ھازىر قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشىلىق بولسا مۇكاپات، يامانلىق بولسا جازا بېرىدۇ.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ(يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ)﴾[1]، ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[2] ئەگەر ئەنە شۇ زەررىچىلىك ئىش سىلىق ئۇيۇل تاشنىڭ قېتىدا يوشۇرۇلغان ھالدا ساقلانغان تەقدىردىمۇ ياكى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئەتراپىغا چېچىلىپ يوقاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، الله ئۇنى چوقۇم ھازىر قىلىدۇ. چۈنكى، ھېچ قانداق بىر سىر الله تائالاغا يوشۇرۇن قالمايدۇ. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە الله تائالانىڭ بىلىشىدىن يىراق ئەمەستۇر.

﴿**الله ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر**﴾ يەنى ئىنچىكە نەرسىلەرنى بىلگۈچىدۇر. شەيئىلەر گەرچە ئىنچىكە، نازۇك ۋە ئىنتايىن كىچىك بولسىمۇ، الله تائالاغا يوشۇرۇن قالمايدۇ. ﴿**ھەممىدىن خەۋەرداردۇر**﴾ يەنى الله قاراڭغۇ كېچىدىكى چۈمۈلىلەرنىڭ ماڭغىنىدىنمۇ خەۋەرداردۇر.

ئاندىن لوقمان مۇنداق دېدى: ﴿**ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى ئوقۇغىن**﴾ يەنى نامازنى ۋاقتىدا، تەئدىل ئەركانلىرى بىلەن ئوقۇغىن. كۈچۈڭنىڭ ۋە تىرىشچانلىقىڭنىڭ يېتىشىچە ﴿**(كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن**﴾ لوقمان ياخشىلىققا بۇيرۇغۇچى، يامانلىقتىن توسقۇچى كىشىنىڭ چوقۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئەزىيەتكە ئۇچرايدىغانلىقى ۋە جاپا-مۇشەققەت تارتىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئوغلىنى سەۋر قىلىشقا بۇيرۇدى.

﴿**بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر**﴾ يەنى كىشىلەرنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىش، ئەلۋەتتە، ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر.

﴿**كىشىلەردىن مەنستىمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرىمىگىن**﴾ يەنى كىشىلەرگە گەپ قىلغان ياكى ئۇلار ساڭا گەپ قىلغان چاغدا، ئۇلارغا كۆزگە ئىلماسلىق بىلەن يوغانچىلىق قىلىپ، ئارقاڭنى قىلىۋالمىغىن، ئەكسىچە ئۆزەڭنى كەمتەر تۇتۇپ، ئۇلارغا خۇش چىراي بىلەن قارىغىن.

ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر قېرىندىشىڭ بىلەن ئۇچراشساڭ، ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قارىغىن، ئىشتاننى ئۇزۇن كىيىشتىن قەتئىي ساقلانغىن، ئۇ ھەقىقەتەن كىبىرلىكتۇر، الله كىبىرلىكنى ياقتۇرمايدۇ».

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 47 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) زەلزەلە سۈرىسى 7 - 8 - ئايەتلەر.

﴿**زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن**﴾ يەنى زېمىندا ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق، يوغانچىلىق ۋە چوڭچىلىق بىلەن ماڭمىغىن، ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغىن. ئۇنداق قىلساڭ، الله ساڭا غەزەبلىنىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ**﴾ يەنى الله ئۆز-ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلغۇچىنى، باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلغۇچىنى دوست تۇتمايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەر قانچە گېدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن﴾[1].

## ئوتتۇرا ھال مېڭىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى

﴿**ئوتتۇرا ھال ماڭغىن**﴾ يەنى مىسلىداپ ئاستا ماڭماي، سوكۇلداپ تېزمۇ ماڭماي، بەلكى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا ھال ماڭغىن.

﴿**ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن**﴾ يەنى گەپ-سۆزدە مۇبالىغە قىلمىغىن، پايدىسىز سۆزلەردە ئاۋازىڭنى كۆتەرمىگىن ﴿**ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر**﴾. مۇجاھىد ۋە بىر قانچە كىشى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: شەك-شۈبھىسىزكى، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يېقىمسىزى ئەلۋەتتە ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر. يەنى ئاۋازىنى ناھايىتى يۇقىرى چىقارغان كىشىنىڭ ئاۋازى ئېشەكنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ. بۇنداق ئاۋازنى الله ئۆچ كۆرىدۇ.

بۇ يەردىكى ئاۋازنى ئېشەكنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىش يۇقىرى ئاۋازنىڭ ھاراملىقىنى ۋە ناھايىتى چوڭ ئەيىب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يامان ئىشلار بىزگە ئۈلگە قىلىنمايدۇ، بەرگەن سوۋغىتىنى قايتۇرۇۋالغۇچى ئىتقا ئوخشايدۇ. ئىت قۇسىدۇ، ئاندىن قۇسقىنى قايتائىچىدۇ».

## لوقماننىڭ نەسىھەتلىرى

بۇلار ئىنتايىن پايدىلىق نەسىھەتلەر بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ لوقمان ھەكىم توغرىسىدىكى قىسسىلىرىدىندۇر. دانىشمەنلەر ۋە ۋەز ئېيتقۇچىلار تەرىپىدىن لوقمان ھەققىدە نۇرغۇن رىۋايەتلەر بايان قىلىندى. بىز ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلماقچىمىز:

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دېدى: «لوقمان ھەكىم ھەقىقەتەن مۇنداق دەيتتى: شەك-شۈبھىسىزكى، ئەگەر الله بىرەر نەرسىنى ئامانەتكە ئالسا، ئۇنى پۇختا ساقلايدۇ».

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا لوقمان ھەكىم ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: ئى ئوغۇلچىقىم!

(1) ئىسرا سۈرىسى 37-ئايەت.

بېشىڭنى ئورنۇڭبىلىشتىن قەتئىي ساقلانغىن، ئۇ ھەقىقەتەن كېچىدە قورقۇنچلۇق، كۈندۈزدە ئەيىبتۇر، ـ دېدى».

سەرى ئىبنى يەھيانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: لوقمان ئوغلىغا: ئى ئوغۇلچىقىم! ھېكمەت ھەقىقەتەن مىسكىنلەرنى پادىشاھلارنىڭ سورۇنلىرىغا ئېلىپ كىرىدۇ، ـ دېدى.

ئەۋن ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: لوقمان ئوغلىغا: ئى ئوغۇلچىقىم! ئەگەر بىرەر قەۋمنىڭ سورۇنىغا كەلسەڭ، ئۇلارغا ئىسلامىي سالام بىلەن سالام قىلغىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىر تەرىپىگە بېرىپ ئولتۇرغىن، ئۇلار سۆزلىمىگىچە سەن سۆز قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلار الله تائالانىڭ زىكرىگە بېرىلگەن بولسا، سەنمۇ ئۇلارغا قېتىلغىن، ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن باشقىغا بېرىلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ يېنىدىن باشقىلارنىڭ يېنىغا يۆتكىلىپ كەتكىن، ـ دەيتتى.

*******

أَلَمْ تَرَوْاْ أَنَّ ٱللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُۥ ظَٰهِرَةً وَبَاطِنَةً ۗ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَٰدِلُ فِى ٱللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَلَا هُدًى وَلَا كِتَٰبٍ مُّنِيرٍ ﴿٢٠﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱتَّبِعُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ بَلْ نَتَّبِعُ مَا وَجَدْنَا عَلَيْهِ ءَابَآءَنَآ ۚ أَوَلَوْ كَانَ ٱلشَّيْطَٰنُ يَدْعُوهُمْ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلسَّعِيرِ ﴿٢١﴾

بىلمەمسىلەركى، الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى (يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى). سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى) نېمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى. بەزى كىشىلەر ھېچقانداق ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا الله بارىسىدا جېدەللىشىدۇ﴿20﴾. ئەگەر ئۇلارغا: «الله نازىل قىلغان نەرسە (يەنى قۇرئان) غا ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز» دەيدۇ، شەيتان ئۇلارنى دوزاخ ئازابىغا چاقىرغان تۇرسا (ئۇلار يەنىلا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىغائەگىشەمدۇ؟)﴿21﴾.

## الله تائالانىڭ نېمەتلەرنى ئەسلەتكەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئەسلەشكە تەۋسىيە قىلىدۇ. الله ئۇلارغا ئاسمانلاردىكى يۇلتۇزلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىدىن پايدىلىنىدۇ. الله ئاسماندا ياراتقان بۇلۇت، يامغۇر، قار ۋە مۆلدۈرلەرنىمۇ ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئاسماننى بىخەتەر ئۆگزە قىلىپ بەردى. زېمىندىكى تۇرالغۇ جايلارنى، دەرەخلەرنى، دەريالارنى، زىرائەتلەرنى ۋە مېۋىلەرنى ئۇلارغا بويسۇندىغان قىلىپ ياراتتى. ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش، كىتابلارنى نازىل قىلىش، يامان ئىللەتلەرنى يوقىتىش قاتارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى. لېكىن، ئىنسانلار مۇشۇنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىپ تۇرۇپمۇ، كۆپىنچىسى ئىمان ئېيتمىدى. تېخى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھېچقانداق تايانغىدەك توغرا دەلىل ـ پاكىتسىز، ئىلىمسىز ۋە ياكى بۇرۇنقىلاردىن قالدۇرۇلغان بىرەر راۋرۇس كىتابى بولمىغان ئاساستا الله

تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكى توغرىسىدا ۋە الله نىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا جېدەللىشىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بەزى كىشىلەر ھېچقانداق ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا الله بارىسىدا جېدەللىشىدۇ**﴾.

﴿**ئەگەر ئۇلارغا الله نازىل قىلغان نەرسە (يەنى قۇرئان) غا ئەگىشىڭلار دېيىلسە**﴾ يەنى الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكى ھەققىدە جېدەللىشىۋاتقانلارغا: الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئېلىپ كەلگەن پاك شەرىئەتكە ئەگىشىڭلار، ـ دېيىلسە: ﴿**ئۇلار: «ياق، بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز» دەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ بۇرۇن ياشىغان ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئەگىشىشتىن باشقا دەلىلى يوق.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟﴾[1] يەنى: ئى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قىلمىشلىرى بىلەن دەلىل كۆرسەتكۈچىلەر! شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلار گۇمراھلىقتا تۇرسا سىلەر ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماڭغان يولىغا ئەگەشسەڭلار، بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىلەر؟ ﴿**شەيتان ئۇلارنى دوزاخ ئازابىغا چاقىرغان تۇرسا (ئۇلار يەنىلا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا ئەگىشەمدۇ؟)**﴾.

* * * * * * *

﴿وَمَن يُسْلِمْ وَجْهَهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَقَدِ ٱسْتَمْسَكَ بِٱلْعُرْوَةِ ٱلْوُثْقَىٰ ۗ وَإِلَى ٱللَّهِ عَـٰقِبَةُ ٱلْأُمُورِ ﴿٢٢﴾ وَمَن كَفَرَ فَلَا يَحْزُنكَ كُفْرُهُۥٓ ۚ إِلَيْنَا مَرْجِعُهُمْ فَنُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُوٓا۟ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٢٣﴾ نُمَتِّعُهُمْ قَلِيلًا ثُمَّ نَضْطَرُّهُمْ إِلَىٰ عَذَابٍ غَلِيظٍ ﴿٢٤﴾

ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن الله غا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى الله غا مەنسۇپتۇر﴿22﴾. كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كۇفرى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن، ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئۇلارغا (دۇنيادىكى) قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىمىز، الله ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿23﴾. ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنا (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا) مەجبۇرلايمىز﴿24﴾.

الله بۇ ئايەتتە الله تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلغان، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان ۋە شەرىئىتىگە ئەگەشكەن كىشىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا**﴾ يەنى بۇيرۇلغان نەرسىگە ئەگىشىشكە، چەكلەنگەن نەرسىنى تەرك قىلماسلىققا ئەمەل قىلغان ئادەم ﴿**مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ**﴾ يەنى بۇ ئادەم ھەقىقەتەن الله تائالادىن الله نىڭ ئۇنى ئازابلىماسلىقىغا ئىشەنچلىك ۋەدە ئالغان بولىدۇ.

﴿**ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى الله غا مەنسۇپتۇر. كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كۇفرى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ الله تائالاغا ۋە سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە كۇپۇرلۇق قىلغانلىقىغا قايغۇرۇپ كەتمىگىن، الله تائالانىڭ ئۇلار ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى شەكسىز ئىجرا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بارار جايى الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. ئاندىن الله ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ

(1) بەقەرە سۈرىسى 170 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بېرىپ، شۇنىڭغا يارىشا ئۇلارنى جازالايدۇ.

﴿**اللّٰه ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ اللّٰه تائالاغا ھېچ سىر مەخپىي قالمايدۇ. ئاندىن اللّٰه مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنا (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا) مەجبۇرلايمىز**﴾ ئۇ جانلارغا قاتتىق، تەس ۋە مۇشەققەتلىك تۇيۇلىدىغان ئازابتۇر.

اللّٰه بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه تائالاغا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەقىقەتەن (دوزاخ ئازابىدىن) قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادىن (ئازغىنا ۋاقىتلا) بەھرىمەن بولىدۇ. ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ. ئاندىن كاپىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾[1].

* * * * * * *

وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۚ قُلِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٢٥﴾
لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْغَنِىُّ ٱلْحَمِيدُ ﴿٢٦﴾

ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم خەلق ئەتتى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «اللّٰه» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇسانا اللّٰه غا خاستۇر!» بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى ئۇقمايدۇ﴿25﴾. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر اللّٰه نىڭ مۈلكىدۇر، اللّٰه ھەقىقەتەن (مەخلۇقاتىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴿26﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ اللّٰه تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى

اللّٰه بۇ ئايەتلەردە ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگۈچى ئەنە شۇ مۇشرىكلاردىن مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: مۇشرىكلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ھېچ شېرىكى بولمىغان، يالغۇز اللّٰه ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار اللّٰه تائالاغا شېرىكلەرنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇلار شېرىكلەرنىڭ اللّٰه تائالانىڭ مەخلۇقاتى ۋە مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم خەلق ئەتتى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «اللّٰه» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇسانا اللّٰه غا خاستۇر!»**﴾ يەنى شۇنداق بولغاچقا، سىلەرنىڭ اللّٰه تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىڭلار بىلەن ئۈستۈڭلارغا دەلىل ـ پاكىت تۇرغۇزۇلدى.

﴿**بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى ئۇقمايدۇ**﴾ ئاندىن اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر اللّٰه نىڭ مۈلكىدۇر**﴾ يەنى اللّٰه تائالانىڭ مەخلۇقاتى ۋە مۈلكىدۇر.

﴿**اللّٰه ھەقىقەتەن (مەخلۇقاتىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر**﴾

(1) يۇنۇس سۈرىسى 69 ـ 70 ـ ئايەتلەر.

يەنى اللە ئۆزىدىن باشقا نەرسىدىن بىھاجەتتۇر. ھەممە نەرسە اللە تائالاغا موھتاجدۇر. جىمى نەرسىنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن مەدھىيەگە لايىقتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىنى ياراتقان ۋە مۇناسىپ قانۇنىيەتنى ئورناتقانلىقى ئۈچۈن ھەمدۇسانا اللە تائالاغا خاستۇر، ھەممە ئىشلاردا مەدھىيىلىنىشكە تېگىشلىكتۇر.

*******

وَلَوْ أَنَّمَا فِي ٱلْأَرْضِ مِن شَجَرَةٍ أَقْلَٰمٌ وَٱلْبَحْرُ يَمُدُّهُۥ مِنۢ بَعْدِهِۦ سَبْعَةُ أَبْحُرٍ مَّا نَفِدَتْ كَلِمَٰتُ ٱللَّهِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٧﴾ مَّا خَلْقُكُمْ وَلَا بَعْثُكُمْ إِلَّا كَنَفْسٍ وَٰحِدَةٍ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌۢ بَصِيرٌ ﴿٢٨﴾

ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز (سىيا) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز (نىڭ سىياسى) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ اللە نىڭ سۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ، اللە ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿27﴾. (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ (دەسلەپتە) يارىتىلىشىڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلۈشىڭلار پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، بىر ئادەمنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر. اللە ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەمەللىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿28﴾.

## اللە تائالانىڭ سۆزلىرىنىڭ ساناپ تۈگەتكۈسىز ئىكەنلىكى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكى، ئۇلۇغلۇقى ۋە كاتتىلىقىدىن، گۈزەل ئىسىملىرى ۋە يۈكسەك سۈپەتلىرىدىن، ھەقىقەتنى ۋە ساننى ھېچكىم بىلمەيدىغان، بىرەر ئىنساننىڭ خەۋىرى بولمىغان، تولۇق كامالەتكە يەتكەن سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئى اللە ! مەن ساڭا ئاتاپ ئوقۇغان سانانى خۇددى سەن ئۆزەڭگە ئوقۇغان سانادەك ھېسابلاپ بولالمايمەن».

**﴿ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز (سىيا) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز (نىڭ سىياسى) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ اللە نىڭ سۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ﴾** يەنى ئەگەر يەر يۈزىدىكى جىمى دەرەخلەر قەلەم قىلىنغان، دېڭىز سىيا قىلىنغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىزنىڭ سۈيى سىيا قىلىپ قوشۇلغان، ئاندىن ئۇلار بىلەن اللە تائالانىڭ بۈيۈكلۈكىنى، يۈكسەك سۈپەتلىرىنى ۋە كاتتىلىقىنى كۆرسىتىدىغان (اللە تائالانىڭ) سۆزلىرى يېزىلغان تەقدىردىمۇ، قەلەملەر ئەلۋەتتە سۇنغان، دېڭىزنىڭ سۈيى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغان سۇ ئەلۋەتتە تۈگىگەن بولاتتى.

بۇ ئايەتتە يەتتە دېڭىزنىڭ تىلغا ئېلىنىشى پەقەت مۇبالىغە ئۈچۈن بولۇپ، دۇنيادا يەتتە دېڭىزنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تىلغا ئېلىنغان ئەمەس. چۈنكى، راست دېگىلىمۇ بولمايدىغان، يالغان دېگىلىمۇ بولمايدىغان ئىسرائىل رىۋايەتلىرىدىن پايدىلانغان كىشىلەر ئالەمدە يەتتە دېڭىز بار دەپ قارايدۇ[1]. اللە تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى: «پەرۋەردىگارىمنىڭ

(1) بۇ تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى بۇندىن 700 يىل ئىلگىرى ياشىغان بولغاچقا، دۇنيادىكى دېڭىزلارنىڭ سانى توغرىسىدا

سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن، ئەگەر دېڭىز (سۈيى) سىيا بولۇپ كەتسە، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز (سۈيى) چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى. مۇبادا يەنە شۇنچىلىك دېڭىز (سۈيىنى)كەلتۈرسەكمۇ»﴾[1].

الله تائالانىڭ: "يەنى شۇنچىلىك" دېگەن سۆزىدىن پەقەت يەنە بىر دېڭىز سۈيى دېگەنلىك مەقسەت قىلىنغان ئەمەس. بەلكى يەنە شۇنچىلىك دېڭىز سۈيى، ئاندىن يەنە شۇنچىلىك، ئاندىن يەنە شۇنچىلىك دەپ، بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى ئۇلاپ كەلتۈرىلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنىڭ ۋە سۆزلىرىنىڭ چېكى يوقتۇر.

﴿**الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن، كۈچلۈك ۋە غالىبتۇر. الله ئىرادە قىلغان نەرسىنى ھېچ توسۇپ قالغۇچى بولمايدۇ. الله تائالانىڭ ھۆكمىگە ھېچ مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچى ۋە قارشى چىققۇچى بولمايدۇ. مەخلۇقاتنى يارىتىش، ئەمر قىلىش، شەرىئەت بەلگىلەش قاتارلىق جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر.

﴿**(ئى ئىنسانلار!) (دەسلەپتە) سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلىشىڭلار پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، بىر ئادەمنىڭ تىرىلدۈرۈلىشىگە ئوخشاشتۇر**﴾ يەنى جىمى ئىنسانلارنى يارىتىش، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى تىرىلدۈرۈش الله تائالانىڭ قۇدرىتىگە نىسبەتەن پەقەت بىر ئادەمنى ياراتقانچىلىكلا ئىشتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى الله تائالاغا ئاساندۇر.

﴿الله بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ﴾[2]، ﴿(بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقانىنىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ)﴾[3] يەنى الله بىرەر شەيئى ياراتماقچى بولسا، پەقەت بىرلا قېتىم ئەمر قىلىدۇ ـ دە، ئۇ شەيئى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ئەمرىنى تەكرارلاش ۋە تەكىت قىلىش ھاجەتسىزدۇر. ﴿بىر سەيھە (يەنى ئىسرافىلنىڭ سۇر چېلىشى) ئاۋاز بىلەنلا ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) (يەر ئاستىدىن) زېمىننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ﴾[4].

﴿**الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەمەللىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى الله تائالانىڭ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئەمەللىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشى بىر ئادەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئەمەلىنى كۆرۈپ تۇرغىنىغا ئوخشاشتۇر. شۇنداقلا الله تائالانىڭ ئۇلارنى يارىتىشقا بولغان قۇدرىتى پەقەت بىر ئادەمنى يارىتىش قۇدرىتى بىلەن ئوخشاشتۇر. ﴿**(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ (دەسلەپتە) يارىتىلىشىڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلىشىڭلار پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، بىرەر ئادەمنىڭ تىرىلدۈرۈلىشىگە ئوخشاشتۇر**﴾.

* * * * * * *

ئىبنىق مەلۇمات بېرەلمىگەن.
(1) كەھف سۈرىسى 109 ـ ئايەت.
(2) ياسىن سۈرىسى 82 ـ ئايەت.
(3) قەمەر سۈرىسى 50 ـ ئايەت.
(4) نازىئات سۈرىسى 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر.

أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِي ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِ وَسَخَّرَ ٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَۖ كُلّٞ يَجۡرِيٓ إِلَىٰٓ أَجَلٖ
مُّسَمّٗى وَأَنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿٢٩﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ وَأَنَّ مَا يَدۡعُونَ مِن دُونِهِ ٱلۡبَٰطِلُ وَأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ
ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡكَبِيرُ ﴿٣٠﴾

**الله** نىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدىغانلىقىنى، كۈن بىلەن ئاينى بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى كۆرمەمسەن؟ (كۈن بىلەن ئاينىڭ) ھەر بىرى مۇئەييەن مۇددەت (يەنى قىيامەت) كىچە (ئۆز پەلىكىدە) سەير قىلىدۇ. **الله** سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴿29﴾. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، **الله** ھەق (ئىلاھ) دۇر، ئۇلارنىڭ **الله** نى قويۇپ ئىبادەت قىلغانلىرى (يەنى بۇتلىرى) باتىلدۇر، **الله** ئالىيدۇر، بۈيۈكتۇر﴿30﴾.

## **الله** تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە بۈيۈكلۈكىنى زىكىر قىلىش

**﴿الله نىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدىغانلىقىنى﴾** يەنى كېچىدىن كۈندۈزگە ئېلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كۈندۈز ئۇزىراپ، كېچە قىسقىرايدۇ. بۇ ياز پەسلىدە بولۇپ، كۈندۈز ناھايىتى ئۇزىرايدۇ. ئاندىن كۈندۈز كېمىيىشكە باشلاپ، كېچە ئۇزىرايدۇ، كۈندۈز قىسقىرايدۇ. بۇ قىش پەسلىدە بولىدۇ.

**﴿كۈن بىلەن ئاينى بويسۇندۇرۇدىغانلىقىنى كۆرمەمسەن؟ (كۈن بىلەن ئاينىڭ) ھەر بىرى مۇئەييەن مۇددەت (يەنى قىيامەت) كىچە ئۆز پەلىكىدە سەير قىلىدۇ﴾** بەزىلەر بۇ ئايەتنى: كۈن بىلەن ئاينىڭ بىرى چەكلىك نىشانغىچە سەير قىلىدى، ــ دەپ تەپسىر قىلدى ۋە بەزىلەر: قىيامەت كۈنىگىچە، ــ دەپمۇ تەپسىر قىلدى. ھەر ئىككىسى توغرىدۇر.

"چەكلىك نىشانغىچە" دېگەن سۆزگە سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى بىلەن دەلىل كۆرسىتىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇزەر! كۈننىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى. مەن: **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، ــ دېدىم. ئۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەرشنىڭ ئاستىغا بېرىپ (**الله** تائالاغا) سەجدە قىلىدۇ. ئاندىن پەرۋەردىگارىدىن (قايتا چىقىشقا) ئىزنى سورايدۇ، كۈنگە: كەلگەن جايىڭدىن قايتقىن (يەنى مەغرىبتىن چىققىن)، ــ دېيىلىدىغان ۋاقىتقا ئاز قالدى» دېدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كۈن (سۇ تارتىدىغان) چاقپەلەككە ئوخشايدۇ، كۈندۈزى ئاسماندا ئۆز ئوقى ئەتراپىدا سەير قىلىدۇ. كۈن ئولتۇرغان چاغدا، شەرقتىن چىقىش ئۈچۈن كېچىسى زېمىننىڭ ئاستىدا ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ماڭىدۇ. ئايمۇ كۈنگە ئوخشاش سەير قىلىدۇ، ــ دېدى.

**﴿الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾** **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق

دەيدۇ: ﴿بىلمەمسەنكى، الله ئاسمان، زېمىندىكى شەيئىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[1] بۇنىڭ مەنىسى: الله جىمى شەيئىلەرنى ياراتقۇچىدۇر، ـ دېگەنلىكتۇر. ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿الله يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى﴾[2].

**﴿بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، الله ئىلاھتۇر، ئۇلارنىڭ الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلغانلىرى (يەنى بۇتلىرى) باتىلدۇر﴾** يەنى سىلەرنىڭ الله تائالانىڭ ھەقىقىي مەۋجۇت، ھەق ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، الله تائالادىن باشقا ھەممە نەرسىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشىڭلار ئۈچۈن، الله تائالانىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا بولدى.

الله ھەقىقەتەن ئۆزىدىن باشقا نەرسىدىن بىھاجەتتۇر. ھەر نەرسە الله تائالاغا موھتاجدۇر. چۈنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى جىمى نەرسە الله تائالانىڭ مەخلۇقاتىدۇر، ئۇنىڭ قۇللىرىدۇر. ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ الله تائالانىڭ ئىزنىسىز زەررە چاغلىق نەرسىنى مىدىرلىتىشقا قادىر ئەمەس. ئەگەر پۈتكۈل ئەھلى زېمىن بىر تال چىۋىن يارىتىشقا توپلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئەلۋەتتە يارىتالمايدۇ.

**﴿بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، الله ئىلاھتۇر، ئۇلارنىڭ الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلغانلىرى (يەنى بۇتلىرى) باتىلدۇر. الله ئالىيدۇر، بۈيۈكتۇر﴾** يەنى الله تائالادىن ئالىي ھېچنەرسە يوقتۇر، الله ھەرقانداق نەرسىدىن بۈيۈكتۇر ۋە ھەممە نەرسە الله تائالاغا بويسۇنغۇچىدۇر، الله تائالانىڭ بۈيۈكلۈكىگە سېلىشتۇرغاندا ئەرزىمەستۇر.

* * * * * * *

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱلْفُلْكَ تَجْرِى فِى ٱلْبَحْرِ بِنِعْمَتِ ٱللَّهِ لِيُرِيَكُم مِّنْ ءَايَٰتِهِۦٓ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّكُلِّ صَبَّارٍ
شَكُورٍ ﴿٣١﴾ وَإِذَا غَشِيَهُم مَّوْجٌ كَٱلظُّلَلِ دَعَوُا۟ ٱللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ فَلَمَّا نَجَّىٰهُمْ إِلَى ٱلْبَرِّ
فَمِنْهُم مُّقْتَصِدٌ ۚ وَمَا يَجْحَدُ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَّا كُلُّ خَتَّارٍ كَفُورٍ ﴿٣٢﴾

كۆرمەمسەنكى، كېمىلەرنىڭ الله نىڭ مەرھەمىتى بىلەن دېڭىزدا يۈرۈشى الله نىڭ سىلەرگە (ئۆز قۇدرىتىنىڭ) بىر قىسىم دەلىللىرىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدا ھەر بىر سەۋر قىلغۇچى، شۈكۈر قىلغۇچى (بەندە ئۈچۈن ھەقىقەتەن) (چوڭ) ئىبرەت بار﴿31﴾. (دېڭىزدا) ئۇلارنى تاغلاردەك دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا، ئۇلار كامالى ئىخلاس بىلەن الله غا ئىلتىجا قىلىدۇ، الله ئۇلارنى (دېڭىز خەتەرلىرىدىن) قۇتۇلدۇرۇپ قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا، ئۇلارنىڭ بەزىسى توغرا يولدا بولىدۇ. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت خىيانەتكار (الله نىڭ نېمەتلىرىدىن تانغان) ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ﴿32﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتتە كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا ئۆز مەرھەمىتى ۋە باشقۇرۇشى بىلەن يۈرۈشى ئۈچۈن دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئەگەر الله سۇدا كېمىلەرنى

(1) ھەج سۈرىسى 70 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تالاق سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۆتۈرىدىغان كۈچ ياراتمىغان بولسا، كېمىلەر يۈرمىگەن بولاتتى.

**﴿اللہ نىڭ سىلەرگە (ئۆز قۇدرىتىنىڭ) بىر قىسىم دەلىللىرىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈندۇر﴾، ﴿بۇنىڭدا ھەر بىر سەۋر قىلغۇچى، شۈكۈر قىلغۇچى (بەندە ئۈچۈن ھەقىقەتەن) (چوڭ) ئىبرەت بار﴾** يەنى قىيىنچىلىقلاردا سەۋر قىلغۇچى، كەڭرىچىلىكتە شۈكۈر قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئىبرەت بار.

**﴿(دېڭىزدا) ئۇلارنى تاغلاردەك دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا﴾** يەنى تاغلاردەك ۋە بۇلۇتلاردەك دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا، **﴿ئۇلار كامالى ئىخلاس بىلەن اللہ غا ئىلتىجا قىلىدۇ﴾** اللہ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا ئىبسىڭلارغا سىلەر چوقۇنىۋاتقان مەبۇدلار كەلمەي پەقەت اللہ لا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا اللہ دىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)﴾[1]، ﴿ئۇلار كېمىگە چىقىپ (غەرق بولۇشتىن قورققان) چاغلىرىدا، اللہ غا كامالى ئىخلاس بىلەن ئىلتىجا قىلىدۇ﴾[2].

**﴿اللہ ئۇلارنى (دېڭىز خەتەرلىرىدىن) قۇتۇلدۇرۇپ قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا، ئۇلارنىڭ بەزىسى توغرا يولدا بولىدۇ﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنى: ئۇلارنىڭ بەزىسى يەنىلا كاپىر بولىدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلدى. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللہ ئۇلارنى ئامان ـ ئېسەن قۇرۇقلۇققا چىقارغان چاغدا (بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرغان اللہ نى ئۇنتۇپ) ناگاھان (اللہ غا) شېرىك كەلتۈرىدۇ﴾[3].

**﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت خىيانەتكار (اللہ نىڭ نېمەتلىرىدىن تانغان) ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ﴾** يەنى ئۇنداق ئادەم قاچانلا ئەھدە قىلسا، ئەھدىسىنى بۇزىدۇ. بۇ ئەڭ ئۇچىغا چىققان خىيانەتتۇر. ئۇ نېمەتلەردىن تانىدۇ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئۇنتۇيدۇ.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمْ وَٱخْشَوْاْ يَوْمًا لَّا يَجْزِى وَالِدٌ عَن وَلَدِهِۦ وَلَا مَوْلُودٌ هُوَ جَازٍ عَن وَالِدِهِۦ شَيْـًٔا ۚ إِنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّ ۖ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِٱللَّهِ ٱلْغَرُورُ ﴿٣٣﴾

ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا (بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىش بىلەن) تەقۋادارلىق قىلىڭلار، شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ، اللہ نىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى اللہ نىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار﴿33﴾.

(1) ئىسرا سۈرىسى 67 ـ ئايەت.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 65 ـ ئايەت.
(3) ئەنكەبۇت سۈرىسى 65 ـ ئايەت.

## الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىشقا ۋە قىيامەت كۈنىدىن قورقۇشقا بۇيرۇش

الله بۇ ئايەتتە ئىنسانلارنى قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇلارنى الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىپ، الله تائالادىن ۋە قىيامەت كۈنىدىن قورقۇشقا بۇيرۇيدۇ. قىيامەت كۈنى شۇنداق بىر كۈندۇركى، ﴿**ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ**﴾ يەنى ئەگەر ئاتىسى بالىسى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلماقچى بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنداقلا بالىمۇ ئاتىسى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلماقچى بولسىمۇ، بۇمۇ ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئاندىن الله ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن**﴾ يەنى دۇنيادىكى خاتىرجەملىك سىلەرنى ئاخىرەت يۇرتىدىن غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن. ﴿**شەيتاننىڭ سىلەرنى الله نىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار**﴾.

شەيتان ھەقىقەتەن ئادەم ئەۋلادىنى مەغرۇرلاندۇرىدۇ، ئۇنىڭغا يالغان ۋەدىلەرنى قىلىدۇ. ئۇنىڭغا خام خىيال قىلدۇرىدۇ. لېكىن ئۇ ھېچ نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ. بەلكى ئۇ خۇددى الله تائالا مۇنداق دېگەندەك بولىدۇ: ﴿شەيتان ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيالغا سالىدۇ. (يەنى ئەمەلدە ئىشقا ئاشمايدىغان ئارزۇلارنى كۆڭلىگە سالىدۇ) شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ﴾[1].

ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇزەير ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قەۋمىم يولۇققان بالانى كۆرگەن چېغىمدا قاتتىق قايغۇردۇم، غېمىم كۆپەيدى، ئۇيقۇم قاچتى، پەرۋەردىگارىمغا يېلىنىپ دۇئا قىلدىم، ناماز ئوقۇدۇم، روزا تۇتتۇم. مەن شۇ يالۋۇرۇش بىلەن يىغلاپ تۇرغان بىر ۋاقىتتا جىبرىئىل كەلدى. مەن ئۇنىڭغا: سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلار) نىڭ روھلىرى گۇناھكارلارغا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ روھلىرى پەرزەنتلىرىگە شاپائەت قىلالامدۇ؟ ماڭا بۇنىڭدىن خەۋەر بەرگىن! ـ دېدىم. جىبرىئىل: شەك ـ شۈبھىسىزكى، قىيامەتتە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، پادىشاھلىق ئاشكارا بولىدۇ. ئۇ كۈندە ھېچبىر ئىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. الله تائالانىڭ رۇخسىتىسىز بىرمۇ ئادەم سۆز قىلمايدۇ. ئۇ كۈندە ئاتا بالىسى ئۈچۈن، بالا ئاتىسى ئۈچۈن، قېرىنداش قېرىندىشى ئۈچۈن، قۇل خوجايىنى ئۈچۈن جازالانمايدۇ. بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، قايغۇسى ئۈچۈن قايغۇرمايدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمايدۇ، ھەر قانداق ئادەم ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىدۇ. بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنسان ئۈچۈن جازاغا تارتىلمايدۇ، ھەر ئادەم ئۆز غېمى بىلەن بولىدۇ. يىغىسىنى ئۆزى يىغلايدۇ، گۇناھى ئۆزىگە يۈكلىنىدۇ، ئۇنىڭ گۇناھىنى باشقا بىرى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

(1) نىسا سۈرىسى 120 ـ ئايەت.

إِنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥ عِلۡمُ ٱلسَّاعَةِ وَيُنَزِّلُ ٱلۡغَيۡثَ وَيَعۡلَمُ مَا فِي ٱلۡأَرۡحَامِۖ وَمَا تَدۡرِي نَفۡسٞ مَّاذَا تَكۡسِبُ غَدٗاۖ وَمَا تَدۡرِي نَفۡسُۢ بِأَيِّ أَرۡضٖ تَمُوتُۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرُۢ ﴿٣٤﴾

قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن **الله** نىڭ دەرگاھىدىدۇر. **الله** يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىداندىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) **الله** بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى- يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، **الله** ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر﴿34﴾.

## غەيبنى پەقەت الله تائالانىڭلا بىلىدىغانلىقى

غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىنى **الله** ئۆزىگە خاس قىلدى. ئۇنى **الله** بىلدۈرۈشتىن بۇرۇن ھېچ ئادەم بىلمەيدۇ. قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىلىمنى پەيغەمبەرمۇ، **الله** تائالاغا يېقىن پەرىشتىلەرمۇ بىلمەيدۇ. ﴿ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ﴾[1].

شۇنداقلا يامغۇرنىڭ قاچان، قەيەرگە يېغىشىنى پەقەت **الله** تائالالا بىلىدۇ. لېكىن **الله** يامغۇرنى يېغىشقا ئەمر قىلسا، ئۇنى يامغۇرغا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ۋە **الله** تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن **الله** خالىغان كىشىلەر بىلىدۇ. شۇنداقلا بەچچىدانلاردىكى **الله** يارىتىشنى ئىرادە قىلغان نەرسىنى **الله** تائالادىن باشقا ھېچ ئادەم بىلمەيدۇ. لېكىن، **الله** ئۇنىڭ ئوغۇل ياكى قىزلىقىنى، بەختسىز ياكى بەختلىك بولۇشىنى بەلگىلەشنى ئەمر قىلغان چاغدا، ئاندىن ئۇنىڭغا مەسئۇل پەرىشتىلەر ۋە **الله** تائالانىڭ خالىغان بەندىلىرى بىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، ھېچ ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. **﴿ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ﴾** ئۆز يۇرتلىرىدا بولسۇن ياكى **الله** تائالانىڭ زېمىنىدىكى باشقا بىر يۇرتتا بولسۇن، بۇ توغرىدا ھېچ ئادەمنىڭ بىلىمى يوق. ﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى **الله** نىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا **الله** بىلىدۇ﴾[2] ھەدىستە بۇ بەش نەرسىنىڭ «غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى» دەپ ئاتالغانلىقى رىۋايەت قىلىندى.

ئىمام ئەھمەد بۇرەيدەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «مۇنداق بەش ئىش بار، ئۇنى پەقەت غالىب ۋە ئۇلۇغ **الله** لا بىلىدۇ: **﴿قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم**

(1) ئەئراف سۈرىسى 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ھەقىقەتەن ﷲ نىڭ دەرگاھىدىدۇر. ﷲ يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ. بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ﷲ بىلىدۇ. ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى- يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ. ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ﷲ ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر﴾».**

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى بەشتۇر، ئۇنى پەقەت ﷲ لا بىلىدۇ: **﴿قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ﷲ نىڭ دەرگاھىدىدۇر. ﷲ يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ. بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ﷲ بىلىدۇ. ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى- يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ. ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ﷲ ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر﴾**».

ئىمام بۇخارى تەپسىر بابىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە: «غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى بەشتۇر» دېگەنلىكىنى، ئاندىن: **﴿قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ﷲ نىڭ دەرگاھىدىدۇر. ﷲ يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ. بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ﷲ بىلىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى كىشىلەر ئارىسىدا تۇراتتى. بىر ئادەم تۇساتتىنلا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئىمان دېگەن نېمە؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ﷲ تائالاغا، ﷲ نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ﷲ تائالاغا مۇلاقات بولۇشقا ئىشىنىشىڭ ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىشىڭ ئىماندۇر» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئىسلام دېگەن نېمە؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ﷲ تائالاغا ئىبادەت قىلىشىڭ، ﷲ غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىڭ، ناماز ئوقۇشۇڭ، پەرز زاكاتنى ئادا قىلىشىڭ ۋە رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتۇشۇڭ ئىسلامدۇر» دېدى. ئۇ ئادەم: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئېھسان (يەنى ياخشىلىق) دېگەن نېمە؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ﷲ تائالاغا گويا سەن ﷲ نى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭ ئېھساندۇر. سەن ﷲ تائالانى كۆرمىسەڭمۇ، ﷲ سېنى ھەقىقەتەن كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېدى. ئۇ ئادەم: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! قىيامەت قاچان بولىدۇ؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سورالغۇچى سوئال سورىغۇچىدىن بىلىملىك ئەمەس. لېكىن مەن ساڭا قىيامەتنىڭ

ئالامەتلىرىدىن سۆزلەپ بېرەلەيمەن: قاچانكى دېدەك خوجايىنىنى تۇغسا (يەنى قىزى ئانىسىنى باشقۇرىدىغان ۋە خىزمىتىگە سالىدىغان زامان كەلسە)، مانا بۇ، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. قاچانكى، يالاڭئاياق، يالاڭ تۆش (يەنى ئۇچىسىغا كىيىم تېپىپ كىيەلمىگەن، قارا قورساق، بىلىمسىز) كىشىلەر ئىنسانلارغا باشلىق بولسا، مانا بۇ، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. مۇنداق بەش ئىش بار، ئۇنى پەقەت الله لا بىلىدۇ: ﴿**قىيامەت توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر. الله يامغۇرنى ياغدۇرىدۇ. بەچچىداندىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى الله بىلىدۇ**﴾» دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەم قايتىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى يېنىمغا قايتۇرۇپ كېلىڭلار» دېدى. ساھابىلەر ئۇنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولۇپ ئارقىدىن چىقتى، لېكىن ئۇنى تاپالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ جىبرىئىلدۇر، ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ دىنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ**﴾ قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بەزى نەرسىلەرنى الله ئۆزىگە خاس قىلدى. شۇ نەرسىلەردىن الله تائالاغا يېقىن تۇرىدىغان مەرتىۋىسى يۇقىرى پەرىشتىنىمۇ، ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىمۇ خەۋەردار قىلمىدى.

﴿**قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر**﴾ ئىنسانلاردىن بىرمۇ ئادەم قىيامەتنىڭ قاچان، قايسى يىلدا ياكى قايسى ئايدا، قايسى كېچىدە ياكى قايسى كۈندۈزدە قايىم بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

﴿**الله يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ**﴾ يەنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم يامغۇرنىڭ قاچان ياغىدىغانلىقىنى (يەنى كېچىدە ياغامدۇ ياكى كۈندۈزدىمۇ) بىلمەيدۇ.

﴿**بەچچىداندىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) الله بىلىدۇ**﴾ ھېچكىم بەچچىداندىكى نەرسىلەرنى، يەنى ئۇنىڭ ئوغۇل ياكى قىز[1]، قىزىل ياكى قارا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئەھۋالدا بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

﴿**ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ**﴾ يەنى ياخشى ئىش قىلامدۇ ياكى يامان ئىش قىلامدۇ، بۇنى بىلمەيدۇ؟ ئى ئادەم ئەۋلادى! سەن قاچان ئۆلۈشىڭنى بىلمەيسەن، ئەتە ئۆلۈپ قالامسەن تېخى! ئەتە ساڭا مۇسىبەت يېتىشىمۇ مۇمكىن. سەن بۇنى بىلمەيسەن.

﴿**ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ**﴾ ئىنسانلاردىن ھېچبىرى ئۆلگەندە، ئۆزىنىڭ زېمىننىڭ قەيىرىدە ياتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. يەنى دېڭىزدىمۇ ياكى قۇرۇقلۇقتىمۇ، تۈزلەڭلىكتىمۇ ياكى تاغدىمۇ، قەيەردە ياتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: الله بىر بەندىنى زېمىننىڭ قەيىرىدە قەبزى روھ

(1) ھازىرقى ھامىلىنىڭ، قىز ـ ئوغۇللىقىنى پەرقلەندۈرۈپ دىئاگنوز قويۇش بولسا، ھامىلە بەش ئايلىقتىن ئاشقاندا بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردىكى بىلەلمەسلىك جان كىرگۈزۈلۈشنىڭ ئالدىدىكى ھالەتنى كۆرسىتىدۇ.

قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى شۇ زېمىنغا بىرەر ھاجەت ئۈچۈن چوقۇم موھتاج قىلىپ قويىدۇ. ئىمام ئەبۇقاسىم تەبەرانى ئۇسامە ئىبنى زەيدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله بىرەر بەندىنىڭ ئۆلۈمىنى بىرەر زېمىندا بەلگىلىگەن بولسا، ئۇنى ئۇ زېمىنغا بىرەر ھاجەت ئۈچۈن چوقۇم موھتاج قىلىپ قويىدۇ».

شۇنىڭ بىلەن، لوقمان سۈرىسىنىڭ تەپسىرى ئاخىرلاشتى. جىمى مەدھىيە ۋە ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالاغا خاستۇر!

# سەجدە سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 30 ئايەت

## بۇ سۈرىنىڭ پەزىلىتى

ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنلىرى بامدات نامىزىدا سەجدە ۋە ئىنسان سۈرىسىنى ئوقۇيتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە سۈرىسى بىلەن مۈلك سۈرىسىنى ئوقۇمىغىچە ئۇخلىمايتتى.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الٓمٓ ﴿١﴾ تَنزِيلُ ٱلْكِتَٰبِ لَا رَيْبَ فِيهِ مِن رَّبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٢﴾ أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُ ۚ بَلْ
هُوَ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ لِتُنذِرَ قَوْمًا مَّآ أَتَىٰهُم مِّن نَّذِيرٍ مِّن قَبْلِكَ لَعَلَّهُمْ يَهْتَدُونَ ﴿٣﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەلىف، لام، مىم﴿1﴾. (بۇ) كىتاب (يەنى قۇرئان) نىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىدا ھېچ شەك يوقتۇر﴿2﴾. مۇشرىكلار: «مۇھەممەت ئۇنى ئۆزى توقۇدى» دەيدۇ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇ سەندىن ئىلگىرى ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر كەلمىگەن بىر قەۋمنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر﴿3﴾.

## قۇرئاننىڭ شەكسىز اللہ نىڭ كىتابى ئىكەنلىكى

ئۇزۇپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدە بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇڭا بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمىز.

﴿**(بۇ) كىتاب (يەنى قۇرئان) نىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىدا شەك يوقتۇر**﴾ يەنى بۇ كىتابنىڭ **اللہ** تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنىدىغانلىقىدا ھېچ شەك ـ شۈبھە يوقتۇر. ئاندىن **اللہ** مۇشرىكلاردىن خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۇشرىكلار: «مۇھەممەد ئۇنى ئۆزى توقۇدى» دەيدۇ**﴾ يەنى مۇھەممەد ئۇنى ئۆزى ئويدۇرۇپ توقۇپ چىقتى، ـ دەيدۇ.

﴿**ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇ سەندىن ئىلگىرى ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر كەلمىگەن بىر قەۋمنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ**﴾ يەنى ئۇلارنى ھەقىقەتكە ئەگەشسۇن دەپ ﴿**ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر**﴾

*******

ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ مَا لَكُم مِّن دُونِهِۦ
مِن وَلِىٍّ وَلَا شَفِيعٍ أَفَلَا تَتَذَكَّرُونَ ﴿٤﴾ يُدَبِّرُ ٱلْأَمْرَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ إِلَى ٱلْأَرْضِ ثُمَّ يَعْرُجُ إِلَيْهِ فِى يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُۥٓ
أَلْفَ سَنَةٍ مِّمَّا تَعُدُّونَ ﴿٥﴾ ذَٰلِكَ عَٰلِمُ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٦﴾

**اللہ** ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى. سىلەرگە **اللہ** دىن باشقا ھېچقانداق ئىگە يوق، شاپائەت قىلغۇچىمۇ يوق (بۇنى) پىكىر قىلىپ (ئىمان ئېيتمامسىلەر؟)﴿4﴾. **اللہ** ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان (مەخلۇقاتنىڭ) ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىشلار ئۇزۇنلۇقى سىلەر ساناۋاتقان مىڭ يىلدەك كېلىدىغان بىر كۈندە **اللہ** نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ﴿5﴾. ئۇ (**اللہ**) يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، غالىبتۇر. (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿6﴾.

## اللہ تائالانىڭ كائىناتنى ياراتقۇچى ۋە ئىدارە قىلغۇچى زات ئىكەنلىكى

**اللہ** بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر قىلىدۇ. **اللہ** ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتى. ئاندىن ئەرش ئۈستىدە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە قارار ئالدى. بۇ توغرۇلۇق يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق.

﴿**سىلەرگە اللہ دىن باشقا ھېچ قانداق ئىگە يوق. شاپائەت قىلغۇچىمۇ يوق**﴾ يەنى **اللہ** ھەممە قىيىن ئىشلارنىڭ ئىگىسىدۇر. ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر. ھەممە نەرسىنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر. ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئىنسانلارغا **اللہ** دىن باشقا ھېچقانداق ئىگە يوق. **اللہ** ئىزنى بەرگەن كىشىدىن باشقا شاپائەت قىلغۇچىمۇ يوق.

**﴿(بۇنى) پىكىر قىلىپ (ئىمان ئېيتمامسىلەر؟)﴾** ئى الله تائالادىن باشقىغا چوقۇنغۇچىلار! الله تائالادىن باشقا بىرىگە تەۋەككۈل قىلغۇچىلار! بۇ ھەقتە ئويلانمامسىلەر؟ الله ھەممە نەرسىدىن ئالىيدۇر، ئۇلۇغدۇر. الله ئۆزىنىڭ ئوخششى، شېرىكى، ياردەمچىسى، تەڭدىشى ياكى باراۋىرى بولۇشتىن پاكتۇر. الله تائالادىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقتۇر. الله تائالادىن بۆلەك ھېچ پەرۋەردىگارمۇ يوقتۇر. نېمە ئۈچۈن بۇلار ھەققىدە ئويلىنىپ باقمايسىلەر؟

**﴿الله ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان (مەخلۇقاتنىڭ) ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىشلار ئۇزۇنلۇقى سىلەر ساناۋاتقان مىڭ يىلدەك كېلىدىغان بىر كۈندە﴾** يەنى الله نىڭ ئەمرى ئەڭ يۇقىرى قەۋەت ئاسماندىن يەتتىنچى قات زېمىننىڭ ئەڭ چېتىغىچىلىك ئىجرا بولۇپ تۇرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله يەتتە ئاسماننى ياراتتى. زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى. الله نىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ﴾[1].

ئەمەللەر دۇنيا ئاسمىنىنىڭ (يەنى بىرىنچى قەۋەت ئاسماننىڭ) ئۈستىدىكى نامە ـ ئەمەللەر يېزىلىدىغان دەپتەرگە ئۆرلەيدۇ. ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدىكى مۇساپە 500 يىللىق يولدۇر. ئاسماننىڭ قېلىنلىقىمۇ 500 يىللىق يولدۇر.

مۇجاھىد، قەتادە ۋە زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: ئاسماندىن چۈشۈشكە 500 يىل، ئاسمانغا ئۆرلەشكە 500 يىل كېتىدۇ. لېكىن پەرىشتىلەر بۇ مۇساپىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە باسىدۇ.

**﴿ئۇ (الله ) يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر﴾** يەنى الله بۇ ئىشلارنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر. بەندىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. الله تائالانىڭ دەرگاھىغا ئەمەللەرنىڭ كاتتىلىرىمۇ، ئەرزىمەسلىرىمۇ، كىچىكىمۇ، چوڭىمۇ ئۆرلەيدۇ.

الله ھەممە نەرسىدىن كۈچلۈك، يېڭىلمەس ۋە غالىبتۇر. جىمى بەندىلەر ۋە ئىنسانلار الله تائالاغا ئىتائەت قىلىدۇ. الله مۆمىن بەندىلىرىگە شەپقەت قىلغۇچىدۇر. الله مەرھەمەتلىك سۈپىتى بىلەن غالىبتۇر. غالىب سۈپىتى بىلەن شەپقەتلىكتۇر. مانا بۇ، تولۇق كامالەتكە يەتكەنلىكتۇر. غەلىبە مەرھەمەت بىلەن، مەرھەمەت غەلىبە بىلەن بىرگىدۇر. الله ئاجىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى كامالى مەرھەمىتىدىن شەپقەت قىلغۇچىدۇر.

*******

ٱلَّذِيٓ أَحۡسَنَ كُلَّ شَيۡءٍ خَلَقَهُۥۖ وَبَدَأَ خَلۡقَ ٱلۡإِنسَٰنِ مِن طِينٖ ۝٧ ثُمَّ جَعَلَ نَسۡلَهُۥ مِن سُلَٰلَةٖ مِّن مَّآءٖ مَّهِينٖ ۝٨
ثُمَّ سَوَّىٰهُ وَنَفَخَ فِيهِ مِن رُّوحِهِۦۖ وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡأَبۡصَٰرَ وَٱلۡأَفۡـِٔدَةَۚ قَلِيلٗا مَّا تَشۡكُرُونَ ۝٩

ئۇ ھەممە نەرسىنى چىرايلىق (يەنى ھېكمىتىگە مۇۋاپىق، جايىدا) ياراتتى. دەسلەپتە ئىنساننى (يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى﴿7﴾. ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (يەنى مەنى) دىن ياراتتى﴿8﴾. ئاندىن ئۇنى راۋۇرۇس يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھنى كىرگۈزدى (يەنى جاننى كىرگۈزدى). يەنە سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى،

(1) تالاق سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر﴿9﴾.

## الله تائالانىڭ ئىنساننى باسقۇچمۇ باسقۇچ ياراتقانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە بارلىق شەيئىلەرنى چىرايلىق، پۇختا ۋە مۇكەممەل ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانلىقىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، ئىنساننى ياراتقانلىقىنى تىلغا ئېلىشقا باشلاپ مۇنداق دېدى: **﴿دەسلەپتە ئىنساننى (يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (يەنى مەنىي) دىن ياراتتى﴾** يەنى ئۇلارنى ئەرنىڭ ئومۇرتقىسى بىلەن ئايالنىڭ قوۋۇرغىسى ئارىسىدىن چىقىدىغان مەنىيدىن نەسىل قالدۇرىدىغان قىلىپ ياراتتى.

**﴿ئاندىن ئۇنى راۋرۇس ياراتتى﴾** يەنى ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقان چاغدا، ئۇنى راۋرۇس، قامەتلىك قىلىپ ياراتتى، **﴿ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھىنى كىرگۈزدى (يەنى جان كىرگۈزدى). يەنە سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر﴾** يەنى غالىب ۋە بۈيۈك الله سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن بۇ نەرسىلەر ئۈچۈن ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر، بەختلىك كىشى ئۇ نەرسىلەرنى غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىنىڭ تائەت - ئىبادىتى ئۈچۈن ئىشلەتكەن كىشىدۇر.

* * * * * * *

وَقَالُوٓاْ أَءِذَا ضَلَلۡنَا فِي ٱلۡأَرۡضِ أَءِنَّا لَفِي خَلۡقٖ جَدِيدِۭۚ بَلۡ هُم بِلِقَآءِ رَبِّهِمۡ كَٰفِرُونَ ﴿١٠﴾ ۞ قُلۡ يَتَوَفَّىٰكُم مَّلَكُ ٱلۡمَوۡتِ ٱلَّذِي وُكِّلَ بِكُمۡ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُمۡ تُرۡجَعُونَ ﴿١١﴾

ئۇلار: «يەر ئاستىدا يوقالغاندىن كېيىن (يەنى گۆردە تۇپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن) راستىلا قايتا يارىتىلامدۇق؟» دەيدۇ، بەلكى ئۇلار پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر﴿10﴾. ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ (جېنىڭلارنى ئېلىشقا) مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر»﴿11﴾.

## قىيامەتنى يىراق سانىغۇچىلارغا بېرىلگەن رەددىيە



الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ قىيامەتنىڭ قايىم بولىدىغانلىقىنى يىراق سانىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: **﴿يەر ئاستىدا يوقالغاندىن كېيىن﴾** يەنى بەدەنلىرىمىز تىتىلىپ، تۇپراققا ئارىلىشىپ، يوق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، **﴿راستىلا قايتا يارىتىلامدۇق؟﴾** يەنى ئەنە شۇ ھالەتتىن كېيىن، بىز ئەسلىدىكى ھايات ھالىتىمىزگە يانامدۇق؟ ئۇلار بۇنى يىراق سانايدۇ. قايتا يارىتىش ئۇلارنىڭ ئاجىز ئىقتىدارىغا نىسبەتەن يىراقتۇر. بىراق ئۇلارنى دەسلەپتە يوقلۇقتىن بار قىلغان زات الله تائالانىڭ قۇدرىتىگە نىسبەتەن ھېچ نەرسە ئەمەستۇر.

الله بىرەر شەيئىنى يارىتىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا ۋۇجۇتقا كەل دەيدۇ - دە، ئۇ ۋۇجۇتقا

كېلىدۇ. شۇڭا اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەلكى ئۇلار پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر﴾.

﴿ئېيتقىنكى: «سىلەرنىڭ (جېنىڭلارنى ئېلىشقا) مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ﴾ بۇ ئايەتتىن شۇ مەنە مەلۇم بولىدۇكى، جان ئالغۇچى پەرىشتە پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىكى مۇئەييەن بىرىدۇر.

ئىبراھىم سۈرىسىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن بەرانىڭ ھەدىسىدىنمۇ بۇ مەزمۇننى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قەتادە ۋە بىر قانچە كىشىلەر بەزى ئەسەرلەردە: جان ئالغۇچى پەرىشتە ئەزرائىل دەپ ئاتالغان پەرىشتىدۇر، ـ دەيدۇ. بۇ مەشھۇر رىۋايەتتۇر. بەزىلەر: ئەزرائىلنىڭ ياردەمچىلىرى باردۇر، ـ دەپ رىۋايەت قىلدى. بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىنغان: ئەزرائىلنىڭ ياردەمچىلىرى جاننى بەدەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تارتىپ چىقىرىدۇ. جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا، ئۇنى جان ئالغۇچى پەرىشتە ئالىدۇ.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: زېمىننى جان ئالغۇچى پەرىشتىگە بويسۇندۇرۇپ داسقا ئوخشاش قىلىپ بەرگەن بولۇپ، اﷲ قاچان خالىسا، جان ئالغۇچى پەرىشتە شۇ چاغدا جاننى ئالىدۇ.

﴿ئاندىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾ يەنى سىلەرگە مۇكاپات ۋە جازا بېرىلىشى ئۈچۈن، قىيامەتتە (قەبرىلىرىڭلاردىن تۇرغان كۈندە) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

* * * * * * *

وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلْمُجْرِمُونَ نَاكِسُوا۟ رُءُوسِهِمْ عِندَ رَبِّهِمْ رَبَّنَآ أَبْصَرْنَا وَسَمِعْنَا فَٱرْجِعْنَا نَعْمَلْ
صَٰلِحًا إِنَّا مُوقِنُونَ ﴿١٢﴾ وَلَوْ شِئْنَا لَءَاتَيْنَا كُلَّ نَفْسٍ هُدَىٰهَا وَلَٰكِنْ حَقَّ ٱلْقَوْلُ مِنِّى لَأَمْلَأَنَّ جَهَنَّمَ
مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ أَجْمَعِينَ ﴿١٣﴾ فَذُوقُوا۟ بِمَا نَسِيتُمْ لِقَآءَ يَوْمِكُمْ هَٰذَآ إِنَّا نَسِينَٰكُمْ
وَذُوقُوا۟ عَذَابَ ٱلْخُلْدِ بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿١٤﴾

ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولساڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)، ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز (ئەمدى) ھەقىقەتەن (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىشەنگۈچىلەرمىز»﴿12﴾. ئەگەر بىز خالىساق، ھەر بىر كىشىگە ئەلۋەتتە ھىدايەت بېرەتتۇق، لېكىن مېنىڭ (گۇناھكارلارنى ئازاب قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمىم بېكىپ كەتتى. مەن چوقۇم جىنلار ۋە ئىنسانلار (يەنى ئۇلارنىڭ گۇناھكارلىرى) ـ ھەممىسى بىلەن جەھەننەمنى تولدۇرىمەن﴿13﴾. (ئەھلى دوزاخقا ئېيتىلىدۇ) «مۇشۇ كۈندىكى ئۇچرىشىشىڭلارنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىڭلار ئۈچۈن (بۇ خورلىغۇچى ئازابنى) تېتىڭلار، بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى ئۇنتۇدۇق، قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار»﴿14﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى يامان ھالى

**اللە** تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھالىدىن ۋە ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىدىن مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: ئۇلار قىيامەتنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن، **اللە** تائالانىڭ ئالدىدا قىلمىشلىرىدىن نومۇس قىلىپ، خىجالەت ۋە ھاقارەت ئىچىدە خارلانغان، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق»**﴾ يەنى بىز ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايمىز. بۇيرۇقۇڭغا ئىتائەت قىلىمىز.

**اللە** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كەلگەن كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) قۇلاقلىرى تازا ئاڭلايدىغان، كۆزلىرى تازا كۆرىدىغان بولىدۇ﴾[1] شۇنداقلا ئۇلار دوزاخقا كىرگەن چاغدا، تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى مالامەت قىلىشىدۇ: ﴿ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدىن بولماس ئىدۇق﴾[2].

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز (ئەمدى) ھەقىقەتەن (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىشەنگۈچىلەرمىز»**﴾ يەنى قىيامەتتە ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، ساڭا مۇلاقات بولۇشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇق ۋە ئەمەلىيەتتە كۆردۇق.

يۈكسەك پەرۋەردىگار ئەگەر ئۇلارنى دۇنياغا قايتۇرسا، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى دۇنيادا **اللە** تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، **اللە** تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىغان كاپىرلاردىن بولغىنىدەك، چوقۇم يەنە كاپىر بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. **اللە** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلارنى دوزاخ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (دەھشەتلىك بىر ھالنى كۆرەتتىڭ)، ئۇلار: «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دەيدۇ﴾[3].

﴿**«پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز (ئەمدى) ھەقىقەتەن (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىشەنگۈچىلەرمىز»**﴾ **اللە** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى﴾[4]، ﴿**لېكىن مېنىڭ (گۇناھكارلارنى ئازاب قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمىم بېكىپ كەتتى. مەن چوقۇم جىنلار ۋە ئىنسانلار (يەنى ئۇلارنىڭ گۇناھكارلىرى) ھەممىسى بىلەن جەھەننەمنى تولدۇرىمەن**﴾ يەنى بۇ ئىككى تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇ يۇرتى دوزاختىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلارغا ئۇنىڭدىن يۆتكىلىپ كېتىشمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن **اللە** تائالاغا ۋە **اللە** تائالانىڭ كامالى سۆزىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز!

﴿**(ئەھلى دوزاخقا ئېيتىلىدۇ) مۇشۇ كۈندىكى ئۇچرىششىڭلارنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىڭلار**

---

(1) مەريەم سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۇلك سۈرىسى 10 ـ ئايەت.
(3) ئەنئام سۈرىسى 27 ـ ئايەت.
(4) يۇنۇس سۈرىسى 99 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ئۇچرىشىڭلار (بۇ خورلىغۇچى ئازابنى) تېتىڭلار﴾** يەنى ئەھلى دوزاخ ئۇچرىشىڭلار تاپا ـ تەنە ۋە مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن مۇنداق دېيىلىدۇ: سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقىڭلار، ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۇزاق (يەنى ئىمكانسىز) دەپ قارىغانلىقىڭلار ۋە ئۇنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭغا خۇددى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن كىشىدەكلا مۇئامىلە قىلغانلىقىڭلار ئۇچرىشىڭلار، ئازابنى تېتىڭلار.

﴿**بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى ئۇنتۇدۇق﴾** يەنى كەلگۈسىدە بىز سىلەرگە ئۇنتۇپ كەتكۈچى كىشىنىڭ مۇئامىلىسىنى قىلىمىز. لېكىن، **الله** ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. **الله** تائالادىن ھېچ نەرسە مەخپىي بولمايدۇ. **الله** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈندىكى مۇلاقاتنى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش، بۈگۈن سىلەرنى ئۇنتۇيمىز (يەنى سىلەرنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز)﴾[1]. ﴿**قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار﴾** يەنى **الله** تائالاغا كۇپۇرلۇق قىلغانلىقىڭلار، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار جەھەننەمدە (جەھەننەمنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدىغان) بىرەر سالقىنلىقكە ۋە (تەشنالىقنى قاندۇرىدىغان) بىرەر ئىچىملىككە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەت يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ ۋە يىرىڭدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. بۇ (ئۇلارغا بېرىلىدىغان) مۇۋاپىق جازادۇر. چۈنكى ئۇلار (قىلمىشلىرىدىن) ھېساب ئېلىنىشتىن قورقمايتتى. ھەمدە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى قاتتىق ئىنكار قىلاتتى. ھەر نەرسىنى تولۇق خاتىرىلەپ قويىمىز. (ئۇلارغا ئېيتىمىزكى) «تېتىڭلار! سىلەرگە پەقەت ئازابنىلا زىيادە قىلىمىز»﴾[2].

* * * * * * *

إِنَّمَا يُؤْمِنُ بِـَٔايَٰتِنَا ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُوا۟ بِهَا خَرُّوا۟ سُجَّدًا وَسَبَّحُوا۟ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَهُمْ لَا يَسْتَكْبِرُونَ ۩ ﴿١٥﴾ تَتَجَافَىٰ جُنُوبُهُمْ عَنِ ٱلْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا وَمِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ يُنفِقُونَ ﴿١٦﴾ فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَّآ أُخْفِىَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَآءًۢ بِمَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٧﴾

بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ھەقىقەتەن شۇنداق كىشىلەر ئىمان ئېيتىدۇكى، ئۇلارغا شۇ ئايەتلەر بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا (**الله** نىڭ ئايەتلىرىنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن **الله** غا) سەجدە قىلغان ھالدا يىقىلىدۇ، پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ. ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ﴿15﴾. ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ﴿16﴾. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن **الله** نىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴿17﴾.

---

(1) جاسىيە سۈرىسى 34 ـ ئايەت.
(2) نەبە سۈرىسى 24 ـ 30 ـ ئايەتكىچە.

# ئىماندارلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن مۇكاپات

**﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ھەقىقەتەن شۇنداق كىشىلەر ئىمان ئېيتىدۇكى﴾** يەنى ئۇنى ھەقىقەتەن تەستىقلايدۇكى، **﴿ئۇلارغا شۇ ئايەتلەر بىلەن ۋەز- نەسىھەت قىلىنسا (الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن الله غا) سەجدە قىلغان ھالدا يىقىلىدۇ﴾** يەنى ئۇنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭغا گەپ ـ سۆزى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئىتائەت قىلغان ھالدا الله تائالاغا سەجدە قىلىدۇ.

**﴿پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ. ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ﴾** يەنى شۇ ئايەتلەرگە ئەگىشىشتىن، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن (نادان كاپىرلار ۋە گۇناھكارلار باش تارتقاندەك) باش تارتمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾[1].

**﴿ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ﴾** يەنى ئۇلار ئۇيقىنى، ماموق كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىشنى تەرك ئېتىپ، كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. مۇجاھىد ۋە ھەسەن الله تائالانىڭ: **﴿ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىدىن: كېچىدە ئىبادەت ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. زەھھاك: بۇ ئايەتتىن جامائەت بىلەن ئوقۇلغان خۇپتەن نامىزى ۋە جامائەت بىلەن ئوقۇلغان بامدات نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

**﴿ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ﴾** يەنى الله تائالانىڭ ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن قورقىدۇ. كاتتا ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ دۇئا قىلىدۇ. **﴿ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ﴾** ئۇلار ئۆزلىرىگە پايدىسى بولىدىغان ۋە باشقىلارغىمۇ مەنپەئەت بولىدىغان ياخشى ئىشلارنى بىرلەشتۈرۈپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى شەرەپلىك ۋە ئىپتىخارلىقىدۇر.

ئىمام ئەھمەد مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بىر سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدىم. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى بىز يول يۈرۈپ كېتىۋاتاتتۇق، مەن ئۇنىڭغا يېقىن ماڭدىم ۋە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا مېنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان، دوزاختىن يىراقلاشتۇرىدىغان بىر ئىشنى دەپ بەرگىن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ھەقىقەتەن كاتتا بىر ئىشنى سورىدىڭ، ئۇ ئىشنى قىلىش، الله ئۇنى قىلىشقا ئاسان قىلغان ئادەمگە، ئەلۋەتتە ئاساندۇر. الله تائالاغا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلمىغىن. نامازنى ئادا قىلغىن، زاكاتنى بەرگىن، رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتقىن ۋە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغىن» دېدى. ئاندىن: «ساڭا ياخشىلىقنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ روزا تۇتۇش قالقاندۇر (يەنى روزا روزى تۇتقۇچىنى دوزاختىن ساقلايدۇ)، سەدىقە خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ. بىراۋنىڭ كېچىنىڭ يېرىمىدا ئوقۇغان نامىزى ئۇنى ياخشىلىق قىلىشقا يېتەكلەيدۇ» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **﴿ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار**

(1) غافىر سۈرىسى 60 ـ ئايەت.

**پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله نىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن: «بۇ ئىشنىڭ بېشىنى، ئۇنىڭ تۈۋرۈكىنى ۋە ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ساڭا دەپ بېرەيمۇ؟» دېدى. مەن: ماقۇل، دەپ بەرگىن، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئىشنىڭ بېشى ئىسلامدۇر. ئۇنىڭ تۈۋرۈكى نامازدۇر، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر» دېدى. ئاندىن: «بۇنىڭ ھەممىسگە كېپىللىك قىلىدىغان نەرسىنى ساڭا دەپ بېرەيمۇ؟» دېدى. مەن: ھەئە، دەپ بەرگىن، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئاندىن: «بۇنى يىغقىن» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ھەقىقەتەن تىلىمىز بىلەن سۆزلىگەن نەرسىگىمۇ جازالىنامدۇق؟ ـ دېدىم. ئۇ: «ئاناڭ ساڭا يىغلاپ قالسۇن (يەنى سەن ئۆلگىن، ئاناڭ ساڭا يىغلاپ قالسۇن دېگەن مەنىدە) كىشىلەرنى دوزاخقا دۈم چۈشۈرىدىغان (يەنە بىر رىۋايەتتە: «بۇرنىچە يىقتىدىغان») نەرسە پەقەت ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشىدۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله نىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾** يەنى الله ئۇلارغا جەننەتلەردە يوشۇرۇن ساقلىغان، ئۇنىڭغا ئوخشاش نازۇنېمەتلەردىن ھېچكىم خەۋەر تاپمىغان، تۈگىمەس نېمەتلەرنىڭ ۋە لەززەتلەرنىڭ كاتتىلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلار ئەمەللىرىنى يوشۇرۇن قىلغانلىقى (يەنى كېچىدە تەھەججۇد ناماز ئوقۇغانلىقى، كىشىلەرگە بىلدۈرمەي سەدىقە قىلغانلىقى، روزا تۇتقانلىقى قاتارلىق ئەمەللەرنى ۋە باشقا ياخشى ئىشلارنى يوشۇرۇن قىلغانلىقى) ئۈچۈن الله تائالامۇ ئۇلارغا بېرىلىدىغان ساۋابنى ئۇلارغا مۇۋاپىق مۇكاپات بولۇشى ئۈچۈن يوشۇرۇپ ساقلىدى. مۇكاپات ھەقىقەتەن ئەمەلنىڭ ئۆز خىلىدىن بولىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ھەسەنبەسرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر ئەمەللىرىنى يوشۇرۇن قىلدى. الله تائالامۇ ئۇلارغا كۆزى كۆرۈپ باقمىغان، ئىنسانىنىڭ دىلىغا كېچىپ باقمىغان مۇكاپاتنى يوشۇرۇپ ساقلىدى.

ئىمام بۇخارى: **﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله نىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى تەپسىر قىلىپ، ئاندىن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: «الله ئېيتىدۇكى، سالىھ (يەنى ياخشى) بەندىلىرىمگە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاقلار ئاڭلىمىغان ۋە ئىنسانىنىڭ دىلىغا كېچىپ باقمىغان مۇكاپاتلارنى تەييارلىدىم».

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېدى: ئەگەر خالىساڭلار، بۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار: **﴿الله نىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾** بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «... ئىنسانىنىڭ دىلىغا كېچىپ باقمىغان مۇكاپاتلارنى تەييارلىدىم، سىلەرگە بىلدۈرگەن ئەرزىمەس نېمەتلەرگە بېرىلىپ كەتمەڭلار». ئىمام

مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى جەننەتكە كىرسە نېمەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. جاپا چەكمەيدۇ. كىيىمى كونىرىمايدۇ. ياشلىقى تۈگىمەيدۇ. جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلىمىغان، ئىنسانلارنىڭ دىلىغا كېچىپ باقمىغان نەرسىلەر بار».

* * * * * * *

أَفَمَن كَانَ مُؤْمِنًا كَمَن كَانَ فَاسِقًا لَّا يَسْتَوُونَ ﴿١٨﴾ أَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فَلَهُمْ
جَنَّاتُ الْمَأْوَىٰ نُزُلًا بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ﴿١٩﴾ وَأَمَّا الَّذِينَ فَسَقُوا فَمَأْوَاهُمُ النَّارُ كُلَّمَا أَرَادُوا أَن يَخْرُجُوا مِنْهَا
أُعِيدُوا فِيهَا وَقِيلَ لَهُمْ ذُوقُوا عَذَابَ النَّارِ الَّذِي كُنتُم بِهِ تُكَذِّبُونَ ﴿٢٠﴾ وَلَنُذِيقَنَّهُم مِّنَ
الْعَذَابِ الْأَدْنَىٰ دُونَ الْعَذَابِ الْأَكْبَرِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٢١﴾ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن ذُكِّرَ بِآيَاتِ رَبِّهِ ثُمَّ
أَعْرَضَ عَنْهَا إِنَّا مِنَ الْمُجْرِمِينَ مُنتَقِمُونَ ﴿٢٢﴾

مۆمىن ئادەم پاسىق ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ ئۇلار (ئاخىرەتلىك ساۋابتا) باراۋەر ئەمەس﴿18﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قارارگاھى جەننەت بولىدۇ، (ئۇ) ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن ئۇلار ئۈچۈن تەييارلانغان جايدۇر﴿19﴾. اللّٰه نىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، ھەر قاچان ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ. ئۇلارغا: «سىلەر ئىنكار قىلغان دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ﴿20﴾. ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىز ئۇلارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئىلگىرى ئەڭ يېقىنقى ئازاب (يەنى دۇنيا ئازابى) نى تېتىتىمىز﴿21﴾. پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىز گۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز﴿22﴾.

## مۆمىن بىلەن پاسىقنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى

اللّٰه بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئادالىتى ۋە مەرھەمىتىدىن خەۋەر قىلىدۇ، اللّٰه قىيامەت كۈنى اللّٰه تائالانىڭ ئەمرىگە ئىشەنگەن ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشكەن كىشى بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان، اللّٰه تائالانىڭ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان پاسىق كىشى بىلەن باراۋەر ھۆكۈم قىلمايدۇ.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يامان ئىشلارنى قىلغانلار (يەنى گۇناھكار كۇففارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ (يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس) ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!﴾[1]، ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش قىلامدۇق؟﴾[2]، ﴿ئەھلى

(1) جاسىيە سۈرىسى 21 ـ ئايەت.
(2) ساد سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ﴾[1].

﴿**مۆمىن ئادەم پاسىق ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ ئۇلار (ئاخىرەتلىك ساۋابتا) باراۋەر ئەمەس**﴾ يەنى ئۇلار قىيامەت كۈنى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا باراۋەر ئەمەس. ئەتا ئىبنى يەسار، سۇددى ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتنىڭ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇقبە ئىبنى ئەبۇمۇئىيد ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى تىلغائالغان.

شۇڭا الله ئۇلارنىڭ ھۆكمىنى ئايرىپ چىقىرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك**﴾ يەنى دىللىرى الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى تەستىقلىغان، ئۆزلىرى شۇ ئايەتلەرنىڭ تەلىۋىگە مۇۋاپىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، ﴿**ئۇلارنىڭ قارارگاھى جەننەت بولىدۇ**﴾ يەنى جەننەتتىكى تۇرالغۇ جايلار، ئېسىل ئۆيلەر ۋە ئالىي قەسىرلەردە بولىدۇ.

﴿**(ئۇلار ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى) مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن ئۇلار ئۈچۈن تەييارلانغان جايدۇر**﴾ يەنى زىياپەت ۋە ھۆرمەت كۆرسىتىش يۈزىسىدىن تەييارلانغان جايدۇر. ﴿**الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلارغا كەلسەك**﴾ يەنى ئىتائەتتىن چىققانلارنىڭ قارارگاھى دوزاخ بولىدۇ. ھەرقاچان ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەرقاچان ئۇلار (يېتىۋاتقان) غەم - قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ﴾[2] فەزل ئىبنى ئەياز مۇنداق دەيدۇ: الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار قوللىرى باغلانغان ۋە پۇتلىرىغا كىشەن سېلىنغان ھالدا بولىدۇ. ئوت يالقۇنى ئۇلارنى يالماپ تۇرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئارقىغا قايتۇرىدۇ. ﴿**ئۇلارغا: «سىلەر ئىنكار قىلغان دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ**﴾ يەنى بۇ سۆز ئۇلارغا تاپا - تەنە قىلىش ۋە مالامەت قىلىش ئۈچۈن دېيىلىدۇ.

﴿**(ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىش ئۈچۈن) بىز ئۇلارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئىلگىرى ئەڭ يېقىنقى ئازاب (يەنى دۇنيا ئازابى) نى تېتىتىمىز**﴾ ئىبنى ئاbbاس مۇنداق دەيدۇ: ئەڭ يېقىن ئازابتىن دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرى، كېسەللىرى، ئاپەتلىرى ۋە الله تائالا بەندىلىرىنى (ئۇلارنىڭ الله تائالاغا تەۋبە قىلىشلىرى ئۈچۈن) سىناش يۈزىسىدىن ئەھلى دۇنياغا چۈشۈرگەن تۈرلۈك كۈلپەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئەبۇئالىيە، ھەسەن، ئىبراھىم نەخەئىي، زەھھاك، ئەلقەمە، ئەتىييە، مۇجاھىد، قەتادە، ئابدۇلكەرىم ئەلجەزەرى ۋە خەسىف قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنى ئىبنى ئاbbاسقا ئوخشاش تەپسىر قىلغان.

﴿**پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنغان ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟**﴾ يەنى الله تائالانىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنغان، شۇ ئايەتلەرنى روشەن ۋە ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىلگەندىن كېيىن، شۇ ئايەتلەرنى تەرك ئەتكەن، ئۇنىڭدىن تېنىپ، يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۇنى ھېچ بىر بىلمەيدىغاندەك ئۇنتۇپ كەتكەن ئادەمدىنمۇ ھېچ زالىم ئادەم يوق.

(1) ھەشر سۈرىسى 20 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھەج سۈرىسى 22 ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار، كىمكى الله تائالانىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ئەڭ چوڭ غەپلەتتە، ئەڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالغان ۋە ئەڭ چوڭ گۇناھ قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا الله تائالا ئۇ جىنايەتنى قىلغان ئادەمنى قورقۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز گۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز**﴾ يەنى بۇ جىنايەتنى قىلغان ئادەمدىن كەلگۈسىدە ئەڭ قاتتىق ئىنتىقام ئالىمەن.

*******

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ فَلَا تَكُن فِى مِرْيَةٍ مِّن لِّقَآئِهِۦ ۖ وَجَعَلْنَٰهُ هُدًى لِّبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿٢٣﴾
وَجَعَلْنَا مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُوا۟ ۖ وَكَانُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا يُوقِنُونَ ﴿٢٤﴾ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ
يَفْصِلُ بَيْنَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُوا۟ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ ﴿٢٥﴾

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) سەن (مىراج كېچىسىدە، يا قىيامەت كۈنىدە) مۇساغا مۇلاقات بولۇشتىن شەكلەنمىگىن، بىز تەۋراتنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق﴿23﴾. ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق﴿24﴾. سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان (دىنىي) ئىشلار ئۈستىدە ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴿25﴾.

## مۇسانىڭ كىتابى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى توغرا يولغا باشلىغانلىقى

الله بۇ ئايەتتە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) سەن (مىراج كېچىسىدە يا قىيامەت كۈنىدە) مۇساغا مۇلاقات بولۇشتىن شەكلەنمىگىن**﴾ ئەبۇ ئالىيە ئىبنى ئابباستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئىسرا كېچىسى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئۆرلىتىلگەن كېچىسى) مۇسا ئىبنى ئىمراننى كۆردۈم، ئۇ بۇغداي ئۆڭ، بويى ئېگىز، چېچى دولقۇنسىمان ۋە ئورۇق يۈزلۈك ئادەم بولۇپ، گويا ئۇ شەنۇئە قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاپ قالاتتى. ئىسانى كۆردۈم. ئاق سېرىق، ئوتتۇرا بوي، تۈز چاچلىق ئادەم ئىدى. دوزاخنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىنى ۋە دەججالنى كۆردۈم». الله ئۇلارنى ئۇنىڭغا مۆجىزە قاتارىدا كۆرسەتتى، الله تائالا بۇ ئايەتتە: ﴿**سەن مۇساغا مۇلاقات بولۇشتىن شەكلەنمىگىن**﴾ دېگىنىدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئۆرلىتىلگەن كېچىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇلاقات بولدى.

﴿**بىز تەۋراتنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق**﴾ الله تائالا ئىسرا سۈرىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق، كىتابنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق. (ئۇلارغا) «مەندىن غەيرىنى ھامى (يەنى پەرۋەردىگار) قىلىۋالماڭلار (دېدۇق)﴾[1].

(1) ئىسرا سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

**﴿ئۇلار (كۆلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق﴾** يەنى ئۇلار سەۋرچانلىق بىلەن الله تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرگەن، الله تائالا توسقان ئىشلارنى تەرك قىلغان، پەيغەمبەرلىرىنى تەستىق قىلغان، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن توغرا يولغا ئەگەشكەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر الله تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ھەقنى كۆرسىتىدىغان، ياخشىلىققا چاقىرىدىغان، ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدىغان، يامان ئىشتىن توسىدىغان پېشۋالار قىلىندى. ئاندىن ئۇلار ھەقنى ئۆز ئورنىدىن ئالماشتۇرۇپ، ئۇنى قەستەن ئۆزگەرتكەن ۋە بۇرمىلىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئەنە شۇ شەرەپتىن قۇرۇق قالدى. ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتكەنلىكتىن، تەۋراتنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز ئورنىدىن قەستەن ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۇلار ياخشى ئەمەلنى قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىمۇ دۇرۇس ئەمەس.

سۇفيان: ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئەنە شۇنداق پېشۋالاردىن ئىدى. كىشىلەر ئەگىشىدىغان، پېشۋا بولغان ئادەمگە دۇنيانىڭ كۆلپەتلىرىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش مۇناسىپ ئەمەس، ـ دېدى. ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى)، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردۇق، ئۇلارنى (زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق. ئۇلارغا دىن ئىشىدا روشەن دەلىللەرنى بەردۇق﴾[1].

**﴿سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان (دىنىي) ئىشلار ئۈستىدە ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴾** يەنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ئېتىقاد ۋە ئەمەللەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

*******

أَوَلَمْ يَهْدِ لَهُمْ كَمْ أَهْلَكْنَا مِن قَبْلِهِم مِّنَ ٱلْقُرُونِ يَمْشُونَ فِى مَسَٰكِنِهِمْ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ ۖ أَفَلَا يَسْمَعُونَ ﴿٢٦﴾ أَوَلَمْ يَرَوْا۟ أَنَّا نَسُوقُ ٱلْمَآءَ إِلَى ٱلْأَرْضِ ٱلْجُرُزِ فَنُخْرِجُ بِهِۦ زَرْعًا تَأْكُلُ مِنْهُ أَنْعَٰمُهُمْ وَأَنفُسُهُمْ ۖ أَفَلَا يُبْصِرُونَ ﴿٢٧﴾

ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن قانچىلىغان ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟ ئۇلار (يەنى مەككىلىكلەر) ئۇلار (يەنى ھالاك بولغانلار) نىڭ يۇرتىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار، ئۇلار ئاڭلىمامدۇ؟﴿26﴾ ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز گىياھسىز زېمىنغا يامغۇر سۈيىنى سۈرۈپ ئېلىپ بارىمىز، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھايۋاناتلىرى ۋە ئۆزلىرى يەيدىغان زىرائەتلەرنى ئۈندۈرۈپ چىقىرىمىز، ئۇلار (بۇنى) كۆرمەمدۇ؟﴿27﴾

## ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئېلىش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى،

(1) جاسىيە سۈرىسى 16 ــ 17 ـ ئايەتلەر.

ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقىنى، پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن توغرا يول ئۈستىدە قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن الله تائالانىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلاردىن ھېچ قانداق بىر ئىز، يا ئەسەر قالمىدى. ﴿ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن بىرەر ئەھەدىنى كۆرەلەمسەن؟ ياكى ئۇلاردىن بىرەر پەس ئاۋاز ئاڭلىيالامسەن؟ (يەنى ئۇلار شۇنداق تەلتۆكۈس ھالاك قىلىندىكى، ئۇلاردىن كۆرگىلى ۋە ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى ھېچ ئەھەدى قالمىدى)﴾[1].

**﴿ئۇلار (يەنى مەككىلىكلەر) ئۇلار (يەنى ھالاك بولغانلار) نىڭ يۇرتىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ﴾**
يەنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان ۋە ئۇ جاينى ئاۋاتلاشتۇرغان ھېچ ئادەمنى كۆرمەيدۇ. ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئىزى ناھايىتى تېز يوقالدى. ﴿گويا ئۇلار ئۆيلىرىدە تۇرمىغاندەك (يەنى ئۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرى ئادەمزات تەرىپىدىن ئاۋات قىلىنمىغاندەك) بولۇپ قالدى﴾[2].

﴿ئۇلار زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئەنە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى (ئادىمزاتتىن) خالىي بولۇپ قالدى﴾[3]، ﴿نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن (شەھەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ) ئۆگزىلىرى ئۆرۈلۈپ، ئۈستىگە تاملىرى يىقىلغان، نۇرغۇن تاشلاندۇق قۇدۇقلار ۋە ئېگىز ئىمارەتلەر (ئاھالىسىز) قالغان. ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ. لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)﴾[4].

**﴿بۇنىڭدا (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾**
يەنى شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەنە شۇ قەۋمنىڭ يوقۇلۇشى، تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ خانىۋەيران بولۇشى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارغا ئازاب چۈشۈشى ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىشى قاتارلىقلاردا جەزمەن الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەر، ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك ۋەز ـ نەسىھەتلەر ۋە بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كەتكەن مىساللار بار. **﴿ئۇلار ئاڭلىمامدۇ؟﴾** يەنى ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ھەققىدە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۇلار ئاڭلىمامدۇ؟

## زېمىننى سۇ بىلەن تىرىلدۈرۈشنىڭ قىيامەتنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى

**﴿ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز گىياسىز زېمىنغا يامغۇر سۈيىنى سۈرۈپ ئېلىپ بارىمىز﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە يامغۇر ياكى كەلكۈن سۈيىنى ئەۋەتىپ، ئىنسانلارغا قىلغان شەپقىتىنى ۋە ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقىنى بايان قىلىدۇ. كەلكۈن سۈيى تاغلاردىن چۈشۈپ، سۇغا ئېھتىياجلىق يەرلەرگە (ئۆز ۋاقتىدا)

(1) مەريەم سۈرىسى 98 ـ ئايەت.
(2) ھۇد سۈرىسى 68 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نەمل سۈرىسى 52 ـ ئايەت.
(4) ھەج سۈرىسى 45 ـ 46 ـ ئايەتلەر.

دەريالار بىلەن ئېقىپ كېلىدۇ.

**﴿گىياسىز زېمىنغا﴾** يەنى ئۇ ھېچقانداق ئۆسۈملۈك يوق زېمىندۇر. ﴿بىز چوقۇم يەر يۈزىدىكى (دەل-دەرەخ، تاغ ۋە باشقا قاتارلىقلار) نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىپ، يەر يۈزىنى تۈپتۈز باياۋانغا ئايلاندۇرىمىز﴾[1] يەنى ھېچقانداق نەرسە ئۈنمەيدىغان چۆل - زېمىنغا ئايلاندۇرىمىز.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز گىياسىز زېمىنغا يامغۇر سۈيىنى سۈرۈپ ئېلىپ بارىمىز، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھايۋاناتلىرى ۋە ئۆزلىرى يەيدىغان زىرائەتلەرنى ئۈندۈرۈپ چىقىرىمىز، ئۇلار (بۇنى) كۆرمەمدۇ؟﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(بۇ كاپىر) ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قارىسۇن. (بىز بۇلۇتتىن) زور مىقداردا يامغۇرنى ياغدۇردۇق﴾[2].

*******

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْفَتْحُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٢٨﴾ قُلْ يَوْمَ ٱلْفَتْحِ لَا يَنفَعُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟
إِيمَٰنُهُمْ وَلَا هُمْ يُنظَرُونَ ﴿٢٩﴾ فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ وَٱنتَظِرْ إِنَّهُم مُّنتَظِرُونَ ﴿٣٠﴾

ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «(بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا چىقىرىلىدىغان) بۇ ھۆكۈم قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ ئەگەر سىلەر (دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار (ئېيتىپ بېرىڭلار)» دەيدۇ﴿28﴾. ئېيتقىنكى، «ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندە كاپىرلارنىڭ ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ»﴿29﴾. سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن (يەنى سۆزلىرىگە پەرۋا قىلىپ كەتمىگىن). سەن (الله نىڭ ئۇلارغا چۈشىدىغان ئازابىنى) كۈتكىن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن (سىلەرگە چۈشىدىغان نەرسىلەرنى) كۈتكۈچىلەردۇر﴿30﴾.

## كۇففارلارنىڭ ئازابنىڭ تېزلىتىلىشىنى تەلەپ قىلىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب

الله بۇ ئايەتتە كۇففارلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولىدىغان الله تائالانىڭ ئازابىنىڭ تېزلىتىلىشىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىغان الله تائالانىڭ غەزىپى ۋە قەھرىنىڭ تېز چۈشۈشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئازابنى يىراق ساناپ، ئۇنى ئىنكار قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ شۇنداق قىلىدۇ.

**﴿ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «(بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا چىقىرىلىدىغان) بۇ ھۆكۈم قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ ئەگەر سىلەر (دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار (ئېيتىپ بېرىڭلار)» دەيدۇ﴾** يەنى مەككە كاپىرلىرى: ئى مۇھەممەد! قاچان

(1) كەھف سۈرىسى 8 - ئايەت.
(2) ئەبەسە سۈرىسى 24 - 25 - ئايەتلەر.

بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن نۇسرەتكە ئېرىشسەن؟ سېنىڭ ئېيتىشىڭچە، سېنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن غەلىبە قازىنىدىغان، بىزدىن سەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋاقتىڭ بارمىش، بۇ ۋاقىت قاچان بولىدۇ؟ بىز سېنى ۋە سېنىڭ ھەمراھلىرىڭنى پەقەت يوشۇرۇنغان، قورققان ۋە خارلانغان ھالدا كۆرىۋاتىمىزغۇ؟ ـ دەيدۇ.

﴿**ئېيتقىنكى، ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندە**﴾ يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە الله تائالانىڭ ئازابى ۋە قەھرى ـ غەزىپى چۈشكەن چاغدا، ﴿**كاپىرلارنىڭ ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەندە، ئۆزلىرىدە بار ئىلىم بىلەن پەخىرلىنىپ (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى ۋە مەسخىرە قىلدى)، ئۇلارغا ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان (ۋە كەلسە دەپ ئالدىرىغان) ئازاب نازىل بولدى. ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر الله غا ئىمان ئېيتتۇق. بىز بۇرۇن (الله غا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى﴾[1].

كىمكى بۇ ئايەتتىكى "ئەلفەتھ" دېگەن سۆزدىن مەككىنىڭ پەتھى بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغان دېسە، ئۇ ھەقىقەتەن ئەسلى مەقسەتتىن يىراقلىشىپ كەتكەن ۋە خاتا چۈشەنگەن بولىدۇ. مەككە پەتھى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئىسلامغا مەجبۇرى كىرگەنلەرنىڭ ئېيتقان ئىمانىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇلار 2000 ئەتراپىدا ئادەم ئىدى. ئەگەر ئۇلار يۇقىرىقى "ئەلفەتھ" دېگەن سۆزدىن مەككىنىڭ پەتھىسىنى كۆزدە تۇتقان بولسا، الله تائالانىڭ: ﴿**ئېيتقىنكى، «ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندە كاپىرلارنىڭ ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ**﴾ دېگەن ئايىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنىڭ ئېيتقان ئىمانىنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلمىغان بولاتتى.

بۇ "ئەلفەتھ" دېگەن سۆزدىن پەقەتلا ھۆكۈم قىلىش، ئۇيان ـ بۇيان ئايرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ مەنىنى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى تەكىتلەيدۇ: ﴿مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغىن﴾[2]، ﴿ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىمىز بىزنى (قىيامەت كۈنى) يىغىدۇ، ئاندىن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەقلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ»﴾[3]، ﴿پەيغەمبەرلەر الله دىن مەدەت تىلىدى، ھەر بىر ئۆچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز (يەنى الله غا ئىتائەت قىلىشقا گەدەنكەشلىك قىلىپ ھەقىقەتتىن باش تارتقۇچى) ھالاك بولدى﴾[4]، ﴿ئىلگىرى ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنى ۋاستە قىلىپ) كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشنى تىلەيتتى﴾[5] ۋە: ﴿(ئى كۇففارلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان سىلەرگە كەلدى (يەنى ئۇ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا كەلدى)﴾[6]. بۇ ئايەتلەردە "ئەلفەتھ" دېگەن سۆز ھۆكۈم، مەدەت، ياردەم ۋە غەلىبە دېگەن مەنىلەردە ئېلىنىدى.

﴿**سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن (يەنى سۆزلىرىگە پەرۋا قىلىپ كەتمىگىن). سەن (الله نىڭ ئۇلارغا چۈشىدىغان ئازابىنى) كۈتكىن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن (سىلەرگە چۈشىدىغان نەرسىلەرنى)**

(1) مۆمىن سۈرىسى 83 ـ 84 ـ ئايەتلەر.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 118 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سەبەئ سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئىبراھىم سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) بەقەرە سۈرىسى 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) ئەنفال سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**كۆتكۈچىلەردۇر﴾** يەنى ئەنە شۇ مۇشرىكلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنى تەبلىغ قىلغىن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ۋەھيي قىلىنغان قۇرئانغا ئەمەل قىلغىن، الله تائالادىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. مۇشرىكلار بىلەن تەڭ بولمىغىن﴾[1].

ئى مۇھەممەد! سەن كۈتۈپ تۇرغىن، الله تائالا ھەقىقەتەن ساڭا بەرگەن ۋەدىسىنى كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ساڭا قارشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ساڭا ياردەم قىلىدۇ. الله تائالا ھەقىقەتەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن كۈتكۈچىلەردۇر**﴾ يەنى سەن الله تائالانىڭ ئۇلارغا چۈشىدىغان ئازابىنى كۈتۈپ تۇرغۇچىسەن، ئۇلارمۇ سىلەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىشىڭلارنى كۆزلەپ، كۈتۈپ تۇرغۇچىلاردۇر.

﴿ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئۇ شائىردۇر، بىز ئۇنىڭ زامانىنىڭ ھادىسىلىرىگە (يولۇقىشىنى) كۈتىمىز»﴾[2] سەن كەلگۈسىدە سېنىڭ ئۇلار يەتكۈزگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغانلىقىڭنىڭ ياخشى ئاقىۋىتىنى الله تائالانىڭ رىسالىسىنى يەتكۈزۈش يولىدا نۇسرەتكە ۋە قوللاشقا ئېرىشكىنىڭدە كۆرىسەن. ئۇلارمۇ كەلگۈسىدە الله تائالانىڭ ئازابى ئۆزلىرىگە چۈشكەن، ئۆزلىرى الله تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولغان چاغدا، سېنىڭ ۋە ساھابىلىرىڭنىڭ ھەققىدە كۈتكەنلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىدۇ.

بىزگە الله كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي! شۇنىڭ بىلەن، سەجدە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. الله تائالاغا سانسىز ھەمدىلەر بولسۇن!



(1) ئەنئام سۈرىسى 106 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تۇر سۈرىسى 30 ـ ئايەت.